# ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكى ۋە دورىگەرلىكى تولۇق كۇرس دەرسلىك ماتېرىياللىرىنى تۈزۈش كومىتېتى ئەزالىرىنىڭ ئىسملىكى

مۇدىرلار: خۇڭجىك (دۆلەتلىك جۇڭگو تېبابەتچىلىك ۋە دورىگەرلىك ئىدارىسى مائارىپ مەھكىمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، پىروفېسسور، دوكتور)

مۇھەممەت ياسىن (شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق سەھىيە نازارىتىنىڭ نازىرى، پىروفېسسور)

مۇئاۋىن مۇدىرلار: پەرھات كېرەم (شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق جۇڭيى - مىللىي تېبابەتچىلىك ۋە دورىگەرلىك ئىدارىسىنىڭ باشلىقى، پىروفېسسور، دوكتور)

شى پېيجيەن (دۆلەتلىك مائارىپ مىنىستىرلىقى ئالىي مائارىپ مەھكىمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى)

جۇجيې (دۆلەتلىك جۇڭيى تېبابەتچىلىك ۋە دورىگەرلىك ئىدارىسى مائارىپ مەھكىمىسى ئوقۇتۇش باشقارمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى)

جياڭ جەنرېن (شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ نازارىتىنىڭ مۇئاۋىن نازىرى)

خالمۇرات غوپۇر (شىنجاڭ تېببىي ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ مۇدىرى، پىروفېسسور، دوكتور)

تۇرغۇن ئۆمەر (شىنجاڭ ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكى ئالىي تېخنىكومىنىڭ مۇدىرى، مۇدىر ۋىراچ، پىروفېسسور)

ئەخمەت مەمەت (شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق جۇڭيى - مىللىي تېبابەتچىلىك - دورىگەرلىك ئىدارىسى پەن - مائارىپ باشقارمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، مۇدىر پىراۋىزور)

ھەيئەتلەر: جياڭ شياڭجياڭ (شىنجاڭ تېببىي ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، پىروفېسسور، دوكتور)

جۇ جىڭيۇ (دۆلەتلىك جۇڭيى تېبابەتچىلىك ۋە دورىگەرلىك ئىدارىسى كادىرلار مائارىپ مەھكىمىسى ئوقۇتۇش باشقارمىسىدىن، مۇئاۋىن بۆلۈم دەرىجىلىك)

ئارىپ مۇھەممەتنىياز (شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق سەھىيە نازارىتى مۇئاۋىن نازىر دەرىجىلىك كۆزەتكۈچى، ئالاھىدە تەكلىپ قىلىنغان تەتقىقاتچى)

فېڭ دۇڭ (شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق جۇڭيى - مىللىي تېبابەتچىلىك ۋە دورىگەرلىك ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى)

ئابدۇرېھىم يۈسۈپ (شىنجاڭ تېببىي ئۇنىۋېرسىتېتى ئۇيغۇر تېبابەتچىلىك - دورىگەرلىك فاكۇلتېتىنىڭ مۇدىرى، پىروفېسسور، دوكتور)

سۇڭ شياۋپىڭ (شىنجاڭ تېببىي ئۇنىۋېرسىتېتى ئۇيغۇر تېبابەتچىلىك - دورىگەرلىك فاكۇلتېتىنىڭ سېكرېتارى، پىروفېسسور)

ئىسرائىل ئەبەي (شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئۇيغۇر تېبابەتچىلىك دوختۇرخانىسىنىڭ باشلىقى، پىروفېسسور، مۇدىر پىراۋىزور، تەتقىقاتچى)

ئەلى روزى (شىنجاڭ ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكى ئالىي تېخنىكومىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، پىروفېسسور)

پەتتار مەخمۇت تۇرگۇن (شىنجاڭ خەلق سەھىيە نەشرىياتىنىڭ باشلىقى، باش مۇھەررىر)

ئابدۇرېھىم قادىر (شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئۇيغۇر تېبابەتچىلىك - دورىگەرلىك يازما يادىكارلىقلىرىنى رەتلەش خىزمىتىگە رەھبەرلىك قىلىش ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى، تەتقىقاتچى)

روشەنگۈل ساۋۇر (خوتەن ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر تېبابەتچىلىك دوختۇرخانىسىنىڭ باشلىقى، مۇدىر پىراۋىزور)

شاۋكەت ئابدۇللا (قەشقەر ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر تېبابەتچىلىك دوختۇرخانىسىنىڭ باشلىقى، مۇئاۋىن مۇدىر ۋىراچ)

نۇرمۇھەممەت ئەمەت (شىنجاڭ تېببىي ئۇنىۋېرسىتېتى ئۇيغۇر تېبابەتچىلىك - دورىگەرلىك فاكۇلتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، مۇئاۋىن تەتقىقاتچى، دوكتور)

تۇرغۇن تۇرسۇن (شىنجاڭ تېببىي ئۇنىۋېرسىتېتى ئۇيغۇر تېبابەتچىلىك - دورىگەرلىك فاكۇلتېتىدىن، پىروفېسسور)

ئەنۋەر توختى (شىنجاڭ تېببىي ئۇنىۋېرسىتېتى ئۇيغۇر تېبابەتچىلىك - دورىگەرلىك فاكۇلتېتىدىن، كاندىدات ئالىي مۇھەررىر، مۇئاۋىن تەتقىقاتچى)

رۇقىيە فاۋۇز (شىنجاڭ تېببىي ئۇنىۋېرسىتېتى ئۇيغۇر تېبابەتچىلىك - دورىگەرلىك فاكۇلتېتىدىن، دوتسېنت)

قۇربان ئەلى (شىنجاڭ تېببىي ئۇنىۋېرسىتېتى ئۇيغۇر تېبابەتچىلىك - دورىگەرلىك فاكۇلتېتىدىن، مۇئاۋىن مۇدىر ۋىراچ)

مۇتەللىپ ئەلى ھاجى ئەمچى (شىنجاڭ ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكى ئالىي تېخنىكومىدىن، مۇدىر ۋىراچ، پىروفېسسور)

جۈرئەت توختى (شىنجاڭ ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكى ئالىي تېخنىكومىدىن، پىروفېسسور)

ئابدۇقادىر ئابدۇۋايىت (شىنجاڭ ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكى ئالىي تېخنىكومىدىن، ئالىي مۇھەررىر)

ئۇبۇل ھەسەن (شىنجاڭ ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكى ئالىي تېخنىكومىدىن، دوتسېنت)

ئۇبۇل تۇردى (شىنجاڭ ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكى ئالىي تېخنىكومىدىن، دوتسېنت)

پولات زىيادان (شىنجاڭ ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكى ئالىي تېخنىكومىدىن، دوتسېنت)

پاتىگۇل ئوسمان (شىنجاڭ ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكى ئالىي تېخنىكومىدىن، دوتسېنت)

مەتقاسىم ئۇبۇلھەسەن (شىنجاڭ ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكى ئالىي تېخنىكومىدىن، دوتسېنت)

ئۇبۇلقاسىم مەتسىدىق (شىنجاڭ ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكى ئالىي تېخنىكومىدىن، دوتسېنت)

ئەكبەر مۇھەممەت (شىنجاڭ ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكى ئالىي تېخنىكومىدىن، دوتسېنت)

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

يۇسۇپجان مەتنۇر (شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئۇيغۇر تېبابەتچىلىك دوختۇرخانىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، مۇئاۋىن مۇدىر ۋىراچ)
ئىھسان ئىمىن (شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئۇيغۇر تېبابەتچىلىك ـ دورىگەرلىك تەتقىقات ئورنىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، ئالىي مۇھەررىر)
باقى يۇسۇپ (شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئۇيغۇر تېبابەتچىلىك دوختۇرخانىسىدىن، مۇدىر ۋىراچ)
مۇھەممەتقاسىم سىدىق (شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئۇيغۇر تېبابەتچىلىك دوختۇرخانىسىدىن، مۇدىر ۋىراچ)
غالىپ تۇردى (شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئۇيغۇر تېبابەتچىلىك دوختۇرخانىسىدىن، مۇئاۋىن مۇدىر ۋىراچ)
تۇرسۇن غوپۇر (شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئۇيغۇر تېبابەتچىلىك دوختۇرخانىسىدىن، مۇدىر ۋىراچ)
ئابدۇرېھىم ئابدۇكېرەم (شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئۇيغۇر تېبابەتچىلىك دوختۇرخانىسىدىن، مۇئاۋىن پىراۋىزور)
ئەركىن قاسىم (شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئۇيغۇر تېبابەتچىلىك ـ دورىگەرلىك تەتقىقات ئورنىدىن، كاندىدات ئالىي مۇھەررىر)
ئوبۇلقاسىم ئەخمەت (خوتەن ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر تېبابەتچىلىك دوختۇرخانىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، مۇدىر ۋىراچ)
باقى ئالىم (خوتەن ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر تېبابەتچىلىك دوختۇرخانىسىدىن، مۇدىر ۋىراچ)
ئەلى ھاجى قۇربانىياز ئەمچى (خوتەن ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر تېبابەتچىلىك دوختۇرخانىسىدىن، مۇدىر ۋىراچ)
ئابدۇللا مەخمۇت (خوتەن ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر تېبابەتچىلىك دوختۇرخانىسىدىن، مۇدىر ۋىراچ)
ئەزىز كەنجى (قەشقەر ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر تېبابەتچىلىك دوختۇرخانىسىدىن، مۇدىر ۋىراچ)
مۇھەممەتئېلى مەھمۇدى (قەشقەر ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر تېبابەتچىلىك دوختۇرخانىسىدىن، مۇدىر ۋىراچ)
رۇقىيە سادىق (قەشقەر ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر تېبابەتچىلىك دوختۇرخانىسىدىن، مۇدىر پىراۋىزور)
ھاشىرجان سىدىق (قەشقەر ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر تېبابەتچىلىك دوختۇرخانىسىدىن، مۇدىر ۋىراچ)
ھەسەنجان ئىسمايىل (قەشقەر ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر تېبابەتچىلىك دوختۇرخانىسىدىن، مۇدىر ۋىراچ)
روزىباقى ئابدۇۋايىت (قارىقاش ناھىيەلىك ئۇيغۇر تېبابەتچىلىك دوختۇرخانىسىدىن، مۇدىر ۋىراچ)
ئەزىز ئابلىمىت (قارىقاش ناھىيەلىك ئۇيغۇر تېبابەتچىلىك دوختۇرخانىسىدىن، مۇئاۋىن مۇدىر ۋىراچ)
مەتسالى مەنسۇر (قارىقاش ناھىيەلىك ئۇيغۇر تېبابەتچىلىك دوختۇرخانىسىدىن، مۇدىر ۋىراچ)
يارمۇھەممەت ئىسرائىل (شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق جۇڭيى ـ مىللىي تېبابەتچىلىك ـ دورىگەرلىك ئىدارىسى تېببىي مەمۇرىيەت باشقارمىسى مۇئاۋىن تەكشۈرگۈچى)

## ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكى ۋە دورىگەرلىكى تولۇق كۇرس دەرسلىك ماتېرىياللىرىنى تۈزۈش كومىتېتى ئىشخانىسى ئەزالىرىنىڭ ئىسىملىكى

ئىشخانا مۇدىرى: تۇرغۇن ئۆمەر (شىنجاڭ ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكى ئالىي تېخنىكومىنىڭ مۇدىرى، مۇدىر ۋىراچ، پىروفېسسور)

مۇئاۋىن مۇدىرلار:

ئابدۇرېھىم يۇسۇپ (شىنجاڭ تېببىي ئۇنىۋېرسىتېتى ئۇيغۇر تېبابەتچىلىك ـ دورىگەرلىك فاكۇلتېتىنىڭ مۇدىرى، پىروفېسسور، دوكتور)
ئەخمەت مەمەت (شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق جۇڭيى ـ مىللىي تېبابەتچىلىك ۋە دورىگەرلىك ئىدارىسى پەن ـ مائارىپ باشقارمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، مۇدىر پىراۋىزور)
مۇتەللىپ ئەلى ھاجى ئەمچى (شىنجاڭ ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكى ئالىي تېخنىكومىدىن، مۇدىر ۋىراچ، پىروفېسسور)

ئەزالار: تۇرغۇن تۇرسۇن (شىنجاڭ تېببىي ئۇنىۋېرسىتېتى ئۇيغۇر تېبابەتچىلىك ـ دورىگەرلىك فاكۇلتېتىدىن، پىروفېسسور)
ئەنۋەر توختى (شىنجاڭ تېببىي ئۇنىۋېرسىتېتى ئۇيغۇر تېبابەتچىلىك ـ دورىگەرلىك فاكۇلتېتىدىن، كاندىدات ئالىي مۇھەررىر، كاندىدات تەتقىقاتچى)
ئابدۇقادىر ئابدۇۋايىت (شىنجاڭ ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكى ئالىي تېخنىكومىدىن، ئالىي مۇھەررىر)
پولات زىيادان (شىنجاڭ ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكى ئالىي تېخنىكومىدىن، دوتسېنت)
رۇقىيە قاۋۇز (شىنجاڭ تېببىي ئۇنىۋېرسىتېتى ئۇيغۇر تېبابەتچىلىك ـ دورىگەرلىك فاكۇلتېتىدىن، دوتسېنت)
ئەكبەر مۇھەممەت (شىنجاڭ ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكى ئالىي تېخنىكومىدىن، دوتسېنت)
يارمۇھەممەت ئىسرائىل (شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق جۇڭيى ـ مىللىي تېبابەتچىلىك ـ دورىگەرلىك ئىدارىسى تېببىي مەمۇرىيەت باشقارمىسى مۇئاۋىن تەكشۈرگۈچى)
ئەركىن ئالىم (شىنجاڭ خەلق سەھىيە نەشرىياتىدىن، كاندىدات ئالىي مۇھەررىر)

# 维吾尔医药学本科教材编写委员会组成人员名单

| | | |
|---|---|---|
| 主任委员： | 洪净 | （国家中医药管理局人教司巡视员兼副司长，教授，博士） |
| | 买买提·牙森 | （新疆维吾尔自治区卫生厅厅长，教授） |
| 副主任委员： | 帕尔哈提·克力木 | （新疆维吾尔自治区中医民族医药管理局局长，教授，博士） |
| | 石鹏建 | （教育部高等教育司副司长） |
| | 周杰 | （国家中医药管理局人教司教育处副处长） |
| | 张建仁 | （新疆维吾尔自治区教育厅副厅长） |
| | 哈木拉提·吾甫尔 | （新疆医科大学校长，教授、博士） |
| | 吐尔洪·吾买尔 | （新疆维吾尔医学专科学校校长，主任医师，教授） |
| | 艾合买提·买买提 | （新疆维吾尔自治区中医民族医药管理局科教处副处长，主任药师） |
| 委员： | 张向阳 | （新疆医科大学副校长，教授，博士） |
| | 周景玉 | （国家中医药管理局人教司教育处副主任科员） |
| | 阿尔甫·买买提尼牙孜 | （新疆维吾尔自治区卫生厅副厅级巡视员，特聘研究员） |
| | 冯东 | （新疆维吾尔自治区中医民族医药管理局副局长） |
| | 阿不都热依木·玉苏甫 | （新疆医科大学维吾尔医药系主任，教授，博士） |
| | 宋晓平 | （新疆医科大学维吾尔医药系书记，教授） |
| | 斯拉甫·艾白 | （新疆维吾尔自治区维吾尔医医院院长，教授，主任药师，研究员） |
| | 艾力·肉孜 | （新疆维吾尔医学专科学校副校长，教授） |
| | 帕塔尔·买合木提·土尔根 | （新疆人民卫生出版社社长，总编） |
| | 阿不都热依木·卡地尔 | （自治区维吾尔医药文献整理工作领导小组办公室主任，研究员） |
| | 茹仙古丽·沙吾尔 | （和田地区维吾尔医医院院长，主任药师） |
| | 肖开提·阿布都拉 | （喀什地区维吾尔医医院院长，副主任医师） |
| | 努尔买买提·艾买提 | （新疆医科大学维吾尔医药系副主任，副研究员，博士） |
| | 吐尔洪·吐送 | （新疆医科大学维吾尔医药系，教授） |
| | 安尼瓦尔·托乎提 | （新疆医科大学维吾尔医药系，副编审，副研究员） |
| | 茹克也木·卡吾孜 | （新疆医科大学维吾尔医药系，副教授） |
| | 库尔班·艾力 | （新疆医科大学维吾尔医药系，副主任医师） |
| | 木塔力甫·艾力阿吉艾米琪 | （新疆维吾尔医学专科学校，主任医师，教授） |
| | 居来提·托乎提 | （新疆维吾尔医学专科学校，教授） |
| | 阿布都卡地尔·阿布都瓦依提 | （新疆维吾尔医学专科学校，编审） |
| | 吾布力·艾山 | （新疆维吾尔医学专科学校，副教授） |
| | 吾布力·吐尔地 | （新疆维吾尔医学专科学校，副教授） |
| | 甫拉提·孜亚坦 | （新疆维吾尔医学专科学校，副教授） |
| | 帕提古丽·吾斯曼 | （新疆维吾尔医学专科学校，副教授） |
| | 买提卡斯木·吾布力艾山 | （新疆维吾尔医学专科学校，副教授） |
| | 吾布力卡斯木·买提斯迪克 | （新疆维吾尔医学专科学校，副教授） |

www.uyghurkitap.com

艾克拜尔·买买提　（新疆维吾尔医学专科学校，副教授）
玉苏甫江·买提努尔　（新疆维吾尔自治区维吾尔医医院副院长，副主任医师）
伊河山·伊明　（新疆维吾尔自治区维吾尔医药研究所副所长，编审）
巴克·玉苏甫　（新疆维吾尔自治区维吾尔医医院，主任医师）
买提卡斯木·斯地克　（新疆维吾尔自治区维吾尔医医院，主任医师）
阿里甫·吐尔地　（新疆维吾尔自治区维吾尔医医院，副主任医师）
吐尔逊·吾甫尔　（新疆维吾尔自治区维吾尔医医院，主任医师）
阿不都热依木·阿不都克热木　（新疆维吾尔自治区维吾尔医医院，副主任药师）
艾尔肯·卡斯木　（新疆维吾尔自治区维吾尔医药研究所，副编审）
吾布力卡斯木·艾合买提　（和田地区维吾尔医医院副院长，主任医师）
巴克·阿力木　（和田地区维吾尔医医院，主任医师）
艾力阿吉·库尔班尼亚孜艾米琪　（和田地区维吾尔医医院，主任医师）
阿布都拉·买合木提　（和田地区维吾尔医医院，主任医师）
艾则孜·坎吉　（喀什地区维吾尔医医院，主任医师）
买买提艾力·麻合木提　（喀什地区维吾尔医医院，主任医师）
茹克娅·莎地克　（喀什地区维吾尔医医院，主任药师）
阿西尔江·斯地克　（喀什地区维吾尔医医院，主任医师）
艾山江·司马义　（喀什地区维吾尔医医院，主任医师）
肉孜巴克·阿布都瓦依提　（墨玉县维吾尔医医院，主任医师）
艾则孜·阿布力米提　（墨玉县维吾尔医医院，副主任医师）
买提沙力·曼苏尔　（墨玉县维吾尔医医院，主任医师）
亚尔买买提·斯拉依力　（新疆维吾尔自治区中医民族医药管理局医政处副调研员）

## 维吾尔医药学本科教材编写委员会办公室组成人员名单

办公室主任：吐尔洪·吾买尔　（新疆维吾尔医学专科学校校长，主任医师，教授）
办公室副主任：阿不都热依木·玉苏甫　（新疆医科大学维吾尔医药系主任，教授，博士）
艾合买提·买买提　（新疆维吾尔自治区中医民族医药管理局科教处副处长，主任药师）
木塔力甫·艾力阿吉艾米琪　（新疆维吾尔医学专科学校，主任医师，教授）
办公室成员：吐尔洪·吐送　（新疆医科大学维吾尔医药系，教授）
安尼瓦尔·托乎提　（新疆医科大学维吾尔医药系，副编审，副研究员）
阿布都卡德尔·阿布都瓦依提　（新疆维吾尔医学专科学校，编审）
甫拉提·孜亚坦　（新疆维吾尔医学专科学校，副教授）
茹克也木·卡吾孜　（新疆医科大学维吾尔医药系，副教授）
艾克拜尔·买买提　（新疆维吾尔医学专科学校，副教授）
亚尔买买提·斯拉依力　（新疆维吾尔自治区中医民族医药管理局医政处副调研员）
艾尔肯·阿力木　（新疆人民卫生出版社，副编审）

# كىرىش سۆز

ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكى ــ ئەمگەكچان، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ تارىختىن بۇيان تەبىئەت ھادىسىلىرىنى تونۇش، تەبىئەت قانۇنىيەتلىرىنى ئىگىلەش ۋە ئادەم بەدىنىگە تەتبىقلاش ئارقىلىق بەدەندە پەيدا بولغان ھەر خىل كېسەللىكلەرگە تاقابىل تۇرۇش، ئالدىنى ئېلىش ۋە داۋالاش ئەمەلىيىتىدە بارلىققا كەلگەن مول تەجرىبىلىرىنىڭ ئىلمىي يەكۈنى. ئۇ، مۇكەممەل نەزەرىيەۋى سىستېمىغا، ئۈنۈملۈك داۋالاش ئەمەلىيىتىگە ۋە مول دورا مەنبەلىرىگە ئىگە بولۇپ، تارىختىن بۇيان شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ساقلىقىنى ساقلاش، داۋالاش ئىشلىرىدا مۇھىم رول ئويناپ كەلگەن. ئازادلىقتىن كېيىن، بولۇپمۇ ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلغان 30 يىلدىن بۇيان پارتىيەنىڭ جۇڭيى ـ مىللىي تېبابەتچىلىك ئىشلىرىغا قارىتىلغان قوغداش، ۋارىسلىق قىلىش ۋە راۋاجلاندۇرۇش سىياسىتىنىڭ تۈرتكىسىدە ئۇيغۇر تېبابىتى تېپىلغۇسىز تەرەققىيات پۇرسىتىگە ئېرىشىپ، ئۆزىنىڭ ھاياتىي كۈچىنى نامايان قىلدى. دۆلەت ئىچى ـ سىرتىدىكى ئالىم، مۇتەخەسسىسلەرنىڭ مۇئەييەنلەشتۈرۈشىگە ۋە بىمارلارنىڭ ئىشەنچىسىگە ئېرىشىپ كەلدى.

شىنجاڭ ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكى ئالىي تېخنىكومى 1987 ـ يىلى تۇنجى قېتىم ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىشنى باشلىغانىدى. 1998 ـ يىلدىن بۇيان شىنجاڭ تېببىي ئۇنىۋېرسىتېتى چوڭلار مائارىپ ئىنستىتۇتى بىلەن بىرلىشىپ، ئۇيغۇر تېبابىتى چوڭلار مائارىپى بويىچە تولۇق كۇرس داۋالاش ۋە دورىگەرلىك كەسپلىرىنى، 2005 ـ يىلدىن بۇيان جياڭشى جۇڭيى تېبابەتچىلىك ئىنستىتۇتى بىلەن بىرلىشىپ، ئۇيغۇر تېبابىتىنىڭ تولۇق كۇرس داۋالاش ۋە دورىگەرلىك كەسپلىرىنى ئاچتى. 2004 ـ يىلى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ قارار قىلىشى ۋە دۆلەت مائارىپ مىنىستىرلىقىنىڭ تەستىقلاپ ئەنگە ئېلىشى بىلەن شىنجاڭ تېببىي ئۇنىۋېرسىتېتى ئۇيغۇر تېبابەتچىلىك ـ دورىگەرلىك فاكۇلتېتى قۇرۇلۇپ، 2006 ـ يىلدىن باشلاپ پۈتۈن كۈنلۈك، بەش يىللىق تۈزۈمدىكى ئۇيغۇر تېبابىتى تولۇق كۇرس داۋالاش كەسپى بويىچە ھەر يىلى ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىپ كەلمەكتە.

شۇنىڭدىن بۇيان بۇ ئىككى مەكتەپ ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكى ئالىي مائارىپىنى يەنىمۇ بىر بالداق يۇقىرى كۆتۈرۈپ، «ئۇيغۇر تېبابەتچىلىك ـ دورىگەرلىك تولۇق كۇرس ئوقۇتۇش پىروگراممىسى» ۋە ئوقۇتۇش تەلىپىگە ئاساسەن دەرسلىك ماتېرىياللىرىنى تۈزۈپ سىناق تەرىقىسىدە ئوقۇتۇشتا قوللاندى. ئوقۇتۇش ئەمەلىيىتى جەريانىدا ئىككى مەكتەپ دەرسلىك مەزمۇنىغا قارىتا، قايتا ـ قايتا تولۇقلاش ۋە تۈزىتىش ئېلىپ بېرىپ، دەرسلىكلەرنىڭ مەزمۇن ۋە قۇرۇلمىسىنى ئۈزلۈكسىز مۇكەممەللەشتۈردى.

قولىڭىزدىكى بۇ «ئۇيغۇر تېبابىتى خام دورىلار ئىلمى» ئىككى مەكتەپنىڭ ئوقۇتۇش پىروگراممىسىغا ئاساسەن شىنجاڭ ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكى ئالىي تېخنىكومىنىڭ 26 تۈرلۈك ئىككىنچى ئەۋلاد دەرسلىك ماتېرىياللىرىنى ئاساس، ئۇيغۇر تېبابەتچىلىك ـ دورىگەرلىك كىلاسسىك ئەسەرلىرىنى مەنبە، ئىككى مەكتەپ ۋە شىنجاڭدىكى ئۇيغۇر تېبابەتچىلىك ـ دورىگەرلىك مۇتەخەسسىسلىرىنىڭ قاتنىشىشى بىلەن تۈزۈپ چىقىلغان ئۇيغۇر تېبابىتى تۇنجى ئەۋلاد تولۇق كۇرس دەرسلىكى.

بۇ دەرسلىك ئومۇمىي قىسىم ۋە مەخسۇس قىسىمدىن ئىبارەت ئىككى قىسىمغا بۆلۈندى. ئومۇمىي قىسىمدا ئۇيغۇر تېبابىتى خام دورىلار ھەققىدە ئومۇمىي چۈشەنچە بېرىلدى. مەخسۇس قىسىمدا ئۇيغۇر تېبابىتىدە دائىم ئىشلىتىدىغان خام دورىلارنى غەيرىي تەبىئىي خىلتلارنى پىشۇرغۇچى دورىلار، غەيرىي تەبىئىي خىلتلارنى سۈرگۈچى دورىلار، قان تازىلىغۇچى دورىلار، توسالغۇلارنى ئاچقۇچى دورىلار، ياللۇغ قايتۇرغۇچى دورىلار، تاش پارچىلىغۇچى دورىلار قاتارلىق مەزمۇنلارغا بۆلۈپ چۈشەندۈرۈلدى.

بۇ تولۇق كۇرس دەرسلىكىنى تۈزۈش ئۇيغۇر تېبابىتى تارىخىدا تۇنجى قېتىملىق ئىش بولغانلىقى ئۈچۈن، دەرسلىكىمىزدە خاتالىق ۋە سەۋەنلىكلەرنىڭ بولۇشى تەبىئىي. ئالاقىدار مۇتەخەسسىسلەر، كەسىپداش ۋە كەڭ ئوقۇرمەنلەرنىڭ قىممەتلىك تەكلىپ - پىكىر بېرىشىنى سەمىمىي ئۈمىد قىلىمىز.

بۇ دەرسلىكلەرنى تۈزۈش جەريانىدا سەھىيە مىنىستىرلىقى، دۆلەتلىك جۇڭيى تېبابەتچىلىك - دورىگەرلىك ئىدارىسى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق سەھىيە نازارىتى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق جۇڭيى - مىللىي تېبابەتچىلىك ۋە دورىگەرلىك ئىدارىسى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ نازارىتى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مالىيە نازارىتى، شىنجاڭ تېببىي ئۇنىۋېرسىتېتى، شىنجاڭ ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكى ئالىي تېخنىكومى قاتارلىق ئورۇنلار ئادەم كۈچى ۋە ئىقتىساد جەھەتتە كۆپ ياردەمدە بولدى. شۇ مۇناسىۋەت بىلەن رەھبەرلەر، مۇتەخەسسىسلەر ۋە ئوقۇتقۇچى - ئۇستازلارغا چوڭقۇر رەھمەت ۋە ئېھتىرام بىلدۈرىمىز.

شىنجاڭ ئۇيغۇر تېبابەتچىلىك - دورىگەرلىك تولۇق كۇرس
دەرسلىك ماتېرىياللىرىنى تۈزۈش كومىتېتى ئىشخانىسى

2010 - يىلى ئۆكتەبىر



www.uyghurkitap.com

# 前　言

维吾尔医学是勤劳的维吾尔族人民在漫长的治病、防病过程中，掌握大自然规律并运用到人体中，在预防和诊疗人体疾病实践中形成的丰富经验和科学结晶。它具有完整的理论体系，拥有实用和丰富多样的药材来源。长期以来，在保证新疆各族人民的健康和诊疗中起着重要作用。建国后，特别是改革开放30年来，在党和政府对中医民族医学事业的保护、继承和发展有关政策的推动下，维吾尔医学事业获得了前所未有的发展机遇，充分发挥了维吾尔医学的传统优势，并获得了国内外学者专家的肯定和广大患者的赞扬。

新疆维吾尔医学专科学校自1987年开始首次招收学生以来，第二年便与新疆医科大学成人教育学院联合办学，设有维吾尔医学成人教育本科医疗和医药学专业，2005年开始，与江苏中医学院联合办学，设有维吾尔医学本科医疗和医药学专业。2004年经新疆维吾尔自治区人民政府的批准和国家教育部备案后建立了新疆医科大学维吾尔医药学系，2006年每年招收全日授课五年制维吾尔医学本科医疗专业的学生。

从此，这两所院校为了进一步提高维吾尔医学高等教育层次，根据《维吾尔医学——药学本科教学大纲》和教学的要求编写教材并试用。在教学过程中，两所院校对教材内容进行补充、反复修改，不断地加以完善。

《维吾尔医生药学》两所院校教育大纲，以新疆维吾尔医学专科学校第二代教材为主，在两所院校和全疆维吾尔医学药学专家的参与，编写出的维吾尔医学第一代本科教材。

该教材分总论和各轮两部分。总论部分讲解维吾尔医生药概念：各论部分分别讲解维吾尔医常用生药异常 HElit(合立体)成熟药，清血药，开窍通组药，消炎药，排石药等内容。

由于编写本科教材，难免有错误和不足之处，希望有关专家，专业人才和广大读者提出宝贵意见和建议。

在本教材编写过程中，卫生部国家中医药管理局，新疆维吾尔自治区卫生厅，新疆维吾尔自治区中医民族医药管理局，新疆维吾尔自治区教育厅，新疆维吾尔自治区财政厅，新疆医科大学，新疆维吾尔医专科学校等单位给予了大力支持，在此，向各位领导，专家和老师表示衷心感谢。

**新疆维吾尔医药学本科教材编写委员会办公室**

2012年10月

www.uyghurkitap.com

# مۇندەرىجە

## (ئىككىنچى توم)

يىگىرمىنچى باب تەرلەتكۈچى دورىلار ........ 563
ياۋا پۇرچاق ........ 563
قىزىلمۇچ ........ 564
چاكاندا ........ 566
يىگىرمە بىرىنچى باب ئاغرىق پەسەيتكۈچى دورىلار ........ 568
تۆگىتاپان ........ 568
دىبىق ........ 569
ئەزپاراتىپ ........ 570
يالپۇز ........ 571
كۆكنار پوستى ........ 573
سۆرۈنجان مىسرى ........ 575
ئىنەكپىتى ئۇرۇقى ........ 577
ئىتياڭىقى ئۇرۇقى ........ 578
زاراڭزا يىلتىزى ........ 580
قارىكۆز بەدىيان ........ 581
مۇشكىدانە ........ 583
بالدىرغان ........ 584
پىلە قۇرتى مايىقى ........ 585
يالپۇز جەۋھىرى ........ 586
ئاچچىق سۆرۈنجان ........ 587
ئېيىق يىلتىزى ........ 588
يىگىرمە ئىككىنچى باب تىنچلاندۇرغۇچى دورىلار ........ 590
ياۋا زاغۇن ........ 590
بوزتىكەن ........ 592
تېزەكچى قوڭغۇز ........ 593
قۇنۇن ........ 594
شەۋكىران ........ 595
لۇپاھ ........ 597
ئۇسرۇل ........ 599
قەھۋە ........ 601
تاماكا يوپۇرمىقى ........ 602

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com


ئۆزبەر ........................ 604
كاھۇ ئۇرۇقى ........................ 605
بالەنگو چۆپى ........................ 607
شازاندىرا ........................ 608
كەندىر ئۇسارىسى ........................ 609
مۇز ........................ 610
يەسمەن يېغى ........................ 611
يىگىرمە ئۈچىنچى باب مەست قىلغۇچى دورىلار ........................ 613
ئەپيۇن ........................ 613
بەزرۇلبەنجى ........................ 616
كەندىر ئۇرۇقى ........................ 618
ئىتياڭقى گۈلى ........................ 619
ئىتياڭقى يوپۇرمىقى ........................ 621
يىگىرمە تۆتىنچى باب قابىز دورىلار ........................ 623
يۇلغۇن ........................ 623
قىزىل ئۈزۈم ئۇرۇقى ........................ 625
چۈلۈك دەرىخى قوۋزىقى ........................ 626
ھۇمماز ئۇرۇقى ........................ 627
مامىسا ........................ 628
بەللۇت ........................ 629
جىگدە ........................ 631
كۇندۇر ........................ 632
ئانار ئۇرۇقى ........................ 634
ئازغان مېۋىسى ........................ 635
سىمىزئوت ئۇرۇقى ........................ 637
پاقىيوپۇرمىقى ئۇرۇقى ........................ 638
يۇمغاقسۇت ئۇرۇقى ........................ 640
تاجىگۈل ........................ 641
كۆكمارال ........................ 642
قاندالا ........................ 643
كەھرىۋا ........................ 645
ئاقاقىيا ........................ 646
تاباشىر ........................ 647

سالاجىت ........................ 649
ئوچاق چالمىسى ........................ 650
سىماقۇل ئەبغەيىن ........................ 651
غاز تۇخۇمى شاكىلى ........................ 652
ياچۇۋەك تۇخۇمى ........................ 653
تاشقا ئايلانغان سۆڭەك ........................ 654
تەمرىھىندى ئۇرۇقى ........................ 655
تالماكىھانا ........................ 657
ياۋا ئالما ........................ 658
**يىگىرمە بەشىنچى باب جاراھەت پۈتتۈرگۈچى دورىلار ........................ 659**
گىل مەختۇم ........................ 659
مەدەستان ........................ 660
ھەببۇلئاس ........................ 662
كەتىرا چىنى ........................ 663
كەركىدان مۈڭگۈزى ........................ 664
كۆكتاش ........................ 666
سەرتان نەھرى ........................ 667
سەرتان بەھرى ........................ 668
چارپاقا ........................ 669
گەج ........................ 671
سەنگى جاراھەت ........................ 672
رال ........................ 673
قەلەي ........................ 674
زەرنىخ ........................ 676
ئەنزىرۇت ........................ 678
ئانار پوستى ........................ 679
ئەبنۇس ........................ 681
قەشقەر ئۈپىسى ........................ 682
تەبىئىي مىس ........................ 683
تەلق ........................ 685
تۇخۇم ئىچى پەردىسى ........................ 686
بىلىق مېيى ........................ 687
موي (تۈك) ........................ 688

www.uyghurkitap.com

قوغۇشۇن ........ 689
ئۈمۈچۈك تورى ........ 690
**يىگىرمە ئالتىنچى باب  زەھەر قايتۇرغۇچى دورىلار** ........ 691
چاكىموخ ........ 691
پاقا شىرىسى ........ 692
غاز قېنى ........ 693
ھەرە كۆنىكى ........ 694
شەھدان ........ 695
كاكتۇس ........ 696
روشەنگۈل ........ 698
فىروزە ........ 699
كالا ئۆتى ........ 700
ئات يادا تېشى ........ 702
چايان ........ 703
زەھرى مۆھرە ........ 705
سانجىقئوت يىلتىزى ........ 706
چىنار ئۇرۇقى ........ 707
قىرىقئاياغ ........ 708
ئاپېلسىن ئۇرۇقى ........ 709
ئالماس ........ 710
پاقا ........ 711
**يىگىرمە يەتتىنچى باب  «تەبىئەت» نى قۇۋۋەتلىگۈچى دورىلار** ........ 713
تاشپاقا قېپى ........ 713
توخۇ گۆشى ........ 714
تۆگە گۆشى ........ 715
ئۆلار گۆشى ........ 716
قوي سۈتى ........ 717
قوي يېغى ........ 718
قوي گۆشى ........ 719
ئادەمگىياھ ........ 720
كەكلىك گۆشى ........ 723
كەپتەر گۆشى ........ 725
ئۆچكە گۆشى ........ 726

پاختەك گۆشى ........ 728
ئات گۆشى ........ 729
بۇغداي ........ 730
كىرپە ........ 731
يەر مەدىكى ........ 733
زەپەر ........ 734
يۇمران بۇغا مۇڭگۈزى ........ 736
گاسترودىيە ئوتى ........ 738
بۆدۇنە ........ 739
بېلىق ........ 740
ناۋات ........ 741
كالا گۆشى ........ 742
قۇشقاچ گۆشى ........ 743
يىگىرمە سەككىزىنچى باب مېڭە كېسەللىكلىرىگە ئىشلىتىلىدىغان دورىلار ........ 745
قوي مېڭىسى ........ 745
بۇغىئوت يىلتىزى ........ 746
جەزبۇزار ........ 747
ياڭاق ........ 748
ئالتۇن ۋاراق ........ 749
كۇمۇش ۋاراق ........ 751
ئەنبەر ........ 752
قۇندۇز قەھرى ........ 753
ئىپار ........ 755
قۇشقاچ مېڭىسى ........ 756
لاچىندانە ھىندى ........ 757
بالەنگو ئۇرۇقى ........ 759
كەرمان ........ 760
چاي ........ 761
تاتلىقياڭيۇ ........ 763
كۇمۇش ........ 764
يىگىرمە توققۇزىنچى باب يۈرەك كېسەللىكلىرىگە ئىشلىتىلىدىغان دورىلار ........ 766
كېۋەز چېچىكى ........ 766
مارجان ........ 768

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

تاغ سۇمبۇلى ........ 769
سۇمبۇل چىنى ........ 770
لەئل ........ 772
ئاق مەۋسەل ........ 773
زۇمرەت ........ 774
ئالما ........ 775
ھېقىق ........ 777
پىلە غوزىسى ........ 778
ئۆشنە ........ 780
بىدمۇشكى ........ 781
سۇمبۇل ھىندى ........ 782
سازەج ھىندى ........ 784
مەرزەنجۇش ........ 785
مەرۋايىت ........ 787
دۇرنەج ئەقرەبى ........ 789
نارمىشكى ........ 790
پەرەنجمىشكى ........ 791
ياقۇت ........ 793
رەيھان ئۇرۇقى ........ 794
ئاق سەندەل ........ 795
پويرارىيە يىلتىزى ........ 796
زورەمبات ........ 797
قاشتېشى ........ 799
ئالتۇن ........ 800
گۇلى گاۋزىبان ........ 801
ئالتۇن چىرىمتال ........ 802
ئازغان گۇلى ........ 803
يۇرەكئوت ........ 804
ئاپىلسىن پوستى ........ 805
**ئوتتۇزىنچى باب جىگەر كېسەللىكلىرىگە ئىشلىتىلىدىغان دورىلار** ........ 807
ئىزخىر مەككى ........ 807
قوي جىگىرى ........ 809
لوك ........ 810

ئېۋكوممىيە قوۋزىقى ........................................ 811
قولۇلە قېپى ........................................ 812
جىنتىيانا ........................................ 813
دولانا ........................................ 816
رەۋەن ........................................ 817
سەئدى كۇفى ........................................ 819
سۇندۇرۇس ........................................ 821
زەرنەپ ........................................ 822
ئۇد ھىندى ........................................ 823
تەرخەمەك ........................................ 825
ئاقشېكەر ........................................ 826
پىلە قۇرتى ........................................ 827
تۆگە سۈتى ........................................ 828
ئوتتۇز بىرىنچى باب ئۆپكە ـ كاناي كېسەللىكلىرىگە ئىشلىتىلىدىغان دورىلار ........................................ 831
زۇپا ........................................ 831
چۇغۇندان ........................................ 833
تىزغا ........................................ 834
تەڭگىيوپۇرماق گۈلى ........................................ 835
ئاق قېيىن قوۋزىقى ........................................ 837
تاتلىق شاپتۇل مېغىزى ........................................ 838
تاتلىق ئۆرۈك مېغىزى ........................................ 839
قوي ئۆپكىسى ........................................ 840
مۇرچۇبە ........................................ 841
يىلان ئۆتى ........................................ 842
ئىلى سوغىنگۈلى ........................................ 844
چامغۇر ........................................ 845
نىشاستە ........................................ 846
لوبان ........................................ 847
رۇببىسۇس ........................................ 849
راتىيانەج ........................................ 850
قۇندۇز ئوت ........................................ 852
قوڭغۇراقگۈل يىلتىزى ........................................ 853
ئەرۇسە ياپرىقى ........................................ 854

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

شۇمشا ئۇرۇقى ........................................ 856
شېكەر تىغال ........................................ 858
تاغ پىيىزى ........................................ 859
زىغىر ئۇرۇقى ........................................ 860
زىغىر يېغى ........................................ 862
بېھى ئۇرۇقى ........................................ 863
ئەرەب يېلىمى ........................................ 865
كەتىرا ........................................ 866
ئېشەك سۈتى ........................................ 868
ئۇجمە يىلتىزى ........................................ 869
شىقىلداق يىلتىزى ........................................ 871
قارلىغاچ چاڭگىسى ........................................ 872
چامغۇر گۈلى ........................................ 873
نەشپۈت ........................................ 874
ئۆچكە سۈتى ........................................ 875
ئوتتۇز ئىككىنچى باب ئاشقازان، ئۈچەي كېسەللىكلىرىگە ئىشلىتىلىدىغان دورىلار ........................................ 877
ئامىلە ........................................ 877
خولىنجان ........................................ 880
قېتىق سۈزمىسى ........................................ 880
سىيسالىيۇس ........................................ 881
چۈژگۈن ئۇندۇرمىسى ........................................ 883
ماگنولىيە ........................................ 884
تاغ دېنى ........................................ 885
ياۋا ئامۇت ........................................ 886
پىچەكگۈل ........................................ 887
قۇلماق ........................................ 888
قوي قېرىنى ........................................ 889
ئاقمۇچ ........................................ 890
ئارپىبەدىيان يىلتىزى پوستى ........................................ 892
ئارپا ئۇندۇرمىسى ........................................ 893
پىستىگۈل يىلتىزى ........................................ 894
جىغان مېۋىسى ........................................ 895
قاقىلە ........................................ 897

قىزىلچا ...... 898
توخۇ تاشلىقى پوستى ...... 899
پىننە ...... 900
جۇۋىنە ...... 902
شاخار ...... 904
مەستىكى رۇمى ...... 905
كۈلى بىھىسى ...... 906
پىياز ...... 908
لاچىندانە چىنى ...... 909
پىستە سىرتقى پوستى ...... 910
تۇز ...... 911
قامغاق (شاپ) ...... 913
**ئوتتۇز ئۇچىنچى باب ئۆت كېسەللىكلىرىگە ئىشلىتىلىدىغان دورىلار** ...... 914
قومۇش يىلتىزى ...... 914
سەپرائوت يىلتىزى پوستى ...... 916
نىلۇپەر ئۇرۇقى ...... 917
ئالقات يىلتىزى پوستى ...... 918
پىچانگۇل يىلتىزى ...... 920
غۇنچىئۈزۈم ...... 921
سۇ بۆلجۈرگىنى ...... 922
جۇڭگو ماندارى ...... 923
پىيزەك ئامۇت ...... 925
گۇليەسمەن ...... 926
بۇرجۇن ...... 927
كاسنە ...... 928
زىرىق ...... 929
يۆگىمەچئوت ...... 931
كۆك ماش ...... 932
**ئوتتۇز تۆتىنچى باب تال كېسەللىكلىرىگە ئىشلىتىلىدىغان دورىلار** ...... 934
تەسۋىقوناق ...... 934
هايۋاناتلارنىڭ تېلى ...... 935
شىنجاڭ قانتېپەرى ...... 936
بەرخۇت دەرىخى قوۋزىقى ...... 937

www.uyghurkitap.com


بايناق ........ 939

ئاق ماش ........ 940

تارانتاس ........ 941

ئوتتۇز بەشىنچى باب بۆرەك ۋە دوۋساق كېسەللىكلىرىگە ئىشلىتىلىدىغان دورىلار ........ 943

سۆئلەپ مىسرى ........ 943

جەرەن ........ 945

تۈلكە ........ 946

توشقانزەدىكى ........ 947

بېدە ئۇرۇقى ........ 948

بۇغا قېنى ........ 949

پىياز ئۇرۇقى ........ 950

ھەلىيون ئۇرۇقى ........ 952

تۇخۇم سېرىقى ........ 953

ئاقىرقەرھا ........ 954

نوقۇت ........ 956

نارجىل ........ 957

بەسباسە ........ 959

ئاق بەھمەن ........ 960

زاغۇن ئۇرۇقى ........ 962

سەۋزە ئۇرۇقى ........ 963

ئوتتۇز ئالتىنچى باب باھ ئاجىزلىقىغا ئىشلىتىلىدىغان دورىلار ........ 965

رىگىماھى ........ 965

يەر ياڭىقى يېغى ........ 966

سەقەنقۇر ........ 968

بۆكەن مۈڭگۈزى ........ 969

ھەسەل ........ 971

پەنىرمايە ........ 973

توشقانقۇلاق ........ 974

مالىنا ........ 975

سەمەكتۇس سەيدا ........ 976

غاز تۇخۇمى ........ 977

غاز گۆشى ........ 978

جىگدە چېچىكى ........ 979

بۇقا چۇيىسى ........................................ 980
قارا چېكەتكە ........................................ 981
ھەببى قەلقەل ........................................ 983
چەشمىخورۇس ........................................ 984
شاقاقۇل مىسرى ........................................ 986
يىڭنىبېلىق ........................................ 987
تاشپاقا گۆشى ........................................ 988
قوتاز ئوغۇز سۇتى ........................................ 989
چامغۇر ئۇرۇقى ........................................ 990
ئۆردەك گۆشى ........................................ 991
قوتاز گۆشى ........................................ 992
ياۋا ئۆردەك گۆشى ........................................ 993
قىزىل مارال ........................................ 994
ئوتتۇز يەتتىنچى باب بالىياتقۇ ۋە تۇخۇمدان كېسەللىكلىرىگە ئىشلىتىلىدىغان دورىلار ........................................ 996
باشاق مۇڭگۈزى ........................................ 996
دىپساكۇس ........................................ 997
لىپەكگۈل ........................................ 998
نارگۇل ئۇرۇقى ........................................ 1000
تىرېمولىت تېشى ........................................ 1001
ئوتتۇز سەككىزىنچى باب سۈت ۋە مەنىي كۆپەيتكۈچى دورىلار ........................................ 1003
قارىمۇق ........................................ 1003
چىگىت مېغىزى ........................................ 1004
ئېشەكقومۇشى ........................................ 1006
ياۋا كۇنجۇت ........................................ 1007
قارا كۇنجۇت ........................................ 1008
ئاق كۇنجۇت ........................................ 1009
كۆكنار ئۇرۇقى ........................................ 1010
پىندۇق ........................................ 1012
چىلغوزا ........................................ 1013
تۇدەرى ........................................ 1015
پىستە مېغىزى ........................................ 1016
ھەببەتۇلخۇزرا ........................................ 1018
ھەببى زەلەم ........................................ 1019

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com


هەببى رشاد ........................ 1019
يەر ياڭىقى ........................ 1021
ماھىرۇبىيان ........................ 1022
ئوتتۇز توققۇزىنچى باب كۆز كېسەللىكلىرىگە ئىشلىتىلىدىغان دورىلار ........................ 1024
سۇرمە ........................ 1024
سەرەس ........................ 1026
قوي ئۆتى ........................ 1027
ھۆپۈپ گۆشى ........................ 1028
سىغىزخان ........................ 1029
تاجىگۇل ئۇرۇقى ........................ 1030
تۇتىيا ........................ 1031
ئېيىق ئۆتى ........................ 1032
قىرىقىنچى باب ئېغىز بوشلۇقى كېسەللىكلىرىگە ئىشلىتىلىدىغان دورىلار ........................ 1034
رۇسۇت ........................ 1034
زەمچە ........................ 1035
ئوسما يىلتىزى ........................ 1037
شاتۇت ........................ 1038
مىئەسائىلە ........................ 1039
موزا ........................ 1041
مۇرمەككى ........................ 1042
كۆپپىكدەريا ........................ 1044
كەبابە ........................ 1046
كاتھىندى ........................ 1047
بادام شاكىلى ........................ 1049
كاۋاۋچىن ........................ 1050
قىرىق بىرىنچى باب پەي، مۇسكۇل ۋە نېرۋىلارنى قۇۋۋەتلىگۈچى دورىلار ........................ 1052
قىرغاۋۇل ........................ 1053
چېكىگىلىك ........................ 1054
چوڭ يوپۇرماقلىق جىنتىيانا ........................ 1055
تولغىماچ مېۋىلىك تاغ كۇنجۇتى ........................ 1056
كۇندۇش ........................ 1057
ياۋا توشقان گۆشى ........................ 1058
تاشچېچەكى ........................ 1060

يىلپىز سۆڭىكى ...... 1061

ئۇزۇنچاق زىراۋەندە ...... 1063

بۆرە سويمىسى يىلتىز پوستى ...... 1064

بۇزۇن ...... 1066

بۇغىتاپان ...... 1067

ھەببۇلغار ...... 1068

شۇمبۇيا ...... 1069

ئاق پارپا ...... 1070

قاقىرا تۇمشۇق ...... 1072

زۇپتى رۇمى ...... 1073

ھىلڭ ...... 1074

چۇمۇلە ...... 1076

جويۇز ...... 1077

بالادۇر ...... 1079

مالكەنگىنى ...... 1080

زەيتۇن يېغى ...... 1081

كاشىم ...... 1083

قارا پارپا ...... 1084

قەلەمپۇر يېغى ...... 1086

ئەرمۇدۇن دەرىخى ئۇرۇقى ...... 1087

پەرپىيون ...... 1089

ئادراسمان ئۇرۇقى ...... 1091

ئادراسمان ئۇرۇقى يېغى ...... 1092

ئادراسمان ...... 1093

كۇچۇلا ...... 1095

تۆگە يېغى ...... 1096

سۇزاپ ...... 1097

جىنچاقىلى يىلتىزى ...... 1099

ئەرمۇدۇن دەرىخى قوۋزىقى ...... 1100

بوزىدان ...... 1101

**قىرىق ئىككىنچى باب تەشەننۇجنى بوشاشتۇرغۇچى دورىلار** ...... 1102

كەۋرەك ...... 1102

ئاق چۇغلۇق ...... 1103

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

تاتلىق بادام يېغى ........................ 1105
قىرىق ئۈچىنچى باب تېرە كېسەللىكلىرىگە ئىشلىتىلىدىغان دورىلار ........................ 1106
ئاچچىق قۇستە ........................ 1106
مىس دېتى ........................ 1109
قەردىمانە ........................ 1111
ئالاكۇلۇك ........................ 1112
چالموگرا يېغى ........................ 1113
نۇشۇدۇر ........................ 1114
سامساق ........................ 1116
خېنىگۈل ئۇرۇقى ........................ 1118
چاقچاقئوت ........................ 1119
چاقچاقئوت ئۇرۇقى ........................ 1120
ئاق قىچا ئۇرۇقى ........................ 1122
كالىزىرە ........................ 1123
جىنكېۋىزى ئۇرۇقى ........................ 1124
ئوردان ........................ 1126
قارا خەربەق ........................ 1127
كۇنجۇت يېغى ........................ 1130
سىيادان ........................ 1131
بىلسان يېغى ........................ 1133
شەترەنجى ........................ 1134
قىزىل قىچا ........................ 1135
سىيادان يېغى ........................ 1136
ئەنجۈر يوپۇرمىقى ........................ 1137
چىگىت يېغى ........................ 1139
غار - غار ........................ 1140
نەغىز گۈلى ئۇرۇقى ........................ 1142
كىلىمىل تېشى ........................ 1143
قىرىق تۆتىنچى باب چاچ كېسەللىكلىرىگە ئىشلىتىلىدىغان دورىلار ........................ 1144
ئوسما يوپۇرمىقى ........................ 1144
ئاچچىق ئۆرۈك مېغىزى ........................ 1146
شاپتۇل مېغىزى ........................ 1147
شاپتۇل مېغىزى يېغى ........................ 1148

# يىگىرمىنچى باب   تەرلەتكۈچى دورىلار

ئىستېمال قىلغاندىن كېيىن تەرلىتىش ئارقىلىق كېسەللىك ماددىسىنى بەدەن سىرتىغا چىقىرىدىغان ياكى تەرلىتىش تەسىرى كۈچلۈك بولغان دورىلار ئومۇملاشتۇرۇلۇپ، تەرلەتكۈچى دورىلار دېيىلىدۇ.

كىلىنىكىدا كۆپ ئۇچرايدىغان بىر قىسىم كېسەللىكلەردە (يەنى زۇكام، نەزلە، كېزىك، ھەر خىل بوغۇم ئاغرىقلىرى، زىققە، يۆتەل…) كېسەللىك ئەھۋالىغا قاراپ ماس ھالدىكى تەرلەتكۈچى دورىلارنى ئىشلىتىش ئارقىلىق، تېرە تەر تۆشۈكچىلىرىنى ئېچىپ، كېسەللىك پەيدا قىلغۇچى ماددىلارنى بەدەن سىرتىغا چىقىرىپ تاشلاشقا توغرا كېلىدۇ. تەرلەتكۈچى دورىلارنى ئىشلەتكەندە دىققەت قىلمىسا، ئېغىر ئاقىۋەتلەر كېلىپچىقىدۇ. شۇڭا بۇ خىل دورىلارنى ئىشلەتكەندە، ئىشلىتىش ۋاقتى ۋە مىقدارىغا ئالاھىدە دىققەت قىلىش كېرەك. بۇ خىل دورىلارنىڭ كۆپىنچىسىنىڭ تەبىئىتى قۇرۇق ئىسسىق ياكى ھۆل ئىسسىق بولۇپ، بۇ خىل دورىلار، تەرلىتىش خۇسۇسىيىتى ئارقىلىق ئورگانىزمنىڭ ماددا ئالمىشىشىنى ياخشىلاپ، كېسەللىك ماددىسىنى تازىلايدۇ. بۇ خىل خۇسۇسىيەتتىكى دورىلار تەرلەتكۈچى دورىلار دېيىلىدۇ. مەسىلەن: ياۋا پۇرچاق، قىزىلمۇچ، چاكاندا، قارىمۇچ، زەنجىۋىل، غاپەس، پودارىسە يىلتىزى، ئەمەن، قار لەيلىسى، ئاقمۇچ قاتارلىقلار.

## ياۋا پۇرچاق
## 亚瓦普尔恰克
## (望江南 wang jiang nan)

[باشقا ئاتىلىشى] ياۋا پۇرچاق ئۇرۇقى

[لاتىنچە نامى] herba Cassia occidentalis

[ئىنگلىزچە نامى] herb of coffee senna

[تونۇش] بۇ، پۇرچاق ئائىلىسىدىكى بىر يىللىق چاتقال ياكى يېرىم چاتقالسىمان سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك بولۇپ، بۇ ئۆسۈملۈكنىڭ يوپۇرمىقى، ئۇرۇقى، يىلتىزى «ياۋا پۇرچاق» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ. يوپۇرمىقى تۇخۇم شەكىللىك، ئۇچى ئۇچلۇق، قورۇتۇلغان ئۇرۇقى سىلىندىر شەكىللىك، سەل ياپىلاق، چۆرىسى سارغۇچ بېغىر رەڭلىك، سىرتقى يۈزى يىرىك بولىدۇ، پۇراقلىق كېلىدۇ. (20.1 ـ رەسىم)

[چىقىش ئورنى] ئېلىمىزنىڭ خېبېي، شەندۇڭ، جياڭسۇ، ئەنخۇي قاتارلىق جايلىرىدىن ھەم ھىندىستان قاتارلىق ئەللەردىن چىقىدۇ.

[خىمىيەلىك تەركىبى] يوپۇرمىقىنىڭ تەركىبىدە دىيانترونىك خېتېروزىدى (Dianthronicheteroside)، يىلتىزى دىھىدروكسى ئانتراكۇئىنون (Dihydroxyanthraquinone)، ئۇرۇقى ھومودىيانترون

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

(Homodiyanthrone)، رەۋەن كىسلاتاسى، (Rhein)، ئالوي ئېمودىن (Aloe - emodin)؛ ئۇرۇقىنىڭ يېغىدا زىغىر كىسلاتاسى، ياغ كىسلاتاسى، پالمىتىن كىسلاتاسى، قاتتىق ماي كىسلاتاسى بار. يەنە زەھەرلىك ئاقسىل، ئۇچۇچان ياغمۇ بار، مېۋە پوستى تەركىبىدە ئاپىگېنىن (Apigenin) بار.

[فارماكولوگىيەلىك تەسىرى] يوپۇرماق، يىلتىز ۋە ئۇرۇقىنىڭ تەركىبىدە تۇتقان ئۇچۇچان ماي كۆپ خىل باكتېرىيەلەرنى تورمۇزلاش تەسىرگە ئىگە، ئۇلارنىڭ سۇدىكى ئېرىتمىسى بەزى زەمبۇرۇغلارنى تورمۇزلايدۇ. يىلتىزى سۇلۇق ئىششىقلارنى داۋالايدۇ ياكى يەڭگىل دەرىجىدىكى سەزگۈر ياكى قىزىتما قايتۇرغۇچى دورا قىلىپ ئىشلىتىلىدۇ.

ئۇرۇقى ئىچىنى سۈرۈش رولىغا ئىگە ھەمدە روشەن ھالدىكى زەھەرلىك تەسىرىمۇ بار. بۇ، تەركىبىدە تۇتقان زەھەرلىك ئاقسىل بىلەن مۇناسىۋەتلىك.

[لايىقلاشتۇرۇلۇشى] يۇيۇش، قۇرۇتۇش ئارقىلىق لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

[تەبىئىتى] بىرىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى] تەرلىتىش، ئىچىنى سۈرۈش، سۈيدۈك ھەيدەش، ئاغرىق پەسەيتىش، ئىششىق ياندۇرۇش، قان تازىلاش خۇسۇسىيىتى بار.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر] قىزىتما، قەۋزىيەت، چوڭ بوغۇم ئاغرىقى، ئۇششاق بوغۇملار ئاغرىقى، سۈيدۈك تۇتۇلۇش، ھەر خىل سۇلۇق ئىششىق، تېرە كېسەلى قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. ياۋا پۇرچاقنىڭ يوپۇرمىقى بىلەن يىلتىزىدىن 10 گىرامدىن ئېلىپ قايىنىتىپ ئىچسە، ئىچىنى سۈرىدۇ، سۈيدۈك ھەيدەيدۇ.

2. ياۋا پۇرچاق يىلتىزىنى لىمون سۈيىدە ئېزىپ، يەرلىك ئورۇنغا سىرتتىن سۈركىسە، داغ ۋە باشقا تېرە كېسەللىكلىرىگە مەنپەئەت قىلىدۇ.

3. ياۋا پۇرچاق يىلتىزىنى ئېزىپ تالقانلاپ ئىچسە، سۈيدۈك ھەيدەپ، ئىششىق ياندۇرىدۇ.

4. ياۋا پۇرچاق ئۇرۇقىدىن 10 گىرام ئېلىپ قايىنىتىپ ئىچسە، قەۋزىيەتكە پايدا قىلىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] 7 ~ 12 گىرامغىچە.

[زىيانلىق تەسىرى] ئىسسىق مىزاجلىق كىشىلەرگە زىيان قىلىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] بىنەپشە، نىلۇپەر، ھەسەل.

[ئورۇنباسارى] ياۋا پۇرچاق يىلتىزى.

[ۋەكىل خاراكتېرلىك پىششىق دورا ياسالمىسى] شەربىتى مائۇلئۇسۇل.

## قىزىلمۇچ

## 克孜力木其

## (辣椒 la jiao)

[باشقا ئاتىلىشى] پىلپىل ئەھمەر، پىلپىل سۇرۇخ، مۇرچ سۇرۇخ، لالە مۇرچ

[لاتىنچە نامى] Fructus Capsicum

[ئىنگلىزچە نامى] Bush Redpepper Fruit



قىزىلمۇچ

**[تونۇش]** بۇ، پىدىگەن ئائىلىسىدىكى بىر يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك قىزىلمۇچ (Capsisum frutescens) بولۇپ، بۇ ئۆسۈملۈكنىڭ مېۋىسى «قىزىلمۇچ» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ. مېۋىسىنىڭ سىرتقى كۆرۈنۈشى قىزىل، پارقىراق، ئىچى كاۋاك، ئوتتۇرىسى ئىككى - ئۈچ بۆلۈمچە بولۇپ بۆلۈنىدۇ. ھەربىر بۆلۈمچىدە نۇرغۇنلىغان سېرىق رەڭلىك ئۇرۇقى بولىدۇ. تەمى ئاچچىق، ئالاھىدە پۇرىقى بار. (2.20 - رەسىم)

**[چىقىش ئورنى]** شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ھەممە جايلىرىدا تېرىپ ئۆستۈرۈلىدۇ.

**[يىغىپ ساقلاش]** 7 ~ 10 - ئايلار مەزگىلىدە مېۋىسى پىشقاندا يىغىۋېلىنىپ، ئاپتاپتا قۇرۇتۇپ ساقلىنىدۇ.

**[خىمىيىلىك تەركىبى]** مېۋىسىدە كاپساسىن (Capsaicin) لازا ئىشقارى، دى ھىدروكاپساسىن (Dihydro Capcaicin)، نورى ھىدروكاپساسىن (Nordihydro Capsaicin)، كاپسەئىتسىن (Homo Capsaicin)، رەڭلىك پىگمېنت كىرىپتوكسانتىن (Cryptoxantihin)، كاپساتسىن (Capsanthin)، كاروتىن (Carotene) ۋە ئاز مىقداردا ۋىتامىن C، لىمون كىسلاتاسى، ئالما كىسلاتاسى قاتارلىقلار بار.

**[فارماكولوگىيىلىك تەسىرى]** ① ھەزىم قىلىش سىستېمىسىغا بولغان تەسىرى: لازا ئىشقارى ئىستېمال قىلىنسا، ئاشقازاننى قۇۋۋەتلەيدۇ. ھەزىمنى ياخشىلايدۇ. ئىشتىھانى ئاچىدۇ، ئەمما كۆپ مىقداردا ئىستېمال قىلىنسا، ئاشقازان ياللۇغى، ئۈچەي ياللۇغى، ئىچ سۈرۈش، قۇسۇش قاتارلىقلارنى پەيدا قىلىدۇ. ② باكتېرىيىگە قارشى ۋە قۇرت ئۆلتۈرۈش تەسىرى: لازا ئىشقارى مومىسىمان ئىسپورىلىق تاياقچە باكتېرىيىلىرىنى ئۈنۈملۈك ھالدا تورمۇزلايدۇ، لېكىن ئالتۇن رەڭلىك ئۈزۈمسىمان شارچە باكتېرىيىسى ۋە چوڭ ئۈچەي تاياقچە باكتېرىيىسىگە ئۈنۈمى يوق؛ ③ قان ئايلىنىش سىستېمىسىغا بولغان تەسىرى: لازا ئىشقارى ياكى لازا ياسالمىسى ناركوز قىلىنغان مۈشۈك ۋە ئىتنىڭ كۆك قان تومۇرىغا ئوكۇل قىلىنسا، ۋاقتىنچە قان بېسىمىنى چۈشۈرىدۇ. يۈرەك سېلىشىنى ئاستىلىتىپ، نەپەس ئېلىشنى قىيىنلاشتۇرىدۇ؛ ④ باشقا تەسىرى: چەت ئەلدە خەۋەر قىلىنىشىچە، ئىستېمال قىلىنىدىغان قىزىل لازا تەم تەڭشەش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ. بۇ قان شىرىسىدىكى ئەركىن يۇرۇيدىغان ھىدروكورتىزوننى روشەن ھالدا ئاشۇرىدۇ. سۈيدۈكنىڭ چىقىرىلىشىنىمۇ ئاشۇرىدۇ. يەنە تالالىق ئاقسىللارنىڭ ئېرىش ئاكتىپچانلىقىنى تۆۋەنلىتىدۇ.

**[لايىقلاشتۇرۇلۇشى]** يۇيۇپ قۇرۇتۇپ لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

**[تەبىئىتى]** بىرىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

**[خۇسۇسىيىتى]** يەل ھەيدەش، چىراينى قىزارتىش، ھەزىمگە ياردەم بېرىش، ئاشقازاننى قۇۋۋەتلەش، يۈرەك ھەرىكىتىنى ياخشىلاش، مۇسكۇللار ھەرىكىتىنى كۈچلەندۈرۈش خۇسۇسىيىتى بار.

**[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر]** ئاشقازان ئاجىزلىقى، ھەزىم ناچارلىقى، قورساق ئېسىلىش، يۇقۇملۇق ئىچ سۈرۈش، بەلغەمدىن بولغان چوڭ بوغۇملار ئاغرىقى (مۇپاسىل)، بەل ئاغرىقى، بىقىن ۋە يانپاش ئاغرىقى قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

**[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]**

1. قىزىلمۇچنى يۇمشاق سوقۇپ، ھەسەلگە قوشۇپ خېمىر قىلىپ، 0.2 گىرام چوڭلۇقتا كۆملەچ

تەييارلاپ، ئۇنىڭدىن ھەر سائەتتە ئىككى داندىن ئىچىپ بەرسە، يۇقۇملۇق ئىچ سۇرۇشكە مەنپەئەت قىلىدۇ.

2. قىزىلمۇچنى سۇغا چىلاپ، زەھەرلىك ھاشارات چېقىۋالغان ياكى غالجىر ئىت چىشلىۋالغان جايغا چاپسا زەھەر قايتۇرىدۇ، ئاغرىق پەسەيتىدۇ، ھەسسىلەپ ئېچىشىش پەيدا قىلىپ، ھۆللۇكلەرنى سىرتقا چىقىرىدۇ ۋە شۇنىڭ بىلەن ئاغرىقنى توختىتىدۇ. زەخمىلەرنىڭ ھۆللۇكلىرى ۋە يىرىڭلىرىنى قۇرۇتۇش ئارقىلىق ساقىيىشنى تېزلىتىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] 0.5 ~ 1 گىرامغىچە.

[زىيانلىق تەسىرى] ئىسسىق مىزاج كىشىلەرگە زىيىنى بار.

[تۈزەتكۈچىسى] سۈت، قايماق.

[ئورۇنباسارى] پىلپىل، قارىمۇچ.

[پىششىق دورا ياسالمىسى] قىزىلمۇچ قىيامى.

## چاكاندا
## 查康达
## （麻黄 ma huang）

[باشقا ئاتىلىشى] ئەمسۇخ سوم كەلبا، سوما كۆل پالتا

[لاتىنچە نامى] Harba Ephedra equisetina

[ئىنگلىزچە نامى] Chinese Ephedra Herb


چاكاندا

[تونۇش] بۇ، چاكاندا ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق سامان غوللۇق كىچىك چاتقال ئۆسۈملۈك چۆپسىمان چاكاندا، قىرىق بوغۇمسىمان چاكاندا ياكى ئوتتۇرا چاكاندىدىن ئىبارەت بولۇپ، بۇ ئۆسۈملۈكنىڭ چۆپسىمان غولى تېبابەتىمىزدە «ئەمسۇخ»، «چاكاندا» نامدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ. (3.20 ـ رەسىم)

[چىقىش ئورنى] مەملىكىتىمىزنىڭ جىلىن، لياۋنىڭ، خېبېي، خېنەن، سەنشى، جياڭشى، ئىچكى موڭغۇلىيە، گەنسۇ، سىچۇەن، چىڭخەي قاتارلىق جايلاردىن، رايونىمىزنىڭ خوتەن شەھىرىدىن چىقىدۇ.

[يىغىپ ساقلاش] كەچ كۈزدە يېشىل شېخى كېسىۋېلىنىپ، ئاپتاپتا قۇرۇتۇپ ئۇششاق كېسىپ ئىشلىتىلىدۇ.

[خىمىيەلىك تەركىبى] چۆپسىمان سېرىق غوللۇق چاكاندا تەركىبىدە 1%~2% كىچە ئالكالوئىد بار. بۇنىڭ ئىچىدە 40%~90% كىچە ئېفېدرىن (Ephedrien) بار، يەنە ئۇچۇچان ماي بار. قىرىق بوغۇمسىمان چاكاندا

تەركىبىدە تەخمىنەن 1.5% كىچە ئالكالوئىد بار. بۇنىڭ ئاساسلىقى ئېفېدرىن ۋە پسېۋدو ئېفېدرىن (Pseudo Enhedrinum) دىن ئىبارەت. بۇ، يەنە تانىن، فىلاۋون، گىلۇكوزىد، دېكستىرىن (dettin)، كىراخمال، مېۋە يېلىمى، تالالىق ماددىلار، گىلۇكوزا قاتارلىق بىرىكمىلەر ۋە چۆپ كىسلاتاسى، لىمون كىسلاتاسى، ئالما كىسلاتاسى قاتارلىق ئورگانىك كىسلاتالار بار.

ئوتتۇرا چاكاندا تەركىبىدە كۆپ مىقداردا ئېفېدرىن بار. ئازراق تالانىن، فىلاۋون، گىلۇكوزىد، دېكستىرىن، كىراخمال، مېۋە يېلىمى، تالالىق ماددىلار بار.

[**فارماكولوگىيەلىك تەسىرى**] چاكاندا ئىشقارى: ① يۈرەك قان تومۇر سىستېمىسىغا بولغان تەسىرى: ئېفېدرىننىڭ قان تومۇرلارنى تارايتىش تەسىرى نىسبەتەن يۇقىرى بولۇپ، قان شۇڭا بۇرۇن شىللىق پەردىسىنىڭ ئىششىقىغا ئىشلىتىلىدۇ، تارايتىش تەسىرى بولسىمۇ، ئەمما ئىككىلەمچى قان تومۇردىن ئۆتىدىغان قان مىقدارىنى كۆپەيتىدۇ، باش ـ مېڭە ئۇستۇنكى ئارقا ياپرىقى ئاجراتمىسى (پىروگېستىرون پوسېتىرىيور) بىلەن بىرلىشىپ، قان تومۇر بېسىمىنى ئۆرلەتكەن چاغدا، كۆپ مىقداردىكى پىروگېستىرون پوسېتىرىيور كەلتۈرۈپ چىقارغان تاجىسمان قان تومۇر قىسقىراش ۋە يۈرەك تورمۇزلىنىشنى بىر تەرەپ قىلالايدۇ؛ ② مەركىزىي نېرۋا سىستېمىسىغا بولغان تەسىرى: ئېفېدرىن ئەگەر يۇقىرىراق داۋالاش دوزىسىدا ئىشلىتىلسە، مېڭە پوستلىقى ۋە پوستلاق ئاستىدىكى مەركەزلەرنى دەرھال قوزغىتىدۇ، نەتىجىدە روھىي قوزغىلىش، ئۇيقۇسىزلىق، بىئاراملىق، تىترەش قاتارلىق ئالامەتلەر پەيدا بولىدۇ ھەمدە نەپەسلىنىش مەركىزى ۋە قان تومۇرلارنى ھەرىكەتلەندۈرۈش مەركىزىنى قوزغىتىدۇ؛ ③ توغرا يوللۇق مۇسكۇللارغا بولغان تەسىرى: ئېفېدرىننىڭ كانايچىلار توغرا يوللۇق مۇسكۇللىرىنىڭ ئىسپازمىسىنى بوشىتىش تەسىرى بار؛ ④ ئېفېدرىن سۆڭەك مۇسكۇللىرىغا نىسبەتەن چارچاشقا قارشى تۇرۇش تەسىرىنى بېرىدۇ؛ ⑤ باشقا تەسىرى: چاكاندا قان قەنتىنى ئۆرلىتىۋېتىدۇ، لېكىن تەسىرى ئاجىزراق.

www.uyghurkitap.com

# يىگىرمە بىرىنچى باب ئاغرىق پەسەيتكۈچى دورىلار

نېرۋىلارنىڭ زىيادە جىددىيلىك سېزىمىنى پەسەيتىپ، ئاغرىق توختىتىش تەسىرىنى بېرىدىغان دورىلار ئومۇملاشتۇرۇلۇپ، ئاغرىق پەسەيتكۈچى دورىلار دېيىلىدۇ.

ھەر خىل ئىچكى ـ تاشقى سەۋەبلەر (تۈرلۈك كېسەللىكلەرنىڭ ئاسارىتىدىن كېلىپچىققان يەرلىك توقۇلمىلارنىڭ زەخىملىنىشى، رېماتىزم، ھامىلىدارلىقتىن بولغان بەل ئاغرىش، باش ئاغرىش، چىش ئاغرىش، ھۆللۈكتىن بولغان يۈرەك رىتىمسىزلىقى، گال ئاغرىقى قاتارلىقلار) دىن مەركىزىي نېرۋا سىستېمىسى ۋە ئەتراپ نېرۋا سىستېمىسى زىيادە جىددىيلىشىپ، سېزىمى ئېشىپ كېتىش سەۋەبىدىن ئاغرىق كۈچەيتىپ، ئورگانىزمنىڭ نورمال فىزىيولوگىيەلىك خىزمىتى بۇزۇلۇش، ماددا ئالمىشىش قالايمىقانلىشىشتەك ئەھۋاللار كېلىپچىقىدۇ. ۋاقتىدا داۋالىمىغاندا ئېغىر ئاقىۋەت كېلىپچىقىدۇ. ئاغرىق پەيدا بولۇشنىڭ سەۋەبلىرى ھەر خىل بولغاچقا، ئاغرىق پەسەيتكۈچى دورىلارنى ئىشلەتكەندە سەۋەبىگە ئاساسەن مۇۋاپىق تاللاپ ئىشلىتىشكە توغرا كېلىدۇ. ئاغرىق پەسەيتكۈچى دورىلارنىڭ كۆپىنچىسىنىڭ تەبىئىتى قۇرۇق سوغۇق ياكى ھۆل سوغۇق بولىدۇ. بۇ دورىلار نېرۋىنى تىنچلاندۇرۇش، جىددىيلىكنى پەسەيتىش، نېرۋىلارنى قۇۋۋەتلەش، زەخىملەرنى پۈتتۈرۈش، ئاغرىق پەسەيتىش تەسىرىنى بېرىدۇ. ئۇلار تۆگىتاپان، دىبىق، ئەزپاراتىپ، يالپۇز، كۆكنار پوستى، سۆرۈنجان، ئىنەكپىتى ئۇرۇقى، ئىتياڭىقى ئۇرۇقى، زاراڭزا يېغى، قارىكۆز بەدىيان، مۇشكىدانە، بالدىرغان، پىلە قۇرتى مايىقى، يالپۇز جەۋھىرى، چاچراتقۇ، قەنتەرىيۇن، سەبرە، مامىرانچىن، يالغان ئادەمگىياھ، ئۇچار چاشقان مايىقى، كەكرى ئۇرۇ-قى، خەرنۇب، چۆل يالپۇزى، ئاق موم، تۇخۇم ئېقى، مۇدەن يىلتىزى پوستى، پىچانگۇل يىلتىزى، كەپە، كەۋرەك، سۇزاپ ئۇرۇقى، كەرۋىيا، قارىكۆز بەدىيان مايىسى، ياۋا پۇرچاق، شەۋكىران، ئەپيۇن، ئىتياڭىقى يوپۇرمىقى، قاندالا، بىدىمۇشكى، مىئەسائىلە، زەيتۇن يېغى، پەرپىيون، تۆگە يېغى قاتارلىقلار-دىن ئىبارەت.

## تۆگىتاپان

**托给塔帕尼**

(骆驼绨草 luo tuo ti cao)

[باشقا نامى] تۆگىتاپان چۆپى

[لاتىنچە نامى] Zygophyllum oxianum

[ئىنگلىزچە نامى] Dverlord, Zygopyhllum

[تونۇش] بۇ، ئوغرىتكەن ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك تۆگىتاپاننىڭ يەر

ئۈستى چۆپ قىسمىدىن ئىبارەت بولۇپ، «تۆگىتاپان» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ.

[چىقىش ئورنى] تۈزلەڭلىكلەردە، تاغ ئېتىكىدە، بىنەملەردە ياكى يول بويىدا ئۆسىدۇ، رايونىمىزنىڭ ھەممە يەرلىرىدىن تېپىلىدۇ.

[يىغىپ ساقلاش] بۇ ئۆسۈملۈكنىڭ دورىلىق قىسمىنى كۈز پەسلىدە يىغىپ قۇرۇتۇپ، قۇرغاق ئورۇندا ساقلىنىدۇ.

[لايىقلاشتۇرۇلۇشى] ئىلغاپ ساپلاشتۇرۇلىدۇ.

[تەبئىتى] بىرىنچى دەرىجىدە ھۆل سوغۇق.

[خۇسۇسىيىتى] ئاغرىق پەسەيتىش، ھەر خىل زەخمىلەرنى پۈتتۈرۈش خۇسۇسىيىتى بار.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر] باش ئاغرىقى، ھەر خىل زەخمىلىنىش قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. يانتاق شېكىرىدىن ئىككى گىرام، ئادراسماندىن بىر گىرام، تۆگىتاپاندىن ئىككى گىرام ئېلىپ يۇمشاق سوقۇپ، كۈندە ئۈچ قېتىم، ھەر قېتىمدا 1～3 گىرامغىچە ئىچسە، باش ئاغرىقىغا شىپا بولىدۇ.

2. كەتىراچىنىدىن 10 گىرام، كۆيدۈرۈلگەن زەمچىدىن تۆت گىرام، تۆگىتاپاندىن ئىككى گىرام ئېلىپ، سوقۇپ تالقانلاپ يەرلىك ئورۇنغا سېپىپ بەرسە، جاراھەتنى پۈتتۈرىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] 2 ～ 5 گىرامغىچە.

[زىيانلىق تەسىرى] ئۆپكىگە زىيان قىلىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] كەتىرا، ئەرەب يېلىمى.

[ئورۇنباسارى] توشقانقۇلاق.

[ۋەكىل خاراكتېرلىك پىششىق دورا ياسالمىسى] تۆگىتاپان تالقىنى.

## دىبىق

## 达比克

## (桑寄生 seng ji sheng)

[باشقا ئاتىلىشى] مويىزىج، ئەسلى، مويىزىك

[لاتىنچە نامى] Herba Taxillus chinensis

[ئىنگلىزچە نامى] Chinese Taxillus Herb

[تونۇش] بۇ، دىبىق ئائىلىسىدىكى دائىم كۆكىرىپ تۇرىدىغان ئۆسۈملۈك دىبىق بولۇپ، بۇ ئۆسۈملۈكنىڭ قۇرۇتۇلغان غول، شاخ، يوپۇرماقلىرى «دىبىق» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ. (1.21 ـ رەسىم)

[چىقىش ئورنى] ئېلىمىزنىڭ جېجياڭ، جياڭشى، خۇبېي، سىچۈەن، يۈننەن قاتارلىق ئۆلكىلىرىدىن چىقىدۇ.

[يىغىپ ساقلاش] بۇ ئۆسۈملۈكنىڭ دورىلىق قىسمىنى كۈز پەسلىدە يىغىپ قۇرۇتۇپ، قۇرغاق ئورۇندا ساقلىنىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com


دىبىق

[خىمىيەلىك تەركىبى] ئولئانولىك كىسلاتا (Oleanolic acid)، β ـ ئامىرىن (β—amyrin)، سىبىيولوگىيەلىك ئىشقارلار، ئامىنو كىسلاتاسى ۋە فوسفادلىق ياغلاردىن تۈزۈلگەن.

[فارماكولوگىيەلىك تەسىرى] قان توختىتىش، سۈيدۈك ھەيدەش، ۋىرۇس ۋە باكتېرىيەلەرنى ئۆلتۈرۈش، نېرۋىنى تىنچلاندۇرۇش، قاندىكى ماينى چۈشۈرۈش، راكقا قارشى تۇرۇش تەسىرى بار.

[لايىقلاشتۇرۇلۇشى] ئىلغاپ ساپلاشتۇرۇلىدۇ.

[تەبئىتى] بىرىنچى دەرىجىدە قۇرۇق سوغۇق.

[خۇسۇسىيىتى] ئاغرىق پەسەيتىش، يەل ھەيدەش ۋە ھۆللۈكنى يوقىتىش، پەي ۋە سۆڭەكلەرنى چىڭىتىش، ھاملىنى ئاسراش، قان بېسىمىنى چۈشۈرۈش، سۈيدۈكنى راۋان قىلىش خۇسۇسىيەتلىرى بار.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر] رېماتىزم كېسەللىكلىرى، بەل ـ پۇت سىرقىراپ ئاغرىش، پەي ۋە سۆڭەكلەرنىڭ يۇمشاپ يىگلەپ كېتىشى، پۇت ماغدۇرسىزلىنىش، يۇقىرى قان بېسىمى، ھامىلدارلىقتىن بولغان بەل ئاغرىش، ھاملە كۆپ تەۋرەش ياكى ئادەتلەنگەن بويىدىن ئاجراش قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. بوزۇغا، جويۇز، قەلەمپۇر، قارىمۇچ، دىبىقتىن 10 گىرامدىن ئېلىپ يۇمشاق سوقۇپ، تۇخۇم سېرىقى بىلەن زىمات تەييارلاپ، قورساق ۋە بەل ساھەسىگە چاپسا، تۇغۇتلۇق ئاياللارنىڭ تۇغۇتتىن كېيىنكى بەل ئاغرىشلىرىغا شىپا بولىدۇ.

2. موزا، ئاقىرقەرھا، جويۇز، بەدىيان، قارىمۇچ، لاچىندانە ھىندى، قاقىلە، دىبىقتىن 10 گىرامدىن ئېلىپ، چايلىق قىلىپ ئىچىپ بەرسە، بەل، پۇت ـ قوللارنىڭ ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] 24～35 گىرامغىچە.

[زىيانلىق تەسىرى] ئاشقازانغا زىيان قىلىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] مەستىكى، كەتىرا.

[ئورۇنباسارى] پاقىيوپۇرمىقى ئۇرۇقى.

[ۋەكىل خاراكتېرلىك پىششىق دورا ياسالمىسى] چاي دورىلىرى، زىماتلار.

## ئەزپاراتىپ
## 艾孜法尔提比
## (文蛤 wen ge)

[باشقا ئاتىلىشى] ئەزفارەلتىپ، ناخۇن پەرياك

[لاتىنچە نامى] Concha meretrix meretrix

[ئىنگلىزچە نامى] Hard Clam Shell

[تونۇش] بۇ، سۇدا بولىدىغان كىچىك جانلىقلارنىڭ قېپى بولۇپ، تىرناققا ئوخشايدۇ، رەڭگى قىزىل،



ئەزپاراتىپ

ئاقىا مايىل، كۆك، قارا، ھەر خىل رەڭدە بولۇپ، پۇرىقى خۇشبۇي، ئۆزى قاتتىق كېلىدۇ. خەلق ئارىسىدا بۇنى «قۇلۇلە قېپى» دەپمۇ ئاتايدۇ، بۇ قاپ «ئەزپاراتىپ» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ. (2.21 ـ رەسىم)

[**چىقىش ئورنى**] ئېلىمىزنىڭ دېڭىزلىرىدىن چىقىدۇ.

[**يىغىپ ساقلاش**] بىر يىلىنىڭ ھەممە ۋاقتىدا يىغىۋالغىلى بولىدۇ، 4 ~ 10 ـ ئايلاردا ئەڭ كۆپ بولۇپ، يىغىۋالغاندىن كېيىن قۇرۇتۇپ ساقلىنىدۇ.

[**تەبىئىتى**] ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[**خۇسۇسىيىتى**] ئاغرىق پەسەيتىش، تىنچلاندۇرۇش، ئارتۇق ھۆللۈكنى قۇرۇتۇش، ماددىلارنى يۇمشىتىش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە.

[**ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر**] باش ئاغرىقى، بىھوشلۇق، ھۆللۈكتىن بولغان يۈرەك رىتىمسىزلىقى، ئاشقازان كېسىلى، ئاشقازان ۋە بالىياتقۇنىڭ سوغۇقتىن ئاغرىشى، باليياتقۇنىڭ بوغۇلۇپ قېلىشى، كۆپ تەرلەش ھەم سوغۇقتىن بولغان ھەر خىل كېسەللىكلەرگە ئىشلىتىلىدۇ.

[**ئىشلىتىش ئۇسۇلى**]

1. ئەپيۇندىن 0.01 گىرام، بەزرۇلبەنجى، شىنجاڭ بالدىرغىنىدىن ئىككى گىرامدىن، ئەزپاراتىپتىن بەش گىرام ئېلىپ، سوپۇپ قىلىپ ئىچىشكە بەرسە ياكى گۈل يېغى بىلەن مەلھەم قىلىپ باش ساھەسىگە چاپسا، باش ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ.

2. ئەزپاراتىپتىن بەش گىرام، ئەپيۇندىن 0.01 گىرام، ئىتياڭىقى ئۇرۇقىدىن 0.03 گىرام، بەزرۇلبەنجى، ئوسۇك ئۇرۇقىدىن بەش گىرامدىن، كەندىردىن ئۈچ گىرام ئېلىپ، سوپۇپ قىلىپ ئىچىپ بەرسە، ئاغرىق پەسەيتىپ، نېرۋىنى تىنچلاندۇرىدۇ.

[**ئىشلىتىش مىقدارى**] 1~9 گىرامغىچە.

[**زىيانلىق تەسىرى**] ئىسسىقتىن بولغان باش ئاغرىقى ۋە تولغاق كېسىلى بولغانلارغا بېرىشكە بولمايدۇ.

[**تۈزەتكۈچىسى**] باش ئاغرىقىغا سىركەنجىۋىل، تولغاققا گىل ئەرمىنى قوشۇپ بېرىلىدۇ.

[**ئورۇنباسارى**] قەسبۇزەرىرە.

[**ۋەكىل خاراكتېرلىك پىششىق دورا ياسالمىسى**] سوپۇپى ئەزپاراتىپ.

## ياليۇز

## 亚力普孜

(**薄荷**　bo he)

[**باشقا ئاتىلىشى**] فۇدىنەج، سۇئىتەر

[**لاتىنچە نامى**] herba mentha haplocalyx

[**ئىنگلىزچە نامى**] Wild mint Herb

www.uyghurkitap.com

[تونۇش] بۇ، كالپۇكسىمان گۈللۈكلەر ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك يالپۇز بولۇپ، بۇ ئۆسۈملۈكنىڭ پۈتۈن چۆپى «يالپۇز» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ. (3.21 ـ رەسىم)


يالپۇز

[چىقىش ئورنى] مەملىكىتىمىزنىڭ كۆپلىگەن جايلىرىدىن، شىنجاڭدىن، ياۋروپا، شىمالىي ئامېرىكا، ئاۋستىرالىيە، ياپونىيەدىن چىقىدۇ.

[يىغىپ ساقلاش] بۇ ئۆسۈملۈكنىڭ دورىلىق قىسمىنى كۈز پەسلىدە يىغىپ قۇرۇتۇپ، قۇرغاق ئورۇندا ساقلىنىدۇ.

[خىمىيەلىك تەركىبى] ھـۆل يـوپـۇرمىقىنىڭ تەركىبىدە 1%، شېخى ۋە غولىدا 2% ئۇچۇچان ماي بار، مايىنىڭ ئاساسلىق تەركىبى 78%~77% مانىنتول (Menhthol)، 12%~8% مىنتون (menthone) قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.

[فارماكولوگىيەلىك تەسىرى] مانىنتول باش ئاغرىقى ۋە نېرۋا ئاغرىقىنى توختىتىدۇ. تېرىگە ئىشلىتىلسە، ئاۋۋال سوغۇق سېزىم بولىدۇ، كېيىن كۆيگەندەك سېزىم بېرىدۇ، ئىسپىرتلىق ئېرىتمىسى چىرىشكە قارشى تۇرىدۇ.

[لايىقلاشتۇرۇلۇشى] ئىلغاپ ساپلاشتۇرۇلىدۇ، قۇرۇتۇپ ساقلىنىدۇ.

[تەبىئىتى] ئۈچىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى] ھەزىمنى ياخشىلاش، ئىشتىھانى ئېچىش، يەل ھەيدەش، سۈيدۈك ھەيدەش، ئاغرىق توختىتىش، قورساق ئېسىلىشنى يوقىتىش، باھنى قۇۋۋەتلەش، چىرىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش، زەھەر قايتۇرۇش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر] ئاشقازان ئاجىزلىقى، ئىشتىھاسىزلىق، قۇسۇش، كۆڭۈل ئېلىشىش، يۇقۇملۇق ئىچ سۈرۈش، ئىسھال قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىشتىن باشقا، يەنە يۈزدىكى سەپكۈنلەرنى يوقىتىش، مۇشۇك، چايان قاتارلىق ھاشارات چاققان يەرلەرنىڭ ئاغرىقىنى توختىتىش ئۈچۈنمۇ ئىشلىتىلىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا يەلتاشما، بۇرۇن، قۇلاق ۋە باشقا ئەزالاردا پەيدا بولغان قۇرتنى ئۆلتۈرۈش ئۈچۈنمۇ ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. يالپۇزنى داۋاملىق يەپ بەرسە، ھەزىمنى ياخشىلايدۇ، يۇقۇملۇق ئىچ سۈرۈش تارقىلىشىنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ.

2. 10 گىرام يالپۇزنى سىركە بىلەن ئېزىپ يۈزگە چاپسا، يۈزدىكى داغنى ئالىدۇ.

3. يەتتە گىرام يالپۇزنى سىركە بىلەن ئېزىپ سۈركىسە، مۇشۇك چىشلىگەن، چايان قاتارلىق ھاشاراتلار چاققان يەرلەرنىڭ ئاغرىقىنى توختىتىدۇ.

4. 10 گىرام يالپۇزنىڭ يوپۇرمىقىنى سىقىپ سۈيىنى تېمىتسا، بۇرۇن، قۇلاق ۋە باشقا ئەزاغا

چۈشكەن قۇرتنى يوقىتىدۇ ھەم قۇلاق ئېغىرلىقىنى يوق قىلىدۇ.

5. يەتتە گىرام يالپۇز يوپۇرمىقىنىڭ سۈيىنى ئەرقى گۈلاب بىلەن قوشۇپ ئىچسە، يەلتاشمىغا پايدا قىلىدۇ ياكى قايىنىتىپ سۈيىنى ئىچسە، نەپەس قىيىنلىشىش، غەيرىي تەبىئىي بەلغەم ۋە سەۋدا خىلتىدىن بولغان قىزىتمىلارغا پايدا قىلىدۇ.

6. 10 گىرام يالپۇز ئۇسارىسىنى ياكى ئۆزىنى ھەسەل بىلەن قوشۇپ ئىچسە، ھەيزنى راۋانلاشتۇرىدۇ ھەم سېرىقئەتنىڭ يېرىلىشىغىمۇ پايدا قىلىدۇ.

7. بەش گىرام يالپۇز سۈيىنى ئانار شەربىتى بىلەن قوشۇپ ئىچسە، كۆڭۈل ئېلىشىش ۋە قۇسۇشقا پايدا قىلىدۇ.

8. يالپۇز يوپۇرمىقىنى داكىغا ئوراپ ھەمەل قىلسا، ھەيزنى راۋانلاشتۇرىدۇ.

9. 10 گىرام يالپۇزنى شاراب بىلەن پىشۇرۇپ چاپسا، قارا داغنى ئالىدۇ. توققۇز كۆز ئاغرىقى ئۈچۈن پايدا قىلىدۇ.

10. يالپۇزنى ئېزىپ خېمىر قىلىپ، زەھەرلىك ھاشارات چاققان يەرگە چاپسا، زەھەرنى تارتىپ ئالىدۇ.

11. يالپۇزنى يۇمشاق ئېزىپ، قۇرتلاپ كەتكەن ئورۇنغا قويسا، قۇرتلارنى ئۆلتۈرىدۇ.

12. يالپۇزدىن ئەرەق تارتىپ ئىچىپ بەرسە، ئىشتىھانى ئېچىدۇ. ھەزىمنى ياخشىلايدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] 5 ～ 10 گىرامغىچە.

[زىيانلىق تەسىرى] ئىسسىقچان كىشىلەرنىڭ بېشىنى ئاغرىتىدۇ، ئۆپكىگە قۇرۇقلۇق يەتكۈزىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] مېۋە سۈلىرى، سىركەنجۇبىل، كەتىرا.

[ئورۇنباسارى] قەردمانە.

[ۋەكىل خاراكتېرلىك پىششىق دورا ياسالمىسى] جاۋارىش پۇدىنە، ئەرقى پۇدىنە.

## كۆكنار پوستى

## 扩克那尔破斯提

## (罂粟壳 ying su ke)

[باشقىچە نامى] قەشرۇل خەشخاش، پوستى خەشخاش، خەشخاش كى چال

[لاتىنچە نامى] pericarpium papaveris somniferum

[ئىنگلىزچە نامى] opium poppy peel

[تونۇش] بۇ، ئەپيۇنگۈل ئائىلىسىدىكى بىر يىللىق ياكى ئىككى يىللىق سامان غوللۇق كۆكنارنىڭ پىشقان غوزا مېۋىسىنىڭ قۇرۇتۇلغان پوستى بولۇپ، بۇ ئۆسۈملۈكنىڭ پوستى «پوستى خەشخاش»، ئۇرۇقى «تۇخۇمى خەشخاش» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ. مېۋە پوستى قاتتىق ھەم چۇچۇك، ياغاچلىق كېلىدۇ، رەڭگى ئاق سېرىق، ئۆزى چىڭ پوستى قېلىن بولغانلىرى ياخشىدۇر. (4.21 - رەسىم)

[چىقىش ئورنى] ھىندىستان، چېخسلوۋاكىيە، رۇسىيە، تۈركىيە، بۇلغارىيە، ياپونىيە قاتارلىق جايلار.

www.uyghurkitap.com

دىن چىقىدۇ.



كۆكنار

[يىغىپ ساقلاش] مېۋىسى تېخى تولۇق پىشمىغان، مېۋە پوستى يېشىل رەڭدە تۇرغان ياكى سەل سارغايغان چاغدا ئەپيۈن تىلىپ ئېلىنغاندىن كېيىن كۆكنار غوزىكى ئۈزۈپ ئېلىنىپ، ئۇرۇقى ئېلىۋېتىلىپ قۇرۇتۇلىدۇ.

[خىمىيەلىك تەركىبى] خەشخاش پوستىنىڭ تەركىبىدە مورفىن (morphine) ، كودېئىن (Codeine) ، تېبائىن (Thebaine) ، ناركوتىن (narcotine) ، خەشخاش پوستى ئىشقارى (Narcootoline) ، كۆكنار ئىشقارى (Papauerine) قاتارلىقلار بار.

[فارماكولوگىيەلىك تەسىرى] ئاغرىق توختىتىش، ئۇخلىتىش، نەپەسلىنىشنى تورمۇزلاش، يۆتەل توختىتىش تەسىرى بار؛ يۈرەك قان تومۇر سىستېمىسىغا تەسىرى بار؛ ھەزىم قىلىش يوللىرى ۋە باشقا سىلىق مۇسكۇللۇق ئەزالارغا تەسىرى بار.

[لايىقلاشتۇرۇلۇشى] ئىلغاپ ساپلاشتۇرۇلىدۇ.

[تەبىئىتى] بىرىنچى دەرىجىدە قۇرۇق، ئىككىنچى دەرىجىدە سوغۇق.

[خۇسۇسىيىتى] مەست قىلىش، ئۇيقۇ كەلتۈرۈش، ئاغرىق پەسەيتىش، قان توختىتىش، ئىچ سۈرۈشنى توختىتىش، باھنى قۇۋۋەتلەش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر] ئىچ سۈرۈش، ئۇيقۇسىزلىق، يۆتەل، زۇكام، نەزلە، قان تۈكۈرۈش، ئۆپكە قاناش، باش ئاغرىقى، گال ئاغرىقى، باھ ئاجىزلىقى قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. گاۋزىباندىن 10 گىرام، كۆكنار پوستىدىن يەتتە گىرام، بادام مېغىزىدىن 10 گىرام، ناۋاتتىن 15 گىرام ئېلىپ، قائىدە بويىچە سۇفۇپ تەييارلاپ ئىچسە، ئۇيقۇسىزلىققا مەنپەئەت قىلىدۇ.

2. كەتىرادىن 10 گىرام، ئەرەب يېلىمىدىن يەتتە گىرام، زۇپا، پىرسىياۋشاندىن سەككىز گىرامدىن، كۆكنار پوستىدىن يەتتە گىرام، شېكەردىن 60 گىرام ئېلىپ، قائىدە بويىچە قايناتما تەييارلاپ ئىچسە، قان تۈكۈرۈش، يۆتەل قاتارلىقلارغا مەنپەئەت قىلىدۇ.

3. كۆكنار پوستىدىن 10 گىرام، سۆئلەپ مىسرىدىن يەتتە گىرام، تۇخۇم سېرىقىدىن بەش گىرام ئېلىپ، قائىدە بويىچە سۇفۇپ تەييارلاپ ئىچسە، باھ ئاجىزلىقىغا مەنپەئەت قىلىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] 4 ~ 12 گىرامغىچە.

[زىيانلىق تەسىرى] مېڭىگە ۋە سوغۇق مىزاجلىقلارغا زىيان قىلىدۇ، ئۆپكە كېسىلى بارلارغا ياخشى ئەمەس.

[تۈزەتكۈچىسى] بەدىيان، ھەسەل، مەستىكى، شېكەر.

[ئورۇنباسارى] ياۋا كاھۇ.

[ۋەكىل خاراكتېرلىك پىششىق دورا ياسالمىسى] شەربىتى خەشخاش، لوئوقى سەرپىستان، لوئوقى خەشخاش.

# سۆرۈنجان مىسرى

## 苏仁江

(秋水仙 qiu shui xian)

[**باشقىچە نامى**] سۆرۈنجان، سۆرۈنجان مىسرى، سۆرۈنجان ھەلۋ، سۆرۈنجان شىرىن، مىتا سۆرۈنجان

[**لاتىنچە نامى** ]Colchicum alutumnale

[**ئىنگلىزچە نامى** ]Colchicum

[**تونۇش**] بۇ، گۈلسامساق ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك سۆرۈنجان بولۇپ، بۇ ئۆسۈملۈكنىڭ تەڭگىسىمان يىلتىزى «سۆرۈنجان» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ. سۆرۈنجان تۇخۇمسىمان تىمىنە شەكىللىك بولۇپ، سىرتقى يۈزى كۈل رەڭگە مايىل سارغۇچ ئاق رەڭلىك ياكى سۇس قوڭۇرغا مايىل سېرىق رەڭلىك، بەزىسىدە ئۇششاق، زىچ، ئۇزۇن سىزىقچىلار كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ، ئازراق قاتتىق بولۇپ، ئاسان سۇنىدۇ، سۇندۇرۇلغان يۈزى ئاق ياكى سۇس كۈل رەڭگە مايىل سېرىق رەڭلىك، تالقانسىمان بولۇپ، شەكلى سامساق چىشىغا ئوخشايدۇ. تەمى ئاچچىق، پۇرىقى سەل خۇش پۇراق. (21.5 ـ رەسىم)



سۆرۈنجان ئۆسۈملۈكى

[**چىقىش ئورنى**] ياۋروپا، ئەنگلىيە، ئىرلاندىيە، رۇسىيە، ئىتالىيە، ئوتتۇرا دېڭىز بويلىرى، قارا دېڭىز بويلىرى ۋە ئافرىقا ئەللىرىدىن چىقىدۇ.

[**يىغىپ ساقلاش**] كۈز پەسلىدە يىغىۋېلىپ تازىلاپ قۇرۇتۇپ ساقلىنىدۇ.

[**خىمىيەلىك تەركىبى**] يىلتىزى، ئۇرۇقى ۋە پۈتۈن چۆپى تەركىبىدە سۆرۈنجان ئىشقارى كولخىتسىن (Colchicine)، كولخامىن (Colchamine)، كولخىتسېلىن (Colchinelene)، كولخىتسىنامىد (Colchininamide)، كولخىكوزىد (Colchicosie) قاتارلىقلار بار.

[**فارماكولوگىيەلىك تەسىرى**] سۆرۈنجان ئىشقارى (كولاخىتسىن) ھۈجەيرە زەھەرلىگۈچى تەسىرگە ئىگە. ھۈجەيرىلەرنىڭ ئۆسۈشىنى تورمۇزلايدۇ، يەرلىك بوغۇم ئۆتكۈر خاراكتېرلىك قوزغىلىشىغا نىسبەتەن ئالاھىدە تەسىرى بار. 12 ～ 24 سائەت ئىچىدە ياللۇغنى يەڭگىللىتىدۇ ھەمدە تېزلا ئاغرىق توختىتىدۇ.

مەركىزىي نېرۋا سىستېمىسىنى تورمۇزلايدۇ. بولۇپمۇ يۈرەك مۇسكۇلىغا ئاكتىپ تەسىر كۆرسىتىدۇ. يۆتەل پەسەيتىش رولىمۇ بار. زامانىۋى تەتقىقاتچىلار سۆرۈنجاننىڭ راكقا قارشى ئۈنۈمى بارلىقىنى ئىسپاتلىدى. ھازىر غەرب تېبابىتىدە سۆرۈنجاننىڭ ياسالمىسى بىلەن بىر قىسىم راك كېسەللىرى داۋالانماقتا، يەنە مەزكۇر دورىنىڭ ئۆتكۈر نۇقرەس (ئۇششاق بوغۇملار ياللۇغى) كە قارىتا كۆرۈنەرلىك شىپالىق ئۈنۈمى بار.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

[لايىقلاشتۇرۇلۇشى] ئىلغاپ ساپلاشتۇرۇلىدۇ.
[تەبىئىتى] ئۈچىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.
[خۇسۇسىيىتى] ئاغرىق توختىتىش، ئىششىق ياندۇرۇش، غەيرىي تەبىئىي خىلتلارنى سۇرۇش، سىرىقلىقنى تارقىتىش، سۈيدۈك ھەيدەش، باھنى قۇۋۋەتلەش خۇسۇسىيىتى بار.
[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر] بوغۇم ئاغرىقى، پۇت ـ قول ئاغرىقى، سىرىقلىق چۇشۇش، تال ئاغرىقى، ئولتۇرغۇچ نېرۋا ئاغرىقى، باھ ئاجىزلىق، بۇۋاسىر كېسەللىكلىرىگە ئىشلىتىلىدۇ.
[ئىشلىتىلىش ئۇسۇلى]
1. سۆرۈنجان مىسرى، شەترەنجى ھىندى، بابۇنە، سانائى مەككى قاتارلىقلارنىڭ ھەربىرىدىن 10 گىرام ئېلىپ، سۇفۇپ تەييارلاپ ئىچىپ بەرسە، بوغۇم ئاغرىقى، ئولتۇرغۇچ نېرۋا ئاغرىقىغا مەنپەئەت قىلىدۇ.
2. سۆرۈنجان مىسرى بىلەن سانائى مەككىدىن 10 گىرامدىن ئېلىپ يۇمشاق سوقۇپ، بىر دانە تۇخۇمنىڭ ئېقى بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ يەرلىك ئورۇنغا چاپسا، پۇت ـ قول ئاغرىقى ھەم پۇت ـ قول ئىششىقلىرىغا مەنپەئەت قىلىدۇ.
[ئىشلىتىلىش مىقدارى] 2 ～ 3 گىرامغىچە.
[زىيانلىق تەسىرى] ھەزىمنى بۇزىدۇ، جىگەرگە زىيانلىق.
[تۈزەتكۈچىسى] كەتىرا، پىننە، بەدىيان، زەپەر.
[ئورۇنباسارى] شەترەنجى ھىندى يېرىم ھەسسە مۇقەل، خېنە.
[ۋەكىل خاراكتېرلىك پىششىق دورا ياسالمىسى] ھەببى سۆرۈنجان، مەجۇنى سۆرۈنجان، مەتبۇخى سۆرۈنجان.
[قوشۇمچە] بەزى تېببىي كىتابلاردا «سۆرۈنجان شىرىن» ۋە «سۆرۈنجان تەلخ» دەپ ئىككى خىل سۆرۈنجان بايان قىلىنغان. پاكىستانلىق ھېكىم سەييىدى ئېلى تەرىپىدىن تۈزۈلگەن ئوردۇچە «يۇنانى ئەدۋىيە مۇفرەدە» كىتابىدا تونۇشتۇرۇشلاردا، ئىلگىرى ئىتالىيەنىڭ كالىچەك دېگەن يېرىدىن چىقىدىغان «colchicum autumnale» دېگەن ئۆسۈملۈك سۆرۈنجان نامىدا ئىشلىتىلگەن. 19 ـ ئەسىردە ھىندىستاندا دورا ئۆسۈملۈكلىرىنى ئۆلچەملەشتۈرۈش جەريانىدا كەشمىر رايونلىرىدىن «Cholchium Luteum» ، «سىرىق سۆرۈنجان» ناملىق بىر خىل ئۆسۈملۈك تېپىلغان. تەتقىق قىلىش ئارقىلىق بۇنىڭ ئۆسۈملۈكى، خۇسۇسىيەتلىرى ۋە تەسىرى جەھەتتە يۇقىرىقى سۆرۈنجان بىلەن ھېچقانداق پەرقى يوقلۇقى ئېنىقلانغان. شۇڭا يۇقىرىقى ئىككى خىل ئۆسۈملۈك 20 ـ ئەسىرگىچە سۆرۈنجان نامى بىلەن ئاتالغان ۋە ئىشلىتىلگەن. لېكىن 20 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا ئەرەب مەملىكەتلىرىدىن «merendra persica» دېگەن ئۆسۈملۈكنىڭ يىلتىزى «سۆرۈنجان شىرىن» نامى بىلەن ئىمپورت قىلىنغان، بۇ خىل «سۆرۈنجان سىرىنىن» نىڭ يۇقىرىقى سۆرۈنجان بىلەن ئۆسۈملۈك جەھەتتە ھېچقانداق مۇناسىۋىتى يوق، ئۇنىڭ شەكلىمۇ ئوخشىمايدۇ، بۇ ھەقتە تەتقىق قىلىشقا ئەرزىيدۇ، دېيىلگەن. شۇنىڭ ئۈچۈن «سۆرۈنجان شىرىن» دېگەن نامنىڭ قانداق قويۇلغانلىقى ھەققىدە ئېنىق مەلۇمات يوق. بۇ ھەقتە ماتېرىيال ئاساسىمىز بولمىغاچقا، سۆرۈنجان شىرىن ھەققىدە تونۇشتۇرۇش قىلمىدۇق. سۆرۈنجان دېيىلسە يۇقىرىقى لاتىنچە نام بىلەن يېزىلغان سۆرۈنجان كۆزدە تۇتۇلىدۇ، بۇ «سۆرۈنجان تەلخ» دەپ ئاتىلىدۇ، بۇنىڭدىن كېيىن يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ تەتقىق قىلىش زۆرۈر.

# ئىنەكپىتى ئۇرۇقى
# 衣乃克皮提欧如合
## (蓖麻子 bi ma zi)

[باشقىچە نامى] ھەببى خىرو، تۇخۇمى بىدەئەنجىر، تۇخۇمى ئارەندە

[لاتىنچە نامى] Semen Ricinus cummunis

[ئىنگلىزچە نامى] Castor bean



ئىنەكپىتى ئۈسۈملۈكى

[تونۇش] بۇ، يالمانقۇلاق ئائىلىسىدىكى بىر يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك ئىنەكپىتى ئۇرۇقى بولۇپ، خەلق ئارىسىدا بۇ «ئىنەكپىتى»، «ئىلمەك پۇشتى» ياكى «ئىنەكپۇشتى» دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ ئۆسۈملۈكنىڭ يوپۇرمىقى «بەرگى بىدەئەنجىر»، ئۇرۇقى «تۇخۇمى بىدەئەنجىر» يېغى «رەۋغەنى بىدەئەنجىر» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ. قۇرۇتۇلغان ئۇرۇقى ياپىلاق بولىدۇ، ئۇرۇق پوستىدا سىلىق، پارقىراق، قىزىلغا مايىل قوڭۇر رەڭدىكى ئالىتاغىل سىزىقچىلار بار. ئۆزى قاتتىق ھەم چۇرۇك، پۇرىقى ئاز، رەڭگى قىزىلغا مايىل بېغىر رەڭلىك، پارقىراق بولغانلىرى ياخشىسى ھېسابلىنىدۇ (زەھەرلىك). (21.6 ـ رەسىم)

[چىقىش ئورنى] مەملىكىتىمىزنىڭ، جۇملىدىن شىنجاڭنىڭ كۆپ جايلىرى، ئافرىقا، ھىندىستان قاتارلىق ئەللەردىنمۇ چىقىدۇ.

[يىغىش ساقلاش] كۈزدە مېۋىسى پىشىپ قوڭۇر رەڭگە كىرىپ، مېۋە پوستى يېرىلمىغان چاغدا بىرقانچە قېتىم يىغىۋېلىپ، قۇرۇتۇپ، مېۋە پوستىنى چىقىرىۋېتىپ ساقلىنىدۇ.

[خىمىيىلىك تەركىبى] ئىنەكپىتى مېيىدىن ئىبارەت بولۇپ، تەخمىنەن 50%~30 كىچە ماي چىقىدۇ. كۇنجۇرىسىدە رېتسىن نامىلىق ئىنەكپىتى ئىشقارى، رېتسىن قاتارلىق زەھەرلىك ئاقسىلى (Ricine) ياكى ياغ فېرمېنتى، لىفازا قاتارلىقلار بار. يوپۇرمىقىدا كىمپفېرول (Kaemp ferol)، كېمپفېرول 3 ـ روتىنوزىد (Kaemferol — 3 — rutinoside)، رۇتىن (Rutin)، ئاستراگالىن (Astragalin)، زەھەرلىك ئالكالوئىدتېسىن 275 مىللىگرام، ۋىتامىن C قاتارلىقلار بار. يوپۇرماق يېغىنىڭ ماي كىسلاتاسى تەركىبىدە 25%~7% كىچە ئاتسىدوم لىنولېنوكوم، 44% (Lino lenid acid) ياغ كىسلاتاسى، ئاتسىدروم ئولىكوم (ileic acid) ۋە باشقا تويۇنغان ماي كىسلاتالىرى ھەم 12.25% زىغىر كىسلاتالىرى بار.

[فارماكولوگىيەلىك تەسىرى] ئۇرۇقىنىڭ تېڭىلمىسى تېرە كالا ئازار كېسىلى يارىلىرىغا، قاپاق ياللۇغىغا ئىشلىتىلىدۇ، كۆزگە كىرىپ قالغان غىدىقلىغۇچى ماددىلارنى چىقىرىشقا ئىبرىتكۈچى قىلىنىدۇ، يەنە جىنسىي يول ۋە بالىياتقۇ بويىنىنىڭ كېسەللىكلىرىگە ئىشلىتىلىدۇ.

[لايىقلاشتۇرۇلۇشى] خېمىرغا ئوراپ پىشۇرۇپ زەھەرسىزلەندۈرىدۇ.

[تەبىئىتى] تۆتىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى] تىنچلاندۇرۇش، پەي ـ مۇسكۇللارنى يۇمشىتىش، ئىچىنى سۈرۈش، ماددىلارنى تارقى-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

تىش، غەيرىي تەبىئىي بەلغەم ۋە سەۋدانى سۈرۈش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر] غەيرىي تەبىئىي بەلغەم ۋە سەۋدادىن بولغان كېسەللىكلەردە سۈرگە ئورنىدا ئىشلىتىلىدۇ. شۇنداقلا لەقۋا (يۈز پالچى)، پالەچ، يۆتەل، زىققە، قەۋزىيەت، ئۈچەي مەنبەلىك قورساق ئاغرىقى، باش ئاغرىقى، بوغۇم ئاغرىقى، ئىستىسقا، سەكتە قاتارلىق كېسەللىكلەرگە ئىشلىتىلىدۇ. مېغىزى قەۋزىيەت، ھەيز تۇتۇلۇش، بالا ھەمراھى چۈشمەسلىك، سۆگەل قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. ئىنەكپىتى يوپۇرمىقىنى ياغ بىلەن ياغلاپ ياكى ئۇنى دۈملەپ پىشۇرۇپ، بەدەن كۆيمىگىدەك قىزىق ھالدا تېڭىلسا، بوغۇم ئاغرىقىغا مەنپەئەت قىلىدۇ.

2. ئۇبھەل، خىيارشەنبەر، سانا قاتارلىقلارنىڭ ھەربىرىدىن 10 گىرام، ئىنەكپىتى ئۇرۇقىدىن 2.0 گىرام، زاراڭزا يېغىدىن 10 مىللىلىتىر ئېلىپ، قايناتما تەييارلاپ ئىچىپ بەرسە، ھەيز ماڭدۇرۇپ، بالا ھەمراھىنى چۈشۈرىدۇ.

3. سۆرۈنجان، قۇستە، ئاقىرقەرھا قاتارلىقلارنىڭ ھەربىرىدىن 10 گىرام، ئىنەكپىتى ئۇرۇقىدىن ئىككى گىرام ئېلىپ، مەلھەم تەييارلاپ يەرلىك ئورۇنغا چاپسا، بوغۇم ئاغرىقى، مۇپاسىل، پالەچكە مەنپەئەت قىلىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] 1 ~ 2 گىرامغىچە.

[زىيانلىق تەسىرى] ئازراق زەھەرلىك بولۇپ، ئىشتىھانى، ئاشقازاننى سۇسلاشتۇرىدۇ، كۆڭۈل ئېلىشىش، قۇسۇش پەيدا قىلىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] كەتىرا، مەستىكى، پىننە.

[ئورۇنباسارى] دەند (ھەببۇلمۇلۇك).

[ۋەكىل خاراكتېرلىك پىششىق دورا ياسالمىسى] ئەنقەروياىئى سەغىر، ئەنقەروياىئى كەبىر.

[ئىزاھات] تېبابەتلىرىمىزدە سۈرگە ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان ئەرەبچە ھەببۇلمۇلۇك يەنى «دەند» ياكى «ھەببى سالاتىن» دەپ ئاتىلىدىغان يەنە بىر خىل دورا بار، بەزى كىشىلەر ئىنەكپىتى ئۇرۇقىنى خاتا ھالدا «ئابدىلمىلىك ئۇرۇقى» بىلەن ئالماشتۇرۇپ قويىدۇ، شۇڭا بۇ ئۇرۇقنى «ئابدىلمىلىك ئۇرۇقى» دەپ ئاتاش توغرا ئەمەس.

## ئىتياڭىقى ئۇرۇقى
## 衣提洋克欧如合
(曼陀罗子　man tuo luo zi)

[باشقا ئاتىلىشى]بەزرۇل جوز ماسىل، تۇخۇمى دەھتۇرە

[لاتىنچە نامى ]Semen Datura stramonium

[ئىنگلىزچە نامى ]Jimsonweed seed

[تونۇش] بۇ، پىدىگەن ئائىلىسىدىكى ئۆسۈملۈك ئاق گۈللۈك ئىتياڭىقى ياكى تۈكلۈك ئىتياڭىقىنىڭ

مېۋىسى ياكى ئۇرۇقىدىن ئىبارەت بولۇپ، مېۋىسى شار شەكىللىك، ئۇرۇقى بۆرەك شەكىللىك ياپىلاق، قوڭۇر رەڭلىك بولىدۇ. تەمى قېرىق، پۇرىقى سۇس كېلىدۇ (زەھەرلىك). (21.7 ـ رەسىم)

[**چىقىش ئورنى**] شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ كۆپلىگەن جايلىرىدىن ھەم ئافرىقا، ھىندىستان قاتارلىق ئەللەردىن چىقىدۇ.

[**يىغىپ ساقلاش**] بۇ ئۆسۈملۈكنىڭ مېۋىسى پىشقاندىن كېيىن، قۇرۇتۇپ ئۇرۇقىنى يىغىۋېلىپ، پاكىز تازىلاپ، قۇرۇق ھەم سالقىن جايدا ساقلىنىدۇ.



ئىتياغىقى ئۆسۈملۈكى

[**خىمىيەلىك تەركىبى**] ئاق گۈللۈك ئىتياغىقى مېۋىسىنىڭ ھەرقايسى قىسمىنىڭ تەركىبىدە ئالكولوئىد بار، ئۇرۇقى تەركىبىدە ئاز مىقداردا ئومۇمىي ئالكولوئىد بار. بۇ ئاساسلىقى، ھىئوسىيامىن (Hyoseymine)، ھىئوسىن (Hyoscine) ۋە ئاز مىقداردا ئاتروپىنلاردىن ئىبارەت.

توكلۇك ئىتياغىقى ئۇرۇقىنىڭ تەركىبىدە يېرىم پىرسەنت ئومۇمىي ئالكولوئىد بار، بۇ ئاساسلىقى ھىئوسىيامىن ۋە ھىئوسىنلاردىن ئىبارەت.

پىشقان مېۋىسىنىڭ پوستىدا 100 مىللىلىتىر ئالما كىسلاتاسى بار. ياۋروپا ئىتياغىقى مېۋىسىنىڭ ۋە ئۇرۇقىنىڭ تەركىبىدە يېرىم پىرسەنت ئومۇمىي ئالكولوئىد بار. مېۋە پوستىدا ئازراق ئاتروپىن بار. ئۇرۇقىنىڭ ئالكولوئىدى ئىچىدە ئاتروپىن، ھىئوسىن، ھىئوسىيامىن ۋە تىروپىن قاتارلىقلار بار. ئۇنىڭدىن باشقا ئۇرۇقىنىڭ تەركىبىدە 25% ياغلىق ماي بار. سۆسۈن رەڭلىك ئىتياغىقى ئۇرۇقى تەركىبىدە ئازراق ئومۇمىي ئالكائوئىد بار. بۇ ئاساسلىقى، ئاتروپىن يەنە ھىئوسىن قاتارلىقلاردۇر. لېكىن يەنە باشقا مەلۇتلارغا قارىغاندا، بۇ خىل ئالكولوئىدلار ئاساسلىقى مېۋە ئېتىدە بولۇپ، تۆرەلمىسى، تۆرەلمە سۇتى، ئۇرۇقى، پوستى ۋە مېۋە پوستى ئىچىدە ئالكولوئىد مەۋجۇت بولمايدىكەن، ئۇرۇقىنىڭ تەركىبىدە 24% ماي بار.

[**فارماكولوگىيەلىك تەسىرى**] تەركىبىدىكى مىڭدىۋانە ئىشقارى ھىئوسىيامىن تەسىر پەيدا قىلغۇچى ئاساسىي تەركىب بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇ مەركىزىي نېرۋا سىستېمىسىغا نىسبەتەن چوڭ مېڭىنى تورمۇزلايدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا مەلۇم دەرىجىدە ئاغرىق پەسەيتىدۇ. دورىلارنىڭ تەسىر كۈچىنى ئاشۇرىدۇ، مەست قىلىدۇ.

[**لايىقلاشتۇرۇلۇشى**] خېمىرغا ئوراپ پىشۇرۇپ زەھەرسىزلەندۈرىدۇ.

[**تەبىئىتى**] تۆتىنچى دەرىجىدە قۇرۇق سوغۇق.

[**خۇسۇسىيىتى**] ئاغرىق پەسەيتىش، تىنچلاندۇرۇش، مەست قىلىش، ئىسپازمىنى بوشىتىش، ئىچ سۈرۈشنى توختىتىش، تۇتۇش (قابىزلىق)، باھنى قوۋۋەتلەش، ئۇيقۇ كەلتۈرۈش، ئىششىق ياندۇرۇش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە.

[**ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر**] نەزلە، زۇكام، باش ئاغرىقى، ئۇيقۇسىزلىق، مەنىي بالدۇر يۈرۈپ

كېتىش، بوۋاسىر، ئاقما جاراھەت، غەلۋىرەك، چىش مىلىكلىرى ئىششىقى قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.
[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]
1. ئەپيۇندىن 0.01 گىرام، ئىتياقىقى ئۇرۇقىدىن 0.03 گىرام، بەزرۇلبەنجى، كاھۇ ئۇرۇقىدىن بەش گىرام، كەندىردىن ئۈچ گىرام ئېلىپ، سۇفۇپ تەييارلاپ ئىچىپ بەرسە، ئاغرىق پەسەيتىپ، نېرۋىنى تىنچلاندۇرىدۇ.
2. ئاقاقىيا، ئەنجىبار، خۇنسىياۋشان، ئىتياقىقى ئۇرۇقى قاتارلىقلارنىڭ ھەربىرىدىن 0.01 گىرام ئېلىپ، سۇفۇپ قىلىپ جاراھەتلەرگە سېپىپ بەرسە، قان توختىتىپ، جاراھەت پۈتتۈرىدۇ.
3. بەش گىرام ئىتياقىقى ئۇرۇقىنى يېرىم لىتىر سۇدا 1/3 قىسمى قالغۇچە قاينىتىپ، سۈزۈپ، 50 گىرام ۋاسالغۇنى يەنە سۇدا قاينىتىپ سۈيىنى ئاپتاپتا قۇرۇتۇپ، ھەر كۈنى يېرىم گىرامدىن ئىستېمال قىلسا، يۆتەل، دېمى سىقىلىش ۋە باشقا ئاغرىقلاردا ياخشى ئۈنۈم بېرىدۇ.
[ئىشلىتىش مىقدارى] كىچىك باللارغا بېرىلمەيدۇ، چوڭلارغا 0.1 گىرام.
[زىيانلىق تەسىرى] مىقداردىن ئارتۇق يېسە جۆيلۈيدۇ، ساراڭلىق پەيدا قىلىدۇ، ھەتتا ئۆلتۈرۈپ قويىدۇ. شۇڭا بۇنى زەھەرسىزلەندۈرمەي ئىشلىتىشكە بولمايدۇ.
[تۈزەتكۈچىسى] قارىمۇچ، بەديان، سۈت.
[ئورۇنباسارى] بەزرۇلبەنجى.
[ۋەكىل خاراكتېرلىك پىششىق دورا ياسالمىسى] ھەببى شىپا.
[زەھەرسىزلەندۈرۈش ئۇسۇلى] مۇۋاپىق مىقداردىكى ۋاق ئۇرۇقىنى بىر كېچە - كۈندۈز تۇز سۈيىگە چىلاپ قويۇپ، ئاندىن كېيىن تۇزنى تۆكۈۋېتىپ، نەم ھالدا قازانغا سېلىپ، سۇس ئوتتا ئوبدان قورۇپ ئاندىن ئىشلىتىلىدۇ. يەنە بىر خىل ئۇسۇلى: ۋاق ئۇرۇقىنى مۇۋاپىق مىقداردىكى خەشخاش سۈيىدە قاينىتىپ، نەم ھالدا قازانغا سېلىپ، سۇس ئوتتا ئوبدان قورۇپ ئىشلىتىلىدۇ.

## زاراڭزا يېغى

## 扎让杂也合

## (红花子油 hong hua zi you)

[باشقا ئاتىلىشى] دەھنۇل قۇرتۇم، رەۋغىنى كاپىشە، كوسۇم بىج كى تىل
[لاتىنچە نامى] Oleum carthmus tinctorius
[ئىنگلىزچە نامى] Oil of Safflower seed
[تونۇش]بۇ، مۇرەككەپ گۈللۈكلەر ئائىلىسىدىكى ئۇسۇملۇك زاراڭزىنىڭ قۇرۇتۇلغان مېۋىسىدىن چىقىرىلغان ياغ بولۇپ، جۇۋازدا تارتىش ياكى باشقا زامانىۋى سايماندا ئېلىنىدۇ، رەڭگى سېرىق، خۇش پۇراق، غەيرىي تەم يوق. (8.21 - رەسىم)
[چىقىش ئورنى] شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ كۆپلىگەن جايلىرىدا تېرىپ ئۆستۈرۈلىدۇ.
[يىغىپ ساقلاش] زاراڭزا ئۇرۇقىنى يىغىۋېلىپ، ياغ تارتىش ماشىنىسىدا ئېزىپ يېغى ئېلىنىدۇ. قۇرۇق

قۇتىلاردا ساقلىنىدۇ.



زاراڭزا مايسىسى

[خىمىيەلىك تەركىبى] تەركىبىدە جويۇز كىسلاتاسى، ئاتسىدوم، سېتىر-كوم (Setaric acid)، مىرستىكوم (Mirsitic acid)، قاتتىق ماي كىسلاتا-سى، ئاتسىدروم پالمىتكوم (Cpaititic acid) قاتارلىقلار بار.

[لايىقلاشتۇرۇلۇشى] ئۇرۇقنى ئېلىپ ساپلاشتۇرۇلىدۇ.

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى] ئاغرىق پەسەيتىش، سۈيدۈك ۋە ھەيزنى راۋانلاشتۇ-رۇش، يەل ھەيدەش، بەلغەم بوشىتىش خۇسۇسىيىتى بار.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر] چوڭ بوغۇملار ئاغرىقى (مۇپاسىل)، سۈيدۈك كەلمەسلىك ۋە ھەيز توسۇلۇش، قىچىشقاقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. ئۇبھەل، سېرىقچېچەك، خىيارشەنبەر قاتارلىقلاردىن 10 گىرام، زاراڭزا يېغىدىن يەتتە مىللىلىتىر ئېلىپ مەتبۇخ تەييارلاپ ئىچسە، ھەيزنى راۋان قىلىدۇ.

2. گۇڭگۇرت سېرىقىدىن ئۈچ گىرام، چۆپچىن ۋە شاھتەررىدىن 10 گىرامدىن زاراڭزا يېغىدىن 10 مىللىلىتىر ئېلىپ، مەلھەم تەييارلاپ يەرلىك ئورۇنغا چېپىپ بەرسە، قىچىشقاقنى شىپا قىلىدۇ.

3. ئوغرىتىكەن، تەرخەمەك ئۇرۇقى، كاكىنەچ قاتارلىقلاردىن 10 گىرامدىن ئېلىپ، زاراڭزا يېغىدىن يەتتە مىللىلىتىر قوشۇپ قايناتما تەييارلاپ ئىچسە، سۈيدۈكنى راۋان قىلىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] مۇۋاپىق مىقداردا.

[زىيانلىق تەسىرى] ئىسسىقچان كىشىلەرنىڭ بېشىنى ئاغرىتىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] قاپاق يېغى.

[ئورۇنباسارى] زەيتۇن يېغى.

## قارىكوز بەدىيان

## 卡热库子迪洋

## (莳萝子 shi luo zi)

[باشقا ئاتىلىشى] سېرىق چېچەك، بەزىرۇل شەبىت، تۇخۇم شىبىت، سوياكى بىيج

[لاتىنچە نامى] Fructus Anethum graveolens

[ئىنگلىزچە نامى] Dill

[تونۇش] بۇ، كۆنلۈكسىمان گۈللۈكلەر ئائىلىسىدىكى بىر يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك سېرىقچېچەك بولۇپ، ئۇرۇقى ياپىلاق، سىرتى قوڭۇر رەڭدە، دۈمبىسىدە ئۈچ تال ئانچە روشەن بولمىغان سىزىقلىرى بار، ئازراق خۇش پۇراق. بۇ ئۆسۈملۈكنىڭ ئۇرۇقى «تۇخۇمى شىبىت»، «سېرىقچېچەك

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



قارىكۆز بەدىيان مايىسى

ئۇرۇقى» ياكى «قارىكۆز بەدىيان» ، يوپۇرمىقى «شىبىت» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ. (9.21 ـ رەسىم)

[چىقىش ئورنى] ئىلىمىزنىڭ ئەنخۇي، جىياڭسۇ، شىنجاڭ قاتار-لىق جايلىرى، ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە ياۋروپادىن چىقىدۇ.

[يىغىپ ساقلاش] باش كۈزدە ئۇرۇقى تولۇق پىشقاندا يىغىۋېلىپ قۇرۇتۇپ ساقلىنىدۇ.

[خىمىيەلىك تەركىبى] ئۇرۇقىدا كارۋون (Carvone) ، لىمونىن (Limonene) ، دىللاپىئولى (Dellapiole) ، بىرگاپتېن (Beraapten) ، ئۇمبېلىپرېنىن (Umbelliprenin) قاتارلىقلار بار.

[فارماكولوگىيەلىك تەسىرى] كارۋون بەدەن سىرتىدا ئالتۇن رەڭ-لىك ئۈزۈمسىمان شارچە باكتېرىيە، چوڭ ئۈچەي تاياقچە باكتېرى-يەلەرنى تورمۇزلايدۇ ھەم مەلۇم دەرىجىدە باكتېرىيەگە قارشى تەسىرى بار.

[لايىقلاشتۇرۇلۇشى] ئىلغاپ ساپلاشتۇرۇلىدۇ.

[تەبىئىتى] ئۈچىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى] ئاغرىق پەسەيتىش، كۆڭۈلنى خۇش قىلىش، ھەيزنى راۋانلاشتۇرۇش، يەل ھەيدەش، ئىششىق ياندۇرۇش، سۈيدۈك ھەيدەش، قۇستۇرۇش خۇسۇسىيىتى بار.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر] بوغۇم ئاغرىقى ۋە بوغۇم ئىششىقى، قورساق ئىسىلىش، قورساق ئاغرىقى، ھەزىم ناچارلىقى، سۈيدۈك تۇتۇلۇش، ھەيز تۇتۇلۇش، بۆرەك ئاغرىقى، بالىياتقۇ ئاغرىقى، قۇلاق ئاغرىقى قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. قارىكۆز بەدىيان ئۇرۇقىنى زەيتۇن يېغى ياكى كۈنجۈت يېغى بىلەن قوشۇپ ياغلىسا، بوغۇم ئاغرىقى ۋە ئىششىقلارغا پايدا قىلىدۇ.

2. قارىكۆز بەدىياننى قاينىتىپ، ھورى بىلەن يەرلىك ئورۇنغا هوردىتىپ بەرسە، بۇرۇن ۋە باشقا ئەزالارنىڭ ئاغرىقلىرىغا پايدا قىلىدۇ.

3. قارىكۆز بەدىياننى قاينىتىپ، سۈيىگە لۆڭگىنى چىلاپ يەرلىك ئورۇنغا ئىسسىق ئۆتكۈزۈپ بەرسە، قورساق ئىسىلىش، قورساق ئاغرىقى، ئۈچەي توسۇلۇش (قۇلۇنجى) ، ھەزىم ئاجىزلىقى قاتارلىقلارغا پايدا قىلىدۇ.

4. قارىكۆز بەدىياننى قاينىتىپ سۈيىنى ئىلمان قىلىپ بىمارنى ئولتۇرغۇزۇپ ۋاننا قىلدۇرسا، باليياتقۇ ئاغرىقىغا پايدا قىلىدۇ.

5. 10 گىرام قارىكۆز بەدىياننى يېرىم لىتىر سۇغا چىلاپ، سۈيىدىن بىر قېتىمدا تۆت قوشۇق ئىچسە، قورساق ئىسىلىشنى يوقىتىدۇ.

6. قارىكۆز بەدىيان، ئاغىچا، زاراڭزا چېچىكى قاتارلىقلاردىن 10 گىرامدىن ئېلىپ قاينىتىپ

ئىچسە، ھەيزنى راۋان قىلىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] 2 ~ 3 گىرامغىچە.

[زىيانلىق تەسىرى] مېڭىگە قۇرۇقلۇق يەتكۈزىدۇ. كۆرۈش قۇۋۋىتى ۋە باھقا زىيانلىق.

[تۈزەتكۈچىسى] سىركەنجۇبىل، بادام مېغىزى.

[ئورۇنباسارى] قارىكۆز بەدىياننىڭ ھۆل ۋە قۇرۇق مايسىسى.

[ۋەكىل خاراكتېرلىك پىششىق دورا ياسالمىسى] جاۋارىش زەر ئۇنى.

## مۇشكىدانە

## 木西克达那

(黄葵 huang kui zi)

[باشقا ئاتىلىشى] ھەببۇل مۇشكى، كەستۇرانە

[لاتىنچە نامى] Semen Abelmoschus moschatus

[ئىنگلىزچە نامى] Muskmallow Root

[تونۇش] بۇ، لەيلىگۈل ئائىلىسىدىكى بىر يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك ئابېلمۇسكۇس (Hibiscus abelmochus) چۆپىنىڭ پىشقان ئۇرۇقى بولۇپ، بۇ ئۆسۈملۈكنىڭ ئۇرۇقى «مۇشكىدانە» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ. مېۋىسى غوزىلۇق، ھەممە تەرىپى تىكەنلىك، تۇخۇمسىمان، يۇمىلاق شەكىللىك، ئىچىدە بىرقانچە تال بۆرەك شەكىللىك، ئۇششاق، قارا رەڭلىك خۇش پۇراق ئۇرۇقى چىقىدۇ. ئۇرۇقىنى قول بىلەن ئۇۋۇلىسا ئىپاردەك پۇراق كېلىدۇ. «ئىپار مېۋىسى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. (21. 10 - رەسىم)

[چىقىش ئورنى] ئېلىمىزنىڭ گۇاڭدۇڭ، گۇاڭشى، يۈننەن، خۇنەن، جياڭشى قاتارلىق ئۆلكىلىرىدىن ھەم بېنگال قاتارلىق ئەللەردىن چىقىدۇ.

[يىغىپ ساقلاش] كۈزدە ئۆسۈملۈك تولۇق پىشقاندا پۈتۈن چۆپىنى ئورىۋېلىپ قۇرۇتۇپ، ئۇرۇقىنى ئايرىۋېلىپ ساقلىنىدۇ.

[خىمىيەلىك تەركىبى] ئۇرۇقىنىڭ تەركىبىدە a— سېفالىن (a—Cephalin) ، فوسفاتىدىلسېرىن (phosphatidyseri) ، پىلازماكوگېن (plasmalogen) ۋە فوستاتىدىلخولىن پىلازمالوگېن (phosphatidyl cholene Plasmalogen) ھەمدە ئىپارغا ئوخشاش پۇراقلىق، ئامبىرېتولىد (Ambrettolid) ، يىلان زەھىرىنى قايتۇرغۇچى تەركىب بار.

[فارماكولوگىيەلىك تەسىرى] ئۇرۇقى باش ئاغرىقىنى توختىتىدۇ، ئۇنىڭدا يەنە بىر خىل سۈرۈش ئىقتىدارى بار. يىلاننىڭ زەھىرىنى قايتۇرىدۇ.

[لايىقلاشتۇرۇلۇشى] ئىلغاپ ساپلاشتۇرۇلىدۇ ۋە قۇرۇتۇپ ساقلىنىدۇ.

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى] ئاغرىق توختىتىش، كۆرۈش قۇۋۋىتىنى ئاشۇرۇش، مۇسكۇللارنى چىڭىتىش، يۆتەل توختىتىش، ھەزىمنى ياخشىلاش، سۈرۈش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر] قورساق ئېسىلىش، ھەزىم ئاجىزلىقى، ھىستېرىيە، نېرۋا ئاجىزلىقى، مەنىي ئېقىش، سۆزنەك قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. پىننە، قارىمۇچ، پىلپىل، زىرە، قاقىلە، مۇشكىدانە، بەدىيان قاتارلىقلاردىن 10 گىرامدىن ئېلىپ، چايلىق ياكى تالقان قىلىپ ئىچىپ بەرسە، يەل ھەيدەپ، ھەزىمنى ياخشىلايدۇ.

2. ئىتياشقى ئۇرۇقىدىن 0.001 گىرام، كەندىردىن 0.1 گىرام، بەزرۇلبەنجىدىن بىر گىرام، ئەپيۇندىن 0.001 گىرام، مۇشكىدانەدىن بىر گىرام ئېلىپ، بۇ دورىلاردىن سوفۇپ تەييارلاپ ئىچىپ بەرسە، جىددىي خاراكتېرلىك كېسەللىكلەردە ئاغرىق توختىتىدۇ.

3. ئىپاردىن 1.5 گىرام، ئەنبەر، مۇشكىدانەدىن ئىككى گىرام، قىزىلگۈل، قەلەمپۇر، پىلپىلدىن 10 گىرامدىن ئېلىپ، ناۋات ياكى شېكەردە قىيام قىلىپ، قائىدە بويىچە مەجۇن تەييارلاپ ئىچىپ بەرسە، مېڭە، بۆرەككە خۇشلۇق يەتكۈزىدۇ. ھىستېرىيەگە مەنپەئەت قىلىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] 2 ~ 3 گىرامغىچە.

[زىيانلىق تەسىرى] ئەزالارغا قۇرۇقلۇق يەتكۈزىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] ھەسەل سۈيى، بادام مېغىزى.

[ئورۇنباسارى] سېرىقچېچەك ئۇرۇقى.

[ۋەكىل خاراكتېرلىك پىششىق دورا ياسالمىسى] سوفۇپى مۇشكىدانە.

## بالدىرغان

## 巴迪尔汗

## (藁本 gao ben)

[باشقا ئاتىلىشى] شىنجاڭ بالدىرغىنى

[لاتىنچە نامى] Rhizoma Ligusticum sinense

[ئىنگلىزچە نامى] Chinese Ligusticum Rhizome

[تونۇش] بۇ، كۈنلۈكسىمان گۈللۈكلەر ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك شىنجاڭ بالدىرغىنىنىڭ تازىلاپ، قۇرۇتۇپ، نېپىز توغرالغان يىلتىزىدىن ئىبارەت بولۇپ، «بالدىرغان» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ. سۇندۇرۇلغان يۈزى سۇس سېرىق رەڭلىك ياكى ئاقۇچ سېرىق رەڭلىك بولۇپ، تەمى ئاچچىق - چۈچۈك، پۇرىقى خۇش پۇراق بولىدۇ. (11.21 - رەسىم)

[چىقىش ئورنى] تەڭرىتېغى ئەتراپلىرىدىن چىقىدۇ.

[يىغىپ ساقلاش] بۇ ئۆسۈملۈكنىڭ ئۇرۇقى پىشقاندا يىلتىزىنى كولاپ ئېلىپ، يۇيۇپ قۇرۇتۇپ ساقلىنىدۇ.

[خىمىيەلىك تەركىبى] يىلتىزسىمان غولىنىڭ تەركىبىدە 65% ئۇچۇچان ماي، مايىنىڭ ئاساسلىق تەركىبىدە بوتىل فىتالىدى (3—butylphthalide) قاتارلىق ماددىلار بار.

[فارماكولوگىيەلىك تەسىرى] بالدىرغاننىڭ ئۇچۇچان مېيى مەركىزىي نېرۋا سىستېمىسىنى تىنچلاندۇرۇ-

دۇ. ئاغرىق توختىتىدۇ. يەڭگىل دەرىجىدە قان بېسىمنى چۈشۈرىدۇ. %30~%15 كىچە بالدىرغان قايىنتىلمىسى دائىم ئۇچرايدىغان كۆپ خىل تېرە كېسەللىكىنى پەيدا قىلىدىغان زەمبۇرۇغلارغا نىسبەتەن تورمۇزلاش رولىنى ئوينايدۇ.

[لايىقلاشتۇرۇلۇشى] توغراش، قۇرۇتۇش ئارقىلىق لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

[تەبىئىتى] بىرىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى] ئاغرىق پەسەيتىپ تىنچلاندۇرۇش، سوغۇق يەلنى ھەيدەش ۋە بەدەندىكى ئارتۇق ھۆللۇكـ نى قۇرۇتۇش خۇسۇسىيىتى بار.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر] سوغۇقتىن بولغان زۇكام، باش ئاغرىقى، يېرىم باش ئاغرىقى، سوغۇق يەلدىن بولغان ئاشقازان ئاغرىقى، ئىچ سۈرۈش، دانىخورەك قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. ئەپيۇندىن 0.01 گىرام، بەزرۇلبەنجى، بالدىرغاندىن ئىككى گىرامدىن ئېلىپ، تالقان ياكى سۇفۇپ تەييارلاپ ئىچىپ بەرسە، باش ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ.

2. زۇپادىن 10 گىرام، سەرپىستاندىن يەتتە گىرام، چىلاندىن 15 دانە، ئۇستىقۇددۇستىن 10 گىرام، بالدىرغاندىن يەتتە گىرام، پىرسىياۋشاندىن 10 گىرام ئېلىپ، دورىلاردىن كاشكاپ تەييارلاپ ئىچىپ بەرسە، سوغۇقتىن بولغان زۇكام ۋە نەزلىگە مەنپەئەت قىلىدۇ.

3. تاباشىر، كەھرىۋا، بالدىرغاندىن 10 گىرامدىن ئېلىپ، 10 گىرام قېتىق سۈزمىسىگە ئارىلاشتۇرۇپ ئىچىپ بەرسە، ئىچ سۈرۈشكە مەنپەئەت قىلىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] 3 ~ 12 گىرامغىچە.

[زىيانلىق تەسىرى] سېزىمنى سۇسلاشتۇرىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] سۇمبۇل ھىندى.

[ئورۇنباسارى] سەندەل يېغى.

[ۋەكىل خاراكتېرلىك پىششىق دورا ياسالمىسى] بالدىرغان تالقىنى.

## پىلە قۇرتى مايىقى
## 皮拉库尔提马伊给
## (蚕沙　can sha)

[لاتىنچە نامى] Feculae Bombycis

[ئىنگلىزچە نامى] Sikworm Faeces

[تونۇش] بۇ، پىلە پەرۋانە ئائىلىسىدىكى ھاشارات پىلە پەرۋانىسى پىلە قىلىش مەقسىتىدە بېقىلىپ، يېتىلىش ئالدىدا تېزەكلىگەن قۇرتىنىڭ مايىقىدىن ئىبارەت. (21.12 ـ رەسىم)

[چىقىش ئورنى] مەملىكىتىمىزنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن، جۇملىدىن جەنۇبىي شىنجاڭدىن چىقىدۇ.

[يىغىش ساقلاش] پىلە قۇرتى مايىقىنى يىغىپ ئېلىپ، قۇرۇتۇپ، داكا خالتىدا ساقلىنىدۇ.

www.uyghurkitap.com


پىلە قۇرتى

[خىمىيەلىك تەركىبى] كۆپ مىقداردا ۋىتامىن A ، B ، C بار. ئاقسىل، يوپۇرماق يېشىل ماددىسى بار.

[فارماكولوگىيەلىك تەسىرى] راك ھۈجەيرىسىنى تىزگىنلەش، قان ئۇيۇشنى تىزگىنلەش تەسىرى بار.

[لايىقلاشتۇرۇلۇشى] ئىلغاپ ساپلاشتۇرۇلىدۇ.

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى] ياللۇغ قايتۇرۇش، ئاغرىق پەسەيتىش، ھۆللۈكنى قۇرۇتۇش، ئاشقازاننى قۇۋۋەتلەش، قاننى جانلاندۇرۇش، جىگەر ۋە تالنىڭ توسالغۇسىنى ئېچىش خۇسۇسىيىتى بار.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر] ئاق قان دانچىسى يۇقىرىلاپ كېتىش، ئاشقازان، جىگەر، تال ئاجىزلىقلىرى، قان سوۋۇپ كېتىش، رېماتىزم، بەدەندە ھۆللۈك كۆپىيىپ كېتىش، ھەيز كۆپ كېلىش قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. پىلە قۇرتى مايىقىدىن مۇۋاپىق مىقداردا ئېلىپ، ھورداق تەييارلاپ ھوردانسا، ئاغرىقلارنى پەسەيتىدۇ. ھۆللۈكتىن كېلىپچىققان تۇرلۇك كېسەللىكلەرگە مەنپەئەت قىلىدۇ.

2. پىلە قۇرتى مايىقى، قىزىل ئۈزۈم، ئالقاتتىن مۇۋاپىق مىقداردا ئېلىپ، قايناق سۇ بىلەن دەملەپ ئۇزاق مەزگىل ئىچىپ بەرسە، ئاشقازان، جىگەر ۋە تالنى قۇۋۋەتلەپ، قاننى جانلاندۇرىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] 3 ~ 6 گىرامغىچە.

[زىيانلىق تەسىرى] ھامىلىدار ئاياللارغا زىيان قىلىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] ئۆچكە سۈتى، تەمرى ھىندى.

[ئورۇنباسارى] پىلە قۇرتى.

[ۋەكىل خاراكتېرلىك پىششىق دورا ياسالمىسى] پىلە قۇرتى مايىقى دەملىمىسى.

## يالپۇز جەۋھەرى

### 亚力甫孜加哈日

### (薄荷脑 bo he nao)

[باشقا ئاتىلىشى] مېنتول

[لاتىنچە نامى] Mentha arvensis

[ئىنگلىزچە نامى] Mint

[تونۇش] بۇ، كالپۇكسىمان گۈللۈكلەر ئائىلىسىدىكى بىر ياكى ئىككى يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك يالپۇز بولۇپ، بۇ ئۆسۈملۈكنىڭ پۈتۈن چۆپىدىن خىمىيەلىك ئۇسۇللار ئارقىلىق ئېلىنغان جەۋھەر قىسمى

«يالپۇز جەۋھىرى» ياكى «مىنتول» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ. (13.21 ـ رەسىم)



يالپۇز ئۈسۈملۈكى

[چىقىش ئورنى] يالپۇز دەريا، ئۆستەڭ، ئېرىق بويلىرى ۋە سازلىقلاردا ئۆسىدۇ، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ھەممە جايلىرىدىن تېپىلىدۇ.

[يىغىپ ساقلاش] كۈزدە يالپۇزنىڭ پۈتۈن چۆپىنى ئېلىپ پاكىز يۇيۇپ، قۇرۇتۇپ ياكى ھۆل ھالەتتە قايىنىتىپ، جەۋھىرى يىغىۋېلىنىپ، پاكىز قەلەي قاچىلاردا ساقلىنىدۇ.

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە ھۆل سوغۇق.

[خۇسۇسىيىتى] ئاغرىق پەسەيتىش، ياللۇغ قايتۇرۇش، ھارارەت پەسەيتىش، سۈيدۈكنى راۋان قىلىش، توسالغۇلارنى ئېچىش، قان توختىتىش، ئاشقازاننى قۇۋۋەتلەش، ئىششىق ياندۇرۇش خۇسۇسىيىتى بار.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر] گال ئىششىقى، قان قۇسۇش، قان تۈكۈرۈش، سۈيدۈك تۇتۇلۇش، بۆرەك ئاجىزلىقىدىن بولغان بەل ئاغرىش، ئۈرۈلۈپ ـ سوقۇلۇشتىن بولغان زەخىملىنىش، ھەيز ئاغرىتىپ كېلىش، ئىسسىقتىن بولغان زۇكام، رېماتىزىم، ئاشقازان ئاغرىقى قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. يالپۇز جەۋھىرىدىن 0.2 گىرام، شاتۇت ۋە بىنەپشىدىن 10 گىرام ئېلىپ، قائىدە بويىچە قايىنىتىپ، ئاخىرىدا يالپۇز جەۋھىرىنى قوشۇپ ئىچسە، گال ئاغرىقى ۋە ئىششىققا مەنپەئەت قىلىدۇ.

2. يالپۇز جەۋھىرىدىن 0.2 گىرام، تەرخەمەك ئۇرۇقى، قوغۇن ئۇرۇقى، ئوغرىتىكەن قاتارلىقلارنىڭ ھەربىرىدىن 10 گىرام ئېلىپ، قائىدە بويىچە قايىنىتىپ، ئاخىرىدا يالپۇز جەۋھىرىنى قوشۇپ ئىچسە، سۈيدۈكنى راۋانلاشتۇرىدۇ، ئاغرىق پەسەيتىدۇ.

3. يالپۇز جەۋھىرىدىن 0.2 گىرام، ئەرەب يېلىمى، كەتىرا، تاباشىر قاتارلىقلارنىڭ ھەربىرىدىن بەش گىرام ئېلىپ، سۇفۇپ تەييارلاپ ئىچسە، ئىچكى ئەزالاردىكى ھەر خىل قاناشلارغا مەنپەئەت قىلىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] 0.1 ~ 0.2 گىرامغىچە.

[زىيانلىق تەسىرى] سوغۇقچان كىشىلەرگە زىيان قىلىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] بەدىيان، ئەنجۈر مونىكى، ھەسەل.

[ئورۇنباسارى] بىنەپشە.

[ۋەكىل خاراكتېرلىك پىششىق دورا ياسالمىسى] جەۋھىرى شىپا.

## ئاچچىق سۆرۈنجان

## 阿其克苏仁江

(酸秋水仙 suan qiu shui xian)

[باشقا ئاتىلىشى] سۆرۈنجان تەلخى، كەرۋا سۆرۈنجان

[تونۇش] بۇ، گۈلسامساق ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك ئاچچىق سۆرۈنجان



ئاچچىق سۆرۈنجان ئۆسۈملۈكى

بولۇپ، بۇ ئۆسۈملۈكنىڭ تەڭگىسىمان يىلتىزى «ئاچچىق سۆرۈنجان» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ. رەڭگى سېرىق ياكى قارا، تەمى ئاچچىق بولىدۇ. (13.21 ـ رەسىم)

[چىقىش ئورنى] ياۋروپا، ئوتتۇرا دېڭىز بويلىرى، قارا دېڭىز بويلىرى ھەم ئافرىقا ئەللىرىدىن چىقىدۇ.

[يىغىپ ساقلاش] بۇ ئۆسۈملۈكنىڭ يىلتىزىنى كولاپ ئېلىپ، قۇرۇتۇپ قۇرۇق، سالقىن جايدا ساقلىنىدۇ.

[فارماكولوگىيەلىك تەسىرى] ئاغرىق پەسەيتىش تەسىرى بار.

[لايىقلاشتۇرۇلۇشى] يۇيۇپ، قۇرۇتۇپ لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

[تەبىئىتى] ئۈچىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى] ئاغرىق توختىتىش، ئىششىق ياندۇرۇش، قان توختىتىش خۇسۇسىيىتى بار.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر] بوغۇم ئاغرىقلىرى، پۇت ـ قول ئاغرىقى، ئىششىقى، ۋەجئۇل مۇپاسىل، بۋاسىر قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. ئاچچىق سۆرۈنجان، شەترەنجى، بابۇنە، ئىكلىلمەلىك قاتارلىقلارنىڭ ھەربىرىدىن 10 گىرام ئېلىپ سوقۇپ، ئىسپىغول لۇئابى بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ زىمات تەييارلاپ، يەرلىك ئورۇنغا چاپسا، ۋەجئۇل مۇپاسىلغا مەنپەئەت قىلىدۇ.

2. ئاچچىق سۆرۈنجان بىلەن سانادىن 10 گىرامدىن ئېلىپ يۇمشاق سوقۇپ، بىر دانە تۇخۇمنىڭ ئېقى بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ، يەرلىك ئورۇنغا چاپسا، پۇت ـ قول ئاغرىقىغا مەنپەئەت قىلىدۇ.

3. ئامىلە، ئاچچىق سۆرۈنجاننىڭ ھەربىرىدىن 10 گىرام ئېلىپ سوقۇپ، بىر دانە تۇخۇم ئېقى بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ، كۆندە بىر قېتىم بۋاسىرغا چاپسا، بۋاسىر قېنىنى توختىتىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] 2 ~ 6 گىرامغىچە.

[زىيانلىق تەسىرى] جىگەر ۋە ئاشقازانغا زىيانلىق.

[تۈزەتكۈچىسى] زەنجىۋىل ۋە قىزىلگۈل.

[ئورۇنباسارى] تاتلىق سۆرۈنجان.

[ۋەكىل خاراكتېرلىك پىششىق دورا ياسالمىسى] ھەبىي سۆرۈنجان، سۆرۈنجان يېغى.

## ئېيىق مېيى
## 艾依克米也
## (熊脂 xiong zhi)

[باشقا ئاتىلىشى] دوھنۇل دۇبى، رەۋغىنى دۇبى، دۇبى كى تىل

[لاتىنچە نامى] Adeps ursei

[ئىنگلىزچە نامى] Adeps ursei

[تونۇش] بۇ بىر تۈرلۈك يىرتقۇچ ھايۋان بولۇپ، بەك كۈچلۈك، بەك ھوشيار، بۇ ھايۋاننىڭ مېيى



ئېيىق يېغى

«ئېيىق مېيى» نامىدا دورىلىققا ئىشلىتىلىدۇ، بىر ئاز سېسىق پۇرايدۇ. (15.21 ـ رەسىم)

[**چىقىش ئورنى**] شىنجاڭنىڭ تاغلىرى، جاڭگاللىرىدا، مەملىكىتىمىزنىڭ شەرقىي شىمال، شۇنداقلا قازاقىستان، موڭغۇلىيە، رۇسىيە قاتارلىق جايلاردىن چىقىدۇ.

[**يىغىپ ساقلاش**] بۇ هايۋاننى ئۆلتۈرۈپ، يېغىنى ئايرىپ ئېلىپ، سوغۇق، سالقىن جايدا ساقلىنىدۇ.

[**لايىقلاشتۇرۇلۇشى**] يېغىنى ئايرىپ ئېلىپ، قوي مېيىنى كۆيدۈرگەندەك كۆيدۈرۈپ، چىگىردىكىنى ئايرىۋېلىپ لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

[**تەبىئىتى**] ئۈچىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[**خۇسۇسىيىتى**] هۆللۈكنى قۇرۇتۇش، ئاغرىق پەسەيتىش، پەي ـ مۇسكۇلنى چىڭىتىش، يارا ئېغىزىنى پۈتتۈرۈش، قاسراقنى يوقىتىش، داغ يوقىتىش، چاچ ئۆستۈرۈش ۋە قارايتىش، باهنى قۇۋۋەتلەش قاتارلىق خۇسۇسىيىتى بار.

[**ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر**] سوغۇق مىزاجلىقلار ۋە بەلغەمدىن بولغان كېسەللىكلەر، بوغۇم ئاغرىقى، ياشانغانلاردىكى بەل، پۇت ئاغرىقى، پالەچ، لەقۋا، پەي تارتىشىپ قېلىش، ھەر خىل يارا ۋە تەمرەتكىلەر قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[**ئىشلىتىش ئۇسۇلى**]

ئېيىق مېيىنى مۇۋاپىق مىقداردا ئېلىپ، يەرلىك ئورۇننى مايلاپ ئاپتاپتا ياكى ئوتنىڭ ئالدىدا ئولتۇرسا ياكى توك بىلەن ئىسسىق ئۆتكۈزۈپ بەرسە، چوڭ بوغۇملارنىڭ ئاغرىقى، سوغۇقتىن بولغان بەل، پۇت ـ قول ئاغرىقلىرى، پەيلەر تارتىشىپ قېلىش، پالەچ، لەقۋا، يارا، تەمرەتكە قاتارلىقلارغا مەنپەئەت قىلىدۇ ۋە ئەزالارنىڭ قېتىپ قالغان پەيلىرىنى يۇمشىتىدۇ.

[**ئىشلىتىش مىقدارى**] ئەھۋالغا قاراپ ئىشلەتسە بولىدۇ.

[**زىيانلىق تەسىرى**] ئىسسىقتىن بولغان يۇقىرىقى كېسەللىكلەرگە زىيان قىلىدۇ.

[**تۈزەتكۈچىسى**] گۈلييېغى، يەسمەن يېغى.

[**ئورۇنباسارى**] زىماتى مۇپاسىل.

[**ۋەكىل خاراكتېرلىك پىششىق دورا ياسالمىسى**] زىماتى مۇپاسىل.

www.uyghurkitap.com

# يىگىرمە ئىككىنچى باب   تىنچلاندۇرغۇچى دورىلار

نېرۋىلارنى تىنچلاندۇرۇپ سېزىمنى تۆۋەنلىتىپ، ئاغرىق پەسەيتىش تەسىرىنى بېرىدىغان دورىلار ئومۇملاشتۇرۇلۇپ، تىنچلاندۇرغۇچى دورىلار دېيىلىدۇ.

ھەر خىل ئىچكى ـ تاشقى سەۋەبلەر ۋە تۈرلۈك كېسەللىكلەرنىڭ (باش ئاغرىش، چىش ئاغرىش، سوزۇلما ئاشقازان ياللۇغى، ئاشقازان يارىسى، چاقا، قوتۇر، ھەيز ئاغرىتىپ كېلىش، قورساق كۆپۈپ ئاغرىش، راك كېسەللىكى تۈرلۈك ئاغرىقلار، تەمرەتكە، قىچىشقاق. . .) ئاسارىتىدىن مەركىزىي نېرۋا سىستېمىسى ۋە ئەتراپ نېرۋا سىستېمىسىنىڭ سېزىمى ئېشىپ، زىيادە جىددىيلىشىشتىن ئاغرىق پەيدا بولىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئورگانىزم خىزمىتى قالايمىقانلىشىپ، ماددا ئالمىشىش بۇزۇلىدۇ. ۋاقتىدا ئالدىنى ئالمىغاندا يامان ئاقىۋەت كېلىپچىقىدۇ. تىنچلاندۇرۇپ ئاغرىق ئازابىنى يەڭگىللىتىش مەقسىتىدە ئىشلىتىلىدىغان دورىلارنىڭ تۈرى ھەر خىل بولغاچقا، سەۋەبكە ئاساسەن دورىلارنى مۇۋاپىق تاللاپ ئىشلىتىش لازىم. بۇ خىل دورىلارنىڭ كۆپىنچىسىنىڭ تەبىئىتى قۇرۇق سوغۇق بولۇپ، بۇ خىل دورىلار نېرۋىلارنى تىنچلاندۇرۇپ، ئاغرىق توختىتىش، ياللۇغلىنىشقا قارشى تۇرۇپ، تەشۈشلىنىشنى يوقىتىش تەسىرىنى بېرىدۇ. مەسىلەن: ياۋا زاغۇن، بوزتىكەن، تېزەكچى قوڭغۇز، قۇنۇن، شەۋكىران، كافۇر، لۇپاھ، ئۇسرۇل، قەھۋە، تاماكا يوپۇرمىقى، ئۈزبەر، كاھۇ ئۇرۇقى، بالەنگۇ ئۇرۇقى، شازاندىرا، كۆكنار پوستى، ئىتياڭقى ئۇرۇقى، بەزرۇلبەنجى، ئىتياڭقى يوپۇرمىقى، كەندىر ئۇرۇقى، ئىتياڭقى گۈلى، قاندالا، يالپۇز جەۋھىرى قاتارلىقلار.

## ياۋا زاغۇن
## 亚瓦杂混
(白屈菜 bai qu cai)

[**باشقا ئاتىلىشى**]بەزرۇل جىرجىر، تۇخۇمى تىرەتىزەك

[**لاتىنچە نامى**]Herba chelidoniummajus

[**ئىنگلىزچە نامى**]Great Celandine poppy Herb

[**تونۇش**] بۇ، ئەپيۇنگۈل ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك زاغۇن بولۇپ، بۇ ئۆسۈملۈكنىڭ يەر ئۈستى قىسمى، ئۇرۇقى «زاغۇن» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ. (1.22 ـ رەسىم)

[**چىقىش ئورنى**] سىچۈەن، جياڭشى، جاڭسۇدىن، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ھەممە يېرىدىن چىقىدۇ.

[**يىغىپ ساقلاش**] بۇ ئۆسۈملۈكنىڭ ياز ۋە كۈز پەسلىدە گۈلى ئېچىلغاندا، يەر ئۈستى قىسمىنى، ئۇرۇقىنى ئېلىپ قۇرۇتۇپ ساقلىنىدۇ.


ياۋا زاغۇن مايسىسى

[خىمىيەلىك تەركىبى] كۆپ خىل بىيولوگىيەلىك ئىشقار بولۇپ، خېلىدونىن (chelidonene)، ئەپيۇن ئەسلىي ئىشقارى (protopine)، بېربېرىن (berberine)، خېلىدونىك كىسلاتا (chelhdonic acid)، ئۇچۇچان مايدىن تەركىب تاپقان.

[فارماكولوگىيەلىك تەسىرى] نېرۋىنى تىنچلاندۇرۇش، ئاغرىق توختىتىش، بەلغەم بوشىتىش، يۆتەل توختىتىش، ياللۇغ قايتۇرۇش، راكقا قارشى تۇرۇش، مىكروب ئۆلتۈرۇش، قان بېسىمىنى چۈشۈرۈش تەسىرىگە ئىگە.

[لايىقلاشتۇرۇلۇشى] ئىلغاپ ساپلاشتۇرۇلىدۇ.

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى] ئاغرىق توختىتىش، يۆتەلنى پەسەيتىش، ھەزىمنى ياخشىلاش، يەل ياندۇرۇش، سۈيدۈك ۋە ھەيزنى راۋانلاشتۇرۇش، تېرىگە جۇلا بېرىش، ئىششىق ۋە زەھەر قايتۇرۇش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر] سوزۇلما ئاشقازان ياللۇغى، ئۈچەي ياللۇغى، ئاشقازان يارىسى، قورساق كۆپۈش، تولغاق، سوزۇلما خاراكتېرلىك نەپەس يولى ياللۇغى، كۆكيۆتەل، سۇلۇق ئىششىق، سۈيدۈك ۋە ھەيز راۋان بولماسلىق، تەمرەتكە، راك قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. خىيارشەنبەردىن 15 گىرام، ياۋا زاغۇندىن يەتتە گىرام، سانادىن 10 گىرام ئېلىپ، قائىدە بويىچە دەملەپ تەمىنى چىقىرىپ، بادام يېغى تېمىتىپ ئىچسە، ھەيزنى راۋان قىلىدۇ.

2. ياۋا زاغۇندىن 10 گىرام، ئاقتىكەندىن يەتتە گىرام، ئاق لەيلىگۈلدىن 10 گىرام ئېلىپ، قاينىتىپ ئىچسە، ئاشقازان ياللۇغىغا مەنپەئەت قىلىدۇ.

3. ھۆل ياۋا زاغۇننى ئېلىپ يەرلىك ئورۇنغا سۈركىسە ياكى مەلھەم قىلىپ چاپسا، چاقا، قوتۇر، تەمرەتكە قاتارلىقلارغا مەنپەئەت قىلىدۇ.

4. ياۋا زاغۇننى مۇۋاپىق مىقداردا ئىستېمال قىلىپ بەرسە ياكى سىرتتىن چېپىپ بەرسە، راكقا مەنپەئەت قىلىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] 2 ~ 8 گىرامغىچە.

[زىيانلىق تەسىرى] كۆرۈش قۇۋۋىتىنى تۆۋەنلىتىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] سۈت، بەدىيان.

[ئورۇنباسارى] پىياز ئۇرۇقى.

[ۋەكىل خاراكتېرلىك پىششىق دورا ياسالمىسى] ياۋا زاغۇن كاشكاپى.

[دىققەت قىلىدىغان ئىشلار] بۇ دورا زەھەرلىك بولۇپ، مىقدارىنى ئاشۇرۇپ ئىشلىتىش ۋە ئۇزۇن ۋاقىت ئىشلىتىشكە بولمايدۇ. تېرىنى قۇرغاقلاشتۇرىۋېتىدۇ.

تۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

## بوزتىكەن
## 布孜提砍
## (败酱草 bai jiang cao)

[باشقا ئاتىلىشى] ئىزمۇق

[لاتىنچە نامى] Herba sonchus uliginosus

[ئىنگلىزچە نامى] Dahurian Patrinia Herb

[تونۇش] بۇ، مۇرەككەپ گۈللۈكلەر ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك بوزتىكەن (ئىزمۇق) نىڭ پۈتۈن چۆپى بولۇپ، «بوزتىكەن» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ. (2.22 ـ رەسىم)

[چىقىش ئورنى] ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ تۈپرىقى نەم يەرلەردىن چىقىدۇ، باشقا ئۆلكىلەردىنمۇ كۆپ چىقىدۇ.

[يىغىپ ساقلاش] 7 ـ، 8 ـ ئايلاردا گۈلى ئېچىلىشتىن بۇرۇن پۈتۈن ئۆسۈملۈك يىلتىزى بىلەن بىرگە يىغىپ، قۇرۇتۇپ ساقلىنىدۇ.

[خىمىيەلىك تەركىبى] بوزتىكەن گىلۇكوزىدى (Patrinoside)، لوگانىن (loganin)، لىنىستول (linositol)، پالماتىك كىسلاتاسى قاتارلىقلار بار.

[فارماكولوگىيەلىك تەسىرى] تىنچلاندۇرۇش، ئاغرىق توختىتىش، قان توختىتىش، ئىممۇنىتېت كۈچىنى ئاشۇرۇش، جىگەرنى قوغداش، ئۆسمىگە قارشى تۇرۇش تەسىرى بار.

[لايىقلاشتۇرۇلۇشى] ئىلغاپ ساپلاشتۇرۇلىدۇ.

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە ھۆل سوغۇق.

[خۇسۇسىيىتى] ئاغرىق پەسەيتىش، زەھەر قايتۇرۇش، سېرىقلىقنى يوقىتىش، توسالغۇلارنى ئېچىش، كۆزنى روشەنلەشتۈرۈش، سۈيدۈك يولى، يارىلارنى ئېغىز ئالدۇرۇپ ساقايتىش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر] پۈت يارىسى، ئۆتكۈر سېرىقلىق چۇشۇش خاراكتېرىدىكى يۇقۇملۇق جىگەر ياللۇغى، يارا، غەلۋىرەك، سۈيدۈك تۇتۇلۇش قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. شاھتەرىدىن 10 گىرام، بوزتىكەندىن ئۈچ گىرام ئېلىپ سوقۇپ، سىماب مەلھىمىگە ئارىلاشتۇرۇپ، غەلۋىرەككە سىرتتىن چاپسا مەنپەئەت قىلىدۇ.

2. بابۇنە ئىزخىر، كاۋاۋچىنى، مامىرانچىنىدىن 10 گىرامدىن، بوزتىكەندىن ئۈچ گىرام ئېلىپ، قائىدە بويىچە قاينىتىلما تەييارلاپ ئىچسە، جىگەر توسالغۇلىرىنى ئېچىپ، سېرىقلىقنى يوقىتىدۇ.

3. بوزتىكەندىن ئۈچ گىرام، تەرخەمەك ئۇرۇقى، تاۋۇز ئۇرۇقى، كاكىنەچ قاتارلىقلاردىن 10 گىرامدىن ئېلىپ، قائىدە بويىچە قاينىتىپ ئىچسە، سۈيدۈكنى راۋان قىلىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] 5 ～ 10 گىرامغىچە.

[زىيانلىق تەسىرى] بۆرەككە زىيان قىلىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] كەتىرا.

[**ئورۇنباسارى**] كاكىنەچ.
[**دىققەت قىلىدىغان ئىشلار**] ئاشقازىنى ئاجىزلارغا كۆپ ئىشلەتمەسلىك لازىم.

## تېزەكچى قوڭغۇز
## 提杂其库故孜
(蜣螂虫 qiang lang chong)

[**باشقا ئاتىلىشى**] قىغ قوڭغۇزى، تۇلۇقچى قوڭغۇز
[**لاتىنچە نامى**] Catharsius molossus
[**ئىنگلىزچە نامى**] Dung Beetle


تېزەكچى قوڭغۇز

[**تونۇش**] بۇ، تېنى قارا، ئۇزۇنلۇقى 3 ~ 4 سانتىمېتىر، باش قىسمى ياپىلاق، دۈمبە قىسمىدا توغرىسىغا كەتكەن قىرلىرى ھەم قاسىراقلىق قانىتى بار، كىچىك چىراغ يورۇقىغا ئامراق بىر خىل قوڭغۇز بولۇپ، ئەركەك قوڭغۇزنىڭ باش قىسمىنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر تال قىسقا بۇرۇتچىسى ھەم ئالدىنقى كۆكرىكىنىڭ ئۇچىدا ۋە ئوڭ ـ سولدا ئىككى تال بۇرۇتى بولۇپ، چىشىسىدا بۇرۇت بولمايدۇ. بۇ قوڭغۇزنىڭ ئەركىكى «قىغ قوڭغۇزى»، «تېزەك قوڭغۇزى» ياكى «تۇلۇقچى قوڭغۇز» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ. (3.22 ـ رەسىم)
[**چىقىش ئورنى**] ئېلىمىز ۋە ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ كۆپلىگەن جايلىرىدىن تېپىلىدۇ.
[**يىغىپ ساقلاش**] بۇ قوڭغۇز زەھەرلىك بولۇپ، ئىشلەتكەندە ئېھتىيات بىلەن ئىشلىتىش بىلەن بىرگە سوغۇق جايدا ساقلىنىدۇ.
[**خىمىيەلىك تەركىبى**] بىر خىل زەھەرلىك تەركىب بار بولۇپ، قىغ قوڭغۇزى زەھەر ماددىسىدىن ئىبارەت. ئۇنۇملۇك تەركىبى سۇدا ئېرىيدۇ. ماي كىسلاتاسى بار.
[**فارماكولوگىيەلىك تەسىرى**] تىنچلاندۇرۇش، پالەچلەندۇرۇش تەسىرى بار، ئۇنىڭدىن باشقا نەپەسنى تېزلىتىدۇ.
[**لايىقلاشتۇرۇلۇشى**] ئوتتا قىزدۇرۇش ۋە قورۇتۇش ئارقىلىق لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.
[**تەبىئىتى**] بىرىنچى دەرىجىدە ھۆل سوغۇق.
[**خۇسۇسىيىتى**] تىنچلاندۇرۇش، ئىسپازما بوشىتىش، زەھەر قايتۇرۇش، ئىششىق ياندۇرۇش، تارتىشىشنى توختىتىش، تەرەتنى راۋانلاشتۇرۇش خۇسۇسىيەتلىرى بار.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر] چوڭ ـ كىچىك تەرەت راۋان بولماسلىق، باللاردىكى تارتىشىپ قېلىش، بوۋاسىر ئاقمىسى، چاقا ۋە چىيقان قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. تېزەكچى قوڭغۇزنى سۇس ئوتتا قىزدۇرۇپ سارغايتىپ، يۇمشاق سوقۇپ، كۈندە بىر قېتىم ئىككى گىرامنى قايناق سۇ بىلەن ئىچىپ بەرسە، چوڭ ـ كىچىك تەرەتنى راۋان قىلىدۇ.

2. تېزەكچى قوڭغۇزدىن بىر دانە ئېلىپ، قاينىتىپ ئىچىپ بەرسە، باللاردىكى تارتىششقا شىپا بولىدۇ.

3. تېزەكچى قوڭغۇزدىن مۇۋاپىق مىقداردا ئېلىپ، سۇس ئوتتا قىزدۇرۇپ قۇرۇتۇپ، يۇمشاق سوقۇپ، كافۇردىن ئازراق قوشۇپ كۈنجۈت يېغى بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ، يەرلىك ئورۇنغا تېڭىپ بەرسە، بوۋاسىر ئاقمىسى، چاقا ۋە چىيقانغا مەنپەئەت قىلىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] 1.2 ~ 3.2 گىرامغىچە.

[زىيانلىق تەسىرى] زەھەرلىك.

[تۈزەتكۈچىسى] سۈت.

[ئورۇنباسارى] ئاق يىلان.

[ۋەكىل خاراكتېرلىك پىششىق دورا ياسالمىسى] تېزەكچى قوڭغۇز تالقىنى.

## قۇنۇن

## 库努尼

(钩藤 gou teng)

[باشقا ئاتىلىشى] قۇنۇن غولى، قونۇن شېخى

[لاتىنچە نامى] Ramulus Uncaria rhynchophylla

[ئىنگلىزچە نامى] Sharpleaf Uncaria

[تونۇش] بۇ، رويان ئائىلىسىدىكى دائىم كۆكىرىپ تۇرىدىغان، ئېگىزلىكى 1 ~ 3 مېتىرغىچە ئۆسىدىغان ياغاچ غوللۇق ئۆسۈملۈك قۇنۇن بولۇپ، بۇ ئۆسۈملۈكنىڭ قۇرۇتۇلغان غولى ياكى شېخى «قۇنۇن» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ. (4.22 ـ رەسىم)

[چىقىش ئورنى] يۈننەن، گۇاڭشى، گۈيجۇ، سىچۇەن، خۇبېي، خۇنەن قاتارلىق جايلاردىن چىقىدۇ.

[يىغىش ساقلاش] بۇ ئۆسۈملۈكنىڭ مېۋىسى پىشقاندىن كېيىن، قۇرۇتۇپ ئۇرۇقىنى يىغىۋېلىپ، پاكىز تازىلاپ، قۇرۇق ھەم سالقىن جايدا ساقلىنىدۇ.

[خىمىيەلىك تەركىبى] تەركىبىدە ئىندوللۇق ئىشقارلار، خىرسۇتېن (Hirsuteine)، ھىپېرىن (Hyperin)، تىرفولىن (Trfolin)، كورىنوكسىن (Corynoxeine)، كورىنانتىن (Corynantheine) قاتارلىقلار بار.

[فارماكولوگىيەلىك تەسىرى] تىنچلاندۇرۇش، قان بېسىمنى تۆۋەنلىتىش، كالتسىي مەنبەلىك زىققىنى

پەسەيتىش رولى بار.

[تەبئىتى] بىرىنچى دەرىجىدە هۆل سوغۇق.

[خۇسۇسىيىتى] تىنچلاندۇرۇش، قىزىتما قايتۇرۇش، هارارەت پەسەيتىش، جىگەر خىزمىتىنى ياخشىلاش، يەل تارقىتىش، تارتىشىشنى توختىتىش خۇسۇسىيەتلىرى بار.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر] چۆچۈش، يەلدىن پۇت - قول تارتىشىش، چىشى كىرىشىپ قېلىش، يۇقىرى قان بېسىمى، ئىسسىقتىن بولغان باش ئاغرىقى، باش قېيىش قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. كۆيدۈرۈلگەن كەركىدان مۈڭگۈزى، تيەنما غولى، كۆيدۈرۈلگەن چايان، قۇنۇن قاتارلىقلارنى بىرلىكتە قاينىتىپ ئىچىپ بەرسە، چۆچۈش، قىزىتما، پۇت - قول تارتىشىپ قېلىش، چىشى كىرىشىپ قېلىش قاتارلىقلارغا شىپا بولىدۇ.

2. ئاق سەندەل، لېپەكگۈل، سەدەپ، قۇنۇن قاتارلىقلارنى قاينىتىپ ئىچىپ بەرسە، يۇقىرى قان بېسىم، باش ئاغرىش، باش قېيىش قاتارلىقلارغا شىپا بولىدۇ. ئەمما قۇنۇننى قايناتقاندا ۋاقتىنى 20 مىنۇتتىن ئاشۇرۇۋەتمەسلىك لازىم.

[ئىشلىتىش مىقدارى] 8 ~ 20 گىرامغىچە.

[زىيانلىق تەسىرى] ئۆپكىگە زىيان قىلىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] كەتىرا، ئەرەب يېلىمى.

[ئورۇنباسارى] بىنەپشە.

[ۋەكىل خاراكتېرلىك پىششىق دورا ياسالمىسى] قۇنۇن شەربىتى.

## شەۋكىران

## 消渴兰

## （葫蔓藤 hu man teng）

[باشقا ئاتىلىشى] سىخ تەخەت، دورس، شەۋكران

[لاتىنچە نامى] Herb Gelsemium elegans

[ئىنگلىزچە نامى] Graceful Jessamine Herb

[تونۇش] بۇ، كۆچۈلا ئائىلىسىدىكى دائىم ياشىرىپ تۇرىدىغان، ياغاچ غوللۇق، ئۇزۇنلۇقى 3 ~ 5 مېتىر، پۈتۈن چۆپى تۈكسىز ئۆسىدىغان ئۆسۈملۈك شەۋكىراننىڭ يىلتىزى بولۇپ، «شەۋكىران» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ. هېكىم لوقماننىڭ «دابىئە» دېگەن كىتابىدا: «بۇ ئۆسۈملۈك بىر خىل شىلىمشىق ئۆسۈملۈك بولۇپ، ئۆسۈملۈكنىڭ تېنى بوغۇملۇق، ئارپىبەدىيان شاخلىرىغا ئوخشايدۇ، لېكىن ئۇنىڭدىن بىرئاز يۇملاقراق، ئۆششاق شاخلىرى چەللىدەك بولىدۇ، يوپۇرمىقى پىدىگەننىڭ يوپۇرمىقىغا ئوخشايدۇ، بىرئاز چوڭ، پۇرىقى ئۆتكۈر، گۈلى ئاق، شەكلى سېرىقچېچەككە ئوخشاش، ئۇرۇقى جۇۋنەگە ئوخشاش ئاقۇچ بولىدۇ» دېيىلگەن. (5.22 - رەسىم)

www.uyghurkitap.com



شەۋكىران

[چىقىش ئورنى] ئېلىمىزنىڭ شەرقىي جەنۇبىدىكى ئۆلكىلەر، ياۋروپا، شىمالىي ئاسىيا قاتارلىق جايلاردىن چىقىدۇ.

[يىغىپ ساقلاش] بۇ ئۆسۈملۈكنىڭ ئورۇقى پىشقاندا يىلتىزىنى كولاپ ئېلىپ، يۇيۇپ قۇرۇتۇپ ساقلىنىدۇ.

[خىمىيەلىك تەركىبى] پۈتۈن چۆپىنىڭ تەركىبىدە ئالكولوئىد بار، بۇنىڭ ئاساسلىق تەركىبى كوۋمىن (kouminidine)، كوۋمىنتىسىن (kouminocine)، كوۋمىندىن (kouminidine)، گىلىپسىمىن (Glsemine)، سېمپېرۋىن (Sempervine)، كوۋنىدىن (kounidine) قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.

[فارماكولوگىيەلىك تەسىرى] شەۋكىراننىڭ ئاساسلىق زەھەرلىك تەركىبى كوۋمىن، كوۋمىنتىسىن، كومىندىن قاتارلىقلاردىن ئىبارەت. كوۋمىنتىننىڭ ئۆي توشقىنىغا نىسبەتەن ئۆلتۈرۈش مىقدارى ھەر بىر كىلوگىرام ئۈچۈن 0.8 مىللىگىرامدىن ئىبارەت.

[لايىقلاشتۇرۇلۇشى] ئىلغاپ ساپلاشتۇرۇش، قۇرۇتۇش ئارقىلىق لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

[تەبىئىتى] ئۆتتىنچى دەرىجىدە قۇرۇق سوغۇق.

[خۇسۇسىيىتى] ياللۇغ قايتۇرۇش، سېزىمسىزلاندۇرۇش، يەرلىك ئورۇننى مەست قىلىش، ئاغرىق پەسەيتىش، تارتىشىشنى يوقىتىش، ئۇيقۇ كەلتۈرۈش خۇسۇسىيەتلىرى بار.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر] غەيرىي تەبىئىي سەپرا خىلتىدىن بولغان ياللۇغلار، مەقئەت ياللۇغى، بۇۋاسىر، بوغۇم ئاغرىقى، تىترىمە كېسەل، ئەسەبىي كېسەللىكلەر، كونا يۈتەل، زىققە قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. شەۋكىراننىڭ ھۆل يوپۇرمىقى ۋە شاخلىرىنىڭ سۈيىنى چىقىرىپ، مۇۋاپىق مىقداردا ئىچسە، غەيرىي تەبىئىي سەپرا خىلتىدىن بولغان ياللۇغلارنى قايتۇرىدۇ.

2. شەۋكىراندىن مۇۋاپىق مىقداردا ئېلىپ، گاۋزىبان ۋە خام زەنجىۋىل بىلەن قاينىتىپ ئىچسە، ئەسەبىي كېسەللىكلەرگە مەنپەئەت قىلىدۇ.

3. شەۋكىراندىن 15 گىرام، زەيتۇن يېغىدىن مۇۋاپىق مىقداردا ئېلىپ، مەلھەم تەييارلاپ يەرلىك ئورۇننى مايلاپ بەرسە، مەقئەت كېسەللىكلىرى ۋە بوغۇم ئاغرىقلىرىغا مەنپەئەت قىلىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] 1~5 گىرامغىچە.

[زىيانلىق تەسىرى] سېزىمنى سۇسلاشتۇرىدۇ، ئەسەبلەرنى بوشىتىدۇ، كۆرۈش قۇۋۋىتىنى ئاجىزلاشتۇرىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] ھەسەل، ئەپسەنتىن، قۇندۇز قەھرى.

[**ئورۇنباسارى**] بەزرۇلبەنجى.

[**ۋەكىل خاراكتېرلىك پىششىق دورا ياسالمىسى**] شەۋكىران قايىنتىلمىسى، مەلھىمى شەۋكىران.

[**قوشۇمچە**] بۇ بىر خىل زەھەرلىك دورا بولۇپ، مىقداردىن ئېشىپ كەتسە ياكى مىقدارى ئالتە گىرامغا يەتسە، گالنى بوغۇپ، نەپەس يولىنى توسۇپ، نەپەس بوغۇلۇشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. بىمارنىڭ ھاياتىغا خەۋپ يەتكۈزىدۇ.

## لۇپاھ

## 鲁帕哈

## （**颠茄草** dian qie cao）

[**باشقا ئاتىلىشى**] ئاترۇپا چۆپى

[**لاتىنچە نامى**] Herba Atropa belladonna

[**ئىنگلىزچە نامى**] Common Atropa Herb

[**تونۇش**] بۇ، پىدىگەن ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈكنىڭ پۈتۈن چۆپى بولۇپ، يوپۇرماق يۈزى سارغۇچ يېشىل رەڭلىك، ئۈستى يۈزىنىڭ رەڭگى توقراق، ئىككىلا يۈزىدە ئاز ساندا تۈكلەر بار. گۈلى توق سۆسۈن رەڭلىك بولىدۇ. ئۆزى نېپىز ھەم چۈرۈك، تەمى ئاچچىق كېلىدۇ. (22. 6 ـ رەسىم)

[**چىقىش ئورنى**] ئېلىمىزنىڭ ئىچكى ئۆلكىلىرىدىن ھەم ھىمالايا تاغ ئېتەكلىرىدىن چىقىدۇ.

[**يىغىپ ساقلاش**] بۇ ئۆسۈملۈكنىڭ دورىلىق قىسمىنى كۈز پەسلىدە يىغىپ قۇرۇتۇپ، قۇرغاق ئورۇندا ساقلىنىدۇ.

[**خىمىيەلىك تەركىبى**] لۇپاھنىڭ تەركىبىدە تەخمىنەن 0.5% كىچە ئالكولوئىد تۇتىدۇ، بۇنىڭ ئاساسلىق تەركىبى بەزرۇلبەنجى ئالكولوئىدى، ھىئوسىيامىن (Hyoscyamine) ۋە ئاز مىقداردا سكوپولامىندىن (scopolamine) ئىبارەت. ھىئوسسىيامىن ساقلاش، پىششىقلاش، تەييارلاش جەريانىدا تەدرىجىي ئاتروپىنغا (Atropine) ئايلىنىدۇ. يەنە ئاز مىقداردىكى ئالكوئىد ئاپوئاترو ئاتروپىن (Atropine)، بېللادونىن (Belladonine)، نۇرھىئوسىيامىن (Norhyoscyamine)، نۇرئاتروپىن (Noratropine) قاتارلىقلار بار. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە ئاز مىقداردا ئۇچۇچان مەنبەلىك تۈز ئاساسلىرى بار.

[**فارماكولوگىيەلىك تەسىرى**] لۇپاھنىڭ ئاساسلىق ئۈنۈملۈك تەركىبى ھىئوسىيامىن بولۇپ، بۇنى ئېلىش جەريانىدا ئاتروپىنغا ئايلىنىدۇ. بۇنىڭ تەسىرىنى تۆۋەندىكىدەك بىرقانچە خىلغا يىغىنچاقلاشقا بولىدۇ:

1. سىلىق مۇسكۇلنىڭ تارتىششىنى تورمۇزلايدۇ، ئاتروپىن نۇرغۇنلىغان سىلىق مۇسكۇللارنى بوشاشتۇرۇپ، ئاشقازان ـ ئۈچەي يوللىرى سىلىق مۇسكۇللىرىنىڭ قاتتىق لۆمۈلدىشى ياكى قىسقىرىۋېلىشىنى تورمۇزلايدۇ. ئاشقازان ـ ئۈچەي سانجىقىنى يەڭگىلىتىدۇ. سۈيدۈك چىقىرىش نەيچىسى ۋە دوۋساق، سۈيدۈك كەلتۈرۈش مۇسكۇلىغا نىسبەتەنمۇ تەشەننۇجنى بوشاشتۇرۇش تەسىرى بار. كىلىنىكىدا ھەر خىل ئىچكى ئەزالار سانجىقى، مەسىلەن: ئاشقازان ـ ئۈچەي سانجىقى، بۆرەك سانجىقى ۋە دوۋساقنىڭ غىدىقلى-

www.uyghurkitap.com

نىش ئالامەتلىرى، سۈيدۈك تامچىلاپ كېلىش، سۈيدۈك قىستاش قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلسە ئۈنۈمى خېلى ياخشى.

2. بەز تەنچىلىرىنىڭ ئاجرىتىپ چىقىرىشىنى تورمۇزلايدۇ، ئاتروپىن شۆلگەي بېزى ۋە تەر بېزىنى تورمۇزلاپ، ئېغىز قۇرۇش ۋە تېرە قۇرغاقلىشىش پەيدا قىلىدۇ. شۇنداقلا ياش بېزى ۋە نەپەس يولى قاتالرىقلارنى كېڭەيتىدۇ، ئاتروپىن پۈتۈن بەدەننى ناركوز قىلىشتىن ئىلگىرى بېرىلسە، نەپەس يولى قاتارلىقلارنى كېڭەيتىدۇ، نەپەس يولىدىكى ئاجراتمىلىرىنى توختىتىپ، نەپەس يولىنى قۇرۇتىدۇ ۋە سۈمۈرۈش مەنبەلىك ئۆپكە ياللۇغى يۈز بېرىشىنى توسۇش ئۈچۈنمۇ ئىشلىتىلىدۇ.

3. كۆز سىلىق مۇسكۇلغا بولغان تەسىرى: ئاتروپىن كۆز قارىچۇقى پۈرمە مۇسكۇلى ۋە كىرپىكسىمان مۇسكۇلنىڭ قىسقىرىشىنى تورمۇزلاپ، كۆز قارىچۇقىنى كېڭەيتىدۇ. كۆز بېسىمىنى ئۆرلىتىدۇ ۋە پالەچلىنىشىنى تەڭشەيدۇ. بۇ رەڭدار كىرپىكسىمان تەنچە ياللۇغىغا ئىشلىتىلسە، رەڭدار پەردە بىلەن كىرىستال تەنچىنىڭ چاپلىشىپ قېلىشى ۋە كۆز قارىچۇقى توسۇلۇشىنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ. گىلاۋكوما كېسىلى بارلار ئىشلىتىشكە بولمايدۇ.

4. بۆرەك قان تومۇر قىسمىغا بولغان تەسىرى مۇنداق ئىككى خىل بولىدۇ:

(1) داۋالاش دوزىسىدىكى ئاتروپىن بىر قىسىم كېسەللىكلەرنىڭ يۈرەك رىتىمىنى ۋاقىتلىق ئاستىلىدۇ. چوڭراق مىقدارى (بىر ـ ئىككى مىللىگىرام) يۈرەك رىتىمىنى تېزلىتىدۇ.

(2) ئاداشقان نېرۋا ئارتۇقچە قوزغىلىشتىن كېلىپچىققان ئۆتكۈزۈش توسۇلۇش ۋە يۈرەك رىتىمى بۇزۇلۇشقا قارشى تۇرالايدۇ. نورمال كىشىلەر بەدىنىگە نىسبەتەن سۈس، دالانچە تۈگۈنىنىڭ ئۆزىنى تۇتۇشىنى يۇقىرى كۆتۈرىدۇ. يۈرەك دالانچىسىنىڭ تەسىرلەنمەسلىك دەۋرىنى قىسقارتىپ، يۈرەك دالانچىسى ئىچكى ئۆتكۈزۈشىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. ئاداشقان نېرۋا ئارتۇقچە قوزغىلىش كەلتۈرۈپ چىقارغان سىنوس دالانچىسى توسۇلۇش، دالانچە توسۇلۇش قاتارلىق ئاستا خۇسۇسىيەتلىك يۈرەك رىتىمى قالايمىقانلىشىشلارغا ئىشلىتىلىدۇ. يەنە ئىككىلەمچى سىنوس دالانچە تۈگۈنىنىڭ خىزمىتى تۈۋەنلەپ كېتىش بىلەن پەيدا بولغان قېرىنچە مەنبەلىك غەيرىي رىتىم قاتارلىقلارنى داۋالايدۇ.

5. مەركىزىي نېرۋا سىستېمىسىغا بولغان تەسىرى: چوڭراق مىقدارى (بىر ـ ئىككى مىللىگىرام) ئۇزۇنچاق مېڭە ۋە چوڭ مېڭىنى يەڭگىل دەرىجىدە قوزغىتىدۇ، 2 ~ 5 مىللىگىرامنىڭ غىدىقلاش تەسىرى كۈچلۈكرەك بولۇپ، تاقەتسىزلىك، بىئاراملىق، كۆپ سۆزلەش، خۇدىنى يوقىتىش قاتارلىق ئالامەتلىرى كۆرۈلىدۇ. زەھەرلەش مىقدارى ئادەتتە خىيالىي تۈيغۇ، يۆنىلىش، تۇسالغۇغا ئۇچراش، ھەرىكەت يوقىلىش ۋە تارتىشىپ قېلىش قاتارلىق ئەھۋاللارنى پەيدا قىلىدۇ.

6. كىلىنىكىدا شوك كېسەللىكىگە چوڭ مىقداردا ئاتروپىن ئىشلىتىلىدۇ. مەسىلەن: ئۆتكۈر تارقىلىشچان مېڭە يۇلۇن پەردە ياللۇغى، زەھەرلىنىش مەنبەلىك باكتېرىيەلىك تولغاق، زەھەرلىنىش مەنبەلىك ئۆپكە ياللۇغى قاتارلىقلار پەيدا قىلغان يۇقۇملىنىش مەنبەلىك كېسەللىكلەر قاتارلىقلار.

شوك قاتارلىقلاردا ئاتروپىن قان تومۇرنىڭ قىسقىرىۋېلىشىنى يوقىتىپ، ئەتراپ قان تومۇرلارنى كېڭەيتىدۇ، مىكرو قان ئايلىنىشنى ياخشىلايدۇ. لېكىن تەسىرى ھازىرغىچە ئېنىق ئەمەس، ئۇنىڭدىن باشقا ئورگانىك فوسفاتازا تورلىرى بىلەن زەھەرلىنىشنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ. دورا ياساش

سانائىتىدە ئېكستراكىنى ۋە تىنكتورىسى تەييارلىنىدۇ. بۇ ياسالمىلار تارتىشىشنى قايتۇرۇش، ئاغرىق توختىتىش، بەز ئاجرالمىلىرىنى چىقىرىش خىزمىتىنى توختىتىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

[لايىقلاشتۇرۇلۇشى] ساپلاشتۇرۇش، قۇرۇتۇش ئارقىلىق لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

[تەبىئىتى] ئۈچىنچى دەرىجىدە قۇرۇق سوغۇق.

[خۇسۇسىيىتى] ئاغرىق توختىتىش، نېرۋىنى تىنچلاندۇرۇپ مەست قىلىش، تېرىنى قىزارتىش، ئىششىق ياندۇرۇش، سۈيدۈك ھەيدەش، تەرلەشنى توختىتىش، سۈتنى كېمەيتىش خۇسۇسىيىتى بار.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر] چوڭ ـ كىچىك بوغۇملار ئاغرىقى، يانپاش ئاغرىقى، بەل ئاغرىقى، ئاقكېسەل، كونا يۆتەل، زۇققە، دوۋساق ئېچىشىپ ئاغرىش، كۆپ ئېھتىلام بولۇش، كۆپ تەرلەش، سۈتنىڭ كۆپلۈكى قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. سۆرۈنجان، سانا، بەديان، ئىزخىرلارنىڭ ھەربىرىدىن 10 گىرام، لۇپاھتىن بىر گىرام ئېلىپ زىمات تەييارلاپ، يەرلىك ئورۇنغا چاپسا، بەل ـ پۇت ئاغرىقلىرىغا مەنپەئەت قىلىدۇ.

2. لۇپاھتىن ئۈچ گىرام، گۈل يېغىدىن 10 مىللىگىرام ئېلىپ، مەلھەم تەييارلاپ يەرلىك ئورۇنغا چاپسا، مۇچە ئاغرىقلىرىغا مەنپەئەت قىلىدۇ.

3. بەزرۇلبەنجى، كەندىر 10 گىرامدىن، ئەپيۇندىن 0.1 گىرام، لۇپاھتىن 0.5 مىللىگىرام ئېلىپ، تالقان تەييارلاپ بىر گىرامدىن ئىچىپ بەرسە، ھەر خىل جىددىي خاراكتېرلىك ئاغرىقلارنى توختىتىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] 1 ~ 0.5 ـ مىللىگىرامغىچە.

[زىيانلىق تەسىرى] باش ئاغرىتىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] سۇمبۇل، لاچىندانە

[ئورۇنباسارى] بەزرۇلبەنجى، ئەپيۇن.

[ۋەكىل خاراكتېرلىك پىششىق دورا ياسالمىسى] مەجۇن بەرشىشا، ھەببى ئىمساك.

## ئۇسرۇل
## 欧苏如力
(萝芙木 luo fu mu)

[باشقا ئاتىلىشى] راۋولفىيە يىلتىزى

[لاتىنچە نامى] Radix Rauvolfia verticillata

[ئىنگلىزچە نامى] Common Devilpepper Root

[تونۇش] بۇ، تال گۈل ئائىلىسىدىكى چاتقال ئۆسۈملۈك راۋولفىيە چاتقىلى بولۇپ، بۇ ئۆسۈملۈكنىڭ يىلتىزى «ئۇسرۇل» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ. قۇرۇتۇلغان يىلتىزى كونۇس شەكىللىك بولۇپ، سىرتقى كۆرۈنۈشى كۈل رەڭگە مايىل، خورما رەڭ ئۆزى قاتتىق بولۇپ ئاسان سۇنمايدۇ، تەمى ئاچچىق، ئازراق خۇش پۇراق كېلىدۇ. (7.22 ـ رەسىم)

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

[**چىقىش ئورنى**] ئىلىمىزنىڭ گۇاڭدۇڭ، گۇاڭشى، يۈننەن، گۈيجۇ قاتارلىق ئۆلكىلىرىدىن ھەم ھىندىستان ۋە غەرب ئەللىرىدىن چىقىدۇ.

[**يىغىپ ساقلاش**] بۇ ئۆسۈملۈكنىڭ ئۈرۈقى پىشقاندا يىلتىزىنى كولاپ ئېلىپ، يۇيۇپ قۇرۇتۇپ ساقلىنىدۇ.

[**خىمىيەلىك تەركىبى**] ئۇسرۇل يىلتىزىدىن رېزېرپىن (Reserpine)، ئەجمەلىتسىن (Ajmalicine)، سېرپىنتىن (Serpentinine)، ئەجمالىن (Ajmaline)، راۋۋۇلفىن (Rauvolfine)، ساماتىن (Samatine)، راۋولفىيا A (RaurolfiaA)، ۋېللو زىمىن (Vellosimine)، پېراكسىن (Peraksine) قاتارلىق كۆپ خىل ئالكولوئىدلار ئايرىپ ئېلىنغان، بۇلارنىڭ مىقدارى 1%~2% كىچە يېتىدۇ، ئۇسرۇل تەركىبىدە يەنە ئورزولىك كىسلاتاسى (Ursolic acid) بار، ئەجمالىن ئەمەلىيەتتە ھۆل يىلتىزنىڭ ئۇسارىسىدۇر.

[**فارماكولوگىيەلىك تەسىرى**]

1. قان بېسىمىنى چۈشۈرگۈچى رېزېرپىنسىمان تەسىرى: رېزېرپىن ئۇنىزول ئۆسۈملۈكنىڭ ئاساسلىق ئالكولوئىدى بولۇپ، ئۇنىڭ قان بېسىمىنى چۈشۈرۈش تەسىرى بار.

رېزېرپىن قان بېسىمىنى چۈشۈرىدۇ ۋە يۈرەك رىتىمىنى ئاستىلىتىدۇ، بۇنىڭ تەسىرى ناھايىتى ئاستا، ئۇزۇنغا سوزۇلىدۇ، بۇ دورىنى يېگەندىن كېيىن، ئادەتتە بىر ھەپتە ئۆتكەندە تەسىر ئاندىن كۆرۈلىدۇ. بىر ھەپتىدىن كېيىن يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرۈلىدۇ، ۋېنا تومۇرغا ئوكۇل قىلىنسىمۇ تەسىرى تەدرىجىي كۆرۈلىدۇ، قان بېسىمىنى چۈشۈرۈش تەسىرى بىر سائەت ئەتراپىدا كۆرۈلۈشكە باشلايدۇ، رېزېرپىننىڭ نېرۋا، بۆرەك ۋە ھورمۇن مەنبەلىك يۇقىرى قان بېسىمى كېسەللىكلىرىگە نىسبەتەن قان بېسىمىنى چۈشۈرۈش رولى بار.

2. مەركىزىي نېرۋا سىستېمىغا بولغان تەسىرى: رېزېرپىننىڭ مەركىزىي نېرۋا سىستېمىسىنى تىنچلاندۇرۇش رولى بار. ئاز مىقداردا ئىشلىتىلسە، ماغدۇرسىزلىق، تىنچلىنىش، ئۇخلىتىش پەيدا قىلىدۇ، لېكىن بەك قاتتىق ئۇخلىمايدۇ، ئاسانلا ئويغىنىدۇ، بەدەن ئىچىدىكى جەريانى: ئىچكەندىن كېيىن بىر قىسمى سۈمۈرۈلىدۇ، كۆپ قىسمى ئۈچەيدە بۇزۇلىدۇ، ئوكۇلنىڭ ئۈنۈمى ئىچكەنگە قارىغاندا ياخشى، سۈمۈرگەندىن كېيىن بەدەندە تېزلا بۇزۇلىدۇ، ئاز ساندىكى بۇزۇلمىغانلىرى سۈيدۈكتە پەيدا بولىدۇ، شۇڭا رېزېرپىنىك ئۇزۇنغا سوزۇلغان تەسىرى بىلەن يىغىلىپ قېلىش خۇسۇسىيىتى دورىنىڭ ئۆزىدىن ئەمەس.

[**لايىقلاشتۇرۇلۇشى**] ساپلاشتۇرۇش، قۇرۇتۇش ئارقىلىق لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

[**تەبىئىتى**] بىرىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[**خۇسۇسىيىتى**] ئاغرىق پەسەيتىش، تىنچلاندۇرۇش، ئۇخلىتىش، قىزىتما قايتۇرۇش خۇسۇسىيەتلىرى بار.

[**ئىشلىتىدىغان كېسەللىكلەر**] ئۇيقۇسىزلىق، مالىخولىيا، ساراڭلىق، يۇقىرى قان بېسىمى قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ (ئۇسرۇل ھازىر ئارام بەرگۈچى دورىلار قاتارىدا ئالدىنقى ئورۇندا تۇرىدۇ).

[**ئىشلىتىش ئۇسۇلى**]

1. سەندەل، بىدىمۇشكى، قىزىلگۈلنىڭ ھەربىرىدىن 10 گىرام، ئۇسرۇلدىن 0.25 مىللىگىرام ئېلىپ، قائىدە بويىچە كاشكاپ تەييارلاپ ئىچىپ بەرسە، قان بېسىمىنى چۈشۈرىدۇ.

2. ئۇستۇقۇددۇس، گاۋزىبان، بادرەنجبۇيا، لاچىندانە، سازەجنىڭ ھەربىرىدىن 20 گىرامدىن،

ئۇسرۇلدىن 0.25 مىللىگىرام ئېلىپ، قائىدە بويىچە كاشكاپ تەييارلاپ ئىچىپ بەرسە، ئۇيقۇ كەلتۈرىدۇ، مالىخولىياغا شىپا بولىدۇ. ئاغرىق پەسەيتىدۇ.

3. بىنەپشە، نىلۇپەر، تەمرىھىندىنىڭ ھەربىرىدىن 10 گىرام، ئۇسرۇلدىن 0.25 گىرام ئېلىپ، كاشكاپ تەييارلاپ ئىچىپ بەرسە، قىزىتمىنى قايتۇرىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] 0.25~0.45 مىللىگىرامغىچە.

[زىيانلىق تەسىرى] ئەزالارغا قۇرۇقلۇق يەتكۈزۈپ قويىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] ئەرەب يېلىمى، كەتىرا.

[ئورۇنباسارى] ئىتياشقى گۈلى.

[ۋەكىل خاراكتېرلىك پىششىق دورا ياسالمىسى] ھەببى شىپا.

## قەھۋە

## 咖哈瓦

## (咖啡 ka fei)

[باشقا ئاتىلىشى] كوفىي، كافى، بون

[لاتىنچە نامى] Semen Caffeae arabica

[ئىنگلىزچە نامى] Caffee



قەھۋە دەرىخى

[تونۇش] بۇ، رويان ئائىلىسىدىكى چاتقال ياكى كىچىك دەرەخ ئەرەبىستان قەھۋەسى (Caffea arabica) بولۇپ، بۇ ئۆسۈملۈكنىڭ مېۋە پوستى بىلەن ئۇرۇق پوستى ئېلىۋېتىلگەندىن كېيىن قېپقالغان ئۇرۇقى «قەھۋە» ياكى «بوران» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ. (8.22 ـ رەسىم)

[چىقىش ئورنى] پۈتۈن بەدەندىكى ئىسسىق بەلباغ رايونلىرىدىن چىقىدۇ.

[يىغىش ساقلاش] كۈز پەسلىدە مېۋىسى پىشقاندا يىغىپ ئېلىپ، پوستى ئاجرىتىۋېلىپ قۇرۇتۇپ ئىشلىتىلىدۇ.

[خىمىيەلىك تەركىبى] قەھۋە تەركىبىدە ئاساسلىقى كوفېئىن (Caffeine) بار، يەنە تەخمىنەن 1%~2% كىچە شۈمشا ئىشقارى، تىرىگونېللىن (Trigonelline)، 9% تاننىن كىسلاتا (Tannic acid)، 10%~12% كىچە ياغ، 8% قەنت خىللىرى ۋە سۇدا ھاسىل بولىدىغان ماددا كوفېئىك ئاتسىد (Xaffeic acid)، كۇينىك ئاتسىد (Quinic acid) قاتارلىقلار بار. قورۇلغان قەھۋە يەنە پۇراقلىق ماددا كوفېئول، كوفېئون (Caffiol, Cofione) قاتارلىقلارنى ھاسىل قىلىدۇ. بۇ خىل قەھۋە ئالاھىدە پۇراقلىق بولىدۇ.

[فارماكولوگىيەلىك تەسىرى] قەھۋە يۈرەكنى قۇۋۋەتلەش، سۈيدۈك ھەيدەش، مەركىزىي نېرۋا سىستېمى-

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورىبېتى

سىنى، بولۇپمۇ چوڭ مېڭە نېرۋىلىرىنى قوزغىتىش تەسىرىگە ئىگە. شۇڭا نېرۋا مەركىزىنى تورمۇزلىغۇچى دورا — ناركوز دورىلىرى، ئۇخلاتقۇچى دورا ۋە مورفىن قاتارلىقلارنىڭ زەھىرىنى قايتۇرغۇچى قىلىپ ئىشلىتىلىدۇ؛ كوفېئىنىڭ كىسلاتاسى ئۆت سۇيۇقلۇقىنى ھەيدەش تەسىرىگە ئىگە. كىچىك دورىسى ھىدرو-گېنسىز ئۆت كىسلاتاسىغا قارىغاندا تەسىر قىلىش ۋاقتى ئۇزۇن ھەمدە ئۆت سۇيۇقلۇقىنى ھەيدىمىگەندىن كېيىنمۇ ئۆت سۇيۇقلۇقىنىڭ ئاجرىلىپ چىقىرىلىشىنى كۆرۈنەرلىك ھالدا ئازايتىدىغان ھادىسىلەرمۇ كۆرۈلىدۇ. يەنە قاناش ۋاقتىنى ۋە قان قېتىش ۋاقتىنى قىسقارتىدۇ.

[لايىقلاشتۇرۇلۇشى] پوستىنى ئايرىپ ئېلىپ ساپلاشتۇرۇلىدۇ.

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق

[خۇسۇسىيىتى] ئاغرىق پەسەيتىش، توسالغۇلارنى ئېچىش، غەيرىي تەبىئىي بەلغەم خىلىتىنى تەڭشەش، ئاشقازان ۋە يۈرەكنى قۇۋۋەتلەش، سۈيدۈك ھەيدەش، ئىچ سۈرۈشنى توختىتىش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر] پۈتۈن بەدەن ئاغرىقى، باش ئاغرىقى، غەيرىي تەبىئىي خىلىتلاردىن بولغان قىزىتما، يۆتەل، جىگەر، ئۆت كېسەللىكلىرى، ئىچ سۈرۈش، ئاشقازان ئاجىزلىقى، روھىي ھالىتى نورمال بولماسلىق، سۈيدۈك تۇتۇلۇش، ئىشتىھاسىزلىق قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. مۇۋاپىق مىقداردىكى قەھۋەنى قاينىتىپ ئىچىپ بەرسە، پۈتۈن بەدەن ئاغرىقى ۋە باش ئاغرىقىغا پايدا قىلىدۇ.

2. مۇۋاپىق مىقداردىكى قەھۋەنى يۇمشاق ئېزىپ، ھەسەل بىلەن قوشۇپ لوئۇق تەييارلاپ بېرىلسە، يۆتەلگە پايدا قىلىدۇ.

3. مۇۋاپىق مىقداردىكى قەھۋەنى چالا قورۇپ، يۇمشاق سوقۇپ ئىچىپ بەرسە، ئىچ سۈرۈشنى توختىتىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] ئەھۋالغا قاراپ مۇۋاپىق مىقداردا بېرىلىدۇ.

[زىيانلىق تەسىرى] ئۇيقۇنى قاچۇرىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] زەنجىۋىل، زەپەر.

[ئورۇنباسارى] قەلەمپۇر.

[ۋەكىل خاراكتېرلىك پىششىق دورا ياسالمىسى.] قەھۋە دەملىمىسى، قەھۋە قاينىتىلمىسى.

[دىققەت قىلىدىغان ئىشلار] ئىسسىق مىزاج كىشىلەرگە كۆپ ئىشلەتمەسلىك كېرەك.

## تاماكا يوپۇرمىقى
## 塔马卡优普日蜜克
## (烟草　yan cao)

[باشقا ئاتىلىشى] كۆك تاماكۇ، موخىرەك، تەتەن

[لاتىنچە نامى] Herba seu Folium Nicotiana tabacum

[ئىنگلىزچە نامى] Common Tobacco Herb or Leaf

[تونۇش] بۇ، پىدىگەن ئائىلىسىدىكى بىر يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك تاماكا بولۇپ، بۇ



تاماكا يوپۇرمىقى

ئۈسۈملۈكنىڭ يوپۇرمىقى «تاماكا» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ. قۇرۇتۇلغان يوپۇرمىقى تۇخۇم شەكىللىك ياكى ئېللىپسىمان تېمىنە شەكىللىك، يوپۇرماق ساپىقى قىسقا، پەيسىمان بولىدۇ. ئالدى يۈزى سارغۇچ خورما رەڭلىك، ئارقا يۈزى سۇسراق، ئاساسىي تومۇرى كەڭ ھەم تومپىيىپ چىققان، نۇرغۇنلىغان بەز تۈكچىلىرى بار، سەل نەمدەلسە يېپىشقاقلىق پەيدا قىلىدۇ. پۇرىقى ئۆتكۈر، تەمى ئاچچىق بولىدۇ. (9.22 ـ رەسىم)

[**چىقىش ئورنى**] شىنجاڭنىڭ ھەممە جايلىرىدا تېرىپ ئۆستۈرۈلىدۇ.

[**يىغىپ ساقلاش**] ئۆسۈملۈكى يېتىلىپ، يوپۇرمىقىدىكى تۈكچىلەر چۈشۈپ پارقىراق ھالەتكە كەلگەندە يىغىۋېلىپ، سايىدا قۇرۇتۇپ ياكى قاقلاپ قۇرۇتۇپ ساقلىنىدۇ.

[**خىمىيەلىك تەركىبى**]: تەركىبىدە 1%~9% كىچە ئالكولوئىد ۋە روتىن (Rutin)، ئورگانىك كىسلاتالار، ماي، دېۋىرقاي، ئانورگانىك ماددىلار بار. تاماكا يوپۇرمىقىدىن ئاجرىتىپ ئېلىنغان ئالكولوئىد 41 خىل بولۇپ، بۇنىڭدىن 21 خىلىنىڭ قۇرۇلمىسى بېكىتىلىپ بولدى، بۇلاردىن ئاساسلىقى نىكوتىن (Nicotine)، ئانابازى (Anabasine)، ئاناتابىن (Anatabine) قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.

تاماكىنىڭ پۈتۈن چۆپىدە نىكوتىن تۇتىدۇ، پەقەت يوپۇرمىقىنىڭ تۇتقان مىقدارى ئەڭ كۆپ بولۇپ، پۈتۈن چۆپىدە تۇتقان مىقدارىنىڭ 64%نى ئىگىلەيدۇ. ئۇنىڭدىن قالسا يىلتىزىدا 13%، غولىدا 18%، گۈلىدە 5% بولىدۇ.

[**فارماكولوگىيەلىك تەسىرى**] تاماكىنىڭ پۈتۈن چۆپىدە زەھەرلىك تەركىبلەر بولۇپ، قوزغىتىش، روھلاندۇرۇش، ئۇيقۇنى قاچۇرۇش تەسىرى بار. تاماكىنىڭ قان بېسىمى يۇقىرى بىمارلارغا ناچار تەسىرى بار. ئادەتتە يۈرەك رىتىمى نورماللىسىز بولۇش ۋە تاجسىمان قان تومۇر كېسەللىكلىرىنى پەيدا قىلىدۇ. تاماكىنى كۆپرەك چەكسە، يەنە باش ئاغرىش، ئۇيقۇسىزلىق قاتارلىق نېرۋا كېسەللىكىنى پەيدا قىلىدۇ.

[**لايىقلاشتۇرۇلۇشى**] ئىلغاپ ساپلاشتۇرۇلىدۇ.

[**تەبىئىتى**] ئۈچىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق

[**خۇسۇسىيىتى**] تىنچلاندۇرۇش، چۈشكۈرتۈش، تۈتۈش، ئاغرىق توختىتىش، قۇرۇتۇش، قان توختىتىش، جاراھەت پۈتتۈرۈش، توسالغۇلارنى ئېچىش، مېڭىدىكى ھۆللۈكلەرنى قۇرۇتۇش ۋە مېڭە ئەسەبلىرىنى قوزغىتىش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە.

[**ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر**] نەپەس سىقىلىش، سىرتقى جاراھەت، بۇرۇن قاناش، ھەر خىل كونا جاراھەتلەر، چىش ئاغرىقى، ئىششىق ياندۇرۇش، پۇت تەمرەتكىسى قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. ھۆللۈكتىن بولغان چىش ئاغرىقى، يۆتەل، دەم سىقىلىش، بۇرۇن قاناش، ھەر خىل كونا جاراھەتلەرگە، چىش ئاغرىقىغا سۇفۇپ قىلىپ تەييارلاپ بەرسە مەنپەئەت قىلىدۇ.

2. تاماكىدىن 0.1 گىرام، قىزىلگۈل يېغىنى مۇۋاپىق مىقداردا ئېلىپ، زەخىملەرگە سۈركىسە تېز ساقىيىدۇ، جاراھەتلەرنى تازىلايدۇ.

3. قەلەمپۇر، پىلپىل، قارىمۇچ قاتارلىقلاردىن بەش گىرامدىن، تاماكا يوپۇرمىقىدىن 0.5 گىرام ئېلىپ، يۇمشاق سوقۇپ بۇرنىغا تارتىپ بەرسە، مېڭىدىكى ھۆللۈكلەرنى قۇرۇتىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] 0.25 ~ 0.5 گىرامغىچە.

[زىيانلىق تەسىرى] ئىسسىق مىزاج كىشىلەرگە، يۈرەككە، مېڭىگە، ئۆپكىگە زىيان قىلىدۇ، قاننى قويۇلدۇرۇپ، تومۇردا توسالغۇ پەيدا قىلىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] يېڭى سېغىلغان سۈت.

[ئورۇنباسارى] بىلىق دورىسى.

[دىققەت قىلىدىغان ئىشلار] ئىچكى جەھەتتىن ئىشلەتمەسلىك كېرەك. چەكسە خۇمار پەيدا قىلىدۇ.

## ئۆزبەر
## 欧孜拜
## (荆芥 jing jie)

[باشقا ئاتىلىشى] ئۆزبەر چۆپى

[لاتىنچە نامى] Herba Nepeta cataria

[ئىنگلىزچە نامى] Fineleaf Schizonepeta Herb

[تونۇش] بۇ، كالپۇكسىمان گۈللۈكلەر ئائىلىسىدىكى بىر يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك ئۆزبەر بولۇپ، بۇ ئۆسۈملۈكنىڭ يەر ئۈستى قىسمى «ئۆزبەر» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ. (10.22 ـ رەسىم)

[چىقىش ئورنى] غۇلجا، كۈنەس، ماناس، شىخەنزە قاتارلىق جايلاردىن چىقىدۇ.

[يىغىپ ساقلاش] بۇ ئۆسۈملۈكنىڭ دورىلىق قىسمىنى كۈز پەسلىدە يىغىپ قۇرۇتۇپ، قۇرغاق ئورۇندا ساقلىنىدۇ.

[خىمىيەلىك تەركىبى] ئاساسلىق تەركىبى ئۇچۇچان مايدىن ئىبارەت بولۇپ، ئۆسۈملۈكتە 0.43%~2.05%، باشقىدا 0.51%~4.11%، يوپۇرمىقىدا 2% كىچە ئۇچۇچان ماي بار، يىلتىز ۋە ئۇرۇقىدا ئۇچۇچان ماي تەركىبى يوق.

[فارماكولوگىيەلىك تەسىرى] قىزىتما قايتۇرۇش، تىنچلاندۇرۇش، ئاغرىق توختىتىش، قان توختىتىش، ياللۇغ قايتۇرۇش، يۈرەك رىتىمىنى تېزلىتىش، زىققىنى پەسەيتىش، بالىياتقۇ مۇسكۇلىنى قورۇش، بەدەننىڭ ئىممۇنىتېت كۈچىنى ئاشۇرۇش، قەنت سىيىش كېسىلىنى داۋالاش، باكتېرىيە ئۆلتۈرۈش

قاتارلىق رولى بار.

**[لايىقلاشتۇرۇلۇشى]** ئىلغاپ ساپلاشتۇرۇلىدۇ.

**[تەبىئىتى]** بىرىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

**[خۇسۇسىيىتى]** غەيرىي تەبىئىي بەلغەم خىلتىنى تەڭشەش، ئاغرىق پەسەيتىش، تارتىشىپ قېلىشنى قايتۇرۇش، قان توختىتىش قاتارلىق خۇسۇسىيىتى بار.

**[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر]** سوغۇقتىن بولغان زۇكام، باش ئاغرىش، بۇرۇن قاناش، تۇغۇتتىن كېيىنكى تارتىشىپ قېلىش، يېرىم باش ئاغرىقى، يەلتاشما (ئېشەكيېمى) قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

**[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]**

1. ئۇزبەر، كەۋرەك، زۇپا 12 گىرامدىن، زەنجىۋىلدىن تۆت گىرام ئېلىپ، سۇدا قايىنىتىپ ئىچىپ بەرسە، يېرىم باش ئاغرىقىغا مەنپەئەت قىلىدۇ.

2. ئۇزبەردىن 70 گىرام ئېلىپ تالقان قىلىپ، كۈندە ئىككى قېتىم، ھەر قېتىمدا سەككىز گىرامدىن كىچىك بالىنىڭ سۈيدۈكى ياكى قايناق سۇ بىلەن قوشۇپ ئىچىپ بەرسە، بۇرۇن قاناش، تۇغۇتتىن كېيىنكى پۇت ـ قول تارتىشىپ كىرىشىپ قېلىشقا مەنپەئەت قىلىدۇ.

3. ئۇزبەر ۋە خام گەجلەرنىڭ ھەربىرىدىن تەڭ مىقداردا ئېلىپ يۇمشاق سوقۇپ، كۈندە ئىككى قېتىم، ھەر قېتىمدا سەككىز گىرامدىن ئىچىپ بەرسە، باشنىڭ بىر تەرىپى ئاغرىشقا مەنپەئەت قىلىدۇ.

4. ئۇزبەردىن 35 گىرام ئېلىپ قازاندا قورۇپ، لاتا خالتىنىڭ ئىچىگە ئېلىپ، ئاغرىق ئورۇنغا سۈركەپ بەرسە، يەلتاشمىغا مەنپەئەت قىلىدۇ.

**[ئىشلىتىش مىقدارى]** 6 ~ 12 گىرامغىچە.

**[زىيانلىق تەسىرى]** ئىسسىق مىزاج كىشىلەردە باش ئاغرىقى پەيدا قىلىدۇ.

**[تۈزەتكۈچىسى]** گۈلبىنەپشە.

**[ئورۇنباسارى]** چۈچۈكبۇيا يىلتىزى.

**[ۋەكىل خاراكتېرلىك پىششىق دورا ياسالمىسى]** ئۇزبەر قايىنىتىلمىسى.

## كاھۇ ئۇرۇقى

## 欧松欧如合

## (莴苣子 wo ju zi)

**[باشقا ئاتىلىشى]** تۇخۇمى كاھۇ، خەسكى بىج، ئوسۇك ـ ئۇرۇقى

**[لاتىنچە نامى]** Fructus Lactuca Sativa

**[ئىنگلىزچە نامى]** Garden lettuce

**[تونۇش]** بۇ، مۇرەككەپ گۈللۈكلەر ئائىلىسىدىكى بىر يىللىق ياكى ئىككى يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك كاھۇ بولۇپ، بۇ ئۆسۈملۈكنىڭ ئۇرۇقى «كاھۇ ئۇرۇقى» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئۇرۇقى ئېللىپىس شەكىللىك، سەل ياپىلاق، سىرتقى يۈ-
زى كۆل رەڭگە مايىل ئاق ياكى سارغۇچ ئاق رەڭلىك، تەمى
سەل ئاچچىق، پۇرىقى ئاجىز كېلىدۇ. (11.22 ـ رەسىم)


كاھۇ ئۆسۈملۈكى

[چىقىش ئورنى] شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ھەممە جايلىرىدا تېرىپ ئۆستۈرۈلىدۇ.

[يىغىپ ساقلاش] بۇ ئۆسۈملۈكنىڭ مېۋىسى پىشقاندىن كېيىن، قۇرۇتۇپ ئۇرۇقىنى يىغىۋېلىپ، پاكىز تازىلاپ، قۇرۇق ھەم سالقىن جايدا ساقلىنىدۇ.

[خىمىيىلىك تەركىبى] كاھۇ ئۇرۇقى تەركىبىدە ئاتسىدوم لاكتونىكۇم (Lactunic acid)، كاھۇ ئېلېمېنتى (Lactucarin)، ئالما كىسلاتاسى، كەھرىۋا كىسلاتاسى، ئاسپاراگىن، ياغ، ۋىتامىن A، B، C، E، كۆل ماددىلىرى، ئاقسىل قاتارلىقلار بار.

[لايىقلاشتۇرۇلۇشى] ئىلغاپ ساپلاشتۇرۇلىدۇ.

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق سوغۇق.

[خۇسۇسىيىتى] ئاغرىق توختىتىش، مەست قىلىش، ئۇيقۇ كەلتۈرۈش، ئىسپازما بوشىتىش، چىرىشكە قارشى تۇرۇش، سۈيدۈك ھەيدەش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر] ئۇيقۇسىزلىق، باش ئاغرىقى، ساراڭلىق، چاچ چۈشۈش، غەيرىي تەبىئىي سەپرا ۋە قان خىلىتىدىن بولغان قىزىتما، مالىخولىيا، كۆپ ئېھتىلام بولۇش قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. كاھۇ ئۇرۇقىنىڭ شىرىسىنى چىقىرىپ، ئۇنىڭغا ناۋات قوشۇپ ئىچسە، باش ئاغرىقى، قىزىتما، ئۇيقۇسىزلىق قاتارلىق كېسەللىكلەرگە پايدا قىلىدۇ.

2. مۇۋاپىق مىقداردىكى كاھۇ ئۇرۇقىنى ئېزىپ پېشانىگە چاپسا ئۇيقۇ كەلتۈرىدۇ.

3. مۇۋاپىق مىقداردىكى كاھۇ ئۇرۇقىنىڭ شىرىسىنى چىقىرىپ چاچقا چاپسا، چاچ چۈشۈشنى توختىتىدۇ.

4. كاھۇ ئۇرۇقىدىن تەييارلانغان ياغنى بۇرۇنغا تېمىتسا ياكى باشقا سۈركىسە، ئۇيقۇ كەلتۈرىدۇ ۋە چاچنى قۇۋۋەتلەيدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] 3 ~ 5 گىرامغىچە.

[زىيانلىق تەسىرى] باھقا زىيان قىلىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] مەستىكى ۋە ھەسەل.

[ئورۇنباسارى] خەشخاش.

[ۋەكىل خاراكتېرلىك پىششىق دورا ياسالمىسى] كاھۇ شەربىتى.

# بالەنگو چۆپى

# 巴兰古曲皮

(紫苏 zi su)

[**باشقا ئاتىلىشى**] بەرگى بالەنگو، باكەنگو

[**لاتىنچە نامى**] Caulis Perilla frutescens

[**ئىنگلىزچە نامى**] Cultivated Perilla

[**تونۇش**] بۇ، كالپۇكسىمان گۈللۈكلەر ئائىلىسىدىكى بىر يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك بالەنگو چۆپى (رەيھاننىڭ بىر خىل تۈرى) نىڭ يەر ئۈستى قىسمى بولۇپ، بۇ ئۆسۈملۈكنىڭ يەر ئۈستى قىسمى «بالەنگو چۆپى» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ. (12.22 ـ رەسىم)



بالەنگو چۆپى

[**چىقىش ئورنى**] رايونىمىزنىڭ غۇلجا، ماناس، قەشقەر، گۇچۇڭ قاتارلىق ئورۇنلاردا تېرىپ ئۆستۈرۈلىدۇ. ئىچكى ئۆلكىلەرنىڭ خۇبېي، جياڭسۇ، خۇنەن قاتارلىق جايلىرىدىن چىقىدۇ.

[**يىغىپ ساقلاش**] كۈز پەسلىدە يىغىۋېلىپ، قۇرۇتۇپ ساقلىنىدۇ.

[**خىمىيەلىك تەركىبى**] ئاساسلىق تەركىبى ئۇچۇچان ماي بولۇپ، يوپۇرمىقىدا 0.2%~0.9% كىچە، ئۆسۈملۈكىدە ۋە غولىدا 0.78%~0.2% كىچە ماي تۇتىدۇ.

[**فارماكولوگىيەلىك تەسىرى**] تىنچلاندۇرۇش، قىزىتما قايتۇرۇش، نېرۋا سىستېمىسىنى كۈچەيتىش، يۆتەلنى، زىققىنى توختىتىش، قان توختىتىش، قان قېتىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش، قاندىكى قەنت مىقدارىنى يۇقىرىلىتىش، بۆرەكنى كۈچەيتىش، ئىممۇنىتېت كۈچىنى ئاشۇرۇش، راكقا قارشى تۇرۇش رولى بار.

[**لايىقلاشتۇرۇلۇشى**] ئىلغاپ ساپلاشتۇرۇلىدۇ، قۇرۇتۇپ ساقلىنىدۇ.

[**تەبىئىتى**] بىرىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[**خۇسۇسىيىتى**] ئاساسلىقى تىنچلاندۇرۇش، ئۆپكىنى قۇۋۋەتلەش، بەلغەم بوشىتىپ يۆتەل پەسەيتىش، بەدەندىكى ھۆل سوغۇقلۇقنى تارقىتىش، كۆڭۈلنى ئېچىش، ئاشقازان خىزمىتىنى ياخشىلاپ، ھۆنى پەسەيتىش، يەللەرنى ھەيدەش، ھامىلىنى ئاسراش، زەھەر قايتۇرۇش، يارىلارنى پۈتتۈرۈش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە.

[**ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر**] سوغۇقتىن بولغان زۇكام، زۇكام تەسىرىدىن باش ئاغرىش، ئىشتىھاسىزلىق، ئىچى سىقىلىش، ئىسسىق ئۆتۈشتىن بولغان كۆڭۈل ئېلىشىش، كاناي ياللۇغى، بەلغەملىك يۆتەل،

www.uyghurkitap.com

قوشۇش قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. زۇپا، پىرسىياۋشان، چىلان، ئەنجۈر مونىكى، چوچۇكبويا يىلتىزى، بالەنگو چۆپى قاتارلىق دورىلاردىن مۇۋاپىق مىقداردا ئېلىپ، كاشكاپ تەييارلاپ ئىچىپ بەرسە، سوغۇقتىن بولغان زۇكامغا شىپا بولىدۇ.

2. بالەنگو چۆپى، دارچىن، قەلەمپۇر، پىننە، زىرىدىن مۇۋاپىق مىقداردا ئېلىپ، چايلىق تەييارلاپ ئىچىپ بەرسە، ئاشقازان خىزمىتىنى ياخشىلاپ، يەللەرنى ھەيدەيدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] 5 ~ 10 گىرامغىچە.

[زىيانلىق تەسىرى] ئىسسىق مىزاجلىق كىشىلەرگە زىيان قىلىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] گۈلبىنەپشە، ناۋات.

[ئورۇنباسارى] رەيھان.

[ۋەكىل خاراكتېرلىك پىششىق دورا ياسالمىسى]سۇفۇپى ئىمساك.

## شازاندىرا

## 夏山特拉

(五味子　wu wei zi)

[لاتىنچە نامى ]Furctus Schisandra Chinensis

[ئىنگلىزچە نامى ]Fruit of Chinese magnoliavine



شازاندىرا ئۆسۈملۈكى

[تونۇش] بۇ، شازاندىرا ئائىلىسىدىكى يوپۇرماق تاشلايدىغان، ياغاچلانغان، پېلەك غوللۇق، ئېگىزلىكى 5 ~ 8 مېتىرغىچە ئۆسىدىغان ئۆسۈملۈك بولۇپ، بۇ ئۆسۈملۈكنىڭ مېۋىسى شار شەكىللىك، رەڭگى سۆسۈنگە مايىل قىزىل، سىرتقى ئادەتتە چاڭلار بىلەن قاپلانغان، مېۋىسى گۆشلۈك، مايلىق، ئىچىدە ئۇرۇقى بار، تەمى ئاچچىق، ئازراق پۇراقلىق بولۇپ، «شازاندىرا» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ. (13.22 ـ رەسىم)

[چىقىش ئورنى] ئېلىمىزنىڭ شەرقىي شىمال، شىمالىي جۇڭگو ۋە شەرقىي جەنۇبىي جۇڭگو قاتارلىق جايلاردىن، رايونىمىزنىڭ غۇلجا، ئالتاي قاتارلىق جايلاردىن چىقىدۇ.

[يىغىپ ساقلاش] 8 ـ، 9 ـ ئايلاردا مېۋىسى قىزىرىپ پىشقاندا يىغىۋېلىپ، سايىدا يېيىپ قۇرۇتۇلىدۇ. ئادەتتە 15 كۈن قۇرۇتۇلسا بولىدۇ، ياكى بىرئاز ئوتقا قاقلاپ قۇرۇتۇپ ساقلىنىدۇ.

[**خىمىيەلىك تەركىبى**] مېۋىسى تەركىبىدە 3% ئۇچۇچان ماي بار، قۇرۇق مېۋىسىنىڭ تەركىبىدە 12% لىمون كىسلاتاسى، 10% لىك ئالما كىسلاتاسى، شازاندىرا ماددىسى بار، ئۇرۇق تەركىبىدە تەخمىنەن 33% ياغ بار.

[**فارماكولوگىيەلىك تەسىرى**] مەركىزىي نېرۋا سىستېمىسىنى قوزغىتىدۇ؛ يۈرەك قان تومۇرلىرىنى كېڭەيتىدۇ؛ نەپەسنى قوزغاش تەسىرىگە ئىگە؛ بالىياتقۇ سىلىق مۇسكۇلىنى قوزغىتىدۇ؛ ماددا ئالمىشىشنى ئىلگىرى سۈرىدۇ؛ ئاشقازان سۇيۇقلۇقىنىڭ ئاجرىلىشىنى نورماللاشتۇرىدۇ.

[**لايىقلاشتۇرۇلۇشى**] پوستىدىن ئايرىش، توغراش ئارقىلىق لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

[**تەبىئىتى**] ئىككىنچى دەرىجىدە هۆل ئىسسىق.

[**خۇسۇسىيىتى**] تىنچلاندۇرۇش، ئۆپكىنى تازىلاش، بۆرەكنى قۇۋۋەتلەش، ئىچ سۈرۈشنى توختىتىش، مەنىي كۆپەيتىش، روهنى، مېڭە ۋە جىگەرنى قۇۋۋەتلەش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە.

[**ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر**] يۆتەل، دەم سىقىلىش، كۆپ تەرلەش، يۈرەك قوزغىلىش، ئۇيقۇسىزلىق، ئېغىز قۇرۇش، بۆرەك ئاجىزلىقى، سېرىقلىق چۈشۈش، جىگەر كېسەللىكى، ئۇزۇنغا سوزۇلغان ئىچ سۈرۈش، نېرۋا ئاجىزلىق قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[**ئىشلىتىش ئۇسۇلى**]

1 شازاندىرادىن 9 ~ 15 گىرامغىچە ئېلىپ، مۇۋاپىق مىقداردىكى سۇغا شېكەر قوشۇپ، قايىنىتىپ ئىچىپ بەرسە، نېرۋا ئاجىزلىقىغا مەنپەئەت قىلىدۇ.

2. پىچەكگۈل بىلەن شازاندىرادىن 15 گىرامدىن، چىلان مېغىزى، ئارچا ئۇرۇقىدىن توققۇز گىرامدىن ئېلىپ قايىنىتىپ ئىچسە بەرسە، نېرۋىنى تىنچلاندۇرىدۇ.

3. شازاندىرا، چاكاندا، جىنكېۋىزىدىن توققۇز گىرامدىن ئېلىپ، قايىنىتىپ ئىچىپ بەرسە، زىققە كېسىلىگە مەنپەئەت قىلىدۇ.

[**ئىشلىتىش مىقدارى**] 3 ~ 9 گىرامغىچە.

[**زىيانلىق تەسىرى**] ئۈچەيگە قۇرۇقلۇق يەتكۈزىدۇ.

[**تۈزەتكۈچىسى**] كەتىرا.

[**ئورۇنباسارى**] غارىقۇن.

[**ۋەكىل خاراكتېرلىك ياسالمىسى**] شازاندىرا شەربىتى.

[**دىققەت قىلىدىغان ئىشلار**] ئاشقازاننىڭ كىسلاتالىقى ئېشىپ كەتكەنلەر ۋە يۆتەلنىڭ باشلىنىشىدا ئىشلەتمەسلىك لازىم.

## كەندىر ئۇسارىسى

## 坎地尔欧萨热斯

## (火麻 huo ma)

[**باشقا ئاتىلىشى**] نەشە، روهىل بەنجى، ئۇسارە بەنگى، چەرەس.

[**تونۇش**] بۇ ئۇجمە ئائىلىسىدىكى ئېگىزلىكى 1 ~ 3 مېتىرغىچە ئۆسىدىغان، بىر يىللىق سامان



كەندىر ئۆسۈملۈكى

يوللۇق ئۆسۈملۈك كەندىرنىڭ بىر خىل شىلىمشىق سۈيۇقلۇق، يەنى كەندىر يوپۇرمىقى ئۈستىدە پەيدا بولىدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ھەر خىل چاڭ ـ توزانلار قونۇپ، قۇرۇغاندىن كېيىن ئۈستىدىن قىرىپ يىغىۋېلىپ، «نەشە» ياكى «كەندىر ئۇسارىسى» نامىدا دورىلىققا ئىشلىتىلىدۇ.

[**چىقىش ئورنى**] شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن بولۇپمۇ مەكىتتىن كۆپ چىقىدۇ.

[**يىغىپ ساقلاش**] 7 ـ، 8 ـ ئايلاردا ئۆسۈملۈكنى يىغىۋېلىپ، قۇرۇغاندىن كېيىن يوپۇرمىقى ئۈستىدىن قىرىپ ئېلىۋېلىنىدۇ.

[**لايىقلاشتۇرۇلۇشى**] ئۇسارىسى ئېلىپ ساپلاشتۇرۇلىدۇ.

[**تەبىئىتى**] تۆتىنچى دەرىجىدە قۇرۇق سوغۇق.

[**خۇسۇسىيىتى**] ئاغرىق پەسەيتىش، كۆڭۈلنى خۇش قىلىش، مەست قىلىش، مەنىي تۇتۇش، بىھوشلۇق پەيدا قىلىش قاتارلىق خۇسۇسىيەتلەرگە ئىگە.

[**ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر**] روھىي جىددىيلىك، نېرۋا قوزغىلىش، مالىخولىيا، مەنىي بالدۇر يۈرۈپ كېتىش ۋە ھەر خىل قاتتىق ئاغرىشلىق كېسەللىكلەر.

[**ئىشلىتىش ئۇسۇلى**]

1. نەشىنىڭ يېغىنى سالغان مەجۇنى مەسىھانى ئىچىپ بەرسە ئاغرىقنى پەسەيتىپ، مەنىي تۇتىدۇ، كۆڭۈلنى خۇش قىلىپ روھنى جانلاندۇرىدۇ.

2. نەشە يېغىنى مۇقەل، كاھۇ ئۇرۇقى قاتارلىقلار بىلەن قائىدە بويىچە مەلھەم تەييارلاپ يەرلىك ئورۇنغا چاپسا، ئاغرىق پەسەيتىپ، ياللۇغلۇق بىمارلارنىڭ ياللۇغىنى قايتۇرىدۇ.

[**ئىشلىتىش مىقدارى**] 0.5 ~ 1 گىرامغىچە.

[**زىيانلىق تەسىرى**] ئۇزاق مۇددەت ئىزچىل ئىشلەتكەندە، مېڭىنى، يۈرەكنى ۋە كۆزنىڭ كۆرۈش قۇۋۋىتىنى ئاجىزلاشتۇرىدۇ.

[**تۈزەتكۈچىسى**] ھەسەل، سۈت، زەپەر.

[**ئورۇنباسارى**] كەندىر ئۇرۇقى، ئەپيۇن.

[**ۋەكىل خاراكتېرلىك پىششىق دورا ياسالمىسى**] مەجۇنى پەلەك.

## مۇز

## 木子

(冰块 bing kuai)

[**باشقا ئاتىلىشى**] سەلىج، يەخ، بەرەف

[**تونۇش**] مۇز سۇنىڭ نۆلدىن تۆۋەن تېمپېراتۇرىدا ئۇيۇپ قالغان ماددىسىنى كۆرسىتىدۇ. (14.22 ـ رەسىم)

[**چىقىش ئورنى**] ئېلىمىزنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن چىقىدۇ.

[يغىپ ساقلاش] پاكىز سۇنى توشۇلتىپ ساقلىنىدۇ.
[لايىقلاشتۇرۇلۇشى] مۇزلاتماقچى بولغان سۇ ساپلاشتۇرۇلىدۇ.
[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە ھۆل سوغۇق.
[خۇسۇسىيىتى] يەرلىك ئورۇننى سېزىمسىزلاندۇرۇش، ھارارەت ۋە ئۇسسۇزلۇقنى پەسەيتىش، يەرلىك ئورۇننى قورۇش، ھەر خىل قاناشلارنى توختىتىش، ئىششىق ياندۇرۇش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە.
[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر] ئىسسىقتىن بولغان باش ئاغرىقى، چىش ئاغرىقى قاتارلىق ھەر خىل ئاغرىقلار، بۇرۇن ۋە ھەرقانداق ئورۇندىكى قاناش، ھەر خىل قىزىتما قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.
[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]
1. مۇز پارچىسىنى ئېلىپ يەرلىك ئورۇنغا قويۇپ بەرسە، باش ئاغرىقى قاتارلىق ھەر خىل ئاغرىقلارنى پەسەيتىدۇ، قاناشنى توختىتىدۇ.
2. ئىسسىقتىن بولغان چىش ئاغرىقىدا مۇزنىڭ سۈيىدە ئېغىزنى چايقاپ بەرسە، ئاغرىقنى پەسەيتىدۇ.
3. مۇز پارچىسىنى ئېلىپ ئىششىغان ئورۇنغا قويسا، ئىششىق ياندۇرىدۇ، ئاغرىق پەسەيتىدۇ.
[ئىشلىتىش مىقدارى] مۇۋاپىق مىقداردا.
[زىيانلىق تەسىرى] ئاشقازان، نېرۋا، ئىككىنچى ئەزالاردىكى ياللۇغ ۋە قېتىشمىلارغا ھەمدە چىشقا زىيانلىق.
[تۈزەتكۈچىسى] قايناق سۇ.
[ئورۇنباسارى] سوغۇق يېمەكلىكلەر ياكى ئىچىملىكلەر.
[ۋەكىل خاراكتېرلىك پىششىق دورا ياسالمىسى] سىرتىدىن كۆپرەك زىمات ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

## يەسمەن يېغى

## 也斯曼也合

(某莉油 mo li you)

[باشقا ئاتىلىشى] دۇھنۇلياسمەن، رەۋغىنى چەنبىلى، ياسمەن كاتىيل
[تونۇش] بۇ ئەرمۇدۇن ئائىلىسىدىكى بىر يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك يەسمەننىڭ گۈلىنى كۇنجۇت يېغى قاتارلىق ياغلارنىڭ بىرىگە تەكرار چىلاش ئارقىلىق گۈل يېغى تەييارلىغاندەك تەييارلانغان يېغدىن ئىبارەت بولۇپ، «يەسمەن يېغى» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ. (22.15 ـ رەسىم)
[چىقىش ئورنى] يەسمەن ئۆسۈملۈكى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ھەممە جايلىرىدا تېرىپ ئۆستۈرۈلىدۇ.
[يغىپ ساقلاش] يەسمەنگۈلىدىن قائىدە بويىچە يېغىنى ئېلىپ، پاكىز ئېغىزلىق قاچىغا قاچىلاپ، سالقىن جايدا ساقلىنىدۇ.
[لايىقلاشتۇرۇلۇشى] ھەر خىل ئارىلاشمىلاردىن ساپلاشتۇرۇپ لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.
[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.
[خۇسۇسىيىتى] تېرىنى قىزارتىش، تىنچلاندۇرۇش، يەرلىك ئورۇننى سېزىمسىزلاندۇرۇش ۋە ھەر

خىل غىدىقلىنىشلارنى پەسەيتىش، جاراسىم يوقىتىش، جاراھەت پۈتتۈرۈش، ئاشقازان، ئۈچەينىڭ لۆمول-دىمە ھەرىكىتىنى كۈچەيتىش، يەل ھەيدەش، نەپەسنى راۋانلاشتۇرۇش، بەلغەم بوشىتىش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر] زاتىلجەنبە، زاتىلرىيە، يۆتەل، ۋەجئۇل مۇپاسىل، بەل ئاغرىقى، ھەر خىل تەمرەتكە، باش تەمرەتكىسى ۋە ھەر خىل قاپارتمىلار، بۇرۇن قۇرتى، قاپاق ئۇرۇقسىمان مەددە ۋە تۇتۇ مەددە قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى] ھەر خىل زەخىملەر، ياللۇغلىنىشلار، ئاغرىقلاردا يەسمەن يېغىنى يەرلىك ئۇرۇنغا يالغۇز ياكى زەخىملەرنى پۈتتۈرگۈچى، ياللۇغ قايتۇرغۇچى، ئاغرىق پەسەيتكۈچى دورىلارنى قوشۇپ زىمات تەييارلاپ، چاپسا شۇ خىل كېسەللىك ئۆزگىرىشلىرىگە پايدا قىلىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] 6 ~ 10 تامچىغىچە.

[زىيانلىق تەسىرى] كۆڭۈلنى ئايلاندۇرۇپ ھۆ پەيدا قىلىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] بېھى، ئانار سۈلىرى.

[ئورۇنباسارى] بابۇنە يېغى.

[ۋەكىل خاراكتېرلىك پىششىق دورا ياسالمىسى] يەسمەن مەلھىمى.

# يىگىرمە ئۈچىنچى باب   مەست قىلغۇچى دورىلار

نېرۋا جىددىيلىكىنى پەسەيتىش، ئاغرىق ئازابىنى يوقىتىش، تەشۋىشلىنىشنى تۈگىتىش، ئۇخلىتىش، مەست قىلىش تەسىرىنى بېرىدىغان دورىلار ئومۇملاشتۇرۇلۇپ مەست قىلغۇچى دورىلار دېيىلىدۇ.

ھەر خىل سەۋەبلەر تەسىرىدىن پەيدا بولغان كۈچلۈك ئاغرىقلارغا (مېڭە پەردە ياللۇغى، ئۇيقۇسىزلىق، مالىخولىيا، نەزلە، بەلغەملىك يۆتەل، قولاق ئاغرىقى، بوغۇم ئاغرىقى. . . ) ياكى تاشقى كېسەللىكلەردىكى ئوپېراتسىيەنىڭ ئاغرىق ئازابىنى يەڭگىللىتىش مەقسىتىدە نېرۋىلارنى مەست قىلىپ، ۋاقىتلىق ئاغرىق ئازابىنى يوقىتىش، جىددىيلىكنى پەسەيتىش، تەشۋىشلىنىشنى تۈگىتىش، ئۇخلىتىش مەقسىتىدە مەست قىلغۇچى دورىلار بېرىلىدۇ. مەست قىلغۇچى دورىلارنى ئۇزاق مەزگىل ئىشلەتكەندە يامان ئاقىۋەتلەرنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ، مەست قىلغۇچى دورىلارنى ئىشلىتىدىغان كېسەللىكلەرنىڭ تۈرى ھەر خىل بولغاچقا، ئىشلەتكەندە سەۋەبىگە قارىتا مۇۋاپىق مىقداردا ئىشلىتىشكە توغرا كېلىدۇ. مەست قىلغۇچى دورىلارنىڭ كۆپىنچىسىنىڭ تەبىئىتى قۇرۇق سوغۇق بولىدۇ. بۇ خىل دورىلار ئاساسلىقى، نېرۋىلارنى ۋاقىتىنچە تورمۇزلاش، ئاغرىق يوقىتىش تەسىرى ئارقىلىق جىددىيلىكنى پەسەيتىپ، ئورگانىزمنىڭ فىزىيولوگىيەلىك پائالىيىتىنى تەڭشەيدۇ. مەسىلەن: ئەپيۇن، بەزرۇلبەنجى، كەندىر ئۇرۇقى، ئىتياڭىقى گۈلى، ئىتياڭىقى يوپۇرمىقى قاتارلىقلار.

## ئەپيۇن
## 艾非云
(雅片 ya pian)

[**باشقا ئاتىلىشى**] تەرياق، كۆكنار يېلىمى، يېلىمى خەشخاش، لەبنۇل خەشخاش، شىرەكۆكنار، خەشخاشكى رەس، ئاپەن، ئەفيۇل

[**لاتىنچە نامى**] Opium, Succus Papaveri

[**ئىنگلىزچە نامى**] Opium Resena

[**تونۇش**] بۇ، ئەپيۇنگۈل ئائىلىسىدىكى ئۆسۈملۈك كۆكنارنىڭ خام ۋاقتىدىكى غوزىسىنى تىلىپ قويسا، ئېقىپ چىقىپ قاتقان خورما رەڭلىك، ئاچچىق تەملىك يېلىمدىن ئىبارەت بولۇپ، يېلىمى «ئەپيۇن» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ. (1.23 ـ رەسىم)

[**چىقىش ئورنى**] دۆلىتىمىزنىڭ كۆپ جايلىرىدىن چىقىدۇ، رايونىمىزنىڭ كۆپلىگەن يەرلىرىدە تېرىپ ئۆستۈرۈلىدۇ، ئىران، رۇسىيە، ياپونىيە قاتارلىق ئەللەردىنمۇ چىقىدۇ.

[**يىغىپ ساقلاش**] ئۆسۈملۈكى يېتىلىپ، غوزىكى سارغۇچ رەڭگە مايىل بولغاندا، غوزىكىنى پىچاقتا تىلىپ، شۇ جايدىن ئېقىپ چىققان يېلىمى يىغىۋېلىنىپ، مەخسۇس قۇتىلارغا سېلىپ، كۈن نۇرى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ئەپيۇن غوزىسى

چۆشمەيدىغان جايلاردا ساقلىنىدۇ.

[**خىمىيەلىك تەركىبى**] ئەپيۇننىڭ ئاساسلىق تەسىر قىلغۇچى ئالكولوئىدلىرىدىن ھازىرغىچە ئېنىقلانغانلىرى 25 خىل بولۇپ، ئۇلار ئومۇمىي مىقدارىنىڭ 10%~25% نى ئىگىلەيدۇ. ئاساسلىق ئاتسىدوم مېكونىكوم بىلەن بىرىكىپ، تۇز ھالىتىدە (مېكونات) مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ. ياپونىيە ئەپيۇنىنىڭ ئالكولوئىدلىرى ئاساسلىقى 5. 24% مورفىن (Morphine)، 4%~7% ناركوتىن (Narcotine)، پاپاۋېرىن (Papaverine)، 0. 5% نارسېئىن (Narceine) قاتارلىقلاردىن ئىبارەت. ئۇنىڭدىن باشقا، يەنە كودامىن ( codamin )، كوتارنىن ( cotarnin )، كرىپېتوپىن (cyrptopnme)، گېنوسېئوپىن (Ghoseopine)، ھىدروكوتارنىن (Hydrocotarnine)، لانتوپىن (Lanthopine)، لاۋدانىدىن (Laudanidine)، مېكونىدىن (Meconidine)، ناركوتولىن (Narcotoline)، نىئوپىن (Niopine)، ئوكسىناركوتىن (oxynarcotine)، پاپاۋېرامىن(Papaveramine)، پورمىزوكسىن (Porhyroxine)، كسانتالىن (xanthaline) قاتارلىقلار بار.

[**فارماكولوگىيەلىك تەسىرى**] ئەپيۇن تەركىبىدە 20 نەچچە خىل ئالكولوئىد بار، ئەمما كلىنىكىدا ئىشلىتىلىدىغىنى پەقەت مورفىن، كودېئىن، پاپاۋېرىن ۋە ناركوتىن قاتارلىق تۆت خىلدىن ئىبارەت. باشقا ئالكولوئىدلارنىڭ مىقدارى ئاز بولغاچقا، ئەپيۇننىڭ تەسىرى بىلەن مۇناسىۋىتى ئانچە زور ئەمەس.

1. ئاغرىق پەسەيتىش تەسىرى: مورفىننىڭ ئاغرىق پەسەيتىش رولى كۆزگە كۆرۈنەرلىك ھەم يۇقىرى دەرىجىدە تاللاشچانلىقى بار، داۋاملىق ئەگىشىپ كېلىدىغان ئاغرىقلاردىن ئازابلىنىدىغان ئەھۋاللار تۈگەيدۇ.

2. ئۇخلىتىش تەسىرى: مورفىننىڭ ئۇخلىتىش تەسىرى بار. لېكىن ئۇيقۇ قىسقا بولىدۇ، بىمار ئاسان ئويغىنىپ كېتىدۇ، ھەقىقىي ئۇخلاتقۇچى دورا، دەپ قاراشقا بولمايدۇ.

3. نەپەسلىنىشنى تورمۇزلاش ۋە يۆتەل توختىتىش تەسىرى: مورفىننىڭ نەپەس مەركىزىنى يۇقىرى دەرىجىدە تاللاش خاراكتېرلىك تورمۇزلاش رولى بار، نەپەس مەركىزىنى تورمۇزلاشنىڭ ئەڭ دەسلەپكى ئىپادىسى نەپەسلىنىش رىتىمى قىسقىراشتىن ئىبارەت. نەپەس مەركىزىنىڭ پالەچ بولۇپ قېلىشى مورفىندىن زەھەرلىنىشنىڭ بىۋاسىتە سەۋەبىدىن ئىبارەت.

مورفىننىڭ يۆتەل توختىتىش تەسىرىمۇ كۈچلۈك، بۇ ئاساسلىقى مورفىننىڭ يۆتەل مەركىزىنى تورمۇزلىغانلىقى ئۈچۈندۇر.

4. يۈرەك قان تومۇر سىستېمىسىغا بولغان تەسىرى: مورفىننىڭ ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالغان بىمارنىڭ قان بېسىمى، يۈرەك رىتىمى ۋە باشقا رىتىملارغا نىسبەتەن چوڭقۇر تەسىرى يوق، قان تومۇرلىرىنى ھەرىكەتلەندۈرۈش مەركىزىگىمۇ روشەن ھالدا تەسىرى يوق. لېكىن تۆۋەن قان بېسىمىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

پاپاۋېرىن ھەر خىل سىلىق مۇسكۇللارنى بوشاشتۇرىدۇ. بولۇپمۇ چوڭ قىزىل تومۇرلارنىڭ سىلىق مۇسكۇللىرىدا ئىسپازمىلىنىش مەۋجۇت بولۇۋاتقاندا، بوشىتىش تەسىرى تېخىمۇ روشەن بولىدۇ.

5. ھەزىم قىلىش يوللىرى ۋە باشقا سىلىق مۇسكۇللۇق ئەزالارغا بولغان تەسىرى: مورفىن قەۋزىيەت پەيدا قىلىدۇ. ئاساسلىق سەۋەبى: ئاشقازان، ئۈچەي يوللىرى ۋە ئۈلاردىكى يۇرەك مۇسكۇللىرىنىڭ تارقىلىشچانلىقىنى يۇقىرى كۆتۈرگەنلىكى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ھەزىم سۇيۇقلۇقلىرىنىڭ ئىشلەپچىقىرىلىشىنى ئازايتقانلىقى ۋە تەرەت قىلغۇچى كېلىشتەك سېزىمنى ئاستىلاتقانلىقى تۈپەيلىدىن، ئۈچەي ئىچىدىكى نەرسىلەرنى ماڭدۇرىدىغان ھەرىكەت زور دەرىجىدە ئاستىلاشقانلىقتىن ئىبارەتتۇر.

پاپاۋېرىن ئۈچەي سىلىق مۇسكۇلىنى تورمۇزلايدۇ. لېكىن تەسىرى بەك ئاجىز، مورفىن كەلتۈرۈپ چىقارغان ئۆت يولى ئىسپازمىلىنىشىنىڭ ئالدىنى ئالالمايدۇ.

6. باشقىلار: مورفىننى قايتا ـ قايتا ئىشلەتكەندە چىدامچانلىق پەيدا قىلىدۇ. لېكىن پەقەت مەركەزنى تورمۇزلاش تەسىرىدىلا، مەسىلەن: ئارام بېرىش، ئۇخلىتىش، نەپەسنى تورمۇزلاش قاتارلىقلاردىلا چىدامچانلىق يۈز بېرىدۇ. ئىككى ھەپتىدىن ئارتۇق داۋاملىق ئىشلەتكەندە مورفىنغا خۇمار بولۇپ قېلىشى مۇمكىن. مورفىننىڭ روھلاندۇرۇش تەسىرىدە بىمارنىڭ توغرا ھۆكۈم قىلىشى ۋە باھا بېرىش ئىقتىدارى پۈتۈنلەي ساقىيىدۇ. ھەرىكەت ئىقتىدارىدىمۇ توسقۇنلۇققا ئۇچرىمايدۇ. ئۇنىڭ ئىپادىلىرى يېگانىلىكنى ياقتۇرۇش، خام ـ خىيال قىلىشتىن ئىبارەت.

كودېئىننىڭ «روھلاندۇرۇش» ئالامىتى ۋە خۇمار قىلىش تەسىرى تۆۋەن، پاپاۋېرىن خۇمار قىلىپ قويمايدۇ.

[**لايىقلاشتۇرۇلۇشى**] ئېرىتىپ ساپلاشتۇرۇلىدۇ.

[**تەبىئىتى**] تۆتىنچى دەرىجىدە قۇرۇق سوغۇق.

[**خۇسۇسىيىتى**] مەست قىلىش، ئاغرىق پەسەيتىش، ياللۇغ قايتۇرۇش، نېرۋىنى تىنچلاندۇرۇش، ئاغرىق پەسەيتىش، مەنىي تۇتۇش، ئۇيقۇ كەلتۈرۈش، يۆتەل پەسەيتىش، ئىچ سۈرۈشنى توختىتىش، سۈيدۈك ۋە قان توختىتىش، چىرىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش، قىزىتما قايتۇرۇش، غەيرىي تەبىئىي خىلتلارنى تەڭشەش، روھىي ھايۋانىينى قۇۋۋەتلەش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە.

[**ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر**] قاتتىق ئاغرىقلار، ئۇيقۇسىزلىق، مېڭە پەردە ياللۇغى، مالىخولىيا، ئىچ سۈرۈش، تولغاق، نەزلىلىك زۇكام، يۆتەل، زىققە، باش، كۆز، قۇلاق ئاغرىقى، ئىسسىقتىن بولغان كونا قىزىتما ۋە دەۋرلىك قىزىتما قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ، ئۇنىڭدىن باشقا چىش چۈشۈپ كېتىش، سۈيدۈكنىڭ كۆپ ۋە ئېچىشىپ كېلىشى ھەمدە مەنىينىڭ بالدۇر يۇرۇپ كېتىشى، قۇلۇنجى قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[**ئىشلىتىش ئۇسۇلى**]

1. ئەپيۇندىن بىر گىرام ئېلىپ تۆتكە بۆلۈپ، مۇۋاپىق مىقداردىكى ئارپا سۈيى بىلەن ئېچىسە، سەرسام، شەقىقە ۋە ئىسسىقتىن بولغان باش ئاغرىقىغا مەنپەئەت قىلىدۇ.

2. مۇۋاپىق مىقداردىكى ئەپيۇننى زەپەر بىلەن ئېرىتىپ پۇرىتىلسا، ئۇيقۇ كەلتۈرىدۇ، ئاغرىق توختىتىدۇ.

3. رەۋغىنى نارجىلدىن 25 مىللىلىتىر، رەۋغىنى كۇنجۇتتىن 25 مىللىلىتىر، ئەپيۇندىن ئىككى گىرام ئېلىپ ئارىلاشتۇرۇپ، ئاغرىغان ئورۇنغا سۈركىسە، ئاغرىق پەسەيتىدۇ، تىنچلاندۇرىدۇ.

4. ئەپيۇننى بادام يېغىدا ئېرىتىپ قۇلاققا تېمىتسا، قۇلاق ئاغرىقىغا مەنپەئەت قىلىدۇ.

www.uyghurkitap.com

[ئىشلىتىش مىقدارى] 0.12 ~ 0.24 گىرامغىچە.

[زىيانلىق تەسىرى] مىقداردىن كۆپ ئىشلەتسە، ھوشسىزلاندۇرۇپ قويىدۇ، دائىم ئىشلەتسە، خۇمار قىلىپ قويۇپ، يامان ئاقىۋەتلەرنى پەيدا قىلىدۇ، باھنى ئاجىزلاشتۇرىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] ئەگەر قاتتىق قورساق ئاغرىقى پەيدا قىلسا، ئەمەن سۈيى بىلەن ھەمەل قىلىش ياكى قۇستۇرۇش، ئاشقازاننى يۇيۇش، ھەڭ يېگۈزۈش كېرەك.

[ئورۇنباسارى] بەزرۇلبەنجى، قان توختىتىشقا تاباشىر، گۈل مەختۇم، كەھرىۋا، كافۇر.

[پىششىق دورا ياسالمىسى] مەجۇنى بەرشىشا، ھەببى سىل، ھەببى ئىمساك، ھەببى ئەپيۇن، زىماتى ئەپيۇن.

[دىققەت قىلىدىغان ئىشلار] بالىلارغا، ھامىلىدارلارغا، ئۆپكە مەنبەلىك يۆرەك كېسەللىكلىرىگە، زىققە كېسىلى بارلارغا بېرىلمەيدۇ.

## بەزرۇلبەنجى
## 明地瓦尔欧如合
## (天仙子、莨菪子 Tian xian zi)

[باشقا ئاتىلىشى] بەزرۇلبەنجى، مەڭدىۋانە، بەڭگە دىۋانە، ئەجۋائىن خوراسانى، يويان خوراسانى

[لاتىنچە نامى] Semen Hyoseyamus niger

[ئىنگلىزچە نامى] Henbane Seed; Black Henbane seed



بەزرۇلبەنجى ئۆسۈملۈكى

[تونۇش] بۇ، پەدىگەن ئائىلىسىدىكى ئىككى يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك مەڭدىۋانە بولۇپ، بۇ ئۆسۈملۈكنىڭ ئۇرۇقى «مەڭدىۋانە» ياكى «بەزرۇلبەنجى» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ. ئۇرۇقى ئۇششاق، كىچىك بۆرەك شەكىلدە، ئاق قىزىل، قارا رەڭلەردە، تەمى ئاچچىق، پۇرىقى سۇس كېلىدۇ. (2.23 ـ رەسىم)

[چىقىش ئورنى] شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن ۋە ئىچكى ئۆلكىلەردىن چىقىدۇ.

[يىغىپ ساقلاش] كۈزدە مېۋىسى پىشقاندا پۈتۈن قىسمىنى ئورىۋېلىپ قۇرۇتۇپ، ئۇرۇقىنى ئايرىۋېلىپ، يۇيۇپ قۇرۇتۇپ ساقلىنىدۇ.

[خىمىيەلىك تەركىبى] بەزرۇلبەنجى تەركىبىدە ئاساسلىقى بەزرۇلبەنجى ئالكالوئىدى — مىئوسسىيامىن (Hyoscyadmine)، سكوپولامىن (scopolamine)، ئۇنىڭدىن باشقا يەنە مايلىق ياغ 25% كە يېتىدۇ.

[فارماكولوگىيەلىك تەسىرى] بەزرۇلبەنجى تەركىبىدىكى مىئوسسىيامىن (بۇ ئاساسلىقى پاراتارتارىك تەنچە ۋە ئاستروپىنلاردىن ئىبارەت) ۋە سكوپولامىن قاتارلىقلارنىڭ ئاساسلىق فارماكولوگىيەلىك تەسىرى تۆۋەندىكىچە:

1. بەز تەنچىسى ۋە سىلىق مۇسكۇلغا بولغان تەسىرى: ئاتروپىن بەز تەنچىسىنىڭ ئاجرىلىشىنى تىزگىنلەيدۇ. ھەرىكەت كۆچىيىپ كەتكەن ياكى تارتىشىش ھالىتىدىكى سىلىق مۇسكۇلغا نىسبەتەن كۆزگە كۆرۈنەرلىك دەرىجىدە بوشاشتۇرۇش رولى بار. كلىنىكىدا ئاشقازان - ئۈچەي ئىسپازمىسى ۋە ئاشقازان - ئاغرىقىنى داۋالاشقا ئىشلىتىلىدۇ.

2. يۈرەك قان تومۇرىغا بولغان تەسىرى: ئاتروپىن ئاداشقان نېرۋىنىڭ يۈرەكنى تورمۇزلىنىشىنى يوقىتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن يۈرەك رىتىمىنى تېزلىتىدۇ.

3. كۆز قارىچۇقىنىڭ كېڭىيىشى: ئاتروپىن كۆز قارىچۇقىنى كېڭەيتىپ، كۆز بېسىمىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش ۋە پالەچلىكنى تەڭشەش رولىغا ئىگە.

4. مەركىزىي نېرۋا سىستېمىسىغا بولغان تەسىرى: بەزرۇلبەنجى ئالكولوئىدى مەركىزىي نېرۋا سىستېمىسىنى قوزغىتىدۇ، ئەمما سكوپلامىن تىنچلاندۇرۇش تەسىرىگە ئىگە. كلىنىكىدا تىترىمە، پالەچ ۋە باش قېيىش كېسەللىكلىرىنى داۋالاش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

[**لايىقلاشتۇرۇلۇشى**] خېمىرغا ئوراپ پىشۇرۇپ لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

[**تەبىئىتى**] ئۈچىنچى دەرىجىدە قۇرۇق سوغۇق.

[**خۇسۇسىيتى**] نېرۋىنى تىنچلاندۇرۇپ، مەست قىلىش، ئۇيقۇ كەلتۈرۈش، بېھوش قىلىش، قۇرۇتۇش، قان توختىتىش خۇسۇسىيتىگە ئىگە.

[**ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر**] نەزلە، بەلغەملىك يۆتەل، باش ئاغرىقى، ئىچكى - تاشقى ئەزالاردىكى قاناشچان، جاراھەتلىك كېسەللىكلەر، قۇلاق ئاغرىقى، بوغۇم ئاغرىقى، مالىخولىيا، ئۇيقۇسىزلىق، چىش ئاغرىقى قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[**ئىشلىتىش ئۇسۇلى**]

1. بەزرۇلبەنجىنى سوقۇپ سىركىگە ئارىلاشتۇرۇپ، باش ساھەسىگە چاپسا، باش ئاغرىقىغا شىپا بولىدۇ.

2. بەزرۇلبەنجىدىن ئۈچ گىرام، زۇپا، پىرسىياۋشاندىن 10 گىرامدىن، سەرپىستاندىن يەتتە گىرام، ئەرەب يېلىمى، كەتىرادىن بەش گىرامدىن ئېلىپ، چايلىق تەييارلاپ ئىچىپ بەرسە، يۆتەل توختىتىدۇ.

3. ئانارگۇلدىن 10 گىرام، موزىدىن بەش گىرام، بەزرۇلبەنجىدىن ئۈچ گىرام، يۇمران بۆغا مۈڭگۈزى، ئاقاقىيادىن 10 گىرامدىن ئېلىپ، تالقانلاپ، قۇپ تەييارلاپ ئىچىپ بەرسە، ئىچكى ئەزالاردىكى جاراھەتلىك كېسەللىكلەرگە مەنپەئەت قىلىدۇ.

[**ئىشلىتىش مىقدارى**] 0.5 ~ 1 گىرامغىچە.

[**زىيانلىق تەسىرى**] كۆپ ئىستېمال قىلسا ياكى ئۇزاق مۇددەت ئىشلەتسە، نېرۋا خىزمىتى قالايمىقانلىشىپ، بىمار ساراڭ بولۇپ قالىدۇ، ھەتتا ئۆلۈپ كېتىدۇ.

[**تۈزەتكۈچىسى**] قايماق ياكى يېڭى سۈت ئىچۈرۈش، قايتا - قايتا قۇستۇرۇش، ھەسەل.

[**ئورۇنباسارى**] ئەپيۇن، كۆكنار.

[**پىششىق دورا ياسالمىسى**] مەجۇنى بەرشىشا، قۇرسى كاكىنەچ.

[**دىققەت قىلىدىغان ئىشلار**] مىقدارىدىن ئېشىپ كەتسە زەھەرلەپ، يۈزلىرى قىزىرىپ، ۋاقىتلىق گاس ۋە ئەسەبىيلىشىش كۆرۈلىدۇ.

www.uyghurkitap.com

## كەندىر ئۇرۇقى

## 坎地尔欧如合

## (大麻仁 da ma ren)

[**باشقا ئاتىلىشى**] تۇخمى بەڭ، بەزورۇل قەنەب، شاھدانە، بەڭگى كىبىج

[**لاتىنچە نامى**] Fructus Cannabissativa

[**ئىنگلىزچە نامى**] Hemp Fruit

[**تونۇش**] بۇ، كەندىر ئائىلىسىدىكى ئېگىزلىكى 1 ~ 3 مېتىرغىچە ئۆسىدىغان، بىر يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك كەندىرنىڭ ئۇرۇقى بولۇپ، ئۇرۇق پوستى توق يېشىل رەڭلىك، تەمى سۇس، پۇرىقى ئاز، چايىنسا تىلنى قورۇيدۇ، بۇ ئۆسۈملۈكنىڭ ئۇرۇقى «بەڭ» ياكى «بەزۇرۇلقەنەب» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ. (3.23 ـ رەسىم)



كەندىر ئۆسۈملۈكى

[**چىقىش ئورنى**] شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ھەممە يەرلىرىدە تېرىپ ئۆستۈرۈلىدۇ.

[**يىغىپ ساقلاش**] 10 ـ، 11 ـ ئايلاردا ئۇرۇقى پىشقاندا يىغىۋېلىپ قۇرۇتۇپ، ئۇرۇقنى پاكىز ئايرىپ ساقلىنىدۇ.

[**خىمىيەلىك تەركىبى**] تەركىبىدە 30% مايلىق ياغ بولۇپ، بۇ ياغنىڭ يېڭىسى سارغۇچ يېشىل بولۇپ، مەلۇم مەزگىلدىن كېيىن قوڭۇرسىمان سېرىق رەڭگە ئۆزگىرىپ قالىدۇ. مايىنىڭ تەركىبىدە 10% تويۇنغان ماي كىسلاتاسى، 12% ياغ كىسلاتاسى، 53% زىغىر كىسلاتاسى، كەندىر ماددىسى، ئاقسىل، ۋىتامىن $B_2$ قاتارلىقلار بار.

[**فارماكولوگىيەلىك تەسىرى**] سۈرۈش، قاندىكى مايىنى تۆۋەنلىتىش، قان بېسىمىنى چۈشۈرۈش، ئۆسمىگە قارشى تۇرۇش تەسىرىگە ئىگە.

[**لايىقلاشتۇرۇلۇشى**] ئىلغاپ ساپلاشتۇرۇلىدۇ، قۇرۇق قورۇلىدۇ.

[**تەبىئىتى**] ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق سوغۇق.

[**خۇسۇسىيىتى**] مەست قىلىش، تىنچلاندۇرۇش، تۇتۇش (قابىزلىق)، ئاغرىق پەسەيتىش، قىزىتما قايتۇرۇش، كۆڭۈلنى خوش قىلىش، باھنى قۇۋۋەتلەش، مەنىي تۇتۇش، ئۇيقۇ كەلتۈرۈش، خۇشال قىلىش خۇسۇسىيىتى بار.

[**ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر**] شەقىقە، ئادەتلەنگەن باش ئاغرىقى، باھ ئاجىزلىقى، ھەيز كۆپ كېلىش، ئۇيقۇسىزلىق، مەنىي تۇتالماسلىق، ھەر خىل ئاغرىشلىق كېسەللىكلەر قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[**ئىشلىتىش ئۇسۇلى**]

1. كەندىر ئۇرۇقىدىن 1.5 گىرام، تاباشىردىن ئۈچ گىرام ئېلىپ سوقۇپ، كالا سۈتى بىلەن قوشۇپ ئىچسە، بوۋاسىر قېنىنى توختىتىدۇ.

2. كەندىر ئۇرۇقىدىن بىر گىرام، ئۇستىقۇددۇستىن بەش گىرام، گاۋزىباندىن يەتتە گىرام ئېلىپ، سوقۇپ سۇفۇپ قىلىپ ئىچسە، ئۇيقۇسىزلىق، نېرۋا ئاجىزلىقىغا مەنپەئەت قىلىدۇ.

3. كەندىر ئۇرۇقىدىن ئىككى گىرام، سۆئىلەپتىن ئۈچ گىرام، شاقاقۇلدىن بەش گىرام، بۇغا مۈڭگۈزىدىن 1.5 گىرام ئېلىپ، سوقۇپ سۇفۇپ قىلىپ ئىچسە، باھ ئاجىزلىقىغا مەنپەئەت قىلىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] 1 ~ 3 گىرامغىچە.

[زىيانلىق تەسىرى] مېڭە خىزمىتىنى قالايمىقانلاشتۇرىدۇ، كۆرۈش قۇۋۋىتىنى ئاجىزلاشتۇرۇۋېتىدۇ، مالىخولىيا ۋە ساراڭلىقنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] قايماق، سۈت، سىركەنجۇبىل، ھەسەل.

[ئورۇنباسارى] كۈنجۈت، پىستە.

[ۋەكىل خاراكتېرلىك ياسالمىسى] مەجۇنى قەنەب.

[دىققەت قىلىدىغان ئىشلار] كۆپ ئىشلەتسە باشنى ئېغىرلاشتۇرىدۇ، كۆڭۈل ئېلىشىش، قۇسۇش، ئىچ سۈرۈش پەيدا قىلىدۇ، كۆپ مىقداردا ئىشلىتىشكە بولمايدۇ.

## ئىتياڭقى گۈلى

## 衣提洋克古丽

(洋金花 yang jin hua)

[باشقا ئاتىلىشى] جەۋزماسىل، گۈلى تاتۇرە، گۈلى جەۋزى ماسىل، دەھتورەكى پول

[لاتىنچە نامى] Flos Datura stramonium

[ئىنگلىزچە نامى] Jimson – weed



ئىتياڭقى ئۆسۈملۈكى

[تونۇش] بۇ، پىدىگەن ئائىلىسىدىكى بىر يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك ئاق گۈللۈك ئىتياڭقى ياكى تۈكلۈك ئىتياڭقى بولۇپ، بۇ ئۆسۈملۈكنىڭ گۈلى «ۋاڭنىڭ گۈلى»، يوپۇرمىقى «ۋاڭنىڭ يوپۇرمىقى»، ئۇرۇقى «ۋاڭنىڭ ئۇرۇقى» ياكى «جەۋزماسىل» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ. گۈلى چوڭ، بىرئاز پۇراقلىق، تەمى ئاچچىق، رەڭگى سارغۇچ قوڭۇر رەڭلىك كېلىدۇ. بۇنداق كەلگەنلىرى ياخشى ھېسابلىنىدۇ. (4.23 – رەسىم)

[چىقىش ئورنى] ئېلىمىز ۋە شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ھەممە يەرلىرىدىن تېپىلىدۇ.

[يىغىپ ساقلاش] 8 – ئايدىن 11 – ئاي ئارىلىقىدا گۈلى ئېچىلغاندا يىغىپ ئېلىپ قۇرۇتۇلىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

[خىمىيەلىك تەركىبى] ئاق گۈللۈك ئىتياڭىقى ئۈسۈملۈكىنىڭ ھەممە قىسمىنىڭ تەركىبىدە ئالكولوئىد بار. ئەمما گۈلىنىڭ تەركىبىدە ئۇتقان مىقدارى ئەڭ يۇقىرى بولغاندا 0.43% كە يېتىدۇ. ئالكولوئىد تەركىبىدە ئاساسلىقى بەزرۇلبەنجى ئالكولوئىدى، ھىئوسىن (Hyosine) لار بار.

[فارماكولوگىيەلىك تەسىرى]

1. مەركىزىي نېرۋا سىستېمىسىغا بولغان تەسىرى: بۇ كۆزگە كۆرۈنەرلىك دەرىجىدە تىنچلاندۇرۇش رولىغا ئىگە. ئادەتتىكى دوزىسى كىشىلەرنى ھارغىنلىق ھېس قىلدۇرىدۇ ۋە ئۇخلىتىدۇ. ئۇ يەنە كەيپىياتتىكى ھاياجانلىنىشنى يوقىتىدۇ، ئايرىم بىمارلاردا بىئارامىلىق، ھاياجانلىنىش، خىيالىي تۈيغۇ، ھەتتا ئېسىنى يوقىتىشتەك ئاتروپىنغا ئوخشاش قوزغىتىش ئالامەتلىرىنى پەيدا قىلىدۇ. بۇ ئىلگىرى پەقەت ناركوز قىلىشتا ئىشلىتىلەتتى، دۆلىتىمىز فىزىيولوگىيەلىك ئۇسۇلدا تەكشۈرۈشتە ئىسپاتلىنىشىچە، چوڭ مېڭە پوستلاق قەۋىتى ۋە ئوتتۇرا مېڭە تورسىمان قۇرۇلمىسىدىكى جانلاندۇرۇش سىستېمىسىنى تورمۇزلاش تەسىرىگە ئىگە. كىلىنىكىدا ئىسپاتلىنىشىچە، ناھايىتى ياخشى ئۇيقۇ كەلتۈرگۈچى تەسىرگە ئىگە، سكوپولامىن نەپەسلىنىش مەركىزىنى قوزغىتىدۇ، بۇنىڭ بۇنداق تەسىرى ئاتروپىندىن كۈچلۈك.

2. ئەتراپ نېرۋا سىستېمىسىغا بولغان تەسىرى: سكوپولامىن كۆز قارىچۇقىنى كېڭەيتىش، كۆز پالەچلىشىشنى ياخشىلاش، بەزلەرنىڭ سۇيۇقلۇق ئاجرىتىشىنى تورمۇزلاش تەسىرىگە ئىگە. بۇ خىل تەسىرى ئاتروپىندىن بىر ھەسسە كۈچلۈك، يۈرەك ئاداشقان نېرۋىسىغا نىسبەتەن تەسىرى ئاجىزراق، جۈڭيى دورىلىرى بىلەن ناركوز قىلىش جەريانىدا يۈرەك رىتىمى تېزلىشىدۇ. بۇنداق چاغدا ئالدىدا پىروپىرانولول (شىندىئەن) بېرىلىدۇ، ئۇنىڭ خولىبستېرىنغا قارشىلىق تەسىرى بولغانلىقى ئۈچۈن ئىتياڭىقى گۈلىنىڭ ئومۇمىي ئالكولوئىددىن ياسالغان ئوكۇل سۇيۇقلۇقى فوسفور ۋە يېزا ئىگىلىك دورىلىرىدىن زەھەرلىنىشنى قۇتقۇزۇشقا ئىشلىتىلىدۇ. ئۇ ئاتروپىنغا ئوخشاش قان تومۇرلاردىكى ئىسپازمىلىنىشنى بوشىتىدۇ. شوككا قارشى رولىمۇ بار.

3. بەدەن ئىچىدىكى جەريانى ۋە زەھەرلىك تەسىرى: ئىتياڭىقى گۈلى ئومۇمىي ئىشقارنى ئىچسە، سۈمۈرۈلۈشى تېز بولۇپ، پۈتۈن بەدەنگە تارقاپ، بالا ھەمراھى ۋە تۆرەلمىسىدىن ئۆتۈپ ئايلىنىدۇ.

[لايىقلاشتۇرۇلۇشى] ئىلغاپ ساپلاشتۇرۇلىدۇ.

[تەبىئىتى] تۆتىنچى دەرىجىدە قۇرۇق سوغۇق.

[خۇسۇسىيىتى] نېرۋىنى تىنچلاندۇرۇش، يەل ھەيدەش، مەست قىلىش، ئاغرىق پەسەيتىش، ئۆپكە كانايىنى راۋانلاشتۇرۇش، ئىسپازما بوشىتىش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر]

زىققە، بوغۇم ئاغرىقلىرى، يۆتەل، بەل ۋە پۇت ئاغرىقى، كىچىك باللاردىكى تۇتقاقلىق قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە ئوپېراتسىيە ناركوز دورىسى سۈپىتىدە ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. ئەپيۇندىن 0.10 گىرام، كاھۇ ئۇرۇقى، بەزرۇلبەنجى قاتارلىقلاردىن ئىككى گىرام، ئىتياڭىقى گۈلىدىن 0.2 گىرام ئېلىپ، قائىدە بويىچە قايىنتىپ ئىچكۈزۈلسە، ھەر خىل جىددىي خاراكتېرلىك ئاغرىقلارنى توختىتىدۇ.

2. سۆرۈنجان، سانا، بەدىيان، جىنتىيانا قاتارلىقلاردىن 10 گىرامدىن، ئىتياڭقى گۈلىدىن 0.2 گىرام ئېلىپ، دورىلاردىن سۇفۇپ تەييارلاپ ئىچسە، پۇت، بەل ئاغرىقىغا پايدا قىلىدۇ.

3. ئەنسەل، زۇپا، پەرسىياۋشان، زىغىر قاتارلىقلاردىن 10 گىرامدىن، ئىتياڭقى گۈلىدىن 0.2 گىرام ئېلىپ كاشكاپ تەييارلاپ بەرسە، يۆتەل، زىققىگە مەنپەئەت قىلىدۇ.

**[ئىشلىتىش مىقدارى]** 0.3 ~ 0.6 گىرامغىچە.

**[زىيانلىق تەسىرى]** باھقا زىيان قىلىدۇ.

**[تۈزەتكۈچىسى]** قارىمۇچ، بەدىيان، قاپاق، سۈت، ھەسەل.

**[ئورۇنباسارى]** ئىككى ھەسسە بەزرۇلبەنجى، كۆكنار گۈلى.

**[پىششىق دورا ياسالمىسى]** سۇفۇپى خەشخاش، زىماتى زەھرەتول جەۋزى.

**[دىققەت قىلىدىغان ئىشلار]** مىقدارى كۆپ بولۇپ كەتسە زەھەرلىنىشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. بەدىنى ئاجىزلارغا بېرىشكە بولمايدۇ. زەھەرلەنگەندە دەرھال ئاشقازاننى يۇيۇش، قۇستۇرۇش، ئىچىنى سۈرگۈزۈش لازىم.

## ئىتياڭقى يوپۇرمىقى

## 衣提洋克优普日密克

(曼陀罗叶 man tuo luo ye)

**[باشقا ئاتىلىشى]** بەرگى تاتۇرە، ۋەرەقى جەۋزى ماسل، دەھتورەكى ۋەرەق

**[لاتىنچە نامى]** Folium Daturastramonium

**[ئىنگلىزچە نامى]** Jimson Weed Leaf



ئىتياڭقى يوپۇرمىقى

**[تونۇش]** بۇ، پىدىگەن ئائىلىسىدىكى ئۆسۈملۈك ئاق گۈللۈك ئىتياڭقى ياكى تۈكلۈك ئىتياڭقى قاتارلىقلارنىڭ يوپۇرمىقى بولۇپ، يوپۇرماق ئالىقىنى تۇخۇم شەكىللىك، ئىككى يۈزى تۈكسىز ياكى قىسقا، يۇمران، شالاڭ ئۆسكەن، يوپۇرماق تورى تومپىيىپ چىققان بولىدۇ. (5.23 ـ رەسىم)

**[چىقىش ئورنى]** ئېلىمىز ۋە ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ كۆپلىگەن جايلىرىدىن ھەم ھىندىستان قاتارلىق ئەللەردىن چىقىدۇ.

**[يىغىپ ساقلاش]** 7 ـ، 8 ـ ئايلاردا يىغىلىپ، ئاپتاپتا ياكى ساندۇقتا قۇرۇتۇپ ساقلىنىدۇ.

**[خىمىيەلىك تەركىبى]** ئاق گۈللۈك ئىتياڭقى يوپۇرمىقى تەركىبىدە 0.6% كىچە ئومۇمىي ئالكولوئىد تۇتىدۇ. بۇ ئاساسلىقى ھىيوسىن (Hyoscine)، ھىئوسىئامىن (Hyoseyamine) ۋە ئاتروپىن (Atropin) لاردىن ئىبارەت. تۈكلۈك ئىتياڭقى يوپۇرمىقى تەركىبىدە 0.5% كىچە ئومۇمىي ئالكولوئىد تۇتىدۇ. بۇ ئاساسلىقى ھىيوسىن ۋە ھىئوسىئامىن

يەنە كوسكو ھىگرىن (Cuscuhygrine)، مىتىلوئىدىن (Meteloidine) قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.

[لايىقلاشتۇرۇلۇشى] قۇرۇتۇپ ساپلاشتۇرۇلىدۇ.

[تەبىئىتى] تۆتىنچى دەرىجىدە قۇرۇق سوغۇق.

[خۇسۇسىيىتى] مەست قىلىش، تەشەننۇج (ئىسپازما) نى بوشىتىش، نېرۋىنى تىنچلاندۇرۇش، ئاغرىق پەسەيتىش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر] زىققە، كۆكيۆتەل، بوغۇم ئاغرىقى، بوغۇم ئىششىقلىرى، بەل ئاغرىقى، پوقاق، بەز ئىششىقى، كۆيگەن جاراھەت، پەي، نېرۋا ئاغرىقلىرى، ھەيز ئاغرىتىپ كېلىش، سۈت بېزى ياللۇغى، ئولتۇرغۇچ نېرۋا ئاغرىقى، بۆۋاسىر قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. ئىتياڭقىنىڭ قۇرۇق يوپۇرمىقىنىڭ سوفوپىنى تاماكا ئورنىدا چېكىپ، تۈتۈنىنى پۈرىسا، زىققە ۋە يۆتەلگە پايدا قىلىدۇ.

2. 0.5 گىرام ئىتياڭقى ھۆل يوپۇرمىقىنىڭ سۈيىنى سىقىپ ئېلىپ قولاققا تېمىتسا، ئاغرىق توختىتىدۇ.

3. ئىتياڭقىنىڭ ھۆل يوپۇرمىقىنىڭ سۈيىنى ياغ بىلەن قايناتىپ، بۇنىڭ بىلەن يەرلىك ئورۇننى ياغلىسا، بوغۇم ئاغرىقى، ئولتۇرغۇچ نېرۋا ئاغرىقى ۋە باشقا ئاغرىقلارغا پايدا قىلىدۇ.

4. ئىتياڭقىنىڭ قۇرۇق يوپۇرمىقىنى سوقۇپ، ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈپ، خېمىر قىلىپ سۇنغان جاينىڭ ئۈستىگە چاپسا، سېرىقسۇ يىغىلىشنى توختىتىدۇ ھەم بەدەندىكى ھۆللۈكنى قۇرۇتىدۇ.

5. ئىتياڭقىنىڭ يوپۇرمىقىنى قايناتىپ سۈيى بىلەن پۇتلىرىنى يۇسا، پۇت ئاغرىقى، بوغۇم ئاغرىقلىرىغا پايدا قىلىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] 0.05 ~ 0.6 گىرامغىچە.

[زىيانلىق تەسىرى] زەھەرلىك بولۇپ، قان تومۇرلارغا زىيان قىلىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] قارىمۇچ، بەدىيان، پىلپىل.

[ئورۇنباسارى] كۆكنار پوستى ۋە گۈلى، ئەپيۇن.

[ۋەكىل خاراكتېرلىك پىششىق دورا ياسالمىسى] ھەببى شىپا، رەۋغىنى جەۋماسىل.

[دىققەت قىلىدىغان ئىشلار] باللارغا ئىشلىتىشكە بولمايدۇ.

# يىگىرمە تۆتىنچى باب  قابىز دورىلار

بۇ، تۇتۇش تەسىرى بولغان دورىلار بولۇپ، بۇ خىل دورىلار ئەزا - توقۇلمىلارنىڭ بوشاپ كېتىشى، كېڭىيىپ كېتىشى، تۇتۇش قۇۋۋەتلىرىنىڭ ئاجىزلاپ كېتىشىدىن كېلىپچىققان كېسەللىك (يەنى سوڭى چىقىپ قېلىش، بالىياتقۇ چىقىقى، مەنىي تۇتالماسلىق، ئاق خۇن كۆپ كېلىش، كۆپ تەرلەش، ئۇزۇن ۋاقىت ئىچى سۈرۈش، تەرەتتىن قان كېلىش...) ئالامەتلىرىگە قارىتا ئىشلىتىلىدۇ. بۇنداق كېسەللىكلەر-نى ۋاقتىدا داۋالىمىغاندا ئېغىر ئاقىۋەت كېلىپچىقىدۇ.

كىلىنىكىدا ئورگانىزمنىڭ تۇتۇش قۇۋۋىتىنىڭ ئاجىزلىشىدىن بولغان كېسەللىك ئالامەتلىرى بىرقە-دەر كۆپ ئۇچرىغانلىقتىن، قابىز دورىلارنىڭ ئىشلىتىلىشى بىرقەدەر كەڭ بولىدۇ. بۇ تۈردىكى دورىلارنىڭ قورۇش، قۇرۇتۇش، چىڭىتىش تەسىرى ئالاھىدە ياخشى بولۇپ، كۆپ ساندىكىلىرىنىڭ تەبىئىتى قۇرۇق سوغۇق ياكى ھۆل سوغۇق بولىدۇ.

بۇ خىل دورىلارنى ئىشلەتكەندە دورىنىڭ مىقدارى ۋە ئىشلىتىلىش ۋاقتىغا دىققەت قىلىش كېرەك. چۈنكى بۇ خىل دورىلار كېسەللىك ماددىلىرىنىڭ بەدەندىن چىقىپ كېتىشىگە توسقۇنلۇق قىلىدىغانلىقى ئۈچۈن، كېسەللىكلەرنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە ياكى غەيرىي تەبىئىي خىلتلاردىن بولغان كېسەللىكلەردە، غەيرىي تەبىئىي خىلتلارنى پىشۇرۇشتىن ئىلگىرى ئالدىراپ ئىشلىتىشكە بولمايدۇ. مەسىلەن: يۇلغۇن، قىزىل ئۈزۈم ھارىقى، چۈلۈك دەرىخى قوۋزىقى، ئانقۇلاق ئۇرۇقى، مامىسا، بەللۇت، جىگدە، كۇندۇر، ئانار ئۇرۇقى، ئازغان مېۋىسى، سېمىزئوت ئۇرۇقى، پاقىيوپۇرمىقى ئۇرۇقى، يۇمغاقسۇت ئۇرۇقى، تاجىگۇل، كۆكمارال، قاندالا، كەھرىۋا، ئاقاقىيا، تاباشىر، سالاجىت، ئوچاق چالمىسى، تازىلانغان شور، سىماقۇل ئەبغەيىن، غاز تۇخۇم شاكىلى، ياچۇەك تۇخۇمى، تاشقا ئايلانغان سۆڭەك، جىگدە، ھەببۇلئاس ئۇرۇقى، كېۋەز ئانىسى، شاقايىقۇننۇئمان، تالىك، نېلۇپەر ئۇرۇقى، ئىتياڭىقى ئۇرۇقى، قەھۋە، تاماكا يوپۇرمىقى، ئەپيۇن، بەزرۇلبەنجى، كەندىر ئۇرۇقى، يۇمغاقسۇت ئۇرۇقى، ئاق مەۋسەل، رەيھان ئۇرۇ-قى، ئەرەب يېلىمى، كەتىرا، ھىڭ قاتارلىقلار.

## يۇلغۇن

## 优里呼尼

(柽柳 cheng liu)

[باشقا ئاتىلىشى] ئەسىل، تەرفا، گەز، لال جاۋ، پەراش

[لاتىنچە نامى] Cacumen Tamarix ramosissima

[ئىنگلىزچە نامى] leaf of Chinese tamarisk

[تونۇش] بۇ، يۇلغۇن ئائىلىسىدىكى يوپۇرماق تاشلايدىغان چاتقال ياكى كىچىك دەرەخ كۆپ شاخلىق

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



يۇلغۇن دەرىخى

يۇلغۇن بولۇپ، بۇ دەرەخنىڭ گۈل ئېچىلىشتىن ئىلگىرىكى يۇمران شاخلىرى، يوپۇرمىقى ۋە يىلتىزى «يۇلغۇن» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ. (1.24 - رەسىم)

[**چىقىش ئورنى**] شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ جاڭگاللىرىدا ئۆسىدۇ.

[**يىغىپ ساقلاش**] ياز كۈنى ئورۇۋېلىپ، قۇرۇق، سالقىن جايدا ساقلىنىدۇ.

[**خىمىيىلىك تەركىبى**] يۇلغۇن فېنولى، تامارىكون (Tamarikone)، تامارىكول (Tamarikol) قاتارلىقلاردىن تەركىب تاپىدۇ.

[**فارماكولوگىيىلىك تەسىرى**] قىزىتمىنى قايتۇرۇش، ياللۇغ قايتۇرۇش، ئاغرىق توختىتىش، باكتېرىيە ئۆلتۈرۈش، يۆتەل پەسەيتىش، جىگەرنى قۇۋۋەتلەش قاتارلىق رولى بار.

[**لايىقلاشتۇرۇلۇشى**] يۇيۇپ توغراش، قۇرۇتۇش ئارقىلىق لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

[**تەبىئىتى**] بىرىنچى دەرىجىدە قۇرۇق سوغۇق.

[**خۇسۇسىيىتى**] ئىچنى قاتۇرۇش، جىگەر ۋە تالنى قۇۋۋەتلەش، ماددىلارنى تارقىتىش، ئارتۇق ھۆللۇكنى قۇرۇتۇش، توسالغۇلارنى ئېچىش، قان تازىلاش، سۈيدۈك ھەيزنى راۋان قىلىش خۇسۇسىيىتى بار.

[**ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر**] ماخاۋ، سېرىقلىق چۈشۈش، جىگەر توسۇلۇش، ئىچى سۈرۈش، بالىياتقۇ قاناش ۋە بالىياتقۇ چىقىقى، جىگەر ۋە تال قېتىش، يىرىڭلىق چاقا، بوۋاسىر، سۆگەل، سۈيدۈك ۋە ھەيز توسۇلۇش قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[**ئىشلىتىش ئۇسۇلى**]

1. يۇلغۇننى سىركە بىلەن قاينىتىپ ئىچىپ بەرسە، ئۆت ئاجىزلىقىدىن ۋە سەپرانىڭ ئۆتتە توختاپ قالغانلىقىدىن پەيدا بولغان سېرىق كېسەللىگە پايدا قىلىدۇ.

2. يۇلغۇن يىلتىزىدىن 240 گىرامنى ھەر كۈنى قاينىتىپ سۈيىنى ئىچىپ بەرسە، جىگەرنىڭ توسالغۇلىرىنى ئېچىپ، قاتتىق ئىششىقلارنى ياندۇرىدۇ.

3. يۇلغۇن، ئەنجۈر، سىركىلەرنى قاينىتىپ ئىچسە، تالنى يۇمشىتىپ ئەسلىگە كەلتۈرىدۇ.

4. يۇلغۇننىڭ ئۇرۇقىنى ئوبدان ئېزىپ چاپسا، يىرىڭلىق چاقىلارنى ۋە كۆيۈكتىن بولغان قاپارتقۇلارنى قۇرۇتىدۇ.

[**ئىشلىتىش مىقدارى**] كېسەللىك ئەھۋالىغا قاراپ 5 ~ 7 گىرامغىچە.

[**زىيانلىق تەسىرى**] باشقا زىيان قىلىدۇ.

[**تۈزەتكۈچىسى**] ھەسەل.

[**ئورۇنباسارى**] يۇلغۇن مېۋىسى، كۆكنار.

[**پىششىق دورا ياسالمىسى**] بوزۇرى شەربىتى.

# قىزىل ئۈزۈم ئۇرۇقى
## 克孜力欧祖密欧如合
## （红葡萄子 hong pu tao zi）

[باشقىچە ئاتىلىشى] بەزۇرۇل ئەنەب، تۇخۇمى ئەنگۇر، ئەنگۇر كى بيج.

[لاتىنچە نامى] semen fructus Vitis Vinifera

[ئىنگلىزچە نامى] seed fruit of Grape



قىزىل ئۈزۈم

[تونۇش] بۇ، ئۈزۈم ئائىلىسىدىكى قىزىل ئۈزۈمنىڭ ئۇرۇقىدىن ئىبارەت بولۇپ، رەڭگى قارامتۇل قىزىل رەڭلەردە كېلىدۇ، ئۈزى قاتتىق، تەمى ئاچچىق كېلىدۇ. (2.24 ـ رەسىم)

[چىقىش ئورنى] شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ھەممە يەرلىرىدىن چىقىدۇ.

[لايىقلاشتۇرۇلۇشى] ئىلغاپ ساپلاشتۇرۇش، يۇيۇپ توغراش ئارقىلىق لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق سوغۇق.

[خۇسۇسىيىتى] توتۇش، قورۇش، ئىچ سۈرۈشنى توختىتىش، قۇرۇتۇش، مەنىي توختىتىش، قان توختىتىش خۇسۇسىيىتى بار.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر] ئىچ سۈرۈش، قان ۋە سەپرادىن بولغان ئىسھال، كۆپ تەرلەش، مەنىي بالدۇر يۇرۇپ كېتىش، ھەر خىل قاناشلىق كېسەللىكلەرگە ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. قىزىل ئۈزۈم ئۇرۇقى بىلەن تاباشىرنى سوقۇپ، قېتىق بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ يەپ بەرسە، ئىچ سۈرۈشكە مەنپەئەت قىلىدۇ.

2. تاباشىردىن 10 گىرام، يۇمغاقسۇت ئۇرۇقى ۋە قىزىل ئۈزۈم ئۇرۇقىدىن بەش گىرامدىن ئېلىپ سوقۇپ قىلىپ، قېتىق سۈزمىسىدىن 20 گىرامغا ئارىلاشتۇرۇپ ئىستېمال قىلسا، قان ۋە سەپرادىن بولغان ئىسھالنى توختىتىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] ئەڭ ئۇلغا قاراپ 90 گىرام.

[زىيانلىق تەسىرى] ئىسسىق مىزاج كىشىلەر ئۈچۈن زىيان قىلىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] سىركەنجۇبىل، ئاچچىق ـ چۈچۈك مېۋىلەرنىڭ سۈيى، خەشخاش سۈيى.

[ئورۇنباسارى] كىشمىش.

[پىششىق دورا ياسالمىسى] سۇفۇپى تاباشىر.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

# چۇلۇك دەرىخى قوۋزىقى

## 曲鲁克达日哈库孜克

## (椿白皮 chun bai pi)

[باشقا ئاتىلىشى] چۇلۇك يىلتىزى پوستى

[لاتىنچە نامى] Cortex Toonae sinensis

[ئىنگلىزچە نامى] Bark of chinese toona Root

[تونۇش] بۇ، يوپۇرماق تاشلايدىغان، چۇلۇك دەپ ئاتىلىدىغان بىر خىل دەرەخنىڭ قوۋزىقى بولۇپ، مېۋىسىمۇ «چۇلۇك مېۋىسى» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ. (3.24 ـ رەسىم)

[چىقىش ئورنى] جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا تىكىپ ئۆستۈرۈلىدۇ.

[يىغىپ ساقلاش] بۇ ئۆسۈملۈكنىڭ دورىلىق قىسمىنى كۈز پەسلىدە يىغىپ، توغراپ قۇرۇتۇپ، قۇرغاق ئورۇندا ساقلىنىدۇ.

[لايىقلاشتۇرۇلۇشى] توغراش، قۇرۇتۇش ئارقىلىق لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

[تەبىئىتى] بىرىنچى دەرىجىدە قۇرۇق سوغۇق.

[خۇسۇسىيىتى] قىزىتما قايتۇرۇش، ھۆللۈكنى قۇرۇتۇش، تولغاق، قان توختىتىش خۇسۇسىيەتلىرى بار.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر] ئاق خۇن كۆپ كېلىش، بوۋاسىر قاناش، ئۇزاق مۇددەت تولغاق بولۇپ قان كېلىش قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. چۇلۇك دەرىخى قوۋزىقىنى كاۋاۋچىن بىلەن قاينىتىپ ئىچسە، ئاق خۇن كېسەللىكىگە شىپا بولىدۇ.

2. ئانارگۇل، ئاقاقىيا، چۇلۇك يىلتىزى پوستى، رۇسۇت قاتارلىقلاردىن 10 گرامدىن ئېلىپ، سوقۇپ ئىچىپ بەرسە، ھەر خىل بوۋاسىر قاناشلارغا مەنپەئەت قىلىدۇ.

3. چۇلۇك دەرىخى قوۋزىقىدىن 10 گرام، تاباشىر، نىشاستىدىن 12 گرامدىن ئېلىپ سۇفۇپ قىلىپ، قېتىق سۈزمىسىگە ئارىلاشتۇرۇپ ئىستېمال قىلسا، سوزۇلما قان تولغاققا شىپا بولىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] چۇلۇك پوستىدىن 6 ~ 20 گرامغىچە، مېۋىسىدىن 4 ~ 12 گرامغىچە.

[زىيانلىق تەسىرى] باش ئاغرىقى پەيدا قىلىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] ھەسەل، كەتىرا.

[ئورۇنباسارى] ئەنجبار.

[پىششىق دورا ياسالمىسى] سۇفۇپى گۇل.

# **ھۇمماز ئۇرۇقى**

## 欧麻孜欧如合

(酸模子 suan mo zi)

[**باشقا ئاتىلىشى**] بەزرۇلھۇمھاز، تۇخۇمى ھۇمماز، ئاتقۇلاق ئۇرۇقى

[**لاتىنچە نامى**] Semen Rumicis Crispus

[**ئىنگلىزچە نامى**] Seed Garden Sorre



ھۇمماز ئۇرۇقى

[**تونۇش**] بۇ، قامچىئوت ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك ئاتقۇلاق ئۆسۈملۈكى بولۇپ، ئۇ-نىڭ ئۇرۇقى «ئاتقۇلاق ئۇرۇقى» ۋە «ھۇمماز ئۇرۇقى» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ. قۇرۇتۇلغان ئۇرۇقى، يۇملاق ئۈچ قىرلىق، پارقىراق، رەڭگى قارا قىزىل كېلىدۇ. تەمى ئاچچىق - چۈچۈك بولىدۇ. (4.24 - رەسىم)

[**چىقىش ئورنى**] ئېلىمىزنىڭ كۆپلىگەن جايلىرىدىن ھەم ھىندىستاندىن چىقىدۇ.

[**يىغىپ ساقلاش**] بۇ ئۆسۈملۈكنىڭ مېۋىسى پىشقاندىن كې-يىن، قۇرۇتۇپ ئۇرۇقىنى يىغىۋېلىپ، پاكىز تازىلاپ، قۇ-رۇق ھەم سالقىن جايدا ساقلىنىدۇ.

[**خىمىيەلىك تەركىبى**] ئۇرۇقىنىڭ تەركىبىدە ھىپېرىن (Hyperin) بار. يىلتىزى تەركىبىدە 27.5% تاننىن، 19.8 مىللىگرام رەۋەن فىنول، كىراخمال، يې-پىشقاق ماددا، شېكەر، پىگمېنت قاتارلىقلار بار.

[**فارماكولوگىيەلىك تەسىرى**] ھۇمماز يىلتىزى بىلەن ياسىغان 70% لىك مەلھەم 70% لىك ئىسپىرت بىلەن تەييارلانغان، تىنكتورىسى تەمرەتكە زەمبۇرۇغىنى تورمۇزلايدۇ، ئۆتكۈر خاراكتېرلىك يەككە يادرو ھۈجەيرىلىك ۋە ئۆتكۈر لىمفا ھۈجەيرە تىپىدىكى ئاق قان كېسىلى ھۈجەيرىلىرىنى تورمۇزلاش رولىغا ئىگە. يەنە بۇنىڭدا كىسلاتالىق كالىي ئوكسىلات ۋە ئازراق تارتىرات كىسلاتاسى، چۆپ كىسلاتاسى بولغانلىقتىن، كىسلاتا تەمى بار، بەزىدە چۆپ كىسلاتانىڭ مىقدارى ئېشىپ كەتسە زەھەرلەپ قويىدۇ، كىچىك باللار ھۇمماز يوپۇرمىقىنى يەپ قويۇپ، ئۆلۈپ كەتكەنلىكى توغرىسىدا خەۋەرلەرمۇ بار، سۇدا ئايرىپ ئېلىنغان مەھسۇلاتنىڭ زەمبۇرۇغقا قارشى تۇرۇش تەسىرىمۇ بار.

[**لايىقلاشتۇرۇلۇشى**] ئىلغاپ ساپلاشتۇرۇلىدۇ.

[**تەبىئىتى**] ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق سوغۇق.

[**خۇسۇسىيىتى**] تۇتۇش، ئىچ سۈرۈشنى توختىتىش، قان توختىتىش، جاراھەت پۈتتۈرۈش، غەيرىي تەبىئىي سەپرا خىلتىنىڭ ھارارىتىنى پەسەيتىش، ئاغرىق توختىتىش خۇسۇسىيەتلىرى بار.

[**ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر**] ئىچ سۈرۈش، تولغاق، ئۈچەي يارىسى، قۇسۇش، كۆڭۈل ئېلىشىش،

www.uyghurkitap.com

ئۆتكۈر ئۈسسۈزلۇق ۋە سىيدۇك تۇتالماسلىق قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. نىشاستە، تاباشىر يەتتە گىرامدىن، قىيتىق سۈزمىسى بەش گىرام، ئاتقۇلاق ئۇرۇقى ئۈچ گىرام. دورىلارنى قائىدە بويىچە ئارىلاشتۇرۇپ قايىنتىپ ئىچسە، ئىچ سۈرۈشنى توختىتىدۇ.

2. ئەنجبار 10 گىرام ، كەھرىۋا بەش گىرام، خۇنسىياۋشان، ئاتقۇلاق ئۇرۇقى 10 گىرامدىن. دورىلارنى ئىچى ۋە سىرتىدىن ئىشلەتسە، قاناشچان جاراھەتلىك كېسەللىكلەرگە مەنپەئەت قىلىدۇ.

3. ھۆمماز ئۇرۇقىنى چاينىسا چىش مىلىكىنى چىڭىتىدۇ، قايىنتىپ سۈيىنى ئىچسە، ئۈسسۈزلۇقنى باسىدۇ، قايىنتىپ سۈيىدە ئولتۇرغۇزسا، مەقئەت كېسەللىكلىرىگە مەنپەئەت قىلىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] 3～10 گىرامغىچە.

[زىيانلىق تەسىرى] باھ، بۆرەككە زىيان قىلىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] شېكەر ۋە بەدىيان.

[ئورۇنباسارى] ھۆمماز بوستانى.

[ۋەكىل خاراكتېرلىك پىششىق دورا ياسالمىسى] سۇفۇپى تىين، قۇرسى كەھرىۋا.

## مامىسا

## 马米萨

(丽春花 li chun hua)

[باشقا ئاتىلىشى] بەن پوستە مامىسا

[لاتىنچە نامى] Flos papver rhoeas

[ئىنگلىزچە نامى] Corn Poppl Herba



مامسا

[تونۇش] بۇ، ئەپيۇنگۈل ئائىلىسىدىكى ئىككى يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك مامىسا، يەنى ياۋا كۆكنار بولۇپ، بۇ ئۆسۈملۈكنىڭ گۈلى، مېۋە سۈيى ياكى پۈتۈن چۆپى «مامىسا» ياكى «بەن پوستە» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ. مېۋىسى خەشخاش بەھرىگە ئوخشايدۇ، چوڭلۇقى قارا كۆنجۈت مىقدارىدا، رەڭگى سېرىق قارىغا مايىل، ئاسان سۇنىدۇ، ئاچچىق سۈيى بار، تەمى ئاچچىق. (5.24 ـ رەسىم)

[چىقىش ئورنى] ئېلىمىزدىن ۋە ياۋروپادىن چىقىدۇ.

[يىغىپ ساقلاش] بۇ ئۆسۈملۈكنىڭ دورىلىق قىسمىنى كۈز پەسلىدە يىغىپ قۇرۇتۇپ، قۇرغاق ئورۇندا ساقلىنىدۇ.

[خىمىيەلىك تەركىبى] پۈتۈن چۆپىدە زەھەرلىك خۇسۇسىيىتى ئاجىزراق بولغان ئالكولوئىدلاردىن رېئادىن (Rhoeadine) ، رئاگېنىن (Rhoeagenin) ، پىروتوپىن (Protopine) قاتارلىقلار، ئۇرۇق پوستىدا مورفىن

(Morphine)، ناركوتىن (Narcotine)، تېبائىن (Thebaine) ئۇرۇقى، 47.6% ياغ قاتارلىقلار بار.

[**فارماكولوگىيەلىك تەسىرى**] مورفىن، ناركوتىن، تېبائىن قاتارلىقلارنىڭ ئۇخلىتىش، ئاغرىق پەسەيتىش، يۆتەل توختىتىش تەسىرى بار، ئۇرۇقى تەركىبىدىكى پولىساخارىد تۇرىدىكىلەرنىڭ راكقا قارشى تەسىرى بار.

[**لايىقلاشتۇرۇلۇشى**] يۇيۇپ قۇرۇتۇپ ساپلاشتۇرۇلىدۇ.

[**تەبىئىتى**] ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق سوغۇق.

[**خۇسۇسىيىتى**] ئىچ سۈرۈشنى توختىتىش، ئىششىق ياندۇرۇش، بەدەننى قۇۋۇەتلەش، مۇسكۇللارنى چەكلەش، سوۋۇتۇش، قۇرۇتۇش، كۆرۈش قۇۋۋىتىنى ئاشۇرۇش، ئاغرىق پەسەيتىش خۇسۇسىيەتلىرى بار.

[**ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر**] ئىسسىقتىن بولغان كۆز ياشانغىراش، كۆرۈش قۇۋۋىتى ئاجىزلىقى، ئىچ سۈرۈش، باش ئاغرىش، ئىسسىقتىن بولغان پۇت - قول بوغۇملىرىنىڭ ئاغرىقى ۋە ئىششىقى، يەلتاشما، پۇت - قول ئۇيۇشۇش قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[**ئىشلىتىش ئۇسۇلى**]

1. مامىسا ئۇسارىسىنى سۇيۇلدۇرۇپ يەرلىك ئورۇنغا چاپسا، ئىسسىقتىن بولغان ئىششىق، سىڭدىلىس، ئوتتا كۆيگەن كۆيۈك، ئۈچەي ئېچىشىش قاتارلىقلارغا پايدا قىلىدۇ ھەم چوڭ بوغۇم ئاغرىقلىرىنى توختىتىدۇ.

2. مامىسا بەش گىرام، تاباشىردىن ئۈچ گىرام ئېلىپ، سوقۇپ سۇفۇپ قىلىپ ئىچسە، ئىچ سۈرۈشكە مەنپەئەت قىلىدۇ.

3. مامىسادىن ئۈچ گىرام، مەرۋايىت كۆشتىسىدىن 1.5 گىرام ئېلىپ، سۈرمە تەييارلاپ كۆزگە تارتسا، كۆرۈش قۇۋۋىتى ئاجىزلىقىغا مەنپەئەت قىلىدۇ.

[**ئىشلىتىش مىقدارى**] 3 ～ 6 گىرامغىچە.

[**زىيانلىق تەسىرى**] تالغا زىيان قىلىدۇ.

[**تۈزەتكۈچىسى**] تاتلىق بادام، ھەسەل.

[**ئورۇنباسارى**] سۇماق.

[**ۋەكىل خاراكتېرلىك پىششىق دورا ياسالمىسى**] سۇفۇپى مامىسا

## بەللۇت

## 白鲁提

## （橡实 xiang shi ）

[**باشقىچە ئاتىلىشى**] شاھبەللۇت، جۇپتى بەللۇت، شاسپارى

[**لاتىنچە نامى**] Semen Cyclogalanopsis

[**ئىنگلىزچە نامى**] Boue Japanese Oak Seed

[**تونۇش**] بۇ، دوب دەرىخى ئائىلىسىدىكى ئۆسۈملۈك دوب دەرىخىنىڭ مېۋىسى بولۇپ، بۇ مېۋە قاتتىق، يۇمىلاق ۋە ئۇزۇنچاق ئىككى خىل بولىدۇ، يۇمىلاق كەلگىنى «شاھبەللۇت» دېيىلىدۇ، بەللۇتنى چاقسا،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



بەللۇت

ئىچىدىن مېغىزى چىقىدۇ. مېغىزىنىڭ ئۈستىدە نېپىز پەردە بار بولۇپ، بۇ خاسىڭ مېغىزىنىڭ پوستىغا ئوخشايدۇ، بۇ «جۇپتى بەللۇت» دېيىلىدۇ، ئۇ ئۇزۇنچاق كېلىدۇ، رەڭگى ئوچۇق يېشىل بولۇپ، قۇرۇغاندا ئاقۇچ سېرىق رەڭگە كىرىدۇ. (6.24 ـ رەسىم)

[چىقىش ئورنى] شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدىن ھەم ھىندىستان، نېپال قاتارلىق ئەللەردىن چىقىدۇ.

[يىغىپ ساقلاش] كۈزدە مېۋىسى پىشقاندا، يىغىۋېلىپ ئاپتاپتا قۇرۇتۇلىدۇ.

[خىمىيەلىك تەركىبى] 40% ~ 60% كىچە كىراخمال، 25% ~ 15% كىچە ماي بار.

[لايىقلاشتۇرۇلۇشى ]قۇرۇق قورۇپ لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق سوغۇق.

[خۇسۇسىيىتى] ئىچ سۈرۈشنى توختىتىش، قۇرۇتۇش، تۇتۇش، قان توختىتىش خۇسۇسىيىتى بار.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر] ئىچ سۈرۈش، چىش مىلىكى قاناش، بوۋاسىر قاناش، ئاشقازان جاراھەتى، قان تۈكۈرۈش، مەنىي بالدۇر يۈرۈپ كېتىش، تولغاق، ئۆچەي يارىسى قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. ئىككى گىرام بەللۇتنى سوقۇپ، سۈفۈپ قىلىپ كاپ ئەتسە، ئىچ سۈرۈشنى توختىتىدۇ.

2. 10 گىرام بەللۇتنى يەتتە گىرام سەئدى كۇفى بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ، سۈفۈپ تەييارلاپ ئىچسە، سۈيدۈك تېمىپ كېلىشكە پايدا قىلىدۇ.

3. ئاقاقىيا، بەللۇت، ئانارگۈل قاتارلىقلاردىن 10 گىرامدىن ئېلىپ، سوقۇپ سۈفۈپ قىلىپ ئىچسە، ئەزالاردىن كەلگەن ھەر خىل قاننى توختىتىدۇ.

4. بەللۇتنى سەئدى كۇفى بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ سوقۇپ ئىچسە، سۈيدۈك تېمىپ كېلىشكە مەنپەئەت قىلىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] 2 ~ 3 گىرامغىچە، قاينىتىلمىسى توققۇز گىرامغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

[زىيانلىق تەسىرى] گالغا، يۇتقۇنچاققا ۋە سەۋدا مىزاجلىقلارغا زىيان قىلىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] ھەسەل سۈيى، بادام يېغى.

[ئورۇنباسارى] ئانارگۈل، مەستىكى، تاباشىر، ئەنجىبار.

[پىششىق دورا ياسالمىسى] ھەببى ئىمساك.

# جىگدە

# 吉格德

## （沙枣 sha zao）

[**باشقا ئاتىلىشى**] جىگدە مېۋىسى

[**لاتىنچە نامى**] Fructus Elaeagnus angustifolia

[**ئىنگلىزچە نامى**] Russian oleaster Fruit

[**تونۇش**] بۇ، جىگدە ئائىلىسىدىكى چاتقال ياكى كىچىك دەرەخ جىگدە ئۆسۈملۈكىنىڭ مېۋىسىدىن ئىبارەت. ئېللىپىس شەكىللىك ياكى تۇخۇم شەكىللىك بولۇپ، رەڭگى سۇس سېرىق رەڭلىك، مېۋىسى تاتلىق، ئىچىدە ئۇزۇنچاق، قارا، ئاق يوللۇق ئۇرۇقى بار. (7.24 ـ رەسىم)



جىگدە

[**چىقىش ئورنى**] شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ھەممە يەرلىرىدىن چىقىدۇ.

[**يىغىپ ساقلاش**] بۇ ئۆسۈملۈكنىڭ دورىلىق قىسمىنى كۈز پەسلىدە يىغىپ قۇرۇتۇپ، قۇرغاق ئورۇندا ساقلىنىدۇ.

[**خىمىيەلىك تەركىبى**] مېۋىسىنىڭ تەركىبىدە 43% ~ 59% كىچە قەنت (بۇنىڭ ئىچىدە تەخمىنەن 20% مېۋە قەنتى)، تەخمىنەن 10% ئاقسىل ۋە تاننىن، فىلاۋونلار، شىلىمشىق ماددا قاتارلىقلار بار، گۈلىنىڭ تەركىبىدە 0.2% ~ 0.4% كىچە ئۇچۇچان ياغ كېمپېتول (Kaempfetol)، لېۋكوئانتو سىيانىدىن (Leu coanthocyanidin)، مايلىق ياغ قاتارلىقلار بار، يىلتىزى ۋە دەرەخنىڭ تەركىبىدە ئالكولوئىد بار.

[**فارماكولوگىيەلىك تەسىرى**] مېۋە چىلانىسىنىڭ قۇرۇتۇلغان سۇيۇقلۇقى ياللۇغ قايتۇرۇش تەسىرىگە ئىگە. تەجرىبە قىلىشتىن كېلىپچىققان ئىچى سۈرىدىغان ھايۋانلارغا نىسبەتەن كىچىك ئۈچەينىڭ ھەرىكەت ئىقتىدارىنى تورمۇزلاش رولى بار، شۇڭا ئۈچەي ياللۇغىدىن كېلىپچىققان ئىچى سۈرۈشكە ئىشلىتىلىدۇ، جىگدە يوپۇرمىقىنىڭ سۇدا ئېلىنغان مەھسۇلاتى يۈرەك كېسەللىكى ۋە يۈرەك سانجىقىنى داۋالاش تەسىرىگە ئىگە.

[**لايىقلاشتۇرۇلۇشى**] يۇيۇپ قۇرۇتۇپ ساپلاشتۇرۇلىدۇ.

[**تەبىئىتى**] ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق سوغۇق.

[**خۇسۇسىيىتى**] ئىچ سۈرۈشنى توختىتىش، مەنىينى تۇتۇش، قان تازىلاش، كۆڭۈلگە خۇشلۇق يەتكۈزۈش، بەدەننى قۇۋۋەتلەش، نېرۋىنى تىنچلاندۇرۇش، يەل ھەيدەش، سۈيدۈك ماڭدۇرۇش خۇسۇسىيىتى بار.

[**ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر**] سۈيدۈكنىڭ تېمىپ كېلىشى، قۇسۇش، ئىچ سۈرۈش، كۆز قاراڭغۇلى-

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

شش، ئىسسىقتىن بولغان يۆتەل، ئومۇمىي بەدەن ئاجىزلىقى، باش ئاغرىقى، ئاشقازان ئاجىزلىقى، سەپرادىن بولغان تولغاق قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ، بۇ بالىلارغا بەك مۇۋاپىق كېلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. جىگدىدىن بەش تال، قەلەمپۇر، دارچىن، پوستى تۈرۈنجىنىڭ ھەربىرىدىن 10 گىرامدىن، بەدىياندىن 15 گىرام ئېلىپ، سوقۇپ چايلىق قىلىپ ئىچسە، يەل ھەيدەيدۇ.

2. جىگدىدىن 10 تال، نىشاستە، تاباشىردىن بەش گىرامدىن ئېلىپ بىرلەشتۈرۈپ سوقۇپ، سۇفۇپ قىلىپ ئىچسە، ئىچ سۈرۈشكە مەنپەئەت قىلىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] ئەھۋالغا قاراپ 10 ~ 40 دانىغىچە.

[زىيانلىق تەسىرى] يەل پەيدا قىلىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] ھەسەل، بەدىيان، زىرە.

[ئورۇنباسارى] پىندۇق، چىلان.

[ۋەكىل خاراكتېرلىك پىششىق دورا ياسالمىسى] جىگدە شەربىتى.

## كۈندۈر
## 困都尔
(乳香 ru xiang)



كۈندۈر دەرىخى

[باشقا ئاتىلىشى] كارتېرى، كوندور يېلىمى

[لاتىنچە نامى] Pistacia lentiscus

[ئىنگلىزچە نامى] Frankin Cense

[تونۇش] بۇ، زەيتۇن دەرىخى ئائىلىسىدىكى كىچىك دەرەخ كارتېرى كۈندۈر دەرىخىدىن ئىبارەت بولۇپ، بۇ دەرەخنىڭ يېلىمى «كۈندۈر» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ. ئىمپورت قىلىنغان كۈندۈر ئادەتتە سومالى كۈندۈرى ۋە ئېفىيوپىيە كۈندۈرىدىن ئىبارەت بولۇپ، سومالى كۈندۈرى ئۇزۇن، يۇمىلاق شەكىللىك، دانچە ياكى بىر - بىرگە يېپىشىپ كەتكەن مونەكلەردىن ئىبارەت. سىرتقى يۈزى ئاق ۋە سۇس سېرىق رەڭلىك، تەمى سەل ئاچچىق، ئالاھىدە خۇش پۇراق كېلىدۇ. ئېفىيوپىيە كۈندۈرى سىرتقى يۈزى تەكشى بولمايدۇ، ئۇششاق دانچىسىمان شەكىلدە بولۇپ، سۇس سارغۇچ ئاق رەڭلىك ياكى سۇس سارغۇچ يېشىل رەڭلىك بولىدۇ، تەمى ئاچچىقراق، لىمونىدەك پۇرىقى بار. (8.24 - رەسىم)

[**چىقىش ئورنى**] ئېفىيوپىيە، سۇدان، جەنۇبىي ئەرەبىستان، سومالى قاتارلىق جايلاردىن چىقىدۇ.

[**يىغىپ ساقلاش**] بۇ ئۆسۈملۈكنىڭ دورىلىق قىسمىنى كۈز پەسلىدە يىغىپ قۇرۇتۇپ، قۇرغاق ئورۇندا ساقلىنىدۇ.

[**خىمىيەلىك تەركىبى**] كۇندۇر تەركىبىدە 60%~70% كىچە دەرەخ يېغى، 35%~37% كىچە دەرەخ يېلىمى، 3%~8% كىچە ئۇچۇچان ماي تۇتىدۇ. دەرەخ يېغىنىڭ ئاساسلىق تەركىبى α—β— بوسۋىللىك كىسلاتا (α,β—Bo we llic acid)، 33% ئولبانورىزىن (olbanorsene) لاردىن ئىبارەت. دەرەخ يېلىمى ئاساسلىقى ئارابىك كىسلاتاسى (Arabic acid) نىڭ كالتسىي تۇزى ياكى ماگنىي تۇزى 6% باسورىن (Bassorin) قاتارلىقلاردىن ئىبارەت. ئۇچۇچان ماينىڭ رەڭگى سۇس سېرىق، پۇراقلىق بولۇپ، ئۇنىڭدا پىنىن (Pinene)، دىپېنتىن (Dipentene) ۋە α، β، فىللاندرىن، (α,β—Phellandrene) قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.

[**فارماكولوگىيەلىك تەسىرى**] ئاشقازان - ئون ئىككى بارماق ئۈچەي يارىسىنى پۈتتۈرۈش، ئىششىق، ياللۇغ قايتۇرۇش، ئورگانىزمنىڭ ئىممۇنىتېت كۈچىنى ئاشۇرۇش، خولېستېرىننى تۆۋەنلىتىش تەسىرى بار. ئۇنىڭدىن باشقا ئاغرىق پەسەيتىش رولى بار.

[**لايىقلاشتۇرۇلۇشى**] قۇرۇق قۇرۇپ لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

[**تەبىئىتى**] ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[**خۇسۇسىيىتى**] ئىچ سۈرۈشنى توختىتىش، ھۆللۈكنى قۇرۇتۇش، باھنى قۇۋۋەتلەش، غەيرىي تەبىئىي بەلغەم خىلتىنى ۋە ھۆل سوغۇق كەيپىياتنى تەڭشەش، چىرىشكە قارشى تۇرۇش، بەلغەم بوشىتىش، پارقىرىتىش، قان توختىتىش خۇسۇسىيەتلىرى بار.

[**ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر**] كالتە يۆتەل، كاناي شاخچىلىرى كېڭىيىپ كېتىش، يۈرەك ئاجىزلىقى، ھەر خىل يارا، قاناشلىق كېسەللىكلەر، ئاق خۇن كۆپ كېلىش، مەنىي بالدۇر يۇرۇپ كېتىش قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[**ئىشلىتىش ئۇسۇلى**]

1. - جويۇز، بەسباسە، كۇندۇر، ئاقىرقەرھانىڭ ھەربىرىدىن ئىككى گىرام ئېلىپ تالقانلاپ ئىچىپ بەرسە، باھ ئاجىزلىقى، ئاق خۇن كېسەللىكلىرىگە مەنپەئەت قىلىدۇ.

2. ئەپتىمۇن، غارىقۇن، ئۇستقۇددۇس، كۇندۇرنىڭ ھەربىرىدىن 15 گىرام، ھەسەلدىن 200 گىرام ئېلىپ، قائىدە بويىچە مەجۇن تەييارلاپ ئىچىپ بەرسە، مېڭىنى قۇۋۋەتلەيدۇ.

3. كۆكنار، نەغەزگۈل، شادىنەج، كۇندۇرنىڭ ھەربىرىدىن بەش گىرام ئېلىپ، تالقانلاپ ئىچىپ بەرسە، قان توختىتىدۇ.

4. كۇندۇر 10 گىرام، خۇنسىياۋشان يەتتە گىرام، تاباشىر 10 گىرام، ئەنزىرۇت 10 گىرام، كەھرىۋا بەش گىرام، مەستىكى 10 گىرام، گىل ئەرمىنى بەش گىرام، قەنتتىن 20 گىرام. دورىلارنى قائىدە بويىچە تالقانلاپ ئىچىپ بەرسە، ئىچكى ئەزالاردىكى جاراھەتلەرگە مەنپەئەت قىلىدۇ.

5. كۇندۇر، مەستىكى بەش گىرامدىن، تۇخۇم سېرىقىدىن بىر دانە ئېلىپ تالقانلاپ ئىچىپ بەرسە، مەنىي بالدۇر يۇرۇپ كېتىشكە مەنپەئەت قىلىدۇ.

www.uyghurkitap.com

[ئىشلىتىش مىقدارى] 1 ~ 6 گىرامغىچە.

[زىيانلىق تەسىرى] كۆپ ئىشلەتسە ئىسسىق مىزاج كىشىلەردە باش ئاغرىقى پەيدا قىلىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] تەمرىھىندى، نىلۇپەر.

[ئورۇنباسارى] مەستىكى.

[ۋەكىل خاراكتېرلىك پىششىق دورا ياسالمىسى] جاۋارىش كۇندۇر.

## ئانار ئۇرۇقى
## 阿那尔欧如合
## （石榴子 shi liu zi）

[باشقىچە ئاتىلىشى] ھەببى رۇممان؛ ئانار دانە، تۇخۇمى ئانار؛ ئانار كى بىج (ئو)

[لاتىنچە نامى] Semen Punica granatum

[ئىنگلىزچە نامى] pomegranate Seed

[تونۇش] بۇ، ئانار ئائىلىسىدىكى ئۆسۈملۈك ئانار كۆچىتىنىڭ كۈزدە مېۋىسى پىشقاندا يىغىۋېلىپ، ئانار دانىلىرىنى ئايرىپ ئېلىپ سىقىپ سۈيىنى چىقىرىۋېلىپ، ئۇرۇقىنى ئايرىپ ئېلىپ، قۇرۇتۇلغان قىسمى بولۇپ، بۇ ئۇرۇق «ئانار ئۇرۇقى» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ. ئۇرۇقى قىرلىق، ئۇرۇق پوستى سۇس سېرىق رەڭلىك ياكى سۇس قىزىل رەڭلىك، قاتتىق كېلىدۇ، ئۇرۇق مېغىزى سۇتتەك ئاق، تەمى ئاچچىق، ئازراق پۇراقلىق بولىدۇ. (9.24 - رەسىم)



ئانار

[چىقىش ئورنى] شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ھەممە يەرلىرىدىن چىقىدۇ.

[يىغىش ساقلاش] ئانار پىشقاندىن كېيىن ئۇرۇقىنى يىغىۋېلىپ، قۇرۇتۇپ ساقلىنىدۇ.

[خىمىيەلىك تەركىبى] ئانار ئۇرۇقى تەركىبىدە ئانار كىسلاتاسى ۋە ماي قاتارلىقلار بار.

[فارماكولوگىيەلىك تەركىبى] ئانار ئۇرۇقى يېغى ئوكۇلىنى تۇخۇمدىنى ئېلىۋېتىلگەن ياش چىشى چاشقان ياكى بالا چاشقانغا ئوكۇل قىلسا، ھورمونغا ئوخشاش تەسىر كۆرسىتىدۇ.

[لايىقلاشتۇرۇلۇشى] قۇرۇق قورۇپ لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق سوغۇق.

[خۇسۇسىيىتى] قورۇش، تۇتۇش، ئىچ سۈرۈشنى ۋە قاننى توختىتىش، ئاشقازاننى قۇۋۋەتلەش، تاماق سىڭدۈرۈش، ھەزىمنى ياخشىلاش، چىشنىڭ تۇۋىنى چىڭىتىش خۇسۇسىيىتى بار.

[**ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر**] ئىچ سۈرۈش، ئاشقازان ئاجىزلىقى، ئىشتىھاسىزلىق، ھەزىم ئاجىزلىقى، تولغاق، چىش تۈۋى بوشاپ قېلىش قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[**ئىشلىتىش ئۇسۇلى**]

1. ئانار ئۇرۇقى، تاباشىر، قېتىقتىن مۇۋاپىق مىقداردا ئېلىپ، ئانار پوستى بىلەن تاباشىرنى سوقۇپ، قېتىق بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ ئىچسە، ئىچ سۈرۈشكە مەنپەئەت قىلىدۇ.

2. پىنىندىن 10 گىرام، ئانار ئۇرۇقىدىن سەككىز گىرام، قاقىلەدىن بەش گىرام، لاچىندانىدىن بەش گىرام، قەلەمپۇردىن ئۈچ گىرام ئېلىپ، قائىدە بويىچە سوقۇپ تالقانلاپ، تاسقاپ، چاي دەملەپ ئىچىپ بەرسە، ئىشتىھاسىزلىق ۋە ئاشقازان ئاجىزلىقىغا مەنپەئەت قىلىدۇ.

3. ئانار ئۇرۇقىنى قورۇپ، يۇمشاق سوقۇپ، تاسقاپ تالقان تەييارلاپ، كۈندە ئۈچ قېتىم، ھەر قېتىمدا بەش گىرامدىن ئىستېمال قىلسا، ئاشقازان ئاجىزلىقى، تولغاق، چىش بوشاپ كېتىش قاتارلىق كېسەللىكلەرگە مەنپەئەت قىلىدۇ.

[**ئىشلىتىش مىقدارى**] 4 ～ 6 گىرامغىچە.

[**زىيانلىق تەسىرى**] قەۋزىيەت پەيدا قىلىدۇ.

[**تۈزەتكۈچىسى**] سۈت، بادام مېغىزى.

[**ئورۇنباسارى**] زىخ.

[**ۋەكىل خاراكتېرلىك پىششىق دورا ياسالمىسى**] شەربىتى ئەنجىبار، مەجۇنى ئاقاقىيا.

## ئازغان مېۋىسى

### 阿孜航梅维斯

### （蔷薇果 qiang wei guo）

[**باشقىچە ئاتىلىشى**] ئەۋسەج، سېدخار، ئازغان مونچىقى

[**لاتىنچە نامى**]Fructus Rosa laxa

[**ئىنگلىزچە نامى**] Fruit of Japanese rose

[**تونۇش**] بۇ، ئەتىرگۈل ئائىلىسىدىكى ئانار دەرىخىگە تەۋە بىر خىل چاتقال ئۆسۈملۈك ئازغاننىڭ پىشقان مېۋىسىدىن ئىبارەت بولۇپ، پىشقاندا يىغىۋېلىنىپ، ئاپتاپتا قۇرۇتۇلغان مېۋىسى «ئازغان مېۋىسى» ھەم «ئازغان مونچىقى» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ. مېۋىسىنىڭ شەكلى يۇمىلاق، سىرتقى يۈزى قىزىل، پۇرىقى سۈس، تەمى ئاچچىقراق بولىدۇ، مېۋىسى ئىچىدە نۇرغۇن ئۇرۇقلىرى بار. (24.10 - رەسىم)

[**چىقىش ئورنى**] شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ھەممە جايلىرىدىن چىقىدۇ. شۇنداقلا ئوتتۇرا ئاسىيا، موڭغۇلىيە، رۇسىيە قاتارلىق جايلاردىن چىقىدۇ.

[**يىغىپ ساقلاش**] كۈز پەسلىدە ئازغان مېۋىسى پىشىپ، قىزارغاندا يىغىۋېلىپ، سايىدا قۇرۇتۇپ ساقلىنىدۇ.

www.uyghurkitap.com



ئازغان مېۋىسى

[خىمىيەلىك تەركىبى] ئازغان مېۋىسى تەركىبىدە كېمفرول (kaemprfol)، مولتىفلورىن (multiflorin) قاتارلىقلار بار. گۈلىنىڭ تەركىبىدە ئۇچۇچان ماي، كېتون، ئاستىراگالىن (Astragalin) بار.

[فارماكولوگىيەلىك تەسىرى] كېزىك تاياقچە باكتېرىيەسى، تولغاق تاياقچە باكتېرىيەسى، ئالتۇن رەڭلىك ئۇزۇمسىمان شارچە باكتېرىيە، زەنجىرسىمان شارچە باكتېرىيەلەرنى توسۇش رولىغا ئىگە.

[لايىقلاشتۇرۇلۇشى] يۇيۇش، توغراش، قۇرۇتۇش ئارقىلىق لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق سوغۇق.

[خۇسۇسىيىتى] مەنىينى تىزگىنلەش، ئىچ سۈرۈشنى توختىتىش، قان توختىتىش، سۈيدۈكنىڭ قېتىم سانىنى ئازايتىش، ئىششىقنى ياندۇرۇش، ئاغرىق پەسەيتىش خۇسۇسىيىتى بار.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر] كۆپ ئېھتىلام بولۇش، سۈيدۈكنىڭ كۆپ كېلىشى، سىيىپ يېتىش، ئىچ سۈرۈش، ئاق خۇن كۆپ كېلىش، كۆپ تەرلەش، بەل ۋە پۇت - قوللارنىڭ ئاغرىشى، يۆتەل، زىققە، قىچىشقاق، كۆزگە ئاق چۈشۈش، قوتۇر قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. ئازغان مېۋىسىدىن 10 ~ 15 گىرامغىچە ئېلىپ قاينىتىپ ئىچسە، كۆپ ئېھتىلام بولۇشقا مەنپەئەت قىلىدۇ. ئىششىق ياندۇرىدۇ، ئاغرىق پەسەيتىدۇ.

2. ئازغان مېۋىسىدىن 25 ~ 30 گىرامغىچە ئېلىپ قاينىتىپ ئىچسە، يۆتەل توختىتىدۇ.

3. ئازغان مېۋىسىدىن مۇۋاپىق مىقداردا ئېلىپ ئېزىپ، يەرلىك ئورۇنغا تاڭسا، چىيقانغا مەنپەئەت قىلىدۇ، ئىششىق ياندۇرىدۇ.

4. ئازغان مېۋىسىنىڭ سۈيىنى سىقىۋېتىپ، رۇببىسىنى يەتتە كۈنگىچە ئۇزمەستىن كۆزگە تېمىتسا، كۆزدىكى ئاقنى يوقىتىدۇ.

5. ئازغان مېۋىسىدىن ئاز مىقداردا ئېلىپ چايناپ بەرسە، ئېغىز ئىچىگە چىققان ھەر خىل مۇدۇر - چاقىلارغا مەنپەئەت قىلىدۇ.

6. ئازغان مېۋىسىنى سىقىپ سۈيىنى مۇۋاپىق مىقداردا ئىچسە، قوتۇرغا پايدا قىلىدۇ. تاشقى تەرەپتىن چاپسا، تېرە قىزىرىپ قىلىشقا مەنپەئەت قىلىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] تۆت گىرامغىچە.

[زىيانلىق تەسىرى] تالغا قۇرۇقلۇق يەتكۈزىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] كەترا.

[ئورۇنباسارى] زەرنىخ.

[پىششىق دورا ياسالمىسى] ئازغان مېۋىسى شەربىتى.

# سېمىزئوت ئۇرۇقى
# 色米孜欧提欧如合
## （马齿苋子 ma chi xian zi）

[**باشقا ئاتىلىشى**] بەزرۇل خىرفە، بەزرۇل بەقلەتولھەمقا، تۇخۇمى خىرفە، خىرفەكى بىخ

[**لاتىنچە نامى**] Semen Portulacae oleracea

[**ئىنگلىزچە نامى**] purslane Seed



سېمىزئوت

[**تونۇش**] بۇ، سېمىزئوت ئائىلىسىدىكى ئۆسۈملۈك سېمىزئوتنىڭ ئۇرۇقىدىن ئىبارەت. ئۇرۇقى ناھايىتى ئۇششاق، رەڭگى قارا، تەمسىز، پۇرىقى ئاجىز بولىدۇ. (11.24 ـ رەسىم)

[**چىقىش ئورنى**] شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدىن ۋە مەملىكىتىمىزنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن چىقىدۇ.

[**يىغىپ ساقلاش**] ياز ۋە كۈز پەسلىدە مېۋىسى پىشقاندىن كېيىن پۈتۈن قۇرۇتۇپ ئۇرۇقىنى ئېلىپ ساقلاپ قويۇلىدۇ.

[**خىمىيەلىك تەركىبى**] ئۇرۇقىنىڭ تەركىبىدە كۆپ مىقداردا نورئادرېنالىن (Noradrenalin) ۋە كۆپ مىقداردا كالىي تۇزى، كالىي نىترات، كالىي خىلور، كالتسىي سۇلفاد قاتارلىقلار. ئۇنىڭدىن باشقا دوپامىن (Dopamine)، ئالما كىسلاتاسى، لىمون كىسلاتاسى، گىلۇتامىك كىسلاتا، ئاسپاراگىنىك كىسلاتا، ئالامىن، قومۇش شېكىرى، ئۈزۈم شېكىرى، مېۋە قەنتى قاتارلىقلار بار. ھەر 100 گىرام يېگىلى بولىدىغان قىسمى تەركىبىدە 2.3 گىرام ئاقسىل ماددىسى، 0.5 گىرام ماي، ئۈچ گىرام شېكەر، 0.7 گىرام يىرىك تالا، 85 مىللىگىرام كالتسىي، 65 مىللىگىرام فوسفور، 1.5 مىللىگىرام تۆمۈر، 2.23 مىللىگىرام كاروتىن، 23 مىللىگىرام ۋىتامىن C قاتارلىقلار بار.

ئۇرۇقىنىڭ تەركىبىدە يەنە ئالكولوئىد، كومارىن خىلىدىكىلەر، فىلاۋونلار، يۈرەكنى كۈچەيتكۈچى گىلۇكوزىد، ئانتراكوينۇن گىلۇكوزىدى قاتارلىقلار بار.

[**فارماكولوگىيەلىك تەسىرى**] باكتېرىيەگە قارشى تەسىرى 4 : 1 نىسبەتلىك قويۇقلۇقىنىڭ تولغاق تاياقچە باكتېرىيەسىگە نىسبەتەن ئۆلتۈرۈش تەسىرى بار. ئۇنىڭدىن باشقا ئۈچەي كېزىكى تاياقچە باكتېرىيەسى، چوڭ ئۈچەي تاياقچىسى ۋە ئالتۇن رەڭلىك ئۈزۈمسىمان شارچە باكتېرىيەلەرنىمۇ تورمۇزلايدۇ.

[**لايىقلاشتۇرۇلۇشى**] قۇرۇق قورۇپ لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

[**تەبىئىتى**] ئۈچىنچى دەرىجىدە ھۆل سوغۇق.

[**خۇسۇسىيىتى**] غەيرىي تەبىئىي سەپرانى تەڭشەش، ياللۇغ قايتۇرۇش، قىزىتما قايتۇرۇش، سەپرا ۋە قاننىڭ تېزلىكىنى پەسەيتىش، خىلتىنى تەڭشەش، ئىششىق ياندۇرۇش، چىرايىنى پارقىرىتىش، قان تازىلاش، ئۇسسۇزلۇق پەسەيتىش، قان بېسىمىنى چۈشۈرۈش، قان توختىتىش، ئاغرىق پەسەيتىش،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

سۈيدۈك ھەيدەش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر] ئىسسىقتىن بولغان جىگەر ۋە ئاشقازان كېسەللىكلىرى، باش ئاغرىقى، سۈيدۈك تۇتۇلۇش، كۆپ ئۇسساش، قان ۋە سەپرانىڭ ئۆتكۈرلۈكىدىن بولغان كېسەللىكلەر، سۈيدۈك كۆيدۈرۈپ كېلىش، سىزلام، مېڭە پەردە ياللۇغى (سەرسام)، قىزىتما قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. قوغۇن ئۇرۇقى، تەرخەمەك ئۇرۇقى، سېمىزئوت ئۇرۇقى، ئوغرىتىكەن قاتارلىقلارنىڭ ھەربىرىدىن 10 گىرام، شوخلىدىن 15 گىرام ئېلىپ، قائىدە بويىچە قايىنتىلما تەييارلاپ ئىچىپ بەرسە، سۈيدۈكنى راۋانلاشتۇرىدۇ. سۈيدۈك تامچىلاپ كېلىشكە شىپا بولىدۇ.

2. تەمرىھىندى، سېمىزئوت ئۇرۇقى، زىرىق قاتارلىقلارنىڭ ھەربىرىدىن 10 گىرام ئېلىپ قايىنتىلما تەييارلاپ ئىچىپ بەرسە، قان بېسىمنى چۈشۈرىدۇ، ئۇسسۇزلۇقنى پەسەيتىدۇ.

3. سېمىزئوت ئۇرۇقىنى قايىنتىپ، سۈيىدە ئاق سەندەلنى سۈرۈپ باشقا چاپسا، باش ئاغرىقىغا مەنپەئەت قىلىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] 3 ~ 7 گىرامغىچە.

[زىيانلىق تەسىرى] ئاشقازانغا، باھقا ۋە سوغۇق مىزاج كىشىلەرگە زىيان قىلىدۇ. كۆپ يېسە كۆزنىڭ كۆرۈش قۇۋۋىتىنى ئاجىزلاشتۇرىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] بەدىيان، ھەسەل، پىننە، كەرەپشە، يالپۇز.

[ئورۇنباسارى] ئىسپىغول، سېمىزئوت، ئاق قەنت.

[پىششىق دورا ياسالمىسى] قۇرسى كاكنەچ، شەربىتى بۇزۇرى، داۋائىلمىشكى، مۇپەررىھى بارىد، قۇرسى سەرتان.

## پاقىيوپۇرمىقى ئۇرۇقى

## 帕卡优普日密克欧如合

## （车前子 che qianzi）

[باشقىچە ئاتىلىشى] بەزۇرۇللىسانىل ھەمەل، تۇخۇمى بارتەڭ، تۇخمى زورب، بارتەڭكى بىچ

[لاتىنچە نامى] Semen Plantag asiatica

[ئىنگلىزچە نامى] Seed asiatica Plantain

[تونۇش] بۇ، پاقىيوپۇرمىقى ئائىلىسىدىكى ئۆسۈملۈك پاقىيوپۇرمىقى ياكى تۈز يىلتىزلىق پاقىيوپۇرمىقىنىڭ پىشقان ئۇرۇقى بولۇپ، شەكلى ئېللىپىسسىمان، توق بىغىر رەڭدە، تەمسىز، پۇراقسىز كېلىدۇ. (12.24 ـ رەسىم)

[چىقىش ئورنى] شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ كۆپ قىسىم جايلىرىدىن، ئىچكىرىدىن ئۆلكىلەردىن چىقىدۇ. ئېرىق بويلىرىدا ئۆسۈپ قالىدۇ، تېرىپمۇ ئۆستۈرۈلىدۇ.

[يغىپ ساقلاش] 6 ~ 10 ـ ئاي ئارىلىقىدا پىشقان مېۋىسىنى يىغىۋېلىپ، ئۇرۇقىنى چىقىرىپ يىغىپ ساقلايدۇ.

[خىمىيەلىك تەركىبى] ئۇرۇقىنىڭ تەركىبىدە كۆپ مىقـ.داردا شىلىمشىق ماددىلار، ئەرەب شېكىرى (Arabinasa)، كەھرىۋا كىسلاتاسى (Svccinic acid)، ئادېنىن (adenine)، ئۆت ئىشقارى قاتارلىقلار بار.



پاقىيوپۇرمىقى ئۇرۇقى

[فارماكولوگىيەلىك تەسىرى] ① سۈيدۈك ھەيدەش رولىغا ئىگە. ئادەتتە پاقىيوپۇرمىقى ئۇرۇقىنىڭ قاينىتىلمىسىدىن 10 گىرام ئىچىپ بەرسە، سۈيدۈك ھەيدەيدۇ، ناترىي خىلو-رىد ۋە سۈيدۈك كىسلاتاسىنى سىرتقا چىقىرىدۇ؛ ② بوغۇم خالتىسىغا بولغان تەسىرى: پاقىيوپۇرمىقى ئۇرۇقى قاينىـ.تىلمىسىدىن ئاز مىقداردا توشقاننىڭ بوغۇم بوشلۇقىغا ئۇ-كۇل قىلىنسا، ئاۋۋال شىلىق پەردە ياللۇغىنى پەيدا قىـ.لىپ، كېيىن قوشقۇچى توقۇلمىلارنى ئۆستۈرىدۇ ھەم بوشىشىپ كەتكەن بوغۇم خالتىسىنى ئەسلىدىكى ھالەتكە كەلتۈرىدۇ.

[لايىقلاشتۇرۇلۇشى] قۇرۇق قورۇپ لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق سوغۇق.

[خۇسۇسىيىتى] ياللۇغ قايتۇرۇش، قىزىتما قايتۇرۇش، سەپرا ۋە قان خىلتىنىڭ ئۆتكۈرلۈكىنى پەسەيتىش، قورۇش، تۈتۈش، قان توختىتىش، ئاغرىق پەسەيتىش خۇسۇسىيىتى بار.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر] ئىچ سۈرۈش، تولغاق، ھەيز كۆپ كېلىش، جۇدەتكۈچى قىزىتما، سىل قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. ئالتە گىرام پاقىيوپۇرمىقى ئۇرۇقىنى سۇغا چىلاپ، سۈيىنى ئىچىپ بەرسە، ئىچ سۈرۈش ۋە تولغاققا مەنپەئەت قىلىدۇ.

2. پاقىيوپۇرمىقى ئۇرۇقىدىن ئەرەق تارتىپ ئىستېمال قىلسا، يۇقۇملىنىشقا قارشى تۇرىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] 5 ~ 7 گىرامغىچە.

[زىيانلىق تەسىرى] ئۆپكە ۋە تالغا زىيان قىلىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] ھەسەل.

[ئورۇنباسارى] پاقىيوپۇرمىقى.

[پىششىق دورا ياسالمىسى] ئەرقى بارتەڭ، شەربىتى بۇزۇرى.

www.uyghurkitap.com

# يۇمغاقسۇت ئۇرۇقى

## 优米卡克苏提乌热克

## (芫荽实 yuan sui shi)

[باشقا ئاتىلىشى] تۇخۇمى كەشنىز، بەزرۇل كەشنىز، دەھنىياكى بىج

[لاتىنچە نامى] Semen Coriandrum sativun

[ئىنگلىزچە نامى] Coriander Seed



يۇمغاقسۇت ئۇرۇقى

[تونۇش] بۇ، كۈنلۈكسىمان گۈللۈكلەر ئائىلىسىدىكى ئۆسۈملۈك يۇمغاقسۇتنىڭ ئۇرۇقى بولۇپ، يۇمىلاق، رەڭگى ئاچ سېرىق، تەمى ئاچچىق، پۇراقلىق. (13.24 - رەسىم)

[چىقىش ئورنى] شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ھەممە جايلىرىدىن چىقىدۇ.

[يىغىپ ساقلاش] بۇ ئۆسۈملۈكنىڭ مېۋىسى پىشقاندىن كېيىن، قۇرۇتۇپ ئۇرۇقىنى يىغىۋېلىپ، پاكىز تازىلاپ، قۇرۇق ھەم سالقىن جايدا ساقلىنىدۇ.

[خىمىيىلىك تەركىبى] ئۇرۇقىدا تەخمىنەن 1.4% كىچە ئۇچۇچان ماي، 29% ماي، كامفورا (Campora)، دىپېنىن، لىنالى ئاتېپستات، بوزىلى ئاتېپستات قاتارلىقلار بار.

[فارماكولوگىيىلىك تەسىرى] ئۇرۇقى ئاشقازان، ئۈچەي بەزلىرىنىڭ ھەزىم سۇيۇقلۇقى ئاجرىلىپ چىقىرىلىشىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. تەركىبىدىكى ئۇچۇچان ماي زەمبۇرۇغلارنى تورمۇزلايدۇ ھەم يۆتەل پەسەيتىدۇ، بەلغەم بوشىتىدۇ، ئۆپكە ياللۇغى شارسىمان باكتېرىيەسى، ئالتۇن رەڭلىك ئۈزۈمسىمان شارچە باكتېرىيەلەرنى تورمۇزلايدۇ.

[لايىقلاشتۇرۇلۇشى] قۇرۇق قورۇپ لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق سوغۇق.

[خۇسۇسىيىتى] ياللۇغ قايتۇرۇش، سەپرا ۋە قاننىڭ ئۆتكۈرلۈكىنى تەڭشەش، ئىچ سۈرۈشنى توختىتىش، كۆڭۈلگە خۇشلۇق يەتكۈزۈش، مېڭە ۋە يۈرەكنى قۇۋۋەتلەش، تىنچلاندۇرۇش، سۈيدۈك ھەيدەش، قىزىتما قايتۇرۇش، سۇلۇق ئىششىقلارنى تارقىتىش، قان توختىتىش خۇسۇسىيەتلىرى بار.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر] يۈرەك چالاگۇراش، مېڭە، يۈرەك، ئۈچەي، ئاشقازان ئاجىزلىقى، گال ئاغرىقى، باش قېيىش، قانلىق ئىچ سۈرۈش، ھەيزنىڭ كۆپ كېلىشى، يۈرەك رىتىمسىزلىقى، كۆز قاراڭغۇلىشىش، ھەر خىل سۇلۇق جاراھەتلەر ۋە ئىششىقلار، سۈيدۈك تۇتۇلۇش، كۆز ئاغرىقى، تاماق سىقىلىش قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. يۇمغاقسۇت ئۇرۇقىنى قايىنتىپ ئىچسە، قانلىق ئىچ سۈرۈش ۋە ھەيزنىڭ كۆپ كېلىشىنى توختىتىدۇ.

2. سەندەل، رۇمبەدىياندىن بەش گىرامدىن، يۇمغاقسۇت ئۇرۇقىدىن يەتتە گىرام ئېلىپ، سۇفۇپ قىلىپ ئىچسە، ئاشقازاننى قۇۋۋەتلەيدۇ.

3. 10 گىرام يۇمغاقسۇت ئۇرۇقىنى يۇمشاق ئېزىپ، يىرىڭلىق جاراھەتكە سەپسە، قان توختىتىدۇ.

4. يۇمغاقسۇت ئۇرۇقىنى سوقۇپ، شېكەر قوشۇپ ئىچسە، كۆز ئاغرىقىغا مەنپەئەت قىلىدۇ.

5. ئاق سەندەل، قىزىل سەندەل، گاۋزىبان، يۇمغاقسۇت ئۇرۇقى قاتارلىقلارنىڭ ھەربىرىدىن 10 گىرام ئېلىپ، چالا سوقۇپ چايلىق تەييارلاپ ئىچسە، مېڭە ۋە يۈرەكنى قۇۋۋەتلەيدۇ.

6. شاھتەررە، شوخلا، شاتۇت، يۇمغاقسۇت ئۇرۇقى قاتارلىقلارنىڭ ھەربىرىدىن 10 گىرام ئېلىپ قايىنتىپ ئىچسە، گال ئاغرىقىغا شىپا بولىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] 2 ~ 14 گىرامغىچە.

[زىيانلىق تەسىرى] باھقا زىيان قىلىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] ئىللىتىلغان تۇخۇم.

[ئورۇنباسارى] ئوسۇك ئۇرۇقى، كۆكنار ئۇرۇقى.

[پىششىق دورا ياسالمىسى] ئىترىفىل كەشنىز، تەرياقى نەزلە.

## تاجىگۈل
## 塔吉古丽
### (鸡冠花 ju guan hua)

[باشقىچە ئاتىلىشى] ئورفۇددىك

[لاتىنچە نامى] Flos celosia cristata

[ئىنگلىزچە نامى] Gocoscims Flower

[تونۇش] بۇ، قامچىگۈل ئائىلىسىدىكى بىر يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك تاجىگۈلنىڭ گۈل تىزمىسىدىن ئىبارەت بولۇپ، رەڭگى قىزىل، پۇراقسىز، تەمسىز كېلىدۇ. بۇ ئۆسۈملۈكنىڭ گۈلى «تاجىگۈل» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ. (24 .14 ـ رەسىم)

[چىقىش ئورنى] ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ھەممە يەرلىرىدە تېرىپ ئۆستۈرۈلىدۇ.

[يىغىپ ساقلاش] 8 ~ 10 ـ ئايلار ئارىلىقىدا گۈل تىزمىسى چوڭايغان ھەمدە بىر قىسىم مېۋىسى پىشقان چاغدا ئۈزۈپ ئېلىپ قۇرۇتۇلىدۇ.

[خىمىيەلىك تەركىبى] كامپىرىفترىن (Kampferitrin)، پىنتول (pintol) ۋە كۆپ مىقداردىكى كالىي نىترات بار.

[فارماكولوگىيەلىك تەسىرى] تاجىگۈل قايىنتىلمىسى جىنسىي يول تامچە قۇرتىغا نىسبەتەن ئۆلتۈرۈش

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

تەسىرىنى بېرىدۇ.

[لايىقلاشتۇرۇلۇشى] ئىلغاپ ساپلاشتۇرۇلىدۇ.

[تەبئىتى] بىرىنچى دەرىجىدە قۇرۇق سوغۇق.

[خۇسۇسىيىتى] ئاساسلىقى قان توختىتىش، ئىچ سۈرۈشنى توختىتىش، ھەيز توختىتىش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر] تولغاق، ھەيز كۆپ كېلىش، ئاق خۇن كۆپ كېلىش، سۈيدۈك ۋە مەنىي تۇتالماسلىق، قان تۈكۈرۈش، بۇۋاسىر قاناش، بەل ئاغرىقى قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. تاجىگۈل، ئەنجبار، ئاق سەندەل قاتارلىقلاردىن 10 گىرامدىن، قىزىلگۈل چېچىكىدىن يەتتە گىرام ئېلىپ، قائىدە بويىچە قايىنىتىپ ئىچسە، ھەيزنى توختىتىدۇ.

2. تاجىگۈلدىن يەتتە گىرام، سېمىزئوت ئۇرۇقى، يۇمغاقسۈت ئۇرۇقىدىن بەش گىرامدىن ئېلىپ قايىنىتىپ ئىچسە، ئىچ سۈرۈشنى توختىتىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] 5 ~ 10 گىرامغىچە.

[زىيانلىق تەسىرى] سوغۇقچان كىشىلەردە باش ئاغرىقى پەيدا قىلىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] ھەسەل.

[ئورۇنباسارى] ئەڭلىكئوت.

[پىششىق دورا ياسالمىسى] شەربىتى ئەنجبار.

## كۆكمارال

## 库克瓦马热力

(景天 jing tian)

[باشقا ئاتىلىشى] كامچاتكا، كۆكمارالى

[لاتىنچە نامى] Herba Sedum hybridum

[ئىنگلىزچە نامى] Common Stone Crop Herba

[تونۇش] بۇ، كۆكمارال ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك كامچاتكا كۆكمارالى بولۇپ، بۇ ئۆسۈملۈكنىڭ پۈتۈن تېنى «كۆكمارال» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ.

[چىقىش ئورنى] تاغ ئورمانلىقلىرىدىكى تاش دۆۋىلىرىدە ۋە قورام تاشلارنىڭ ئارىلىقلىرىدا ئۆسىدۇ، شىنجاڭنىڭ تاغلىق رايونلىرىدىن تېپىلىدۇ.

[يىغىش ساقلاش] بۇ ئۆسۈملۈكنىڭ دورىلىق قىسمىنى كۈز پەسلىدە يىغىپ قۇرۇتۇپ، قۇرغاق ئورۇندا ساقلىنىدۇ.

[خىمىيەلىك تەركىبى] كىراخمال، بىيولوگىيەلىك ئىشقارلار، موزا كىسلاتاسى، فىلاۋونلار، قەنتلەر ۋە ئاقسىللاردىن تەركىب تاپقان.

[**فارماكولوگىيەلىك تەسىرى**] تاجىسمان قان تومۇر كېڭىيىپ كېتىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش، تىنچلاندۇرۇش، قان توختىتىش تەسىرى بار.

[**لايىقلاشتۇرۇلۇشى**] ئېلىغاپ ساپلاشتۇرۇلىدۇ، قۇرۇتۇپ ساقلىنىدۇ.

[**تەبىئىتى**] بىرىنچى دەرىجىدە هۆل ئىسسىق.

[**خۇسۇسىيىتى**] قان توختىتىش، غەيرىي تەبىئىي خىلىتلارنى تازىلاش، ئىششىق ياندۇرۇش خۇسۇسىيەتلىرى بار.

[**ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر**] سۆزنەك، ھەر خىل ئىششىق ۋە ھەر خىل قاناشچان كېسەللىكلەرگە ئىشلىتىلىدۇ.

[**ئىشلىتىش ئۇسۇلى**]

1. توشقانكالپۇكتىن 10 گىرام، بابۇنە يەتتە گىرام، ئىكلىلمىلىكتىن يەتتە گىرام، يەرلىك شوخلا، كۆكمارالدىن 10 گىرامدىن ئېلىپ، دورىلارنى قائىدە بويىچە قاينىتىپ يەرلىك ئورۇننى يۇيۇپ بەرسە، ھەر خىل ئىششىقلارنى تارقىتىدۇ.

2. كۆكمارال، ئانارگۈل، ئاقاقىيا، رۇسۇت قاتارلىقلاردىن يەتتە گىرامدىن ئېلىپ سوقۇپ، يەرلىك ئورۇنغا سېپىپ بەرسە، ھەر خىل قاناشچان كېسەللىكلەرگە شىپا بولىدۇ.

[**ئىشلىتىش مىقدارى**] 5～10 گىرامغىچە.

[**زىيانلىق تەسىرى**] ئاشقازانغا زىيان قىلىدۇ.

[**تۈزەتكۈچىسى**] پىننە.

[**ئورۇنباسارى**] توشقانكالپۇك.

[**ۋەكىل خاراكتېرلىك پىششىق دورا ياسالمىسى**] كۆكمارال قاينىتىلمىسى.

## قاندالا

## 砍达拉

(升麻 sheng ma)

[**باشقا ئاتىلىشى**] قاندالا يىلتىزى

[**لاتىنچە نامى**] Rhizoma Cimicifuga dahurica

[**ئىنگلىزچە نامى**] rhizome of skunk bugban

[**تونۇش**] بۇ، ئېيىقتاپانلىقلار ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك قاندالانىڭ يىلتىز-سىمان غولىدىن ئىبارەت. (15.24 - رەسىم)

[**چىقىش ئورنى**] خېيلۇڭجياڭ، جىلىن، لياۋنىڭ قاتارلىق جايلاردىن چىقىدۇ.

[**يىغىپ ساقلاش**] بۇ ئۆسۈملۈكنىڭ دورىلىق قىسمىنى كۈز پەسلىدە يىغىپ قۇرۇتۇپ، قۇرغاق ئورۇندا ساقلىنىدۇ.

[خىمىيەلىك تەركىبى] سىمىسىفۇگىن، cimicifugine، سالىتسىلىك كىسلاتا salicylic acid، تاننىن tannine، رېسىن resin، كاففېك كىسلاتا caffeic acid، فېرۇلاك كىسلاتا ferulaic acid، سىمفوتىن cimifuein، ئالكاللوئىد alkaloid، كاربون ھىدرات carbohydrato، β - سىتېرىستېرون β—stosteron قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

[فارماكولوگىيەلىك تەسىرى]

1. ئاجرالمىسى ياكى تەركىبىدىكى ئىسوفېرۇلىك كىسلاتا isoferulic acid نىڭ ساغلام چوڭ چاشقاننىڭ بەدەن تېمپېراتۇرىسىنى تۆۋەنلىتىش تەسىرى بولۇپ، چاشقاننىڭ قىزىتمىسىنى چۈشۈرىدۇ.

2. سۇدىكى قايىنتىلمىسىنىڭ ئاغرىق پەسەيتىش، تىنچلاندۇرۇش ۋە دۆيلۈنۈشكە قارشى تۇرۇش رولى بار.

3. ئىسپىرتلىق ئاجرالمىسىنىڭ كاربون (Ⅳ) خلورىد پەيدا قىلغان چوڭ چاشقاننىڭ جىگەر زەخمىسىنى قوغداش رولى بار.

4. يۈرەكنى تورمۇزلاش، يۈرەك رىتىمىنى ئاستىلىتىش، قان بېسىمىنى تۆۋەنلىتىش، تەندىن ئايرىلغان ئۈچەي ۋە ئىچىدە تۆرەلمە بولغان بالىياتقۇنى تورمۇزلاش تەسىرىگە ئىگە. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە ئىچىدە تۆرەلمە بولمىغان بالىياتقۇنى قوزغىتىش تەسىرى بار.

5. سىل تاياقچە باكتېرىيەسى بىلەن بىر قىسىم تېرە زەمبۇرۇغلىرىنى تورمۇزلاش تەسىرىگە ئىگە.

[لايىقلاشتۇرۇلۇشى] توغراش، قۇرۇتۇش ئارقىلىق لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

[تەبئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق سوغۇق.

[خۇسۇسىيىتى] يالللۇغ قايتۇرۇش، ئىششىق ياندۇرۇش، ئاغرىق پەسەيتىش، تىنچلاندۇرۇش، قىزىتما پەسەيتىش، زەھەر قايتۇرۇش، تەرلىتىش، ئەسۋەلەرنىڭ تېپىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش، يەللەرنى ھەيدەش خۇسۇسىيەتلىرى بار.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر] ھەر خىل تەپ، ئىسسىقتىن بولغان باش ئاغرىقى، چىش مىلىكنىڭ ئىششىپ ئاغرىشى، ئېغىز جاراھەتلىرى، گال ئاغرىقى، تارقىلىشچان زۇكام، تىلما، كېزىك، ئۇزاق ۋاقىت ئىچى سۈرۈپ مەقئەت چىقىپ قېلىش، بالىياتقۇ چىققى، ھەيز كۆپ كېلىش قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى] قاندالانى قايىنتىپ، سۈيىدە ئېغىز چايقىسا، بەدەننى ۋاننا قىلسا ياكى يۇيۇنسا، ئېغىز يارىسى، چىش مىلىكى يالللۇغى ۋە بەدەن ئاغرىقى قاتارلىقلارغا مەنپەئەت قىلىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] 3～9 گىرامغىچە.

[زىيانلىق تەسىرى] كۆپ مىقداردا ئۇزۇن مەزگىل ئىشلىتىشكە ۋە قىزىلنىڭ ئەسۋىسى تېرىگە تېپىپ چىققۋاتقان مەزگىللەردە ئىشلىتىشكە بولمايدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] شاھتەررە.

[ئورۇنباسارى] كاتھىندى.

[ۋەكىل خاراكتېرلىك پىششىق دورا ياسالمىسى] مەتبۇخى قاندالا.

# كەھرىۋا

## 凯克力瓦

## (琥珀 hu po)

[باشقا ئاتىلىشى] كەھرىبا، كەھرىبا ئەسلىي

[لاتىنچە نامى] Pinnus succinifera

[ئىنگلىزچە نامى] Anber



كەھرىۋا

[تونۇش] بۇ، پىناتسىيە دەيدىغان بىر خىل چوڭ دەرەخنىڭ يېلىمى بولۇپ، بۇ دەرەخ ئەرەبچىدە «خۇز» دېيىلىدۇ، ناھايىتى سوغۇق جايلاردا ئۆسىدۇ. مۇشۇ دەرەختىن سىزىپ چىققاندىن كېيىنكى يېلىمنى يەرگە بىر يىلدىن ئارتۇق كۆمۈپ قويغاندا، بۇ دەرەخنىڭ يېلىمى تاشقا ئوخشاش قاتىدۇ، بەزىدە بۇ يېلىمغا سامان، ئۇششاق تاش ۋە ھاشاراتلار ئارىلىشىپ قېلىشىمۇ مۇمكىن. مۇشۇ قېتىشما «كەھرىۋا» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ. كەھرىۋانىڭ دەرىخى ئىككى خىل بولىدۇ، بىرى رۇمى يەنى (ياۋروپانىڭ)، يەنە بىرى «يەرلىك» تۇر. بۇنىڭ ياخشىراقى «رۇمى» بولۇپ، قاتتىق، سۇزۇك، پارقىراق، تىللا رەڭدە سېرىق بولىدۇ، ئۇتقا سالسا ئۇزۇندا ئېرىيدۇ، ئەگەر بۇنى قولغا سۇركىسە قىزىپ، ئۇنىڭدىن لىمون سۈيىنىڭ پۇرىقى كېلىدۇ، ئۇششاق سامانلارنى ئۆزىگە تارتىدۇ، پاختا ۋە يىپتىنمۇ راتىدۇ، بۇ يېلىمنى كەھرىۋا، يەنى ساماننى تارتقۇچى دەپ ئاتاشنىڭ سەۋەبىمۇ شۇ. ئەمما يەرلىكتە يۇقىرىقى خۇسۇسىيەتلەر بولمايدۇ، ئۇ قۇۋۋەتتە «رۇمى» دىن ئاجىزراق. (6.24 - رەسىم)

[چىقىش ئورنى] مەملىكىتىمىزنىڭ يۈننەن، گۇاڭشى، گۇيجۇ، فۇجيەن، شەنشى، لياۋنىڭ ئۆلكىسىدىن، گوللاندىيە، ئەنگلىيە، پولشا قاتارلىق ئەللەردىن چىقىدۇ.

[يىغىپ ساقلاش] يىغىۋېلىپ، تازىلاپ قۇتىغا سېلىپ ساقلىنىدۇ.

[خىمىيەلىك تەركىبى] كەھرىۋا تەركىبىدە ئاساسلىق دەرەخ يېلىمى، ئۇچۇچان ياغ بار.

[فارماكولوگىيەلىك تەسىرى]

1. باكتېرىيەلەرگە قارشى تەسىرى: ئالتۇن رەڭلىك شارسىمان باكتېرىيە، كېزىك تاياقچە باكتېرىيەسى، تولغاق تاياقچە باكتېرىيەلىرىنى تورمۇزلاش تەسىرىگە ئىگە.
2. مەركىزىي نېرۋا سىستېمىسىنى تورمۇزلاش رولىغا ئىگە.
3. يارا پەيدا قىلىشقا قارشى تۇرۇش تەسىرىگە ئىگە.
4. يىلان زەھىرىنى قايتۇرۇش تەسىرىگە ئىگە.

[لايىقلاشتۇرۇش] ئىلغاپ ساپلاشتۇرۇلىدۇ.

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

[خۇسۇسىيىتى] كۆڭۈلنى خۇش قىلىپ، يۈرەكنى قۇۋۋەتلەش، ئىچ سۈرۈشنى توختىتىش، ئاشقازان ۋە بۆرەكنى قۇۋۋەتلەش، قان توختىتىش خۇسۇسىيىتى بار.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر] قان تۈكۈرۈش، كۆز قۇۋۋىتى ئاجىزلىقى، بۇرۇن قاناش، بوۋاسىر قاناش، ئاشقازان ـ ئۈن ئىككى بارماق ئۈچەي يارىسى، ئىچ سۈرۈش، قان تولغاق، يۈرەك چالاڭغۇراش، قۇسۇش ۋە باشقا قاناشلىق كېسەللىكلەر، ئاشقازان ئاجىزلىقى، بۆرەك ئاجىزلىقى، سۇنۇق، ھەر خىل زەخىملىنىش، ھەر خىل جاراھەت قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. ئۈچ گىرام كەھرىۋانى يۇمشاق سوقۇپ سالايە قىلىپ، بىر دانە توخۇ تۇخۇمىنىڭ ئىقىغا چىلانغان پاختىغا مىلەپ بۇرۇنغا تىقىپ قويسا، بۇرۇندىن كېلىدىغان قاننى توختىتىدۇ.

2. كەھرىۋادىن 1.5 گىرام، تاباشىردىن ئىككى گىرام ئېلىپ، سوقۇپ تالقان قىلىپ ئىچسە، كۆكرەك ۋە ئۆپكىدىن كېلىدىغان قاننى توختىتىدۇ.

3. كەھرىۋادىن ئىككى گىرام، مەرۋايىتتىن بەش گىرام، ئاق سەندەلدىن ئۈچ گىرام ئېلىپ، قائىدە بويىچە سوقۇپ، ئەرقى گۈل بىلەن ئىچسە، ئىسسىقتىن بولغان يۈرەك چالاڭغۇراشقا مەنپەئەت قىلىدۇ.

4. كەھرىۋادىن 1.5 گىرام، مەستىكىدىن ئۈچ گىرام، دارچىندىن بەش گىرام ئېلىپ، دورىلارنى سوقۇپ سۇفۇپ قىلىپ ئىچسە، ئاشقازاننى قۇۋۋەتلەپ، ھەزىمنى ياخشىلايدۇ.

5. 1.5 گىرام كەھرىۋانى سوقۇپ، سەبرە يوپۇرمىقىنىڭ سۈيىدە زىمات تەييارلاپ بوۋاسىرغا چاپسا، بوۋاسىر تۈگۈنچىلىرىنى يوقىتىدۇ.

6. ئىككى گىرام كەھرىۋانى سوقۇپ، سۇ بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ سۇنۇققا چاپسا، سۇنۇقنىڭ تۇتۇشىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] 2 ～ 4 گىرامغىچە.

[زىيانلىق تەسىرى] ئىسسىقچان كىشىلەردە باش ئاغرىقى پەيدا قىلىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] بىنەپشە.

[ئورۇنباسارى] سۇندۇرۇس، شادىنەج، مەرۋايىت.

[ۋەكىل خاراكتېرلىك پىششىق دورا ياسالمىسى] قۇرسى كەھرىۋا، سۇفۇپى كەھرىۋا.

## ئاقاقىيا

## 阿卡克亚

## （阿拉伯胶树汁 a la bo jiao shu zhi）

[باشقا ئاتىلىشى] ئاكاتسىيە ئۇسارىسى

[لاتىنچە نامى] Gummi Acacia senegal

[ئىنگلىزچە نامى] Acacia Gum Arabic Gum

[تونۇش] بۇ، پۇرچاق ئائىلىسىدىكى ئاكاتسىيە دېگەن بىر خىل چاتقالسىمان تىكەنلىك دەرەخنىڭ مېۋىسى ۋە يوپۇرمىقىنىڭ سىقىپ چىقىرىلغان سۈيىدىن قاتقان دانچە شەكىللىك، رەڭسىز ياكى سۇس

سېرىق، يېرىم سۈزۈك ماددا بولۇپ، «ئاقاقىيا» نامى بىلەن دورىغا ئىشلىتىلىدۇ. تېنى قاتتىق، چۈرۈك، تەمى قېرىق، پۇرىقى سۇس كېلىدۇ. (24 . 17 ـ رەسىم)

[**چىقىش ئورنى**] ھىندىستان، سۇدان، بېنگال قاتارلىق ئەللەردىن چىقىدۇ.

[**يىغىپ ساقلاش**] بۇ ئۆسۈملۈكنىڭ دورىلىق قىسمىنى كۈز پەسلىدە يىغىپ قۇرۇتۇپ، قۇرغاق ئورۇندا ساقلىنىدۇ.

[**لايىقلاشتۇرۇلۇشى**] ئىلغاپ ساپلاشتۇرۇلىدۇ.

[**تەبىئىتى**] ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق سوغۇق.

[**خۇسۇسىيىتى**] قان توختىتىش، جاراھەت پۈتتۈرۈش، چاچنى قارايتىش، قۇرۇتۇش، قۇستۇرۇش، ئىچ سۈرۈشنى توختىتىش، چىش مىلىكنى چىڭىتىش، زىيادە ھۆللۈكنى قۇرۇتۇش خۇسۇسىيەتلىرى بار.

[**ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر**] ئاشقازان، ئۈچەي ۋە ئۆپكە جاراھەتلىرى؛ بۇرۇن قاناش، ئۆپكە سىلىدىكى قاناش، كىندىك چىقىقى، خۇن تەۋرەش، قانلىق ئىچ سۈرۈش، مەقئەت چىقىپ قېلىش، بالىياتقۇ چىقىقى، بوۋاسىر، ھەر خىل جاراھەتلەر، ئاق خۇن كۆپ كېلىش، چىش مىلىكى قاناش، چىش مىلىكى بوشاپ كېتىش قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[**ئىشلىتىش ئۇسۇلى**]

1. ئانارگۇل، ئانار پوستى، ئاقاقىيا، ئەنجىبار، بەللۇتنىڭ ھەربىرىدىن 10 گىرام ئېلىپ، قاينىتىلما تەييارلاپ ئىچسە، خۇن تەۋرەشكە شىپا بولىدۇ.

2. ئاقاقىيا، رۇسۇت، ئەنجىبار، جۇۋنە، قارا ھېلىلەنىڭ ھەربىرىدىن 60 گىرام، شېكەردىن 20 گىرام ئېلىپ، سۇفۇپ تەييارلاپ ئىچسە، ئەزالاردىن كەلگەن قاننى توختىتىدۇ..

3. ئاقاقىيانى زەيتۇن يېغىغا ئارىلاشتۇرۇپ، باشقا چاپسا چاچنى قارايتىدۇ.

[**ئىشلىتىش مىقدارى**] 5 . 0 ~ 3 گىرامغىچە.

[**زىيانلىق تەسىرى**] توسالغۇ پەيدا قىلىدۇ، ئەزالارغا قۇرۇقلۇق يەتكۈزىدۇ، قەۋزىيەت قىلىپ قويىدۇ.

[**تۈزەتكۈچىسى**] بادام يېغى، ھەسەل سۈيى.

[**ئورۇنباسارى**] ئەدەس، سەندەل، رۇسۇت.

[**ۋەكىل خاراكتېرلىك پىششىق دورا ياسالمىسى**] سۇفۇپى ئەنجىبار.

## تاباشىر

## 塔巴西尔

(天竺黄 tian zhu huang)

[**باشقا ئاتىلىشى**] بىنسلوجىن، تاباشىر ئەسلىي

[**لاتىنچە نامى**] Concertio sinocalamus giganteus

[**ئىنگلىزچە نامى**] Tabasheer

[**تونۇش**] بۇ، باشاقلىق ئۆسۈملۈكلەر ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق ياغاچ غوللۇق ئۆسۈملۈك كۆك

بامبۇك قاتارلىقلارنى بامبۇك پارازىت ھەرىلىرى يەپ كاۋاك قىلغاندا، بامبۇك كاۋاك ئارىلىقلىرىدا ساقلانغان سۇيۇقلۇقنىڭ ئېقىپ چۈشۈپ، قېتىپ قالغان مونەكلىرىدىن ئىبارەت بولۇپ، ئۆلچەمسىز كەلگەن، ئاقشىكەرگە ياكى پارقىرايدىغان سەدەپكە ئوخشايدۇ. سىرتى سۈتتەك ئاق ياكى ئاقۇچ كۆك رەڭ، يەڭگىل، چۈرۈك، سۇدا ئېرىمەيدۇ، تەمى تاتلىق، ئېغىزغا سالسا تىلغا چاپلىشىدۇ. بۇ «تاباشىر» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ. (رەسىم ـ 18.24)


تاباشىر

[چىقىش ئورنى] ئېلىمىزنىڭ گۇاڭدۇڭ، يۈننەن، گۇاڭشى قاتارلىق ئۆلكىلىرىدىن چىقىدۇ.

[يىغىپ ساقلاش] قىش پەسلىدە يىغىۋېلىنىدۇ. بامبۇكنىڭ ئوتتۇرىسىنى يېرىپ، ئوتتۇرىسىدىكى مونەك ماددا يىغىۋېلىنىدۇ.

[خىمىيەلىك تەركىبى] كالىي ھىدروكسىد (Kali Hydroxidi)، سىلىك ماددىسى (Siliciom) قاتارلىقلار بار.

[فارماكولوگىيەلىك تەسىرى] ① ئۇخلىتىدۇ؛ ② قان ئېقىم مىقدارىنى تۆۋەنلىتىدۇ، قان تومۇرنى كېڭەيتىدۇ، ياللۇغ، ئۆسمە ۋە زىيادە سېزىمچانلىققا قارشى تۇرىدۇ.

[لايىقلاشتۇرۇلۇشى] ئىلغاپ ساپلاشتۇرۇلىدۇ.

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق سوغۇق.

[خۇسۇسىيىتى] قورۇش، تۇتۇش، كۆڭۈلگە خۇشلۇق يەتكۈزۈش، يۈرەك ۋە جىگەرنى قۇۋۋەتلەش، مەنىي تۇتۇش، ئىچ سۈرۈشنى توختىتىش، قىزىتما ۋە ئۇسسۇزلۇقنى پەسەيتىش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر] غەيرىي تەبىئىي سەپرا خىلتىدىن بولغان قۇسۇش، ئىچ سۈرۈش، مەنىي بالدۇر يۈرۈپ كېتىش، بالىياتقۇدىن سۇيۇقلۇقنىڭ كۆپ كېلىشى، يۈرەك چالاڭغۇراش (خەفەقان)، يۈرەك ئاجىزلىق، كۆڭۈل ئېلىشىش، بۆۋاسىر قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. تاباشىرنى قىزىلگۈل بىلەن قوشۇپ، سۈفۈپ قىلىپ ئىچىپ بەرسە، ئېغىز بوشلۇقى كېسەللىكلىرى ئۈچۈن مەنپەئەت قىلىدۇ.

2. قېتىق سۈزمىسىدىن 20 گىرام، تاباشىردىن 10 گىرام، يۇمغاقسۇت ئۇرۇقىدىن بەش گىرام ئېلىپ، قائىدە بويىچە سۈفۈپ قىلىپ ئىچسە، قان ۋە سەپرادىن بولغان ئىسھالنى توختىتىدۇ.

3. تاباشىردىن 10 گىرام، ئاقاقىيا، ئەنجبارىدىن يەتتە گىرامدىن، خۇنسىياۋشاندىن بەش گىرام ئېلىپ، قائىدە بويىچە قايىنىتىپ ئىچسە، بۆۋاسىرغا مەنپەئەت قىلىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] 1 ~ 3 گىرامغىچە.

[زىيانلىق تەسىرى] باھ ۋە ئۆپكىگە زىيان قىلىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] ھەسەل، چىلان، زەپەر.

[ئورۇنباسارى] سېمىزئوت، سۇماق، گۈل مەختۇم.

[پىششىق دورا ياسالمىسى] ھەببى تاباشىر، سۈفۈپى گۈل، قۇرسى تاباشىر قابىز.

# سالاجىت

# 沙拉吉特

## （安息香 an xi xiang）

[باشقا ئاتىلىشى] ھەجرۇل مومىيا، مۇمىيا

[لاتىنچە نامى] Native paraffin

[ئىنگلىزچە نامى] paraffin



سالاجىت

[تونۇش] بۇ، ئېگىزلىكى 10 ～ 20 مېتىر ئەتراپىدا ئۆسىدىغان، يوپۇرماقلىرى نۆۋەتلىشىپ ئۆسىدىغان غوللۇق بىر خىل دەرەختىن ئېقىپ چىقىدىغان يېلىم دورا بولۇپ، پۇرىقى سۇس، رەڭگى قارا، تەمى بىر ئاز ئاچچىق كېلىدۇ. (19.24 ـ رەسىم)

[چىقىش ئورنى] لائوس، ۋېيتنام، تايلاند قاتارلىق ئەللەردىن چىقىدۇ.

[يىغىش ساقلاش] دەرەخنىڭ پوستىنى تىلىپ قويسا يېلىمى ئېقىپ چىقىپ قېتىپ قالىدۇ. ئۇنى ئېلىپ تازىلاپ، قۇرغاق ئورۇندا ساقلىنىدۇ.

[خىمىيەلىك تەركىبى] ئاساسلىق تەركىبى سىمۇلادىن ئىبارەت. سىمۇلا بولسا سۇمارىسنوك كىسلاتاسى ۋە كونقىر يېلىمىدىن تەركىب تاپقان.

[فارماكولوگىيەلىك تەسىرى] جاراھەتلەرنى پۈتتۈرۈش تەسىرى بار.

[لايىقلاشتۇرۇلۇشى] ئېلىغاپ ساپلاشتۇرۇش، سالايە قىلىش ئارقىلىق لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى] «تەبىئەت» نى قۇۋۋەتلەش، زەھەر قايتۇرۇش، خىلتلارنىڭ بۇزۇلۇشىنى توسۇش، نەپەس يوللىرىنى راۋانلاشتۇرۇش، يۆتەل پەسەيتىش، يەل ھەيدەش، مەنىي ۋە سۈيدۈكنى تۇتۇش، باھنى قۇۋۋەتلەش، سۈيدۈك يوللىرىدىكى تاشنى ئېزىپ چىقىرىش، ئىچ سۈرۈشنى توختىتىش ۋە بارلىق ئەزالارغا قۇۋۋەت بېرىش، كۆڭۈلنى خۇش قىلىش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر] زەھەرلىنىش، يۆتەل، كاناي ياللۇغى، قورساق ئېسىلىش، باھ ئاجىزلىقى، مەنىي ۋە سۈيدۈك تۇتالماسلىق، سۈيدۈك يوللىرىغا تاش پەيدا بولۇش، ئىچ سۈرۈش قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. كۇندۇر، مەستىكىدىن 10 گىرامدىن، تۇخۇم سېرىقىدىن ئىككى دانە، سالاجىتتىن بەش گىرام ئېلىپ، قائىدە بويىچە سۇفۇپ تەييارلاپ يېسە، مەنىي بالدۇر يۈرۈپ كېتىشكە مەنپەئەت قىلىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

2. ئەرەب يېلىمىدىن بەش گىرام، رۇبىسۇس، زۇپادىن يەتتە گىرامدىن، سالاجىتتىن ئۈچ گىرام ئېلىپ، قائىدە بويىچە قايىنتىپ ئىچسە، يۆتەل ۋە كاناي ياللۇغىغا مەنپەئەت قىلىدۇ.

3. پىننە، بەدىيان، ئوغرىتىكەندىن يەتتە گىرامدىن، سالاجىتتىن بەش گىرام ئېلىپ، چايلىق تەييارلاپ ئىچىپ بەرسە، سوغۇق يەللەرنى تارقىتىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] 3 ~ 5 گىرامغىچە.

[زىيانلىق تەسىرى] ئىسسىقچان كىشىلەرنىڭ بېشىنى ئاغرىتىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] ئەينۇلا، قارىئۈزۈك، سۈت.

[ئورۇنباسارى] كۈندۈر.

[پىششىق دورا ياسالمىسى] مەجۇنى سالاجىت، ھەببى سالاجىت.

## ئوچاق چالمىسى

## 欧恰克恰力米斯

## (伏龙肝 fu long gan)

[باشقا ئاتىلىشى] ئوچاق توپىسى

[لاتىنچە نامى] Terra Fravausta

[ئىنگلىزچە نامى]

[تونۇش] بۇ، قالانغان ئوتۇن ۋە ئوت - چۆپلەردە ئىسلىنىپ كۆيگەن سارغۇچ قىزىل ئوچاق چالمىسى بولۇپ، «ئوچاق چالمىسى» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ. (20.24 - رەسىم)

[چىقىش ئورنى] ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ھەممە جايلىرىدىن تېپىلىدۇ.

[خىمىيەلىك تەركىبى] $H_2SIO_2$، تۆمۈر ئوكسىد، ئاليۇمىن ئوكسىد، ناترىي ئوكسىد، ماگنىي ئوكسىد قاتارلىقلار بار.

[يىغىپ ساقلاش] ئوتۇن ياكى ئوت - چۆپلەرنى قالاپ، ئۇنىڭدىن ئوچاق چالمىسىنى ئاۋايلاپ ئېلىپ، قۇرغاق جايدا ساقلىنىدۇ.

[فارماكولوگىيەلىك تەسىرى] قۇسۇشنى توختىتىش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە.

[لايىقلاشتۇرۇلۇشى] ئادەتتىكىدەك ساپلاشتۇرۇلىدۇ.

[تەبىئىتى] بىرىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى] تال ۋە ئاشقازاننى قۇۋۋەتلەش، ئارتۇق ھۆللۈكنى قۇرۇتۇش، قۇسۇش ۋە ئىچ سۈرۈشنى توختىتىش، قان توختىتىش خۇسۇسىيىتى بار.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر] ھامىلدارلىقتىكى قۇسۇش، سوزۇلما ئۈچەي ياللۇغىدىن بولغان ئىچ سۈرۈش، قان قۇسۇش، بۇرۇن قاناش، بالياتقۇ قاناش، ئاق خۇن كۆپ كېلىش قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. ئوچاق چالمىسى بىلەن قەغەز كۈلىنى ئارىلاشتۇرۇپ، يەرلىك ئورۇنغا سېپىپ بەرسە قان

توختىتىدۇ.

2. ئوچاق چالمىسىنى گۈلقەنتكە ئارىلاشتۇرۇپ، مۇۋاپىق مىقداردا يەپ بەرسە، ئاشقازاننى قۇۋۋەتلەپ، ئىچ سۈرۈشنى توختىتىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] 1 ~ 2 گىرامغىچە.

[زىيانلىق تەسىرى] زەھەرسىز، ئەمما تاش كۆمۈر قالىغان ئوچاقنىڭ توپىسى زەھەرلىك بولۇپ، ئۇ دورىغا ئىشلىتىلمەيدۇ، قەۋزىيەت پەيدا قىلىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] بېھى.

[ئورۇنباسارى] ئوتۇن كۆمۈرى.

[ۋەكىل خاراكتېرلىك پىششىق دورا ياسالمىسى] زىمات دورىلار.

## سىماقۇل ئەبغەيىن

## 司马库艾巴哈伊

## (五倍子 wu bei zi)



سىماقۇل ئەبغەيىن

[باشقا ئاتىلىشى] ئۈششاق تاغ مورىسى، تاغ مورىسى

[لاتىنچە نامى] Ruhus chenensis

[ئىنگلىزچە نامى] Chinese Nut—gall

[تونۇش] بۇ، تاغدا بولىدىغان ئۈششاق موزا دەپ ئاتىلىدىغان بىر خىل دەرەخنىڭ شېخىدا پەيدا بولىدىغان ھاشارات قاپچۇقىدىن ئىبارەت بولۇپ، بۇ ھاشارات قاپچۇقى «سىماقۇل ئەبغەيىن» ياكى «ئۈششاق تاغ مورىسى» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ.

[چىقىش ئورنى] ئېلىمىزنىڭ شەرقىي جەنۇب ۋە ئوتتۇرا قىسىم ئۆلكىلىرىدىن چىقىدۇ.

[يىغىپ ساقلاش] بىر يىلنىڭ ھەممە ۋاقتىدا يىغىۋالغىلى بولىدۇ، يىغىۋالغاندىن كېيىن قۇرۇتۇپ ساقلىنىدۇ.

[خىمىيىلىك تەركىبى] ياغ، ئاقسىلدىن ئىبارەت.

[فارماكولوگىيىلىك تەسىرى] ئۇچەي يولىدىكى ياللۇغنى قايتۇرۇپ، ئىچ سۈرۈشنى توختىتىش، باكتېرىيە ئۆلتۈرۈش، زەھەر قايتۇرۇش، قېرىشنى كېچىكتۈرۈش قاتارلىق رولى بار.

[لايىقلاشتۇرۇلۇشى] ئىلغاپ ساپلاشتۇرۇلىدۇ.

[لايىقلاشتۇرۇلۇشى] يۇيۇپ قۇرۇتۇش ئارقىلىق لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

www.uyghurkitap.com

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق سوغۇق.

[خۇسۇسىيىتى] ئىچ سۈرۈشنى توختىتىش، قان توختىتىش، يۆتەل پەسەيتىش، تەر توختىتىش خۇسۇسىيەتلىرى بار.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر] يۆتەل، سوزۇلما ئىچ سۈرۈش، مەقئەت چىقىپ قېلىش، كۆپ تەرلەش، قاناش، ھەر خىل جاراھەت قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. تاباشىردىن 10 گىرام، سىماقۇل ئەبغەيىندىن بەش گىرام، سۇماقتىن 10 گىرام، ئىسپىغۇلدىن ئالتە گىرام ئېلىپ، دورىلارنى قائىدە بويىچە سوقۇپ، 50 گىرام قېتىق سۇزمىسىگە ئارىلاشتۇرۇپ يېسە، قاندىن بولغان ئىچ سۈرۈشكە مەنپەئەت قىلىدۇ.

2. سىماقۇل ئەبغەيىن بىلەن خۇنسىياۋشاندىن بەش گىرامدىن ئېلىپ سوقۇپ، يەرلىك ئورۇنغا سەپسە، جاراھەت ئېغىزىنى پۈتتۈرىدۇ.

3. سىماقۇل ئەبغەيىندىن بەش گىرام ئېلىپ، تۇخۇم شاكىلى ئۈچ گىرام، دورىلارنى قائىدە بويىچە سوقۇپ يەرلىك ئورۇنغا سەپسە قان توختىتىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] 2～8 گىرامغىچە.

[زىيانلىق تەسىرى] ئاشقازانغا زىيان قىلىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] بەدىيان، ھەسەل.

[ئورۇنباسارى] سۇماق.

[ۋەكىل خاراكتېرلىك پىششىق دورا ياسالمىسى] سۇفۇپى سىماقۇل ئەبغەيىن.

## غاز تۇخۇمى شاكىلى

## 哈孜土米西克力

(鹅蛋壳 e dan ke)

[لاتىنچە نامى] Chorion Ovi anserinus

[ئىنگلىزچە نامى] goose egg-shell



غاز تۇخۇمى شاكىلى

[تونۇش] بۇ، غاز تۇخۇمىنىڭ شاكىلى بولۇپ، رەڭگى ئاق رەڭدە، سەل قاتتىقراق، قېلىنراق كېلىدۇ. (22.24 ـ رەسىم)

[چىقىش ئورنى] شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى، ئىچكىرى ئۆلكىلەر ھەم باشقا مەملىكەتلەردىن چىقىدۇ.

[يىغىپ ساقلاش] غاز تۇخۇمىنى پىشۇرۇپ، شاكىلىنى ئايرىپ تەييارلاپ ساقلىنىدۇ.

[لايىقلاشتۇرۇلۇشى] ئىلغاپ ساپلاشتۇرۇلىدۇ.

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق سوغۇق.

[**خۇسۇسىيتى**] قۇرۇتۇش، قورۇش، تۇتۇش، جاراھەت پۈتتۈرۈش خۇسۇسىيەتلىرى بار.

[**ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر**] غەلۋىرەك ۋە ھەر خىل جاراھەتلەرگە ئىشلىتىلىدۇ.

[**ئىشلىتىش ئۇسۇلى**]

1. غاز تۇخۇمى شاكىلىنى قۇرۇتۇپ، سوقۇپ، سىركە بىلەن يەرلىك ئورۇنغا چېپىپ بەرسە، ئېغىز ئالمىغان غەلۋىرەكنى ئېغىز ئالدۇرىدۇ.

2. ئەنزىرۇت بىلەن غاز تۇخۇمى شاكىلىنى قوشۇپ، سوقۇپ جاراھەتكە سەپسە، جاراھەتنى پۈتتۈرىدۇ.

[**ئىشلىتىش مىقدارى**] ئىچىدىن ئىشلىتىشكە توغرا كەلسە كۆشتە قىلىپ ئىشلىتىلىدۇ، سىرتىدىن ئەھۋالغا قاراپ مۇۋاپىق مىقداردا ئىشلىتىلىدۇ.

[**زىيانلىق تەسىرى**] تېرىلەرنى قۇرغاقلاشتۇرۇۋېتىدۇ.

[**تۈزەتكۈچىسى**] سۈت.

[**ئورۇنباسارى**] توخۇ تۇخۇمىنىڭ شاكىلى.

[**ۋەكىل خاراكتېرلىك پىششىق دورا ياسالمىسى**] سۇفۇپى ئاقاقىيا.

## ياچىۋەك تۇخۇمى

## 牙其歪克土乎米

## （桑螵蛸 sang piao xiao）

[**باشقا ئاتىلىشى**] تۇشىك تەۋرونى، خىمىل دەستەڭ

[**لاتىنچە نامى**] Ootheca Hierodula Patellifera

[**ئىنگلىزچە نامى**] mantis Egg—case

[**تونۇش**] بۇ، ياچىۋەك تۇخۇمىنىڭ قېپى بولۇپ، شەكلى ئۇزۇنچاق، تۇخۇمسىمان، رەڭگى سارغۇچ قوڭۇر، قاتمۇقات قەغەزسىمان ماددىدىن تۈزۈلگەن، چىڭ ھەم يېنىك بولۇپ، شاخقا يېپىشىپ تۇرغان تەرەپتە ئۇزۇن، چوڭقۇر ئوقۇرى بولىدۇ، دۈمبە تەرەپىنىڭ ئوتتۇرىسىدا بۆرتۈپ چىققان قىرى بولۇپ، ئۇنىڭ ئىچىدە نۇرغۇن تۇخۇمى بار، بۇ قاپ «تۇشىك تەۋرونى»، «خىمىل دەستەڭ» ياكى «ياتا تۇڭ» ھەم «ياچىۋەك تۇخۇمى» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ. (24.23 ـ رەسىم)

[**چىقىش ئورنى**] ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ھەممە جايلىرىدىن، بولۇپمۇ جەنۇبىي شىنجاڭدىن كۆپرەك چىقىدۇ.

[**يىغىپ ساقلاش**] ياچىۋەكنىڭ تۇخۇمىنى ئاۋايلاپ ئېلىپ، سالقىن ۋە سوغۇق جايدا ساقلىنىدۇ.

[**لايىقلاشتۇرۇلۇشى**] يۇيۇش، قۇرۇتۇش ئارقىلىق لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

[**خىمىيەلىك تەركىبى**] تەركىبىدە ئاقسىل، ماي، يىرىك تالا، تۆمۈر، كالتسىي، كاروتىن، لىمون كىسلاتاسى، ئامىنو كىسلاتاسى، تىرىئوتىن، ھىستىرىن قاتارلىقلار بار.

[**فارماكولوگىيەلىك تەسىرى**] ھېرىپ ـ چارچاشنى تۈگىتىش، ئىممۇنىتېت كۈچىنى ئاشۇرۇش، مايىنى ئېرىتىش ۋە سۈيدۈك تۇتۇش تەسىرى بار.

[تەبىئىتى] بىرىنچى دەرىجىدە قۇرۇق سوغۇق.

[خۇسۇسىيىتى] مەنىي تۇتۇش، بۆرەكنى قۇۋۋەتلەش، سۈيدۈكنىڭ قېتىم سانىنى ئازايتىش خۇسۇسىيىتى بار.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر] سىيگەكلىك، كۆپ ئېھتىلام بولۇش، بەدەن ئاجىزلىقتىن بولغان ئاق خۇن كۆپ كېلىش، بەل ئاغرىقى قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. ياچۇەك تۇخۇمى ۋە قانتېپەردىن 12 گىرامدىن، سېرىقيوگەي ئۇرۇقى، مالىنادىن 20 گىرامدىن ئېلىپ، قائىدە بويىچە سۇدا قايىنىتىپ ئىچسە، سىيگەكلىككە مەنپەئەت قىلىدۇ.

2. ياچۇەك تۇخۇمىدىن سەككىز گىرام ئېلىپ يۇمشاق سوقۇپ، تۇز بىلەن قوشۇپ ئىچسە، كۆپ ئېھتىلام بولۇشقا مەنپەئەت قىلىدۇ.

3. ياچۇەك تۇخۇمى، سېرىقيوگەي ئۇرۇقى، ئالقاتتىن 12 گىرامدىن، قانتېپەردىن 1.6 گىرام ئېلىپ قايىنىتىپ ئىچسە، بەدەن ئاجىزلىقتىن بولغان ئاق خۇن كۆپ كېلىش، بەل تېلىپ ئاغرىش ۋە ماغدۇرسىزلىققا مەنپەئەت قىلىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] 4 ~ 16 گىرامغىچە.

[زىيانلىق تەسىرى] سوغۇق مىزاجلىق كىشىلەرنىڭ بېشىنى ئاغرىتىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] ھەسەل.

[ئورۇنباسارى] تەمرىھىندى ئۇرۇقى.

[ۋەكىل خاراكتېرلىك پىششىق دورا ياسالمىسى] لوبوبى كەبىر.

## تاشقا ئايلانغان سۆڭەك

## 塔西哈阿衣根苏盖克

## (龙骨 long gu)

[باشقا ئاتىلىشى] پىشقان ھايۋانات سۆڭىكى

[لاتىنچە نامى] Os Draconis

[ئىنگلىزچە نامى] Dragon's Bones

[تونۇش] بۇ، قەدىمكى ھايۋاناتلارنىڭ تاشقا ئايلانغان سۆڭىكى بولۇپ، يىلنىڭ ھەممە پەسلىدە قېزىۋېلىشقا بولىدۇ، بۇ توپىدىن چىققاندىن كېيىن شامالداش بىلەن ئاسان ئۇۋۇلۇپ كېتىدۇ، شۇڭا قېلىن قەغەز بىلەن پۇختا ئوراپ قويۇش لازىم. بۇنىڭ گۈللۈك سىزىقلىرى بار قىسىملىرىنى تاللىۋېلىپ، باشقا نەرسىلىرىنى چىقىرىۋېتىپ ئۇۋۇتىلسا، بۇ خام ھايۋانات سۆڭىكى بولىدۇ. خام ھايۋانات سۆڭىكىنى چوغدا قىزارتىپ، سوۋۇغاندىن كېيىن ئۇۋۇتىلسا، پىشقان ھايۋانات سۆڭىكى بولىدۇ. (24.24 - رەسىم)

[چىقىش ئورنى] شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ھەممە جايلىرىدىن چىقىدۇ.

[يىغىپ ساقلاش] ھەر خىل ھايۋانلارنىڭ جەسەتلىرى بار جايلاردىن يىغىپ، پۇختا ئوراپ ساقلىنىدۇ.

[**خىمىيەلىك تەركىبى**] ئاساسلىقى كالتسىي كاربونات، كالتسىي فوسفات ھەم ئاز مىقداردا تۆمۈر، كالىي، ناترىي، خىلور قاتارلىق ماددىلار بار.

[**لايىقلاشتۇرۇلۇشى**] ئىلغاپ ساپلاشتۇرۇلىدۇ.

[**تەبىئىتى**] بىرىنچى دەرىجىنىڭ ئاخىرىدا قۇرۇق سوغۇق.

[**خۇسۇسىيىتى**] مېڭىنى قۇۋۋەتلەش، نېرۋىنى تىنچلاندۇرۇش، كۆپ تەرلەشنى توختىتىش، مەنىينى تىزگىنلەش، ئىچ سۈرۈشنى توختىتىش، تۇتۇش، جاراھەت ۋە يارا ئېغىزلىرىنى قۇرۇتۇش، گۆش ئۇندۇرۇش خۇسۇسىيەتلىرى بار.

[**ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر**] نېرۋا ئاجىزلىق، ئۇنتۇغاقلىق، سوزۇلما خاراكتېرلىك ئۇچەي ياللۇغىدىن بولغان ئىچ سۈرۈش، كېچىسى سىيىپ يېتىش، سۈيدۈك تۇتالماسلىق، كۆپ ئېھتىلام بولۇش، ئاق خۇن كۆپ كېلىش قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[**ئىشلىتىش ئۇسۇلى**]

1. ئاسارۇندىن سەككىز گىرام، ئۇد سەلىبتىن 10 گىرام، تاشقا ئايلانغان سۆڭەكتىن 10 گىرام ئېلىپ، قائىدە بويىچە قاينىتىپ ئىچسە، نېرۋا ئاجىزلىقى ھەم ئۇنتۇغاقلىققا شىپا بولىدۇ.

2. كۇندۇر، مەستىكى، ئاقىرقەرھا، تاشقا ئايلانغان سۆڭەك قاتارلىقلارنىڭ ھەربىرىدىن بەش گىرامدىن ئېلىپ، سۇفۇپ قىلىپ ئىچسە، سۈيدۈك تۇتالماسلىق، كۆپ ئېھتىلام بولۇش ۋە ئاق خۇن كۆپ كېلىش قاتارلىقلارغا شىپا بولىدۇ.

[**ئىشلىتىش مىقدارى**] 3 ～ 6 گىرامغىچە.

[**زىيانلىق تەسىرى**] بۆرەك ۋە دوۋساققا زىيان قىلىدۇ.

[**تۈزەتكۈچىسى**] سۈت، ئىتئۈزۈمى.

[**ئورۇنباسارى**] شادىنەج، كەھرىۋا.

[**ۋەكىل خاراكتېرلىك پىششىق دورا ياسالمىسى**] تاشقا ئايلانغان سۆڭەك تالقىنى.

يۇقىرىقىدىن باشقا جىگدە، ھەببۇلئاس، كېۋەز ئانىسى ئۇرۇقى، شاقايىقۇننۇئمان، تالك، نېلۇپەر ئۇرۇقى، ئىتياڭىقى ئۇرۇقى، قەھۋە، تاماكا يوپۇرمىقى، ئەپيۇن، بەزرۇلبەنجى، كەندىر ئۇرۇقى، يۇمغاقسۈت ئۇرۇقى، ئاق مەۋسەل، رەيھان ئۇرۇقى، ئەرەب يېلىمى، كەتىرا، ھىڭ قاتارلىقلارمۇ قابىز دورىلار قاتارىغا كىرىدۇ.

## تەمرىھىندى ئۇرۇقى
## 台米日印地欧如合
(罗望子仁 luo wang zi ren)

[**باشقا ئاتىلىشى**] بەزرول تەمرىھىندى، توخۇمى تەمرىھىندى

[**تونۇش**] بۇ، پۇرچاق ئائىلىسىدىكى دائىم كۆكىرىپ تۇرىدىغان ئۆسۈملۈك تەمرىھىندى دەرىخىنىڭ ئاچچىق پۇرچاقنىڭ مېۋىسىنىڭ ئۇرۇقىدىن ئىبارەت بولۇپ، رەڭگى خورما رەڭدە ياكى جىگەر رەڭ ياكى

www.uyghurkitap.com

قارامتۇل قوڭۇر رەڭدە، شەكلى شارسىمان ياپىلاق، ئۇنى چاققاندا ئىچىدىن ئاق رەڭلىك مېغىزى چىقىدۇ. ئادەتتە مۇشۇ مېغىزى «تەمرىھىندى ئۇرۇقى» ياكى «تەمرىھىندى مېغىزى» نامىدا دورىلىققا ئىشلىتىلىدۇ. (25.24 ـ رەسىم)



تەمرىھىندى ئۇرۇقى

[چىقىش ئورنى] ياۋا دەرەخزارلىق ۋە ئېتىزلاردا ئۆستۈرۈلىدىغان دەرەخ بولۇپ، ئېلىمىزنىڭ ئىچكىرى ئۆلكىلىرىدىكى ئىسسىق بەلباغ رايونلىرىدا ھەم ھىندىستان ۋە پاكىستان قاتارلىق جايلاردىن چىقىدۇ.

[يىغىپ ساقلاش] بۇ ئۆسۈملۈكنىڭ مېۋىسى پىشقاندا، ئۇرۇقىنى ئېلىپ، قۇرغاق ۋە سالقىن ساقلىنىدۇ.

[لايىقلاشتۇرۇلۇشى] قايناق سۇغا چىلاپ قويۇپ، ئۇرۇقىنىڭ پوستىدىن ئاجرىتىپ، قۇرۇتۇپ ساپلاشتۇرۇلىدۇ.

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق سوغۇق.

[خۇسۇسىيىتى] بەدەندىكى ھەر خىل ماددىلارنى تۇتۇش، توختىتىش، ھەر خىل نەملىكلەرنى قۇرۇتۇش، سۈيدۈك، مەنىينى تىزگىنلەش، مۇسكۇللارنى چىڭىتىش، ياللۇغ قايتۇرۇش قاتارلىق خۇسۇسىيىتى بار.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر] قان سىيىش، قانلىق تەرەت قىلىش، مەنىي سۇيۇلۇپ كۆپ ئېقىپ كېتىش، كۆپ ئېھتىلام بولۇش قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. قۇرۇتۇلغان تەمرىھىندى مېغىزىدىن 60 گىرام، يۇمغاقسۈت ئۇرۇقىدىن 25 گىرام، سېمىزئوت ئۇرۇقىدىن 12 گىرام، تۇخۇم شاكىلىدىن 10 گىرام، ئىسپىغۇل 10 گىرام، ناۋات 100 گىرام ئېلىپ، سوقۇپ، قائىدە بويىچە سوفۇپ تەييارلاپ، كۈندە ئىككى قېتىم، تاماقتىن كېيىن ھەر قېتىمدا ئالتە گىرامدىن ئىستېمال قىلسا، مەنىينىڭ تېزلىكىنى پەسەيتىش، مەنىينى ئازايتىش قاتارلىقلارغا مەنپەئەت قىلىدۇ.

2. تۇخۇم سېرىقىدىن بەش دانە، پىياز ئۇرۇقى، تەمرىھىندى ئۇرۇقى، تۇدەرى، سۆئىلەپ، شاقاقۇل، ئاقىرقەرھانىڭ ھەربىرىدىن 10 گىران ئېلىپ، قائىدە بويىچە سوقۇپ سۇفۇپ تەييارلاپ بەرسە، بۆرەك ۋە باھ ئاجىزلىقى، سەيلانى رەھمى، سەيلانى مەنىي قاتارلىققلارغا مەنپەئەت قىلىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] 1 ~ 3 گىرامغىچە.

[زىيانلىق تەسىرى] قەۋزىيەت پەيدا قىلىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] شېكەر ياكى تەرەنجىبىن.

[ئورۇنباسارى] كۇندۇر.

[ۋەكىل خاراكتېرلىك پىششىق دورا ياسالمىسى] سۇفۇپى مۇغەللىز.

# تالماكھانا

## 塔里美可哈乃

[**باشقا ئاتىلىشى**] تالماكىھانە

[**تونۇش**] بۇ بىر خىل ئۆسۈملۈكنىڭ ئۇرۇقى بولۇپ، ئۇ ئۆسۈملۈكنىڭ يوپۇرمىقى كاسىنە يوپۇرمىقىغا ئوخشاش يىرىك ۋە تۈكلۈك بولىدۇ. گۈلى ئاق بولۇپ، بوغۇملىرىدا تىكەن بولىدۇ، بۇ ئۆسۈملۈكنىڭ ئۇرۇقى كۈنجۈتكە ئوخشايدۇ، بىرئاز ياپىلاق ئۇزۇنچاق كېلىدۇ. رەڭگى توپا رەڭ، پارقىراق تۇدەرىنىڭگە ئوخشاش شىلىمشىق، بۇ «تالمەكھانە» ياكى «تالماكھانا» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ.

[**چىقىش ئورنى**] ئېلىمىزنىڭ ئىسسىق بەلباغ رايونلىرىدىن ۋە ھىندىستان، پاكىستان قاتارلىق ئەللەر-دىن چىقىدۇ.

[**يىغىپ ساقلاش**] ئۇرۇقى ئوبدان پىشقاندا يىغىپ، پاكىز ساقلىنىدۇ.

[**لايىقلاشتۇرۇلۇشى**] ئىلغاپ ساپلاشتۇرۇش ۋە قۇرۇتۇش ئارقىلىق لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

[**تەبىئىتى**] ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[**خۇسۇسىيتى**] بەدەنگە پايدىلىق ھەرخىل ماددىلارنى بەدەن سىرتىغا چىقىپ كېتىشتىن تۇتۇش، مەنىي قويۇلدۇرۇش، مەنىينى زىيادە قىلىش، بەدەننى سەمرىتىش، باھنى قۇۋۋەتلەش، كۆكرەكلەرگە خۇشلۇق يەتكۈزۈش، سەۋدا ۋە قان خىلتىنىڭ بۇزۇلۇشىنى يوقىتىش، ئاغرىق پەسەيتىش خۇسۇسىيەتلىرىگە ئىگە.

[**ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر**] مەنىي تۇتالماسلىق، مەنىي سۇيۇلۇپ كېتىش، باھ، بەدەن ئاجىزلىق، بەل ئاغرىقى، ئىستىسقا، چوڭ بوغۇملار ئاغرىقى قاتارلىق كېسەللىكلەرگە ئىشلىتىلىدۇ.

[**ئىشلىتىش ئۇسۇلى**]

1. تالماكھانا ئۇرۇقىدىن يەتتە گىرام، شاقاقۇلدىن بەش گىرام، پىندۇق مېغىزىدىن بەش گىرام، تۇدەرىدىن بەش گىرام، تۇخۇم سېرىقىدىن ئۈچ دانە ئېلىپ، قائىدە بويىچە سوقۇپ سۇفۇپ تەييارلاپ، تۇخۇم سېرىقى بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ يېسە، سۇت ۋە مەنىي كۆپەيتىدۇ، بۆرەك ۋە بەدەننى قۇۋۋەتلەيدۇ.

2. تالماكھانا يوپۇرمىقى ۋە يىلتىزىدىن مۇۋاپىق مىقداردا ئېلىپ، يۇمشاق ئېزىپ خىمىر قىلىپ، قىزىتىپ بەلگە تاڭسا، بەل ئاغرىقىغا ۋە چوڭ بوغۇملار ئاغرىقىغا مەنپەئەت قىلىدۇ.

3. ئاق مەۋسەلدىن 36 گىرام، تالماكجانا ئۇرۇقىدىن 12 گىرام، سەۋزە ئۇرۇقى، قوغۇن ئۇرۇقىدىن 50 گىرامدىن، ناۋاتتىن 200 گىرام ئېلىپ سوقۇپ، قائىدە بويىچە سۇفۇپ تەييارلاپ، كۈندە ئىككى قېتىم، تاماقتىن كېيىن، ھەر قېتىمدا 5 ～ 7 گىرامغىچە ئىستېمال قىلسا، ئارتۇق ھۆللۈكنى قۇرۇتۇپ، مەنىي تۇتۇش قاتارلىقلارغا مەنپەئەت قىلىدۇ.

[**ئىشلىتىش مىقدارى**] 5 ～ 7 گىرامغىچە.

[**زىيانلىق تەسىرى**] تەستە ھەزىم بولىدۇ.

[**تۈزەتكۈچىسى**] ھەسەل، سۇت.

[**ئورۇنباسارى**] تۇدەرى، سۆئلەپ مىسرى، بوزىدان.

[**ۋەكىل خاراكتېرلىك پىششىق دورا ياسالمىسى**] سۇفۇپى تالماكھانا.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# ياۋا ئالما

## 亚瓦阿里麻

(野苹果 ye ping guo)

[**باشقا ئاتىلىشى**] تۇففاھى بەررى، سىيب دەشتى، سىيب جەنگىلى



ياۋا ئالما

[**تونۇش**] بۇ ئەتىرگۇل ئائىلىسىدىكى مېۋىلىك دەرەخ ياۋا ئالما دەرىخىنىڭ مېۋىسى بولۇپ، ياۋا بېھىگە ئوخشايدۇ، لېكىن پوستى قاتتىق ھەم يىرىك رەڭگى ئاققا مايىل يېشىل، ئېتىنىڭ تەمى خام ھالەتتە ئاچچىققا مايىل چۈچۈمەل، پىشقاندىن كېيىن چۈچۈمەلرەك، تاتلىق، خۇش پۇراق ۋە لەززەتلىك بولىدۇ، بۇ «ياۋا ئالما» نامىدا دورىلىققا ئىشلىتىلىدۇ. (26.24 ـ رەسىم)

[**چىقىش ئورنى**] شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ھەرقايسى جايلاردىن تېپىلىدۇ.

[**يىغىپ ساقلاش**] مېۋىسى پىشقاندىن كېيىن يىغىۋېلىپ، توغراپ قۇرۇتۇپ، سوغۇق، سالقىن جايدا ساقلىنىدۇ.

[**لايىقلاشتۇرۇلۇشى**] يۇيۇپ، توغراپ، قۇرۇتۇپ لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

[**تەبىئىتى**] ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق سوغۇق.

[**خۇسۇسىيىتى**] ئاشقازان، يۈرەك ۋە جىگەرنى قۇۋۋەتلەش، ئىچ سۈرۈشنى توختىتىش، سەپرانىڭ ئۆتكۈرلۈكى ۋە ئۇسسۇزلۇقنى پەسەيتىش، ئاغرىق توختىتىش ۋە زەھەر قايتۇرۇش، قاپارتما پەيدا بولۇشنىڭ ئالدىنى ئېلىش خۇسۇسىيەتلىرى بار.

[**ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر**] ئاشقازان، يۈرەك، جىگەر ئاجىزلىقى، ئىچ سۈرۈش، سەپراۋى كېسەللىكلەر، تاڭلاي، تىل، گالغا مۇدۇر ـ چاقا چىقىش قاپارتما چىقىش، ئېغىز پىشلاق بولۇش، گال ئاغرىش، چىش مىلىكى بوشاش قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[**ئىشلىتىش ئۇسۇلى**]

1. ياۋا ئالمىنى مۇۋاپىق مىقداردا ئىستېمال قىلىپ بەرسە، سەپرا ۋە قان خىلتىدىن بولغان ئاشقازان، جىگەر، يۈرەك كېسەللىكلىرىگە پايدىلىق.

2. ياۋا ئالمىنى قايناتىپ، سۈيىنى غار ـ غار قىلىپ بەرسە، گال ئاغرىش، چىش مىلىكى بوشاش، تىل ۋە گالغا ھەر خىل مۇدۇرچاق چىقىش ۋە قاپارتما پەيدا بولۇشنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ.

[**ئىشلىتىش مىقدارى**] ئەھۋالغا قاراپ 1 ~ 3 گىرامغىچە.

[**زىيانلىق تەسىرى**] يۇتقۇنچاق ۋە كۆكرەكنى يىرىكلەشتۈرىدۇ.

[**تۈزەتكۈچىسى**] شېكەر، بادام، تۇز.

[**ئورۇنباسارى**] پۇنۇس.

[**ۋەكىل خاراكتېرلىك پىششىق دورا ياسالمىسى**] ياۋا ئالما دەملىمىسى.

# يىگىرمە بەشىنچى باب جاراھەت پۈتتۈرگۈچى دورىلار

جاراھەت ئېغىزىنى قورۇپ، مىكروب ئۆلتۈرۈش، توقۇلمىلارنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، شەلۋەرەشكە قارشى تۇرۇش ھەمدە گۆش ئۈندۈرۈش تەسىرىنى بېرىدىغان دورىلار ئومۇملاشتۇرۇلۇپ، جاراھەت پۈتتۈر- گۈچى دورىلار دېيىلىدۇ.

ھەر خىل ئىچكى - تاشقى سەۋەبلەر تەسىرىدىن، مەسىلەن: زەخىم تەسىرىدىن توقۇلمىلار يېرىلىشتىن بولغان شەلۋەرەش، گۆشخور چاقا، ئاقما، ئاشقازان يارىسى، قىچىشقاق، سىفلىس قاتارلىقلاردىن يەرلىك ئورۇن توقۇلمىلىرى ئېغىر دەرىجىدە بۇزۇلغاندا، ئورگانىزمدا تۈرلۈك كېسەللىك ئۆزگىرىشىنى پەيدا قىلىدۇ. بۇ خىل كېسەللىكلەرنى ۋاقتىدا داۋالىمىغاندا ئاقىۋىتى تېخىمۇ ئېغىرلايدۇ.

جاراھەت پۈتتۈرگۈچى دورىلارنىڭ تۈرى ۋە تەسىرى ئوخشاش بولمىغاچقا، كېسەللىكلەرگە ئىشلەتكەن- دە، مۇۋاپىق تاللاپ ئىشلىتىشكە توغرا كېلىدۇ. جاراھەت پۈتتۈرگۈچى دورىلارنىڭ كۆپىنچىلىرىنىڭ تەبىئىتى قۇرۇق ئىسسىق ياكى قۇرۇق سوغۇق بولىدۇ، بۇ خىل دورىلار جاراھەت پۈتتۈرۈپ، گۆش ئۈندۈرۈش، توقۇلمىلارنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش، مىكروب ئۆلتۈرۈش، بۇزۇق گۆشلەرنى يوقىتىش، ئىچ سۈرۈشنى توختىتىش تەسىرىنى بېرىدۇ. مەسىلەن: گىل مەختۇم، مەدەستان، ھەببۇلئاس، كەتىراچىنى، كەركىدان مۈڭگۈزى، كۆكتاش، سەرتان نەھرى، سەرتان بەھرى، چارپاقا، گەچ، سەنگى جاراھەت، رال، قەلەي، زەرنىخ، ئەنزىرۇت، ئانار پوستى، ئەبنۇس، قەشقەر ئۈپىسى، تەبىئىي مىس، تەلخ، تۇخۇم ئېقى پەردىسى، ئاق موم، ئەكلىكئوت، تالك، جۇزنەك، ئاقاقىيا، تاشقا ئايلانغان سۆڭەك، رۇبىبسۇس، راتىيانەچ، ئەرەب يېلىمى، موزا، كۆپىكدەريا، مۇرمەككى، كاتھىندى، ئېشەك سۈتى قاتارلىقلار.

## گىل مەختۇم

## 给力买合土米

## (赤石脂 chi shi zhi)

[**باشقا ئاتىلىشى**] تىن مەختۇم، گىل مەختۇم

[**لاتىنچە نامى**] Halloysitum Rubrum

[**ئىنگلىزچە نامى**] red halloysite

[**تونۇش**] مەختۇم سېغىزى سۈس قىزىل، تەمسىز، پۇراقسىز، ئادەتتە پىششىقلاپ ئىشلەنگىنى تۈگمە شەكلىدە كېلىدۇ، بۇ سېغىز «گىل مەختۇم»، «تىن مەختۇم»، «قىزىل لاي» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ. (1.25 - رەسىم)

[**چىقىش ئورنى**] مەملىكىتىمىزنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن چىقىدۇ.

[**يىغىپ ساقلاش**] توپىسىنى پاكىزلاپ، تاغ ئۆچكىسىنىڭ قېنى بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ ساقلىنىدۇ.

www.uyghurkitap.com

[لايىقلاشتۇرۇلۇشى] سالايە قىلىش ئارقىلىق لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق سوغۇق.

[خۇسۇسىيىتى] جاراھەت پۈتتۈرۈش، تۇتۇش، قۇرۇتۇش، قان توختىتىش، يېپىشتۇرۇش، ھۆللۈكلەرنى قۇرۇتۇش، زەھەر قايتۇرۇش، يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش، يۈرەكنى قۇۋۋەتلەش خۇسۇسىيىتى بار.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر] سىل كېسىلىدىكى قان تۈكۈرۈش، ئاشقازان ۋە ئۈچەي يارىسى، ھەر خىل جاراھەت، يۈرەك ئاجىزلىقى، يۇقۇملۇق كېسەللىكلەر، ھەر خىل زەھەرلىنىش، ئىچ سۈرۈش قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. گىل مەختۇمنى يۇمشاق سوقۇپ، ئىككى گىرام ئىچىپ بەرسە، سىل كېسىلىدىكى قان تۈكۈرۈش، ئاشقازان ۋە ئۈچەي يارىسىدىكى قاناش قاتارلىقلارغا مەنپەئەت قىلىدۇ، جاراھەتنى قورۇپ، قۇرۇتۇپ ساقىيىشىنى تېزلىتىدۇ.

2. مۇۋاپىق مىقداردىكى گىل مەختۇمنى قايناق سۇ بىلەن نەمدەپ، ھەر خىل ھاشارات چېقىۋالغان يەرگە سۈركەپ بەرسە، ھاشاراتنىڭ زەھىرىنى قايتۇرىدۇ.

3. گىل مەختۇمدىن ئىككى گىرام ئېلىپ، 30 مىللىلىتىر ئەرقى گۈل بىلەن ئىچىپ بەرسە، يۈرەكنى قۇۋۋەتلەپ، يۈرەك خىزمىتى توسقۇنلۇققا ئۇچراشنىڭ ھەم يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ.

4. گىل مەختۇمدىن ئۈچ گىرام، تاباشىردىن بەش گىرام، ناۋاتتىن 10 گىرام ئېلىپ سۇفۇپ تەييارلاپ ئىچسە، ئىچ سۈرۈشنى توختىتىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] سىرتتىن ئەھۋالغا قاراپ ئىشلىتىلىدۇ، ئىچكى تەرەپتىن 1 ~ 3 گىرامغىچە ئىشلىتىلىدۇ.

[زىيانلىق تەسىرى] تالغا زىيان قىلىدۇ، توسۇلۇش پەيدا قىلىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] كەتىرا، قىزىلگۈل، بادام يېغى، ئاق سەندەل، مەستىكى رۇمى.

[ئورۇنباسارى] گىل ئەرمىنى.

[پىششىق دورا ياسالمىسى] شەربىتى ئەنجىبار.

## مەدەستان

## 买代斯堂

(密陀僧 mo tuo seng)

[باشقا ئاتىلىشى] مۇرد، مورداسەنگى، مۇرداسەنگى

[لاتىنچە نامى] Lithargyrum

[ئىنگلىزچە نامى] Litharge

[تونۇش] بۇ، تازىلانمىغان قوغۇشۇن ئوكسىد بولۇپ، ئۇ تۆمۈردىن باشقا مەدەنلەردىن ياسىلىدۇ،

كۆپرەك قوغۇشۇن ۋە قەلەيدىن ياسىلىدۇ، كۇمۇشتىن تەييارلانغىنىنىڭ رەڭگى بىنەپشە رەڭ، قوغۇشۇندىن ياسالغىنىنىڭ رەڭگى قىزىل سېرىققا مايىل بولىدۇ، ئالتۇندىن ياسالغىنىنىڭ رەڭگى قىزىل بولىدۇ، بۇنىڭ ياخشىراقى ساپ، رەڭگى سېرىق، پارقىراق، ئېغىر كەلگىنىدۇر. (2.25 ـ رەسىم)

[**چىقىش ئورنى**] ئېلىمىزنىڭ خۇنەن، چاڭشا، جياڭسۇ قاتارلىق جايلىرىدىن چىقىدۇ.

[**يىغىپ ساقلاش**] مەدەندىن ياسالغان بۇ خىل دورىنى ھەر خىل رەڭلەردە تەييارلاپ، ساپ، سالقىن جايدا ساقلىنىدۇ.

[**خىمىيەلىك تەركىبى**] مەدەستاننىڭ تەركىبىدە ئاساسلىقى قوشۇغۇن ئوكسىد بار.

[**فارماكولوگىيەلىك تەسىرى**] باكتېرىيە ئۆلتۈرۈش، جاراسىملارنى يوقىتىش تەسىرى بار.

[**لايىقلاشتۇرۇلۇشى**] كۇشتە قىلىش ئارقىلىق لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

[**تەبئىتى**] تۆتىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[**خۇسۇسىيىتى**] جاراھەت ۋە زەخىملەرنى پۈتتۈرۈش، يەل ھەيدەش، ئىششىق ياندۇرۇش، ھۆللۈكنى قۇرۇتۇش، قان تازىلاش، ياللۇغ قايتۇرۇش، بۇزۇق گۆشلەرنى يوقىتىش، يېڭى گۆش ئۈندۈرۈش، ئىچ سۈرۈشنى توختىتىش، قان توختىتىش، ئۈچەيدىكى قۇرتنى ئۆلتۈرۈش، بەلغەم بوشىتىش قاتارلىق خۇسۇسىيىتى بار.

[**ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر**] ھەر خىل يىرىڭلىق ھۆل چاقىلار، قارا داغ، قوتۇر، قىچىشقاق، كۆپ تەرلەش، تېرە يېرىلىش، سۆزنەك، ھەر خىل جاراھەت، سفلىس قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[**ئىشلىتىش ئۇسۇلى**]

1. بىر گىرام مەدەستاننى سوقۇپ، ئاچچىق بادام يېغىغا ئارىلاشتۇرۇپ يۇزىگە چاپسا، داغنى چۈشۈرىدۇ.

2. مۇۋاپىق مىقداردىكى مەدەستاننى سوقۇپ، يەرلىك ئورۇنغا سەپسە زەخىمنى پۈتتۈرىدۇ، گۆش ئۈندۈرىدۇ.

3. مەدەستان كۇشتىسىدىن 0.3 گىرام ئېلىپ، ئەرقى شاھتەررە ۋە ئىترىفىل چۆپچىن بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، قائىدە بويىچە ئىچىپ بەرسە، سۆزنەك، سفلىسقا مەنپەئەت قىلىدۇ.

[**ئىشلىتىش مىقدارى**] 0.8 گىرامغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ. سىرتتىن ئەھۋالغا قاراپ ئىشلىتىلىدۇ، ئىچىدىن ئىشلىتىشكە بولمايدۇ.

[**زىيانلىق تەسىرى**] ئىچكى تەرەپتىن ئىشلەتسە، سەللا ئېھتىيات قىلمىسا، ئادەمنى ئۆلتۈرۈپ قويىدۇ، ئۇنىڭ ئىككى گىرامى ئادەمنى ئۆلتۈرىدۇ، سۈيدۈكنى توختىتىدۇ، قورساقنى ئېسىدۇ، نەپەسنى توختىتىدۇ، تىلنى تارتىشتۇرۇپ قويىدۇ، ھەتتا ئۈچەينى تېشىۋېتىدۇ. قۇلۇنچى ۋە تولغاق پەيدا قىلىدۇ.

[**تۈزەتكۈچىسى**] زەھەرلىنىش ئەھۋاللىرى كۆرۈلسە، دەرھال قۇستۇرۇش، بەدەننى سېرىقچېچەك، ئەنجۈرنىڭ سۇلىرى بىلەن يۇيۇش، ئۈچ گىرام مۇرمەككىنى ئىلمان سۇ بىلەن ئىچكۈزۈش، گۆشلەرنى يېگۈزۈش، قوزا ۋە قېرى خورازنىڭ شورپىسىنى ئىچكۈزۈش، ھەر خىل مۇناسىپ شاراب سىركىسىنى بېرىش، تەرلىتىدىغان دورىلارنى بەدەنگە چېپىش، ياغلار بىلەن ياغلاش، قەۋزىيەت بولسا تەرەتنى يۇمشاتقۇچى دورىلارنى بېرىش ياكى ھەمەل قىلىش چارىلىرى قوللىنىلىدۇ.

[**ئورۇنباسارى**] ئالتۇن، كۇمۇش كۇشتىسى، قەشقەر ئۈپىسى.

[**ۋەكىل خاراكتېرلىك پىششىق دورا ياسالمىسى**] مەلھەمى مەدەستان.

www.uyghurkitap.com

## ھەببۇلئاس

(香桃木实 xiang tao mu shi)



ھەببۇلئاس

[باشقا ئاتىلىشى] ھەببۇلئاس، تۇخۇمى مورد

[لاتىنچە نامى] Semen Myrtus communis

[ئىنگلىزچە نامى] Greek Myrtle

[تونۇش] بۇ، مىرتا ئائىلىسىدىكى دائىم ياشىرىپ تۇرىدىغان چاتقال ئاس دەرىخى بولۇپ، بۇ دەرەخنىڭ پىشاي دەپ قالغان مېۋىسى بولۇپ، «ھەببۇلئاس» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ. مېۋىسى تۇخۇم شەكلىدە، قارىمۇچ چوڭلۇقىدا، رەڭگى قارا، تەمى ئازراق ئاچچىق، تىلنى قورۇيدۇ. (3.25 ـ رەسىم)

[چىقىش ئورنى] ھىندىستان، مالايشىيا، سىرى لانكا قاتارلىق ئەللەردىن چىقىدۇ. ئېلىمىزدە ئاز مىقداردا ئۆستۈرۈلىدۇ.

[يىغىپ ساقلاش] بۇ ئۆسۈملۈكنىڭ مېۋىسى پىشقاندىن كېيىن، قۇرۇتۇپ ئۇرۇقىنى يىغىۋېلىپ، پاكىز تازىلاپ، قۇرۇق ھەم سالقىن جايدا ساقلىنىدۇ.

[لايىقلاشتۇرۇلۇشى] يۇيۇش، قۇرۇتۇش ئارقىلىق لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

[تەبئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق، بىرىنچى دەرىجىدە سوغۇق.

[خۇسۇسىيىتى] جاراھەت پۈتتۈرۈش، تەر ۋە قاننى توختىتىش، تۇتۇش، يۈرەك ۋە ئاشقازاننى قۇۋۋەتلەش، ئىچ سۈرۈشنى توختىتىش، ئاغرىق پەسەيتىش، ئىششىق ياندۇرۇش، چاچ يىلتىزىنى قۇۋۋەتلەش خۇسۇسىيىتى بار.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر] قاناش، ئىچ سۈرۈش، سۈيدۈك تېمىپ كېلىش، قان سىيىش، ھەيز كۆپ كېلىش، يۈرەك ئاجىزلىقى قاتارلىقلارغا ئىچكى تەرەپتىن؛ ئۆتكۈر ئىششىقلار، يارا، يىرىڭلىق چاقا، كۆيۈك، چىش مىلىكى قاناش، ئېغىز ئاغرىقلىرىغا سىرتتىن ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. ھەببۇلئاسنىڭ ھۆل يۇپۇرمىقىنى ئېزىپ، كۆيگەن جايغا چاپسا مەنپەئەت قىلىدۇ.

2. ھەببۇلئاس، ئانارگۈلدىن بەش گىرامدىن ئېلىپ سوقۇپ چىشقا چاپسا، چىش مىلىكى قاناشقا مەنپەئەت قىلىدۇ.

3. ھەببۇلئاسنىڭ سۇفۇپىدىن ئالتە گىرام ئېلىپ، قايناق سۇ بىلەن قوشۇپ ئىچسە، ئىچ سۈرۈش، قان سىيىش ۋە ھەيزنىڭ كۆپ كېلىشىنى تەڭشەيدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] 3 ~ 5 گىرامغىچە.

[**زىيانلىق تەسىرى**] باش ئاغرىقى ۋە ئۇيقۇسىزلىق پەيدا قىلىدۇ.
[**تۇزەتكۈچىسى**] گۈلبىنەپشە.
[**ئورۇنباسارى**] ئاقاقىيا، رۇسۇت، ئۇجمە.
[**ۋەكىل خاراكتېرلىك پىششىق دورا ياسالمىسى**] شەربىتى ھەببۇلئاس، جاۋارىش جالىنۇس.

## كەترا چىنى

## 卡提热其尼

## (黄芪 huang qi)

[**باشقا ئاتىلىشى**] ئاقسۇ كەتراسى
[**لاتىنچە نامى**] Radix Astragalus aksuensis
[**ئىنگلىزچە نامى**] Astragalus Root



كەترا چىنى

[**تونۇش**] بۇ، پۇرچاق ئائىلىسىدىكى 50 ~ 80 سانتىمېتىرغىچە ئۆسىدىغان، كۆپ يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك شىنجاڭ كەتراسىنىڭ يىلتىزى بولۇپ، قۇرۇتۇلغان يىلتىزى سىلىندىر شەكىللىك، يۇقىرى تەرىپى تومراق، تۆۋەن تەرىپى ئىنچىكىرەك، سىرتى كۈل رەڭگە مايىل سېرىق رەڭدە، تەمى سەل تاتلىق، پۇرىقى سۇس بولىدۇ، يىلتىزى كەترا چىنى نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ. (4.25 ـ رەسىم)

[**چىقىش ئورنى**] شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ئالتاي، ئاقسۇ، تارباغاتاي رايونلىرىدىن چىقىدۇ.

[**يىغىپ ساقلاش**] كۈزدە مېۋىسى يىغىۋېلىنىپ، قۇرۇتۇپ ساقلىنىدۇ.

[**خىمىيەلىك تەركىبى**] يىلتىزىنىڭ تەركىبىدە دىھىدرو — دىمتوكسىفىلاۋون، ئۆت ئىشقارى (Choline)، ئاچچىق ماددا، قىزىلچا ئىشقارى (Betai)، ئامىنو كىسلاتاسى، قومۇش شېكىرى، ئۈزۈم شېكىرى، شىلىمشىق ماددا، ئاز مىقداردا يوپۇرماق كىسلاتاسى، كەندىر يېغى كىسلاتاسى قاتارلىقلار بار.

[**فارماكولوگىيەلىك تەسىرى**]

1. يۈرەك قان تومۇرلارغا بولغان تەسىرى: يۈرەك كىلاپانلىرىنىڭ قىسقىرىشىنى كۈچەيتىش، تاجسىمان قىزىل قان تومۇرى، يۈرەك قان تومۇرىنى ھەم پۈتۈن بەدەندىكى قان تومۇرلارنى كېڭەيتىش، تېرە قان ئايلىنىشىنى ياخشىلاش، قان بېسىمىنى تۆۋەنلىتىش، سىيدۈكنى راۋان قىلىش، بالىياتقۇنى قىسقارتىش تەسىرى بار.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

2. باكتېرىيەلەرنى تورمۇزلاش رولىغا ئىگە. تولغاق تاياقچە باكتېرىيەسى، كۆيدۈرگە تاياقچە باكتېرىيەسى، A تىپلىق قان ئېرىتكۈچى زەنجىرسىمان شارچە باكتېرىيەسى، خولېرا تاياقچە باكتېرىيەسى، ئۆپكە ياللۇغى جۈپ شارچە باكتېرىيەسى، ئالتۇن رەڭلىك ئۈزۈمسىمان شارچە باكتېرىيەسى، لىمون رەڭلىك ئۈزۈمسىمان شارچە باكتېرىيەسى قاتارلىقلارنى تورمۇزلايدۇ.

[لايىقلاشتۇرۇلۇشى] ئىلغاپ قۇرۇتۇپ ساپلاشتۇرۇلىدۇ.

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى] ئىششىق ياندۇرۇش، تېرىنى يۇمران قىلىش، جاراھەت پۈتتۈرۈش، گۆش ئۈندۈرۈش، سۈيدۈك ۋە ھەيزنى راۋانلاشتۇرۇش، تەرلەشنى توختىتىش، ئىچىنى توختىتىش، ھەر خىل چىققىلارنى ئورنىغا كەلتۈرۈش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر] كۆپ تەرلەش، ئۈزۈنغا سوزۇلغان ئىچ سۈرۈش، سوڭەك چىقىپ كېتىش، بالىياتقۇ چىقىقى، سوزۇلما خاراكتېرلىك بۆرەك جامى ياللۇغى، سۈت بېزى ياللۇغى، سوزۇلما خاراكتېرلىك يارا، ھەر خىل ئىششىق، ئۈزۈنغىچە ئېغىز ئالمىغان غەلۋىرەك، ھەيز توختاپ قېلىش قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. كەترايچىنىدىن 15 گىرامنى توققۇز گىرام قانتېپەر، ئالتە گىرام پەرپىيۇن بىلەن قوشۇپ قاينىتىپ ئىچسە، سوڭەك چىقىپ كېتىش ۋە بالىياتقۇ چىقىقىغا پايدا قىلىدۇ.

2. كەترايچىنىدىن 15 گىرام ئېلىپ، 15 گىرام كەرەپشە ئۇرۇقى، بەش دانە چوڭ چىلان قوشۇپ قاينىتىپ ئىچسە، يەڭگىل ئىششىقلارنى ياندۇرىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] 8 ~ 15 گىرامغىچە.

[زىيانلىق تەسىرى] ئۆچەيدە توسۇلۇش پەيدا قىلىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] بادام يېغى.

[ئورۇنباسارى] كەترا، ئەرەب يېلىمى.

[يېشىق دورا ياسالمىسى] شەربىتى ئەنجبار.

## كەركىدان مۈڭگۈزى
## 克开旦木固孜
## (犀牛角 xi niu jiao)

[باشقا ئاتىلىشى] شاخ كەركىدان

[لاتىنچە نامى] Cornu Rhinoceri otis

[ئىنگلىزچە نامى] Asiatici

[تونۇش] بۇ، قۇرۇقلۇقتا ياشايدىغان چوڭ ھايۋانات تۈرلىرىدىن بىرى بولغان كەركىدان ئائىلىسىدىكى ھايۋانات بىر قانچە خىل كەركىداننىڭ مۈڭگۈزىدىن ئىبارەت. بۇ مۈڭگۈزلەر كونۇس شەكىللىك بولۇپ،

تۆۋىدىن چىققانسېرى تەدرىجىي ئىنچىكىلەيدۇ، سىرتقى يۈزى قارا رەڭلىك، ئاستى تەرىپىنىڭ ئەتراپىدا ھەرە چىشىسىمان چىشلىرى بولىدۇ، پۇرىقى خۇش پۇراق، تەمى ئاچچىق ئەمەس. (5.25 ـ رەسىم)

[**چىقىش ئورنى**] كۆپرەك ھىندىستان ۋە ئافرىقىدىن چىقىدۇ.

[**يىغىپ ساقلاش**] كەركىداننىڭ قاتقان مۈڭگۈزىنى كېسىۋېلىپ تازىلاپ، يىغىپ قۇرۇتۇپ تەييارلاپ ساقلىنىدۇ.

[**خىمىيەلىك تەركىبى**] تەركىبىدە مۈڭگۈز ئاقسىلى، كېراتىن (Keratin) بار، ئۇنىڭدىن باشقا ئاقسىللار- مۇ بار.

[**فارماكولوگىيەلىك تەسىرى**]

1. يۈرەك قان تومۇرلىرىغا بولغان تەسىرى: كەركىدان مۈڭگۈزى قايىنتىلمىسى نورمال ۋە ئاجىزراق چارپاقىغا بېرىلسە، ئۇلارنىڭ يۈرىكىنى قۇۋۋەتلەش تەسىرى كۆرۈلىدۇ.

2. قىزىتما قايتۇرۇش تەسىرى: كەركىدان مۈڭگۈزى ۋە كەڭ كەركىدان مۈڭگۈزلىرىنىڭ چوڭ ئۈچەي تاياقچە باكتېرىيەسى ئارقىلىق قىزىتما ھاسىل قىلىنغان توشقانغا نىسبەتەن ھېچقانداق تەسىرى بولمىغان.

3. باشقا تەسىرى: كەركىدان مۈڭگۈزى ۋە كالا، قوي مۈڭگۈزلىرى توشقان ئۈچىيىنى قوزغىتىش رولىنى ئوينىغان.

[**لايىقلاشتۇرۇلۇشى**] يۇمشىتىش، توغراش، قۇرۇتۇش ئارقىلىق لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

[**تەبىئىتى**] ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[**خۇسۇسىيىتى**] قان توختىتىش، جاراھەت پۈتتۈرۈش، تۇغۇتنى ئاسانلاشتۇرۇش، مىزاجنى تەڭشەش خۇسۇسىيەتلىرى بار.

[**ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر**] بۇۋاسىر، ئەزالار قاناش، ھەر خىل جاراھەت، قىيىن تۇغۇت قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[**ئىشلىتىش ئۇسۇلى**]

1. كەركىدان مۈڭگۈزىنىڭ تۈتۈنى بىلەن بالىياتقۇنى ئىسلىسا، تۇغۇتنى ئاسانلاشتۇرىدۇ.

2. ئاقاقىيا، رۇسۇت، ئەنجىبار، خۇنسىياۋۇشاننىڭ ھەربىرىدىن 10 گىرام، كەركىدان مۈڭگۈزىدىن بەش گىرام ئېلىپ تالقانلاپ ئىچسە، ئىچكى ـ تاشقى ئەزالاردىكى قاناشقا مەنپەئەت قىلىدۇ.

[**ئىشلىتىش مىقدارى**] سىرتتىن ئەھۋالغا قاراپ بېرىلىدۇ، ئىچىدىن 3～7 گىرامغىچە.

[**زىيانلىق تەسىرى**] باش ئاغرىتىدۇ.

[**تۈزەتكۈچىسى**] ئاق سەندەل.

[**ئورۇنباسارى**] بۇغا مۈڭگۈزى.

[**ۋەكىل خاراكتېرلىك پىششىق دورا ياسالمىسى**] كەركىدان مۈڭگۈزى سۇفۇپى.

[**كەركىدان مۈڭگۈزىنى چىلاپ تەييارلاش ئۇسۇلى**] ①مۈڭگۈزنى يالپاقلاپ، قايناق سۇغا چىلاپ ھورلانغاندىن كېيىن يالپۇز جەۋھىرىدىن بىرئاز سېلىپ ئاپتاپتا قۇرۇتۇلىدۇ. ② مۈڭگۈزنى ئېزىپ پاراشوك ھالەتكە كەلتۈرۈپ، ھەر خىل شەكىلدىكى مۇرەككەپ دورىلار تەركىبىگە قوشۇپ ئىشلىتىلىدۇ.

تۆۋقۇز كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

# كۆكتاش

## 库克塔西

(胆矾 dan fan)

[باشقا ئاتىلىشى] دانەپەرەك

[لاتىنچە نامى] Chalcanthitum

[ئىنگلىزچە نامى] Chalcanthite

[تونۇش] بۇ، سۇلفات كىسلاتا تۇزلىرى تۈرىدىكى كان ماددىسى كۆكتاشنىڭ كىرىستال رۇدىسى ياكى سۇنئىي ياسالمىسى بولۇپ، تەركىبىدە سۇ تۇتقان مىس سۇلفات كىسلاتاسىدۇر. مىس كانلىرىدىن قېزىپ ئېلىپ، كۆك رەڭلىك ۋە سۈزۈكلىرى تاللىۋېلىنىدۇ، بۇ رۇدىنىڭ تازىلاپ ئېلىنغان ماددىي ياكى سۇنئىي ياسالغىنى «كۆكتاش» ياكى «دانە پەرەك» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ. ئۆلچەمسىز كاللەك شەكىللىك كىرىستال جىسىم، رەڭگى توق كۆك ياكى سۇس كۆك، يېرىم سۈزۈك بولىدۇ، ئەينەكتەك پارقىرايدۇ، ئۆزى چۈرۈك، ئاسان ئېزىلىدۇ، تەمى قېرىق، پۇراقسىز بولىدۇ. (6.25 ـ رەسىم)

[چىقىش ئورنى] ئېلىمىزنىڭ يۈننەن، شەنشى، گۇاڭدۇڭ، گۇاڭشى قاتارلىق جايلىرىدىن چىقىدۇ.

[يىغىش ساقلاش] بۇ كىسلاتا مەنبەلىك دورىنى ئاۋايلاپ ئېلىپ تەييارلاپ، خالىي جايدا ساقلىنىدۇ.

[لايىقلاشتۇرۇلۇشى] كۇشتە قىلىپ لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

[تەبىئىتى] ئۆتىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى] جاراھەتنى قۇرۇتۇش، بۇزۇق گۆشنى يېيىش، غەيرىي تەبىئىي بەلغەم خىلتىنى تەڭشەش خۇسۇسىيىتى بار.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر] ھەر خىل يارا ۋە جاراھەتلەر، ئىچ سۈرۈش ھەمدە قان بۇزۇلۇشتىن كېلىپچىققان ھەر خىل كېسەللىكلەرگە ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. كۆكتاشنىڭ كۇشتە قىلىنغان تالقىنىنى مۇناسىپ ياغلار بىلەن مەلھەم قىلىپ يەرلىك ئورۇنغا سىرتتىن چېپىپ بەرسە، زەخمىلەرنى ۋە جاراھەتلەرنى پۈتتۈرىدۇ.

2. كۆكتاشنىڭ كۇشتە قىلىنغان تالقىنىنى يەرلىك ئورۇنغا مۇۋاپىق مىقداردا سېپىپ بەرسە، كۆزنىڭ بۇرجەكلىرى، ياش خالتىسى، چىش مىلىكىگە چۈشكەن قاپارتقۇلار ۋە چىش مىلىكى قاناش قاتارلىقلارغا مەنپەئەت قىلىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] زەھەرلىك، سىرتتىن مۇۋاپىق مىقداردا ئىشلىتىلىدۇ.

[زىيانلىق تەسىرى] مىقداردىن ئېشىپ كەتسە زىيان قىلىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] قايماق، سۈت، تۇخۇم ئېقى، شورپا قاتارلىقلار.

[ئورۇنباسارى] مەدەستان.

[پىششىق دورا ياسالمىسى] مەلھەمى زەنگەر.

# سەرتان نەھرى

## 塞塔尼尼哈日

## （河蟹）



سەرتان نەھرى

[باشقا ئاتىلىشى] ئېقىن سەرتانى، قىسقۇچپاقا

[لاتىنچە نامى] Caro eriocheiris

[ئىنگلىزچە نامى] meat of mitten Crab

[تونۇش] بۇ، ئېرىق - ئۆستەڭلەردە ياشايدىغان بىر خىل سۇ جانىۋارى بولۇپ، بېشى چايانغا ئوخشايدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ جانىۋار «سۇ چايىنى» دېيىلىدۇ. بۇنىڭ ئەڭ ياخشىسى چىشىسى بولۇپ، بۇنىڭ بەلگىسى شۇكى، ئۇنىڭ بەدىنىگە يىڭنىنى سانجىپ كۆرسە، ئەگەر ئاق سۇ چىقسا چىشى ھېسابلىنىدۇ، ئەگەر سۇ چىقمىسا ئەركىكى ھېسابلىنىدۇ. بۇنىڭ چوڭ ئۆستەڭ ۋە سۈيى تاتلىق دەريالاردا بولغىنى ياخشىسى ھېسابلىنىدۇ. «قىسقۇچپاقا» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. (7.25 - رەسىم)

[چىقىش ئورنى] ئېلىمىزنىڭ دەريالىرىدىن چىقىدۇ.

[يىغىپ ساقلاش] بۇنى ئۆستەڭ ياكى دەريالاردىن سۈزۈپ ئېلىپ، دورىلىققا تەييارلاپ، سالقىن جايدا ساقلىنىدۇ.

[لايىقلاشتۇرۇلۇشى] قۇرۇق قورۇش ئۇسۇلى ئارقىلىق لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە ھۆل سوغۇق.

[خۇسۇسىيىتى] جاراھەت پۈتتۈرۈش، باھنى قۇۋۋەتلەش، غىزا بولۇش، بەدەنگە ھۆللۈك يەتكۈزۈش، سەمرىتىش، كۆزنى روشەنلەشتۈرۈش، سۈيدۈك ھەيدەش، ئۇسسۇزلۇقنى پەسەيتىش، مەستلىكنى كېسىش، زەھەر قايتۇرۇش، قىزىتما قايتۇرۇش، خورانقۇچى تەپ ۋە سىلنى يوقىتىش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر] ھەر خىل جاراھەت، باھ ئاجىزلىقى، ئورۇقلاش، كۆرۈش كۈچى ئاجىزلىقى، سۈيدۈك تۇتۇلۇش، كۆپ ئۇسساش، مەستلىك، يۇقىرى قىزىتما، قاپاق ساڭگىلاش، ئۆپكە سىلى، قان قۇسۇش، ھەر خىل ئۆسمە كېسەللىكلىرى قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. سەرتان نەھرىدىن ئىككى ياكى ئۈچ دانە ئېلىپ، قول - پۇتلىرىنى كېسىپ تاشلاپ، يۇيۇپ، ئارپا ئۇنى بىلەن پىشۇرۇپ يەپ بەرسە، سىل ۋە ئىسسىقتىن بولغان قۇرۇق يۆتەلگە پايدا قىلىدۇ، ئەزالاردىكى قۇرۇقلۇقنى يوقىتىدۇ، ئىسسىقچان ۋە ئورۇق كىشىلەرنى سەمرىتىدۇ.

2. سەرتان نەھرىنى كەرەپشە، ئارپىبەديان بىلەن قوشۇپ قاينىتىپ، قاينىتىلغان سۈيىدىن 90 مىللىلىتىر ئەتراپىدا ئىچىپ بەرسە، بۆرەك ۋە دوۋساقتىكى تاشلارنى ئېرىتىدۇ، سۈيدۈكنى ۋە ھەيزنى راۋان قىلىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

3. سەرتان نەھرىنى تاغ رەيھىنى بىلەن ئېزىپ، چايان چاققان كىشلەرگە بەرسە، زەھەر قايتۇرىدۇ.
4. سەرتان نەھرىنى ئاق ھاراق بىلەن قوشۇپ ئىستېمال قىلسا، سىيەلمەسلىك كېسلىگە مەنپەئەت قىلىدۇ، سۈيدۈك يولىدىكى ئۇششاق تاشلارنى چۈشۈرىدۇ.
5. سەرتان نەھرىنى ئېشەك سۈتى بىلەن ئىچسە، ئۆمۈچۈك، چايان ۋە باشقا زەھەرلىك ھاشاراتنىڭ زەھىرىنى قايتۇرىدۇ.
6. سەرتان نەھرىنىڭ ئېزىپ چىقىرىلغان شىرنىسىدىن 20 گىرامىنى غار- غار قىلسا، ئاۋاز پۈتۈپ قېلىش ۋە گال ئاغرىشلارغا مەنپەئەت قىلىدۇ.
7. سەرتان نەھرىنىڭ كۆيدۈرۈلگەن كۈلىنى زىمات قىلسا، ئەمچەك راكىغا پايدا قىلىدۇ.
8. سەرتان نەھرىنى ھەسەل بىلەن قوشۇپ چاپسا، ئاق داغ ۋە يۆتكىلىپ تۇرىدىغان ئىششىقلارغا پايدا قىلىدۇ، جاراھەتنى قۇرۇتىدۇ.
9. سەرتان نەھرىنىڭ كۈلىنى زەيتۇن يېغى، سىركە، جاۋشىر، يۇلغۇن يېلىمى قاتارلىقلار بىلەن قوشۇپ مەلھەم قىلىپ، غالجىر ئىت چىشلىگەن يەرگە چاپسا پايدا قىلىدۇ. ئەگەر كېسەل بىرئاز كونىراپ قالغان بولسا، ئىككى قوشۇق مىقداردا ئىچىلىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] كېسەلنىڭ ئەھۋالىغا قاراپ كۈلى ۋە خېمىرىدىن 5 ~ 12 گىرامغىچە بېرىلىدۇ.

[زىيانلىق تەسىرى] بۆرەككە ۋە دوۋساققا زىيان قىلىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] گۈل مەختۇم.

[ئورۇنباسارى] سەدەپ قۇلۇلىسى.

[ۋەكىل خاراكتېرلىك پىششىق دورا ياسالمىسى] سۇفۇفى سەرتان.

[كۆيدۈرۈش ئۇسۇلى] بۇنىڭ پوت ـ قوللىرىنى كېسىپ تاشلاپ، ئىچىنى تازىلاپ، ئاندىن كېيىن سۆگەت ياغىچىنىڭ كۈلى ۋە تۇز بىلەن ئوبدان يۇيۇلىدۇ، ئاندىن كېيىن سۇ تەگمىگەن ساپال كوزىغا سېلىپ ئېغىزىنى ئوبدان بېكىتىپ، بۇغداي كېپىكى، لەيلىقازاق ۋە تۇز بىلەن لاي قىلىپ، كوزا ئېغىزى چاپلىنىپ قۇرۇتۇلىدۇ، ئاندىن ئوت سېلىنغان تونۇرنىڭ ئوتىنى تارتىۋېتىپ، كوزىنى ئوتتۇرىسىدا قويۇپ، تونۇردا دۈملەپ قويۇلىدۇ، ئاخشىمى قويسا ئەتىگەندە، ئەتىگەندە قويسا ئاخشىمى ئېلىپ ئىشلىتىلىدۇ.

## سەرتان بەھرى

## 塞塔尼巴合日

## （海蟹 hai xie）

[باشقا ئاتىلىشى] دېڭىز سەرتانى

[لاتىنچە نامى] Caro eriocheiris

[ئىنگلىزچە نامى] Meat of mitten crab

[تونۇش] بۇ، شور دەريا قاتارلىق دېڭىزلاردا ياشايدىغان، بېشى چايانغا ئوخشايدىغان بىر خىل سۇ جانىۋىرى بولۇپ، ئۇ ئىككى خىل بولىدۇ. بىرى، داۋاملىق دەريادا تۇرسا يۇمشاق تۇرىدۇ، دەريادىن



سەرتان بەھرى

چىقىرىلغاندىن كېيىن ھاۋا بىلەن ئۇچرىشىش بىلەنلا تاشـ
ـتەك قاتىدۇ، ئاق، يۇمشاق كېلىدۇ. ئۇنىڭ يەنە بىرى بەك
ئاق كېلىدۇ، ئايالالار قۇلىقىغا سالىدىغان زىرىگە ئوخشاي
ـدۇ. (8.25 ـ رەسىم)

[يىغىپ ساقلاش] بۇنى ئۆستەڭ ياكى دەريالاردىن سۇ
ـزۇپ ئېلىپ، دورىلىققا تەييارلاپ، سالقىن جايدا ساقلىنىدۇ.

[لايىقلاشتۇرۇلۇشى] قورۇش ئۇسۇلى ئارقىلىق لايىقلاشـ
ـتۇرۇلىدۇ.

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق سوغۇق.

[خۇسۇسىيىتى] قابىز، كۆرۈش قۇۋۋىتىنى ئاشۇرۇش، ھۆللۈكنى قۇرۇتۇش، قان توختىتىش، جاراـ
ـھەت پۈتتۈرۈش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر] ئۆپكە سىلى، قان تۈكۈرۈش، قان قۇسۇش، كۆرۈش قۇۋۋىتى ئاجىزلـ
ـقى، قاپاق ساڭگىلاش، كۆزگە سۇ چۈشۈش، داغ، سەپكۈن قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. سەرسان بەھرىنىڭ كۆيدۈرۈلگىنىنى تاش سۈرمە بىلەن يۇمشىتىپ كۆزگە تارتسا، كۆزنىڭ
ھۆللۈكىنى يوقىتىدۇ. كۆرۈش قۇۋۋىتىنى ئاشۇرۇپ، كۆزنى روشەن قىلىدۇ.

2. سەرتان بەھرىنى ئېزىپ يۈزگە چاپسا، داغ ۋە سەپكۈنگە مەنپەئەت قىلىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] سىرتقى تەرەپتىن مۇۋاپىق مىقداردا ئىشلىتىلىدۇ، ئەمما ئىچكى تەرەپتىن ئىشلـ
ـتىلمەيدۇ. ئەگەر ئىشلىتىلسە ئادەمنىڭ ھاياتىغا خەۋپ يېتىدۇ.

[زىيانلىق تەسىرى] زەھەرلىك، ئاشقازان ۋە ئۈچەيگە زىيان قىلىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] سۈت، ھەسەل سۈيى.

[ئورۇنباسارى] گىل ئەرمىنى.

[پىششىق دورا ياسالمىسى] سۇفۇپى سەرتان.

## چارپاقا

## 查尔帕卡

(蟾蜍 chan chu)

[باشقا ئاتىلىشى] چارقومچاق

[لاتىنچە نامى] Succys Bufo viridis

[ئىنگلىزچە نامى] Dried Toad

[تونۇش] بۇ، پاقا ئائىلىسىدىكى ھايۋانات چارپاقىنىڭ قۇرۇتۇلغان پۈتۈن تېنىدىن ئىبارەت بولۇپ،
«چارپاقا» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ. (9.25 ـ رەسىم)

[چىقىش ئورنى] ئېلىمىزنىڭ كۆپلىگەن يەرلىرىدىن چىقىدۇ ھەمدە چەت ئەللەردىنمۇ چىقىدۇ.

www.uyghurkitap.com



چارپاقا

[يىغىپ ساقلاش] بۇ ئۆسۈملۈكنىڭ دورىلىق قىسمىنى كۈز پەسىلىدە يىغىپ قۇرۇتۇپ، قۇرغاق ئورۇندا ساقلىنىدۇ.

[خىمىيىلىك تەركىبى] پۈتۈن تېنىدە سۇ، ئاقسىل، ماي، كاربون سۇ بىرىكمىلىرى، كالتسىي، فوسفور، تۆمۈر، ۋىتامىن A، $B_1$، $B_2$، C قاتارلىقلار بار.

[فارماكولوگىيىلىك تەسىرى]

1. پاقا گۆشىنىڭ فوسفات تۇزلۇق ئېرىتمىسى بىلەن ئېلىنغان سۇيۇقلۇق ئادرېنالىن ۋە نورئادرېنالىننىڭ تەسىرىنى بۇزىدۇ.

چارپاقىنىڭ تېرىسى، گۆشىدىن ئۈچ خىل پېپتىد ئاجرىتىپ ئېلىنغان، بۇنىڭ بىر خىلى بىرادىكىنىن (Bradykinin) دىن ئىبارەت بولۇپ، بۇ تەندىن ئايرىلغان بالىياتقۇنى قىسقارتىدۇ.

2. يۈرەكنى كۈچەيتىش تەسىرى: كىچىك مىقداردىكى پاقا ئېرىتمىسى تەندىن ئايرىلغان پاقىنىڭ يۈرەك مۇسكۇلىنىڭ قىسقىرىشىنى كۈچەيتىدۇ.

3. يەرلىك ئورۇننى ناركوز قىلىش تەسىرى: پاقا ئېرىتمىسىنى تېرە ياكى يەرلىك ئورۇن شىللىق پەردىلىرىگە چاپلىغاندا يەڭگىل دەرىجىدە مەست قىلىدۇ، ئەڭ تۆۋەن ئۈنۈملۈك مىقدارى يېرىم پىرسەنت.

4. ئاغرىق پەسەيتىش رولى: پاقا ئېرىتمىسىنى كىچىك چاشقان، ئۆي توشقىنىغا تەجرىبە قىلغاندا ئاغرىق پەسەيتىش، تىنچلاندۇرۇش رولى بارلىقى ئېنىقلانغان.

5. ياللۇغلىنىشقا قارشى تەسىرى: پاقا ئېرىتمىسىنى تەندىن ئايرىلغان ئەزاغا تەجرىبە قىلسا باكتېرىيەنى تىزگىنلەش رولى يوق، بىراق يەرلىك ئورۇندىكى ئالتۇن رەڭلىك ئۈزۈمسىمان شارچە باكتېرىيە ۋە زەنجىرسىمان شارچە باكتېرىيەلەردىن يۇقۇملانغان ئۆي توشقانلىرىغا مۇسكۇلدىن ئوكۇل قىلغاندا كېسەللىك ئوچىقىنىڭ كېڭىيىشىنى توسقان.

6. پاقا تېرىسى ئېرىتمىسى كىچىك چاشقاننىڭ ئۆسمىسىنى تىزگىنلەش رولىغا ئىگە.

[لايىقلاشتۇرۇلۇشى] يۇيۇپ قۇرۇتۇش ئارقىلىق لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

[تەبىئىتى] ئۈچىنچى دەرىجىدە ھۆل ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى] جاراھەت پۈتتۈرۈش، قان تازىلاش، ياللۇغ قايتۇرۇش، ئۆسمىنىڭ ئالدىنى ئېلىش، زەھەر قايتۇرۇش، قان توختىتىش، ئاغرىق پەسەيتىش، ئىششىق ياندۇرۇش، توسالغۇلارنى ئېچىش، سۈيدۈك ھەيدەش، چاچ چىقىرىش خۇسۇسىيەتلىرى بار.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر] ھەر خىل قاناش، سۇلۇق ئىششىق ۋە ھەر خىل جاراھەتلەر، سۈيدۈك تۇتۇلۇش، چاچ چۈشۈپ كېتىش، بۋاسىر قاتارلىق كېسەللىكلەرگە ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. پاقىنىڭ قارنىنى يېرىپ يەرلىك ئورۇنغا تاڭسا، پىچاق، تىغ كەسكەن جاراھەتكە مەنپەئەت قىلىدۇ.

2. قۇرۇتۇلغان پاقىنى سوقۇپ، سۇفۇپىنى سىرتىدىن سەپسە قان توختىتىدۇ.

3. پاقىنىڭ قارنىنى يېرىپ قايىنتىپ، سۈيىدە ئېغىزنى چايقىسا، چىش ئاغرىقىغا مەنپەئەت قىلىدۇ.
4. پاقىنىڭ پۈت ـ قوللىرىنى كېسىۋېتىپ، ئىچكى ئەزاسىنى تازىلاپ، بۆرەك يېغىدا پىشۇرۇپ، يېغىنى چىقىرىپ سىرتىدىن ياغلىسا، بوۋاسىر قېنىنى توختىتىدۇ.
[ئىشلىتىش مىقدارى] كېسەللىك ئەھۋالىغا قاراپ بېرىلىدۇ.
[زىيانلىق تەسىرى] مىقدارى ئېشىپ كەتسە ياكى كۆك، سېرىق، قارا پاقا ئىستېمال قىلىنىپ قالسا، ئىچكى ئەزا ئىششىش، تېرە رەڭگى بۇزۇلۇش، كۆڭۈل ئېلىشىش، يۈرەك ئاغرىش قاتارلىق ئەھۋاللارنى پەيدا قىلىدۇ.
[تۈزەتكۈچىسى] تۇز، سېرىقچېچەك سۈيى، سىركەنجۇبىل، دارچىن.
[ئورۇنباسارى] قىزىل قولتۇقلۇق پاقا.
[ۋەكىل خاراكتېرلىك پىششىق دورا ياسالمىسى] پاقا تالقىنى.
[قوشۇمچە] پاقىنىڭ تۈرى ناھايىتى كۆپ بولۇپ، ئۇيغۇر تېبابىتىدە ئىلى پاقىسى (قىزىل قولتۇقلۇق پاقا) كۆپرەك ئىشلىتىلىدۇ.

## گەج
## 盖及
## (石膏 shi gao)

[باشقا ئاتىلىشى] گەج، ئاھاك، چونا
[لاتىنچە نامى] Gypsum fibrosum
[ئىنگلىزچە نامى] Gypsum
[تونۇش] گەج تېشى ھەممىگە تونۇش بولغان بىر خىل قاتتىق مىنېرال بولۇپ، ئوچۇق ئاق رەڭگە كىرگۈچە قىزدۇرۇلۇپ، سوۋۇغاندا سوقۇپ گەج تەييارلىنىدۇ. (25.10 ـ رەسىم)
[چىقىش ئورنى] شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ھەممە يېرىدىن چىقىدۇ.
[خىمىيەلىك تەركىبى] ئاساسلىق تەركىبى: كالتسىي فوسفات بولۇپ، يەنە ئاز مىقداردا ئاليۇمىن، ماگنىي، فتور، مانگان، سىنك قاتارلىق ئېلېمېنتلار بار.
[فارماكولوگىيەلىك تەسىرى] قىزىتما پەسەيتىش، بەدەننىڭ ئىممۇنىتېت كۈچىنى ئاشۇرۇش، ئاغرىق پەسەيتىش، مۇسكۇللار ھەرىكىتىنى ياخشىلاش تەسىرىگە ئىگە.
[لايىقلاشتۇرۇلۇشى] ئىلغاپ ساپلاشتۇرۇلىدۇ.
[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق سوغۇق.
[خۇسۇسىيىتى] جاراھەتنى پۈتتۈرۈش، «تەبىئەت» نى قۇۋۋەتلەش، قىزىتمىنى چۈشۈرۈش، ئاغرىق پەسەيتىش، قان توختىتىش خۇسۇسىيەتلىرى بار.
[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر] ھەر خىل جاراھەت ۋە ئىششىق، ئۆتكۈر قىزىتما، بۇرۇن قاناش، بالىياتقۇ قاناش، بوۋاسىر قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. 10 گىرام گەجنى سوقۇپ، 30 مىللىلىتىر سىركە بىلەن مەلھەم قىلىپ چاپسا، قان توختىتىدۇ، جاراھەت پۈتتۈرىدۇ.

2. گەجدىن 10 گىرام، تۇخۇم ئېقى، تۇزدىن 15 گىرامدىن، ئەمەندىن 20 گىرام ئېلىپ، 30 مىللىلىتىر سىركە بىلەن مەلھەم تەييارلاپ پېشانىگە چاپسا، توختىمىغان بۇرۇن قاناشنى توختىتىدۇ. بالىياتقۇ ساھەسىگە چاپسا، بالىياتقۇدىن كەلگەن قاننى توختىتىدۇ.

3. گەجدىن 19 گىرام ئېلىپ، 30 مىللىلىتىر يۇمغاقسۈت سۈيى بىلەن مەلھەم تەييارلاپ چاپسا، يەلتاشما ۋە تېرە ياللۇغىغا مەنپەئەت قىلىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] 0.5 گىرام ئاساسەن سىرتتىن ئىشلىتىلىدۇ، ئىچكى تەرەپتىن ئىشلىتىلمەيدۇ.

[زىيانلىق تەسىرى] ئۆپكىگە زىيان قىلىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] بادام مېغىزى.

[ئورۇنباسارى] سېغىز.

[ۋەكىل خاراكتېرلىك پىششىق دورا ياسالمىسى] گەج مەلھىمى.

## سەنگى جاراھەت

## 参格加热哈提

(硅酸镁 gui suan mei)

[باشقا ئاتىلىشى] ھەجرۇل ئەئرابى، ھەجەرۇل جەراھەت

[لاتىنچە نامى] Magnesia silicste

[ئىنگلىزچە نامى] Soap stone

[تونۇش] بۇ، ئاقۇچ پوررەڭ ياكى يېشىلغا مايىل كەلگەن كاللەك، ياپىلاق شەكىللىك تاش بولۇپ، ئۇنى تۇتسا سوپۇندەك مايلىشاڭغۇ سېزىم بېرىدۇ، ئۇۋۇلىسا ئاسانلا تالقانغا ئايلىنىدۇ، سۇدا ياخشى ئېرىمەيدۇ، بۇ تاش «سەنگى جاراھەت» ياكى «جاراھەت تېشى» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ. (11.25 ـ رەسىم)

[چىقىش ئورنى] ئەرەبىستاننىڭ باياۋانلىرىدىن چىقىدۇ.

[يىغىپ ساقلاش] كانلاردىن يىغىۋېلىنىپ ساقلىنىدۇ.

[لايىقلاشتۇرۇلۇشى] قۇرۇق قورۇپ لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق سوغۇق.

[خۇسۇسىيىتى] جاراھەت پۈتتۈرۈش، قان توختىتىش، ئىچىنى قاتۇرۇش، قۇرۇتۇش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر] ھەيز كۆپ كېلىش، قان سىيىش، قان تۈكۈرۈش، قانلىق ئىچ سۈرۈش، ھەر خىل يارا، مۇدۇرلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. سەنگى جاراھەتتىن بىر گىرام، تاباشىردىن 10 گىرام، قىتىق سۇزمىسىدىن 20 گىرام ئېلىپ مەلھەم تەييارلاپ، يەرلىك ئورۇنغا باسسا، قان توختىتىدۇ ياكى تالقىنىنى يېسە، قانلىق ئىسھالغا شىپا قىلىدۇ.

2. سەنگى جاراھەتنى يۇمشاق ئېزىپ يارىلارغا سەپسە، يارىلار ساقىيىدۇ.

3. سەنگى جاراھەت سۇفۇپىنى سۇ ياكى سۈت بىلەن ئىستېمال قىلسا، ھەر خىل ئەزالاردىن كەلگەن قاننى توختىتىدۇ.

4. سەنگى جاراھەتنى كۆيدۈرۈپ، سۇفۇپ تەييارلاپ چىشقا سۈركىسە، چىشنى چىڭىتىدۇ ۋە پارقىرىتىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] 1 ~ 2 گىرامغىچە.

[زىيانلىق تەسىرى] دوۋساققا زىيان قىلىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] بەدىيان، ئوغرىتىكەن، ئىتئۈزۈمى، سېرىق ماي، شېكەر.

[ئورۇنباسارى] خۇنسىياۋشان، شادىنەج.

[پىششىق دورا ياسالمىسى] سۇفۇپى سەنگى جاراھەت، مەجۇنى سەنگى جاراھەت.

## رال

## 热阿里

(娑罗双树 suo luo shuang shu)

[باشقا ئاتىلىشى] سال يېلىمى، قەيقەھرى

[لاتىنچە نامى] Resina Shorea robustae

[ئىنگلىزچە نامى] Shall Fruit Eagleswood

[تونۇش] بۇ، سەنۇبەر تۈرىدىكى سال (ئېيتىشلارغا قارىغاندا بۇ «سىكدە» دېگەن بولۇپ، «سال» دەپمۇ ئاتىلىدىكەن) دېگەن دەرەخنىڭ يېلىمى بولۇپ، يېلىمى «قەيقەھرى» ياكى «رال» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ. بۇ يۇمشاق، بوش بولۇپ، ئوتاي ئۇۋۇلىدۇ، ئوت ھارارىتى بىلەن ئېرىيدۇ، قىزىقراق ئاپتاپتىمۇ ئېرىيدۇ، پۇرىقى سېسىق، نېفىت پۇرىقىغا ئوخشايدۇ، رەڭگى سېرىققا مايىل، ئېرىتىشتىن بۇرۇن ئۇنىڭ پارچىلىرى بىرئاز يايپلاق ئاق سېرىق، بەزىلىرى توپا رەڭ، تەمى تېتىقسىز، ئاززاق شىلىمشىق بولىدۇ. (25. 12 ـ رەسىم)

[چىقىش ئورنى] ھىندىستاندىن چىقىدۇ.

[يىغىپ ساقلاش] بۇ مېتال ماددىنى ئايرىپ ئېلىپ، ئارىلاشمىلىرىنى ئايرىۋېتىپ ساقلىنىدۇ.

[لايىقلاشتۇرۇلۇشى] ساپلاشتۇرۇش، قورۇتۇش ئارقىلىق لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

[تەبىئىتى] ئۈچىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى] جاراھەتلەرنى پۈتتۈرۈش، كۆزنى قۇۋۋەتلەش، قان توختىتىش قاتارلىق خۇسۇسىيەتلەرگە ئىگە.

www.uyghurkitap.com

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر] تۇتقاقلىق كېسەل، زىققە، ئىستىسقا، ھەيز توسۇلۇش، چىش مىلىكى بوشاپ كېتىش ۋە ئاغرىش، ھەر خىل جاراھەت قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. خۇنسىياۋشان، گىل ئەرمىنى، ئانارگۈل، رال قاتارلىقلارنى 10 گىرامدىن ئېلىپ، سوقۇپ تالقانلاپ ئىچسە، ئىچكى ئەزالاردىكى قاناشنى توختىتىدۇ.

2. تۇتىيادىن بىر گىرام، مامىرانچىن، كۆپۈكدەريا، رال قاتارلىقلارنى 10 گىرامدىن ئېلىپ سوقۇپ تالقانلاپ، ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈپ كۆزگە تارتسا، كۆرۈش قۇۋۋىتىنى ئاشۇرىدۇ.

3. رالنى سوقۇپ تالقانلاپ، ھەسەل سۈيىگە ئارىلاشتۇرۇپ ئىچسە، ھەيزنى راۋان قىلىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] 1~3 گىرامغىچە.

[زىيانلىق تەسىرى] ئۆپكىگە قۇرۇقلۇق يەتكۈزىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] ھەسەل، كۆكنار.

[ئورۇنباسارى] ئەنزىرۇت.

[ۋەكىل خاراكتېرلىك پىششىق دورا ياسالمىسى] سۇفۇپى رال، مەلھىمى رال.

## قەلەي

## 开来

(锡 xi)

[باشقا ئاتىلىشى] روساسى ئەبيەز، قەلئى، رانگا

[لاتىنچە نامى] Stannum

[ئىنگلىزچە نامى] Stann

[تونۇش] قەلەي كۈمۈش رەڭلىك، يۇمشاق، پارقىراق مېتال بولۇپ، ئادەتتە قوغۇشۇندىن سەل قاتتىقراق، كېڭەيتىشچانلىقىمۇ بىرئاز يۇقىرى، ئاسان ئېگىلىپ، ئاسان سۇنىدۇ، سۇندۇرۇلغان يۈزى ھەرە چىشىسىمان كېلىدۇ. (13.25 ـ رەسىم)

[چىقىش ئورنى] ئېلىمىزنىڭ خۇنەن، يۈننەن، گۇاڭشى، گۇاڭدۇڭ، گۇاڭشى قاتارلىق ئۆلكىلىرىدىن چىقىدۇ.

[يىغىپ ساقلاش] كان رۇدىلىرىنى قېزىپ، ئايرىۋالغاندەك ئايرىپ ساقلىنىدۇ.

[لايىقلاشتۇرۇلۇشى] كۈشتە قىلىپ لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

[تەبىئىتى] ئۈچىنچى دەرىجىدە قۇرۇق سوغۇق.

[خۇسۇسىيىتى] جاراھەت پۈتتۈرۈش، ئارتۇق ھۆللۈكنى قۇرۇتۇش، ئىششىق ياندۇرۇش، قان توختىتىش، ئاغرىق پەسەيتىش، قورۇش، ئورۇقلىتىش خۇسۇسىيەتلىرى بار.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر] بويۇن بەز سىلى، تەمرەتكە، سەرتان، ئەمچەك جاراھىتى، كۆز قىزىرىش، بالىياتقۇ جاراھىتى، ئەرلەر جىنسىي ئەزا جاراھىتى، سفلىس قاتارلىق كېسەللىكلەرگە ئىشلىتىلىدۇ.

[**ئىشلىتىش ئۇسۇلى**]

1. كۇشتە قىلىنغان قەلەينى گۇل يېغى ۋە ياكى زەيتۇن يېغى ياكى قەلەمپۇر يېغى بىلەن بىرگە مەلھەم قىلىپ يەرلىك ئورۇنغا چېپىپ بەرسە، خانازىر، تەمرەتكە، سەرتان ۋە ئەمچەك جاراھەتلىرىگە مەنپەئەت قىلىدۇ.

2. قەلەينى قەغەزدەك نېپىز قىلىپ، سىرتتىن يەرلىك ئورۇنغا تاڭسا ياكى ياپىلاقلاپ سىركە بىلەن كۇشتە قىلىپ چاپسا، ھەر خىل ئىششىقلارغا مەنپەئەت قىلىدۇ.

3. كۇشتە قىلىنغان قەلەي تالقىنىدىن 12 گىرام، شاھتەررىدىن 10 گىرام ئېلىپ، سىركە بىلەن مەلھەم تەييارلاپ يەرلىك ئورۇنغا سىرتتىن چاپسا، قىچىشقاق، تەمرەتكە، قوتۇر ۋە بوۋاسىر قاتارلىقلارغا مەنپەئەت قىلىدۇ.

4. قەلەينىڭ تالقىنىدىن مۇۋاپىق مىقداردا قۇلاققا قويسا، قۇلاققا كىرىپ كەتكەن سىمابنى ئۆزگە تارتىپ چىقىرىدۇ.

[**ئىشلىتىش مىقدارى**] 125 ～ 250 مىللىگىرامغىچە.

[**زىيانلىق تەسىرى**] زەھەرلىك، مىقداردىن ئېشىپ كەتسە ئادەم ئۆلتۈرىدۇ.

[**تۈزەتكۈچىسى**] ھەسەل، سۈت.

[**ئورۇنباسارى**] سۈرمە.

[**ۋەكىل خاراكتېرلىك پىششىق دورا ياسالمىسى**] قەلەي مەلھىمى.

[**قوشۇمچە**]

1. قەلەيدىن زەھەرلىنىش ئالامەتلىرى: تىلنى ئاق گەز باغلاش، يۇتقۇنچاق ۋە تىل قۇرۇش، قېلىنلىشىش، يۆتىلىش، ھېق تۇتۇش، ئاشقازان ئاغرىش قاتارلىق ئالامەتلەر كۆرۈلىدۇ. بۇنىڭغا قارىتا ھەسەل ۋە ئەنجۈر سۈيى بېرىپ قۇستۇرۇلىدۇ، سۈرگە دورىسى سۈپىتىدە سوقمۇنيانى كۈندە بىر قېتىم ھەسەل سۈيى بىلەن ئىچكۈزۈلىدۇ، ئەپسەنتىن شەربىتى ئىچكۈزۈپ سۈيدۈك راۋانلاشتۇرۇلىدۇ. سۈت ۋە قايماق، ياغلىق تائام كۆپرەك بېرىلىدۇ، ئۇيقۇ مۇمكىنقەدەر چەكلىنىدۇ.

2. قەلەينى كۇشتە قىلىش ئۇسۇلى:

بىرىنچى خىل ئۇسۇلى: قەلەينى يەتتە قېتىم قىزدۇرۇپ ئېرىتىپ، قايماققا تاشلاپ داغلىغاندىن كېيىن قايماق يۇقۇندىلىرىنى تازىلىۋېتىپ، تاۋىغا سېلىپ، ئوچاققا قويۇپ ئاستىدىن ئوت يېقىلىدۇ، قەلەي ئېرىگەندە شور قەلەمدىن ئاز - ئازدىن سېپىپ بەرگەچ، يەڭگىل قوچۇپ بېرىلىدۇ. مەشغۇلات داۋاملاشتۇرۇلۇۋاتقاندا ئوت تۇتۇشۇشقا باشلايدۇ، بۇ ۋاقىتتا قەلەينى ئوچاقتىن ئېلىپ سوۋۇتۇپ ۋە يۇيۇۋېتىپ، يۇمشاق سالايە قىلىپ ئىشلىتىلىدۇ. ئەگەر خام قالغان بولسا، بۇ مەشغۇلات تەكرار ئىشلىنىدۇ.

ئىككىنچى خىل ئۇسۇلى: قەلەينى يەتتە قېتىم قىزدۇرۇپ ئېرىتىپ، قايماققا تاشلاپ داغلىغاندىن كېيىن ئۇنىڭدىكى قايماق يۇقۇندىلىرىنى تازىلىۋېتىپ چۆمۈچكە سېلىپ، ئوتتا قويۇپ ئېرىگەندە ھۆل، يېڭى ماندا يىلتىزى بىلەن قوچۇلىدۇ، مەشغۇلاتنى داۋاملاشتۇرۇش نەتىجىسىدە قەلەي سېرىق رەڭگە كىرگەندە ئېلىپ ئىشلىتىلىدۇ.

3. قەلەينىڭ كۇشتە بولغانلىقىنى پەرقلەندۈرۈش ئۇسۇلى: كۇشتە قىلىنغان قەلەيدىن ئازراق ئېلىپ

www.uyghurkitap.com

تازا يالقۇنجاپ تۇرغان چوغ ئۈستىگە تاشلىساق، سېرىق رەڭگە مايىل بولسا، كۈشتە بولغان بولىدۇ، ئەگەر باشقا رەڭگە كىرىپ قالسا خام قالغان بولىدۇ.

## زەرنىخ
## 再尔尼合
(雄黄 xong huang)

[**باشقا ئاتىلىشى**] زەرنەخ تەبىقى، زەرنەخ زەرد، ھەر تال زەرد

[**لاتىنچە نامى**] Realgar (arsenic)

[**ئىنگلىزچە نامى**] Red Orpiment



زەرنىخ

[**تونۇش**] بۇ، سۇلفىدلىق بىرىكمە بولغان مېتال ماددا زەرنىختىن ئىبارەت بولۇپ، گۈڭگۈرت پوقىغا ئوخشايدۇ، بۇ بىر خىل كان ماددىسىغا ھىدروگېن سۇلفىد تەسىر قىلىشتىن ھاسىل بولىدۇ. بۇنىڭ زېمىن ماددىسى كۆپ بولغاچقا، ئېغىر ۋە ھۆللۈكى ئارتۇق، گۈڭگۈرت پوقى ماددىسى ئاز، شۇڭا بۇ ئوتتا يانمايدۇ، بۇ سېرىق، قىزىل، كۆك، ئاق، قارىدىن ئىبارەت بەش خىل رەڭدە بولىدۇ، بۇنىڭ ھەممىسىدىن ياخشىراقى ياپلاق سېرىق رەڭدە كەلگىنى بولۇپ، بۇ خىلدىكىسى ئالتۇنغا ئوخشاش پارقىراق بولىدۇ، بۇ ۋاراقى زەرنىخ ياكى سېرىق زەرنىخ دەپ ئاتىلىدۇ. زەرنىخنىڭ تۈرلىرى كۆپ بولۇپ، تېبابەتتە ئىشلىتىلىدىغىنى ئاساسەن سېرىق زەرنىخ، ئۇنىڭدىن قالسا قىزىل زەرنىختۇر. (14.25 ـ رەسىم)

[**چىقىش ئورنى**] شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ تاغلىرىدىن چىقىدۇ.

[**يىغىپ ساقلاش**] بۇ مېتال ماددىنى ئاۋايلاپ ئېلىپ، خالىي جايدا ساقلىنىدۇ.

[**خىمىيەلىك تەركىبى**] زەرنىخنىڭ تەركىبىدە ئاساسلىقى ئارسېنىك سۇلفىد بار، يەنە ئاز مىقداردا باشقا ئېغىر مېتال تۈزلىرى بار.

[**فارماكولوگىيەلىك تەسىرى**]

1. باكتېرىيەگە قارشى تەسىرى: زەرنىخنىڭ سۇدىكى ئېرىتمىسى (1:2 نىسبەتتە) تەجرىبە نەيچىسىدە كۆپ خىل تېرە زەمبۇرۇغلىرىنى ئوخشىمىغان دەرىجىدە تورمۇزلايدۇ. ئېگىر، ئەمەن ۋە زەرنىخنى بىرلەشتۈرۈپ 2 ~ 3 سائەتكىچە كۆيدۈرۈپ ئىسلانسا، ئالتۇن رەڭلىك ئۈزۈمسىمان شارچە باكتېرىيە، شەكىل ئۆزگەرتكۈچى تاياقچە باكتېرىيە ۋە يېشىل يىرىڭ تاياقچە باكتېرىيەلىرىنى ئۆلتۈرىدۇ.

2. قان شورىغۇچى قۇرتقا قارشى تەسىرى: قان شورىغۇچى قۇرت بىلەن يۇقۇملانغان ياپونىيەنىڭ ئىنچىكە قۇيرۇقلۇق چاشقىنىغا يۇقۇملىنىشتىن ئىلگىرىكى ئۈچ كۈندە زەرنىخ، فۇپەل، ھىڭ، دارچىن

قاتارلىق دورىلارنىڭ بىرىكمىسىدىن ھەر 20 گىرام بەدەن ئېغىرلىقى ئۈچۈن 0.2 مىللىگىرام ھېسابلاپ بېرىلگەن، يۇقۇملىنىشتىن كېيىن داۋاملىق 12 كۈن مۇشۇ دورا بېرىلگەن، شۇنىڭ بىلەن قان شورىغۇچى قۇرتنىڭ ئازىيىش نىسبىتى 75% كە يەتكەن.

[**لايىقلاشتۇرۇلۇشى**] كۆشتە قىلىش ئارقىلىق لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

[**تەبىئىتى**] سېرىقىنىڭ ئۈچىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق، قىزىلىنىڭ تۆتىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[**خۇسۇسىيىتى**] ئارتۇق ھۆللۈكلەرنى قۇرۇتۇش، قاننى قىزىتىش، زەخمىلەردىكى ئارتۇق گۆشلەرنى يوقىتىش، تاز، قوتۇر، گۆشخور چاقىلارنى يوقىتىش، قورساقتىكى تۈرلۈك قۇرتلارنى ئۆلتۈرۈش، تۈكلەرنى چۈشۈرۈش، نەپەسنى راۋانلاشتۇرۇش، يۆتەل پەسەيتىش قاتارلىق خۇسۇسىيەتلەرگە ئىگە.

[**ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر**] ئىچكى ـ تاشقى بوۋاسىر، ھەر خىل يارا، تاز، دانىخورەك، قىچىشقاق، قوتۇر، سۆگەل، زەخىم، بەرەس، نەپەس سىقىلىش، كونا يۆتەل قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[**ئىشلىتىش ئۇسۇلى**]

1. زەرنىخنى ھاكقا ئوخشاش نەرسىلەر بىلەن كۈچسىزلەندۈرۈپ چاپسا، تۈك چۈشۈرىدۇ (بۇ جەھەتتە كۆيدۈرگىنىنىڭ قۇۋۋىتى ئارتۇقراق).

2. مۇۋاپىق مىقداردىكى زەرنىخنى چاۋا ياغ بىلەن بىرلەشتۈرۈپ يەرلىك ئورۇنغا چاپسا، دانىخورەكلەرنى يوقىتىدۇ.

3. مۇۋاپىق مىقداردىكى زەرنىخنى گۈل يېغى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ يەرلىك ئورۇنغا چاپسا، بوۋاسىر ۋە بۇرۇننىڭ جاراھەتلىرى ئۈچۈن پايدا قىلىدۇ (بۇ جەھەتتە قىزىلىنىڭ ئۈنۈمى ياخشىراق).

4. مىئەسائىلە، بادام مېغىزى ئۈچ گىرامدىن، زەرنىختىن 0.35 گىرام ئېلىپ، بۇي سېلىپ نەچچە ئارقىلىق ئۇنىڭ ئىسىنى گالغا ئالسا، نەپەس سىقىلىش ۋە كونا يۆتەل ئۈچۈن پايدا قىلىدۇ (بۇ ئۇسۇلنى بىرقانچە قېتىم قىلىش كېرەك ۋە بۇ ئۇسۇلنى قىلغاندىن كېيىن بۇغداي ئۇنى، بادام مېغىزى ۋە يېڭى سېرىق ماي بىلەن ئاتالا ئېتىپ ئىچىش لازىم، چۈنكى مەزكۇر ئاتالا دورا ئىسىنىڭ گالغا يامان تەسىر بېرىشىنى يوق قىلىدۇ).

5. قولتۇق ياكى بىرەر ئەزاغا تۈك ئۈندۈرمەسلىك توغرا كەلسە، ئالدى بىلەن شۇ ئەزانىڭ تۈكلىرىنى پاكىز ئېلىۋېتىپ، ئاندىن قىزىل زەرنىخنى يېڭى، قار ياكى مۇز سۈيى بىلەن مەزكۇر ئەزاغا ئۇبدان سۈركەپ قويسا، قايتا تۈك چىقمايدۇ.

6. ئەگەر قىزىل زەرنىخنى كالىنىڭ ئۆتى، ھەمىشىباھار، سېرىقچېچەكلەرنىڭ سۈيى بىلەن قولغا ياكى باشقا ئەزاغا چېپىپ، ئاندىن ئوتنى تۇتسا ئوت كۆيدۈرمەيدۇ.

7. كۆيدۈرۈلگەن زەرنىخنى ئاق قۇشقاچنىڭ پوقى بىلەن سۆگەلگە چاپسا، سۆگەلگە مەنپەئەت قىلىدۇ.

8. زەرنىخنى سەبرە، ھەببۇلبان ۋە كۆدە سۈيى بىلەن چاپسا، بوۋاسىر دانچىلىرىنى يوق قىلىدۇ، بارلىق زەخىم، جاراھەتلەرنى پۈتتۈرىدۇ.

[**ئىشلىتىش مىقدارى**] 1.5 گىرامغىچە.

[**زىيانلىق تەسىرى**] گۆشلەرنى كۆيدۈرىدۇ ۋە ئۆزگەرتىۋېتىدۇ، قارا داغ پەيدا قىلىدۇ، باھنى ئاجىزلاشتۇ-

www.uyghurkitap.com

رىدۇ. ئىچىشتۇرۇش پەيدا قىلىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] مۇسكۇللارغا بولىدىغان يامان تەسىرىنى توسۇشتا، سىرىق ماي بىلەن سىرىق ھېلىلە، تېرە بىلەن باھقا بولىدىغان يامان تەسىرىنى توسۇشتا، سىرىق گۈل ۋە گۈرۈچنى سۈركەش كېرەك.

[ئورۇنباسارى] سىرىقنىڭ ئورۇنباسارى قىزىل زەرنىخ، ھەر ئىككىسىنىڭ ئورۇنباسارى گۈڭگۈرت.

[پىششىق دورا ياسالمىسى] مەلھەمى زەرنىخ.

[قوشۇمچە] قىزىل زەرنىخ: زەرنىخ ئەھمە (ئەرەبچە)، زەرنىخ سۇرۇخ (پارسچە)، مىنسىل (ئوردۇچە) دېيىلىدۇ. بۇنىڭ ئاساسلىق خۇسۇسىيىتى ھۆللۈكنى قۇرۇتۇش بولغاچقا، كۆپىنچە ھۆل، قۇرۇق قىچىشقاقلارغا ئىشلىتىلىدۇ، قالغان تەرەپلەردە سىرىق زەرنىخكە ئوخشايدۇ، بۇ سىرىق زەرنىختىن كۈچلۈكرەك كېلىدۇ، زەھەرلىك، ئىشلىتىش مىقداردا ئەھۋالغا قاراپ سىرتتىن ئىشلىتىلىدۇ.

## ئەنزىرۇت

## 安则如提

(甘草味胶 gan cao wei jiao)

[باشقا ئاتىلىشى] ئەنزىرۇت، غەزرۇت، كەھۇل كىرمانى، ئەنجەدەك، كەدەرو، لائى

[لاتىنچە نامى] Cummi Astragalus sarcocolla

[ئىنگلىزچە نامى] Sarcocolla



ئەنزىرۇت

[تونۇش] بۇ، پۇرچاق ئائىلىسىدىكى ئۆسۈملۈك ئەنزىرۇت دەرىخىنىڭ يېلىمى بولۇپ، «ئەنزىرۇت» نامىدا دورا ئورنىدا ئىشلىتىلىدۇ، دانچىسىمان ياكى تالقانسىمان شەكىلدە، رەڭگى قىزىلغا مايىل سېرىق، تەمى ئاچچىق كېلىدۇ. (15.25 ـ رەسىم)

[چىقىش ئورنى] ئۆزبېكىستان ۋە تۈركمەنىستاندىن چىقىدۇ.

[يىغىپ ساقلاش] ھەرقانداق ۋاقىتتا دەرەخ تۆشۈكچىلىرىدىن چىققان يېلىمنى يىغىۋېلىپ قۇرۇتۇپ، قۇرغاق جايدا ساقلىنىدۇ.

[لايىقلاشتۇرۇلۇشى] گىل ھېكمەت قىلىش ۋە خېمىرغا ئوراپ پىشۇرۇش ئارقىلىق لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى] جاراھەت پۈتتۈرۈش، قان توختىتىش، ئارتۇق ھۆللۈكنى قۇرۇتۇش، توسالغۇلارنى ئېچىش، ئاغرىق پەسەيتىش، يەل ھەيدەش، ئىششىق ياندۇرۇش، يارىلارنى قۇرۇتۇش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر] يىرىڭلىق جاراھەتلەر، بوغۇم ئاغرىقى، ئولتۇرغۇچ نېرۋا ئاغرىقى، ھەر خىل ناسۇر، يىرىڭلىق چاقا، سىفلىس، قۇلاق ئاغرىقى، قۇلاق ئېقىش، كۆز ياشانغىراش، ھەر خىل قاناشلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. ئۈچ گىرام ئەنزىرۇت تالقىنىنى ھەسەلگە ئارىلاشتۇرۇپ مۇۋاپىق مىقداردا ئىچسە، قۇلاق يىرىڭ-

لاش، قان ئېقىش ۋە قۇلاق ئاغرىقىغا شىپا بولىدۇ.

2. ئەنزىروت، مامىرانچىن، مەرۋايىت، سۇرمىلەرنى ئۈچ گىرامدىن ئېلىپ، سۇفۇپ تەييارلاپ كۆزگە تارتسا، كۆز ياشانغىراشقا مەنپەئەت قىلىدۇ.

3. مۇقەل، ھېلىلە، بەلىلە، ئامىلە، توربۇتتىن يەتتە گىرامدىن، ئەنزىروتتىن ئۈچ گىرام ئېلىپ، سوقۇپ سۇفۇپ تەييارلاپ ئىچسە، بۋاسىر تۈگۈنچىلىرىنى يوقىتىدۇ.

[**ئىشلىتىش مىقدارى**] 0.5~3 گىرامغىچە.

[**زىيانلىق تەسىرى**] ئۆچەيگە زىيان قىلىدۇ.

[**تۈزەتكۈچىسى**] بادام يېغى، كەتىرا، ھەسەل.

[**ئورۇنباسارى**] باراۋەر مىقداردا سەبرە.

[**پىششىق دورا ياسالمىسى**] ھەببى ئەنزىروت، سۇفۇفى سەرتان.

[**دىققەت قىلىدىغان ئىشلار**] زەھىرى بار بولۇپ، ئادەتتە سىرتتىن ئىشلىتىلىدۇ. ئىچىدىن ئىچكەندە 15 گىرامدىن ئېشىپ كەتسە، زەھەرلىنىش ھەتتا ئادەم ئۆلۈشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. زەھەرسىزلەندۈرگەندىن كېيىن ئەرەب يېلىمى، بادام يېغى بىلەن قوشۇپ ئىشلىتىش كېرەك، يالغۇز ئىستېمال قىلىشقا بولمايدۇ.

## ئانار پوستى
## 阿那尔破斯提
## （石榴皮　shi liu pi）

[**باشقا ئاتىلىشى**] قەشرۇل رۇمان، پوستى ئانار، ئانار كى چىلكا

[**لاتىنچە نامى**] Pericarpium Punice granatum

[**ئىنگلىزچە نامى**] Pome granate Rind



ئانار

[**تونۇش**] بۇ، ئانار مېۋىسىنى كۈزدە پىشقاندا يىغىۋېلىپ، ئانار دانىلىرىنى ئايرىۋەتكەندىن كېيىنكى قۇرۇتۇلغان پوستىدىن ئىبارەت بولۇپ، «ئانار پوستى» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ. پوستى قېلىن، رەڭگى قىزىل ياكى سېرىق رەڭدە، تەمى ئاچچىق، پۇرىقى سۇس كېلىدۇ. (16.25 ـ رەسىم)

[**چىقىش ئورنى**] شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ھەممە يەرلىرىدىن چىقىدۇ.

[**يىغىش ساقلاش**] كۈزدە مېۋىسى پىشقاندا يىغىۋېلىپ، ئانار دانىلىرىنى ئايرىۋېتىپ، ئانار پوستى ئاپتاپتا قۇرۇتۇلىدۇ.

[**خىمىيۋى تەركىبى**] 10.4%~21.3% كىچە تاننىن، تەخمىنەن 1% موم، 4.5% رېزىنا، 2.5% شېكەر، يېلىم،

www.uyghurkitap.com

يېپىشقاق ماددا، 4% كىسلاتا، ئالما كىسلاتاسى، مېۋە يېلىمى ۋە كالتسىي ئوكسالات، مانتول قاتارلىقلار بار.

[فارماكولوگىيەلىك تەسىرى]

1. قۇرت ئۆلتۈرۈش تەسىرى بار. ئانار پوستى ئىشقارى (Pelletierine) نىڭ قۇرت ئۆلتۈرۈش تەسىرى خېلى كۈچلۈك؛ باكتېرىيەگە قارشى تەسىرى بار. بەدەن سىرتىدىكى تەجرىبە ئارقىلىق ئالتۇن رەڭلىك ئۈزۈمسىمان شارچە باكتېرىيەسى، قان ئېرىتكۈچى زەنجىرسىمان باكتېرىيەسى، خولېرا تاياقچە باكتېرىيەسى، تولغاق باكتېرىيەسى، ئۈچەي كېزىكى تاياقچە باكتېرىيەسى، پاراتىف تاياقچە باكتېرىيەسى، ئۆزگىرىشچان تاياقچە باكتېرىيەسى، چوڭ ئۈچەي تاياقچە باكتېرىيەسى، يېشىل يىرىڭ تاياقچە باكتېرىيەسى ھەمدە سىل تاياقچە باكتېرىيەسى قاتارلىقلارغا نىسبەتەن تورمۇزلاش رولىغا ئىگە ئىكەنلىكى ئىسپاتلانغان. بۇنىڭ مۇشۇنداق باكتېرىيەلەرنى تورمۇزلاش رولىنىڭ بولغانلىقى ئۇنىڭ تەركىبىدە تۇتقان تانىنى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇشى مۇمكىن.

2. قورۇش تەسىرى بار. كۆپ مىقداردىكى تانىن ماددىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، شىللىق پەردە ۋە يارا يۈزى بىلەن تېگىشكەندىن كېيىن ئاقسىلنىڭ چۆكمىگە چۈشۈش ياكى ئۇيۇشنى پەيدا قىلىپ، سىرتقى يۈزىدە بىر قەۋەت قوغداش قەۋىتى ھاسىل قىلىدۇ. بۇنىڭ بىلەن يارا يۈزىنىڭ ئەسلىگە كېلىشىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ ياكى يەرلىك ئورۇننىڭ غىدىقلىنىشقا ئۇچرىشىنى توسىدۇ.

[خۇسۇسىيىتى] جاراھەت پۈتتۈرۈش، قان توختىتىش، ئارتۇق ھۆللۈكلەرنى قورۇتۇش، پەيىنى چىڭىتىش، بەتبۇيلۇقنى يوقىتىش، قۇرت ئۆلتۈرۈش، ئىچ سۈرۈشنى توختىتىش، چىش مىلىكىنى چىڭىتىش، مەنىينى قويۇلدۇرۇش خۇسۇسىيىتى بار.

[لايىقلاشتۇرۇلۇشى] پوستىنى ئاجرىتىش، يۇيۇش، توغراش، قورۇتۇش ئارقىلىق لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق سوغۇق.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر] ئۇزۇنغا سوزۇلغان ئىچ سۈرۈش، قانلىق تەرەت، مەقئەت چىقىپ قېلىش، مەنىي سىيۇلۇپ كېتىش، ئاق خۇن كۆپىيىش، قان تۈكۈرۈش، چىش مىلىكى بوشاپ كېتىش، ئۈچەي مەددە قۇرتى، قان قۇسۇش، بالىياتقۇ قاناش قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. ئاچچىق ئانار پوستى، تاباشىردىن 10 گىرامدىن ئېلىپ يۇمشاق سوقۇپ، يەتتە مىللىلىتىر تۆمۈر داغمال سۈيى ئارىلاشتۇرۇپ ئىچسە، غەيرىي تەبىئىي قان ۋە سەپرا خىلىتىدىن بولغان ئىچ سۈرۈشكە شىپا بولىدۇ.

2. ئاقاقىيا، بۇغا مۈڭگۈزى، ئەنجىبار، ئانار پوستى قاتارلىقلارنىڭ ھەربىرىدىن 10 گىرام ئېلىپ يۇمشاق سوقۇپ، جاراھەت بار ئورۇنغا سەپسە جاراھەتنى پۈتتۈرىدۇ.

3. ئانار پوستىدىن ئۈچ گىرامنى توققۇز گىرام سەرخس بىلەن قايناتىپ ئىچكۈزسە، تۆتۈ قۇرتىنى چۈشۈرىدۇ، بىر كىلوگىرام ئانار پوستىنى ئالتە گىرام تازىلانغان شور بىلەن قايناتىپ، سۈيىگە شېكەر قوشۇپ ئىككى قېتىمغا بۆلۈپ ئىچكۈزسە، ئۈچەيدىكى سازاڭسىمان قۇرتنى چۈشۈرىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] 3 ~ 9 گىرامغىچە.

[زىيانلىق تەسىرى] قەۋزىيەت پەيدا قىلىدۇ. سوغۇق مىزاجلىقلارغا زىيانلىق.
[تۈزەتكۈچىسى] ھەسەل، زەنجىۋىل.
[ئورۇنباسارى] ئانارگۈل، ئانار يىلتىزى.
[پىششىق دورا ياسالمىسى] سۇفۇپى ئەنجبار.

## ئەبنۇس
## 阿比奴斯
### （乌木屑　wu mu xie）

[باشقا ئاتىلىشى] ئابنوس
[لاتىنچە نامى] Scobis diospyros ebenum
[ئىنگلىزچە نامى] Ceylon Persimmon sawdust
[تونۇش] بۇ، دائىم كۆكىرىپ تۇرىدىغان بىر خىل چوڭ دەرەخ ياغىچىنىڭ ئېكەكلەنگەن كېپىكىدىن ئىبارەت بولۇپ، رەڭگى قارا، تەمى ئاچچىق، پۇرىقى ئۆتكۈر كېلىدۇ. بۇ «ئەبنۇس» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ. (25 .17 ـ رەسىم)
[چىقىش ئورنى] گۇاڭدۇڭ، شىنجاڭ قاتارلىق جايلاردىن ھەم ھىندىستان، مالايشىيا، سىنگاپور قاتارلىق دۆلەتلەردىن چىقىدۇ.
[يىغىش ساقلاش] بۇ ئۆسۈملۈكنىڭ دورىلىق قىسمىنى كۈز پەسلىدە يىغىپ، توغراپ قۇرۇتۇپ، قۇرغاق ئورۇندا ساقلىنىدۇ.
[خىمىيەلىك تەركىبى] تەركىبىدە تالالىق ماددىلار، يېرىم تالالىق ماددىلار، لىگنىن (lignin)، ياغاچ شېكىرى كىسلوزا (xylose)، پىنتوزان (Pentozan)، ماننوزا (Mannose) ۋە گالاكتوزا (Galactose) قاتارلىقلار بار.
[لايىقلاشتۇرۇلۇشى] يۇيۇش، توغراش، قۇرۇتۇش ئارقىلىق لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.
[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.
[خۇسۇسىيىتى] تۇتۇش، قورۇش، ھۆللۈكنى قۇرۇتۇش، قان توختىتىش، قان تازىلاش خۇسۇسىيىتى بار.
[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر] ھەر خىل جاراھەتلەردىكى قاناش، قىچىشقاق، تەمرەتكە قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.
[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]
1. مۇۋاپىق مىقداردىكى ئەبنۇس كېپىكىنى يەرلىك ئورۇنغا سەپسە، جاراھەت ۋە قاناشقا مەنپەئەت قىلىدۇ.
2. ئالتە گىرام ئابنۇس قاينىتىلمىسىنى يالغۇز ۋە مۇناسىۋەتلىك دورىلار بىلەن قوشۇپ ئىچسە، قىچىشقاق، تەمرەتكىگە مەنپەئەت قىلىدۇ.
3. ئالتە گىرام ئەبنۇس كېپىكىگە ھەسەل قوشۇپ، كۆندە ئىككى قېتىم، ھەر قېتىمدا ئۈچ گىرامدىن ئىچسە، ئەزالاردىن كەلگەن قاننى توختىتىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

4. ئەبنۇس كېپىكى ۋە تاباشىردىن يەتتە گىرام، تۆمۈر كېپىكىدىن بەش گىرام ئېلىپ، سۇقۇپ قىلىپ ئىچسە، قان ۋە سەپرادىن بولغان ئىسھالغا مەنپەئەت قىلىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] 5 ~ 7 گىرامغىچە.

[زىيانلىق تەسىرى] ئىچكى تەرەپتىن كۆپ ئىستېمال قىلسا ئاشقازانغا زىيان قىلىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] ھەسەل، سۇمبۇل.

[ئورۇنباسارى] شىشەم كېپىكى.

[پىششىق دورا ياسالمىسى] سۇفۇپى ئەبنۇس.

## قەشقەر ئۇپىسى
## 卡西开尔欧皮斯
## (喀什粉 ka shi fen)

[باشقا ئاتىلىشى] سەپىدئاپ كاشغەرىي، سەفىيدە كاشغەرىي

[لاتىنچە نامى] plumbi Carbonate

[ئىنگلىزچە نامى] Leadcarbonate

[تونۇش] بۇ، قەلەي، قوغۇشۇن ۋە تۇتىيا قاتارلىق مەدەنلەرنى كۆشتە قىلىش ئارقىلىق تەييارلىنىدىغان تالقان دورا بولۇپ، قەدىمكى زاماندا قەشقەردىكى ئۇيغۇر تېۋىپلىرى تەرىپىدىن ئەتراپقا تارقالغانلىقى ئۈچۈن، «سەفىداپ كاشغەر» دەپ ئاتىلىپ كەلمەكتە. بۇ، قەلەي، قوشۇغۇن، تۇتىيا قاتارلىق مەدەن جىنسلىق دورىلارنى ئايرىم – ئايرىم كۆشتە قىلىپ، رەڭگى ۋە سۇفۇپى ئۆلچەمگە يەتكەندە ھەممىسىنى يۇمشاق سالايە قىلىپ ئارىلاشتۇرۇش ئارقىلىق تەييارلىنىدۇ، تەييارلانغان قىسمى دورىگەرلىك قائىدىسى بويىچە يۇيۇپ، سوقۇپ ئىشلىتىلىدۇ. يۇمشاق، ئۇپىدەك بولىدۇ، ۋەزنى ئېغىر، ئاق رەڭلىك كېلىدۇ. (18.25 – رەسىم)

[چىقىش ئورنى] ئۆز ۋاقتىدا رايونىمىزدىكى ئۇيغۇر تېۋىپلار تەييارلاپ جايلارغا تارقىتىپ كەلگەن، ھازىرقى زاماندا زامانىۋى ئۇسۇللار بىلەن تەييارلىنىدۇ.

[يىغىپ ساقلاش] مەدەنلەرنى كۆشتە قىلىش ئارقىلىق تەييارلانغان بۇ دورىنى پاكىز تازىلاپ، قۇرۇق جايدا ساقلىنىدۇ.

[لايىقلاشتۇرۇلۇشى] ئىلغاپ ساپلاشتۇرۇلىدۇ.

[تەبىئىتى] ئۈچىنچى دەرىجىدە قۇرۇق سوغۇق.

[خۇسۇسىيىتى] جاراھەتنى قۇرۇتۇش ۋە گۆش ئۈندۈرۈش، چىرىگەن گۆشلەرنى يوقىتىپ، يارا يۈزىنى تازىلاش، ئارتۇق ھۆللۈكنى قۇرۇتۇش، يۇمشىتىش، كۆيۈكنى ياخشىلاش خۇسۇسىيىتى بار.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر] ھەر خىل يارا، جاراھەتلەر، باش ئاغرىقى، كۆزنىڭ ئىسسىقتىن بولغان ئىششىقلىرى، كۆزدىكى يىرىڭلىق چاقا، جاراھەت، ئوتتا كۆيگەن كۆيۈك، بوۋاسىر، قىچىشقاق قاتارلىق كېسەللىكلەرگە ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. قەشقەر ئۇپىسىنى سىركە ياكى گۈل يېغى، كۆكنار يېغى، قاپاق مېغىزى يېغى قاتارلىقلار بىلەن

قوشۇپ چېكىسگە تاڭسا، باشنىڭ ھەر خىل سەۋەبتىن ئاغرىشى ۋە باشنىڭ يېرىمى ئاغرىشقا مەنپەئەت قىلىدۇ.

2. قەشقەر ئۆپىسىنى قىز تۇغقان ئايالنىڭ سۈتى ياكى تۇخۇمنىڭ ئېقىغا ئارىلاشتۇرۇپ چاپسا، كۆزنىڭ ئىسسىقتىن بولغان ئىششىقلىرىغا مەنپەئەت قىلىدۇ.

3. مەرۋايىت، ئىپار، مامىرانچىن، قەشقەر ئۆپىسى قاتارلىقلارنى ئۈچ گىرامدىن ئېلىپ سۇفۇپ قىلىپ (سۈرمە شەكلىدە) سەپسە، كۆز جاراھىتى ۋە قاپاقتىكى يىرىڭلىق ئىششىققا مەنپەئەت قىلىدۇ.

4. ئوتتا كۆيگەن جاراھەتلەرگە قەشقەر ئۆپىسىنى تۇخۇم ئېقى، گۈل يېغى قاتارلىقلار بىلەن قوشۇپ پاكىز داكىغا سۈركەپ چېپىپ بەرسە مەنپەئەت قىلىدۇ.

5. قەشقەر ئۆپىسىنى سىرتتىن سەپسە، بۇۋاسىر قېنىنى توختىتىدۇ.

[**ئىشلىتىش مىقدارى**] ئەھۋالغا قاراپ ئىككى گىرام.

[**زىيانلىق تەسىرى**] ئىچىپ قالسا گالنى بوغىدۇ، ئارتۇق ئىشلەتسە، ئادەمنىڭ ھاياتىغا خەۋپ يەتكۈزىدۇ. ھامىلدار بولۇشنى توسىدۇ.

[**تۈزەتكۈچىسى**] ياغلىق شورپا، قايماق، رۇمبەدىيان، ھەسەل.

[**ئورۇنباسارى**] مەدەستان.

[**ۋەكىل خاراكتېرلىك پىششىق دورا ياسالمىسى**] مەلھەمى قىرۇتى، رەۋغىنى قىرۇتى.

## تەبىئىي مىس

## 塔比密斯

(**自然铜** zi ran tong)

[**باشقا ئاتىلىشى**] مىس

[**لاتىنچە نامى**] Pyritum

[**ئىنگلىزچە نامى**] brass

[**تونۇش**] بۇ تەبىئىي مەۋجۇت بولغان فېرروم سۇلفورىك رۇدىسى. يەنى ئەسلىي كان ماددىسى



تەبىئىي مىس

www.uyghurkitap.com

بولغان سېرىق تۆمۈر رۇدىسىدىن ئىبارەت بولۇپ، بۇ «تەبىئىي مىس» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ. كۆپىنچە ئۆلچەملىك چاسا شەكىللىك بولىدۇ. چوڭ- كىچىكلىكى بىر خىل بولمايدۇ، سىرتقى يۈزى تەكشى، سېرىق رەڭلىك بولۇپ، مېتالدەك پارقىرايدۇ، بەزىلىرىنىڭ سىرتقى كۆرۈنۈشى قوڭۇر رەڭلىك بولىدۇ، ئۈزى قاتتىق، لېكىن ئاسان ئۈزۈلىدۇ، كەسمە يۈزى ئاقۇچ سېرىق رەڭلىك، تەمسىز، پۇراقسىز كېلىدۇ. (25 . 19 ـ رەسىم)

[چىقىش ئورنى] ئېلىمىزنىڭ شىنجاڭ قاتارلىق خېلى كۆپ جايلىرىدىن چىقىدۇ.

[خىمىيەلىك تەركىبى] بۇ ئاساسلىقى ئىككى خىل سۇلفىدلىق تۆمۈر ($FeS_2$) بولۇپ، بۇنىڭدا 46% تۆمۈر، 53% سۇلفات بار، يەنە مەلۇم مىقداردا مىس تەركىبى بار.

[فارماكولوگىيەلىك تەسىرى] بۇنىڭ سۇنغان سۆڭەكنى تۇتاشتۇرۇش تەسىرى بار.

[لايىقلاشتۇرۇلۇشى] كۆشتە قىلىش ئارقىلىق لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

[تەبىئىتى] ئۆچىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى] جاراھەت پۈتتۈرۈش، نەپەسنى راۋانلاشتۇرۇش، يۆتەل پەسەيتىش، ماددىلارنى تارقىتىش، قاتۇرۇش، ھارارەت پەسەيتىش، زەھەر قايتۇرۇش، تۇغۇت چەكلەش، ئارتۇق گۆشنى يوقىتىش، كۆرۈش قۇۋۋىتىنى ئاشۇرۇش، نەپەس ئەزالىرىنىڭ خىزمىتىنى ياخشىلاش خۇسۇسىيەتلىرى بار.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر] ھەر خىل جاراھەتلەر، يۆتەل، نەزلە، كۆرۈش كۈچى ئاجىزلىقى، كۆزدىكى جاراھەت، ئىستىسقا ۋە سۆڭەكلەرنىڭ سۇنۇپ كېتىشى قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. كۆشتە قىلىنغان مىسنى سىركىگە چىلاپ بىر قانچە كۈن تۇرغۇزۇپ سۈزۈپ، ئاندىن شۇ سىركە بىلەن خېمىر قىلىپ كۆكرەككە چاپسا، نەزلە ۋە يۆتەلگە مەنپەئەت قىلىدۇ.

2. مىس كۆشتىسىنى بىدە سۈيى ياكى بىدە ئەرقىگە بىر قانچە كۈن چىلاپ سۈزۈپ ئېلىپ كۆزگە سۈرمە قىلىپ تارتسا، كۆزنىڭ كۆرۈش كۈچىنى ياخشىلايدۇ، كۆزدىكى جاراھەتلەرگە مەنپەئەت قىلىدۇ.

3. نەپەس ئەزالىرىنىڭ خىزمىتىنى ياخشىلاشتا كۆشتە قىلىنغان مىستىن مۇۋاپىق مىقداردا ئېلىپ، ھەسەل بىلەن تەييارلاپ ئىچىپ بەرسە، نەپەس ئەزالىرىنىڭ خىزمىتىنى ياخشىلايدۇ. قورساققا سۇ چۈشۈش كېسەللىكىگە مەنپەئەت قىلىدۇ.

4. كۆشتە قىلىنغان مىس تالقىنىنى قازان قارىسى بىلەن قوشۇپ، لىمون سۈيى بىلەن قوشۇپ ھەمەل قىلسا، ھامىلدارلىقتىن ساقلىنىشقا بولىدۇ.

5. كۆشتە قىلىنغان مىس تالقىنىنى كالا يېغى ياكى يېڭى سېغىلغان سۈت بىلەن قوشۇپ ئىچكۈزۈپ، قايتا ـ قايتا قۇستۇرۇلسا، ئەپيۇننىڭ زەھىرىنى تۈگىتىدۇ.

6. يۇيۇلمىغان مىسنى ئېزىپ تالقانلاپ، سىرتتىن چاپسا جاراھەت پۈتتۈرىدۇ، ئارتۇق گۆشلەرنى يوقىتىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] ئىچىدىن كۆشتە قىلىنغان مىس مۇۋاپىق مىقداردا ئىستېمال قىلىنىدۇ. سىرتىدىن كۆپرەك تالقان قىلىپ ئىشلىتىلىدۇ.

[زىيانلىق تەسىرى] زەھەرلىك بولۇپ كۆشتە قىلىنماي ئىشلىتىلسە، رەئىس ئەزالارنى زەھەرلەيدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] سۈت، قايماق، شورپىلىق گۆش.
[ئورۇنباسارى] سالاجىت.
[ۋەكىل خاراكتېرلىك پىششىق دورا ياسالمىسى] مەلھەمى مىس.

## تەلق
## 台里克
(云母石 yun mu shi)

[باشقا ئاتىلىشى] چىرىمتال تېشى
[لاتىنچە نامى] Muscovitum
[ئىنگلىزچە نامى] Muscovite
[تونۇش] بۇ، كوئېنلون ۋە تەڭرىتاغلىرىدىن چىقىدىغان چىرىمتال دەپ ئاتىلىدىغان تاشتىن ئىبارەت. (20.25 ـ رەسىم)
[چىقىش ئورنى] شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ھەرقايسى تاغلىرىدىن چىقىدۇ.
[يىغىپ ساقلاش] شىنجاڭدىكى كۆپ قىسىم تاغلاردىن يىغىۋېلىپ، تازىلاپ سوغۇق جايدا ساقلىنىدۇ.
[خىمىيەلىك تەركىبى] سىلىتسىي ئوكسىد %43.2، ئاليۇمىن ئوكسىد %32.9، ناترىي ئوكسىد%3، 2 ماگنىي ئوكسىد %2.2 قاتارلىقلار بار.
[لايىقلاشتۇرۇلۇشى] بۇ ماددىنى ئېلىپ پاكىز سۈرتۈپ تازىلاپ، سوغۇق جايدا ساقلىنىدۇ.
[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق سوغۇق.
[خۇسۇسىيىتى] يارىلارنى پۈتتۈرۈش، بۆرەكنى قۇۋۋەتلەش، دەم سىقىلىشنى پەسەيتىش، قان توختىتىش خۇسۇسىيەتلىرى بار.
[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر] بۆرەك ئاجىزلىقى، دەم سىقىلىش، تاشقى بەدەن زەخىملىنىش، يەلتاشما، تاشقى ئەزا قاناش قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.
[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]
1. تەلق، چاققاقئوت يوپۇرمىقى، غاز ئۆتى قاتارلىقلارنى 10 گىرامدىن ئېلىپ قايىنىتىپ ئىچىپ بەرسە، ئىچكى ـ تاشقى ئەزالاردىكى ھەر خىل قاناشلارغا شىپا بولىدۇ.
2. تەلق، مەدەستاندىن يەتتە گىرامدىن ئېلىپ سوقۇپ زەخىمگە سەپسە، زەخىملەرنى پۈتتۈرىدۇ.
3. ئەرەب يېلىمى، كەتىرا، رۇببىسۇس، تەلقنى 10 گىرامدىن ئېلىپ، سۇفۇپ تەييارلاپ ئىچسە، يۆتەل پەسەيتىپ، دەم سىقىلىشنى توگىتىدۇ.
4. كۇندۇر، ئاقىرقەرھا، سۆئلەپ مىسرى، چىلغوزا، تەلقتىن 10 گىرامدىن، ناۋاتتىن مۇۋاپىق مىقداردا ئېلىپ سۇفۇپ تەييارلاپ ئىچسە، بۆرەك ئاجىزلىقىغا مەنپەئەت قىلىدۇ.
[ئىشلىتىش مىقدارى] 16 ~ 32 گىرامغىچە.
[زىيانلىق تەسىرى] توسالغۇ پەيدا قىلىدۇ.

www.uyghurkitap.com
تۈگۈنچەك كىتاب تورى

[تۈزەتكۈچىسى] ئانار.
[ئورۇنباسارى] كەتىرا.
[ۋەكىل خاراكتېرلىك پىششىق دورا ياسالمىسى] سۇفۇپى سۇئال.

## تۇخۇم ئېقى پەردىسى
## 土乎米艾克排迪斯
## (凤凰衣 Feng huang yi)

[باشقا ئاتىلىشى] تۇخۇم پەردىسى
[لاتىنچە نامى] Membrana Follicularis Ovi
[ئىنگلىزچە نامى] of egg white


تۇخۇم ئېقى

[تونۇش] بۇ، قىرغاۋۇل ئائىلىسىدىكى هايۋان ئۆي توخۇسى تۇخۇمىنىڭ شاكىلى بىلەن ئېقى ئارىلىقىدىكى ئىنتايىن نېپىز ئاق پەردىدىن ئىبارەت بولۇپ، «تۇخۇم پەردىسى» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ. (25. 21 ـ رەسىم)

[چىقىش ئورنى] شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ھەممە جايلىرىدىن چىقىدۇ.

[يىغىپ ساقلاش] تۇخۇمنىڭ ئاق پەردىسى ئېلىنىپ، دورىلىققا ئىشلىتىلىدۇ.

[خىمىيەلىك تەركىبى] ئاشقازان ئاقسىل فېرمېنتى، ئاشقازان سۇيۇقلۇقى، كۆپ خىل ئامىنو كىسلاتاسى، كىراتىن قاتارلىقلار بار.

[فارماكولوگىيەلىك تەسىرى] بۇ تەبىئىي بىر خىل بىيولوگىيەلىك مۇھاپىزەت قىلغۇچى پەردە بولۇپ، يارىنىڭ پۈتۈشىنى تېزلىتىش، يۇقۇملىنىشتىن ساقلاش، كۆيۈك جاراھەتلىرىدە تاتۇقنىڭ ئالدىنى ئېلىش، نەملىكنى ساقلاش تەسىرى بار.

[لايىقلاشتۇرۇلۇشى] ساپلاشتۇرۇش، قۇرۇتۇش ئارقىلىق لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق سوغۇق.

[خۇسۇسىيىتى] جاراھەت پۈتتۈرۈش، قان توختىتىش، قۇرۇتۇش، تۇتۇش خۇسۇسىيەتلىرى بار.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر] ھەر خىل جاراھەت، ياللۇغلىنىش، يارا قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. ئۈچ گىرام تۇخۇم ئېقى پەردىسى بىلەن كۆشتە قىلىنغان بەش گىرام تۇخۇم شاكىلىنى يۇمشاق سوقۇپ، قايناق سۇغا ئارىلاشتۇرۇپ ئىچىپ بەرسە، ئىچ سۈرۈشكە ۋە قورساق ئاغرىشقا پايدا قىلىدۇ.

2. كۆشتە قىلىنغان تۇخۇم شاكىلىدىن ئۈچ گىرام، تۇخۇم ئېقى پەردىسىدىن بىر گىرام ئېلىپ يۇمشاق سوقۇپ، سىرتقى جاراھەتلەرگە سېپىپ بەرسە، جاراھەت پۈتتۈرۈپ قان توختىتىدۇ.

3. 10 گىرام تۇخۇم ئېقى پەردىسىنى 30 گىرام سۆئەلەپ مىسرى بىلەن سوقۇپ تالقانلاپ، كۈندە

ئىككى قېتىم، ھەر قېتىمدا 10 گىرامدىن قايناق سۇ بىلەن ئىچىپ بەرسە، باھنى قۇۋۋەتلەپ، مەنىي تۇتىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] 3~10 گىرامغىچە.

[زىيانلىق تەسىرى] تۇسالغۇ پەيدا قىلىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] سۈت، ھەسەل.

[ئورۇنباسارى] تۇخۇم شاكىلى كۈشتىسى.

[ۋەكىل خاراكتېرلىك پىششىق دورا ياسالمىسى] زىماتى جاراھەت.

يۇقىرىقىدىن باشقا ئاق موم، ئەڭلىكئوت، تالك، جۇزنەك، ئاقاقىيا، تازىلانغان شور، غاز تۇخۇمى شاكىلى، تاشقا ئايلانغان سۆڭەك، رۇبىبىسۇس، راتىيانەج، ئەرەب يېلىمى، موزا، كۆپكىدەريا، مۇرمەكىكى، كاتھەندى، ئېشەك سۈتى قاتارلىقلارمۇ جاراھەت يۇتتۇرگۇچى دورىلار قاتارىغا كىرىدۇ.

## بېلىق مېيى

## 比里克麦依

(**鱼油** yu you)

[باشقا ئاتىلىشى] دەھەنى سەمەك، رەۋغىنى ماھى، سەرشىم مىچىلى



بېلىق

[تونۇش] بۇ، ھەممىگە تونۇشلۇق بولغان سۇدا ياشايدىغان دېڭىز مەھسۇلاتى، بېلىقنىڭ ئۈيۈغان سۇيۇقلۇقتا ئوخشاش مېيى بولۇپ، بېلىقنىڭ قورسىقىدىن چىقىدۇ. بۇگۈنكى كۈندە بېلىقنى قايىنتىپ ئالىدۇ ۋە بېلىقنى نېپىز پالپاقلاپ قورۇپ، بېلىق مېيى تەييارلىنىدۇ. بۇ «بېلىق مېيى» نامىدا دورىلىقتا ئىشلىتىلىدۇ. (25.22 ـ رەسىم)

[چىقىش ئورنى] ئېلىمىزنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن ۋە رۇسىيە، ياۋروپا قاتارلىق دۆلەتلەردىن تېپىلىدۇ.

[يىغىپ ساقلاش] بېلىقنىڭ دورىلىق قىسمىنى چىقىرىپ، قۇتىغا ئېلىپ، ئېگىز، سالقىن جايدا ساقلىنىدۇ.

[خىمىيەلىك تەركىبى] بېلىق مېيى كىسلاتاسىنىڭ گىلىتسېرىدى، يۇمشاق ماي كىسلاتاسى، قاتتىق ماي كىسلاتاسى قاتارلىقلار بار.

[فارماكولوگىيەلىك تەسىرى] سىلىقلاشتۇرۇش، يۇمشىتىش، سۈت كۆپەيتىش، ياللۇغ قايتۇرۇش، ئاغرىق پەسەيتىش تەسىرى بار.

[لايىقلاشتۇرۇلۇشى] مېيىنى ئېلىپ لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

[تەبىئىتى] بىرىنچى دەرىجىدە ھۆل سوغۇق.

[خۇسۇسىيىتى] سەپرا خىلتىنىڭ ئۆتكۈرلۈكىنى پەسەيتىش، قان توختىتىش، يۈز تېرىسى يېرىلىش، چىرايىنى گۈزەللەشتۈرۈش، تېرىنى پارقىرىتىش، قان توختىتىش، زەخىم پۈتتۈرۈش، سۇنۇقنىڭ تۇتۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈش قاتارلىق خۇسۇسىيىتى بار.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر] ئۆپكە سىلى، قان تۈكۈرۈش، ھەر خىل زەخىم، سۇنۇق قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى] بىرلىق مىيى ئادەتتە تاماقتا ئىشلىتىلىدۇ. 10 گىرام بىرلىق مىيىنى مۇۋاپىق مىقداردا ھەسەلگە ئارىلاشتۇرۇپ يېگۈزسە، ئىشتىھاسىزلىق، قورساق ئىسسىش، باش ئاجىزلىق، سۈيدۈك، ھەيز تۇتۇلۇش قاتارلىقلارغا مەنپەئەت قىلىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] 2 ~ 10 گىرامغىچە.

[زىيانلىق تەسىرى] توسالغۇ پەيدا قىلىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] نىشاستە.

[ئورۇنباسارى] توخۇ مىيى.

[ۋەكىل خاراكتېرلىك پىششىق دورا ياسالمىسى] ھەر خىل داۋائى غىزالار.

## موي (تۈك)

## 莫依

(毛 mao)

[باشقا ئاتىلىشى] شەئرى، موئى، بال

[تونۇش] بۇ، ئادەم ۋە ھايۋانلارنىڭ بەدىنىدىكى تۈكلەرنى كۆيدۈرۈپ تەييارلانغان قىسمى بولۇپ، ئادەتتە ئىچىدىن ئىستېمال قىلىنمايدۇ. (23.25 ـ رەسىم)

[چىقىش ئورنى] ئادەم بار يەرنىڭ ھەممىسىدىن چىقىدۇ.

[يىغىپ ساقلاش] بۇ موينى ئېلىپ قۇرغاق جايدا ساقلىنىدۇ.

[لايىقلاشتۇرۇلۇشى] كۆيدۈرۈش ئارقىلىق لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

[تەبىئىتى] ئۈچىنچى دەرىجىدە قۇرۇق سوغۇق.

[خۇسۇسىيىتى] قان توختىتىش، يارىلارنى قۇرۇتۇش، زەخىم، جاراھەت ئېغىزىنى پۈتتۈرۈش قاتارلىق خۇسۇسىيىتى بار.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر] ھەرخىل زەخىم، چاقا ـ جاراھەت، مۇدۇر ـ چاقا، ھۆل ۋە قۇرۇق قىچىشقاق، تال ياللۇغى، مەقئەت چىقىقى قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. مۇۋاپىق مىقداردىكى موينى ئېلىپ، قائىدە بويىچە كۆيدۈرۈپ، سوقۇپ، سىركە بىلەن مەلھەم تەييارلاپ، ھەر خىل مۇدۇر ـ چاقا ۋە تالدىكى ياللۇغنى قايتۇرۇش ئۈچۈن يەرلىك ئورۇنغا زىمات قىلىنسا ياخشى مەنپەئەت قىلىدۇ.

2. كۆيدۈرۈلگەن موينى زەخىملەرگە چاپسا قان توختىتىپ، زەخىملەرنىڭ ساقىيىشىنى تېزلىتىدۇ، ئاغرىق، قىچىشىش قاتارلىق بىئاراملىقنى پەسەيتىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] 1 ~ 3 گىرامغىچە سىرتتىن ئىشلىتىلىدۇ.

[زىيانلىق تەسىرى] زەخىملەرنىڭ ئېغىز ئېلىشىنى توسۇپ قويىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] قوغۇن ئۇرۇقى مېغىزى، ئارپا ئۈنى.

[ئورۇنباسارى] خۇنسىياۋشان، تاباشىر.

[ۋەكىل خاراكتېرلىك پىششىق دورا ياسالمىسى] قان توختىتىش پاراشوكى.

# قوغۇشۇن

## 库尔古顺

（铅 qian）

[**باشقا ئاتىلىشى**] رىساس ئەسۋەت، ئوسرۇپ، سىسە

[**تونۇش**] بۇ، ھەممىگە تونۇشلۇق بولغان قېزىلما مەدەن دورا بولۇپ، رەڭگى ئاققا مايىل كۆك رەڭلىك مېتال، ئۆزى ناھايىتى يۇمشاق، باشقا مەدەنلەرگە نىسبەتەن ناچار، ئۇنى كۆيدۈرۈپ كۇشتە قىلىپ «قوغۇشۇن» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ. (24.25 ـ رەسىم)

[**چىقىش ئورنى**] ئېلىمىزنىڭ شىنجاڭ، خۇنەن، سىچۇەن، يۈننەن، خۇبېي، گۇاڭشى، فۇجيەن، گۇيجۇ ۋە شەرقى شىمال قاتارلىق جايلاردىن چىقىدۇ.

[**يىغىپ ساقلاش**] بۇ مەدەن دورىنى باشقا دورىلاردىن ئايرىپ، كۇشتە قىلىپ ساپلاشتۇرىدۇ.

[**لايىقلاشتۇرۇلۇشى**] كۇشتە قىلىپ لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

[**تەبىئىتى**] ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق سوغۇق.

[**خۇسۇسىيىتى**] ياللۇغ قايتۇرۇش، ئىششىق ياندۇرۇش، ھۆللۈكلەرنى قۇرۇتۇش، قان توختىتىش، جاراھەت پۈتتۈرۈش، گۆش ئۈندۈرۈش، مەنىي ئۇيۇلدۇرۇش ۋە توتۇش، ئاغرىق پەسەيتىش قاتارلىق خۇسۇسىيەتلەرگە ئىگە.

[**ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر**] قان خىلتىدىن بولغان ھەر خىل تېرە كېسەللىكلىرى، يىرىڭلىق چاقا، مەقئەت ئىششىقى، قوتۇر، بوۋاسىر، ئەمچەك، بالىياتقۇدىكى جاراھەتلەر، چوڭ بوغۇملار ئاغرىقى، كۆزدىكى يىرىڭلىق چاقا، مەنىي سۇيۇلۇپ كېتىش، كۆپ ئېھتىلام بولۇش، كۆپ سىيىش ۋە قاناش قاتارلىق كېسەللىكلەرگە ئىشلىتىلىدۇ.

[**ئىشلىتىش ئۇسۇلى**]

1. قوغۇشۇننى سوقۇپ ياكى ئېكەكلەپ يالپاق قىلىپ، گۈل يېغى بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ، خانازىر، بەز ياللۇغى ۋە ھەر خىل چاقىلارغا، تولغىشىپ قالغان پەيلەرگە تېڭىپ قويسا، ئىششىقلارنى تارقىتىدۇ، كېسەللىكنى ياخشىلايدۇ.

2. كۇشتە قىلغان قوغۇشۇن كۇشتىسىدىن 12 گىرام، مامىرانچىن، چۆپچىن، سەرسىبىل، شاھتەررىنىڭ ھەربىرىدىن 10 گىرام ئېلىپ، بۇلارنى سىركە بىلەن مەلھەم قىلىپ يەرلىك ئورۇنغا سىرتتىن چاپسا، قىچىشقاق، قوتۇر، بوۋاسىر قاتارلىقلارغا مەنپەئەت قىلىدۇ.

[**ئىشلىتىش مىقدارى**] كۇشتىسى 0.2 گىرام ئىستېمال قىلىنىدۇ.

[**زىيانلىق تەسىرى**] ئۆپكىگە زىيانلىق.

[**تۈزەتكۈچىسى**] سۈت ۋە ھەسەل.

[**ئورۇنباسارى**] قەلەي.

[**ۋەكىل خاراكتېرلىك پىششىق دورا ياسالمىسى**] قوغۇشۇن مەلھىمى.

www.uyghurkitap.com

# ئۆمۈچۈك تورى

## 欧木确克托尔热

(蜘蛛网 zhi zhu wang)

[باشقا ئاتىلىشى] نەسج ئەنكبۇت، مىكرى كاجالا

[تونۇش] بۇ، ھەممىگە تونۇشلۇق بولغان ھاشارات ئۆمۈچۈكنىڭ تورى بولۇپ، ئادەتتە كونا ئۆيلەرنىڭ تورۇسلىرىدا پەيدا بولىدۇ، رەڭگى ئاق ياكى توپا رەڭدە، بۇ «ئۆمۈچۈك تورى» نامىدا دورىلىققا ئىشلىتىلىدۇ. (25.25 ـ رەسىم)



ئۆمۈچۈك

[چىقىش ئورنى] مەملىكىتىمىزنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن چىقىدۇ.

[يىغىپ ساقلاش] ھەرقانداق ۋاقىتتا يىغىۋېلىپ، قۇرغاق، سالقىن جايدا ساقلىنىدۇ.

[لايىقلاشتۇرۇلۇشى] ساپلاشتۇرۇپ لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

[تەبىئىتى] ئۈچىنچى دەرىجىدە قۇرۇق سوغۇق.

[خۇسۇسىيىتى] قان توختىتىش، جاراھەت ئېغىزىنى پۈتتۈرۈش، گۆش ئۈندۈرۈش، يارا ئېغىزىنى تازىلاش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر] ھەر خىل يارا، جاراھەتلەر ۋە قاناشلار، كىچىك بالىلاردىكى چات ئارىلىقلىرى پىشلاقلىشىش قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى] مۇۋاپىق مىقداردا ئۆمۈچۈك تورىنى ئېلىپ يارا ئېغىزىغا سېپىپ بەرسە ياكى ئېزىپ زەخىملەنگەن ئورۇنغا زىمات قىلسا، قاناشنى توختىتىدۇ، گۆش ئۈندۈرىدۇ، يارا ئېغىزىنى تازىلايدۇ ھەم كىچىك بالىلاردىكى قولتۇق، چات ئېرىقلىرى پىشلاق بولۇشقا ناھايىتى ياخشى مەنپەئەت قىلىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] ئەھۋالغا قاراپ مۇۋاپىق مىقداردا ئىستېمال قىلىنىدۇ.

[زىيانلىق تەسىرى] زەھەرسىز بولۇپ، ئىچىدىن ئىشلىتىش كۆرسىتىلمىگەن.

[تۈزەتكۈچىسى] قىزىلگۈل يېغى.

[ئورۇنباسارى] ئۈپا.

[ۋەكىل خاراكتېرلىك پىششىق دورا ياسالمىسى] قان توختىتىش پاراشوكى.

# يىگىرمە ئالتىنچى باب   زەھەر قايتۇرغۇچى دورىلار

ئۆزىنىڭ خۇسۇسىيىتى ۋە كەيپىياتى ئارقىلىق زەھەرلەنگەن ئەزالارغا ياردەم بېرىپ، زەھەر قايتۇرۇش تەسىرى ئاساسلىق ئورۇندا تۇرىدىغان دورىلار ئومۇملاشتۇرۇلۇپ، زەھەر قايتۇرغۇچى دورىلار دېيىلىدۇ.

ھەر خىل ئىچكى ـ تاشقى سەۋەبلەر تەسىرىدىن ۋە تۈرلۈك كېسەللىكلەرنىڭ ئاسارىتىدىن بەدەندە زەھەرلىك ماددىلار كۆپىيىپ كەتسە، باشقا دورىلار ۋە يېمەك ـ ئىچمەك تەسىرىدىن ئورگانىزمدىكى مەلۇم بىر ئەزا ياكى پۈتۈن بەدەن زەھەرلەنسە، ئورگانىزمدا ماددا ئالمىشىش قالايمىقانلىشىپ، ئورگانىزمنىڭ فىزىيولوگىيەلىك خىزمىتىنى بۇزۇپ، ھەر خىل كېسەللىكلەرنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. بۇ خىل كېسەللىكلەرنى ۋاقتىدا داۋالىمىغاندا ئېغىر ئاقىۋەت كېلىپچىقىدۇ. زەھەرلىنىشنى پەيدا قىلغۇچى سەۋەبلەرنىڭ تۈرلىرى ھەر خىل بولغاچقا، زەھەر قايتۇرغۇچى دورىلارنى مۇۋاپىق تاللاپ ئىشلىتىشكە توغرا كېلىدۇ. زەھەر قايتۇرغۇچى دورىلارنىڭ كۆپىنچىلىرىنىڭ تەبىئىتى قۇرۇق ئىسسىق ياكى ھۆل ئىسسىق بولۇپ، بۇ خىل دورىلار زەھەر قايتۇرۇش، ئىششىق ياندۇرۇش، سۈيدۈك ھەيدەپ، قىچىشىشنى پەسەيتىش، ياللۇغ قايتۇرۇش، سەزگۈرلۈكنى يوقىتىش ئارقىلىق زەھەر قايتۇرىدۇ. بۇنداق دورىلار زەھەر قايتۇرغۇچى دورىلار دېيىلىدۇ. مەسىلەن: غاز قېنى، ھەرە كۆنىكى، شەھدان، بالىلار سۈيدۈكى، كاكتۇس، روشەن‑گۇل، فىروزە، كالا ئۆتى، ئات يادا تېشى، چايان، زەھرى مۆھرە، سانجىقئوت يىلتىزى، چىنار ئۇرۇقى، قىرىقئاياغ، قىزىل سىر، قىزىل چۆپچىن، كەكرى ئۇرۇقى، كۆكچاي، ئېگىر، جۆئدە، ھەببى بىلسان، قاغىتىرنىقى، قېرىقىز، زەيتۇن مېۋىسى، تاشتۇز، تېزەكچى قوڭغۇز، ياقۇت، سۇ بۆلجۈرگىنى، ئاق ماش، چەشمىخۇرۇس قارا پارپا قاتارلىقلار.

## چاكىمۇخ
## 查卡木哈
(蓬子菜 peng zi cai)

[**باشقا ئاتىلىشى**] چاكا مۇخ چۆپى

[**لاتىنچە نامى**] Herba et Radix Galium verum

[**ئىنگلىزچە نامى**] Yellow Bedstraw Hreb and Root

[**تونۇش**] بۇ، رويان ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك چاكىمۇخنىڭ پۈتۈن چۆپى بولۇپ، «چاكىمۇخ» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ.

[**چىقىش ئورنى**] چىمەنلىكلەردە، تاغ باغرىلىرىدا، ئورمان بويلىرىدا ئۆسىدۇ، شىنجاڭنىڭ ھەممە جايلىرىدىن چىقىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورىدىن چۈشۈرۈلگەن www.uyghurkitap.com

[يغىپ ساقلاش] بۇ ئۆسۈملۈكنىڭ دورىلىق قىسمىنى كۈز پەسلىدە يىغىپ، قۇرۇتۇپ، قۇرغاق ئورۇندا ساقلىنىدۇ.

[خىمىيىلىك تەركىبى] پالىزترروسىد (Palustroside)، رۇتىم، خىلىروگىنىڭ كىسلاتاسى قاتارلىقلار بار، ئۇچۇچان مېيىنىڭ تەركىبىدە مىتىئونىللىن (methyioanillin) بىلەن پىپرونال (pipronal) بار. يىلتىزىنىڭ تەركىبىدە رۇبىدىن (Rubidin) بىلەن پسۇدىپۇرپۇرىن گىلىكوزىد (Pserdepur purin glocoside) بار.

[لايىقلاشتۇرۇلۇشى] ئىلغاپ ساپلاشتۇرۇش، توغراش، قۇرۇتۇش ئارقىلىق لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

[تەبىئىتى] بىرىنچى دەرىجىدە قۇرۇق سوغۇق.

[خۇسۇسىيىتى] زەھەر قايتۇرۇش، ئىششىقنى ياندۇرۇش، سۈيدۈكنى راۋان قىلىش، قىچىشىشنى پەسەيتىش خۇسۇسىيەتلىرى بار.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر] ئۆتكۈر يەلتاشما، چاقا، سۈيدۈك تۇتۇلۇش، زەھەرلىك ھاشارات چېقىۋېلىش قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. چاكمۇخنى ئېزىپ چايان يېغىغا ئارىلاشتۇرۇپ، زەھەرلەنگەن ئورۇنغا چاپسا، زەھەر قايتۇرۇپ ئىششىق ياندۇرىدۇ.

2. چاكموخ، سەرسىبىل، چۆپچىن، زەرچۆەلەرنى 10 گىرامدىن ئېلىپ قاينىتىپ، بەدەن سىرتىدىن يۇيۇپ بەرگەندە يەلتاشمىغا شىپا بولىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] 4 ~ 12 گىرامغىچە، سىرتقى تەرەپتىن مۇۋاپىق مىقداردا.

[زىيانلىق تەسىرى] توسۇلۇش پەيدا قىلىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] كەتىرا.

[ئورۇنباسارى] شاھتەررە.

[ۋەكىل خاراكتېرلىك پىششىق دورا ياسالمىسى] ۋاننا چاكموخ.

## پاقا شىرىسى

## 怕咖西热斯

(蟾酥 chan su )

[باشقا نامى] پاقا شىرىلىك سۈيۈقلۈقى

[لاتىنچە نامى] Venenum bufonis

[ئىنگلىزچە نامى] Dried Toads Venom

[تونۇش] بۇ، چارپاقىنىڭ قۇلاق ئارقىسىدىكى بېزى ۋە تېرە بېزىدىن ئاجرىتىۋېلىنغان ئاق شىرىلىك سۈيۈقلۇقى بولۇپ، «پاقا شىرىسى» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ. (1.26 ـ رەسىم)

[چىقىش ئورنى] مەملىكىتىمىزنىڭ ھەممە جايلىرىدىن چىقىدۇ.

[يىغىپ ساقلاش] پاقىنىڭ دورىلىق قىسمىنى ئېلىپ تازىلاپ، سالقىن جايدا ساقلىنىدۇ.



پاقا

[خىمىيەلىك تەركىبى] يۇرەكنى كۇچەيتكۇچى كۆپ خىل ستېرىئوئىدلىق بىرىك-مىلەردىن تەركىب تاپقان.

[فارماكولوگىيەلىك تەسىرى] قان بېسىمىنى يۇقىرىلىتىش، شوكنىڭ ئالدىنى ئېلىش، قان ئۇيۇپ قېلىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش، نەپەسنى راۋانلاشتۇرۇش، ياللۇغ قايتۇرۇش، ئۆسمىنىڭ ئالدىنى ئېلىش تەسىرى بار.

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى] زەھەر ۋە ئىششىق ياندۇرۇش، ئاغرىق توختىتىش، ھەزىمنى ياخشىلاش، يۇرەكنى قۇۋۋەتلەش، ئىسپازما بوشىتىش خۇسۇسىيەتلىرى بار.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر] زىققە، چىش ئاغرىقى، قاپارتما، دانخورەك، يىرىڭلىق ئىششىق، يۇرەك ئاجىزلىق، باللاردىكى سوزۇلما خاراكتېرلىك ھەزىم بۇزۇلۇش، راك قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. بىر دانە توخۇ تۇخۇمىنى پاقىنىڭ تېنى بىلەن يۇگەپ، سىرتىنى قەغەز بىلەن ئوراپ، قەغەزنىڭ سىرتىدىن لاي بىلەن ئوراپ قوقاسقا كۆمۈپ پىشۇرۇپ، تۇخۇمنى ئېلىپ يەپ، ئاندىن مۇۋاپىق مىقداردا رەيھان شەربىتى ياكى زەبىپ شەربىتى ئىچىپ بەرسە، زىققىگە مەنپەئەت قىلىدۇ.

2. قۇرۇتۇلغان پاقا شىرىسىدىن ئازراق ئېلىپ (ئۇنىڭغا تەڭ مىقداردا قارىمۇچ قوشۇپ)، پاختا بىلەن ئوراپ ئاغرىغان چىشقا باسسا ياكى قۇرۇتۇلغان پاقا شىرىسىنى قۇرت يېگەن تۆشۈككە سالسا، قۇرت يېگەن چىش ئاغرىقىغا مەنپەئەت قىلىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] شىرىسىدىن 0.5 ～ 1 مىللىلىتىرغىچە، دائىم كۆمىلاچ دورىلارنىڭ ئىچىگە سېلىپ ئىچىلىدۇ، سىرتقا مۇۋاپىق مىقداردا ئىشلىتىلىدۇ.

[زىيانلىق تەسىرى] ھامىلىدار ئاياللارنىڭ ئىچىشى مەنئى قىلىنىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] ھەسەل، خۇنسىياۋشان.

[ئورۇنباسارى] چارپاقا.

[ۋەكىل خاراكتېرلىك پىششىق دورا ياسالمىسى] پاقا شىرىسى تالقىنى.

## غاز قېنى

### 阿孜克乃

### (鹅血 e xue)

[لاتىنچە نامى] Sanguis Anerinus

[ئىنگلىزچە نامى] Goose Blood

[تونۇش] بۇ، غازنىڭ قېنى بولۇپ، تەمى تۇزلۇقراق كېلىدۇ، ئازراق زەھەرلىك، مىقدارىنى ئاشۇرۇپ ئىچسە زەھەرلەيدۇ. (2.26 - رەسىم)

[چىقىش ئورنى] شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدىن چىقىدۇ.

www.uyghurkitap.com

[لايىقلاشتۇرۇلۇشى] ئادەتتىكىدەك ساپلاشتۇرۇلىدۇ.



غاز

[يىغىپ ساقلاش] بۇ قۇشنى بوغۇزلاپ، چىققان قېنىنى ئاۋايلاپ ئې-لىپ، سوغۇق، خالىي جايدا ساقلىنىدۇ.

[تەبىئىتى] بىرىنچى دەرىجىنىڭ ئاۋۇلىدا ھۆل ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى] زەھەر قايتۇرۇش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر] زەھەرلىك ئوقيا ھەم دورىلاردىن زەھەرلە-نىش قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. زەھەرلىك ئوقيا بىلەن يارىلانغان، كىشلەرگە ئىچكۈزسە ھەم سىرتى-دىن سۇركەپ بەرسە، زەھەر قايتۇرىدۇ.

2. دورا بىلەن زەھەرلەنگەنلەرگە ئىچكۈزۈلسە، زەھەر قايتۇرىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] سىرتىدىن ئەھۋالغا قاراپ مۇۋاپىق مىقداردا، ئىچىدىن 3 ~ 10 گىرامغىچە بېرىلىدۇ.

[زىيانلىق تەسىرى] قاننى بۇزىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] سۈت.

[ئورۇنباسارى] زەھرى مۆھرە.

[پىششىق دورا ياسالمىسى] زىماتى زەھرى مۆھرە.

## ھەرە كۆنىكى

## 哈热库呢克

(蜂房 feng fang)

[باشقا ئاتىلىشى] ھەرە ئۇۋىسى

[لاتىنچە نامى] Nidus Vespae

[ئىنگلىزچە نامى] Wasps Nest

[تونۇش] بۇ، ھەممىگە تونۇش بولغان چوڭ سېرىق ھەرە ياكى سېرىق ھەرىنىڭ ئۇۋىسى بولۇپ، شەكلى يۇمىلاق، رەڭگى ئاقۇچ كۈل رەڭ كېلىدۇ، ئارقا تەرىپىدە سېپى بولىدۇ، ئالدى تەرىپىدە ئالتە بۇرجەكلىك تۆشۈكلەر بولىدۇ. «ھەرە كۆنىكى» ياكى «ھەرە ئۇۋىسى» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ. (3.26 ـ رەسىم)

[چىقىش ئورنى] پىشايۋانلاردا، تام تۆشۈكلىرىدە، ئېگىز ئوتلاقلاردا، تاشلارنىڭ ئارىلىرىدا بولىدۇ. شىنجاڭنىڭ ھەممە يەرلىرىدىن تېپىلىدۇ.

[يىغىپ ساقلاش] بۇ ھەرە كۆنىكىنى ئېلىشتا، چىقۋېلىشتىن ساقلانغان ئاساستا ئېلىپ، سوغۇق ۋە سالقىن جايدا ساقلىنىدۇ.

[خىمىيىلىك تەركىبى] گىلۇكوزا، دەرەخ يېلىمى، مېۋە قەنتى، ھەسەل مومى، ھەسەل يېلىمى، بىر

قىسىم ئۇچۇچان مايلار، فوسفور، تۆمۈر، كالتسىي ماددىلىرى ۋە باشقا ئارىلاشما ماددىلار بار.

[**فارماكولوگىيەلىك تەسىرى**] زەھەر قايتۇرۇش تەسىرى، جاراھەتلەرنى پۈتتۈرۈش تەسىرى، ياللۇغ قايتۇ-رۇش تەسىرى بار.

[**لايىقلاشتۇرۇلۇشى**] ئىلغاپ ساپلاشتۇرۇلىدۇ.

[**تەبىئىتى**] بىرىنچى دەرىجىدە قۇرۇق سوغۇق.

[**خۇسۇسىيىتى**] يەل ھەيدەش، زەھەر قايتۇرۇش، قۇرتلارنى ئۆلتۈرۈش، ئاغرىق پەسەيتىش، ياللۇغ قايتۇرۇش، قان تازىلاش، باھنى قۇۋۋەتلەش خۇسۇسىيەتلىرى بار.

[**ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر**] قورساق ئېسىلىش، دورىلاردىن زەھەرلىنىش، بوۋاسىر، ھەر خىل جاراھەت، سۈت بېزى ياللۇغى، غەلۋىرەك، جاھىل تەمرەتكە، تېرە ياللۇغى، چىش ئاغرىقى قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[**ئىشلىتىش ئۇسۇلى**]

ھەرە كۆنىكىدىن 12 گىرام، غازتاپاندىن 35 گىرام، سېمىزئوتتىن 25 گىرام ئېلىپ قايىنتىپ، سۈيىدە يەرلىك ئورۇننى يۇسا، بوۋاسىردىكى ئاغرىشقا مەنپەئەت قىلىدۇ.

2. ھەرە كۆنىكى، زەمچىدىن 12 گىرامدىن، ئەمەن يوپۇرمىقىدىن 20 گىرام، سەپرا ئوت يىلتىزى پوستىدىن 15 گىرام ئېلىپ، قائىدە بويىچە سۇدا قايىنتىپ، يەرلىك ئورۇننى يۇسا، جاھىل تەمرەتكە ۋە تېرە ياللۇغىغا مەنپەئەت قىلىدۇ.

[**ئىشلىتىش مىقدارى**] 3 ～ 6 گىرامغىچە.

[**زىيانلىق تەسىرى**] ئاشقازانغا زىيان قىلىدۇ.

[**تۈزەتكۈچىسى**] سۈت.

[**ئورۇنباسارى**] ھەسەل.

[**ۋەكىل خاراكتېرلىك پىششىق دورا ياسالمىسى**] ھەرە كۆنىكى تالقىنى.

## شەھدان

## 沙也旦

## (金莲花 jin lian hua)

[**باشقا ئاتىلىشى**] ئالتاي شەھدىنى گۈلى، تەۋەككۇل چاي

[**لاتىنچە نامى**] Flos Trollius altaicus

[**ئىنگلىزچە نامى**] Altai Globeflo wer

[**تونۇش**] بۇ، ئېيىقتاپانلىقلار ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك ئالتاي شەھدىنى بولۇپ، بۇ ئۆسۈملۈكنىڭ گۈلى «شەھدان» ياكى «تەۋەككۇل چاي» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ. بۇ گۈلنىڭ رەڭگى ئالتۇندەك سېرىق رەڭدە، تەمى قېرىق كېلىدۇ.

[**چىقىش ئورنى**] شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن چىقىدۇ.

[يغىپ ساقلاش] ئەتىياز ۋە ياز پەسلىدە گۈلى ئېچىلىدۇ، گۈلى ئېچىلغاندا يىغىۋېلىپ، گۈل بەرگىنى ئايرىپ، سايىغا يېيىپ قۇرۇتۇپ، قۇرغاق ئورۇندا ساقلىنىدۇ.

[خىمىيەلىك تەركىبى] شەھدانىنىڭ تەركىبىدە بىيولوگىيەلىك ئىشقار ۋە فىلاۋونلار بار.

[فارماكولوگىيەلىك تەسىرى] ياللۇغ قايتۇرۇش، مىكروب ئۆلتۈرۈش تەسىرى بار.

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق سوغۇق.

[خۇسۇسىيىتى] هارارەت پەسەيتىش ۋە زەھەر قايتۇرۇش خۇسۇسىيىتى بار.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر] سوزۇلما خاراكتېرلىك بادامبەز ياللۇغى، ئوتتۇرا قۇلاق ياللۇغى، ئۆتكۈر قۇلاق پەردە ياللۇغى، ئۆتكۈر لىمفا كانىلى ياللۇغى قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. شەھدان، سەپدە (جۇخار) گۈلىدىن 12 گىرام، خام چۇچۇكبۇيىدىن تۆت گىرام ئېلىپ قاينىتىپ ئىچسە، سوزۇلما خاراكتېرلىك بادامبەز ياللۇغى، ئۆتكۈر قۇلاق ياللۇغى، ئۆتكۈر لىمفا كانىلى ياللۇغىغا مەنپەئەت قىلىدۇ.

2. شەھدان، نېلۇپەر، بىنەپشىنىڭ ھەر بىرىدىن 10 گىرام ئېلىپ، مۇۋاپىق مىقداردىكى سۇدا قائىدە بويىچە قاينىتىپ ئىچسە، سوزۇلما خاراكتېرلىك بادامبەز ياللۇغىغا مەنپەئەت قىلىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] 4～8 گىرامغىچە.

[زىيانلىق تەسىرى] قەۋزىيەت قىلىپ قويىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] ھەسەل سۈيى، بادام مېغىزى.

[ئورۇنباسارى] قىزىلگۈل.

[ۋەكىل خاراكتېرلىك پىششىق دورا ياسالمىسى] شەھدان قاينىتىلمىسى.

## كاكتۇس
## 卡克吐斯
## （仙人掌 xian ren zhang）

[باشقا ئاتىلىشى] رېپىدە گۈل

[لاتىنچە نامى] Caulis Opuntia dillenii

[ئىنگلىزچە نامى] Cholla Stem

[تونۇش] بۇ، كاكتۇس ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق گۆشلۈك ئۆسۈملۈك كاكتۇسنىڭ يىلتىزى ۋە غولىدىن ئىبارەت. (4.26 - رەسىم)

[چىقىش ئورنى] ئەسلىي ئامېرىكا قىتئەسىدە ئۆسەتتى، ھازىر مەملىكىتىمىزنىڭ ھەممە يېرىدە ئۆستۈرۈلۈۋاتىدۇ.

[يىغىپ ساقلاش] بۇ ئۆسۈملۈكنىڭ دورىلىق قىسمىنى كۈز پەسلىدە يىغىپ قۇرۇتۇپ، قۇرغاق ئورۇندا ساقلىنىدۇ.

**[خىمىيىلىك تەركىبى]** تەركىبىدە ئالكالوئىدلىق تەركىبلەردىن بىتتىدىن Beetdine ، بىت كاربامازىپىن Beet carbamazepine ، فىلاۋونلۇق تەركىبلەردىن ئالما كىسلاتاسى، كالىي كاربونات، دەرەخ يېلىمى، ئاقسىل، ماي، قەنت قاتارلىقلار بار.

**[فارماكولوگىيەلىك تەسىرى]**

1. قان قەنتىنى تۆۋەنلىتىدۇ. ھايۋان تەجرىبىسىدە ئىسپاتلىنىشىچە، كاكتۇس تالقىنى ئاللوكسان (alloxar) كەلتۈرۈپ چىقارغان چوڭ چاشقاننىڭ قان قەنت مىقدارىنى تۆۋەنلەتكەن ھەم قان قەنتى تۆۋەنلىتىش تەسىرى دورا دوزىسى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان.

2. كاكتۇسنىڭ ئېكستراكتلاپ ئېلىۋېلىنغان ماددىسى ئىممۇنىتېت ئىقتىدارىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش رولىغا ئىگە. تەجرىبىدە ئىسپاتلىنىشىچە، كاكتۇسنىڭ ئېكستراكتلاپ ئېلىۋېلىنغان ماددىسىنى كىچىك چاشقانغا بەرگەندە تال كۆرسەتكۈچىنى، قورساق بوشلۇقى زور يۇتقۇچى ھۈجەيرىنىڭ يۇتۇش، ئاق قان ھۈجەيرىسىنىڭ ئومۇمىي سانىنى كۆپەيتىش رولىنى بەرگەن.

3. كاكتۇسنىڭ ئېكستراكتلاپ ئېلىۋېلىنغان ماددىسى باھنى قۇۋۋەتلەش رولىغا ئىگە.

4. كاكتۇسنىڭ ئېكستراكتلاپ ئېلىۋېلىنغان ماددىسى ھارغىنلىقنى تۈگىتىش، ئوكسىگېن كەملىك-كە بولغان چىدامچانلىقنى ئاشۇرۇش تەسىرىنى بەرگەن.

5. ئۆتكۈر باكتېرىيەلىك تولغاقنى داۋالاش تەسىرىگە ئىگە.

**[لايىقلاشتۇرۇلۇشى]** يۇيۇش، قۇرۇتۇش ئارقىلىق لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

**[تەبىئىتى]** ئىككىنچى دەرىجىدە ھۆل سوغۇق.

**[خۇسۇسىيىتى]** زەھەر قايتۇرۇش، يەل ھەيدەش، ئىششىق ياندۇرۇش، يۆتەل توختىتىش، ئاغرىق پەسەيتىش خۇسۇسىيىتى بار.

**[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر]** ئاشقازان ئاغرىقى، ئاشقازان يارىسى، تولغاق، گال ئاغرىقى، بوۋاسىر، كۆيۈك، ھۆل تەمرەتكە، گۆرەن بەز ياللۇغى، ئۆتكۈر سۈت بېزى ياللۇغى، چاقا، جاراھەت قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

**[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]**

1. كاكتۇستىن 20 گىرام ئېلىپ، مۇۋاپىق مىقداردىكى سۇدا 15 ~ 20 مىنۇت ئەتراپىدا قاينىتىپ ئىچسە، ئاشقازان ئاغرىقى، گال ئاغرىقى ۋە ئاشقازان يارىسىغا شىپا بولىدۇ، يەل ھەيدەيدۇ.

2. بابۇنە، ئىكلىلمىلىك، كاكتۇسلاردىن 10 گىرامدىن ئېلىپ، مۇۋاپىق مىقدردىكى ئەرقى گۈل بىلەن زىمات تەييارلاپ، گۆرەن بەز ياللۇغى ھەم ئۆتكۈر سۈت بېزى ياللۇغىدا يەرلىك ئورۇنغا چاپسا مەنپەئەت قىلىدۇ.

**[ئىشلىتىش مىقدارى]** ھۆلىدىن 50 ~ 100 گىرامغىچە قاينىتىپ ئىچىشكە بولىدۇ، سىرتتىن ئىشلە-تىشتە ئېزىپ چاپسا بولىدۇ.

**[زىيانلىق تەسىرى]** سوغۇق مىزاجلىقلارغا زىيان قىلىدۇ.

**[تۈزەتكۈچىسى]** زىرە.

**[ئورۇنباسارى]** لىمون.

**[ۋەكىل خاراكتېرلىك پىششىق دورا ياسالمىسى]** زىماتى كاكتۇس.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# روشەنگۈل

## 如仙古丽

(天山千里光 tian shan qian li guang)

[باشقا ئاتىلىشى] روشەنگۈل چۆپى

[لاتىنچە نامى] Herba Senecio tian schanicus

[ئىنگلىزچە نامى] Groundsel Herb

[تونۇش] بۇ، مۇرەككەپ گۈللۈكلەر ئائىلىسىدىكى بىر يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك بولۇپ، بۇ ئۆسۈملۈكنىڭ پۈتۈن چۆپى «روشەنگۈل» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ. (5.26 ـ رەسىم)

[چىقىش ئورنى] تاغ باغرىلىرى، ئورمان ياقىلىرى، ئوتلاقلاردا ئۆسىدۇ، رايونىمىزنىڭ ھەممە يەرلىرىدىن تېپىلىدۇ.

[يىغىپ ساقلاش] ئەتىياز ۋە ياز پەسلىدە گۈلى ئېچىلىدۇ، گۈلى ئېچىلغاندا يىغىۋېلىپ، گۈل بەرگىنى ئايرىپ، سايىغا يېيىپ قۇرۇتۇپ، قۇرغاق ئورۇندا ساقلىنىدۇ.

[خىمىيەلىك تەركىبى] روشەنگۈل ئىشقارى، β ـ كاروتىن، ھىدىروخىنون، سالىتسىلىك كىسلاتاسى (Salicylic acid) قاتارلىقلار بار.

[فارماكولوگىيەلىك تەسىرى] تولغاق باكتېرىيەسى، ئالتۇن رەڭلىك ئۈزۈمسىمان شارچە باكتېرىيەسى، كېزىك باكتېرىيەسى، قوشۇمچە كېزىك باكتېرىيەسى قاتارلىقلارغا ئۇنۇمى ناھايىتى ياخشى، جىنسىي يول تامچە قۇرتىنى ئۆلتۈرۈش رولى بار.

[لايىقلاشتۇرۇلۇشى] ساپلاشتۇرۇش، قۇرۇتۇش ئارقىلىق لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە ھۆل سوغۇق.

[خۇسۇسىيىتى] زەھەر قايتۇرۇش، قىزىتما پەسەيتىش، ئىششىق ياندۇرۇش، ياللۇغ قايتۇرۇش، چىرىشنى يوقىتىش، گۆش ئۈندۈرۈش، جىگەرنى قۇۋۋەتلەپ، كۆزنى روشەنلەشتۈرۈش خۇسۇسىيەتلىرى بار.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر] يىرىڭلىق ئىششىق، غەلۋىرەك، تەمرەتكە، تېرە ياللۇغى، زەھەرلىك يىلان چېقىۋېلىش، كۆز بىرىكتۈرگۈچى پەردىسىنىڭ ئۆتكۈر ياللۇغى، يۇتقۇنچاق ياللۇغى قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. روشەنگۈلنىڭ ھۆل چۆپىنى سوقۇپ، يانجىپ، يەرلىك ئورۇنغا چېپىپ ياكى 70 ~ 105 گىرام روشەنگۈلنى سۇدا قاينىتىپ ئىچسە، يىرىڭلىق ئىششىق، غەلۋىرەك، تەمرەتكە، تېرە ياللۇغى، زەھەرلىك يىلان چېقىۋېلىش قاتارلىقلارغا مەنپەئەت قىلىدۇ.

2. سانجىقئوتتىن توققۇز گىرام، روشەنگۈلدىن 12 گىرام، يالپۇزدىن ئالتە گىرام، قىرىقىز ئۇرۇقىدىن ئالتە گىرام، زىرىقتىن ئالتە گىرام ئېلىپ چالا سوقۇپ قاينىتىپ، سۈيىنى ئىچىپ بەرسە، كۆز بىرىكتۈرگۈچى پەردە ياللۇغى ۋە يۇتقۇنچاق ياللۇغىغا شىپا بولىدۇ.

3. روشەنگۈل، شاتۇت، مامىرانچىن قاتارلىقلارنى 10 گىرامدىن ئېلىپ قايىنىتىپ ئىچسە، گال ياللۇغىغا شىپا بولىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] 12 ~ 20 گىرامغىچە.

[زىيانلىق تەسىرى] ئاشقازانغا زىيان قىلىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] ھەسەل.

[ئورۇنباسارى] نىلۇپەر.

[ۋەكىل خاراكتېرلىك پىششىق دورا ياسالمىسى] روشەنگۈل قايىنىتىلمىسى.

## فىروزە

## 黑如占吉

## （绿松石 lu song shi）

[باشقا ئاتىلىشى] فىيروزەج، پىزۇزە

[لاتىنچە نامى] Turquoise chinensis

[ئىنگلىزچە نامى] Tircois



فىروزە

[تونۇش] فىروزە كۆك ياكى يېشىل رەڭلىك، ساپ، سۈزۈك، تىنىق-سىز، ئېسىل، ئەتىۋار بىر خىل مىنېرال ماددا. ئۇ ھازىر خەلقئارادا ئەڭ ئېسىل زىننەت بۇيۇملىرىنىڭ بىرى بولغان گۆھەر تاشلىرى قاتارىدا ئەتىۋار-لىنىدۇ، باھاسىمۇ ناھايىتى قىممەت. ئۇيغۇر تېبابىتىدە دورىلىق ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغىنى ھەجمى چوڭراق، رەڭگى تەكشى، سۈزۈك، دۇغسىز كەل-گىنى ياخشىسى ھېسابلىنىدۇ. كىلاسسىك تېبىبىي كىتابلاردا فىروزەگە ئى-چارنىڭ پۈرىقى تەسىر قىلسا ياكى ياغلىق نەرسە تەگسە، سۈپىتىگە تەسىر يېتىدىغانلىقى، شۇڭا بۇلار بىلەن بىرگە قويماسلىق ئالاھىدە تەكىتلەنگەن.

[چىقىش ئورنى] كانادا، رۇمىنىيە قاتارلىق دۆلەتلەردىن چىقىدۇ.

[يىغىپ ساقلاش] كانلاردىن كولاپ قېزىپ ئېلىپ ساپلاشتۇرۇپ، ھەر خىل رەڭلەردىن تەييارلىنىدۇ. سۈپىتىگە كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن پۇراقلىق (ئىپار تەركىبلىك) ئىس - تۈتەك، ھور مايلاردىن خالىي جايلاردىن ساقلىنىدۇ.

[خىمىيەلىك تەركىبى] تەركىبىدە ئالىيۇمىن ھىدروفوسفور ۋە كوپېروم ھىدروفوسفور بار ۋە ئاز مىقداردا تۆمۈر بار.

[لايىقلاشتۇرۇلۇشى] كۆشتە قىلىپ لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

[تەبئىتى] بىرىنچى دەرىجىدە سوغۇق، ئۈچىنچى دەرىجىدە قۇرۇق.

[خۇسۇسىيىتى] زەھەر قايتۇرۇش، خۇشلۇق كەلتۈرۈش، يۈرەك ۋە مېڭىنى قۇۋۋەتلەش، روھنى ئۇرغۇتۇش، ئاشقازاننى قۇۋۋەتلەش، كۆرۈش قۇۋۋىتىنى ئاشۇرۇش خۇسۇسىيىتى بار.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر] مېڭە ئاجىزلىقى، يۈرەك ئاجىزلىقى، يۈرەك رىتىمسىزلىقى، مالىخولىيا، ئۇنتۇغاقلىق، سەرگى، نېرۋا ئاجىزلىقى، بۆرەك ۋە دوۋساقتا تاش چۈشۈش، قان ئازلىق، ئىچ سۈرۈش، ئۈچەي جاراھىتى، كۆرۈش قۇۋۋىتى ئاجىزلىقى، ئاشقازان ئاجىزلىقى، ھەر خىل زەھەرلىنىش قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. فىروزە كۇشتىسىنى مۇۋاپىق مىقداردا ئىستېمال قىلسا، چايانىڭ زەھىرىنى قايتۇرىدۇ.

2. ئىككى گىرام فىروزە كۇشتىسىنى ھەسەل بىلەن قوشۇپ ئىچسە، سەرگىگە مەنپەئەت قىلىدۇ.

3. فىروزە كۇشتىسىدىن 1.5 گىرامغىچە، مەرۋايىت كۇشتىسىدىن ئىككى گىرام ئېلىپ، ئارىلاشتۇرۇپ سۇفۇپ قىلىپ ئىستېمال قىلسا، بۆرەك ۋە دوۋساقتا تاش چۈشۈشنى توسىدۇ. كۆزگە تارتسا، كۆزگە تىرناقسىمان گۆش ئۆسۈشنى توسىدۇ.

4. 1 گىرام فىروزە كۇشتىسىنى ئالما ياكى ئانار شەربىتى بىلەن قوشۇپ ئىچسە، يۈرەك زەئىپلىشىش، يۈرەك رىتىمسىزلىقى، يۈرەك قوزغىلىش قاتارلىقلارغا شىپا بولىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] ئىچىدىن كۇشتىسىنى 0.8 ~ 2 گىرامغىچە، سىرتتىن مۇۋاپىق مىقداردا ئىشلەتسە بولىدۇ.

[زىيانلىق تەسىرى] بۆرەككە زىيان قىلىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] كەترا.

[ئورۇنباسارى] زەھرى مۆھرە، ھېقىق تېشى.

[پىششىق دورا ياسالمىسى] كوھلى سۇرمە.

## كالا ئۆتى

## 卡拉欧提

(牛胆 niu dan)

[باشقا ئاتىلىشى] گائىكاپەتتى

[لاتىنچە نامى] Fel Bovis

[ئىنگلىزچە نامى] Ox Gall



كالا

[تونۇش] بۇ، كالا ئائىلىسىدىكى ھايۋانات كالىنىڭ ئۆتىدىن ئىبارەت بولۇپ، كالا سويغاندا يىغىۋېلىپ سايىدا قويۇپ قۇرۇتۇلىدۇ، قۇرۇتۇلغانلىرى يېشىلغا مايىل قوڭۇر، تەمى ئاچچىق، پۇرىقى سېسىق كېلىدۇ. (6.26 ـ رەسىم)

[چىقىش ئورنى] مەملىكىتىمىز ۋە شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ھەممە جايلىرىدىن چىقىدۇ.

[يىغىپ ساقلاش] كالىنى بوغۇزلاپ، ئىچىنى يېرىپ، ئۆتنى

ئاۋايلاپ ئېلىپ، ئاپتاپتا قۇرۇتۇپ سوغۇق جايدا ساقلىنىدۇ.

**[خىمىيەلىك تەركىبى]** كالا ئۆتى سۈيۈقلۇقىدا سۇدىن باشقا يەنە ئۆت سۈيۈقلۇق تۇزلىرى، ئۆت پىگمېنتى (Bilepigmeut)، ئاقسىل، فوسفاتلىق مايلار، فوسفات كىسلاتا قاتارلىق ئانورگانىك تۇزلار بار.

**[لايىقلاشتۇرۇلۇشى]** قۇرۇتۇپ ساپلاشتۇرۇلىدۇ.

**[تەبىئىتى]** ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق سوغۇق.

**[خۇسۇسىيىتى]** زەھەر قايتۇرۇش، قان توختىتىش، جاراھەت ۋە يارىنى پۈتتۈرۈش، مەنىي كۆپەيتىش، مەنىي تۇتۇش، ئۆت ۋە جىگەرنى قۇۋۋەتلەش، تۇسالغۇلارنى ئېچىش، كۆزنى روشەنلەشتۈرۈش، گال بوغۇلۇشنى ياخشىلاش، قان تازىلاش خۇسۇسىيىتى بار.

**[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر]** ھەر خىل زەھەرلىنىش، بۇۋاسىر، ئۆت، جىگەر، كۆز، مەقئەت كېسەللىكلىرى، يىرىڭلىق جاراھەت، تەمرەتكە، قىچىشقاق ۋە گال ئاغرىقلىرىغا ئىشلىتىلىدۇ.

**[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]**

1. كالا ئۆتىنى زەپەر بىلەن ئېزىپ، كۆزگە سۈرمە قىلىپ تارتسا، كۆزنى روشەنلەشتۈرىدۇ.

2. كالا ئۆتىنى تۇغرىغۇ ۋە ئادراسمان ئۇرۇقى بىلەن قوشۇپ مەلھەم قىلىپ سىرتتىن چاپسا، چاچ كېپەكلىشىشكە پايدا قىلىدۇ.

3. كالا ئۆتىنى ھەسەل بىلەن بىرگە غار - غار قىلسا، گالنىڭ بوغۇلۇشىنى ياخشىلايدۇ.

4. كالا ئۆتىنى ئەرقى پۈدىنە، ئەرقى شىۋاق ۋە ئەرقى شاھتەررە بىلەن قوشۇپ ئىچسە، بۇۋاسىرغا پايدا قىلىدۇ.

5. كالا ئۆتىنى ئېزىپ، ھەسەل بىلەن يەرلىك ئورۇنغا چاپسا، مەقئەت يارىسىغا مەنپەئەت قىلىدۇ.

6. كالا ئۆتىنى راتىيانەج، تۇغرىغۇ، كاتھىندى، مامىرانچىن قاتارلىقلار بىلەن مەلھەم قىلىپ چاپسا، يىرىڭلىق جاراھەت ۋە تەمرەتكىلەرگە پايدا قىلىدۇ.

7. كالا ئۆتىنى سوقۇپ قېتىق بىلەن ئىچسە، ئىچ سۈرۈشنى توختىتىدۇ.

8. كالا ئۆتىگە نوقۇتنى چىلاپ بىرقانچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن ئىستېمال قىلسا، مەنىينى كۆپەيتىدۇ.

**[ئىشلىتىش مىقدارى]** 0.1~0.3 گىرامغىچە.

**[زىيانلىق تەسىرى]** باشنى قايدۇرىدۇ.

**[تۈزەتكۈچىسى]** ھەسەل.

**[ئورۇنباسارى]** زەھرى مۆھرە.

**[ۋەكىل خاراكتېرلىك پىششىق دورا ياسالمىسى]** كوھلى پەتتى.

**[قوشۇمچە]** كالا ئۆتىنى تازىلاش ئۇسۇلى: يېڭى سويۇلغان كالا ئۆتىدىن 100 گىرام ئېلىپ، ئاليۇمىن ياكى قەلەيدىن ياسالغان قاچىغا سېلىپ، 25 گىرام قالغۇچە قايناتىپ سۈيىنى پارلاندۇرۇۋېتىپ، قالغان قىسمىنى شىشىگە قاچىلاپ ئۈستىگە 75% لىك ئىسپىرتتىن قوشۇپ شىشىنىڭ ئاغزىنى ئېتىۋېتىپ، ئىسپىرت پارغا ئايلىنىپ كەتكەندىن كېيىن تىگىدە قالغان ئۆتنى پاكىز ئېلىپ، مەخسۇس قاچىلاردا قويۇپ قۇرۇتۇپ ئىشلىتىلىدۇ. بۇنىڭ تەسىرى ئۆتنىڭ تەسىرىدىن كۆپ ياخشى بولۇپ، ئۇ يۇمشىتىش، جاراھەت پۈتتۈرۈش، تۇتۇش، ھەزىمنى ياخشىلاش، بەدەننى قۇۋۋەتلەش قاتارلىق تەسىرگە ئىگە.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# ئات يادا تېشى
# 阿提亚达特西
(马宝 ma bao)

[باشقا ئاتىلىشى] ئات تېشى

[لاتىنچە نامى] Calculus Equi

[ئېنگلىز نامى] Horse bezoar

[تونۇش] بۇ، ئاتنى ئۆلتۈرگەندە ئاتنىڭ ئۈچەي يوللىرى ياكى قېرىنىدىن چىقىدىغان قاتتىق، ئېغىر، تەمى تېتىقسىز، ئازراق سېسىق پۇرايدىغان، شەكلى يۇمىلاق ياكى تۇخۇم شەكىللىك، ئازراق پارقىراقلىقى بار بىر خىل تاشتىن ئىبارەت بولۇپ، «ئات يادا تېشى» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ. چوڭ، قاتتىق، سىلىق، پارقىراق، ئاقۇچ كۆل رەڭ بولغىنى ئەڭ ياخشىسىدۇر. (7.26 ـ رەسىم)

[چىقىش ئورنى] شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدىن، خېيلۇڭجياڭ، جىلىن، لياۋنىڭ، ئىچكى موڭغۇل، شىزاڭ، يۈننەن قاتارلىق جايلاردىن چىقىدۇ.

[يىغىپ ساقلاش] بۇ ھايۋاننى ئۆلتۈرۈپ، ئىچكى ئەزالىرىنى ئايرىپ، دورىلىق قىسمىنى ئېلىپ، سوغۇق جايدا ساقلىنىدۇ.

[خىمىيەلىك تەركىبى] كالتسىي كاربونات، ماگنىي فوسفات، ماگنىي كاربونات قاتارلىق ماددىلار بار.

[لايىقلاشتۇرۇلۇشى] ئادەتتىكىدەك ساپلاشتۇرۇلىدۇ.

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى] ئاغرىق پەسەيتىش، بەلغەم بوشىتىش، قان توختىتىش، جاراھەت پۈتتۈرۈش، ئىسپازما بوشىتىش، زەھەر قايتۇرۇش خۇسۇسىيەتلىرى بار.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر] يۆتەل، سەرئى، قان تۈكۈرۈش، قان قۇسۇش، غەلۋىرەك قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. ئات يادا تېشى، خۇنسىياۋشان بەش گىرامدىن، تاباشىردىن ئۈچ گىرام ئېلىپ سوقۇپ ئىچسە، قان توختىتىش تەسىرىنى بېرىدۇ.

2. ئات يادا تېشىدىن يەتتە گىرام، جاراھەت تېشىدىن بەش گىرام، ئانار پوستىدىن بەش گىرام ئېلىپ سوقۇپ، جاراھەت بار ئورۇنغا سەپسە، جاراھەت پۈتتۈرىدۇ.

3. ئات يادا تېشىدىن بەش گىرام، كالا ئۆتى، چايانىدىن ئۈچ گىرامدىن ئېلىپ سوقۇپ، مۇۋاپىق مىقداردا ئىچسە، زەھەر قايتۇرىدۇ.

4. ئات يادا تېشىدىن 10 گىرام، زوپا، گاۋزىبان، گۈلبىنەپشە قاتارلىقلاردىن ئالتە گىرامدىن ئېلىپ، سوقۇپ سۇفۇپ قىلىپ، مۇۋاپىق مىقداردا ئىچىپ بەرسە، يۆتەل توختىتىدۇ، بەلغەم بوشىتىپ، نەپەسنى راۋانلاشتۇرىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] بىر گىرامغىچە.

[زىيانلىق تەسىرى]  زەھەرسىز.
[ئورۇنباسارى]  پادىزەھىرى ھايۋانىي.
[ۋەكىل خاراكتېرلىك پىششىق دورا ياسالمىسى] سۇفۇپى چايان.

## چايان
## 查洋
## (全蝎 quan xie)

[باشقا ئاتىلىشى]  ئەقرەب
[لاتىنچە نامى]  Scorpio
[ئىنگلىزچە نامى]  Scorpion



چايان

[تونۇش] بۇ، ئامبۇرسىمان سېرىقئېشەك ئائىلىسىدىكى ھايۋانات چاياننىڭ قۇرۇتۇلغان تېنىدىن ئىبارەت بولۇپ، ياز ۋە كۈز پەسىللىرىدە تۇتۇۋېلىپ، سۇزۇك سۇ ياكى تۇز سۇيىدە يۇيۇپ، لاي ۋە توپىلىرى چىقىرىۋېتىلىدۇ، ئاندىن قازانغا سېلىپ چايان چۆككۈچە سۇ قۇيۇلىدۇ، ئۈستىگە بىر جىڭ چايانغا 50 ~ 60 گىرامغىچە تۇز سېلىپ، چاياننىڭ دۈمبىلىرىگە سىزىق پەيدا بولغۇچە ۋە بەدىنى قاتقۇچە قايناتىپ، سۈزۈپ ئېلىپ، سالقىن جايدا قۇرۇتۇلىدۇ، ئاپتاپتا قۇرۇتۇشقا بولمايدۇ، ئۇنىڭ يۇقىرىقىدەك قۇرۇتۇلغان تېنى «چايان» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ. (8.26 ـ رەسىم)

[چىقىش ئورنى] ئېلىمىزنىڭ خېنەن، سەندۇڭ، لياۋنىڭ قاتارلىق جايلىرىدىن ھەمدە رايونىمىز شىنجاڭنىڭ ھەممە يەرلىرىدىن ھەم چەت ئەللەردىن چىقىدۇ.

[يىغىپ ساقلاش] بۇ ئۆسۈملۈكنىڭ دورىلىق قىسمىنى كۈز پەسلىدە يىغىپ قۇرۇتۇپ، قۇرغاق ئورۇندا ساقلىنىدۇ.

[خىمىيەلىك تەركىبى]  چايان زەھىرى (Katsutoxin) بولۇپ، بۇ چايان زەھىرىنىڭ بىر خىل ئاقسىلىدىن ئىبارەت. تىرىمېتىلامىن (Trimethylamine)، بېتائىن (Betain)، يۇمشاق ماي كىسلاتاسى، ئامىنو كىسلاتا تۈرلىرى بار.

[فارماكولوگىيەلىك تەسىرى] 1. چاياندىن ھەر كۈنى بىر گىرام ئىشلەتسە، تارتىشىشقا قارشى تۇرالايدۇ.
2. چايان تىنكتورىسى ۋە قايىنىتىلمىسى ۋېنادىن كىرگۈزۈلسە، قان بېسىمنى چۈشۈرىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

[لايىقلاشتۇرۇلۇشى] قۇرۇق قورۇپ لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

[تەبىئىتى] ئۈچىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى] زەھەر قايتۇرۇش، پەي، مۇسكۇللارنى چىڭىتىش، چاچ قۇۋۋەتلەش، ئىسپازما بوشىتىش، ئاغرىق پەسەيتىش، يەل ھەيدەش، ئارتۇق گۆشنى يوقىتىش، بۆرەك ۋە دوۋساقتىكى تاشلارنى پارچىلاش، سۈيدۈك ھەيدەش خۇسۇسىيەتلىرى بار.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر] زەھەرلىنىش، پالەچ، لەقۋا، ئىسترخا، بوغۇم ئاغرىقى، كۆز ئاغرىقى، سۈيدۈك يولىدىكى تاش ۋە يىرىڭلىق جاراھەت، ئاق ۋە قارا داغ، چاچ چۈشۈش، بەرەس، چاقا، بوۋاسىر قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. چاياننىڭ يېغىنى چىقىرىپ يەرلىك ئورۇننى ياغلاپ بەرسە، پالەچ، لەقۋا، ئىسترخا، بوۋاسىر قاتارلىق كېسەللىكلەرگە پايدا قىلىدۇ.

2. چاياننى كۆيدۈرۈپ چاشقان مايىقى بىلەن ئېزىپ كۆزگە تارتسا، كۆزگە ئاق چۈشۈشكە مەنپەئەت قىلىدۇ.

3. چايان كۈشتىسىدىن ئۈچ گىرام، ئوغرىتىكەندىن يەتتە گىرام، ھەجىرۇليەھۇدتىن 25 گىرام ئېلىپ، سوقۇپ سۇفۇپ قىلىپ ئىچسە، دوۋساقتىكى تاشنى پارچىلايدۇ.

4. چاياننى كۆيدۈرۈپ، زەيتۇن يېغىغا ئارىلاشتۇرۇپ يەرلىك ئورۇنغا چاپسا، چاچ چۈشۈشكە مەنپەئەت قىلىدۇ.

5. چاياننى تۇتۇپ قارنىنى يېرىپ، چايان چاققان ئورۇنغا تاڭسا زەھەر قايتۇرىدۇ.

6. ھەرخىل چاقا ۋە ئوڭاي پۈتمەيدىغان يارىلارغا چاياننى كۆيدۈرۈپ چېپىلىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] كۈشتىسىدىن 0.5~ 3 گىرامغىچە.

[زىيانلىق تەسىرى] ئۆپكىگە زىيان قىلىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] ھاك تۇخۇم بىلەن چېپىلىدۇ، ياڭاق مېغىزى، ئەنجۈر، سامساق بەرگى چېپىلىدۇ، بېدە ئۇرۇقىنى ئېزىپ سىركە بىلەن چېپىلىدۇ، ئىچىدىن بۆرە سويىمىسى يىلتىزى، ئەمەن، زىراۋەندە قاتارلىقلار مۇۋاپىق مىقداردا ئىستېمال قىلىنىدۇ. كالا يېغى، قوي يېغى ئېرىتىپ چېپىلىدۇ، كاسنىە، ئارپا، قاپاق سۈلىرى ۋە قورسى كافۇر ئىستېمال قىلىنىدۇ.

[ئورۇنباسارى] ئىلى پاقىسى.

[ۋەكىل خاراكتېرلىك پىششىق دورا ياسالمىسى] سۇفۇپى ھەجىرۇليەھۇد.

[قوشۇمچە] چايان مەشھۇر بولغان زەھەرلىك ھاشارات بولۇپ، ئۇنىڭ تۈرلىرى كۆپ، بىر خىلى ماڭغاندا قۇيرۇقىنى كۆتۈرۈپ ماڭىدۇ، ئۇنى (شەييالە)، يەنە بىر خىلى ماڭغاندا قۇيرۇقىنى يەرگە سۆرەپ ماڭىدۇ، ئۇنى (جەررارە) دەيدۇ، بۇ شەييالەدىن كىچىكرەك بولىدۇ، بۇنىڭ زەھىرى ئارتۇق ھەم كۈچلۈك بولۇپ ئادەمنى ئۆلتۈرىدۇ، چىشى چاياننىڭ زەھىرى ئەركەك چاياندىن ئارتۇقراق، قارا چايان بەك يامان، قارا تۈكلۈك، چوڭ قاناتلىق بولغىنى ئەقرەبىي ئەسكەرىيە دېيىلىدۇ، يەنە بەزىلىرىنىڭ زەھەرلىرى ئارتۇق بولۇپ، بەدەندىن مېڭىپ ئۆتۈپ كېتىشى بىلەنلا ئادەمنى ئۆلتۈرۈپ قويىدۇ.

# زەھرى مۆھرە

## 杂哈日木哈热

## （花蕊心 hua rui xin）

[باشقا ئاتىلىشى] پادى زەھرە مەئدىنى، زەھرى موھرە

[لاتىنچە نامى] Sepreivtin

[تونۇش] زەھرى مۆھرە ئاز ئۇچرايدىغان بىر خىل مىنېرال ماددا بولۇپ، رەڭگى ھەر خىل بولىدۇ. كىلاسسىك ئۇيغۇر تېبابەت كىتابلىرىدا زەھرى مۆھرىنى چىقىش ئورنىغا ئاساسەن بىرقانچىگە بۆلگەن، جۇڭگونىڭ تاغلىرىدىن چىقىدىغىنى ئەڭ ياخشىسى ھېسابلىنىدۇ، ئۇ باشقا دۆلەتلەردىن چىقىدىغىنىغا قارىغاندا ساپ، سۈپەتلىك كېلىدۇ، «زەھرى مۆھرە» دېگەن زەھەر قايتۇرغۇچى دېگەن مەنىدە بولۇپ، بۇ نام ئۇنىڭ ئەڭ ئاساسلىق رولى بولغان «زەھەر قايتۇرۇش» تەسىرىدىن كەلگەن. زەھرى مۆھرىنىڭ تېنى چۈرۈك، بوش بولۇپ، يېشىل رەڭدىكىسى كۆپ ئىشلىتىلىدۇ، تەمسىز، پۇراقسىز كېلىدۇ. (26. 9 ـ رەسىم)

[چىقىش ئورنى] ئېلىمىزنىڭ تاغلىرىدىن، بولۇپمۇ ھىندىستاننىڭ ئوتتۇرا قىسىملىرىدىن ۋە خوراسان قاتارلىق جايلاردىن چىقىدۇ.

[يىغىپ ساقلاش] تاغلاردىن تېرىپ ئېلىپ ساپلاشتۇرۇپ، ھەر خىل رەڭلەردىن تەييارلىنىدۇ، خالىي جايدا ساقلىنىدۇ.

[لايىقلاشتۇرۇلۇشى] كۇشتە قىلىپ لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

[تەبىئىتى] بىرىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى] زەھەر قايتۇرۇش، يۈرەك، مېڭە، جىگەر قاتارلىق رەئىس ئەزالارنى قۇۋۋەتلەش، باھنى قوزغاش، ۋابانىڭ ئالدىنى ئېلىش، مەنىي تۇتۇش، بۆرەك ۋە تالنى قۇۋۋەتلەش، ئىچ سۈرۈشنى توختىتىش، قان توختىتىش خۇسۇسىيىتى بار.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر] زەھەرلىنىش، يۈرەك، مېڭە، جىگەر، بۆرەك ۋە تال ئاجىزلىقى، باھ ئاجىزلىقى، مەنىي تۇتالماسلىق، خولېرا، قان تولغاق، ۋابا، ئىچ سۈرۈش، ئىسسىقتىن بولغان يۈرەك چاڭقىغۇراش قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. زەھرى مۆھرىنىڭ كۇشتىسىدىن 0.5 گىرامنى قىزىلگۈل ئەرقى بىلەن قوشۇپ ئىچسە، يۈرەك، مېڭە، جىگەر، ئاشقازان، تال، بۆرەك ۋە باھنى قۇۋۋەتلەيدۇ؛ يۈرەك ئاجىزلىق، دەم سىقىلىش، مەنىي تۇتالماسلىق ۋە يۈرەك سېلىشقا مەنپەئەت قىلىدۇ.

2. مۇۋاپىق مىقداردىكى زەھرى مۆھرىنى قارىمۇچ بىلەن سوقۇپ، زەھەرلىك ھاشارات چېقىۋالغان ئورۇنغا باسسا مەنپەئەت قىلىدۇ.

3. بەش گىرام زەھرى مۆھرىنى تاباشىر بىلەن سوقۇپ، يەتتە مىللىلىتىر تۆمۈر داغمال سۈيىگە ئارىلاشتۇرۇپ ئىچسە، كونا ئىچ سۈرۈشكە شىپا بولىدۇ.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

4. ئۈچ گىرام زەھرى مۆھرىنى خۇنسىياۋشان بىلەن سوقۇپ، سۇفۇپ قىلىپ ئىچسە، قان توختىتىدۇ.
5. بىر گىرام زەھرى مۆھرىنى بەش گىرام مەرۋايىت بىلەن سۇفۇپ قىلىپ، ناۋات بىلەن ئىچسە، ئىسسىقتىن بولغان يۈرەك چالاڭغۇراشقا مەنپەئەت قىلىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] سىرتتىن ئەھۋالغا قاراپ ئىشلىتىلىدۇ، ئىچكى تەرەپتىن 0.5 ~ 1.5 گىرامغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

[زىيانلىق تەسىرى] قان تومۇرلاردا توسۇلۇش پەيدا قىلىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] سۇمبۇل، ھەسەل سۈيى.

[ئورۇنباسارى] زۇمرەت.

[پىششىق دورا ياسالمىسى] ھەببى زەھرى مۆھرە، مۇپەررىھى ياقوت، داۋائىلمىشكى شىرىن.

## سانجىقئوت يىلتىزى

## 参吉克欧提依力提孜

## （马尾连 ma wei lian ）

[باشقىچە ئاتىلىشى] پىيارىكا، پىيارانكا

[لاتىنچە نامى] Radix Thalictrum foetidum

[ئىنگلىزچە نامى] Many leaf Meadowrue Root

[تونۇش] بۇ، ئېيىقتاپانلىقلار ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك كۆپ يوپۇرماقلىق سانجىقئوتنىڭ يىلتىزسىمان غولى بولۇپ، يىلتىزسىمان غولىنىڭ كەسمە يۈزى قوڭۇر رەڭلىك، ئىچى سېرىق رەڭلىك، تەمى ئاچچىق، ئازراق پۇراقلىق كېلىدۇ.

[چىقىش ئورنى] ئېلىمىزنىڭ شىنجاڭ، شىزاڭ، يۈننەن، سىچۈەن قاتارلىق جايلىرىدىن ھەمدە ھىندىستان، پاكىستان قاتارلىق ئەللەردىن چىقىدۇ.

[يىغىپ ساقلاش] بۇ ئۆسۈملۈكنىڭ ئۇرۇقى پىشقاندا، يىلتىزىنى كولاپ ئېلىپ يۇيۇپ، قۇرۇتۇپ ساقلىنىدۇ.

[خىمىيەلىك تەركىبى] بۇنىڭ تەركىبىدە تالىكترىن (Thalictrin)، بېربېرىن (Berberine)، پالماتىن (Palmtine)، ساتروررىزىن (Satrorrhizine) قاتارلىقلار بار. سېرىق سانجىقئوتنىڭ يەر ئۈستىدىكى قىسمىدا يەنە 0.65% ئالكالوئىد، 1% فلاۋون، يۈرەكنى قۇۋۋەتلىگۈچى گىلۇكوزىد، ۋىتامىن C قاتارلىقلار بار.

[فارماكولوگىيەلىك تەسىرى] ① ئۆسمىگە قارشى تۇرۇش؛ ② باكتېرىيەگە قارشى تۇرۇش؛ ③ ئىسپازىمنى بوشىتىش؛ ④ يۈرەك قان تومۇرنى كېڭەيتىش تەسىرى بار.

[لايىقلاشتۇرۇلۇشى] يۇيۇش، توغراش، قۇرۇتۇش ئارقىلىق لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى] ئاغرىق پەسەيتىش، ئىششىق ياندۇرۇش، بەلغەم بوشىتىش، قان بېسىمنى تۆۋەنلىتىش،

زەھەر قايتۇرۇش خۇسۇسىيىتى بار.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر] ۋابا، ئىچ سۈرۈش، تولغاق، ئۈچەي يارىسى، يۇقۇملۇق جىگەر كېسەللىكى، زۇكام، يۆتەل، ئۆپكە ياللۇغى، زىققە قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. سانجىقئوت يىلتىزىنى ئېزىپ، گۈلاب ئەرقى بىلەن ئىچسە، ئىچ سۈرۈشنى توختىتىدۇ.

2. 27 گىرام سانجىقئوت يىلتىزىنى توققۇز گىرام قۇستە بىلەن يۇمشاق سوقۇپ سۇفۇپ تەييارلاپ، ھەر قېتىمدا 3 ~ 6 گىرامغىچە، كۈندە ئۈچ قېتىم ئىچسە، تولغاق ۋە ئۈچەي ياللۇغىغا پايدا قىلىدۇ.

3. توققۇز گىرام سانجىقئوت يىلتىزىنى يالپۇز، قېرىقىز ئۇرۇقى، زىرىق، چۇچۇكبۇيا يىلتىزى قاتارلىقلاردىن ئالتە گىرامدىن ئېلىپ قوشۇپ سوقۇپ، قاينىتىپ سۈيىنى ئىچىپ بەرسە، ئېغىز ۋە تىلدىكى يارىلار، كۆز بىرىكتۇرگۇچى پەردە ياللۇغى، بادامبەز ياللۇغى قاتارلىقلارغا مەنپەئەت قىلىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] 1 ~ 0.5 گىرامغىچە.

[زىيانلىق تەسىرى] ئۈچەيگە قۇرۇقلۇق يەتكۈزىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] كەتىرا.

[ئورۇنباسارى] بابۇنە.

[پىششىق دورا ياسالمىسى] ھەببى غارىقۇن.

## چىنار ئۇرۇقى
(梧桐子 wu tong zi)

[باشقا ئاتىلىشى] چىنار دەرىخى ئۇرۇقى

[لاتىنچە نامى] Semen Firmiana simplex

[ئىنگلىزچە نامى] Phoenix tree Seed

[تونۇش] بۇ، چىنار ئائىلىسىدىكى يوپۇرماق تاشلايدىغان دەرەخ چىنار (Platanus) بولۇپ، قوۋزىقى پارچە - پارچە سويۇلىدۇ، يوپۇرمىقى كەڭ، ئەتراپى چىشلىق، ياغىچى يېنىك، پارقىراق، مېۋىسى يۇمىلاق شار شەكىللىك، كىچىك، قاتتىق، ۋەزنى يەڭگىل، مېۋىسىنىڭ تۈۋى قوڭۇر، ئۇزۇن تۈكچىلەر قاپلىغان بولۇپ، بۇ دەرەخنىڭ يوپۇرمىقى، پوستى ۋە ئۇرۇقى دورىغا ئىشلىتىلىدۇ. (10.26 - رەسىم)

[چىقىش ئورنى] شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ھەممە جايلىرىدىن چىقىدۇ.

[يىغىپ ساقلاش] بۇ ئۆسۈملۈكنىڭ مېۋىسى پىشقاندىن كېيىن، قۇرۇتۇپ ئۇرۇقىنى يىغىۋېلىپ، پاكىز تازىلاپ، قۇرۇق ھەم سالقىن جايدا ساقلىنىدۇ.

[خىمىيەلىك تەركىبى] ئۇرۇقىدا ياغ كىسلاتاسى، سېفرسېتركۇلىك كىسلاتاسى (Sferculic Acid) ۋە قان توختىتىش تەسىرىگە ئىگە بولغان بىيولوگىيەلىك ئىشقارلار بار.

[فارماكولوگىيەلىك تەسىرى] قان بېسىمنى تۆۋەنلىتىش، قان توختىتىش، قان تۈكچىسى پەيدا قىلىش، قاننى قويۇلدۇرۇش تەسىرى بار.

[لايىقلاشتۇرۇلۇشى] ساپلاشتۇرۇش، قۇرۇتۇش ئارقىلىق لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

[تەبىئىتى] يوپۇرمىقى بىرىنچى دەرىجىدە ھۆل سوغۇق، مېۋە ۋە پوستى بىرىنچى دەرىجىدە قۇرۇق سوغۇق.

[خۇسۇسىيىتى] زەھەر قايتۇرۇش، بۇزۇق ماددىلارنى تازىلاش، بەرەس ۋە ھۆل جاراھەتلەرنىڭ سىپسىق-لىقىنى يوقىتىش، ياللۇغ قايتۇرۇش، ئىششىق ياندۇرۇش، ئارتۇق ھۆللۈكنى قۇرۇتۇش، زەھەرلىك ھاشاراتنىڭ زەھىرىنى پەسەيتىش خۇسۇسىيەتلىرى بار.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر] كۆز ئاغرىقى، بەرەس، ھۆل تەمرەتكە، كۆيۈك، ئېغىز بوشلۇقى ياللۇ-غى، زەھەرلىك ھاشاراتلار چېقىۋېلىش قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. چىنار ئۇرۇقى، توشقانكالپۇكتىن 10 گىرام، بابۇنە، ئىكلىلمىلىك يەتتە گىرامدىن، ئىتئۈزۈمى-دىن 10 گىرام ئېلىپ قاينىتىپ، يەرلىك ئورۇننى يۇيۇپ بەرسە، ياللۇغ قايتۇرۇپ، ئىششىق ياندۇرىدۇ.

2. چىنار ئۇرۇقى، قارمۇچ، زەھرى مۆھرە بىلەن قوشۇپ سوقۇپ سۇفۇپ قىلىپ، زەھەرلىك ھاشارات چېقىۋالغان ئورۇنغا چاپسا شىپا بولىدۇ.

3. چىنار ئۇرۇقى، چالموگرا مېۋىسى، سەرخەس قاتارلىقلاردىن مۇۋاپىق مىقداردا ئېلىپ قاينىتىپ ئىچسە، ھۆل تەمرەتكە ۋە ھەر خىل تېرە كېسەللىكلىرىگە شىپا بولىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] ئەھۋالغا قاراپ ئىشلىتىلىدۇ.

[زىيانلىق تەسىرى] ئاۋاز پەردىسى، كاناي ۋە كۆزگە زىيانلىق.

[تۈزەتكۈچىسى] ئۇد ھىندى، دارچىن، يېڭى سېغىلغان سۈت.

[ئورۇنباسارى] ئانار قوۋزىقى.

[ۋەكىل خاراكتېرلىك پىششىق دورا ياسالمىسى] چىنار ئۇرۇقى قاينىتىلمىسى.

## قىرىقئايىغ

## 克日克阿亚克

(蜈蚣 Wu gong)

[باشقا ئاتىلىشى] قىرىقئاياغ چۆپى

[لاتىنچە نامى] Scolopendra

[ئىنگلىزچە نامى] Centipede

[تونۇش] بۇ، قىرىقئاياغ ئائىلىسىدىكى ھايۋان قىرىقئاياغنىڭ پۈتۈن تېنىدىن ئىبارەت. (26.11 - رەسىم)

[چىقىش ئورنى] ئىچكىرى ئۆلكىلەردىن كۆپرەك، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدىن ئاز - تولا چىقىدۇ.

[يىغىپ ساقلاش] بۇ ئۈسۈملۈكنىڭ دورىلىق قىسمىنى كۈز پەسلىدە يىغىپ قۇرۇتۇپ، قۇرغاق ئورۇندا ساقلىنىدۇ.

**[خىمىيەلىك تەركىبى]** ھەرە زەھىرى، قان ئىرىتكۈچى ئاقسىل، چۇمۇلە كىسلاتاسى، ماي، دىڭزىيا كىسلاتاسى، گۇلتامىك كىسلاتا قاتارلىق كۆپ خىل ئامىنو كىسلاتاسى، كارونىل، كالتسىي (Ca)، سىنىك (Zn)، فوسفور (P)، تۆمۈر (Fe) قاتارلىق ئېلېمېنتلار بار.

**[فارماكولوگىيەلىك تەسىرى]** ئىستىرخىنىن پەيدا قىلغان تارتىشىشقا قارشى تۇرۇش، يۈرەك مۇسكۇلىنىڭ قىسقىرىش كۈچىنى كۈچەيتىش، قان بېسىمىنى چۈشۈرۈش، تېرە زەمبۇرۇغلىرىنى تورمۇزلاش تەسىرى بار.

**[لايىقلاشتۇرۇلۇشى]** يۇيۇش، توغراش، قۇرۇتۇش ئارقىلىق لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

**[تەبىئىتى]** ئۈچىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

**[خۇسۇسىيىتى]** زەھەر قايتۇرۇش، راك ھۈجەيرىلىرىنى تورمۇزلاش، تانوس تاياقچە باكتېرىيەسىدىن كېلىپچىققان ئىسپازمىنى يوقىتىش، بەدەننى قۇۋۋەتلەش، قان ئايلىنىشنى ياخشىلاش، نېرۋىنى قۇۋۋەتلەش، بەدەننى قىزىتىش خۇسۇسىيەتلىرى بار.

**[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر]** زەھەرلىنىش، ئىسپازمىلىنىش، تارتىشىپ قېلىش، لەقۋا، رېماتىزم، ھەر خىل ئۆسمىلەر، پالەچ، ئىچكى ئەزالاردىكى ھەر خىل يارا قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

**[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]**

قىرىقئاياغدىن ئىككى گىرام، سەرتاندىن ئۈچ گىرام، چاياندىن بەش گىرام، كەترا 10 گىرام، سەمغى ئەرەبىدىن بەش گىرام، ئوق يىلاندىن بەش گىرام ئېلىپ، دورىلارنى قائىدە بويىچە يۇمشاق سوقۇپ، ھەسەل بىلەن مەجۇن تەييارلاپ، مۇۋاپىق مىقداردا ئىچىپ بەرسە، تارتىشىپ قېلىش، ھەر خىل ئۆسمە، ياللۇغلىنىش ۋە ئۆپكە راكىغا مەنپەئەت قىلىدۇ.

**[ئىشلىتىش مىقدارى]** 2 ～ 5 گىرامغىچە.

**[زىيانلىق تەسىرى]** باش ئاغرىقى پەيدا قىلىدۇ، گالنى قۇرۇتىدۇ.

**[تۈزەتكۈچىسى]** لىمون.

**[ئورۇنباسارى]** سەرتان.

**[ۋەكىل خاراكتېرلىك پىششىق دورا ياسالمىسى]** سۇفۇپى ئەفئا.

يۇقىرىقىدىن باشقا قىزىل سىر، قىزىل چۆپچىن، كەكرە ئۇرۇقى، كۆكچاي، ئېگىر، جۆئدە، ھەببى بىلسان، قاغىتىرىنقى، قېرىقىز، زەيتۇن مېۋىسى، تاشتۇز، تېزەكچى قوڭغۇز، ياقۇت، سۇ بۆلجۈرگىنى، ئاق ماش، چەشمىخۇرۇس، قارا پارپا قاتارلىقلارمۇ زەھەر قايتۇرغۇچى دورىلار قاتارىغا كىرىدۇ.

## ئاپىلسىن ئۇرۇقى

## 阿皮里斯欧如合

(酸橙种 suan cheng zhong)

**[باشقا ئاتىلىشى]** بەزرۇل ئۇتىروج، تۇخۇمى تۇرۇنجى، تۇرۇنجى كى بىج

**[تونۇش]** بۇ سەپرا ئوتلار ئائىلىسىدىكى دائىم ياشىرىپ تۇرىدىغان كىچىك دەرەخ ئاپېلسىننىڭ چىلغوزا شەكىللىك، ئاق رەڭلىك ئۇرۇقى بولۇپ، ئۇنىڭ ئىچىدىن ئاق رەڭلىك مېغىز چىقىدۇ، مېغىزنىڭ تەمى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئاچچىق بولىدۇ. (12.26 ـ رەسىم)

[چىقىش ئورنى] ئېلىمىزنىڭ چاڭجياڭ، جوجياڭ، جياڭشى، خۇنەن، سىچۈەن قاتارلىق ئۆلكىلىرىدىن چىقىدۇ.

[يىغىپ ساقلاش] مېۋىسى پىشقاندا ئۇرۇقىنى ئايرىپ ئېلىپ قۇرۇتۇپ، قۇرغاق جايدا ساقلىنىدۇ.

[لايىقلاشتۇرۇلۇشى] يۇيۇپ قۇرۇتۇش ئارقىلىق لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى] زەھەر قايتۇرۇش، كېسەللىك ماددىسىنى تارقىتىش، ھەيزنى راۋانلاشتۇرۇش، ياللۇغ قايتۇرۇش قاتارلىق خۇسۇسىيىتى بار.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر] زەھەرلىك ھاشاراتلار چېقىۋېلىش، ھەيز قالايمىقانلىشىش قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. بۇغداي كېپىكى، بابۇنە، ئاپپىلسىن ئۇرۇقىنىڭ ھەربىرىدىن يەتتە گىرام ئېلىپ، سوقۇپ زىمات تەييارلاپ، يەرلىك ئورۇنغا چاپسا، يىلان ۋە چايانىنىڭ زەھىرىنى قايتۇرىدۇ، ياللۇغ قايتۇرىدۇ.

2. ئاپپىلسىن ئۇرۇقى، بەرەنجاسىپ، سۇزاپ، بابۇنە قاتارلىقلاردىن 10 گىرامدىن ئېلىپ قايىنىتىپ، سۈيى بىلەن يەرلىك ئورۇننى يۇيسا، يىلان ۋە چايانىنىڭ زەھىرىنى قايتۇرىدۇ.

3. خىيارشەنبەردىن 20 گىرام، ئەنجۇدان ئۇرۇقىدىن بەش گىرام، ئۇبھەل، سانا، ئاپپىلسىن ئۇرۇقىدىن ھەربىرىدىن 10 گىرام ئېلىپ قايىنىتىپ، كۈندە 30 مىللىلىتىردىن ئىككى ۋاق ئىچىپ بەرسە ھەيز راۋانلاشتۇرىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] 3 ~ 5 گىرامغىچە.

[زىيانلىق تەسىرى] ئىسسىق مىزاجلىقلاردا باش ئاغرىقى پەيدا قىلىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] ھەسەل، بىنەپشە.

[ئورۇنباسارى] چىنار ئۇرۇقى.

[ۋەكىل خاراكتېرلىك پىششىق دورا ياسالمىسى] ئاپپىلسىن ئۇرۇقى قايىنىتىلمىسى ۋە سوفۇپى.

## ئالماس
## 阿里玛斯
## (钻石 zuan shi)

[باشقا ئاتىلىشى] ئالماس، ھىيرا

[تونۇش] بۇ ھەممىگە تونۇشلۇق بولغان قىممەت باھالىق، كەم تېپىلىدىغان، كۆركەم، قاتتىق تاش بولۇپ، كۆپىنچە زىننەت بۇيۇملىرىغا نەقىش قىلىنىدۇ، بەزىدە تۆشۈك ئېچىپ ئىشلىتىلىدۇ، رەڭگىمۇ ئوخشاش بولمايدۇ، كۆپىنچىلىرى ئاق رەڭلىك بولىدۇ، ھەرقانداق نەرسە ئۇنىڭدىن يۇمشاق بولغاچقا ئۇنىڭغا تەسىر قىلالمايدۇ، بۇنىڭ كۇشتە قىلىنغان تالقىنى «ئالماس» نامىدا دورىلىققا ئىشلىتىلىدۇ. (13.26 ـ رەسىم)

[**چىقىش ئورنى**] شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن، جۇملىدىن دۇنيانىڭ كۆپ قىسىم رايونلىرىدىكى كان مەنبەلىرىدىن قېزىپ ئېلىنىدۇ.

[**يىغىپ ساقلاش**] كان مەنبەلىرىدىن قېزىۋېلىپ، كۇشتە قىلىپ ساقلىنىدۇ.

[**لايىقلاشتۇرۇلۇشى**] كۇشتە قىلىش ئارقىلىق لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

[**تەبىئىتى**] تۆتىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[**خۇسۇسىيىتى**] بۇزۇق چىقىرىندى ماددىلارنى ۋە غەيرىي تەبىئىي خىلىتلارنى يوقىتىش، كۈچلۈك دەرىجىدە ئارتۇق گۆشلەرنى يېيىش، زەخىملەرنى پۈتتۈرۈش، مېڭە، جىگەر، يۈرەكنى قۇۋۋەتلەش، قان توختىتىش، سۈرۈش، تۇغۇتنى ئاسانلاشتۇرۇش تەسىرى بار.

[**ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر**] رەئىس ئەزالار ئاجىزلىقىدىن بولغان ھەر خىل كېسەللىكلەر، باھ ئاجىزلىقى، ھەر خىل قاناشلىق كېسەللىكلەرگە ئىشلىتىلىدۇ.

[**ئىشلىتىش ئۇسۇلى**]

1. كۇشتە قىلىنغان ئالماسنىڭ تالقىنى، كۇشتە قىلىنغان ئالتۇننىڭ تالقىنى بىلەن ئىچسە، ئومۇمىي بەدەننى قۇۋۋەتلەيدۇ.

2. ئالماسنىڭ كۇشتە قىلىنغان تالقىنىنى سۈرمىنىڭ كۇشتە قىلىنغان تالقىنى ھەم مامىرانچىن تالقىنى بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ سۈرمە تەييارلاپ كۆزگە تارتسا، ھەر خىل كۆز كېسەللىكلىرىگە مەنپەئەت قىلىدۇ.

3. ئالماسنىڭ تاۋلاپ سۇغارغان داغمال سۈيىگە قېتىق سۈزمىسىنى سېلىپ ئىچىپ بەرسە، ئىچ سۈرۈش ۋە قان تولغاقىقا مەنپەئەت قىلىدۇ.

4. ئەرقى بىدىمۇشكى، ئەرقى سەندەل، ئەرقى گاۋزىبان قاتارلىق ئەرەقلەرگە ئالماس داغمال سۈيىنى قوشۇپ ئىچىپ بەرسە، يۈرەك، جىگەر، مېڭىنى قۇۋۋەتلەيدۇ، غەم ـ ئەندىشە، مالىخولىيا، نېرۋا ئاجىزلىقى قاتارلىقلارغا مەنپەئەت قىلىدۇ.

[**ئىشلىتىش مىقدارى**] كۇشتە قىلىنغان ئالماس كۇشتىسىدىن 0.1 ~ 0.3 گىرامغىچە.

[**زىيانلىق تەسىرى**] بوغۇملارغا زىيان قىلىدۇ.

[**تۈزەتكۈچىسى**] زەنجىۋىل، قىزىلگۈل.

[**ئورۇنباسارى**] ئالتۇن.

[**ۋەكىل خاراكتېرلىك پىششىق دورا ياسالمىسى**] داۋائىلمىشكى، مۇپەررىھى ياقۇت.

## پاقا

## 帕卡古西

(蜻哇 qing wa)

[**باشقا ئاتىلىشى**] زۇفدە، ۋاق

[**لاتىنچە نامى**] Rana Nigroma Aculata

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

[تونۇش] بۇ، ھەممىگە تونۇشلۇق ھايۋان پاقىنىڭ پۈتۈن تېنىدىن ئىبارەت بولۇپ، نەم يەرلەردە، توختاپ قالغان سۇلاردا ۋە ئېرىقلاردا بولىدۇ. گۆشىنىڭ رەڭگى قىزىل، سېسىق پۇراقلىق بولۇپ، بۇ «پاقا تېنى» نامىدا دورىلىققا ئىشلىتىلىدۇ. (14.26 ـ رەسىم)

[چىقىش ئورنى] ئېلىمىزنىڭ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن چىقىدۇ.


پاقا

[يىغىپ ساقلاش] پاقا ماكانلاشقان جايلاردىن تۇتۇپ ئىچىنى ئېلىۋېتىپ پاكىزلاپ، قۇرۇتۇپ ساقلىنىدۇ.

[لايىقلاشتۇرۇلۇشى] ئىچىنى پاكىز ئېلىپ ساپلاشتۇرۇپ، قۇرۇتۇپ لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق سوغۇق.

[خۇسۇسىيىتى] يەل ھەيدەش، زەھەر قايتۇرۇش، چىش ئاغرىقىنى پەسەيتىش، قان توختىتىش، زەخىملەرنى پۈتتۈرۈش، باھنى قۇۋۋەتلەش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر] چىش ئاغرىقى، زەھەرلىك ھاشارات چېقىۋېلىش، كۆز قىزىرىش، قارا داغ، بوۋاسىر، ھەر خىل زەخىملەر ۋە قاناشلار قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. ئوق تەگكەن، تىكەن كىرگەن، زەھەرلىك ھاشارات چېقىۋالغان ئورۇنلارغا پاقىنىڭ قارنىنى يېرىپ، يەرلىك ئورۇنغا تاڭسا، ئوق، تىكەنلەرنى تارتىۋالىدۇ. زەھەرلىك ھاشاراتنىڭ زەھىرىنى قايتۇرىدۇ، زەخىملەرنى پۈتتۈرىدۇ، خۇننى توختىتىدۇ.

2. پاقىنىڭ ئۆتىنى قۇرۇتۇپ تالقانلاپ، كۆزگە سۈرمە قىلىپ تارتسا، كۆز قىزىرىش ۋە قارا داغقا ناھايىتى مەنپەئەت قىلىدۇ.

3. پاقىنىڭ قول ـ پۇت، ئۈچەيلىرىنى ئېلىپ تاشلاپ، بۆرەك يېغى بىلەن پىشۇرۇپ يېغى ئېلىنسا، ئىسسىقتىن بولغان بوۋاسىر كېسەللىكى ئۈچۈن ناھايىتى ياخشى مەنپەئەت قىلىدۇ.

4. پاقىنىڭ مېڭىسىنى كۆيدۈرۈپ سەپسە، ھەرقانداق ئەزالاردىن كەلگەن قاننى توختىتىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] ئەھۋالغا قاراپ 1 ~ 3 گىرامغىچە.

[زىيانلىق تەسىرى] ئىسسىق مىزاجلارغا زىيانلىق

[تۈزەتكۈچىسى] سىركەنجۇبىل ۋە ئاچچىق ـ چۈچۈك مېۋە ـ چىۋىلەر.

[ئورۇنباسارى] ئىلى پاقىسى.

[ۋەكىل خاراكتېرلىك پىششىق دورا ياسالمىسى] سۇفۇپى ئەفئا.

# يىگىرمە يەتتىنچى باب «تەبىئەت» نى قۇۋۋەتلىگۈچى دورىلار

«تەبىئەت» ياكى ئومۇمىي بەدەننى قۇۋۋەتلەش خۇسۇسىيتى ئاساسلىق ئورۇندا تۇرىدىغان دورىلار ئومۇملاشتۇرۇلۇپ، «تەبىئەت» نى قۇۋۋەتلىگۈچى دورىلار دېيىلىدۇ.

ھەر خىل ئىچكى - تاشقى سەۋەبلەر تەسىرىدىن ئومۇمىي بەدەندە ياكى مەلۇم بىر ئەزادا ئاجىزلاش يۈز بەرسە، نورمال ئالمىشىش سۇسلىشىپ، ئورگانىزمدا تۈرلۈك كېسەللىكلەر (ئومۇمىي بەدەن زەئىپلىشىش، مېڭە ئاجىزلىقى، يۈرەك زەئىپلىشىش، بۆرەك زەئىپلىشىش، ئۆپكە سىلى، باليياتقۇ قاناش، قان ئازلىق، سۈت ۋە مەنىي كەملىك، باھ ئاجىزلىق، تەمرەتكە، قارا داغ، خانازىر، راك، رەئشە، پالەچ، ھەر خىل ئىششىق، يىرىڭلىق جاراھەت، باش قېيىش، كۆز قاراڭغۇلىشىش، بەل ۋە پۇت ئاغرىش، ئاشقازان يالللۇغى، ئاشقازان يارىسى، ئورۇقلاش، ھەر خىل سىل كېسەللىكلىرى. . . ) پەيدا بولىدۇ. بۇ خىل كېسەللىكلەرنى ۋاقتىدا داۋالىمىغاندا يامان ئاقىۋەت كېلىپچىقىدۇ. «تەبىئەت» نى قۇۋۋەتلىگۈچى دورىلارنىڭ تۈرى ھەر خىل بولغاچقا، ئىشلەتكەندە مۇۋاپىق تاللاپ ئىشلىتىشكە توغرا كېلىدۇ. «تەبىئەت» نى قۇۋۋەتلىگۈچى دورىلارنىڭ كۆپىنچىلىرىنىڭ تەبىئىتى ھۆل ئىسسىق ياكى قۇرۇق ئىسسىق بولىدۇ. بۇ خىل دورىلار «تەبىئەت» نى ياكى بەدەننى قۇۋۋەتلەش، ماددا ئالمىشىشنى ئىلگىرى سۈرۈش، ئوزۇقلۇق تولۇقلاش، قان كۆپەيتىشتەك تەسىرلەرنى بېرىدۇ. بۇ خىل خۇسۇسىيەتتىكى دورىلار «تەبىئەت» نى قۇۋۋەتلىگۈچى دورىلار دېيىلىدۇ. مەسىلەن: تاشپاقا قېپى، توخۇ گۆشى، تۆگە گۆشى، ئۆلار گۆشى، قوي سۈتى، قوي يېغى، قوي گۆشى، ئادەمگىياھ، كەكلىك گۆشى، كەپتەر گۆشى، ئۆچكە گۆشى، پاختەك گۆشى، ئات گۆشى، بۇغداي، كىرپە، يەر مەدىكى، زەپەر، ئەنجۈر، تۆمۈر، پىششىق ئەگىرسۇناي، قۇرتئوت، پويرارىيە يىلتىزى، رىگىماھى، غاز تۇخۇمى، ئاق پارپا، قارا پارپا، ئېشەك سۈتى، سەۋزە، تاشتۇز، لوبان قاتارلىقلار.

## تاشپاقا قېپى

(龟甲 gui jia)

[لاتىنچە نامى] Carapaxet Plastrum testudinis

[ئىنگلىزچە نامى] Tortoise Carapae and Plastron

[تونۇش] بۇ، ھەممىگە تونۇش بولغان مەشھۇر ئۆمىلىگۈچى ھايۋان تاشپاقىنىڭ قورساق قىسمىدىكى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com



تاشپاقا قېپى

قېپىدىن ئىبارەت بولۇپ، ئادەتتە دورىغا قائىدە بويىچە لايىقلاشتۇرۇپ ئىشلىتىلىدۇ. (1.27 ـ رەسىم)

[چىقىش ئورنى] ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ كورلا، باغراش كۆلى، سۇيدۇڭ قاتارلىق جايلىرىدىن چىقىدۇ.

[يىغىپ ساقلاش] بۇ ئۆسۈملۈكنىڭ دورىلىق قىسمىنى كۈز پەسلىدە يىغىپ قۇرۇتۇپ، قۇرغاق ئورۇندا ساقلىنىدۇ.

[خىمىيەلىك تەركىبى] سۆڭەك كوللاگېن ماددىسى، 18 خىل ئامىنو كىسلاتاسى، ماي، يېلىم ماددىسى، كالتسىي (Ca)، فوسفور (P)، ماگنىي (Mg) قاتارلىق ئېلېمېنتلار بار.

[فارماكولوگىيەلىك تەسىرى] بالىياتقۇنى قوزغىتىش، قالقانبەز ئىقتىدارىنى تىزگىنلەش، ئىممۇنىتېتلىق شارچە ئاقسىلىنى كۆپەيتىش، ئۆمۈرنى ئۇزارتىش، قان تولۇقلاش، ئاغرىق پەسەيتىش، قىزىتما قايتۇرۇش تەسىرى بار.

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق سوغۇق.

[خۇسۇسىيىتى] «تەبىئەت» نى ۋە باھنى قۇۋۋەتلەش، ھارارەت پەسەيتىش، قان توختىتىش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر] ئۆپكە سىلى، ئومۇمىي بەدەن ئاجىزلىقى، بالىياتقۇ قاناش قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] 18 ~ 35 گىرامغىچە.

[زىيانلىق تەسىرى] ھەزىمنى بۇزىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] رۇمبەدىيان.

[ئورۇنباسارى] خەيدەي.

[ۋەكىل خاراكتېرلىك پىششىق دورا ياسالمىسى] تاشپاقا قېپى شورپىسى.

[لايىقلاشتۇرۇش ئۇسۇلى] تاشپاقىنى لايىقلاشتۇرۇش ئۇسۇلى مۇنداق بولىدۇ: سۇ قاچىلانغان ساپال كومزەككە تاشپاقىنى سېلىپ، ئاغزىنى مەھكەم بېكىتىپ، 30 كۈن چىلاپ قويغاندىن كېيىن سىرتىنى تۆكۈۋېتىپ، يەنە كۈنگە بىر قېتىم سۇ يۆتكەش شەرتى بىلەن يەتتە كۈن چىلاپ قويۇپ، ئاندىن تاشپاقا قېپىنى ئېلىپ قۇرۇتۇپ، دورىغا ئىشلىتىشكە ئېھتىياجى چۈشكەندە، شورپىسىنى ئېلىپ ئىچىشكە بېرىلسىمۇ ياكى سوقۇپ مۇناسىۋەتلىك دورىلار بىلەن قوشۇپ ئىشلەتسىمۇ بولىدۇ.

## توخۇ گۆشى

## 托乎古西

(鸡肉 ji rou)

[باشقا ئاتىلىشى] لەھمۇددوججاج، گوشتى مۇرۇغ

[لاتىنچە نامى] Musculus Gigeriae galli

[ئىنگلىزچە نامى] Chicken

[تونۇش] بۇ، قىرغاۋۇل ئائىلىسىدىكى ھايۋانات ئۆي توخۇسىنىڭ گۆشىدىن ئىبارەت. (2.27 ـ رەسىم)


توخۇ گۆشى

[**چىقىش ئورنى**] ئىلىمىزنىڭ ھەممە جايلىرىدىن چىقىدۇ.

[**يىغىپ ساقلاش**] توخۇنى بوغۇزلاپ، تۈكلىرىنى پاكىز يۇڭداپ، ئوت بىلەن چالاپ، ئىچكى ئەزالىرىنى ئايرىپ تازىلاپ، سوغۇق جايدا ساقلىنىدۇ.

[**تەبىئىتى**] بىرىنچى دەرىجىدە ھۆل ئىسسىق.

[**خىمىيەلىك تەركىبى**] 100 گىرام توخۇ گۆشىدە 74 گىرام سۇ، 23.3 گىرام ئاقسىل، 1.2 گىرام ياغ، 1.1 گىرام كۆل ماددىسى، 11 مىللىگىرام كالتسىي، 190 مىللىگىرام فوسفور، 1.5 مىللىگىرام تۆمۈر ۋە باشقا كۆپ خىل ئامىنو كىسلاتاسى، ۋىتامىن A، C ۋە ۋىتامىن E قاتارلىق نۇرغۇن مىكرو ئېلېمېنتلار بار. توخۇ گۆشىنى كاۋاپ قىلغاندا، يېغىنىڭ تەركىبىدىكى يۇقىرى دەرىجىدىكى تويۇنمىغان ماي كىسلاتاسى ئاجرىلىپ چىقىدۇ.

[**خۇسۇسىيىتى**] «تەبىئەت» نى، ئاشقازان ۋە جىگەرنى قۇۋۋەتلەش، يېڭى قان پەيدا قىلىش، يىلىكنى تولدۇرۇش، زېھىننى ئېچىش، باھنى قۇۋۋەتلەش، مەنىي ۋە سۈت پەيدا قىلىش، ئىشتىھانى ئېچىش، توسالغۇلارنى ئېچىش، چىرايىنى پارقىرىتىش ۋە ئاۋازنى ياخشىلاش خۇسۇسىيەتلىرى بار.

[**ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر**] كەم قانلىق، بەدەن ئاجىزلىق، مەنىي ئازلىق، ئىشتىھا تۇتۇلۇش، ئېغىر دەرىجىدە چارچاش، ئۆپكە كېسەللىكلىرى قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[**ئىشلىتىش ئۇسۇلى**]

1. توخۇ گۆشىدە شورپا تەييارلاپ ئىچسە، باھ ھەم بەدەن ئاجىزلىقلىرىغا مەنپەئەت قىلىدۇ.
2. توخۇ گۆشىدە كاۋاپ قىلىپ يېسە، قان ئازلىق، بەدەن ئاجىزلىق قاتارلىقلارغا مەنپەئەت قىلىدۇ.
3. توخۇ گۆشى، باچكا گۆشى، كەكلىك گۆشى، قۇشقاچ گۆشى، قىرغاۋۇل گۆشى قاتارلىقلارنىڭ گۆشىدىن 100 گىرامدىن ئېلىپ، قائىدە بويىچە مائۇللەھمى تەييارلاپ ئىچسە، قان ئازلىق، مەنىي كەملىك، ماغدۇرسىزلىق، باھ ئاجىزلىقى قاتارلىقلارغا مەنپەئەت قىلىدۇ.

[**ئىشلىتىش مىقدارى**] داۋاملىق ئىستېمال قىلسا، بوۋاسىر ۋە نۇقرەس پەيدا قىلىدۇ.

[**زىيانلىق تەسىرى**] سوغۇقچان كىشىلەرگە زىيان قىلىدۇ.

[**تۈزەتكۈچىسى**] قارىمۇچ، پىلپىل، زىرە.

[**ئورۇنباسارى**] ئۆردەك گۆشى، كەپتەر گۆشى.

[**ۋەكىل خاراكتېرلىك پىششىق دورا ياسالمىسى**] ئەرقى مائۇللەھمى.

## تۆگە گۆشى

## 托给古西

(骆驼肉 luo tuo rou)

[**باشقا ئاتىلىشى**] لەھمۇل جەمىل، گۆشتى شۇتۇر، ئۇنتى كاگوشت

[**لاتىنچە نامى**] Musculus Cameli camelus

[**ئىنگلىزچە نامى**] Meat of Camel



تۆگە گۆشى

[تونۇش] بۇ، تۆگە ئائىلىسىدىكى مەشھۇر ھايۋانات قوش لوكىكلىق تۆگىدىن ئىبارەت بولۇپ، ئۇنىڭ گۆشى دورا ئورنىدا ئىشلىتىلىدۇ.

[چىقىش ئورنى] شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدىن ھەمدە دۇنيانىڭ ھەر-قايسى جايلىرىدىن چىقىدۇ.

[يىغىپ ساقلاش] بۇ ھايۋاننى بوغۇزلاپ، تېرىسىنى سويۇپ، ئىچكى ئەزالىرى-نى ئايرىپ تازىلاپ، سوغۇق جايدا ساقلىنىدۇ.

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە ئىسسىق، ئۈچىنچى دەرىجىدە قۇرۇق.

[خۇسۇسىيىتى] «تەبىئەت» نى ۋە يۈرەكنى قۇۋۋەتلەش، قان كۆپەيتىش، يەللەرنى ھەيدەش، رەئىس ئەزالارنى قۇۋۋەتلەش، قىزىتمىنى پەسەيتىش، كونا ـ يېڭى باش ئاغرىقىنى قالدۇرۇش، سۈيدۈك ھەيدەش، ئاغرىق پەسەيتىش، قان توختىتىش خۇسۇسىيەتلىرى بار.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر] باھ ئاجىزلىقى، تەمرەتكە، قارا داغ، بوۋاسىر، خانازىر، ئىستىسقا، سەرتان، پالەچ، نۇقرەس، رەئشە، ئىششىق، يىرىڭلىق جاراھەت ۋە يارا قاتارلىق كېسەللىكلەرگە ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. تۆگە گۆشىنى ھەر خىل ئۇسۇلدا پىشۇرۇپ يېسە، باھنى ۋە رەئىس ئەزالارنى قۇۋۋەتلەيدۇ.

2. مۇۋاپىق مىقداردىكى مۇقەلنى كۈدە سۈيىدە ئېرىتىپ، تۆگە يېغىنى ئارىلاشتۇرۇپ سىرتتىن سۈركىسە، بوۋاسىر دانچىلىرىنى يوقىتىدۇ.

3. تۆگە جىگىرىنى مۇۋاپىق ھالدا ئىستېمال قىلسا، كۆزنى قۇۋۋەتلەيدۇ، كۆزگە چۈشكەن سۇنى يوقىتىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] $3 \sim 10$ گىرامغىچە.

[زىيانلىق تەسىرى] ئىسسىق مىزاج كىشىلەرگە زىيان قىلىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] سىركە، بىنەپشە، سىركە، ئاچچىقسۇ.

[ئورۇنباسارى] بۆرە ئەرمىنى.

[ۋەكىل خاراكتېرلىك پىششىق دورا ياسالمىسى] ئەرقى مائۇللەھمى.

## ئۇلار گۆشى

## 乌拉古西

(雪鸡 xue ji)

[باشقا ئاتىلىشى] ئۇلا گۆشى

[لاتىنچە نامى] Tetrao gallus hima layensis

[ئىنگلىزچە نامى] Snow cock

[تونۇش] بۇ، ئېگىز تاغلاردا ياشايدىغان مەشھۇر قۇش بولۇپ، شىنجاڭنىڭ ئېگىز تاغلىق رايونلىرىدىن



ئۇلار

تېپىلىدۇ، كۆرۈنۈشى توخۇغا ئوخشايدۇ، رەڭگى قارامتۇل كۇل رەڭ، گۆشى بەكمۇ لەززەتلىك كېلىدۇ. دورىغا گۆشى كۆپ پوكۇنى ئىشلىتىلىدۇ. (27.4 ـ رەسىم)

**[چىقىش ئورنى]** شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ تاغلىرىدىن كۆپرەك چىقىدۇ.

**[يىغىپ ساقلاش]** بۇ قۇشنى بوغۇزلاپ، تۈكلىرىنى پاكىز يۇڭداپ، ئۈت بىلەن چالاپ، ئىچكى ئەزالىرىنى ئايرىپ تازىلاپ، سوغۇق جايدا ساقلىنىدۇ.

**[لايىقلاشتۇرۇلۇشى]** ئادەتتىكىدەك ساپلاشتۇرۇلىدۇ.

**[تەبىئىتى]** ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

**[خۇسۇسىيىتى]** «تەبىئەت» نى ۋە جىگەرنى قۇۋۋەتلەش، قان كۆپەيتىش، قۇۋۋەت تولۇقلاش، قاننى جانلاندۇرۇش، بەدەننى قۇۋۋەتلەش، گۆش ئۇندۇرۇش، مېڭە ۋە ئاشقازاننى قۇۋۋەتلەش خۇسۇسىيەتلىرى بار.

**[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر]** بەدەن ئاجىزلىقى، باش قېيىش، كۆز قاراڭغۇلىشىش، ماغدۇرسىزلىق، بەل ـ پۇت ئاغرىش، ئاشقازان ۋە ئۈن ئىككى بارماق ئۈچەي يارىسى قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

**[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]**

1. ئۇلار گۆشى، كەكلىك گۆشى، كەپتەر گۆشى، پاقلان گۆشى قاتارلىقلارنىڭ ھەربىرىدىن 20 گىرام ئېلىپ، قائىدە بويىچە مائۇللەھمى تەييارلاپ ئىچىپ بەرسە، بەدەن ئاجىزلىقى، باش قېيىش، كۆز قاراڭغۇلىشىش، ماغدۇرسىزلىق قاتارلىقلارغا مەنپەئەت قىلىدۇ.

2. ئۇلار گۆشىنى ئوتتا پىشۇرۇپ يەپ بەرسە، بەدەن ئاجىزلىقىغا مەنپەئەت قىلىدۇ.

**[ئىشلىتىش مىقدارى]** مۇۋاپىق مىقداردا يېيىلىدۇ.

**[زىيانلىق تەسىرى]** ئىسسىق مىزاج كىشىلەرگە زىيان قىلىدۇ.

**[تۈزەتكۈچىسى]** مېۋە سۇلىرى.

**[ئورۇنباسارى]** كەكلىك گۆشى، كەپتەر گۆشى.

**[ۋەكىل خاراكتېرلىك پىششىق دورا ياسالمىسى]** ئەرقى مائۇللەھمى.

## قوي سۈتى

## 葵苏提

(羊乳 yang ru)

**[باشقا ئاتىلىشى]** شىيرمىيش، شىرگۇسپەندى، بىيركادۇد

**[لاتىنچە نامى]** Lac caprae

**[ئىنگلىزچە نامى]** milk of sheep, feta

**[تونۇش]** بۇ، ھەممىگە تونۇشلۇق بولغان ھايۋان قوينىڭ سۈتى بولۇپ، «قوي سۈتى» نامىدا دورىغا

تۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئىشلىتىلىدۇ. (5.27 ـ رەسىم)

[چىقىش ئورنى] دۇنيانىڭ ھەممە جايلىرىدىن چىقىدۇ.

[يىغىپ ساقلاش] بۇ ھايۋاننىڭ سۈتىنى سىغىپ، سوغۇق ۋە سالقىن جايدا ساقلىنىدۇ.

[خىمىيەلىك تەركىبى] ھەر 100 گىرام سۈتىنىڭ تەركىبىدە 87 گىرام سۇ، 3.8 گىرام ئاقسىل، 4.1 گىرام ياغ، بەش گىرام كاربون ھىدرات، ۋىتامىن A، ۋىتامىن C قاتارلىقلار بار.

كالا سۈتى بىلەن سېلىشتۇرغاندا، قوي سۈتىنىڭ تەركىبىدە ئاقسىل ۋە ياغنىڭ مىقدارى مول بولۇپ، ئۆچكە سۈتى بىلەن قوي سۈتىنىڭ تەركىبىدە ياغ كىسلاتاسى، پالمىتىك كىسلاتاسى (Palmitic acid) تېخىمۇ كۆپ. ئۆچكە سۈتىنىڭ تەركىبىدىكى مىرىستىك كىسلاتا (Myristicin acid) قوي سۈتىنىڭكىگە قارىغاندا كۆپ بولىدۇ.

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى] «تەبىئەت» نى ۋە ئۆپكىنى قۇۋۋەتلەش، قان كۆپەيتىش، سەمرىتىش، مېڭىنى قۇۋۋەتلەش خۇسۇسىيەتلىرى بار.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر] بەدەن ئاجىزلىقى، بەدەن ئورۇقلاش، سىل كېسەللىكى، ئۆچەي يارىسى، قان تولغاق، چىش مىلىكى قاناش، تۇتقاقلىق كېسەل قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. سۆئلەپ مېسرى، شاقاقۇل، بادام مېغىزىنىڭ ھەربىرىدىن 10 گىرام ئېلىپ يۇمشاق سوقۇپ، 100 گىرام قوي سۈتىگە ئارىلاشتۇرۇپ ئىچسە، بەدەننى قۇۋۋەتلەيدۇ. سەمرىتىدۇ، سىل كېسىلىگە شىپا بولىدۇ.

2. ئۇستىقۇدۇس، لاچىندانە، قەلەمپۇرنىڭ ھەربىرىدىن 10 گىرام، زەپەردىن ئىككى گىرام، قوي سۈتىدىن 150 گىرام ئېلىپ، ئۇستىقۇدۇس، لاچىندانە، قەلەمپۇرنى يۇمشاق سوقۇپ، قوي سۈتىگە ئارىلاشتۇرۇپ، ئاخىرىدا زەپەرنى تەكشى ئارىلاشتۇرۇپ، ئىستېمال قىلسا تۇتقاقلىق كېسەلگە شىپا بولىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] 100 ~ 500 مىللىلىتىرغىچە.

[زىيانلىق تەسىرى] باشقا زىيان قىلىدۇ، قورساقنى كورىكرىتىدۇ ۋە قولۇنجى پەيدا قىلىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] گۈلقەنت.

[ئورۇنباسارى] كالا سۈتى، ئۆچكە سۈتى.

[ۋەكىل خاراكتېرلىك پىششىق دورا ياسالمىسى] قوي سۈتى ئىچىملىكى.

## قوي يېغى

## 葵也合

(羊脂 yang zhi)

[باشقا نامى] رەۋغىنى مېيش، رەۋغىنى گۇسپەندى

[لاتىنچە نامى] Fat caprae

[ئىنگلىزچە نامى] Sheelfat, Fat of sheep, Suet


قوي

[تونۇش] بۇ، ھەممىگە تونۇشلۇق بولغان ھايۋان قوينىڭ يېغى بولۇپ، «قوي يېغى» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ. (6.27 ـ رەسىم)

[چىقىش ئورنى] دۇنيانىڭ ھەممە جايلىرىدىن چىقىدۇ.

[يىغىپ ساقلاش] قوينى سويۇپ، مېيىنى ئايرىپ ئېلىۋېلىپ قورۇپ، جىگىردىكىنى چىقىرىۋېتىپ سۈزۈپ تەييارلىنىدۇ.

[خىمىيەلىك تەركىبى] تويۇنغان ۋە تويۇنمىغان ياغ كىسلاتاسىدىن تەركىب تاپقان بولۇپ، تويۇنمىغان ياغ كىسلاتاسىنىڭ تەركىبىدە پالمىتىك كىسلاتا (Palmitic acid) بىلەن ستېئارىك كىسلاتا (Stearic acid) بار، تويۇنمىغان ياغ كىسلاتاسىنىڭ تەركىبىدە ئاساسلىقى ئولېئىك كىسلاتاسى (Oleic acid) بار، قوينىڭ تېنىدىكى ياغ كىسلاتاسىنىڭ تەركىبىدە 4% مىرىستىك كىسلاتاسى (Myristic acid)، 28.3% پالمىتىك كىسلاتا، 50.8% ئوكتادىكا كىسلاتاسى (Octadecadienoic acid) قاتارلىقلار بار. قوي مېيى بىلەن كالا مېيىنىڭ خىمىيەلىك تەركىبى ئاساسەن ئوخشاش، لېكىن قوي مېيى نىسبەتەن قاتتىق ھەم تەركىبىدىكى تويۇنمىغان ياغ كىسلاتاسىنىڭ مىقدارى كۆپ.

[لايىقلاشتۇرۇلۇشى] ئادەتتىكىدەك ساپلاشتۇرۇلىدۇ.

[تەبىئىتى] بىرىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى] بەدەندە ياغ پەيدا قىلىش، سەمرىتىش، تېرىنى قۇۋۋەتلەش، ئىچ سۈرۈشنى توختىتىش، يەل ھەيدەش، ئاغرىق توختىتىش خۇسۇسىيەتلىرى بار.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر] بەدەن ئورۇقلاش، ئىچ سۈرۈش سەۋەبىدىن بولغان ئۈچەي چىقىپ قېلىش، تۇغۇتتىن كېيىنكى قورساق مۇجۇپ ئاغرىش، يۈزدىكى داغ قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. قوينىڭ يېغىدا ھالۋا تەييارلاپ يەپ بەرسە، بەدەننى سەمرىتىدۇ.

2. تاماققا قوي يېغىنى ئېرىتىپ ئېمىتىۋېتىپ يېسە ياكى تامىقىنى قوي يېغىدا ئېتىپ يېسە، ئىچ سۈرۈشتىن بولغان ئۈچەي چىقىپ قېلىشقا مەنپەئەت قىلىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] مۇۋاپىق مىقداردا.

[زىيانلىق تەسىرى] قەۋزىيەت پەيدا قىلىدۇ، قاندىكى ماي ماددىسىنى ئۆرلىتىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] ھەسەل سۈيى.

[ئورۇنباسارى] كالا يېغى.

[ۋەكىل خاراكتېرلىك پىششىق دورا ياسالمىسى] ھالۋائى بادام.

## قوي گۆشى
## 葵古西
(羊肉 yang rou)

[باشقا ئاتىلىشى] لەھمۇلمىش، گوشتى گۇسپەندى

[لاتىنچە نامى] Musculus Ovis

[ئىنگلىزچە نامى] Sheep Meat

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com


قوي گۆشى

[تونۇش] بۇ، ھەممىگە تونۇشلۇق ھايۋان قوينىڭ گۆشى بولۇپ، بۇ گۆش «قوي گۆشى» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ. (7.27 ـ رەسىم)

[چىقىش ئورنى] دۇنيانىڭ ھەممە جايلىرىدىن چىقىدۇ.

[يىغىپ ساقلاش] بۇ ھايۋاننى بوغۇزلاپ، تېرىسىنى سويۇپ، ئىچكى ئەزالىرىنى ئايرىپ تازىلاپ، سوغۇق جايدا ساقلىنىدۇ.

[خىمىيەلىك تەركىبى] قوي گۆشىنىڭ تەركىبى قوينىڭ تۈرى، يېشى، ئوزۇقلىنىش ئەھۋالى، بەدەن شەكلى قاتارلىقلار بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ. ئادەتتە ئورۇق گۆشىنىڭ تەركىبىدە 68% سۇ، 17.3% ئاقسىل، 13.6% ماي ۋە ئاز مىقداردا كالتسىي، فوسفور، تۆمۈر قاتارلىق مىكرو ئېلېمېنتلار بولىدۇ.

[لايىقلاشتۇرۇلۇشى] ئادەتتىكىدەك ساپلاشتۇرۇلىدۇ.

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە ھۆل ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى] بەدەننى سەمرىتىش، باھنى، يۈرەكنى، ئومۇمىي بەدەننى ۋە ئاشقازاننى قۇۋۋەتلەش، تەبىئىي ھارارەتنى يۇقىرى كۆتۈرۈش، قان كۆپەيتىش خۇسۇسىيىتى بار.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر] باھ ئاجىزلىقى، مەنىي ئازىيىش، يۈرەك ئاجىزلىقى، تۇغۇتتىن كېيىنكى ئاجىزلىق، بەدەن ئاجىزلىق، سوغۇقتىن كېلىپچىققان قۇسۇش، قېرىلاردىكى ھەزىم ئاجىزلىقى، ئومۇمىي بەدەن ماغدۇرسىزلىنىش قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. قوي گۆشىدىن 500 گىرامنى مۇۋاپىق مىقداردىكى سۇدا قاينىتىپ، پىشۇرۇپ گۆشنى يەپ، شورپىسىنى ئىچسە، باھ ئاجىزلىقى، بەدەن ئاجىزلىقى ۋە ماغدۇرسىزلىقتا مەنپەئەت قىلىدۇ.

2. مۇۋاپىق مىقداردىكى قوي گۆشىنى زىخقا تارتىپ، ئۈستىگە پىلپىل، قارىمۇچ، ئاقمۇچ تالقانلىرىنى سېپىپ كاۋاپ قىلىپ يېسە، باھ ئاجىزلىقى، بەدەن ئاجىزلىقى، ماغدۇرسىزلىنىش قاتارلىقلارغا مەنپەئەت قىلىدۇ.

3. كەپتەر گۆشى، قىرغاۋۇل گۆشى، كەكلىك گۆشى، قوي گۆشى قاتارلىقلاردىن 100 گىرامدىن ئېلىپ، قائىدە بويىچە مائۇللەھمى تەييارلاپ ئىچسە، مەنىي كۆپەيتىدۇ. بەدەن ئاجىزلىقى، تۇغۇتتىن كېيىنكى ئاجىزلىقتا مەنپەئەت قىلىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] مۇۋاپىق مىقداردا.

[زىيانلىق تەسىرى] قاندىكى ماينى ئۆرلىتىۋېتىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] قېتىق، پىياز.

[ئورۇنباسارى] ئۆچكە گۆشى.

[ۋەكىل خاراكتېرلىك پىششىق دورا ياسالمىسى] مائۇللەھمى.

## ئادەمگىياھ

## 米热各亚

(人参 ren shen)

[باشقا ئاتىلىشى] يەبرۇجى سەنەم، مەردۇم گىياھ، مېھرىگىياھ

[لاتىنچە نامى] Radix Panax ginseng

[ئىنگلىزچە نامى] Ginseng

[تونۇش] بۇ، ئاكانتو پاناكس ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك ئادەمگىياھ بولۇپ،



ئادەمگىياھ

بۇ ئۆسۈملۈكنىڭ يىلتىزى «رېنشېڭ» ياكى «ئادەمگىياھ» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ. بۇ ئۆسۈملۈكنىڭ ئېگىزلىكى 50 ~ 60 سانتىمېتىر كېلىدۇ، يوپۇرمىقى ئەنجۈرنىڭ يوپۇرمىقىغا ئوخشايدۇ ۋە ئۇنىڭدىن ئىنچىكە كېلىدۇ، مېۋىسى قىزىل، چوڭلۇقى زەيتۇن چوڭلۇقىدا، گۈلى ئاق، بەزىلەرنىڭ ئېيتىشىچە، بۇ ئۆسۈملۈك كېچىسى يالتىراپ تۇرىدۇ، بۇنىڭ بېشى كېسىلمىسە، قۇۋۋىتى 60 يىل تۇرىدۇ. بۇ ئۆسۈملۈكنىڭ يىلتىزى بىرى ئەركەك، يەنە بىرى چىشى دەپ ئىككى خىل بولىدۇ. چىشى ئادەمگىياھنىڭ رەڭگى قارىغا مايىلراق بولىدۇ، ياغاچقا ئوخشايدۇ، يوپۇرمىقى كاھۇغا ئوخشايدۇ، ئەمما ئۇنىڭدىن بىرئاز كىچىكرەك، ياغلىشاڭغۇ، پۇرىقى ئۆتكۈر بولىدۇ، ئۆسۈملۈكى يەر ئۈستىگە يېيىلىپ تۇرىدۇ، يوپۇرمىقىنىڭ تۈۋىدە مېۋىسى بولۇپ، ئالمىغا ئوخشايدۇ، ئەمما ئالمىدىن كىچىكرەك، مېۋىسىنىڭ ئىچىدە ئامۇتنىڭ ئۇرۇقىغا ئوخشاش ئۇرۇقى بولىدۇ. چىشى ئادەمگىياھنىڭ يىلتىزى يوغان ئىككى ياكى ئۈچ دانە بولىدۇ، بىر - بىرىگە چاپلاشقان ھالدا تۇرىدۇ، سىرتى قارا، ئىچى ئاق، پوستى قېلىن بولىدۇ. ئىككىنچىسى ئەركەك ئادەمگىياھ: بەزىلەر بۇنى «موريۇن» دەپ ئاتايدۇ. يوپۇرمىقىنىڭ رەڭگى ئاق، سىلىق، يوغان، كەڭ، قىزىلچىنىڭ يوپۇرمىقىغا ئوخشايدۇ، يىلتىزى چىشى ئادەمگىياھنىڭ ئىككى باراۋىرىدە كېلىدۇ، چوڭلۇقى پىدىگەندەك، رەڭگى زەپەرنىڭ رەڭگىدە، پۇرىقى ئۆتكۈر، چارۋا باقىدىغان كىشىلەر بۇنى يەيدۇ، ئاندىن ئۇلارغا ئۇيقۇ كەلتۈرىدۇ. ئەركەك ئادەمگىياھنىڭ يىلتىزى ئايال كىشىنىڭ شەكلىدە، چىشىسىنىڭ يىلتىزى ئۇزۇنراق كېلىدۇ. يەنە بىر خىل ئادەمگىياھ بار بولۇپ، بۇ سايە، ئازگال جايلاردا ئۆسىدۇ، ئۇنىڭ يوپۇرمىقى كىچىك، لېكىن كەڭ، ئۇزۇنلۇقى 16 سانتىمېتىر، يىلتىزىنىڭ چوڭلۇقى باش بارماق چوڭلۇقىدا ئۇزۇن، رەڭگى ئاق، بۇنىڭ گۈلى ۋە مېۋىسى بولمايدۇ، بۇ ھەممە خىل ئادەمگىياھلارنىڭ كۈچلۈكرەكى ھېسابلىنىدۇ. شۇنداقتىمۇ ئادەمگىياھنىڭ ياخشىسى سېمىز ھەم چىڭ بولغىنىدۇر. (278. 8 - رەسىم)

[**چىقىش ئورنى**] ئېلىمىزنىڭ شەرقى شىمال، چاڭبەيشەن ۋە شىنجاڭ رايونلىرىدىن، چاۋشيەن، ياپونىيە قاتارلىق ئەللەردىن چىقىدۇ.

[**يىغىپ ساقلاش**] بۇ ئۆسۈملۈكنىڭ ئۇرۇقى پىشقاندا، يىلتىزىنى كولاپ ئېلىپ يۇيۇپ، قۇرۇتۇپ ساقلىنىدۇ.

[**خىمىيىلىك تەركىبى**] يىلتىزىنىڭ تەركىبىدە پاناكسوزىد I — (Panaxosides) قاتارلىقلار بار. يەنە يىلتىزىدا 0.05% ئۇچۇچان ماي بولۇپ، بۇ ئادەمگىياھتىكى ئالاھىدە پۇراقتىن ئىبارەت. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە پاناكسىنول (Panaxynol) ئادەمگىياھ كىسلاتاسى، ھەر خىل ئامىنو كىسلاتالار، ئۆت ئىشقارى (خولىن) پەيپتىد تۈرىدىكىلەر بار، ئۈزۈم شېكىرى، مېۋە شېكىرى، قومۇش شېكىرى ۋە كۆپ خىلدىكى

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى

پانوز (Panose) مېۋە يېلىمى قاتارلىقلار، ۋىتامىن $B_1$، $B_2$، نىكوتىن كىسلاتاسى قاتارلىقلار بار.

**[فارماكولوگىيەلىك تەسىرى]**

1. نېرۋا سىستېمىسىغا بولغان تەسىرى: ئادەمگىياھ مەركىزىي نېرۋا سىستېمىسى، بولۇپمۇ ئۇنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك قىسىملىرىغا قارىتا ئالاھىدە تەسىرى بار، بولۇپمۇ تورمۇزلىنىش جەريانىنى كۈچەيتىدۇ، نېرۋا پائالىيىتى جەريانىنىڭ جانلىقلىقىنى ياخشىلايدۇ، ئادەمگىياھنىڭ چوڭ مېڭە پوستلىقىنى قوزغىتىش تەسىرى ئامفېتامىن، كوفېئىن، دىبازول، تىرىخنىن قاتارلىقلاردىن كۈچلۈك. ئۇ يەنە كىشلەرنىڭ ئەقلىي ۋە جىسمانىي ئىقتىدارىنى يۇقىرى كۆتۈرىدۇ، ئۇنىڭ سەلبىي قوشۇمچە تەسىرى يوق.

2. ئورگانىزمنىڭ رېئاكسىيەچانلىقىغا قارىتا تەسىرى: ئادەمگىياھ ماسلاشتۇرۇش تەسىرىگە ئىگە. يەنى ئورگانىزمنىڭ ھەر خىل زىيانلىق غىدىقلاشلاردىن مۇداپىئە قىلىش ئىقتىدارىنى كۈچەيتىدۇ، ۋىتامىن $B_1$، $B_2$ يېتىشمەسلىكتىن بولىدىغان كېسەللىك ئالامەتلىرى ۋە زىيادە سېزىمچانلىق شوكىنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ. ئەمما روشەن تۈردىكى ئادرېنالىنغا ياكى ھىستامىنغا قارشىلىق تەسىرى يوق، ئۇنىڭ تەسىر كۆرسىتىش قانۇنىيىتى ئېھتىمال ئادەمگىياھنىڭ غىدىقلىشىغا جاۋاب قايتۇرۇش جەريانىدىكى رېئاكسىيەگە، بولۇپمۇ نېرۋا ھېپوفىز بۆرەك ئۈستى بەز پوستلاق سىستېمىسىنىڭ تەسىرىگە باغلىنىشلىق بولۇشى مۇمكىن.

3. ئىچكى ئاجراتما بەزلىرىگە قارىتا تەسىرى: ئادەمگىياھنى قىسقا مۇددەت ئىچىدە زور مىقداردا ئىشلەتسە، تەجرىبىخانا توشقانلىرى قالقانبەزىنىڭ خىزمىتىنى كۈچەيتىدۇ، ئەمما ئۇنى ئۇزاقراق مۇددەت ئىشلەتسە، قالقانبەز خىزمىتىنى تورمۇزلىشى مۇمكىن.

4. قان بېسىمىغا بولغان تەسىرى: تەجرىبىلەردە ئېنىقلىنىشىچە، ئادەمگىياھ باش - مېڭىنىڭ پوستلاق قىسمىغا ۋە پوستلاق ئاستى قىسىملىرىغا قوزغاتقۇچى تەسىر كۆرسىتىدۇ. ئۇ بەدەننىڭ كېسەللىكلەرگە قارشىلىق كۈچىنى ئاشۇرىدۇ. ئۇزاق ئىستېمال قىلىنسا، بەدەندىكى ھەر خىل ئىششىقلارغا قارشىلىق ھاسىل قىلىدۇ. ئۆت ئىشلەپچىقىرىشىنى كۈچەيتىدۇ. ئۆتنىڭ ئىچىدە ئۆتنىڭ قىزىل ماددىسى ۋە ئۆت كىسلاتاسىنىڭ مىقدارىنى ئاشۇرىدۇ. كۆزنىڭ نۇرلارغا بولغان سەزگۈرلۈكىنى، قاراڭغۇدا كۆرۈش قابىلىيىتىنى ئاشۇرىدۇ.

**[لايىقلاشتۇرۇلۇشى]** توغراپ، ئىلغاپ ساپلاشتۇرۇلىدۇ.

**[تەبىئىتى]** بىرىنچى دەرىجىدە ھۆل ئىسسىق.

**[خۇسۇسىيىتى]** «تەبىئەت» نى، مېڭە ۋە باھنى قۇۋۋەتلەش، قان كۆپەيتىش، خىلىت ھاسىل قىلىش، سۈيدۈكنى راۋانلاشتۇرۇش، تىنچلاندۇرۇش، زېھنىي قۇۋۋىتىنى ئاشۇرۇش، تال ۋە ئۆپكىنى قۇۋۋەتلەش، ئارتۇق ھۆللۈكنى قۇرۇتۇش، كۆڭۈلگە خۇشلۇق يەتكۈزۈش، ئۇيقۇ كەلتۈرۈش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە.

**[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر]** قان ئازلىق، دەم سىقىلىش، يۈرەك رىتىمسىزلىقى، كۆپ تەرلەش، ئىشتىھاسىزلىق، ماغدۇرسىزلىنىش، نېرۋا ئاجىزلىقى، ئۇيقۇسىزلىق، باھ ئاجىزلىقى، ئۆتكۈر ۋە سوزۇلما خاراكتېرلىك قان يوقىتىشتىن كېلىپچىققان شوك، بەدەن ئاجىزلىق قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

**[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]**

1. ئادەمگىياھ يىلتىزىدىن بەش گىرام، سۆرۈنجاندىن 10 گىرام، زەپەردىن ئىككى گىرام ئېلىپ،

دورىلارنى قائىدە بويىچە قايناتماي ئىچسە، بوغۇم ئاغرىقىغا مەنپەئەت قىلىدۇ.

2. يەتتە گىرام ئادەمگىياھ يوپۇرمىقىنى ئېزىپ، خېمىر قىلىپ كۆزگە چاپسا، كۆز ئاغرىقىغا مەنپەئەت قىلىدۇ.

3. ئادەمگىياھ يىلتىزى ۋە كاسىنە يىلتىزىدىن 10 گىرامدىن ئېلىپ قايناتماي ئىچسە، سۈيدۈك ئېچىشىپ كېلىشكە مەنپەئەت قىلىدۇ.

4. ئادەمگىياھ يىلتىزىدىن بەش گىرام، مۇقەلدىن 10 گىرام ئېلىپ، دورىلارنى قائىدە بويىچە قايناتماي ئىچسە، بۆۋاسىرغا مەنپەئەت قىلىدۇ.

5. 10 گىرام ئادەمگىياھ يىلتىزىنى يۇمشاق ئېزىپ، سىركە بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ چاپسا، دانىخورەككە مەنپەئەت قىلىدۇ.

6. بەش گىرام ئادەمگىياھنى ھەسەل ياكى زەيتۇن يېغى بىلەن قوشۇپ ئىچكۈزسە زەھەر قايتۇرىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] 3 ~ 10 گىرامغىچە.

[زىيانلىق تەسىرى] جىگەرگە زىيان قىلىدۇ. باش ئاغرىقى پەيدا قىلىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] رەۋەن، سىركەنجىۋىل.

[ئورۇنباسارى] بەزرۇلبەنجى.

[پىششىق دورا ياسالمىسى] مەجۇنى ئادەمگىياھ، شەربىتى ئادەمگىياھ.

[دىققەت قىلىدىغان ئىشلار] قارا خەربەق بىلەن بىرىشكە قەتئىي بولمايدۇ.

## كەكلىك گۆشى

## 开克里古西

## (竹鸡 zhu ji)

[باشقا نامى] لەھمۇل ھەجەل، گۆشتى كەبەك، گۆشتى قەبىھ مۇرغى

[لاتىنچە نامى] Musculus Bambusicola thoracicae

[ئىنگلىزچە نامى] Bambusicola meat



كەكلىك

[تونۇش] بۇ، قىرغاۋۇل ئائىلىسىدىكى ھايۋانات كەكلىك بولۇپ، بۇ ھايۋاناتنىڭ گۆشى، يېغى، ئۆتى، مايىقى، قېنى، مېڭىسى ۋە تۇخۇمى قاتارلىقلار دورا ئورنىدا ئىشلىتىلىدۇ. (27 .9 ـ رەسىم)

[چىقىش ئورنى] شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىمىزدىن چىقىدۇ.

[يىغىپ ساقلاش] كەپتەرنى بوغۇزلاپ، تۈكلىرىنى پاكىز يۇلۇپ، ئوت بىلەن چالاپ، ئىچكى ئەزالىرىنى ئايرىپ تازىلاپ، سوغۇق جايدا ساقلىنىدۇ.

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى] «تەبىئەت» نى، جىگەرنى، بۆرەكنى، رەئىس ئەزالارنى ۋە باھنى قۇۋۋەتلەش، ئوزۇقلۇق تولۇقلاش، ساپ قان پەيدا قىلىش، ئىچ سۇرۇشنى توختىتىش، سەمرىتىش، توسالغۇلارنى ئېچىش، ئارتۇق گۆشلەرنى يېيىش، بەدەننى قىزىتىش، قان تازىلاش، ئىششىق ياندۇرۇش، كۆزنى قۇۋۋەتلەش خۇسۇسىيەتلىرى بار.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر] رەئىس ئەزالار ئاجىزلىقى، پالەچ، لەقۋا، مېڭە، يۈرەك، جىگەر ۋە باھ ئاجىزلىقى، ئوزۇقلۇق يېتىشمەسلىك، سەرئى، يەرقان، نامازشام قارىغۇسى، كۆز ياشانغىراش، كۆز قاراڭغۇلىشىش، ئىچ سۇرۇش، كۆزگە ئارتۇق گۆش ئۆنۈپ قېلىش، ھەر خىل ئىششىق، تەمرەتكە، قوتۇر، قارا داغ، سەپكۈن قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. كەكلىكنىڭ گۆشىنى سۇڭپىياز بىلەن قورۇپ ياكى قەلەمپۇر، لاچىندانە، ئۇستىقۇددۇس قاتارلىق دورىلار بىلەن شورپا تەييارلاپ ئىستېمال قىلسا، مېڭە، يۈرەك ۋە جىگەر ئاجىزلىقى، پالەچ، لەقۋا قاتارلىقلارغا پايدا قىلىدۇ.

2. كەكلىكنىڭ پىشۇرۇلغان گۆشىنى يۇمغاقسۈت سۈيى بىلەن يەپ بەرسە، ئىچ سۇرۇشكە پايدا قىلىدۇ.

3. كەكلىكنىڭ مېڭىسىدىن ئۈچ گىرامنى ئېزىپ، شاراب بىلەن ئىستېمال قىلسا، ئىچ سۇرۇشكە پايدا قىلىدۇ.

4. كەكلىكنىڭ ئۆتىنى كۆزگە تارتسا، كۆزگە ئاق چۈشۈش، نامازشام قارىغۇسى ۋە كۆز قاراڭغۇلىشىشقا مەنپەئەت قىلىدۇ.

5. كەكلىكنىڭ ئۆتىگە مۇۋاپىق مىقداردا تۆشۈكسىز مەرۋايىت، ئىپار قوشۇپ كۆزگە تارتسا، كۆزگە ئاق چۈشۈش، ئارتۇق گۆش ئۆنۈپ قېلىش، كۆز ياشانغىراش قاتارلىقلارغا پايدا قىلىدۇ.

6. كەكلىكنىڭ قۇرۇتۇلغان قېنىنى ئېزىپ، پىلپىل ۋە ھەسەل بىلەن قوشۇپ يەرلىك ئورۇنغا چاپسا، قوتۇر ۋە تەمرەتكىگە مەنپەئەت قىلىدۇ.

7. كەكلىكنىڭ گۆشىنى مۇۋاپىق مىقداردىكى كۈندۈر بىلەن قوشۇپ پىشۇرۇپ يېسە، بەدەننى سەمرىتىدۇ.

8. كەكلىكنىڭ مايىقىنى سىركە بىلەن قوشۇپ يەرلىك ئورۇنغا چاپسا، سەپكۈن ۋە قارا داغنى يوق قىلىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] ئەھۋالغا قاراپ مۇۋاپىق مىقداردا بېرىلىدۇ.

[زىيانلىق تەسىرى] ئىسسىق مىزاج كىشىلەرنىڭ بېشىنى ئاغرىتىدۇ. سۈيدۈكنى توختىتىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] سىركەنجۇبىل.

[ئورۇنباسارى] ئۈلار گۆشى، كەپتەر گۆشى.

[ۋەكىل خاراكتېرلىك پىششىق دورا ياسالمىسى] ئەرقى مائۇللەھمى.

# كەپتەر گۆشى

# 开普台尔古西

## （鸽子 ge zi）

[**باشقا ئاتىلىشى**] لەھمى ھۇمام، گۇشتى كەبۇتەر، كەبۇتەر كاگوشت

[**لاتىنچە نامى**] Musculus, Columba livia

[**ئىنگلىزچە نامى**] meatof pigeon



كەپتەر

[**تونۇش**] بۇ، پاختەك، كەپتەر ئائىلىسىدىكى ھايۋانات ياۋا كەپتەر، ئۆي كەپتىرى ۋە قىيالىق كەپتىرىنىڭ گۆشى ياكى پۈتۈن تېنىدىن ئىبارەت بولۇپ، مۇشۇ ئۈچ خىل كەپتەرنىڭ گۆشى، يېغى، تۇخۇمى، تاشلىقى ۋە مايىقى دورا ئورنىدا ئىشلىتىلىدۇ. (27.10 - رەسىم)

[**چىقىش ئورنى**] شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن چىقىدۇ.

[**يىغىپ ساقلاش**] بۇ قۇشنى بوغۇزلاپ، تۈكلىرىنى پاكىز يۇڭداپ، ئوت بىلەن چالاپ، ئىچكى ئەزالىرىنى ئايرىپ تازىلاپ، سوغۇق جايدا ساقلىنىدۇ.

[**خىمىيەلىك تەركىبى**] كەپتەر گۆشى تەركىبىدە 75% سۇ، 22% ئاقسىل يەنە ماي ماي ماددىلىرى بار.

[**لايىقلاشتۇرۇلۇشى**] ئادەتتىكىدەك ساپلاشتۇرۇلىدۇ.

[**تەبىئىتى**] ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق، ياۋا كەپتەر زىيادە قۇرۇق ئىسسىق.

[**خۇسۇسىيتى**] «تەبىئەت» نى، باھنى ۋە بەدەننى قۇۋۋەتلەش، ھەيزنى راۋانلاشتۇرۇش، تۇسالغۇلارنى ئېچىش، ئىششىق ياندۇرۇش، پەي - مۇسكۇللارنى چىڭىتىش، ساپ قان پەيدا قىلىش، زەھەر قايتۇرۇش، ئاغرىق پەسەيتىش، يارىلارنى ئېغىز ئالدۇرۇش خۇسۇسىيەتلىرى بار.

[**ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر**] ئومۇمىي بەدەن ئاجىزلىقى، پالەچ، لەقۋا، ئەزالار تىترەش، كونا باش ئاغرىقى، بوغۇم ئاغرىقى، پۇت - قول ئاغرىقى، بۆرەك ۋە دوۋساق تاش كېسەللىكى، چاقا، غەلۋىرەك قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[**ئىشلىتىش ئۇسۇلى**]

1. كەپتەر گۆشى، كەكلىك گۆشى، پاقلان گۆشى، قۇشقاچ گۆشى قاتارلىقلارنىڭ ھەربىرىدىن 30 گىرام ئېلىپ، مۇۋاپىق مىقداردىكى سۇ بىلەن قائىدە بويىچە مائۇللەھمى تەييارلاپ بەرسە، ئومۇمىي بەدەن ئاجىزلىقى، پالەچ، لەقۋا قاتارلىقلارغا مەنپەئەت قىلىدۇ.

2. كەپتەرنىڭ باچكىسىنى پىشۇرۇپ ياكى كاۋاپ قىلىپ يەپ بەرسە، ھاشارات ۋە يىلان چاققاندىكى زەھەرنى قايتۇرىدۇ.

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

3. باچكىنىڭ گۆشىنى كۇنجۇت يېغىدا پىشۇرۇپ يەپ بەرسە ياكى ياۋا كەپتەرنىڭ مايىقىنى سارغايتىپ قورۇپ، سوقۇپ، تۇرۇپ سۈيى بىلەن ئىچسە، بۆرەك ۋە دوۋساقتىكى تاشلارنى ئېزىپ چىقىرىدۇ.

4. كەپتەر مايىقىنى قىچا بىلەن خېمىر قىلىپ يەرلىك ئورۇنغا چاپسا، كونا باش ئاغرىقى، بىقىن ئاغرىقى ۋە بوغۇم ئاغرىقلىرىغا مەنپەئەت قىلىدۇ.

5. كەپتەر مايىقىنى ئارپا سۈيىدە خېمىر قىلىپ يەرلىك ئورۇنغا چاپسا، قاتتىق ئىششىقلارنى ياندۇرىدۇ.

6. كەپتەر مايىقىدىن 15 گىرام ئېلىپ، مۇۋاپىق مىقداردىكى زەيتۇن يېغى بىلەن قوشۇپ كۆيگەن جايغا چاپسا، ياخشى مەنپەئەت قىلىدۇ.

7. كەپتەرنىڭ بېشىنى تۈكلىرى بىلەن قوشۇپ كۆيدۈرۈپ، يۇمشاق سوقۇپ كۆزگە تارتسا، كۆزدىكى پەردە، قاراڭغۇلۇق، شەپكورلۇقنى يوقىتىدۇ، كۆزنى روشەنلەشتۈرىدۇ.

[**ئىشلىتىش مىقدارى**] مۇۋاپىق مىقداردا.

[**زىيانلىق تەسىرى**] ئىسسىق مىزاج كىشىلەرگە زىيان قىلىدۇ، باشنى ئاغرىتىدۇ.

[**تۈزەتكۈچىسى**] يۇمغاقسۈت، سىركە، غورا سۈيى.

[**ئورۇنباسارى**] پاختەك گۆشى.

[**ۋەكىل خاراكتېرلىك پىششىق دورا ياسالمىسى**] مائۇللەھمى.

## ئۆچكە گۆشى

## 欧其开古西

(山羊肉 shan yang rou)

[**باشقا ئاتىلىشى**] بەكرى كاگوشت

[**لاتىنچە نامى**] Musculus Capra hircus

[**ئىنگلىزچە نامى**] Goat Meat



ئۆچكە

[**تونۇش**] بۇ، كالا ئائىلىسىدىكى ھايۋانات بولۇپ، ئۇنىڭ گۆشى دورا قىلىنىدۇ. (11.27 ـ رەسىم)

[**چىقىش ئورنى**] شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ھەممە يەرلىرىدە بېقىلىدۇ.

[**يىغىپ ساقلاش**] بۇ ھايۋاننى بوغۇزلاپ، تېرىسىنى سويۇپ، ئىچكى ئەزالىرىنى ئايرىپ تازىلاپ، سوغۇق جايدا ساقلىنىدۇ.

[**خىمىيەلىك تەركىبى**] ئۆچكىنىڭ تۈرى، يېشى، ئوزۇقلىنىشى پەرقلىق بولغانلىقتىن تەركىبىمۇ ئوخشاش بولمايدۇ. گۆشىدە 68%

سۇ، 17.3% ئاقسىل، 13.6% ماي بار، يەنە كاربون سۇ بىرىكمىلىرى، كۈل ماددىسى، كالتسىي، فوسفور، تۆمۈر، ۋىتامىنلار، نىكوتىن كىسلاتاسى، خولېستېرىن قاتارلىقلار بار.

[**تەبىئىتى**] ئىككىنچى دەرىجىدە ھۆل ئىسسىق.

[**خۇسۇسىيىتى**] «تەبىئەت» نى، جىگەرنى قۇۋۋەتلەش، ساپ قان پەيدا قىلىش، چوڭ تەرەتنى يۇمشىتىش، ئاغرىق پەسەيتىش، كۆزنى قۇۋۋەتلەش، نەپەسنى ياخشىلاش، باھنى قوزغاش، مېڭىگە ھۆللۈك يەتكۈزۈش خۇسۇسىيەتلىرى بار.

[**ئىشلىتىدىغان كېسەللىكلەر**] جىگەر ئاجىزلىقى، قان ئازلىق، ھەر خىل ئىششىقلار، كۆرۈش كۈچى ئاجىزلىق، نەپەس قىيىنلىشىش، باھ ئاجىزلىقى قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[**ئىشلىتىش ئۇسۇلى**] ئالتە ئايلىق بولغان ئۆچكىنىڭ گۆشىنى ئىستېمال قىلسا، يۇقىرىقى كېسەللىكلەرگە پايدا قىلىدۇ.

1. ئۆچكىنىڭ گۆشىنى تاڭسا زەربە تەگكەن، كۆكەرگەن، ھەر خىل سەۋەبتىن بولغان ئەزالار ئىششىقىغا پايدا قىلىدۇ.

2. ئۆچكىنىڭ مېڭىسىنى ئېرىتىپ سىرتتىن ياغلانسا، مېڭىگە قۇرۇقلۇق يېتىش ۋە ئەزالار قاتتىقلىشىشقا مەنپەئەت قىلىدۇ.

3. ئۆچكە جىگىرىنى پارچىلاپ ئۆتكە ئارىلاشتۇرۇپ، زەنجىۋىل، قارىمۇچ سېپىپ كاۋاپ قىلىپ يېسە ياكى تامغان سۇيىنى كۆزگە تارتسا، نامازشام قارىغۇسىغا مەنپەئەت قىلىدۇ.

4. ئۆچكىنىڭ ئۇرۇقدىنىنى يېرىپ، يۇمىلاق زىراۋەندە، توغرىغۇ، زىرە قوشۇپ قۇرۇتۇپ، سوقۇپ تالقان قىلىپ 3.5 گىرامدىن ئىچىپ بەرسە، باھ ئاجىزلىقىغا مەنپەئەت قىلىدۇ.

5. ئۆچكىنىڭ ئۇرۇقدىنىنى سائىتەر، توغرىغۇ بىلەن قورۇپ، 3.5 گىرام ياۋا سامساق سىركىسى بىلەن ئىستېمال قىلسا، تال كېسەللىكلىرىگە مەنپەئەت قىلىدۇ.

6. تۆت ياشلىق بولغان جاغال ئۆچكىنى كۈز پەسلىدە بوغۇزلاپ، ئوتتۇرىسىدىكى قېنىنى قاچىغا ئېلىپ، ئۇيۇغاندا ئۇششاق پارچىلاپ قۇرۇتۇپ ئىستېمال قىلسا ياكى سۇفۇپى ھەجرۇليەھۇد بىلەن قوشۇپ ئىچسە، بۆرەك ۋە دوۋساق تاش كېسەللىكىگە مەنپەئەت قىلىدۇ.

7. ئۆچكە يېغى بىلەن گۈرۈچنى قوشۇپ ئاتىلا ئېتىپ ئىچسە، ئىچ سۈرۈشكە مەنپەئەت قىلىدۇ.

8. ئۆچكىنىڭ چاۋا يېغىنى ئارپا ئۇنى بىلەن قوشۇپ كىلىزما قىلسا، ئۈچەيدىكى ھەر خىل يارىغا مەنپەئەت قىلىدۇ.

[**ئىشلىتىش مىقدارى**] ئۇرۇقدىنىدىن 1.5 ~ 3 گىرامغىچە، گۆشىدىن 50 ~ 200 گىرامغىچە.

[**زىيانلىق تەسىرى**] سەۋدا مىزاج كىشىلەرگە زىيان قىلىدۇ.

[**تۈزەتكۈچىسى**] بادام، نارجىل، خورما.

[**ئورۇنباسارى**] تاغ تېكىسى، پاختەك گۆشى.

[**ۋەكىل خاراكتېرلىك پىششىق دورا ياسالمىسى**] مائۇللەھمى، ئەرقى لەھمى.

www.uyghurkitap.com

## پاختەك گۆشى

## 帕合台克古西

(斑鸠肉 ban jiu rou)

[باشقا ئاتىلىشى] لەھمى بىتەر

[لاتىنچە نامى] Caro Streptopelia orientalis

[ئىنگلىزچە نامى] meat of rufous turtle dove



پاختەك

[تونۇش] بۇ، پاختەك ـ كەپتەرلەر ئائىلىسىدىكى قۇش تاغ پاختىكىدىن ئىبارەت بولۇپ، رەڭگى كۇل رەڭ، بويندا قارا بويۇن چىقى بار، چوڭلۇقى ياۋا كەپتەردەك كېلىدۇ. (12.27 ـ رەسىم)

[چىقىش ئورنى] شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ھەممە يەرلىرىدىن چىقىدۇ.

[يىغىش ساقلاش] بۇ قۇشنى بوغۇزلاپ، تۈكلىرىنى پاكىز يۇڭداپ، ئوت بىلەن چالاپ، ئىچكى ئەزالىرىنى ئايرىپ تازىلاپ، سوغۇق جايدا ساقلىنىدۇ.

[لايىقلاشتۇرۇلۇشى] ئادەتتىكىدەك ساپلاشتۇرۇلىدۇ.

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى] يەللەرنى ھەيدەش، تۇسالغۇلارنى ئېچىش، باھنى قۇۋۋەتلەش، بەدەننى سەمرىتىش، زەھەر قايتۇرۇش، يىرىك توختىتىش خۇسۇسىيىتى بار.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر] رەئشە، پالەچ، باھ ئاجىزلىقى، ئاقكېسەل (بەرەس) قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. پاختەك مايىقىنى كۆيدۈرۈلگەن پىلە غوزىسى بىلەن شەپەرەڭ مايىقىغا قوشۇپ مۇۋاپىق مىقداردا قۇلاققا پۈركۈپ بەرسە، قۇلاق يىرىڭلىق ئىششىقىغا پايدا قىلىدۇ.

2. پاختەك مايىقىنى سىركە بىلەن قوشۇپ مەلھەم تەييارلاپ، يەرلىك ئورۇنغا چېپىپ بەرسە، ئاقكېسەلگە مەنپەئەت قىلىدۇ.

3. قورۇپ پىشۇرۇلغان پاختەك گۆشىنى ئىستېمال قىلىپ بەرسە، رەئشە ۋە پالەچكە مەنپەئەت قىلىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] ئەھۋالغا قاراپ مۇۋاپىق مىقداردا ئىشلىتىلىدۇ.

[زىيانلىق تەسىرى] كۆپ ئىشلەتسە ۋەسۋەسە پەيدا قىلىدۇ. ئۇيقۇنى قاچۇرىدۇ. ئىسسىق مىزاجلىقلارغا زىيانلىق.

[**تۇزەتكۈچىسى**] بادام يېغى، گۇل يېغى.
[**ئورۇنباسارى**] كەپتەر گۆشى.
[**ۋەكىل خاراكتېرلىك پىششىق دورا ياسالمىسى**] رەيھان شەربىتى، مائۇللەھمى.

## ئات گۆشى
## 阿提古西
(马肉 ma rou)

[**باشقا ئاتىلىشى**] لەھمى فەرەس، گوشتى ئەسبى، گۇرى كاگوشت
[**لاتىنچە نامى**] Musculus Caro equi
[**ئېنگىلز نامى**] Hovse meat


ئات

[**تونۇش**] بۇ، ھەممىگە تونۇش بولغان ئات ئائىلىسىدىكى مەشھۇر ھايۋان بولۇپ، بۇ ھايۋاننىڭ گۆشى «ئات گۆشى» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ. (13.27 ـ رەسىم)
[**چىقىش ئورنى**] شىنجاڭنىڭ ھەممە يەرلىرىدە بېقىلىدۇ ھەم ياۋا ھالدىمۇ ياشايدۇ.
[**يىغىپ ساقلاش**] بۇ ھايۋاننى بوغۇزلاپ، تېرىسىنى سويۇپ، ئىچكى ئەزالىرىنى ئايرىپ تازىلاپ، سوغۇق جايدا ساقلىنىدۇ.
[**خىمىيەلىك تەركىبى**] ئات گۆشى تەركىبىدە ھەر خىل ۋىتامىنلار بار.
[**تەبىئىتى**] ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.
[**خۇسۇسىيىتى**] «تەبىئەت» نى قۇۋۋەتلەش، قان كۆپەيتىش، روھنى كۈچلەندۈرۈش، ئىچ سۈرۈشنى توختىتىش، ھۆل سوغۇق كەيپىياتنى تەڭشەش، تېرىگە رەڭ پەيدا قىلىش، بەدەن ھارارىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ، ئومۇمىي بەدەننى قۇۋۋەتلەش، باھنى قۇۋۋەتلەش خۇسۇسىيەتلىرى بار.
[**ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر**] ئىچ سۈرۈش، مۇپاسىل، لەقۋا، ئۆچەي يىرىڭلىق جاراھەتلىرى، بوۋاسىر، باھ ئاجىزلىق، بەدەن ئاجىزلىق قاتارلىق كېسەللىكلەرگە ئىشلىتىلىدۇ.
[**ئىشلىتىش ئۇسۇلى**]
1. ئاتنىڭ توكى بىلەن گۆشىنى كۆيدۈرۈپ تالقان قىلىپ، ئۇنى مۇناسىپ دورىلار بىلەن قوشۇپ سىرتتىن سەپسە، تېرىدىكى ھەر خىل داغلارنى يوقىتىدۇ.
2. ئاتنىڭ قېنىنى يەرلىك ئورۇنغا چاپسا، تېرىگە رەڭ پەيدا قىلىدۇ ۋە چىرايلىق قىلىدۇ.
3. ئاتنىڭ تېرىسىنى كۆيدۈرۈپ تالقان قىلىپ، مۇۋاپىق مىقداردىكى ئۆلتۈرۈلگەن ھاك بىلەن بىرگە سېرىق ماي قوشۇپ مەلھەم قىلىپ يەرلىك ئورۇنغا چاپسا، كىچىك بالىلارغا ساقال ـ بۇرۇت چىقمايدۇ.
4. ئاتنىڭ كۆيدۈرۈلگەن گۆشىنى گۆڭگۈرت كۈشتىسى بىلەن قوشۇپ خېمىر قىلىپ چاپسا، تەمرەتكىلەرگە مەنپەئەت قىلىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

5. كۆيدۈرۈلگەن ئات گۆشىنى مىس كۈشتىسى ۋە ئاقىرقەرھا بىلەن قوشۇپ مەلھەم قىلىپ چاپسا، بۇۋاسىر دانچىلىرىنى يوقىتىدۇ.

6. كونا ياكى يېڭى ئىچ سۇرۇشلەرگە ۋە ئۈچەي جاراھەتلىرىگە كۆيدۈرۈلگەن ئات گۆشىنى ئانار ئۇرۇقىنىڭ تالقىنى بىلەن قوشۇپ ئىچىپ بەرسە، ھەر خىل ئىچ سۈرۈش ھەم ئۈچەي جاراھەتلىرىگە مەنپەئەت قىلىدۇ.

7. ئات گۆشىنىڭ سۈيى (زەردابى) بىلەن باشنى يۇسا، تاز يارىسىدىكى چاچنىڭ ئاق چىقىشىغا مەنپەئەت قىلىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] ئەھۋالغا قاراپ ئىشلىتىلىدۇ.

[زىيانلىق تەسىرى] ئىسسىق مىزاج كىشىلەرگە زىيان قىلىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] ئوبدان پىشۇرۇپ يەپ، ئۈستىدىن ئانار سۈيى ياكى دۇغ ئىچىش.

[ئورۇنباسارى] كېيىك گۆشى.

[ۋەكىل خاراكتېرلىك پىششىق دورا ياسالمىسى] مائۇللەھمى.

## بۇغداي

## 补各达依

(小麦 xiao mai)

[باشقا ئاتىلىشى] گەندۇم، گىيھۇڭ

[لاتىنچە نامى] Ftuctus Semen Triticum aestivm

[ئىنگلىزچە نامى] Wheat Fruct



بۇغداي

[تونۇش] بۇ، باشاقلىقلار ئائىلىسىدىكى مەشھۇر ئاشلىق بۇغداينىڭ دېنى ياكى ئۇنىڭ ئۇنى بولۇپ، «بۇغداي» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ. بۇغداينىڭ سىرتقى يۈزى سۇس سارغۇچ بېغىر رەڭ ياكى سېرىق رەڭلىك كېلىدۇ. قورسىقىنىڭ ئوتتۇرىسىدا چوڭقۇرراق ئۇزۇن ئېرىقچىسى بار، ئۆزى قاتتىق، تەمى سۇس، پۇراقسىز كېلىدۇ. بۇغداي ئاشلىقلار ئىچىدە ھەممىدىن ياخشى دان، ئەڭ ياخشى ئوزۇقلۇق ھېسابلىنىدۇ. (27 . 14 ـ رەسىم)

[چىقىش ئورنى] شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ھەممە جايلىرىدا تېرىپ ئۆستۈرۈلىدۇ.

[يىغىپ ساقلاش] بۇ ئۆسۈملۈكنىڭ دورىلىق قىسمىنى كۈز پەسلىدە يىغىپ قۇرۇتۇپ، قۇرغاق ئورۇندا ساقلىنىدۇ.

[لايىقلاشتۇرۇلۇشى] ئىلغاپ ساپلاشتۇرۇلىدۇ.

[تەبىئىتى] بىرىنچى دەرىجىدە ھۆل ئىسسىق.

[**خۇسۇسىيتى**] سەمرىتىش، ياللۇغ قايتۇرۇش، يۆتەل پەسەيتىش، نەپەسنى راۋانلاشتۇرۇش، چىراينى پارقىرىتىش، ماددىلارنى تارقىتىش خۇسۇسىيەتلىرى بار.

[**ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر**] كونا يۆتەل، دەم سىقىلىش، ئومۇمىي بەدەن ئاجىزلىقى، داغ، سەپكۈن، دانىخورەك، مۇدۇر ـ چاقا قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[**ئىشلىتىش ئۇسۇلى**]

1. بۇغداينى مۇۋاپىق مىقداردىكى بادام مېغىزى بىلەن بىرلەشتۇرۇپ تاماق تەييارلاپ يېسە، ئورۇقلۇق، كونا يۆتەل، دەم سىقىلىش، ئومۇمىي بەدەن ئاجىزلىقى قاتارلىقلارغا شىپا بولىدۇ.

2. بۇغداينى چايناپ دانىخورەك، مۇدۇر ـ چاقىلارغا سۈركىسە مەنپەئەت قىلىدۇ.

[**ئىشلىتىش مىقدارى**] 10 ~ 30 گىرامغىچە.

[**زىيانلىق تەسىرى**] قورساقنى ئېسىدۇ، ئاشقازانغا زىيانلىق.

[**تۈزەتكۈچىسى**] سىركە، ئاچچىقسۇ.

[**ئورۇنباسارى**] ئارپا.

[**ۋەكىل خاراكتېرلىك پىششىق دورا ياسالمىسى**] لوئۇقى بادام.

## كىرپە
## 克尔排
(刺猬 ci wei)

[**باشقا ئاتىلىشى**] كىرپە گۆشى

[**لاتىنچە نامى**] Corium Erinaceus europaeus

[**ئىنگلىزچە نامى**] Hedgehogaf meat

[**تونۇش**] بۇ، بىر خىل جانىۋار بولۇپ، بەدىنىنىڭ تۈكلىرى تىك، تىكەنگە ئوخشايدۇ، ئەگەر غەزىپى كەلسە، بېشىنى ئىچىگە تىقىپ تۈگۈلۈۋالىدۇ، ئۇ چاغدا خۇددى بىر تۇتام تىكەنگە ئوخشاپ قالىدۇ، تىكەنلىرىنىڭ ئارىسىدىن ئۆزىنى مىدىرلىتىدۇ، ئەگەر بىر ئادەمنىڭ بەدىنىگە تەگسە زەخىملەندۈرىدۇ. بۇ جانىۋارنىڭ گۆشى ۋە تېرىسى دورىغا كۆپرەك ئىشلىتىلىدۇ. (27 . 15 ـ رەسىم)



كىرپە

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

[چىقىش ئورنى] ئېتىزلاردا ۋە داللاردا ياشايدۇ، شىنجاڭنىڭ ھەممە يەرلىرىدىن تېپىلىدۇ.

[يىغىپ ساقلاش] بۇ جانىۋارنى تۇتۇپ قورۇتۇپ، قورغاق ئورۇندا ساقلىنىدۇ.

[خىمىيىلىك تەركىبى] ئۈستۈنكى تېرە قەۋىتىدە ئاقسىل، ئاستىنقى تېرە قەۋىتىدە بولسا ماي، ئېلاستىكلىق ئاقسىل قاتارلىقلار بار.

[لايىقلاشتۇرۇلۇشى] قورۇتۇش، كۆيدۈرۈش ئارقىلىق لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى] «تەبىئەت» نى، ھەزىم ئەزالىرىنى قۇۋۋەتلەش، قان كۆپەيتىش، ھۆللۈكلەرنى قۇرۇتۇش ۋە تارقىتىش، ئىششىق ياندۇرۇش، ئۇچەيگە يات ماددىلارنىڭ يىغىلىپ قېلىشىنى توسۇش خۇسۇسىيەتلىرى بار.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر] باش ئاغرىقى، پالەچ، تەشەننۇج، پىل پۇت كېسىلى، بەدەن ئاجىزلىق، چاچ چۈشۈش، سىل، سىيىپ يېتىش، ھەر خىل ئىششىق، بويۇن بەز سىلى، يىرىڭلىق جاراھەت، ھەر خىل قاناشلار، ماخاۋ، داغ، سەپكۈن قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. كىرپىنىڭ تۆزلانغان گۆشىنى سىركەنجىۋىل بىلەن قوشۇپ يېسە، باش ئاغرىقىغا پايدا قىلىدۇ.

2. پىششىقلانغان كىرپە تېرىسىدىن 35 گىرام، چاچ كۆمۈرىدىن 20 گىرام ئېلىپ قوشۇپ يۇمشاق سوقۇپ، ھەر قېتىمدا سەككىز گىرامدىن كۈندە ئىككى قېتىم، قارا شېكەر بىلەن قوشۇپ ئىچىپ بەرسە، چوڭ تەرەتتىن قان كېلىش ۋە بالىياتقۇ قاناشقا مەنپەئەت قىلىدۇ.

3. كىرپە تېرىسىنى سوقۇپ كۈندە ئۈچ قېتىم، ھەر قېتىمدا تۆت گىرامدىن قايناق سۇ بىلەن ئىچىپ بەرسە، ئاشقازان ئاغرىقىغا مەنپەئەت قىلىدۇ.

4. كىرپە تېرىسى بىلەن تۇخۇمەك غۇنچىسىنىڭ ھەربىرىدىن 35 گىرام ئېلىپ يۇمشاق سوقۇپ، كۈندە ئىككى قېتىم، ھەر قېتىمدا سەككىز گىرامدىن قايناق سۇ بىلەن ئىچىپ بەرسە، بوۋاسىرغا شىپا بولىدۇ.

5. كىرپە تېرىسىنى ئوتتا سارغايتىپ، 70 گىرام ئېلىپ سوقۇپ، كۈندە ئىككى قېتىم، ھەر قېتىمدا سەككىز گىرامدىن ئىچىپ بەرسە، كۆپ ئېھتىلام بولۇشقا مەنپەئەت قىلىدۇ.

6. كىرپە گۆشىنى ھېكمەت لىبىغا ئوراپ تونۇرغا كۆمۈپ پىشۇرۇپ يېسە، بەدەن ئاجىزلىق، كەم قانلىق قاتارلىقلارغا مەنپەئەت قىلىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] گۆشىدىن 30 گىرامغىچە.

[زىيانلىق تەسىرى] كۆپ ئىستېمال قىلسا، ئاشقازان ۋە جىگەرگە زىيان قىلىدۇ، چىرايىنى بۇزىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] سۇ بىلەن ئوبدان پىشۇرۇپ، بادام يېغى ياكى ئەنجۈرنىڭ قايناتما قىيام قىلغان سۈيى، سىركە ۋە كاسنە بىلەن قوشۇپ يېيىش.

[ئورۇنباسارى] كېلەر.

[ۋەكىل خاراكتېرلىك پىششىق دورا ياسالمىسى] كىرپە گۆشى كاۋپى.

# يەر مەدىكى

## 也尔买地克

## (锁阳 suo yang)

[**باشقا ئاتىلىشى**] زەببۇلئەرىز، زۇببۇلرىياخ

[**لاتىنچە نامى**] Herda cynomoium Songaricum

[**ئىنگلىزچە نامى**] Songaria Cynomorium Herb

[**تونۇش**] بۇ، يەر مەدىكى ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك يەر مەدىكى بولۇپ، بۇ ئۆسۈملۈكنىڭ پۈتۈن چۆپى «تاراسىس» ياكى «يەر مەدىكى» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ. قۇرۇتۇلغان چۆپى ياپىلاق سىلىندىر شەكىللىك ياكى بىر ئۇچى ئىنچىكە بولۇپ، سىرتقى يۈزى قىزىل خورما رەڭ ۋە توق قىزىل، تەمى ئاچچىق ھەم قىرىق، ئازراق پۇراقلىق. (16.27 ـ رەسىم)



يەر مەدىكى

[**چىقىش ئورنى**] شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى ۋە ئىچكى ئۆلكىلەردىن چىقىدۇ.

[**يىغىپ ساقلاش**] باش ئەتىيازدا پۈتۈن چۆپىنى ئورۇۋېلىپ، ئارىلاشمىلىرىنى چىقىرىۋېتىپ، ئاپتاپتا قۇرۇتۇپ، قۇرغاق ئورۇندا ساقلىنىدۇ.

[**خىمىيەلىك تەركىبى**] تەركىبىدە ئانتوسىيانىن (Anthocyanin)، تىرتېرپېنوئىد ساپونىن (Triterpendid saponoin) تاننىن، L– پىرولىن (L–prolnine) قاتارلىقلار بار.

[**فارماكولوگىيەلىك تەسىرى**] ئاشقازان ـ ئۈچەي يوللىرىنى راۋانلاشتۇرۇپ، تەرەت راۋانلاشتۇرۇش، بەدەننىڭ ئىممۇنىتېت كۈچىنى ئاشۇرۇش، ئىچكى ئاجرىتىش سىستېمىسىنى كۈچەيتىش، ئوكسىدلىنىشقا قارشى تۇرۇش، قېرىشنى كېچىكتۈرۈش، قان ئايلىنىشنى ياخشىلاش قاتارلىق تەسىرى بار.

[**لايىقلاشتۇرۇلۇشى**] ئىلغاپ قۇرۇتۇپ ساپلاشتۇرۇلىدۇ.

[**تەبىئىتى**] ئۈچىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[**خۇسۇسىيىتى**] «تەبىئەت» نى قۇۋۋەتلەش، چوڭ تەرەتنى راۋانلاشتۇرۇش، قان كۆپەيتىش، تەر توختىتىش، ياللۇغ قايتۇرۇش، جىگەر، ئاشقازان ۋە باھنى قۇۋۋەتلەش، بەدەندىكى قاتتىقلىقنى تارقىتىش، ھاردۇق چىقىرىش، پەي ۋە مۇسكۇللارنى چىڭىتىش، كۆزنى قۇۋۋەتلەش، ھۆللۈكلەرنى قۇرۇتۇش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە.

[**ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر**] باھ ۋە ئاشقازان ئاجىزلىقى، جىگەر قېتىش، ئىچ سۈرۈش، قاناش، دۈۋساق ياللۇغى، كىندىك چىقىقى، كۆرۈش كۈچى ئاجىزلىقى، كۆز چۆرىسىدىكى قوتۇر، كۆزگە ئاق

www.uyghurkitap.com

چۈشۈش، كۆزگە سۇ چۈشۈش قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. يەر مەدىكىنىڭ قۇرۇتۇلغىنىنى مۇۋاپىق مىقداردا ئېلىپ سوقۇپ، بىلىق يېلىمى بىلەن قوشۇپ چاپسا، دۇۋساق ياللۇغى، سېرىقئەت يېرىلىش ۋە كىندىك چىقىقى قاتارلىقلارغا پايدا قىلىدۇ.

2. يەر مەدىكىنىڭ ھۆلىنى سىقىپ سۈيىنى چىقىرىپ كۆزگە تېمىتسا، كۆزنى قۇۋۋەتلەيدۇ، كۆز چۆرىسىدىكى قوتۇرنى ۋە كۆزدىكى ئاقنى ئالىدۇ، كۆزگە سۇ چۈشۈشنى توسايدۇ، بولۇپمۇ سۇرمىنى بۇنىڭ سۈيى بىلەن چەككىلەپ ئاندىن ئىشلەتسە، مەنپەئەتى تېخىمۇ ياخشى بولىدۇ.

3. يەر مەدىكىنى يېڭى سېغىلغان ئۆچكە سۈتى بىلەن ياكى كالا سۈتى قېتىقىدىن تەييارلانغان دوغىنىڭ سۈيى بىلەن قوشۇپ ئىچسە، ئاشقازان ۋە جىگەر ئاجىزلىقى ئۈچۈن پايدا قىلىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] ئالتە گىرام.

[زىيانلىق تەسىرى] ئەزانى سېزىمسىزلاندۇرىدۇ، پالەچ ۋە شوكنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ، توسالغۇ پەيدا قىلىدۇ، كۆپ يېسە قان سىيدۇرىدۇ، بۇنى تۇخۇم ياكى گۆش بىلەن قوشۇپ يېمەسلىك لازىم. يەر مەدىكىنىڭ زەھەرلىكىنى يەپ قالسا، سوغۇق تەرلەيدۇ، گالنى بوغىدۇ، بىھوش قىلىدۇ، ئاشقازاننى ئېغىرلاشتۇرۇۋېتىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] ئاچچىقسۇ، قىچا، تۇز، سېرىقچېچەك.

[ئورۇنباسارى] موزا، ئەرەب يېلىمى، ئاقاقىيا.

[پىششىق دورا ياسالمىسى] سۇفۇپى سۆئلەپ.

## زەپەر

## 再法尔

(西红花 xi hung hua)

[باشقا ئاتىلىشى] زەفران، كۇركۇم، جەئىران

[لاتىنچە نامى] stigma Crocus sativus

[ئىنگلىزچە نامى] saffron crocus

[تونۇش] بۇ، چىغىرتماق ئائىلىسىدىكى ئۆسۈملۈك (L. Grocus Sativus) نىڭ ئانىلىق بويىنىنىڭ يۇقىرى قىسمى ۋە ئانىلىق تۇمشۇقىدىن ئىبارەت بولۇپ، يوپۇرمىقى تال چىۋىقسىمان كېلىدۇ. گۈلى سۇس سۆسۈن ياكى قىزغۇچ رەڭدە، تەمى بىرئاز ئاچچىق، پۇراقلىق. بۇ ئۆسۈملۈكنىڭ ئانىلىق تۇمشۇقى «زەپەر» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ. (17.27 ـ رەسىم)

[چىقىش ئورنى] ئىران، ھىندىستان، ئىتالىيە، مىسىر، ياپونىيە، فىرانسىيە، گېرمانىيە، گىرېتسىيە، روسىيە قاتارلىق ئەللەردىن چىقىدۇ. مەملىكىتىمىزنىڭ بېيجىڭ، شەندۇڭ، جياڭسۇ، جېجياڭ، سىچۈەن، شاڭخەي قاتارلىق جايلىرىدىنمۇ چىقىدۇ.

[يىغىپ ساقلاش] كۈزدە گۈل تەخسىسى ئېچىلغاندا ئوچۇق بىر كۈننى تاللاپ، تۇمشۇقىدىن ئۈزۈپ

ئېلىپ، ھاۋا ئۆتۈشۈپ تۇرىدىغان جايدا قويۇپ سايىدا قۇرۇ-
تۇپ، سالقىن، كۈن چۈشمەيدىغان جايدا ساقلىنىدۇ.



زەپەر

[خىمىيىلىك تەركىبى] ئانلىق تۈمشۇقىدا 2% كىروتسىن (Grocin) بولۇپ، ئۇنىڭ سۇيۇقلۇقىغا تۈز كىسلاتاسى قوشۇپ قايىنتىلسا سۇدا ئېرىپ، گىلۇكوزىد يەنى زەپەر كىسلاتاسى، كىروتسېتىن (Crocetin) ۋە ئىككى مولېكۇلالىق زەپەر قەنتى، كىروكوزا (Crocose) ھاسىل بولىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا تەركىبىدە ئۇچۇچان ماي، كاروتىن، سۇ، مىنېرال ماددىلار، ئاقسىل ھەمدە گلۇكوزا تەركىبلىك ماددىلار بار.

گۈل ياپرىقىدا سېرىق كېتون قاتارلىق تەركىب بار. شارسىمان غولىدا گىلۇكوزا، ئامىنو كىسلاتاسى، ئولېنولىك كىسلاتا (oleanolic acid)، بىر خىل يۇقىرى مولېكۇلالىق ئاقسىل بار.

[فارماكولوگىيىلىك تەسىرى]

1. بالىياتقۇغا بولغان تەسىرى: قايىنتىلمىسى چاشقان، توشقان، ئىت، مۈشۈكلەرنىڭ ئورگانىزمىدىن ئايرىلغان بالىياتقۇسىنى قوزغىتىدۇ، ئاز مىقداردا بولسا بالىياتقۇنى قىسقارتىدۇ؛ كۆپ مىقداردا بولسا بالىياتقۇغا بولغان تەسىرى كۈچلۈك بولىدۇ. ھامىلدارلار بالىياتقۇ سەزگۈرلۈكىنى تېخىمۇ ئاشۇرىدۇ.

2. قان ئايلىنىش سىستېمىسىغا بولغان تەسىرى: قايىنتىلمىسى ناركوز قىلىنغان ئىت، مۈشۈكنىڭ قان بېسىمىنى تۆۋەنلىتىدۇ. بەلكى خېلى ۋاقىت ساقلىنىدۇ. ئۇنىڭ ئاجرىتىۋېلىنغان ماددىسى نەپەسلىنىشكە نىسبەتەن قوزغىتىش تەسىرىگە ئىگە. ئىسسىق سۇدا ئاجرىتىۋېلىنغان قىسمى قاننىڭ قېتىۋېلىشىغا نىسبەتەن روشەن تورمۇزلاش رولى بار. ئۇنىڭدىن باشقا قاندىكى ماي ماددىسىنى تۆۋەنلىتىش، ئارتېرىيەلىك بوتقىسىمان قېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش تەسىرى بار.

3. جىگەرنى قوغداپ، ئۆتنى راۋانلاشتۇرۇش تەسىرى بار.

4. ئۆسمىگە قارشى تۇرۇش تەسىرى بار.

5. ئىممۇنىتېت كۈچىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش ۋە ياللۇغ قايتۇرۇش تەسىرى بار.

6. باشقا تەسىرى: زەپەرنىڭ ئۆسۈملۈك تەركىبى كىروسېتىن ئەركىن رادىكالىنىڭ ئاكتىپلىقىنى ئۈنۈملۈك تىزگىنلەش تەسىرىگە ئىگە.

[لايىقلاشتۇرۇلۇشى] سالايە قىلىپ ساپلاشتۇرۇلىدۇ.

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى] يۈرەكنى قۇۋۋەتلەش، نېرۋىنى تىنچلاندۇرۇپ ئۇيقۇ كەلتۈرۈش، قان تولۇقلاش، ھارارەتنى يۇقىرى كۆتۈرۈش، قاننى جانلاندۇرۇپ توسالغۇلارنى ئېچىش، نېرۋىنى قۇۋۋەتلەپ ھېس - تۇيغۇنى كۈچەيتىش، ئەستە تۇتۇش قابىلىيىتىنى ئاشۇرۇش، جىگەرنى قۇۋۋەتلەپ كۆزنى روشەنلەشتۈ-

رۇش، باھ ۋە باشقا ئىچكى ئەزالارنى قۇۋۋەتلەش، رەڭ پەيدا قىلىش، ھۆللۈكنى قورۇتۇش، بۆرەك ۋە دوۋسۇننى تازىلاش قاتارلىق خۇسۇسىيەتلەرگە ئىگە.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر] يۈرەك كېسەللىكلىرى، بەدەن ئاجىزلىق، باھ ئاجىزلىقى، بوغۇم ئاغرىقى، ھەر خىل ئىششىق، كۆرۈش قۇۋۋىتى ئاجىزلىقى، باش ئاغرىق، ئۇيقۇسىزلىق، ھەيز كەلمەسلىك، جىگەر، تال، مېڭە تومۇلۇش، بۇرۇن شىللىق پەردىسى ياللۇغى قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. 30 گىرام كۈنجۈتنى ئۈچ گىرام زەپەرگە ئارىلاشتۇرۇپ 500 گىرام سۈت بىلەن كۈندە بىر قېتىم ئىچسە، تۇغۇتنى ئاسانلاشتۇرىدۇ.

2. قەلەمپۇر، سۇمبۇلدىن بەش گىرام ئېلىپ سوقۇپ، بىر گىرام زەپەرگە ئارىلاشتۇرۇپ بالىياتقۇغا قويسا، ئاق خۇننى توختىتىدۇ.

3. زەپەرنى چاي بىلەن دەملەپ ئىچسە، باھنى قۇۋۋەتلەيدۇ.

4. بەدىياندىن 10 گىرام، سۆرۈنجاندىن 20 گىرام ئېلىپ سۇفۇپ قىلىپ، ئۈچ گىرام زەپەرگە ئارىلاشتۇرۇپ يېسە، بوغۇم ئاغرىقىغا مەنپەئەت قىلىدۇ.

5. زەپەردىن ئۈچ گىرام، تۇتىيادىن بىر گىرام، مەرۋايىتتىن ئۈچ گىرام ئېلىپ سۇفۇپ قىلىپ، كۈندە بىر قېتىم كۆزگە تارتسا، كۆرۈش قۇۋۋىتىنى ئاشۇرىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] 1 ~ 2 گىرامغىچە.

[زىيانلىق تەسىرى] قان بېسىمىنى ئۆرلىتىدۇ، بۆرەككە زىيىنى بار، ئىشتىھانى تۇتىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] رۇمبەدىيان، سىركەنجىبىل، زىرىشكى.

[ئورۇنباسارى] قۇستە، قەلەمپۇر، ئوتروج ئۇرۇقى.

[ۋەكىل خاراكتېرلىك پىششىق دورا ياسالمىسى] رەۋغىنى زەپەر، ئەرقى زەپەر، داۋائىلمىشكى، داۋائى كۇركۇم، خېمىرى مەرۋايىت، خېمىرى گاۋزىبان، ئەۋرىشىم شەربىتى قاتارلىقلار.

[دىققەت قىلىدىغان ئىشلار] قان بېسىمى يۇقىرىلار ئېھتىيات بىلەن ئىشلىتىش لازىم

## يۇمىران بۇغا مۈڭگۈزى

## 鱼木兰布嘎蒙故孜

## (鹿茸 lu rong)

[باشقا ئاتىلىشى] ھۆل بۇغا مۈڭگۈزى، شاخ گۆزەن

[لاتىنچە نامى] Cornu cervi pantotrichum

[ئىنگلىزچە نامى] Hairy Antler pilose antler

[تونۇش] بۇ، بۇغا ئائىلىسىدىكى ھايۋانات چىپار بۇغىنىڭ تېخى سۆڭەكلەشمىگەن قويۇق تۈكلۈك، يۇمىران مۈڭگۈزى بولۇپ، ياز، كۈز پەسىللىرىدە ھەرىدۈپلىپ، ئوتتا قاقلاپ قورۇتۇپ ئىشلىتىلىدۇ. (18.27 ـ رەسىم)



يۇمران بۇغا مۈڭگۈزى

[**چىقىش ئورنى**] ئېلىمىزنىڭ كۆپلىگەن جايلىرىدىن چىقىدۇ. رايونىمىز شىنجاڭدا مەخسۇس ئورۇنلاردا بېقىلىدۇ.

[**يىغىپ ساقلاش**] ياز، كۈز پەسىللىرىدە ھەرىدۇۋېلىپ پىششىقلىغاندىن كېيىن، سالقىن جايدا ياكى ئوتتا قاقلاپ قۇرۇتۇپ ساقلىنىدۇ.

[**خىمىيەلىك تەركىبى**] كۆپ خىل ئامىنو كىسلاتالىرى، گىلۇتامىك كىسلاتا (glutamic acid) ، گىلىتسىن ( glycine ) ، ئەرلىك ھورمۇن ( androgen ) ، ئاياللىق ھورمۇن (estrogen) ، مەزى بېزى، خولېستېرىن، سۇ، ئورگانىك ماددىلار، سۇدا ئېرىيدىغان سىرغىما ماددىلار، ئىسپىرتتا ئېرىيدىغان سىرغىما ماددىلار، كۇل، كۇلنىڭ تەركىبىدە كالتسىي (Ca) ، فوسفور (P) ، ماگنىي (Mg) قاتارلىق ئېلېمېنتلار بار. سۇدا ئېرىيدىغان سىرغىما ماددىلارنىڭ تەركىبىدە كۆپ مىقداردا شىلىمشىق ماددىلار بار. ئاز مىقداردا ئىنرون (Oesterone) بار.

[**فارماكولوگىيەلىك تەسىرى**]يۈرەك قان تومۇرلىرىغا بولغان تەسىرى: سېبىرىيە چىپار بۇغىسىنىڭ يۇمران مۈڭگۈزىدىن چىقىرىپ ئېلىنغان، «يۇمراق بۇغا مۈڭگۈزى جەۋھىرى» كۆپ مىقداردا ئىشلىتىلسە، قان بېسىمىنى تۆۋەنلىتىپ، ئەتراپ قان تومۇرىنى كېڭەيتىدۇ؛ پانتوكىرىن پۈتۈن بەدەننى قۇۋۋەتلەش تەسىرىنى بېرىدۇ؛ قارا تايغان بۇغا مۈڭگۈزىنىڭ كەسمىسىنى فىزىيولوگىيەلىك ئاش تۇز ئېرىتمىسىگە چىلاپ، تەييارلانغان سۇيۇقلۇقتىن ئۇرۇقدىنى ئېلىپ تاشلانغان ئاق چاشقانغا كىرگۈزۈلگەندە، ئۇلارنىڭ جىنسىي بەز ھورمۇنلىرىدا قوزغىتىش ئالامەتلىرى كۆرۈلمىگەن؛ ئۇزاققىچە ساقلايمىغان يۇمران بۇغا مۈڭگۈزىگە ۋە بىخلىما گۆش ئۇنۇپ چىقىش ناچار بولغان يارىلارغا نىسبەتەن ئۆسۈشىنى تېزلىتىدۇ.

[**لايىقلاشتۇرۇلۇشى**] قۇرۇق قورۇپ ياكى ئېكەكلەش ئارقىلىق لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

[**تەبىئىتى**] ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق، ئۈچىنچى دەرىجىدە ئىسسىق.

[**خۇسۇسىيىتى**] «تەبىئەت» نى، باھنى، بۆرەك ۋە ئاشقازاننى قۇۋۋەتلەش، قان توختىتىش، مەنىي تۇتۇش، جاراھەتنى پۈتتۈرۈش، ئۇيقۇ كەلتۈرۈش، ئىشتىھانى ياخشىلاش، سۈيدۈك ھەيدەش، پەي ۋە سۆڭەكلەرنى چىڭىتىش، ئىششىقنى ياندۇرۇش، توسالغۇلارنى ئېچىش، ئاغرىق پەسەيتىش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە.

[**ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر**] بۆرەك ۋە باھ ئاجىزلىقى، مەنىي تۇتالماسلىق، يۈرەك ۋە نېرۋا ئاجىزلىقى، ھەر خىل جاراھەتلەر، ھەر خىل سۇلۇق ئىششىقلار، پەي ۋە سۆڭەك بوشلۇقى، ئاشقازان ئاجىزلىقى، تاماق سىڭمەسلىك، ئۈچەي جاراھىتى، قۇلۇنجى، جىگەر ۋە تال ئاغرىقى، قىچىشقاق، بەرەس، ئاق داغ، قوتۇر، چىش كېسەللىكلىرى، ھەيز توسۇلۇش، سۈت كەلمەسلىك، بىقىن ئاغرىقى قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى www.uyghurkitap.com

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]
1. يۇمران بۇغا مۈڭگۈزى، تاباشىر، كەتىرالاردىن يەتتە گىرامدىن ئېلىپ، سۇفۇپ قىلىپ ئىچىپ بەرسە، كونا ئىسھالغا شىپا بولىدۇ.
2. سۆئەلەپ بىلەن بۇغا مۈڭگۈزىدىن 10 گىرامدىن ئېلىپ سوقۇپ، تۇخۇم سېرىقىغا ئارىلاشتۇرۇپ ئىچىپ بەرسە، باھنى قۇۋۋەتلەيدۇ.
3. ئاقاقىيا، ئانارگۈل، ئەنجبار، بۇغا مۈڭگۈزىدىن بەش گىرامدىن ئېلىپ، سۇفۇپ قىلىپ ئىچىپ بەرسە، قان توختىتىدۇ.
4. مەرۋايىت بىلەن بۇغا مۈڭگۈزىنى كۆيدۈرۈپ سۇفۇپ قىلىپ سەپسە، ئېغىز يارىسىغا شىپا بولىدۇ.
5. بۇغا گۆشىنى سېرىقچېچەك بىلەن ياكى زىغىر بىلەن قورۇپ يېسە، باھنى قوزغايدۇ.
[ئىشلىتىش مىقدارى] 15 ياشتىن چوڭلارغا 4 ~ 8 گىرامغىچە بېرىلىدۇ، كىچىك باللارغا بېرىلمەيدۇ.
[زىيانلىق تەسىرى] باش ئاغرىتىدۇ.
[تۈزەتكۈچىسى] چىلان، بىنەپشە.
[ئورۇنباسارى] بۆكەن مۈڭگۈزى.
[پىششىق دورا ياسالمىسى] قۇرسى كەھرىۋا، شەربىتى ئەنجبار.
[دىققەت قىلىدىغان ئىشلار] باللارغا، ئۆسمۈرلەرگە ئىشلىتىلمەيدۇ.

## گاسترودىيە ئوتى
## 格斯特肉迪亚欧提
(天麻 tian ma)


گاسترودىيە ئوتى

[باشقا ئاتىلىشى] گاسترودىيە ئوتى يىلتىزى
[لاتىنچە نامى] Rhizoma Gastrodiae elata
[ئىنگلىزچە نامى] Tall Gastrodia Rhizome
[تونۇش] بۇ، تۇلكە مايىقى ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق، تىرىك-تاپ سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك گاسترودىيە ئوتىنىڭ يىلتىزسىمان غولىدىن ئىبارەت بولۇپ، شەكلى چوڭراق ئاق بەھمەنگە ئوخشاپ كېتىدۇ. رەڭگى ئاق، تەمى تاتلىق، ئازراق ئاچچىقى بار بولۇپ، «تيەنما» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ. (79.27 ـ رەسىم)
[چىقىش ئورنى] ئىچكى ئۆلكىلەردىن چىقىدۇ.
[يىغىپ ساقلاش] بۇ ئۆسۈملۈكنىڭ دورىلىق قىسمىنى كۈز پەسلىدە يىغىپ قۇرۇتۇپ، قۇرغاق ئورۇندا ساقلىنىدۇ.
[خىمىيىلىك تەركىبى] تەركىبىدە كەھرىۋا كىسلاتاسى، گاسترودىيە كۆپ قەنتى، كالتسىي (Ca)، تۆمۈر (Fe)، سىنك (Sn)

قاتارلىق كۆپ خىل مىكرو ئېلېمېنتلار بار.

[**فارماكولوگىيەلىك تەسىرى**] نېرۋىنى تىنچلاندۇرۇش، قان تومۇرلارنى كېڭەيتىش، توسالغۇلارنى ئېچىش، ئىممۇنىتېت كۈچىنى ئاشۇرۇش تەسىرى بار.

[**لايىقلاشتۇرۇلۇشى**] ئىلغاپ ساپلاشتۇرۇلىدۇ.

[**تەبىئىتى**] بىرىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[**خۇسۇسىيىتى**] «تەبىئەت» نى قۇۋۋەتلەش، جىگەرنىڭ توسالغۇسىنى ئېچىش، نېرۋىنى قۇۋۋەتلەش، ئىسپازمىنى بوشاشتۇرۇش، ئاغرىق پەسەيتىش خۇسۇسىيەتلىرى بار.

[**ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر**] بەدەن ئاجىزلىق، لەقۋا، پالەچ، كۆز قاراڭغۇلىشىش، باش قېيىش، جىگەرنىڭ قان ئايلىنىشى راۋان بولماسلىق، رېماتىزم، نېرۋا ئاجىزلىق، بەل ۋە پۇت تېلىپ ئاغرىش، پۇت ۋە قول ئۇيۇشۇش قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[**ئىشلىتىش ئۇسۇلى**] لاچىندانە ھىندى، گاۋزىبان ھىندى، ئۇستىقۇددۇسنىڭ ھەربىرىدىن 10 گىرام، گاسترودىيە ئوتىدىن 30 گىرام ئېلىپ، قايىنىتىپ شەربەت تەييارلاپ، مۇۋاپىق مىقداردىكى شەربەتنى ئەرقى بەديان بىلەن بىرگە ئىچىپ بەرسە، كۆزنى روشەنلەشتۈرىدۇ، ئومۇمىي بەدەننى، جىگەر، مېڭە ۋە يۈرەكنى قۇۋۋەتلەيدۇ.

[**ئىشلىتىش مىقدارى**] 3～10 گىرامغىچە.

[**زىيانلىق تەسىرى**] ئۆچەيگە زىيان قىلىدۇ.

[**تۈزەتكۈچىسى**] مەستىكى.

[**ئورۇنباسارى**] ئىزخىر.

[**ۋەكىل خاراكتېرلىك پىششىق دورا ياسالمىسى**] گاسترودىيە ئوتى دەملىمىسى.

## بۆدۈنە

## 布地那

## （鹌鹑 an chun）

[ناسى ئاتىلىشى] ۋىتۋالاق

[**لاتىنچە نامى**] Caro coturnicis

[**ئىنگلىزچە نامى**] meat of common quail

[**تونۇش**] بۇ، ئۇچار قۇشلارنىڭ بىر خىلى بولۇپ، بېشى كىچىك، قۇيرۇقى قىسقا، پەيلىرى بېغىرەڭ كېلىدۇ. ئۇزۇنغا ئۇچالمايدۇ. ئورمانلىقلاردا، چاتقاللار ئارىسىدا ياشايدۇ. تېبابىتىمىزدە بۆدۈنىنىڭ گۆشى ۋە تۇخۇمى دورىغا ئىشلىتىلىدۇ. خەلق ئارىسىدا «بۆدۈنە»، «ۋىتۋالاق» دەپ ئاتىلىدۇ. (27 . 20 ـ رەسىم)

[**چىقىش ئورنى**] شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدى چىقىدۇ، بېقىپ كۆپەيتىلىدۇ.

[**يىغىپ ساقلاش**] بۇ ھايۋاننى بوغۇزلاپ، تېرىسىنى سويۇپ، ئىچكى ئەزالىرىنى ئېلىپ تازىلاپ، سوغۇق

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

جايدا ساقلىنىدۇ.

[خىمىيەلىك تەركىبى] ئاقسىل، ئامىنو كىسلاتا (amoni acid) ، كالتسىي (Ca) ، تۆمۈر (Fe) قاتارلىقلار.

[فارماكولوگىيەلىك تەسىرى] ئىممۇنىتېت كۈچىنى ئاشۇرۇش، سۆڭەكنى چىڭىتىش، ئىچ سۈرۈشنى توختىتىش تەسىرىگە ئىگە.

[لايىقلاشتۇرۇلۇشى] پاكىز يۇيۇپ لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

[تەبىئىتى] ئۈچىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى] قان ئايلىنىشنى ياخشىلاپ، ئومۇمىي بەدەننى قۇۋۋەتلەش، تېرىلەرنى پارقىرىتىش، ئوزۇق بولۇش، ئىششىق ياندۇرۇش، باھنى قۇۋۋەتلەش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر] بوغۇملار ئىششىقى، سۆڭەك ئۆسۈۋېلىش، باھ ۋە ئومۇمىي بەدەن ئاجىزلىقى، مەنىي تۇتالماسلىق، قان ئازلىق، سۇلۇق ئىششىق، كۆكيۆتەل قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. بۆدۈننى ئۆلتۈرۈپ، پاكىز تازىلاپ، گۆشىنى پىشۇرۇپ يەپ بەرسە، «تەبىئەت» نى قۇۋۋەتلەپ، بوغۇملاردىكى ئىششىقنى ياندۇرۇپ، ئاغرىق توختىتىدۇ؛ سۆڭەك ئۆسۈشكە مەنپەئەت قىلىدۇ، قان كۆپەيتىدۇ.

2. بىر دانە بۆدۈنە گۆشىنى مۇۋاپىق مىقداردا سۇغا سېلىپ قاينىتىپ، شورپىسىغا ئاقىرقەرھادىن 10 گىرام، سۆئلەپتىن بەش گىرام، شاقاقۇلدىن 10 گىرام، زەنجىۋىلدىن 15 گىرام، ئاقمۇچتىن 10 گىرام، قارىمۇچتىن 15 گىرامنى سېلىپ، تەمنى چىقىرىپ ئىچىپ بەرسە، باھنى قۇۋۋەتلەپ، بالدۇر مەنىي يۇرۇپ كېتىشكە مەنپەئەت قىلىدۇ.

3. مۇۋاپىق مىقداردىكى پىشۇرۇلغان بۆدۈنە گۆشىنى 100 مىللىلىتىر تاتلىق ئانار سۈيى بىلەن يەپ بەرسە، قان كۆپەيتىپ، ئومۇمىي بەدەننى قۇۋۋەتلەيدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] مۇۋاپىق مىقداردا.

[زىيانلىق تەسىرى] ئىسسىقچان كىشىلەرنىڭ بېشىنى ئاغرىتىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] قېتىق.

[ئورۇنباسارى] كەكلىك گۆشى.

[پىششىق دورا ياسالمىسى] دورىلىق شورپا.

## بىلىق

## 比里克

(鱼 yu)

[باشقا ئاتىلىشى] سەمەك، ماھى، مىچلى

[تونۇش] بۇ ھەممىگە تونۇشلۇق بولغان سۇ جانىۋارى بىلىق بولۇپ، كۆپ خىل بولىدۇ، بۇنىڭ گۆشى «بىلىق» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ. (21.27 - رەسىم)



[چىقىش ئورنى] شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن تېپىلىدۇ.

[يىغىپ ساقلاش] دەريا، دېڭىزلاردىن تۇتۇپ، پاكىزلاپ سالقىن جايدا ساقلىنىدۇ.

[لايىقلاشتۇرۇلۇشى] ساپلاشتۇرۇپ لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە ھۆل سوغۇق. بېلىق

[خۇسۇسىيتى] باھنى قۇۋۋەتلەش، كۆكرەك بوشىتىش، بەدەنگە ئوزۇقلۇق ۋە قۇۋۋەت تولۇقلاش، ھەزىمنى ياخشىلاش، مېڭىنى قۇۋۋەتلەش، قىزىتما چۈشۈرۈش قاتارلىق خۇسۇسىيەتلەرگە ئىگە.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر] مېڭە، باھ ئاجىزلىقى، كۆكرەك كېسەللىكلىرى، بەدەن ئاجىزلىقى، ھەزىم ناچارلىشىش، سىل كېسەللىكى، جۇدەتكۈچى تەپ، قىزىتما قاتارلىق كېسەللىكلەرگە ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى] بېلىق گۆشىنى ماي بىلەن پىشۇرۇپ ياكى باھ، مېڭە ۋە ئەزالارنى قۇۋۋەتلىگۈچى دورىلار بىلەن پىشۇرۇپ ئىستېمال قىلسا، شۇ خىل خۇسۇسىيەتلەر ۋە كېسەللىكلەرگە شىپا بولىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] 60 ~ 150 گىرامغىچە.

[زىيانلىق تەسىرى] ئاشقازان ۋە سوغۇق مىزاجلىقلاردا ھۆ پەيدا قىلىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] بادام يېغى، زەنجىۋىل، گۈلقەنت.

[ئورۇنباسارى] باشقا خىل بېلىق.

[ۋەكىل خاراكتېرلىك ياسالمىسى] بېلىق كاۋىپى.

## ناۋات

## 那瓦提

(冰糖 bing tang)

[باشقا ئاتىلىشى] نابات، مۇس.

[تونۇش] بۇ ھەممىگە تونۇشلۇق بولغان شېكەردىن ياسالغان كىرىستال شەكىللىك، تەمى تاتلىق، رەڭگى ئاق بولغان تاتلىق - تۈرۈمدىن ئىبارەت. (27 . 22 - رەسىم)

[چىقىش ئورنى] شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن چىقىدۇ.

[يىغىپ ساقلاش] شېكەرنى ئېلىپ، مۇۋاپىق مىقداردا سۇ قويۇپ قاينىتىپ، ئاندىن ئۈستىگە كالا سۈتى ياكى تۇخۇم سېلىپ سۇس ئوتتا قاينىتىپ قىيام ھالەتكە كەلتۈرۈشتىن ھاسىل بولغان كىرىستال شەكىللىك پارچىدىن ئىبارەت بولۇپ، سوغۇق، سالقىن جايدا ساقلىنىدۇ.

[لايىقلاشتۇرۇلۇشى] سۇدا ئېرىتىش، سوقۇش ئارقىلىق لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە ھۆل ئىسسىق.

[خۇسۇسىيتى] بەدەننى قۇۋۋەتلەپ، يۈرەكنى تېچلاندۇرۇش، ئۆپكىنى تازىلاپ، يۆتەل پەسەيتىش، ئاۋازنى يېقىملىق قىلىش، تەرەتنى راۋانلاشتۇرۇش، كۆزنى روشەنلەشتۈرۈش، جىنسىي ھەۋەسنى كۈچەيتىش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر] سەۋدا خىلتىدىن بولغان ھەر خىل كېسەللىكلەر، جىنسىي ھەۋەس تۆۋەنلەپ كېتىش، قەۋزىيەت، ئاۋاز پۇتۇپ قېلىش، بەدەن ئاجىزلىقى، كۆرۈش قۇۋۋىتى تۆۋەنلەپ كېتىش قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. ئاق بەھمەن، ئاقىرقەرھا، ھەببى زەلەمنىڭ ھەربىرىدىن يەتتە گىرام، ناۋاتتىن مۇۋاپىق مىقداردا ئېلىپ سوقۇپ، تۇخۇم سېرىقىغا ئارىلاشتۇرۇپ، ئىستېمال قىلىپ بەرسە، بۆرەك ۋە ئومۇمىي بەدەننى قۇۋۋەتلەيدۇ.

2. زاغۇن ئۇرۇقىدىن بەش گىرام، سۆئلەپ مىسرىدىن 10 گىرام، ناۋاتتىن 15 گىرام ئېلىپ، قائىدە بويىچە سۇفۇپ تەييارلاپ يەپ بەرسە، باھنى قۇۋۋەتلەيدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] 30 ~ 60 گىرامغىچە.

[زىيانلىق تەسىرى] سەپرا مىزاجلىق كېسەللىكلەردە گال بوغۇلۇشنى پەيدا قىلىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] ساپ سۈت، ئانار شەربىتى، تاتلىق بادام مېغىزى.

[ئورۇنباسارى] ھەسەل.

[ۋەكىل خاراكتېرلىك پىششىق دورا ياسالمىسى] جاۋارىش مىشكى.

## كالا گۆشى

卡拉古西

(牛柔 niu rou)

[باشقا ئاتىلىشى] لەھمى بەقەر، گۇشتى گاۋ، گائى كاگوشت

[تونۇش] بۇ ھەممىگە تونۇشلۇق بولغان ھايۋان كالىنىڭ گۆشى بولۇپ، رەڭگى قىزىل، تەمى بىرئاز بەتتەم بولىدۇ. (23.27 ـ رەسىم)



كالا گۆشى

[چىقىش ئورنى] مەملىكىتىمىزنىڭ ۋە شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن تېپىلىدۇ.

[يىغىپ ساقلاش] بۇ ھايۋاننى ئۆلتۈرۈپ، ئىچكى ئەزالىرىنى ئېلىۋېتىپ، دورىلىق قىسمىنى ئېلىپ سوغۇق، سالقىن جايدا ساقلىنىدۇ.

[خىمىيەلىك تەركىبى] گۆشلەردە بولۇشقا تېگىشلىك بارلىق ئاقسىللارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ماي مىقدارى تۆۋەن بولىدۇ، كالتسىي، فوسفور، تۆمۈر قاتارلىقلار بار.

[فارماكولوگىيەلىك تەسىرى] بەدەننى يۇقىرى سۈپەتلىك ئاقسىل بىلەن تەمىنلەش، كېسەللىكلەرگە قارشى تۇرۇش ئىقتىدارىنى ئاشۇرۇش تەسىرى بار.

[لايىقلاشتۇرۇلۇشى] ساپلاشتۇرۇپ لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[خۇسۇسىيتى] «تەبىئەت»نى ئومۇمىي بەدەننى كۈچلەندۈرۈش، قان كۆپەيتىش، ھەزىمنى ياخشىلاش خۇسۇسىيتىگە ئىگە.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر] بەدەن ئاجىزلىقى، ماغدۇرسىزلىق، قان ئازلىق، ئاشقازان، ئۈچەي، جىگەر ئاجىزلىقى قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى] كالا گۆشىنى يالغۇز ھالەتتە كاۋاپ ياكى باشقا ئۇسۇللار بىلەن پىشۇرۇپ ئىستېمال قىلىپ بەرسە، بەدەن ئاجىزلىقىدىن بولغان ھەر خىل كېسەللىكلەرگە شىپا بولىدۇ. يۈرەك، مېڭىنى قۇۋۋەتلىگۈچى ياكى غەيرىي تەبىئىي خىلتلارنى تەڭشىگۈچى دورىلار بىلەن ئىستېمال قىلىپ بەرسە، شۇ خىل كېسەللىكلەرگە مەنپەئەت قىلىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] ئەھۋالغا قاراپ 30 ~ 150 گىرامغىچە ئىستېمال قىلسا بولىدۇ.

[زىيانلىق تەسىرى] يەل پەيدا قىلىدۇ، تەستە ھەزىم بولىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] قارىمۇچ، دارچىن.

[ئورۇنباسارى] قوتاز گۆشى.

[ۋەكىل خاراكتېرلىك ياسالمىسى] كالا گۆشى كاۋىپى

## قۇشقاچ گۆشى

## 库西卡其古西

(麻雀肉 ma que rou)

[باشقا ئاتىلىشى] لەھمۇل ئۇسپۇر، گۆشتى كەنجىش، چىرياكا گۆشت



قۇشقاچ گۆشى

[تونۇش] بۇ ھەممىگە تونۇشلۇق بولغان مەشھۇر قۇش قۇشقاچ گۆشى بولۇپ، گۆشىنىڭ رەڭگى قىزغۇچ توپا رەڭ، تەمى تەملىك بولىدۇ. (24.27 - رەسىم)

[چىقىش ئورنى] دۆلىتىمىز ۋە باشقا مەملىكەتلەردىنمۇ چىقىدۇ.

[يىغىپ ساقلاش] بۇ قۇشنى تۇتۇپ ئۆلتۈرۈپ، تۈكلىرىنى تازىلاپ، تۆت پۇتىنى كېسىۋېتىپ، قۇرغاق، سالقىن جايدا ساقلىنىدۇ.

[خىمىيەلىك تەركىبى] ئاقسىل، ماي، كاربون سۇ بىرىكمىلىرى ۋە ۋىتامىن E، كالىي، ناترىي، خلور، كالتسىي، فوسفور، تۆمۈر قاتارلىقلار بار.

[فارماكولوگىيەلىك تەسىرى] بەدەننى قۇۋۋەتلەش، سەمرىتىش، ئوزۇقلۇقلارنى تولۇقلاش تەسىرى بار.

[لابىقلاشتۇرۇلۇشى] قۇرۇتۇش ئارقىلىق ساپلاشتۇرۇلىدۇ.

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[خۇسۇسىيتى] بەدەن، باھ ۋە بۆرەكنى قۇۋۋەتلەش، بەدەننى قىزىتىش ۋە سەمرىتىش، ئوزۇقلۇق تولۇقلاش، پەيلەرنى چىڭىتىش، مەنىينى زىيادە قىلىش قاتارلىق خۇسۇسىيتى بار.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

[**ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر**] بەدەن، باھ ۋە بۆرەك ئاجىزلىقى، ئىشتىھاسىزلىق، پالەچ، لەقۋا، جىگەر ئاجىزلىقى، ئىستىسقا، مەنىي ئازلىق، سوغۇقتىن ۋە بەلغەمدىن بولغان كېسەللىكلەرگە ئىشلىتىلىدۇ.

[**ئىشلىتىش ئۇسۇلى**] قۇشقاچ گۆشىنى كاۋاپ قىلىپ ياكى باشقا ئۇسۇللار ئارقىلىق پىشۇرۇپ يەپ بەرسە ياكى باھنى قۇۋۋەتلىگۈچى، بەدەننى قۇۋۋەتلىگۈچى، سەمرىتكۈچى، ئىشتىھانى ئاچقۇچى، بەدەننى قىزىتقۇچى دورىلار بىلەن قوشۇپ ئىستېمال قىلىپ بەرسە، شۇ خىل خۇسۇسىيەت ھەم شۇ خىل كېسەللىكلەرگە شىپا بولىدۇ.

[**ئىشلىتىش مىقدارى**] ئەھۋالغا قاراپ 1 ~ 2 تالغىچە ئىشلىتىلىدۇ.

[**زىيانلىق تەسىرى**] ئىسسىق مىزاجلىقلاردا قان بېسىمىنى يۇقىرىلىتىۋېتىدۇ.

[**تۈزەتكۈچىسى**] ئانار سۈيى، سىركەنجىۋىل.

[**ئورۇنباسارى**] پاختەك گۆشى.

[**ۋەكىل خاراكتېرلىك پىششىق دورا ياسالمىسى**] مائۇللەھمى.

# يىگىرمە سەككىزىنچى باب مېڭە كېسەللىكلىرىگە ئىشلىتىلىدىغان دورىلار

مېڭە كېسەللىكلىرىنى داۋالاش خۇسۇسىيىتى ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدىغان دورىلار ئومۇملاشتۇرۇلۇپ، مېڭە كېسەللىكلىرىگە ئىشلىتىلىدىغان دورىلار دېيىلىدۇ.

ھەر خىل ئىچكى - تاشقى سەۋەبلەر تەسىرىدىن مېڭىدە ئاجىزلاش يۈز بەرسە، ئورگانىزمدا ماددا ئالمىشىش قالايمىقانلىشىش، فىزىيولوگىيەلىك تەڭپۇڭلۇق بۇزۇلۇش بىلەن بىرگە مېڭە ئاجىزلىقىغا ئالاقىدار تۈرلۈك كېسەللىكلەر (ئەقلىي ئىقتىدارى چېكىنىش، ئۇيقۇسىزلىق ياكى كۆپ ئۇخلاش، نېرۋا ئاجىزلىق، جىنسىي ئاجىزلىق، باشنىڭ يېرىمى ئاغرىش، باش قېيىش، ئۇنتۇغاقلىق، ئىشتىھاسىزلىق، مالىخولىيا، جۇنۇن، سەرئى، لەقۋا، پالەچ، ئورنىغا سىيىپ يېتىش، ھىستېرىيە…) پەيدا بولىدۇ. بۇ خىل كېسەللىكلەرنىڭ ۋاقتىدا ئالدىنى ئالمىغاندا يامان ئاقىۋەت كېلىپچىقىدۇ. مېڭە كېسەللىكلىرىگە ئىشلىتىلىدىغان دورىلارنىڭ تۈرى ھەر خىل بولغاچقا، ئىشلەتكەندە كېسەللىك سەۋەبىگە ئاساسەن مۇۋاپىق تاللاپ ئىشلىتىشكە توغرا كېلىدۇ. مېڭە كېسەللىكلىرىگە ئىشلىتىلىدىغان دورىلارنىڭ كۆپىنچىسىنىڭ تەبىئىتى قۇرۇق ئىسسىق ياكى ھۆل ئىسسىق بولىدۇ. بۇ خىل دورىلار مېڭىنى قۇۋۋەتلەش، ماددا ئالمىشىشنى ياخشىلاش، ئومۇمىي بەدەننى قۇۋۋەتلەش تەسىرىنى بېرىدۇ، بۇ خىل خۇسۇسىيەتتىكى دورىلار مېڭە كېسەللىكلىرىگە ئىشلىتىلىدىغان دورىلار دېيىلىدۇ. مەسىلەن: قوي مېڭىسى، بۇغىئوت يىلتىزى، جەزبۇزار، ياڭاق، ئالتۇن ۋاراق، كۈمۈش ۋاراق، ئەنبەر، قۇندۇز قەھرى، ئىپار، قۇشقاچ مېڭىسى، لاچىندانە ھىندى، بالەنگو ئۇرۇقى، ئۇستقۇددۇس، پىستە مېغىزى، گاۋزىبان ھىندى، بىستىپايەج، بادىرەنجىبۇيا، تاغ بادرەنجبۇيىسى، ئۈد سەلىب، سېرىق ھېلىلە، لاجۇۋەرد، كۆك چاي، ھەببى بىلسان، ئاسارۇن، ئەپتىمۇن، گاۋزىبان چىنى، ماگنىت تېشى، زورەمبات، تاشقا ئايلانغان سۆڭەك، زەھرى مۆھرە، ئادەمگىياھ، پاختەك گۆشى، كېۋەز چېچىكى، مارجان، لەئل، زۇمرەت، ئۆشنە، سۇمبۇل ھىندى، سازەج ھىندى، مەرۋايىت، دۇرنەج ئەقرەبى، پەرەنجىمىشكى، ياقۇت، پەنىرمايە، جىگدە چېچىكى قاتارلىقلار.

## قوي مېڭىسى

### 葵米依斯

### （洋脑 yang nao）

[باشقا ئاتىلىشى] دىماغى مىش، دىماغى گۇسپەندى

[لاتىنچە نامى] Encephalon Caprae

[ئىنگلىزچە نامى] sheep, Goat Brain

[تونۇش] بۇ، قوي ئائىلىسىگە تەۋە ھايۋانات قوينىڭ مېڭىسىدىن ئىبارەت. (28.1 ـ رەسىم)

www.uyghurkitap.com



[چىقىش ئورنى] رايونىمىزنىڭ ھەممە جايلىرىدىن چىقىدۇ.

[يىغىپ ساقلاش] بۇ ھايۋاننىڭ دورىلىق قىسمىنى ئېلىپ، سوغۇق، قۇرغاق ئورۇندا ساقلىنىدۇ.

[تەبىئىتى] بىرىنچى دەرىجىدە ھۆل سوغۇق.

[خۇسۇسىيىتى] مېڭىنى قۇۋۋەتلەش، مەنىي پەيدا قىلىش، زەھەر قايتۇرۇش خۇسۇسىيەتلىرى بار.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر] مېڭە ئاجىزلىقى، ئۇنتۇغاقلىق، مەنىي كەملىق، ھەر خىل زەھەرلىنىش قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ. قوي

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. قوينىڭ مېڭىسىنى سىرتتىن باشقا چاپسا، مېڭىنىڭ قۇرغاقلىقىنى يوقىتىدۇ ھەم سەرسامغا شىپا بولىدۇ.
2. قوينىڭ مېڭىسىنى يىرىقلارغا چاپسا، يەرلىك ئورۇننى ياخشىلايدۇ.
3. قوينىڭ مېڭىسىنى مۇۋاپىق ھالدا يېسە، مېڭىنى قۇۋۋەتلەيدۇ، مەنىي پەيدا قىلىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] ئەھۋالغا قاراپ ئىشلىتىلىدۇ.

[زىيانلىق تەسىرى] تەستە ھەزىم بولىدۇ، ئاشقازانغا زىيان قىلىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] پۇدىنە، سىركە.

[ئورۇنباسارى] باشقا ھايۋانلارنىڭ مېڭىسى.

[ۋەكىل خاراكتېرلىك پىششىق دورا ياسالمىسى] ھالۋائى بادام، ھالۋائى تەرەنجىبىن.

## بۇغئۇت يىلتىزى
布给欧提依力提孜

(鹿蹄根 lu ti gen)

[لاتىنچە نامى] Radixs Pyrola rotundifolia

[ئىنگلىزچە نامى] Root or bark of chine sebuck thorn

[تونۇش] بۇ، مۇرەككەپ گۈللۈكلەر ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك بۇغئۇتنىڭ يىلتىزى بولۇپ، «بۇغئۇت يىلتىزى» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ.

[چىقىش ئورنى] تاغلارنىڭ سايە ۋە نەم جايلىرىدا، ئوتلاقلاردا ئۆسىدۇ، كۆپىنچە ئالتاي ۋە تارباغاتاي قاتارلىق جايلاردىن تېپىلىدۇ.

[يىغىپ ساقلاش] بۇ ئۆسۈملۈكنىڭ ئۇرۇقى پىشقاندا يىلتىزىنى كولاپ ئېلىپ، يۇيۇپ قۇرۇتۇپ ساقلىنىدۇ.

[تەبىئىتى] بىرىنچى دەرىجىدە قۇرۇق سوغۇق.

[خۇسۇسىيىتى] نېرۋىنى تىنچلاندۇرۇش ۋە قۇۋۋەتلەش، جىسمانىي ۋە ئەقلىي قۇۋۋەتنى ئۇرغۇتۇش خۇسۇسىيەتلىرى بار.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر] نېرۋا ئاجىزلىقى، ئۇيقۇسىزلىق، ئىشتىھاسىزلىق، ئىسسىقتىن بولغان

باش ئاغرىقى قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. ئۇستىقۇددۇس، گاۋزىبان، بىستىپايەج، بۇغىئوت يىلتىزى قاتارلىقلارنىڭ ھەربىرىدىن 10 گىرام ئېلىپ، قائىدە بويىچە چايلىق دەملەپ ئىچسە، نېرۋا ئاجىزلىقىغا، ئۇيقۇسىزلىققا مەنپەئەت قىلىدۇ.

2. قارىئۆرۈك، ئارپىبەديان، بۇغىئوت يىلتىزى قاتارلىقلارنىڭ ھەربىرىدىن 10 گىرام ئېلىپ، قائىدە بويىچە قايناتما تەييارلاپ ئىككىگە بۆلۈپ، ئەتىگەندە، كەچتە ئىچسە، ئىشتىھاسىزلىققا مەنپەئەت قىلىدۇ.

3. بىنەپشە، نېلۇپەر، بۇغىئوت يىلتىزى قاتارلىقلارنى مۇۋاپىق مىقداردا ئېلىپ، چايلىق دەملەپ ئىچسە، باش ئاغرىقىغا مەنپەئەت قىلىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] 5 ~ 10 گىرامغىچە.

[زىيانلىق تەسىرى] باش قېيىش پەيدا قىلىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] زەنجىۋىل.

[ئورۇنباسارى] ئادەمگىياھ.

[ۋەكىل خاراكتېرلىك پىششىق دورا ياسالمىسى] بۇغىئوت يىلتىزى شەربىتى.

## جەزبۇزار

## 加孜布杂尔

## （银莲花根 yin lian hua gen）

[باشقا نامى] جەزبۇزار يىلتىزى

[لاتىنچە نامى] Rhizoma Ane mone altaica

[ئىنگلىزچە نامى] Dichotomous Ane mone Rhizome

[تونۇش] بۇ، ئېيىقتاپانلىقلار ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك جەزبۇزارنىڭ قۇرۇتۇلغان تۈگۈنچىسىمان يىلتىزىدىن ئىبارەت بولۇپ، «جەزبۇزار» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ.

[چىقىش ئورنى] تاغ، دالىلاردا، چاتقاللاردا، ئورمانلىقلار ئارىسىدا ئۆسىدۇ، ئالتاي ۋە تەڭرىتاغلىرىدىن چىقىدۇ.

[يىغىپ ساقلاش] بۇ ئۆسۈملۈكنىڭ ئۇرۇقى پىشقاندا يىلتىزىنى كولاپ ئېلىپ، يۇيۇپ قۇرۇتۇپ ساقلىنىدۇ.

[لايىقلاشتۇرۇلۇشى] يۇيۇپ توغراش، قۇرۇتۇش ئارقىلىق لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

[تەبىئىتى] بىرىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى] مېڭە ۋە يۈرەكنى قۇۋۋەتلەش، ئارتۇق ھۆللۈكنى قۇرۇتۇش، قان تازىلاش، ئىشتىھانى ئېچىش، قۇرت ئۆلتۈرۈش خۇسۇسىيەتلىرى بار.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر] نېرۋا ئاجىزلىق، رېماتىزملىق يۈرەك كېسىلى، قىزىتمىدىن ھوشسىزلىنىپ جۆيلۈش، غەلۋىرەك، ھەر خىل چاقىلار، قىچىشقاق، تەمرەتكە، ئىشتىھاسىزلىق، تۇتۇ مەددە قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

www.uyghurkitap.com

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. ئۇستقۇددۇس، بادرەنجبۇيا، سۇمبۇل، لاچىندانە، جەزبۇزار، سازەج، ئۇد سەلىبنىڭ ھەربىر-دىن 10 گىرام، ئىپاردىن ئىككى گىرام، ھەسەلدىن ئىككى ھەسسە ئېلىپ، قائىدە بويىچە مەجۇن تەييارلاپ ئىچسە، نېرۋا ئاجىزلىقىغا شىپا بولىدۇ.

2. چىلان، شاھتەررە، سەرسىبىل، جەزبۇزارنى 18 گىرامدىن ئېلىپ قاينىتىپ ئىچسە، ھەرخىل تېرە كېسەللىكلىرىگە شىپا بولىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] 3 ~ 6 گىرامغىچە.

[زىيانلىق تەسىرى] قەۋزىيەت پەيدا قىلىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] سۇمبۇل، ھەسەل سۈيى.

[ئورۇنباسارى] ئاسارۇن.

[ۋەكىل خاراكتېرلىك پىششىق دورا ياسالمىسى] جەزبۇزار شەربىتى.

## ياڭاق

## 洋哈克

（核桃 he tao）

[باشقا ئاتىلىشى] جەۋز، ئەخروت

[لاتىنچە نامى] Semen Juglanregia

[ئىنگلىزچە نامى] walnut Meat

[تونۇش] بۇ، ياڭاق ئائىلىسىدىكى غازاڭ تاشلايدىغان دەرەخ ياڭاقنىڭ مېغىزى بولۇپ، مېغىزى شار شەكىللىك بولۇپ، ئىككى پارچىسى بىرىكىپ تۇرىدۇ، پۈرمە ئېرىقچە-سى بولىدۇ. سىرتىنى قوڭۇر رەڭلىك نېپىز پەردىسىمان ئۆرۈك پوستى ئوراپ تۇرىدۇ. تەمى قېرىق، پۇرىقى سۇس كېلىدۇ. (2.28 ـ رەسىم)



ياڭاق

[چىقىش ئورنى] جەنۇبىي شىنجاڭدىن، خېبىي، شەنشى، كەشمىر، ئىران، ئافغانىستان قاتارلىق ئەللەردىن چىقىدۇ.

[يىغىش ساقلاش] 9 ـ، 10 ـ ئايلاردا مېۋىسى پىشقاندا يىغىۋېلىپ، تاشقى پوستىنى چىقىرىۋېتىپ، قۇرۇتۇپ ساق-لىنىدۇ.

[خىمىيىلىك تەركىبى] ياڭاق مېغىزىنىڭ تەركىبىدە 40%~50% كىچە مايلىق ياغ بار، يەنە 15.4% ئاقسىل، 10% كاربون سۇ بىرىكمىلىرى، كالتسىي، فوسفور، تۆمۈر، كاروتىن، رىبوفلاۋىن قاتارلىقلار بار.

[**فارماكولوگىيەلىك تەسىرى**] باكتېرىيە، زەمبۇرۇغقا قارشى تۇرۇش تەسىرى بار. تەركىبىدە ياڭاق مېغىزى تۇتقان يېمەكلىكلەرنى ئىتقا بەرسە، بۇنىڭ بىلەن ئىتنىڭ تەن ئېغىرلىقى تېز لا ئاشىدۇ، قان شىرىسى ئاق ئاقسىلى كۆپىيىدۇ.

[**لايىقلاشتۇرۇلۇشى**] پوستىنى ئايرىپ قۇرۇتۇش، قورۇش ئارقىلىق لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

[**تەبىئىتى**] ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[**خۇسۇسىيىتى**] مېڭىنى قۇۋۋەتلەش، ھېسسىي قۇۋۋەتنى ئاشۇرۇش، باھنى قوزغاش، چوڭ تەرەتنى يۇمشىتىش، ئىششىق ياندۇرۇش، پارقىرىتىش خۇسۇسىيىتى بار.

[**ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر**] نېرۋا ئاجىزلىقى، ئۇنتۇغاقلىق، جىنسىي قۇۋۋەتنىڭ ئاجىزلىقى، قەۋزىيەت، يۆتەل، ھەزىم بۇزۇلۇش قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[**ئىشلىتىش ئۇسۇلى**]

1. ياڭاق مۇرابباسى تەييارلاپ، مۇۋاپىق مىقداردا ھەسەل بىلەن قوشۇپ يېسە، بۆرەكنى قۇۋۋەتلەيدۇ، باھنى قوزغايدۇ، چوڭ تەرەتنى يۇمشىتىدۇ، ئۈچەينى قۇۋۋەتلەيدۇ.

2. ياڭاق مېغىزىدا يالانچۇق تەييارلاپ، ھەر كۈنى ئەتىگەن يالاپ بەرسە، يۆتەلگە پايدا قىلىدۇ.

3. ياڭاقنى سىركىگە چىلاپ يېسە، ئاشقازاننىڭ ئاجىزلىقىنى تۈگىتىدۇ.

4. ياڭاق مېغىزىنىڭ پوستىنى كۆيدۈرۈپ يېسە، بۇۋاسىرنىڭ قېنىنى توختىتىدۇ.

5. ياڭاقنىڭ يېلىمىنى يىرىڭلىق چاقىلارغا چاپسا ياكى ئېزىپ ئاغرىق چىشقا باسسا ئاغرىق توختىتىدۇ.

6. ياڭاق پوستىنى سۇ بىلەن قاينىتىپ ئېغىزنى چايقىسا، چىش تۈۋدىكى ئىششىقلارنى تارقىتىدۇ، چىشنى چىڭىتىدۇ.

[**ئىشلىتىش مىقدارى**] 12 ~ 24 گىرامغىچە.

[**زىيانلىق تەسىرى**] ئىسسىق مىزاج كىشىلەرنىڭ بېشىنى ئاغرىتىدۇ.

[**تۈزەتكۈچىسى**] ئانار سۈيى، بىنەپشە.

[**ئورۇنباسارى**] ھەببەتۇلخۇزرا، چىلغوزا.

[**ۋەكىل خاراكتېرلىك پىششىق دورا ياسالمىسى**] ياڭاق مۇراببا سى، سوقماق، لوئوقى بادام.

## ئالتۇن ۋاراق
## 阿里屯瓦热克
## (金箔 jin bo)

[**باشقا ئاتىلىشى**] ۋەرەقى زەھەب، ۋەرەقى تىللا، سۇناكى ۋەرەق

[**لاتىنچە نامى**] Charta Aurum

[**ئىنگلىزچە نامى**] gold foil

[**تونۇش**] بۇ، تەبىئىي ئالتۇننى سوقۇش ئارقىلىق تەييارلانغان قەغەزسىمان ئالتۇندىن ئىبارەت. (3.28 ـ رەسىم)

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ئالتۇن ۋاراق

[چىقىش ئورنى] ئىلگىرى شىنجاڭ تېۋېپلىرى تەييارلاپ ئىشلىتەتتى، ھازىر پاكىستاندىن كەلتۈرۈلىدۇ.

[يىغىپ ساقلاش] تەبىئىي ئالتۇن پارچىسىنى ئېلىپ، ئۇنى سوقۇپ نېپىزلاپ، ۋاراق ھالىتىگە ئەكېلىپ، ئاندىن قۇرغاق يەردە ساقلىنىدۇ.

[لايىقلاشتۇرۇلۇشى] كۆشتە قىلىش ئارقىلىق لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

[تەبىئىتى] ئىسسىققا مايىل مۆتىدىل، بىرىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى] مېڭە، يۈرەك ۋە جىگەرنى قۇۋۋەتلەش، بەدەننىڭ تەبىئىي ھارارىتىنى ساقلاش، زېھنىنى ئۆتكۈرلەشتۈرۈش، ماددا ئالمىشىشىنى ياخشىلاش، ئۇنتۇغاقلىقنى يوقىتىش، كۆڭۈلگە خۇشلۇق يەتكۈزۈش، كۆزنى روشەنلەشتۈرۈش خۇسۇسىيەتلىرى بار.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر] مېڭە، يۈرەك ۋە جىگەر ئاجىزلىقى، يۈرەك سېلىش، ئۇنتۇغاقلىق، يۈرەك رىتىمسىزلىقى، كۆرۈش كۈچى ئاجىزلىقى، كۆز ياشانغىراش، مالىخولىيا قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. ئالتۇن ۋاراقتىن بەش دانە، ئۇستىقۇددۇس، گاۋزىبان، بادرەنجىبۇيا، لاچىندانىنىڭ ھەربىرىدىن 10 گىرام، زەپەردىن بىر گىرام، ھەسەلدىن ئىككى ھەسسە ئېلىپ، مەجۇن تەييارلاپ ئىچسە، مېڭە ۋە يۈرەكنى قۇۋۋەتلەيدۇ.

2. مەرۋايىت بىلەن سۈرمىنى مۇۋاپىق مىقداردا ئېلىپ لايىقلاشتۇرۇپ يۇمشاق سوقۇپ، ئالتۇن ۋاراق بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ سالايە قىلىپ كۆزگە تارتسا، كۆز ياشانغىراشقا شىپا بولىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] 5 ~ 10 دانىغىچە.

[زىيانلىق تەسىرى] سۈيدۈك يولىغا زىيان قىلىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] ھەسەل، ئىپار، شاھبەللۇت، كاتىھىندى.

[ئورۇنباسارى] ئالتۇن، ياقۇت.

[ۋەكىل خاراكتېرلىك پىششىق دورا ياسالمىسى] ھەببى ۋاراق، خېمىرى مەرۋايىت، داۋائىلمىشكى، خېمىرى گاۋزىبان ئەنبىرى، مۇپەررىھى ياقۇت، خېمىرى ئەۋرىشىم.

# كۆمۈش ۋاراق
## 库木西瓦热克
## （银箔 yin bo）

[**باشقا ئاتىلىشى**] ۋەرەقى نوقرە، ۋەرەقى سىم، چاندىكى ۋەرەق

[**لاتىنچە نامى**] Preparatum Argentum

[**ئىنگلىزچە نامى**] silver foil

[**تونۇش**] بۇ، تەبىئىي كۆمۈشنى سوقۇش ئارقىلىق تەييارلانغان قەغەزسىمان كۆمۈشتىن ئىبارەت.

[**چىقىش ئورنى**] ئېلىمىز ۋە چەت ئەللەردىن چىقىدۇ.

[**يىغىپ ساقلاش**] تەبىئىي كۆمۈش پارچىسىنى ئېلىپ، ئۇنى سوقۇپ نېپىزلەپ، ۋاراق ھالىتىگە ئەكېلىپ، ئاندىن قۇرغاق يەردە ساقلىنىدۇ.

[**لايىقلاشتۇرۇلۇشى**] كۆشتە قىلىش ئۇسۇلى ئارقىلىق لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

[**تەبىئىتى**] بىرىنچى دەرىجىدە قۇرۇق سوغۇق.

[**خۇسۇسىيىتى**] مېڭە ۋە يۈرەكنى قۇۋۋەتلەش، كۆڭۈلنى خۇش قىلىش، كۆزنى روشەنلەشتۈرۈش خۇسۇسىيىتى بار.

[**ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر**] مېڭە ئاغرىقى، يۈرەك ئاجىزلىقى، يۈرەك رىتىمسىزلىقى، كۆز ئاجىزلىقى قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.





كۆمۈش ۋاراق

[**ئىشلىتىش ئۇسۇلى**]

1. ھەر كۈنى ئىككى دانە كۆمۈش ۋاراقنى سۇفۇپى سۈيلەپ بىلەن قوشۇپ يېسە، كۆڭۈلنى ئاچىدۇ.

2. كۆمۈش ۋاراقنى كۆيدۈرۈلگەن سىماب بىلەن قوشۇپ قوتۇر ۋە قىچىشقاقتا چاپسا پايدا قىلىدۇ.

[**ئىشلىتىش مىقدارى**] 3 ～ 5 دانىغىچە.

[**زىيانلىق تەسىرى**] ئۈچەيگە زىيان قىلىدۇ ۋە ئۈچەيگە قۇرۇقلۇق پەيدا قىلىدۇ.

[**تۈزەتكۈچىسى**] كەتىرا، ھەسەل، بادام مېغىزى.

[**ئورۇنباسارى**] كۆمۈشنىڭ داغمال سۈيى ياكى كۆمۈش كۆشتىسى.

[**ۋەكىل خاراكتېرلىك پىششىق دورا ياسالمىسى**] مۇپەررىھى ياقۇت، خېمىرى گاۋزىبان، داۋائىلمىشكى، خېمىرى مەرۋايىت، خېمىرى ئەۋرىشىم.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى

# ئەنبەر
# 安白尔
## (龙涎香 long xiang xiang)

[باشقا ئاتىلىشى] ئەنبەر ئەشھەب

[لاتىنچە نامى] Physeter catodon

[ئىنگلىزچە نامى] Ambergris, Grdno Ambra

[تونۇش] بۇ، قارا كىت ئائىلىسىدىكى ھايۋان ئېفىرەم ۋئل نامىلىق بىر خىل قارا كىتنىڭ ئۈچەي ئاجراتمىلىرىنىڭ قۇرۇتۇلمىسى بولۇپ، رەڭگى قوڭۇر رەڭ، چۈرۈك، جىسمى يېنىك، چاينىسا شامدەك چىشقا چاپلىشىدۇ، تەمى ئاچچىقراق، خۇش پۇراق پۇرايدۇ. (5.28 ـ رەسىم)

[چىقىش ئورنى] شەرقىي دېڭىز ۋە جەنۇبىي ئوكيانلاردىن چىقىدۇ. ئامېرىكا، ياپونىيە، بېنگال، ھىندىستان قاتارلىق دۆلەتلەردىنمۇ چىقىدۇ.



قارا كىت

[يىغىپ ساقلاش] يىغىۋېلىنغاندىن كېيىن ئېغىزى ھىم شىشىلەردە ساقلىنىدۇ.

[خىمىيىلىك تەركىبى] ئەنبەرنىڭ تەركىبىدە تەخمىنەن 25% ئەنبەرئىن (Anbrein) بار. يەنە ئۈچۈچان ماي ۋە ئانورگانىك تۇزلار بار.

[فارماكولوگىيەلىك تەسىرى]

1. مەركىزىي نېرۋا سىستېمىسىغا بولغان تەسىرى: كىچىك دوزىسى مەركىزىي نېرۋا سىستېمىسىنى قوزغىتىدۇ، چوڭ دوزىسى تورمۇزلايدۇ.

2. نەپەسلىنىش، قان ئايلىنىش سىستېمىسىغا بولغان تەسىرى: يۈرەكنى قوزغىتىدۇ، ئەنبەر تىنكتورىسى توشقان ۋە ئىتنىڭ كۆك قان تومۇرىغا كىرگۈزۈلگەندە قان بېسىمىنى چۈشۈرىدۇ.

3. باليىاتقۇغا بولغان تەسىرى: باليىاتقۇنى كۆرۈنەرلىك دەرىجىدە قوزغىتىدۇ. ھامىلدار بولغانلار ھامىلدار بولمىغانلارغا قارىغاندا تېخىمۇ سەزگۈر كېلىدۇ.

4. باكتېرىيەگە قارشى تۇرۇش، ياللۇغ قايتۇرۇش تەسىرى: ئەنبەر تىنكتورىسىنىڭ سۇيۇقلاندۇرۇل- غىنى تەجرىبە نەتىجىسىدە چوڭ ئۈچەي تاياقچە باكتېرىيەسىنى تورمۇزلايدۇ. بۇنىڭ ياللۇغ قايتۇرۇش

تەسىرى پىنىل بوكازولدىن كۈچلۈك.

[**لايىقلاشتۇرۇلۇشى**] سالايە قىلىش ئارقىلىق لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

[**تەبىئىتى**] ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[**خۇسۇسىيىتى**] مېڭە، يۈرەك ۋە باھنى قۇۋۋەتلەش، كۆڭۈلگە خۇشلۇق يەتكۈزۈش، تەبىئىي ھارارەتنى ساقلاش، پەي - مۇسكۇللارنى چىڭىتىش، زېھىننى ئۆتكۈرلەشتۈرۈش خۇسۇسىيەتلىرى بار.

[**ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر**] مېڭە، نېرۋا ۋە يۈرەك كېسەللىكلىرى، بولۇپمۇ يۈرەك قوزغىلىش، يۈرەك ۋە نېرۋا ئاجىزلىقى، بوغۇم ئاغرىقى، ئومۇمىي بەدەن سوۋۇپ كېتىش، باھ ئاجىزلىقى، بېھوشلۇق قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[**ئىشلىتىش ئۇسۇلى**]

1. ئەنبەرنى يېنىدا ساقلاپ دائىم پۇراپ بەرسە، يۈرەك ۋە مېڭىنى قۇۋۋەتلەيدۇ، نېرۋىنى ياخشىلايدۇ.

2. ئىپاردىن بىر گىرام، ئەنبەردىن ئىككى گىرام، پەنەرمايىدىن 10 گىرام، سۆئىلەپ مىسرىدىن 20 گىرام، خولىنجاندىن 10 گىرام، مەستىكىدىن بەش گىرام ئېلىپ سوقۇپ، 0.3 گىرامدىن ھەب تەييارلاپ، كۈندە بىر قېتىم ئىككى داندىن ئىچسە، سۈرئىتى ئىنزالغا شىپا بولىدۇ، نېرۋىنى قۇۋۋەتلەيدۇ.

3. ئۇستىقۇددۇس، بىستىپايەجدىن 10 گىرامدىن، ئەنبەردىن ئىككى گىرام، ئىپاردىن بىر گىرام، قۇندۇز قەھرى، زەپەردىن ئىككى گىرامدىن، ھەسەلدىن 60 گىرام ئېلىپ سوقۇپ، مەجۇن تەييارلاپ، كۈندە ئىككى ۋاق بەش گىرامدىن يېسە زېھىننى ئۆتكۈرلەشتۈرىدۇ.

[**ئىشلىتىش مىقدارى**] 0.1 ~ 0.5 گىرامغىچە.

[**زىيانلىق تەسىرى**] جىگەر ۋە ئۈچەيگە زىيان قىلىدۇ.

[**تۈزەتكۈچىسى**] ئەرەب يېلىمى، تاباشىر.

[**ئورۇنباسارى**] ئىپار، زەپەر.

[**ۋەكىل خاراكتېرلىك پىششىق دورا ياسالمىسى**] مەجۇنى جاۋارىش ئەنبەر، قۇرسى ئەنبەر بارىس، ھەببى ئەنبەر، ئەرقى ئەنبەر.

[**دىققەت قىلىدىغان ئىشلار**] ئۇزۇن مەزگىل ئىشلىتىلسە، جىگەر ۋە ئۈچەيگە زىيان قىلىدۇ.

## قۇندۇز قەھرى
## 昆都孜开合日
## （海狸香　hai li xiang）

[**باشقا ئاتىلىشى**] خەزمىيان، جۇندبېدەستۇر

[**لاتىنچە نامى**] Castorfiber

[**ئىنگلىزچە نامى**] Castor

[**تونۇش**] بۇ، قۇندۇزلار ئائىلىسىدىكى ھايۋان ياۋروپا قامىسى (Castor fiber) (Linnacus) ياكى كانادا چوڭ قامىسىنىڭ پۇراقلىق ئۇزۇن خالتىسىنىڭ ئاجرالمىسى بولۇپ، رەڭگى قىزىلغا مايىل قوڭۇر،

www.uyghurkitap.com



ياۋروپاقامىسى

تەمى ئاچچىق، خۇش پۇراق، بىرئاز بەزلەشرەك كېلىدۇ. (6.28 ـ رەسىم)

[چىقىش ئورنى] ياۋروپا قامىسى ئاساسلىقى شىنجاڭ، يەنە رۇسىيە، گېرمانىيە، فىرانسىيە، ئەنگلىيە قاتارلىق دۆلەتلەردىن، كانادا قامىسى كانادا، شىمالىي ئامېرىكا قاتارلىق دۆلەتلەردىن چىقىدۇ.

[يىغىپ ساقلاش] بۇ ھايۋانىي بوغۇزلاپ، دورىلىق قىسمىنى ئاۋايلاپ ئېلىپ، سالقىن جايدا ساقلىنىدۇ.

[خىمىيەلىك تەركىبى] قۇندۇز قەھرىنىڭ تەركىبىدە كاستورىن (Castorin) بار. بۇ ئاساسلىقى كاستورامىن (Castoramin)، بېنزول ئالكوھول (Alcohol - Benzyl)، ئاتسىدوم بېنزوئىكوم (Acid Benzuic) قاتارلىق 18 خىل بىرىكمىلەردىن ئىبارەت.

[فارماكولوگىيەلىك تەسىرى] ئىممۇنىتېت ئىقتىدارىنى تۈۋەنلەشتۈرۈش تەسىرى بار، چاشقانغا تەجرىبە قىلغاندا ئىممۇنىتېت ئىقتىدارىنى تۈۋەنلەتكەن.

[لايىقلاشتۇرۇلۇشى] قۇرۇتۇش، سالايە قىلىش ئارقىلىق لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

[تەبىئىتى] ئۈچىنچى دەرىجىدە ئىسسىق، ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق.

[خۇسۇسىيىتى] مېڭە، يۈرەك، باھ ۋە پەيلەرنى قۇۋۋەتلەش، زەھەر قايتۇرۇش، ئىسسىق ياندۇرۇش، چىرىشكە قارشى تۇرۇش، ھۆللۈكلەرنى قۇرۇتۇش، قىزىتىش، پەيلەرنى چىڭىتىش، ئاغرىق پەسەيتىش، ھەيز ۋە سۈيدۈكنى راۋانلاشتۇرۇش، ئىسپازما قايتۇرۇش تەسىرى بار.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر] باش ئاغرىقى، نېرۋا ئاجىزلىقى، مالىخولىيا، ھىستېرىيە، پالەچ، لەقۋا، ئىستىرخا، چوڭ بوغۇملار ئاغرىقى (مۇپاسىل)، سەرئى، جىنسىي ئاجىزلىق ۋە ھەيز تۇتۇلۇش قاتارلىق كېسەللىكلەرگە ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. 30 گىرام قۇندۇز قەھرىنى سالايە قىلىپ، 100 مىللىلىتىر زەيتۇن يېغى بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ، 5 ~ 7 كۈن ئاپتاپتا قويۇپ، پالەچ، لەقۋا، ئىستىرخا، مۇپاسىل كېسەللىكلىرىگە سىرتتىن چېپىپ بەرسە، ياخشى مەنپەئەت قىلىدۇ.

2. تۇخۇم سېرىقىدىن ئۈچ دانە، سۆئلەپ، جويۇز، قۇندۇز قەھرى، زەنجىۋىل، ئاقىرقەرھادىن 10 گىرامدىن ئېلىپ، تالقان قىلىپ ئىچسە، بۆرەك ۋە باھنى قۇۋۋەتلەيدۇ.

3. ئۇد سەلىب، قۇندۇز قەھرى، ئاسارۇندىن 10 گىرامدىن، ناۋاتتىن يەتتە گىرام ئېلىپ، تالقان قىلىپ ئىچسە، ئۇنتۇغاقلىققا شىپا بولىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] 0.5 ~ 1 گىرامغىچە.

[زىيانلىق تەسىرى] ئىسسىق مىزاجلىقلارغا زىيان قىلىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] قاپاق يېغى، كەتىرا، بىنەپشە شەربىتى، گۈلاب.

[ئورۇنباسارى] ئىپار، ئەنبەر، زەپەر، يېرىم ھەسسە قارىمۇچ، باراۋەر مىقداردا ئېگىر.

[ۋەكىل خاراكتېرلىك پىششىق دورا ياسالمىسى] نۇپۇخى سۇبات، لوبوبى كەبىر، مەجۇنى سۆئلەپ، خىمىرى مەرۋايىت.

# ئىپار

## 伊帕尔

## （麝香　she xiang）

[باشقا ئاتىلىشى] مىشكى خوتەنى، مىشكى، مۈشكى، مىسكى، كەستورى

[لاتىنچە نامى] Moschus moschiferus

[ئىنگلىزچە نامى] musk



ئىپار كېيىكى

[تونۇش] بۇ، بۇغا ئائىلىسىدىكى هايۋان ئىپار كېيىكىنىڭ ئەرلىك جىنسىي پۇراقلىق بەز خالتىسىدىكى ئاجرالما بولۇپ، رەڭگى قىزىلغا مايىل قوڭۇر رەڭ، تەمى ئاچچىق ـ چۈچۈك، پۇرىقى خۇش پۇراق، سەل مايلىشاڭغۇ بولىدۇ. (28.7 ـ رەسىم)

[چىقىش ئورنى] جۇڭگو، نېپال، بىرما، رۇسىيە، ۋيېتنام، هىندىستان قاتارلىق دۆلەتلەردىن چىقىدۇ.

[يىغىپ ساقلاش] كۆپىنچە قىش ۋە ئەتىيازدا ئەركەك كېيىكنى ئوۋلاپ، قورساق تېرىسى بىلەن قوشۇپ پۇراقلىق خالتىسى كېسىپ ئېلىنىدۇ، ئاندىن سايىدا قۇرۇتۇلىدۇ، بۇ ئىپار كىندىكى دەپ ئاتىلىدۇ. خالتا ئىچىدىكى ئېلىنغان دانچىلار ئىپار جەۋھىرى دېيىلىدۇ.

[خىمىيىلىك تەركىبى] ئىپار تەركىبىدە تەخمىنەن 15%～23% كىچە سۇ ۋە كۈل ماددىسى بار ھەم ئازوتلۇق بىرىكمىلەردىكى ئازوتنىڭ مىقدارى تەخمىنەن 9% كېلىدۇ. يەنە خولېستېرول، يىرىك تالا، ماي كىسلاتاسى، ئىپار كېتونى (Mocone)، موسكو پىرىدىن (Muscopyridine)، قۇرۇتۇلغان ئىپارنىڭ تەركىبىدە ئادەتتە 50%～70% كىچە سۇلۇق ئېرىتمە، 1%～15% كىچە ئىسپىرتلىق ئېرىتمە بولىدۇ.

[فارماكولوگىيىلىك تەسىرى]

1. مەركىزىي نېرۋا سىستېمىسىغا بولغان تەسىرى: كىچىك دوزىسى مەركىزىي نېرۋا سىستېمىسىنى قوزغىتىدۇ. چوڭ دوزىسى تورمۇزلايدۇ.

2. نەپەسلىنىش ۋە قان ئايلىنىش سىستېمىسىغا بولغان تەسىرى: كىچىك دوزىسى مەركىزىي نېرۋا سىستېمىسىغا بولغان تەسىرى: ئىپار يۈرەكنى قوزغىتىدۇ، ئىپار تىنكتۇرىسى توشقان ۋە ئىتنىڭ كۆك قان تومۇرىغا كىرگۈزۈلگەندە، قان بېسىمىنى ئۆرلىتىدۇ، نەپەس قېتىمىنى تېزلىتىدۇ.

3. باللىياتقۇغا بولغان تەسىرى: ئىپار باللىياتقۇنى كۆرۈنەرلىك دەرىجىدە قوزغىتىدۇ. ھامىلىدارلار ھامىلىدار بولمىغانلارغا قارىغاندا تېخىمۇ سەزگۈر كېلىدۇ.

4. باكتېرىيەگە قارشى تۇرۇش، ياللۇغ قايتۇرۇش تەسىرى: ئىپار تىنكتۇرىسىنىڭ سۈيۇقلاندۇرۇلغىنى تەجرىبە نەيچىسىدە چوڭ ئۈچەي تاياقچە باكتېرىيەسى، ئالتۇن رەڭلىك ئۈزۈمسىمان شارچە باكتېرىيە-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

سنى تورمۇزلايدۇ، بۇنىڭ ياللۇغ قايتۇرۇش تەسرى لىنپىل بوتازولدىن كۈچلۈك.
[لايىقلاشتۇرۇلۇشى] سالايە قىلىش ئارقىلىق لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.
[تەبىئىتى] ئۈچىنچى دەرىجىدە ئىسسىق، ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق.
[خۇسۇسىيىتى] رەئىس ئەزالارنى قۇۋۋەتلەش، كۆڭۈلنى خۇشال قىلىش، تەبىئىي هارارەتنى كۈچەيتىش، ئىچكى ۋە تاشقى سەزگۈ قۇۋۋەتلەرنى قوزغىتىش، چوڭ تەرەتنى يۇمشىتىش، توسالغۇلارنى ئېچىش، ئىسپازما بوشىتىش، باھى قۇۋۋەتلەش خۇسۇسىيىتى بار.
[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر] يۈرەك ۋە مېڭە ئاجىزلىقى، يۈرەك قوزغىلىش، مالىخولىيا، سەرئى، ھەستېرىيە، تارتىشىپ قېلىش، نېرۋا ئاجىزلىقى، ئۇنتۇغاقلىق، لەقۋا، بىھوشلۇق، رەئشە، پالەچ، كۆكيۆتەل، پەي ۋە نېرۋا كېسەللىكلىرى، جىنسىي ئاجىزلىق قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.
[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]
1. ئىپارنى پۇرىسا، مېڭىدىن كېلىدىغان سۇنى توختىتىدۇ ۋە ھوشىغا كەلتۈرىدۇ، سوغۇقتىن بولغان باش ئاغرىقىغا مەنپەئەت قىلىدۇ.
2. ئىپارنى يېنىدا ساقلاپ پۇراپ بەرسە، يۈرەك ۋە مېڭىگە خۇشلۇق كەلتۈرىدۇ، نېرۋىنى ياخشىلايدۇ، زۇكامنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ.
3. زەيتۇن يېغىدىن 50 مىلىلىتىر، قۇندۇز قەھرىدىن 10 گىرام، ئاقىرقەرھادىن بەش گىرام، ئىپاردىن بىر گىرام ئېلىپ، ئايرىم ـ ئايرىم سالايە قىلىپ، ياغقا ئارىلاشتۇرۇپ يەرلىك ئورۇنغا چېپىپ بەرسە، پالەچ، لەقۋا، ئىسترخا، سەرئى قاتارلىقلارغا مەنپەئەت قىلىدۇ.
[ئىشلىتىش مىقدارى] 0.2 ~ 0.4 گىرامغىچە.
[زىيانلىق تەسرى] ئىسسىق مىزاج كىشىلەرگە زىيان قىلىدۇ.
[دىققەت قىلىدىغان ئىشلار] ھامىلىدار ئاياللار ئىشلىتىشكە بولمايدۇ.
[تۈزەتكۈچىسى] ئەينۇلا، نىلۇپەر، قىزىلگۈل، مەستىكى رۇمى، كافۇر.
[ئورۇنباسارى] قۇندۇز قەھرى، سازەج ھىندى.
[ۋەكىل خاراكتېرلىك پىششىق دورا ياسالمىسى] مەجۇنى داۋائىلمىشكى، خېمىرى گاۋزىبان.

## قۇشقاچ مېڭىسى
## 库西卡其米依斯
## (麻雀脑 ma que nao)

[باشقا ئاتىلىشى] دىماغى ئەسافىر، دىماغى كۇنجۇشىك، چىرياكى دىماغ
[لاتىنچە نامى] Passer montanus
[ئىنگلىزچە نامى] brain of sparrow
[تونۇش] بۇ، ھەممىگە تونۇش بولغان ئاق قۇشقاچ (montanus saturatus) (Stenneger Passer) نىڭ مېڭىسى بولۇپ، رەڭگى ئاقۇچ كۆل رەڭ، پارقىراق، تەمسىز، سەل بىلىدىق پۇرىقى پۇرايدۇ. (8.28 ـ رەسىم)



قۇشقاچ

[**چىقىش ئورنى**] شىنجاڭنىڭ ھەممە جايلىرىدىن تېپىلىدۇ.

[**يىغىپ ساقلاش**] 3 ـ، 4 ـ ئايلاردا يېتىلگەن قۇشقاچنى تۇتۇۋېلىپ (ئەركەك قۇشقاچ بولسا تېخىمۇ ياخشى)، بېشىنى كېسىپ، تېرىسى، ئېغىزى ۋە ئارتۇق گۆشلەرنى چىقىرىۋېتىپ، ۋاقتىدا قۇرۇتۇلىدۇ. كۈن نۇرى تەگمەيدىغان ھەم قۇرغاق جايدا ساقلىنىدۇ ياكى تۇتۇۋېلىنغاندىن كېيىن دەرھال مېڭىسى ئېلىنىپ ئىشلىتىلىدۇ.

[**لايىقلاشتۇرۇلۇشى**] ئىلغاپ قۇرۇتۇش ئارقىلىق لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

[**تەبىئىتى**] ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[**خۇسۇسىيىتى**] بەدەننى قىزىتىش، سەمرىتىش، باھنى قۇۋۋەتلەش، مەنىينى كۆپەيتىش، بۆرەكنى قۇۋۋەتلەش خۇسۇسىيەتلىرى بار.

[**ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر**] پالەچ، ئىستىرخا، پۇت ـ قول قولۇشۇش، بۆرەك ئاجىزلىقى، باھ ئاجىزلىقى، كۆپ چۈش كۆرۈش، تۇغماسلىق، قولاق گاسلىقى قاتارلىق كېسەللىكلەرگە ئىشلىتىلىدۇ.

[**ئىشلىتىش ئۇسۇلى**]

1. قۇشقاچ مېڭىسىنى ياغ بىلەن قورۇپ يېسە، پالەچ، ئىستىرخا، ھەر خىل جىگەر كېسىلى، يەرقان، بۆرەك ۋە باھ ئاجىزلىقى قاتارلىقلارغا مەنپەئەت قىلىدۇ.

2. قۇشقاچ مېڭىسى بىلەن تۇخۇم سېرىقىنى زەيتۇن يېغىدا قورۇپ يەپ بەرسە، مەني كۆپەيتىدۇ، باھنى قۇۋۋەتلەيدۇ.

3. قۇشقاچ مېڭىسىنى زەپەر بىلەن قوشۇپ پەرجىگە ھەمەل قىلسا، تۇغمىغان ئاياللار ھامىلىدار بولىدۇ.

[**ئىشلىتىش مىقدارى**] 1 ~ 2 دانىغىچە.

[**زىيانلىق تەسىرى**] ئىسسىق مىزاج كىشىلەرگە زىيان قىلىدۇ.

[**تۈزەتكۈچىسى**] ئانار، غورا سۈيى، ئاچچىق ـ چۈچۈك مېۋە سۇلىرى، سىركەنجىۋىل قاتارلىقلار.

[**ئورۇنباسارى**] كەپتەر مېڭىسى، ئەركەك قۇشلارنىڭ مېڭىسى.

[**ۋەكىل خاراكتېرلىك پىششىق دورا ياسالمىسى**] مەجۇنى لوبوبى كەبىر.

## لاچىندانە ھىندى

## 拉芹大那印地

## (印度豆蔻 yin du dou kou)

[**باشقا ئاتىلىشى**] قاقىلە سىغار، ئاالىچى خورد

[**لاتىنچە نامى**] Fructus Elettaria cardamomum

[**ئىنگلىزچە نامى**] Indian Cardamomum Fruit

[**تونۇش**] بۇ، زەنجىۋىل ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك لاچىندانە

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com


لاچىندانە مايىسى

(Elettaria Cardamomum Maton) نىڭ قۇرۇتۇلغان مېۋىسى بولۇپ، غوزا تەمى بىرئاز ئاچچىق بولىدۇ. (9.28 ـ رەسىم)

[چىقىش ئورنى] سىرى لانكا، ھىندونېزىيە، تايلاند، ۋيېتنام، ھىندىستان قاتارلىق ئەللەردىن چىقىدۇ.

[يىغىپ ساقلاش] كۈز ۋە قىش پەسىللىرىدە پىشىشقا يېقىنلاشقان، ئەمما تولۇق پىشمىغان مېۋىسى ئۈزۈۋېلىنىپ (تولۇق پىشقاندا قۇرۇغاندىن كېيىن ئاسان يېرىلىپ ئۇرۇقى تۆكۈلۈپ، دورىلىق ئۈنۈمى تۆۋەنلەيدۇ) قۇرۇتۇپ، مېۋە ساپىقى ۋە ئانىلىق بوينى تۈۋىنى تازىلىۋېتىپ، تولۇق قۇرۇتۇلىدۇ.

[خىمىيىلىك تەركىبى] مېۋىسى تەركىبىدە 3%~8% كىچە ئۇچۇچان ماي بولۇپ، مايىنىڭ تەركىبىدە 4 — terpineol، terpineol-a، terpinylacetate، cineol قاتارلىقلار بار.

[فارماكولوگىيىلىك تەسىرى]

1. ئۆت سۇيۇقلۇقىنى ھەيدەش تەسىرىگە ئىگە.

2. زىققىنى پەسەيتىش تەسىرىگە ئىگە.

[لايىقلاشتۇرۇلۇشى] يۇيۇش، قۇرۇتۇش ئارقىلىق لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى] مېڭە، يۈرەك ۋە جىگەرنى قۇۋۋەتلەش، ئېغىزنى خۇشبۇي قىلىش، ئاشقازاننى قۇۋۋەتلەش، ھەزىمنى ياخشىلاش، يەل ھەيدەش، كۆڭۈلنى خۇش قىلىش خۇسۇسىيەتلىرى بار.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر] مېڭە، يۈرەك ۋە جىگەر ئاجىزلىقى، ئېغىز پۇراش، قورساق ئېسىلىش، ھەزىم بۇزۇلۇش، قورساق ئاغرىقى، كۆڭۈل ئېلىشىش، ھەزىم ئاجىزلىقى، ھېق تۇتۇش، سوغۇقتىن بولغان يۈرەك چالاڭغۇراش قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. لاچىندانە ھىندىدىن بەش گىرام ئېلىپ، ئۈچ گىرام پىلپىل بىلەن قوشۇپ، سوقۇپ بۇرۇنغا پۈركىسە چۈشكۈرتۈپ، سوغۇقتىن بولغان باش ئاغرىقىغا مەنپەئەت قىلىدۇ.

2. 10 گىرام لاچىندانە ھىندىنى گۈلاب قىلىپ قاينىتىپ، سۈيىنى سىركەنجۇبىل بىلەن ئىچسە، جىگەر توسۇلۇشقا مەنپەئەت قىلىدۇ.

3. سۈمبۇل ھىندى، گاۋزىبان، ئۇستقۇددۇسلاردىن ئۈچ گىرامدىن، لاچىندانە ھىندى ۋە رەيھان ئۇرۇقىدىن ئالتە گىرامدىن ئېلىپ، چالا سوقۇپ چايلىق تەييارلاپ ئىچىپ بەرسە، مېڭە ۋە يۈرەكنى قۇۋۋەتلەيدۇ.

4. قارمۇچ، پىلپىل، زەنجىۋىل، لاچىندانە ھىندىلاردىن 10 گىرامدىن، ئارپىبەدىياندىن بەش گىرام ئېلىپ، چايلىق تەييارلاپ ئىچىپ بەرسە، ئاشقازاننى قۇۋۋەتلەپ يەل ھەيدەيدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] 1 ~ 10 گىرامغىچە.

[زىيانلىق تەسىرى] كۆكرەك ۋە ئۆپكىگە قۇرۇقلۇق يەتكۈزىدۇ.

[**تۇزەتكۈچىسى**] كەتىرا، سەمغى ئەرەبى، تاباشىر.
[**ئۇرۇنباسارى**] قاقىلە، كاۋاۋچىن.
[**ۋەكىل خاراكتېرلىك پىششىق دورا ياسالمىسى**] ئەرقى لاچىندانە، داۋائىلمىشكى، جاۋارىش ئەنبەر.

## بالەنگو ئۇرۇقى

## 巴兰古欧如合

## (紫苏子 zi su zi)


بالەنگو

[**باشقا ئاتىلىشى**] بۇزۇرى بالەنگو، تۇخۇمى بالەنگو

[**لاتىنچە نامى**] Fructus Perilla frutescens

[**ئىنگلىزچە نامى**] Cultivated Purple Perilla Fruit

[**تونۇش**] بۇ، كالپۇكسىمان گۈللۈكلەر ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك پۇرۇلمە ۋە ئۇچلۇق پۇرۇلمە يوپۇرماقلىق بالەنگو (بىر خىل رەيهان) نىڭ ئۇرۇقى بولۇپ، شەكلى تۇخۇم شەكىللىك ياكى يۇمىلاق شار شەكىلدە بولىدۇ، رەڭگى قارا، پارقىراق كېلىدۇ، تەمى سەل تاتلىق، پۇراقلىق بولىدۇ. (28. 10 ـ رەسىم)

[**چىقىش ئورنى**] شىنجاڭنىڭ كۆپلىگەن يەرلىرىدە تېرىپ ئۆستۈرۈلىدۇ.

[**يىغىپ ساقلاش**] كۈز پەسلىدە ئۇرۇقى پىشقاندا يىغىۋېلىپ، ئەخلەتلىرىدىن تازىلاپ، قۇرۇتۇپ ساقلىنىدۇ.

[**خىمىيەلىك تەركىبى**] ئـۇرۇقىنىـڭ تـەركـىبىدە مـايلـىق ياغ (45.30%) ۋە ۋىتامىن $B_1$ قاتارلىقلار بار. غول يوپۇرمىقىنىڭ تەركىبىدە ئۇچۇچان ماي بولىدۇ. مايىنىڭ ئاساسىي تەركىبى پېرىل ئالدېھىدى (Perilh aldehyde) ھەم 40%～55% كىچە ئالاھىدە پۇراقلىـق ئۇچـۇچـان ماي، لىمون (Limonene) قاتارلىقلار بار. يەنە پېرىللانىن (Perillanin)، ئورگىنىن (Orginin)، ئادېنىن (Adenine) قاتارلىقلار بار.

[**فارماكولوگىيەلىك تەسىرى**] بالەنگودىن تەييارلانغان سۇيۇقلۇق ئاشقازاننى قىزىتىش ئارقىلىق ھەزىم قىلىشنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. ئاشقازان ـ ئۈچەينىڭ ھەرىكىتىنى تېزلىتىدۇ. كانايچە شاخچىلىرىنىڭ شىللىق پەردىسىدىكى ئاجرالما ماددىلارنى ئازايتىدۇ. تارتىشىشنى بوشاشتۇرىدۇ. راكقا قارشى تەسىرىمۇ بار.

[**لايىقلاشتۇرۇلۇشى**] ساپلاشتۇرۇش، قورۇش، قۇرۇتۇش ئارقىلىق لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

[**تەبىئىتى**] بىرىنچى دەرىجىدە ھۆل ئىسسىق.

[**خۇسۇسىيتى**] مېڭە ۋە يۈرەكنى قۇۋۋەتلەش، كۆڭۈلگە خۇشلۇق يەتكۈزۈش، ئىچ سۈرۈشنى توختىتىش، ئىششىق ياندۇرۇش، يەل ھەيدەش، ئاغرىق پەسەيتىش خۇسۇسىيەتلىرى بار.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر] يۈرەك رىتىمسىزلىقى، يۈرەك ئاجىزلىقى، ئۆتكۈر ئۆسسۇزلۇق، يۆتەل، ھەر خىل تەپ، بەزگەك، ئىچ سۈرۈش، تولغاق، ئۈچەي جاراھىتى قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. بالەنگودا شەربەت تەييارلاپ ئىچىپ بەرسە، ئۇيقۇسىزلىق ۋە نېرۋا ئاجىزلىقىغا شىپا بولىدۇ.

2. بالەنگو ئۇرۇقى، رەيھان ئۇرۇقى، ئۇد سەلىب، سۇمبۇل، لاچىندانىنىڭ ھەربىرىدىن 10 گىرام ئېلىپ، چايلىق تەييارلاپ ئىچىپ بەرسە، مېڭە ۋە يۈرەكنى قۇۋۋەتلەيدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] 4 ~ 5 گىرامغىچە.

[زىيانلىق تەسىرى] ئاشقازانغا زىيان قىلىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] پىننە، ئارپىبەدىيان، زىرە، ناۋات.

[ئورۇنباسارى] رەيھان ئۇرۇقى.

[ۋەكىل خاراكتېرلىك پىششىق دورا ياسالمىسى] سۇفۇپى تىين، خىمىرى گاۋزىبان.

## كەرمان

## 开尔曼

(远志 yuang zhi)

[باشقا نامى] كەرمان چۆپى، كەرمان يىلتىزى

[لاتىنچە نامى] Radix Polygala hybrida

[ئىنگلىزچە نامى] Thinleaf Milkwort Root



كەرمان

[تونۇش] بۇ، كەرمان ئائىلىسىدىكى ئېگىزلىكى 15 ~ 40 سانتىمېتىرغىچە ئۆسىدىغان كۆپ يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك كەرمان بولۇپ، بۇ ئۆسۈملۈكنىڭ يىلتىزى ۋە پۈتۈن چۆپى «كەرمان» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ. (11.28 ـ رەسىم)

[چىقىش ئورنى] كۈنگەي تاغ باغرى، شەمشادلىق ئورمانلىقلاردا ئۆسىدۇ.

[يىغىپ ساقلاش] بۇ ئۆسۈملۈكنىڭ ئۇرۇقى پىشقاندا يىلتىزىنى كولاپ ئېلىپ، يۇيۇپ قۇرۇتۇپ ساقلىنىدۇ.

[خىمىيەلىك تەركىبى] كەرمان تەركىبىدە سوپۇن گىلۇكوزىدى، پولىگالىتول (كەرمان ئالكوھولى) (Poligalitol)، N ـ ئاتسىتىل گىلۇكوزامىن (N−acetylgluco samine)، ئالكولوئىد تېنودىىنى (كەرمان ئىشقارى) (Alka loid−Tenudine)، ياغ، سىمولا قاتارلىقلار بار.

[فارماكولوگىيەلىك تەسىرى] ياللۇغ قايتۇرۇش، مەركىزىي نېرۋا سىستېمىسىنى غىدىقلاش، قان تومۇرلاردىكى تۇرۇپ قالغان قان نۆكچىسىنى ئېرىتىش رولى بار.

[لايىقلاشتۇرۇلۇشى] ئادەتتىكىدەك ساپلاشتۇرۇلىدۇ.

[تەبىئىتى] بىرىنچى دەرىجىنىڭ ئاخىرىدا قۇرۇق ئىسسىق.

[**خۇسۇسىيىتى**] يۇرەك ۋە مېڭىنى قۇۋۋەتلەش، ئەستە تۇتۇش قابىلىيىتىنى ياخشىلاش، بەلغەم بوشىتىش خۇسۇسىيىتى بار.

[**ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر**] يۇرەك ۋە مېڭە ئاجىزلىقى، يۇرەك سېلىش، ئۇنتۇغاقلىق، يۆتەل، بەلغەم تۇكۇرۇش قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[**ئىشلىتىش ئۇسۇلى**]

1. كەرمان، ئېگىر، ئارچا ئۇرۇقىدىن 12 گىرامدىن ئېلىپ قاينىتىپ ئىچسە، يۇرەك سېلىپ بىئارام بولۇش ۋە ئۇنتۇغاقلىققا مەنپەئەت قىلىدۇ.

2. كەرمان، قوڭغۇراقگۈل 12 گىرامدىن، سوغىگۈلدىن سەككىز گىرام ئېلىپ قاينىتىپ ئىچسە، يۆتەل ۋە بەلغەم تۇكۇرۇشكە مەنپەئەت قىلىدۇ.

[**ئىشلىتىش مىقدارى**] 4 ～ 12 گىرامغىچە.

[**زىيانلىق تەسىرى**] ئىسسىقچان كىشىلەرگە زىيان قىلىدۇ.

[**تۈزەتكۈچىسى**] بىنەپشە.

[**ئورۇنباسارى**] ئۇد سەلىب، مەرزەنجۇش.

[**ۋەكىل خاراكتېرلىك پىششىق دورا ياسالمىسى**] كەرمان شەربىتى.

## چاي

## 茶叶

(茶叶 cha ye)

[**باشقا ئاتىلىشى**] شاي سىينى، چاي ختائى، چاي چىنى

[**لاتىنچە نامى**] Folium Camelliae sinensis

[**ئىنگلىزچە نامى**] leaf—bud Thea

[**تونۇش**] بۇ، چاي ئائىلىسىدىكى دائىم كۆكىرىپ تۇرىدىغان چاتقال ياكى ئۆسۈملۈك دەرەخ چاينىڭ بىخ يوپۇرمىقىدىن ئىبارەت بولۇپ، بۇ ئۆسۈملۈكنىڭ بىخ يوپۇرمىقى ياكى پىششىقلاپ ئىشلەنگەندىن كېيىنكى مەھسۇلاتى تېبابەتىمىز ۋە خەلق ئارىسىدا «چاي» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ. (12.28 ـ رەسىم)

[**چىقىش ئورنى**] ئەسلىدە ئېلىمىزنىڭ جەنۇبىي رايونلىرىدىن چىقاتتى، ھازىر ئوتتۇرا ۋە غەربىي جەنۇبىي جۇڭگو، ھىندىستان، نېپال ۋە ياۋروپا قاتارلىق ئەللەردىن چىقىدۇ.

[**يىغىپ ساقلاش**] بۇ ئۆسۈملۈكنىڭ دورىلىق قىسمىنى كۈز پەسلىدە يىغىپ قۇرۇتۇپ، قۇرغاق ئورۇندا ساقلىنىدۇ.

[**خىمىيەلىك تەركىبى**] چاي تەركىبىدە 1%～5% كىچە كوفېئىن (caffeine)، تېئوبرامىن (TheObromine)، تېئوفىللىن (theophyline)، كسانتىن (xahthine)، تاننىن ۋە ۋىتامىن C بار.

www.uyghurkitap.com



چاي

[**فارماكولوگىيەلىك تەسىرى**]

1. مەركىزىي نېرۋا سىستېمىسىغا بولغان تەسىرى: كوفېئىن ئالىي نېرۋا مەركىزىنى قوزغىتىدۇ.

2. قان ئايلىنىش سىستېمىسىغا بولغان تەسىرى: كوفېئىن، تېئوفىللىن بىۋاسىتە يۈرەكنى قوزغىتىدۇ، تاجسىمان قان تومۇرنى كېڭەيتىدۇ.

3. سىلىق مۇسكۇللارغا بولغان تەسىرى: سىلىق مۇسكۇللارنى بوشاشتۇرىدۇ.

4. تېئوفىللىن بۆرەك كانالچىلىرىنىڭ قايتا سۈمۈرۈشىنى تورمۇزلاپ، سۈيدۈك ھەيدەيدۇ.

5. چاي دەملىمىسى ياكى قايناتىلمىسى تەجرىبە نەيچىسىدە ھەر خىل تولغاق تاياقچە باكتېرىيەلىرىنى تورمۇزلاش تەسىرىگە ئىگە.

6. چاي تەركىبىدىكى تانىن ماددىسىنىڭ ئاشقازان ۋە ئۈچەينى قورۇش تەسىرى بار.

[**لايىقلاشتۇرۇلۇشى**] ساپلاشتۇرۇش، توغراش، قورۇتۇش ئارقىلىق لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

[**تەبىئىتى**] ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[**خۇسۇسىيىتى**] مېڭىنى قۇۋۋەتلەپ، كۆڭۈلگە خۇشلۇق يەتكۈزۈش، قىزىتما پەسەيتىش، ھەزىمنى ياخشىلاش، توسالغۇلارنى ئېچىش، تەرلىتىش، سۈيدۈك ھەيدەش، ئۇسسۇزلۇقنى پەسەيتىش خۇسۇسىيەتلىرى بار.

[**ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر**] مېڭە ۋە يۈرەك كېسەللىكلىرى، يۈرەك رىتىمسىزلىقى (خەفەقان)، يۆتەل، زىققە، كۆزگە سۇ چۈشۈش، سۈيدۈك تۇتۇلۇش قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[**ئىشلىتىش ئۇسۇلى**] چاي تىرىپىنى پىشۇرۇپ، يەرلىك ئورۇننى ياغلاپ بەرسە، قاتتىق ئىششىقلارنى تارقىتىدۇ، بوۋاسىرنىڭ ئاغرىقىنى توختىتىدۇ.

[**ئىشلىتىش مىقدارى**] 3 ~ 6 گىرامغىچە.

[**زىيانلىق تەسىرى**] ئۈيقۇنى قاچۇرىدۇ، قۇرۇقلۇق پەيدا قىلىدۇ.

[**تۈزەتكۈچىسى**] سۈت، شېكەر.

[**ئورۇنباسارى**] قەھۋە.

[**ۋەكىل خاراكتېرلىك پىششىق دورا ياسالمىسى**] ئىسسىق تەبىئەتلىك چاي.

يۇقىرىقىدىن باشقا ئۇستقۇددۇس، پىستە مېغىزى، گاۋزىبان ھىندى، بىستىپايەج، بادرەنجبۇيا چىنى، تاغ بادرەنجبۇيىسى، ئۇد سەلىب، سېرىق ھېلىلە، لاجۇۋەرد، كۆك چاي، ھەببى بىلسان، ئاسارۇن، ئەپسەنتىن، گاۋزىبان چىنى، ماگنىت تېشى، زورەمبات، تاشقا ئايلانغان سۆڭەك، زەھرى مۆھرە، ئادەمگىياھ، پاختەك گۆشى، كېۋەز چېچىكى، مارجان، لەئل، زۇمرەت، ئۆشنە، سۈمبۇل

ھىندى، سازەج ھىندى، مەرۋايىت، دۇرنەج ئەقرەبى، پەرەنجىمىشكى، ياقۇت، پەنىرمايە، جىگدە چېچىكى قاتارلىقلارمۇ مېڭىنى قۇۋۋەتلىگۈچى دورىلار قاتارىغا كىرىدۇ.

## تاتلىقياڭيۇ

## 塔提里克洋优

（红薯 hong shu）

**[باشقا ئاتىلىشى]** سوككەرخاكى، زېمىن قەندى، شېكەر قەندى



تاتلىقياڭيۇ

**[تونۇش]** بۇ، لويلا ئائىلىسىدىكى بىر خىل سامان غوللۇق ئۆسۈملۈكنىڭ يىلتىزى بولۇپ، شەكلى يۇمىلاق ۋە ئۇزۇنچاق، تەمى تاتلىق، قىزىل ۋە ئاق دەپ ئىككى خىل بولىدۇ. كۆپىنچە ياغدا قورۇپ ياكى قوقاستا پىشۇرۇپ يېيىلىدۇ. تەمى تاتلىق، مەززىلىك بولىدۇ. بۇ «تاتلىقياڭيۇ» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ. كۆپىنچە غىزا ئورنىدا ئىشلىتىلىدۇ. (13.28 ـ رەسىم)

**[چىقىش ئورنى]** شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايوننىڭ ھەممە يەرلىرىدىن چىقىدۇ.

**[يىغىپ ساقلاش]** 7 ـ، 8 ـ ئايلاردا يىغىۋېلىپ، قۇرغاق، سالقىن جايدا ساقلىنىدۇ.

**[خىمىيەلىك تەركىبى]** تاتلىقياڭيۇ تەركىبىدە ئالكالوئىد، قەنت، بۇنىڭ ئىچىدە ئاساسلىقى قومۇش شېكىرى، ئاز مىقداردا گلۇكوزا، مېۋە قەنتى، چېگىت قەنتى، مېۋە يېلىمى، تالالىق ماددا، كىراخمال، كۆپ خىل ئامىنو كىسلاتاسى، ئورگانىك كىسلاتا، سۇدا ئېرىيدىغان ۋىتامىن قاتارلىقلار بار.

**[فارماكولوگىيەلىك تەسىرى]** ئومۇمىي بەدەننى قۇۋۋەتلەش، پەيىنى چىڭىتىپ، قان كۆپەيتىش، بەلغەمنى بوشىتىپ، چوڭ تەرەتنى يۇمشىتىش تەسىرى بار.

**[لايىقلاشتۇرۇلۇشى]** يۇيۇپ ساپلاشتۇرۇلىدۇ.

**[تەبىئىتى]** ئىككىنچى دەرىجىدە ھۆل ئىسسىق.

**[خۇسۇسىيىتى]** باھ ۋە مېڭىنى قۇۋۋەتلەش، ساپ قان پەيدا قىلىش، مۇسكۇللارنى چىڭىتىش، بەدەننى ئوزۇقلۇق بىلەن تەمىنلەش، مەنىي كۆپەيتىش خۇسۇسىيىتى بار.

**[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر]** باھ، مېڭە ئاجىزلىقى ۋە بەدەن ئاجىزلىقى، مەنىي كەملىك، مۇسكۇللار بوشىشىش قاتارلىق كېسەللىكلەرگە ئىشلىتىلىدۇ.

**[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]**

1. تاتلىقياڭيۇنى بادام مېغىزى، شېكەر ۋە سېرىق ماي بىلەن بىللە ھالۋا تەييارلاپ ئىستېمال قىلىپ بەرسە، مېڭە ۋە باھنى قۇۋۋەتلەيدۇ، مەنىينى كۆپەيتىدۇ.

2. تاتلىقياڭيۇنى پىستە مېغىزى، ياڭاق مېغىزى، ئۆرۈك مېغىزى قاتارلىقلار بىلەن يەپ بەرسە،

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

ئومۇمىي بەدەن ئاجىزلىقى، قان ئازلىق قاتارلىقلارغا مەنپەئەت قىلىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] ئەھۋالغا قاراپ مۇۋاپىق مىقداردا ئىستېمال قىلىنىدۇ.

[زىيانلىق تەسىرى] تەستە ھەزىم بولىدۇ ۋە يەل پەيدا قىلىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] ئاق قەنت ۋە سۈت.

[ئورۇنباسارى] سەۋزە.

[ۋەكىل خاراكتېرلىك ياسالمىسى] ھەر خىل داۋائى غىزالار.

## كۈمۈش

## 库木西

(银 yin)

[باشقا ئاتىلىشى] نوقرە، چاندى

[لاتىنچە نامى] Argentunu

[ئىنگلىزچە نامى] Slver

[تونۇش] بۇ، خەلق ئارىسىدا تونۇلغان مەشھۇر مەدەنلەردىن كۈمۈش بولۇپ، ئەسلىي مەدىنى كۈمۈش رۇدىسىنى قىزدۇرۇپ، تېخنىكا ئارقىلىق چەككىلەپ تەييارلانغان، رەڭگى كۆكۈچ ئاق، ۋەزنى ئېغىر، ئەتىۋارلىق كۈمۈش پوقىدىن ئىبارەت بولۇپ، ئۇيغۇر تېبابىتىدە ئۇنى كۈشتە قىلىپ ئىشلىتىلىدۇ. (28. 14 ـ رەسىم)

[چىقىش ئورنى] شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن ۋە چەت ئەللەردىن چىقىدۇ.

[يىغىپ ساقلاش] كۈمۈش رۇدىسىدىن ئالاھىدە تېخنىكىلىق ئۇسۇللار بىلەن كۈمۈش ئايرىپ ئېلىنىپ، كۈشتە قىلىپ ساقلىنىدۇ.

[لايىقلاشتۇرۇلۇشى] كۈشتە قىلىپ لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق سوغۇق.

[خۇسۇسىيىتى] روھنى جانلاندۇرۇش، مېڭە، يۈرەكنى قۇۋۋەتلەش، جاراھەت ۋە زەخمىنى پۈتتۈرۈش، بۇزۇق گۆشلەرنى يوقىتىش، يېڭى گۆش پەيدا قىلىش، چىرىگەن سۆيۈلۈكلەرنى قۇرۇتۇش، تېرىنى پارقىرىتىش ۋە قورۇش، تۇتۇش ۋە ھۆللۈكنى قۇرۇتۇش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر] ھەر خىل مېڭە، نېرۋا ئاجىزلىقى، يۈرەك ئاجىزلىقى، باھ ئاجىزلىقى، كۆز ئاجىزلىقى، كۆز تورلىشىش، كۆزگە تىرناقسىمان گۆش ئۆسۈپ قېلىش، كۆزگە چۈشكەن قانلىق چېكىت قاتارلىق كېسەللىكلەرگە ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. كۈمۈش كۈشتىسىنى قايماق، ھەسەل، خېمىرى مەرۋايىت، خېمىرى ئەۋرىشىم، مۇپەررىھى ياقۇت، مۇپەررىھى ئەۋرىشىم، داۋائىلمىشكى قاتارلىقلارغا 0.5 ~ 1 گىرامغىچە قوشۇپ، قائىدە بويىچە

ئىچىپ بەرسە مېڭە، يۈرەك، جىگەر ۋە باھ ئاجىزلىقلىرىغا مەنپەئەت قىلىدۇ.

2. كۆمۈش كۆشتىسىنى ھەر خىل جاراھەت، زەخىم، بۇزۇق گۆش، ھەر خىل ئاقما قاتارلىقلارغا ھەم كۆزگە ئاق چۈشۈش، تىرناقسىمان گۆش ئۆسۈپ قېلىش قاتارلىقلارغا ئىشلىتىدىغان زىمات، سەپمە، سۈرمە قاتارلىقلارغا مۇۋاپىق مىقداردا قوشۇپ ئىشلەتكەندە، شۇ خىل كېسەللىكلەرگە مەنپەئەت قىلىدۇ.

[**ئىشلىتىش مىقدارى**] كۆمۈش كۆشتىسى 5 .10 ~ 1 گىرامغىچە.

[**زىيانلىق تەسىرى**] قەۋزىيەتكە زىيان قىلىدۇ.

[**تۈزەتكۈچىسى**] بادام يېغى، قاپاق يېغى.

[**ئورۇنباسارى**] ئالتۇن.

[**ۋەكىل خاراكتېرلىك پىششىق دورا ياسالمىسى**] خېمىرى مەرۋايىت.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

# يىگىرمە توققۇزىنچى باب يۇرەك كېسەللىكلىرىگە ئىشلىتىلىدىغان دورىلار

يۇرەك كېسەللىكلىرىنى داۋالاش تەسىرى ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدىغان دورىلار ئومۇملاشتۇرۇلۇپ، يۇرەك كېسەللىكلىرىگە ئىشلىتىلىدىغان دورىلار دېيىلىدۇ.

ھەر خىل ئىچكى ـ تاشقى سەۋەبلەر تەسىرىدىن، يۇرەكتە ئاجىزلاش يۈز بەرسە، ئورگانىزمدا ماددا ئالمىشىش قالايمىقانلىشىش، فىزىيولوگىيەلىك تەڭپۇڭلۇق بۇزۇلۇش بىلەن بىرگە يۇرەك ئاجىزلىقىغا ئالاقىدار تۈرلۈك كېسەللىكلەر (يۇرەك مۇسكۇلىغا قان ۋە ئوزۇقلۇق يېتىشمەسلىك، يۇرەك سانجىقى، يۇرەك مۇسكۇل تىقىلمىسى، يۇرەك رىتىمسىزلىقى، يۇرەك زەئىپلىشىش، تۇتقاقلىق، ئىشتىھاسىزلىق، ھەزىم ئاجىزلاش، ھىستېرىيە، سۆيدۈك تۇتۇلۇش، ھەيز تۇتۇلۇش، نېرۋا ئاجىزلىق، جۇنۇن، مالىخولىيا، تۆۋەنكى مۇچىلەر ئىششىش···) پەيدا بولىدۇ. بۇ خىل كېسەللىكلەرنىڭ ۋاقتىدا ئالدىنى ئالمىغاندا يامان ئاقىۋەت كېلىپچىقىدۇ. يۇرەك كېسەللىكلىرىگە ئىشلىتىلىدىغان دورىلارنىڭ تۈرى ھەر خىل بولغاچقا، ئىشلەتكەندە كېسەللىك سەۋەبىگە ئاساسەن مۇۋاپىق تاللاپ ئىشلىتىشكە توغرا كېلىدۇ. يۇرەك كېسەللىكلىرىگە ئىشلىتىدىغان دورىلارنىڭ كۆپىنچىسىنىڭ تەبىئىتى ھۆل ئىسسىق ياكى قۇرۇق سوغۇق بولىدۇ. بۇ خىل دورىلار يۇرەك مۇسكۇلىنى قۇۋۋەتلەش، ماددا ئالمىشىشنى ياخشىلاش، ئومۇمىي بەدەننى قۇۋۋەتلەش تەسىرىنى بېرىدۇ، بۇ خىل خۇسۇسىيەتتىكى دورىلار يۇرەك كېسەللىكلىرىگە ئىشلىتىدىغان دورىلار دېيىلىدۇ. مەسىلەن: كىرەش، كېۋەز چېچىكى، مارجان، تاغ سۇمبۇلى، سۇمبۇل چىنى، لەئل، ئاق مەۋسەل، زۇمرەت، ئالما، ھېقىق، پىلە غوزىسى، ئۆشنە، بىدىمۇشكى، سۇمبۇل ھىندى، سازەج ھىندى، مەرزەنجۇش، مەرۋايىت، دۇرنەج ئەقرەبى، نارمىشكى، پەرەنجەمىشكى، ياقۇت، رەيھان ئۇرۇقى، ئاق سەندەل، قىزىل سەندەل، پويرارىيە يىلتىزى، زورەمبات، قاشتېشى، ئالتۇن، كۈمۈش، گۈلى گاۋزىبان، گاۋزىبان ھىندى، ئۇستىقۇددۇس، بىستىپايەج، بادرەنجىبۇيا، تاغ بادرەنجىبۇيىسى، ئۇد سەلىب، قىزىلگۈل، لىمون، چۆل يالپۇزى، لوكات، لوپنۇر كەندىرى، ئەتىرگۈل، سەۋزە، كەھرىۋا، تاباشىر، زەھرى مۆھرە، ئالتۇن ۋاراق، كۈمۈش ۋاراق، ئەنبەر، ئىپار، لاچىندانە ھىندى، گۈلدارچىن، زەپەر قاتارلىقلار.

## كېۋەز چېچىكى
## 柯瓦孜其其克
## (棉花花 mian hu hua)

[باشقا ئاتىلىشى] زۆھرۈلقۇتنى، گۈلى پىنبە، كېپاس كاپۇل

[لاتىنچە نامى] Flos Gossypum hirsutum

[ئىنگلىزچە نامى] Flower of upland cotton



كېۋەز چېچىكى

[**تونۇش**] بۇ، لەيلىگۈل ئائىلىسىدىكى بىر يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك ياكى چاتقال كېۋەزنىڭ غوزىلاشتىن بۇرۇن ئېچىلغان چېچىكى بولۇپ، قۇرۇتۇلغان گۈلى سېرىق رەڭلىك، گۈل كاسىسى ئىستاكان شەكىللىك بولىدۇ. گۈل تاج ياپراقچىسى بەش تال، سېرىق رەڭلىك، ئوتتۇرىسى سۇس بىنەپشە رەڭلىك، ئازراق پۇرىقى بار، تەمى ئاچچىقراق كېلىدۇ. (1.29 ـ رەسىم)

[**چىقىش ئورنى**] شىنجاڭنىڭ ھەممە يەرلىرىدە تېرىپ ئۆستۈرۈلىدۇ، ھىندىستان، مىسىر قاتارلىق ئەللەردىن چىقىدۇ.

[**يىغىپ ساقلاش**] كۈز پەسلىدە گۈلى ئېچىلىپ تۆكۈلۈشتىن ئىلگىرى يەرگە چۈشۈرمەي يىغىۋېلىپ، سايىدا قۇرۇتۇپ ساقلىنىدۇ.

[**خىمىيەلىك تەركىبى**] چېچىكى تەركىبىدە kaempfercl، beracietirn، quercimeritin، lgssypitrin، سىئانىدىن ۋە ئۇچۇچان مايلار بار.

[**فارماكولوگىيەلىك تەسىرى**] چېچىكىدىكى ئومۇمىي فىلاۋون قىل قان تومۇرلارنىڭ ئېلاستىكلىقىنى كۈچەيتىش، ئارتېرىيە تومۇرىنىڭ بېسىمىنى تۆۋەنلىتىش، تاجسىمان ئارتېرىيەنىڭ كېرىلىش كۈچىنى تۆۋەنلىتىش تەسىرىگە ئىگە.

[**لايىقلاشتۇرۇلۇشى**] قۇرۇتۇپ ساپلاشتۇرۇلىدۇ.

[**تەبىئىتى**] بىرىنچى دەرىجىدە ھۆل ئىسسىق.

[**خۇسۇسىيىتى**] يۈرەك ۋە مېڭىنى قۇۋۋەتلەش، ھەر خىل نېرۋا كېسەللىكلىرى، نېرۋا ئاجىزلىقىنى يوقىتىش، ئەقلىي ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈش خۇسۇسىيەتلىرى بار.

[**ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر**] يۈرەك رىتىمسىزلىقى، مالىخولىيا، مېڭە كېسەللىكلىرى قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[**ئىشلىتىش ئۇسۇلى**]

1. كېۋەز چېچىكىدىن 25 گىرام، ئۇستىقۇددۇس، گاۋزىبان، بادرەنجىبۇيا، سۇمبۇل قاتارلىقلاردىن 10 گىرامدىن ئېلىپ، شەربەت تەييارلاپ ئىچىپ بەرسە، يۈرەك ۋە مېڭىنى قۇۋۋەتلەيدۇ.

2. كېۋەز چېچىكىدىن گۈلقەنت تەييارلاپ يېسە، نېرۋىنى تىنچلاندۇرىدۇ.

[**ئىشلىتىش مىقدارى**] 5 ~ 15 گىرامغىچە.

[**زىيانلىق تەسىرى**] تومۇلۇش پەيدا قىلىدۇ.

[**تۈزەتكۈچىسى**] ھەسەل، بەدىيان يىلتىزى.

[**ئورۇنباسارى**] پەرەنجىمىشكى.

[**ۋەكىل خاراكتېرلىك پىششىق دورا ياسالمىسى**] كېۋەز چېچىكى گۈلقەنتى، كېۋەز چېچىكى شەربىتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# مارجان

## 比合马尔江

## (珊瑚 shan hu)

[**باشقا ئاتىلىشى**] بىخ مارجان، بوسسەد، مارجان، مونگا

[**لاتىنچە نامى**] Corallium japonicum

[**ئىنگلىزچە نامى**] Japanese Coral

[**تونۇش**] بۇ، گورگىندا ئائىلىسىدىكى ھايۋان قىزىل رەڭلىك مارجان قۇرتىدىن ئاجرىلىپ چىققاندىن كېيىنكى ھاك ماددىلىق ئىسكىلىت بولۇپ، ئادەتتە كېسىپ تاياقسىمان قىلىپ قويۇلىدۇ. ئۆزى قاتتىق، خۇددى فارفۇر خىشقا ئوخشايدۇ، ئاسان سۇنمايدۇ، پۇرىقى ۋە تەمى يوق. (2.29 ـ رەسىم)



مارجان

[**چىقىش ئورنى**] تەيۋەن ۋە جەنۇبىي دېڭىز رايونى ئەتراپىدىن چىقىدۇ.

[**يىغىپ ساقلاش**] دېڭىز ئاستىدىن تور ئارقىلىق سۈزۈۋېلىنىپ، يۇيۇپ ئىشلىتىلىدۇ.

[**خىمىيەلىك تەركىبى**] ئاساسلىقى كالتسىي كاربونات بار. يەنە تۆمۈر، مىس، مانگان، ئىسترونتسىي قاتارلىق مىكرو ئېلېمېنتلار ۋە ئورگانىك كىسلاتالار بار.

[**لايىقلاشتۇرۇلۇشى**] قۇرۇق قورۇش ئارقىلىق لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

[**تەبىئىتى**] ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق سوغۇق.

[**خۇسۇسىيىتى**] يۈرەك، مېڭە، جىگەر ۋە ئاشقازاننى قۇۋۋەتلەش، كۆرۈش قۇۋۋىتىنى ئاشۇرۇش، كۆڭۈلنى ئېچىش، ئومۇمىي بەدەننى قۇۋۋەتلەش، قان توختىتىش، ھۆللۈكلەرنى قۇرۇتۇش خۇسۇسىيەتلىرى بار.

[**ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر**] يۈرەك ئاجىزلىقى، يۈرەك قوزغىلىش، قاتتىق بىئاراملىق، ئاشقازان ئاجىزلىقى، ھەر خىل قاناش، قانلىق ئىچ سۈرۈش، ئاق خۇن كۆپ كېلىش، كۆرۈش كۈچى ئاجىزلاش، ئومۇمىي بەدەن ئاجىزلىقى قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[**ئىشلىتىش ئۇسۇلى**]

1. تۆت گىرام مارجاننى ئىككى گىرام ئەرەب يېلىمى بىلەن قوشۇپ يۇمشاق سوقۇپ، سۇفۇپىنى تۇخۇم ئېقى بىلەن قوشۇپ ئىچىپ بەرسە، ئىچ سۈرۈش، ئۈچەي ۋە باشقا ئەزالاردىن كەلگەن قاننى توختىتىدۇ.

2. مارجاننى سوقۇپ تالقان قىلىپ، بىر يېرىم گىرامنى قايناق سۇ بىلەن ئىچسە، ئىچ سۈرۈشنى توختىتىدۇ.

3. ئۈچ گىرام مارجاننى كۆيدۈرۈپ، كۈلىنى ھەر خىل جاراھەتلەرگە سەپسە، جاراھەتنىڭ ئارتۇق گۆشلىرىنى يوقىتىدۇ. يېڭى گۆش ئۈندۈرىدۇ. چىشنىڭ تۈۋىگە باسسا چىش مىلىكنى چىڭىتىدۇ.
4. تاباشىردىن 10 گىرام، مارجاندىن بەش گىرام، ئاق سەندەلدىن 10 گىرام ئېلىپ، سوقۇپ تالقان قىلىپ يېسە، يۈرەك قوزغىلىشقا شىپا بولىدۇ، جاراھەتكە سەپسە جاراھەتنى پۈتتۈرىدۇ.

[**ئىشلىتىش مىقدارى**] 0.5 ~ 3 گىرامغىچە.

[**زىيانلىق تەسىرى**] بۆرەككە زىيان قىلىدۇ، كۆڭۈل ئېلىشىش پەيدا قىلىدۇ.

[**تۈزەتكۈچىسى**] يانتاقشېكىرى، كەتىرا.

[**ئورۇنباسارى**] بىخ مارجان، كەھرىۋا، خۇنسىياۋشان.

[**ۋەكىل خاراكتېرلىك پىششىق دورا ياسالمىسى**] سۇفۇپى بىخ مارجان، سۇفۇپى سەرتان، خېمىرى مەرۋايىت.

## تاغ سۇمبۇلى
## 塔合苏布勒
(马蹄香、蜘蛛香 ma ti xiang, zhi zhu xiang)

[**باشقا ئاتىلىشى**] سۇنبۇل جەبەلى، سۇنبۇل كوھى، بىلچىر پەھارى

[**لاتىنچە نامى**] Rhizoma et Radix Valerianae Jatamansi

[**تونۇش**] بۇ، سۇمبۇل ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك تاغ سۇمبۇلى (Valeriana Jatamansi Jones) بولۇپ، بۇ ئۆسۈملۈكنىڭ يىلتىزسىمان غولى ۋە يىلتىزى دورىغا ئىشلىتىلىدۇ. يىلتىزسىمان غولى ياپىلاق سىلىندىر شەكىللىك، سەل ئېگىلگەن بولۇپ، سىرتى قوڭۇر رەڭلىك، بوغۇملۇق، ئاستى تەرىپىدە كۆپ ساندىكى چاچما يىلتىزى بار، ئۈزى چىڭ، چۈرۈك بولۇپ، ئاسان سۇنىدۇ. تەمى سەل ئاچچىق، ئالاھىدە خۇش پۇراقلىق بولىدۇ.


تاغ سۇمبۇلى

[**چىقىش ئورنى**] خېنەن، خۇبېي، سىچۈەن، يۈننەن قاتارلىق ئۆلكىلەردىن چىقىدۇ. شەنشى ئۆلكىسىدە تېرىپ ئۆستۈرۈلىدۇ. ھىندىستان ۋە ياۋروپا ئەللىرىدىنمۇ چىقىدۇ.

[**يىغىپ ساقلاش**] كۈز پەسلىدە يىغىۋېلىپ، سايىدا قۇرۇتۇپ ساقلىنىدۇ.

[**خىمىيەلىك تەركىبى**] تاغ سۇمبۇلىنىڭ تەركىبىدە ئۇچۇچان ماي، ۋالتىرات (Valtrate)، دىدروۋالتىرات (Didrovaltrate) ۋە ۋالېروسىدات (Valetrosidate)، لىنارىن ئاكاسىئىن (Linarin Acaciin) ۋە لىنارىن ۋالېرىئانات (Linarin Valerianate) قاتارلىقلار بار.

[**لايىقلاشتۇرۇلۇشى**] يۇيۇپ قۇرۇتۇش ئارقىلىق لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

www.uyghurkitap.com

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى] يۈرەك، پەي ۋە نېرۋىلارنى قۇۋۋەتلەش، يۈرەكنى قوزغىتىش، تارتىشىپ قېلىشنى ياندۇرۇش، توسالغۇلارنى ئېچىش، ئىششىق ياندۇرۇش، سۈيدۈك ۋە ھەيزنى راۋانلاشتۇرۇش، تىنچلاندۇرۇش خۇسۇسىيىتى بار.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر] يۈرەك ئاجىزلىقى، پەي ۋە نېرۋا ئاغرىقلىرى، تۇتقاقلىق كېسىلى، ھەيز توسۇلۇش، سۈيدۈك تۇتۇلۇش، ئىشتىھاسىزلىق، جىگەر ئىششىقى قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. تاغ سۇمبۇلىدىن ئىككى گىرامنى ھەسەل بىلەن قوشۇپ، مەجۇن تەييارلاپ ئىچسە ياكى ئۇنىڭدىن شەربەت تەييارلاپ ئىچسە، يۈرەك، پەي ۋە نېرۋىلارنى قۇۋۋەتلەيدۇ.

2. تاغ سۇمبۇلى، ئوغرىتىكەن، قوغۇن ئۇرۇقىنىڭ ھەربىرىدىن 10 گىرام ئېلىپ قايىنتىپ ئىچسە، سۈيدۈك تۇتۇلۇشقا مەنپەئەت قىلىدۇ.

3. تاغ سۇمبۇلى بىلەن زاراڭزا چېچىكىنى تەڭ مىقداردا ئېلىپ قايىنتىپ ئىچسە، ھەيز توسۇلۇشقا مەنپەئەت قىلىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] 3 ~ 5 گىرامغىچە.

[زىيانلىق تەسىرى] بۆرەككە زىيان قىلىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] گۈل يېغى، كەتىرا.

[ئورۇنباسارى] سۇمبۇل چىنى، سۇمبۇل ۋە سۇمبۇل ھىندى.

[ۋەكىل خاراكتېرلىك پىششىق دورا ياسالمىسى] سۇمبۇل شەربىتى.

## سۇمبۇل چىنى
## 松布力奇尼
(甘松 gan song)

[باشقا ئاتىلىشى] سۇمبۇل چىنى

[لاتىنچە نامى] Radix et Rhizoma Nardostachys chinensis

[ئىنگلىزچە نامى] Chinese Nardostachys Root and Rhizoma

[تونۇش] بۇ، سۇمبۇل ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق سامان غوللۇق، ئېگىزلىكى25~35 غىچە سانتىمېتىر ئۆسىدىغان ئۆسۇملۈك جۇڭگو سۇمبۇلى (Nardostaghys Chinensis Batalin) بولۇپ، بۇ ئۆسۇملۈكنىڭ غولى ۋە يىلتىزى «سۇمبۇل چىنى» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ. ھازىر رايونىمىزدا ئىشلىتىلىۋاتقان سۇمبۇل مۇشۇنىڭدىن ئىبارەت. بۇنىڭ گۈلى ۋە ئۇرۇقى بولمايدۇ، رەڭگى قارا سېرىققا مايىل، خۇشبۇي، ئۆتكۈر پۇراقلىق، يىلتىزى بىرئاز قاتتىق. (43.29 ـ رەسىم)

[چىقىش ئورنى] سىچۈەن، گەنسۇ، چىڭخەي، شىنجاڭ قاتارلىق جايلاردىن چىقىدۇ.

[يىغىپ ساقلاش] بۇ ئۆسۇملۈكنىڭ ئۇرۇقى پىشقاندا يىلتىزىنى كولاپ ئېلىپ، يۇيۇپ قۇرۇتۇپ ساقلىنىدۇ.

[خىمىيەلىك تەركىبى] سۇمبۇل چىنىنىڭ يىلتىزسىمان غولىدا ئارىستولېن (Aristolene)، ناردوستاخون (Nardostachone)، دېبىلون (Debilone)، ناردوزىنون (Nardosinone)، ۋالېرانون (Valeranone)، پاتخۇئۇلى ئالكوھول (Patchouli alcohol) قاتارلىقلار بار.



سۇمبۇل چىنى

[فارماكولوگىيەلىك تەسىرى]

1. مەركىزىي نېرۋا سىستېمىسىغا بولغان تەسىرى: سۇمبۇل چىنىنىڭ تىنچلاندۇرۇش تەسىرى بار، زەھەرلىك تەسىرى ئازراق.

2. ۋالېرانون يۈرەك رىتىمى تەرتىپسىزلىنىشكە قارشى تۇرۇش ئۈنۈمىگە ئىگە ۋە خېلى ئىشەنچلىك دورا ھېسابلىنىدۇ. يات ئورۇنلۇق قېرىنچە مەنبەلىك رىتىمنى تورمۇزلاش تەسىرى خېنىندىن ۋە خېنىن ئۈسۈملۈكىدىكى ئۈچچۈچان مايدىن كۈچلۈك ھەم زەھەرلىنىش مەنبەلىك يۈرەك دالانچىسى تىترەش ۋە پارپا زەھىرى مەنبەلىك يۈرەك دالانچىسى تالالىرى تىترەشنى تىزگىنلىشى خېنىن بىلەن ئوخشايدۇ.

3. باكتېرىيەگە قارشى تۇرۇش تەسىرىگە ئىگە. سۇمبۇل چىنىنىڭ 800 : 1 نىسبەتلىك قويۇقلۇقتىكى ئېرىتمىسى زەمبۇرۇغنى تورمۇزلايدۇ.

[لايىقلاشتۇرۇلۇشى] ساپلاشتۇرۇش، قۇرۇتۇش ئارقىلىق لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

[تەبىئىتى] بىرىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى] يۈرەك، مېڭە، ئاشقازان ۋە جىگەرنى قۇۋۋەتلەش، چىرايىنى گۈزەللەشتۈرۈش، سۈيدۈك ۋە ھەيزنى راۋانلاشتۇرۇش، كۆزنى قۇۋۋەتلەش، ھۆللۈكلەرنى قۇرۇتۇش، ئاشقازان بىلەن ئۈچەيگە بۇزۇق ماددىلارنىڭ قۇيۇلۇشىنى توسۇش، تاش پارچىلاش، ئېغىزنى خۇشبۇي قىلىش تەسىرى بار.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر] يۈرەك، نېرۋا، ئاشقازان ۋە جىگەر ئاجىزلىقى، ئىشتىھاسىزلىق، قورساقتا سۇ چۈشۈش، سۈيدۈك تۇتۇلۇش، يۈرەك رىتىمى قالايمىقانلىشىش، ھەيز راۋان بولماسلىق، كۆپ تەرلەش قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. مۇۋاپىق مىقداردىكى سۇمبۇلنى ئەمەن ۋە سەندەل بىلەن بىرگە تالقانلاپ ئىچىپ بەرسە، ئىشتىھانى ئاچىدۇ، ئاشقازاننى قۇۋۋەتلەيدۇ. بەدەنگە سۈركىسە خۇشبۇي قىلىدۇ.

2. مۇۋاپىق مىقداردىكى سۇمبۇلنى قاينىتىپ سۈيىدە ئولتۇرسا، ھەيزنى راۋانلاشتۇرىدۇ.

3. مۇۋاپىق مىقداردىكى يۇمغاقسۈت بىلەن سۇمبۇل چىنىنى تالقانلاپ كۆزگە تارتسا، كۆزدىكى قىزىللىقنى كۆتۈرىدۇ ۋە كۆزنى قۇۋۋەتلەيدۇ، كىرپىك ئۈندۈرىدۇ، دورىلارنىڭ قۇۋۋىتىنى كۆز قاتلاملىرىغا يەتكۈزۈپ، ھۆللۈكلەرنى قۇرۇتىدۇ، موزا بىلەن كۆزگە تارتسا، ياشنى توختىتىدۇ.

4. 10 گىرام سۇمبۇلنى 700 گىرام ئۈزۈم سۈيىدە قاينىتىپ يېرىمى قالغاندا ئېلىپ، ئۈچ ھەپتە

www.uyghurkitap.com

ئاپتاپتا قويۇپ ئىچىپ بەرسە، يۈرەك، نېرۋا، ئاشقازان، جىگەر ۋە كۆزنى قۇۋۋەتلەيدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] 3 ~ 5 گىرامغىچە.

[زىيانلىق تەسىرى] بۆرەككە زىيان قىلىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] كەتىرا، ئىسپىغۇل.

[ئورۇنباسارى] سۇمبۇل ھىندى.

[ۋەكىل خاراكتېرلىك پىششىق دورا ياسالمىسى] ئامىلە نۇشدارى، مەجۇنى دەبدۇلۋەرد.

## لەئل

## 喇里

(喇子 la zi)

[باشقا ئاتىلىشى] لەئلى، بەدەخشانى، لەئلى لالى

[تونۇش] بۇ، لەئل قىزىل ياقۇتقا ئوخشايدىغان، لېكىن رەڭگى ئۇنىڭدىن سۇسراق، بىنەپشە رەڭ ياكى جىگەررەڭگە مايىل، ياقۇتقا قارىغاندا يۇمشاقراق، سۈزۈك، پارقىراق، ناھايىتى ئەتىۋار مىنېرال مادىدا بولۇپ، كىلاسسىك تېبىبي كىتابلاردا بەدەخشاندىن چىقىدىغىنىنىڭ ئەڭ ياخشى ھېسابلىنىدىغانلىقى ۋە بەكرەك قىزىل ھەم قاتتىق كېلىدىغانلىقى سۆزلەنگەن. ھازىر لەئلنىڭ ئاپتونوم رايونىمىزدىنمۇ چىقىدىغانلىقى، ئۇنىڭ رەڭگى ۋە سۈپىتىنىڭ ناھايىتى ياخشى ئىكەنلىكى ھەققىدە مەلۇماتلار بار. (29. 4 ـ رەسىم)

[چىقىش ئورنى] ھىندىستان ھەم ئاپتونوم رايونىمىزدىن چىقىدۇ.

[يىغىپ ساقلاش] بۇ مىنېرال ماددىنى ئېلىپ ئايرىپ تازىلاپ، سوغۇق جايدا ساقلىنىدۇ.

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق سوغۇق.

[خۇسۇسىيىتى] يۈرەك، مېڭە ۋە نېرۋىنى قۇۋۋەتلەش، كۆڭۈلنى خۇش قىلىش، كۆرۈش قۇۋۋىتىنى ئاشۇرۇش، قان توختىتىش خۇسۇسىيىتى بار.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر] يۈرەك، مېڭە ۋە نېرۋا ئاجىزلىقى، يۈرەك چالاڭغۇراش، مالىخولىيا، جۇنۇن، ھىستېرىيە، سەرئى، ئۇنتۇغاقلىق، بۇۋاسىر قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. 0.5 گىرام لەئل كۇشتىسىنى گۈل يېغى بىلەن قوشۇپ مەلھەم قىلىپ يەرلىك ئورۇنغا چاپسا، بۇۋاسىر قېنىنى توختىتىدۇ.

2. لەئل كۇشتىسى، مەرۋايىت كۇشتىسى، بىخ مارجان كۇشتىسى ۋە ساپ ئەنبەردىن 0.5 گىرامدىن ئېلىپ، ئۇنىڭغا ئاز مىقداردا ئىپار قوشۇپ يۇمشاق سالايە قىلىپ، قىزىلگۈل ئەرقى بىلەن ھەر كۈنى مۇۋاپىق مىقداردا ئىچىپ بەرسە، يۈرەك سانجىقى، يۈرەك تىترەش، يۈرەك تىقىلمىسى، يۈرەك زەئىپلىشىش، يۈرەك قوزغىلىش قاتارلىقلارغا مەنپەئەت قىلىدۇ.

[زىيانلىق تەسىرى] لايىقلاشتۇرۇش ياخشى بولمىسا، ئەزالاردا توسۇلۇش پەيدا قىلىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] 1 ~ 0.5 گىرام گىرامغىچە.

[**تۆزەتكۈچىسى**] ئەرەب يېلىمى، كەتىرا.

[**ئورۇنباسارى**] مەرۋايىت.

[**ۋەكىل خاراكتېرلىك پىششىق دورا ياسالمىسى**] خېمىرى مەرۋايىت.

## ئاق مەۋسەل
## 阿克买瓦撒勒
## (麦冬　mai dong)

[**باشقا ئاتىلىشى**] مەۋسەل ئەبىيەز، مەۋسەل سەپىد

[**لاتىنچە نامى**] Rhizoma Ophiopogonjiaponicus

[**ئىنگلىزچە نامى**] Dwarf Lilyturf Root Tuber

[**تونۇش**] بۇ، گۈلسامساق ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك ئاق مەۋسەلنىڭ تۈگۈنەك غولىدىن ئىبارەت. (29 .5 ـ رەسىم)

[**چىقىش ئورنى**] تاغ باغرىدىكى ئورمانلاردىن چىقىدۇ.

[**يىغىپ ساقلاش**] باھار پەسلىدە ئىككى ـ ئۈچ يىل بولغان ئاق مەۋسەلنى يىغىۋېلىپ، يىلتىزىنى كېسىۋەتكەندىن كېيىن پاكىز يۇيۇۋېتىپ، ئۈچ ـ تۆت كۈن كۈچلۈك ئاپتاپقا سېلىنىدۇ، ئاندىن شامال ئۆتۈشىدىغان يەرگە دۆۋىلەپ قويۇپ، ئۈچ كۈن ئەتراپىدا سۈيىنى پارلاندۇرۇپ، ئاندىن يەنە قۇرۇتۇپ، مۇشۇنداق ئىككى ـ ئۈچ قېتىم قايتىلاپ، ئاپتاپتا قۇرۇتۇپ، ئارىلاشما ماددىلىرىنى چىقىرىۋېتىپ، ئاپتاپ چۈشمەيدىغان قۇرغاق جايدا ساقلىنىدۇ.

[**خىمىيەلىك تەركىبى**] كۆپ خىل گىلۇكوزىد، كۆپ خىل سىتروئىدلىق ساپونىن، شىلىمشىق ماددىلار بار.

[**فارماكولوگىيەلىك تەسىرى**]

1. قايىنتىلمىسى تەجرىبە ھايۋانلىرىنىڭ ئوكسىگېن كەملىككە بولغان چىدامچانلىقىنى ئاشۇرىدۇ. تاجىسمان ئارتېرىيەدىن ئۆتىدىغان قاننىڭ مىقدارىنى ئاشۇرۇش ئارقىلىق يۈرەك مۇسكۇلىغا قان يېتىشمەسلىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش رولىغا ئىگە. يۈرەك رىتىمسىزلىقىغا قارشى تۇرالايدۇ. يۈرەك مۇسكۇلىنىڭ قىسقىرىش كۈچىنى ئاشۇرىدۇ.

2. بەلگىلىك تىنچلاندۇرۇش تەسىرىگە ئىگە.

3. قايىنتىلمىسىنىڭ ئاق رەڭلىك ئۈزۈمسىمان شارچە باكتېرىيە، چوڭ ئۈچەي تاياقچە باكتېرىيەسى، كېزىك تاياقچە باكتېرىيەسى قاتارلىق كۆپ خىل باكتېرىيەلەرنى تىزگىنلەش رولى بار.

4. سۇ ياكى ئىسپىرتتىكى ئاجرالمىسىنىڭ ئىچكى تورسىمان تېرە سىستېمىسىنىڭ يۇتۇش ئىقتىدارىنى ئاشۇرۇپ، ئەتراپ ئاق قان ھۈجەيرىلىرىنى ئاشۇرۇش، ئانتىتېلانىڭ ھاسىل بولۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈش ۋە ئۇنىڭ ئىممۇنىتېت ئىقتىدارىنى ئاشۇرۇش رولىغا ئىگە. يەنە بەدەندىكى ئەركىن رادىكاللارنى تازىلاش ۋە قېرىشقا قارشى تۇرۇش رولىغا ئىگە.

[**لايىقلاشتۇرۇلۇشى**] يۇيۇپ قۇرۇتۇش ئارقىلىق لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

[**تەبىئىتى**] بىرىنچى دەرىجىدە قۇرۇق سوغۇق.

[**خۇسۇسىيىتى**] يۈرەك ۋە ئۆپكىنى قۇۋۋەتلەش، نېرۋىنى تىنچلاندۇرۇش، ئاشقازان ۋە باھنى قۇۋۋەت-

لەش، مەنىينى قويۇلدۇرۇش خۇسۇسىيەتلىرى بار.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر] يۈرەك ئاجىزلىقى، يۆتەل قان تۈكۈرۈش، قان قۇسۇش، ئۆپكە ياللۇغى، ئۆپكە يىرىڭلىق ئىششىقى، نېرۋا ئاجىزلىقى، باھ ئاجىزلىقى قاتارلىقلار كېسەللىكلەرگە ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى] ئاق مەۋسەل، ئاق سەندەل، بەدىمۇشكى قاتارلىقلارنى تەڭ مىقداردا ئېلىپ، ئەرەق تارتىپ ئىستېمال قىلىپ بەرسە، يۈرەك چالاڭغۇراش ۋە بۆرەك ئاجىزلىقىغا شىپا بولىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] 9 ~ 12 گىرامغىچە.

[زىيانلىق تەسىرى] تال ۋە ئۈچەيگە زىيان قىلىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] پىششىق ئەگىر سۇناي.

[ئورۇنباسارى] ئاق سەندەل، سۆئلەپ مىسرى.

[ۋەكىل خاراكتېرلىك پىششىق دورا ياسالمىسى] سۇفۇپى مەۋسەل.

## زۇمرەت
## 租木来提
### (纯绿宝石 chun lu bao shi)

[باشقا ئاتىلىشى] زۇمرە، پانا

[لاتىنچە نامى] Colouriess bery

[تونۇش] بۇ، يېشىل رەڭلىك، سۇزۇك، پارقىراق، پۇراقسىز، تەمسىز، ناھايىتى كۆركەم، ئاز ئۇچرايدىغان قىممەت باھالىق مىنېرال ماددا بولۇپ، جىسمى قاتتىق، ئىسسىقلىق ئۆتكۈزۈشچانلىقى ئىگە، رەڭگى تەكشى، ئارىلاشمىلىرى ئاز، سۇزۇك بولغان زۇمرەتلەر ئاز ئۇچرايدۇ. رەڭگى يېشىل، سۇزۇك، پارقىراق، جۇلالىق، ساپ بولغىنى ياخشىسى ھېسابلىنىدۇ ۋە شۇ خىلى دورىغا ئىشلىتىلىدۇ. (29 ـ 6 رەسىم)

[چىقىش ئورنى] شىنجاڭنىڭ ئالتاي ۋە كۆكتوقاي قاتارلىق جايلىرىدىن چىقىدۇ.

[يىغىپ ساقلاش] تاغلاردىن قېزىپ كولاپ ئېلىپ ساپلاشتۇرۇپ، خالىي جايدا ساقلىنىدۇ.

[لايىقلاشتۇرۇلۇشى] قىزدۇرۇش ئۇسۇلى ئارقىلىق لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

[تەبىئىتى] ئۈچىنچى دەرىجىدە قۇرۇق، ئىككىنچى دەرىجىدە سوغۇق.

[خۇسۇسىيىتى] يۈرەك، مېڭە، جىگەر ۋە بۆرەكنى قۇۋۋەتلەش، بەدەننىڭ ئىممۇنىتېت كۈچىنى ئاشۇرۇش، كۆڭۈلنى خۇش قىلىش، كۆزنى قۇۋۋەتلەش، ئارتۇق ھۆللۈكلەرنى قۇرۇتۇش، قان توختىتىش، جاراھەت پۈتتۈرۈش، ئىچ سۈرۈشنى توختىتىش، زەھەر قايتۇرۇش خۇسۇسىيىتى بار.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر] يۈرەك، مېڭە ۋە جىگەر ئاجىزلىقى، يۈرەك قوزغىلىش، يۈرەك چالاڭغۇراش، دەم سىقىلىش، يۈرەك سانجىقى، سېرىقلىق چۈشۈش، قورساققا سۇ چۈشۈش، بۆرەك ئاجىزلىقى، ئىچ سۈرۈش، قانلىق تولغاق، تۇتقاقلىق كېسىلى، كۆرۈش قۇۋۋىتى ئاجىزلىقى، كۆزگە سۇ چۈشۈش، كۆزگە ئاق چۈشۈش، كۆز ياشانغىراش قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. تاباشىردىن 10 گرام، قاشتېشىدىن ئۈچ گرام، سەندەلدىن 10 گرام، زۇمرەتتىن ئىككى گرام، قىزىلگۈلدىن 15 گرام ئېلىپ، سوقۇپ سۇفۇپ تەييارلاپ، يۇرەك ساھەسىگە چېپىپ بەرسە، يۇرەك رىتىمسىزلىقىغا مەنپەئەت قىلىدۇ.

2. ئاقاقىيادىن 10 گرام، رۇبىبسۇستىن 15 گرام، زۇمرەتتىن ئىككى گرام، ئەنجىباردىن 10 گرام ئېلىپ، سوقۇپ ھەب تەييارلاپ ئىچسە ياكى سۇفۇپ تەييارلاپ يەرلىك ئورۇنغا چاپسا، قان توختىتىدۇ، جاراھەتنى پۈتتۈرىدۇ.

3. سۈرمە، زۇمرەتتىن بىر گرامدىن ئېلىپ، يۇمشاق سوقۇپ تالقانلاپ، كۆزگە سۈرمە قىلىپ تارتسا، كۆزنى قۇۋۋەتلەيدۇ، كۆرۈش كۈچىنى ئاشۇرىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] 0.8 ～ 1 گرامغىچە.

[زىيانلىق تەسىرى] ئۇزاق مۇددەت ئىستېمال قىلسا دوۋساققا زىيان قىلىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] ھەسەل، تەرخەمەك ئۇرۇقى، ئىپار.

[ئورۇنباسارى] مەرۋايىت، ياقۇت، مارجان.

[ۋەكىل خاراكتېرلىك پىششىق دورا ياسالمىسى] مەجۇنى زۇمرەت، خېمىرى گاۋزىبان ئەنبىرى.

## ئالما

## 阿里麻

## (苹果 ping guo)

[باشقا ئاتىلىشى] تۇففاھ، سىيىپ

[لاتىنچە نامى] Fructus Malus Pumila

[ئىنگلىزچە نامى] Apple Fruit

[تونۇش] بۇ، ئەتىرگۈل ئائىلىسىدىكى مېۋىلىك دەرەخ ئالما دەرىخىنىڭ مېۋىسى بولۇپ، بۇ دەرەخنىڭ پىشقان مېۋىسى «ئالما» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ. يۇمىلاق شار شەكىللىك بولۇپ، سىرتقى يۈزى قىزغۇچ سېرىق ياكى ئاقۇچ رەڭلىك، پارقىراق، خۇش پۇراق، سۇلۇق كېلىدۇ. ئوتتۇرىسىدا ئۇرۇقچىلىرى بولىدۇ، تەمى تاتلىق ياكى چۈچۈمەل كېلىدۇ. ئالمىنىڭ تۈرلىرى كۆپ بولۇپ، ئادەتتە دورىلىققا سۆگەچ ئالما كۆپرەك ئىشلىتىلىدۇ. (7.29 ـ رەسىم)

[چىقىش ئورنى] شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن چىقىدۇ.

[يىغىپ ساقلاش] بۇ ئۇسۇملۇكنىڭ دورىلىق قىسمىنى كۈز پەسلىدە يىغىپ قۇرۇتۇپ، قۇرغاق ئورۇندا ساقلىنىدۇ.

[خىمىيىلىك تەركىبى] ئالما تەركىبىدە كاربون سۇ بىرىكمىلىرى، ئۇنىڭدىن باشقا شېكەر ماددىسى، ئۆزگەرگەن قەنت بار. پىشمىغان ئالمىدا كراخمال بولۇپ، بۇ مېۋىنىڭ پىشىشىغا ئەگىشىپ يوقىلىدۇ. كىسلاتالاردىن ئاساسلىقى ئالما كىسلاتاسى (Malic acid) بار.

www.uyghurkitap.com



ئالما

ئۇنىڭدىن باشقا خىنىن كىسلاتاسى، كوينىك
كىسلاتاسى (quinic acid) ، لىمون كىسلاتاسى (citric acid)
، تارتارىك كىسلاتاسى (Tar tarric acid) ، ياغ، پېكتىن،
ۋىتامىن A، B، C قاتارلىقلار بار.

[**فارماكولوگىيەلىك تەسىرى**] مېۋە يېلىمىنى چىقىرىۋې-
تىپ تەييارلانغان ئالما ئوكۇل سۇيۇقلۇقى ئۆي توشقىنى-
نىڭ ۋېناسىغا ئوكۇل قىلىنسا، قاندىكى قەنتنى ئۆرلىتى-
دۇ. ئالما ئوكۇل سۇيۇقلۇقىنىڭ تەسىرى ئۇنىڭدا تۇتقان
ئۈزۈم شېكىرىنىڭ تەسىرىگە قارىغاندا كۈچلۈك، بۇنىڭ
سۈيدۈك ماڭدۇرۇش ئۈنۈمى كېيىنكىسىدىن 2~3 ھەسسە
ئارتۇق.

[**لايىقلاشتۇرۇلۇشى**] يۇيۇش ۋە قۇرۇتۇش ئارقىلىق لايىقلا-
شتۇرۇلىدۇ.

[**تەبىئىتى**] تاتلىق ئالما بىرىنچى دەرىجىدە ھۆل ئىس-
سىق، چۈچۈمەل ئالما بىرىنچى دەرىجىدە قۇرۇق سوغۇق.

[**خۇسۇسىيىتى**] تاتلىق ئالما: يۈرەك، جىگەر، مېڭە، يۈرەك ۋە ئومۇمىي بەدەننى قۇۋۋەتلەش، كۆ-
ڭۈلگە خۇشلۇق يەتكۈزۈش، روھىي ھايۋانىينى قۇۋۋەتلەش، غەيرىي تەبىئىي سەۋدا خىلتىنى تەڭشەش،
قۇرۇق يۆتەلنى توختىتىش، ئىچ سۈرۈش ۋە قۇسۇشنى توختىتىش، ئۇسسۇزلۇقنى پەسەيتىش خۇسۇسىيەت-
لىرى بار.

چۈچۈمەل ئالما: يۈرەك، جىگەر ۋە ئاشقازاننى قۇۋۋەتلەش، قۇرۇتۇش، تۇتۇش، قۇسۇش ۋە غەيرىي
تەبىئىي سەپرا خىلتىدىن بولغان ئىچ سۈرۈشنى توختىتىش خۇسۇسىيەتلىرى بار.

[**ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر**] يۈرەك، مېڭە، جىگەر، ئاشقازان ئاجىزلىقى، ئىشتىھاسىزلىق، بەدەن
ئاجىزلىقى، يۆتەل، ئۇسسۇزلۇق، قۇسۇش، غەيرىي تەبىئىي سەپرا خىلتىدىن بولغان ئىچ سۈرۈش،
كۆڭۈل ئىلىشىش قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[**ئىشلىتىش ئۇسۇلى**]

1. ئالمىدىن كۈندە ئىككى تال يەپ بەرسە، يۈرەك، مېڭىنى قۇۋۋەتلەيدۇ، بەدەننى سەمرىتىدۇ،
ئۇسسۇزلۇقنى پەسەيتىدۇ.

2. ئالما مۇراببىاسى تەييارلاپ، بىر كۈندە ئىككى ۋاق 20 گىرامدىن يەپ بەرسە، ئىچ سۈرۈشنى
توختىتىدۇ، يۈرەك ئېغىش ھەم يۈرەك رىتىمسىزلىقىغا شىپا بولىدۇ.

3. ئالمىنى پىشۇرۇپ سۈيىنى ئىچسە، كۆڭۈل ئىلىشىشنى پەسەيتىدۇ.

[**ئىشلىتىش مىقدارى**] 12 ~ 24 گىرامغىچە، ئۇسارىسى 12 ~ 18 گىرامغىچە، شەربىتى 24 ~ 48
مىللىلىتىرغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

[**زىيانلىق تەسىرى**] كۆكرەككە زىيان قىلىدۇ، قورساقنى ئېسىدۇ. ئۈنتۈغاقلىق، تەپ ھەم يەل پەيدا
قىلىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] ھەسەل، گۈلقەنت، دارچىن.
[ئورۇنباسارى] بېھى.
[ۋەكىل خاراكتېرلىك پىششىق دورا ياسالمىسى] ئالما مۇرابباسى.

## ھېقىق
## 嘿刻克
## （玛瑙 ma nao）

[باشقا ئاتىلىشى] ئەقىق يەمەنى، ئەقىق ئەسلى
[لاتىنچە نامى] Achatum
[ئىنگلىزچە نامى] Agate

[تونۇش] بۇ، بىر خىل كىۋارتىس تۈرىدىكى مەدەن بولۇپ، سۈزۈك، پارقىراق كېلىدۇ، رەڭگى سېرىققا مايىل قىزىل بولىدۇ، تەمسىز تېتىيدۇ. (29.8 ـ رەسىم)

[چىقىش ئورنى] يەمەن كانلىرىدىن ۋە مەملىكىتىمىزنىڭ سىچۈەن، خۇنەن، يۈننەن، خۇبېي، ئەنخۇي، شەنشى، گەنسۇ قاتارلىق جايلىرىدىن چىقىدۇ.

[يىغىپ ساقلاش] يىل بويى يىغىۋالغىلى بولىدۇ، كولاپ ئالغاندىن كېيىن تاۋلاپ، ئارىلاشمىلىرىنى چىقىرىۋېتىپ پاكىزلىنىدۇ.

[خىمىيەلىك تەركىبى] سىلىتسىي دىئوكسىدى ($SiO_2$) تۇتىدۇ، يەنە ئاز مىقداردا تۆمۈر، مانگان قاتارلىق ئارىلاشما ماددىلارمۇ بار.

[لايىقلاشتۇرۇلۇشى] قىزدۇرۇش ئارقىلىق لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق سوغۇق.

[خۇسۇسىيىتى] يۈرەك، جىگەر ۋە تالنى قۇۋۋەتلەش، قان توختىتىش، جاراھەتلەرنى پۈتتۈرۈش، ئىچ سۈرۈشنى توختىتىش، توسالغۇلارنى ئېچىش، تاشلارنى پارچىلاش، كۆرۈش كۈچىنى ئاشۇرۇش، چىش مىلىكىنى چىڭىتىش، باھنى قوزغاش خۇسۇسىيەتلىرى بار.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر] يۈرەك ئاجىزلىقى، يۈرەك رىتىمسىزلىقى، جىگەر ۋە تال توسۇلۇش، چىش مىلىكلىرى بوشاپ كېتىش، قان سىيىش، قان تۈكۈرۈش، خۇن تەۋرەش، بۇرۇن قاناش، قان ۋە سەپرالىق ئىسھال، بۆرەك ۋە دوۋساق تاش كېسەللىكى، باھ ئاجىزلىقى، مەنىي بالدۇر يۈرۈپ كېتىش قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. گاۋزىبان، ئۇستىقۇددۇستىن 10 گىرامدىن، ھېقىق، زەپەر، مەرۋايىتتىن ئىككى گىرامدىن ئېلىپ، ھەممىسىنى بىرلەشتۈرۈپ سوقۇپ سۇفۇپ قىلىپ، كۈندە ئىككى قېتىم ئىچسە، يۈرەك ۋە مېڭىنى قۇۋۋەتلەيدۇ.

2. ئانارگۈل، ئاقاقىيادىن 10 گىرامدىن، ئەنجباردىن بىر گىرام، ھېقىقتىن ئىككى گىرام ئېلىپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

سۇفۇپ تەييارلاپ يەرلىك ئورۇنغا سەپسە، تاشقى ئەزالاردىكى قاناشلىق جاراھەتلەرگە مەنپەئەت قىلىدۇ.

3. تاباشىردىن 10 گىرام، ھېقىقتىن بىر يېرىم گىرام ئېلىپ سوقۇپ، 10 گىرام قېتىق سۇزمىسىگە ئارىلاشتۇرۇپ ئىچىپ بەرسە، قان ۋە سەپرادىن بولغان ئىسھالغا مەنپەئەت قىلىدۇ.

4. ھېقىق كۆشتىسىنى قايماق بىلەن بىر مەزگىل ئىستېمال قىلسا، باھنى كۈچەيتىدۇ، مەنىي بالدۇر يۇرۇپ كېتىشنى توختىتىدۇ.

5. ھېقىقنى بىخ مارجان بىلەن سوقۇپ سۇفۇپ تەييارلاپ چىشقا باسسا، چىشنى چىڭىتىدۇ ۋە چىش تۈۋى قاناشقا مەنپەئەت قىلىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] 0.5 ~ 1.5 گىرامغىچە.

[زىيانلىق تەسىرى] بۆرەككە زىيان قىلىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] كەتىرا، ھەسەل.

[ئورۇنباسارى] بىخ مارجان، قاشتېشى.

[ۋەكىل خاراكتېرلىك پىششىق دورا ياسالمىسى] سۇفۇپى ھېقىق، مۇپەررىھى ياقۇت، ئەۋرىشىم شەربىتى.

[دىققەت قىلىدىغان ئىشلار] كۆشتە قىلىپ ئىشلىتىلىدۇ.

## پىلە غوزىسى
## 皮来胡孜斯
## (蚕茧 van jian)

[باشقا ئاتىلىشى] ئەۋرىشىم، ئەبرىشىم

[لاتىنچە نامى] Bambyx abulum

[ئىنگلىزچە نامى] Silk Cocoon

[تونۇش] بۇ، پىلە پەرۋانە ئائىلىسىدىكى ھاشارات بىلەن پەرۋانىسىنىڭ غوزىسى بولۇپ، ئېللىپس شەكىللىك ياكى ئوتتۇرىسى قورۇلغان ھالەتتە بولىدۇ. ئۇزۇنلۇقى 3 ~ 4 سانتىمېتىرغىچە، دىيامېتىرى 1.5 ~ 2 سانتىمېتىرغىچە كېلىدۇ. سىرتقى يۈزى ئاق بولۇپ، ئاسان پارچىلانمايدۇ، پىلە غوزىسىنى تازىلاپ، قۇرتنى ئېلىۋېتىپ، قىرقىپ ئىشلىتىلىدۇ. (40.29 ـ رەسىم)



پىلە غوزىسى قۇرتى

[چىقىش ئورنى] شىنجاڭدىن چىقىدۇ.

[يىغىپ ساقلاش] غوزىنى قايچىدا كېسىپ، لىچىنكا ۋە ئەخلەتلىرىنى تازىلىۋېتىپ ساقلىنىدۇ.

[خىمىيىلىك تەركىبى] ئۇجمە يوپۇرمىقىدا بېقىلغان پىلە غوزىسىنىڭ تەركىبىدە سۇ، كۈل ماددىسى، 91% ئاقسىل ۋە تالالىق ماددىلار بار.

[فارماكولوگىيەلىك تەسىرى] ئاتسېتىل خولىنغا ئوخشاش تەسىرگە ئىگە.

**[لايىقلاشتۇرۇلۇشى]** قۇرتنى چىقىرىۋېتىپ توغراش، قۇرۇتۇش ئارقىلىق لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

**[تەبىئىتى]** بىرىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

**[خۇسۇسىيىتى]** يۈرەك، مېڭە، باھ ۋە ئومۇمىي بەدەننى قۇۋۋەتلەش، ئاغرىق پەسەيتىش، بەدەننى سەمرىتىش، توسالغۇلارنى ئېچىش، كۆڭۈلگە خۇشلۇق كەلتۈرۈش، بەلغەم بوشىتىش، تېرىنى پارقىرىتىش خۇسۇسىيەتلىرى بار.

**[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر]** يۈرەك، مېڭە، باھ ۋە ئومۇمىي بەدەن ئاجىزلىقى، مالىخولىيا، تۇتقاقلىق كېسىلى، يۆتەل، زىققە، كۆز جاراھەتلىرى ۋە كۆز ياشانغىراش قاتارلىق كېسەللىكلەرگە ئىشلىتىلىدۇ.

**[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]**

1. ئۇستىقۇددۇس، سۇمبۇل، بادرەنجبۇيا، سېرىقئوت، پىلە غوزىسى قاتارلىقلاردىن يەتتە گىرامدىن ئېلىپ، شەربەت تەييارلاپ ئىچىپ بەرسە، يۈرەكنى قۇۋۋەتلەيدۇ، كۆڭۈلگە خۇشلۇق يەتكۈزىدۇ.

2. پىلە غوزىسى، گاۋزىبان، نىلۇپەر، ئاق سەندەلنىڭ ھەربىرىدىن 10 گىرام، بىدمۇشكىدىن يەتتە گىرام ئېلىپ چالا سوقۇپ، چايلىق تەييارلاپ ئىچىپ بەرسە، ئىسسىقتىن بولغان يۈرەك رىتىمسىزلىقىغا مەنپەئەت قىلىدۇ.

3. ئۈچ گىرام پىلە غوزىسىنى ئىككى گىرام كەھرىۋا بىلەن قوشۇپ قۇفۇپ قىلىپ سەپسە، جاراھەتنى پۈتتۈرىدۇ.

**[ئىشلىتىش مىقدارى]** 3 ~ 5 گىرامغىچە.

**[زىيانلىق تەسىرى]** بۆرەككە زىيان قىلىدۇ.

**[تۈزەتكۈچىسى]** ئاسارۇن.

**[ئورۇنباسارى]** يۇيۇلغان، كۆشتە قىلىنغان مەرۋايىت، گاۋزىبان ھىندى.

**[ۋەكىل خاراكتېرلىك پىششىق دورا ياسالمىسى]** خېمىرى ئەۋرىشىم، شەربىتى ئەۋرىشىم، جەۋھىرى مۇپەر-رىھى ئەۋرىشىم.

**[قوشۇمچە]** پىلىنىڭ مايىقى ۋە غوزا ئىچىدە قاتقان قۇرتمۇ دورا ماتېرىيالى ھېسابلىنىدۇ.

يېڭى تۆرەلمىسى، يىپەك قۇسۇپ غوزا باغلاش ئالدىدا ئۆلۈپ قالغان پىلە قۇرتىنىڭ تەبىئىتى قۇرۇق سوغۇق بولۇپ، بالىلاردىكى تارتىشىپ قېلىش، كېچىسى چۆچۈپ يىغلاش، بادامبەز ياللۇغى، كاناي شاخچىلىرى ياللۇغى، ياشانغانلارنىڭ مېڭىسىگە قان چۈشۈش، يۈز نېرۋا پالەچى قاتارلىقلارغا مەنپەئەت قىلىدۇ، ئۇنىڭدىن باشقا يۆتەل، گال ئاغرىقى، ئاۋاز بوغۇلۇپ قېلىش، يەلتاشما قاتارلىقلارغىمۇ مەنپەئەت قىلىدۇ.

غوزا باغلىغاندىن كېيىنكى قۇرتى ئەڭ ياخشى ئوزۇقلاندۇرغۇچى ماددا بولۇپ، ئۇنى ئوتتا قۇرۇتۇپ، سوقۇپ ئىچىشكە بېرىلسە، بالىلارنىڭ تاماق ھەزىم قىلىشى بۇزۇلۇش، ئوزۇقلىنىش ناچارلىقتىن ئورۇق-لاپ كەتكەن بىمارلار ئۈچۈن پايدىلىق دورا ھېسابلىنىدۇ. قاينىتىپ سۈيىنى ئىچسە، دىيابېت كېسىلىدىكى كۆپ ئۇسساشنى توختىتىدۇ.

پىلە مايىقى تىنچلاندۇرۇش، ئاغرىق پەسەيتىش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە بولۇپ، رېماتىزم، پالەچ، يېرىم پالەچ قاتارلىقلارغا ھەم باش ئاغرىقى، بالىياتقۇدىن قان كېلىش، كۆپ قۇسۇش، سۇ يوقىتىش، قورساق غورۇلداش قاتارلىقلارغا ئىشلىتىشكە بولىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# ئۆشنە

## 马西乃

(松萝 song luo)



ئۆشنە

[باشقا ئاتىلىشى] ئۆشنە، ئۆشنان، لانا بوتى، چەرىيلە، چەبىيلە

[لاتىنچە نامى] Usnea diffracta

[ئىنگلىزچە نامى] Diffracted Usnea

[تونۇش] بۇ، ئۆشنە ئائىلىسىدىكى ئۆسۈملۈك يىپلىق ئۆشنە ۋە ئۇنىڭ غوللۇق ئۆشنىسىنىڭ يىپسىمان تۈرى بولۇپ، يىپقا ئوخشاش ئىنچىكە، ياپلاق، ئىككى تەرىپى ئاق، ئوتتۇرىسى كۆك رەڭدە، تەمى تاتلىق، خۇش پۇراق بولىدۇ. (10.29 ـ رەسىم)

[چىقىش ئورنى] جۇڭگو ۋە ھىندىستاندىن چىقىدۇ.

[يىغىپ ساقلاش] ياز پەسلىدە يىغىۋېلىپ، قۇرۇتۇپ ساقلىنىدۇ. ئۆشنىنىڭ سىرتقى پوستى نېپىز بولۇپ، ئاسان ئاجراپ كېتىدىغانلىقى ئۈچۈن چاڭ ـ توزاندىن خالىي ساقلىنىدۇ.

[خىمىيەلىك تەركىبى] بارباتىك كىسلاتا (Barbatic acid)، ئۆشنە كىسلاتاسى (Usnic acid)، دىففراكتاك كىسلاتاسى (Diffractaic acid)، رامالىك كىسلاتا (Ramalic acid)، لىخېنىن (Lichenin) ۋە كاربون سۇ بىرىكمىلىرى بار.

[فارماكولوگىيەلىك تەسىرى] باكتېرىيەگە قارشى تۇرۇش، زەھەر قايتۇرۇش، مىكروب ئۆلتۈرۈش، قىزىتمىنى پەسەيتىپ، ياللۇغ قايتۇرۇش، راكنىڭ ئالدىنى ئېلىش تەسىرى بار.

[لايىقلاشتۇرۇلۇشى] يۇيۇپ توغراش، قۇرۇتۇش ئارقىلىق لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

[تەبىئىتى] بىرىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى] يۈرەك، مېڭە، ئاشقازان، جىگەرنى قۇۋۋەتلەش، كۆڭۈلگە خۇشلۇق يەتكۈزۈش، چىرىشكە قارشى تۇرۇش، ئاغرىق توختىتىش، تېرىنى جۇلالاندۇرۇش، سۈيدۈك ۋە ھەيزنى راۋانلاشتۇرۇش، سۈرۈش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر] يۈرەك رىتىمسىزلىقى، يۈرەك ئاجىزلىقى، تۇتقاقلىق، كۆڭۈل ئىلىشىش، ئاشقازان، جىگەر ئاجىزلىقى، ئىستىسقا، قورساق ئېسىلىش قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. ئۆشنىدىن يەتتە گىرام، زىرە، بەديان، پىننە قاتارلىقلاردىن 10 گىرامدىن ئېلىپ دەملەپ

ئىچسە، ئاشقازاننى قىزىتىپ، ھەزىمنى ياخشىلايدۇ.

2. ئۆشنىنى كۆيدۈرۈپ، تۇتۇننى بۇرۇندىن كىرگۈزسە، شەقىقە، سەرئىگە مەنپەئەت قىلىدۇ.

3. ئۆشنىنى چالا سوقۇپ، سۇغا چىلاپ سۈيىنى ئىچىپ بەرسە، ئەزالارنىڭ ئاجىزلىقى، بوشىشىش، قولتۇق ئاستى بىزى، تىز، يوتا قاتارلىق ئەزالارنىڭ بوشىشىغا پايدا قىلىدۇ ۋە ئىششىقنى ياندۇرىدۇ.

4. ئۆشنىنى ئارپىبەدىيان بىلەن كۆزگە سۈرمە قىلسا ياكى تېمىتسا، كۆزنى قۇۋۋەتلەيدۇ.

5. ئۆشنىنىڭ تالقىنىنى قولتۇققا سۈرسە، قولتۇقنىڭ سېسىق پۇرىشىنى يوقىتىدۇ.

[**ئىشلىتىش مىقدارى**] 3 ~ 10 گىرامغىچە.

[**زىيانلىق تەسىرى**] ئۈچەيگە ۋە دوۋساققا زىيان قىلىدۇ، ھامىلىنى چۈشۈرىدۇ.

[**تۈزەتكۈچىسى**] رۇمبەدىيان، قاپاق مېغىزى.

[**ئورۇنباسارى**] گاۋزىبان، قەردمانە.

[**ۋەكىل خاراكتېرلىك پىششىق دورا ياسالمىسى**] شەربىتى ئۆشنە، ئەۋرىشىم شەربىتى.

## بىدىمۇشكى

## 比地米西克

## (黄花柳 huang hua liu)

[**باشقا ئاتىلىشى**] خىلافى بەلەخ، گوربەئى بىد، بىدەمىشكى، سېرىق سۆگەت پوتلىسى

[**لاتىنچە نامى**] Flos Salix caprea

[**ئىنگلىزچە نامى**] Musk Willow

[**تونۇش**] بۇ، تال ـ تېرەكلەر ئائىلىسىدىكى ئۆسۈملۈك ئىپار سۆگىتىنىڭ گۈلى بولۇپ، ئادەتتە سۆگەتنىڭ گۈلى بىلەن ئوخشايدۇ، لېكىن ئۇنىڭدىن خۇش پۇراق، رەڭگى سېرىق، تەمى ئۆتكۈر كېلىدۇ. (11.29 ـ رەسىم)

[**چىقىش ئورنى**] لاھور، كەشمىر قاتارلىق جايلاردىن چىقىدۇ. ھازىر شىنجاڭنىڭ قىسمەن جايلىرىدا ئۆستۈرۈلۈۋاتىدۇ.

[**يىغىپ ساقلاش**] باھاردا گۈلى ئېچىلغاندا يىغىۋېلىنىدۇ ھەم قۇرغاق ئورۇندا ساقلىنىدۇ.

[**خىمىيەلىك تەركىبى**] مېۋىسىدە 37% كىچە تاننىن ماددىسى بار. پىراكتوزا، ساخاۋوز، مالتوزا، گىلۇكوزا بار. ئۇنىڭدىن باشقا نۇرغۇن ئېنزىملار بار.

[**فارماكولوگىيەلىك تەسىرى**] 1. باكتېرىيەگە قارشى تۇرۇش تەسىرى بار.

2. ئىسپازما بوشاشتۇرۇش تەسىرى بار.

3. زەھەرلىك تەسىرى بار.

[**لايىقلاشتۇرۇلۇشى**] قۇرۇتۇپ ساپلاشتۇرۇلىدۇ.

[**تەبىئىتى**] بىرىنچى دەرىجىدە ھۆل سوغۇق.

www.uyghurkitap.com

[خۇسۇسىيىتى] يۇرەكنى قۇۋۋەتلەش، كۆڭۈلگە خۇشلۇق يەتكۈزۈش، ئاغرىق پەسەيتىش، ئىششىق ياندۇرۇش، قىزىتما قايتۇرۇش، هارارات ۋە ئۇسسۇزلۇقنى پەسەيتىش، قان بېسىمىنى چۈشۈرۈش خۇسۇسىيىتى بار.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر] يۈرەك ۋە مېڭە ئاجىزلىقى، يۈرەك ئاغرىقى، ئۇسسۇزلۇق، قۇسۇش، ئىسسىقتىن بولغان يۈرەك رىتىمسىزلىقى، باش ئاغرىقى، يۇقىرى قان بېسىم، قىزىتما قاتارلىق كېسەللىكلەرگە ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. پىلە غوزىسى، لاچىندانە هىندى ئۈچ گىرامدىن، گاۋزىبان هىندىدىن بەش گىرام، بىدىمۇشكىدىن 10 گىرام ئېلىپ، چالا سوقۇپ دەملەپ ئىچىپ بەرسە، يۈرەك مىزاجىنىڭ ئىسسىقتىن بۇزۇلۇشىدىن بولغان يۈرەك رىتىمسىزلىقىغا مەنپەئەت قىلىدۇ.

2. بىدىمۇشكىدىن ئەرەق تارتىپ، كۈندە ئۈچ قېتىمدىن ئىچىپ بەرسە، قان بېسىمىنى چۈشۈرىدۇ. ئىسسىقتىن بولغان باش ئاغرىقىغا شىپا بولىدۇ.

3. ئەرقى بىدىمۇشكى بىلەن ئەرقى سەندەلنى تەڭ مىقداردا ئېلىپ، كۈندە ئۈچ قېتىم، هەر قېتىمدا 50 مىللىلىتىردىن ئىچىپ بەرسە، قان بېسىمىنى كۆرۈنەرلىك دەرىجىدە چۈشۈرىدۇ. هارارات ۋە ئۇسسۇزلۇقنى پەسەيتىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] 5 ~ 7 گىرام.

[زىيانلىق تەسىرى] سوغۇقچان كىشىلەرگە، مېڭىگە، بۆرەككە زىيان قىلىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] رۇمبەدىيان، ئەنجۈر مونىكى، ئۇستىقۇددۇس.

[ئورۇنباسارى] قىزىلگۈل، ئادەتتىكى سۆگەت چېچىكى.

[ۋەكىل خاراكتېرلىك پىششىق دورا ياسالمىسى] ئەرقى بىدىمۇشكى، خېمىرى سەندەل.

## سۇمبۇل هىندى

## 松布力印地

(毛甘松 mao gan song )

[باشقا ئاتىلىشى] سۇمبۇل رۇمى، سۇمبۇل تىب، بىلچىر هىندى

[لاتىنچە نامى] Rhizoma Nardostachyos jatamanse

[ئىنگلىزچە نامى] Indian Uarerian

[تونۇش] بۇ، سۇمبۇل ئائىلىسىدىكى ئېگىزلىكى 15～30 سانتىمېتىرغىچە ئۆسىدىغان، كۆپ يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك كەڭ يوپۇرماقلىق سۇمبۇل بولۇپ، يىلتىزى دورىغا ئىشلىتىلىدۇ. يىلتىزى قوڭۇر رەڭلىك بولۇپ، ئۈستىدە نۇرغۇنلىغان تومۇر، ئىنچىكە، دىيامېتىرى تەخمىنەن بىر مىللىلىتىر كېلىدىغان چاچما يىلتىزلىرى بولىدۇ. ئۇشتۇلغان يۈزى سارغۇچ ئاق ياكى كۆل رەڭگە مايىل

ئاق رەڭدە بولىدۇ، تەمى ئۆتكۈر، چۈچۈمەل كېلىدۇ. (12.29 ـ رەسىم)



سۇمبۇل ھىندى

[چىقىش ئورنى] ئېلىمىزنىڭ يۈننەن، شىزاڭ، سىچۈەن قاتارلىق جايلىرىدىن، ھىندىستان، نېپال، ياۋروپا، شىمالىي ئاسىيا قاتارلىق ئەللەردىن چىقىدۇ.

[يىغىپ ساقلاش] ئەتىياز ۋە كۈز پەسلىدە يىغىۋېلىنىدۇ. كۈزدە يىغىۋېلىنغىنىنىڭ سۈپىتى ياخشى بولىدۇ. يىغىۋالغاندىن كېيىن توپىلىرىدىن تازىلاپ، قۇرۇتۇپ ساقلىنىدۇ.

[خىمىيەلىك تەركىبى] سۇمبۇل ھىندى تەركىبىدە كوۋمارىن تۈرىدىكى بىرىكمىلەردىن جاتامانزىن (Jatamansine)، جاتامانزىنول (Jatamansinol)، ئوروزىلول (Oroselol)، ئانگېلىتسىن (Angelicin)، ئارىستولېن (Aristolene) قاتارلىقلار بار، يەنە ناردول (Nardol)، سۇمبۇل كېتونى ۋالېرانون (Valeranon)، كالاررېنول (Kalarrenol) قاتارلىقلار بار. يېقىنقى مەلۇماتلاردىن قارىغاندا، يەنە كوۋمارىن (coumarin) تۈرىدىكى تەركىبلەرنىڭمۇ بارلىقى ئېنىقلانغان.

[فارماكولوگىيەلىك تەسىرى] ۋالېرانوننىڭ يۈرەك رىتىمسىزلىقىغا قارشى تەسىرى بىرقەدەر بىخەتەر بولۇپ، شوكقا قارشى تۇرۇش جەھەتتە سۇمبۇلنىڭ ئۈچۈچان مېيىدىن كۈچلۈك، سۇمبۇل كانايچىلارنى كېڭەيتىدۇ، كەڭ يوپۇرماقلىق سۇمبۇلنىڭ ئۈچۈچان مېيى ئازراق بولۇپ، زەمبۇرۇغقا قارشى تۇرۇش، يەل ھەيدەش ۋە بوشاشتۇرۇش تەسىرى بار. تېرىگە، شىللىق پەردىلەرگە نىسبەتەن غىدىقلاش تەسىرى يوق. تىنچلاندۇرۇش تەسىرى بار.

[لايىقلاشتۇرۇلۇشى] قۇرۇتۇپ ساپلاشتۇرۇلىدۇ.

[تەبئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى] يۈرەك، مېڭە، جىگەر ۋە باھنى قۇۋۋەتلەش، توسالغۇلارنى ئېچىش، يەل ھەيدەش، بەدەننى قىزىتىش، پەي ۋە نېرۋىلارنى قۇۋۋەتلەش، كۆزنىڭ كۆرۈش قۇۋۋىتىنى ئاشۇرۇش، غەيرىي تەبئىي خىلىتلارنى تازىلاش، بەتبۇيلۇقنى يوقىتىش، چاچ ئۆستۈرۈش، چاچ قارايتىش، چىرايىنى گۈزەللەشتۈرۈش، سۈيدۈك ۋە ھەيزنى راۋانلاشتۇرۇش خۇسۇسىيەتلىرى بار.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر] تۇتقاقلىق كېسىلى، ھىستېرىيە، يۈرەك قوزغىلىش، تىترىمە كېسەل، پالەچ، پەي ۋە نېرۋا ئاغرىقلىرى، كالتە يۆتەل، ھەيز توسۇلۇش، سۈيدۈك تۇتۇلۇش، ئىشتىھاسىزلىق، جىگەر زەئىپلىكى ۋە ياللۇغى، سېرىقلىق چۈشۈش، جىگەر يىگلەپ كېتىش، چاچ ئاقىرىپ كېتىش، كۆرۈش كۈچى ئاجىزلاپ كېتىش قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ. سۇمبۇلنىڭ چىرايىنى گۈزەللەشتۈرۈش خۇسۇسىيىتى بولغاچقا، يۈز تېرىلىرىدىكى ھەر خىل داغ، سەپكۈن قاتارلىقلارغىمۇ ئىشلىتىلىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. مۇۋاپىق مىقداردىكى سۇمبۇلنى يۇمشاق سوقۇپ قولتۇققا سەپسە، قولتۇقنىڭ سېسىقلىقىنى يوقىتىدۇ.

2. مۇۋاپىق مىقداردىكى سۇمبۇلنى چاينىسا، ئېغىزنىڭ بەتبۇيلۇقىنى يوقىتىدۇ.

3. ئامىلەدىن 20 گىرام، ئوسما سۈيىدىن 50 مىللىلىتىر، زەيتۇن يېغىدىن 50 مىللىلىتىر، سۇمبۇلدىن 20 گىرام ئېلىپ، سوقۇپ مەلھەم تەييارلاپ باشقا چاپسا، چاچ ئۆستۈرىدۇ، چاچنى قارايتىدۇ.

4. مۇۋاپىق مىقداردىكى سۇمبۇلنى كۆيدۈرۈپ بۇرۇنغا تارتسا، تۇتقاقلىق كېسەل ئۇچۇن شىپا بولىدۇ.

5. گاۋزىبان ھىندى، ئۇستۇقۇددۇس، لاچىندانە ھىندى، سۇمبۇل، بەديان قاتارلىق دورىلاردىن تەڭ مىقداردا ئېلىپ، چايلىق تەييارلاپ ئىچسە، يۈرەك قوزغىلىشقا مەنپەئەت قىلىدۇ.

6. سۇمبۇل، مەرۋايىتلاردىن تەڭ مىقداردا ئېلىپ، يۇمشاق سوقۇپ كۆزگە تارتسا، كۆرۈش قۇۋۋىتىنى ئاشۇرىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] 3 ~ 5 گىرامغىچە.

[زىيانلىق تەسىرى] بۆرەككە زىيان قىلىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] گۈل يېغى، كەتىرا.

[ئورۇنباسارى] ئىزخىر مەككى، سازەج ھىندى.

[ۋەكىل خاراكتېرلىك پىششىق دورا ياسالمىسى] شەربىتى سۇمبۇل، مەجۇنى سۇمبۇل.

[دىققەت قىلىدىغان ئىشلار] تازىلاشتا سۇدا يۇيۇشقا بولمايدۇ.

## سازەج ھىندى

### 酒扎其印地

### (三条筋 san tiao jian)

[باشقا ئاتىلىشى] تىز پات، تىج پات، پەتىرەج

[لاتىنچە نامى] Cortex Cinnamomusm tamala

[ئىنگلىزچە نامى] Bark of Himalay Cinnaman

[تونۇش] بۇ، كامفورا ئائىلىسىدىكى دائىم كۆكىرىپ تۇرىدىغان كىچىك كامفورا دەرىخىنىڭ يوپۇرمىقى بولۇپ، رەڭگى سارغۇچ يېشىل، خۇش پۇراق، تەمى ئاچچىق بولىدۇ. (13.29 - رەسىم)

[چىقىش ئورنى] ئېلىمىزنىڭ خۇبېي، سىچۇەن، يۈننەن قاتارلىق ئۆلكىلىرىدىن ھەم كەشمىر، پاكىستان، بىرما قاتارلىق ئەللەردىن چىقىدۇ.

[يىغىپ ساقلاش] كۈزدە يوپۇرمىقى تازىلاپ ساقلىنىدۇ.

[خىمىيىلىك تەركىبى] سازەج ھىندى يوپۇرمىقىنىڭ تەركىبىدە ئۇچۇچان ماي بار، بۇ ئاساسەن فىللاندىرىن (Phellandrene)، ئىۆگېنول (Evgenol) قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.

[فارماكولوگىيەلىك تەسىرى] سازەج تەركىبىدىكى ئۇچۇچان ماي ئاشقازانغا نىسبەتەن يەرلىك غىدىقلاش تەسىرىگە ئىگە. بۇ يەل ھەيدىگۈچى دورا قىلىپ ئىشلىتىلسە، كۆڭۈل ئېلىشىش ياكى ئاشقازان - ئۈچەي كۆپۈش ئەھۋاللىرىنى تۈگىتىدۇ.

[لايىقلاشتۇرۇلۇشى] قۇرۇتۇپ ساپلاشتۇرۇلىدۇ.

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى] يۈرەك، مېڭە ۋە ئاشقازاننى قۇۋۋەتلەش، كۆڭۈلنى خۇش قىلىش، ئۈچەيلەردىكى يەللەرنى ھەيدەش، سۈيدۈك ھەيدەش، ھەيزنى راۋانلاشتۇرۇش، چىرىشكە قارشى تۇرۇش، ئېغىزدىكى بەتبۇيلۇقنى يوقىتىش، ياللۇغ قايتۇرۇش خۇسۇسىيەتلىرى بار.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر] يۈرەك قوزغىلىش، يۈرەك ئاجىزلىقى، ئاشقازان ئاجىزلىقى، جۇنۇن، قورقۇنچاقلىق، ئىستىسقا، سېرىقلىق چۇشۇش، سۈيدۈك، ھەيز تۇتۇلۇش، مەقئەت كېسەللىكلىرى قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. سازەج ھىندىنى يۇمشاق سوقۇپ، تىلنىڭ ئاستىغا قويۇپ شۈمسە، ئېغىزدىكى بەتبۇيلۇقنى يوقىتىدۇ، كېكەچلىكنى يوق قىلىدۇ.

2. سازەج ھىندىنى يۇمشاق سوقۇپ، تالقىنىنى سىركىگە ئارىلاشتۇرۇپ يەرلىك ئورۇنغا چاپسا، قولتۇق پۇراشقا مەنپەئەت قىلىدۇ.

3. ئۇستىقۇددۇس، ئۇد سەلىب 10 گىرامدىن، گاۋزىباندىن 15 گىرام، پەرەنجەمىشكىدىن 10 گىرام، سازەج ھىندىدىن 15 گىرام ئېلىپ، قايىنىتىپ ئىچسە، يۈرەك ۋە مېڭىنى قۇۋۋەتلەيدۇ.

4. سازەج ھىندى، پىننە، دارچىن، قەلەمپۇر، زەنجىۋىلنىڭ ھەربىرىدىن 10 گىرام ئېلىپ، چايلىق تەييارلاپ ئىچسە، ھەزىم ناچارلىق ۋە قورساق كۆپۈشكە شىپا بولىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] 2 ~ 4 گىرامغىچە.

[زىيانلىق تەسىرى] ئىسسىقچان كىشىلەرنىڭ بېشىنى ئاغرىتىدۇ، ئۆپكىگە ۋە دوۋساقتا زىيان قىلىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] بىنەپشە، سەندەل.

[ئورۇنباسارى] سۇمبۇل، قېلىن دارچىن.

[ۋەكىل خاراكتېرلىك پىششىق دورا ياسالمىسى] مەجۇنى سازەج، داۋائىلمىشكى، جاۋارىش ئەنبەر.

## مەرزەنجۇش

## 买尔赞朱西

## (牛至 niu zhi)

[باشقا ئاتىلىشى] مەرزەنجۇش كوھى، مەرزەنگۇش، دۇنا مەرۋا، جەمبىل

[لاتىنچە نامى] Herba riganum vulgare

[ئىنگلىزچە نامى] Common origaum Herb

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com


مەرزەنجۇش

[تونۇش] بۇ، كالپۇكسىمان گۈللۈكلەر ئائىلىسىدىكى سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك جەمبىل بولۇپ، غولى تىك ئۆسىدۇ. يۇقىرىقى قىسمى كۆپىنچە ئۇدۇل شاخلىنىدۇ، يوپۇرمىقى تار، تۇخۇم شەكلىدە، تولۇق گىرۋەكلىك كېلىدۇ، يوپۇرماق قولتۇقلىرىدا كۆپىنچە ئۇششاق شاخچىلىرى بولىدۇ، گۈلى كىچىك، سۆسۈن، ئۆگزىسىمان گۈل رېتى بولۇپ، كونۇس شەكلىدە توپلىنىدۇ، ئۆتكۈر پۇراقلىق، تەمى ئاچچىق بولۇپ، بۇ ئۆسۈملۈكنىڭ يەر ئۈستى قىسمى دورىغا ئىشلىتىلىدۇ. بۇ ئۆسۈملۈك ئادەتتە تاغنىڭ ھەم ئۆلكىنىڭ دەپ ئىككى خىل بولىدۇ. (29 . 14 ـ رەسىم)

[چىقىش ئورنى] شىنجاڭنىڭ ھەممە جايلىرىدىن تېپىلىدۇ، تاغ باغرىدا ۋە يايلاقلاردا ئۆسىدۇ.

[يىغىپ ساقلاش] ياز پەسلىدە گۈلى تولۇق ئېچىلغاندا يىغىۋېلىپ قۇرۇتۇپ، قۇرغاق، سايە جايدا ساقلىنىدۇ.

[خىمىيىلىك تەركىبى] تەركىبىدە ئۇچۇچان ماي ھەم ستاخىئوزا قاتارلىق ماددىلارنى تۇتىدۇ.

[فارماكولوگىيىلىك تەسىرى] باكتېرىيىگە قارشى تەسىرى بار. ئىممۇنىتېت ئىقتىدارىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش تەسىرى بار. سىلىق يوللۇق مۇسكۇللارغا نىسبەتەنمۇ تەسىرى بار، ئۇلاردىن باشقا سۈيدۈك ھەيدەش، بەلغەم بوشىتىش تەسىرى بار.

[لايىقلاشتۇرۇلۇشى] توغراش، قۇرۇتۇش ئارقىلىق لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

[تەبىئىتى] بىرىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق، تاغنىڭ قۇرۇق ئىسسىقلىقى ئارتۇقراق كېلىدۇ.

[خۇسۇسىيىتى] يۈرەك ۋە مېڭىنى قۇۋۋەتلەش، ئاشقازان ۋە ئۈچەينى تازىلاش، توسالغۇلارنى ئېچىش، ئارتۇق ھۆللۈكلەرنى قۇرۇتۇش، مەددە قۇرتنى چۈشۈرۈش، زەھەر قايتۇرۇش، ھامىلىنى ساقلاش، تال خىزمىتىنى ياخشىلاش، بەدەننى سەمرىتىش، كۆرۈش قۇۋۋىتىنى ئاشۇرۇش، ئىشتىھا ئاچقۇچىسىنى ياندۇرۇش، پەي ـ مۇسكۇللارنى چىڭىتىش، سۈيدۈك ۋە ھەيزنى راۋانلاشتۇرۇش، قاننى جانلاندۇرۇش خۇسۇسىيەتلىرى بار.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر] يۈرەك ۋە مېڭە ئاجىزلىقى، يۈرەك قوزغىلىش، ئۆپكە ياللۇغى، باش ئاغرىقى، چىش ئاغرىقى، سوغۇقتىن بولغان سۈيدۈك تۇتۇلۇش، بالىياتقۇ كېسەللىكلىرى، قاتتىق ئىششىق، پالەچ، يۈز نېرۋىسىنىڭ پالىچى، بەدەن ئاجىزلىق، كۆرۈش كۈچى ئاجىزلىقى، ھەيز قالايمىقانلىشىش ۋە مەددە قۇرتلارنى يوقىتىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. مەرزەنجۇشنى ئەنجۈر سۈيى بىلەن ئىچسە، نەپەس سىقىلىش ۋە ئۆپكە ياللۇغىغا پايدا قىلىدۇ.

2. 15 گىرام مەرزەنجۇشنى قايناتىپ سۈيىگە سىركەنجۇبىل قوشۇپ ئىچىپ بەرسە، ھامىلە چۈشۈپ كېتىشنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ.

3. 10 گىرام مەرزەنجۇشنى زەيتۇن يېغى بىلەن قوشۇپ ئىچىپ بەرسە، قورساق ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ.

4. مەرزەنجۇش بىلەن خىيارشەنبەردىن يەتتە گىرامدىن ئېلىپ قوشۇپ ئېزىپ، ھەر خىل تاياق ۋە زەخىملەرگە چاپسا، ئاغرىق پەسەيتىدۇ ھەم كۆكنى يوقىتىدۇ.

5. مەرزەنجۇشنى چاينىسا، چىش ئاغرىقىنى توختىتىدۇ.

6. توققۇز گىرام مەرزەنجۇشنى ھەسەل بىلەن قوشۇپ ئىچسە، چايان چاققان يەرنىڭ زەھىرىنى قايتۇرۇپ، ئاغرىقنى توختىتىدۇ.

7. 10 گىرام مەرزەنجۇشنى ئېزىپ، گۈل يېغى بىلەن ياكى يەككە ھالەتتە بەدەنگە چاپسا، پالەچ، لەقۋا، رەئشە، مۇپاسىل، قۇلۇنجى، ئاشقازان ۋە ئۈچەي ئاغرىقلىرىغا پايدا قىلىدۇ.

8. مەرزەنجۇشنىڭ سىقىلغان سۈيىنى كۆزگە تېمىتسا، كۆزگە ئاق چۈشۈشكە پايدىلىق.

[**ئىشلىتىش مىقدارى**] 15 گىرامغىچە.

[**زىيانلىق تەسىرى**] بۆرەك ۋە دوۋساققا زىيان قىلىدۇ.

[**تۈزەتكۈچىسى**] كاسىنە، سېمىزئوت.

[**ئورۇنباسارى**] تاغ يالپۇزى، ئەپسەنتىن، سىيادان.

[**ۋەكىل خاراكتېرلىك پىششىق دورا ياسالمىسى**] شەربىتى مەرزەنجۇش، ئوكۇلى مەرزەنجۇش.

## مەرۋايىت

## 买日瓦衣提

## （珍珠 zhen zhu）



مەرۋايىت

[**باشقا ئاتىلىشى**] لۇئلى، مەرۋايىت، موتى

[**لاتىنچە نامى**] Pinctada margantifera

[**ئىنگلىزچە نامى**] pearl

[**تونۇش**] مەرۋايىت سەدەپنىڭ ئىچىدىن چىقىدۇ، بۇنىڭ بەزىسى چوڭ، بەزىسى كىچىك بولۇپ، كىچىكى كۆكنار ئۇرۇقىدىنمۇ ئۇششاقراق، چوڭى قۇشقاچ تۇخۇمىدىنمۇ چوڭراق، بەزىسى كەپتەر تۇخۇمىدەك بولىدۇ، لېكىن بۇ خىلدىكىسى بەك ئاز ئۇچرايدۇ، بەزىسى 12 گىرام چوڭلۇقتا بولىدۇ. بۇنىڭ ياخشىسى ئاق، ساپ، پارقىراق، يۇملاق، سىلىق بولغىنىدۇر، بۇ خىلدىكىسى بەھرەيىن، ھورمۇز، ئومان قاتارلىق ئورۇنلاردىنمۇ چىقىدۇ. بەزىلەرنىڭ ئېيتىشىچە، ھورمۇزدىن چىقىدىغىنى بەھرەيىندىن چىقىدىغىنىدىن ياخشىراق، بۇنىڭدىن قالسا تۇخۇم شەكلىدە كېلىدىغانلىرى بولۇپ، باشقا شەكىللىرى ئاق، پارقىراق بولىدۇ، ئادەتتە مەرۋايىت ئۈچ خىل بولىدۇ. بىرىنچى

خىلى سېرىق، ئىككىنچى خىلى قارا، ئۈچىنچى خىلى تۈتۈق بولۇپ، بەك ئۈششاق بولغىنى ناچار ھېسابلىنىدۇ. (29 . 8 ـ رەسىم)

[چىقىش ئورنى] ئېلىمىزنىڭ جەنۇبىي دېڭىز بويىلىرىدىن، بەھرەيىن، ئومان قاتارلىق ئوتتۇرا شەرق دۆلەتلىرىدىنمۇ چىقىدۇ.

[يىغىپ ساقلاش] تەبىئىي مەرۋايىتنى يىل بويى يىغىۋالغىلى بولىدۇ، 12 ـ ئاي مەزگىلى ئەڭ ياخشى مەزگىل بولۇپ، دېڭىز ئىچىدىن سۈزۈۋېلىنغان قۇلۇلىلەرنى تۇتقاندىن كېيىن يېرىپ مەرۋايىت ئېلىنىدۇ. ئاندىن مەرۋايىت بىلەن سەدەپ ئايرىپ پىششىقلاپ ئىشلىتىلىدۇ. مەرۋايىتنى ئىشقارلىق سۇ بىلەن يۇيۇپ لايلىرىنى چىقىرىپ، پاكىز سۇ بىلەن چايقىلىدۇ. رەخت بىلەن ئوراپ دۇفۇ ياكى پۇرچاق سۈتى بىلەن تەخمىنەن ئىككى سائەت قاينىتىپ، سۈزۈپ ئېلىپ يۇيۇلىدۇ.

[خىمىيەلىك تەركىبى] مەرۋايىت تەركىبىدە كالتسىي كاربونات، كۆپ خىل ئامىنو كىسلاتالار، مەسىلەن: لېيۇسىن (Lueucini)، مېتئونىن (Methionine)، ئالانىن (Alanine)، گىلىتسىن (Glycine) قاتار-لىق 20 نەچچە خىل ئامىنو كىسلاتاسى بار، يەنە ئاز مىقداردا قوغۇشۇن، ناترىي، مىس، سىنىك، ماگنىي، مانگان قاتارلىق ئانورگانىك تۇزلارمۇ بار.

[فارماكولوگىيەلىك تەسىرى] مەرۋايىتتىن ئايرىۋېلىنغان سۇيۇقلۇقنىڭ تەندىن ئايرىلغان توشقان ئۈچىيىگە قارىتا تورمۇزلاش رولى بار. ئۇنىڭدىن باشقا مەرۋايىتنىڭ سۆڭەك ئۆسمىسىنى تورمۇزلاش تەسىرى بار.

[لايىقلاشتۇرۇلۇشى] قىزدۇرۇش ئارقىلىق لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىنىڭ ئاخىرىدا قۇرۇق سوغۇق.

[خۇسۇسىيىتى] يۈرەك ۋە مېڭىنى قۇۋۋەتلەش، كۆڭۈلنى ئېچىش، بەدەننى قۇۋۋەتلەش، نېرۋىنى قۇۋۋەتلەش، قان توختىتىش، تۇتۇش، كۆرۈش قۇۋۋىتىنى ئاشۇرۇش، قاننى تازىلاش خۇسۇسىيىتى بار.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر] يۈرەك ۋە نېرۋا ئاجىزلىقى، يۈرەك قوزغىلىش، جۇنۇن، ۋەسۋەسىچە-لىك، يۈرەك، جىگەر، ئاشقازان ۋە بۆرەك ئاجىزلىقى، مەنىي بالدۇر يۈرۈپ كېتىش، ئاق خۇن كۆپ كېلىش، قانلىق ئىچ سۈرۈش، بۇۋاسىر، ھەيز كۆپ كېلىش، قىزىل، چېچەك، داغ، يىرىڭلىق جاراھەت، كۆرۈش قۇۋۋىتى ئاجىزلاش قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. مەرۋايىتتىن ئىككى گىرام، قىزىلگۈل، ئاق سەندەل 10 گىرامدىن، گاۋزىباندىن 15 گىرام، ناۋاتتىن مۇۋاپىق مىقداردا ئېلىپ سۇفۇف تەييارلاپ ئىچسە، مېڭە ۋە يۈرەكنى قۇۋۋەتلەيدۇ.

2. سۈرمە بىلەن مەرۋايىتنى تەڭ مىقداردا ئېلىپ سوقۇپ، كۈندە بىر قېتىم كۆزگە تارتسا، كۆرۈش قۇۋۋىتىنى ئاشۇرىدۇ.

3. سەدەپ بىلەن مەرۋايىتنى تەڭ مىقداردا ئېلىپ سالايە قىلىپ، ئىسپىغول لۇئابىغا ئارىلاشتۇرۇپ، تېرىدىكى داغلارغا كۈندە بىر قېتىم چاپسا داغنى چۈشۈرىدۇ.

4. ئەنجبار، ئاقاقىيا بەش گىرامدىن، ئانارگۈلدىن ئۈچ گىرام، بۇغا مۈڭگۈزى، مەرۋايىتتىن ئىككى گىرامدىن ئېلىپ، سوقۇپ سۇفۇف قىلىپ، كۈندە ئىككى قېتىم ئىچىپ بەرسە، قان توختىتىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] 1 ~ 2 گىرامغىچە.



www.uyghurkitap.com

[**زىيانلىق تەسىرى**] دوۋساققا زىيان قىلىدۇ.
[**تۈزەتكۈچىسى**] ھەسەل، كەتىرا.
[**ئورۇنباسارى**] بىخ مارجان، زۇمرەت، سەدەپ.
[**ۋەكىل خاراكتېرلىك پىششىق دورا ياسالمىسى**] خېمىرى مەرۋايىت، قۇرسى مەرۋايىت، سۇفۇپى ھېقىق، ھەببى ھېقىق، سۇنۇنى ھېقىق، داۋائىلمىشكى.

## دۇرنەج ئەقرەبى
## 代如乃吉
### （印度多榔菊 yin du duo lang ju）

[**باشقا ئاتىلىشى**] دۇرۇنجى ئەقرەبى
[**لاتىنچە نامى**] Radix Doronicum hookarii
[**ئىنگلىزچە نامى**] Leopards Bane



دۇرنەج ئەقرەبى

[**تونۇش**] بۇ، مۇرەككەپ گۈللۈكلەر ئائىلىسىدىكى ئۆسۈملۈك ھىندى دۇرنەجىنىڭ يىلتىزى بولۇپ، شەكلى چاياڭغا ئوخشايدۇ، پوستى كۆل رەڭ، ئىككى ياكى ئۈچ بوغۇملۇق بولىدۇ، بۇنىڭ ئەڭ ياخشىسى بىر ئاز ئاچچىق، خۇشبۇي، قاتتىق، ئىچى ئاق بولغىنىدۇر. (29. 16 ـ رەسىم)
[**چىقىش ئورنى**] ئىران، خۇراسان قاتارلىق چەت ئەللەردىن چىقىدۇ، ھىندىستاندىمۇ مۇشۇ تۈر بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان ئۆسۈملۈك بولۇپ، بۇنىڭ قۇۋۋىتى خۇراساندىن چىقىدىغان دۇرنەجدىن تۆۋەن.
[**يىغىپ ساقلاش**] كۈز ۋە قىشتا كولاپ ئېلىپ، يۇيۇپ قۇرۇتۇپ ساقلىنىدۇ.
[**لايىقلاشتۇرۇلۇشى**] يۇيۇپ توغراپ، قۇرۇتۇش ئارقىلىق لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.
[**خۇسۇسىيتى**] يۈرەك، ئاشقازان، جىگەر، پەي ۋە نېرۋىلارنى قۇۋۋەتلەش، بەدەننى قىزىتىش، ئارتۇق ھۆللۈكنى قۇرۇتۇش، يەلنى ھەيدەش، ئاغرىق پەسەيتىش، ھامىلىنى ساقلاش، زەھەر قايتۇرۇش خۇسۇسىيەتلىرى بار.
[**ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر**] يۈرەك ئاجىزلىقى، يۈرەك قوزغىلىش، ئۇنتۇغاقلىق، تۇتقاقلىق كېسەللى، مالىخولىيا، پەي ۋە نېرۋا ئاجىزلىقى، پالەچ، يۈز نېرۋىسىنىڭ پالەچى، ۋابا، ئامىيوبالىق تولغاق، چۇما، ئادەتلەنگەن بويىدىن ئاجراش قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. كافۇر، دۇرنەج ئەقرەبى 12 گىرامدىن، جەدۋار، بىنەپشىدىن تۆت گىرامدىن ئېلىپ، دورىلارنى يۇمشاق سوقۇپ، ئەرقى گۈلاب بىلەن خېمىر قىلىپ، كۆمىلاچ تەييارلاپ ئىچسە، يۈرەك ۋە نېرۋا كېسەللىكلىرىگە پايدا قىلىدۇ.

2. دۇرنەج ئەقرەبىدىن 10 گىرام، زەپەردىن يەتتە گىرام، داۋائىلمىشكىدىن 20 گىرام، جەدۋاردىن 30 گىرام ئېلىپ، ھەسەل بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ، مەجۇن تەييارلاپ ئىچىپ بەرسە، يۈرەككە قان يېتىشمەسلىككە مەنپەئەت قىلىدۇ.

3. بادرەنجبۇيا، ئۇستىقۇددۇس، دۇرنەج ئەقرەبىدىن 10 گىرامدىن، غارىقۇندىن يەتتە گىرام، گاۋزىباندىن 10 گىرام، لاچىنداندىن يەتتە گىرام ئېلىپ، سۇفۇپ تەييارلاپ ئىچىپ بەرسە، ئۇنتۇغاقلىق، سەرئى، مالىخولىيا قاتارلىقلارغا مەنپەئەت قىلىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] 3 ~ 6 گىرامغىچە.

[زىيانلىق تەسىرى] ئىسسىق مىزاجلىق كىشىلەرنىڭ بېشىنى ئاغرىتىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] تەمرىھىندى، بىنەپشە.

[ئورۇنباسارى] زورەمباد.

[ۋەكىل خاراكتېرلىك پىششىق دورا ياسالمىسى] مەجۇنى دۇرنەج، مۇپەررىھى ياقۇت، لوبوبى كەبىر، داۋائىلمىشكى.

## نارمىشكى

## 那尔米西克

(铁力木 tie li mu)



نارمىشكى

[باشقا ئاتىلىشى] مىشكى رۇمانى، نار مىشكى

[لاتىنچە نامى] Mesua ferrea

[ئىنگلىزچە نامى] Mesa

[تونۇش] بۇ، سېرىقچاي ئائىلىسىدىكى دائىم ياشىرىپ تۇرىدىغان دەرەخ، نارمىشكى دەرىخى (Mesua ferrea) نىڭ گۈللىرىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى خۇش پۇراقلىق ماددىسىدىن ئىبارەت. (29.17 ـ رەسىم)

[چىقىش ئورنى] ئېلىمىزنىڭ يۇننەن ئۆلكىسىدىن ھەمدە ياۋروپا، ھىندىستان، پاكىستان، بىرما قاتارلىق ئەللەردىن چىقىدۇ.

[يىغىپ ساقلاش] 3 ~ 5 ـ ئايلاردا گۈلى ئېچىلغاندا يىغىۋېلىپ، سايىدا قۇرۇتۇپ ساقلىنىدۇ.

[لايىقلاشتۇرۇلۇشى] قۇرۇتۇپ ساپلاشتۇرۇلىدۇ.

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى] كۆڭۈلنى خۇش قىلىش، يۈرەكنى قۇۋۋەتلەش، ئىچ سۈرۈشنى توختىتىش، ھۆللۈكلەرنى قۇرۇتۇش، نېرۋىنى تىنچلاندۇرۇش، ماددىلارنى تارقىتىش، باھنى قۇۋۋەتلەش خۇسۇسىيەتلىرى بار.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر] يۈرەك، مېڭە، ئاشقازان، باھ، پەي ۋە جىنسىي ئاجىزلىق، بوۋاسىر قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. نارمىشكىدىن 10 گىرام ئېلىپ سۇفۇپ تەييارلاپ، ئاخشىمى سۇغا چىلاپ قويۇپ، ئەتىگەندە سۈزۈپ سۈيىگە ناۋات ياكى ھەسەل قوشۇپ ئۇدا بىر نەچچە كۈن ئىچىپ بەرسە، بوۋاسىرنىڭ قېنىنى توختىتىدۇ ۋە بوۋاسىر تۈگۈنچىلىرىنى يوقىتىدۇ.

2. نارمىشكىدىن ئەرەق تەييارلاپ، كۈندە 15 مىللىلىتىردىن ئىچىپ بەرسە، باھنى قۇۋۋەتلەيدۇ.

3. نارمىشكىنى تالقانلاپ يارىلارغا سەپسە، زەخىملەرنىڭ سۈيىنى يوقىتىدۇ.

4. نارمىشكىدىن مۇۋاپىق مىقداردا ئېلىپ، تاماقتىن بۇرۇن ئىچىپ بەرسە، مەدەدە قۇرتلارنى ئۆلتۈرىدۇ.

5. مەستىكى، گۈلنار 10 گىرامدىن، ئاقىرقەرھا، كۈندۈر، نارمىشكىنىڭ ھەربىرىدىن بەش گىرام ئېلىپ، دورىلارنى سۇفۇپ قىلىپ يېسە، مەنىي بالدۇر يۈرۈپ كېتىش ۋە كۆپ ئېھتىلام بولۇشقا شىپا بولىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] 3 ~ 5 گىرامغىچە.

[زىيانلىق تەسىرى] ئۆت خالتىسىغا زىيان قىلىدۇ، ئىسسىق مىزاجلىقلارغا زىيان قىلىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] ھەسەل، كاسنىە.

[ئورۇنباسارى] باراۋەر مىقداردا زىرە، پەرەنجىمىشكى، زەنجىۋىل، سەئدى كۈفى.

[ۋەكىل خاراكتېرلىك پىششىق دورا ياسالمىسى] ھەببى نارمىشكى، مۇپەررىھى ياقۇت مۆتەدىل، ئەۋرىشىم شەربىتى.

## پەرەنجىمىشكى

## 排然吉木西克

## (丁香罗勒 ding xiang luo le)

[باشقا ئاتىلىشى] فەرەنجى مىشكى، بالەنگو ئى خور، رام تەلسى

[لاتىنچە نامى] Herba Ocimum gratissimi

[ئىنگلىزچە نامى] Steetseented Basil Herb

[تونۇش] بۇ، كالپۈكسىمان گۈللۈكلەر ئائىلىسىدىكى ئۆسۈملۈك پەرەنجىمىشكىنىڭ پۈتۈن چۆپى بولۇپ، رەيھان ئۆسۈملۈكىنىڭ بىر تۈرى ھېسابلىنىدۇ. رەيھان ئۆسۈملۈكىدىن ئېگىز ۋە تىكەنلىك

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى



پەرەنجمىشكى

بولىدۇ. يوپۇرمىقى چوڭ بولىدۇ. پۇرىقى ئۆتكۈر كېلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن «قەلەمپۇر بوستانى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ، پۇرىقى ئىپارنىڭ پۇرىقىغا ئوخشىغانلىقى ئۈچۈن «پەرەنجمىشكى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئۆسۈملۈك غولىنىڭ ئېگىزلىكى 1 ~ 5 مېتىرغىچە بولۇپ تۈز ئۆسىدۇ. غولىدا يۇمران، ئۇزۇن تۈكچىلەر بار. بۇ ئۆسۈملۈك ئىككى خىل بولۇپ، بىرى ئۆلكىنىڭ، بۇ «پەرەنجمىشكى ھىندى» دېيىلىدۇ. يەنە بىرى جاڭگالنىڭ بولۇپ، «پەرەنجمىشكى چىنى» دەپ ئاتىلىدۇ. بۇنىڭ رەڭگى كۆك سېرىقنىڭ ئارىلىقىدا بولۇپ، قارىئۆرۈكنىڭ رەڭگىگە ئوخشاپ كېتىدۇ. (19.29 ـ رەسىم)

[چىقىش ئورنى] ئېلىمىزنىڭ جەنۇبىي ئۆلكىلىرىدىن ھەمدە ئافرىقا، ھىندىستان، ئەرەبىستان، برازىلىيە قاتارلىق ئەللەردىن چىقىدۇ.

[خىمىيەلىك تەركىبى] ئاز مىقداردا ئۈچۈچان ماي بار، ماينىڭ ئاساسلىق تەركىبى ئارپىبەدىيان مېتىلى ( Methyli aenicculum ) ، 55% ئېستىراگول مېتىل خاۋىكول (Estragole methylchavicol) ، 34%~40% لىنالول (Lenalol) ، ئاز مىقداردا قەلەمپۇر فېنولى قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.

[لايىقلاشتۇرۇلۇشى] يۇيۇپ قۇرۇتۇش ئارقىلىق لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى] مېڭە، يۈرەك، جىگەر ۋە ئاشقازاننى قۇۋۋەتلەش، بۇرۇننىڭ توسالغۇلىرىنى ئېچىش، تېرىنى سىلىقلاشتۇرۇش، چىرىشكە قارشى تۇرۇش، يەل ھەيدەش، كېكىرتىش، ئىشتىھانى ئېچىش خۇسۇسىيەتلىرى بار.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر] يۈرەك ئاجىزلىقى، يۈرەك تىترەش، يۈرەك قوزغىلىش، مالىخولىيا، نەزلىلىك زۇكام، يۆتەل، ئاشقازان ۋە جىگەر ئاجىزلىقى، ئىشتىھاسىزلىق قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. بادرەنجبۇيىدىن بەش گىرام، گاۋزىبان ھىندىدىن ئۈچ گىرام، پەرەنجمىشكىدىن ئۈچ گىرام ئېلىپ، سۇفۇپ قىلىپ ئىچسە، غەيرىي تەبىئىي بەلغەم ۋە غەيرىي تەبىئىي سەۋدا خىلتىدىن بولغان يۈرەك قوزغىلىشقا شىپا بولىدۇ.

2. سۇمبۇل، بەسباسە، گاۋزىبان، لاچىندانە، پەرەنجمىشكى، رەيھان ئۇرۇقىنىڭ ھەربىرىدىن 10 گىرام ئېلىپ قايىنىتىپ ئىچسە، مېڭە ۋە يۈرەكنى قۇۋۋەتلەيدۇ، كۆڭۈلگە خۇشلۇق يەتكۈزىدۇ.

3. ئۇستىقۇددۇس، پەرەنجمىشكى، گاۋزىبان، بەدىياننىڭ ھەربىرىدىن 10 گىرام، دارچىن، قەلەمپۇردىن يەتتە گىرامدىن ئېلىپ، چايلىق تەييارلاپ ئىچسە، مېڭە ۋە يۈرەكنى قۇۋۋەتلەيدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] 5 ～ 7 گىرامغىچە.
[زىيانلىق تەسىرى] ئاشقازانغا زىيان قىلىدۇ، باشنى ئاغرىتىدۇ.
[تۈزەتكۈچىسى] بىنەپشە، سىركەنجىۋىل.
[ئورۇنباسارى] بالەنگو، بادرەنجىبۇيا.
[ۋەكىل خاراكتېرلىك پىششىق دورا ياسالمىسى] مۇپەررىھى پەرەنجىمىشكى، داۋائىلمىشكى، داۋائى كۇركۇم، مۇپەررىھى ئەۋرىشىم.

## ياقۇت

## 亚库提

(红宝石 hong bao shi)

[باشقا ئاتىلىشى] مانىك ياقۇت كۆشتىسى
[لاتىنچە نامى] Rubinus
[ئىنگلىزچە نامى] Rubiy
[تونۇش] بۇ بىر خىل مىنېرال بولۇپ، ئۈچ ياقلىق كىرىستال سىستېمىسىغا كىرىدۇ. رەڭگىنىڭ ئوخشىماسلىقىغا ئاساسەن قىزىل ياقۇت، ئاق ياقۇت، سېرىق ياقۇت، يېشىل ياقۇت دەپ بىرقانچە تۈرگە بۆلۈنىدۇ، قىزىل ياقۇت بىلەن يېشىل ياقۇت خەلقئارالىق سورت بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. (19.29 ـ رەسىم)
[چىقىش ئورنى] شىنجاڭدىن چىقىدۇ. تۈركىيە، يەمەن، مىسىر قاتارلىق ئەللەردىنمۇ چىقىدۇ.
[يىغىپ ساقلاش] كانلاردىن كولاپ قېزىپ ئېلىپ ساپلاشتۇرۇپ، ھەر خىل رەڭلەردىن ئىس ـ تۈتەك، ھور ۋە مايلاردىن خالىي جايدا ساقلىنىدۇ.
[خىمىيىلىك تەركىبى] تۆمۈر، ئاليۇمىن، ماگنىي، خىروم، تۆمۈر، كالتسىي قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.
[لايىقلاشتۇرۇلۇشى] قىزدۇرۇش ئۇسۇلى ياكى كۆشتە قىلىش ئۇسۇلى ئارقىلىق لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.
[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.
[خۇسۇسىيىتى] يۈرەك ۋە مېڭىنى قۇۋۋەتلەش، كۆڭۈلنى ئېچىش، قاننى تازىلاش، قان توختىتىش، كۆزنى روشەنلەشتۈرۈش، زەھەر قايتۇرۇش خۇسۇسىيەتلىرى بار.
[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر] مېڭە ئاجىزلىقى، يۈرەك سېلىش، يۈرەك چالاڭغۇراش (خەفەقان)، نېرۋا ئاجىزلىقى، جۇنۇن، سەرئى، كۆرۈش كۈچى ئاجىزلىقى قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.
[ئىشلىتىلىش ئۇسۇلى] ياقۇتنى كۆشتە قىلىپ يۇمشاق سوقۇپ، باشقا دورىلار بىلەن قوشۇپ، خېمىرى مەرۋايىت، مۇپەررىھى ياقۇت، داۋائىلمىشكى، مۇپەررىھى ئەۋرىشىم قاتارلىق ياسالمىلارنى تەييارلاپ ئىستېمال قىلسا، يۇقىرىقى كېسەللىكلەرگە پايدا قىلىدۇ ياكى ياقۇتنى كۆشتە قىلىپ، باشقا مۇناسىپ دورىلار بىلەن قوشۇپ ئىستېمال قىلىنىدۇ.
[ئىشلىتىش مىقدارى] 0.1 ～ 1 گىرامغىچە.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

[زىيانلىق تەسىرى] كۆشتە قىلماي ئىشلىتىشكە بولمايدۇ، ھەزىمنى بۇزىدۇ.
[تۈزەتكۈچىسى] مەستىكى رۇمى، ئەنبەر، ئالتۇن.
[ئورۇنباسارى] مەرۋايىت، كەھرىۋا.
[ۋەكىل خاراكتېرلىك پىششىق دورا ياسالمىسى] مۇپەررىھى ياقۇت.

## رەيھان ئۇرۇقى
## 热依汗欧如合
## (罗勒子 luo le zi)

[باشقا ئاتىلىشى] بەزرۇل رەيھان، تۇخۇمى رەيھان
[لاتىنچە نامى] Semen dcimum basilicum
[ئىنگلىزچە نامى] basil Seed
[تونۇش] بۇ، كالپۇكسىمان گۈللۈكلەر ئائىلىسىدىكى بىر يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك بولۇپ، ئۇرۇقى تۇخۇم شەكىللىك، سىرتقى كۆرۈنۈشى كۆل رەڭگە مايىل قوڭۇر ياكى قارا رەڭدە بولىدۇ. سەل پارقىرايدۇ، تەمى سۇس، پۇرىقى ئاجىز كېلىدۇ. (20.29 ـ رەسىم)
[چىقىش ئورنى] شىنجاڭنىڭ كۆپلىگەن جايلىرىدا تېرىپ ئۆستۈرۈلىدۇ. يەنە ھىندىستان، ئافرىقا، ئەرەبىستان، بىرازىلىيە قاتارلىق ئەللەردىنمۇ چىقىدۇ.
[يىغىپ ساقلاش] 9 ـ ئايلاردا ئۇرۇقى پىشقاندا يىغىۋېلىپ قۇرۇتۇپ، قۇرغاق، سايە جايدا ساقلىنىدۇ. سۇدا يۇيۇشقا بولمايدۇ.
[خىمىيەلىك تەركىبى] ئۇرۇقى تەركىبىدە تەخمىنەن %8 كۆل ماددىسى، %16.40 ئاقسىل، %16.80 ماي، %24.14 تالا، % 23.3 كاربون سۇ بىرىكمىلىرى بار. ئۇرۇقىنىڭ يېغىدا %3.31 پالمېتىك كىسلاتا، %6.4 قاتتىق كىسلاتا، %15.4 ياغ كىسلاتاسى، %56.03 لىنول كىسلاتاسى قاتارلىقلار بار.
[لايىقلاشتۇرۇلۇشى] قۇرۇتۇپ ساپلاشتۇرۇلىدۇ.
[تەبىئىتى] بىرىنچى دەرىجىدە قۇرۇق سوغۇق.
[خۇسۇسىيىتى] مېڭە ۋە يۈرەكنى قۇۋۋەتلەش، ئاغرىق توختىتىش، تۇتۇش قۇۋۋىتىنى ئاشۇرۇش، كۆڭۈلگە خۇشلۇق يەتكۈزۈش، ئىچنى قاتۇرۇش خۇسۇسىيەتلىرى بار.
[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر] يۈرەك رىتىمسىزلىقى، مېڭە ئاجىزلىقى، ئىچ سۈرۈش، ئۈنتۇغاقلىق قاتارلىق كېسەللىكلەرگە ئىشلىتىلىدۇ.
[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]
1. رەيھان ئۇرۇقىدىن 10 گىرام، ئەرەب يېلىمىدىن يەتتە گىرام ئېلىپ، سوقۇپ تالقانلاپ ئىچسە، ئىچ سۈرۈشكە مەنپەئەت قىلىدۇ.
2. رەيھان ئۇرۇقى، پەرەنجەمشكى، لاچىندانە، سۇمبۇل قاتارلىقلاردىن 10 گىرامدىن ئېلىپ،

چايلىق تەييارلاپ ئىچسە، يۈرەك ۋە مېڭىنى كۈچلەندۈرىدۇ.
[ئىشلىتىش مىقدارى] 3 ~ 7 گىرامغىچە.
[زىيانلىق تەسىرى] ئاشقازانغا زىيان قىلىدۇ.
[دىققەت قىلىدىغان ئىشلار] سۇغا يولۇقسا بىر ـ بىرىگە يېپىشىپ كاللەكلىشىۋالىدۇ، شۇڭا سۇدا يۇيۇشقا بولمايدۇ.
[تۈزەتكۈچىسى] ناۋات، مەرزەنجۇش، قىزىلگۈل.
[ئورۇنباسارى] كۈنۈچە ئۇرۇقى، چاققاقئوت ئۇرۇقى.
[ۋەكىل خاراكتېرلىك پىششىق دورا ياسالمىسى] رەيھان شەربىتى، سۇفۇپى رەيھان.

## ئاق سەندەل

## 阿克散代力

## (檀香 tan xing)

[باشقا ئاتىلىشى] سەندەل ئەبيەز، سەندەل سەفىد
[لاتىنچە نامى] Lignum Santalum album
[ئىنگلىزچە نامى] Sandalwood
[تونۇش] بۇ، سەندەل ئائىلىسىدىكى دائىم كۆكىرىپ تۇرىدىغان دەرەخ ئاق سەندەل (Santalumalbum) بولۇپ، ئېگىزلىكى 6 ~ 9 مېتىرغىچە كېلىدۇ. غولىنىڭ شەكلى سىلىندىرسىمان، خۇش پۇراق، تەمى ئاچچىق بولىدۇ. بۇ دەرەخنىڭ قۇرۇتۇپ پارچىلانغان ياغىچى دورىغا ئىشلىتىلىدۇ. (29.21 ـ رەسىم)



ئاق سەندەل

[چىقىش ئورنى] ئېلىمىزنىڭ خەينەنداۋ ئارىلىدا تېرىپ ئۆستۈرۈلىدۇ. ھىندىستان، ئىتالىيە، ھىندونېزىيە قاتارلىق دۆلەتلەردىن چىقىدۇ.
[يىغىپ ساقلاش] دەرەخنى تىكىپ 30 ~ 40 يىلدىن كېيىن كېسىۋېلىپ، ھەرىدەپ بۆلەكلەرگە ئايرىپ، رەڭگى سۇسراق بولغان ئەتراپىدىكى قىسمىنى چېپىپ ئېلىۋېتىپ، ئوتتۇرىدىكى قىسمى قۇرۇتۇپ دورىغا ئىشلىتىلىدۇ.
[خىمىيەلىك تەركىبى] سەندەلدە 6% ~ 2% كىچە ئۇچۇچان ماي بار. يەنە ئاز مىقداردا چۇمۇلە كىسلاتاسى، تاننىن، يېلىم قاتارلىقلار بار.
[فارماكولوگىيەلىك تەسىرى] ئاق سەندەل يېغى باكتېرىيەگە قارشى تۇرۇش، ياللۇغ قايتۇرۇش، يۈرەكنى كۈچەيتىش، سۈيدۈك ھەيدەش رولىغا ئىگە.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

[لايىقلاشتۇرۇلۇشى] ئېكەكلەش، سالايە قىلىش ئارقىلىق لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.
[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق سوغۇق.
[خۇسۇسىيىتى] خىلتسىز قۇرۇق ئىسسىق كەيپىياتنى ۋە غەيرىي تەبىئىي سەپرا خىلتنى تەڭشەش، يۈرەك ۋە مېڭىنى قۇۋۋەتلەش، كۆڭۈلگە خۇشلۇق يەتكۈزۈش، تىنچلاندۇرۇش، هارغىنلىقنى تۈگىتىش، چىرىشكە قارشى تۇرۇش، قاننى تازىلاش، قىزىتما قايتۇرۇش، قان بېسىمىنى چۈشۈرۈش خۇسۇسىيەتلىرى بار.
[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر] يۈرەك ئاجىزلىقى، يۈرەك قوزغىلىش، يۇقىرى قان بېسىم، مېڭە ئاجىزلىقى، باش ئاغرىقى، كونا يۆتەل، كاناي شاخچىلىرىنىڭ كېڭىيىپ كېتىشى، قىزىتما، قان سىيىش، سۈيدۈك كۆيۈشۈپ كېلىش، سۆزنەك قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.
[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]
1. سەندەلنى گۈلابتا تاشقا سۈرۈپ ياكى باشقا مۇناسىۋەتلىك دورىلار بىلەن داكىغا سۈركەپ، يۈرەكنىڭ ئۇدۇلىغا قويسا، يۈرەك سانجىقىنى توختىتىدۇ.
2. سەندەل، يۇمغاقسۈت ئۇرۇقىدىن 10 گرامدىن ئېلىپ سوقۇپ، گۈلاب بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ باش ساھەسىگە چاپسا، ئىسسىقتىن بولغان باش ئاغرىقىغا مەنپەئەت قىلىدۇ.
3. بىنەپشە، بىدمۇشكى، سەندەل، گاۋزىبان قاتارلىقلاردىن 10 گرامدىن ئېلىپ، چايلىق تەييارلاپ ئىچسە، هارارات ۋە ئۇسسۇزلۇق پەسەيتىدۇ.
[ئىشلىتىش مىقدارى] 5 ~ 7 گرامغىچە.
[زىيانلىق تەسىرى] باهقا زىيان قىلىدۇ.
[تۈزەتكۈچىسى] ھەسەل، ناۋات.
[ئورۇنباسارى] كافۇر، ئۆشنە.
[ۋەكىل خاراكتېرلىك پىششىق دورا ياسالمىسى] شەربىتى سەندەل، ئەرقى سەندەل، خېمىرى سەندەل.

## پويرارىيە يىلتىزى
## 破依日热依力提孜
## (葛根 ge gen)

[باشقا ئاتىلىشى] پويرارىيە
[لاتىنچە نامى] Radix Pueraria pseud
[ئىنگلىزچە نامى] Lobed kudzuvine Root
[تونۇش] بۇ، پۇرچاق ئائىلىسىدىكى پىلەك تارتىپ ئۆسىدىغان كۆپ يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك پويرارىيەنىڭ قۇرۇتۇلغان يىلتىزىدىن ئىبارەت بولۇپ، «پويرارىيە» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ. (22.29 ـ رەسىم)
[چىقىش ئورنى] ئېلىمىزنىڭ شەرقىي شىمال، خېنەن، شەندۇڭ، جياڭسۇ، سىچۈەن، يۈننەن قاتارلىق

جايلىرىدىن چىقىدۇ.

[يىغىپ ساقلاش] بۇ ئۆسۈملۈكنىڭ ئۇرۇقى پىشقاندا يىلتىزىنى كولاپ ئېلىپ، يۇيۇپ قۇرۇتۇپ ساقلىنىدۇ.

[خىمىيەلىك تەركىبى] ئاساسلىق تەركىبى ئىزوفىلاۋونلاردىن ئىبارەت.

[فارماكولوگىيەلىك تەسىرى] يۈرەك رىتىمىنى تەڭشەش، يۈرەك مۇسكۇلىنى قان بىلەن تەمىنلەش، يۈرەك قان تومۇرىنى كېڭەيتىش، قان بېسىمىنى چۈشۈرۈش، قاندىكى ماينى، قەنتنى تۆۋەنلىتىش، قىزىتما قايتۇرۇش، راكقا قارشى تۇرۇش، زەھەر قايتۇرۇش، مەستلىكنى يېشىش، بۆرەكنى قۇۋۋەتلەش رولى بار.

[تەبئىتى] بىرىنچى دەرىجىدە ھۆل سوغۇق.

[خۇسۇسىيىتى] يۈرەكنى ۋە «تەبئەت» نى قۇۋۋەتلەش، تەرلىتىش، مۇسكۇللارنى بوشىتىش، ئىششىق ياندۇرۇش، قىزىتما پەسەيتىش، ئىچ سۈرۈشنى توختىتىش خۇسۇسىيەتلىرى بار.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر] زۇكام، باش ئاغرىقى، كۆپ ئۇسساش، ئاغرىش، قىزىتما، ئىچ سۈرۈش، قىزىل، جاراسىملىق تولغاق، ئۈچەي يالل‍ۇغى قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. لوپنۇر كەندىرى، سەپرائوت يىلتىزى، پويرارىيە يىلتىزىدىن يەتتە گىرامدىن ئېلىپ قاينىتىپ ئىچسە، قىزىتما قايتۇرىدۇ.

2. ئاقباشئوتتىن 16 گىرام، مامىرانچىن، زىرىقنىڭ ھەربىرىدىن يەتتە گىرام، چۈغلۈق، ئەرمۇدۇن قوۋزىقى، پويرارىيە يىلتىزىدىن 10 گىرامدىن ئېلىپ قاينىتىپ ئىچسە، جاراسىملىق تولغاققا شىپا بولىدۇ.

3. نېلۇپەردىن 30 گىرام، ھۆل چۇچۇكبۇيادىن 20 گىرام، پويرارىيە يىلتىزىدىن 10 گىرامدىن ئېلىپ قاينىتىپ ئىچسە، ئۈچەي ياللۇغىغا شىپا بولىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] 4～16 گىرامغىچە.

[زىيانلىق تەسىرى] ئاشقازان، ئۈچەيگە زىيان قىلىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] پىننە، بەدىيان.

[ئورۇنباسارى] سەپرائوت يىلتىزى.

[ۋەكىل خاراكتېرلىك پىششىق دورا ياسالمىسى] پويرارىيە يىلتىزى قايناتمىسى.

## زورەمبات
## 祖然巴德
## (郁金 yu jin)

[باشقا ئاتىلىشى] ئۇرۇقول كافۇر، زۇرەنبات، نەركۇچۇر

[لاتىنچە نامى] Radix Curcuma wenyujin

[ئىنگلىزچە نامى] Wenchow Turmeric Root Tuber

www.uyghurkitap.com



زورەمبات

[تونۇش] بۇ، زەنجىۋىل ئائىلىسىدىكى ئۆسۈملۈك زەر-چىۋە، زورەمبات ياكى بوغۇزىنىڭ تۈگۈنەك يىلتىزى بولۇپ، ئىككى تەرىپى ئۇچلۇق، ئوتتۇرىسى دومباق، رەڭگى قوڭۇرغا مايىل سېرىق، تەمى ئاچچىق، پۇرىقى ئۆتكۈر بولىدۇ. (23.29 ـ رەسىم)

[چىقىش ئورنى] ئېلىمىزنىڭ سىچۈەن ئۆلكىسىدىن، ھىند-دىستان، پاكىستان، نېپال قاتارلىق ئەللەردىن چىقىدۇ.

[يىغىپ ساقلاش] 12 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرا ۋە ئاخىرلىرىدا، نوتا ۋە يوپۇرماقلىرى تەدرىجىي قۇرۇغاندا، ھاۋا ئوچۇق قۇر-غاق ۋاقىتنى تاللاپ، يەرنىڭ ئۈستىدىكى يوپۇرماقلىرىنى ئېلىۋېتىپ، يەرنىڭ ئاستىدىكى قىسمىنى چىقىرىپ، لاي ـ توپىلىرىنى قېقىۋەتكەندىن كېيىن، يىلتىز قىسمىنى كېسى-ۋېلىپ، ئاپتاپتا قۇرۇتۇلىدۇ.

[خىمىيەلىك تەركىبى] تەركىبىدە 1.6% ئۇچۇچان ماي، 0.3% زەرچىۋە سېرىق ماددىسى (Curcumin) قاتارلىقلار بار. ئۇنىڭدىن باشقا 40% ~ 30% كىچە كىراخمال، 3% ياغلىق ماي قاتارلىقلار بار.

[فارماكولوگىيەلىك تەسىرى]

1. ماي ماددىسىنىڭ ئالمىشىشغا بولغان تەسىرى: زورەمبات قاينىتىلمىسىدىن 10 مىللىلىتىر ئەتراپىدا توشقانغا ئىچكۈزۈلسە، 100 كۈندىن كېيىن قان زەردابى خولېستېرىنى يۇقىرىلايدۇ.

2. باشقا تەسىرى: زورەمباتنىڭ سۇدىكى چىلانمىسى تەجرىبە تەنچىسىدە كۆپ خىل كېسەللىك پەيدا قىلغۇچى باكتېرىيەلەرنى زەمبۇرۇغلارنى تىزگىنلەيدۇ. زورەمبات ئۇچۇچان مېيىنىڭ ئىمۇلسىيەلىك ياسالمىسى بىلەن ئىنسانلار ئۆت خالتىسىنى سايىلاندۇرۇپ تەكشۈرگەندە، ئۆت خالتىسىنى قىسقارتىش تەسىرى بولمايدۇ.

[لايىقلاشتۇرۇلۇشى] يۇيۇپ توغراش ئارقىلىق لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىنىڭ ئاخىرىدا قۇرۇق ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى] يۈرەك، مېڭە، ئاشقازان، باھ ۋە پەينى، جىگەرنى قۇۋۋەتلەش، توسالغۇلارنى ئېچىش، كۆڭۈلگە خۇشلۇق يەتكۈزۈش، ئىشتىھانى ئېچىش، يەل ھەيدەش، ھۆللۈكلەرنى قۇرۇتۇش، ئىچ سۈرۈشنى توختىتىش، بەدەننى سەمرىتىش، چىرىشكە قارشى تۇرۇش، سۈيدۈك ۋە ھەيزنى راۋان قىلىش خۇسۇسىيەت-لىرى بار.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر] يۈرەك سېلىش، بەلغەم مەنبەلىك يۆتەل، روھىي كېسەللىكلەر، بالىياتقۇ ياللۇغى، بالىلاردىكى تولغاق، ئىچ سۈرۈش، قورساق ئېسىلىش، ئىشتىھاسىزلىق قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. زورەمباتتىن بىر دانە ئېلىپ شۈمۈپ بەرسە، تىل ئېغىرلىقى ۋە چىش مىلىكى بوشاپ كېتىشكە

مەنپەئەت قىلىدۇ.

2. زورەمبات، لاچىندانە، قاقىلە، تۇرۇنجى پوستى، بەدىيان، پىننە قاتارلىق دورىلاردىن بەش گىرامدىن ئېلىپ، چايلىق تەييارلاپ ئىچسە، ئاشقازاننى قۇۋۋەتلەپ، ھەزىمگە ياردەم بېرىدۇ.

[**ئىشلىتىش مىقدارى**] 3 ~ 10 گىرامغىچە.

[**زىيانلىق تەسىرى**] ئىسسىقچان كىشىلەرگە زىيان قىلىدۇ، بۆرەككە زىيان قىلىدۇ.

[**تۈزەتكۈچىسى**] بىنەپشە.

[**ئورۇنباسارى**] بوزىدان، دۇرنەج ئەقرەبى.

[**ۋەكىل خاراكتېرلىك پىششىق دورا ياسالمىسى**] ھەببى زورەمبات، داۋائىلمىشكى.

[**دىققەت قىلىدىغان ئىشلار**] كۆپ مىقداردا ياكى ئۇزاق مەزگىل ئىشلىتىلسە يۈرەككە زىيان قىلىدۇ، باش ئاغرىقنى پەيدا قىلىدۇ.

## قاشتېشى

## 卡西特西

## （玉石　yu shi）

[**باشقا ئاتىلىشى**] ھەجرە پەشىب، سەنگى يەشىب، سەنگى يەشىم

[**ئىنگلىزچە نامى**] jade

[**تونۇش**] بۇ، ھەممىگە تونۇشلۇق بولغان سۈزۈك ياكى يېرىم سۈزۈك، پارقىراق، قاتتىق، ۋەزنى ئېغىر بولۇپ، كۆك، ئاق، سېرىق، يېشىل رەڭلەردىكى تاشتىن ئىبارەت. (29.24 ـ رەسىم)

[**چىقىش ئورنى**] شىنجاڭ، خوتەن، چىڭخەي، جىلىن، لياۋنىڭ قاتارلىق جايلاردىن چىقىدۇ.

[**يىغىپ ساقلاش**] تاغ رايونلىرىدىكى قاشتېشى كانلىرىدىن قاشتېشىنى قېزىۋالغاندىن كېيىن، يېپىشىۋالغان قۇم، توپا ۋە باشقا ئارىلاشمىلار چىقىرىپ ساقلىنىدۇ.

[**لايىقلاشتۇرۇلۇشى**] كۆيدۈرۈش، داغماللاش، سالايە قىلىش ئارقىلىق لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

[**تەبىئىتى**] ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق سوغۇق.

[**خۇسۇسىيىتى**] يۈرەك، مېڭە، جىگەر، تال، بۆرەك، ئاشقازان قاتارلىق ئەزالارنى قۇۋۋەتلەش، كۆرۈش قۇۋۋىتىنى ئاشۇرۇش خۇسۇسىيىتى بار.

[**ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر**] تاجىسىمان قان تومۇر قېتىش، ھەر خىل يۈرەك كېسەللىكلىرى، نېرۋا كېسەللىكلىرى، كۆرۈش قۇۋۋىتى ئاجىزلىقى قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[**ئىشلىتىش ئۇسۇلى**]

1. بىر گىرام قاشتېشىنى كۇشتە قىلىپ، بېھى شەربىتى بىلەن قوشۇپ ئىچسە، يۈرەك ئاجىزلىقى، يۈرەك سېلىش، سەپرادىن بولغان ئىچ سۈرۈش، ئاشقازان ۋە جىگەر ئاجىزلىقى، تۇتقاقلىق كېسىلى، ئۇنتۇغاقلىق، مالىخولىيا، ھىستېرىيە قاتارلىق كېسەللىكلەرگە مەنپەئەت قىلىدۇ.

2. قاشتېشىدا داغمال سۈيى تەييارلاپ ئىچىپ بەرسە، رەئىس ئەزالارنى قۇۋۋەتلەش بىلەن بىرگە

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

كۆرۈش قۇۋۋىتىنى ئاشۇرىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] 1 ~ 2 گىرامغىچە.

[زىيانلىق تەسىرى] كۆشتە قىلماي ئىشلىتىلسە دوۋساقنى ئاجىزلاشتۇرىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] ھەسەل.

[ئورۇنباسارى] ياقۇت.

[ۋەكىل خاراكتېرلىك پىششىق دورا ياسالمىسى] مۇپەررىھى ياقۇت، خېمىرى مەرۋايىت، داۋائىلمىشكى.

## ئالتۇن

## 阿里屯

(黄金 huang jin) (自然金)

[باشقا ئاتىلىشى] زەھەب، زەر، تىللا، سونا

[لاتىنچە نامى] Native gold

[ئىنگلىزچە نامى] nature gold

[تونۇش] بۇ، كاندىن چىقىدىغان ئەڭ قىممەتلىك مەدەنلەرنىڭ بىرى بولۇپ، بۇ مەدەننىڭ كۆشتە قىلىنغان تالقىنى «ئالتۇن كۆشتىسى» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ، رەڭگى ئاق، قىزىل، سېرىق رەڭلەردە كېلىدۇ، سېرىق ئالتۇن دورىلىققا كۆپرەك ئىشلىتىلىدۇ. (25.29 ـ رەسىم)

[چىقىش ئورنى] دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن چىقىدۇ.

[يىغىپ ساقلاش] تەبئىي ئالتۇننى ئېلىپ، ئۇنى قۇرغاق جايدا ساقلايمىز.

[تەبىئىتى] بىرىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى] يۈرەك، مېڭە ۋە ئومۇمىي بەدەننى قۇۋۋەتلەش، زېھىننى ئۆتكۈرلەشتۈرۈش، خۇشلۇق يەتكۈزۈش، كۆزنى روشەنلەشتۈرۈش خۇسۇسىيەتلىرى بار.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر] يۈرەك، مېڭە، ئاجىزلىقى، ئۇنتۇغاقلىق، تۇتقاقلىق كېسەل، مالىخولىيا، ۋەسۋەسىلىك، غەم ـ ئەندىشە، ئومۇمىي بەدەن ئاجىزلىقى، ھەر خىل كۆز كېسەللىكلىرى، ئىچ سۈرۈش، سەرئى، ھېستېرىيە قاتارلىق كېسەللىكلەرگە ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. كۆشتە قىلىنغان ئالتۇننىڭ تالقىنىنى مەرۋايىت تالقىنى بىلەن ئىچسە، ئومۇمىي بەدەننى قۇۋۋەتلەيدۇ.

2. ئالتۇننىڭ كۆشتە قىلىنغان تالقىنىنى سۈرمىنىڭ كۆشتە قىلىنغان تالقىنى ھەم مامىرانچىن تالقىنى بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ سۈرمە تەييارلاپ كۆزگە تارتسا، ھەر خىل كۆز كېسەللىكلىرىگە مەنپەئەت قىلىدۇ.

3. ئالتۇننى تاۋلاپ سۇغارغان سۇيىگە قېتىق سۇزمىسىنى سېلىپ ئېرىتىپ ئىچسە، ئىچ سۈرۈش، قانلىق تولغاقتا مەنپەئەت قىلىدۇ.

4 . ئەرقى بىدىمۇشكى، ئەرقى سەندەل، ئەرقى گاۋزىبان قاتارلىق ئەرەقلەرگە ئالتۇن داغمال سۇيىنى قوشۇپ ئىچىپ بەرسە، يۈرەك، مېڭىنى قۇۋۋەتلەيدۇ، غەم - ئەندىشە، جۇنۇنلارغا مەنپەئەت قىلىدۇ.

[**ئىشلىتىش مىقدارى**] 0.1 ~ 0.3 گىرامغىچە، داغمال سۇيى 10~20 مىللىلىتىرغىچە.

[**زىيانلىق تەسىرى**] كۆشتە ياكى داغمال سۇيى ئىشلىتىلىدۇ، دوۋساقا زىيان قىلىدۇ.

[**تۈزەتكۈچىسى**] ھەسەل، ھەببۇلئاس، شاھبەللۇت.

[**ئورۇنباسارى**] ياقۇت.

[**ۋەكىل خاراكتېرلىك پىششىق دورا ياسالمىسى**] داۋائىلمىشكى، ئەۋرىشىم شەربىتى، خېمىرى گاۋزىبان ئەنبىرى.

## گۈلى گاۋزىبان

## 高孜班古丽

## （琉璃苣花 liu li ju hua）

[**باشقا ئاتىلىشى**] گۈلى لىسانۇسسەۋر، زەھرەتۇل لىسانۇسسەۋر، گاۋزۇبانكى پۇل

[**لاتىنچە نامى**] Felos Cynog lassum officinale

[**ئىنگلىزچە نامى**] Flower Borage



گۈلى گاۋزىبان

[**تونۇش**] بۇ، بوتا كۆز ئائىلىسىدىكى ئۆسۈملۈك ھىندى گاۋزىباننىڭ گۈلى بولۇپ، تولۇق ئېچىلغاندا يىغىۋېلىپ ئايرىم قۇرۇتۇلىدۇ. گۈلى رەڭلىك، ئۇزۇنچاقراق، خۇش پۇراق بولىدۇ، خۇددى ھەمىشەباھار گۈلىگە ئوخشايدۇ. (26.29 - رەسىم)

[**چىقىش ئورنى**] جۇڭگودىن، ھىندىستان، پاكىستان قاتارلىق جايلاردىن چىقىدۇ.

[**يىغىپ ساقلاش**] گۈلى پورەكلەپ ئېچىلغان مەزگىلدە پۈتۈن چۆپنى يىغىۋالغاندىن كېيىن، گۈلىنى ئۈزۈۋېلىپ قۇرۇتۇپ ساقلىنىدۇ.

[**لايىقلاشتۇرۇلۇشى**] قۇرۇتۇپ ساپلاشتۇرۇلىدۇ.

[**فارماكولوگىيەلىك تەسىرى**] مېڭە ۋە يۈرەكنى قۇۋۋەتلەش تەسىرى بار.

[**تەبىئىتى**] بىرىنچى دەرىجىدە ھۆل ئىسسىق.

[**خۇسۇسىيىتى**] غەيرىي تەبىئىي سەۋدا ۋە بەلغەم خىلتىنى پىشۇرۇش، يۈرەك ۋە مېڭىنى قۇۋۋەتلەش، كۆڭۈلگە خۇشلۇق يەتكۈزۈش، روھنى قۇۋۋەتلەش، ئاغرىق پەسەيتىش خۇسۇسىيەتلىرى بار.

[**ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر**] غەيرىي تەبىئىي سەۋدا خىلتىدىن بولغان ھەر خىل كېسەللىكلەر، مېڭە

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ۋە يۇرەك ئاجىزلىقى، مالىخولىيا، جۇنۇن، نېرۋا ئاجىزلىقى، يۇرەك تىترەش، يۇرەك سېلىش، نەزلە، يۆتەل، زۇكام، نەپەس سىقىلىش، ئېغىز يارىسى، تىل يېرىلىش قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. بادرەنجبۇيا، گۇلى گاۋزىبان، لاچىندانىلەردىن مۇۋاپىق مىقداردا ئېلىپ دەملەپ ئىچسە، يۇرەكنى قۇۋۋەتلەپ، كۆڭۈلگە خۇشلۇق يەتكۈزىدۇ.

2. گۇلى گاۋزىبان، قەلەمپۇر، لاچىندانە، قارىمۇچ، قاقلە قاتارلىقلاردىن مۇۋاپىق مىقداردا ئېلىپ، چايلىق قىلىپ ئۇزۇن مەزگىل ئىچىپ بەرسە، نېرۋا خاراكتېرلىك ئاشقازان ئاغرىقىغا مەنپەئەت قىلىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] 3 ~ 10 گىرامغىچە.

[زىيانلىق تەسىرى] تالغا زىيان قىلىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] ئاق سەندەل.

[ئورۇنباسارى] گاۋزىبان ھىندى، پىلە غوزىسى.

[ۋەكىل خاراكتېرلىك پىششىق دورا ياسالمىسى] خېمىرى گۇلى گاۋزىبان، خېمىرى گاۋزىبان ئەنبىرى.

## ئالتۇن چىرىمتال

## 阿里虫其热木塔力

(黄金 huang jin)

[باشقا ئاتىلىشى] ئالتۇن چىرىمتال، ھەجىرنۇر، ھەجىر روشنائى، سونا مەككى

[تونۇش] بۇ، كاندىن چىقىدىغان ئەڭ قىممەتلىك مەدەنلەرنىڭ بىرى بولۇپ، ۋەزنى ئېغىر، سۇس پارقىراق بولىدۇ، ئادەتتە ئالتۇن كاندىن چىققان ئالتۇننى قىزىتىپ، ئۇيۇتۇپ زىخچە ھالەتكە كەلتۈرگەندە ئۇنىڭ ئۈستىدە ناھايىتى نېپىز بىر قەۋەت قاسراقچىلار بولۇپ، ئوتتىن ئېلىپ بولغا بىلەن يەڭگىل بىرنى ئۇرغاندا ئاجراپ چۈشىدۇ. ئۇنى يۇيۇپ، تالقانلاپ، «ئالتۇن پوقى» نامدا دورىلىققا ئىشلىتىلىدۇ.

[چىقىش ئورنى] دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن چىقىدۇ.

[يىغىپ ساقلاش] ئالتۇن كاندىن يىغىپ ئېلىپ ساقلىنىدۇ.

[لايىقلاشتۇرۇلۇشى] پاكىز يۇيۇپ ساپلاشتۇرۇش ئارقىلىق لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى] يۇرەك، جىگەرنى قۇۋۋەتلەش، كۆرۈش قۇۋۋىتىنى ئاشۇرۇش، ياللۇغ قايتۇرۇش، تېرىنى قىزارتىش، پارقىرىتىش تەسىرى بار.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر] كۆرۈش قۇۋۋىتى ئاجىزلىقى، بەرەس، بەھەق قاتارلىق كېسەللىكلەرگە ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. ئالتۇن چىرىمتالنى يالغۇز ھالەتتە سالايە قىلىپ كۆزگە سۈركىسە، كۆرۈش قۇۋۋىتى ئاجىزلىقىنى يوقىتىدۇ.

2. قچا، سىيادانىدىن 10 گىرامدىن، سامساقتىن يەتتە گىرام، ئالتۇن چىرىمتالدىن تۆت گىرام، زەيتۇن يېغىدىن 15 گىرام ئېلىپ، بۇ دورىلاردىن قائىدە بويىچە مەلھەم تەييارلاپ يەرلىك ئورۇنغا تاڭسا، بەرەس، بەھەقلەرگە مەنپەئەت قىلىدۇ.

3. ئالتۇن چىرىمتالنى خېمىرى گاۋزىبان، مەجۇنى دەبدۇلۋەرد قاتارلىق دورىلارغا قوشۇپ ئىچسە، يۈرەك ۋە جىگەرنى قۇۋۋەتلەيدۇ، ئىشتىھانى ئاچىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] لايىقلاشتۇرۇپ 0.2 ~ 0.4 گىرامغىچە ئىشلىتىلىدۇ.

[زىيانلىق تەسىرى] بۆرەك، دوۋساقلارغا زىيان قىلىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] كاسىنە ئۇرۇقى، قىزىلگۈل.

[ئورۇنباسارى] كۈمۈش پوقى.

[ۋەكىل خاراكتېرلىك پىششىق دورا ياسالمىسى] خېمىرى مەرۋايىت.

## ئازغان گۈلى

## 阿孜汗古丽

(蔷薇花 qiang wei hua)

[باشقا ئاتىلىشى] گۈل نەسرىن، گۈل مىشكىن

[تونۇش] بۇ، ئەتىرگۈل ئائىلىسىدىكى ئانار دەرىخىگە يېقىن بىر خىل چاتقال ئۆسۈملۈك ئازغاننىڭ گۈلىدىن ئىبارەت، گۈلىنىڭ رەڭگى ئاق بولۇپ، بۇ گۈل «ئازغان گۈلى» نامىدا دورىلىقتا ئىشلىتىلىدۇ. (24.29 ـ رەسىم)



ئازغان گۈلى

[چىقىش ئورنى] شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايوننىڭ ھەممە جايلىرىدىن چىقىدۇ، شۇنداقلا ئوتتۇرا ئاسىيا، موڭغۇلىيە، رۇسىيە قاتارلىق جايلاردىن چىقىدۇ.

[يىغىپ ساقلاش] بۇ ئۆسۈملۈكنىڭ گۈلى ئېچىلغاندا، گۈلىنى ئايرىپ ئېلىپ يىغىۋېلىپ، سايىدا قۇرۇتۇپ، قۇرغاق، سالقىن جايدا ساقلىنىدۇ.

[لايىقلاشتۇرۇلۇشى] سايىدا قۇرۇتۇپ ساپلاشتۇرۇلىدۇ.

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى] يۈرەك ۋە مېڭىنى قۇۋۋەتلەپ، خۇشلۇق يەتكۈزۈش، چوڭ تەرەتنى راۋانلاشتۇرۇش خۇسۇسىيىتى بار.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر] يۈرەك رىتىمسىزلىقى، يۈرەك، مېڭە ئاجىزلىقى، قەۋزىيەت قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

www.uyghurkitap.com

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]
ئازغان گۈلىدىن گۈلقەنت تەييارلاپ ئىشلىتىلسە، يۈرەكنى قۇۋۋەتلەپ، خۇشلۇق يەتكۈزىدۇ ھەم يۈرەك رىتىمسىزلىقىغا مەنپەئەت قىلىدۇ.

2. ئاچچىقتاۋۇزدىن ئۈچ گىرام، سۇڭپىيازدىن ئالتە گىرام، زاراڭزا چېچىكى توققۇز گىرام، شاپتۇل مېغىزىدىن 10 گىرام، ئازغان گۈلى، زاراڭزا چېچىكىدىن توققۇز گىرامدىن، شاپتۇل مېغىزىدىن 10 گىرام، ئازغان گۈلىدىن يەتتە گىرام ئېلىپ، قايىنىتىپ ئىچىپ بەرسە، تۇسالغۇلارنى ئېچىپ، قەۋزىيەتكە مەنپەئەت قىلىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] 5 ~ 7 گىرامغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ، گۈلقەنتى 12 ~ 24 گىرامغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

[زىيانلىق تەسىرى] ئىسسىق مىزاج كىشىلەردە باش ئېسىلىش، باش ئاغرىقى پەيدا قىلىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] يەسمەن گۈلى.

[ئورۇنباسارى] جىگدە گۈل.

[ۋەكىل خاراكتېرلىك پىششىق دورا ياسالمىسى] ئازغانگۈل گۈلقەنتى.

## يۈرەكئوت
## 玉热克欧提
(心草 xin cao)

[باشقا ئاتىلىشى] يۈرەكئوت چۆپى

[تونۇش] بۇ، كۈنلۈكسىمان گۈللۈكلەر ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك، يۈرەكئوتى بولۇپ، ئېگىزلىكى 5 ~ 30 سانتىمېتىرغىچە ئۆسىدۇ. بۇ ئۆسۈملۈكنىڭ پۈتۈن چۆپى «يۈرەكئوتى» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ.


يۈرەكئوت

[چىقىش ئورنى] مەملىكىتىمىزنىڭ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ تيانشان ۋە پامىر تاغلىرىدىن، گۈيجۇ قاتارلىق جايلاردىن يۇگوسلاۋىيە، پاكىستان، نېپال قاتارلىق ئەللەردىن چىقىدۇ.

[يىغىش ساقلاش] كۈز پەسلىدە گۈلى ئېچىلغاندا يىغىۋېلىپ، توپىسىنى ئېلىۋېتىپ تازىلاپ، قۇرۇتۇپ، سالقىن جايدا ساقلىنىدۇ.

[لايىقلاشتۇرۇلۇشى] يۇيۇپ، توغراپ، قۇرۇتۇپ لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

[**تەبىئىتى**] ئىككىنچى دەرىجىدە ھۆل ئىسسىق.

[**خۇسۇسىيىتى**] مېڭە، يۈرەك، جىگەرنى قۇۋۋەتلەش، نېرۋىنى تىنچلاندۇرۇش، قان بېسىمىنى چۈشۈرۈش قاتارلىق خۇسۇسىيىتى بار.

[**ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر**] مېڭە، يۈرەك، جىگەر ئاجىزلىقى، يۇقىرى قان بېسىم، تاجىسمان يۈرەك كېسىلى، دەم سىقىلىش، نېرۋا خاراكتېرلىك باش ئاغرىقى، بۆرەك ياللۇغى ۋە بۆرەك تاش كېسىلى قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[**ئىشلىتىش ئۇسۇلى**] يۈرەكئوتنى مېڭە، يۈرەك، جىگەر قاتارلىق ئەزالارغا تەسىر قىلغۇچى دورىلار بىلەن قائىدە بويىچە قوشۇپ ئىشلەتسە مەزكۇر ئەزالارنى قۇۋۋەتلەپ، شۇ خىل ئەزالاردىكى ھەر خىل ئاجىزلىقلارغا ۋە كېسەللىكلەرگە مەنپەئەت قىلىدۇ.

[**ئىشلىتىش مىقدارى**] 3 ~ 6 گىرامغىچە.

[**زىيانلىق تەسىرى**] ئاشقازانغا زىيان قىلىدۇ.

[**تۈزەتكۈچىسى**] رۇمبەدىيان.

[**ئورۇنباسارى**] ئۇستقۇددۇس.

[**ۋەكىل خاراكتېرلىك پىششىق دورا ياسالمىسى**] ئۇستقۇددۇس شەربىتى.

## ئاپېلسىن پوستى

## 阿皮里斯尼破斯提

(**酸橙皮** suan cheng pi)

[**باشقا ئاتىلىشى**] پوستى تۇرۇج، پوستى تۇرۇنجى

[**تونۇش**] بۇ، سەپرا ئوتلار ئائىلىسىدىكى دائىم ياشىرىپ تۇرىدىغان كىچىك دەرەخ ئاپېلسىننىڭ سىرتقى پوستى بولۇپ، «ئاپېلسىن پوستى» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ. رەڭگى قىزىلغا مايىل سېرىق، خۇش پۇراق، ئاچچىق كېلىدۇ. (28.29 ـ رەسىم)



ئاپېلسىن

[**چىقىش ئورنى**] ئېلىمىزنىڭ چاڭجياڭ، جېجياڭ، جياڭشى، خۇنەن، سىچۇەن قاتارلىق ئۆلكىلىرىدىن چىقىدۇ.

[**يىغىپ ساقلاش**] مېۋىسى پىشقاندا پوستىنى ئايرىۋېلىپ، قۇرغاق، سالقىن جايدا ساقلىنىدۇ.

[**خىمىيەلىك تەركىبى**] ئورگانىك كىسلاتالار، تاننىن، كالتسىي، تۆمۈر، فوسفور قاتارلىق ئېلېمېنتلار بار.

[**فارماكولوگىيەلىك تەسىرى**] قىزىتما پەسەيتىش، يۈرەك بېسىمىنى يەڭگىللىتىش تەسىرى بار.

[**لايىقلاشتۇرۇلۇشى**] يۇيۇپ پوستىنى ئاجرىتىپ، قۇرۇتۇپ لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

[**تەبىئىتى**] بىرىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[**خۇسۇسىيىتى**] يۈرەك ۋە ئاشقازاننى قۇۋۋەتلەش، كۆڭۈل ئېلىشىشنى توختىتىش، يەل ھەيدەش، تاماق سىڭدۈرۈش، ئىشتىھانى ئېچىش، زەھەر قايتۇرۇش قاتارلىق خۇسۇسىيىتى بار.

[**ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر**] يۈرەك، مېڭە، جىگەر ۋە ئاشقازان ئاجىزلىقى، ئىشتىھاسىزلىق، قورساق كۆپۈش، ھەزىم ناچارلىقى، خولېرا قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[**ئىشلىتىش ئۇسۇلى**]

1. ئاپېلسىن پوستىنى ئېزىپ، قايناق سۇ بىلەن ئىچىپ بەرسە، كۆڭۈل ئېلىشىشنى ۋە قۇسۇشنى توختىتىدۇ، ئۈچەي مەددە قۇرتىنى ئۆلتۈرىدۇ.

2. گاۋزىبان ھىندى، ئۇستىقۇددۇس، لاچىندانە ھىندى، ئاپېلسىن پوستى، بەديان، سۇمبۇلنىڭ ھەربىرىدىن 10 گىرام ئېلىپ چايلىق قىلىپ ئىچسە، يۈرەك ئاجىزلىقىغا مەنپەئەت قىلىدۇ ۋە ئاشقازاننى قۇۋۋەتلەيدۇ.

3. پوستى تۇرۇنجى، لاچىندانە ھىندى، دارچىن، قاقىلە، بەديان، پىننە، ماغۇلىيەنىڭ ھەربىرىدىن 10 گىرام ئېلىپ چالا سوقۇپ، چايلىق قىلىپ ئىچسە، ئاشقازان سوۋۇپ كېتىش، ھەزىم ناچارلىق، قورساق كۆپۈشكە مەنپەئەت قىلىدۇ.

[**ئىشلىتىش مىقدارى**] 3 ~ 5 گىرامغىچە.

[**زىيانلىق تەسىرى**] باش ئاغرىقىنى پەيدا قىلىدۇ.

[**تۈزەتكۈچىسى**] ھەسەل.

[**ئورۇنباسارى**] دارچىن، بەديان.

[**ۋەكىل خاراكتېرلىك پىششىق دورا ياسالمىسى**] ئامىلە نۇشدارى لۇئلۇئى، ئەۋرىشىم شەربىتى، جاۋارىش ئۇدشىرىن.

# ئوتتۇزىنچى باب جىگەر كېسەللىكلىرىگە ئىشلىتىلىدىغان دورىلار

جىگەرنىڭ تۇسالغۇسىنى ئېچىش، جىگەر كېسەللىكلىرىنى داۋالاش تەسىرى ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدىغان دورىلار ئومۇملاشتۇرۇلۇپ جىگەر كېسەللىكلىرىگە ئىشلىتىلىدىغان دورىلار دېيىلىدۇ.

ھەر خىل ئىچكى - تاشقى سەۋەبلەر تەسىرىدىن بەدەندە جىگەر ئاجىزلىقى يۈز بەرسە، ئورگانىزمدا ماددا ئالمىشىش قالايمىقانلىشىش، فىزىيولوگىيەلىك تەڭپۇڭلۇق بۇزۇلۇش بىلەن بىرگە جىگەر ئاجىزلىقىغا ئالاقىدار تۈرلۈك كېسەللىكلەر (جىگەرنى ماي قاپلاش، جىگەر توسۇلۇش، جىگەر ئىششىش، قاندا ماي ئارتىپ كېتىش، قورساقتا سۇ چۈشۈش، قان ئازلىق، جىگەر ياللۇغلىنىش، قان بۇزۇلۇش، باھ ئاجىزلاش، سېرىقلىق چۈشۈش، باش قېيىش، كۆڭلى ئېلىشىش) پەيدا بولىدۇ. بۇ خىل كېسەللىكلەرنىڭ ۋاقتىدا ئالدىنى ئالمىغاندا يامان ئاقىۋەت كېلىپچىقىدۇ. جىگەر كېسەللىكلىرىگە ئىشلىتىلىدىغان دورىلارنىڭ تۈرى ھەر خىل بولغاچقا، ئىشلەتكەندە كېسەللىك سەۋەبىگە ئاساسەن مۇۋاپىق تاللاپ ئىشلىتىشكە توغرا كېلىدۇ. جىگەر كېسەللىكلىرىگە ئىشلىتىلىدىغان دورىلارنىڭ كۆپىنچىسىنىڭ تەبىئىتى قۇرۇق ئىسسىق ياكى قۇرۇق سوغۇق بولىدۇ. بۇ خىل دورىلار جىگەرنى قۇۋۋەتلەپ، جىگەرنىڭ تۇسالغۇسىنى ئېچىش، ئىممۇنىتېت كۈچىنى ئاشۇرۇش، ياللۇغلىنىشقا قارشى تۇرۇش، ئىششىق ياندۇرۇش، قىزىتما قايتۇرۇش تەسىرىنى بېرىدۇ. مەسىلەن: ئىزخىر مەككى، چوڭ چىلان، قوي جىگىرى، يۇيۇلغان لوك، ئېۋكومىيە دەرىخى قوۋزىقى، مەرۋايىت، جىنتىيانا، دولانا، رەۋەن، سەئدى، سۇندۇرۇس، زەرنەپ، ئۇد ھىندى، تەرخەمەك، ئاقشېكەر، سەئدى كۇفى، پىلە قۇرتى، قىزىلگۈل، شېكەر قومۇشى، ئىتئۈزۈمى، شىۋاق، بىلساق ياغىچى، ئەپسەنتىن، شاتارى، قارادان، يۆگىمەچئوت، كۇدە ئۇرۇقى، كاۋا ئۇرۇقى، تاباشىر، زەھرى مۆھرە، توخۇ گۆشى، ئۇلار گۆشى، كەكلىك گۆشى، ئۆچكە گۆشى، مارجان، زۇمرەت، ئالما، ھېقىق، پەرەنجىمىشكى، ئامىلە، مەستىكى رۇمى، جۇڭگو ماندارى، ياۋا ئامۇت، گۈلىيەسىمەن، بورجۇن، كاسنە، زىرىق، ئاق ماش، بۆكەن مۈڭگۈزى، ھەسەل قاتارلىقلار.

## ئىزخىر مەككى

## 依孜合尔

(青香茅 qing xiang mao)

[**باشقا ئاتىلىشى**] مەككە چىغى، كاھمەككى، روساگاس

[**لاتىنچە نامى**] Herba Cymbopogon citratus

[**ئىنگلىزچە نامى**] Lemongrass Herb

[**تونۇش**] بۇ، باشاقلىقلار ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك مەككە چىغى بولۇپ، ئۆسۈملۈكنىڭ پۈتۈن چۆپى دورىغا ئىشلىتىلىدۇ. ئۆسۈملۈكنىڭ يوپۇرماق ئالىقىنى تال چىۋىق شەكلىدە، چۇرۇك، ئىچى ئازراق كاۋاك، ئاسان سۇنىدۇ. گۈلىنىڭ رەڭگى قىزغۇچ خورما رەڭ بولىدۇ. يىلتىزى

www.uyghurkitap.com

سارغۇچ ئاق رەڭلىك، تۇم بولۇپ، ئېتىسا تىلنى ئېچىشتۇرىدۇ، ئۆتكۈر پۇرايدۇ. (1.30 ـ رەسىم)



ئىزخىر مەككى

[**چىقىش ئورنى**] ئېلىمىزنىڭ گۇاڭدۇڭ ئۆلكىسىدىن ھەم ئافرىقا، شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا قاتارلىق جايلاردىن چىقىدۇ.

[**يىغىپ ساقلاش**] كۈزدە يىغىۋالغان ياخشى، يىغىۋالغاندىن كېيىن ۋاقتىدا قۇرۇتۇپ، سالقىن جايدا ساقلىنىدۇ.

[**خىمىيەلىك تەركىبى**] ئىزخىرنىڭ تەركىبىدە %0.4 ~ %0.8 كىچە ئۇچۇچان ماي بار، ماينىڭ ئاساسلىق تەركىبى %70 ~ %80 كىچە سىترال (Citronellai) قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.

[**فارماكولوگىيەلىك تەسىرى**] ئىزخىر تەركىبىدىكى ئۇچۇچان ماينىڭ زەمبۇرۇغلارنى تورمۇزلاش رولى بار. پۈتۈن چۆپىدە قاندىكى قەنتنى تۆۋەنلەتكۈچى ئىنسۇلىنغا ئوخشاش ماددا بولۇپ، بۇ، كۆل رەڭگە مايىل ئاق رەڭلىك پاراشوكتىن ئىبارەت. تىترونىللا ۋە مىرتسىن قاتارلىقلار يۆتەل توختىتىش، دەم سىقىلىشنى ياخشىلاش تەسىرىگە ئىگە.

[**لايىقلاشتۇرۇلۇشى**] يۇيۇش، توغراش، قۇرۇتۇش ئارقىلىق لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

[**تەبىئىتى**] ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[**خۇسۇسىيىتى**] جىگەر، ئۆت ۋە تالنى قۇۋۋەتلەش، غەيرىي تەبىئىي خىلىتلارنى سۈرۈش، توسالغۇلارنى ئېچىش، ئىششىق ياندۇرۇش، يەل ھەيدەش، سۈيدۈك ۋە ھەيزنى راۋانلاشتۇرۇش، ئاشقازاننى قۇۋۋەتلەش، ئۇخلىتىش، ئىشتىھانى ئېچىش خۇسۇسىيىتى بار.

[**ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر**] جىگەردە توسالغۇ پەيدا بولۇش، جىگەرنى ماي قاپلاش، جىگەر ئىششىقى، قاندا ماي ئارتىپ كېتىش، پالەچ، لەقۋا، بوغۇم ئاغرىقلىرى، بەل ئاغرىقى، ئۆپكە ئىششىقى قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[**ئىشلىتىش ئۇسۇلى**]

1. ئىزخىر مەككى، كاسنە ئۇرۇقى 15 گرامدىن، ئەپتىمۇن ئۇرۇقى، ئارپىبەدىيان، ئوغرىتكەننىڭ ھەربىرىدىن 10 گرام ئېلىپ، چالا سوقۇپ دەملەپ ئىچىپ بەرسە، جىگەر توسالغۇلىرىنى ئاچىدۇ، جىگەر قېتىشىنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ.

2. ئىزخىر مەككىدىن 15 گرام، بەدىيان يىلتىزى پوستى، كاسنىدىن 30 گرامدىن، ئۇرۇقسىز قىزىل ئۈزۈم، ئەنجۈر مونىكىدىن 60 گرامدىن، ھەسەلدىن 500 گرام ئېلىپ، مائۇلھەسەل شەربىتى تەييارلاپ ئىچىپ بەرسە، پالەچ، لەقۋا ۋە ئىستىرخاغا شىپا بولىدۇ.

[**ئىشلىتىش مىقدارى**] 5 ~ 7 گرامغىچە.

[**زىيانلىق تەسىرى**] ئىسسىقتىن بولغان بۆرەك كېسەللىكلىرى ۋە باش ئاغرىقىغا زىيان قىلىدۇ.

[**تۈزەتكۈچىسى**] نىلۇپەر، سەندەل.

[**ئورۇنباسارى**] راسەن، تاتلىق قۇستە، ئاقىرقەرھا، قارىمۇچ.

[ۋەكىل خاراكتېرلىك پىششىق دورا ياسالمىسى] مەجۇنى ئىزخىر، مەجۇنى دەبدۇلۋەرد، مائۇلئۇسۇل شەربە-
تى، مائۇلھەسەل شەربىتى.

## قوي جىگىرى

## 葵吉给尔

(羊肝 yang gan)

[باشقا نامى] جىگەر مىش، جىگەرى گۇسپەندى

[لاتىنچە نامى] Goat liver

[ئىنگلىزچە نامى] Sheep of liver



قوي

[تونۇش] بۇ، بىر خىل مۇرەككەپ ئەزا بولۇپ، ئۇ ئىنسان ۋە ھايۋاناتنىڭ بەدىنىدىكى مۇھىم ئەزا ھېسابلىنىدۇ، تەبىئىي قۇۋۋەت باشقا ئەزالارغا جىگەردىن بارىدۇ، تاماق ۋە خىلتلارنىڭ ھەر قېتىم ھەزىم بولۇپ پىشىدىغان ئورنىدۇر. جىگەرلەرنىڭ ياخشىراقى ئۇچار جانىۋارلارنىڭ جىگىرىدۇر. بولۇپمۇ ياش، سېمىز، ساغلام بولغان توخۇ، غاز، ئۆردەكنىڭ جىگىرىدۇر. چارۋاماللار جىگىرىدىن ياخشىراقى ئوغلاقنىڭ ۋە بىر ياش سېمىز قوينىڭ جىگىرىدۇر. جىگەرنىڭ ناچارراقى قېرى، چوڭ ھايۋانلارنىڭ جىگىرىدۇر، بولۇپمۇ جاڭگالنىڭ ۋەھشىي ھايۋانلىرىنىڭ جىگىرى ناچار بولىدۇ. ئاساسلىقى قوي جىگىرى دورىغا ئىشلىتىلىدۇ. (2.30 - رەسىم)

[چىقىش ئورنى] مەملىكىتىمىزنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن چىقىدۇ.

[يىغىپ ساقلاش] يېڭى سويۇلغان قوينىڭ جىگىرىنى ئېلىپ، سوغۇق، سالقىن جايدا ساقلىنىدۇ.

[خىمىيەلىك تەركىبى] ھەر 10 گىرامىنىڭ تەركىبىدە 68 گىرام سۇ، 18 گىرام ئاقسىل، يەتتە گىرام ياغ، تۆت گىرام قەنت، ئۇنىڭدىن باشقا كالتسىي، فوسفور، تۆمۈر، ۋىتامىن A، C قاتارلىقلار بار.

[تەبىئىتى] بىرىنچى دەرىجىدە ھۆل ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى] جىگەر خىزمىتىنى ياخشىلاش، كۆرۈش قۇۋۋىتىنى ئاشۇرۇش، قان تولۇقلاش، ئىچ سۈرۈشنى توختىتىش خۇسۇسىيىتى بار.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر] جىگەر ئاجىزلىقى، ئىچ سۈرۈش، قان ئازلىق، كۆرۈش قۇۋۋىتى ئاجىزلىق قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. قوي جىگىرىنى كاۋاپ قىلىپ يېسە، قان تولۇقلايدۇ، جىگەر خىزمىتىنى ياخشىلايدۇ.

2. جىگەرنى قورۇغان ۋاقىتتا چىققان ھورنى كۆزگە ئالسا ياكى كاۋاپ قىلغان ۋاقىتتا ئاققان سۈيىنى كۆزگە تېمىتسا، كۆرۈش قۇۋۋىتىنى ئاشۇرىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] ئەمەلىي ئەھۋالغا قاراپ بېرىلىدۇ.

www.uyghurkitap.com

[زىيانلىق تەسىرى] تەستە سىڭىدۇ.
[تۈزەتكۈچىسى] دارچىن، زىرە.
[ئورۇنباسارى] باشقا ھايۋاناتلارنىڭ جىگىرى.

## لوك
## 罗克
## (紫草茸 zi cao rong)

[باشقا ئاتىلىشى] لوكى مەغسۇل، لاك، لاكشا مەغسۇل

[لاتىنچە نامى] Laccifer lacca

[ئىنگلىزچە نامى] Lac



شىللاق قۇرتى

[تونۇش] بۇ، لاكسىفىرا ئائىلىسىدىكى ھاشارات شىللاق قۇرتىنىڭ ئاجرىتىلمىسى بولۇپ، دەرەخ شاخلىرىغا چاپلاشقان بولىدۇ. كۆزدە دەرەخنىڭ يېلىملىق شىخى كېسىۋېلىنىپ، يېلىمنى ئېلىپ شىخى تاشلىۋېتىلىدۇ، ئاندىن يېلىمى قۇرۇتۇلىدۇ. (3.30 ـ رەسىم)

[چىقىش ئورنى] ئېلىمىزنىڭ يۈننەن ئۆلكىسى، سىچۇەن، گۇاڭدۇڭ ئۆلكىسى ھەمدە تايلاند، ھىندونېزىيە، ھىندىستان، بېنگال، سېرى لانكا قاتارلىق ئەللەردىن چىقىدۇ.

[يىغىش ساقلاش] 7 ـ، 8 ـ ئايلاردا يىغىۋېلىپ، سالقىن، ھاۋا ئۆتۈشۈپ تۇرىدىغان جايدا ساقلىنىدۇ.

[خىمىيەلىك تەركىبى] دەرەخ يېلىمى %65~%80 كىچە موم (蜡) %4~%8 كىچە، سۇ %1 ~ %4، قەنت، ئاقسىل، تۇز %2~%6 كىچە، سۇدا ئېرىيدىغان پىگمېنت %0.6~%3 كىچە بار.

[لايىقلاشتۇرۇلۇشى] ئىلغاش، قۇرۇتۇش ئارقىلىق لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق، يۇيۇلمىغان لوكنىڭ تەسىرى كۈچلۈك، يۇيۇلغىنىنىڭ تەسىرى ئاجىز.

[خۇسۇسىيىتى] غەيرىي تەبىئىي خىلتلارنى تازىلاش، جىگەرنى قۇۋۋەتلەش، پارقىرىتىش، بۇزۇق ماددىلارنى ھەيدەش، بەلغەم بوشىتىش، ئارتۇق ھۆللۈكنى قۇرۇتۇش، قان توختىتىش خۇسۇسىيىتى بار.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر] پۇتۇن بەدەنلىك سۇلۇق ئىششىق، قورساققا سۇ يىغىلىش، يۆتەل، سېرىقلىق چۇشۇش، يەرقان، ئاشقازان ۋە جىگەر ئاغرىقى، باليياتقۇدىن قان كېلىش، قان تۇكۇرۇش قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. يۇيۇلغان لوكتىن بىر گىرام ئېلىپ، ئۆچكىنىڭ يېڭى سىقىلغان سۈتى بىلەن ئىچسە، قان تۇكۇرۇشنى ۋە باليياتقۇدىن كەلگەن قاننى توختىتىدۇ.

2. يۇيۇلغان لوك بىلەن ئارپىبەدىياندىن ئىككى گىرامغىچە ئېلىپ، سىركە بىلەن ئىچىپ بەرسە، ئارتۇق چىقىرىندى ماددىلارنى تازىلايدۇ.

3. بابۇنەدىن 15 گىرام، يۇيۇلغان لوك، كاسنە يىلتىزى يەتتە گىرامدىن، كەرەپشىدىن 10 گىرام ئېلىپ، قايناتما تەييارلاپ ئىچسە، پۇتۇن بەدەنلىك سۇلۇق ئىششىقنى ياندۇرۇپ، هۆللۇكنى قۇرۇتىدۇ.

4. زۇپادىن 10 گىرام، زىغىردىن 15 گىرام، سەرپىستاندىن يەتتە گىرام، لوكتىن بەش گىرام ئېلىپ، قائىدە بويىچە تالقانلاپ، مۇۋاپىق مىقداردا ئىچىپ بەرسە، بەلغەم بوشىتىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] 2 ~ 7 گىرامغىچە.

[زىيانلىق تەسىرى] تالغا زىيان قىلىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] مەستىكى.

[ئورۇنباسارى] توسالغۇلارنى ئېچىشتا ئىككىدىن ئۈچ هەسسىگىچە رەۋەن، يېرىم هەسسە ئاسارۇن، تۈتىن بىر هەسسە تاباشىر.

[ۋەكىل خاراكتېرلىك پىششىق دورا ياسالمىسى] سۇفۇپى لوك، قۇرسى لوك، مەجۇنى لوك.

## ئېۋكومىيە قوۋزىقى

## 奥库木米亚库孜克

## （杜仲 du zhong）

[باشقا ئاتىلىشى] ئېۋكومىيە دەرىخى قوۋزىقى

[لاتىنچە نامى] Cortex Eucommia ulmoides

[ئىنگلىزچە نامى] Eucommia Brak

[تونۇش] بۇ، يۇكومىيە ئائىلىسىدىكى ئېۋكومىيە دېگەن دەرەخنىڭ قۇرۇتۇلغان قوۋزىقىدىن ئىبارەت. (4.30 - رەسىم)

[چىقىش ئورنى] ئېلىمىزنىڭ سىچۇەن، گۇيجۇ، خۇنەن قاتارلىق ئۆلكىلىرىدىن چىقىدۇ.

[يىغىپ ساقلاش] بۇ ئۆسۈملۈكنىڭ دورىلىق قىسمىنى كۈز پەسلىدە يىغىپ، توغراپ قۇرۇتۇپ، قۇرغاق ئورۇندا ساقلىنىدۇ.

[خىمىيىلىك تەركىبى] ئاساسلىقى گىلۇتامىك كىسلاتا (Glotamic acid)، سىستىن (systine) قاتارلىق 17 خىل دىسوتسىئاتسىيىلىك ئاقسىللار (Dissociation) دىن تۈزۈلگەن بولۇپ، يەنە ئادەم بەدىنى ئۈچۈن كېرەكلىك بولغان گېرمانىي (Ge)، سېلىن (Se) قاتارلىق كۆپ خىل مىكرو ئېلېمېنتلار بار.

[فارماكولوگىيەلىك تەسىرى] قېرىشنى كېچىكتۈرۈش، قان تومۇرنى كېڭەيتىپ، قان بېسىمىنى چۈشۈرۈش، تىنچلاندۇرۇش تەسىرى بار.

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى] جىگەر، تال، ئاشقازان ۋە بۆرەكنى قۇۋۋەتلەش، پەي ۋە سۆڭەكلەرنى چىڭىتىش، مەنىينى كۆپەيتىش، ھامىلىنى مۇقىملاشتۇرۇش خۇسۇسىيەتلىرى بار.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر] جىگەر، تال، ئاشقازان ئاجىزلىقى، بۆرەك زەئىپلىكىدىن بولغان جىنسىي ئاجىزلىق، مەنىي كەملىك، بۆرەك سوۋۇپ كېتىش، بەل ئاغرىش، پالەچ، لەقۋا، ھامىلە چۈشۈپ كېتىش ۋە يۇقىرى قان بېسىمى قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. سۆئەلەپتىن 10 گىرام، شاقاقۇلدىن يەتتە گىرام، كۇنجۇتتىن 10 گىرام، ئېۋكومميە دەرىخى قوۋزىقىدىن 20 گىرام ئېلىپ، قائىدە بويىچە سوقۇپ سۇفۇپ قىلىپ يېسە، مەنىي كۆپەيتىدۇ، بەدەننى سەمىرىتىدۇ.

2. ئېۋكومميە دەرىخى قوۋزىقى، دارچىن، جۇۋنە، پىلپىلنىڭ ھەربىرىدىن 10 گىرام ئېلىپ، قائىدە بويىچە سوقۇپ چايلىق قىلىپ ئىچسە، ئاشقازان ئاجىزلىقىغا مەنپەئەت قىلىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] 12 ~ 20 گىرامغىچە.

[زىيانلىق تەسىرى] ئۆپكىگە قۇرۇقلۇق يەتكۈزىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] كەتىرا.

[ئورۇنباسارى] ئاقىرقەرھا.

[ۋەكىل خاراكتېرلىك پىششىق دورا ياسالمىسى] ئېۋكومميە قوۋزىقى سۇفۇپى.

## قۇلۇلە قېپى
## 库鲁拉克皮
## (石决明 shi jue ming)

[باشقا نامى] دۇئى خەرمۇھرە، خەرمۇھرە

[لاتىنچە نامى] Concha Haliotidis

[ئىنگلىزچە نامى] Sea—ear shell

[تونۇش] بۇ، سەدەپ قۇلۇلىسى ئائىلىسىدىكى دېڭىز قۇلۇلىسىنىڭ تاشقى قېپىدىن ئىبارەت بولۇپ، بۇ قاپ كىلىنىكىدا «قۇلۇلە قېپى» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ. رەڭگى ئاقۇچ، پارقىراق، پۇراقسىز كېلىدۇ. (30.5 ـ رەسىم)

[چىقىش ئورنى] ئېلىمىزنىڭ گۇاڭدۇڭ، گۇاڭشى، لياۋنىڭ قاتارلىق جايلاردىكى دېڭىزلاردىن چىقىدۇ.

[يىغىش ساقلاش] بىر يىلنىڭ ھەممە ۋاقتىدا يىغىۋالغىلى بولىدۇ، يىغىۋالغاندىن كېيىن قۇرۇتۇپ ساقلىنىدۇ.

[خىمىيەلىك تەركىبى] %90 تىن ئارتۇق كالتسىي كاربونات، ئازراق ماگنىي، تۆمۈر، سۇلفات كىسلاتا

تۇزلىرى، فوسفات كىسلاتا تۇزلىرى، ئاز مىقداردا يود ۋە كۆپ خىل ئامىنو كىسلاتالىرى بار.

[فارماكولوگىيەلىك تەسىرى]

1. سۇدىكى ئېرىتمىسى بەلگىلىك دەرىجىدە جىگەرنى قوغداش تەسىرىگە ئىگە. AAT نى تۆۋەنلىتەلەيدىغان بولۇپ، پاتولوگىيەلىك تەكشۈرۈشتە، جىگەر ھۈجەيرىسىدە ھېچقانداق ئۆزگىرىش بولمىغان.

2. ئوكسىگېن كەملىككە بولغان چىدامچانلىقنى ئاشۇرۇش تەسىرىگە ئىگە. يەنە تەندىن ئايرىلغان چاشقان ئۆپكىسىنىڭ قان بىلەن سۇغۇرۇلۇشىنى ئاشۇرىدۇ، كاناي ۋە كاناي شاخچىلىرى سىلىق يوللۇق مۇسكۇللىرىنى كېڭەيتىدۇ.

[لايىقلاشتۇرۇلۇشى] يۇيۇپ قۇرۇتۇپ ساپلاشتۇرۇلىدۇ.

[تەبىئىتى] بىرىنچى دەرىجىدە قۇرۇق سوغۇق.

[خۇسۇسىيىتى] جىگەرنى قۇۋۋەتلەش، ئاغرىق پەسەيتىش، قان توختىتىش، جىگەرنىڭ توسالغۇلىرىنى ئېچىش، كۆزنى روشەنلەشتۈرۈش خۇسۇسىيەتلىرى بار.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر] باش ئاغرىش، باش قېيىش، قۇلاق غوڭۇلداش، كۆز چېكىلىپ ئاغرىش، كۆز قىزىرىپ ئىششىش، كۆزگە ئاق چۈشۈش، جىگەر ۋە بۆرەك ئاجىزلىقى قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. قۇلۇلە قېپى، ئەزپاراتىپىنىڭ ھەربىرىدىن بەش گىرام، ئاقىرقەرھا، شاقاقۇلنىڭ ھەربىرىدىن 10 گىرام ئېلىپ، قائىدە بويىچە سۇفۇپ قىلىپ ئىچىپ بەرسە، جىگەر ۋە بۆرەك ئاجىزلىقىغا شىپا بولىدۇ.

2. قۇلۇلە قېپىنى ئەرقى بەديان بىلەن سۈرۈپ كۆزگە تېمىتسا، كۆزنى روشەنلەشتۈرىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] 5 ~ 10 گىرامغىچە.

[زىيانلىق تەسىرى] تال، ئۆپكە ۋە ئاشقازانغا زىيان قىلىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] زىرە، بەديان، ھەسەل، سىركە.

[ئورۇنباسارى] سەدەپ.

[ۋەكىل خاراكتېرلىك پىششىق دورا ياسالمىسى] ئاقىرقەرھا سۇفۇپى.

## جىنتىيانا

## 金提亚那

## (龙胆 long dan)

[باشقا ئاتىلىشى] داۋئىل ھەيىە، كەپۇلئەزنەپ، كۇشات، جىنتىيانا

[لاتىنچە نامى] Radix Gentiana scabra

[ئىنگلىزچە نامى] Rough Gentian Root

[تونۇش] بۇ، جىنتىيانا ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق سامان غوللۇق ئۇسۇملۈك بولۇپ، بوغۇملۇق يىلتىزى دورىغا ئىشلىتىلىدۇ. جىنتىيانانىڭ تۈرلىرى كۆپ بولۇپ، جىنتىيانا رۇمىنىڭ تەسىرى ياخشىراق ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭ تېنى قاتتىق، چۈرۈك، رەڭگى قارامتۇل قوڭۇر، ئىچى سارغۇچ قىزىل،

www.uyghurkitap.com



جىنتىيانا

تەمى قېرىق، بىرئاز پۇراقلىق كېلىدۇ. (30 .6 ـ رەسىم)

[چىقىش ئورنى] ئېلىمىزنىڭ شەرقىي شىمال، ئىچكى موڭغۇل، ئوتتۇرا جۇڭگو، شىنجاڭ قاتارلىق جايلىرىدىن چىقىدۇ. جىنتىيانا رۇمى بولسا ئوتتۇرا ۋە جەنۇبىي ياۋروپا، رۇسىيە، موڭغۇلىيە قاتارلىق ئەللەردىن چىقىدۇ.

[يىغىپ ساقلاش] كۈز پەسلىدە يىلتىز ۋە يىلتىزسىمان غولىنى قېزىۋېلىپ، توپا ـ لايلىرى ۋە يەر ئۈستى قىسمىنى چىقىرىپ تازىلىغاندىن كېيىن، ھاۋا ئۆتۈشۈپ تۇرىدىغان سالقىن جايلاردا ساقلىنىدۇ.

[خىمىيەلىك تەركىبى] جىنتىيانا رۇمىنىڭ تەركىبىدە تەخمىنەن 4% كىچە گىنىنتىئوپىكرىن (Gynintiopicrin)، گېنتىئىن (Geintiin)، ئاتسىدوم گىنتىزىكوم (Gentisicaci)، گىنتىيانوزا، قومۇش شېكىرى ۋە مېۋە يېلىم ماددىسى قاتارلىقلار بار. باشقا تۈرلىرىنىڭ يىلتىزى ۋە يىلتىزسىمان غولىدا تەخمىنەن 1% ~ 3% كىچە، ھۆل يىلتىزنىڭ تەركىبىدە تەخمىنەن 10 % كىچە گىنتىئوپىكرىن (Gentiopicrin)، گىنتىيانىن (Gentianine) ۋە گىنتىيانوزا (Gentianose) قاتارلىقلار بار.

[فارماكولوگىيەلىك تەسىرى]

1. ئاشقازاننى كۈچەيتىش تەسىرى: ھايۋانلارغا قىلىنغان سىناق شۇنى ئىسپاتلىدىكى، جىنتىيانا ئاشقازان سۇيۇقلۇقى ۋە ئاشقازان كىسلاتاسىنىڭ ئاجرىتىپ چىقىرىلىشىنى تېزلىتىدۇ، گىنتىئوپىكرىنىنىڭ يۇقىرىغا ئوخشاش تەسىرى بار.

2. باكتېرىيەگە قارشى تەسىرى: جىنتىيانا قايناتىلمىسى يېشىل يىرىڭ تاياقچە باكتېرىيەسى، ئۈچەي كېزىكى تاياقچە باكتېرىيەسى، شەكىل ئۆزگەرتكۈچى تاياقچە باكتېرىيەسى، ئالتۇن رەڭلىك ئۈزۈمسىمان شارچە باكتېرىيەسى، تولغاق تاياقچە باكتېرىيەسى ۋە گەجسىمان چاچ تەمرەتكە زەمبۇرۇغى، يۇلتۇزسىمان نوكاسىن باكتېرىيەلىرىگە نىسبەتەن ئوخشىمىغان دەرىجىدە تورمۇزلاش تەسىرى بار.

3. نېرۋا سىستېمىسىغا بولغان تەسىرى: گىنتىيانىن كىچىك چاشقان مەركىزىي نېرۋا سىستېمىسىنى قوزغىتىدۇ، لېكىن چوڭ دوزىدىكىسى مەست قىلىدۇ. جىنتىيانانىڭ مىقدارى ھەر بىر كىلوگىرام ئۈچۈن، 25 ~ 100 مىللىگىرامغا قەدەر بولغان ناترىي پىنتو بارىتال ۋە خىلورال ھىدراتىنىڭ ناركوزلاش تەسىرىنى كۈچەيتىدۇ.

4. قان بېسىمىنى تۆۋەنلىتىش تەسىرى: جىنتىيانا ۋە جىنتىيانادىن ئېلىنغان سۇيۇقلۇق دېڭىز چوشقىسى بىلەن مۈشۈكنىڭ قان بېسىمىنى چۈشۈرىدۇ. جىنتىيانا تىنكتورىسىنىڭ چوڭ دوزىسى ناركوز قىلىنغان ھايۋانلارنىڭ قان بېسىمىنى تۆۋەنلىتىش تەسىرىگە ئىگە ھەمدە يۈرەكنى تورمۇزلاش تەسىرى بولۇپ، يۈرەك رىتىمىنى ئاستىلىتىدۇ.

5. يالۇغلىنىشقا قارشى تەسىرى: چوڭ چاشقانغا جىنتىيانا ۋە جىنتىيانادىن بېرىلسە، فورمالىن

مەنبەلىك بوغۇم زورىيىپ كېتىشنى يەڭگىللىتىدۇ. جىنتىيانانىڭ كىچىك چاشقاندىكى ياللۇغلىنىشقا قارشى تەسىرى ناترىي سالىتسىلاتقا قارىغاندا 4 ~ 7 ھەسسىگە قەدەر كۈچلۈك.

6. باشقا تەسىرلىرى: جىنتىيانانىڭ چوڭ دوزىسى كىچىك چاشقانغا ئىشلىتىلسە تىنچلاندۇرىدۇ. مۇسكۇلنى بوشاشتۇرىدۇ، ستىرىخنىننىڭ زەھەرلىك تەسىرىنى تۆۋەنلىتىدۇ. جىنتىيانانىڭ سۇدا قاينىتىپ ئىسپىرت بىلەن تىندۇرۇپ تەييارلانغان ئوكۇل ياسالمىسى كىچىك چاشقاننىڭ كاربون تېتراخلورىد كەلتۈرۈپ چىقارغان جىگەر زەھەرلىنىشنى مۇھاپىزەت قىلىش تەسىرى بار ھەم جىگەر توقۇلمىسىنىڭ كېسەللىك ئۆزگىرىشىنى ئازايتىدۇ. كىچىك چاشقاننىڭ جىگەر گىلىكوگېنىنىڭ مىقدارىنى ئاشۇرىدۇ. چوڭ چاشقان بىلەن ئىتنىڭ ئۆت سۇيۇقلۇقىنى روشەن ھالدا ھەيدەش تەسىرى بار. گىنتىئوپىكرىن بەزگەك پىلازمودىيەسىنى تورمۇزلاش ۋە ئۆلتۈرۈش رولىغا ئىگە ھەم ئۆت سۇيۇقلۇقىنى ھەيدەش ئۈنۈمى بار.

[**لايىقلاشتۇرۇلۇشى**] يۇيۇش، قۇرۇتۇش ئارقىلىق لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

[**تەبىئىتى**] ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[**خۇسۇسىيىتى**] جىگەر، تال، پەي ۋە ئاشقازاننى قۇۋۋەتلەش، بۆرەك، باھنى كۈچلەندۇرۇش، ئىششىق ۋە يەللەرنى ھەيدەش، نېرۋىنى قوزغىتىش، ھەزىمنى ياخشىلاش، سۈيدۈك ۋە ھەيزنى راۋانلاشتۇرۇش، توسالغۇلارنى ئېچىش، سوغۇقتىن بولغان ئىچكى ئاغرىقلارنى پەسەيتىش، زەھەر قايتۇرۇش خۇسۇسىيىتى بار.

[**ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر**] جىگەر، ئاشقازان، باھ، پەي ئاجىزلىقى، جىگەر ۋە تال ئىششىقى، پالەچ، لەقۋا، نېرۋا ئاجىزلىق، ئاشقازان ئاجىزلىقى، ھەزىم ئاجىزلىقى، قورساقتىكى ھامىلىنى چۈشۈرۈش، سۈيدۈك ۋە ھەيز تۇتۇلۇش، غالجىر ئىت چىشلەش، يىلان چېقىۋېلىش ۋە باشقا زەھەرلىك ھاشارات چاققان يارىلارنى داۋالاش ۋە زەھەرلىنىشنىڭ ئاغرىق ئازابىنى پەسەيتىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

[**ئىشلىتىش ئۇسۇلى**]

1. جىنتىيانادىن يەتتە گىرام، بەدىيان، رۇمبەدىيان 10 گىرامدىن، سۇزاپ ئۇرۇقىدىن بەش گىرام ئېلىپ سوقۇپ، 40 گىرام ھەسەلگە ئارىلاشتۇرۇپ مەجۇن تەييارلاپ ئىچسە، ئاشقازاننى قۇۋۋەتلەپ، يەل ھەيدەيدۇ.

2. جىنتىيانا، ئىزخىر، بوزبىداندىن بەش گىرامدىن، بەدىياندىن 10 گىرام، بەدىيان يىلتىزى، ئەنجۈر مونىكدىن 15 گىرامدىن ئېلىپ، چالا سوقۇپ قاينىتىپ، سۈزۈپ، مائۇلھەسەل تەييارلاپ ئىچسە، پالەچ، لەقۋا ۋە ئىستىرخاغا شىپا بولىدۇ.

3. جىنتىيانادىن 10 گىرام، خىيارشەنبەردىن 20 گىرام، پىلپىلدىن يەتتە گىرام، زاراڭزا چېچەكى، بادام يېغىدىن ھەربىرىدىن 10 گىرامدىن ئېلىپ، قايناتما تەييارلاپ ئىچسە، ھەيزنى راۋانلاشتۇرىدۇ.

[**ئىشلىتىش مىقدارى**] 1 ~ 6 گىرامغىچە.

[**زىيانلىق تەسىرى**] ئىسسىق مىزاجلىق كىشىلەرنىڭ كۆكرىكىگە زىيان قىلىدۇ.

[**تۈزەتكۈچىسى**] قەنتەرىيۇن، بادام مېغىزى، كەترا.

[**ئورۇنباسارى**] ئاسارۇن، بىخ كەبىر، قۇستە، زىراۋەندە.

[**ۋەكىل خاراكتېرلىك پىششىق دورا ياسالمىسى**] تەرياقى ئەربەئە، تەرياقى سامانىيە.

[**قوشۇمچە**] جىنتىيانانىڭ جىنتىيانا رۇمى (欧龙胆 Gentiana lutea)، جىنتىيانا (Gentiana Scabra Bge)، چوكا

www.uyghurkitap.com

يوپۇرماقلىق جىنتىيانا (条叶龙胆 Gentiana manshurica)، ئۈچ گۈللۈك جىنتىيانا (三华龙胆 Gentiana triflora Pall) قاتارلىق تۈرلىرى بار بولۇپ، ھەممىسىنىڭ غولى ۋە يىلتىزى دورىغا ئىشلىتىلىدۇ.

## دولانا

## 都拉乃

(山楂 shan zha)

[باشقا ئاتىلىشى] دولان، دولانە

[لاتىنچە نامى] Fructus Crataegus sanguinea

[ئىنگلىزچە نامى] Chinese Hautorn Fruit



دولانا

[تونۇش] بۇ، ئازغان ئائىلىسىدىكى يوپۇرماق تاشلايدىغان ئۆسۈملۈك دەرەخ دولانا ۋە تاغ دولانىسىنىڭ مېۋىسى بولۇپ، بۇ ئۆسۈملۈكنىڭ پىشقان ھەم قۇرۇتۇلغان مېۋىسى «دولانا» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ. دولانا مېۋىسى شار شەكىللىك بولۇپ، سىرتقى يۈزى خورما رەڭ ياكى توق قىزىل رەڭلىك، كىچىك داغلىرى بار. مېۋە ئېتى قېلىن، ئۆزى قاتتىق، تەمى ئاچچىق - چۈچۈك، خۇش پۇراق كېلىدۇ. (7.30 - رەسىم)

[چىقىش ئورنى] ئېلىمىزنىڭ خېنەن، جياڭسۇ، سەنشى، خېبېي، خۇنەن، گۇاڭشى، گۇاڭدۇڭ قاتارلىق جايلىرىدىن چىقىدۇ.

[يىغىپ ساقلاش] بۇ ئۆسۈملۈكنىڭ مېۋىسى پىشقاندىن كېيىن، قۇرۇتۇپ ئۇرۇقىنى يىغىۋېلىپ، پاكىز تازىلاپ، قۇرۇق ھەم سالقىن جايدا ساقلىنىدۇ.

[خىمىيەلىك تەركىبى] دولانا تەركىبىدە كىراتىگويىك كىسلاتاسى (Crotaegoiic acid)، تارتارىك كىسلاتا، كارتوتىن، ۋىتامىن $B_1$، $B_2$، ۋىتامىن C، فىلاۋون، قەنت تۈرلىرى ۋە گىلۇكوزىدلار، تاننىن، ئاقسىل، ماي، كالتسىي، فوسفور، تۆمۈر قاتارلىقلار بار.

تاغ دولانىسىدا كىراتىگويىك كىسلاتا، ئالما كىسلاتاسى، قەھۋە كىسلاتاسى، كاروتىن، ۋىتامىن $B_1$، C، تاننىن، گىلۇكوزىدلار، مېۋە قەنتى، ئاقسىل، مايلىق ياغ، كالتسىي، فوسفور، تۆمۈر قاتارلىقلار بار.

دولانا ھىندى(Crataegusoxyacanha) نىڭ تەركىبىدە ئېپىقئۇزۇمى كىسلاتاسى، كىراگىلويىك كىسلاتا، تاننىن، ھېپېرىن(Hyperin)، قەھۋە كىسلاتاسى، خىلوروگىنىك كىسلاتا(Chlorogenic acid)، ئاتسېتىل خولىن (Acetylcholine)، خولىن، مايلىق ياغ، تارتارىك كىسلاتا، ئالما كىسلاتاسى قاتارلىقلار بار. ئۇرۇقى تەركىبىدە ئاساسلىقى ئامىگدالىن (Amygdalin) بار.

[فارماكولوگىيەلىك تەسىرى]

1. قان بېسىمغا بولغان تەسىرى: دولانا تەركىبىدىكى فىلاۋوننىڭ سۇدا ئېرىگەن ماددىسى ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا كۆك تومۇر، قورساق بوشلۇقى ۋە ئۇن ئىككى بارماق ئۈچەي قاتارلىق دورا بېرىش يوللىرى ئارقىلىق كىرگۈزۈلگەندە، ئوخشىمىغان دەرىجىدە قان بېسىمنى چۈشۈرىدۇ.

2. باكتېرىيەگە قارشى تەسىرى: بەدەن سىرتىدىكى باكتېرىيەنى تورمۇزلاش تەجرىبىسىنىڭ ئىسپاتلىشىچە، دولانا قايىنتىلمىسى شىگېللا تاياقچە باكتېرىيەسى، سۇئىچي تولغاق تاياقچە باكتېرىيەسى قاتارلىقلارنى تورمۇزلايدۇ ھەمدە يېشىل يىرىڭ تاياقچە باكتېرىيەسىنىمۇ تورمۇزلايدۇ.

[تەبىئىتى] بىرىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى] جىگەر ۋە تالنىڭ خىزمىتىنى ياخشىلاش، ھەزىمنى ياخشىلاش، توسالغۇلارنى ئېچىش، يەل ھەيدەش، تاماق سىڭدۈرۈش، ئىچ سۈرۈشنى توختىتىش، ئاغرىق پەسەيتىش، قاندىكى ماينى تۆۋەنلىتىش خۇسۇسىيىتى بار.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر] ھەزىم ئاجىزلىقى، قورساق ئېسىلىش، جىگەر، تال ئاجىزلىقى، ئاشقازان كىسلاتاسىنىڭ كېمىيىپ كېتىشى، ئىچ سۈرۈش، تۇغۇتتىن كېيىنكى قورساق ئاغرىش، تولغاق، ھەيز ئاغرىتىپ كېلىش، قاندىكى ماي كۆپىيىپ كېتىش قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. قاقىلە، زەنجىۋىل، پىننە، بەدىيان، دولانانىڭ ھەر بىرىدىن بەش گىرام ئېلىپ، سۇفۇپ تەييارلاپ ئىچسە، ھەزىم ئاجىزلىقى، قورساق ئېسىلىش قاتارلىقلارغا مەنپەئەت قىلىدۇ.

2. ئىزخىر، بەدىيان يىلتىزى پوستى، كەرەپشە يىلتىزى، دولانانىڭ ھەر بىرىدىن 10 گىرام ئېلىپ، 300 گىرام ھەسەل بىلەن بىرلىكتە قائىدە بويىچە مائۇلھەسەل تەييارلاپ ئىچىپ بەرسە، جىگەر، تال ئاجىزلىقىغا مەنپەئەت قىلىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] 6 ~ 12 گىرامغىچە.

[زىيانلىق تەسىرى] دوۋساققا زىيان قىلىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] سىركە، يۇمغاقسۈت ئۇرۇقى.

[ئورۇنباسارى] مەستىكى.

[ۋەكىل خاراكتېرلىك پىششىق دورا ياسالمىسى] سۇفۇپى دولانا، مائۇلھەسەل.

## رەۋەن

## 热碗

## (大黄 da huang)

[باشقا ئاتىلىشى] رەۋەندى، بىخ رىباس، رەۋەن چىينى

[لاتىنچە نامى] Radix et Rhizoma Rheum Palmatum

[ئىنگلىزچە نامى] Rhubarb (voot)

www.uyghurkitap.com



رەۋەن

[**تونۇش**] بۇ، قامچىئوت ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك دورىلىق رەۋەن بولۇپ، يىلتىزى دورىغا ئىشلىتىلىدۇ. يىلتىزىنىڭ بىر تەرىپى سەل چوڭ بولۇپ، ئات تۇيىقىغا ئوخشايدۇ. سىرتى سېرىققا مايىل بېغىررەڭ، كۆپلىرىنىڭ ئىچى كاۋاك، تىزىلىشى رەتسىز، خۇش پۇراق، تەمى ئاچچىق كېلىدۇ. (8.30 ـ رەسىم)

[**چىقىش ئورنى**] شىنجاڭ، سىچۈەن، شىزاڭ قاتارلىق جايلاردىن چىقىدۇ.

[**يىغىپ ساقلاش**] قېزىۋالغاندىن كېيىن، توپا، لايلىرىدىن تازىلاپ، توغرىسىغا كېسىپ، توغراپ قۇرۇتۇلىدۇ.

[**خىمىيەلىك تەركىبى**] رەۋەن ئاساسلىقى سۈرۈش تەسىرىگە ئىگە بولغان تەركىبلەرگە ئىگە بولۇپ، ئۇلار نەچچە خىل ئۈزۈم شېكىرى گىلۇكوزىدى، خىرىزوفانول ئالوي، ئېمودىن، خىرىززوفانىك كىسلاتاسى قاتارلىقلاردىن ئىبارەت. يەنە رەۋەن تاننىك كىسلاتاسى، رابونتىن، رونتىگنىن، % 4.6 ئانتراكۇنون ئۆزگىرىشىدىن ھاسىل بولغان ماددىلارمۇ بار.

[**فارماكولوگىيەلىك تەسىرى**]

1. سۈرۈشنى كەلتۈرۈپ چىقارغۇچى ئۈنۈملۈك تەركىب ئانتراكۇنون گىلۇكوزىدىن ئىبارەت. رەۋەننى ئىستېمال قىلىپ 6 ~ 8 سائەتتىن كېيىن رولىنى جارى قىلدۇرىدۇ. ئۇ چوڭ ئۈچەيدە قەدەممۇقەدەم پارچىلاپ، چوڭ ئۈچەينى غىدىقلاپ، ئاندىن تەرەت ماڭدۇرىدۇ.

2. رەۋەننىڭ ئالتۇن رەڭلىك ئۈزۈمسىمان شارچە باكتېرىيەسى، بوغما، قۇرت چۆپ تاياقچە باكتېرىيەسى، كۆيدۈرگە تاياقچە باكتېرىيەسى، ئۈچەي كېزىكى تاياقچە باكتېرىيەسى، تولغاق باكتېرىيەسىگە نىسبەتەن قارشىلىق كۈچى يۇقىرى.

3. دورىلىق رەۋەننىڭ ئاددىي ئېلىنغان ماددىسى تېرە ئاستىغا ئوكۇل قىلىنسا، ئۆسمىنىڭ ئۆسۈشىنى توسىدۇ.

4. ئۈنىڭدىن باشقا قان توختىتىش، قىزىتما قايتۇرۇش، ئىممۇنىتېت ئىقتىدارىنى كۈچەيتىش تەسىرى بار.

[**لايىقلاشتۇرۇلۇشى**] يۇمشىتىش، توغراش، قورۇتۇش ئارقىلىق لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

[**تەبىئىتى**] ئۈچىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[**خۇسۇسىيىتى**] جىگەر ۋە ئاشقازاننى قۇۋۋەتلەش، بۇزۇق خىلىتلارنى سۈرۈش، ھۆللۈكلەرنى قۇرۇتۇش، ئىچىنى سۈرۈش، سەمرىتىش، پارقىرىتىش، سۈيدۈك ۋە ھەيزنى راۋانلاشتۇرۇش، جىگەر، تال ۋە ئۈچەيلەرنىڭ توسالغۇلىرىنى ئېچىش، يەل ھەيدەش، ئاغرىق يوقىتىش خۇسۇسىيىتى بار.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر] جىگەر، تال ئىششىقى ۋە ھەر خىل ئىششىقلار، يۆتەل، يۇرەك سېلىش، ئاشقازان سوۋۇپ كېتىش، زىققە، سىل، ئۆپكە ۋە ئۆچەيلەرنىڭ يىرىڭلىق يارىسى، ئىستىسقا، يەرقان، ھەر خىل ئىچ سۈرۈش، ئاشقازان ئاجىزلىقى، قورساق ئېسىلىش، سۈيدۈك تۇتۇلۇش، ھەيز توسۇلۇش، قەۋزىيەت، بۆرەك ۋە دوۋساق ئاغرىقى قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. 10 گىرام رەۋەننى سوقۇپ، بېھى ئۇرۇقى لۇئابى بىلەن يۇغۇرۇپ ھەب تەييارلاپ، كۈندە بىر قېتىم ئىچسە، دەم سىقىلىش ۋە كونا يۆتەلگە شىپا بولىدۇ.

2. رەۋەندىن يەتتە گىرام، ئوغرىتىكەندىن 10 گىرام، تەرخەمەك ئۇرۇقى، تاۋۇز ئۇرۇقىدىن 15 گىرامدىن ئېلىپ، 20 گىرام ئەرقى كاسنە بىلەن ئىچسە، سۈيدۈكنى راۋانلاشتۇرۇپ، سۇلۇق ئىششىقنى تارقىتىدۇ.

3. رەۋەندىن 10 گىرام، تەمرىھىندى، ئىتئۈزۈمى 20 گىرامدىن، كاسنە ئۇرۇقىدىن 10 گىرام، شاھتەررىدىن 15 گىرام، سىركىدىن 150 مىللىلىتىر، شېكەردىن 200 گىرام ئېلىپ، سىركەنجۇبىل تەييارلاپ ئىچىپ بەرسە، سېرىقلىق چۈشۈشكە مەنپەئەت قىلىدۇ.

4. قاينىتىلغان 30 مىللىلىتىر ئانار سۈيىگە بەش گىرام رەۋەننى سوقۇپ ئارىلاشتۇرۇپ، كۈندە بىر قېتىم ئىچسە، جىگەر توسالغۇلىرىنى ئاچىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] قەۋزىيەت ۋە باشقىلار ئۈچۈن 0.2 ~ 0.6 گىرامغىچە، ئىچ سۈرۈش ئۈچۈن 1.5 ~ 2 گىرامغىچە.

[زىيانلىق تەسىرى] تېنى ئاجىزلارغا زىيان قىلىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] كەتىرا، بېھى لۇئابى، ئىسپىغۇل.

[ئورۇنباسارى] باراۋەر مىقداردا قىزىلگۈل، سۇمبۇل.

[ۋەكىل خاراكتېرلىك پىششىق دورا ياسالمىسى] ھەببى رەۋەن، سىركەنجۇبىل رەۋەنى، دىنار شەربىتى.

## سەئدى كۇفى

## 苏依地库非

## (香附 xiang fu)

[باشقا ئاتىلىشى] سەئدى ھىندى، مىشكى زەرزىمىن، ناگىر موتى

[لاتىنچە نامى] Rhizoma Cyperus roptundus

[ئىنگلىزچە نامى] Nutgrass Galingale Rhizome

[تونۇش] بۇ، قىياقلار ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك ئۇزۇن قىياقنىڭ يىلتىزسىمان تۈگىنەك غولى بولۇپ، كۆپىنچە ئۇرچۇق شەكىلدە بولىدۇ. بەزىلىرى يۇمىلاق، بەزىلىرى ئۇزۇنچاق، بەزىلىرى ياپىلاق كېلىدۇ. تەمى سەل ئاچچىق، رەڭگى خورما رەڭ، خۇش پۇراق بولىدۇ.

www.uyghurkitap.com



سەئدى كۆفى

ئىككى خىل بولۇپ، بىرىنچى خىلىنىڭ شېخى قارا، ئىچى ئاق رەڭدە، خۇش پۇراق بولىدۇ. بۇ «سەئدى كۆفى» دەپ ئاتىلىدۇ. ئىككىنچى خىلى سەئدى كۆفىدىن كىچىكرەك بولۇپ، ئىچى ئاق رەڭدە بولمايدۇ. بۇ «سەئدى ھىندى» دېيىلىدۇ. سەئدى ھىندىنىڭ يەنە بىر خىلى بار بولۇپ، ئۇ زەنجىۋىلغا ئوخشايدۇ، چاينىسا زەپەر رەڭدە رېڭى چىقىدۇ. نەمدەپ تېرىگە چاپسا تۈكلەرنى شۇئان چۈشۈرۈۋېتىدۇ. بۇنىڭ زەھەرلىك تەرىپىمۇ بار، تەسىرى جەھەتتە سەئدى كۆفى ياخشىراق. (9.30 - رەسىم)

[چىقىش ئورنى] مىسىر، ئەرەبىستان، ھىندىستان، جۇڭگو قاتارلىق دۆلەتلەردىن چىقىدۇ.

[يىغىپ ساقلاش] ئەتىياز ۋە كۈز پەسىللىرى غول يىلتىزلىرىنى يىغىۋېلىپ، چاچما يىلتىزلىرىنى كۆيدۈرۈۋەتكەندىن كېيىن قۇرۇتۇپ ساقلىنىدۇ.

[خىمىيەلىك تەركىبى] تەركىبىدە 6% ~ 9% كىچە گىلۇكوزا، 40% ~ 41% كىچە كىراخمال، ئاز مىقداردا ئۇچۇچان ماي بار.

[فارماكولوگىيەلىك تەسىرى] ئاياللىق ھورمۇننى ئىلگىرى سۈرۈش، ئاغرىق توختىتىش ۋە قىزىتما قايتۇرۇش، باكتېرىيەگە قارشى تۇرۇش، مەركىزىي نېرۋا سىستېمىسىنى تورمۇزلاش، ئۆت ۋە جىگەرنى قۇۋۋەتلەش تەسىرى بار.

[لايىقلاشتۇرۇلۇشى] ئىلغاپ ساپلاشتۇرىدۇ.

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى] جىگەر، ئاشقازان، نېرۋا ۋە يەينى قۇۋۋەتلەش، ئىشتىھانى ئېچىش، يەل ھەيدەش، سۈيدۈك ۋە ھەيزنى راۋانلاشتۇرۇش خۇسۇسىيەتلىرى بار.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر] جىگەر، ئاشقازان ۋە نېرۋا ئاجىزلىقى، پالەچ، يۈز نېرۋىسىنىڭ پالەچى، سۈيدۈك ۋە ھەيز تۇتۇلۇش، ھەزىم بۇزۇلۇش، ئىشتىھاسىزلىق، ئىچ سۈرۈش، تولغاق قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. سەئدى كۆفى، يالپۇز، سېمىزئوت ئۇرۇقىنىڭ ھەربىرىدىن 10 گىرام ئېلىپ قايىنىتىپ ئىچىپ بەرسە، تولغاققا مەنپەئەت قىلىدۇ.

2. سەئدى كۆفى، قىزىلگۈل، جويۇز، ئاقىرقەرھالاردىن مۇۋاپىق مىقداردا ئېلىپ سوقۇپ تالقانلاپ، كالا سۈتىنىڭ قايمىقىغا ئارىلاشتۇرۇپ يەپ بەرسە، جىگەر مەنبەلىك ھەزىم بۇزۇلۇشقا، نېرۋا ئاجىزلىقى، پالەچ، لەقۋا قاتارلىقلارغا شىپا بولىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] 1 ~ 5 گىرامغىچە.

[**زىيانلىق تەسىرى**] گالغا زىيان قىلىدۇ. كۆپ ئىشلىتىلسە ئۆپكىگە زىيان قىلىدۇ.

[**تۈزەتكۈچىسى**] رۇمبەدىيان، ھەسەل، شېكەر.

[**ئورۇنباسارى**] سۇمبۇل، مۇرمەككى، دارچىن يېرىم ھەسسە بولىدۇ.

[**ۋەكىل خاراكتېرلىك پىششىق دورا ياسالمىسى**] سۇفۇپى سەئدى، رەۋغىنى سەئدى، ئامىلە نۇشدارى، جاۋارىش جالىنۇس، مەجۇنى ئازاراقى، ئامىلە نۇشدارى لۇئلۇۋى.

## سۇندۇرۇس

## 村都如孜

## (侧柏脂 ce bai zhi)

[**باشقا ئاتىلىشى**] قارا ئارچا يېلىمى، سۇندۇرۇس

[**لاتىنچە نامى**] Resina Platycladus orientalis

[**ئىنگلىزچە نامى**] Resina of Taiwan Juniper

[**تونۇش**] بۇ، ئارچا ئائىلىسىدىكى دائىم كۆكىرىپ تۇرىدىغان دەرەخ ياكى چاتقال قارا ئارچا دەرىخىنىڭ يېلىمى بولۇپ، بۇ دەرەخنىڭ يېلىمى «سۇندۇرۇس» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ. بۇ قىزغۇچ پارقىراق يېلىم بولۇپ، خۇددى كەھرىۋاغا ئوخشايدۇ، تەمى ئاچچىق، كۆيدۇرسە، ھىدىنىڭ پۇرىقىدەك سېسىق پۇراق كېلىدۇ. (10.30 ـ رەسىم)

[**چىقىش ئورنى**] ئېلىمىزنىڭ شەرقىي جۇڭگو، جياڭسۇ قاتارلىق ئۆلكىلىرىدىن چىقىدۇ، ئىككىنچى خىلى ھىندىستاندىن كۆپ چىقىدۇ.

[**يىغىش ساقلاش**] دەرەخنىڭ پوستىنى تىلىپ قويسا يېلىمى ئېقىپ چىقىپ قېتىپ قالىدۇ، بۇ يېلىمنى ئېلىپ تازىلاپ، قۇرغاق ئورۇندا ساقلىنىدۇ.

[**لايىقلاشتۇرۇلۇشى**] يۇيۇپ قىزدۇرۇش، قۇرۇتۇش ئارقىلىق لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

[**تەبئىتى**] ئىككىنچى دەرىجىدە ئىسسىق، ئۈچىنچى دەرىجىدە قۇرۇق.

[**خۇسۇسىيىتى**] جىگەرنى قۇۋۋەتلەش، بەلغەم يوقىتىش، ئىچكى ـ تاشقى ئەزالاردىن كەلگەن قاننى توختىتىش، ئارتۇق ھۆللۈكلەرنى قۇرۇتۇش، تەرلەشنى توسۇش، ئورۇقلىتىش، ئاغرىق پەسەيتىش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە.

[**ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر**] جىگەر ئاجىزلىقى، ھەر خىل قاناش، بەلغەم مەنبەلىك نەپەس سىقىلىش، كۆپ قان كېتىش، قولاق ئاغرىقى، قولاق ئېغىرلىقى، باش ئاغرىقى، چىش ئاغرىقى، بوۋاسىر، ھۆللۈكتىن پەيلەرنىڭ بوشىشى، چىش مىلىكى قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[**ئىشلىتىش ئۇسۇلى**]

1. سۇندۇرۇسنى يۇمشاق ئېزىپ، سىركەنجۇبىل بىلەن ئىچسە، تەرلەشنى توختىتىدۇ، ئورۇقلىتىدۇ.
2. مۇۋاپىق مىقداردىكى سۇندۇرۇسنى ھەسەل بىلەن قوشۇپ ئىچسە، كۆپ قان كېلىشنى توختىتىدۇ.
3. سۇندۇرۇسنى كۆيدۇرۇپ تۈتۈنىنى مەقئەتكە تۇتسا، قاناشنى ۋە ئاغرىقنى توختىتىدۇ.
4. مۇۋاپىق مىقداردىكى سۇندۇرۇسنى ئۇد ھىندى بىلەن بىرگە ئىس سېلىپ تۈتۈنىنى ئالسا، باش

www.uyghurkitap.com

ئاغرىقنى داۋالايدۇ.

5. مۇۋاپىق مىقداردىكى سۇندۇرۇسنى يۇمشاق ئېزىپ چىشقا سالسا، چىش ئاغرىقنى پەسەيتىپ، بوشاشقان چىشلارنى چىڭىتىدۇ، جاراھەتكە سەپسە، جاراھەتنى پۈتتۈرىدۇ.

6. سۇندۇرۇسنى ئېرىتىپ قۇلاققا تېمىتسا، قۇلاق ئاغرىقى ۋە قۇلاق ئېغىرلىقنى داۋالايدۇ.

[**ئىشلىتىش مىقدارى**] ئۈچ گىرامغىچە.

[**زىيانلىق تەسىرى**] بۆرەككە زىيان قىلىدۇ.

[**تۈزەتكۈچىسى**] سەمغى ئەرەبى.

[**ئورۇنباسارى**] كەھرىۋا.

[**ۋەكىل خاراكتېرلىك پىششىق دورا ياسالمىسى**] سۇفۇپى سۇندۇرۇس.

## زەرنەپ
## 再尔乃比
## （紫杉 zi shan）

[**باشقا ئاتىلىشى**] زەرنەب، سەرۇ تۈركىستانى، تالىس پەتتە

[**لاتىنچە نامى**] Ramuluset Folium Taxus cuspidata

[**ئىنگلىزچە نامى**] Branchlet and leaf of chinese yew


زەرنەپ

[**تونۇش**] بۇ، زەربەپ ئائىلىسىدىكى ئېگىزلىكى 20 مېتىردىن ئېگىز ئۆسىدىغان، دائىم كۆكىرىپ تۇرىدىغان شىمالىي زەرنەپ دەرىخىنىڭ يوپۇرمىقى بولۇپ، يوپۇرماقنىڭ شەكلى چىۋىقسىمان، رەڭگى يېشىل، تەمى ئاچچىق، خۇش پۇراق بولىدۇ. (11.30 ـ رەسىم)

[**چىقىش ئورنى**] ئېلىمىزنىڭ شەرقىي شىمالىدىكى ئۈچ ئۆلكىدىن، يەنە بېنگال، جەنۇبىي ھىندىستان قاتارلىق ئەللەردىن چىقىدۇ.

[**يىغىپ ساقلاش**] يىلنىڭ ھەممە پەسىللىرىدە شاخ ۋە يوپۇرماقلىرىنى يىغىۋېلىشقا بولىدۇ.

[**خىمىيەلىك تەركىبى**] يوپۇرمىقى تەركىبىدە تاكسىنىن (Taxinine)، تاكسىنىن A، تاكسىنىن H، تاكسىنىن K، تاكسىنىن L قاتارلىقلار بار.

[**فارماكولوگىيەلىك تەسىرى**]

1. قان قەنتىنى تۆۋەنلىتىش تەسىرى: زەرنەپ ئالكولوھىدىنى يۇقىرى شېكەرلىك قان كېسەللىكلىرىگە ھەر كىلوگىرام بەدەن ئېغىرلىقى ئۈچۈن 1 ～ 5 مىللىگىرامدىن ھېسابلاپ، تېرە ئاستى ياكى ۋېناغا ئوكۇل قىلىنسا، قاندىكى قەنتنى تۆۋەنلىتىدۇ.

2. باشقا تەسىرى: زەرنەپ ئىشقارى ئارىلاشما ئىشقارلار بولۇپ، تاكسىنىن A (بۇ ياۋروپادىن چىقىدىغان تاكسوس Txus baccata ئىچىدىن ئېلىنغان) نىڭ زەھەرلىك تەسىرى چوڭ ئەمەس، تاكسىنىن B ئوكۇلى ئازراق زەھەرلەيدۇ. يەنى بۇ يۈرەك مۇسكۇلىغا نىسبەتەن بىۋاستە زىيان يەتكۈزىدۇ. بۇنىڭ ئۆنۈملۈك قويۇقلۇقى ھەر بىر مىللىلىتىردا 80 مىللىگرام بولىدۇ.

[**لايىقلاشتۇرۇلۇشى**] قۇرۇتۇپ ساپلاشتۇرۇلىدۇ.

[**تەبىئىتى**] ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[**خۇسۇسىيىتى**] جىگەر، تال، ئاشقازان ۋە يۈرەكنى قۇۋۋەتلەش، كۆڭۈلنى خۇش قىلىش، پەي ۋە مۇسكۇللارنى كۈچلەندۈرۈش، يەل ھەيدەش، قورۇش، بەلغەم بوشىتىش، يۆتەل پەسەيتىش، زىيادە ھۆللۈكلەرنى قۇرۇتۇش، ئاغرىق توختىتىش، ئىچ سۈرۈشنى توختىتىش، قىزىتما قايتۇرۇش، چىش مىلىكنى چىڭىتىش، قان توختىتىش خۇسۇسىيىتى بار.

[**ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر**] يۈرەك ئاجىزلىقى، يۈرەك قوزغىلىش، يۈرەك رىتىمسىزلىقى، ئاشقازان ئاجىزلىقى، ئىشتىھاسىزلىق، ھېق تۇتۇش، يۆتەل، دەم سىقىلىش، مېڭە ۋە ئەسەبىي كېسەللىكلەر، جۈملىدىن پالەچ، لەقۋا، ئىچ سۈرۈش، چىش مىلىكى بوشاپ كېتىش، ھەر خىل ئىچكى - تاشقى قاناشلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[**ئىشلىتىش ئۇسۇلى**]

1. زەرنەپ، ئۇستقۇددۇس، بادرەنجىبۇيا، گاۋزىبان، قەلەمپۇرنىڭ ھەربىرىدىن 10 گىرام ئېلىپ چايلىق تەييارلاپ ئىچسە، يۈرەك قوزغىلىش، يۈرەك رىتىمسىزلىقى، پالەچ، لەقۋا كېسەللىكلىرىگە شىپا بولىدۇ.

2. زەرنەپ، موزا، ئاقاقىيا، كاتھىندىنىڭ ھەربىرىدىن بەش گىرام، ئانارگۈلدىن ئىككى گىرام ئېلىپ، سوقۇپ سۇفۇپ تەييارلاپ، كۈندە ئىككى قېتىم چىش تۈۋىگە سەپسە، چىش مىلىكى قاناشقا شىپا بولىدۇ، چىشنى چىڭىتىدۇ.

[**ئىشلىتىش مىقدارى**] 1 ~ 3 گىرامغىچە.

[**زىيانلىق تەسىرى**] ئىسسىق مىزاجلىقلارغا ۋە تېنى ئاجىز كىشىلەرگە زىيان قىلىدۇ.

[**تۈزەتكۈچىسى**] قۇرۇق يۇمغاقسۈت.

[**ئورۇنباسارى**] لاچىندانە، دارچىن، كاۋاۋچىن.

[**ۋەكىل خاراكتېرلىك پىششىق دورا ياسالمىسى**] سۇفۇپى زەرنەپ.

## ئۇد ھىندى

## 欧的印地

## （沉香 chen xiang）

[**باشقا ئاتىلىشى**] ئۇد ھىندى

[**لاتىنچە نامى**] Aquilaria agallocho

[**ئىنگلىزچە نامى**] Wood of Chinese Eaglewood



ئۇد ھىندى

[**تونۇش**] بۇ، مازارىيون ئائىلىسىدىكى دائىم ياشىرىپ تۇرىدىغان چوڭ دەرەخ، ھىندىستان ئۇد دەرىخىنىڭ قارا جىگەر رەڭلىك، مايلىق، رىزىنىلىق ئۆزەك ياغىچى بولۇپ، پۇرىقى ئۆتكۈر، خۇش پۇراق كېلىدۇ. (30.12 ـ رەسىم)

[**چىقىش ئورنى**] ئېلىمىزنىڭ گۇاڭدۇڭ، گۇاڭشى، تەيۋەن قاتارلىق جايلىرىدىن ھەم ھىندىستان، ھىندونېزىيە، ۋېيتنام، مالايشىيا، كامبودژا قاتارلىق ئەللەردىن چىقىدۇ.

[**يىغىپ ساقلاش**] دىيامېتىرى 30 سانتىمېتىردىن ئاشىدىغان دەرەخنى تاللاپ، ئۆتكۈر پالتا بىلەن 3 ~ 4 سانتىمېتىر قېلىنلىقتا تىلىپ، نەچچە يىلدىن كېيىن يېلىم ئاجرىلىپ چىققاندا يىغىۋېلىنىدۇ.

[**خىمىيەلىك تەركىبى**] ئۇد ھىندى تەركىبىدە مايلىق رىزىنا بار. بۇنىڭ ئىسپىرتتىكى چىلانمىسىدىن ئېلىنغان ماددا 84% كە يېتىدۇ، سوپۇنلاشتۇرۇلغاندىن كېيىنكى سۇنىڭ پارنى ئۆتكۈزۈش ئارقىلىق ئېلىنغان ئۇچۇچان ماي 31% كە يېتىدۇ، مېيىدا بېنزول ئاتسېتون (Bensylasetone)، سېكوي تېرپېن ئالكوھول (Swsaui terpeneacidbole) قاتارلىقلار بار.

[**فارماكولوگىيەلىك تەسىرى**] پەي ـ مۇسكۇللارنىڭ تارتىشىپ قېلىشىنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ. پەي ـ مۇسكۇللارنى بوشىتىدۇ، قان بېسىمىنى تۆۋەنلىتىدۇ، يۈرەك مۇسكۇلىغا قان يېتىشمەسلىكنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ. سىل تاياقچە باكتېرىيەسىنى تورمۇزلاش ۋە دەم سىقىلىشنى توختىتىش تەسىرى بار.

[**لايىقلاشتۇرۇلۇشى**] ئىلغاش، ئېزىش، سالايە قىلىش ئارقىلىق لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

[**تەبىئىتى**] ئۈچىنچى دەرىجىدە قۇرۇق، ئىككىنچى دەرىجىنىڭ ئاخىرىدا ئىسسىق.

[**خۇسۇسىيىتى**] جىگەر، يۈرەك ۋە ئاشقازاننى قۇۋۋەتلەش، ماددىلارنى يۇمشىتىش، ئاغرىق پەسەيتىش، توسالغۇلارنى ئېچىش، ئېغىزنىڭ بەتبۇيلۇقىنى يوقىتىش، ئىشتىھانى ئېچىش، بەلغەم بوشىتىش، نەپەسنى راۋانلاشتۇرۇش، چىرىشكە قارشى تۇرۇش، يەل ھەيدەش خۇسۇسىيىتى بار.

[**ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر**] يۈرەك، مېڭە ۋە ئاشقازان ئاجىزلىقى، بوغۇم ئاغرىقى، ئېغىز پۇراش، يۆتەل، سوغۇقتىن بولغان دەم سىقىلىش قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[**ئىشلىتىش ئۇسۇلى**]

1. ئۇستىقۇددۇس، لاچىندانە، ئاق سەندەل، ئۇد ھىندىنىڭ ھەربىرىدىن 10 گىرام ئېلىپ، چايلىق تەييارلاپ ئىچسە، يۈرەك ۋە مېڭىنى قۇۋۋەتلەيدۇ.

2. ئۇد ھىندى، زەنجىۋىل، بەديان، جوۋزىنە، دارچىن، كەرەپشە ئۇرۇقى، رۇمبەديانىنىڭ ھەربىرىدىن 10 گىرام ئېلىپ، چايلىق تەييارلاپ ئىچسە، ئاشقازاننى قۇۋۋەتلەيدۇ، يەل ھەيدەيدۇ.

3. مەستىكى، ئۇد ھىندى، رۇمبەديان، جوۋزىنە قاتارلىقلاردىن 10 گىرامدىن ئېلىپ سۇفۇف تەييارلاپ، كۈندە ئۈچ قېتىم، ھەر قېتىمدا ئۈچ گىرامدىن ئىچسە، ئاشقازاننى قۇۋۋەتلەيدۇ، يەل تارقىتىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] 4 ~ 6 گىرامغىچە.
[زىيانلىق تەسىرى] ئىسسىق مىزاج كىشىلەرگە ۋە ئۆمۈرتقىغا زىيان قىلىدۇ.
[تۈزەتكۈچىسى] كافۇر، سىركەنجۇبىل، قىزىلگۈل.
[ئورۇنباسارى] دارچىن، قەلەمپۇر، زەپەر.
[ۋەكىل خاراكتېرلىك پىششىق دورا ياسالمىسى] جاۋارىش ئۇد، جاۋارىش ئۇدمىشكى.

## تەرخەمەك

## 台尔海买克

(黄瓜 huang gua )

[باشقا ئاتىلىشى] خىيارىن، تەررە
[لاتىنچە نامى] Fructuc Cucumis sativus
[ئىنگلىزچە نامى] Cucumber Fruit


تەرخەمەك

[تونۇش] بۇ، كاۋا ئائىلىسىدىكى بىر يىللىق يامىشىپ پىلەك تارتىپ ئۆسىدىغان سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك تەرخەمەك (تۈز ۋە ئەگرى ئۆسىدىغان تۈرلىرى) نىڭ مېۋىسىدىن ئىبارەت بولۇپ، بۇ ئۆسۈملۈكنىڭ مېۋىسى «تەررە»، يىلتىزى «بىخ تەررە»، ئۇرۇقى «تۇخۇمى تەررە» قاتارلىق ناملاردا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ. مېۋىسى سەل ئەگرى، مېۋىسىنىڭ تاشقى پوستى يېشىل رەڭدە، تېنى ئاق رەڭدە، سۇلۇق، تەمى تاتلىق كېلىدۇ. مېۋىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئۇرۇقلىرى بولىدۇ. (13.30 ـ رەسىمى)
[چىقىش ئورنى] شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ھەممە جايلىرىدا تېرىلىپ ئۆستۈرۈلىدۇ.
[يىغىش ساقلاش] بۇ ئۆسۈملۈكنىڭ دورىلىق قىسمىنى كۈز پەسلىدە يىغىپ قۇرۇتۇپ، قۇرغاق ئورۇندا ساقلىنىدۇ.
[خىمىيەلىك تەركىبى] تەرخەمەك ئېتىدە گىلۇكوزا، راموزا (Rhamose)، گالاكتوزا (Galactose)، مانىنوزا (Mannose)، مېۋە قەنتى (Eructus)، رۇتىن (Rutin)، ۋىتامىن C، ئۇچۇچان ماي ۋە ئاچچىق تەركىب كۇكۇربىتاسىن (Cucurbitacin) قاتارلىقلار بار.
[فارماكولوگىيەلىك تەسىرى] تەركىبىدىكى كوكوربىتاسىننىڭ ھايۋاناتلارغا تەجرىبە قىلىش جەريانىدا ئۆسمىگە قارشى تەسىرى بارلىقى ئىسپاتلانغان، زەھەرلىك تەسىرى تۆۋەن.
[لايىقلاشتۇرۇلۇشى] ئادەتتىكىدەك ساپلاشتۇرۇلىدۇ.
[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە ھۆل سوغۇق.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

[**خۇسۇسىيتى**] جىگەرنى قۇۋۋەتلەش، غەيرىي تەبىئىي سەپرا خىلتىنى ۋە قۇرۇق ئىسسىق كەيپىياتنى تەڭشەش، ئۇسسۇزلۇقنى پەسەيتىش، قىزىتما چۈشۈرۈش، چىرايىنى گۈزەللەشتۈرۈش، تېرىگە جۇلا بېرىش، سۈيدۈك ھەيدەش، تاش پارچىلاش ۋە چۈشۈرۈش، ئۈيقۇ كەلتۈرۈش، چوڭ تەرەتنى راۋان قىلىش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە.

[**ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر**] كۆپ ئۇسساش، قىزىتما، سۈيدۈك تۇتۇلۇش، سۈيدۈك كۆپۈپ كېلىش، بۆرەك، دوۋساق ۋە سۈيدۈك يولىدا تاش پەيدا بولۇپ قېلىش، ئۈيقۇسىزلىق، قەۋزىيەت، جىگەر كېسەللىكى، باش ئاغرىش، ئىسسىقتىن بولغان يۈرەك چالاڭغۇراش قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[**ئىشلىتىش ئۇسۇلى**]

1. ھۆل تەرخەمەكتىن كۈندە مۇۋاپىق مىقداردا يەپ بەرسە، كۆپ ئۇسساشنى پەسەيتىدۇ، قىزىتما قايتۇرۇپ، سۈيدۈك ماڭدۇرىدۇ. دوۋساقتىكى تاش ۋە قۇملارنى ئېرىتىپ چۈشۈرىدۇ، تۇسالغۇلارنى ئاچىدۇ، چىرايىنى پارقىرىتىدۇ.

2. ھۆل تەرخەمەكنى تۇز بىلەن قوشۇپ يېسە، غەيرىي تەبىئىي سەپرا خىلتىنىڭ ئۆتكۈرلۈكىنى پەسەيتىدۇ، تەرەتنى راۋانلاشتۇرىدۇ، قىزىتمىنى ياندۇرىدۇ، سۈيدۈكنىڭ كۆيۈشۈپ كېلىشىنى يوقىتىدۇ.

3. ھۆل تەرخەمەكنى پۇراتسا ياكى پوستىنى سويۇپ پېشانىسىگە قويسا، باش ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ، ئۈيقۇ كەلتۈرىدۇ، ئىسسىقتىن بولغان يۈرەك چالاڭغۇراشقا پايدا قىلىدۇ.

[**ئىشلىتىش مىقدارى**] مۇۋاپىق مىقداردا ئىشلىتىلسە بولىدۇ.

[**زىيانلىق تەسىرى**] سوغۇق مىزاج كىشىلەرگە زىيان قىلىدۇ، قورساقنى كۆپتۈرۈپ قويىدۇ.

[**تۈزەتكۈچىسى**] سوغۇق مىزاج كىشىلەر ئۈچۈن ئارپىبەدىيان، تۇز، جۇۋىنە، ۋاسالغۇ.

[**ئورۇنباسارى**] قوغۇن سويمىسى.

[**ۋەكىل خاراكتېرلىك پىششىق دورا ياسالمىسى**] زىماتى تەرخەمەك.

## ئاقشېكەر

## 阿克西克日

## (砂糖 sha tang)

[**باشقا ئاتىلىشى**] سۇككەر، شېكەر

[**لاتىنچە نامى**] Saccharum Alba

[**ئىنگلىزچە نامى**] Wite Sugar

[**تونۇش**] بۇ، باشاقلىق ئۆسۈملۈكلەر ئائىلىسىدىكى ئۆسۈملۈك شېكەر قومۇشى ۋە قىزىلچىلاردىن ئايرىپ ئېلىنغان، ئۇششاق كىرىستال دانچىلاردىن ئىبارەت. رەڭگى ئاق ۋە قارا، تەمى تاتلىق كېلىدۇ. شېكەر قومۇشىنىڭ سىقىلغان سۈيىدىن ياسىلىدىغان، ھەممە ئادەمگە تونۇشلۇق بولغان بىر خىل تاتلىق نەرسىدۇر. (30 . 14 ـ رەسىم)

[**چىقىش ئورنى**] مەملىكىتىمىزنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن، پاكىستان، ئافرىقا، لاتىن ئامېرىكىسىغا

ئوخشاش ئىسسىق ئىقلىملىق جايلاردىن چىقىدۇ.

[يىغىپ ساقلاش] بۇ ئۆسۈملۈكنىڭ دورىلىق قىسمىنى كۈز پەسلىدە يىغىپ قۇرۇتۇپ، قۇرغاق ئورۇندا ساقلىنىدۇ.

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى] جىگەرنى قۇۋۋەتلەش، چوڭ تەرەتنى يۇمشىتىش، گالدىكى يىرىكلىكنى يوقىتىش، ئۆپكىنى تازىلاش، نېرۋا ۋە باھنى قۇۋۋەتلەش، ساپ قان پەيدا قىلىش، پەي ۋە مۇسكۇللارنى چىڭىتىش خۇسۇسىيىتى بار.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر] جىگەر ئاجىزلىقى، قەۋزىيەت، دەم سىقىلىش، قان ئازلىق، باھ ۋە نېرۋا ئاجىزلىقى پەي - مۇسكۇللار بوشىنىش قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. ھەر كۈنى 30 گىرام ناۋاتنى بىر قانچىگە بۆلۈپ شۈمۈپ بەرسە، يۆتەل ۋە كۆكرەكنىڭ يىرىكلىكى ئۈچۈن شىپا بولىدۇ.

2. شېكەرنى قىزىق سۇغا سېلىپ ئېرىتىپ ئىچىپ بەرسە، ئاۋاز پۈتۈپ قېلىش، ئەزالارنىڭ تىترىشى ئۈچۈن مەنپەئەت قىلىدۇ.

3. شېكەرنى قىزىلگۈل ئەرقى ياكى سوغۇق سۇ بىلەن ئىچىپ بەرسە، تەپنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە مەنپەئەت قىلىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] 30～150 گىرامغىچە.

[زىيانلىق تەسىرى] ئۆپكە سىلى، ئىسھال ۋە ئۈچەي كېسىلى بارلارغا، سەپرا مىزاج كىشىلەرگە بېرىلمەيدۇ. سېرىق ماي ۋە ئاچچىق نەرسىلەر بىلەن يېسە بەلغەم پەيدا قىلىدۇ، خىلتلارنى بۇزۇپ، قاننى كۆيدۈرىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] بادام، يېڭى سېغىلغان سۈت.

[ئورۇنباسارى] قارا شېكەر.

[ۋەكىل خاراكتېرلىك پىششىق دورا ياسالمىسى] گۈلقەنت.

## پىلە قۇرتى

## 皮拉扩热提

## (僵蚕 jiang can)

[باشقا ئاتىلىشى] كەرمى ھەرىر

[لاتىنچە نامى] Bombyx batryticatus

[ئىنگلىزچە نامى] Stiff Silkworm

[تونۇش] بۇ، پىلە پەرۋانىسى ئائىلىسىدىكى ھاشارات پىلە غوزىسىنىڭ ئىچىدىن چىقىدىغان قۇرتىدىن ئىبارەت. (30.15 - رەسىم)

www.uyghurkitap.com


پىلە قۇرتى

[چىقىش ئورنى] مەملىكىتىمىزنىڭ كۆپ قىسىم جايلىرىدىن چىقىدۇ.

[يىغىپ ساقلاش] ئۆلگەن پىلە قۇرتلىرىنى يىغىۋېلىپ، ئاپتاپتا قۇرۇتۇپ، سايە، قۇرغاق جايدا ساقلىنىدۇ.

[خىمىيەلىك تەركىبى] ئاقسىل، 17 خىل ئامىنو كىسلاتا، ئۇنىڭدىن باشقا كالتسىي، ماگنىي، سىنك قاتارلىق 28 خىل مىكرو ئېلېمېنت بار.

[فارماكولوگىيەلىك تەسىرى] تارتىشىشقا قارشى تۇرۇش، تىنچلاندۇرۇش، ئۇيقۇ كەلتۈرۈش، قان ئۇيۇشقا قارشى تۇرۇش، قان قەنتىنى تۆۋەنلىتىش تەسىرى بار.

[لايىقلاشتۇرۇلۇشى] ئادەتتىكىدەك ساپلاشتۇرۇلىدۇ.

[تەبىئىتى] بىرىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى] جىگەر ۋە ئۆپكىنى قۇۋۋەتلەش، بەلغەم بوشىتىش، زەھەر قايتۇرۇش، ئومۇمىي بەدەننى قۇۋۋەتلەش، ئاغرىق پەسەيتىش خۇسۇسىيىتى بار.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر] جىگەر ۋە ئۆپكە ئاجىزلىقى، باشنىڭ يېرىمى ئاغرىش، لەقۋا، مۇسكۇللار لىكىلداش، كۆرۈش قۇۋۋىتى ئاجىزلاش، كۆز ياشانغىراش، دىيابىت كېسىلى قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. پىلە قۇرتىدىن بەش گىرام، قىزىلگۈل، ئۈجمە يىلتىزى پوستى، كاسىنە ئۇرۇقى، بەديان، بادام مېغىزى، چىلغوزا مېغىزىنىڭ ھەربىرىدىن 10 گىرام، ھەسەلدىن 300 گىرام ئېلىپ مەجۇن تەييارلاپ، كۈندە ئىككى قېتىم، تاماقتىن كېيىن 10 گىرامدىن يەپ بەرسە، جىگەر ۋە ئۆپكىنى قۇۋۋەتلەيدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] 3 ～ 9 گىرامغىچە.

[زىيانلىق تەسىرى] ئاشقازانغا زىيان قىلىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] بەديان.

[ئورۇنباسارى] پىلە قۇرتى مايىقى.

[ۋەكىل خاراكتېرلىك پىششىق دورا ياسالمىسى] مەجۇنى رەبۇ.

## تۆگە سۈتى

## 驼各苏提

(骆驼乳 luo tuo rou)

[باشقا ئاتىلىشى] لەبىنۇل لەقاھ، شىرشۇتۇر، ئۇنتى كادۇ

[تونۇش] بۇ مەشھۇر ھايۋانلاردىن تۆگە بولۇپ، باشقا ھايۋانلارغا نىسبەتەن بەك ھوشيار بولىدۇ، بۇ ھايۋاننىڭ سۈتى «تۆگە سۈتى» نامىدا دورىلىقتا ئىشلىتىلىدۇ، رەڭگى كۆكۈچ ئاق قويۇق بولۇپ، بىرئاز

تۆزلۇق كېلىدۇ. (16.30 ـ رەسىم)



تۆگە

[**چىقىش ئورنى**] شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن چىقىدۇ.

[**يىغىپ ساقلاش**] بۇ ھايۋاننىڭ سۈتىنى پاكىز سىغىپ ئېلىپ، سوغۇق، سالقىن جايدا ساقلىنىدۇ.

[**خىمىيەلىك تەركىبى**] تۆگە سۈتى تەركىبىدە ئاقسىل، ماي، سۈت كىسلاتاسى، ۋىتامىن A، $B_1$، $B_2$، D، C، PP، ئادەم بەدىنىگە زۆرۈر بولغان سەككىز خىل ئامىنو كىسلاتاسى بار. ئۇنىڭدىن باشقا كالتسىي، تۆمۈر، سىنك، فوسفور، مىس، كوبالت، كالىي، ناترىي قاتارلىق مىنېرال ماددىلارنىڭ مىقدارىمۇ بىرقەدەر يۇقىرى.

[**فارماكولوگىيەلىك تەسىرى**] قاننى جانلاندۇرۇپ، ئۇيقۇنى ياخشىلاش تەسىرى بار.

[**لايىقلاشتۇرۇلۇشى**] ساپلاشتۇرۇپ لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

[**تەبىئىتى**] ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[**خۇسۇسىيىتى**] رەئىس ئەزالارنى قۇۋۋەتلەش، روھنى ئورغۇتۇش، تېرىگە جۇلا بېرىش، بەلغەم ۋە سەۋدا خىلتلىرىنى تەڭشەش، ئومۇمىي بەدەننى قۇۋۋەتلەش، توسالغۇلارنى ئېچىش، ياللۇغ قايتۇرۇش، قاننى كۆپەيتىش، پەي ـ مۇسكۇللارنى چىڭىتىش، ئوزۇقلۇق تولۇقلاش خۇسۇسىيەتلىرى بار.

[**ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر**] جىگەر، نېرۋا ئاجىزلىقى، ھەر خىل تۇبېركۇليوز، بەدەن ئاجىزلىقى، ئىچكى ئەزالاردىكى ھەر خىل ياللۇغلۇق كېسەللىكلەر، ئىستىسقا، قۇسۇش، نەپەس قىيىنلىشىش، يۆتەل، قان ئازلىق قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[**ئىشلىتىش ئۇسۇلى**]

1. تۆگە سۈتىدىن مۇۋاپىق مىقداردا، قىزىلگۈل، سەرتاندىن 10 گرامدىن ئېلىپ، دورىلارنى تالقانلاپ، تۆگە سۈتىگە تەكشى ئارىلاشتۇرۇلىدۇ.

2. تۆگە سۈتىدىن مۇۋاپىق مىقداردا، تۇدەرى ئۇرۇقى، سەۋزە ئۇرۇقىدىن ئالتە گرامدىن، بېدە ئۇرۇقىدىن 30 گرام ئېلىپ، سۈتنى قاينىتىپ، ئۇرۇقلارنى سوقۇپ، تالقانلاپ، سۈتكە ئارىلاشتۇرۇپ ئىچىپ بەرسە، جىنسىي ئاجىزلىق، سۆڭەك، مەنىي ئازلىق، ئۆپكە تۇبېركۇليوزىغا مەنپەئەت قىلىدۇ.

3. تۆگە سۈتىدىن 500 مىللىلىتىر، سۆئلەپ مىسرى، چىلغوزا مېغىزى، بادام مېغىزى، خاسىڭ مېغىزىنىڭ 30 گرام ئېلىپ، مېغىزلارنىڭ پوستىنى ئېلىۋېتىپ سوقۇپ، سۈتنى قاينىتىپ سوقۇلغان مېغىزلارنى ئارىلاشتۇرۇپ ھالۋا تەييارلاپ، 30 گرامدىن كۈندە ئۈچ ۋاق يەپ بەرسە، رەئىس ئەزالار

ئاجىزلىقىدىن بولغان ھەر خىل كېسەللىكلەرگە مەنپەئەت قىلىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] ئەھۋالغا قاراپ 30 ~ 120 مەللىلىتىرغىچە ئىشلىتىلىدۇ.

[زىيانلىق تەسىرى] تەستە ھەزىم بولىدۇ، ئۇسسۇزلۇق پەيدا قىلىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] گۈلقەنت، شېكەر.

[ئورۇنباسارى] كالا سۈتى.

[ۋەكىل خاراكتېرلىك ياسالمىسى] ھالۋائى سۆئلەپ.

# ئوتتۇز بىرىنچى باب ئۆپكە ـ كاناي كېسەللىكلىرىگە ئىشلىتىلىدىغان دورىلار

ئۆپكە ۋە كاناي كېسەللىكلىرىگە ئىشلىتىلىدىغان دورىلار يۆتەل پەسەيتىش، بەلغەم بوشىتىش، نەپەسنى راۋانلاشتۇرۇش خۇسۇسىيىتى ئاساسلىق ئورۇندا تۇرىدىغان دورىلار ئومۇملاشتۇرۇلۇپ، ئۆپكە ۋە كاناي كېسەللىكلىرىگە ئىشلىتىلىدىغان دورىلار دېيىلىدۇ.

ئۆپكە ۋە كاناي كېسەللىكلىرىگە ئىشلىتىدىغان دورىلارنىڭ كۆپىنچىلىرىنىڭ تەبىئىتى ھۆل ئىسسىق ياكى قۇرۇق ئىسسىق بولىدۇ. ئۇلار بەلغەم بوشىتىش، نەپەسنى راۋانلاشتۇرۇش، «تەبىئەت» نى قۇۋۋەتلەش تەسىرىنى بېرىدۇ. بۇ خىل دورىلار ئاساسلىقى بىخسۇس، چاكاندا، زۇپا، كۆكنار پوستى، لوبان، مىئەسائىلە، نىشاستە، چۆل رەيھىنى، تاتلىق شاپتۇل مېغىزى، تاتلىق ئۆرۈك مېغىزى، قوي ئۆپكىسى، مۇرچۇبە، يىلان ئۆتى، ئىلى سوغىگۈلى، چامغۇر، زىغىر ئۇرۇقى، رۇبىبسۇس، راتىيانەج، قۇندۇزئوت، قوڭغۇراقگۈل يىلتىزى، شۇمشا ئۇرۇقى، كەترا، ئەرەب يېلىمى، تاغ پىيىزى، گۈلدارچىن، زىغىر يېغى، قارلىغاچ چاڭگىسى، ئېشەك سۈتى، ئۇجمە يىلتىزى پوستى، شىغىلتاق (شېكەر تىغال) ، شىنجاڭ قۇرتئوتى قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.

## زۇپا

## 祖发

## (神香草 shen xiang cao )

[**باشقا ئاتىلىشى**] رىساسى ئەبىيەز، زۇفائى يابىس، زۇفائى خۇشكى

[**لاتىنچە نامى**] Herba Hyssopus cuspidatus

[**ئىنگلىزچە نامى**] Common Hysssop

[**تونۇش**] بۇ، كالپۇكسىمان گۈللۈكلەر ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك بولۇپ، غولىنىڭ تۈۋى ياغاچلاشقان، پۈتۈن تېنىدىن خۇش پۇراق چىقىپ تۇرىدۇ، غولى تۈۋىدىن شاخلىنىپ يانتۇ ئۆسىدۇ، ئېگىزلىكى 20 ～ 40 سانتىمېتىرغىچە كېلىدۇ؛ راۋاج تاپمىغان شېخى ئادەتتە يوپۇرماق قولتۇقىدىن ئۆسىدۇ؛ يوپۇرمىقى سىلىق، ئاددىي يوپۇرماق بولۇپ، ئۇدۇل ئۆسىدۇ، شەكلى تار يىپسىمان كېلىدۇ، يوپۇرماق ئۇچىدا يىڭنىسىمان تىكىنى بولىدۇ، ئالدى تەرىپىنىڭ رەڭگى يېشىل، كەينى تەرىپىنىڭ رەڭگى سۇس يېشىل، گۈللىرى زىچ، سانى كۆپ بولۇپ، ئۇچىدا ئۆسىدۇ، گۈل كاسىسى كانايسىمان بولۇپ، بەشكە يېرىلغان گۈل تاجىسى قوش كالپۇكسىمان، يۇقىرى كالپۇكى ئىككىگە يېرىلغان، شەكلى دىقماق تۇخۇمسىمان، تۆۋەنكى كالپۇكى ئۈچكە يېرىلغان، رەڭگى ھاۋا رەڭ كۆك كېلىدۇ، ئاتىلىقى تۆت

www.uyghurkitap.com



زۇپا

تال بولۇپ، ئىككىسى گۈل تاجىسىدىن چىقىپ تۇرىدۇ. دورىغا بۇ ئۆسۈملۈكنىڭ يەر ئۈستى قىسمى ئىشلىتىلىدۇ. (1.31 ـ رەسىم)

[**چىقىش ئورنى**] شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ تاغلىق رايونىنىڭ تاغلىق جايلىرىدىكى تاشلىق تاغ جىلغىلىرىدا ئۆسىدۇ. ئىران، پەلەستىن، ئەرەبىستان قاتارلىق ئەللەردىنمۇ چىقىدۇ.

[**يىغىپ ساقلاش**] بۇ ئۆسۈملۈكنى ياز ۋە كۈز پەسلىدە يىغىۋېلىپ، ئاپتاپتا قۇرۇتۇپ ساقلىنىدۇ. دورىغا ھۆل ھالەتتىمۇ ئىشلىتىلىدۇ.

[**خىمىيەلىك تەركىبى**] پۈتۈن چۆپىنىڭ تەركىبىدە ئۇچۇچان ماي، فىلاۋونلار بار.

[**فارماكولوگىيەلىك تەسىرى**] تەشەننۇج (ئىسپازما) بوشىتىشقا ئالكولوئىدئىدلارغا ئوخشاش تەسىرگە ئىگە بولۇپ، بۇ كانايچە تەشەننۇجىنى بوشاشتۇرۇپ، يۆتەل پەسەيتىدۇ ھەمدە ماخاۋ باكتېرىيەسىگە قارشى تۇرۇش ۋە كېسەللىك قوزغاتقۇچى قۇرتلارنى ئۆلتۈرۈش تەسىرىمۇ بار.

[**لايىقلاشتۇرۇلۇشى**] ئىلغاپ ساپلاشتۇرۇلىدۇ

[**تەبىئىتى**] ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[**خۇسۇسىيىتى**] ئۆپكە ۋە كانايىنى قۇۋۋەتلەپ، بەلغەم بوشىتىش، نەپەسنى راۋانلاشتۇرۇش، غەيرىي تەبىئىي سەۋدا ۋە بەلغەمدىن بولغان يۆتەلنى توختىتىش، سۈيدۈك ۋە ھەيزنى راۋانلاشتۇرۇش، ئىششىقلارنى ياندۇرۇش، تەرلىتىش، يەل ھەيدەش، تېرىگە رەڭ بېرىش خۇسۇسىيىتى بار.

[**ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر**] نەزلە، زۇكام، يۆتەل، زىققە، كۆكرەك پەردە ياللۇغى، سەزگۈرلۈكنىڭ ئېشىپ كېتىشىدىن بولغان نەپەس سىقىلىش، ئۆپكە ئىششىقى، كاناي ياللۇغى، سۈيدۈك ۋە ھەيز راۋان بولماسلىق، قىزىتما قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[**ئىشلىتىش ئۇسۇلى**]

1. زۇپا، پىرسىياۋشان 15 گىرامدىن، ئەنجۈر مونىكىدىن 30 گىرام، ئاق لەيلى ئۇرۇقى، سەرپىستاندىن 10 گىرامدىن ئېلىپ، قائىدە بويىچە شەربەت تەييارلاپ ئىچىپ بەرسە، غەيرىي تەبىئىي بەلغەم ۋە سەۋدادىن بولغان يۆتەلگە پايدا قىلىدۇ.

2. زۇپا، بىھى ئۇرۇقى، گۈلبىنەپشىدىن 10 گىرامدىن، قىزىلگۈلدىن يەتتە گىرام، سەرپىستاندىن 20 گىرام، چىلاندىن 15 دانە ئېلىپ، قائىدە بويىچە دەملەپ ئىچىپ بەرسە، ئۆپكە ئىششىقى ئۇچۇن شىپا بولىدۇ.

3. زۇپادىن 10 گىرام، بېھى ئۇرۇقى، نېلۇپەر، بىنەپشىدىن بەش گىرامدىن، چىلاندىن بەش دانە، شۇمشا ئۇرۇقىدىن 15 گىرام ئېلىپ دەملەپ ئىچىپ بەرسە، ئىسسىقتىن بولغان يۆتەل، زۇكام ۋە نەزلىگە

مەنپەئەت قىلىدۇ.

4. زۇپا، تۇخۇمى خىتمى، پىرسىياۋشاندىن 10 گىرام ئېلىپ دەملەپ ئىستېمال قىلغاندا، كۆكرەك- تىكى چىڭلىقنى بوشىتىپ، ئۆپكە ياللۇغىغا مەنپەئەت قىلىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] 3 ~ 9 گىرامغىچە.

[زىيانلىق تەسىرى] جىگەرگە زىيان قىلىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] ئاچچىق ئانار، سەرپىستان، گۈلبىنەپشە، ئەرەب يېلىمى.

[ئورۇنباسارى] پىرسىياۋشان، مەرزەنجۇش، سۆئتەر.

[ۋەكىل خاراكتېرلىك پىششىق دورا ياسالمىسى] شەربىتى زۇپا، جەۋھىرى زۇپا، لوئوقى زۇپا، زۇكام جەۋھىرى، مەجۇنى زۇپا.

[دىققەت قىلىدىغان ئىشلار] قۇرغاق جايدا ساقلىنىدۇ.

## چۇغۇندان

## 曲故当

(苦葶苈 ku ting li)

[باشقا ئاتىلىشى] خاكشى

[لاتىنچە نامى] Semen Descurainia sophia

[ئىنگلىزچە نامى] Flixweed, Tansymustard



چۇغۇندان

[تونۇش] بۇ، كىرىست گۈللۈكلەر ئائىلىسىدىكى بىر يىللىق ياكى ئىككى يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك خاك- شىنىڭ ئۇرۇقىدىن ئىبارەت بولۇپ، «خاكشى» ياكى «چۇ- غۇندان» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ. بۇ يۇمىلاق، ياپىلاق شەكىلدە كەلگەن، سارغۇچ قوڭۇر رەڭلىك، سەل پارقىراق كەلگەن ئۇرۇق بولۇپ، سەل پۇراقلىق، تەمسىز، چاپلاشقاق كېلىدۇ. (2.31 ـ رەسىم)

[چىقىش ئورنى] ئېلىمىزنىڭ شەرقىي شىمال، ئىچكى موڭغۇلدىن ھەم ھىندىستان، پەنجاپ قاتارلىق رايونلاردىن چىقىدۇ.

[يىغىپ ساقلاش] بۇ ئۆسۈملۈكنىڭ مېۋىسى پىشقاندىن كې- يىن، قۇرۇتۇپ ئۇرۇقىنى يىغىۋېلىپ، پاكىز تازىلاپ، قۇ- رۇق ھەم سالقىن جايدا ساقلىنىدۇ.

[خىمىيەلىك تەركىبى] چۇغۇندان ئۇرۇقىنىڭ تەركىبىدە

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

ئۇچۇچان ياغ، مايلىق ياغ، ياغ كىسلاتاسى قاتارلىقلار بار. يەنە ئىككى خىل يۇرەكنى قۇۋۋەتلىگۈچى گىلۇكوزىدى بار.
[فارماكولوگىيەلىك تەسىرى] ئۇرۇقىنىڭ ئىسپىرتتىكى ئېرىتمىسى ئاساسلىقى يۇرەكنى قۇۋۋەتلەش رولىغا ئىگە.
[لايىقلاشتۇرۇلۇشى] ساپلاشتۇرۇش، قورۇتۇش ئارقىلىق لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.
[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە ھۆل ئىسسىق.
[خۇسۇسىيىتى] ئۆپكىنى تازىلاپ، نەپەسنى راۋان قىلىش، يۈرەكنى قۇۋۋەتلەش، بەلغەم بوشىتىش، دەم سىقىلىشنى پەسەيتىش، قىزىتما قايتۇرۇش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە.
[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر] يۈرەك ئاجىزلىقى، سوزۇلما خاراكتېرلىك كانايچىنىڭ كېڭىيىش، سىرغىتمىلىق كۆكرەك پەردە ياللۇغى، جىگەر قېتىشتىن بولغان قورساققا سۇ يىغىلىش، سۈيدۈك ئازلاپ كېتىش، دەم سىقىلىش، بۆرەك ۋە لىمفا بەزلىرىنىڭ ياللۇغى، ھەر خىل قىزىتما، چېچەك، بەلغەملىك يۆتەل، كونا يۆتەل، نەزلە قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.
[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]
1. مۇۋاپىق مىقداردىكى چۈغۈندانىنى قايىنتىپ ئىچسە، قىزىل سىرتقا تېز تېپىدۇ ھەم ئاسان ساقىيىدۇ، كونا يۆتەلگە مەنپەئەت قىلىدۇ.
2. چۈغۈندانىنى گۈلاب بىلەن قايىنتىپ ئىچسە، يۈرەك ئاجىزلىقى، سۈيدۈك ئازلاپ كېتىش، ھەر خىل قىزىتما، يۆتەل، نەزلە قاتارلىقلارغا مەنپەئەت قىلىدۇ.
[ئىشلىتىش مىقدارى] 5 ~ 7 گىرامغىچە.
[زىيانلىق تەسىرى] باش ئاغرىتىدۇ.
[تۈزەتكۈچىسى] كەتىرا.
[ئورۇنباسارى] تۇدەرى.
[ۋەكىل خاراكتېرلىك پىششىق دورا ياسالمىسى] چۈغۈندان شەربىتى.

## تىزغا
## 提孜哈
(半夏 ban xia)

[باشقا ئاتىلىشى] تىزغا غولى
[لاتىنچە نامى] Rhizoma Pinellia ternata
[ئىنگلىزچە نامى] Halfummer Ternate Pinellia
[تونۇش] بۇ، چايانئوت ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك تىزغانىڭ قورۇتۇلغان تۈگۈنەك غولى بولۇپ، زەھەرلىك ئۆسۈملۈك بولغاچقا، زەنجۇىل بىلەن لايىقلاشتۇرۇلۇپ دورا ئورنىدا ئىشلىتىلىدۇ. (3.31 ـ رەسىم)

[**چىقىش ئورنى**] ئېلىمىزنىڭ كۆپ قىسىم جايلىرىدىن چىقىدۇ.

[**يىغىپ ساقلاش**] بۇ ئۆسۈملۈكنىڭ دورىلىق قىسمىنى كۈز پەسلىدە يىغىپ قۇرۇتۇپ، قۇرغاق ئورۇندا ساقلىنىدۇ.

[**خىمىيەلىك تەركىبى**] يىلتىزى ئۇچۇچان ماي، خولىن، ئېفېدرىن قاتارلىق بىيولوگىيەلىك ئىشقار، ھەر خىل قەنتلەردىن تەركىب تاپقان.

[**فارماكولوگىيەلىك تەسىرى**] يۆتەل توختىتىپ، يالۇغ قايتۇرۇش، بەلغەم بوشىتىش، ئۆت سۇيۇقلۇقىنىڭ ئاجرىلىپ چىقىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش رولى بار.

[**تەبىئىتى**] بىرىنچى دەرىجىدە ھۆل ئىسسىق.

[**خۇسۇسىيىتى**] ئۆپكە ـ كانايىنى راۋانلاشتۇرۇش، ھۆللۈكنى قۇرۇتۇپ، بەلغەم بوشىتىش، يۆتەلنى پەسەيتىش، يەل ھەيدەش، قۇسۇشنى توختىتىش، توسالغۇلارنى ئېچىپ، تۈگۈنچىلەرنى يوقىتىش، يالۇغ قايتۇرۇش خۇسۇسىيىتى بار.

[**ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر**] ئۇچەي توسۇلۇش، كۆڭلى ئېلىشىپ قۇسۇش، غەلۋىرەك، ئىششىق، بويۇن لىمفا بەز سىلى، ئۆتكۈر ۋە سوزۇلما خاراكتېرلىك كاناي شاخچىلىرى يالۇغى، سوزۇلما ئاشقازان يالۇغى، نېرۋا خاراكتېرلىك قۇسۇش قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[**ئىشلىتىش ئۇسۇلى**]

1. زۇپا، زىغىر، سەرپىستان، بادام مېغىزىنىڭ ھەربىرىدىن 10 گىرام، تىزغادىن تۆت گىرام ئېلىپ، قائىدە بويىچە سۇفۇپ تەييارلاپ ئىچىپ بەرسە، بەلغەم بوشىتىپ، نەپەسنى راۋانلاشتۇرىدۇ.

2. ئاق لەيلى يىلتىزى، يەرلىك شوخلا، كاكىنەچىنىڭ ھەربىرىدىن 10 گىرام، ئاق لەيلى ئۇرۇقى، تىزغانىڭ ھەربىرىدىن تۆت گىرام ئېلىپ قايناتما تەييارلاپ ئىچسە، ھەر خىل يالۇغلارنى قايتۇرىدۇ.

[**ئىشلىتىش مىقدارى**] 4～12 گىرامغىچە، ئىچكى تەرەپتىن ئىشلەتكەندە لايىقلاشتۇرۇپ ئىشلىتىلىدۇ.

[**زىيانلىق تەسىرى**] ھۆ پەيدا قىلىدۇ.

[**تۈزەتكۈچىسى**] بەدىيان، زىرە.

[**ئورۇنباسارى**] زۇپا.

[**ۋەكىل خاراكتېرلىك پىششىق دورا ياسالمىسى**] تىزغا قايىنتىلمىسى.

## تەڭگىيوپۇرماق گۈلى

## 堂格优普日马古丽

## (款冬花 kuan dong hua)

[**باشقا ئاتىلىشى**] تەڭگىيوپۇرماق غۇنچىسى

[**لاتىنچە نامى**] Flos Tussilago farfara

[**ئىنگلىزچە نامى**] Common Coltsfoot Flower

[**تونۇش**] بۇ، مۇرەككەپ گۈللۈكلەر ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك تەڭگىيوپۇر-

ماقنىڭ گۈل غۇنچىسىدىن ئىبارەت بولۇپ، «تەڭگىيوپۇرماق گۈلى» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ. (31. 4 ـ رەسىم)


تەڭگىيوپۇرماق گۈلى

[چىقىش ئورنى] تاغلىق جايلاردا، دەريا ۋادىلىرىدا، نەملىك ئورۇنلاردا ئۆسىدۇ، ئالتاي ۋە تەڭرىتاغلىرىدىن تېپىلىدۇ.

[يىغىش ساقلاش] ئەتىياز ۋە ياز پەسلىدە گۈلى ئېچىلىدۇ، گۈلى ئېچىلغاندا يىغىۋېلىپ گۈل بەرگىنى ئايرىپ، سايىغا يېيىپ قۇرۇتۇپ، قۇرۇق ئورۇندا ساقلىنىدۇ.

[خىمىيەلىك تەركىبى] رۇتىن ( Rutin )، ئاق چاچكا ماددىسى (Kaempferol)، بىيولوگىيەلىك ئىشقارلار، ئۇچۇچان مايلاردىن ئالكېنىن، 1—Alkene، كارراسرول Carracrol، كىرەش كىسلاتاسى (Angelic acid)، مىكرو ئېلېمېنتلاردىن سىنىك، مىس، تۆمۈر، قەلەي قاتارلىقلار بار.

[فارماكولوگىيەلىك تەسىرى] نەپەس سىستېمىسىغا نىسبەتەن بەلغەم بوشىتىش، يۆتەل پەسەيتىش تەسىرى بار. ئۇنىڭدىن باشقا روھلاندۇرۇش ۋە قان بېسىمىنى نىسپىي يۇقىرىلىتىش تەسىرى بار.

[لايىقلاشتۇرۇلۇشى] ئىلغاپ ساپلاشتۇرۇش، قۇرۇتۇش ئارقىلىق لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

[تەبىئىتى] بىرىنچى دەرىجىدە ھۆل ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى] ئۆپكە ۋە كانايىنى راۋانلاشتۇرۇش، تازىلاش، يۆتەل توختىتىش، يەل ھەيدەش، بەلغەم بوشىتىش خۇسۇسىيىتى بار.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر] ئۆپكە سىلى، قۇرۇق يۆتەل، سوزۇلما كاناي ياللۇغى، دەم سىقىلىش قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. زۇپا، پىرسىياۋشان، بىخسۇس، تەڭگىيوپۇرماق گۈلىنىڭ ھەربىرىدىن 10 گىرام، ئەنجۈر قېقىدىن بەش دانە ئېلىپ، قائىدە بويىچە قايىنىتىپ ئىچسە، قۇرۇق يۆتەل، دەم سىقىلىش قاتارلىقلارغا مەنپەئەت قىلىدۇ.

2. تەڭگىيوپۇرماق گۈلىدىن 10 گىرام، چىلغوزا مېغىزىدىن 15 گىرام، سەرپىستاندىن سەككىز گىرام، چۇچۇكبۇيا يىلتىزىدىن بەش گىرام، ھەسەلدىن ئىككى ھەسسە ئېلىپ، قائىدە بويىچە مەجۇن ياكى لوئوق تەييارلاپ ئىچىپ بەرسە، ئۆپكە سىلى ۋە سوزۇلما كاناي ياللۇغىغا مەنپەئەت قىلىدۇ.

3. باللاردىكى كۆكيۆتەلگە تەڭگىيوپۇرماق گۈلىدىن بەش گىرام، سوغىگۈل يىلتىزى ئۈچ گىرامدىن، بىخسۇستىن ئىككى گىرام، ناۋاتتىن 50 گىرام ئېلىپ، سۇدا قايىنىتىپ ئىچكۈزۈلىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] ئەھۋالغا قاراپ مۇۋاپىق مىقداردا ئىشلىتىلىدۇ.

[زىيانلىق تەسىرى] ئاشقازانغا زىيان قىلىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] پىننە.

[ئورۇنباسارى] پىرسىياۋشان.
[ۋەكىل خاراكتېرلىك پىششىق دورا ياسالمىسى] لوئوقى بادام.

## ئاق قېيىن قوۋزىقى
## 阿克荣库孜克
## (白桦皮 bai hua pi)

[باشقا ئاتىلىشى] ئاق قېيىن دەرەخ قوۋزىقى
[لاتىنچە نامى] Cortex Betula verrucosa
[ئېنگلىز نامى] bark of European white birch
[تونۇش] بۇ، قېيىن دەرىخى ئائىلىسىدىكى يوپۇرماق تاشلايدىغان دەرەخ ئاق قېيىن دەرىخىنىڭ قوۋزىقى بولۇپ، «ئاق قېيىن قوۋزىقى» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ.
[چىقىش ئورنى] شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ھەممە تاغلىق يەرلىرىدىن چىقىدۇ.
[يىغىپ ساقلاش] بۇ ئۆسۈملۈكنىڭ مېۋىسى پىشقاندا يىغىۋېلىپ، پوستىنى ئايرىپ قۇرۇتۇپ، قۇرۇق، سالقىن جايدا ساقلىنىدۇ.
[تەبىئىتى] بىرىنچى دەرىجىدە قۇرۇق سوغۇق.
[خۇسۇسىيىتى] ئۆپكە ۋە كانايىنى راۋانلاشتۇرۇش، ھارارەت پەسەيتىش، زەھەر قايتۇرۇش، يۆتەل توختىتىش، ياللۇغ قايتۇرۇش خۇسۇسىيىتى بار.
[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر] ئۆتكۈر باكتېرىيەلىك تولغاق، سوزۇلما خاراكتېرلىك تولغاق، يۆتەل، دەم سىقىلىش، سۈت بېزى ياللۇغى قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.
[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]
1. تاباشىر، قىيمىقۇ، سېمىزئوت ئۇرۇقىنىڭ ھەربىرىدىن ئالتە گىرام، ئاق قېيىن قوۋزىقىدىن 10 گىرام ئېلىپ، قائىدە بويىچە سوقۇپ سۇفۇپ تەييارلاپ ئىچسە، ئۆتكۈر باكتېرىيەلىك تولغاق ۋە سوزۇلما خاراكتېرلىك تولغاققا مەنپەئەت قىلىدۇ.
2. چۇچۇكبۇيا يىلتىزى، ئاق لەيلى ئۇرۇقى، ئاق قېيىن قوۋزىقى قاتارلىقلارنىڭ ھەربىرىدىن 10 گىرام ئېلىپ، كاشكاپ تەييارلاپ ئىچسە، يۆتەل توختىتىدۇ.
[ئىشلىتىش مىقدارى] 18 ~ 35 گىرامغىچە.
[زىيانلىق تەسىرى] قەۋزىيەت پەيدا قىلىدۇ.
[تۈزەتكۈچىسى] ھەسەل سۈيى، بادام يېغى.
[ئورۇنباسارى] كاسنە ئۇرۇقى.
[ۋەكىل خاراكتېرلىك پىششىق دورا ياسالمىسى] ئاق قېيىن قوۋزىقى سۇفۇپى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# تاتلىق شاپتۇل مېغىزى

## 塔特勒克沙皮托力麦核子

## （甜桃仁 tian tao ren）



شاپتۇل

**[باشقا ئاتىلىشى]** مېتائارۇكى مەغىز

**[لاتىنچە نامى]** Semen Amygdaus persica

**[ئىنگلىزچە نامى]** Almond

**[تونۇش]** بۇ، ئەترگۈل ئائىلىسىدىكى ئۆسۈملۈك يەرلىك شاپتۇلنىڭ ئۇرۇقىدىن ئىبارەت بولۇپ، مېغىزىنىڭ سىرتقى پوستى سېرىق قوڭۇر رەڭلىك، مېغىزىنىڭ تەمى تاتلىق بولىدۇ. مايلەشاڭغۇ كېلىدۇ. (5.31 ـ رەسىم)

**[چىقىش ئورنى]** شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىن چىقىدۇ.

**[يىغىپ ساقلاش]** بۇ ئۆسۈملۈكنى ياز ۋە كۈز پەسلىدە يىغىۋېلىپ، ئاپتاپتا قۇرۇتۇپ ساقلىنىدۇ. دورىغا ھۆل ھالەتتىمۇ ئىشلىتىلىدۇ.

**[خىمىيەلىك تەركىبى]** يەرلىك شاپتۇلدا ئامىگدالىن ئاساسەن يوق، بولغاندىمۇ مىقدارى ناھايىتى ئاز، تەخمىنەن % 0.1 كە يېتىدۇ. ئېمۇلسىن (Emulsin) نىڭ مىقدارى كۆپ بولۇپ، بۇ ئاساسلىقى ئېمۇلسىن بىرىكمىلىرىدىن ئىبارەت. بۇنىڭ ئىچىدە ئاساسلىقى ئاچچىق بادام فېرمېنتى ئامىگدالازا (Amygdalase) دىن ئىبارەت. تەركىبىدە تۇتقان ياغ % 45 تىن % 67 نى ئىگىلەيدۇ.

**[لايىقلاشتۇرۇلۇشى]** پوستىنى ئاجرىتىپ، قۇرۇتۇش ئارقىلىق لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

**[تەبىئىتى]** بىرىنچى دەرىجىدە ھۆل ئىسسىق.

**[خۇسۇسىيىتى]** ئۆپكە ـ كاناي ۋە مېڭىنى قۇۋۋەتلەش، باھ ۋە بۆرەكنى قۇۋۋەتلەش، سۈت ۋە مەنىي كۆپەيتىش، نەپەسنى راۋانلاشتۇرۇش، بەدەننى سەمرىتىش، ئۇيقۇنى ياخشىلاش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە.

**[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر]** مېڭە ئاجىزلىق، باھ ئاجىزلىقى، بۆرەك ئورۇقلاپ كېتىش، نەزلىلىك زۇكام، قۇرۇق يۆتەل، قەۋزىيەت، ئەستە تۇتۇشنىڭ ئاجىزلاپ كېتىشى، ئۇنتۇغاقلىق، ئۇيقۇسىزلىق، كۆرۈش قۇۋۋىتى ئاجىزلىقى قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

**[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]**

1. تاتلىق شاپتۇل مېغىزى، لاچىندانە، ئۆرۈك مېغىزى، چىلغوزا مېغىزى، يەرلىك بادام، پىستە مېغىزىنىڭ ھەربىرىدىن 10 گىرام، ناۋاتتىن 15 گىرام ئېلىپ، سۇفۇپ تەييارلاپ ئىچسە، ئۇيقۇسىزلىق، مېڭە ۋە باھ ئاجىزلىقىغا مەنپەئەت قىلىدۇ.

2. شاپتۇل مېغىزى، كىرەش، قىزىل چۈغلۇق، زاراڭزا، ئاغىچا قاتارلىقلاردىن مۇۋاپىق مىقداردا

ئېلىپ قايىنىتىپ ئىچىپ بەرسە، ھەيزنى راۋانلاشتۇرىدۇ.

3. تاتلىق شاپتۇل مېغىزى، يەرلىك بادام مېغىزى، چىلغۇزا مېغىزى، پىستە مېغىزى، زىغىرنىڭ ھەربىرىدىن 30 گىرام، لوئوق تەييارلاپ ئىچسە، بەلغەم بوشىتىپ، يۆتەل پەسەيتىدۇ، نەپەسنى راۋانلاشتۇرىدۇ.

4. شاپتۇل مېغىزىدىن 30 گىرام، بادام مېغىزى بىلەن بەدىياندىن 15 گىرامدىن ئېلىپ سوقۇپ، شېكەر بىلەن ئىچسە، مېڭىنى قۇۋۋەتلەپ، كۆرۈش قۇۋۋىتىنى ئاشۇرىدۇ.

[**ئىشلىتىش مىقدارى**] 7 ~ 15 گىرامغىچە.

[**زىيانلىق تەسىرى**] ئاشقازانغا زىيان قىلىدۇ. تەستە سىڭىدۇ.

[**دىققەت قىلىدىغان ئىشلار**] نەملىشىشتىن، قۇرت چۈشۈشتىن ساقلىنىش كېرەك.

[**تۈزەتكۈچىسى**] مەستىكى، پىننە، بەدىيان.

[**ئورۇنباسارى**] چىلغوزا مېغىزى.

[**ۋەكىل خاراكتېرلىك پىششىق دورا ياسالمىسى**] لوئوقى بادام، لوئوقى سەرپىستان.

## تاتلىق ئۆرۈك مېغىزى

## 塔特勒克欧如克麦核子

## (甜杏仁 tian xing ren)

[**باشقا ئاتىلىشى**] مېغىزى مىشمىش

[**لاتىنچە نامى**] Semen Armeniaca vulgaris

[**ئىنگلىزچە نامى**] Almond, Seed of Apricot

[**تونۇش**] بۇ، ئەتىرگۈل ئائىلىسىدىكى چاتقال تاتلىق ئۆرۈكنىڭ مېغىزى بولۇپ، دورىلىق ئۈچۈن كۆپ ئىشلىتىلىدۇ. سىرتقى پوستى سارغۇچ، يۈرەك شەكلىدە، پۇراقسىز، تەمى تاتلىق كېلىدۇ. (31.6 ـ رەسىم)



ئۆرۈك

[**چىقىش ئورنى**] شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدىن چىقىدۇ.

[**يىغىپ ساقلاش**] بۇ ئۆسۈملۈكنىڭ مېۋىسى پىشقاندىن كېيىن، قۇرۇتۇپ ئۇرۇقنى يىغىۋېلىپ، پاكىز تازىلاپ، قۇرۇق ھەم سالقىن جايدا ساقلىنىدۇ.

[**خىمىيەلىك تەركىبى**] تاتلىق ئۆرۈك مېغىزىنىڭ تەركىبىدە %40~%60 كىچە ياغلىق ماي، %10 قەنت، %20~%25 كىچە ئاقسىل، %3~%4 كىچە يېلىم ماددىسى بار.

[**فارماكولوگىيەلىك تەسىرى**] قۇرت چۈشۈرۈش، باكتېرىيە ئۆلتۈرۈش تەسىرى بار.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

[لايىقلاشتۇرۇلۇشى] ئۆچكىسىنى ئايرىپ داغلاش ئارقىلىق لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.
[تەبىئىتى] بىرىنچى دەرىجىدە ھۆل ئىسسىق.
[خۇسۇسىيىتى] ئۆپكە ۋە كانايىنى قۇۋۋەتلەش، بەلغەم بوشىتىش، ئۆچەينى سىلىقلاشتۇرۇش، سەمرىتىش، يۆتەل پەسەيتىش، جاراھەت پۈتتۈرۈش خۇسۇسىيىتى بار.
[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر] يۆتەل، زىققە، ھەر خىل تېرە جاراھەتلىرى، قەۋزىيەت، بەدەن ئاجىزلىقى قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.
[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]
1. ئۆرۈك مېغىزىنى پوستىدىن ئاجرىتىپ، سوقۇپ خېمىر قىلىپ ياكى قورۇپ جاراھەتلەرگە چاپسا، جاراھەتنىڭ ئېغىز ئېلىشىغا مەنپەئەت قىلىدۇ.
2. تاتلىق ئۆرۈك مېغىزىنى سوقۇپ، كىچىك بالىنىڭ كىندىكىگە تېڭىپ قويسا، كىندىكى شەلۋەرەپ قېلىشقا مەنپەئەت قىلىدۇ.
3. تاتلىق ئۆرۈك مېغىزى، بادام مېغىزى 10 گىرامدىن، شۇمشا ئۇرۇقىدىن بەش گىرام ئېلىپ، قائىدە بويىچە تالقان تەييارلاپ ئىچسە، بەلغەم بوشىتىپ، يۆتەل پەسەيتىدۇ.
[ئىشلىتىش مىقدارى] 1.5 ~ 3 گىرامغىچە.
[زىيانلىق تەسىرى] ئاشقازانغا زىيان قىلىدۇ.
[تۈزەتكۈچىسى] رۇمبەدىيان.
[ئورۇنباسارى] تاتلىق بادام مېغىزى.
[ۋەكىل خاراكتېرلىك پىششىق دورا ياسالمىسى] لوئوقى بادام.

## قوي ئۆپكىسى

## 葵欧皮克斯

(羊肺 yang fei)

[باشقا ئاتىلىشى] شۇشى گۇسپەندى
[لاتىنچە نامى] Goat caprae
[ئىنگلىزچە نامى] sheep lung goat lung
[تونۇش] بۇ، ھەممىگە تونۇشلۇق بولغان ھايۋان قوينىڭ ئۆپكىسى بولۇپ، «قوي ئۆپكىسى» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ. (7.31 ـ رەسىم)
[چىقىش ئورنى] دۇنيانىڭ ھەممە جايلىرىدىن تېپىلىدۇ.
[يىغىپ ساقلاش] يېڭى سويۇلغان قوينىڭ ئۆپكىسىنى ئېلىپ، سوغۇق، سالقىن جايدا ساقلىنىدۇ.
[خىمىيەلىك تەركىبى] ھەر 100 گىرام قوي ئۆپكىسىنىڭ تەركىبىدە 76 گىرام سۇ، 20.2 گىرام ئاقسىل، 2.8 گىرام ياغ ۋە فوسفور، كالتسىي، ۋىتامىن $B_2$ قاتارلىقلار بار.
[لايىقلاشتۇرۇلۇشى] قورۇتۇش ئارقىلىق ساپلاشتۇرۇلىدۇ.

[تەبىئىتى] بىرىنچى دەرىجىدە ھۆل سوغۇق.

[خۇسۇسىيىتى] ئۆپكىنى كۈچەيتىش، يۆتەل پەسەيتىش، ئۇسسۇزلۇق پەسەيتىش، سۈيدۈك قىتىم سانىنى ئازايتىش، زەھەر قايتۇرۇش، ئىششىق ياندۇرۇش خۇسۇسىيىتى بار.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر] ئۆپكە ئاجىزلىقى، يۆتەل، ئۇسسۇزلۇق، سۈيدۈك قىتىم سانى كۆپىيىش، تاماق ئىسسىدىن زەھەرلىنىش قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. ئۆپكىنى خېمىر شىرىسى بىلەن قۇيۇپ، مۇۋاپىق مىقداردىكى سۇدا زۇپا بىلەن بىرگە قايىنىتىپ پىشۇرۇپ، ئۆپكىنى يەپ، سۈيىنى ئىچسە، ئۆپكىنى كۈچەيتىپ، يۆتەل توختىتىدۇ.

2. ئۆپكىنى خېمىر شىرىسى بىلەن قۇيۇپ، قايىنىتىپ پىشۇرۇپ، توخۇ شورپىسى بىلەن بىرگە ئىچسە، تاماكا ئىسسىدىن بولغان ئۆپكىنىڭ زەھەرلىنىشىگە مەنپەئەتلىك.

[ئىشلىتىش مىقدارى] مۇۋاپىق مىقداردا.

[زىيانلىق تەسىرى] زەھەرسىز.

[ئورۇنباسارى] چىلغوزا، زىغىر.

[ۋەكىل خاراكتېرلىك ياسالمىسى] پىشۇرۇلغان ئۆپكە.

## مۇرچۇبە

## 木尔秋巴

## (天门冬 tian men dong)

[باشقا ئاتىلىشى] مۇرچۇبە يىلتىزى

[ئىنگلىزچە ئاتىلىشى] Radix Asparagi cochinchinensis

[لاتىنچە نامى] Cochinchinese Asparagus Root Tuber



مۇرچۇبە

[تونۇش] بۇ، گۈلسامساق ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق يامىشىپ ئۆسىدىغان سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك مۇرچۇبەنىڭ تۈگۈنەك يىلتىزىدىن ئىبارەت. (8.31 ـ رەسىم)

[چىقىش ئورنى] مەملىكىتىمىزنىڭ كۆپ قىسىم جايلىرىدىن، جۈملىدىن يۈننەننىڭ تاغ باغرى ۋە ئورمانلىقلاردا ئۆسىدۇ.

[يىغىپ ساقلاش] بۇ ئۆسۈملۈكنى ياز ۋە كۈز پەسلىدە يىغىۋېلىپ، ئاپتاپتا قۇرۇتۇپ ساقلىنىدۇ.

[خىمىيەلىك تەركىبى] 19 خىل ئامىنو كىسلاتاسى قاتارلىقلار بار.

[فارماكولوگىيەلىك تەسىرى] ① قايىنىتىلمىسى كۆيدۈرگە تاياقچە باكتېرىيەسى، قان ئېرىتكۈچى زەنجىرسىمان شارچە

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

باكتېرىيە، بوغما تاياقچە باكتېرىيەسى، ئۆپكە ياللۇغى زەنجىرسىمان شارچە باكتېرىيەسى، ئالتۇن رەڭلىك ئۈزۈمسىمان شارچە باكتېرىيە، سىفىلىس تاياقچە باكتېرىيەسى قاتارلىقلارغا نىسبەتەن ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە تورمۇزلاش تەسىرىگە ئىگە. ② ئۆسمىگە قارشى تۇرۇش تەسىرى بار. ③ سۈت بېزى ئۆسۈكچىلىرى ۋە ئىششىقنى ياندۇرۇش تەسىرى بار.

[لايىقلاشتۇرۇلۇشى] ئىلغاش، قورۇتۇش ئارقىلىق لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

[تەبىئىتى] بىرىنچى دەرىجىدە قورۇق ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى] ئۆپكە ۋە كانايىنى قۇۋۋەتلەش، قىزىتما پەسەيتىش، يۆتەل توختىتىش، ئۇسسۇزلۇقنى پەسەيتىش، چوڭ تەرەتنى راۋانلاشتۇرۇش خۇسۇسىيىتى بار.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر] ياشانغانلاردىكى سوزۇلما خاراكتېرلىك كاناي ياللۇغى، ئۆپكە سىلى، بولۇپمۇ يۆتىلىپ بەلغەم چىقىرالمايدىغان كېسەللىكلەرگە ئىشلىتىلىدۇ. يەنە سوزۇلما كېسەللىكلەردىكى تۆۋەن قىزىتما، بەدەن ئاجىزلىقى، جىگەر مىزاجىنىڭ بۇزۇلۇشى، مەنىي بالدۇر يۇرۇپ كېتىش، گال ئاغرىقى، سۈت بېزى ئىششىقى ۋە ئۆسمىسى قاتارلىق كېسەللىكلەرگە ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. مۇرچۇبەدىن 20 گىرام، ھەلىيون يىلتىزى، نېلۇپەر، بىنەپشىدىن 10 گىرامدىن، ئاق لەيلىگۈلدىن سەككىز گىرام ئېلىپ، قائىدە بويىچە قايىنىتىلما تەييارلاپ، بىر كۈندە ئۈچ ۋاق، 100 مىللىلىتىردىن ئىچىپ بەرسە، قىزىتما قايتۇرىدۇ.

2. مۇرچۇنە، زۇپادىن 15 گىرامدىن، ھەلىيون يىلتىزى، بادام مېغىزىدىن بەش گىرامدىن، ئەنجۈر قېقىدىن ئۈچ دانە، چىلغوزا مېغىزىدىن 10 گىرام، شېكەردىن ئىككى ھەسسە ئېلىپ، قائىدە بويىچە لوئوق تەييارلاپ ئىچىپ بەرسە، يۆتەل پەسەيتىدۇ، بەلغەم بوشىتىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] 15 ～ 20 گىرامغىچە.

[زىيانلىق تەسىرى] ئاشقازان ۋە تالغا زىيان قىلىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] پىننە.

[ئورۇنباسارى] كەرەپشە يىلتىزى.

[ۋەكىل خاراكتېرلىك پىششىق دورا ياسالمىسى] مۇرچۇبە شەربىتى.

## يىلان ئۆتى

### 依郎欧提

### (蛇胆 she dan)

[لاتىنچە نامى] Fel Serpentis

[ئىنگلىزچە نامى] snake Gallbladder

[تونۇش] بۇ، سۇ يىلىنى ئائىلىسىدىكى قارا قۇيرۇق يىلان، زەھەرلىك قارا يىلان ئائىلىسىدىكى چار يىلان قاتارلىق كۆپ خىل يىلانلارنىڭ ئۆتىدىن ئىبارەت. (9.31 ـ رەسىم)



يىلان

[چىقىش ئۇرنى] شىنجاڭنىڭ ھەممە جايلىرىدىن چىقىدۇ.

[يىغىپ ساقلاش] بۇ ھايۋاننى ئۆلتۈرۈپ ئىچىنى يېرىپ، ئۆتىنى ئاۋايلاپ ئېلىپ قۇرۇتۇپ، سوغۇق ۋە سالقىن جايدا ساقلىنىدۇ.

[خىمىيەلىك تەركىبى] تەركىبىدە ئاز دېگەندە 12 خىلدىن ئارتۇق ئۆت كىسلاتاسى بار.

[فارماكولوگىيەلىك تەسىرى]

1. يۆتەل پەسەيتىش تەسىرىگە ئىگە.
2. بەلغەم بوشىتىش تەسىرىگە ئىگە.
3. نەپەس سىقىلىشنى پەسەيتىش تەسىرىگە ئىگە.
4. تەن سىرتىدا ئۇزۇمسىمان شارچە باكتېرىيەلىرىگە قارشى تۇرۇش تەسىرىگە ئىگە.
5. ئۆزلۈكىدىن قوزغىلىدىغان يۈرەك رىتىمسىزلىقىنى روشەن تورمۇزلاش تەسىرىگە ئىگە.

[لايىقلاشتۇرۇلۇشى] قۇرۇتۇپ ساپلاشتۇرۇلىدۇ.

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى] كاناي ـ ئۆپكىنى راۋانلاشتۇرۇش، بەلغەم بوشىتىش، جىگەرنى قۇۋۋەتلەش، كۆزنى روشەنلەشتۇرۇش، ئىششىق ياندۇرۇش، زەھەر قايتۇرۇش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر] يۆتەل، نەپەس سىقىلىش، كۆكيۆتەل، بالىلارنىڭ تارتىشىپ قېلىشى، كۆز قىزىرىپ ئاغرىش، كۆز تورلىشىش، تىل ئىششىقى، تېرىگە ئەسۋە چىقىش، تېرە قىچىشىش، بوۋاسىر قاتارلىق كېسەللىكلەرگە ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. يىلان ئۆتىدىن يېرىم دانە، پىرسىياۋشاندىن 15 گىرام، ئەنجۈر قېقىدىن بەش دانە، زۇپادىن 10 گىرام ئېلىپ، قائىدە بويىچە قايىنىتىلما تەييارلاپ، كۈندە ئىككى ۋاق، 10 مىللىلىتىردىن ئىچسە، بەلغەم بوشىتىدۇ، نەپەسنى راۋانلاشتۇرىدۇ.

2. يىلان ئۆتى بىر دانە، شاھتەررە، بابۇنە، ئىكلىلمەلىك ھەربىرىدىن 10 گىرام، مەرزۇنجۇشتىن سەككىز گىرام ئېلىپ، قائىدە بويىچە قايىنىتىلما تەييارلاپ بەدەننى يۇسا، تېرىدىكى ئەسۋىلەرگە ۋە تېرە قىچىشىشقا مەنپەئەت قىلىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] 0.5~1 دانە.

[زىيانلىق تەسىرى] ئىسسىقچان كىشىلەردە باش ئاغرىقى پەيدا قىلىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] سۈت.

[ئورۇنباسارى] قوي ئۆتى.

[ۋەكىل خاراكتېرلىك پىششىق دورا ياسالمىسى] تەرياقى ئەربەئە.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# ئىلى سوغىگۈلى

(伊贝母 yi bei mu)

[باشقا ئاتىلىشى] مەششەتۇلھەجەل، سوغىگۈل

[لاتىنچە نامى] Bulbus Fritillaria pallidiflora

[ئىنگلىزچە نامى] Ilien Fritillary Bulb

[تونۇش] بۇ، گۈلسامساق ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك ئىلى سوغىگۈلى بولۇپ، بۇ ئۆسۈملۈكنىڭ تەڭگىسىمان غولى «سوغىگۈل» ياكى «ھەششەتۇلھەجەل» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ. (10.31 ـ رەسىم)

[چىقىش ئورنى] شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ئىلى ۋادىسىدىن چىقىدۇ.

[يىغىپ ساقلاش] ئەتىياز ۋە ياز پەسلىدە گۈلى ئېچىلىدۇ، گۈلى ئېچىلغاندا يىغىۋېلىپ، گۈل بەرگىنى ئايرىپ، سايىغا يېيىپ قۇرۇتۇپ، قۇرۇق ئورۇندا ساقلىنىدۇ.



ئىلى سوغىگۈلى

[لايىقلاشتۇرۇلۇشى] يۇيۇپ توغراپ، قۇرۇتۇپ ساپلاشتۇرۇلىدۇ.

[تەبىئىتى] بىرىنچى دەرىجىدە ھۆل سوغۇق.

[خۇسۇسىيىتى] ئۆپكىنى تازىلاش، هارارەت پەسەيتىش، يالللۇغ قايتۇرۇش، يۆتەل توختىتىش، بەلغەم بوشىتىش خۇسۇسىيىتى بار.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر] يۆتەل، زۇققە، بالىلاردىكى كاناي ياللۇغى، ئاشقازان يارىسى، ئۆتكۈر كاناي ياللۇغى ۋە سوزۇلما كاناي ياللۇغى قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. سوغىگۈلدىن تۆت گىرام، نەشپۈتتىن بىر دانە ئېلىپ ئوتتۇرىسىنى يېرىپ، ئۇرۇقىنى ئېلىۋېتىپ، سوغىگۈلنى نەشپۈتنىڭ ئىچىگە ئېلىپ قايتا جۈپلەشتۈرۈپ، ئۇنىڭغا ئىنچىكە ياغاچنى ئۆتكۈزۈپ، مۇۋاپىق مىقداردا ناۋات ياكى ھەسەل قوشۇپ سۇغا سېلىپ قايناتىپ، سۈيىنى ئىچىپ، نەشپۈتنى بىر قېتىمدىلا يېسە، بالىلاردىكى كاناي ياللۇغىغا مەنپەئەت قىلىدۇ.

2. سوغىگۈلدىن 35 گىرام، كۆپكىدەريادىن 105 گىرام، چۈچۈكبۇيىدىن 35 گىرام ئېلىپ، ھەممىسىنى قوشۇپ تالقان قىلىپ، ھەر قېتىمدا تۆت گىرامدىن كۈندە ئۈچ قېتىم قايناق سۇ بىلەن ئىچسە، ئاشقازان يارىسىغا مەنپەئەت قىلىدۇ.

3. سوغىگۈلدىن تۆت گىرام، ئۆرۈك مېغىزىدىن 20 گىرام، بادام مېغىزىدىن 12 گىرام ئېلىپ، ھەممىسىنى قوشۇپ تالقان قىلىپ، شېكەر بىلەن سۇفۇپ تەييارلاپ، ھەر قېتىمدا سەككىز گىرامدىن

ئىچسە، ئۆتكۈر كاناي ياللۇغىغا مەنپەئەت قىلىدۇ.

4. سوغىگۈلدىن سەككىز گىرام، پوستى ئېلىنمىغان ئاچچىق ئۆرۈك مېغىزىدىن 16 گىرام ئېلىپ، قائىدە بويىچە سوقۇپ تالقان قىلىپ، مۇۋاپىق مىقداردا ھەسەل قوشۇپ، 12 گىرام ئەتراپىدا ئىككى دانە كۆمىلاچ ياساپ ئىچسە، سوزۇلما كاناي ياللۇغىغا مەنپەئەت قىلىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] 6 ~ 12 گىرامغىچە.

[زىيانلىق تەسىرى] سوغۇقچان كىشىلەرگە زىيان قىلىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] زىرە.

[ئورۇنباسارى] نېلۇپەر.

[ۋەكىل خاراكتېرلىك پىششىق دورا ياسالمىسى] سوغىگۈل قايىنتىلمىسى.

[قوشۇمچە] پەرغانە سوغىگۈلى، چۆل سوغىگۈلى، ئايلانما يوپۇرماقلىق سوغىگۈل قاتارلىق تۈرلىرى بار بولۇپ، بۇلارنىڭ ھەممىسى «سوغىگۈل» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ.

## چامغۇر

## 查木古尔

(芜菁（蔓菁）wu jing (man jing)

[باشقا ئاتىلىشى] شەلغەم، شەلجەم

[لاتىنچە نامى] Padix Brassica rapa

[ئىنگلىزچە نامى] Turnip



چامغۇر

[تونۇش] بۇ، كىرېست گۈللۈكلەر ئائىلىسىدىكى ئىككى يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك چامغۇر بولۇپ، يىلتىزى گۆشلۈك، شار شەكىللىك، ياپىلاق، تەمى تاتلىق، پۇراقسىز، رەڭگى ئاق بولىدۇ. بۇ ئۆسۈملۈكنىڭ يىلتىزى، «چامغۇر»، ئۇرۇقى «چامغۇر ئۇرۇقى»، چېچىكى «چامغۇر چېچىكى» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ. (31.11 ـ رەسىم)

[چىقىش ئورنى] شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ھەممە جايلىرىدا تېرىپ ئۆستۈرۈلىدۇ.

[يىغىپ ساقلاش] بۇ ئۆسۈملۈكنىڭ مېۋىسى پىشقاندىن كېيىن، قۇرۇتۇپ ئۇرۇقىنى يىغىۋېلىپ، پاكىز تازىلاپ، قۇرۇق ھەم سالقىن جايدا ساقلىنىدۇ.

[خىمىيىلىك تەركىبى] يىلتىزىنىڭ تەركىبىدە گىلۇكوزا (Giucosa)، كىراخمال، مېۋە شېكىرى، خولىن، مىنېرال ماددىلار، ئاقسىل، ماي، ۋىتامىن A قاتارلىقلار بار.

www.uyghurkitap.com

**[فارماكولوگىيەلىك تەسىرى]** چامغۇر بېشىدىن ئېلىنغان ماددا ئۇچەي تاياقچە باكتېرىيەسىنىڭ ئۆسۈشىنى تورمۇزلايدۇ، لېكىن ئالتۇن رەڭلىك ئۈزۈمسىمان شارچە باكتېرىيەسىگە نىسبەتەن تەسىرى يوق.

**[لايىقلاشتۇرۇلۇشى]** يۇيۇپ توغراپ ساپلاشتۇرۇلىدۇ.

**[تەبىئىتى]** ئىككىنچى دەرىجىدە ھۆل ئىسسىق.

**[خۇسۇسىيىتى]** ئۆپكىنى قۇۋۋەتلەش، يۆتەل توختىتىش، بەلغەم بوشىتىش، سۈيدۈك ھەيدەش، ئىشتىھانى ئېچىش، باھنى قۇۋۋەتلەش، مەنىينى كۆپەيتىش، كۆزنى قۇۋۋەتلەش تەسىرى بار. بولۇپمۇ بۇ ئۆسۈملۈكنىڭ يوپۇرمىقىنىڭ سۈيدۈك ھەيدەشتە مۇھىم رولى بار. ئۇنىڭدىن باشقا بەلغەم بوشىتىدۇ.

**[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر]** قەۋزىيەت، يۆتەل، بەدەن ئاجىزلىق، كۆز ئاجىزلىقى، سۈيدۈك تۇتۇلۇش، ئىشتىھاسىزلىق، بوغۇم ئاغرىقى، بۆرەك ئاجىزلىقى قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

**[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]** قاينىتىلغان سۈيى بىلەن سوغۇقتىن بولغان ئاغرىقلار سىرتتىن يۇيۇلىدۇ. چامغۇرنىڭ ئۆزىنى ياكى چامغۇرنى گۆش بىلەن پىشۇرۇپ يېسە، قۇۋۋەت بېرىدۇ، چامغۇردىن سەي تەييارلاپ يېيىشكە بولىدۇ، قاينىتىپ سۈيىنى ئىچسە، بوغۇم ئاغرىقلىرىنى ۋە قىچىشقاقنى پەسەيتىدۇ، چامغۇر چېچىكىدىن گۈلقەنت تەييارلاپ بېرىلسە، يۆتەل توختىتىدۇ، ئىشتىھانى ئاچىدۇ، كۆزنى روشەن قىلىدۇ.

**[ئىشلىتىش مىقدارى]** 30 ~ 100 گىرامغىچە.

**[زىيانلىق تەسىرى]** تەستە ھەزىم بولىدۇ، قورساقنى ئېسىدۇ، يەل پەيدا قىلىدۇ.

**[تۈزەتكۈچىسى]** قارىمۇچ.

**[ئورۇنباسارى]** قىزىلچا، سەۋزە.

**[ۋەكىل خاراكتېرلىك پىششىق دورا ياسالمىسى]** چامغۇر مۇراببasى.

## نىشاستە

## 尼夏斯台

**(淀粉 dian fen )**

**[باشقا ئاتىلىشى]** كىراخمال، نىشاستە ئى گەندۇم، نىشاستە

**[لاتىنچە نامى]** Starch

**[ئىنگلىزچە نامى]** starch

**[تونۇش]** بۇ، باشاقلىقلار ئائىلىسىدىكى ئۆسۈملۈك بۇغداي ئۇنىنى خېمىر قىلغاندىن كېيىنكى چىلانمىسىنىڭ تېگىگە ئولتۇرۇپ قاتقان دۇغىدىن ئىبارەت بولۇپ، بۇ قۇرۇتۇلغاندىن كېيىن «نىشاستە» ياكى «كىراخمال» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ. بۇ ياپىلاق، ئۆلچەمسىز ۋە ھەر خىل چوڭلۇقتىكى پارچىلار بولۇپ، رەڭگى ئاق، تەمسىز كېلىدۇ، يېڭى ئىشلەنگىنى ئاق رەڭلىك بولۇپ، بۇزۇلۇپ قالمىغىنى ياخشىسى ھېسابلىنىدۇ. (12.31 ـ رەسىم)

**[چىقىش ئورنى]** ئۇيغۇر تېۋىپلىرى تەييارلايدۇ.

[**يىغىپ ساقلاش**] بۇ ئۆسۈملۈكنى ياز ۋە كۈز پەسلىدە يىغىۋېلىپ، ئاپتاپتا قۇرۇتۇپ ساقلىنىدۇ.
[**لايىقلاشتۇرۇلۇشى**] قۇرۇتۇش ئارقىلىق ساپلاشتۇرۇلىدۇ.
[**تەبىئىتى**] بىرىنچى دەرىجىنىڭ ئاخىرىدا قۇرۇق ئىسسىق.
[**خۇسۇسىيىتى**] ئىششىق ياندۇرۇش، ئۆپكە، كاناي ۋە مېڭىنى قۇۋۋەتلەش، قان كۆپەيتىش، قان توختىتىش، بەلغەم بوشىتىش، ئىچ سۈرۈشنى توختىتىش، ھۆللۈكنى قۇرۇتۇش، تۇتۇش، جاراھەت پۈتتۈرۈش، داغنى يوقىتىش، كۆزدىكى قىچىشىشنى يوقىتىش، كۆزگە ماددا چۈشۈشتىن ساقلاش ۋە كۆزدىكى يىرىڭلىق چاقىلارنى قۇرۇتۇش خۇسۇسىيەتلىرى بار.
[**ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر**] ھەر خىل جاراھەتلەردىكى قاناش، ئىچ سۈرۈش، ئۆپكە سىلى، قۇرۇق يۆتەل، قان تۈكۈرۈش، قارا داغ، كۆز كېسەللىكلىرى قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.
[**ئىشلىتىش ئۇسۇلى**]
1. نىشاستىنى سۇغا چىلاپ ھالۋىدەك قىلىپ، مۇۋاپىق مىقداردىكى بادام مېغىزىنى قوشۇپ ئىچسە، مېڭىنى قۇۋۋەتلەيدۇ.
2. نىشاستىنى مۇۋاپىق مىقداردا ئېلىپ قايىنىتىپ، ناۋات ياكى بادام يېغى بىلەن قوشۇپ ئىچسە، ئەزالاردىن كېلىدىغان قاننى توختىتىدۇ، ئىسسىقتىن بولغان يۆتەلگە پايدا قىلىدۇ، بوۋاسىر قاناش ۋە ئۆتكۈر ئىچ سۈرۈشنى توختىتىدۇ.
3. مۇۋاپىق مىقداردىكى نىشاستىنى قورۇپ ماش بىلەن بىرگە قوشۇپ يېسە، ئىچ سۈرۈشنى توختىتىدۇ.
[**ئىشلىتىش مىقدارى**] 3 ～ 12 گىرامغىچە.
[**زىيانلىق تەسىرى**] تەستە ھەزىم بولىدۇ، كۆپ ئىشلەتسە مەنىينى كېمەيتىدۇ. توسالغۇ پەيدا قىلىدۇ. ئۈزۈندا سىڭىدۇ، سەۋدا پەيدا قىلىدۇ.
[**تۈزەتكۈچىسى**] قەلەمپۇر، كەرەپشە، تاتلىق يېمەكلىكلەر.
[**ئورۇنباسارى**] تۆگمەن تۈزى، يۇيۇلغان گۈرۈچ.
[**ۋەكىل خاراكتېرلىك پىششىق دورا ياسالمىسى**] سۇفۇپى سۇئال.
[**دىققەت قىلىدىغان ئىشلار**] تەييارلاشتا ئوبدان قۇرۇتۇلمىسا بۇزۇلۇپ قالىدۇ.

## لوبان
## 罗邦
(安息香 an xi xiang)

[**باشقا ئاتىلىشى**] لوبان دەرىخى يېلىمى
[**لاتىنچە نامى**] Styrax benzoin
[**ئىنگلىزچە نامى**] Sumatra Snowbell
[**تونۇش**] بۇ، ستراكس ئائىلىسىدىكى ئۆسۈملۈك لوبان دەرىخىدىن ئېقىپ چىققان خۇش پۇراقلىق

www.uyghurkitap.com



لوبان

يېلىم بولۇپ، «لوبان» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ. جۇڭگو لوبانى رەتسىز، ئۆلچەمسىز بولغان ئۇششاق مونەكلەردىن ئىبارەت بولۇپ، سەل ياپىلاق كېلىدۇ، سىرتقى يۈزى ئوچۇق سېرىق بولۇپ، مومدەك پارقىرايدۇ، ئۈزى چۇرۇك، ئاسان ئېزىلىدۇ، ئۇۋۇلغان يۈزى ئاق، تەكشى، بىر مەزگىل قويۇپ قويسا، تەدرىجىي سۇس سارغۇچ خورما رەڭگە، سارغۇچ بېغىر رەڭگە ۋە قىزىل بېغىر رەڭگە ئۆزگىرىپ قالىدۇ، قىزىتىلسا تولۇق يۇمشاپ ئېرىيدۇ، تەمى ئاچچىق، خۇش پۇراق، چاينىسا قۇم دانچىلىرىدەك سېزىم بېرىدۇ. (13.31 ـ رەسىم)

[چىقىش ئورنى] ئېلىمىزنىڭ گۇاڭدۇڭ، گۇاڭشى، يۈننەن ئۆلكىلىرىدىن ھەمدە ھىندونېزىيە، تايلاند، ۋيېتنام قاتارلىق ئەللەردىن چىقىدۇ.

[يىغىپ ساقلاش] دەرەخنىڭ پوستىنى تىلىپ قويسا يېلىمى ئېقىپ چىقىپ قېتىپ قالىدۇ، بۇنى ئېلىپ تازىلاپ، قۇرغاق ئورۇندا ساقلىنىدۇ.

[خىمىيەلىك تەركىبى] سۇماتېرانىڭ لوبانى تەركىبىدە تەخمىنەن 90% دەرەخ مېيى بار، ئاساسلىق تەركىبى ئاتسىدۇم سۇمارىز سۇلىكوم(Sumaresinolic acid)، كونىفېرىل سىنىنامات (Conifsrl cinnamate)، لوبانىل تىنسىنامات (C innnama telubanyl)، بېنزوئات تىسىنىنامات (Cinnamy benyoate)، ستىرېن (Styrene)، ئاتسىدۇم، بېنزوئىكوم، بېنزالدېھىدى، ئاتسىدوم تىنىنامىكۇم (Cinnamic acid) قاتارلىقلاردىن ئىبارەت. دەرەخ مېيىدا تۇتقان ئاتسىدوم بېنزوئىكومنىڭ مىقدارى 10%~20% كىچە، ئومۇمىي ئاتسىدوم، تېنىنا مىكرومىك 10%~30% كىچە يېتىدۇ.

[فارماكولوگىيەلىك تەسىرى] لوبان تىنكتورىسى غىدىقلىغۇچى خۇسۇسىيەتلىك، بەلغەم بوشاتقۇچىدۇر. بۇنىڭ پارلاندۇرۇلغان گازى نەپەس يولى شىللىق پەردىسى بىۋاستە غىدىقلاپ، بەلغەم ئاجرىتىپ چىقىرىشنى كۈچەيتىدۇ، شۇڭا كاناىچە ياللۇغى كېسەللىكىگە ئىشلىتىلسە بەلغەمنىڭ چىقىشىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ، يەنە يەرلىك ئورۇنغا چىرىشكە قارشى تۇرغۇچى دورا قىلىپ ئىشلىتىلىدۇ. پارلاندۇرۇلغان گازنىڭ قويۇقلۇقى بەك يۇقىرى بولۇپ كەتمەسلىكى كېرەك، توشقاننىڭ بۇرۇن، قۇلاق، كاناي قاتارلىق ئەزالىرىنى غىدىقلايدۇ.

[لايىقلاشتۇرۇلۇشى] يۇيۇپ قورۇپ ساپلاشتۇرۇلىدۇ.

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى] ئۆپكە ۋە كانايىنى قۇۋۋەتلەش، بەلغەم بوشىتىش، نەپەسنى راۋانلاشتۇرۇش، سۈيدۈكنى راۋانلاشتۇرۇش، قىزىتما قايتۇرۇش، باھنى قۇۋۋەتلەش، قان توختىتىش، چىرىشكە قارشى تۇرۇش خۇسۇسىيىتى بار.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر] زۇكام، يۆتەل، كاناىچە شاخچىلىرىنىڭ كېڭىيىپ كېتىشى، بۆرەكتە تاش پەيدا بولۇش، بۆرەك جامى ئىششىقى، سۈيدۈكتىن يىرىڭ كېلىش، باھ ئاجىزلىقى، ھەر خىل قاناشلىق كېسەللىكلەر ۋە يامان سۈپەتلىك جاراھەتلەرگە ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. خۇنسىياۋشان، ئاقاقىيا، ئەنجىبار، ئانارگۇل، ئانار پوستى قاتارلىقلارنىڭ ھەربىرىدىن 10 گىرام، لوباندىن يەتتە گىرام ئېلىپ، قائىدە بويىچە سوقۇپ تالقان قىلىپ جاراھەتكە سەپسە، قان توختىتىدۇ، جاراھەت پۈتتۈرىدۇ.

2. لوباندىن يەتتە گىرام، زىغىر، بادام، سەرپىستان، ئۇستقۇددۇس قاتارلىقلارنىڭ ھەربىرىدىن 10 گىرام ئېلىپ، سۇفۇپ تەييارلاپ ئىچىپ بەرسە، نەپەس قىيىنلىشىش ھەم يۆتەلگە مەنپەئەت قىلىدۇ.

3. تەرخەمەك ئۇرۇقى، قوغۇن ئۇرۇقى، بابۇنە، ئىتئۈزۈمى، ئوغرىتىكەن ھەربىرىدىن 10 گىرام ئېلىپ، قاينىتىلما تەييارلاپ ئىچىپ بەرسە، بۆرەك كېسەللىكى ھەم سۈيدۈكتىن يىرىڭ كېلىشكە مەنپەئەت قىلىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] 5～7 گىرامغىچە.

[زىيانلىق تەسىرى] ئىسسىقچان كىشىلەردە باش ئاغرىقى پەيدا قىلىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] گۈلبىنەپشە، نىلۇپەر.

[ئورۇنباسارى] ئەنسىل.

[ۋەكىل خاراكتېرلىك پىششىق دورا ياسالمىسى] سۇفۇپى جاراھەت.

## رۇببىسۇس
## 如比苏斯
## （甘草膏 gan cao gao）

[باشقا ئاتىلىشى] رۇببىسۇس، ئۇسارە مەھەك، ئۇسار مەھەل.

[لاتىنچە نامى] Extractum Glycurrhiza uralensis

[ئىنگلىزچە نامى] Extract of liquorice

[تونۇش] بۇ، چۈچۈكبۈينىڭ يىلتىزسىمان غولى ۋە يىلتىزىنى توغراپ، سۇ قۇيۇپ قاينىتىپ، قۇرۇتۇپ تەييارلانغان قوڭۇر رەڭلىك قىيام بولۇپ، «چۈچۈكبۈيا يىلتىزى قىيامى» ياكى «رۇببىسۇس» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ. قۇرۇتۇلغان قىيامىنىڭ پۇرىقى سۇس، رەڭگى قارامتۇل قوڭۇر رەڭدە بولىدۇ. (31 .14 ـ رەسىم)



چۈچۈكبۈيا

[چىقىش ئورنى] خېيلۇڭجياڭ ۋە شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدىن چىقىدۇ.

[يىغىپ ساقلاش] چۈچۈكبۈيا يىلتىزىنى قاينىتىپ قويۇلدۇرۇپ تەييارلىنىدۇ. سالقىن، قۇرغاق ئورۇندا ساقلىنىدۇ.

[خىمىيەلىك تەركىبى] چۈچۈكبۈينىڭ يىلتىزى ۋە غولىنىڭ تەركىبىدە تاتلىق ماددىسى (جەۋھىرى) بار، يەنە چۈچۈكبۈيىدىن كۆپ خىل فىلاۋون تەركىبى ئايرىپ ئېلىنىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

چۇچۇكبۇيا جەۋھىرى بار.
[لايىقلاشتۇرۇلۇشى] رۇببىنى ئېلىش ئارقىلىق لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.
[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.
[خۇسۇسىيىتى] ئۆپكە ۋە كانايىنى قۇۋۋەتلەش، قىزىتىش، ئىششىق ياندۇرۇش، يۆتەل پەسەيتىش، بەلغەم بوشىتىش، نەپەسنى راۋانلاشتۇرۇش، خۇن كەلتۈرۈش، چوڭ - كىچىك تەرەتنى راۋانلاشتۇرۇش، جاراھەت پۈتتۈرۈش خۇسۇسىيەتلىرى بار.
[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر] زۇكام، سوغۇقتىن بولغان يۆتەل، ئۆپكە ياللۇغى، ئۆپكە سىلى، زىققە، سۈيدۈك كۆيۈشۈپ كېلىش قاتارلىق كېسەللىكلەرگە ئىشلىتىلىدۇ.
[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]
1. چىلغوزا مېغىزى، كەتىرا، ئەرەب يېلىمى، نىشاستە، بادام مېغىزى، قاپاق مېغىزىنىڭ ھەربىرىدىن 15 گىرام، بېھى ئۇرۇقى، چۇچۇكبۇيا يىلتىزى قىيامىدىن 10 گىرامدىن ئېلىپ، قائىدە بويىچە سۇفۇپ تەييارلاپ ئىچسە، قۇرۇق يۆتەلگە پايدا قىلىدۇ.
2. كەتىرا، ئەرەب يېلىمى 15 گىرامدىن، نىشاستە، ئەنجبار، چۇچۇكبۇيا يىلتىزىنىڭ قىيامى ھەر بىرىدىن 10 گىرام ئېلىپ، قائىدە بويىچە سۇفۇپ تەييارلاپ ئىچىپ بەرسە، ئۆپكە سىلىغا مەنپەئەت قىلىدۇ.
3. يەرلىك شوخلا، سېرىقچېچەك، كاكىنەج، خۇنسىياۋشان، كەتىرا، ئەرەب يېلىمى، كۈندۈر، نىشاستە، كەرەپشە ئۇرۇقى، ئەپتىمۇن، چۇچۇكبۇيا يىلتىزى قىيامى، بادام مېغىزىنىڭ ھەربىرىدىن 10 گىرامدىن ئېلىپ، قائىدە بويىچە سۇفۇپ ياكى ھەب تەييارلاپ ئىچىپ بەرسە، سۆزنەك ۋە سۈيدۈك يولىدىكى ئىششىقلارغا مەنپەئەت قىلىدۇ.
[ئىشلىتىش مىقدارى] 1 ~ 3 گىرامغىچە.
[زىيانلىق تەسىرى] بۆرەككە زىيان قىلىدۇ.
[دىققەت قىلىدىغان ئىشلار] تەييارلاش جەريانىدا كۆيۈپ كەتكەن ياكى تازىلىقى ياخشى بولمىغانلىرىنى ئىشلىتىشكە بولمايدۇ.
[تۈزەتكۈچىسى] كەتىرا، قىزىلگۈل، ھەسەل.
[ئورۇنباسارى] چۇچۇكبۇيا يىلتىزى.
[ۋەكىل خاراكتېرلىك پىششىق دورا ياسالمىسى] ھەببى رۇببىسۇس، لئوقى رۇببىسۇس.

## راتىيانەج
## 热提亚乃其
## (松香 song xiang)

[باشقا ئاتىلىشى] قارىغاي يېلىمى
[لاتىنچە نامى] Colophonium
[ئىنگلىزچە نامى] Colophony
[تونۇش] بۇ، سەنۇبەر (قارىغاي) ئائىلىسىدىكى دەرەخ كۆپ خىل قارىغاينىڭ يېلىمى بولۇپ، قارىغاينىڭ تېنىنى تىلىپ قويغان يەردىن ئېقىپ چىقىدۇ. بۇ ئېقىپ چىققان يېلىمى دورىغا ئىشلىتىلىدۇ.

(15.31 ـ رەسىم)



راتيانەج

[چىقىش ئورنى] مەملىكىتىمىزنىڭ لياۋنىڭ، جىلىن، خېبېي، شەندۇڭ، سەنشى، گەنسۇ، ئىچكى موڭغۇل، نىڭشا، چىڭخەي، خېنەن، ئەنخۇي، جياڭسۇ، جېجياڭ، فۇجيەن، گۇاڭدۇڭ، گۇاڭشى، سىچۈەن، يۈننەن، گۈيجۇ قاتارلىق جايلىرىدىن شۇنداقلا ياپونىيە، ئافغانىستان قاتارلىق دۆلەتلەردىنمۇ چىقىدۇ.

[يىغىپ ساقلاش] بۇ ئۆسۈملۈكنى ياز ۋاقتىدا يىغىۋېلىپ، قارىغاي دەرىخىنىڭ تىلىپ يېلىمى ئېقىپ چىققاندىن كېيىن يىغىۋېلىپ دىستىلەپ، سۈيىنى چىقىرىۋېتىپ، قېپقالغان قىسمىنى سوۋۇتۇپ، ئاپتاپتا قۇرۇتۇپ ساقلىنىدۇ.

[خىمىيەلىك تەركىبى] ماي (abieticanbydrid)، راتيانەج كىسلاتاسى (abiecticacid) 80% نى، ئۇچۇچان ماي، 0.5% نى، ئالكىللا 5%~6% نى تەشكىل قىلىدۇ.

[فارماكولوگىيەلىك تەسىرى] ① چاشقاننىڭ ئاشقازان، ئۈچەي مۇسكۇللىرىنىڭ قىسقىراش دەرىجىسىنى تورمۇزلايدۇ؛ ② قارىغاي يېلىمىدىن ئايرىپ ئېلىنغان ماددىلارنىڭ ئاققان ھۆجەيرىسىنى قوش يۆنىلىشلىك تەڭشەش رولى بولۇپ، ئۇ ئارقىلىق ئىممۇنىتېت ئىقتىدارىنى كۈچەيتىدۇ.

[لايىقلاشتۇرۇلۇشى] قۇرۇتۇپ سايلاشتۇرۇلىدۇ.

[تەبىئىتى] ئۈچىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى] ئۆپكە ۋە كانايىنى راۋانلاشتۇرۇش، بەلغەم بوشىتىپ، كۆرۈش قۇۋۋىتىنى ئاشۇرۇش، يۆتەل توختىتىش، مېڭىدىكى ئارتۇق ھۆللۈكنى قۇرۇتۇش، جاراھەتلەرنى پۈتتۈرۈش خۇسۇسىيەتلىرى بار.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر]

1. راتيانەجدىن ئىككى گىرامنى ئىللىتىلغان تۇخۇمنىڭ سېرىقى بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ ئىچىپ بەرسە، يۆتەل ۋە ئىچكى كېسەللىكلەرگە پايدا قىلىدۇ.

2. راتيانەجنى ئېزىپ يەرلىك ئورۇنغا چاپسا، جاراھەتلەرنى پۈتتۈرىدۇ. قىچىشقاق ۋە قوتۇرلارنى يوقىتىپ، تېرىنى يۇمشىتىدۇ.

3. قىزىل زەرنىخ، توشقان مايىقى، ئۆپكە يېغىنىڭ ھەربىرىدىن يېرىم ھەسسە ئېلىپ، راتيانەجنى بىر ھەسسە ھەسەل بىلەن ئوتتا ئېرىتىپ، قالغان دورا تالقانلىرى بىلەن قوشۇپ ئىككى گىرام مىقداردا توقچاق تەييارلاپ، زۆرۈر بولغاندا بىر دانە توقچاقنى سۇس ئوتتا كۆيدۈرۈپ دۈت سېلىپ، تۈتۈنىنى نەيچە بىلەن تارتسا، يۆتەل ۋە ئۆپكە يارىسى ئۈچۈن ئوبدان پايدا قىلىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] 1 ~ 2 گىرامغىچە.

[زىيانلىق تەسىرى] يەرلىك ئورۇننى ئېچىشتۇرىدۇ، ئىشتىھانى تۆۋەنلىتىدۇ، كۆڭۈلنى ئېلىشتۇرىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] سۈت، قايماق، تۇخۇم ئېقى.

[ئورۇنباسارى] ئەنزىرۇت.

[ۋەكىل خاراكتېرلىك پىششىق دورا ياسالمىسى] راتيانەج شامچىسى.

[دىققەت قىلىدىغان ئىشلار] ساقلىغاندا ئوتتىن ۋە ئىسسىقتىن ساقلىنىش لازىم.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# قۇندۇز ئوت
## 困都孜欧提
## （花忍 hua ren）

[لاتىنچە نامى] Radix et rhizoma Polemonum coeruleum

[ئىنگلىزچە نامى] Common Polemonuum Root and Rhizome

[تونۇش] بۇ، قۇندۇز ئوت ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق سامان غولللۇق، قۇندۇز ئوتقا ئۇرۇقداش ئۆسۈملۈك بولۇپ، ئېگىزلىكى 50 ～ 120 سانتىمېتىرغىچە كېلىدۇ؛ يىلتىزسىمان غولى قىيپاش ئۆسكەن، چاچما يىلتىزى ئىنتايىن كۆپ، غولى تىك ئۆسىدۇ؛ يوپۇرمىقى نۆۋەتلىشىپ ئۆسكەن، تاق سانلىق پەيسىمان مۇرەككەپ يوپۇرماق بولۇپ، كىچىك يوپۇرماقلىرىنىڭ سېپى بولمايدۇ، سانى 19～25كىچە، شەكلى تىمىنسىمان بولىدۇ؛ گۈل رېتى چەكلىك كۈنلۈكسىمان، رەڭگى سۆس كۆك، مېۋىسى غوزا مېۋە، شەكلىك سوقىچاق، ئۇرۇقى ياپىلاق تۇخۇمسىمان بولۇپ، رەڭگى قارامتۇل كېلىدۇ.

[چىقىش ئورنى] شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى تاغ باغرى ئوتلاقلىرىدا ئۆسىدۇ. ئېچكى موڭغۇل، خېيلۇڭجياڭ قاتارلىق ئۆلكىلەردىن چىقىدۇ.

[يىغىپ ساقلاش] بۇ ئۆسۈملۈكنى ياز ۋە كۈز پەسلىدە يىغىۋېلىپ، ئاپتاپتا قۇرۇتۇپ ساقلىنىدۇ. دورىغا ھۆل ھالەتتىمۇ ئىشلىتىلىدۇ.

[لايىقلاشتۇرۇلۇشى] توغراش، قۇرۇتۇش قاتارلىق لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

[تەبىئىتى] بىرىنچى دەرىجىدە ھۆل ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى] ئۆپكە ۋە كانايىنى راۋانلاشتۇرۇش، بەلغەم بوشىتىش، يۆتەل پەسەيتىش، قان توختىتىش، تىنچلاندۇرۇش خۇسۇسىيىتى بار.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر] ئاشقازان - ئون ئىككى بارماق ئۈچەي يارىسى، بالىياتقۇ بويىنى يارىسى، يۆتەل، تۇتقاقلىق كېسەل، ئۇيقۇسىزلىق، ھەيز كۆپ كېلىش قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. قۇندۇز ئوتتىن 10 گىرام ئېلىپ قايىنتىپ ئىچسە، ئاشقازان ۋە ئون ئىككى بارماق ئۈچەي يارىسىغا مەنپەئەت قىلىدۇ.

2. قۇندۇزئوت، سەرپىستان ئالتە گىرامدىن، بادام مېغىزىدىن 10 گىرام ئېلىپ، قايىنتىلما تەييارلاپ ئىچسە بەلغەم بوشىتىدۇ.

3. قۇندۇز ئوتنى مۇۋاپىق مىقداردا ئېلىپ سوقۇپ، يەرلىك ئورۇنغا سېپىپ بەرسە، سىرتقى زەخمىدىن بولغان قاناشقا مەنپەئەت قىلىدۇ.

4. قۇندۇز ئوت، ئەنجىبار بەش گىرامدىن، كەھرىۋا، ئاقاقىيادىن 10 گىرامدىن ئېلىپ، قايىنتىلما تەييارلاپ ئىچىپ بەرسە، ھەيزنى توختىتىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] 4 ～ 12 گىرامغىچە.

[**زىيانلىق تەسىرى**] ئاشقازاننى سوۋۇتىدۇ.
[**تۈزەتكۈچىسى**] پىننە، بەدىيان.
[**ئورۇنباسارى**] ئەڭلىكئوت.
[**ۋەكىل خاراكتېرلىك پىششىق دورا ياسالمىسى**] قۇندۇز ئوت شەربىتى، شەربىتى ئەنجىبار.

## قوڭغۇراقگۈل يىلتىزى

## 困故热克古丽依力提孜

## （桔梗 jie gen）

[**لاتىنچە نامى**] Radix Platycodon grandiflorum

[**ئىنگلىزچە نامى**] Balloon Flower root

[**تونۇش**] بۇ، قوڭغۇراق گۈللۈكلەر ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق سامان غوللۇق، قوڭغۇراقگۈلگە ئورۇقداش ئۆسۈملۈك بولۇپ، ئېگىزلىكى 90 ~ 30 سانتىمېتىرغىچە كېلىدۇ؛ يىلتىزى يوغان، ئەتلىك، تۈۋرۈكسىمان؛ غولى تىك، بىر تال ياكى بىرنەچچە شاخلىق بولىدۇ؛ يوپۇرمىقى نۆۋەتلىشىپ ئۆسكەن بولۇپ، تۇخۇم ياكى تۇخۇمسىمان تېمىنە شەكلىدە. گىرۋىكى ھەرە چىشسىمان كېلىدۇ، يىلتىز قىسمىغا يېقىن يوپۇرماقلىرى يوغانراق بولۇپ، ئۇدۇل ياكى ئايلانما بولۇپ ئۆسىدۇ؛ ئومۇمي گۈل رېتى ئۇچىدا ئۆسىدۇ؛ گۈلى سۆسۈن رەڭدە، شەكلى قوڭغۇراققا ئوخشايدۇ؛ مېۋىسى غوزىغا ئوخشىغان شار شەكلىدە بولۇپ، ئورۇقى كۆپ بولىدۇ. (31.16 ـ رەسىم)

[**چىقىش ئورنى**] كونا توپا ۋە قۇملۇقلاردا ئۆسىدۇ، شىنجاڭنىڭ ئىلى رايونىدىن كۆپرەك چىقىدۇ.

[**يىغىپ ساقلاش**] بۇ ئۆسۈملۈكنى كۈز پەسلىدە كولىۋېلىپ، پاكىز يۇيۇپ، ساپال پارچىسى بىلەن سىرتقى پوستىنى قىرىپ، نېپىز يالپاقلاپ، ئاپتاپتا قۇرۇتۇپ ساقلىنىدۇ. دورىغا ھۆل ھالەتتىمۇ ئىشلىتىلىدۇ.

[**خىمىيەلىك تەركىبى**] پىلاتىكودېگېنىن (Platycodigenin)، ستېرول، پولىگالاسىك كىسلاتاسى (Polygalacic)، قەنتلەر ۋە ھەر خىل ئاقسىللاردىن تەركىب تاپقان.

[**فارماكولوگىيەلىك تەسىرى**] ياللۇغ قايتۇرۇش، يۆتەل توختىتىش تەسىرى بار.

[**لايىقلاشتۇرۇلۇشى**] يۇيۇپ توغراش، قۇرۇتۇش ئارقىلىق لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

[**تەبىئىتى**] بىرىنچى دەرىجىدە ھۆل ئىسسىق.

[**خۇسۇسىيىتى**] ئۆپكە ۋە كانايىنى تازىلاش، بەلغەم بوشىتىش، يۆتەل توختىتىش، ياللۇغ قايتۇرۇش، ئىششىق ياندۇرۇش، يىرىڭ تازىلاش، ئۆپكىدىكى سوغۇقلۇقنى تارقىتىش خۇسۇسىيىتى بار.

[**ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر**] ئۆتكۈر ۋە سوزۇلما خاراكتېرلىك كاناي ياللۇغى، ئۆپكە ياللۇغى، يۆتەل، زىققە، گال ۋە يۇتقۇنچاقنىڭ سوزۇلما ياللۇغى، بادامبەز ياللۇغى، ئۆپكە يىرىڭلىق ئىششىقى قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[**ئىشلىتىش ئۇسۇلى**]

1. قوڭغۇراقگۈلدىن سەككىز گىرام، مەرزەنجۇشتىن 12 گىرام، ئورۇك مېغىزىدىن سەككىز

گىرام، كەرماندىن ئالتە گىرام ئېلىپ، قائىدە بويىچە قايىنىتىپ ئىچىپ بەرسە، ئۆتكۈر سوزۇلما خاراكتېرلىك كاناي ياللۇغىغا شىپا بولىدۇ.

2. قوڭغۇراقگۈل، گۈلسامساق، بالەنگو يوپۇرمىقى، ئەينۇلا قاتارلىقلارنىڭ ھەربىرىدىن 20 گىرام ئېلىپ، ئىككى قېتىم قايىنىتىپ، سۈزۈۋېتىپ يېرىمى قالغاندا ئۇنىڭغا بىر كىلوگىرام قارا شېكەر سېلىپ، ھەر قېتىمدا 15 ~ 20 مىللىلىتىرغىچە كۈنىگە ئۈچ قېتىم ئىچسە، سوزۇلما خاراكتېرلىك كاناي ياللۇغىغا مەنپەئەت قىلىدۇ.

3. قوڭغۇراقگۈل، چۇچۇكبۇيا سەككىز گىرامدىن، قېرىقىز ئۇرۇقىدىن 12 گىرام، ئوسما يىلتىزىدىن 12 گىرام، يەر تۇزغىقىدىن سەككىز گىرام ئېلىپ، سۇدا قايىنىتىپ ئىچىپ بەرسە، گال ۋە يۇتقۇنچاقنىڭ سوزۇلما ياللۇغى ۋە بادامبەز ياللۇغىغا شىپا بولىدۇ.

4. قوڭغۇراقگۈل، شاپتۇل مېغىزى، كۆك كاۋا ئۇرۇقى، قورچاققولدىن تۆت گىرام، سوغىگۈلدىن سەككىز گىرام، ئۇچقات پېلىكى ياكى گۈلىدىن 20 گىرام، چۇچۇكبۇيىدىن تۆت گىرام ئېلىپ، سۇدا قايىنىتىپ ئىچىپ بەرسە، ئۆپكە يىرىڭلىق ئىششىقىغا شىپا بولىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] 4 ~ 12 گىرامغىچە.

[زىيانلىق تەسىرى] ئاشقازاننى سوۋۇتىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] پىننە، دارچىن.

[ئورۇنباسارى] سوغىگۈل.

[ۋەكىل خاراكتېرلىك پىششىق دورا ياسالمىسى] قوڭغۇراقگۈل شەربىتى.

## ئەرۇسە ياپرىقى
## 艾如萨亚皮日克
## (大驳骨 da bo gu)

[باشقا ئاتىلىشى] ئۆردەكتۇمشۇق گۈل يوپۇرمىقى

[لاتىنچە نامى] Herba Adhatoda ventricosa

[ئىنگلىزچە نامى] Ventricose Gendarussa Herb

[تونۇش] بۇ، ئاكاتسىيە ئائىلىسىدىكى چاتقال ئۆسۈملۈك ئۆردەكتۇمشۇق گۈلىنىڭ يوپۇرمىقىدىن ئىبارەت. يوپۇرمىقى ئېللىپىس شەكىللىك بولۇپ، پۈتۈن گىرۋەكلىك ۋە نېپىز كېلىدۇ. ئىككى يۈزى ئازراق تۈكلۈك ۋە تەمى ئاچچىق كېلىدۇ.

[چىقىش ئورنى] ئېلىمىزنىڭ گۇاڭدۇڭ، گۇاڭشى قاتارلىق يەرلىرىدىن ھەم پاكىستاننىڭ پەنجاپ، ھەزار قاتارلىق يەرلىرىدىن چىقىدۇ.

[يىغىپ ساقلاش] ئەتىياز ۋە ياز پەسلىدە گۈلى ئېچىلىدۇ، گۈلى ئېچىلغاندا يىغىۋېلىپ، گۈل بەرگىنى ئايرىپ، سايىغا يېيىپ قۇرۇتۇپ، قۇرۇق ئورۇندا ساقلىنىدۇ.

[خىمىيەلىك تەركىبى] بۇ ئۆسۈملۈكنىڭ يىلتىزى تەركىبىدە ۋاسىنول (Vasicnol)، يوپۇرمىقى ۋە گۈلى

ۋاستىسىن (Vasicine) ۋە ۋاستىسىنول (vasicrnone) لار بار. يوپۇرمىقى تەركىبىدە يەنە ۋاساكىن (Vasakin)، كاروتىن، ۋىتامىن C قاتارلىقلار بار. ئۇسۇملۇكىدە يەنە ۋاسىكولىن (Vasicoline) ۋە ئادخاتودىن (Adhatodine)، ۋاسىكولىنون (Vasicolinone) ۋە ئانىسوتىن (Anisotine) ناملىق تۆت خىل ئالكالوئىد بار.

[فارماكولوگىيەلىك تەسىرى] خېلى بۇرۇنلا مەلۇم بولۇشىچە، ۋاستىسىن ناملىق جەۋھەر يەڭگىل دەرىجىدىكى ۋە ئۇزاققا سوزۇلغان كاناپچىلارنى كېڭەيتىش پەيدا قىلىدۇ، دەپ قارالغان. زىققىگە ئىشلىتىلگەندىن كېيىن ئىسپاتلىنىشىچە، ۋاستىسىننىڭ كاناپچىلارنى قىسقارتىش تەسىرى بارلىقى ئېنىقلانغان. شۇنداقلا يەنە يۈرەك مۇسكۇلىنىڭ قىسقىرىش ئىقتىدارىنى ئاجىزلىتىپ، تاجسىمان ئارتېرىيەدىن قان ئۆتۈش مىقدارىنى كېمەيتىدۇ. ئوكسىدلانغاندىن كېيىنكى ۋاستىسىنون كاناپچىلارنى كېڭەيتىدۇ. بولۇپمۇ ھىستامىن كەلتۈرۈپ چىقارغان كاناپچىلار قىسقىرىشقا نىسبەتەن خېلى روشەن ئىسپازما بوشىتىش تەسىرىگە ئىگە. يوپۇرمىقى، گۈلى، يىلتىزىدىن ئايرىپ ئېلىنغان ماي قىسمىنىڭ سىل تاياقچە باكتېرىيەسىگە قارشى رولى بار.

[لايىقلاشتۇرۇلۇشى] ئىلغاپ ساپلاشتۇرۇلىدۇ.

[تەبئىتى] بىرىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى] ئۆپكە ۋە كانايىنى قۇۋۋەتلەش، بەلغەم بوشىتىش، ئىسپازما بوشىتىش، جاراسىملارنى يوقىتىش، قان توختىتىش، قىزىتما قايتۇرۇش خۇسۇسىيىتى بار.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر] ھەر خىل ئۆپكە كېسەللىكلىرى، زىققە، سىل، يۆتەل، كاناي شاخچىلىرىنىڭ كېڭىيىپ كېتىشى، بۇرۇن قاناش، قان تۈكۈرۈش، يۇقىرى قىزىتما قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. ھۆل ھالەتتىكى ئەرۇسە ياپرىقىدىن مۇۋاپىق مىقداردا ئېلىپ، شىرىسىنى چىقىرىپ ھەسەلگە ئارىلاشتۇرۇپ ئىچىپ بەرسە، بۇرۇن قاناش ۋە قان تۈكۈرۈشكە پايدا قىلىدۇ.

2. ئەرەب يېلىمى، كەتىرا، رۇببىسۇس، نەمەك ھىندى، ئەرۇسە ياپرىقى قاتارلىقلارنىڭ ھەربىرىدىن 10 گىرام ئېلىپ، ھەسەل بىلەن ھەب ياكى كۆمىلاچ تەييارلاپ بىر كۈندە بىر ۋاق، بىر داندىن يەپ بەرسە، سىل ۋە زىققە كېسەللىكىگە مەنپەئەت قىلىدۇ.

3. ئەرۇسە ياپرىقى ياكى ئۇنىڭ گۈلىدىن گۈلقەنت تەييارلاپ ئىستېمال قىلسا، كونا يۆتەلگە پايدا قىلىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] 4 ~ 10 گىرامغىچە.

[زىيانلىق تەسىرى] ھامىلىدار ئاياللارغا بېرىلمەيدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] ھەسەل، قارىمۇچ.

[ئورۇنباسارى] چۈچۈكبۇيا يىلتىزى، ئەرەب يېلىمى.

[ۋەكىل خاراكتېرلىك پىششىق دورا ياسالمىسى] شەربىتى ئەرۇسە.

www.uyghurkitap.com

# شۇمشا ئۇرۇقى

## 树密沙欧如合

## （胡芦巴 hu lu ba）

[**باشقا ئاتىلىشى**] بەزرۇلھۇلبە، تۇخۇمى شومشا، مىتتىكى بىخ

[**لاتىنچە نامى**] Semen trigonella foenum graecum

[**ئىنگلىزچە نامى**] Common Fenugreek Seed



شۇمشا ئۇرۇقى

[**تونۇش**] بۇ، پۇرچاق ئائىلىسىدىكى بىر يىللىق سامان غوللۇق، شۇمشىغا ئۇرۇقداش ئۆسۈملۈك بولۇپ، ئېگىزلىكى 50 ~ 80 سانتىمېتىرغىچە كېلىدۇ؛ غوللىرى توپلىشىپ ئۆسىدۇ، پۈتۈن تېنىدىن خۇش پۇراق چىقىپ تۇرىدۇ؛ يوپۇرماقلىرى نۆۋەتلىشىپ ئۆسكەن، ئۈچ قولاقلىق مۈرەكەپ يوپۇرماق، كىچىك يوپۇرماقلىرى تەتۈر تۇخۇم شەكلىدە، تولۇق گىرۋەكلىك ياكى دولقۇنسىمان ھەرە چىشلىق بولىدۇ؛ گۈلى بىر ـ ئىككىدىن بولۇپ قولتۇقىدىن ئۆسىدۇ، سېپى بولمايدۇ، دەسلەپ ئېچىلغاندا رەڭگى ئاق بولىدۇ، كېيىنچە تەدرىجىي ئاچ سېرىق رەڭگە ئۆزگىرىدۇ، تۈۋى سەل سۆسۈن رەڭدە، قاسراقلىق مېۋىسى ئىنچىكە، ئۇزۇن، بىرئاز ئېگىلگەن، ئۇچى تەدرىجىي ئۇچلانغان، ئۇرۇقى جىگەر رەڭ بولىدۇ. (17.31 ـ رەسىم)

[**چىقىش ئورنى**] شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدىن چىقىدۇ.

[**يىغىش ساقلاش**] بۇ ئۆسۈملۈكنى ياز ۋە كۈز پەسلىدە يىغىۋېلىپ، ئاپتاپتا قۇرۇتۇپ، ئۇرۇقىنى ئايرىپ ئېلىپ ساقلىنىدۇ.

[**خىمىيىلىك تەركىبى**] ئۇرۇقىنىڭ تەركىبىدە 0.07% ~ 0.13% كىچە تىرىگونېللىن (Trugonelline)، 0.05% گېنتىيانىن (Gentianine)، كارپائىن قاتارلىق ئالكولوھىدلار، ئۇرۇقى سۇس قوڭۇر رەڭگە كىرگىچە قاقلاپ قۇرۇتۇلسا، تەخمىنەن ئۈچتىن ئىككى مىقداردىكى شۇمشا ئالكولوھىدى ئاتسىدوم نىكوتىنكوم (Acidnicotinic) غا ئايلىنىدۇ، يەنە گىلۇكوزىدلارمۇ بار. ئۇرۇقى ئادەتتە 16.97% ئومۇمىي ئاقسىل، 11.98% يېرىم تالالىق ماددا، 7.61% ماي، 10% سۇ ماددىسى، 6.4% تالا، كۈل ماددىسى، ئومۇمىي قەنت قاتارلىقلاردىن تەركىب تاپقان. مايلىق ياغ تەركىبىدە 92.9% قاتتىق ماي كىسلاتاسى، 1.5% ئۈچۈچان خۇسۇسىيەتلىك ماي كىسلاتا، 0.9% ئىيونلاشمايدىغان

تەركىب بولىدۇ. يەنە 320 مىكروگرام ۋىتامىن $B_1$ بار. يوپۇرمىقىدا تەخمىنەن 43 مىللىگرام ۋىتامىن C بار. پۈتۈن چۆپىدە كالتسىي، تۆمۈر، كاروتىن قاتارلىقلارى تۇتىدۇ.

[**فارماكولوگىيەلىك تەسىرى**] ① قان قەنتىنى تۆۋەنلىتىش، سۈيدۈك ھەيدەش تەسىرى بار؛ ② ياللۇغ قايتۇرۇش تەسىرىگە ئىگە؛ ③ ئۆسمىگە قارشى تۇرۇش تەسىرى بار؛ ④ تېرىنى غىدىقلاپ چاچ، تۈكنىڭ ئۆسۈشىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ؛ ⑤ ئىچىنى سۈرۈش، قۇرت ئۆلتۈرۈش تەسىرى بار.

[**لايىقلاشتۇرۇلۇشى**] ئىلغاپ ساپلاشتۇرۇلىدۇ.

[**تەبىئىتى**] ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[**خۇسۇسىيىتى**] ئۆپكە ۋە كانايىنى قۇۋۋەتلەش، ئىششىق ياندۇرۇش، بەلغەم بوشىتىش، نەپەسنى راۋانلاشتۇرۇش، سۈيدۈك ھەيدەش، ھەيزنى راۋانلاشتۇرۇش، ئىشتىھانى ئېچىش، بۇزۇق ماددىلارنى ھەيدەش، بۆرەك ۋە باھنى قۇۋۋەتلەش خۇسۇسىيەتلىرى بار.

[**ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر**] گال ۋە كۆكرەكنىڭ يىرىكلىكى، قۇرۇق يۆتەل، بەلغەم چىقىرالماسلىق، ئىچ سۈرۈش، تولغاق، سۈيدۈك تېمىتىپ كېلىش، ھەيز تۇتۇلۇش، باھ ئاجىزلىقى، ئىشتىھاسىزلىق، ئاشقازان ئاجىزلىقى، بەل ئاغرىقى قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[**ئىشلىتىش ئۇسۇلى**]

1. شۇمشا ئۇرۇقى، ئاقىرقەرھا، پىلپىل يىلتىزىنىڭ ھەربىرىدىن 10 گىرام، تۇخۇم سېرىقىدىن ئۈچ دانە ئېلىپ قايىنىتىپ ئىچسە، بۆرەك ۋە باھنى قۇۋۋەتلەيدۇ.

2. شۇمشا ئۇرۇقى، تەمرىھىندى ياكى سەرپىستان، ئەنجۈر، رۇمبەدىيانىنىڭ ھەربىرىدىن 10 گىرام ئېلىپ قايىنىتىپ ئىچسە، ئاۋازنىڭ پۈتۈپ قېلىشقا ۋە كۆكرەكنىڭ جاراھەتلىرىگە مەنپەئەت قىلىدۇ.

3. شۇمشا ئۇرۇقى، زۇپا، سەرپىستان، بىخ سەۋسەنىنىڭ ھەربىرىدىن 10 گىرام، زىغىردىن يەتتە گىرام، بادام مېغىزىدىن 15 گىرام ئېلىپ، سۇفۇپ تەييارلاپ ئىچىپ بەرسە، بەلغەم بوشىتىپ، نەپەسنى راۋانلاشتۇرىدۇ.

4. شۇمشا ئۇرۇقى، ئوردان، سويا ئۇرۇقى، سېرىقچېچەك ئۇرۇقى، ئوبھەل، خىيارشەنبەر قاتارلىقلاردىن 10 گىرامدىن ئېلىپ، قايىنىتىلما تەييارلاپ ئىچسە، سۈيدۈك ۋە ھەيزنى راۋانلاشتۇرىدۇ.

5. شۇمشا ئۇرۇقىنى قايىنىتىپ ئىچىپ بەرسە، بۆرەك ئاجىزلىقى، بەل سىرقىراپ ئاغرىش، ئۇرۇقدان سىرقىراپ ئاغرىشقا مەنپەئەت قىلىدۇ.

[**ئىشلىتىش مىقدارى**] 4 ~ 8 گىرامغىچە.

[**زىيانلىق تەسىرى**] ئىسسىق مىزاج كىشىلەردە باش ئاغرىقى پەيدا قىلىدۇ. ئۇرۇق بېزىگە زىيانلىق.

[**تۈزەتكۈچىسى**] پالەك، سېمىزئوت چۆپى.

[**ئورۇنباسارى**] چامغۇر ئۇرۇقى، زىغىر.

[**ۋەكىل خاراكتېرلىك پىششىق دورا ياسالمىسى**] مەلھەمى داخىليۇن، لەئۇقى شۇمشا.

تۇغقۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

## شېكەر تىغال
## 谢开尔提哈里
## (大蓟虫瘿 da ji chong ying)

[باشقا ئاتىلىشى] قەندى تىيغال، شېكەر تىيغال

[لاتىنچە نامى] Galla cirsium japonicum

[ئىنگلىزچە نامى] Cirsium Japanicum


چوڭ تۇمشۇقلۇق قۇرت

[تونۇش] بۇ، مۇرەككەپ گۈللۈكلەر ئائىلىسىدىكى ئۇسۇملۇك چوڭ خوخا يوپۇرمىقىنىڭ ئۇستىدىكى قۇرت قاپارتقۇسى بولۇپ، بۇ چوڭ تۇمشۇق-لۇق قۇرتنىڭ پارازىتلارچە ياششىدىن ھاسىل بولىدۇ. مۇشۇ ھاسىلات «شېكەر تىغال» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ. بۇنىڭ رەڭگى ئاق، تەمى سەل تاتلىق، پۇراقسىز، چاينىسا سەل چاپلىشىدۇ، يەڭگىل، چۇرۇك، قول بىلەن تۇتۇپ قىسسا ئېزىلىدۇ. (31 .18 ـ رەسىم)

[چىقىش ئورنى] جەنۇبىي شىنجاڭدىن، غەربىي ئاسىيادىن چىقىدۇ.

[يىغىش ساقلاش] ياز ۋە كۈز پەسلىدە يىغىۋېلىپ، ئاپتاپتا قۇرۇتۇپ ساقلىنىدۇ.

[خىمىيىلىك تەركىبى] يوپۇرمىقىنىڭ تەركىبىدە 12% پېكتولىنارىن (Pectolinarin)، پېكتىنارىگېنىن (Pectinarigenin)، بىيو ئىشقارلىق ماددىلار ۋە ئۇچۇچان مايلار بار.

[فارماكولوگىيىلىك تەسىرى] ① مېڭە ياللۇغى شارچە باكتېرىيەسى، خولېرا تاياقچە باكتېرىيەسى قاتار-لىق مىكروبلارنى تورمۇزلايدۇ؛ ② سۈيدۈك ھەيدەش، قان بېسىمنى تۆۋەنلىتىش تەسىرى بار.

[لايىقلاشتۇرۇلۇشى] يۇيۇپ قۇرۇتۇش ئارقىلىق لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

[تەبىئىتى] مۆتىدىل (ھۆلگە مايىل). بىرىنچى دەرىجىدە ھۆل ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى] ئۆپكە، كانايىنى قۇۋۋەتلەش، بەلغەم بوشىتىش، يۆتەل توختىتىش، نەپەسنى راۋانلاشتۇ-رۇش، سىلىقلاشتۇرۇش، بۇزۇق ماددىلارنى تارقىتىش، يۇمشىتىش، توسالغۇلارنى ئېچىش خۇسۇسىيىتى بار.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر] گال يىرىكلىكى، ئۆپكە ياللۇغى، قۇرۇق يۆتەل، ئاشقازانغا قۇرۇقلۇق يېتىش قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. شېكەر تىغال، بادام مېغىزى، چىلغوزا مېغىزىنىڭ ھەربىرىدىن 10 گىرام ئېلىپ سۇفۇپ قىلىپ ئىچسە، كۆكرەكنى يۇمشىتىدۇ.

2. شېكەر تىغالدىن بەش گىرام، سەرپىستاندىن ئالتە گىرام، بادام مېغىزىدىن 10 گىرام ئېلىپ،

قائدە بويىچە قايىنتىپ ئىچسە بەلغەم بوشىتىدۇ.

3. شېكەر تىغالدىن بەش گىرام، پەرسىياۋشاندىن توققۇز گىرام، زۇپادىن يەتتە گىرام، ئەنسىلدىن 10 گىرام ئېلىپ، قايىنتىلما ياكى كاشكاپ قىلىپ ئىچىپ بەرسە، ئۆپكە ياللۇغى ۋە يۆتەلگە پايدا قىلىدۇ.

[**ئىشلىتىش مىقدارى**] 5 ~ 12 گىرامغىچە.

[**زىيانلىق تەسىرى**] ئەزالارنى بوشاشتۇرۇپ قويىدۇ، ئاشقازانغا زىيان قىلىدۇ، كۆڭۈلنى ئېلىشتۇرىدۇ.

[**تۈزەتكۈچىسى**] لاچىندانە.

[**ئورۇنباسارى**] شېكەر، تەرەنجىبىن، ناۋات.

[**ۋەكىل خاراكتېرلىك پىششىق دورا ياسالمىسى**] شېكەرتىغال قايىنتىلمىسى، سۇفۇپى شېكەرتىغال، ھەببى شېكەرتىغال.

## تاغ پىيىزى

## 塔合皮依孜

## (野葱 ye cong)

[**باشقا ئاتىلىشى**] ئەنسىل، چۆل پىيىزى

[**لاتىنچە نامى**] Herba Allium sabulosum

[**ئىنگلىزچە نامى**] wild Allium Herb

[**تونۇش**] بۇ، گۈلسامساق ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك ياۋا پىيازنىڭ قۇرۇتۇلغان پۈتۈن چۆپىدىن ئىبارەت بولۇپ، بۇ زەھەرلىك چۆپ قاتارىدا تۇرىدۇ. كۆپ قىسىم قەدىمىي كىتابلاردا «ئەنسىل»، «بەسىلىلفار» يەنى «چاشقان ئۆلتۈرىدىغان پىياز»، ياكى «چۆل پىيىزى» دەپ ئاتالغان. (31.19 - رەسىم)

[**چىقىش ئورنى**] شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى ۋە شىزاڭ رايونلىرىنىڭ تاغلىرىدىن چىقىدۇ.

[**يىغىپ ساقلاش**] بۇ ئۆسۈملۈكنى ياز ۋە كۈز پەسلىدە يىغىۋېلىپ، ئاپتاپتا قۇرۇتۇپ ساقلىنىدۇ.

[**لايىقلاشتۇرۇلۇشى**] يۇيۇش، توغراش، قۇرۇتۇش ئارقىلىق لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

[**تەبىئىتى**] ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[**خۇسۇسىيىتى**] غەيرىي تەبىئىي بەلغەم ۋە سەۋدا خىلتلىرىنى تازىلاش، ئۆپكە، كانايىنى تازىلاش، بەلغەم بوشىتىش، نەپەسنى راۋانلاشتۇرۇش، قاننى جانلاندۇرۇش، ئىششىقياندۇرۇش، توسالغۇلارنى ئېچىش خۇسۇسىيىتى بار.

[**ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر**] دەم سىقىلىش (زىققە)، ئەسەب ۋە بوغۇم ئاغرىقلىرى، پالەچ، ئولتۇرغۇچ نېرۋىلار ئاغرىقى (ئىرقۇننىسا)، تال ئىششىقى، سۈيدۈك ۋە ھەيز توسۇلۇش، باليانقۇ ئىششىقى، گال ئاغرىقى، دائىرىلىك چاچ چۈشۈش، تېرە سويۇلۇپ چۈشۈش، ھەر خىل سېرىتقى يارا قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. تاغ پىيىزىدىن تۆت گىرام، راتىيانەجدىن يەتتە گىرام ئېلىپ، قائىدە بويىچە ئېلىپ سوقۇپ، زەيتۇن يېغىدا مەلھەم تەييارلاپ يەرلىك ئورۇنغا چاپسا، سۆگەل چۈشۈرىدۇ، چاچ چۈشكەن يەرگە چاپسا چاچ ئۈندۈرىدۇ.

2. تاغ پىيىزىدىن بەش گىرام، پىرسىياۋشاندىن توققۇز گىرام، زۇپادىن يەتتە گىرام ئېلىپ، قائىدە بويىچە قايىنىتىپ ئىچسە، ئۆپكە ياللۇغىغا مەنپەئەت قىلىدۇ.

3. تاغ پىيىزىدىن ئۈچ گىرام، سەرپىستاندىن يەتتە گىرام، زۇپادىن 10 گىرام ئېلىپ، قايىنىتىپ ئىچسە، نەپەس يوللىرىنى تازىلايدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] 4 ~ 6 گىرامغىچە.

[زىيانلىق تەسىرى] ئىسسىق مىزاج كىشىلەرنىڭ بېشىنى ئاغرىتىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] كافۇر، ھەسەل.

[ئورۇنباسارى] زۇپا، ياۋا سامساق.

[ۋەكىل خاراكتېرلىك پىششىق دورا ياسالمىسى] لوئوقى ئەنسىل، شەربەتى ئەنسىل.

[دىققەت قىلىدىغان ئىشلار] تاغ پىيىزىنى يەردىن كولاپ ئالغاندا، ئۇنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى سىپپىنى ۋە كۆكىنى تولغاپ ئۈزۈپ تاشلاپ، ئوتتا قىزدۇرۇپ، خېمىرنىڭ ئىچىگە ئوراپ قوقاسقا كۆمۈپ پىشۇرۇپ، پوستىنى سويۇپ، ياغاچ پىچاق بىلەن ئىككىگە بۆلۈپ، بىر ـ بىرىگە تېگمەي قالمىغۇدەك قىلىپ پاختا يىپقا ئۆتكۈزۈپ، سايىدا قۇرۇتۇپ تەييارلىنىدۇ.

## زىغىر ئۇرۇقى

## 孜合尔欧如合

## （亚麻子 ya ma zi）

[باشقا ئاتىلىشى] بەزرۇلكەتان، تۇخۇمى كاتان، ئەلسىكى بىج، تەلسى

[لاتىنچە نامى] Semen Linum usitatissimum

[ئىنگلىزچە نامى] Common Flax Seed

[تونۇش] بۇ، زىغىر ئائىلىسىدىكى بىر يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك زىغىرنىڭ پىشىپ قۇرۇتۇلـغان ئۇرۇقى بولۇپ، «زىغىر ئۇرۇقى» ياكى «تۇخۇمى كەتان» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ. ئۇرۇقى ياپىلاق تۇخۇم شەكىللىك بولۇپ، رەڭگى قىزىلغا مايىل قوڭۇر، پۇراقسىز كېلىدۇ، پارقىراق، پاكىز، دانلىق بولغانلىرى ياخشىسى ھېسابلىنىدۇ. (20.31 ـ رەسىم)

[چىقىش ئورنى] شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ھەممە جايلىرىدىن چىقىدۇ. يەنە ھىندىستان، تۈركىيە، مىسىر، ئەنگلىيە، رۇسىيە، گوللاندىيەدىن چىقىدۇ.

[يىغىپ ساقلاش] بۇ ئۆسۈملۈكنى كۈز پەسلىدە يىغىۋېلىپ، ئاپتاپتا قۇرۇتۇپ، ئۇرۇقىنى ئېلىپ تازىلاپ ساقلىنىدۇ.



زىغىر

[**خىمىيەلىك تەسىرى**] ئۇرۇقىنىڭ تەركىبىدە %48~%30 كىچە مايلىق ياغ، %33 ~ %18 كىچە ئاقسىل ماددىسى، %12 ~ %5 كىچە يېپىشقاق ماددا، %26 ~ %12 كىچە قەنت، ئورگانىك كىسلاتا ۋە ۋىتامىن A ھەمدە ئاز مىقداردا لىنامارىن (Linamaran)، خام ئۇرۇقىدا كىراخمال بار. پىشقاندا كىراخمال يوقىلىپ كېتىدۇ.

[**فارماكولوگىيەلىك تەسىرى**] ئۇرۇقىنىڭ تەركىبىدىكى چاپلاشقاق يېلىم ۋە ياغ يۇمشىتىش ھەم غىدىقلاشنى پەسەيتىش تەسىرىگە ئىگە. شۇڭا زىغىر ئۇرۇقى كۆپىنچە يەرلىك ئورۇن كېسەللىكلىرىنى داۋالاشقا ئىشلىتىلىدۇ. بۇنى ئىستېمال قىلسا، ھەزىم قىلىش يولى، نەپەس يولى ۋە سۈيدۈك چىقىرىش يوللىرىدىكى ياللۇغلارنى داۋالايدۇ. لىنامارىن كىچىك ئۈچەينىڭ ئاجرىتىپ چىقىرىشىنى تەڭشەيدۇ.

[**لايىقلاشتۇرۇلۇشى**] يۇيۇش، قورۇش، قۇرۇتۇش ئارقىلىق لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

[**تەبىئىتى**] بىرىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[**خۇسۇسىيىتى**] ئۆپكە ۋە كانايىنى قۇۋۋەتلەش، بەلغەم بوشىتىش، يۆتەل پەسەيتىپ نەپەسنى راۋانلاشتۇرۇش، بەلغەمدىن بولغان ئىچ سۈرۈشنى توختىتىش، سۈيدۈك ھەيدەش، ياللۇغ قايتۇرۇش، يىرىڭلىق چاقىنى قۇرۇتۇش خۇسۇسىيىتى بار.

[**ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر**] زىققە، سوغۇقتىن بولغان يۆتەل، نەزلە، ئۆپكە ۋە كۆكرەك پەردە ياللۇغى، بوغۇم ياللۇغى، جىگەر ياللۇغى، گالنىڭ قىچىشىشى ۋە قۇرۇشى، سۈيدۈك يولى ياللۇغى، ئۈچەي ۋە بالىياتقۇ ياللۇغى ھەمدە ھەر خىل يىرىڭلىق جاراھەت قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[**ئىشلىتىش ئۇسۇلى**]

1. زىغىر ئۇرۇقىدىن 10 گىرام، چىلغوزا مېغىزىدىن 30 گىرام، پىرسىياۋشان، چۇچۇكبۇيا يىلتىزىنىڭ ھەربىرىدىن 10 گىرام ئېلىپ، قائىدە بويىچە سۇفۇپ تەييارلاپ ئىچىپ بەرسە، نەپەسنى راۋانلاشتۇرۇپ، بەلغەم بوشىتىدۇ.

2. 30 گىرام زىغىر ئۇرۇقىنى قۇرۇق قورۇپ، سوقۇپ، 100 گىرام ھەسەل بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ ئىستېمال قىلسا، سوغۇقتىن بولغان دەم سىقىلىش ۋە يۆتەلگە شىپا بولىدۇ.

3. زىغىر ئۇرۇقى، تەرخەمەك ئۇرۇقى، كەرەپشە ئۇرۇقى، سېمىز ئوت ئۇرۇقى، كاكىنەچ قاتارلىقلارنىڭ ھەربىرىدىن 10 گىرام ئېلىپ، قايناتىلما ياكى چايلىق تەييارلاپ ئىچىپ بەرسە، سۈيدۈك يولىدىكى ياللۇغنى قايتۇرىدۇ.

4. كاسنە ئۇرۇقى، زىغىر ئۇرۇقى 10 گىرامدىن، قىزىلگۈل، تەرخەمەك ئۇرۇقىنىڭ ھەربىرىدىن بەش گىرام ئېلىپ، قائىدە بويىچە سوقۇپ چايلىق قىلىپ ئىچىپ بەرسە، سۈيدۈك تامچىلاپ كېلىشكە

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

شىپا بولىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] 5 ~ 12 گىرامغىچە.

[زىيانلىق تەسىرى] كۆپ يېسە كۆزگە، ئاشقازانغا ۋە ئۈرۈقدانغا زىيان قىلىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] بەدىيان، يۇمغاقسۈت، ھەسەل.

[ئورۇنباسارى] شۇمشا ئۇرۇقى.

[ۋەكىل خاراكتېرلىك پىششىق دورا ياسالمىسى] لوئوقى سەرپىستان، لوئوقى كەتان، سۇفۇپى كەتان.

[دىققەت قىلىدىغان ئىشلار] قۇرۇق قورۇپ ئىشلىتىلىدۇ، زاغۇن ئارىلىشىپ قالغانلىرىنى دورىغا ئىشلىتىشكە بولمايدۇ.

## زىغىر يېغى

## 孜合尔也合

(亚麻油 ya ma you)

[باشقا ئاتىلىشى] رەۋغىنى كاتان

[لاتىنچە نامى] Oleum Linum usitatissimum

[ئىنگلىزچە نامى] Oil Flax Seed



زىغىر

[تونۇش] بۇ، زىغىر ئائىلىسىدىكى ئۆسۈملۈك زىغىرنىڭ پىشقان ئۇرۇقىدىن جۇۋاز ئارقىلىق تارتىپ ئېلىنغان ياغدىن ئىبارەت. رەڭگى سېرىق، سۈيۇق بولۇپ، ئالاھىدە پۇراق ۋە تەمگە ئىگە. (21.31 ـ رەسىم)

[چىقىش ئورنى] شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ھەممە جايلىرىدىن چىقىدۇ.

[يىغىپ ساقلاش] بۇ ئۆسۈملۈكنىڭ ئۇرۇقىدىن يېغىنى ئايرىپ ئېلىپ، قۇرغاق جايدا ساقلىنىدۇ.

[خىمىيەلىك تەركىبى] زىغىر يېغى تەركىبىدە 21%~45% كىچە زىغىر كىسلاتاسى، 25%~59% كىچە زىغىر يېغى كىسلاتاسى، 15%~20% كىچە ماي كىسلاتاسى ۋە ئاز مىقداردىكى ياغ كىسلاتا، گىلىتسېرىن قاتارلىقلار بار.

[فارماكولوگىيەلىك تەسىرى] ھەزىم قىلىش يولى، نەپەس يولى ۋە سۈيدۈك چىقىرىش يوللىرىدىكى ياللۇغلارنى داۋالايدۇ. يەنە يەڭگىل دەرىجىدە ئىچىنى سۈرۈش تەسىرىگە ئىگە. زىغىر يېغى كۆپ مىقداردا تويۇنمىغان ماي كىسلاتاسى تۇتىدۇ، شۇڭا يۇقىرى مايلىق قان كېسىلى ياكى قان تومۇر قېتىش كېسەللىكلىرىگە ئىشلىتىلىدۇ.

[لايىقلاشتۇرۇلۇشى] يېغى ئادەتتىكىدەك ساپلاشتۇرۇلىدۇ.

[تەبىئىتى] بىرىنچى دەرىجىدە ھۆل ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى] ئۆپكە ۋە كانايىنى قۇۋۋەتلەش، بەلغەم بوشىتىش، يۆتەل پەسەيتىش، نەپەسنى راۋانلاشتۇ-رۇش، ئىششىق ياندۇرۇش، يالـلۇغ قايتۇرۇش، سىلىقلاشتۇرۇش، ئاغرىق پەسەيتىش، چىرايىنى پارقىرى-تىش خۇسۇسىيىتى بار.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر] كۆكرەك پەردە يالـلۇغى، ئۆپكە يالـلۇغى، قۇرۇق يۆتەل، سۈيدۈك يولىدى-كى يالـلۇغلىنىشلىق كېسەللىكلەر، ھەر خىل يارا، داغ، تەمرەتكە، ئۆچەي يارىسى قاتارلىقلارغا ئىشلىتى-لىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. مەرۋايىت، سەدەپ، چاقچاقئوت ئۇرۇقى، تاشچېچەكنىڭ ھەربىرىدىن 10 گىرام، كىبرىتتىن بەش گىرام، زىغىر يېغىدىن مۇۋاپىق مىقداردا ئېلىپ، مەلھەم تەييارلاپ يەرلىك ئورۇنغا چېپىپ بەرسە، داغ ھەم تەمرەتكىگە پايدا قىلىدۇ.

2. تەرخەمەك ئۇرۇقى، كەرەپشە ئۇرۇقى، كاكىنەچ، قوغۇن ئۇرۇقى، ئىتئۈزۈمىنىڭ ھەربىرىدىن 10 گىرام، زىغىر يېغىدىن ئۈچ مىللىلىتىر ئېلىپ، قائىدە بويىچە قاينىتىلما تەييارلاپ ئىچسە، سۈيدۈك يولىدىكى يالـلۇغنى ياندۇرىدۇ.

3. زىغىر يېغىدا تاماق ئېتىپ يېسە ياكى ئۇزاق مەزگىل ئىستېمال قىلسا، نەپەسنى راۋانلاشتۇرىدۇ ھەم قان تومۇرنى سىلىقلاشتۇرىدۇ.

[ئىشلىتىلىش مىقدارى] 10～25 مىللىلىتىرغىچە.

[زىيانلىق تەسىرى] كۆرۈش كۈچىنى ئاجىزلاشتۇرىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] بەدىيان، زىرە.

[ئورۇنباسارى] كۈنجۈت يېغى، بادام يېغى.

[ۋەكىل خاراكتېرلىك پىششىق دورا ياسالمىسى] لوئوقى كەتان.

## بىھى ئۇرۇقى

## 比也欧如合

(榅桲子 wen bo zi)

[باشقا ئاتىلىشى] تۇخۇمى بىھدانە

[لاتىنچە نامى] Semen Cydouia oblonga

[ئىنگلىزچە نامى] Common Quince Seed

[تونۇش] بۇ، ئەتىرگۈل ئائىلىسىدىكى ئۆسۈملۈك بىھىنىڭ ئىچىدىكى ئۇرۇقىدىن ئىبارەت بولۇپ، ئۇرۇقى دانلىق، ئۈچ بۇرجەكلىك، شىرىلىك بولۇپ، رەڭگى قارامتۇل قىزىل، تەمسىز كېلىدۇ. (31. 22 ـ رەسىم)

[چىقىش ئورنى] شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدىن چىقىدۇ.

www.uyghurkitap.com



بېھى

[يىغىپ ساقلاش] بۇ ئۈسۈملۈكنىڭ مېۋىسى پىشقاندىن كېيىن، قۇرۇتۇپ ئۇرۇقىنى يىغىۋېلىپ، پاكىز تازىلاپ، قۇرۇق ھەم سالقىن جايدا ساقلىنىدۇ.

[خىمىيەلىك تەركىبى] ئۇرۇقىنىڭ تەركىبىدە 20% يېپىشقاق ماددا، ئامىگدالىن، 8% مايلىق ياغ قاتارلىقلار بار.

[فارماكولوگىيەلىك تەسىرى] ئۇرۇقىدا شىلىمشىق ماددا كۆپ بولۇپ، باشقا دورىلار بىلەن بىللە سىرتىدىن ئىشلىتىلسە، تېرىنى غىدىقلاشنى ئازايتىدۇ ھەمدە تەستە سۈمۈرۈلىدۇ.

[لايىقلاشتۇرۇلۇشى] ساپلاشتۇرۇش، قۇرۇتۇش ئارقىلىق لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە ھۆل سوغۇق.

[خۇسۇسىيىتى] ئۆپكە ۋە كانايىنى راۋانلاشتۇرۇش، غەيرىي تەبىئىي سەپرا ۋە سەۋدا خىلتىنى، قۇرۇق ئىسسىق، قۇرۇق سوغۇق كەيپىياتنى تەڭشەش؛ ياللۇغ قايتۇرۇش، ھۆللۈك پەيدا قىلىش، قىزىتما پەسەيتىش، يۆتەل توختىتىش، تىلنىڭ قۇرغاقلىقىنى پەسەيتىش، ئۈچەينىڭ ئېچىشىشىنى ياخشىلاش خۇسۇسىيىتى بار.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر] ھەر خىل قىزىتما، سىل، جۇدەتكۈچى تەپ، نەزلە، زۇكام، تىل ئېچىشىش، يۆتەل، ئۆپكە ياللۇغى، قان تولغاق، سەپرالىق ئىچ سۈرۈش، گال ئاغرىقى، ئىسسىقتىن بولغان زۇكام قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. نىشاستىدىن 30 گىرام، بېھى ئۇرۇقى لوئابىدىن 10 گىرام ئېلىپ بىرلىكتە تىلغا سۈركىسە، تىل يېرىلىشقا ۋە ئېچىشىشقا مەنپەئەت قىلىدۇ.

2. ئىسپىغۇل، بېھى ئۇرۇقى ئالتە گىرامدىن، پاقىيوپۇرمىقى ئۇرۇقىدىن ئۈچ گىرام ئېلىپ، لوئابىنى چىقىرىپ، ئۈچ مىللىلىتىر بادام يېغىغا ئارىلاشتۇرۇپ ئىستېمال قىلسا، قان تولغاققا مەنپەئەت قىلىدۇ.

3. بېھى ئۇرۇقى، سەرپىستان، يەرلىك شوخلا، گۈلىبىنەپشىنىڭ ھەربىرىدىن ئالتە گىرامدىن ئېلىپ، بىرلىكتە دەملەپ ئىچىپ بەرسە، گال قۇرۇش، ئاغرىش، ئىششىق، قۇرۇق يۆتەلگە مەنپەئەت قىلىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] 3 ～ 4 گىرامغىچە.

[زىيانلىق تەسىرى] ھەزىمنى بۇزىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] بەديان.

[ئورۇنباسارى] ئىسپىغۇل.

[ۋەكىل خاراكتېرلىك پىششىق دورا ياسالمىسى] لوئوقى سەرپىستان.

# ئەرەب يېلىمى

## 艾热比依力蜜

## （阿拉伯胶 a la bo jiao）

[**باشقا ئاتىلىشى**] سەمغى ئەرەبى، سولكاگوندى، گوندىبىبول

[**لاتىنچە نامى**] Gummi Arabicum

[**ئىنگلىزچە نامى**] Arabic Gum

[**تونۇش**] بۇ، پۇرچاق ئائىلىسىدىكى چاتقالسىمان ئۆسۈملۈك ئەرەب ئاكاتسىيەسى دەرىخىنىڭ يېلىمىدىن ئىبارەت. يۇملاق دانچە ياكى كۆپ قىرلىق پارچىلار بولۇپ، چوڭ - كىچىكلىكى تەكشى ئەمەس، رەڭسىز ياكى سۇس سېرىق رەڭلىك يېرىم سۈزۈك مونەكچىلەردىن ئىبارەت. چۈچۈك، تەمى سۇس، بىرئاز پۇراقلىق، چاپلاشقاق كېلىدۇ. (23.31 - رەسىم)



ئەرەب ئاكاتسىيەسى دەرىخى

[**يىغىپ ساقلاش**] 2 - ، 3 - ئايلاردا 6 ~ 7 يىل بولغان دەرەخنىڭ پوستىنى پىچاق بىلەن تىلىپ قويسا، 2 ~ 3 ھەپتىدىن كېيىن يېلىمى سىرغىپ چىقىدۇ. يېلىمنى ئېلىپ ئاپتاپتا قۇرۇتۇپ ساقلىنىدۇ.

[**خىمىيەلىك تەركىبى**] ئەرەب يېلىمى، ئەرەب يېلىمى كىسلاتاسى (Lrabis acid)، كالىي، ماگنىي، كالتسىي قاتارلىقلار بىلەن بىرىكىپ تۈزۈلگەن بولۇپ، سۇدا پارچىلىنىپ، ھەربىر مولېكۇلا كىسلاتا ئىككى مولېكۇلالىق ئەرەب يېلىمى ئارا بىنوزا (Arabinose)، تۆت مولېكۇلالىق لاكتوزا (astose) ۋە بىر خىل ئىزوگادىك كىسلاتا قاتارلىقلارنى پەيدا قىلىدۇ. بۇ سۇدا پارچىلانغاندا كۆك رەڭ ياكى پىرامىدونغا ئۇچرىسا، بىنەپشەرەڭ، قىزىلگۈل رەڭ، سېرىق رەڭ ھاسىل قىلىدۇ.

[**فارماكولوگىيەلىك تەسىرى**] ئەرەب يېلىمى ئاشقازان، ئۈچەي، كانايچە ۋە باشقا ئەزالار شىللىق پەردىلىرىنى ياللۇغلىنىشتىن مېخانىك يوسۇندا مۇھاپىزەت قىلىش تەسىرىگە ئىگە. شۇ ئارقىلىق دورىلارنىڭ غىدىقلىنىشىنى پەسەيتىدۇ، دورىنىڭ سۈمۈرۈلۈشىنى پەسەيتىپ، باشقا تەسىرلەرنىڭ داۋاملىشىشىنى كۈچەيتىدۇ.

[**لايىقلاشتۇرۇلۇشى**] سالايە قىلىش ئارقىلىق لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

[**تەبىئىتى**] بىرىنچى دەرىجىدە قۇرۇق سوغۇق.

[**خۇسۇسىيىتى**] ئۆپكە ۋە كانايىنى قۇۋۋەتلەش، جاراھەت پۈتتۈرۈش، قان توختىتىش، بەلغەم بوشىتىش، يۆتەل پەسەيتىش، نەپەس يوللىرىنى سىلىقلاشتۇرۇش، ئىچ سۈرۈشنى توختىتىش، ئاشقازان ۋە ئۈچەينى قۇۋۋەتلەش، ئاغرىق پەسەيتىش خۇسۇسىيەتلىرى بار.

www.uyghurkitap.com

**[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر]** قان تۈكۈرۈش، قان قۇسۇش، كۆكرەك ئاغرىقى، يۆتەل، كۆكرەك چىڭقىلىش، سۆڭەك چىرىش، گال قۇرۇش، غەيرىي تەبىئىي سەپرا خىلتىدىن بولغان ئىچ سۈرۈش، ئاشقازان ۋە ئۈچەي ياللۇغى، تولغاق قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

**[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]**

1. سەمغى ئەرەبى، تاباشىر، بەللۇتنىڭ ھەربىرىدىن 10 گىرام ئېلىپ، سۇفۇپ تەييارلاپ ئىستېمال قىلسا ئىسھالغا مەنپەئەتلىك.

2. مۇۋاپىق مىقداردىكى ئەرەب يېلىمىنى قورۇپ، سوقۇپ، گۈل يېغى بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ بەرسە، جاراھەتلەرنىڭ قېنىنى توختىتىدۇ.

3. ئەرەب يېلىمىدىن تۆت گىرامنى يۇمشاق سوقۇپ، يېڭى كالا يېغىدىن ئۈچ گىرام قوشۇپ ئارىلاشتۇرۇپ، 3 ~ 7 كۈنگىچە مۇۋاپىق مىقداردا ئىچسە، قان تۈكۈرۈشنى توختىتىدۇ.

4. ئەرەب يېلىمىدىن 10 گىرام، كەتىرا، تاباشىردىن سەككىز گىرامدىن ئېلىپ، قائىدە بويىچە يۇمشاق سوقۇپ، سۇفۇپ تەييارلاپ ئىچىپ بەرسە، ئىچ سۈرۈشنى توختىتىدۇ. جاراھەتلەرگە سەپسە، جاراھەتلەرنىڭ قېنىنى توختىتىدۇ.

5. ئەرەب يېلىمىنى ئۆچكە سۈتىدە قايىنىتىپ، تۇخۇم ئېقى بىلەن قوشۇپ كۆيۈككە چاپسا، ئاغرىق پەسەيتىدۇ.

**[ئىشلىتىش مىقدارى]** 4 ~ 8 گىرامغىچە.

**[زىيانلىق تەسىرى]** قەۋزىيەت پەيدا قىلىدۇ. ئۈچەيگە قۇرۇقلۇق يەتكۈزۈپ توسالغۇ پەيدا قىلىدۇ.

**[تۈزەتكۈچىسى]** ئەرقى گۈل، سەندەل.

**[ئورۇنباسارى]** كەتىرا، تاباشىر، ھەببۇلئاس.

**[ۋەكىل خاراكتېرلىك پىششىق دورا ياسالمىسى]** قۇرسى كەھرىۋا، ھەببى مەستىكى، سۇفۇپى سەرتان.

## كەتىرا

## 开提拉

(西黄蓍胶 xi huang shi jiao)

**[باشقا ئاتىلىشى]** سەمغى پەتىدە، سەمغى قىتاد، كەتىرا، كەتىرانگوندى

**[لاتىنچە نامى]** Gummin Astragalus altaicus

**[ئىنگلىزچە نامى]** Astragalus Gum

**[تونۇش]** بۇ، پۇرچاق ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق سامان غوللۇق، كەتىراغا ئۇرۇقداش ئۆسۈملۈك بولۇپ، ئېگىزلىكى 50 ~ 80 سانتىمېتىرغىچە كېلىدۇ؛ ئوق يىلتىزى ئۇزۇن، شەكلى تۈۋرۈكسىمان بولىدۇ. غولى تىك، سىرتى شالاڭ، ئاق تۈكلەر بىلەن قاپلانغان؛ يوپۇرمىقى نۆۋەتلىشىپ ئۆسكەن، تاق سانلىق پەيسىمان مۇرەككەپ يوپۇرماق، ئۇششاق يوپۇرماقلىرى كىچىكرەك، سانى 17 ~ 29 غا قەدەر بولۇپ، تۇخۇمسىمان شەكىلدە، تولۇق گىرۋەكلىك كېلىدۇ، قوشۇمچە يوپۇرمىقى ئۈچ بۇرجەك شەكىلدە



كەترا

بولىدۇ؛ ئومۇمىي گۈل رېتى ئۈچىدا ياكى قولتۇقىدا ئۆسىدۇ. گۈل رېتى قىسقا، گۈللىرى زىچ، كېپىنەكسىمان، رەڭگى سۈس سېرىق، ئومۇمىي گۈل سېپى ناھايىتى ئۇزۇن بولىدۇ. گۈل كاسىسى قوڭغۇراققا ئوخشايدۇ، قارا تۈكلىرى بولىدۇ. قاسىراقلىق مېۋىسى كۆيۈپ چوڭىيىپ پۇۋەككە ئوخشايدۇ، ئۇرۇقى ئۇششاق بۆرەكسىمان، رەڭگى قارا بولىدۇ. بۇ ئۆسۈملۈكنىڭ يېلىمى «كەترا» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ. (31.24 ـ رەسىم)

[**چىقىش ئورنى**] سوۋېت ئىتتىپاقى، ئالبانىيە، ئىران، تۈركىيە، ئىراق، گىرېتسىيە، سۇرىيە قاتارلىق ئەللەردىن چىقىدۇ.

[**يىغىپ ساقلاش**] 2 ~ 3 يىللىق دەرەخنىڭ غولى ياكى يىلتىزىنى تىلىپ قويسا، سىزىپ چىققان يېلىمنى بىر ھەپتىدىن كېيىن يىغىۋېلىپ قۇرۇتۇپ ساقلىنىدۇ.

[**خىمىيەلىك تەركىبى**] كەترانىڭ سۇدا ئېرىيدىغان قىسمى تىراگاكانتىن (Tragacanthin) بولۇپ، بۇ سۇدا پارچىلىنىپ، ئەرەب قەنتى، ئارابىنوزا (Arabinose)، گالاكتوزا (Galactose) ۋە گىدىك كىسلاتا (Geddic acid) لارنى ھاسىل قىلىدۇ.

[**لايىقلاشتۇرۇلۇشى**] يۇيۇپ داغلاش ئارقىلىق لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

[**تەبىئىتى**] بىرىنچى دەرىجىدە قۇرۇق سوغۇق.

[**خۇسۇسىيىتى**] ئۆپكە، كانايىنى قۇۋۋەتلەش، بەلغەم بوشىتىش، يۆتەل توختىتىش، يۇمشىتىش، ئاغرىق پەسەيتىش، قان توختىتىش، قاننى قويۇلدۇرۇش، نەپەس يوللىرىنى سىلىقلاشتۇرۇش، جاراھەت پۈتتۈرۈش خۇسۇسىيەتلىرى بار.

[**ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر**] قان تۈكۈرۈش، يۆتەل ۋە گال يىرىڭ بولۇش، ئۆپكە يارىسى، ئاۋاز پۈتۈپ قېلىش، ئۈچەي يارىسى، سۈيدۈك يولى يارىسى، ئۆپكە ياللۇغى، قۇرۇق يۆتەل، بۆرەك جاراھىتى، بالىياتقۇ جاراھىتى، سۈيدۈك كۆيۈشۈپ كېلىش، ئۆپكە يىرىڭلىق جاراھىتى قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[**ئىشلىتىش ئۇسۇلى**]

1. بېھى ئۇرۇقىدىن 10 گىرام، كەترادىن ئۈچ گىرام ئېلىپ ئارىلاشتۇرۇپ ئىستېمال قىلسا، قۇرۇق يۆتەلگە مەنپەئەت قىلىدۇ.

2. كەترادىن 10 گىرام، ئېشەك سۈتىدىن 100 مىللىلىتىر ئېلىپ ئارىلاشتۇرۇپ ئىستېمال قىلسا، ئۆپكە سىلىغا مەنپەئەتلىك.

3. كەترادىن 10 گىرام، ھەسەل سۈيىدىن 100 مىللىلىتىر ئېلىپ ئارىلاشتۇرۇپ ئىچسە، ئىچكى ئەزا جاراھىتى ۋە قەۋزىيەتكە مەنپەئەت قىلىدۇ.

4. كەترادىن بەش گىرام ئېلىپ، بىرئاز بۇغا مۈڭگۈزى سۈيى بىلەن قوشۇپ چېلىپ، يېرىم گىرام زەمچىنى ئېزىپ، مەزكۇر سۇغا قوشۇپ ئىچسە، بۆرەك ئاغرىقى ۋە دوۋساق كۆيۈشۈپ ئاغرىشنى دەرھال توختىتىدۇ.

www.uyghurkitap.com

5. كەتىرادىن مۇۋاپىق مىقداردا ئېلىپ، بادام مېغىزى، نىشاستە ۋە شېكەر قوشۇپ ئىچسە، بەدەننى سەمرىتىدۇ، ئارقىدىن نارجىل بىلەن قايىنىتىلغان سۈت ئىچسە، تېخىمۇ ياخشى مەنپەئەت قىلىدۇ.

6. كەتىرادىن 10 گىرام، خۇنسىياۋشاندىن تۆت گىرام، كەتىرادىن بەش گىرام، ئاقاقىيا، ئەنجبار-دىن يەتتە گىرامدىن ئېلىپ، قائىدە بويىچە سوقۇپ تالقانلاپ ئىچسە ياكى سىرتىدىن چاپسا، ئىچكى-تاشقى ئەزالاردىكى قاناشنى توختىتىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] 3 ~ 7 گىرامغىچە.

[زىيانلىق تەسىرى] ئاشقازانغا، تۆۋەنكى مۇچىگە زىيان قىلىدۇ، قان تولغاقتا زىيانلىق. شەربەت، لوئوق تەييارلىغاندا تۆۋەنرەك تېمپېراتۇرىدا، ئاخىرىدا سالىمىز (ئارىلاشتۇرىمىز).

[تۈزەتكۈچىسى] رۇمبەدىيان، قاپاق ئۇرۇقى.

[ئورۇنباسارى] سەمغى ئەرەبى.

[ۋەكىل خاراكتېرلىك پىششىق دورا ياسالمىسى] لوئوقى سەرپىستان، كوھلى كەتىرا، لوئوقى بادام.

## ئېشەك سۈتى
## 依射克苏提
(驴乳 lu ru)

[باشقا ئاتىلىشى] لەبەن ئەتان، شىرەدەر، شىر ئۇلاغ، گەدىكى دۇد

[لاتىنچە نامى] Asini milk

[ئىنگلىزچە نامى] ass milk



ئېشەك سۈتى

[تونۇش] بۇ، ئات ئائىلىسىدىكى ھايۋان ئېشەكنىڭ سۈتىدىن ئىبارەت. ئېشەك ئادەتتىكى ئېشەك ۋە ياۋا ئېشەك دەپ ئىككىگە بۆلۈنىدۇ. ئېشەكنىڭ تېنى ئاتنىڭكىدىن كىچىك بولۇپ، رەڭگى ھەر خىل، دورىغا ئېشەكنىڭ سۈتى ۋە تېرىسىدىن ئىشلەنگەن يېلىمى ئىشلىتىلىدۇ. ئېشەك سۈتىنى چىشى ئېشەك تەخەيلىگەندىن كېيىن سېغىپ چىقىرىلىدۇ. ئادەتتە قارا ئېشەكنىڭ سۈتى ياخشىراق ھېسابلىنىدۇ. (25.31 - رەسىم)

[چىقىش ئورنى] رايونىمىزدا كۆپ چىقىدۇ. دېھقانلار بېقىپ دېھقانچىلىققا ۋە مىنىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ. سۈتىنى يېڭى ھالەتتە ئىشلەتسە ياخشى.

[يىغىپ ساقلاش] بۇ ھايۋاننىڭ سۈتى سوغۇق، سالقىن جايدا ساقلىنىدۇ.

[خىمىيەلىك تەركىبى] ھەر 100 مىللىلىتىر سۈتتە سۇ 90.12%، كاسىن ئاقسىلى (Casen) 0.79%، ئالبۇمىن (albumin) 1.06%، ماي 1.37%، لاكتوزا (lactose) 6.19% نى ئىگىلەيدۇ.

[فارماكولوگىيەلىك تەسىرى] قىزىتما پەسەيتىش، زەھەر قايتۇرۇش، سىلغا قارشى تۇرۇش، ئۇسسۇزلۇق-نى پەسەيتىش تەسىرىگە ئىگە.

[لايىقلاشتۇرۇلۇشى] پاكىز ساپلاشتۇرۇلىدۇ.

[**تەبىئىتى**] ئۈچىنچى دەرىجىدە ھۆل، ئىككىنچى دەرىجىدە سوغۇق.

[**خۇسۇسىيتى**] ياللۇغ قايتۇرۇش، ھۆللۈك يەتكۈزۈش، ھارارەت پەسەيتىش، زەھەر قايتۇرۇش، ئۆپكىنى تازىلاپ يۆتەل پەسەيتىش، ئۆپكە جاراھەتلىرىنى پۈتتۈرۈش، قان توختىتىش، تېرىنى جۇلالاندۇرۇش، قان تومۇردىكى توسالغۇلارنى ئېچىش، سۈيدۈك ھەيدەش خۇسۇسىيتى بار.

[**ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر**] قۇرۇق ئىسسىق ئېشىپ كېتىشتىن بولغان، نورمالسىز سەپرا خىلىتىدىن كېلىپچىققان كېسەللىكلەر، قىزىتما، خوراتقۇچى كېزىك، بىرىكتۈرگۈچى پەردە ياللۇغى، چىش مىلىكى ياللۇغى، ئىسسىقتىن بولغان يۆتەل، ئۆپكە سىلى ۋە باشقا سىل كېسەللىكلىرى، ئۆپكە جاراھەتلىرى، قان تۈكۈرۈش، ئۈچەي يوللىرى يارىسى، سۈيدۈك يوللىرى جاراھەتلىرى، سىيگەندە ئاغرىش قاتارلىق كېسەللىكلەرگە ئىشلىتىلىدۇ.

[**ئىشلىتىش ئۇسۇلى**]

1. ئۆپكە سىل كېسىلى ۋە باشقا سىللارغا، قان تۈكۈرۈش، جۇدەش كېسەللىكلىرىگە ئېشەك سۈتىگە مۇۋاپىق مىقداردا كەھرىۋا، كەتىرا، ئەنجبار، ئەرەب يېلىمىنى سوقۇپ ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ. قەدىمكى ئەسەرلەردە يېزىلىشىچە، ئېشەك سۈتىنى قىزىتىشتا بىر نەچچە دانە تاشنى ئوتتا قىزىتىپ قاچىغا سېلىپ، ئۈستىدىن سۈتنى قۇيۇپ ئىستېمال قىلىشنى تەۋسىيە قىلغان.

2. مېڭىگە قۇرۇقلۇق يېتىشتىن بولغان ئۇيقۇسىزلىقلارغا ئېشەك سۈتىگە ئازراق شېكەر قوشۇپ قايىنىتىپ بېرىلىدۇ.

3. ئۆسمە كېسەللىكلىرىگە قوشۇپ بېرىلىدۇ.

4. دورىلاردىن زەھەرلەنگەندە چۈچۈكبۇيا يىلتىزىنى قوشۇپ قايىنىتىپ ئىچكۈزۈلىدۇ.

5. ئىسسىقتىن بولغان كۆز كېسەللىكلىرىگە تۇخۇم ئېقى بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ كۆزگە تېمىتىلىدۇ.

6. سىرتقى ئىششىقلارغا زەپەر بىلەن مەلھەم تەييارلاپ تېڭىلىدۇ.

[**ئىشلىتىش مىقدارى**] 200～500 مىللىلىتىرغىچە.

[**زىيانلىق تەسىرى**] كۆپ ئىشلەتسە ئۈچەيگە زىيان قىلىدۇ.

[**تۈزەتكۈچىسى**] كەتىرا.

[**ئورۇنباسارى**] ئادەم سۈتى، ئۆچكە سۈتى.

[**ۋەكىل خاراكتېرلىك ياسالمىسى**] ئېشەك سۈتى قايىنىتىلمىسى.

[**دىققەت قىلىدىغان ئىشلار**] ئېشەك سۈتىنى بىۋاستە قايناتماي ئۇششاق تاشلارنى ئوتتا قىزدۇرۇپ، ئاندىن سۈتكە سېلىپ تاشقىنلىق ماھارىتىدە سۈتنى قايىنىتىپ ئىستېمال قىلىشقا بېرىلىدۇ.

## ئۈجمە يىلتىزى
## 欧吉买依力提孜破斯提
## (桑白皮 sang bai pi)

[**باشقا ئاتىلىشى**] پوستى بىخ تۈت

[**لاتىنچە نامى**] Radix Cortex Morus Alba

[**ئىنگلىزچە نامى**] White Mulberry Root—brak

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ئۈجمە دەرىخى

[**تونۇش**] بۇ، ئۈجمە ئائىلىسىدىكى ئۆسۈملۈك ئۈجمەنىڭ يىلتىزىنىڭ پوستىدىن ئىبارەت. (31 . 26 ـ رەسىم)

[**چىقىش ئورنى**] مەملىكىتىمىزنىڭ ھەممە يېرىدىن چىقىدۇ.

[**يىغىپ ساقلاش**] بۇ ئۆسۈملۈكنىڭ دورىلىق قىسمىنى كۈز پەسلىدە يىغىپ، توغراپ قۇرۇتۇپ، قۇرغاق ئورۇندا ساقلىنىدۇ.

[**خىمىيىلىك تەركىبى**] تەركىبىدە ئۈجمە ماددىسى (mulbermin)، ئۈجمە يىلتىز ماددىسى (morusin) بار.

[**فارماكولوگىيىلىك تەسىرى**] سۈيدۈك ھەيدەش تەسىرى، قان بېسىمىنى چۈشۈرۈش، ئۈچەينىڭ ھەرىكىتىنى تېزلىتىش، ئىچ سۈرۈش، بالىياتقۇ مۇسكۇلىنى قىسقارتىش، ئاغرىق پەسەيتىش تەسىرىگە ئىگە.

[**لايىقلاشتۇرۇلۇشى**] ساپلاشتۇرۇلىدۇ.

[**تەبىئىتى**] بىرىنچى دەرىجىدە ھۆل ئىسسىق.

[**خۇسۇسىيىتى**] ئۆپكە ۋە كانايىنى قۇۋۋەتلەش، ئاغرىق پەسەيتىش، جىگەر ۋە يۈرەكنى قۇۋۋەتلەش، قان تازىلاش خۇسۇسىيىتى بار.

[**ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر**] نەپەس سىقىلىش، سۆلۈق ئىششىق، پۇت ـ قول ئىسسىماسلىق، سۈيدۈك تۇتۇلۇش، ئۇيقۇسىزلىق قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[**ئىشلىتىش ئۇسۇلى**]

1. ئۈجمە يىلتىز پوستى، كاسنە ئۇرۇقى، بەدىيان، ئىزخىر، كاسنە يىلتىزى، بەدىيان يىلتىزى پوستىنىڭ ھەربىرىدىن 10 گىرام ئېلىپ، دورىلاردىن قائىدە بويىچە شەربەت تەييارلاپ ئىچىپ بەرسە، جىگەرنىڭ توسالغۇلىرىنى ئاچىدۇ، ئۆپكە ۋە كانايىنى راۋانلاشتۇرىدۇ. ئۇسسۇزلۇق پەسەيتىدۇ.

2. ئاق ئۈجمە، ئۈجمە يىلتىزى پوستى 10 گىرامدىن، تەرەنجىبىندىن 30 گىرام، ئالما سۈيىدىن 100 گىرام ئېلىپ، قائىدە بويىچە شەربەت تەييارلاپ ئىستېمال قىلسا، نەپەسنى راۋانلاشتۇرۇپ، ئىششىق ياندۇرىدۇ؛ ئومۇمىي بەدەننى قۇۋۋەتلەيدۇ.

[**ئىشلىتىش مىقدارى**] 9~15 گىرامغىچە.

[**زىيانلىق تەسىرى**] باش قېيىش پەيدا قىلىدۇ.

[**تۈزەتكۈچىسى**] ھەسەل.

[**ئورۇنباسارى**] ئاق ئۈجمە يوپۇرمىقى.

[**ۋەكىل خاراكتېرلىك پىششىق دورا ياسالمىسى**] ئۈجمە يىلتىزى پوستى قاينىتىلمىسى.

# شىقىلداق يىلتىزى

## 西克力达克依力提孜

(沙参 sha shen)

[لاتىنچە نامى] Radix Adenophora lilifolia

[ئىنگلىزچە نامى] Upright Ladybell Root

[تونۇش] بۇ، قوڭغۇراقگۈل ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك شىقىلداقنىڭ يىلتىزىدىن ئىبارەت. (27.31 ـ رەسىم)

[چىقىش ئورنى] ئوتلاق ۋە ئورمانلارنىڭ ئارىسىدا ئۆسىدۇ، گۇاڭدۇڭ، شىئەن ۋە شىنجاڭنىڭ ئالتاي، تارباغاتاي قاتارلىق جايلىرىدىن چىقىدۇ.

[يىغىپ ساقلاش] بۇ ئۆسۈملۈكنىڭ ئۈرۈقى پىشقاندا يىلتىزىنى كولاپ ئېلىپ، يۇيۇپ قۇرۇتۇپ ساقلىنىدۇ.

[خىمىيەلىك تەركىبى] ئۇنىڭدىن باشقا، كىراخمال، پولىساخارىد، مىكرو ئېلېمېنتلاردىن كالتسىي، ئاليۇمىن قاتارلىقلارنى تۇتىدۇ.

[فارماكولوگىيەلىك تەسىرى]

1. قايىنتىلمىسى ھۈجەيرە ئىممۇنىتېتى ۋە ئالاھىدە بولمىغان ئىممۇنىتېت ئىقتىدارىنى كۈچەيتىش، ئىممۇنىتېتلىق تەڭشەش تەسىرىگە ئىگە. لىمفا ھۈجەيرىسىنىڭ ئالمىشىشىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ.

2. 1% لىك چىلانمىسى تەندىن ئايرىلغان پاقا يۈرىكىنى روشەن كۈچەيتىش رولىغا ئىگە.

3. قايىنتىلمىسى ئۆي توشقىنىغا نىسبەتەن بەلگىلىك بەلغەم بوشىتىش تەسىرىگە ئىگە. بەلغەم بوشىتىش تەسىرى تۆت سائەتكىچە داۋاملىشىدۇ.

4. سۇدىكى چىلانمىسىنىڭ تېرە زەمبۇرۇغلىرىغا قارشى تۇرۇش تەسىرى بار.

[لايىقلاشتۇرۇلۇشى] پوستىنى ئاجرىتىپ يۇيۇپ قۇرۇتۇپ لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

[تەبىئىتى] بىرىنچى دەرىجىدە ھۆل ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى] ئۆپكە ۋە ئاشقازاننى قۇۋۋەتلەش، قىزىتمىنى پەسەيتىش، بەلغەم بوشىتىش، قان تازىلاش، ياللۇغ قايتۇرۇش خۇسۇسىيىتى بار.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر] ئۆپكە سىلى، ياشانغانلاردىكى زىققە، كونا يۆتەل، قۇرۇق يۆتەل، ئېغىز ۋە بۇرۇن قۇرۇش، كۆپ ئۇسساش، تېرە قىچىشىش قاتارلىق كېسەللىكلەرگە ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى] شىقىلداق يىلتىزى، زۇپا، پىرسىياۋشاننىڭ ھەربىرىدىن 10 گىرام، چىلاندىن 30 گىرام ئېلىپ، قائىدە بويىچە دەملەپ ئىچىپ بەرسە، قىزىتما قايتۇرۇپ، يۆتەل پەسەيتىدۇ، بەلغەم بوشىتىدۇ، ياللۇغ قايتۇرىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] 10～15 گىرامغىچە قايىنتىپ ئىچىشكە بولىدۇ. ھۆل يىلتىزىدىن 30～15 گىرامغىچە ئىچىشكە بولىدۇ.

[زىيانلىق تەسىرى] تالغا زىيان قىلىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] كاسىنە.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

[ئورۇنباسارى] زۇپا.
[ۋەكىل خاراكتېرلىك پىششىق دورا ياسالمىسى] شىقىلداق يىلتىزى دەملىمىسى.

## قارلىغاچ چاڭگىسى
## 卡力哈恰恰给斯
## (燕窝 yan wo)

[باشقا ئاتىلىشى] قارلىغاچ ئۇۋىسى
[لاتىنچە نامى] Nidus Collocaliae esculentae
[ئىنگلىزچە نامى] Edible Bird Nest
[تونۇش] بۇ، يامغۇر قارلىغىچى ئائىلىسىدىكى قۇش قارلىغاچنىڭ چاڭگىسىدىن ئىبارەت، رەڭگى سارغۇچراق بولىدۇ. (28.31 ـ رەسىم)
[چىقىش ئورنى] شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى ۋە ئىچكى ئۆلكىلەردىكى دېڭىز بويى رايونلىرىدىن چىقىدۇ.
[يىغىپ ساقلاش] بۇ قارلىغاچ چاڭگىسىنى ئايرىپ ئاۋايلاپ ئېلىپ، سوغۇق جايدا ساقلىنىدۇ.
[خىمىيەلىك تەركىبى] گىلۇكوزا، كالتسىي، فوسفور، كالىي، گۆڭگۈرت قاتارلىق مىكرو ئېلېمېنتلارنى تۇتىدۇ.
[فارماكولوگىيەلىك تەسىرى] ۋىرۇسنى تورمۇزلاش، ياللۇغلىنىشقا قارشى تۇرۇش، قۇۋۋەتلەش تەسىرى بار.
[لايىقلاشتۇرۇلۇشى] پاكىز تازىلاپ، ئېلىپ ساپلاشتۇرۇلىدۇ.
[تەبىئىتى] بىرىنچى دەرىجىدە ھۆل ئىسسىق.
[خۇسۇسىيىتى] ئۆپكە، ئاشقازان ۋە بۆرەكنى قۇۋۋەتلەش، ئۆپكىنى تازىلاش، نېرۋىنى قۇۋۋەتلەش، يۆتەل پەسەيتىش خۇسۇسىيىتى بار.
[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر] ئومۇمىي بەدەن ئاجىزلىقى، ئۆپكە تۇبېركۇليوزى، قان تۈكۈرۈش، ئاشقازان ئاجىزلىق، جىنسىي ئاجىزلىق، كۆڭۈل ئېلىشىش ۋە قۇسۇش قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.
[ئىشلىتىش ئۇسۇلى] زۇپا، قارلىغاچ چاڭگىسى، خەشخاش پوستىنىڭ ھەربىرىدىن 10 گىرام، چىلاندىن 30 گىرام، مېھرىگىياھ، سەرپىستان، سىيادان، كۈنجۈتنىڭ ھەربىرىدىن 10 گىرام ئېلىپ، قائىدە بويىچە شەربەت تەييارلاپ ئىستېمال قىلىپ بەرسە، بەدەن ئاجىزلىقى، سىل، جىنسىي ئاجىزلىق، نېرۋا ئاجىزلىق قاتارلىقلارغا مەنپەئەت قىلىدۇ. ئۆپكىنى قۇۋۋەتلەپ، نەپەسنى راۋانلاشتۇرىدۇ، يۆتەل پەسەيتىدۇ.
[ئىشلىتىش مىقدارى] 3~10 گىرامغىچە.
[زىيانلىق تەسىرى] پەي ۋە مۇسكۇللارنى ئاغرىتىدۇ.
[تۈزەتكۈچىسى] بوزۇغا، ئېگىر.
[ئورۇنباسارى] زۇپا ھىندى، مېھرىگىياھ.
[ۋەكىل خاراكتېرلىك پىششىق دورا ياسالمىسى] قارلىغاچ چاڭگىسى دەملىمىسى.

# چامغۇر گۈلى
## 查木古尔古丽
（芜菁花 wu jing hua）

**[باشقا ئاتىلىشى]** گۈلى شەلغەم، زۆھرە تۇششەلجەم.

**[تونۇش]** بۇ، كىرېست گۈللۈكلەر ئائىلىسىدىكى ئىككى يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك چامغۇرنىڭ گۈلى بولۇپ، رەڭگى سېرىق، كىرېست شەكىللىك، بىرئاز پۇراقلىق، تەمى يېسىمۇيلەك تەملىك، بۇ «چامغۇر گۈلى» نامىدا دورىلىققا ئىشلىتىلىدۇ. (29.31 ـ رەسىم)



چامغۇر گۈلى

**[چىقىش ئورنى]** شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن چىقىدۇ.

**[يىغىپ ساقلاش]** 4 ـ، 5 ـ ئايلاردا گۈل ئېچىلغاندا گۈلىنى يىغىۋېلىپ ئىشلىتىلىدۇ ياكى قۇرۇتۇپ سالقىن جايدا ساقلىنىدۇ.

**[لايىقلاشتۇرۇلۇشى]** پاكىز قۇرۇتۇپ ساپلاشتۇرۇلىدۇ.

**[تەبىئىتى]** ئىككىنچى دەرىجىدە ھۆل ئىسسىق.

**[خۇسۇسىيىتى]** ئۆپكىنى قۇۋۋەتلەش، يۆتەل توختىتىش، كۆكرەك، قورساقنى بوشىتىش، بەلغەم بوشىتىش، كۆرۈش قۇۋۋىتىنى ئاشۇرۇش، بۆرەكنى قۇۋۋەتلەش، ئىشتىھانى ئېچىش، سۈيدۈك ھەيدەش، بەدەننى قۇۋۋەتلەش قاتارلىق خۇسۇسىيىتى بار.

**[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر]** ئۆپكە سىلى، يۆتەل، كۆكرەك، قورساق ئېسىلىش، كۆرۈش قۇۋۋىتى ئاجىزلىقى، بۆرەك ئاجىزلىقى، ئىشتىھاسىزلىق، سۈيدۈك تۇتۇلۇش، بەدەن ئاجىزلىقى قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

**[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]**

1. چامغۇر چېچىكىدىن گۈلقەنت تەييارلاپ بېرىلسە، ئۆپكىنى قۇۋۋەتلەپ، بەلغەم بوشىتىدۇ، كۆرۈش كۈچىنى ئاشۇرىدۇ، يۆتەل توختىتىدۇ، ئىشتىھانى ئاچىدۇ، كۆزنى روشەن قىلىدۇ.

2. چامغۇر چېچىكى، جىگدە چېچىكى، يانتاق چېچىكى ھەربىرىدىن 10 گىرام ئېلىپ، مۇۋاپىق مىقداردا چاي ئورنىدا ئېچىپ بەرسە، بەدەن ئاجىزلىقى ۋە بۆرەك ئاجىزلىقى قاتارلىقلارغا مەنپەئەت قىلىدۇ.

**[ئىشلىتىش مىقدارى]** 5 ～ 7 گىرامغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

**[زىيانلىق تەسىرى]** تەستە ھەزىم بولىدۇ.

**[تۈزەتكۈچىسى]** ھۆل زەنجىۋىل.

**[ئورۇنباسارى]** گاۋزىبان.

**[ۋەكىل خاراكتېرلىك پىششىق دورا ياسالمىسى]** چامغۇر چېچىكى گۈلقەنتى.

www.uyghurkitap.com

# نەشپۇت
## 乃西葡提
## (梨 li)

[باشقا ئاتىلىشى] ناشپاتى



نەشپۇت

[تونۇش] بۇ، ئەترگۇل ئائىلىسىدىكى ھەممىگە تونۇشلۇق بولغان دەرەخنىڭ مېۋىسى بولۇپ، دەرىخى ئالمىنىڭ دەرىخىدىن چوڭراق، يوپۇرمىقى شاپتۇلنىڭ يوپۇرمىقىغا ئوخشايدۇ، لېكىن ئۇنىڭدىن كەڭرەك ياكى چوڭراق، گۈلى ئالمىنىڭ گۈلىدەك، ئەمما رەڭگى ئاق، بۇ بىرقانچە خىل بولىدۇ، ھەربىر خىلى تاتلىق، ئاچچىق، چوڭ ـ چوڭ ياكى قىرىق بولىدۇ. (31 ـ 30 رەسىم)

[چىقىش ئورنى] شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى، ئوتتۇرا ئاسىيا رايونلىرىدىن چىقىدۇ.

[يىغىپ ساقلاش] 8 ـ، 10 ـ ئايلاردا مېۋىسى پىشقاندا يىغىۋېلىپ، سوغۇق، سالقىن جايدا ساقلىنىدۇ.

[خىمىيەلىك تەركىبى] قەنتلەر، ئالما كىسلاتاسى، لىمون كىسلاتاسى، ۋىتامىن $B_1$، $B_2$، C، PP قاتارلىقلار، كاروتىن ۋە مىنېرال ماددىلار بار.

[فارماكولوگىيەلىك تەسىرى] ئۆپكىنى نەمدەش، يۆتەل توختىتىش، بەلغەم بوشىتىش تەسىرى بار.

[لايىقلاشتۇرۇلۇشى] يۇيۇپ پوستىنى ئاقلاپ، قۇرۇتۇپ لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە ھۆل سوغۇق.

[خۇسۇسىيىتى] ئۆپكە، كاناينى قۇۋۋەتلەش، مېڭىگە ھۆللۈك يەتكۈزۈش، كۆڭۈلنى خوش قىلىش، ئۆپكىنى تازىلاپ، يۆتەل پەسەيتىش، چوڭ تەرەتنى يۇمشىتىش، تېرىگە جۇلا بېرىش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر] ئۆپكە، كاناي ئاجىزلىقى، زۇكام، قۇرۇق يۆتەل، ئۇسسۇزلۇق، قەۋزىيەت، كۆزدىكى ئىششىق، ھەر خىل جاراھەتلەر، كۆڭۈل ئېلىشىش قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. ئالما، نەشپۇت، ئەينۇلا قاتارلىقلاردىن مۇۋاپىق مىقداردا ئېلىپ، سۈيىنى چىقىرىپ بىر كۈندە ئۈچ ۋاق 10 مىللىلىتىردىن ئىچىپ بەرسە، ئۇسسۇزلۇقنى پەسەيتىدۇ، يۈرەكنى ياشارتىدۇ، كۆڭۈلنى ئاچىدۇ.

2. ئىككى دانە نەشپۇتنى ئېلىپ ئۇرۇقىنى ئېلىۋېتىپ، ئىچىگە ئاز مىقداردا ناۋات سېلىپ، دەملەپ پىشۇرۇپ يېسە، ئۆپكىنى تازىلاپ يۆتەل پەسەيتىدۇ.

3. نەشپۇتنى سىقىپ سۈيىنى كۈندە بىر قېتىم ئىچىپ بەرسە، زۇكامدىن ياكى باشقا سەۋەبلەر كەلتۈرۈپ چىقارغان يۆتەل ۋە ئاۋاز پۈتۈپ قېلىشنى داۋالايدۇ.

[**ئىشلىتىش مىقدارى**] 1 ~ 3 دانىغىچە ئىستېمال قىلىنسا بولىدۇ.
[**زىيانلىق تەسىرى**] سوغۇق مىزاجلىقلارغا، ئاشقازىنى ئاجىزلارغا زىيان قىلىدۇ.
[**تۈزەتكۈچىسى**] زەنجىۋىل، ئارپىبەدىيان.
[**ئورۇنباسارى**] بېھى، ئالما، ئامۇت.
[**ۋەكىل خاراكتېرلىك پىششىق دورا ياسالمىسى**] شەربىتى پەۋاكىچ.

## ئۆچكە سۈتى

## 欧其开苏提

(山羊乳 chan yang ru)

[**باشقا ئاتىلىشى**] لەبۇ نۇل ئىز، بەكرى كى دۇد

[**تونۇش**] بۇ ھەممە كىشىلەرگە تونۇشلۇق بولغان ھايۋان ئۆچكىنىڭ ناھايىتى تەملىك سۈتىدۇر. (31.31 ـ رەسىم)



ئۆچكە

[**چىقىش ئورنى**] شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن ھەم ئىچكى موڭغۇل، شىنجاڭ، خېبېي، شەنشى، سەنشى، خۇبېي، جېجياڭ، گۇاڭدۇڭ، گۇاڭشى قاتارلىق جايلاردىن چىقىدۇ.

[**يىغىپ ساقلاش**] ئۆچكىنىڭ سۈتىنى سېغىۋېلىپ، سوغۇق، سالقىن جايدا ساقلىنىدۇ.

[**خىمىيەلىك تەركىبى**] ماي، ئاقسىل كىسلاتاسى ۋە ھەر خىل ۋىتامىنلار، كالتسىي، فوسفور، تۆمۈر قاتارلىقلار بار.

[**فارماكولوگىيەلىك تەسىرى**] بەدەننى قۇۋۋەتلەش، تۇبېركۇليوز كېسىلىنىڭ ئالدىنى ئېلىش تەسىرى بار.

[**لايىقلاشتۇرۇلۇشى**] سېغىپ پاكىز ساپلاشتۇرۇلىدۇ.

[**تەبىئىتى**] بىرىنچى دەرىجىدە ھۆل ئىسسىق.

[**خۇسۇسىيىتى**] ئۆپكە ـ كانايىنى قۇۋۋەتلەش، ماددىلارنى ساپلاشتۇرۇش، تېرىنى جۇلالىق قىلىش، يۆتەلنى پەسەيتىش، چوڭ ـ كىچىك تەرەتنى راۋانلاشتۇرۇش، ياللۇغ قايتۇرۇش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە.

[**ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر**] چىش مىلىكى قاناش، يۆتەل، ئۆپكە سىلى، ئۆپكە يارىسى، گال غىدىقلىنىش، دوۋساق زەخمىسى، بوغما، گال ۋە ئېغىز كېسەللىكلىرى، سۈيدۈك تۇتۇلۇش، قەۋزىيەت قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[**ئىشلىتىش ئۇسۇلى**]

1. ئۆچكە سۈتىنى تۇخۇم سېرىقى بىلەن قايناتىپ شېكەر سېلىپ ئىستېمال قىلىپ بەرسە، ئۆپكە سىلىگە مەنپەئەت قىلىدۇ.

2. ئۆچكە سۈتىنى موزا تالقىنى بىلەن قايناتىپ ئېغىزنى غار ـ غار قىلىپ بەرسە، گال ۋە ئېغىز

www.uyghurkitap.com

كېسەللىكلەرگە مەنپەئەت قىلىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] ئەھۋالغا قاراپ 60 ~ 100 مىللىلىتىرغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

[زىيانلىق تەسىرى] سوغۇق مىزاج كىشىلەرنىڭ ئاشقازىنىدا ئېسىلىش پەيدا قىلىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] ھەسەل، بەدىيان.

[ئورۇنباسارى] كالا سۈتى.

[ۋەكىل خاراكتېرلىك پىششىق دورا ياسالمىسى] مەتبۇخى مائۇلجەبىن.

# ئوتتۇز ئىككىنچى باب  ئاشقازان، ئۈچەي كېسەللىكلىرىگە ئىشلىتىلىدىغان دورىلار

ئاشقازان، ئۈچەي كېسەللىكلىرىنى داۋالاش تەسىرى ئاساسلىق ئورۇندا تۇرىدىغان دورىلار ئومۇملاشتۇرۇلۇپ، ئاشقازان، ئۈچەي كېسەللىكلىرىگە ئىشلىتىلىدىغان دورىلار دېيىلىدۇ.

بۇ خىل دورىلارنىڭ كۆپىنچىلىرىنىڭ تەبىئىتى قۇرۇق ئىسسىق بولۇپ، ئاشقازان، ئۈچەي ۋە ئومۇمي بەدەننى قۇۋۋەتلەش، بەدەننى قىزىتىش، ھەزىم قىلىشنى ياخشىلاش تەسىرىنى بېرىدۇ. بۇ خىلدىكى دورىلار ئاساسلىقى زىرە، ئامىلە، خولىنجان، پىلپىل، زەنجىۋىل، قوۋزاقدارچىن، يۇمىلاق قاقىلە، سازەج ھىندى، پىننە، توخۇ تاشلىقى پوستى، جۇۋىنە، قەلەمپۇر، مەستىكى رۇمى، ئاقمۇچ، ئارپىبەديان يىلتىزى، ئارپا پوستى ئۇندۇرمىسى، پىستىگۈل يىلتىزى، جىغان مېۋىسى، كاۋاۋىچىن، قىزىلچا، ئەپسەنتىن، ھەببى بىلسان، يەرلىك توغرىغۇ، دولانا، پىياز، سۆئتەر، لاچىندانە قاتارلىقلار.

## ئامىلە

## 阿米勒

## (余甘子  yu gan zi)

[باشقا ئاتىلىشى]  ئامىلەج، ئانۇلە، ئانبىلە

[لاتىنچە نامى]  Fructus Phyllanthuse mblica

[ئىنگلىزچە نامى]  Emblic leafflower Fruit

[تونۇش]  بۇ، سۇتلۇكئوتلار ئائىلىسىدىكى غازاڭ تاشلايدىغان چاتقال ئامىلىنىڭ مېۋىسى بولۇپ، بۇ دەرەخنىڭ پىشقان مېۋىسى «ئامىلە» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ. مېۋىسى گۆشلۈك بولۇپ، يۇمىلاق ھەم قېرىق، كېيىن تاتلىق بىلىنىدۇ. پۇراقلىق كېلىدۇ. (32.1 ـ رەسىم)

[چىقىش ئورنى]  ھىندىستان، ئىران، مالايشىيا قاتارلىق ئەللەردىنمۇ چىقىدۇ.

[يىغىپ ساقلاش]  مېۋىسى پىشقاندا يىغىۋېلىپ، ئارىلاشمىلىرىنى چىقىرىۋېتىپ، قۇرغاق جايدا ساقلىنىدۇ.

[خىمىيەلىك تەركىبى]  مېۋىسىنىڭ تەركىبىدە كۆپ مىقداردا ۋىتامىن C بولۇپ، تەخمىنەن % 2 كە يېتىدۇ، يەنە خام مېۋىسىنىڭ تەركىبىدە %35 ~ %30 كىچە، قۇرۇق مېۋىسىدە %14 كىچە تاننىن بار. يەنە ئامىلە كىسلاتاسى



ئامىلە

www.uyghurkitap.com

(Phyllemblic)، ئېمبىلىكول (Embilicol)، كاروتىن (Carotine) قاتارلىقلار بار. مېۋە پوستىنىڭ تەركىبىدە موزا كىسلاتاسى ۋە ئامىلە كىسلاتاسى (Phyllemblic acid) بار. ئۇرۇق تەركىبىدە 26% ماي بار.

[**فارماكولوگىيەلىك تەسىرى**] قۇرۇتۇلغان مېۋىسىگە ئاۋۋال 80% لىك ئىسپىرت ئىشلىتىپ، ئايرىپ ئېلىنغان قىسمىغا يەنە ئىسپىرتتىن قوشۇپ قايتا ئىشلەپ، تۇز كىسلاتاسى بىلەن كىسلاتالاشتۇرۇلغاندىن كېيىن، ناھايىتى ياخشى باكتېرىيەگە قارشى تۇرغۇچى بىر خىل ماددىغا ئېرىشكىلى بولىدۇ. ئۇ ئۇزۇمسىمان شارچە باكتېرىيەسى، كېزىك تاياقچە باكتېرىيەسى، چوڭ ئۈچەي تاياقچە باكتېرىيەسى ۋە تولغاق تاياقچە باكتېرىيەسى قاتارلىقلارنى تورمۇزلاش تەسىرىگە ئىگە. زەمبۇرۇغلارغا ئۈنۈمى يوق. مېۋىسىنىڭ تەركىبىدىكى ماددىلارنى ئىچكەندە، قان تەركىبىدىكى ئومۇمىي ئاقسىلنىڭ مىقدارىدا ئۆزگىرىش بولمايدۇ.

[**لايىقلاشتۇرۇلۇشى**] يۇيۇپ سۈتكە چىلاپ، قۇرۇتۇش ئارقىلىق لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

[**تەبىئىتى**] ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق سوغۇق.

[**خۇسۇسىيىتى**] غەيرىي تەبىئىي سەپرا، سەۋدا ۋە بەلغەم خىلتىنى، قان، سەپرانىڭ ئۆتكۈرلۈكىنى پەسەيتىش، ئاشقازان، ئۈچەي ۋە جىگەرنى قۇۋۋەتلەش، ياللۇغ قايتۇرۇش، ئاشقازاننىڭ تۇتۇش قۇۋۋىتىنى ئاشۇرۇش، ئىچ سۈرۈشنى توختىتىش، ئاغرىق پەسەيتىش، كۆڭۈلگە خۇشلۇق يەتكۈزۈش، ئۇسسۇزلۇقنى پەسەيتىش، قان تازىلاش، قان توختىتىش، چاچ يىلتىزىنى چىڭىتىش، چاچنى قارايتىش ۋە ئۆستۈرۈش خۇسۇسىيىتى بار.

[**ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر**] ئومۇمىي بەدەن ئاجىزلىقى، ئىچ سۈرۈش، كۆپ ئۇسساش، يۈرەك چالاڭغۇراش، يۈرەك ئاجىزلىقى، كۆز ئاجىزلىقى، ئاشقازان ئاجىزلىقى، ئىشتىھاسىزلىق، بالىياتقۇ ئاجىزلىقى، چاچ چۈشۈپ كېتىش، باھ ئاجىزلىقى، غەيرىي تەبىئىي قان ۋە سەپرا خىلتىدىن بولغان ئىچ سۈرۈش، بۇۋاسىر قاناش قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[**ئىشلىتىش ئۇسۇلى**]

1. ئامىلە، تۇخۇمى، كەشنىز 10 گرامدىن، تاباشىردىن بەش گرام ئېلىپ، سۇفۇف تەييارلاپ بەرسە، سەپراۋى ئىسھالغا مەنپەئەت قىلىدۇ.

2. ئامىلەگە ھەسەل ئارىلاشتۇرۇپ ئىچىپ بەرسە، مالىخولىيا، پالەچ، لەقۋاغا پايدىلىق.

3. ئامىلەنى چىلاپ سۈيىنى ئىچسە، ئاشقازاندىكى سېسىق گازنىڭ مېڭىگە ئۆرلىشىنى توسىدۇ.

4. ئامىلەنىڭ يېغىنى چىقىرىپ باشقا چاپسا، مېڭىنى قۇۋۋەتلەيدۇ.

5. ئامىلە، قاقىلە، لاچىندانە، زىرە، بەدىيانىنىڭ ھەربىرىدىن بەش گرام ئېلىپ، قائىدە بويىچە قايناتما ياكى چايلىق تەييارلاپ ئىچسە، ھەزىمنى ياخشىلايدۇ.

6. ئامىلە، يۇمغاقسۈت ئۇرۇقى 10 گرامدىن، تاباشىردىن يەتتە گرام، تۆمۈر داغمال سۈيىدىن 15 گرام ئېلىپ، تۆمۈر داغمال سۈيىدىن باشقا دورىلارنى سوقۇپ، تۆمۈر داغمال سۈيىگە ئارىلاشتۇرۇپ ئىچسە، قان ۋە سەپرادىن بولغان ئىچ سۈرۈشكە شىپا بولىدۇ.

7. 10 گرام ئامىلە بىلەن 15 گرام قارا ھېلىلىنى قاينىتىپ چاچنى يۇسا، لەقۋاغا پايدىلىق.

8. ئامىلەدىن 10 گرامنى سوقۇپ، بىر دانە تۇخۇم ئېقى بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ، كۈندە بىر قېتىم بۇۋاسىرغا چاپسا، بۇۋاسىر قېنىنى توختىتىدۇ.

9. ئامىلە مۇراببىاسى تەييارلاپ يەپ بەرسە، ئىشتىھانى ئاچىدۇ، چاچ قارايتىدۇ ۋە ئۆستۈرىدۇ،

قان تولغاقتا شىپا بولىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] 3 ~ 10 گىرامغىچە.

[زىيانلىق تەسىرى] تال ۋە ئۆچەيگە زىيان قىلىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] سۇمبۇل، ھەسەل، تاتلىق بادام نۇشدارى.

[ۋەكىل خاراكتېرلىك پىششىق دورا ياسالمىسى] جاۋارىش ئامىلە نۇشدارى، ئىترىفىل كەبىر، ئىترىفىل سەغىر، ئامىلە مۇراببىاسى، مەتبۇخى ھېلىلە.

[دىققەت قىلىدىغان ئىشلار] شاكاللىرىنى تازىلاپ، سۈت بىلەن لايىقلاشتۇرۇپ ئىشلىتىلىدۇ.

## خولىنجان

## 胡林江

## (高良姜 gao liang jiang)

[باشقا ئاتىلىشى] كېلىجىن، پان كى جەر

[لاتىنچە نامى] Rhizoma Alpinia officinarum

[ئىنگلىزچە نامى] Lesser Galangal Rhizome



خولىنجان

[تونۇش] بۇ، زەنجىۋىل ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك خولىنجاننىڭ يىلتىزسىمان غولىدىن ئىبارەت بولۇپ، «خولىنجان» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ. يىلتىزسىمان غولى سىلىندىر شەكىللىك بولۇپ، سىرتقى يۈزى قوڭۇر رەڭلىك، رەڭگى قېنىقراق، تەمى ئاچچىق، خۇش پۇراق كېلىدۇ. (2.32 ـ رەسىم) [چىقىش ئورنى] ئېلىمىزنىڭ گۇاڭدۇڭ، گۇاڭشى، يۈننەن، تەيۋەن قاتارلىق ئۆلكىلىرىدىن، ھىندىستان قاتارلىق ئەللەردىن چىقىدۇ.

[يىغىپ ساقلاش] بۇ ئۆسۈملۈكنى يازنىڭ ۋە كۈزنىڭ بېشىدا تۆت ـ بەش يىل بولغانلىرىنى يىغىۋېلىپ، ئاپتاپتا قۇرۇتۇپ ساقلىنىدۇ. دورىغا ھۆل ھالەتتىمۇ ئىشلىتىلىدۇ.

[خىمىيەلىك تەركىبى] بۇنىڭ ئىچىدە ئۇچۇچان ماي بار، مايىنىڭ ئاساسلىق تەركىبى 20% ~ 30% كىچە سىنېئول (Cineole)، 48% مېتىل سىننامات (Methycunnamate)، كافۇر قاتارلىقلاردىن ئىبارەت، يەنە گالانگىن (galangin) لارمۇ بار.

[فارماكولوگىيەلىك تەسىرى] ① باكتېرىيە تورمۇزلاش تەسىرى بار؛ ② قان نۆكچىسى، قان پىلاستىنكىلىرىنى يىغىۋېلىش، قان قېتىشىشقا قارشى تۇرۇش تەسىرى بار؛ ③ ئاغرىق توختىتىش تەسىرى

www.uyghurkitap.com

بار؛ ④ ئاشقازان، ئۈچەيدىكى يارىنى تورمۇزلايدۇ (كىچىك چاشقان تەجرىبىسىدە) ئۈچەي ھەرىكىتىنى تورمۇزلايدۇ؛ ⑤ ئوكسىگېن يېتىشمەسلىككە قارشى تەسىرى بار.

[لايىقلاشتۇرۇلۇشى] يۇيۇپ توغراش، قۇرۇتۇش ئارقىلىق لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى] ئاشقازان، باش ۋە پەيلەرنى قۇۋۋەتلەش، يەل ھەيدەش، بەدەننى قىزىتىش، ئىششىق ياندۇرۇش ۋە يۇمشىتىش، ئېغىزنى خۇش پۇراق قىلىش، بەدەندىكى زىيادە ھۆللۈكنى قۇرۇتۇش، توسالغۇلارنى ئېچىش، يۈرەككە خۇشلۇق يەتكۈزۈش خۇسۇسىيەتلىرى بار.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر] بەلغەم خىلتىنىڭ غەيرىي تەبىئىي ئۆزگىرىشىدىن كېلىپچىققان كېسەللىكلەرگە ئىشلىتىلىدۇ. ئاشقازان سوۋۇپ كېتىش، ئاشقازان تۆۋەنلەش، قورساق ئېسىلىش، ئىشتىھاسىزلىق، بۆرەك ۋە دوۋساق سوۋۇپ كېتىش، باش ئاجىزلىق، پالەچ، لەقۋا، رەئشە، ئېغىزدىن شۆلگەي ئېقىش، تۇرلۇك سۇلۇق ئىششىق قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. خولىنجاننى سوقۇپ تاماققا سېپىپ ئىستېمال قىلسا، ھەزىمگە ياردەم بېرىپ يەل ھەيدەيدۇ.

2. خولىنجان، جۇۋنە ئىككىدىن گىرام ئېلىپ، تاماكا قىلىپ چەكسە، تاماكا خۇمارىنى باسىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] 3 ～ 10 گىرامغىچە.

[زىيانلىق تەسىرى] بۆرەك ۋە دوۋساققا زىيان قىلىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] مەستىكى، رۇمبەديان، كاسىنە ئۇرۇقى، كەتىرا، سەندەل.

[ئورۇنباسارى] دارچىن، كاۋاۋچىن.

[ۋەكىل خاراكتېرلىك پىششىق دورا ياسالمىسى] سۇفۇپى خولىنجان، جاۋارىش خولىنجان، جاۋارىش جالىنۇس، جاۋارىش ئۇد مىشكى، لوبوبى كەبىر.

## قېتىق سۈزمىسى

## 克提克苏孜米斯

(酸凝乳 suan ning ru)

[باشقا ئاتىلىشى] سۈزمە، جەبىن، دېھى، پەنىر

[لاتىنچە نامى] Sour Milk

[ئىنگلىزچە نامى] yoghourt



قېتىق سۈزمىسى

[تونۇش] بۇ، كالا، قوتاز، قوي، ئۆچكە قاتارلىق چارۋىلارنىڭ قېتىقىنى ھەر خىل ئۇسۇللار بىلەن سۈيىدىن ئاجرىتىپ تەييارلىنىدىغان بولۇپ، «قېتىق سۈزمىسى» ياكى «سۈزمە» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ. بۇنىڭ ئەڭ ياخشىسى يېڭى ۋە ياغلىق بولغىنىدۇر. (43.32 ـ رەسىم)

[چىقىش ئورنى] شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ھەممە جايلىرىدىن چىقىدۇ.

[يىغىپ ساقلاش] بۇ قېتىق سۇزمىسىنى ئېلىپ، سوغۇق ۋە سالقىن جايدا ساقلىنىدۇ.

[تەبىئىتى] يېڭى قېتىق سۇزمىسى ئىككىنچى دەرىجىدە ھۆل سوغۇق، تۇزلانغان قېتىق سۇزمىسى ئۈچىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى] ئاشقازان، ئۈچەي ۋە بۆرەكنى قۇۋۋەتلەش، ياللۇغ قايتۇرۇش، تەرەتنى يۇمشىتىش، ساپ قان پەيدا قىلىش، ھارارەت پەسەيتىش، ئىشتىھانى ئېچىش خۇسۇسىيىتى بار.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر] ئاشقازان ئاجىزلىقى، قىزىتما، تېرە يېرىكلىشىش، كۆز ئاغرىقى، ئىچ سۈرۈش، ئۈچەي جاراھىتى، سۈت ئازىيىش، بۆرەك ئاجىزلىقى، قارا تولغاق، قان ئازلىق، ئىشتىھاسىز-لىق قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. سۇزمىنى ياڭاقنىڭ مېغىزى بىلەن يېسە سەمرىتىدۇ، تېرىنى يۇمشىتىدۇ. مەدەستاننىڭ زەھىرىنى قايتۇرۇپ، قان پەيدا قىلىدۇ، بەدەننى سەمرىتىدۇ.

2. سۇزمىنى كۆزگە تاڭسا، كۆز ئاغرىقى ۋە كۆزگە پەيدا بولغان قان نۆكچىسى ئۈچۈن مەنپەئەت قىلىدۇ.

3. سۇزمىنى سۇدا قايناتىپ، سۈيىنى بالا ئېمىتىدىغان ئايالغا ئىچكۈزسە، سۈتىنى كۆپەيتىدۇ.

4. ئۈچەيدە جاراھىتى بار كىشىلەر سۇزمىنى ھۆمماز بىلەن قوشۇپ ئىچىپ بەرسە، جاراھەتلەر ئەتراپىدا ئىششىق پەيدا بولۇپ قېلىشتىن ساقلايدۇ.

5. تاباشىر، نىشاستىدىن بەش گىرامدىن ئېلىپ سوقۇپ، 30 گىرام قېتىق سۇزمىسى بىلەن بەرسە، ئىچ سۈرۈشكە مەنپەئەت قىلىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] 20 ~ 45 گىرامغىچە.

[زىيانلىق تەسىرى] سوغۇق مىزاج كىشىلەرنىڭ ھەزىمىنى بۇزىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] ھەسەل، يالپۇز.

[ئورۇنباسارى] تۆمۈر داغمال سۈيى.

[ۋەكىل خاراكتېرلىك پىششىق دورا ياسالمىسى] قېتىق قۇرتى.

## سىيسالىيۇس

## 斯萨力优斯

(臭阿魏子 chou a wei zi)

[باشقا ئاتىلىشى] سىيسالىيۇس ئۇرۇقى

[لاتىنچە نامى] Ferula sinkiang ensis

[ئىنگلىزچە نامى] Ferula seed

[تونۇش] بۇ، ئۆسۈملۈك ئۇچ خىل بولىدۇ. بىرىنچى خىلى ئارپىبەدىيانغا ئوخشايدۇ، لېكىن ئۇنىڭدىن

www.uyghurkitap.com

بىرئاز كۆچلۈكرەك، پۇراقلىق كېلىدۇ. بۇنىڭ گۈلىنىڭ گۈمبىزى سېرىقچېچەكنىڭ گۈمبىزىگە ئوخشايدۇ، مېۋىسى ھىڭنىڭ مېۋىسىدىن ئۇزۇنراق، تەمى ئۆتكۈر، يىلتىزىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 15 سانتىمېتىر ئەتراپىدا، خۇشبۇي، يىلتىزىنىڭ تەسىرى قالغان ئەزالىرىنىڭ تەسىرىدىن كۈچلۈكرەك. ئىككىنچى خىلىنىڭ يوپۇرمىقى ھەشقىپېچەكنىڭ يوپۇرمىقىغا ئوخشايدۇ، ئۇنىڭدىن بىرئاز ئۇزۇن، بۇنىڭ گۈلىنىڭ گۈمبىزىمۇ ھەشقىپېچەكنىڭ گۈمبىزىگە ئوخشايدۇ، بۇنىڭ ئۇرۇقى بۇغدايغا ئوخشايدۇ. لېكىن ئۇنىڭدىن بىرئاز يىرىك، مېۋىسى يوغان، خۇشبۇي، قۇۋۋىتى بىرىنچى خىلىدىن ئارتۇق، ئىككىنچى خىلىدىن ئاجىز. ئۈچىنچى خىلى ھىڭنىڭ ئۆسۈملۈكىگە ئوخشايدۇ، مېۋىسى ئۇنىڭكىدىن ئاقراق، يۇمىلاق، ئۇزۇن، تەمى پورتىخالنىڭ تەمىگە ئوخشايدۇ، بىرئاز خۇشبۇي، ئىشلىتىلىدىغىنى كۆپىنچە مۇشۇ ئۈچىنچى خىلىدۇر.

[**چىقىش ئورنى**] پاكىستان، ھىندىستان قاتارلىق ئەللەردىن چىقىدۇ.

[**يىغىپ ساقلاش**] بۇ ئۆسۈملۈكنىڭ مېۋىسى پىشقاندىن كېيىن، قۇرۇتۇپ ئۇرۇقىنى يىغىۋېلىپ، پاكىز تازىلاپ، قۇرۇق ھەم سالقىن جايدا ساقلىنىدۇ.

[**لايىقلاشتۇرۇلۇشى**] ساپلاشتۇرۇش، قۇرۇتۇش ئارقىلىق لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

[**تەبىئىتى**] ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[**خۇسۇسىيىتى**] ئاشقازاننى قۇۋۋەتلەش، ئىششىق ياندۇرۇش، ئاغرىق پەسەيتىش، توسالغۇلارنى ئېچىش، سۈيدۈك ھەيدەش، ھەيزنى راۋانلاشتۇرۇش، باھنى قۇۋۋەتلەش، نەپەسنى راۋانلاشتۇرۇش، ھامىلە چۈشۈرۈش، بەلغەم بوشىتىش خۇسۇسىيىتى بار.

[**ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر**] ھەر خىل ئىششىق، ئاشقازان ئاجىزلىقى، سۈيدۈك ۋە ھەيز راۋان بولماسلىق، باھ ئاجىزلىقى، نەپەس راۋان بولماسلىق قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[**ئىشلىتىش ئۇسۇلى**]

1. سىيسالىيۇستىن تۆت گىرام، چىلغوزا مېغىزى، كۈنجۈت، سۆئىلەپ مىسرىدىن 10 گىرامدىن، ناۋاتتىن 30 گىرام ئېلىپ، قائىدە بويىچە سۇفۇپ قىلىپ ئىچىپ بەرسە، باھ ۋە بەدەننى قۇۋۋەتلەيدۇ.

2. قاقىلەدىن 10 گىرام، بەدىياندىن بەش گىرام، جۇۋنەدىن ئالتە گىرام، سىيسالىيۇستىن تۆت گىرام، پىنىدىن 10 گىرام، قەنتتىن 30 گىرام ئېلىپ، قائىدە بويىچە سوقۇپ، سۇفۇپ قىلىپ ئىچىپ بەرسە ياكى چايلىق قىلىپ ئىچىپ بەرسە، ئاشقازاننى قۇۋۋەتلەيدۇ.

3. سانادىن 15 گىرام، ئاپتاپپەرەس، زاراۋەندى گۈلى 10 گىرامدىن، ئارپا مېۋىسىدىن يەتتە گىرام، خىيارشەنبەردىن 15 گىرام، سىيسالىيۇستىن تۆت گىرام، سېرىقچېچەك ئۇرۇقىدىن 10 گىرام، بادام مېغىزىدىن 15 گىرام ئېلىپ، قائىدە بويىچە قاينىتىلما تەييارلاپ ئىچىپ بەرسە، ھەيزنى راۋانلاشتۇرۇپ، ھامىلىنى چۈشۈرىدۇ.

[**ئىشلىتىش مىقدارى**] تۆت گىرامغىچە.

[**زىيانلىق تەسىرى**] جىگەرگە زىيان قىلىدۇ.

[**تۈزەتكۈچىسى**] زىرىشك، كەتىرا.

[**ئورۇنباسارى**] ھىڭ.

[**ۋەكىل خاراكتېرلىك پىششىق دورا ياسالمىسى**] لوبوبى ئەكبەر.

# چۈژگۈن ئۈندۈرمىسى
# 曲吉古尼云都尔米斯
## （谷芽 gu ya）

[باشقا ئاتىلىشى] گۈز قوناج ئۈندۈرمىسى، شال ئۈندۈرمىسى

[لاتىنچە نامى] Fructus Sproute Setaria ita lica

[ئىنگلىزچە نامى] millet Sprout

[تونۇش] بۇ، شال ياكى چۈژگۈن ئۇرۇقىنى پاكىز يۇغاندىن كېيىن سۇزۇۋېلىپ، سېۋەت ياكى ياغاچ ساندۇققا سېلىپ، ئاغزىنى ياخشى يېپىپ، پات ـ پات سۇ چېچىپ تۇرۇلىدۇ، ئۈنۈپ چىققاندىن كېيىن ئېلىپ ئاپتاپتا سارغايغىچە ياكى قارايغىچە قورۇتۇپ ئىشلىتىلىدۇ، ئادەتتە مۇشۇ ئۇسۇل بىلەن تەييارلانغان مەھسۇلات «چۈژگۈن ئۈندۈر مىسى» ياكى «گۈز قوناق ئۈندۈرمىسى» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ. (32. 4 ـ رەسىم)

[چىقىش ئورنى] شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدىن چىقىدۇ.

[يىغىپ ساقلاش] بۇ ئۆسۈملۈكنىڭ دورىلىق قىسمىنى كۈز پەسلىدە يىغىپ قۇرۇتۇپ، قۇرغاق ئورۇندا ساقلىنىدۇ.

[خىمىيەلىك تەركىبى] تەركىبىدە كىراخمال، ئاقسىل، ياغ، كىراخمال ئېنزىمى، ۋىتامىن B قاتارلىقلار بار.

[لايىقلاشتۇرۇلۇشى] قۇرۇتۇپ ساپلاشتۇرۇلىدۇ.

[تەبىئىتى] بىرىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى] ئاشقازان ۋە تالنى قۇۋۋەتلەش، تاماق سىڭدۈرۈش خۇسۇسىيىتى بار.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر] قورساق كۆپۈش، ھەزىم قىلىشنىڭ ناچارلىقى، تال ئاجىزلىقى قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. چۈژگۈن ئۈندۈرمىسىنى پىنىە، بەديان قاتارلىقلار بىلەن بىرگە قايىنىتىپ ئىچسە، تاماق سىڭمەسلىك ۋە قورساق كۆپۈشكە مەنپەئەت قىلىدۇ.

2. ئىزخىر، كاسىنە يىلتىزى، كاسىنە ئۇرۇقى، چۈژگۈن ئۈندۈرمىسىنىڭ ھەربىرىدىن 10 گىرام، سېمىزئوت ئۇرۇقىدىن بەش گىرام ئېلىپ، قائىدە بويىچە قايىنىتىپ ئىچسە، تالنى قۇۋۋەتلەيدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] 8 ～ 20 گىرامغىچە.

[زىيانلىق تەسىرى] باش ئاغرىقى پەيدا قىلىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] قىزىلگۈل.

[ئورۇنباسارى] ئارپىبەديان.

[ۋەكىل خاراكتېرلىك پىششىق دورا ياسالمىسى] چۈژگۈن ئۈندۈرمىسى قايىنىتىلمىسى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# ماگنولىيە

## 玛格奴力亚

## 厚朴 hou pu

[باشقا ئاتىلىشى] ماگنولىيە قوۋزىقى

[لاتىنچە نامى] Cortex Magnoliа Officinalis

[ئىنگلىزچە نامى] Magnolia Bark

[تونۇش] بۇ، ماگنولىيە ئائىلىسىدىكى بىر خىل ئويمان يوپۇرماقلىق ماگنولىيە دەرىخى بولۇپ، بۇ دەرەخنىڭ قۇرۇتۇلغان قوۋزىقى «ماگنولىيە» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ. (5.32 ـ رەسىم)

[چىقىش ئورنى] يۈننەن، گۇيجۇ، ئەنخۇي قاتارلىق ئۆلكىلەردىن چىقىدۇ.

[يىغىپ ساقلاش] بۇ ئۆسۈملۈكنىڭ مېۋىسى پىشقاندا يىغىۋېلىپ، پوستىنى ئايرىپ قۇرۇتۇپ، قۇرۇق ۋە سالقىن جايدا ساقلىنىدۇ.

[لايىقلاشتۇرۇلۇشى] توغراش، قۇرۇتۇش ئارقىلىق لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى] ئاشقازان ھەم تالنى قىزىتىش، يەل ھەيدەش، ھۆللۈكنى قۇرۇتۇش، توسالغۇلارنى ئېچىش، تىنچلاندۇرۇش، كەڭ دائىرىدە باكتېرىيەگە قارشى تۇرۇش خۇسۇسىيىتى بار.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر] ئاشقازان سوۋۇپ كېتىش، قورساق كۆپۈش، ھەزىم ئاجىزلىقى، ئىشتىھاسىزلىق، كاناي ياللۇغى، زىققە قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. پوستى تۇرۇنجى، لاچىندانە ھىندى، دارچىن، قاقىلە، بەديان، پىننە، ماگنولىيەنىڭ ھەربىرىدىن 10 گىرام ئېلىپ، چالا سوقۇپ چايلىق قىلىپ ئىچسە، ئاشقازان سوۋۇپ كېتىش، ھەزىم ناچارلىق ۋە قورساق كۆپۈشلەرگە شىپا بولىدۇ.

2. كەتىرا، رۇببىسۇس، ئەرەب يېلىمى، ماگنولىيەنىڭ ھەربىرىدىن 10 گىرام ئېلىپ سوقۇپ، ھەسەل بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ كۇمىلاچ تەييارلاپ، كۈندە 3~5 تالغىچە ئىچسە، زىققىگە مەنپەئەت قىلىدۇ.

3. ماگنولىيەدىن 10 گىرام، رەۋەندىن يەتتە گىرام ئېلىپ، قائىدە بويىچە قاينىتىپ ئىچسە، قەۋزىيەتكە مەنپەئەت قىلىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] 4 ~ 12 گىرامغىچە.

[زىيانلىق تەسىرى] سۈيدۈكنى تۇتۇپ قويىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] كاسىنە ئۇرۇقى.

[ئورۇنباسارى] قوۋزاقدارچىن.

[ۋەكىل خاراكتېرلىك پىششىق دورا ياسالمىسى] ھەببى بىخسۇس.

# تاغ دېنى

## 塔格地尼

(延胡索 yan hu suo)

[باشقا ئاتىلىشى] تاغ دېنى غولى

[لاتىنچە نامى] Rhizoma Corydalis glaucescens

[ئىنگلىزچە نامى] yanhusuo tuber



تاغ دېنى

[تونۇش] بۇ، ئەپيۇنگۈل ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك تاغ دېنىنىڭ شار شەكىللىك توگۈنەك غولىدىن ئىبارەت بولۇپ، «تاغ دېنى» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ. (6.32 ـ رەسىم)

[چىقىش ئورنى] پەس تاغ، دەريا ۋادىلىرىدا، چاتقاللىق، ئورمانلىقلاردا بولىدۇ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ھەممە يەرلىرىدىن تېپىلىدۇ.

[يىغىپ ساقلاش] بۇ ئۆسۈملۈكنىڭ دورىلىق قىسمىنى كۈز پەسلىدە يىغىپ قۇرۇتۇپ، قۇرغاق ئورۇندا ساقلىنىدۇ.

[لايىقلاشتۇرۇلۇشى] يۇيۇپ توغراپ، قۇرۇتۇش ئارقىلىق لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى] ئاشقازان ـ ئۈچەينى قۇۋۋەتلەش، يەل ھەيدەش، ئاغرىق توختىتىش، قاننى جانلاندۇرۇش، ئۇيۇپ قالغان قاننى تارقىتىش خۇسۇسىيىتى بار.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر] ئاشقازان ئاغرىش، ھەيز ئاغرىتىپ كېلىش، زەخىملىنىش سەۋەبىدىن قان ئۇيۇپ كۆكىرىپ ئىششىپ قېلىش، چىقىق قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. جۇۋىنە، سۇزاپ ئۇرۇقى، بەديان، تاغ دېنىنىڭ ھەربىرىدىن 10 گىرام ئېلىپ، قائىدە بويىچە سوقۇپ سۇفۇپ قىلىپ ئىچسە، ئاشقازاندىكى سوغۇق يەللەرنى تارقىتىپ، ھەزىمنى ياخشىلايدۇ.

2. گۈلسەۋسەندىن يەتتە گىرام، تاغ دېنىدىن 10 گىرام، زەپەردىن 1.5 گىرام، مىشكى تاراموشكىدىن بەش گىرام ئېلىپ، دورىلارنى قائىدە بويىچە قاينىتىپ ئىچسە، قاننى جانلاندۇرۇپ، ئۇيۇپ قالغان قاننى تارقىتىدۇ.

3. تاغ دېنىدىن يەتتە گىرام، ئاغىچىدىن بەش گىرام، ئارچا مېۋىسىدىن 10 گىرام ئېلىپ، دورىلارنى قائىدە بويىچە قاينىتىپ ئىچسە، ھەيزنى راۋان قىلىپ، ھەيز ئاغرىتىپ كېلىشكە مەنپەئەت قىلىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] 4 ~ 12 گىرامغىچە.

[زىيانلىق تەسىرى] ئۆپكىگە زىيان قىلىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

[تۆزەتكۈچىسى] كەترا.
[ئورۇنباسارى] جۇۋىنە.
[ۋەكىل خاراكتېرلىك پىششىق دورا ياسالمىسى] تاغ دېنى قايىنتىلمىسى.

## ياۋا ئامۇت
## 亚瓦阿木提
(山梨 shan li)

[باشقا ئاتىلىشى] ئەمرۇت دەشتى، جائىپەل جەنگلى
[لاتىنچە نامى] Fructus Pyrus calleryana
[ئىنگلىزچە نامى] Fruit of wild pyrus


ياۋا ئامۇت دەرىخى

[تونۇش] بۇ، ھەقىقىي ئامۇتتىن كىچىكرەك ۋە قىسقىراق كەلگەن بىر خىل ئامۇت بولۇپ، بۇنىڭ مېۋىسى ناھايىتى كىچىك، سۈيى ئاز ھەم قېرىق. (17.32 ـ رەسىم)
[چىقىش ئورنى] شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن تېپىلىدۇ.
[يىغىپ ساقلاش] ياۋا ئامۇتنى راسا پىشقاندا يىغىۋېلىپ، چاڭ ـ توزانلاردىن ئايرىپ تازىلاپ، سوغۇق جايدا ساقلىنىدۇ.
[خىمىيەلىك تەركىبى] مېۋىسى تەركىبىدە 10% قەنت، لىمون كىسلاتاسى، تاننىن كىسلاتاسى، ۋىتامىن C قاتارلىقلار بار.
[فارماكولوگىيەلىك تەسىرى] ئاشقازاننى كۈچەيتىپ، ھەزىمنى ياخشىلايدۇ، ئىسسىق ئۆتۈپ كېتىشنى قايتۇرىدۇ، ئىچ سۈرۈشنى توختىتىدۇ.
[لايىقلاشتۇرۇلۇشى] يۇيۇپ توغراپ، قۇرۇتۇش ئارقىلىق لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.
[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە سوغۇق، ئۈچىنچى دەرىجىدە قۇرۇق.
[خۇسۇسىيىتى] سەپرانىڭ ئۆتكۈرلۈكىنى پەسەيتىش، ئاشقازان ـ ئۈچەينى كۈچەيتىپ، ھەزىم قىلىشنى ياخشىلاش، ئىچنى قاتۇرۇش، ھۆللۈكلەرنى قۇرۇتۇش، گۆش ئۇندۇرۇش، زەھەر قايتۇرۇش خۇسۇسىيىتى بار.
[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر] ئىچ سۈرۈش، ھەر خىل جاراھەت، كېكىردەك بوغۇلۇش قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.
[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]
1. ياۋا ئامۇتنىڭ قۇرۇقىنى سوقۇپ مۇۋاپىق مىقداردا ئىچسە، ئىچ سۈرۈشنى توختىتىدۇ.

2. ياۋا ئامۇتنىڭ قۇرۇتۇلغىنىنى يۇمشاق ئېزىپ، ھۆل جاراھەتكە سەپسە، ھۆللۈكنى قۇرۇتۇپ، گۆش ئۈندۈرىدۇ.

[**ئىشلىتىش مىقدارى**] مۇۋاپىق مىقداردا ئەھۋالغا قاراپ ئىشلىتىلىدۇ.

[**زىيانلىق تەسىرى**] پەيىنى بوشىتىدۇ، قۇلۇنجى ۋە توسۇلۇش پەيدا قىلىدۇ.

[**تۈزەتكۈچىسى**] ھەسەل.

[**ئورۇنباسارى**] ئاچچىق ئامۇت.

[**ۋەكىل خاراكتېرلىك پىششىق دورا ياسالمىسى**] شەربىتى پەۋاكىھ.

## پىچەكگۈل

## 皮恰克古丽

(山药 shan yao)

[**باشقا ئاتىلىشى**] پىچەكگۈل غولى

[**لاتىنچە نامى**] Rhizoma Dioscorea opposita

[**ئىنگلىزچە نامى**] Common Yam Rhizome



پىچەكگۈل ئۈسۈملۈكى

[**تونۇش**] بۇ، پىچەكگۈل ئائىلىسىدىكى يۆگىشىپ ئۆسىدىغان كۆپ يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك پىچەكگۈلنىڭ يىلتىزسىمان غولىدىن ئىبارەت بولۇپ، «پىچەكگۈل» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ. (18.32 - رەسىم)

[**چىقىش ئورنى**] گۇچۇڭ، كۇچا قاتارلىق جايلاردا ئۆستۈرۈلىدۇ.

[**يىغىش ساقلاش**] ئەتىياز ۋە ياز پەسلىدە گۈلى ئېچىلىدۇ، گۈلى ئېچىلغاندا يىغىۋېلىپ گۈل بەرگىنى ئايرىپ، سايىغا يېيىپ قۇرۇتۇپ، قۇرۇق ئورۇندا ساقلىنىدۇ.

[**خىمىيەلىك تەركىبى**] ئۆت ئىشقارى، پىچەكگۈل ئىشقارى (Batasine)، دوپامىن (Dopamine)، كىراخمال 16%، كىراخمال فېرمېنتى، قەنت ئاقسىلى، ۋىتامىن C قاتارلىقلار بار.

[**فارماكولوگىيەلىك تەسىرى**] قان قەنتىنى تۆۋەنلىتىش، ئىممۇنىتېت ئىقتىدارىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش، يارىنىڭ پۈتۈشىنى ئىلگىرى سۈرۈش، قېرىشقا قارشى تۇرۇش، ئاشقازان سۇيۇقلۇقىنىڭ ئاجرىلىپ چىقىشىنى كۈچەيتىش، ئىچ سۈرۈشنى توختىتىش، يۈرەك، مېڭە قان تومۇر كېسەللىكلىرىنىڭ ئالدىنى ئېلىش رولى بار.

[**لايىقلاشتۇرۇلۇشى**] توغراش، قۇرۇتۇش ئارقىلىق لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

[**تەبىئىتى**] بىرىنچى دەرىجىدە قۇرۇق سوغۇق.

[**خۇسۇسىيىتى**] ئاشقازان، ئۈچەي ۋە ئۆپكىنى قۇۋۋەتلەش، بۆرەك خىزمىتىنى ياخشىلاش، ساپ خىلىت

www.uyghurkitap.com

ھاسىل قىلىش، ئۇسسۇزلۇقنى پەسەيتىش، تالنى ساغلاملاشتۇرۇش، ئىچ سۈرۈشنى توختىتىش خۇسۇسىيىتى بار.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر] دىيابېت، بەدەن ئاجىزلىقى، ئاق خۇن كۆپ كېلىش، تال ئاجىزلىقى، ئۈزۈنغىچە ئىچى سۈرۈپ كېتىش، جىنسىي ئاجىزلىقتىن بولغان ئېھتىلام بولۇش قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. ئالقات، نوقۇت، زاراڭزا چېچىكى، كاۋا مېغىزى، پىچەكگۈلنىڭ ھەربىرىدىن 10 گىرام ئېلىپ، سۇفۇپ ياكى چايلىق تەييارلاپ ئىچىپ بەرسە، دىيابېتقا مەنپەئەت قىلىدۇ.

2. جويۇز، بەسباسە، كۇندۇر، ئاقىرقەرھا، پىچەكگۈلنىڭ ھەربىرىدىن ئىككى گىرام ئېلىپ، تالقانلاپ ئىچىپ بەرسە، ئاق خۇن كۆپ كېلىشكە شىپا بولىدۇ.

3. ئۈزۈم ئۇرۇقىدىن 10 تال، نىشاستە، تاباشىردىن ئۈچ گىرامدىن، پىچەكگۈلدىن 10 گىرام ئېلىپ، قائىدە بويىچە سۇفۇپ قىلىپ ئىچىپ بەرسە، ئىچ سۈرۈشكە مەنپەئەت قىلىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] 3～12 گىرامغىچە.

[زىيانلىق تەسىرى] ئەزالارغا قۇرۇقلۇق يەتكۈزىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] ھەسەل، بادام يېغى.

[ئورۇنباسارى] زىرىق

[ۋەكىل خاراكتېرلىك پىششىق دورا ياسالمىسى] سۇفۇپى زاراڭزا.

## قۇلماق

## 库力马克

(啤酒花 pi jiu hua)

[باشقا ئاتىلىشى] خېمىگۈل، پىۋاگۈل، قۇلماق گۈل

[لاتىنچە نامى] Spica Humulus lupulus

[ئىنگلىزچە نامى] European Hopspike

[تونۇش] بۇ، كەندىر ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق سامان غوللۇق پېلەك تارتىپ ئۆسىدىغان ئۆسۈملۈك قۇلماق (ئۇيغۇرچە باشقىچە نامى «خېمىگۈل» ياكى «پىۋاگۈل»، خەنزۇچە 《无忽布》 دەپمۇ ئاتىلىدۇ) بولۇپ، بۇ ئۆسۈملۈكنىڭ ئانىلىق گۈل رېتى «قۇلماق» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ. (9.32 - رەسىم)

[چىقىش ئورنى] شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ تۈزلەڭلىك رايونلىرىدا كۆپ ئۆستۈرۈلىدۇ.

[يىغىش ساقلاش] ئەتىياز ۋە ياز پەسلىدە گۈلى ئېچىلىدۇ، گۈلى ئېچىلغاندا يىغىۋېلىپ گۈل بەرگىنى ئايرىپ، سايىغا يېيىپ قۇرۇتۇپ، قۇرۇق ئورۇندا ساقلىنىدۇ.

[خىمىيىلىك تەركىبى] قۇلماق تەركىبىدە گۇمۇلون (Humulone)، لىپۇلون (Lupu—lone)، α - گۇمۇلېن قاتارلىقلار بار.

[فارماكولوگىيىلىك تەسىرى] مىكروب ئۆلتۈرۈش، تىنچلاندۇرۇش، ئىششىق ياندۇرۇش تەسىرى بار.

[لايىقلاشتۇرۇلۇشى] ئىلغاپ ساپلاشتۇرۇلىدۇ.
[تەبىئىتى] بىرىنچى دەرىجىدە ھۆل سوغۇق.
[خۇسۇسىيىتى] ئاشقازاننى قۇۋۋەتلەش، تاماق سىڭدۈرۈش، سۈيدۈكنى راۋانلاشتۇرۇش، ئىششىق يان-دۇرۇش، نەرۋىنى تىنچلاندۇرۇش خۇسۇسىيىتى بار.
[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر] ھەزىم بۇزۇلۇش، قورساق كۆپۈش، سۈيدۈك تۇتۇلۇش، ھەر خىل ئىششىق، دوۋساق ياللۇغى، ئۆپكە سىلى، ئۇيقۇسىزلىق قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.
[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]
1. قولماقتىن بەش گىرام، بەديياندىن 10 گىرام ئېلىپ قايناتتىپ ئىچسە، ھەزىم بۇزۇلۇش ھەم قورساق كۆپۈشكە مەنپەئەت قىلىدۇ.
2. تەرخەمەك ئۇرۇقى، قوغۇن ئۇرۇقى، ئوغرىتىكەن، قولماق قاتارلىقلارنىڭ ھەربىرىدىن 10 گىرام ئېلىپ قايناتتىپ ئىچسە، سۈيدۈكنى ھەيدەيدۇ.
3. قولماق، ئەينۇلا، زىخ قاتارلىقلارنىڭ ھەربىرىدىن 10 گىرام ئېلىپ، قايناتتىپ سۈيىنى ئىچسە، ئۇيقۇسىزلىققا مەنپەئەت قىلىدۇ.
[ئىشلىتىش مىقدارى] 2 ～ 4 گىرامغىچە.
[زىيانلىق تەسىرى] سوغۇقچان كىشىلەرگە زىيان قىلىدۇ.
[تۈزەتكۈچىسى] ھەسەل سۈيى، زىرە.
[ئورۇنباسارى] كاسىنە ئۇرۇقى.
[ۋەكىل خاراكتېرلىك پىششىق دورا ياسالمىسى] قولماق قايناتمىسى.

## قوي قېرىنى
## 蔡衣克日尼
## (羊胃 yang wei)

[باشقا ئاتىلىشى] قوي قورساقچىسى، قوي ئاشقازىنى
[لاتىنچە نامى] Goat trip e
[ئىنگلىزچە نامى] Sheep's Tripe
[تونۇش] بۇ، ھەممىگە تونۇشلۇق بولغان ھايۋان قوينىڭ قېرىنى بولۇپ، «قوي قېرىنى» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ. (32.10 - رەسىم)
[چىقىش ئورنى] شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ھەممە جايلىرىدىن چىقىدۇ.
[يىغىپ ساقلاش] بۇ ھايۋاننىڭ قېرىنىنى پاكىزلاپ قۇرۇتۇپ، قۇرغاق


قوي

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئورۇندا ساقلىنىدۇ.

[خىمىيەلىك تەركىبى] ھەر 100 گىرامىنىڭ تەركىبىدە 84 گىرام سۇ، 7.1 گىرام ئاقسىل، 7.2 گىرام ياغ ۋە باشقا مىكرو ئورگانىزملار بار.

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى] ئاشقازان ۋە ئۈچەينى قۇۋۋەتلەش، كۆڭۈل ئېلىشىشنى توختىتىش، ماغدۇرسىزلىقتىن بولغان سوغۇق تەرلەشنى توختىتىش، بەدەننى قۇۋۋەتلەش خۇسۇسىيىتى بار.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر] كۆڭۈل ئېلىشىش، سوغۇق تەرلەش، بەدەن ئاجىزلىقى، ئاشقازان ئاجىزلىقى قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. قوينىڭ قېرىنىنى سۇدا پىشۇرۇپ، ئاچچىقسۇغا چىلاپ يېسە، كۆڭۈل ئېلىشىشنى توختىتىدۇ.

2. قوي قېرىنىنى قوي گۆشى بىلەن بىرگە كاۋاپ قىلىپ، ئۈستىگە يۇمشاق سوقۇلغان قارىمۇچ، ئاقمۇچ، پىلپىل قاتارلىقلارنى سېپىپ يېسە، بەدەننى قۇۋۋەتلەيدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] مۇۋاپىق مىقداردا.

[زىيانلىق تەسىرى] كۆپ يېسە ئاشقازاننى سۇسلاشتۇرۇپ، كۆپ كېكەرتىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] بەديان، پىننە، دارچىن.

[ئورۇنباسارى] ئۆچكىنىڭ قېرىنى.

[ۋەكىل خاراكتېرلىك ياسالمىسى] قېرىن كاۋىپى.

## ئاقمۇچ

## 阿克木其

## （白胡椒 bai hu jiao）

[باشقا ئاتىلىشى] پىلپىل ئەبيەز، پىلپىل سەپىد، مۇرىچ سەفىد

[لاتىنچە نامى] Fructus piper nigrum albus

[ئىنگلىزچە نامى] White pepper

[تونۇش] بۇ، قارىمۇچ ئائىلىسىدىكى ياغاچ غوللۇق پېلەكلىك ئۆسۈملۈك قارىمۇچ مېۋىسىنىڭ پىشقاندىن كېيىن قىزارغان ۋاقتىدا پوستى ئېلىۋېتىلگەن، رەڭگى ئاقىرىپ قالغان مېۋىسى بولۇپ، «ئاقمۇچ» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ. (11.32 ـ رەسىم)

[چىقىش ئورنى] ھىندىستاندىن ھەم ئېلىمىزنىڭ خەينەنداۋ ۋە يۈننەن ئۆلكىلىرىدىن چىقىدۇ.

[يىغىپ ساقلاش] كۈز پەسلىنىڭ ئاخىرى ياكى ئىككىنچى يىلى ئەتىياز پەسلىگىچە مېۋىسى پىشقان ۋاقتىدا ئۈزۈپ كېلىپ، ئاپتاپتا قۇرۇتۇپ ساقلىنىدۇ.



ئاقمۇچ

[**خىمىيەلىك تەركىبى**] مېۋىنىڭ تەركىبىدە قارىمۇ ئىشقارى پىپېرىن (Piperin)، كاۋىتسىن (Chavicine)، پىپرانىن (Piprolene)، پىپرىلىسىن، (Pipyryline) پە-پىرولېئىن (Piprolene)، ئۇچۇچان ماي قاتارلىقلار بار.

[**فارماكولوگىيەلىك تەسىرى**]

1. تارتىشىپ قېلىشقا قارشى تەسىرى بار.

2. تىنچلاندۇرۇش تەسىرىگە ئىگە.

3. قارىمۇچىنىڭ سۇ ياكى ئېستىر ياكى ئىسپىرت بىلەن ئېلىنغان ماددىسى چوڭ چاشقانغا قىلىنغان تەجرىبىدە تاسمىقۇرتنى چۇشۇرۇش تەسىرىنى بەرگەن.

[**لايىقلاشتۇرۇلۇشى**] يۇيۇپ قۇرۇتۇش ئارقىلىق لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

[**تەبىئىتى**] ئۇچىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[**خۇسۇسىيتى**] غەيرىي تەبىئىي بەلغەم خىلتىنى ۋە هۆل سوغۇق كەيپىياتنى تەڭشەش، ئاشقازاننى قۇۋۋەتلەش، هەزىمنى ياخشىلاش، يەللەرنى هەيدەش، هۆللۇكلەرنى قۇرۇتۇش، نېرۋىلارنى قۇۋۋەتلەش، تەرلىتىش، بەدەننى قىزىتىش، ئىششىق ياندۇرۇش، ئاغرىق پەسەيتىش، يۈرەكنى قوزغىتىش، پەيلەرنى قۇۋۋەتلەش، زەهەر قايتۇرۇش، باهنى قۇۋۋەتلەش خۇسۇسىيەتلىرى بار.

[**ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر**] هەزىم ئاجىزلىقى، ئىشتىهاسىزلىق، ئاشقازان سوۋۇپ كېتىش، ئاشقازان تۆۋەنلەش، نېرۋا ئاجىزلىقى، چىش ئاغرىقى، سېسىق كېكىرىش، سوغۇقتىن بولغان دەم سىقىلىش، كۆكرەك ئاغرىقى، سۈيدۈك تۇتالماسلىق، باھ ئاجىزلىقى، بۆرەك ۋە بەدەن سوۋۇپ كېتىش قاتارلىق كېسەللىكلەرگە ئىشلىتىلىدۇ.

[**ئىشلىتىش ئۇسۇلى**]

1. ئاقمۇچ، پىلپىل، زەنجىۋىلنى مۇۋاپىق مىقداردا ئېلىپ سوقۇپ، سۇفۇپ قىلىپ ئىچسە، تاماق سىڭدۈرىدۇ. يەل هەيدەيدۇ، سېسىق كېكەرتىدۇ.

2. ئاقمۇچنى تۇخۇم سېرىقى بىلەن سۇفۇپ تەييارلاپ ئىچسە، بەدەننى قىزىتىدۇ، باهنى قۇۋۋەتلەيدۇ.

3. سازەجدىن 15 گىرام، ئۇستقۇددۇس، سۇمبۇل، ئاقمۇچنىڭ هەر بىرىدىن 10 گىرام ئېلىپ سۇفۇپ تەييارلاپ، كۈندە ئىككى ۋاق 5 ~ 10 گىرامغىچە ئىچسە، مېڭە ۋە يۈرەكنى قۇۋۋەتلەيدۇ.

[**ئىشلىتىش مىقدارى**] 4 ~ 6 گىرامغىچە.

[**زىيانلىق تەسىرى**] ئىسسىق مىزاج كىشىلەردە گال ئاغرىقى پەيدا قىلىدۇ.

[**تۈزەتكۈچىسى**] بىنەپشە، نېلۇپەر.

[**ئورۇنباسارى**] زەنجىۋىل، پىلپىل.

[**ۋەكىل خاراكتېرلىك پىششىق دورا ياسالمىسى**] جاۋارىش مىشكى، جاۋارىش جالىنۇس، جاۋارىش كۇمۇنى.

www.uyghurkitap.com

# ئارپىبەدىيان يىلتىزى پوستى

## 阿尔怕巴地样依力提孜破斯提

## （小茴香根皮 xiao hui xiang gen pi）

[باشقا ئاتىلىشى] قەشر ئەسلى رازيانەج، پوستى بىخ باديان، سونفكى جەر

[لاتىنچە نامى] Cortex radicis Foeniclum Vulgare

[ئىنگلىزچە نامى] Root – bork of Fennel



ئارپىبەدىيان ئۆسۈملۈكى

[تونۇش] بۇ، كۈنلۈكسىمان گۈللۈكلەر ئائىلىسىدىكى بىر يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك ئارپىبەدىياننىڭ قۇرۇتۇلغان يىلتىز پوستى بولۇپ، رەڭگى ئاق، شەكلى سىلىندىرسىمان، تەمى بىرئاز قىرىق، پۇرىقى سۇس كېلىدۇ. «پوستى بىخ بەديان» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ. بەدىيان يىلتىزى ئورنىدا ئىشلەتسىمۇ بولىدۇ. (12.32 ــ رەسىم)

[چىقىش ئورنى] شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن چىقىدۇ.

[يىغىپ ساقلاش] بۇ ئۆسۈملۈكنى ياز ۋە كۈز پەسلىدە يىغىۋېلىپ، ئاپتاپتا قۇرۇتۇپ تەييارلىنىدۇ. دورىغا ھۆل ھالەتتىمۇ ئىشلىتىلىدۇ.

[خىمىيىلىك تەركىبى] يىلتىزىدا ئۇچۇچان ماي تۇتىدۇ.

[لايىقلاشتۇرۇلۇشى] پوستىنى ئاجرىتىپ، يۇيۇپ قۇرۇتۇش ئارقىلىق لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى] غەيرىي تەبىئىي بەلغەم ۋە سەۋدا خىلتلىرىنى پىشۇرۇش، ئاشقازان ۋە ئۈچەينى قۇۋۋەتلەش، ئىشتىق ياندۇرۇش، يەل ھەيدەش، ھەزىمنى ياخشىلاش، توسالغۇلارنى ئېچىش، تاش پارچىلاش، سۈيدۈك ھەيدەش خۇسۇسىيەتلىرى بار.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر] ئۈچەي توسۇلۇش، بۆرەك ــ دوۋساق تېشى، سۈلۈق ئىششىق، ئاشقازان سوۋۇش، ئىستىرخا، پالەچ قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. ئارپىبەدىيان پوستى، كەرەپشە يىلتىزى، بەدىياننىڭ ھەربىرىدىن 10 گىرام، تەرخەمەك ئۇرۇقىدىن يەتتە گىرام ئېلىپ، قائىدە بويىچە قايىنتىلما تەييارلاپ ئىچىپ بەرسە، سۈيدۈك ھەيدەپ، بۆرەك ۋە دوۋساقتىكى تاشنى چۈشۈرىدۇ.

2. قاقىلە، پوستى بىخ بەديان، بەديان 10 گىرامدىن، پىننىدىن يەتتە گىرام ئېلىپ، قائىدە بويىچە سۈفۈپ قىلىپ ئىچسە، ھەزىمنى ياخشىلايدۇ.

3. پوستى بىخ بەديان، بابۇنە 10 گىرامدىن، ئىكلىلمىلىك، بىخ سەۋسەندىن يەتتە گىرامدىن ئېلىپ، قائىدە بويىچە قاينىتىپ، پىسەپلىرىنى ئىششىغان ئورۇنغا چاپسا، ئىششىق ياندۇرىدۇ.

4. ئارپىبەديان، سېرىقچېچەك ئۇرۇقى، ئارپىبەديان يىلتىزى پوستى، قەردنامە قاتارلىقلاردىن مۇۋاپىق مىقداردا ئېلىپ قاينىتىپ، سۇيىگە ھەسەل قوشۇپ ئىچىپ بەرسە، ئىستىرخا ۋە پالەچ كېسەللىكلىرىگە مەنپەئەت قىلىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] 5 ～ 7 گىرامغىچە.

[زىيانلىق تەسىرى] ئىسسىق مىزاج كىشىلەرنىڭ بېشىنى ئاغرىتىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] بىنەپشە، نىلۇپەر.

[ئورۇنباسارى] كەرەپشە يىلتىزى پوستى.

[ۋەكىل خاراكتېرلىك پىششىق دورا ياسالمىسى] ئىترىفىل بەديان، جاۋارىش كۇمۇنى.

## ئارپا ئۈندۈرمىسى

## 阿日帕云都尔米斯

## (麦芽 mai ya)

[باشقا ئاتىلىشى] شىيىر، جەۋ

[لاتىنچە نامى] Fructus sproute Hordeum Vulgare Vra

[ئىنگلىزچە نامى] Barley sprout



ئارپا ئۈندۈرمىسى

[تونۇش] بۇ، باشاقلىقلار ئائىلىسىدىكى بىر يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك ئارپىنىڭ دېنىنى سۇدا پاكىز يۇغاندىن كېيىن سۇزۇۋېلىپ، سېۋەت ياكى ياغاچ ساندۇقنىڭ ئىچىگە سېلىپ، ئاغزىنى يېپىپ پات ـ پات سۇ چېچىپ تۇرۇپ، دان 2 ～ 3 سانتىمېتىر ئۈنۈپ چىققاندا ئېلىپ، ئاپتاپتا قۇرۇتۇپ، سارغايغۇچە ياكى قارايغۇچە قورۇپ تەييارلىنىدىغان بىر خىل ئارپا ئۈندۈرمىسىدۇر. (32 . 13 ـ رەسىم)

[چىقىش ئورنى] شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن تېپىلىدۇ.

[يىغىپ ساقلاش] بۇ ئۆسۈملۈكنى ياز ۋە كۈز پەسلىدە يىغىۋېلىپ، ئاپتاپتا قۇرۇتۇپ تەييارلىنىدۇ. دورىغا ھۆل ھالەتتىمۇ ئىشلىتىلىدۇ.

[خىمىيەلىك تەركىبى] ئارپا ئۈندۈرمىسى تەركىبىدە كىراخمال فېرمېنتى، ۋىتامىن B، فوسفورلۇق ماي، ئارپا ئۈندۈرمىسى قەنتى، گىلۇكوزا قاتارلىقلار بار.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

[لايىقلاشتۇرۇلۇشى] قورۇپ قۇرۇتۇش ئارقىلىق لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.
[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق سوغۇق.
[خۇسۇسىيىتى] ئاشقازان ۋە ئۈچەينى قۇۋۋەتلەش، ھەزىمنى ياخشىلاش، سۈتنى كېسىش، ھەيزنى راۋان قىلىش خۇسۇسىيەتلىرى بار.
[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر] سىيىش كېكىرىش، قورساق كۆپۈش، ئىشتىھاسىزلىق، ھەيز نورمال بولماسلىق، سۈت كۆپىيىپ كېتىش قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.
[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]
1. ئارپا ئۇندۇرمىسىدىن تۆت گىرام، زىرە، بەدىياندىن بەش گىرام ئېلىپ، قائىدە بويىچە سوقۇپ سۈزۈپ قىلىپ ئىچسە، ھەزىمنى ياخشىلايدۇ.
2. ئارپا ئۇندۇرمىسى، تەمرىھىندىدىن ئۈچ گىرامدىن، بەدىياندىن بەش گىرام، ئەينۇلادىن ئۈچ تال ئېلىپ، مۇۋاپىق سۇدا دەملەپ ئىچسە، سىيىش كېكىرىش ۋە قورساق كۆپۈشكە مەنپەئەت قىلىدۇ.
[ئىشلىتىش مىقدارى] 3 ～ 4 گىرامغىچە.
[زىيانلىق تەسىرى] قاننىڭ ھارارىتىنى پەسەيتىدۇ.
[دىققەت قىلىدىغان ئىشلار] بالا ئېمىتىۋاتقان ياكى ھامىلدار ئاياللارغا ئىشلىتىش مەنئى قىلىنىدۇ.
[تۈزەتكۈچىسى] خام زەنجىۋىل.
[ئورۇنباسارى] كۆك ماش.
[ۋەكىل خاراكتېرلىك پىششىق دورا ياسالمىسى] تەرياقى تەربىئە، تەرياقى شىمانىيە.

## پىستىگۇل يىلتىزى
## 皮斯提古丽依力提孜
## (太子参 tai zi shen)

[باشقا ئاتىلىشى] پىستىگۇل
[لاتىنچە نامى] Radix Pseudostellaria heterophylla
[ئىنگلىزچە نامى] Differet Leaves Pseudostellaria Root Tuber
[تونۇش] بۇ، چىننىگۇل ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك پىستە گۈلنىڭ تۈگۈنەك يىلتىزىدىن ئىبارەت بولۇپ، «پىستىگۇل» ۋە «پىستىگۇل يىلتىزى» نامدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ. (32. 14 ـ رەسىم)
[خىمىيەلىك تەركىبى] ئۇنىڭدىن باشقا مېۋە قەنتى، كۆپ خىل ئامىنو كىسلاتاسى، مىكرو ئېلېمېنتلار مانگان قاتارلىقلار بار.
[فارماكولوگىيەلىك تەسىرى] لىمفا ھۈجەيرىسىنىڭ كۆپىيىشىدە روشەن غىدىقلاش تەسىرگە ئىگە.
[چىقىش ئورنى] تاغ باغرى ۋە تاش يېرىقلىرىدا ئۆسىدۇ. خېنەن، خۇبېي، خۇنەن قاتارلىق جايلاردىن چىقىدۇ.

[يغىپ ساقلاش] بۇ ئۆسۈملۈكنىڭ تۈگۈنەك يىلتىزىنى كولاپ ئېلىپ، يۇيۇپ قۇرۇتۇپ ساقلىنىدۇ.
[تەبىئىتى] بىرىنچى دەرىجىدە قۇرۇق سوغۇق.
[خۇسۇسىيىتى] ئاشقازان ۋە ئۈچەينى ياخشىلاش، ئىشتىھانى ئېچىش، بەدەننى قۇۋۋەتلەش، نەپەسنى راۋانلاشتۇرۇش، ئۇسسۇزلۇقنى پەسەيتىش، نېرۋىنى قۇۋۋەتلەش خۇسۇسىيىتى بار.
[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر] ئىشتىھاسىزلىق، ماغدۇرسىزلىق، كۆپ ئۇسساش، نەپەس سىقىلىش، قۇرۇق يۆتەل، نېرۋا ئاجىزلىقى قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.
[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]
1. پىستىگۈل يىلتىزى، بەديان، لاچىندانە، قەلەمپۇرنىڭ ھەربىرىدىن 10 گىرام، قاقىلەدىن بەش گىرام ئېلىپ، دورىلارنى قاينىتىپ ئىچسە، ئاشقازان ۋە ئومۇمىي بەدەننى قۇۋۋەتلەيدۇ.
2. زۇپا، پىرسىياۋشان 10 گىرامدىن، ئەنجۈر مونىكىدىن ئۈچ دانە، پىستىگۈل يىلتىزىدىن سەككىز گىرام ئېلىپ، دورىلاردىن قائىدە بويىچە كاشكاپ تەييارلاپ، كۈندە ئىككى ۋاق 20 مىللىلىتىردىن ئىچسە، نەپەسنى راۋانلاشتۇرىدۇ.
[ئىشلىتىش مىقدارى] 10~20 گىرامغىچە.
[زىيانلىق تەسىرى] ئەزالارغا قۇرۇقلۇق يەتكۈزىدۇ.
[تۈزەتكۈچىسى] ھەسەل سۈيى.
[ئورۇنباسارى] ئادەمگىياھ.
[ۋەكىل خاراكتېرلىك پىششىق دورا ياسالمىسى] پىستىگۈل قاينىتىلمىسى.

## جىغان مېۋىسى

## 米维斯吉航

## (沙棘 sha ji)

[باشقا ئاتىلىشى] ئۇلايىكى، دۇر
[لاتىنچە نامى] Fructus Hippo phar hamnoides
[ئىنگلىزچە نامى] Sea buckthorn Fruit
[تونۇش] بۇ، جىگدە ئائىلىسىدىكى يوپۇرماق تاشلايدىغان چاتقال ياكى كىچىك دەرەخ جىغان ئۆسۈملۈكىنىڭ مېۋىسى بولۇپ، «جىغان مېۋىسى» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ. مېۋە ئېتى مايلىق، سىلىق، يۇمشاق كېلىدۇ. رەڭگى توق قىزىل، شار شەكىللىك، ئىچىدىن ئۇرۇقى چىقىدۇ، مېغىزىنىڭ رەڭگى ئاق، مايلىق، ئازراق پۇراقلىق كېلىدۇ.
[يىغىپ ساقلاش] بۇ ئۆسۈملۈكنى ياز ۋە كۈز پەسلىدە يىغىۋېلىپ، ئاپتاپتا قۇرۇتۇپ تەييارلىنىدۇ. دورىغا ھۆل ھالەتتىمۇ ئىشلىتىلىدۇ.
[خىمىيەلىك تەركىبى] مېۋىسىدە كۆپ خىل ۋىتامىنلار بار. ئۇچۇچان ماددا، گىلۇكوزا، مېۋە قەنتى ئومۇمىي مىقدارى %10.5 ~ % 8.5 كىچە. 18 خىل ئامىنو كىسلاتاسى بار.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى



جىغان مېۋىسى

[فارماكولوگىيەلىك تەسىرى] ① يۈرەك قان تومۇرغا بولغان تەسىرى: يۈرەك سانجىقىنى ياخشىلايدۇ. تاجىسمان ئارتېرىيەنىڭ بوتقىسىمان قېتىشىشىنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ؛ ② نەپەس سىستېمىسىغا بولغان تەسىرى: بەلغەم بوشىتىش، يۆتەل پەسەيتىش، زىققىنى پەسەيتىش؛ ③ ھەزىم قىلىش سىستېمىسىغا قارىتا: ئاشقازان، ئۈن ئىككى بارماق ئۈچەي يارىسى، ھەزىم ناچارلىشىشقا مەنپەئەت قىلىدۇ؛ ④ ئىممۇنىتېت ئىقتىدارىنى يۇقىرى كۆتۈرىدۇ؛ ⑤ ۋىتامىن A، ۋىتامىن B، ۋىتامىن C، ۋىتامىن PPA كەملىكىنى داۋالايدۇ.

[لايىقلاشتۇرۇلۇشى] يۇيۇپ قۇرۇتۇش ئارقىلىق لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

[تەبئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق سوغۇق.

[خۇسۇسىيىتى] ئىشتىھانى ئېچىش، ئاشقازانىنى قۇۋۋەتلەش، ھۆلنى پەسەيتىش، جىگەر خىزمىتىنى ياخشىلاش، كۆڭۈلنى ئېچىش، يۆتەل توختىتىش، بەلغەم بوشىتىش، سۈيدۈك ھەيدەش، ئىششىقلارنى ياندۇرۇش خۇسۇسىيەتلىرى بار.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر] ھەزىم ئاجىزلىقى، ئىشتىھاسىزلىق، يۆتەل، جىگەر قېتىشىشتىن بولغان سۇلۇق ئىششىق، كۆڭۈل ئېلىشىش، قۇسۇش، سۈيدۈك تۇتۇلۇش قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. جىغان سۈيىگە بىر گىرام زەپەر قوشۇپ، كۈندە ئىككى ۋاق ئىچىپ بەرسە، سۈيدۈك ھەيدەپ، ئىششىق ياندۇرىدۇ، جىگەر توسالغۇلىرىنى ئاچىدۇ.

2. ھۆل جىغان سۈيىنى كۈندە 10 مىللىلىتىردىن ئىچسە، جىگەر ھارارىتىنى پەسەيتىدۇ، ئىشتىھانى ئاچىدۇ، كۆڭۈل ئېلىشىشقا شىپا بولىدۇ.

3. جىغان مېۋىسى، بىھى، ئالما قاتارلىقلاردىن مۇۋاپىق مىقداردا ئېلىپ، سۈيىنى چىقىرىپ ئىچسە، كۆڭۈل ئېلىشىش ۋە قۇسۇشقا مەنپەئەت قىلىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] 3 ~ 9 گىرامغىچە.

[زىيانلىق تەسىرى] يۆتەلگە زىيان قىلىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] بادام مېغىزى، سەرپىستان.

[ئورۇنباسارى] زىرىق.

[ۋەكىل خاراكتېرلىك پىششىق دورا ياسالمىسى] جىغان شەربىتى.

## قاقىلە

## 卡克拉

## （草果 cao guo ）

[باشقا ئاتىلىشى] قاقىلە كىبار، قاقىلە كېبىر، ھېل كالاڭ، ئالالچى كالاڭ

[لاتىنچە نامى] Fructus Amomum tsaoko

[ئىنگلىزچە نامى] Tsao – ko Amomum Fruit



[تونۇش] بۇ، زەنجىۋىل ئائىلىسىدىكى ئېگىزلىكى 2 ~ 3 مېتىرغىچە ئۆسىدىغان كۆپ يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك (بۇ ئۆسۈملۈك ئىككى خىل بولىدۇ، ئۇنىڭ بىر خىلى چوڭراق كېلىدۇ. بۇ ئادەتتە «چوڭ قاقىلە» دېيىلىدۇ، يەنە بىرى كىچىكرەك كېلىدۇ. بۇ «كىچىك قاقىلە» دېيىلىدۇ) نىڭ مېۋىسى «قاقىلە» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ. (15.32 ـ رەسىم)

[چىقىش ئورنى] ئېلىمىزنىڭ يۈننەن، گۈيجۇ، گۇاڭشى قاتارلىق ئۆلكىلىرىدىن ھەمدە ھىندىستان، نېپال قاتارلىق ئەللەردىن چىقىدۇ.

[يىغىپ ساقلاش] 10ـ، 11ـ ئايلاردا مېۋىسى قىزىرىپ پىشقاندا ئاپتاپتا قۇرۇتۇپ، سالقىن ئورۇندا ساقلىنىدۇ.

[خىمىيەلىك تەركىبى] قاقىلە تەركىبىدە 3% ئەتراپىدا ئۇچۇچان ماي بار، ئۇنىڭدىن باشقا كىراخمال، ماي قاتارلىقلار بار.

[فارماكولوگىيەلىك تەسىرى]①

قىزىتما قايتۇرۇش، يالۇغ قايتۇرۇش، دەم سىقىلىشنى داۋالاش، ئاغرىق پەسەيتىش تەسىرىگە ئىگە؛ ② ئۈچەي توشقىنىغا بەرسە قان بېسىمىنى دەرھال چۈشۈرگەن، نەپەسنى تېزلەتكەن.

[لايىقلاشتۇرۇلۇشى] يۇيۇش، قۇرۇتۇش ئارقىلىق لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى] ئاشقازان، ئۈچەينى قۇۋۋەتلەش، تاماق سىڭدۈرۈش، كېكەرتىش، قورساقتىكى يەلنى ھەيدەش، ئۇسسۇزلۇق پەسەيتىش، ئىچ سۈرۈشنى توختىتىش خۇسۇسىيىتى بار.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر] ئاشقازان، يۈرەك، مېڭە ئاجىزلىقى، ھەزىم ناچارلىقى، كۆڭۈل ئېلىشىش، ئىچ سۈرۈش قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. قاقىلەنى يۇمغاقسۈت ئۇرۇقى، ئارپىبەدىيان بىلەن قورۇپ، شېكەر بىلەن سوقۇپ سۇفۇپ تەييارلاپ ئىستېمال قىلسا، ئىچ سۈرۈشنى توختىتىدۇ.

2. قاقىلەنى خولىنجان بىلەن قوشۇپ سوقۇپ، سۇفۇپىنى چىش مىلىكىگە سەپسە، چىش مىلىكى

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى

بوشاش ۋە ئېغىز ئىچى مۇدۇر - چاقىلىرىغا مەنپەئەت قىلىدۇ.

3. قاقلە، لاچىندانە ھىندى، گۇلدارچىن، بەدىياننىڭ ھەربىرىدىن 10 گىرام، پىنىندىن يەتتە گىرام ئېلىپ، قائىدە بويىچە چايلىق تەييارلاپ ئىچسە، ھەزىمنى ياخشىلاپ، يەل ھەيدەيدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] 5 ~ 10 گىرامغىچە.

[زىيانلىق تەسىرى] ئۆچەيگە قۇرۇقلۇق يەتكۈزىدۇ، ئۆپكىگە زىيان قىلىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] كەتىرا.

[ئورۇنباسارى] لاچىندانە، كاۋاۋچىن.

[ۋەكىل خاراكتېرلىك پىششىق دورا ياسالمىسى] سۇفۇپى قاقلە.

## قىزىلچا

## 克孜力查

(甜菜根 tian cai gen)

[باشقا ئاتىلىشى] قىزىلچا يىلتىزى

[لاتىنچە نامى] Radix Beta Vulgaris

[ئىنگلىزچە نامى] Common Beet Root

[تونۇش] بۇ، لويلا ئائىلىسىدىكى ئېگىزلىكى 60 ~ 120 سانتىمېتىرغىچە ئۆسىدىغان ئىككى يىللىق ياكى كۆپ يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك قىزىلچا بولۇپ، بۇ ئۆسۈملۈكنىڭ يىلتىزى «قىزىلچا» ياكى «قىزىلچا يىلتىزى» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ. يىلتىزى ئەتلىك، توم بولۇپ، سەۋزىگە ئوخشايدۇ، سىرتقى يۈزى سۆسۈنگە مايىل قىزىل ياكى سارغۇچ ئاق رەڭلىك، تەمى تاتلىق، پۇراقلىق كېلىدۇ. (16.32 - رەسىم)

[چىقىش ئورنى] شىنجاڭنىڭ ھەممە جايلىرىدا تېرىپ ئۆستۈرۈلىدۇ.

[يىغىپ ساقلاش] بۇ ئۆسۈملۈكنىڭ ئۇرۇقى پىشقاندا يىلتىزىنى كولاپ ئېلىپ، يۇيۇپ قۇرۇتۇپ ساقلىنىدۇ.

[خىمىيەلىك تەركىبى] قىزىلچىنىڭ تەركىبىدە قىزىلچا ئالكالوئىدى (Betaine)، 18%~20% كىچە قەنت تۇتىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە ئاساسلىقى قومۇش شېكىرى، ئاز مىقداردا گىلۇكوزا، مېۋە قەنتى ۋە چېگىت قەنتى، پېنتوزان (Pentasan)، مېۋە يېلىمى، تالالىق ماددا، كىراخمال، ئۇنىڭدىن باشقا يەنە كۆپ خىل ئامىنو كىسلاتاسى، ئورگانىك كىسلاتا، سۇدا ئېرىيدىغان ۋىتامىن قاتارلىقلار بار.

[فارماكولوگىيەلىك تەسىرى] يىلتىزىدا ھەيزنى راۋانلاشتۇرۇش تەسىرى بار. بۇنىڭ ئۈنۈملۈك تەركىبى قىزىلچا ماددىسى (Betin) بولۇپ، بۇ ئېھتىمال قىزىلچا ئىشقارىدىن ئىبارەت بولسا كېرەك، زەھەرسىز. پۈتۈن چۆپنىڭ مۇشۇككە نىسبەتەن مەددە قۇرتى ئۆلتۈرۈش تەسىرى بار. ئۇنىڭ باكتېرىيەگە قارشى تەسىرى بار.

[تەبىئىتى] بىرىنچى دەرىجىدە ھۆل ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى] ئاشقازان ۋە ئۈچەينى قۇۋۋەتلەش، ئىچىنى يۇمشىتىش، تېرىگە جولا بېرىش، ئىششىق ياندۇرۇش، قان كۆپەيتىش، بەلغەم بوشىتىش، پەيى چىڭىتىش، بەدەننى ۋە باھنى قۇۋۋەتلەش خۇسۇس-

يىتى بار.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر] ئاشقازان، بۆرەك ۋە بەدەن ئاجىزلىقى، قان ئازلىق، بۆرەك ۋە مەقئەت كېسەللىكلىرى، مۇپاسىل، ئۇششاق بوغۇملار ئاغرىقى، لەقۋا، باشنىڭ يېرىمى ئاغرىش، چىش ئاغرىقى قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. قىزىلچىنى گۆش بىلەن ياكى ئۆزىنى يالغۇز پىشۇرۇپ يېسە، ئوزۇق بولىدۇ، ئىچىنى يۇمشىتىدۇ، قايىنتىپ سۈيى بىلەن باشنى يۇسا، باشنىڭ كېپەكلىشىشىنى يوقىتىدۇ ۋە پىتلەرنى ئۆلتۈرىدۇ، يوپۇرمىقىنى قايتا - قايتا قايىنتىپ پۇت - قوللارنى يۇسا، پۇت - قول يېرىقلىرىغا پايدا قىلىدۇ.

2. خېنە يوپۇرمىقىنى قىزىلچا بىلەن قوشۇپ ئېزىپ چاچقا سۈركىسە، چاچ ئۇندۇرىدۇ، تېرىنى چىرايلىق ۋە يۇمران قىلىدۇ.

3. قىزىلچىنى سىركە ۋە قىچا بىلەن قوشۇپ ئىچىپ بەرسە، تالنىڭ توسالغۇلىرىنى ئېچىپ، ئىششىق ياندۇرىدۇ.

4. 15 گىرام قىزىلچا يوپۇرمىقىنىڭ سۈيىنى ھەسەل بىلەن قوشۇپ تەمرەتكە، سۆگەل، بەھەق، داغ ۋە سەپكۈنلەرگە چاپسا پايدا قىلىدۇ.

5. قىزىلچىدىن 10 گىرام، قىچىدىن يەتتە گىرام، ئاچچىقسۇدىن مۇۋاپىق مىقداردا ئېلىپ ئىچىپ بەرسە، يەلدىن بولغان ئۇچەي توسۇلۇشقا پايدا قىلىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] 40 گىرامغىچە.

[زىيانلىق تەسىرى] كۆپ ئىستېمال قىلسا ئىشتىھانى كېمەيتىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] ئەينۇلا، تەمرىھىندى.

[ئورۇنباسارى] چامغۇر، سەۋزە.

[ۋەكىل خاراكتېرلىك پىششىق دورا ياسالمىسى] جاۋارىش زەرئۇنى.

## توخۇ تاشلىقى پوستى
## 托伙塔西里克破斯提
## （鸡内金 ji nei jin）

[باشقا ئاتىلىشى] قانسە، سەنگدانەمۇرۇغ، جىنەدان، سەنگادان، مورغى كى سەنگدان

[لاتىنچە نامى] Endothelium coreneum Gigeriae Galii

[ئىنگلىزچە نامى] Chicken, s Gizzard Chicken membrane

[تونۇش] بۇ، قىرغاۋۇل ئائىلىسىدىكى ھايۋانات ئۆي توخۇسىنىڭ تاشلىق خالتىسىنىڭ يۇيۇپ تازىلاپ، قۇرۇتۇلغان ئىچكى پەردىسى بولۇپ، بۇ ئۆلچەمسىز سوقىچاق شەكىللىك، پۈرمە سىزىقچىلىرى بار، سىرتقى يۈزى سارغۇچ قوڭۇر رەڭ، تەمى ئاچچىق، ئازراق پۇراقلىق، بۇ ئادەتتە «توخۇ تاشلىقى» ياكى «قانسە» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ.

[چىقىش ئورنى] شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ھەممە جايلىرىدىن چىقىدۇ.

www.uyghurkitap.com



توخۇ تاشلىقى پوستى

[يىغىپ ساقلاش] توخۇنى ئۆلتۈرۈپ، تاشلىقىنى ئېلىپ تازىلاپ، يۇيۇپ، ئىچكى پەردىسىنى سويۇپ ئېلىپ، قۇرۇتۇپ ساقلىنىدۇ.

[خىمىيىلىك تەركىبى] ۋىنتىسۇلىن بىلەن ئاقسىلدىن تەركىب تاپقان.

[فارماكولوگىيىلىك تەسىرى] ئاشقازان سۇيۇقلۇقى مىقدارى، كىسلاتالىق دەرىجىسى ۋە ھەزىم قىلىش كۈچىنى ئاشۇرىدۇ.

[لايىقلاشتۇرۇلۇشى] پوستىنى ئاجرىتىش، توغراش، قۇرۇتۇش ئارقىلىق لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى] ئاشقازان، جىگەر، ئۈچەي ۋە تالنى قۇۋۋەتلەش، ئىشتىھانى ئېچىش، سۈيدۈك قېتىم سانىنى ئازايتىش، يەل ھەيدەش، ئىچ سۈرۈشنى توختىتىش خۇسۇسىيەتلىرى بار.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر] ئاشقازان ئاجىزلىقى، ئاشقازان يارىسى، تاماق سىڭمەسلىك، قورساق كۆپۈش، بالىلاردىكى سوزۇلما خاراكتېرلىك ھەزىم بۇزۇلۇش، بالىلاردىكى سىيگەكلىك كېسىلى، ئىچ سۈرۈش قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. قانىسە، قاقلە، بەدىيان، كەشنىزدىن 10 گرامدىن، ناۋاتتىن 50 گرام ئېلىپ، سۇفۇپ تەييارلاپ ئىستېمال قىلسا، ئاشقازان قۇۋۋەتلەشكە مەنپەئەت قىلىدۇ.

2. ئاقمۇچ، قانىسە، زىرە، بەدىيان، پىننىدىن 10 گرامدىن ئېلىپ، قائىدە بويىچە سۇفۇپ قىلىپ ئىچسە، ئاشقازان مەنبەلىك ئىچ سۈرۈشكە مەنپەئەت قىلىدۇ.

3. قانىسەنى مۇۋاپىق مىقداردا ئېلىپ، سوقۇپ بالىلارغا ئىچۈرسە، ھەزىم بۇزۇلۇش ۋە سىيگەكلىككە مەنپەئەت قىلىدۇ.

4. بەدىيان، قانىسە، بەسبانە، پىننىدىن 10 گرامدىن، مەستىكى رۇمىدىن يەتتە گرام ئېلىپ، قائىدە بويىچە چايلىق تەييارلاپ ئىچسە، ئىشتىھانى ئاچىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] 4 ~ 12 گرامغىچە.

[زىيانلىق تەسىرى] ئۈچەيگە قۇرۇقلۇق يەتكۈزىدۇ. تەستە ھەزىم بولىدۇ ۋە قۇلۇنجى پەيدا قىلىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] كەتىرا، بادام يېغى، سىركە، تۇز.

[ئورۇنباسارى] ئۆردەك تاشلىقى پوستى.

[ۋەكىل خاراكتېرلىك پىششىق دورا ياسالمىسى] مەجۇنى قانىسە، سۇفۇپى قانىسە.

## پىننە
## 品乃
## (霍香 huo xiang)

[باشقا ئاتىلىشى] نەئنائى پۇدىنەج، ھىزارپايە، پۇدىنە

[لاتىنچە نامى] Herba Agastache rugosa

[ئىنگلىزچە نامى] Wrinkled Gianthyssop Herb



پننه

[**تونۇش**] بۇ، كالپۇكسىمان گۈللۈكلەر ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك باغ پىننىسىنىڭ پۈتۈن چۆپىدىن ئىبارەت. رەڭگى قېنىق يېشىل، تەمى ئاچ-چىق بولۇپ، خۇش پۇراق كېلىدۇ. (رەسىم ـ 18.32)

[**يىغىپ ساقلاش**] بۇ ئۆسۈملۈكنى ياز ۋە كۈز پەسلىدە يىغىۋېلىپ، ئاپتاپتا قۇرۇتۇپ تەييارلىنىدۇ. دورىغا ھۆل ھالەتتىمۇ ئىشلىتىلىدۇ.

[**خىمىيەلىك تەركىبى**] ئاساسلىق ئۇچۇچان ماي بار. ئۇنىڭدىن باشقا تەركىبىدىكى مېتىل خاۋىكول (Metyl chvicol) 80% تىن يۇقىرى، ئانېتول (Anethole) ، ئانىس ئالدېھىد (Anisaldehyde) قاتارلىق-لار بار.

[**فارماكولوگىيەلىك تەسىرى**] باكتېرىيەگە ۋە زەمبۇرۇغقا قارشى تەسىرى بار.

[**لايىقلاشتۇرۇلۇشى**] يۇيۇش، توغراش، قۇرۇتۇش ئارقى-لىق لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

[**تەبىئىتى**] ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[**خۇسۇسىيىتى**] ئاشقازان ۋە ئۆتنى قۇۋۋەتلەش، ئىشتىھانى ئېچىش، ھەزىمنى ياخشىلاش، يەل ھەي-دەش، بەدەننى قىزىتىش، كۆڭۈلگە خۇشلۇق يەتكۈزۈش، يۈرەكنى قۇۋۋەتلەش، قاننى سۈيۈلدۈرۈش، سوغۇق ماددىلارنى تارقىتىش، سۈيدۈك ۋە ھەيزنى راۋانلاشتۇرۇش، باھنى قۇۋۋەتلەش ۋە ئاغرىق پەسەيتىش خۇسۇسىيىتى بار.

[**ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر**] ئاشقازان ئاجىزلىقى، ئىشتىھاسىزلىق، سوغۇقتىن بولغان باش ئاغرىقى، قۇلاق ئاغرىقى، يۈرەك ئاغرىقى، ھېق تۇتۇش، كۆڭۈل ئېلىشىش، قۇسۇش، سۈيدۈك ۋە ھەيز راۋان بولماسلىق، يۇقۇملۇق ئىچ سۈرۈش، باھ ئاجىزلىقى، بوۋاسىر، ئۈرۈقدان ئىششىقى قاتارلىقلارغا ئىشلى-تىلىدۇ.

[**ئىشلىتىش ئۇسۇلى**]

1. پىننە، قاقىلە، بەديان، ئوغرىتىكەندىن 10 گىرام ئېلىپ، سوقۇپ چايلىق قىلىپ ئىچىپ بەرسە، تولا ھېق تۇتۇشقا شىپا بولىدۇ.

2. پىننىدىن 60 گىرام، ئانار شەربىتى، بېھى شەربىتىدىن 250 مىللىلىتىردىن، قاقىلە، لاچىندا-نىدىن 30 گىرامدىن ئېلىپ، شەربەت تەييارلاپ ئىچىپ بەرسە، ھەزىمنى ياخشىلايدۇ. ئىشتىھانى ئاچىدۇ.

3. پىننىدىن 10 گىرام، سانا، بادام مېغىزى، خىيارشەنبەردىن 15 گىرامدىن ئېلىپ، مەتبۇخ تەييارلاپ ئىچىپ بەرسە، ھەيزنى راۋانلاشتۇرىدۇ.

[**ئىشلىتىش مىقدارى**] 3 ~ 6 گىرامغىچە.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

[زىيانلىق تەسىرى] يەل پەيدا قىلىدۇ، گالنى قىچىشتۇرىدۇ، ئۈچەيگە زىيانلىق.
[تۈزەتكۈچىسى] كەرەپشە، نىلۇپەر، بىنەپشە.
[ئورۇنباسارى] ياپۇز (پۇدىنە)، پىلپىل، زىرە.
[ۋەكىل خاراكتېرلىك پىششىق دورا ياسالمىسى] پىننە گۈلقەندى، نارپىننە شەربىتى.

## جۇۋىنە
## 居维那
### (阿育魏 a yu wei shi)

[باشقا ئاتىلىشى] كومونى مۇلۇكى، نانخۋا، ئەجۋائىن دىسى.
[لاتىنچە نامى] Fructus Trachyspermum ammi
[ئىنگلىزچە نامى] Sinking Trachyspermum Fruit


جۇۋىنە

[تونۇش] بۇ، كۈنلۈكسىمان گۈللۈكلەر ئائىلىسىدىكى بىر يىللىق سامان غوللۇق، جۇۋىنەگە ئۇرۇقداش ئۆسۈملۈك بولۇپ، ئېگىزلىكى 0.5 ~ 1 مېتىرغىچە كېلىدۇ؛ غولى تىك، كۆپ شاخلىق، سىرتىدا تېيىز، ئۇزۇنغا كەتكەن ئې-رىقچىلىرى بار؛ يوپۇرماقلىرى نۆۋەتلىشىپ ئۆسىدۇ، سېپى ئۇزۇن، تۈۋى غىلاپسىمان بولۇپ، غولنى يېرىم ئوراپ تۇرىدۇ. يوپۇرمىقى ئۈچ - تۆت قايتىلانغان، پەيسىمان يې-رىلغان، يېرىقچە ياپراقلىرى يىپسىمان بولىدۇ؛ مۇرەككەپ كۈنلۈكسىمان گۈل رەتى ئۇچىدا ئۆسىدۇ، گۈلى كىچىك، ئاق مېۋىسى ئۇرۇق مېۋە بولۇپ، شەكلى ئۇزۇنچاق تۇخۇم-سىمان، رەڭگى قارامتۇل سېرىق كېلىدۇ. قولدا ئەزگەندىن كېيىن، ئۆتكۈر پۇرىقى چىقىدۇ. (32.19 - رەسىم)
[چىقىش ئورنى] شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدا تېرىپ ئۆستۈرۈلىدۇ. ھەم مىسىر، ئەرەبىستان، ئىران، ئافغانىستان قاتارلىق ئەللەردىن چىقىدۇ.
[يىغىپ ساقلاش] كۈز پەسلىدە مېۋىسى پىشقاندا يىغىۋېلىپ، ئارىلاشمىلىرىنى چىقىرىۋېتىپ، سالقىن، قۇرغاق ئورۇندا ساقلىنىدۇ.
[خىمىيىلىك تەركىبى] ئۇرۇقى تەركىبىدە 3% ~ 4% كىچە ئۇچۇچان ماي بار، ئۇچۇچان مېيىدا ئاساسلىقى تىمول (Thymol) بولۇپ، بۇ 30% ~ 40% نى ئىگىلەيدۇ، ئۇنىڭدىن باشقا يەنە 30% ماي، 16% ئەتراپىدا ئاقسىل بار.
[فارماكولوگىيىلىك تەسىرى] تىمول ئېغىز بوشلۇقى، كاناي شىللىق پەردىلىرىگە نىسبەتەن باكتېرىيە، زەمبۇرۇغ ئۆلتۈرۈش تەسىرىگە ئىگە. قۇرت يېگەن چىشلارنىڭ چىرىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ناركوز

قىلىش تەسىرى بار. يەنە تەركىبىدىكى يىرىڭلىق يۇقۇملىنىش، زەمبۇرۇغ بىلەن يۇقۇملىنىش قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ. يەنە ئىلمەك باشلىق قۇرتنى چۈشۈرۈش رولى بار. مىقدارى كۆپ بولسا قورساق ئاغرىش، كۆڭۈل ئېلىشىش، قۇسۇش، سۇمۇرۇلگەندىن كېيىن يەنە مەركىزىي نېرۋا سىستېمىسى قوزغىلىش قاتارلىق ئەھۋاللار يۈز بېرىدۇ. لېكىن تارتىشىش ناھايىتى ئاز يۈز بېرىدۇ، جۇۋىنە ئۇرۇقىنىڭ مېيىدا 30% تېمول بار بولۇپ، سازاڭ قۇرتىنى زەھەرلەيدۇ. ئىسپىرتلىق ئېرىتمىسى (1:10 نىسبەتتىكى) ئۈزۈمسىمان شارچە باكتېرىيە، چوڭ ئۈچەي تاياقچە باكتېرىيەلىرىنى تورمۇزلايدۇ، سۈيۈقلاندۇرۇلمىسى بەلغەم بوشاتقۇچى قىلىپ ئىشلىتىلىدۇ.

[**لايىقلاشتۇرۇلۇشى**] يۇيۇش، توغراش ئارقىلىق لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

[**تەبىئىتى**] ئۈچىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[**خۇسۇسىيىتى**] ئاشقازان، ئۈچەي، باھ ۋە پەيلەرنى قۇۋۋەتلەش، سېزىمگە ياردەم بېرىش، يەل ھەيدەش، ئاغرىق پەسەيتىش، ھۆللۈكلەرنى قۇرۇتۇش، پارقىرىتىش، ئىشتىھانى ئېچىش، قورساقتىكى قۇرتنى ئۆلتۈرۈش، تارتىشىپ قېلىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش، سۈيدۈك ۋە ھەيزنى راۋان قىلىش، ئىشتىھاسىزلىق، سۈت كاناللىرىنى ئېچىش، ئىششىق ياندۇرۇش، تەرلىتىش، زەھەر قايتۇرۇش، چىرىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش خۇسۇسىيىتى بار.

[**ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر**] ئاشقازان ئاجىزلىقى، ئاشقازان سوۋۇپ كېتىش، ئاشقازان تۆۋەنلەش، قورساق كۆپۈش، پالەچ، رەئىشە، پەي ۋە باھ ئاجىزلىقى، كۆكرەك ئاغرىقى، ھېق تۇتۇش، قۇسۇش، كۆڭۈل ئېلىشىش، بەھەق، بەرەس، سۈيدۈكنىڭ تەستە كېلىشى، بۆرەك ۋە سۈيدۈك يوللىرىدا تاش پەيدا بولۇپ قېلىش، ئىشتىھاسىزلىق، تولا كېكىرىش، يەلدىن بولغان قورساق ئاغرىقى، ئۈچەي ئاغرىقى، ئىچ سۈرۈش، ھەيز توسۇلۇش، سۈت كەملىك، قورساقتا سۇ چۈشۈش قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[**ئىشلىتىش ئۇسۇلى**]

1. 10 گىرام جۇۋىنەنى قورۇپ، بەدىيان، پىننىدىن بەش گىرامدىن ئېلىپ سوقۇپ، كۈندە ئىككى ۋاق ئىچسە، ھەزىم ئاجىزلىقىدىن بولغان ئىسھالغا شىپا بولىدۇ.

2. جۇۋىنە، ئارپىبەدىيان، رۇمبەدىياندىن 10 گىرامدىن ئېلىپ، ئارىلاشتۇرۇپ سوقۇپ چايلىق قىلىپ ئىچسە، يەل ھەيدەيدۇ.

3. جۇۋىنە، خولىنجاندىن بەش گىرامدىن ئېلىپ، سوقۇپ تاماقتا سېلىپ ياكى كاۋاپقا سېپىپ يېسە، تولا كېكىرىشكە شىپا بولىدۇ.

4. 10 گىرام جۇۋىنەنى يۇمشاق سوقۇپ، 30 گىرام ئەينۇلا مۇرابباسىغا ئارىلاشتۇرۇپ، كۈندە بىر قېتىم يەپ بەرسە ئىشتىھانى ئاچىدۇ.

[**ئىشلىتىش مىقدارى**] 3 ~ 10 گىرامغىچە.

[**زىيانلىق تەسىرى**] ئىسسىق مىزاج كىشىلەرنىڭ بېشىنى ئاغرىتىدۇ. مەنىي سۇيۇقلۇقى ۋە سۈتنى ئازايتىدۇ.

[**تۈزەتكۈچىسى**] گۈلبىنەپشە، نىلۇپەر، يۇمغاقسۈت ئۇرۇقى.

[**ئورۇنباسارى**] سىيادان، كەرەپشە ئۇرۇقى، زىرە.

[**ۋەكىل خاراكتېرلىك پىششىق دورا ياسالمىسى**] مەجۇنى نانخا، سۇفۇپى ھازىمە.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# شاخار

## 沙哈尔

(碳酸钠 tan suan na)

[باشقا ئاتىلىشى] قەلا، يەرلىك شاخار

[لاتىنچە نامى] Natrium Carbonate Crudum

[ئىنگلىزچە نامى] Sodium

[تونۇش] بۇ، ئۆشنان دېگەن ئۆسۈملۈكنى كۆيدۈرگەندىن چىققان كۈلنىڭ قېتىشمىسىدىن ئېلىنىدىغان ماددا بولۇپ، بۇ ماددىنى ئېلىش ئۇسۇلى مۇنداق: ئالدى بىلەن يەرنى بىر ئاز كولاپ، ھۆل ئۆشنان ئۆسۈملۈكىنى كولانغان ئورەككە توپلاپ، ئۈستىگە قۇرۇق يانتاق چاۋالارنى قويۇپ ئوت ياقسا، ئۆشناندىن ئاققان ھۆللۈك ئورەككە يىغىلىپ توڭلايدۇ، ئۆشناندا ھۆللۈك قانچە كۆپ بولسا، شاخارمۇ شۇنچە كۆپ چىقىدۇ. بۇنىڭ ئەڭ ياخشىسى رەڭگى قارىغا مايىل، ساپ، پارقىراق، تۈگمەن تېشىغا ئوخشاش بولغىنىدۇر. ئادەتتە مۇشۇ ئۆسۈملۈكتىن يۇقىرىقى ئۇسۇل بىلەن تەييارلانغان قېتىشما «شاخار» ياكى «قەلا» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ.

[چىقىش ئورنى] شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ جاڭگاللىرىدىن چىقىدۇ. ئادەتتە ئۆشنان ئۆسۈملۈكى ئوتۇن ئورنىدىمۇ ئىشلىتىلىدۇ.

[يىغىپ ساقلاش] بۇ قېتىشما ھالەتتىكى ماددىنى ئايرىپ ئېلىپ، سوغۇق جايدا ساقلىنىدۇ.

[خىمىيەلىك تەركىبى] ئاساسلىقى ناترىي كاربونات بولۇپ، تازىلانمىغىنى زەھەرلىك.

[فارماكولوگىيەلىك تەسىرى] ئاساسلىقى ھەزىمنى ياخشىلايدۇ.

[لايىقلاشتۇرۇلۇشى] كۆشتە قىلىش ئارقىلىق ساپلاشتۇرۇلىدۇ.

[تەبىئىتى] ئۆتىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى] ئاشقازان ۋە ئۈچەيىنى قۇۋۋەتلەش، جاراھەتلەردىكى ئارتۇق، بۇزۇق گۆشلەرنى يوقىتىش، بەدەننى قىزىتىش، كۆزدىكى ئاقنى يوقىتىش، ئىششىق ياندۇرۇش خۇسۇسىيىتى بار.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر] ئاشقازان ئاجىزلىقى، ئىشتىھاسىزلىق، كۆپ قۇسۇش، سۆگەل، ناسۇر، ئاقكېسەل، قوتۇر، تاز، ھەر خىل چاقا، تال ئىششىقى، كۆزگە ئاق چۈشۈش قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. شاخارنى يەتتە قېتىم سۇدا ئېرىتىپ يۇيۇپ، تېگىگە چۆككەن چۆكمىسىدىن 0.1 گىرام يەپ بەرسە، ئاشقازاننى قۇۋۋەتلەيدۇ، تاماق سىڭدۈرىدۇ، ئىشتىھانى ئاچىدۇ، قۇسۇشنى توختىتىدۇ.

2. شاخارنى يەتتە قېتىم سۇدا ئېرىتىپ، يۇيۇپ تېگىگە چۆككەن چۆكمىسىدىن مۇۋاپىق مىقداردا ئېلىپ، ھايۋاناتلارنىڭ كۆزىگە سەپسە، ھايۋانلارنىڭ كۆزىدىكى ئاقنى يوقىتىدۇ.

3. شاخارنى يەتتە قېتىم سۇدا ئېرىتىپ، يۇيۇپ تېگىگە چۆككەن چۆكمىسىدىن مۇۋاپىق مىقداردا ئېلىپ جاراھەتلەرگە چاپسا، جاراھەتنىڭ ئۆلۈك گۆشلىرىنى يەيدۇ. سۆگەل، ناسۇر، بەرەس، قوتۇر،

تاز، چاقىلار ئۈچۈن مەنپەئەت قىلىدۇ.
[ئىشلىتىش مىقدارى] 0.1 گىرامغىچە ئەھۋالغا قاراپ بېرىلىدۇ.
[زىيانلىق تەسىرى] ئۆپكىگە زىيان قىلىدۇ.
[تۈزەتكۈچىسى] سېرىق ماي، سۈت.
[ئورۇنباسارى] ناترىي كاربونات.
[ۋەكىل خاراكتېرلىك پىششىق دورا ياسالمىسى] زىماتى شاخار، سۇفۇپى شاخار.
[قوشۇمچە] شاخارنىڭ ئىككى گىرامى ئادەم ئۆلتۈرىدۇ، ئارتۇق ئىشلەتمەسلىك لازىم.

## مەستىكى رۇمى
## 买斯提克
## (洋乳香 yang ru xiang)

[باشقا ئاتىلىشى] دېۋىرقاي يېلىمى، ئەلك رۇمى
[لاتىنچە نامى] Mastiche Pistacia lentisus
[ئىنگلىزچە نامى] Mastico resene
[تونۇش] بۇ، سىر دەرىخى ئائىلىسىدىكى دائىم كۆك‌رىپ تۇرىدىغان چاتقال ياكى كىچىك دەرەخ ياۋا پىستە دەرىخى «Pistacia lentisus» نىڭ دېۋىرقاي يېلىمى بولۇپ، بۇ دەرەخنىڭ يېلىمى «مەستىكى» ياكى «مەستىكى رۇمى» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ. بۇ ئۇششاق، قاتتىق مونەكچىلەر بولۇپ، سىرتقى كۆرۈنۈشى رەڭسىز، يېرىم سۈزۈك، پارقىراق، بىرئاز كونىرىغىنى سۇس سارغۇچ رەڭلىك بولۇپ، پارقىرمايدۇ. ئۈزى چۈرۈك، تەمى ئاچچىق، دانلىق، خۇش پۇراق كېلىدۇ. (32.20 ـ رەسىم)


ياۋا پىستە دەرىخى

[چىقىش ئورنى] تۈركىيە، مىسىر، سۈرىيە، تۇنىس ۋە ھىندىستان قاتارلىق ئەللەردىن چىقىدۇ.
[يىغىش ساقلاش] دەرەخنىڭ پوستىنى تىلىپ قويسا يېلىمى ئېقىپ چىقىپ قېتىپ قالىدۇ. ئۇنى ئېلىپ تازىلاپ، قۇرغاق ئورۇندا ساقلىنىدۇ.
[خىمىيەلىك تەركىبى] مەستىكى رۇمىنىڭ تەركىبىدە ئاساسلىقى رېزىنا ھىدروكاربون بىرىكمىلىرى ۋە ئۈچۈچان ماي بار.
[فارماكولوگىيەلىك تەسىرى] ئاشقازان زەخىملىنىش، ئاشقازان يارىسى، ئاشقازان ـ ئۈن ئىككى بارماق ئۈچەي يارىسىغا تەسىرى بار.
[لايىقلاشتۇرۇلۇشى] يۇيۇپ، قۇرۇتۇش ئارقىلىق لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىنىڭ ئاخىرىدا قۇرۇق ئىسسىق.
[خۇسۇسىيىتى] ئاشقازان، ئۈچەي ۋە جىگەرنى قۇۋۋەتلەش، يۇمشىتىش، يەل ھەيدەش، پارقىرىتىش، ئىششىق ياندۇرۇش، تۇتۇش، قان كۆپەيتىش، ئىچ سۇرۇشنى توختىتىش، بەدەننى ۋە رەئىس ئەزالارنى قۇۋۋەتلەش، ئېغىزنى خۇش پۇراق قىلىش، چىش مىلىكىنى چىڭىتىش، ھەزىمنى ياخشىلاش، سۈيدۈك ۋە ھەيزنى راۋانلاشتۇرۇش خۇسۇسىيەتلىرى بار.
[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر] ئاشقازان ئاجىزلىقى، ئاشقازان بوشىشىپ كېتىش، قۇسۇش، ئىچ سۇ-رۇش، قورساق ئېسىلىش، ھەزىم بۇزۇلۇش، گال ئىششىقى، ئېغىز سېسىق پۇراش، چىش مىلىكى ياللۇغى، مەنىي بالدۇر يۇرۇپ كېتىش، سىيىپ يېتىش قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.
[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]
1. مەستىكىنى يۇمشاق سوقۇپ كۆزگە سەپسە، تەتۈر كىرپىكنى رۇسلايدۇ.
2. ئۇشەق، مەستىكى، ئىكلىلمىلىك، جاۋاشىرنىڭ ھەربىرىدىن ئۈچ گىرام ئېلىپ، سوقۇپ يەرلىك ئورۇنغا چاپسا، گال ئىششىقىغا مەنپەئەت قىلىدۇ.
3. مەستىكى رۇممىدىن 10 گىرام، پىلپىل، جۇۋەنەدىن بەش گىرامدىن ئېلىپ، قائىدە بويىچە سۇفۇپ تەييارلاپ ئىچسە، ئاشقازان بوشىشىپ كېتىش، ھەزىم ناچارلىشىش، تاماق يېگەندە قۇسۇش قاتارلىقلارغا مەنپەئەت قىلىدۇ.
4. مەستىكى، كۇندۇر، بەسباسە، ئاقىرقەرھانىڭ ھەربىرىدىن يەتتە گىرام، سۇمبۇلدىن ئالتە گىرام ئېلىپ، سۇفۇپ تەييارلاپ ئىچسە، مەنىي بالدۇر يۇرۇپ كېتىش، سىيىپ يېتىش قاتارلىقلارغا مەنپەئەت قىلىدۇ.
5. مۇۋاپىق مىقداردىكى مەستىكى رۇمىنى كەھرىۋا بىلەن بىرگە سوقۇپ سۇفۇپ قىلىپ ئىچسە، ئىچكى ئەزالاردىن كەلگەن قاننى توختىتىدۇ.
[ئىشلىتىش مىقدارى] 1 ~ 4 گىرامغىچە.
[زىيانلىق تەسىرى] دوۋساقتا زىيان قىلىدۇ، مەقئەت كېسەللىكى بارلاردا سۇ، سۈيدۈكتە قان پەيدا بولىدۇ.
[تۈزەتكۈچىسى] يۇمغاقسۈت ئۇرۇقى، سىركە، كەتىرا، سەمغى ئەرەبى.
[ئورۇنباسارى] كۇندۇر، مەستىكى.
[ۋەكىل خاراكتېرلىك پىششىق دورا ياسالمىسى] جاۋارىش مەستىكى، جاۋارىش جالىنۇس.

## كۇلى بىھىسى

## 库力比哈斯

(木瓜 mu gua)

[باشقا ئاتىلىشى] سوقا بىھى، كۇلى بىھىسى قىقى
[لاتىنچە نامى] Fructus Chaenomelis lagenaria
[ئىنگلىزچە نامى] Common Flowering Quince Fruit



كۈلى بېھىسى

[تونۇش] بۇ، ئەتىرگۈل ئائىلىسىدىكى ئۆسۈملۈك ياكى پىششىق كۈلى بېھىسىنىڭ قۇرۇتۇلغان مېۋىسى بولۇپ، بۇ ئۆسۈملۈكنىڭ مېۋىسى «كۈلى بېھىسى» ياكى «سوقا بېھى» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ. (21.32 ـ رەسىم)

[چىقىش ئورنى] ئېلىمىزنىڭ ئەنخۇي، جېجياڭ، خۇبېي، سىچۈەن، قەشقەر قاتارلىق جايلىرىدىن چىقىدۇ.

[يىغىپ ساقلاش] بۇ ئۆسۈملۈكنىڭ مېۋىسى پىشقاندىن كېيىن، قۇرۇتۇپ ئۇرۇقىنى يىغىۋېلىپ، پاكىز تازىلاپ، قۇرۇق ھەم سالقىن جايدا ساقلىنىدۇ.

[خىمىيەلىك تەركىبى] كۈلى بېھىسىنىڭ تەركىبىدە ئالما كىسلاتاسى (Malic acid)، (Citric acid)، تارتارىك كىسلاتاسى (Tartaric acid)، مېۋە كىسلاتاسى، ۋىتامىن C قاتارلىقلار بار.

[فارماكولوگىيەلىك تەسىرى] جىگەرنى قوغداش تەسىرى بار؛ باكتېرىيەگە قارشى تۇرۇش تەسىرى بار؛ ھەزىم قىلىشنى ياخشىلاش تەسىرى بار.

[تەبىئىتى] بىرىنچى دەرىجىدە ھۆل ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى] ئاشقازان ۋە ئۈچەي خىزمىتىنى ياخشىلاش، پەيىنى بوشىتىش، جىگەرنى قۇۋۋەتلەش، ھۆللۈكلەرنى قۇرۇتۇش خۇسۇسىيىتى بار.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر] ئۆتكۈر خاراكتېرلىك ئاشقازان ياللۇغى، قۇسۇش، ئىچ سۈرۈش، پاچاق مۇسكۇللىرى تارتىشىپ قېلىش قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. كۈلى بېھىسىدىن 15 گىرام، ئارپىبەدىيانىدىن 10 گىرام، خام زەنجىۋىلدىن سەككىز گىرام ئېلىپ، قائىدە بويىچە قاينىتىپ ئىچسە، ئۆتكۈر ئاشقازان ياللۇغى، قۇسۇش قاتارلىقلارغا مەنپەئەت قىلىدۇ.

2. كۈلى بېھىسىدىن 10 گىرام، ئانارگۈل، ئانار پوستىنى ھەربىرىدىن سەككىز گىرامدىن ئېلىپ قاينىتىپ ئىچسە، ئىچ سۈرۈشكە مەنپەئەت قىلىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] 6 ~ 12 گىرامغىچە.

[زىيانلىق تەسىرى] باھنى ئاجىزلاشتۇرىۋېتىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] ئاقىرقەرھا، تۇخۇم سېرىقى.

[ئورۇنباسارى] يەرلىك بېھى.

[ۋەكىل خاراكتېرلىك پىششىق دورا ياسالمىسى] بېھى شەربىتى

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

# پىياز

## 皮牙孜

## （葱白 cong bai）

[باشقا ئاتىلىشى] باش پىياز، ئاق پىياز

[لاتىنچە نامى] Bulbus Allium cepa

[ئىنگلىزچە نامى] Onion Bulb



پىياز

[تونۇش] بۇ، گۈلسامساق ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق سامان غوللۇق پىيازغا ئۇرۇقداش ئۆسۈملۈك بولۇپ، ھەممىگە تونۇشلۇق بولغان، كۆندىلىك تۇرمۇشتا كۆپ ئىشلىتىلىدىغان كۆكتاتلارنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ. (22.32 ـ رەسىم)

[چىقىش ئورنى] شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ھەممە يەرلىرىدە تېرىپ ئۆستۈرۈلىدۇ.

[يىغىپ ساقلاش] بۇ ئۆسۈملۈكنى ياز ۋە كۈز پەسلىدە يىغىۋېلىپ، ئاپتاپتا قۇرۇتۇپ تەييارلىنىدۇ. دورىغا ھۆل ھالەتتىمۇ ئىشلىتىلىدۇ.

[لايىقلاشتۇرۇلۇشى] يۇيۇش، توغراش، قۇرۇتۇش ئارقىلىق لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە ئىسسىق، بىرىنچى دەرىجىدە قۇرۇق.

[خۇسۇسىيىتى] ئاشقازان، ئۈچەي، بۆرەك ۋە باھنى قۇۋۋەتلەش، ئىشتىق تارقىتىش، ھەزىمنى ياخشىلاش، بەلغەم بوشىتىش، چىرىشكە قارشى تۇرۇش، سۈيدۈك ۋە ھەيزنى راۋانلاشتۇرۇش خۇسۇسىيەتلىرى بار.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر] باھ ئاجىزلىقى، ھوشسىزلىق، بۆرەك كېسىلى، سۈيدۈك تۇتۇلۇش، ھەيز كەلمەسلىك، كالتە يۆتەل، يۇقۇملۇق ئىچ سۈرۈش، كۆرۈش كۈچى ئاجىزلىقى قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. ئاۋۋال سۇرگە دورىسىنى بېرىپ ئىچىنى تازىلاپ، پىياز سۈيىنى كۆزگە تېمىتسا، كۆز ياشانغىراش، كۆزگە سۇ چۈشۈشكە مەنپەئەت قىلىدۇ.

2. پىياز سۈيىنى قۇلاققا تېمىتسا، قۇلاق ئېغىرلىقى ۋە قۇلاق غوڭۇلداشقا مەنپەئەت قىلىدۇ.

3. پىيازنى قاينىتىپ ئىچسە، سۈيدۈك تامچىلاپ كېلىشكە پايدا قىلىدۇ، خام يېسە ھەيز ۋە سۈيدۈكنى ھەيدەپ، چوڭ تەرەتنى يۇمشىتىدۇ، قاندىكى ماينى تۆۋەنلەشتۈرىدۇ.

4. پىيازنىڭ سۈيىگە ھەسەل قوشۇپ ئىچسە، باھنى قۇۋۋەتلەيدۇ، ئوتقا كۆمۈپ پىشۇرۇپ سۈيىنى چىقىرىپ، ھەر خىل ئىششىق، بەھەق ۋە بەرەسكە سۈركىسە پايدا قىلىدۇ.

5. پىياز سۈيىدىن كۈندە ئىككى قوشۇق ئىچىپ بەرسە، بۆرەك كېسەللىكلىرىگە پايدا قىلىدۇ.

6. پىيازنى ئوتقا كۆمۈپ ئىلمان قىلىپ، يەرلىك ئورۇنغا تاڭسا ئىششىق ياندۇرىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] سۇيىدىن 24 ~ 36 مىللىلىتىرغىچە.
[زىيانلىق تەسىرى] ئىسسىق مىزاج كىشىلەرگە زىيان قىلىدۇ. مىڭە ۋە بەدەندە يەل پەيدا قىلىدۇ.
[تۈزەتكۈچىسى] سىركە، تۇز، ھەسەل، ئانار سۈيى.
[ئورۇنباسارى] كۆدە، ئەنسىل.
[ۋەكىل خاراكتېرلىك پىششىق دورا ياسالمىسى] قۇرسى پىياز، شەربىتى مۇقەۋۋى باھ.

## لاچىندانە چىنى
## 拉亲达乃
## （豆蔻 dou kou）

[باشقا ئاتىلىشى] ئەلالىچى خوردچىنى

[لاتىنچە نامى] Fructus amomum Kravant cardamomum

[ئىنگلىزچە نامى] Java amomum Fruit



لاچىندانە چىنى ئۆسۈملۈكى

[تونۇش] بۇ، زەنجىۋىل ئائىلىسىدىكى لاچىندانىنىڭ قۇرۇتۇلغان پىششىق مېۋىسىدىن ئىبارەت بولۇپ، رەڭگى ئاق سېرىققا مايىل، دادۇر چوڭلۇقىدا، تەمى ئاچچىق. (32.23 - رەسىم)

[چىقىش ئورنى] جۇڭگودىكى ئىسسىق بەلباغ رايونلىرىدىن چىقىدۇ.

[يىغىپ ساقلاش] بۇ ئۆسۈملۈكنى كۈز ۋە قىش پەسلىدە مېۋىسى پىشقاندا يىغىۋېلىپ، ئاپتاپتا قۇرۇتۇپ تەييارلىنىدۇ.

[خىمىيەلىك تەركىبى] تەركىبىدە ئۇچۇچان ماي، قارىغاي ماي ئىسپىرتى (terpineol) بار.

[فارماكولوگىيەلىك تەسىرى] ئۆت سۈيۈقلۇقىنى ھەيدەش، زىققىنى بېسىش، تاشنى ئېرىتىش تەسىرى بار.

[لايىقلاشتۇرۇلۇشى] يۇيۇش، قۇرۇتۇش ئارقىلىق لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

[تەبئىتى] بىرىنچى دەرىجىنىڭ ئاخىرىدا قۇرۇق ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى] ئاشقازان ۋە جىگەرنى قۇۋۋەتلەش، ئىشتىھانى ئېچىش، يەل ھەيدەش خۇسۇسىيىتى بار.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر] ئاشقازان ۋە جىگەر ئاجىزلىقى، ئىشتىھاسىزلىق، يەل ماڭماسلىق، ھېق تۇتۇش، قورساق ئېسىلىش، كۆڭۈل ئېلىشىش قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. لاچىندانە چىنى، سۇمبۇل ھىندى، گاۋزىبان ھىندى، رەيھان ئۇرۇقى، ئۇستۇقۇددۇس قاتارلىقلاردىن مۇۋاپىق مىقداردا ئېلىپ، چاي دەملەپ ئىچىپ بەرسە، ئاشقازان ۋە جىگەرنى قۇۋۋەتلەيدۇ.

2. لاچىندانە چىنى، قارىمۇچ، پىلپىل، زەنجىۋىلنىڭ ھەربىرىدىن 15 گىرامدىن، ئارپىبەدىيان، رۇمبەدىياندىن 10 گىرامدىن ئېلىپ، قائىدە بويىچە يۇمشاق سوقۇپ، ھەسەل بىلەن مەجۇن تەييارلاپ ئىستېمال قىلسا، ئاشقازاننى قۇۋۋەتلەيدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] 5 ~ 10 گىرامغىچە.

[زىيانلىق تەسىرى] ئۆپكىگە زىيان قىلىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] كەتىرا.

[ئورۇنباسارى] لاچىندانە ھىندى.

[ۋەكىل خاراكتېرلىك پىششىق دورا ياسالمىسى] جاۋارىش كۇندۇر.

## پىستە سىرتقى پوستى

## 皮斯台斯热替破斯提

(阿月浑子皮 a yue hui zi pi)

[باشقا ئاتىلىشى] پىستە شاكىلى پوستى

[تونۇش] بۇ سىر دەرىخى ئائىلىسىدىكى بىر خىل چاتقال ئۆسۈملۈك پىستىنىڭ شاكىلى ئۈستىدىكى پوستىدىن ئىبارەت بولۇپ، رەڭگى ئاقۇچ مايىل سارغۇچ، تەمى تاتلىقراق، پۇرىقى سۇس كېلىدۇ، بۇ «پىستە سىرتقى پوستى» نامىدا دورىلىققا ئىشلىتىلىدۇ. (24.32 ـ رەسىم)



پىستە ئۆسۈملۈكى

[چىقىش ئورنى] مەملىكىتىمىزنىڭ جىجياڭ، خۇنەن، خۇبېي، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدىن ۋە ئۆزبېكىستان، ئافغانىستان، سۇرىيە قاتارلىق ئەللەردىن چىقىدۇ.

[يىغىپ ساقلاش] بۇ مېۋىنى كۈز پەسلىدە يەنى 9 ـ، 10 ـ ئايلاردا مېۋىسى پىشقاندا يىغىۋېلىپ، شاكىلى ئۈستىدىكى پوستىنى ئايرىۋېلىپ، قۇرغاق، سالقىن جايدا ساقلىنىدۇ.

[خىمىيەلىك تەركىبى] ھەر خىل تالالىق ماددىلار، كاروتىن، ۋىتامىن C، $B_1$، $B_2$ قاتارلىقلار بار.

[فارماكولوگىيەلىك تەسىرى] قان سۇيۇقلۇقىنىڭ ئۇيۇشچانلىقىنى ئاشۇرۇش تەسىرى بار.

[لايىقلاشتۇرۇلۇشى] ئىلغاپ ساپلاشتۇرۇلىدۇ.

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق سوغۇق.

[**خۇسۇسىيتى**] ئىچ سۈرۈش، كۆڭۈل ئىلىششىنى توختىتىش، قورۇش، يۈرەك ۋە ئاشقازاننى قۇۋۋەتلەش قاتارلىق تەسىرى بار.

[**ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر**] ئىچ سۈرۈش، تولغاق، كۆڭۈل ئىلىششىش، قۇسۇش، ئېغىز يارىسى، چىش مىلىكى بوشاش، يۈرەك، ئاشقازان، ئۈچەي ئاجىزلىقى قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[**ئىشلىتىش ئۇسۇلى**]

1. نىشاستە، تاباشىردىن يەتتە گىرامدىن، قېتىق سۈزمىسى، پىستە سىرتقى پوستىدىن بەش گىرامدىن ئېلىپ، دورىلارنى قائىدە بويىچە سوقۇپ سۇفۇپ تەييارلاپ، قېتىق سۈزمىسىگە ئارىلاشتۇرۇپ، بەش گىرامدىن يەپ بەرسە، ئىچ سۈرۈشنى توختىتىدۇ.

2. قاقىلە، خولىنجان يوپۇرمىقىدىن 10 گىرامدىن، پىستە سىرتقى پوستىدىن بەش گىرام ئېلىپ، قائىدە بويىچە سوقۇپ سۇفۇپ تەييارلاپ، سۇفۇپنى چىش مىلىكىگە سەپسە، چىش مىلىكى بوشاش، ئېغىز ئىچى مۇدۇر ـ چاقىلىرىغا مەنپەئەت قىلىدۇ.

3. قاقىلە، پىنتە، لاچىندانە، خولىنجاننىڭ ھەربىرىدىن 10 گىرام، پىستە سىرتقى پوستىدىن يەتتە گىرام، گۈلدارچىندىن بەش گىرام ئېلىپ، قائىدە بويىچە چايلىق تەييارلاپ ئىچىپ بەرسە، ئاشقازاننى ۋە ئۈچەينى قۇۋۋەتلەيدۇ.

[**ئىشلىتىش مىقدارى**] 5 ～ 7 گىرامغىچە.

[**زىيانلىق تەسىرى**] قەۋزىيەتكە زىيان قىلىدۇ.

[**تۈزەتكۈچىسى**] ھەسەل، تەمرىھىندى، ھەر خىل مېۋە سۈلىرى.

[**ئورۇنباسارى**] سېمىز ئوت ئۇرۇقى.

[**ۋەكىل خاراكتېرلىك پىششىق دورا ياسالمىسى**] پىستە پوستى سۇفۇپى، پىستە پوستى قاينىتىلمىسى.

## تۇز

## 吐孜

## （盐 yan）

[**باشقا ئاتىلىشى**] مىلھى، نەمەك

[**تونۇش**] تۇز تۇرمۇشتا ئەڭ كۆپ ئىشلىتىلىدىغان تېتىتقۇ بولۇپ، ئۇنىڭ رەڭگى ھەم پەيدا بولۇش ئورنىغا ئاساسەن تۆۋەندىكىدەك بىرنەچچە تۈرلۈك بولىدۇ:

1. تاشتۇز ــ ئۇ قىزغۇچ ۋە ئاق دەپ ئىككى خىل بولىدۇ، يېمەكلىككە ئىشلىتىلىدىغىنى قارامتۇل كەلگىنى.

2. پىششىقلاپ ئىشلەنگەن تۇز ــ بۇ ئوخشاشلاپارقىراق كىرىستال شەكلىدە بولىدۇ، بۇ دورىلىققا ئىشلىتىلىدۇ.

3. دېڭىز تۇزى ــ بۇ ھەممىگە تونۇشلۇق بولغان، دېڭىزدىن چىقىدىغان مەشھۇر تۇز بولۇپ، دېڭىز سۈيىنى قۇرۇتۇپ تەييارلىنىدۇ، پۇرىقى خۇش پۇراق.

www.uyghurkitap.com

4. شور تۇز ــ بۇ تۇز دەريا ساھىلىگە كۆن نۇرى چۈشۈشتىن پەيدا بولىدۇ.

5. قارا تۇز ــ بۇ سۇنئىي تۇز بولۇپ، شور ھەم تاشتۇزدىن ياسىلىدۇ. ئادەتتە كۆپ ئىشلىتىلىدىغىنى تاشتۇز بولۇپ، بۇ «ئاش تۇزى» نامىدا دورىلىققا ئىشلىتىلىدۇ. (25.32 ـ رەسىم)



تۇز

[چىقىش ئورنى] شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن چىقىدۇ.

[يىغىپ ساقلاش] تۇز يىغىۋېلىنىپ، قۇرغاق ۋە سالقىن جايدا ساقلىنىدۇ.

[خىمىيەلىك تەركىبى] تۇزنىڭ تەركىبىدە كالتسىي، تۆمۈر، فوسفور، كالىي، ناترىي، مىس، ماگنىي، ۋىتامىن $B_2$، سىنك قاتارلىقلار بار.

[فارماكولوگىيەلىك تەسىرى] نورمال مېتابولىزمنى تەڭشەپ تۇرۇشتا ئالاھىدە تەسىرى بار.

[لايىقلاشتۇرۇلۇشى] ئىلغاپ ساپلاشتۇرۇلىدۇ.

[تەبىئىتى] ئۈچىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى] ئاشقازان ـ ئۈچەينى قۇۋۋەتلەش، بەلغەم چىقىرىش، ئاچچىق كېكىرىكنى يوقىتىش، قورساق كۆپۈشنى پەسەيتىش، كۆزنى روشەنلەشتۈرۈش، ھۆللۈكنى قۇرۇتۇش، توسالغۇلارنى ئېچىش، ھەزىمنى ياخشىلاش، ئىشتىھانى ئېچىش، چىشنى چىڭىتىش، زەھەر قايتۇرۇش قاتارلىق خۇسۇسىيىتى بار.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر] ھەزىم ئاجىزلىق، ئىشتىھاسىزلىق، يىرىڭلىق چاقا، تەمرەتكە، نەزلە، كۆز كېسەللىكلىرى، چىش مىلىكى بوشاپ كېتىش، زەھەرلىك ھاشارات چېقىۋېلىش قاتارلىق كېسەللىكلەرگە ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. تۇز سۇيىدە ئېغىزنى چايقاپ، غار ـ غار قىلىپ بەرسە، چىش تۈۋىنى، چىش مىلىكىنى ۋە قۇرت يېگەن چىشلارنى مۇستەھكەملەيدۇ.

2. مۇۋاپىق مىقداردىكى تۇزنى سىركە بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ، يەرلىك ئورۇنغا چاپسا، تاز چاقىسى، تەمرەتكە ئۈچۈن مەنپەئەت قىلىدۇ.

3. تۇزنى زىغىر ئۇرۇقى بىلەن خېمىر قىلىپ، چايان چاققان جايغا چاپسا، چايانىنىڭ زەھىرىنى پەسەيتىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] 1 ~ 3 گىرامغىچە ئەھۋالغا قاراپ ئىشلىتىلىدۇ.

[زىيانلىق تەسىرى] جىگەرنى قاتۇرۇپ، قان بېسىمنى ئۆرلىتىۋېتىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] كاسىنە ئۇرۇقى، ھەر تۈرلۈك ياغلار.

[ئورۇنباسارى] ئاق تۇز.

[ۋەكىل خاراكتېرلىك پىششىق دورا ياسالمىسى] ھەببى قوقىيا.

# قامغاق (شاپ)

## 卡米哈克

(猪毛菜 zhu mao cai)

[**باشقا ئاتىلىشى**] شىۋكۈل جەمەل، شوقورخار

[**تونۇش**] بۇ، لويلا ئائىلىسىدىكى بىر خىل تىكەنلىك ئۆسۈملۈك بولۇپ، بىنەم جايلاردا، قۇمۇشلۇق، شىۋاقلىقلاردا، ئېرىق بويلىرىدا كۆپ ئۆسىدۇ. ئۇنىڭ شەكلى پىدىگەن ئۆسۈملۈكىگە ئوخشايدۇ. مېۋىسى يۇمىلاق، يوپۇرماقلىرى سوقىچاق، تەكشى بولىدۇ. بۇ خىل ئۆسۈملۈكنى تۆگە ناھايىتى ياقتۇرۇپ يەيدۇ، بۇ ئۆسۈملۈكنىڭ پۈتۈن چۆپى «قامغاق» نامىدا دورىلىققا ئىشلىتىلىدۇ.

[**چىقىش ئورنى**] شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن چىقىدۇ.

[**يىغىپ ساقلاش**] بۇ ئۆسۈملۈكنى مېۋىسى پىشقاندا يىغىۋېلىپ، ئاپتاپتا قۇرۇتۇپ، سالقىن، قۇرغاق جايدا ساقلىنىدۇ.

[**لايىقلاشتۇرۇلۇشى**] پاكىزلاپ، سايىدا قۇرۇتۇپ ساپلاشتۇرۇلىدۇ.

[**تەبىئىتى**] ئۈچىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[**خۇسۇسىيىتى**] ئاشقازاننى قۇۋۋەتلەش، ئىشتىھانى ئېچىش، ھەزىم قۇۋۋىتىنى كۈچەيتىش، ماددىلارنى تارقىتىش، سوغۇقتىن بولغان ھەر خىل ياللۇغلارنى قايتۇرۇش، سۈيدۈك ھەيدەش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە.

[**ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر**] ئاشقازان، جىگەر، ئۆت ياللۇغلىرى، ھەزىم ئاجىزلىقى، يەرقان، تۆت كۈنلۈك تەپ، ۋەجىئۇل مۇپاسىل قاتارلىق كېسەللىكلەرگە ئىشلىتىلىدۇ.

[**ئىشلىتىش ئۇسۇلى**]

1. قامغاقتىن 15 گىرام، سۇمبۇل، ھەببۇلغار، ئوردان ياكى كۇدە ئۇرۇقىنىڭ ھەربىرىدىن يەتتە گىرام ئېلىپ، بۇلارنى ئايرىم ـ ئايرىم ئېزىپ، قۇستە يېغى ياكى نارجىل يېغى قوشۇپ يەرلىك ئورۇنغا چېپىلسا، سوغۇقتىن بولغان ئاشقازان، جىگەر، ئۆت ياللۇغلىرىغا مەنپەئەت قىلىدۇ.

2. ئەپسەنتىن، ئىزخىر يىلتىزىنىڭ ھەربىرىدىن 12 گىرام، قامغاقتىن 15 گىرام ئېلىپ، بۇلارنى ئېزىپ، موم يېغى قوشۇپ، يەرلىك ئورۇنغا سۈركەپ بەرسە، جىگەر ۋە تال ياللۇغلىرىغا مەنپەئەت قىلىدۇ.

[**ئىشلىتىش مىقدارى**] 3 ～ 5 گىرامغىچە.

[**زىيانلىق تەسىرى**] مېڭە ۋە بۆرەككە زىيانلىق.

[**تۈزەتكۈچىسى**] غورا شەربىتى.

[**ئورۇنباسارى**] ئەنجۇدان.

[**ۋەكىل خاراكتېرلىك پىششىق دورا ياسالمىسى**] ئەپسەنتىن شەربىتى.

www.uyghurkitap.com

# ئوتتۇز ئۇچىنچى باب   ئۆت كېسەللىكلىرىگە ئىشلىتىلىدىغان دورىلار

ئۆتنى قۇۋۋەتلەش، ئۆت يوللىرىنى راۋانلاشتۇرۇش ۋە ئۆت مىزاجىنى تەڭشەش تەسىرى ئاساسلىق ئورۇندا تۇرىدىغان دورىلار ئومۇملاشتۇرۇلۇپ، ئۆت كېسەللىكلىرىگە ئىشلىتىلىدىغان دورىلار دېيىلىدۇ.

ئۆت كېسەللىكلىرىگە ئىشلىتىلىدىغان دورىلارنىڭ كۆپىنچىلىرىنىڭ تەبىئىتى ھۆل سوغۇق ياكى قۇرۇق سوغۇق بولۇپ، ئۆتنى ۋە ئومۇمىي بەدەننى قۇۋۋەتلەش، ئۆتنىڭ تەبىئىي ئىقتىدارىنى كۈچەيتىش، توسالغۇلارنى ئېچىش، ياللۇغ قايتۇرۇش، ماددا ئالمىشىشنى ياخشىلاش، بەدەنگە ھۆللۈك يەتكۈزۈش تەسىرىنى بېرىدۇ. بۇ خىلدىكى دورىلار ئاساسلىقى قومۇش يىلتىزى، سەپرا ئوت يىلتىزى پوستى، نېلۇپەر ئۇرۇقى، ئالقات يىلتىزى پوستى، پىچانگۈل يىلتىزى، غۇنچىئۇزۇم، جۇڭگو ماندارىنى، كاسنىە، زىرىق، يۇگىمەچئوت قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.

## قومۇش يىلتىزى
## 活木西依力提孜
## （芦根 lu gen）

[باشقا ئاتىلىشى] ئەسلىل قەسەب، بانسكې جەر، بىخ نەي

[لاتىنچە نامى] Rhizoma Phragmites communis

[ئىنگلىزچە نامى] Rhizome of common Reed

[تونۇش] بۇ، باشاقلىق ئۆسۈملۈكلەر ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك قومۇش (Communic Trin Phrbmites) بولۇپ، بۇ ئۆسۈملۈكنىڭ ھۆل ياكى قۇرۇتۇلغان يىلتىزسىمان غولى «قومۇش يىلتىزى» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ. ياپىلاق، سىلىندىر شەكىللىك، سىرتقى يۈزى سارغۇچ ئاق رەڭلىك، پارقىراق، سىرتقى پوستى بوش بولۇپ، ئاسان چۈشۈپ كېتىدۇ، بوغۇملىرى ھالقىسىمان، كەسمە يۈزى سارغۇچ ئاق رەڭلىك، ئوتتۇرىسى كاۋاك، تەمى تاتلىق، پۇراقسىز كېلىدۇ. (1.33 ـ رەسىم)



قومۇش يىلتىزى

[چىقش ئورنى] شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ھەممە جايلىرىدىن چىقىدۇ.

[يىغىپ ساقلاش] بۇ ئۆسۈملۈكنى تېرىپ، ئىككى يىلدىن كېيىن ياز ۋە كۈز پەسلىدە يىغىۋېلىپ، قۇرۇتۇپ ساقلىنىدۇ.

[خىمىيەلىك تەركىبى] قومۇش يىلتىزىنىڭ تەركىبىدە تەسۋۇقوناق ماددىسى (Coixol)، 5% ئاقسىل ماددىسى، 1% مايلىق ياغ، 51 % كاربون سۇ بىرىكمىلىرى بار.

[فارماكولوگىيەلىك تەسىرى] ئىممۇنىتېت كۈچىنى ئاشۇرۇش، لىمفا ھۈجەيرىسىنى جانلاندۇرۇش رولى بار.

[لايىقلاشتۇرۇلۇشى] توغراش، قۇرۇتۇش ئارقىلىق لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

[تەبىئىتى] بىرىنچى دەرىجىدە قۇرۇق سوغۇق.

[خۇسۇسىيىتى] غەيرىي تەبىئىي سەپرا خىلتىنى ۋە قۇرۇق ئىسسىق كەيپىياتنى تەڭشەش، ئۆتنى قوزغىتىۋېلىپ؛ قىزىتما قايتۇرۇش، سۈيدۈك ۋە ھەيزنى راۋانلاشتۇرۇش، قۇسۇشنى توختىتىش، تېرىگە جۇلا بېرىش، ھەزىمنى ياخشىلاش، قان تازىلاش خۇسۇسىيەتلىرى بار.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر] ھەر خىل قىزىتما، ئېغىز قۇرۇش، سۈيدۈك تۇتۇلۇش، ئىشتىھاسىز-لىق، ھەيز راۋان بولماسلىق، كۆڭۈل ئېلىشىش، قۇسۇش، تاز، تەمرەتكە، چىش مىلىكى قاناش قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. قومۇش يىلتىزىدىن مۇۋاپىق مىقداردا ئېلىپ دەملەپ ئىچىپ بەرسە، ئىسسىقلىق كېسەللىكلىرىدە-كى ئۇسساش، قىزىل، سېرىقلىق چۈشۈش، ئاشقازان ئىسسىقلىقىدىن بولغان قۇسۇش، سۈيدۈك ئاز ۋە قىزىل كېلىشكە مەنپەئەت قىلىدۇ.

2. 10 گىرام كۆيدۈرۈلگەن قومۇشقا 15 گىرام قۇرۇتۇلغان خېنە يوپۇرمىقى ئارىلاشتۇرۇپ سوقۇپ باشقا چاپقاندا، چاچنى ئۆستۈرىدۇ.

3. قومۇش يىلتىزى، كۆك كاۋا ئۇرۇقىدىن 31 گىرامدىن، تەسۋۇقوناقتىن 16 گىرام، شاپتۇل مېغىزىدىن 10 گىرام ئېلىپ قايناتىپ ئىچسە، ئۆپكە يىرىڭلىق ئىششىقى ۋە كاناي كېڭىيىشكە مەنپەئەت قىلىدۇ.

4. قومۇش يىلتىزىدىن 13 گىرام، يۇمغاقسۈت يىلتىزىدىن يەتتە تال، جامكىدىن يەتتە گىرام ئېلىپ، بۇلارنى سۇدا قايناتىپ ئىچىشكە بەرسە، قىزىل سىرتقا تەپمىگەنگە شىپا بولىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] 7 ~ 12 گىرامغىچە.

[زىيانلىق تەسىرى] ئۆپكىگە زىيانلىق، سوغۇقلۇق يەتكۈزىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] كەتىرا، پىندۇق مېغىزى، قارىمۇچ، ھەسەل.

[ئورۇنباسارى] قىزىلگۈل، جىنتىيانا.

[ۋەكىل خاراكتېرلىك پىششىق دورا ياسالمىسى] شەربىتى بىنەپشە.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېتى
www.uyghurkitap.com

# سەپرائوت يىلتىزى پوستى
## 沙皮拉奥特衣力替孜普斯
## (白藓皮 bai xian pi)

[باشقا ئاتىلىشى] گوڭگۇرتلۇك گىياھ

[لاتىنچە نامى] Cortex Dictamnus angustifolius

[ئىنگلىزچە نامى] Densefruit Dittany Root-Bark


سەپرائوت ئۆسۈملۈكى

[تونۇش] بۇ، سەپرائوت ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك تار يوپۇرماقلىق سەپرائوتنىڭ يىلتىز پوستى بولۇپ، تەمى ئاچچىق، پۇرىقى سۇس، «تۆپيىن» ياكى «سەپرائوت يىلتىزى پوستى» قاتارلىقناملاردا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ. (2.33 - رەسىم)

[چىقىش ئورنى] چاتقاللىقلاردا، تاغ باغرىلىرىدا، ئورمانلىقلاردا ئۆسىدۇ، شىنجاڭنىڭ ھەممە تاغلىق رايونلىرىدىن چىقىدۇ.

[يىغىپ ساقلاش] ئەتىياز ۋە كۈز پەسلىدە كولاپ ئېلىپ تازىلاپ، ئوتتۇرىدىكى ياغىچىنى ئېلىۋېتىپ، ئاپتاپتا قۇرۇتۇپ سايىدا ساقلىنىدۇ.

[خىمىيەلىك تەركىبى] سەپرائوت ئىششىقارى، لىمونىن (Limo - nin)، B - ستوستىرول، تىرىگونېللىن (Trigonelline)، خولىن قاتارلىق تەركىبلەر بار.

[فارماكولوگىيەلىك تەسىرى] ئىششىق ياندۇرۇش، راك ھۈجەيرىلىرىنىڭ كۆپىيىشىنى تىزگىنلەش، كېسەللىك مىكروبلىرى ۋە پارازىت قۇرتلارنى ئۆلتۈرۈش، قان ئايلىنىشىنى تېزلىتىش، باللىياتقۇنىڭ قىسقىراش كۈچىنى ئاشۇرۇش تەسىرى بار.

[لايىقلاشتۇرۇلۇشى] پوستىنى ئاجرىتىپ يۇيۇش، قۇرۇتۇش ئارقىلىق لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

[تەبىئىتى] بىرىنچى دەرىجىدە ھۆل سوغۇق.

[خۇسۇسىيىتى] سەپرا ۋە قان خىلتىنى تەڭشەش، ئۆتنى قوۋۋەتلەش، ياللۇغ قايتۇرۇش، قىزىتما قايتۇرۇش، يەل ھەيدەش، زەھەر قايتۇرۇش، قان توختىتىش خۇسۇسىيەتلىرى بار.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر] سەپرادىن بولغان قىزىتما، تەپ، قان ۋە سەپرادىن بولغان ئىسھال، قوتۇر ۋە تېرە قىچىشىش، زەخىملىنىشتىن بولغان سېرىقى قاناش، رېماتىزملىق بوغۇم ياللۇغى، جىگەر ياللۇغى، يەلتاشما قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. سەپرا ئوت يىلتىزى بىلەن لوپنۇر كەندىرىنى تۆت گىرامدىن ئېلىپ قايىنتىپ ئىستېمال قىلسا، قىزىتما قايتۇرىدۇ.

2. سەپرائوت يىلتىزى، لوپنۇر كەندىرى، قەلەمپۇردىن سەككىز گىرامدىن، قۇستە شېرىنىدىن 10 گىرام ئېلىپ، قائىدە بويىچە سوقۇپ ئېچسە، جىگەر ياللۇغى ۋە قورساق كۆپۈشكە مەنپەئەت قىلىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] 6 ~ 12 گىرامغىچە.

[زىيانلىق تەسىرى] ئاشقازاننى سوۋۇتىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] پىننە، بەديان.

[ئورۇنباسارى] بىنەپشە.

[ۋەكىل خاراكتېرلىك پىششىق دورا ياسالمىسى] شەربىتى تۆپىين.

## نىلۇپەر ئۇرۇقى

## 尼鲁法尔欧如合

## (莲子 han zi)

[باشقا ئاتىلىشى] بەزرۇلكەرنە بۇلما، تۇخۇمى نىلۇپەر، كەرنە بولمائىكى بىج

[لاتىنچە نامى] Semen Nelumbo nucifera

[ئىنگلىزچە نامى] Lotus Seed



نىلۇپەر ئۆسۈملۈكى

[تونۇش] بۇ، نىلۇپەر ئائىلىسىدىكى سۇدا ئۆسىدىغان كۆپ يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك نىلۇپەر ئۇرۇقى بولۇپ، بۇ ئۆسۈملۈكنىڭ ئۇرۇقى «نىلۇپەر ئۇرۇقى» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ. ئۇرۇقى ئېلىپىس ياكى شار شەكىللىك، سىرتقى يۈزى قىزىلغا مايىل خورما رەڭ ياكى خورما رەڭدە، سىرتىدا ئۇزۇنىسىغا كەتكەن سىزىقچا ۋە رەتسىز قورۇقلار بار. ئۇرۇق پوستى نېپىز، تەمى تاتلىق، سەل قېرىق تەمى بار. (3.33 ـ رەسىم)

[چىقىش ئورنى] ئېلىمىزنىڭ كۆپلىگەن يەرلىرىدىن، ياپونىيە ۋە ھىندىستان قاتارلىق ئەللەردىن چىقىدۇ.

[يىغىپ ساقلاش] 10 ـ، 11ـ ئايلاردا مېۋىسى پىشقاندىن كېيىن ئۇرۇقىنى ئايرىپ ئېلىپ، قۇرۇتۇپ ساقلىنىدۇ.

[خىمىيەلىك تەركىبى] ئۇرۇق تەركىبىدە كۆپ مىقداردا كىراخمال رافىنوز (Rafinose)، ئاقسىل، ماي، كاربون

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

سۇ بىرىكمىلىرى، تۆمۈر، فوسفور، كالتسىي قاتارلىقلار بار.

[فارماكولوگىيەلىك تەسىرى] قېرىشنى كېچىكتۈرۈش تەسىرى بار.

[لايىقلاشتۇرۇلۇشى] قۇرۇتۇپ ساپلاشتۇرۇلىدۇ.

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق سوغۇق.

[خۇسۇسىيىتى] ئۆت ۋە تالنى قۇۋۋەتلەش، قىزىتما قايتۇرۇش، ئۇسسۇزلۇقنى پەسەيتىش، ئىچ سۈرۈشنى توختىتىش، تۈتۈش، مەنىينى قويۇلدۇرۇش، ياللۇغ قايتۇرۇش خۇسۇسىيەتلىرى بار.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر] كۆپ ئۇسساش، بولۇپمۇ بوۋاقلاردىكى ئۇسسۇزلۇق ۋە بوۋاقلاردىكى ئىچ سۈرۈش؛ مەنىي سۇيۇلۇپ كېتىش، مەنىي بالدۇر يۈرۈپ كېتىش، سوزۇلما خاراكتېرلىك قان تولغاق، سۈيدۈك تامچىلاپ كېلىش، ئۈچەي ياللۇغى قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. نېلۇپەرنىڭ مېغىزىنى سۇدا ئېزىپ سۈزۈپ ئىچكۈزسە، بالىلاردىكى ئىچ سۈرۈش ۋە ئۇسسۇزلۇقنى پەسەيتىدۇ.

2. نېلۇپەر ئۇرۇقى مېغىزىدىن ئالتە گىرام يەپ بەرسە، مەنىي بالدۇر يۈرۈپ كېتىش ۋە مەنىي سۇيۇلۇپ كېتىشكە پايدا قىلىدۇ.

3. پوستىدىن ئاجرىتىلغان نېلۇپەر ئۇرۇقىدىن 30 گىرام، ھۆل چۇچۇكبۇيىدىن 20 گىرام ئېلىپ، 500 مىللىلىتىر سودا 20 مىللىلىتىر قالغۇچە قاينىتىپ، سۈزۈپ، سۈيىنى كۈندە ئۈچ قېتىم ئىچىپ بەرسە، سوزۇلما خاراكتېرلىك ئۈچەي ياللۇغى ۋە ئۈچەي تۇبېركۇليوزىدىكى ئىچ سۈرۈشكە مەنپەئەت قىلىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] 3 ~ 5 گىرامغىچە.

[زىيانلىق تەسىرى] سوغۇق مىزاج كىشىلەردە باش قېيىش پەيدا قىلىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] ھەسەل، تۇخۇم.

[ئورۇنباسارى] سېرىق ئوت ئۇرۇقى.

[ۋەكىل خاراكتېرلىك پىششىق دورا ياسالمىسى] نېلۇپەر ئۇرۇقى قاينىتىلمىسى.

## ئالقات يىلتىزى پوستى

## 阿勒卡提依力提孜破斯提

## （地骨皮 dig u pi）

[باشقا ئاتىلىشى] ئالقات پوستى

[لاتىنچە نامى] Radix Cortex Lycium chinensis

[ئىنگلىزچە نامى] Chinese Wolfberry root-bark

[تونۇش] بۇ، پىدىگەن ئائىلىسىدىكى ئۆسۈملۈك ئالقات يىلتىزىنىڭ پوستى بولۇپ، يىلتىزىنىڭ



ئالقات ئۈسۈملۈكى

پوستىنى سويۇپ قۇرۇتۇلغان قىسمى «ئالقات يىلتىزى پوستى» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ. (4.33 ـ رەسىم)

[چىقىش ئورنى] شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن چىقىدۇ.

[يىغىپ ساقلاش] بۇ ئۆسۈملۈكنى ياز ۋە كۈز پەسلىدە يىغىۋېلىپ، ئاپتاپتا قۇرۇتۇپ تەييارلىنىدۇ. دورىغا ھۆل ھالەتتىمۇ ئىشلىتىلىدۇ.

[خىمىيىلىك تەركىبى] ئالقات يىلتىزى پوستىنىڭ تەركىبىدە فىزالىن ( Physalin ) ، β ـ ستوستېرول ( betaine sitosterol ) ، لىنولېنىك كىسلاتا ( linolenic acid ) ، لىنولېئىك كىسلاتا ( linoleic acid ) قاتارلىقلار بار.

[فارماكولوگىيەلىك تەسىرى]

1. مايلىق جىگەرگە قارشى تەسىرى بار.

2. قاندىكى قەنت مىقدارىنى تۆۋەنلىتىش رولى بار.

3. ياللۇغ قايتۇرۇپ، قىزىتما پەسەيتىش رولى بار.

[لايىقلاشتۇرۇلۇشى] پوستىنى ئاجرىتىپ يۇيۇپ، قۇرۇتۇش ئارقىلىق لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

[تەبىئىتى] بىرىنچى دەرىجىدە ھۆل سوغۇق.

[خۇسۇسىيىتى] غەيرىي تەبىئىي قان ۋە سەپرا خىلتىنى تەڭشەش، ئۆتنى قوۋۋەتلەش، قان تازىلاش، قىزىتما قايتۇرۇش، ئۆپكىنى تازىلاش، ياللۇغ قايتۇرۇش، يۆتەل توختىتىش خۇسۇسىيەتلىرى بار.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر] ئۆپكە ياللۇغى، ئۆپكە كانايچە ياللۇغى، تۆك خالتىسى ياللۇغى، چىيقان، يۆتەل، قىزىتما قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. 12 گىرام ئالقات يىلتىزى پوستىغا 10 گىرام ئۈجمە يىلتىزى پوستى، 12 گىرام سوغىگۈل، 35 گىرام قومۇش يىلتىزىنى قوشۇپ سۇدا قايىنىتىپ ئىچسە، كانايچە ياللۇغىغا مەنپەئەت قىلىدۇ.

2. ئالقات يىلتىزى پوستى، زوۇپا، چۇچۇكبۇيا يىلتىزى، سەرپىستان قاتارلىقلارنىڭ ھەربىرىدىن 10 گىرامدىن ئېلىپ، مۇۋاپىق مىقداردىكى سۇدا قائىدە بويىچە قايىنىتىپ ئىچسە، ئۆپكە ۋە كاناي ياللۇغىغا شىپا بولىدۇ.

3. ئالقات يىلتىزى پوستى، نېلۇپەر، بىنەپشە قاتارلىقلارنىڭ ھەربىرىدىن 10 گىرام ئېلىپ، مۇۋاپىق مىقداردىكى سۇدا قائىدە بويىچە قايىنىتىپ ئىچسە قىزىتما قايتۇرىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] 8 ~ 16 گىرامغىچە.

[زىيانلىق تەسىرى] ئاشقازانغا زىيان قىلىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] پىننە، زەنجىۋىل.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

[ئورۇنباسارى] كەترا، چۇچۇكبۇيا يىلتىزى.

[ۋەكىل خاراكتېرلىك پىششىق دورا ياسالمىسى] ئالقات يىلتىزى پوستى قاينىتىلمىسى.

## پىچانگۇل يىلتىزى

## 皮恰尼古丽依力提孜

## (射干 she gan)

[باشقا ئاتىلىشى] گۈلى سەۋسەن يىلتىزى

[لاتىنچە نامى] Rhizoma Belamcanda chinensis

[ئىنگلىزچە نامى] Bluck berrhlily Rhizome

[تونۇش] بۇ، چىغىرتماق ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك پىچانگۈلنىڭ يىلتىز-سىمان غولىدىن ئىبارەت. (33.5 ـ رەسىم)

[چىقىش ئورنى] شىنجاڭنىڭ ھەممە جايلىرىدىن چىقىدۇ.

[يىغىپ ساقلاش] بۇ ئۆسۈملۈكنى ياز ۋە كۈزدە يىغىۋېلىپ، ئاپتاپتا قۇرۇتۇپ تەييارلىنىدۇ.

[خىمىيەلىك تەركىبى] سىئوفلاۋون قاتارلىقلار بار.

[فارماكولوگىيەلىك تەسىرى]

1. ياللۇغنىڭ دەسلەپكى ۋە ئاخىرقى مەزگىللىرىدە روشەن تورمۇزلاش رولىنى ئوينايدۇ.

2. ئاجرالمىسى تەجرىبە چوڭ چاشقىنىنىڭ قىزىتمىسىنى تۆۋەنلىتىش تەسىرىگە ئىگە.

3. ئاجرالمىسىنى ئاشقازانغا كىلىزما قىلغاندا، كىچىك تەجرىبە چاشقاننىڭ نەپەس يولىدىكى بەلغەمنىڭ چىقىرىلىشىنى كۆپەيتىدۇ.

4. قاينىتىلمىسى ئۈزۈمسىمان شارچە باكتېرىيە، زەنجىرسىمان شارچە باكتېرىيە، كۆيدۈرگە تاياقچە باكتېرىيەسى، بوغما تاياقچە باكتېرىيەسى، كېزىك تاياقچە باكتېرىيەسى، سىل تاياقچە باكتېرىيەسى قاتارلىقلارغا نىسبەتەن كۈچلۈك تورمۇزلاش تەسىرىگە ئىگە. كۆپ ئۇچرايدىغان كېسەللىك قوزغىغۇچى تېرە تەمرەتكە باكتېرىيەسى، سۇلۇق قاپارتما ۋىرۇسى، بەز ۋىرۇسى قاتارلىقلارغا قارىتا بەلگىلىك تورمۇز-لاش تەسىرىگە ئىگە.

[لايىقلاشتۇرۇلۇشى] يۆتەل، توغراش، قۇرۇتۇش ئارقىلىق لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

[تەبىئىتى] بىرىنچى دەرىجىدە قۇرۇق سوغۇق.

[خۇسۇسىيىتى] ئۆتنى قۇۋۋەتلەش، ئاغرىق پەسەيتىش، قىزىتما پەسەيتىش، زەھەر قايتۇرۇش، بەلغەم بوشىتىش، ئۆيۈپ قالغان ماددىلارنى تارقىتىش خۇسۇسىيەتلىرى بار.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر] ئۆت ياللۇغى، گال ئاغرىقى، گال ئىششىقى، يۆتەل، نەپەس سىقىلىش، ئۆپكە سىلى، گۆرەن بەز ياللۇغى، سۈت بېزى ياللۇغى، تېرە ياللۇغى قاتارلىق كېسەللىكلەرگە ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. سەرتان، كەترادىن 10 گىرامدىن، پىچانگۈلدىن يەتتە گىرام ئېلىپ سوقۇپ، تالقانلاپ، ئېشەك

سۈتى بىلەن بىللە ئىچسە، ئۆپكە سىلىغا مەنپەئەت قىلىدۇ.

2. زۇپا، پىچانگۈل، نىلۇپەر، بىنەپشە، چىلان، ئەينۇلا قاتارلىقلاردىن بەش گىرامدىن ئېلىپ، قاينىتىلما تەييارلاپ ئىچسە، قىزىتما پەسەيتىدۇ، يۆتەل ۋە گال ئىششىقىغا مەنپەئەت قىلىدۇ.

3. پىچانگۈلدىن مۇۋاپىق مىقداردا ئېلىپ قاينىتىپ سۈيىدە يۇيۇنسا ياكى ھۆلىنى ئېزىپ يەرلىك ئورۇنغا چاپلاپ بەرسە، ھەر خىل تېرە كېسەللىكلىرىگە مەنپەئەت قىلىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] 5 ~ 10 گىرامغىچە.

[زىيانلىق تەسىرى] تال ۋە ئۈچەيگە زىيان قىلىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] كەتىرا، گۈلنار، خۇنسىياۋشان.

[ئورۇنباسارى] بىنەپشە.

[ۋەكىل خاراكتېرلىك پىششىق دورا ياسالمىسى] پىچانگۈل قاينىتىلمىسى.

[دىققەت قىلىدىغان ئىشلار] ھامىلىدارلارغا بېرىشكە بولمايدۇ.

## غۇنچىئۇزۇم

## 温恰恰租木

## (琐琐葡萄 suo suo pu tao)

[لاتىنچە نامى] Fructus Vitis vinifera

[ئىنگلىزچە نامى] Suo suo grape

[تونۇش] بۇ، ئۇزۇم ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق ياغاچ غوللۇق، ئۇزۇمگە ئۇرۇقداش پېلەك تارتىپ ئۆسىدىغان بولۇپ، پېلىكى بىر مېتىردىن ئۈچ مېتىرغىچە كېلىدۇ؛ يوپۇرمىقى نۆۋەتلىشىپ ئۆسىدۇ، ئالىقانسىمان يېرىلىدۇ؛ گۈل رېتى كونۇس شەكىللىك بولۇپ، يوپۇرماقنىڭ ئۇدۇلىدا ئۆسىدۇ، گۈلى سۇس يېشىل، مېۋىسى كىچىك شىرنىلىك مېۋە بولۇپ، جىگەر رەڭ كېلىدۇ. (6.33 ـ رەسىم)



غۇنچىئۇزۇم

[چىقىش ئورنى] شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ تۇرپان، پىچان، خوتەن قاتارلىق جايلىرىدىن كۆپرەك چىقىدۇ.

[يىغىپ ساقلاش] بۇ مېۋىنى كۈزدە يىغىۋېلىپ، ئاپتاپتا قۇرۇتۇپ تەييارلىنىدۇ. ھۆل پېتى دورىغا ئىشلەتسىمۇ بولىدۇ.

[خىمىيىلىك تەركىبى] گىلۇكوزا، مېۋە قەنتى، ساخاراروزا، ئالما كىسلاتاسى، يوپۇرماق كىسلاتاسى، ئۈزۈم كىسلاتاسى، گىلۇكوزىد ئاقسىل، كالتسىي، تۆمۈر، كاروتىن، ۋىتامىن C، ۋىتامىن $B_2$، ۋىتامىن PP، ئۈنگۈدىن باشقا، ئۇرۇقىدا ماي، موزا كىسلاتاسى قاتارلىقلار بار.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

[فارماكولوگىيەلىك تەسىرى] ئىششىق ياندۇرۇش، سۈيدۈك ھەيدەش، زەھەر قايتۇرۇش، ئوكسىدلىنىشقا قارشى تۇرۇپ، ئەركىن رادىكاللارنى تازىلاش، ماددا ئالمىشىشنى ياخشىلاش تەسىرىگە ئىگە.

[لايىقلاشتۇرۇلۇشى] يۇيۇپ قۇرۇتۇش ئارقىلىق لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

[تەبىئىتى] بىرىنچى دەرىجىدە ھۆل سوغۇق.

[خۇسۇسىيىتى] ئۆتنى قوۋۋەتلەش، ياللۇغ قايتۇرۇش، قان تازىلاش، بەدەننى تازىلاش، قىزىلنى سىرتقا تەپكۈزۈش؛ سۈيدۈك ھەيدەش، زەھەر قايتۇرۇش، جىگەرنى ئاسراش خۇسۇسىيەتلىرى بار.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر] قىزىل، ئۆتكۈر قىزىتما، سىزلام (سۆزنەك)، جىگەر كېسەللىكلىرى قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. غۇنچىئۈزۈمنى سۇدا قايناتىپ ئىچىپ بەرسە، بالىلار قىزىتمىسى، سىزلام، ھامىلە تەۋرەپ بىئارام قىلىشقا مەنپەئەتلىك.

2. غۇنچىئۈزۈمدىن 20 گىرام، يۇمغاقسۈت يىلتىزىدىن 10 گىرام ئېلىپ، سۇدا قايناتىپ ئىچىپ بەرسە، بالىلاردىكى قىزىل چىقىپ، سىرتقا تەپمىگەنگە مەنپەئەت قىلىدۇ.

3. غۇنچىئۈزۈمدىن 15 گىرام، كاكىنەچ، سېمىز ئوتتىن 10 گىرامدىن، ئىتئۈزۈمدىن بەش گىرام ئېلىپ قايناتىپ ئىچىپ بەرسە، سىزلامغا مەنپەئەت قىلىدۇ.

4. غۇنچىئۈزۈم، چىلان، ئارپىبەدىيان، كاسنە، زىرىقنىڭ ھەربىرىدىن 20 گىرام ئېلىپ، شېكەر قوشۇپ شەربەت تەييارلاپ ئىچىپ بەرسە، جىگەر كېسەللىكلىرىگە شىپا بولىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] 18 ～ 25 گىرامغىچە.

[زىيانلىق تەسىرى] كۆپ ئىشلەتسە ئىچنى سۈرىدۇ، بۇۋاسىرنى قوزغايدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] تاباشىر.

[ئورۇنباسارى] كۆك سايۋا ئۈزۈم.

[ۋەكىل خاراكتېرلىك پىششىق دورا ياسالمىسى] شەربىتى غۇنچىئۈزۈم.

[دىققەت قىلىدىغان ئىشلار] ساقلاشتا قۇرت يېيىشتىن ساقلىنىش لازىم.

## سۇ بۆلجۈرگىنى

## 苏布力吉尔格尼

## (水杨梅 shui yang mei)

[باشقا ئاتىلىشى] سۇ بۆلجۈرگىنى چۆپى

[لاتىنچە نامى] Spica Geum aleppicum

[ئىنگلىزچە نامى] Geum Fruit－Spike

[تونۇش] بۇ، ئەترگۈل ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك سۇ بۆلجۈرگىنى بولۇپ، بۇ ئۆسۈملۈكنىڭ پۈتۈن چۆپى ياكى ئۆسۈملۈكى «سۇ بۆلجۈرگىنى» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ.

[چىقىش ئورنى] ئالتاي ۋە تەڭرىتاغلىرىدىن چىقىدۇ.

[يىغىپ ساقلاش] بۇ ئۆسۈملۈكنىڭ دورىلىق قىسمىنى كۈز پەسلىدە يىغىپ قۇرۇتۇپ، قۇرغاق ئورۇندا ساقلىنىدۇ.

[خىمىيەلىك تەركىبى] سۇ بۆلجۈرگىنى تەركىبىدە سۇ بۆلدۈرگىنى گىلۇكوزىدى، ئۇچۇچان ماي، سىمولا قاتارلىقلار بار.

[تەبىئىتى] بىرىنچى دەرىجىدە ھۆل سوغۇق.

[خۇسۇسىيىتى] ئۆتنى قۇۋۋەتلەش، قىزىتما پەسەيتىش، زەھەرنى قايتۇرۇش، ئىششىق ياندۇرۇش، ئاغرىق پەسەيتىش خۇسۇسىيىتى بار.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر] قىزىتما، رېماتىزم خاراكتېرلىك بەل - پۇت ئاغرىش، بويۇنغا غەلۋىرەك چىقىش، چاقا ئىششىقلىرى، ئۇرۇلۇپ، يىقىلىشتىن بولغان زەخىملىنىش، تېنى ئاجىزلاپ كېتىش قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. سۇ بۆلجۈرگىنى، ئالقات، يۇمغاقسۈت ئورۇقىنىڭ ھەربىرىدىن 10 گىرام ئېلىپ، مۇۋاپىق مىقداردىكى سۇ بىلەن قاينىتىپ ئىچىپ بەرسە، قىزىتما قايتۇرىدۇ.

2. سۆرۈنجان بىلەن سۇ بۆلجۈرگىنىنى سوقۇپ، توخۇم ئېقى بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ يەرلىك ئورۇنغا چاپسا، رېماتىزم خاراكتېرلىك بەل - پۇت ئاغرىقىغا شىپا بولىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] 8 ~ 12 گىرامغىچە.

[زىيانلىق تەسىرى] سوغۇقچان كىشىلەرگە زىيان قىلىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] ھەسەل، زىرە.

[ئورۇنباسارى] لىمون.

[ۋەكىل خاراكتېرلىك پىششىق دورا ياسالمىسى] سۇ بۆلجۈرگىنى قاينىتىلمىسى.

## جۇڭگو ماندارى

## 中国芒达日

## （威灵讪 wei ling shan）

[لاتىنچە نامى] Radix et Rhizoma clematis chinensis

[ئىنگلىزچە نامى] Chinese clematis Roo tand Rhizome

[تونۇش] بۇ، ئېيىقتاپانلىقلار ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق پېلەك تارتىپ ئۆسىدىغان، ماندارغا ئورۇق- داش ئۆسۈملۈك بولۇپ، دائىم دەرەخلەرگە يامىشىپ ئۆسىدۇ، ئۇزۇنلۇقى ئادەتتە 3 ~ 5 مېتىرغىچە كېلىدۇ؛ غولى ياغاچقا ئايلانغان، بوغۇملىرى چوڭايغان بولىدۇ، ئوتتۇرا قىسمىدىكى غول ئادەتتە ئالتە قىرلىق بولۇپ، كېسىلگەن يۈزىدە نۇرغۇن ئۇششاق تۆشۈكلەر بولىدۇ؛ يوپۇرمىقى ئۇدۇل ئۆسىدۇ، ئۈچ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

قولاقلىق مۇرەككەپ يوپۇرماق، كىچىك يوپۇرمىقى تۇخۇمسىمان تېمىنە شەكىللىك ياكى يۇمىلاق شەكىلدە، يوپۇرماق گىرۋىكى ھەرە چىشسىمان بولىدۇ؛ گۈلى سۇس سېرىق، سىرتقى تەرەپتىكى ئاتىلىقلىرى گۈل تاجى ياپراقچىلىرىغا ئۆزگىرىپ كەتكەن، ئانىلىق گۈل تۇۋرۇكى ئاق رەڭلىك پەيسىمان بولىدۇ. مېۋىسى ئورۇق، مېۋە، شەكلى ياپىلاق، دۈگىلەك. (33.7 ـ رەسىم)

[چىقىش ئورنى] ئېلىمىزنىڭ جېجىياڭ، جياڭسۇ، ئەنخۇي ئۆلكىلىرىدىن چىقىدۇ.

[يىغىپ ساقلاش] بۇ ئۆسۈملۈكنى ياز ۋە كۈزدە يىغىۋېلىپ، ئاپتاپتا قۇرۇتۇپ تەييارلىنىدۇ، ھۆل پېتى دورىغا ئىشلەتسىمۇ بولىدۇ.

[خىمىيەلىك تەركىبى] ئاساسلىق خىمىيەلىك تەركىبى پىروتوئانېمونىن (Protoanemonin) دىن ئىبارەت.

[فارماكولوگىيەلىك تەسىرى] ئاغرىق توختىتىش، باكتېرىيە ئۆلتۈرۈش، ياللۇغ قايتۇرۇش، ئۆت سۈيۈقلۇقىنىڭ ئاجرىلىپ چىقىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش، سۈيدۈك ھەيدەش تەسىرى بار.

[لايىقلاشتۇرۇلۇشى] يۇيۇپ توغراش، قۇرۇتۇش ئارقىلىق لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى] ئۆت ۋە جىگەرنى قۇۋۋەتلەش، سۈيدۈكنى راۋانلاشتۇرۇش، يەل ھەيدەش، ھەيز راۋانلاشتۇرۇش، ياللۇغ قايتۇرۇش، ئارتۇق ھۆللۈكلەرنى يوقىتىش، توسالغۇلارنى ئېچىش، ئاغرىق توختىتىش خۇسۇسىيەتلىرى بار.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر] سۈيدۈك تۇتۇلۇش، سوغۇق يەلدىن بولغان رېماتىزىم، بوغۇملارنىڭ ئاغرىقى، پەي ۋە سۆڭەكلەرنىڭ ئاغرىقى، قۇلاق ئاستى بېزى ياللۇغى، باشنىڭ يېرىمى ئاغرىش، ھەيز راۋان بولماسلىق قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. ماندارىن، پاقىيوپۇرىقى، قارا ئارچا 12 گىرامدىن، زىرىقتىن سەككىز گىرام، چۈچۈكبۇيا يىلتىزىدىن ئالتە گىرام، كىچىك خوجىدىن 10 گىرام ئېلىپ قايىنىتىپ ئىچسە، سۈيدۈك قان ئارىلاش كېلىشكە مەنپەئەت قىلىدۇ.

2. قوغۇن ئۇرۇقى، ئوغرىتىكەن، جۇڭگو ماندارىنىنىڭ ھەربىرىدىن 10 گىرام ئېلىپ قايىنىتىپ ئىچسە، سۈيدۈك ھەيدەيدۇ.

3. دارچىن، لاچىندانە، جۇڭگو ماندارىنىنىڭ ھەربىرىدىن 10 گىرام ئېلىپ قايىنىتىپ ئىچسە، ھۆللۈكلەرنى قۇرۇتۇپ، قاننى جانلاندۇرىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] 4 ~ 16 گىرامغىچە.

[زىيانلىق تەسىرى] بەدىنى ئاجىز ھەم يارا كېسەلى بارلارغا ئېھتىيات بىلەن ئىشلىتىش لازىم.

[تۈزەتكۈچىسى] سۈت، ھەسەل، تاباشىر.

[ئورۇنباسارى] بىخ كەبىر.

[ۋەكىل خاراكتېرلىك پىششىق دورا ياسالمىسى] شەربىتى ماندارىن.

# پىيزەك ئامۇت
## 皮杂克阿木提
## (沙梨 sha li)

[باشقا ئاتىلىشى] كۆك ئامۇت، ئاچچىق ئامۇت، قۇم ئامۇت

[لاتىنچە نامى] Fructus Pyrus pyurifolia

[ئىنگلىزچە نامى] Ussurian Sand Pear fruit

[تونۇش] بۇ، ئازغان ئائىلىسىدىكى چاتقال ئۆسۈملۈك، پىيزەك ئامۇتنىڭ مېۋىسى بولۇپ، شەكلى تۇخۇم شەكىللىك، ئېللىپىسسىمان بولۇپ، رەڭگى كۆك، تەمى ئاچچىق، بىرئاز چۈچۈمەل كېلىدۇ. بۇنىڭ ياخشىسى سولۇق، چوڭ، ئوبدان پىشقىنىدۇر. (33.8 - رەسىم)

[چىقىش ئورنى] شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن چىقىدۇ.

[يىغىپ ساقلاش] بۇ ئۆسۈملۈكنىڭ مېۋىسى پىشقاندىن كېيىن، قۇرۇتۇپ ئورۇقىنى يىغىۋېلىپ، پاكىز تازىلاپ، قۇرۇق ھەم سالقىن جايدا ساقلىنىدۇ.

[خىمىيىلىك تەركىبى] ئامۇت دەرىخىنىڭ يوپۇرمىقى تەركىبىدە سۈيدۈك ھەيدەيدىغان (ئېپىقئۇزۇمى گىلۇكوزىدى)، ئاربۇتىن ۋە تانىنن ماددىسى بار، مېۋىسىدە ئاتسىدوم مالىكوم، ئاتسىدوم تىتدىكوم، فىروكتوزا، گىلۇكوزا، باشقا قەنت ماددىلىرى بار، كۆك ئامۇتنىڭ پوستىدا تانىنن ماددىسى بار. يەنە ۋىتامىن B، C لار بار.

[لايىقلاشتۇرۇلۇشى] يۇيۇپ توغراپ، قۇرۇتۇش ئارقىلىق لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

[تەبىئىتى] بىرىنچى دەرىجىدە قۇرۇق سوغۇق.

[خۇسۇسىيىتى] ئۆت، ئاشقازان ۋە جىگەرنى قۇۋۋەتلەش، غەيرىي تەبىئىي قان ۋە سەپرا خىلتىنى تەڭشەش، كېرەكسىز گازلارنىڭ مېڭىگە ئۆرلىشىنى توسۇش، ساپ قان پەيدا قىلىش، ئۇسسۇزلۇقنى پەسەيتىش، تەپنى ۋە ئىچ سۈرۈشنى توختىتىش خۇسۇسىيىتى بار.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر] ئۆت، ئاشقازان ۋە جىگەر ئاجىزلىقى، ئىچ سۈرۈش، قۇسۇش، ھەر خىل جاراھەت، كۆيۈك، سۈيدۈك تۇتۇلۇش، قان ئازلىق، كۆپ ئۇسساش، تەپ قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. ئەرقى گۇلدىن 50 مىللىلىتىر، ئەرقى سەندەلدىن 50 مىللىلىتىر، تەمرىھىندىدىن 20 گىرام، سۇماقتىن 10 گىرام، پىيزەك ئامۇتتىن مۇۋاپىق مىقداردا ئېلىپ، قائىدە بويىچە قاينىتىپ ئىچسە، ھارارەت ۋە ئۇسسۇزلۇقنى پەسەيتىدۇ.

2. ئىسپىغۇل بەش گىرام، نىشاستە، سۇماقتىن 10 گىرامدىن، پىيزەك ئامۇتتىن مۇۋاپىق مىقداردا ئېلىپ، قائىدە بويىچە شەربەت تەييارلاپ ئىچىپ بەرسە، سەپرادىن بولغان ئىچ سۈرۈشكە مەنپەئەت قىلىدۇ، بادام يېغى قوشۇپ بېرىلسە، قان تولغاقتا شىپا بولىدۇ.

3. پىيزەك ئامۇتنى سىقىپ سۈيىنى ئىچسە، جىگەر ھارارىتىنى پەسەيتىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

[ئىشلىتىش مىقدارى] مۇۋاپىق مىقداردا يېيىلىدۇ.
[زىيانلىق تەسىرى] ياشانغان، پالەچ، سوغۇق مىزاج كىشىلەرگە زىيان قىلىدۇ، پەينى بوشىتىدۇ، قۇلۇنجى پەيدا قىلىدۇ.
[تۈزەتكۈچىسى] ھەسەل.
[ئورۇنباسارى] ياۋا ئامۇت، بېھى.
[ۋەكىل خاراكتېرلىك پىششىق دورا ياسالمىسى] شەربىتى پەۋاكىھ.

## گۈلىيەسىمەن
## 古丽亚斯曼
(千日红 qian ri hong)

[باشقا ئاتىلىشى] گۈلسىمەن
[لاتىنچە نامى] Flos Gom phrena golobosa
[ئىنگلىزچە نامى] Globe amaranth Flower
[تونۇش] بۇ، تاجىگۈل ئائىلىسىدىكى بىر يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك گۈلىيەسىمەن بولۇپ، بۇ ئۆسۈملۈكنىڭ گۈلى «گۈلىيەسىمەن» ياكى «گۈلسىمەن» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ. (9.33 ـ رەسىم)
[چىقىش ئورنى] شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ھەممە جايلىرىدا تېرىپ ئۆستۈرۈلىدۇ.
[يىغىپ ساقلاش] ئەتىياز ۋە ياز پەسلىدە گۈلى ئېچىلىدۇ، گۈلى ئېچىلغاندا يىغىۋېلىپ گۈل بەرگىنى ئايرىپ، سايىغا يېيىپ قۇرۇتۇپ، قۇرۇق ئورۇندا ساقلىنىدۇ.
[خىمىيىلىك تەركىبى] ئۆسۈملۈكى تەركىبىدە گومپىرونىن (Gomphrenin)، نىترات كىسلاتا رىدۇكتازى (Reductase)، گىلتاتامات دېھىدروگېنىزىمى (Glutamate dehydro) قاتارلىقلار، ئۇرۇقىدا كۆپ مىقداردا ياغ ماددىسى بار.
[لايىقلاشتۇرۇلۇشى] ئىلغاپ ساپلاشتۇرۇلىدۇ.
[تەبىئىتى] بىرىنچى دەرىجىدە ھۆل ئىسسىق.
[خۇسۇسىيىتى] ئۆتنى قۇۋۋەتلەش، جىگەرنىڭ ھارارىتىنى پەسەيتىش، يۆتەل پەسەيتىش، كۆزنى روشەنلەشتۈرۈش، سۈيدۈك ھەيدەش خۇسۇسىيىتى بار.
[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر] ئۆت ياللۇغى، جىگەر ياللۇغى، كۆكيۆتەل، زىققە، كۆز خىرەلىشىش، سۈيدۈك راۋان بولماسلىق قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.
[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]
1. زىرىق بىلەن گۈلىيەسىمەندىن 10 گىرام ئېلىپ قاينىتىپ ئىچسە، ئۆت ياللۇغىغا مەنپەئەت قىلىدۇ ۋە جىگەرنىڭ ھارارىتىنى پەسەيتىدۇ.
2. گۈلىيەسىمەندىن بەش گىرام، زۇپا، بىخسۇسنىڭ ھەربىرىدىن 10 گىرام، ئەنجۈر قېقىدىن بەش گىرام ئېلىپ، قاينىتىپ ئىچسە، كۆكيۆتەل، زىققىگە شىپا بولىدۇ.
3. ئوغرىتىكەن، تەرخەمەك ئۇرۇقى، گۈلىيەسىمەننىڭ ھەربىرىدىن 10 گىرام ئېلىپ قاينىتىپ

ئىچىپ بەرسە، ئۆت ياللۇغىغا مەنپەئەت قىلىدۇ ۋە سۈيدۈك ھەيدەيدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] 1 ～ 3 گىرامغىچە.

[زىيانلىق تەسىرى] ئاشقازانغا زىيان قىلىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] گۈلبىنەپشە، قىزىلگۈل.

[ئورۇنباسارى] زىرىق، ئالقات، سېرىق يەسمەن.

[ۋەكىل خاراكتېرلىك پىششىق دورا ياسالمىسى] گۈليەسمەن قايناتمىسى.

## بۇرجۇن

## 布尔军

(女贞了 nǔ zhen zi)

[باشقا ئاتىلىشى] بۇرجۇن مېۋىسى

[لاتىنچە نامى] Fructus ligustrum lucidum

[ئىنگلىزچە نامى] Ligustry Lucidy

[تونۇش] بۇ، ئەرمۇدۇن ئائىلىسىدىكى دائىم كۆكىرىپ تۇرىدىغان چاتقال بۇرجۇننىڭ مېۋىسىدىن ئىبارەت. (10.33 - رەسىم)

[چىقىش ئورنى] ئورمانلىقلار ۋە تاغ جىلغىلىرىدا ئۆسىدۇ. گەنسۇنىڭ جەنۇبى ۋە شىنجاڭنىڭ بىر قىسىم جايلىرىدا تىكىپ ئۆستۈرۈلىدۇ.

[يىغىپ ساقلاش] بۇ ئۆسۈملۈكنىڭ مېۋىسى پىشقاندىن كېيىن، قۇرۇتۇپ ئۇرۇقىنى يىغىۋالغان جايدا ساقلىنىدۇ.

[خىمىيىلىك تەركىبى] مالول، مانتىكول، گلوكوزا، پۇلتىسىك قاتارلىقلارنى تۇتىدۇ.

[فارماكولوگىيىلىك تەسىرى] ئىممۇنىتېت ئىقتىدارىنى كۈچەيتىدۇ، قان زەردابىدىكى ھېمولىزىن ئانتىگېننىڭ ئاكتىپچانلىقىنى كۈچەيتىدۇ، ئەتراپ قان ئايلىنىشتىكى ئاق قان ھۈجەيرىلىرى ئاشۇرىدۇ، ئىچكى تورسىمان تېرە سىستېمىسىنىڭ يۇتۇش ئىقتىدارىنى كۈچەيتىدۇ، ھۈجەيرە ئىممۇنىتېتى بىلەن تەن سۇيۇقلۇق ئىممۇنىتېتىنى كۈچەيتىدۇ.

[لايىقلاشتۇرۇلۇشى] يۇيۇپ توغراش، قورۇتۇش ئارقىلىق لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق سوغۇق.

[خۇسۇسىيىتى] ئۆت، جىگەر ۋە بۆرەكنى قۇۋۋەتلەش، كۆزنى روشەنلەشتۈرۈش، مەنىي تۇتۇش، ئۇسسۇزلۇقنى ۋە قىزىتمىنى پەسەيتىش خۇسۇسىيىتى بار.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر] باش قېيىش، كۆز قاراڭغۇلىشىش، قۇلاق غوڭۇلداش، بەل ۋە پۇت ئاغرىقى، مەنىي بالدۇر يۇرۇپ كېتىش، ماغدۇرسىزلىق، چاچ - ساقالنىڭ بالدۇر ئاقىرىشى قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

www.uyghurkitap.com

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى] كاسىنە، ئىتئۈزۈم، ئارپىبەدىيان قاتارلىق دورىلار بىلەن مەتبۇخ تەييارلاپ ئىچىشكىمۇ، يالغۇز قايىنىتىپ سۈيىنى كۆزگە تېمىتىشقىمۇ بولىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] 6~15 گىرامغىچە.

[زىيانلىق تەسىرى] تال ۋە ئۆچەيگە زىيان قىلىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] تال غازىڭى.

[ئورۇنباسارى] قىزىلگۈل.

[ۋەكىل خاراكتېرلىك پىششىق دورا ياسالمىسى] بۇرجۇن قايىنتىلمىسى.

## كاسىنە

## 卡斯尼

## （菊苣 ju ju）

[باشقا ئاتىلىشى] ھىندىبا، كاسنى

[لاتىنچە نامى] Herba Cichorium intybus

[ئىنگلىزچە نامى] Common cichory Herb



كاسىنە

[تونۇش] بۇ، كاسىنە ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق سامان غوللۇق، كاسىنەگە ئورۇقداش ئۆسۈملۈك بولۇپ، ئېگىزلىكى 50 ~ 100 سانتىمېتىرغىچە كېلىدۇ؛ غولى تىك، ئوتتۇرىسى كاۋاك، كۆپ شاخلىنىدۇ؛ يوپۇرمىقى سوقچاق تېمىنە شەكلىدە، گىرۋىكى رەتسىز، دولقۇنسىمان چىشلىق بولىدۇ، يوپۇرماقلىرى غولىنىڭ تۆۋىدىن باشلاپ شېخىنىڭ ئۇچىغىچە بارغانسېرى كىچىكلەپ، ئاخىرى يوقىلىدۇ؛ گۈلى قولتۇقىدىن ئۆسكەن بولۇپ، ھاۋا رەڭ كېلىدۇ. (11.33 ـ رەڭ)

[چىقىش ئورنى] ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ھەممە جايلىرىدىن چىقىدۇ.

[يىغىپ ساقلاش] بۇ ئۆسۈملۈكنى ياز ۋە كۈزدە يىغىۋېلىپ، ئاپتاپتا قۇرۇتۇپ تەييارلىنىدۇ. ھۆل پېتى دورىغا ئىشلەتسىمۇ بولىدۇ.

[خىمىيەلىك تەركىبى] پۈتۈن چۆپىنىڭ تەركىبىدە ئىسكولېتىن (Esculetin)، ئىسكولىن (Esculin)، سىخورئىن (Cichoriin)، لاكتوتسىن (Lactucin)، لاكتو كوپىكرىن (Lactucopicrin) قاتارلىقلار بار.

[فارماكولوگىيەلىك تەسىرى] كاسىنە گۈلى ھايۋانلارغا ئوكۇل قىلىنسا، مەركىزىي نېرۋا سىستېمىسىنى قوزغىتىپ، يۈرەك ھەرىكىتىنى كۈچەيتىدۇ. قايىنتىلمىسى باكتېرىيەگە قارشى تۇرۇش، قوزغاش تەسىرىگە ئىگە.

[**لايىقلاشتۇرۇلۇشى**] يۇيۇپ توغراش، قورۇتۇش ئارقىلىق لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

[**تەبىئىتى**] ئىككىنچى دەرىجىدە ھۆل سوغۇق.

[**خۇسۇسىيىتى**] غەيرىي تەبىئىي سەپرا خىلتىنى پىشۇرۇش، قۇرۇق ئىسسىق ۋە ھۆل ئىسسىق كەيپىياتنى تەڭشەش، ئۆتنى قۇۋۋەتلەش، سۈيدۈك ھەيدەش، قان تازىلاش، ئۇسسۇزلۇقنى پەسەيتىش، ئىششىق ياندۇرۇش، قان تازىلاش، ئاشقازان ۋە جىگەرنى قۇۋۋەتلەش خۇسۇسىيەتلىرى بار.

[**ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر**] تال ۋە جىگەر ياللۇغى، ئاشقازان ياللۇغى، تال ياللۇغى، سېرىقلىق چۈشۈش، ئىستىسقا، باش ئاغرىقى، سۈيدۈك تۇتۇلۇش قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[**ئىشلىتىش ئۇسۇلى**]

1. كاسنەدىن 12 گىرامنى قايىنتىپ ئىچسە، سېرىقلىق چۈشۈش تىپىدىكى جىگەر كېسىلىگە مەنپەئەت قىلىدۇ.

2. كاسنە يوپۇرمىقىنىڭ سىقىپ چىقىرىلغان سۈيىدە سەندەلنى سۈزۈپ پېشانىگە چاپسا، ئىسسىقتىن بولغان باش ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ.

3. كۆك كاسنەنى قائىدە بويىچە سىقىپ، بىرقانچە كۈن 30 مىللىلىتىردىن ئىچىپ بەرسە، تال، جىگەر ۋە ئاشقازان ياللۇغىنى قايتۇرىدۇ.

4. كاسنەنى سىركەنجىۋىل بىلەن قوشۇپ ئىچسە، ئاشقازانغا پايدا قىلىدۇ، سۈيدۈك ھەيدەپ، سۈيدۈك يولىنى تازىلايدۇ.

[**ئىشلىتىش مىقدارى**] 4 ~ 12 گىرامغىچە.

[**زىيانلىق تەسىرى**] يۆتەل پەيدا قىلىدۇ.

[**تۈزەتكۈچىسى**] ئاقشېكەر، بىنەپشە شەربىتى.

[**ئورۇنباسارى**] ئاق لەيلى، ھەمىشباھار.

[**ۋەكىل خاراكتېرلىك پىششىق دورا ياسالمىسى**] شەربىتى دىنار، ئەرقى كاسنە، جەۋھىرى كاسنە.

## زىرىق

## 孜日克

## （小檗实 xiao bo shi）

[**باشقا ئاتىلىشى**] ئەنبەر بارىس، زىرەشكە

[**لاتىنچە نامى**] Frcutus Berberis heteropoda

[**ئىنگلىزچە نامى**] Fruit of Turkestan Barberry

[**تونۇش**] بۇ، زىرىق ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق سامان غوللۇق يوپۇرماق تاشلايدىغان، زىرىقتا ئۇرۇقداش چاتقال بولۇپ، ئېگىزلىكى 1.5 ~ 2 مېتىرغىچە كېلىدۇ، كۆپ شاخلىنىدۇ؛ يىلتىزى توم ۋە ئۇزۇن، رەڭگى سېرىق، تەمى ئىنتايىن قېرىق؛ يوپۇرماقلىرى قىسقا، شاخلىرىغا توپلىشىپ ئۆسىدۇ، شەكلى تەتۈر تۇخۇم شەكىللىك بولۇپ، تولۇق گىرۋەكلىك، كىچىك ۋە قىسقا كېلىدۇ. شاخ تۈۋىنىڭ

www.uyghurkitap.com



زىرىق

تاشقى تەرپىدە ئۈچ ئاچىلىق تىكىنى كۆپ، ئوتتۇرىسىدىكى ئۇزۇن، ئىككى تەرپىدىكىلىرى قىسقا بولىدۇ؛ ئومۇمىي گۈل رېتى بولۇپ، گۈلى كىچىك، سېرىق؛ مېۋىسى شىرنىلىك، شار شەكلىدە بولىدۇ، پىشقاندا قارىيىدۇ. مېۋىسى «زىرىق» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ. ئۇنىڭ ئۇسارىسى «رۇسۇت» دەپ ئاتىلىدۇ. (12.33 ـ رەسىم)

[**چىقىش ئورنى**] شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن چىقىدۇ.

[**يىغىپ ساقلاش**] بۇ ئۆسۈملۈكنى كۈزدە مېۋىسى پىشقاندا يىغىۋېلىپ، ئاپتاپتا قۇرۇتۇپ ساقلىنىدۇ، ھۆل پېتى دورىغا ئىشلەتسىمۇ بولىدۇ.

[**خىمىيەلىك تەركىبى**] تەركىبىدە گىلۇكوزا، مېۋە قەنتى، ئالما كىسلاتاسى، كاروتىن ۋە پىگمېنت تۈرىدىكى ماددىلار بار، ئۇرۇقىنىڭ تەركىبىدە مايلىق ياغ بار.

[**فارماكولوگىيەلىك تەسىرى**]

1. ئىشتىھانى ئاچىدۇ، قىزىتما ياندۇرىدۇ.
2. باكتېرىيەگە قارشى تۇرىدۇ ۋە كۆپىيىشىنى تورمۇزلايدۇ.
3. قاننىڭ ئۆتكۈرلۈكىنى پەسەيتىپ، قان بېسىمىنى چۈشۈرىدۇ.
4. ئۆت سۇيۇقلۇقىنى راۋانلاشتۇرىدۇ.
5. ئاق قان ھۈجەيرىسىنىڭ سانىنى ئۆرلىتىدۇ.

[**لايىقلاشتۇرۇلۇشى**] يۇيۇپ قۇرۇتۇش ئارقىلىق لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

[**تەبىئىتى**] ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق سوغۇق.

[**خۇسۇسىيىتى**] غەيرىي تەبىئىي سەپرا ۋە قان خىلتىنى تەڭشەش، قۇرۇق ئىسسىق ۋە ھۆل ئىسسىق كەيپىياتنى تەڭشەش، ئۆت، جىگەر ۋە ئاشقازاننى قۇۋۋەتلەش، ئۆت سۇيۇقلۇقىنى راۋانلاشتۇرۇش، قان بېسىمىنى چۈشۈرۈش، ئۇسسۇزلۇقنى پەسەيتىش، ئاشقازان ۋە جىگەرنىڭ ھارارىتىنى پەسەيتىش، قىزىتما قايتۇرۇش، قۇرۇق ھۆل يوقىتىش، سەپرانى پەسەيتىش خۇسۇسىيەتلىرى بار.

[**ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر**] جىگەر، ئاشقازان ۋە ئۈچەي ياللۇغى، ئىچ سۈرۈش، ھەزىمنىڭ ناچارلىشىشى، ئۇسسۇزلۇق، ۋىتامىن C نىڭ يېتىشمەسلىكى، يۇتقۇنچاق ياللۇغى، كالپۇك يېرىلىش، يۈرەك رىتىمسىزلىقى، قۇرۇق ھۆ بولۇش، يۇقىرى قان بېسىم قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[**ئىشلىتىش ئۇسۇلى**]

1. 15 گىرام زىرىقنى خېمىر قىلىپ ئىششىققا چاپسا ئىششىق ياندۇرىدۇ.
2. زىرىق يىلتىزى، مامىرانچىنىدىن سەككىز گىرامنى سۇدا قايىنىتىپ ئىچسە ياكى ئېغىزنى چايقىسا، يۇتقۇنچاق ياللۇغى ۋە ئېغىز بوشلۇقى ياللۇغىغا مەنپەئەت قىلىدۇ.

3. ئەپسەنتىن رۇمىدىن ئۈچ گىرام، كاسىنە ئۇرۇقى، زىرىقتىن 10 گىرامدىن ئېلىپ، سوقۇپ سۈزۈپ قىلىپ، كۈندە ئىككى ۋاق ئىچىپ بەرسە، جىگەر قېتىش ئۈچۈن شىپا بولىدۇ.

4. زىرىقتىن 15 گىرام، سېمىزئوت ئۇرۇقىدىن 10 گىرام، ئىسپىغۇلدىن بەش گىرام ئېلىپ، قائىدە بويىچە دەملەپ تاتلىقىنى چىقىرىپ، كۈندە ئۈچ ۋاق ئىچىپ بەرسە، سەپرادىن بولغان ئىسھالغا شىپا بولىدۇ.

5. زىرىقتىن 15 گىرام، ئەينۇلادىن 20 گىرام، تەمرىھىندى، كاسىنە ئۇرۇقى، ئاق سەندەلدىن 10 گىرامدىن ئېلىپ قايىنىتىپ، كۈندە ئۈچ ۋاق 50 مىللىلىتىردىن ئىچىپ بەرسە، ئۇسسۇزلۇقنى پەسەيتىدۇ، قۇرۇق ھۆلنى توختىتىدۇ، يۇقىرى قان بېسىمنى چۈشۈرىدۇ.

[**ئىشلىتىش مىقدارى**] 5 ~ 20 گىرامغىچە.

[**زىيانلىق تەسىرى**] سوغۇق مىزاج كىشىلەردە باش ئاغرىقى پەيدا قىلىدۇ.

[**تۈزەتكۈچىسى**] قەلەمپۇر، دارچىن، شېكەر.

[**ئورۇنباسارى**] قىزىلگۈل، ئاق سەندەل.

[**ۋەكىل خاراكتېرلىك پىششىق دورا ياسالمىسى**] داۋائىلمىشكى مۆتىدىل، جاۋارىش ئۇد تۇرۇش، شەربىتى زىرىق.

## يۆگىمەچئوت

## 优给马斯欧提

(田旋花 tian xuan hua)

[**باشقا ئاتىلىشى**] يۆگىمەجئوت چۆپى، لەپلەپ ئوتى

[**لاتىنچە نامى**] Herba Convolvulus arvensis

[**ئىنگلىزچە نامى**] European Glorybind Herb

[**تونۇش**] بۇ، يۆگىمەچ گۈللۈكلەر ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق سامان غوللۇق يۆگەشمە ئۆسىدىغان، ئېتىزلىق يۆگىيى (يەنى بىر نامى «لەپلەپ») بولۇپ، بۇ ئۆسۈملۈكنىڭ پۈتۈن چۆپى «يۆگىمەچ، يۆگىمەچئوت» ياكى «لەپلەپ» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ. (33. 13 ـ رەسىم)

[**چىقىش ئورنى**] ئېتىز ۋە داللاردا، يول بويلىرىدا ئۆسىدۇ، شىنجاڭنىڭ ھەممە يېرىدىن تېپىلىدۇ.

[**يىغىپ ساقلاش**] ئەتىياز ۋە ياز پەسلىدە گۈلى ئېچىلىدۇ، گۈلى ئېچىلغاندا يىغىۋېلىپ سايىغا يېيىپ قۇرۇتۇپ، قۇرۇق ئورۇندا ساقلىنىدۇ.

[**خىمىيەلىك تەركىبى**] كۋېرتسېتىن (Cuercetin)، كوفلىك كىسلاتاسى، كۇرامىن (Curamin)، رېسىن (Resin)، فلاۋونلار، بىيولوگىيەلىك ئىشقارلار ۋە ناترىي، كالتسىي قاتارلىق ئورگانىك ماددىلار-دىن تەركىب تاپقان.

[**فارماكولوگىيەلىك تەسىرى**] قان بېسىمنى چۈشۈرۈش، يالّلۇغ قايتۇرۇش، سۈيدۈك ھەيدەش، ئىچ سۈرۈشنى توختىتىش قاتارلىق تەسىرى بار.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

[لايىقلاشتۇرۇلۇشى] ساپلاشتۇرۇپ يۇيۇپ توغراش، قۇرۇتۇش ئارقىلىق لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.
[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە ھۆل سوغۇق.
[خۇسۇسىيىتى] ئۆت ۋە جىگەرنى قۇۋۋەتلەش، ئىششىق ياندۇرۇش، قىزىتما قايتۇرۇش، قان توختىتىش، ئاغرىق پەسەيتىش خۇسۇسىيىتى بار.
[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر] جىگەر ئاجىزلىقى، ئىستىسقا، ئىچكى ۋە تاشقى بوۋاسىرنىڭ قانىشى، بوغۇملار ئاغرىقى قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.
[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]
1. يۆگمەچئوتتىن مۇۋاپىق مىقداردا ئېلىپ، ئېزىپ سىرتىدىن تاڭسا، ئىچكى ۋە سىرتقى بوۋاسىرنىڭ قېنىنى توختىتىدۇ.
2. يۆگمەچئوت، سۆرۈنجان 10 گىرامدىن، زەپەردىن ئۈچ گىرام ئېلىپ، گۈل يېغىغا ئارىلاشتۇرۇپ مەلھەم قىلىپ تاڭسا، بوغۇم ئاغرىقىغا شىپا بولىدۇ.
[ئىشلىتىش مىقدارى] 3 ~ 10 گىرامغىچە ئىشلىتىلىدۇ.
[زىيانلىق تەسىرى] سوغۇقچان كىشىلەردە باش ئاغرىقى پەيدا قىلىدۇ.
[تۈزەتكۈچىسى] ناۋات، ھەسەل.
[ئورۇنباسارى] سىمىز ئوت.
[ۋەكىل خاراكتېرلىك پىششىق دورا ياسالمىسى] شەربىتى دىنار.

## كۆك ماش

## 扩克马西

## (绿豆 lu dou)

[باشقا ئاتىلىشى] بەنو ماش، مونگى
[لاتىنچە نامى] Semen-Vignae radiata
[ئىنگلىزچە نامى] Mung Bean (Green Gram)
بۇ، پۇرچاق ئائىلىسىدىكى بىر يىللىق تىك ياكى ئۇچ قىسمى سەل يۆگىمەچ ئۆسىدىغان ئۆسۈملۈك كۆك ماش بولۇپ، بۇ ئۆسۈملۈكنىڭ قۇرۇتۇلغان ئۇرۇقى «كۆك ماش» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ. يېشىل رەڭلىك ياكى توق يېشىل رەڭلىك، پارقىراق بولىدۇ، تەمى تاتلىق، پۇرىقى سۇس كېلىدۇ. (33. 14 ـ رەسىم)
[چىقىش ئورنى] ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ھەممە يەرلىرىدە تېرىپ ئۆستۈرۈلىدۇ.
[يىغىپ ساقلاش] بۇ ئۆسۈملۈكنىڭ مېۋىسى پىشقاندىن كېيىن قۇرۇتۇپ ئۇرۇقىنى يىغىۋېلىپ، پاكىز تازىلاپ، قۇرۇق ھەم سالقىن جايدا ساقلىنىدۇ.
[خىمىيىلىك تەركىبى] ھەر 100 گىرام كۆك ماش تەركىبىدە 22 گىرام ئاقسىل، 0.8 گىرام ياغ، 59 گىرام كاربون سۇ بىرىكمىلىرى، 49 مىللىگىرام كالتسىي، 268 مىللىگىرام فوسفور، 3.2

مىللىگىرام تۆمۈر، ئاز مىقداردا كاروتىن، تىئامىن، ۋىتامىن B₂، نىكوتىن قاتارلىقلار بار.
[**فارماكولوگىيەلىك تەسىرى**] زەھەر قايتۇرۇش، قۇۋۋەتلەش تەسىرى بار.
[**تەبىئىتى**] بىرىنچى دەرىجىدە ھۆل سوغۇق.
[**خۇسۇسىيىتى**] ئۆتنى قۇۋۋەتلەش، قان تازىلاش، غەيرىي تەبىئىي سەپرا خىلتىنى تەڭشەش، زەھەر قايتۇرۇش، سۈيدۈك ھەيدەش، قىزىتما پەسەيتىش، ئەزالارنى قۇۋۋەتلەش، سەمرىتىش، ئوزۇقلۇق تولۇقلاش خۇسۇسىيىتى بار.
[**ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر**] ئىسسىق ئۆتۈپ كېتىش، ئىسسىقتىن بولغان يۆتەل، يېزا ئىگىلىك دورىلىرىدىن زەھەرلىنىش، قوغۇشۇندىن زەھەرلىنىش، ئېغىز ۋە كىچىك تىل ياللۇغى، كۆرۈش قۇۋۋىتىنىڭ ئاجىزلىقى، ئىسسىقتىن بولغان قەۋزىيەت، تىلما، قىزىل قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.
[**ئىشلىتىش ئۇسۇلى**]
1. كۆك ماشنى پوستىدىن ئاجرىتىپ، بادام مېغىزى بىلەن قوشۇپ يېسە، قەۋزىيەتكە مەنپەئەت قىلىدۇ.
2. كۆك ماشتىن مۇۋاپىق مىقداردا ئېلىپ، يەككە ھالەتتە يەپ بەرسە، سەمرىتىپ ئوزۇقلۇق تولۇقلايدۇ.
3. كۆك ماشتىن 500 گىرام، ئاش تۇزىدىن 30 گىرام ئېلىپ، ئارىلاشتۇرۇپ يۇمشاق سوقۇپ، ئۇنىڭغا 500 مىللىلىتىر سوۋۇتۇلغان قايناق سۇ قوشۇپ، بىر نەچچە مىنۇت چىلاپ قويۇپ، ھەر كۈنى بۇ سۇدىن 300～500 مىللىلىتىرغىچە ئىچىپ بەرسە، يېزا ئىگىلىك دورىلىرىدىن زەھەرلىنىشكە مەنپەئەت قىلىدۇ.
4. كۆك ماشتىن 120 گىرام، چۇچۇكبۇيا يىلتىزىدىن 15 گىرام ئېلىپ، قايىنتىپ ئىككىگە بۆلۈپ، 10～20 كۈنگىچە ھەر كۈنى ئاخشىمى ئىچىشنى داۋاملاشتۇرسا، قوغۇشۇننىڭ زەھىرىنى قايتۇرىدۇ.
[**ئىشلىتىش مىقدارى**] 50 ～ 70 گىرامغىچە.
[**زىيانلىق تەسىرى**] سوغۇق مىزاج كىشىلەردە باش قېيىشنى پەيدا قىلىدۇ.
[**تۈزەتكۈچىسى**] زىرە، قەلەمپۇر، دارچىن، قارىمۇچ، زەنجىۋىل.
[**ئورۇنباسارى**] باقىلە، ماش، نوقۇت.
[**ۋەكىل خاراكتېرلىك ياسالمىسى**] ماش ئېشى.
يۇقىرىقىدىن باشقا تىللائوت، پىننە قاتارلىقلارمۇ ئۆتنى قۇۋۋەتلىگۈچى دورىلار قاتارىغا كىرىدۇ.

www.uyghurkitap.com

# ئوتتۇز تۆتىنچى باب تال كېسەللىكلىرىگە ئىشلىتىلىدىغان دورىلار

تالنى قۇۋۋەتلەش، تالدىكى ماددا ئالمىشىشنى ياخشىلاش، تال مىزاجىنى تەڭشەش تەسىرى ئاساسلىق ئورۇندا تۇرىدىغان دورىلار ئومۇملاشتۇرۇلۇپ، تال كېسەللىكلىرىگە ئىشلىتىلىدىغان دورىلار دېيىلىدۇ.

بۇ خىل دورىلارنىڭ كۆپىنچىلىرىنىڭ تەبىئىتى ھۆل سوغۇق ياكى قۇرۇق سوغۇق بولۇپ، تالنى ۋە ئومۇمىي بەدەننى قۇۋۋەتلەش، تەبىئەتنى قۇۋۋەتلەش، توسالغۇلارنى ئېچىش، ياللۇغ قايتۇرۇش، ماددا ئالمىشىشنى ياخشىلاش، بەدەنگە ھۆللۈك يەتكۈزۈش تەسىرىنى بېرىدۇ. بۇ خىلدىكى دورىلار ئاساسلىقى تەسۋىقوناق، ھايۋانلارنىڭ تېلى، شىنجاڭ قانتېپەرى، بەرخۇت دەرىخى قوۋزىقى، ئاق ماش قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.

## تەسۋىقوناق

## 塔斯维库那克

## (薏米仁 yi mi ren)

[لاتىنچە نامى] Semen coix lacryma－jobi

[ئىنگلىزچە نامى] Ma－yuen jobstearis Seed


تەسۋىقوناق

[تونۇش] بۇ، بىر يىللىق ياكى كۆپ يىللىق سامان غوللۇق باشاقلىق ئۆسۈملۈك تەسۋىقوناقنىڭ ئۇرۇقى بولۇپ، ئادەتتە «تەسۋىقوناق» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ. (1.34 ـ رەسىم)

[چىقىش ئورنى] شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ھەممە جايلىرىدىن تېپىلىدۇ.

[يىغىپ ساقلاش] كۈزدە پىشقاندا يىغىپ ساقلىنىدۇ.

[خىمىيەلىك تەركىبى] تەسۋىقوناق ئېستېرى (Ester)، 12% ~ 14% كىچە يېرىك ئاقسىل، 2% ~ 8% كىچە ياغدىن ئىبارەت.

[فارماكولوگىيەلىك تەسىرى] راك كېسىلىگە قارشى تۇرۇشتا ئۇنۇمى ناھايىتى ياخشى بولۇپ، دەسلەپكى باسقۇچىدا ئىشلەتكەندە كېسەلنى پۈتۈنلەي تىزگىنلەش مەقسىتىگە يەتكىلى بولىدۇ، پەي ـ مۇسكۇللارنى بوشىتىدۇ، يۈرەك، نەپەس ئەزالىرىنى غىدىقلاپ، نەپەس سىقىلىشىنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ، قان قەنتىنى چۈشۈرىدۇ، چىش ياللۇغىنى قايتۇرۇپ قىزىتمىنى پەسەيتىپ، ئاغرىق توختىتىدۇ.

[لايىقلاشتۇرۇلۇشى] يۇيۇپ توغراش، قۇرۇتۇش ئارقىلىق لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

[تەبئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە هۆل سوغۇق.
[خۇسۇسىيىتى] تالنى قۇۋۋەتلەش، بەدەنگە هۆللۈك يەتكۈزۈش، تالنى ساغلاملاشتۇرۇش، ياللۇغ قايتۇ-رۇش، يىرىڭ تازىلاش، ئىششىق ياندۇرۇش، سۈيدۈكنى راۋانلاشتۇرۇش، رېماتىزمنى يوقىتىش، راك ھۈجەيرىسىنىڭ كېڭىيىپ كېتىشىنى تىزگىنلەش، ھامىلدار بولۇشقا ياردەم بېرىش خۇسۇسىيەتلىرى بار.
[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر] تال زەئىپلىكىدىن بولغان ئىچ سۈرۈش، ئۆپكە يىرىڭلىق ئىششىقى، ئۆچەي يارىسى، رېماتىزم، سۇلۇق ئىششىق، سۈيدۈك تۇتۇلۇش قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.
[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]
1. تەسۋىقوناقتىن 22 گىرام، قورۇتۇلغان پاقىيوپۇرمىقى ئۇرۇقى، بېھى كۆلىدىن 12 گىرامدىن ئېلىپ، سۇدا قاينىتىپ ئىچسە، ئىچ سۈرۈشكە مەنپەئەت قىلىدۇ.
2. بابۇنە، يەرلىك شوخلىدىن 10 گىرامدىن، تەسۋىقوناقتىن سەككىز گىرام ئېلىپ، قاينىتىپ ئىچسە ياللۇغ قايتۇرىدۇ.
[ئىشلىتىش مىقدارى] 8 ~ 35 گىرامغىچە.
[زىيانلىق تەسىرى] سوغۇق مىزاج كىشىلەرگە زىيان قىلىدۇ.
[تۈزەتكۈچىسى] قەلەمپۇر.
[ئورۇنباسارى] ئاق لەيلى ئۇرۇقى.
[ۋەكىل خاراكتېرلىك پىششىق دورا ياسالمىسى] تەسۋىقوناق قاينىتىلمىسى.

## هايۋاناتلارنىڭ تېلى
## 哈依瓦那提拉宁提力
(动物脾脏 dong wu pi zang)

[باشقا ئاتىلىشى] تەھەل، تال
[لاتىنچە نامى] Lien (Splen)
[ئىنگلىزچە نامى] pluck of spleen
[تونۇش] بۇ، كالا، قوي، ئۆچكە، تۆگە قاتارلىق هايۋانلارنىڭ ئەزاسى بولغان تېلىنى تازىلاپ قورۇتۇل-غان قىسمى بولۇپ، باشقا هايۋانلارغا قارىغاندا كالىنىڭ بۇ ئەزاسى «تال» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ. بۇ يۇمشاق، يېنىك، بۇلۇتسىمان، رەڭگى كۆكۈچ قارامتۇل بولىدۇ. تالنىڭ ئوبدانراقى ئۆيدە بېقىلغان سېمىز، ياش هايۋانلارنىڭ تېلىدۇر. (2.34 ـ رەسىم)
[چىقىش ئورنى] كالىنى ئۆلتۈرگەندە ئىچىدىن چىقىدۇ.
[يىغىپ ساقلاش] كالىنى ئۆلتۈرۈپ تالنى ئېلىپ، يالپاقلاپ قورۇتۇپ سوغۇق جايدا ساقلىنىدۇ.
[خىمىيىلىك تەركىبى] تال تەركىبىدە ئاساسلىقى ئاقسىل ماددىلىرى بار. ئۇنىڭدىن باشقا ئورگانىك تۇزلار، فوسفات كىسلاتاسى، كۆپ مىقداردا تۆمۈر ماددىلىرى بار.
[لايىقلاشتۇرۇلۇشى] ساپلاشتۇرۇش، قورۇتۇش ئارقىلىق لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.
[تەبئىتى] بىرىنچى دەرىجىدە قۇرۇق سوغۇق.
[خۇسۇسىيىتى] تالنى قۇۋۋەتلەش، جاراھەتلەرنى پۈتتۈرۈش، جاراھەتلەرنىڭ قېنىنى توختىتىش، تال

www.uyghurkitap.com

ۋە ئۇچەينىڭ خىزمىتىنى ياخشىلاش، قان كۆپەيتىش، يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرگە قارشى تۇرۇش خۇسۇسىيىتى بار.

[**ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر**] تال ۋە ئۇچەي ئاجىزلىقى، ھەر خىل جاراھەتلەر، قان ئازلىق ۋە ھەر خىل يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرگە ئىشلىتىلىدۇ.

[**ئىشلىتىش ئۇسۇلى**]

1. قۇرۇتۇلغان تال تالقىنىنى يەرلىك ئورۇنغا سەپسە، جاراھەتلەرنى پۈتتۈرىدۇ، ھۆللۈكلەرنى قۇرۇتىدۇ.

2. تال تالقىنىنى يۇمغاقسۈت سۈيى بىلەن ئىچسە، يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ.

3. ئۇچەي كاۋىپىغا قۇرۇتۇلغان تالنىڭ تالقىنىنى سىپىپ يېسە، تال ۋە ئۇچەي خىزمىتىنى ياخشىلايدۇ.

[**ئىشلىتىش مىقدارى**] تالنىڭ قۇرۇتۇلغان تالقىنىدىن 5.0~1 گىرامغىچە، ھۆل تالدىن 50~80 گىرامغىچە.

[**زىيانلىق تەسىرى**] تەستە ھەزىم بولىدۇ.

[**تۈزەتكۈچىسى**] قوي يېغى بىلەن ئوبدان پىشۇرۇپ ئىستېمال قىلىش.

[**ئورۇنباسارى**] قوي تېلى.

[**ۋەكىل خاراكتېرلىك ياسالمىسى**] بەرخۇت قوۋزىقى.

## شىنجاڭ قانتېپەرى

## 新疆茨替帕儿

(新疆党参 xin jiang dang shen)



شىنجاڭ قانتېپەرى

[**باشقا ئاتىلىشى**] شىنجاڭ قانتېپەرى يىلتىزى

[**لاتىنچە نامى**] Radix codonopsis Clematidea

[**ئىنگلىزچە نامى**] Codonopsis Senckang

[**تونۇش**] بۇ، قوڭغۇراق گۈللۈكلەر ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك شىنجاڭ قانتېپەرىنىڭ يىلتىزى بولۇپ، يىلتىزى ئۇزۇن سىلىندىر شەكىللىك، سىرتقى يۈزى سارغۇچ ئاق رەڭلىك، يىلتىزىنىڭ باش قىسمى ئىنچىكە، تەمسىز رەڭ، پۇرىقى سۇس بولۇپ، بۇ ئۆسۈملۈكنىڭ يىلتىزى «بەھمەن سەفىد چىنى» ياكى «شىنجاڭ قانتېپەرى» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ. (3.34 ـ رەسىم)

[**چىقىش ئورنى**] ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ كۆپلىگەن جايلىرىدىن چىقىدۇ.

[**يىغىپ ساقلاش**] بۇ ئۆسۈملۈكنىڭ دورىلىق قىسمىنى يىغىپ قۇرۇتۇپ، قۇرغاق ئورۇندا ساقلىنىدۇ.

[**خىمىيىلىك تەركىبى**] يىلتىزىنىڭ تەركىبىدە ئالكولوھىدلار، قانتېپەر ئىشقارى، كودونوپسىنىن (Codonopsinine) قاتارلىقلار بار. يەنە گلىكوزىدلار ۋە قەنت تۈرىدىكىلەر بار.

[**فارماكولوگىيىلىك تەسىرى**] شىنجاڭ قانتېپەرنىڭ يەر ئۈستىدىكى قىسمى يىلتىزىنىڭ ياسالمىسىنىڭ مىقدارى ھەربىر كىلوگىرام بەدەن ئېغىرلىقى ئۈچۈن 0.005 ~ 0.007 گىرام بولغاندا، كىچىك چاشقاننىڭ جىسمانىي كۈچىنى كۈچەيتىدۇ. ھايۋاناتلارنىڭ ئۇخلاش ۋاقتىنى قىسقارتىدۇ.

[**لايىقلاشتۇرۇلۇشى**] يۇيۇپ توغراش، قۇرۇتۇش ئارقىلىق لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

[**تەبىئىتى**] بىرىنچى دەرىجىدە قۇرۇق سوغۇق.

[**خۇسۇسىيىتى**] تال ۋە ئاشقازاننى قۇۋۋەتلەش، ئىچ سۈرۈشنى توختىتىش، يۈرەكنى كۈچەيتىش، تەر توختىتىش، بوۋاسىر تۈگۈنچىنى يوقىتىش، روھنى كۆتۈرۈش، تەبىئىي خىلىت ھاسىل قىلىش خۇسۇسىيەتلىرى بار.

[**ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر**] تال ۋە ئاشقازان ئاجىزلىقى، ئىچ سۈرۈش، يۈرەك سىلىش، نەپەس سىقىلىش، ئېغىز قۇرۇش، كۆپ تەرلەش، باش قېيىش، بوۋاسىر، بالىياتقۇ چىققى قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[**ئىشلىتىش ئۇسۇلى**]

1. شىنجاڭ قانتېپەرى، بىخسۇس، پىچەكگۈل، ھېلىلە، جويۇزنىڭ ھەربىرىدىن توققۇز گىرام، گىل مەختۇمدىن 15 گىرام ئېلىپ، قاينىتىپ سۈيىنى ئىچىپ بەرسە، تال ئاجىزلىقىدىن بولغان ئىچ سۈرۈشكە مەنپەئەت قىلىدۇ.

2. تاباشىردىن بەش گىرام، ئانارگۈلدىن ئۈچ گىرام، شىنجاڭ قانتېپەردىن بەش گىرام ئېلىپ، يۇمشاق سوقۇپ سۇفۇپ قىلىپ ئىچسە، ئىچ سۈرۈشنى توختىتىدۇ.

3. قانتېپەر، پىننە، جۇۋىنە، زىرىنىڭ ھەربىرىدىن 10 گىرام ئېلىپ، سوقۇپ چايلىق تەييارلاپ دەملەپ ئىچسە، ئاشقازاننى قىزىتىپ، ھەزىمنى ياخشىلايدۇ.

[**ئىشلىتىش مىقدارى**] 3 ~ 6 گىرامغىچە.

[**زىيانلىق تەسىرى**] ئۆچەيدە توسۇلۇش پەيدا قىلىدۇ.

[**تۈزەتكۈچىسى**] كەتىرا، ئەرەب يېلىمى.

[**ئورۇنباسارى**] تاباشىر.

[**ۋەكىل خاراكتېرلىك پىششىق دورا ياسالمىسى**] سۇفۇپى تاباشىر.

## بەرخۇت دەرىخى قوۋزىقى
## 白热胡提达日黑库孜克
## （黄柏 huang bo）

[**لاتىنچە نامى**] Cortex Phellodendron amurensie

[**ئىنگلىزچە نامى**] Amur Corktee Bark

[**تونۇش**] بۇ، سۇزاپ ئائىلىسىدىكى ئۆسۈملۈك بەرخۇت دەرىخىنىڭ قۇرۇتۇلغان قوۋزىقى بولۇپ، «بەرخۇت دەرىخى قوۋزىقى» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ. (4.34 - رەسىم)

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

[چىقىش ئورنى] ئېلىمىزنىڭ گۇاڭشى، گۇاڭدوڭ، يۈننەن قاتارلىق جايلىرىدىن چىقىدۇ.

[يىغىپ ساقلاش] بۇ ئۆسۈملۈكنىڭ دورىلىق قىسمىنى كۈز پەسلىدە يىغىپ، توغراپ قۇرۇتۇپ، قۇرغاق ئورۇندا ساقلىنىدۇ.

[خىمىيىلىك تەركىبى] كۆپ خىل بىيولوگىيىلىك ئىشقارلاردىن تەركىب تاپقان بولۇپ، ئاساسلىقى بېربېرىن (berberine) دىن ئىبارەت. ئۇنىڭدىن باشقا پالماتىن (Palmatine)، ماگنوفلاۋىن (magnoflovine)، ئوباكۇنون (obacunone) قاتارلىقلار ماددىلار بار.

[فارماكولوگىيىلىك تەسىرى] مىكرو ئورگانىزملار (باكتېرىيەلەر) نى ئۆلتۈرۈش، ئىممۇنىتېت كۈچىنى ئاشۇرۇش، يارىنى پۈتتۈرۈش، قان بېسىمىنى تۆۋەنلىتىپ، يۈرەك رىتىمىنى نورماللاشتۇرۇش، راكقا قارشى تۇرۇش قاتارلىق تەسىرى بار.

[لايىقلاشتۇرۇلۇشى] توغراش، قۇرۇتۇش ئارقىلىق لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

[تەبىئىتى] بىرىنچى دەرىجىدە قۇرۇق سوغۇق.

[خۇسۇسىيىتى] تالنى قۇۋۋەتلەش، بەدەندىكى ئارتۇق ھۆللۈكنى قۇرۇتۇش، غەيرىي تەبىئىي قان خىلتىنى تازىلاش، زەھەر قايتۇرۇش خۇسۇسىيىتى بار.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر] قاندىن بولغان ئىچ سۈرۈش، تولغاق، سېرىقلىق چۈشۈش، پۇت ئىششىپ ئاغرىش، ھۆل تەمرەتكە، يىرىڭلىق قاپارتقۇ، كۆز بىرىكتۈرگۈچى پەردە ياللۇغى، ئېغىز ياللۇغى، تال ئاجىزلىقتىن بولغان ئىچ سۈرۈش، ئاشقازان ئاجىزلىقى، ئىشتىھاسىزلىق قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. بەرخۇت دەرىخى قوۋزىقىدىن 10 گىرام، تاباشىردىن بەش گىرام ئېلىپ سوقۇپ، تۇرۇنجى سۈيىگە ئارىلاشتۇرۇپ ئىچىپ بەرسە، ئىچ سۈرۈشكە مەنپەئەت قىلىدۇ.

2. بەرخۇت دەرىخى قوۋزىقى، قوۋزاقدارچىن، قەلەمپۇر، قاقىلە، لاچىندانە، تۇرۇنجى پوستىنىڭ ھەربىرىدىن 10 گىرام ئېلىپ، چايلىق تەييارلاپ ئىچسە، ئاشقازاننى قۇۋۋەتلەيدۇ.

3. بەرخۇت دەرىخى قوۋزىقى، قىزىل سەندەل، قارا ھېلىلەنىڭ ھەربىرىدىن 10 گىرام ئېلىپ قاينىتىپ ئىچسە، ھۆل تەمرەتكە، يىرىڭلىق قاپارتقۇ قاتارلىقلارغا شىپا بولىدۇ.

4. بەرخۇت دەرىخى قوۋزىقىدىن 10 گىرام، سانجىقئوت، يالپۇز، قىرىقىز ئورۇقى، زىرىق، چۇچۇكبۇيا قاتارلىقلارنىڭ ھەربىرىدىن ئالتە گىرام ئېلىپ، چالا سوقۇپ قاينىتىپ، سۈيىنى ئىچىپ بەرسە، ئېغىز ۋە تىلدىكى يارىلار، كۆز بىرىكتۈرگۈچى پەردە ياللۇغىغا شىپا بولىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] 8 ~ 16 گىرامغىچە.

[زىيانلىق تەسىرى] سوغۇق مىزاج كىشىلەرگە زىيان قىلىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] ھەسەل.

[ئورۇنباسارى] پوستى خەشخاش.

[ۋەكىل خاراكتېرلىك پىششىق دورا ياسالمىسى] سەندەل شەربىتى.

# باىناق
## 巴依那克
(苍术 cang zhu)

[باشقا ئاتىلىشى] بايناق يىلتىزى، جۇڭگو باينىقى

[لاتىنچە نامى] Rhizoma Atractylodes lancea

[ئىنگلىزچە نامى] Swordlike Atractylodes Rhizome

[تونۇش] بۇ، جۇخارگۈل ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈكنىڭ قۇرۇتۇلغان يىلتىزسىمان غولى بولۇپ، «بايناق» ياكى «جۇڭگو باينىقى» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ. (34.5 ـ رەسىم)

[چىقىش ئورنى] ئېلىمىزنىڭ جىياڭسۇ ئۆلكىسىدىن چىقىدۇ.

[يىغىپ ساقلاش] بۇ ئۆسۈملۈكنىڭ ئۇرۇقى پىشقاندا يىلتىزىنى كولاپ ئېلىپ، يۇيۇپ قۇرۇتۇپ ساقلىنىدۇ.

[فارماكولوگىيەلىك تەسىرى] ئاشقازان يارىسىنى پۈتتۈرۈش، ئاشقازان ـ ئۈچەي خىزمىتىنى تەڭشەش، قاندىكى شېكەرنى يۇقىرىلىتىش، نېرۋىنى تىنچلاندۇرۇش، يۇتقۇنچاق راكىنىڭ ئالدىنى ئېلىش، سۈيدۈك ھەيدەش، ياللۇغ قايتۇرۇش قاتارلىق رولى بار.

[لايىقلاشتۇرۇلۇشى] يۇيۇپ توغراش، قۇرۇتۇش ئارقىلىق لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

[تەبىئىتى] بىرىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى] تالنى ساغلاملاشتۇرۇش، تال ۋە ئاشقازاننى قۇۋۋەتلەش، ئارتۇق ھۆللۈكلەرنى قۇرۇتۇش، يەل ھەيدەش، ئىششىق ياندۇرۇش، كۆزنى روشەنلەشتۇرۇش، قان تازىلاش خۇسۇسىيىتى بار.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر] تال ۋە ئاشقازان ئاجىزلىقى، ئىچ سۈرۈش، سۇلۇق ئىششىق، بوغۇم ئاغرىقى، سۇلىشىدىغان جاراھەتلەر، قىچىشقاق، ھۆل تەمرەتكە، شاپاق يارىسى، يەلتاشما، نامازشام قارىغۇسى قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. لاچىندانە، بەدىيان، زەرچىۋەنىڭ ھەربىرىدىن 10 گىرامدىن، قاقلە، بايناقنىڭ ھەربىرىدىن يەتتە گىرام ئېلىپ، قاتناتما تەييارلاپ ئىچسە، ئاشقازان ۋە تالنى قۇۋۋەتلەيدۇ.

2. شاھتەررە، چۆپچىن، سەرسىبىل، جۇڭگو باينىقى قاتارلىقلارنىڭ ھەربىرىدىن 10 گىرام ئېلىپ قاينىتىپ ئىچسە، قان تازىلايدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] 4 ～ 12 گىرامغىچە.

[زىيانلىق تەسىرى] سوغۇق مىزاج كىشىلەردە پۇت ـ قول ئاغرىقى پەيدا قىلىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] زىرىق، سۇماق، بىدىمۇشكى.

[ئورۇنباسارى] غاپەس، شاھتەررە.

[ۋەكىل خاراكتېرلىك پىششىق دورا ياسالمىسى] بايناق قاينىتىلمىسى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

## ئاق ماش

## 阿克马西

(白扁豆 bai bian dou)

[باشقا ئاتىلىشى] تاغ ئاقمېشى

[لاتىنچە نامى] Semen Dolichos Lablab

[ئېنگلىزچە نامى] White Hyacinth Bean



ئاق ماش

[تونۇش] بۇ، پۇرچاق ئائىلىسىدىكى بىر يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك ئاق ماش بولۇپ، بۇ ئۆسۈملۈكنىڭ ئۇرۇقى «ئاق ماش» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ. ئۇرۇقى ئاق سېرىق رەڭدە، يۇمىلاق، ئوتتۇرىسى چوڭقۇرراق، تەمى ئاچچىق، بۇ ئۆلكىنىڭ ۋە تاغنىڭ دەپ ئىككى خىل بولۇپ، دورا ئۈچۈن تاغنىڭكى ئىشلىتىلىدۇ. (6.34 ـ رەسىم)

[چىقىش ئورنى] شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ھەممە يەرلىرىدىن چىقىدۇ.

[يىغىپ ساقلاش] بۇ ئۆسۈملۈكنىڭ مېۋىسى پىشقاندىن كېيىن، قۇرۇتۇپ ئۇرۇقىنى يىغىۋېلىپ، پاكىز تازىلاپ، قۇرۇق ھەم سالقىن جايدا ساقلىنىدۇ.

[خىمىيىلىك تەركىبى] ئاق ماشنىڭ تەركىبىدە 23% ئاقسىل، 18% ياغ، 5.9% فىبرىن، 6.5% كاربون سۇ بىرىكمىلىرى قاتارلىقلار بار.

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق سوغۇق.

[خۇسۇسىيىتى] تال، جىگەر ۋە ئاشقازاننى قۇۋۋەتلەش، ئىششىق ياندۇرۇش، قان تازىلاش، ھەيز ۋە سۈيدۈكنى راۋانلاشتۇرۇش، تېرىنى پارقىرىتىش، قۇرت ئۆلتۈرۈش، جىگەر ۋە تالدىكى توسالغۇلارنى ئېچىش، ھامىلە چۈشۈرۈش، ئاغرىق پەسەيتىش خۇسۇسىيىتى بار.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر] سۈيدۈك تۇتۇلۇش، ھەيز كەلمەسلىك، قىيىن تۇغۇت، داغ، سەپكۈن، ئۈچەي مەددە قۇرتى، تال ئىششىقى، جىگەر ياللۇغى، يانپاش ئاغرىقى، بۇۋاسىر، ھەر خىل جاراھەت، چوڭ بوغۇملار ئاغرىقى، باش ئاغرىقى قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. مۇۋاپىق مىقداردىكى ئاق ماشنى سوقۇپ، ئاياللارنىڭ جىنسىي ئەزاسىغا ھەمەلچە قىلسا ھامىلە چۈشۈرىدۇ.

2. ئاق ماشنىڭ قايىنتىلمىسى ياكى لوئابىنى سىركە ۋە ھەسەل بىلەن قوشۇپ ئىچسە، قورساقتىكى مەددىنى چۈشۈرىدۇ.

3. سۇزاپ، پىلپىلنىڭ ھەربىرىدىن 10 گىرام، ئاق ماشتىن 15 گىرام ئېلىپ، سوقۇپ سۇفۇپ قىلىپ ئىچسە، ھەيز ماڭدۇرىدۇ، ھامىلە چۈشۈرىدۇ، تالنىڭ ئىششىقىنى ياندۇرىدۇ، جىگەرنىڭ توسالغۇلىرىنى ئاچىدۇ.

4. ئاق ماشنىڭ ئۇنىنى ئارپا ئۇنى، مۇۋاپىق مىقداردىكى سىركە ۋە سۇ بىلەن قوشۇپ، خېمىر قىلىپ يەرلىك ئورۇنغا چاپسا، ئىسسىقتىن بولغان ئاغرىقلارغا پايدا قىلىدۇ.

5. ئاق ماشنىڭ ئۇنىنى مۇۋاپىق مىقداردىكى ھەسەل ۋە مۇرمەككى بىلەن قوشۇپ پەرجىگە ھەمەلچە قىلسا، ھەيزنى راۋان قىلىدۇ، ھامىلە چۈشۈرىدۇ، بالىياتقۇدىكى يەللەرنى ھەيدەيدۇ.

**[ئىشلىتىش مىقدارى]** ئەھۋالغا قاراپ 20 گىرامغىچە.

**[زىيانلىق تەسىرى]** رەڭگىنى سارغايتىدۇ، ھەزىمنى بۇزىدۇ.

**[تۈزەتكۈچىسى]** رۇمبەدىيان.

**[ئورۇنباسارى]** قىزىل دادۇر، پۇرچاق.

**[ۋەكىل خاراكتېرلىك پىششىق دورا ياسالمىسى]** ئىترىفىل دىيدان، ھەببى دىيدان قاتارلىقلار.

## تارانتاس
## 塔热尼塔斯
(白术 bai zhu)

**[باشقا ئاتىلىشى]** تارانتاس يىلتىزى

**[لاتىنچە نامى]** Rhizoma Atractylodes macroce phala

**[ئىنگلىزچە نامى]** Largehead Atractylodes Rhizome


تارانتاس

**[تونۇش]** بۇ، مۇرەككەپ گۈللۈكلەر ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك تارانتاس بولۇپ، بۇ ئۆسۈملۈكنىڭ يىلتىزسىمان غولى «تارانتاس» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ. (7.34 ـ رەسىم)

**[چىقىش ئورنى]** شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن چىقىدۇ.

**[يىغىپ ساقلاش]** بۇ ئۆسۈملۈكنىڭ دورىلىق قىسمىنى كۈز پەسلىدە يىغىپ قۇرۇتۇپ، قۇرغاق ئورۇندا ساقلىنىدۇ.

**[خىمىيىلىك تەركىبى]** ئاتراكتىلول (atractylol)، ئاتراكتىلون (atractylon)، β ـ ئاتراكتىلولىد (β—atractylolide)، β ـ ئىدىسمول (β—eudesmol) قاتارلىقلار.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

[فارموكولوگىيەلىك تەسىرى] سۈيدۈك ھەيدەش، قورساقتىكى سۇنى تارقىتىش، ئاشقازان يارىسى ۋە ئاشقازان ياللۇغىنى داۋالاش، راكقا قارشى تۇرۇش، ئىممۇنىتېت كۈچىنى ئاشۇرۇش، مىكروب ئۆلتۈرۈش، جىگەر، ئۆتنى قوغداش، قان قېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش، قاندىكى قەنتنى چۈشۈرۈش قاتارلىق تەسىرى بار.

[تەبىئىتى] بىرىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى] تال ۋە ئاشقازاننى قوغداش، بەدەندىكى ئارتۇق ھۆللۈكنى قۇرۇتۇش، تەر توختىتىش، ئىچ سۈرۈشنى توختىتىش، يارىنى پۈتتۈرۈش، ھامىلىنى ئاسراش خۇسۇسىيىتى بار.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر] ھەزىم ئاجىزلىقى، قورساق كۆپۈش، ئىچ سۈرۈش، ئاشقازان ۋە ئون ئىككى بارماق ئۈچەي يارىسى، بەدەن ئاجىزلىششتىن ھامىلە قوزغىلىپ قان كېلىش قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. تارانتاستىن ئالتە گىرام، لاچىندانە ھىندىدىن 10 گىرامدىن ئېلىپ، قائىدە بويىچە قايىنتىپ ياكى دەملەپ ئىچىپ بەرسە، ئاشقازاننىڭ زىيادە ھۆللۈكىنى قۇرۇتۇپ، ھەزىمنى ياخشىلايدۇ.

2. تارانتاستىن ئالتە گىرام، تاباشىر، نىشاستە، يۇمغاقسۇت ئۇرۇقى، ئانارگۈلنىڭ ھەربىرىدىن 10 گىرام ئېلىپ، قائىدە بويىچە سۇفۇپ قىلىپ ئىچىپ بەرسە، ئىچ سۈرۈشنى توختىتىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] 6 ~ 12 گىرامغىچە.

[زىيانلىق تەسىرى] ئىسسىقچان كىشىلەردە باش ئاغرىقى پەيدا قىلىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] نىلۇپەر، بىنەپشە.

[ئورۇنباسارى] ئارپىبەدىيان.

[ۋەكىل خاراكتېرلىك پىششىق دورا ياسالمىسى] سۇفۇپى كەشنىز.

يۇقىرىقىدىن باشقا بايناق، ماگنىت تېشى، ئوچاق چالمىسى، يۇلغۇن، ھېقىق، ئىزخىر مەككى، چوڭ چىلان، جىنتىيانا، زەرنەپ، چۈژگۈن ئۇندۇرمىسى، توخۇ تاشلىقى پوستى، نىلۇپەر ئۇرۇقى، ئىتئۈزۈمى قاتارلىقلارمۇ تالنى قوغدىغۇچى دورىلار قاتارىغا كىرىدۇ.

# ئوتتۇز بەشىنچى باب  بۆرەك ۋە دوۋساق كېسەللىكلىرىگە ئىشلىتىلىدىغان دورىلار

بۆرەك ۋە دوۋساقنى قۇۋۋەتلەش، بۆرەك ۋە دوۋساقتىكى ماددا ئالمىشىشنى ياخشىلاش، بۆرەك ۋە دوۋساقنىڭ مىزاجىنى تەڭشەش تەسىرى ئاساسلىق ئورۇندا تۇرىدىغان دورىلار ئومۇملاشتۇرۇلۇپ، بۆرەك ۋە دوۋساق كېسەللىكلىرىگە ئىشلىتىلىدىغان دېيىلىدۇ.

ھەر خىل ئىچكى ـ تاشقى سەۋەبلەر تەسىرىدىن، بۆرەك ۋە دوۋساق قاتارلىق ئەزالارنىڭ خىزمىتىدە ئاجىزلاش يۈز بەرسە، ئورگانىزمدا ماددا ئالمىشىش قالايمىقانلىشىش، فىزىيولوگىيەلىك تەڭپۇڭلۇق بۇزۇلۇش بىلەن بىرگە، بۆرەك ۋە دوۋساق ئاجىزلىقىغا ئالاقىدار تۈرلۈك كېسەللىك ئالامەتلىرى (بەل ئاغرىش، سۈيدۈك تۇتۇلۇش ياكى سۈيدۈك تۇتالماسلىق، بۆرەك ياللۇغى، بۆرەككە سۇ چۈشۈش، بۆرەك ئۆسمىسى، دوۋساق ياللۇغى، سۈيدۈك يولى ياللۇغى، مەزى بېزى چوڭىيىش، دوۋساق يارىسى، دوۋساق راكى، چوڭ ـ كىچىك بوغۇملار ئاغرىقى، ئىرقۇننىسا، بۆرەككە تاش چۈشۈش، دوۋساققا تاش چۈشۈش، سۈيدۈك توشۇش نەيچىسى ياللۇغى، بەدەن ئورۇقلاش، مېڭە ۋە ئەسەبلەر ئاجىزلىقى ···) پەيدا بولىدۇ. بۇ خىل كېسەللىكلەرنىڭ ۋاقتىدا ئالدىنى ئالمىغاندا يامان ئاقىۋەتلەر كېلىپچىقىدۇ. بۆرەك ۋە دوۋساقنى قۇۋۋەتلىگۈچى دورىلارنىڭ تۈرى ھەر خىل بولغاچقا، ئىشلەتكەندە مۇۋاپىق تاللاپ ئىشلىتىش كېرەك. بۇ خىل دورىلارنىڭ كۆپىنچىلىرىنىڭ تەبىئىتى ھۆل ئىسسىق ياكى قۇرۇق ئىسسىق بولىدۇ. بۇ دورىلار بۆرەك، دوۋساق ۋە ئومۇمىي بەدەننى قۇۋۋەتلەپ، «تەبىئەت» نى كۈچەيتىپ، سەمرىتىش، ئورۇقلۇق تولۇقلاش، ئاغرىق پەسەيتىش تەسىرىنى بېرىدۇ. مەسىلەن: سۆئىلەپ مىسرى، جەرەن، تۈلكە، توشقانزەدىكى، بېدە ئۇرۇقى، بۇغا قېنى، پىياز ئۇرۇقى، ھەلىيۇن ئۇرۇقى، تۇخۇم سېرىقى، ئاقىرقەرھا، نوقۇت، نارجىل، بەسباسە، ئاق بەھمەن، زاغۇن ئۇرۇقى، سەۋزە ئۇرۇقى، تۆگە گۆشى، ياڭاق، قۇندۇز قەھرى، قۇشقاچ مېڭىسى، پىياز، زەپەر، يۇمران بۇغا مۈڭگۈزى، ھەببەتۇلخۇزرا، ھەببى زەلەم، ھەببى رىشاد، ياۋا كۈنجۈت، كۆكنار ئۇرۇقى، جويۇز قاتارلىقلار.

## سۆئىلەپ مىسرى

## 苏衣拉甫米斯儿

(中亚白及 zhong ya bai ji)

[باشقا ئاتىلىشى] خۇسيەتۇل سۇئىلەپ، تۈلكە مايىقى، خانەرو باھ

[لاتىنچە نامى] Orchis chusua

[ئىنگلىزچە نامى] Tuber Bletilla

[تونۇش] بۇ، تۈلكە مايىقى ئائىلىسىدىكى ئۆسۈملۈك سۆئىلەپ بولۇپ، رەڭگى ئاق، سۇزۇك، سۆرۈن-

www.uyghurkitap.com



سۇئلەپ مىسرى

جاندىن كىچىكرەك، تەمى تاتلىق، چاپلاشقاق، ئازراق ئۆتكۈر پۇراقلىق. بۇ ئۆسۈملۈكنىڭ يىلتىزى «خۇسىيەتۇسۇئلەپ»، «سۇئلەپ مىسرى»، «تۇلكە مايىقى» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ. (1.35 ـ رەسىم)

[**چىقىش ئورنى**] مىسىر ۋە رۇمىنىيەدىن چىقىدۇ.

[**يىغىپ ساقلاش**] كۈزدە يىغىۋېلىپ چاچما يىلتىزلىرىنى چىقىرىۋېتىپ، پاكىز يۇغاندىن كېيىن هورداپ قۇرۇتۇپ ساقلىنىدۇ.

[**خىمىيىلىك تەركىبى**] 27٪ كىراخمال، تەخمىنەن 50٪ يېپىشقاق ماددا بار. يېپىشقاق ماددا ئاساسلىقى يېرىم تالالىق ماددا Hemicellulose دىن تۈزۈلگەن.

[**فارماكولوگىيىلىك تەسىرى**] ئاشقازان، ئۈچەي، كاناي ۋە باشقا ئەزالارنىڭ شىللىق پەردە ياللۇغىنى يېنىكلىتىدۇ. سىرتتىن كەلگەن هەر خىل غىدىقلىنىشلارغا قارىتا فىزىكىلىق ئاسراش رولىغا ئىگە ۋە باشقا دورىلارنىڭ سۈمۈرۈلۈشىنى پەسەيتىدۇ. تەركىبىدىكى يېلىمسىمان ماددىنى قانىغان يەرلىك ئورۇنغا سۈركىسە، چىقىۋاتقان قان دەرهال توختايدۇ، سۇيۇقلۇقىنى ئوكۇل قىلسا قان تومۇر ئۇچلىرىدىكى قان هۇجەيلىرى ئۇيۇپ قالىدۇ، بۇنى تەكشۈرۈپ كۆرگەندە قان تومۇرلاردا توسۇلۇش شەكىللەندۈرگەنلىكى بايقىلىدۇ، بۇ، 4 ~ 5 كۈن ئۆتكەندىن كېيىن قان تومۇر تەرىپىدىن سۈمۈرۈلۈپ كېتىدۇ.

[**لايىقلاشتۇرۇلۇشى**] يۇيۇپ توغراش، قۇرۇتۇش ئارقىلىق لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

[**تەبىئىتى**] بىرىنچى دەرىجىدە هۆل ئىسسىق.

[**خۇسۇسىيىتى**] بۆرەكنى، پەيلەرنى، باهنى، ئومۇمىي بەدەننى ۋە مېڭىنى قۇۋۋەتلەش، سۈت، مەنىي پەيدا قىلىش، بەدەننى سەمىرتىش، ئاغرىق توختىتىش، ياخشى قان پەيدا قىلىش خۇسۇسىيەتلىرى بار.

[**ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر**] باھ ئاجىزلىقى، بۆرەك ئورۇقلاپ كېتىش، قان ئازلىق، ئېهتىلام بولۇش، مەنىي بالدۇر يېرۈپ كېتىش، چاچ چۈشۈپ كېتىش، سۈت، مەنىي كەملىك قاتارلىق كېسەللىكلەرگە ئىشلىتىلىدۇ.

[**ئىشلىتىش ئۇسۇلى**]

1. سۇئلەپ مىسرىدىن 30 گىرام ئېلىپ، 60 گىرام سۈت بىلەن قوشۇپ ئىچسە، قان تولۇقلايدۇ.

2. خۇسىيەتۇسۇئلەپ، شاقاقۇلدىن 10 گىرامدىن، تۇخۇم سېرىقىدىن ئۈچ دانە ئېلىپ، قائىدە بويىچە سوفۇپ قىلىپ بەرسە بۆرەكنى سەمىرتىدۇ. باهنى قۇۋۋەتلەيدۇ.

3. چىلغوزا مېغىزى، پىندۇق مېغىزىدىن 10 گىرامدىن، خۇسسىيەتۇسۇئلەپتىن 15 گىرام، پىلپىلدىن يەتتە گىرام، ناۋاتتىن 20 گىرام ئېلىپ، قائىدە بويىچە سوفۇپ تەييارلاپ بەرسە، سۈت ۋە مەنىي كۆپەيتىپ، بۆرەك يىگلەشكە مەنپەئەت قىلىدۇ.

4. گۈل يېغى بىلەن قوشۇپ باشقا چاپسا چاچ چىقىرىدۇ، چاچ چۈشۈشنى توختىتىدۇ.

[**ئىشلىتىش مىقدارى**] 3 ~ 10 گىرامغىچە.

[**زىيانلىق تەسىرى**] ئاشقازانغا زىيان قىلىدۇ.

[**تۆزەتكۈچىسى**] ئىسسىق مىزاجدىكىلەرگە سىركەنجىۋىل، ئاشقازان كېسەللىكىگە بەدىيان، پىننە، نەمەك ھىندى، شېكەر قوشۇپ بېرىلىدۇ.

[**ئورۇنباسارى**] بوزىدان، بېدە ئۇرۇقى، شاقاقۇل.

[**ۋەكىل خاراكتېرلىك پىششىق دورا ياسالمىسى**] مەجۇنى سۆئلەپ، ھالۋائى بەيزد، داۋائى تەرەنجىبىن.

[**دىققەت قىلىدىغان ئىشلار**] قۇۋۋىتى ئىككى يىلدىن كېيىن كېمىيىپ كېتىدۇ.

## جەرەن
## 洁燃
(黄羊 huang yang)

[**باشقا ئاتىلىشى**] جەرەن گۆشى

[**لاتىنچە نامى**] Caro Procaprae guttrosa

[**ئىنگلىزچە نامى**] Meat of Mongolian gazelle

[**تونۇش**] بۇ، بۇغا ئائىلىسىدىكى ھايۋانات جەرەندىن ئىبارەت بولۇپ، ئۇنىڭ مۈڭگۈزى، گۆشى، يېغى دورا ئورنىدا ئىشلىتىلىدۇ. (2.35 ـ رەسىم)


جەرەن

[**چىقىش ئورنى**] ئېلىمىزنىڭ ئىچكى موڭغۇل، گەنسۇ، جىلىن، شىنجاڭ قاتارلىق جايلىرىدىن چىقىدۇ.

[**يىغىپ ساقلاش**] بۇ ھايۋاننى تۇتۇپ ئۆلتۈرۈپ، ھەربىر ئەزاسىنى ئېلىپ تازىلاپ، قۇرۇتۇپ ئىشلىتىلىدۇ.

[**تەبىئىتى**] گـۆشـى ئىـككىنـچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[**خۇسۇسىيىتى**] بۆرەك، دوۋساق، باھ، مېگە ۋە يۈرەكنى قۇۋۋەتلەش، ھەيز توختىتىش، چاچ چىقىرىش، زەھەر قايتۇرۇش خۇسۇسىيىتى بار.

[**ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر**] بۆرەك، باھ، نېرۋا ۋە يۈرەك ئاجىزلىقى، پالەچ، ئىستىرخا، چاچ چۈشۈش، يۈرەك سېلىش، كۆزگە پەردە چۈشۈش، يەرقان كېسەللىكلىرىگە ئىشلىتىلىدۇ.

[**ئىشلىتىش ئۇسۇلى**]

1. جەرەننىڭ ھەر خىل ئۇسۇلدا پىشۇرۇلغان گۆشىدىن مۇۋاپىق مىقداردا يەپ بەرسە، ئومۇمي بەدەن ئاجىزلىقىغا پايدا قىلىدۇ.

2. جەرەن مېيىدىن مۇۋاپىق مىقداردا ئېلىپ بېشىنى ياغلاپ بەرسە، چاچ ئۆستۈرىدۇ.

3. جەرەننىڭ ئۇرۇقدىنىغا سۆئتەر ۋە تۇز سېپىپ، قۇرۇتۇپ تالقان قىلىپ، لاتىغا ئوراپ ئايال كىشىنىڭ جىنسىي ئەزاسىغا ھەمەل قىلسا، ھەيز قېنىنى توختىتىدۇ.

4. جەرەننىڭ تېزىكىنى سىركىدە پىشۇرۇپ، سۇرمە قىلىپ تارتسا ياكى سىرتىدىن چاپسا، كۆزدىكى

www.uyghurkitap.com

نىپىز پەردىنى يوقىتىدۇ، ئىششىق ياندۇرىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] گۆشى ئەھۋالغا قاراپ 30 ~ 100 گىرامغىچە ئىشلىتىلىدۇ.

[زىيانلىق تەسىرى] ئۇچەيدە توسۇلۇش پەيدا قىلىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] كۈنجۈت، بادام، ياڭاق يېغى.

[ۋەكىل خاراكتېرلىك پىششىق دورا ياسالمىسى] ئەرقى مائۇللەھمى.

## تۈلكە
## 土力卡
(狐狸 hu li)

[باشقا ئاتىلىشى] سۆلەپ، رۇبا، لومرى

[لاتىنچە نامى] Vulpes ferrilatus

[ئىنگلىزچە نامى] Fox



تۈلكە

[تونۇش] بۇ، ئىتلار ئائىلىسىدىكى ھايۋانات تۈلكىدىن ئىبارەت بولۇپ، ئۇنىڭ ھەر بىر ئەزاسى قۇرۇتۇلۇپ، دورا ئورنىغا ئىشلىتىلىدۇ. (3.35 - رەسىم)

[چىقىش ئورنى] ئېلىمىزنىڭ ئىچكىرى ئۆلكىلىرىدىن ھەم رايونىمىز شىنجاڭنىڭ جاڭگاللىرىدىن چىقىدۇ.

[يىغىپ ساقلاش] بۇ ھايۋاننى تۇتۇپ ئۆلتۈرۈپ، ھەربىر ئەزاسىنى ئېلىپ تازىلاپ، قۇرۇتۇپ ساقلىنىدۇ.

[تەبىئىتى] گۆشى بىرىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى] بۆرەك ۋە دوۋساقنى قۇۋۋەتلەش، باھنى قوزغاش، ئاغرىق توختىتىش، جاراھەت پۈتتۈرۈش، قۇلاق ئېغىرلىقىنى يوقىتىش، توسالغۇلارنى ئېچىش خۇسۇسىيىتى بار.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر] گۆشى باھ ئاجىزلىقى، بوغۇم ئاغرىقى، پالەچ، تارتىشىپ قېلىش، دەم سىقىلىش، ئىستىسقا، يۆتەل، ئۆپكە سىلى، پۇت - قول ئاغرىقى، كۆيۈك، ئاقما، يىرىڭلىق چاقا قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

تۈلكە گۆشىنى قائىدە بويىچە ئاقىرقەرھا بىلەن پىشۇرۇپ ئىستېمال قىلسا، باھنى قوزغايدۇ، ئىستىسقا كېسەلگە مەنپەئەت قىلىدۇ.

1. تۈلكىنى تىرىك تۇتۇپ، پۇتلىرىنى بوغۇپ قايناۋاتقان سۇغا سېلىپ پىشۇرۇپ، سۈيى بىلەن قىزىق ھالدا پۇت - قوللارنى يۇيۇپ بەرسە، چوڭ - كىچىك بوغۇم ئاغرىقىغا مەنپەئەت قىلىدۇ.

2. تۈلكە گۆشى ۋە ياغلىرىنى زەيتۇن يېغى بىلەن قايىنىتىپ، چىققان ياغ بىلەن بوغۇملارنى ياغلاپ بەرسە، بوغۇملارنىڭ قاتتىقلىقىنى يۇمشىتىدۇ. ئاغرىق پەسەيتىدۇ.

3. پالەچ ۋە ئەزالارنىڭ يىغىلىپ قالغانلىقىغا قارىتا تۇلكىنىڭ گۆشىنى سۇدا قايىنىتىپ، چىققان هورغا بەدەننى تۇتۇپ، ئەدىيال بىلەن يۆگىنىپ، تەرلىگۈدەك ھالدا ئولتۇرغۇزۇلىدۇ.

4. تۇلكىنىڭ قۇرۇتۇلغان ئۆپكىسىدىن تۆت گىرامنى سوقۇپ، ھەسەل بىلەن قوشۇپ ئىستېمال قىلسا، يۆتەل توختىتىدۇ. كۆكرەك ئاغرىقىغا شىپا بولىدۇ.

5. تۇلكىنىڭ قۇرۇتۇلغان ئۆپكىسىنى تالقان قىلىپ، پىلپىل ھەم سىيادان بىلەن بىرگە ئىستېمال قىلسا، ئۆپكە سىلىغا ۋە زىققە كېسىلىگە مەنپەئەت قىلىدۇ.

6. تۇلكىنىڭ قۇيرۇقىنى كۆيدۈرۈپ، مۇۋاپىق دورىلار بىلەن يەرلىك ئورۇنغا سىرتتىن سېپىپ بەرسە، ھەر خىل جاراھەت ۋە ھۆل تەمرەتكىلەرگە مەنپەئەت قىلىدۇ.

[**ئىشلىتىش مىقدارى**] گۆشى ئەھۋالغا قاراپ 20 ~ 60 گىرامغىچە ئىشلىتىلىدۇ.

[**زىيانلىق تەسىرى**] ئىسسىق مىزاج كىشىلەردە ئۇيقۇنى قاچۇرىدۇ.

[**تۈزەتكۈچىسى**] بىنەپشە، ئەينۇلا.

[**ئورۇنباسارى**] بۆرە گۆشى.

[**ۋەكىل خاراكتېرلىك پىششىق دورا ياسالمىسى**] ھەر خىل زىماتلار.

## توشقانزەدىكى

## 头西干扎地克

## (肉苁蓉 rou cong rong)

[**لاتىنچە نامى**] Herba cistanche salsa

[**ئىنگلىزچە نامى**] Deser tliving Cistanche Herb

[**تونۇش**] بۇ، شۇمبۇيا ئائىلىسىدىكى يۇلغۇن ۋە بۆرىتېكىسىنىڭ يىلتىزلىرىدا تەييارتاپ ئۆسىدىغان، كۆپ يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك توشقانزەدىكىنىڭ تەڭگىسىمان گۆشلۈك غولىدىن ئىبارەت بولۇپ، «توشقانزەدىكى» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ. غولى ئەتلىك، سېمىز، شەكلى تۈۋرۈكسىمان، رەڭگى قارامتۇل سېرىق رەڭدە بولىدۇ. (35.4 ـ رەسىم)



توشقانزەدىكى

[**چىقىش ئورنى**] شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ھەممە جايلىرىدىن تېپىلىدۇ.

[**يىغىپ ساقلاش**] ئۇنى دورىغا ئىشلەتسە 4 ـ ، 5 ـ ئايلاردا يىغىۋالغاندىن كېيىن ئالدى بىلەن ئاپتاپتا قۇرۇتۇپ، يالپاقلاپ توغراپ، سالقىن جايدا ساقلىنىدۇ.

[**خىمىيەلىك تەركىبى**] قۇرۇتۇلغان غولىدا گىلۇكوزا، ماننىتول (Mannitol)، ئۇتتاپكا، سىنوكىستىك كىسلاتاسى (Snoccitic)، B ـ سىتروستېرول، بېتائىن (Betaine) كىسلاتاسى قاتارلىقلار بار.

[فارماكولوگىيەلىك تەسىرى] ئىممۇنىتېت ئىقتىدارىنى كۈچەيتىش، ئۇكسىدلىنىشقا قارشى تۇرۇش، قېرىشنى كېچىكتۈرۈش، يۈرەككە قان يەتكۈزۈش، سۈيدۈك ھەيدەش، جىگەرنى قۇۋۋەتلەش قاتارلىق تەسىرلىرى بار.

[لايىقلاشتۇرۇلۇشى] يۇيۇپ توغراپ، قۇرۇتۇش ئارقىلىق لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە ھۆل، ئۈچىنچى دەرىجىدە ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى] بۆرەكنى قىزىتىش، باھنى قۇۋۋەتلەش، بۆرەك ۋە ئومۇمىي بەدەننى قۇۋۋەتلەش، قان ئايلىنىشنى ياخشىلاش، ئۈچەيگە ھۆللۈك يەتكۈزۈپ، چوڭ تەرەتنى راۋانلاشتۇرۇش خۇسۇسىيەتلىرى بار.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر] بۆرەك ئاجىزلىق، ئومۇمىي بەدەن ئاجىزلىق، باھ زەئىپلىكى، ئادەتلەنگەن قەۋزىيەت قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. توشقانزەدىكى بىلەن كۆدە ئۇرۇقىنى بىرلەشتۇرۇپ قايىنتىپ ئىچسە، بۆرەك ئاجىزلىقى ۋە ئەرلىك جىنسىي ئاجىزلىققا مەنپەئەت قىلىدۇ.

2. توشقانزەدىكى بىلەن داڭگۈينى مۇۋاپىق مىقداردا قايىنتىپ ئىچسە، ئادەتلەنگەن قەۋزىيەتكە مەنپەئەت قىلىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] 8 ~ 12 گىرامغىچە.

[زىيانلىق تەسىرى] تەستە ھەزىم بولىدۇ، ئىسسىق مىزاج كىشىلەر دىققەت قىلىشى كېرەك.

[تۈزەتكۈچىسى] پىننە، زىرە.

[ئورۇنباسارى] بەھمەن.

[ۋەكىل خاراكتېرلىك پىششىق دورا ياسالمىسى] لوبوبى كەبىر.

[دىققەت قىلىدىغان ئىشلار] ئىچى سۈرگەنلەرگە بېرىلمەيدۇ.

## بېدە ئۇرۇقى

## 比德欧如合

## （苜蓿子 mu xu zi）

[باشقا ئاتىلىشى] بەزرولرەتبە، تۇخمى رەتبە

[لاتىنچە نامى] Semen Medicago sativa

[ئىنگلىزچە نامى] Alfalfa Seed

[تونۇش] بۇ، پۇرچاق ئائىلىسىدىكى ئۆسۈملۈك بېدىنىڭ مېۋىسىدىن ئىبارەت بولۇپ، ئەسلىي ئۆسۈملۈكى سۆسۈن گۈللۈك بېدىدۇر. (5.35 ـ رەسىم)

[چىقىش ئورنى] مەملىكىتىمىزدىن، جۇملىدىن شىنجاڭدىن چىقىدۇ.

[يىغىپ ساقلاش] كۈز پەسلىدە يىغىپ، قۇرۇتۇپ ساقلىنىدۇ.

[خىمىيەلىك تەركىبى] سىسلىس كىسلاتا قاتارلىقلار بار.

[فارماكولوگىيەلىك تەسىرى] پۈتۈن چۆپىنىڭ ئېرىتمىسى ئۆپكە سىل تاياقچە باكتېرىيەسىنىڭ ئۆسۈشىنى تورمۇزلايدۇ. تىكەنلىك بېدە نۇرغا نىسبەتەن زىيادە سەزگۈرلۈككە مەنپەئەتلىك تېرە ياللۇغىنى كەلتۈرۈپ

چىقىرىدۇ. بەلغەم چىقىرىش، يۆتەل توختىتىش ۋە كانايچە سىلىق مۇسكۇللارنى بوشىتىش؛ پاقىنىڭ يۇرەك قىسقىراش چاستوتىسىنى ئاستىلىتىش، توشقان ۋە چوڭ چاشقانغا نىسبەتەن قان توختىتىش ۋە قان چىقىش ۋاقتىنى قىسقارتىش، بالىياتقۇنى قوزغىتىش، ئاشقازاندا يەل پەيدا قىلىش تەسىرى بار.

[لايىقلاشتۇرۇلۇشى] يۇيۇپ قۇرۇتۇش ئارقىلىق لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى] ئىچىنى توختىتىش، مەنىي ۋە سۈت پەيدا قىلىش، بەدەننى سەمرىتىش، باھنى قۇۋۋەتلەش، ھەيز ماڭدۇرۇش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر] كۆكرەكنىڭ يىرىكلىكى، باھ ئاجىزلىقى، يۆتەل ۋە ئىچ سۈرۈشلەرگە ئىشلىتىلىدۇ.



بېدە ئۆسۈملۈكى

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. بېدە ئۇرۇقىنى كۆيدۈرۈپ، تۇتۇنىدە داۋاملىق ئىس سېلىپ بەرسە، پالەچكە مەنپەئەت قىلىدۇ.

2. بادام مېغىزىدىن بەش گىرام، كۆكنار ئۇرۇقى، بېدە ئۇرۇقى، چىگىت مېغىزى، چىلغوزا مېغىزى قاتارلىقلارنىڭ ھەربىرىدىن 10 گىرام، پىنىدىن 50 گىرام ئېلىپ، قائىدە بويىچە سوقۇپ، ھەسەل بىلەن يۇغۇرۇپ ئىستېمال قىلسا، سۈت ۋە مەنىي كۆپەيتىدۇ.

3. بېدە ئۇرۇقىدىن 10 گىرام، سۆئلەپ، شاقاقۇلدىن بەش گىرامدىن ئېلىپ، سۇفۇپ تەييارلاپ يەپ بەرسە، باھنى قۇۋۋەتلەيدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] 10 ~ 30 گىرامغىچە ئېلىپ، ئەھۋالغا قاراپ ئىشلىتىلىدۇ.

[زىيانلىق تەسىرى] قورساقنى ئېسىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] پىنىنە.

[ئورۇنباسارى] پالەك ئۇرۇقى.

[ۋەكىل خاراكتېرلىك پىششىق دورا ياسالمىسى] لوبوبى كەبىر، لوبوبى سەغىر.

## بۇغا قېنى

## 布哈克尼

## (鹿血 lu xue )

[باشقا ئاتىلىشى] دەمۇئەللايىل، خۇنى گاۋزەن

[لاتىنچە نامى] Sanguis Cervus elaphus

[ئىنگلىزچە نامى] Deer Blood

[تونۇش] بۇ، چىپار بۇغا، قارا تايغان، بۇغىلارنى بوغۇزلىغاندا تۆز سۈيى قويۇلغان داسقا يىغىپ، يىغىلغان قېنىنى تۆز سۈيى بىلەن بىللە تىلىپ ـ تىلىپ ھاۋا ئۆتۈشۈپ تۇرىدىغان جايدا قۇرۇتۇپ تەييارلىنىدۇ. (6.35 ـ رەسىم)



بۇغا

[يىغىپ ساقلاش] بۇغىنى بوغۇزلاپ قېنىنى تۇز سۈيى قۇيۇلغان داسقا يىغىپ، ھاۋا ئۆتۈشۈپ تۇرىدىغان جايدا قۇرۇتۇپ ساقلىنىدۇ.

[خىمىيەلىك تەركىبى] كالتسىي، ماگنىي قاتارلىقلار بار.

[فارماكولوگىيەلىك تەسىرى] بۆرەكنى قۇۋۋەتلەش تەسىرى؛ بەدەننى قۇۋۋەتلەش تەسىرى؛ جىنسىي ھورمۇنلارنى جانلاندۇرۇش تەسىرى.

[لايىقلاشتۇرۇلۇشى] ساپلاشتۇرۇپ لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى] بەدەن ئاجىزلىقىنى تۈگىتىپ قان تولۇقلاش، بۆرەكنى ۋە باھنى قۇۋۋەتلەش، سۈت، مەنىينى كۆپەيتىش خۇسۇسىيىتى بار.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر] قان ئازلىق، نېرۋا ئاجىزلىقى، مەنىي تۇتالماسلىق، ياشانغان كىشىلەرنىڭ يۈرىكى قوزغىلىش (خەفەقانى قەلب)، ئۇيقۇسىزلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. بۇغا قېنى، شاقاقۇل، سۆئلەپ مىسرى، بادام مېغىزىنىڭ ھەربىرىدىن 10 گىرام ئېلىپ، سوفۇپ تەييارلاپ يېسە، قان ئازلىق، نېرۋا ئاجىزلىقى، ئۇيقۇسىزلىق ئۈچۈن مەنپەئەت قىلىدۇ.

2. بۇغا قېنى، ئاقىرقەرھادىن 12 گىرامدىن، پىستە مېغىزى، چىلغوزا مېغىزىدىن 30 گىرامدىن ئېلىپ، مۇۋاپىق مىقداردىكى ھەسەل بىلەن مەجۇن تەييارلاپ يېسە، مەنىي تۇتالماسلىققا شىپا بولىدۇ.

3. بۇغا قېنى، ئاق سەندەل، قىزىلگۈل، مەرۋايىت قاتارلىقلاردىن بەش گىرامدىن ئېلىپ، سوفۇپ تەييارلاپ يېسە، يۈرەك قوزغىلىشقا مەنپەئەت قىلىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] 3 ～ 4 گىرامغىچە.

[زىيانلىق تەسىرى] كۆڭۈلنى ئېلىشتۇرىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] تەرەنجىبىن، مېۋە شەربەتلىرى، شېكەر.

[ئورۇنباسارى] يۇمران بۇغا مۈڭگۈزى.

[ۋەكىل خاراكتېرلىك پىششىق دورا ياسالمىسى] ھەببى ئىمساك.

## پىياز ئۇرۇقى
## 皮牙孜欧如合
(洋葱子 yang cong zi)

[باشقا ئاتىلىشى] بەزرۇلبەسەل، تۇخۇمى پىياز، پىيازكى بىج

[لاتىنچە نامى] Semen allium cepa

[ئىنگلىزچە نامى] Onion Seed

[تونۇش] بۇ، گۈلسامساق ئائىلىسىدىكى ئۆسۈملۈك پىيازنىڭ ئۇرۇقىدىن ئىبارەت. رەڭگى قارا

رەڭدە، تەمى ئاچچىق، پۇرىقى سۇس كېلىدۇ. (7.35 ـ رەسىم)

**[چىقىش ئورنى]** مەملىكىتىمىزدىن جۇملىدىن شىنجاڭدىن ھەم ھىندىستان، پاكىستان قاتارلىق جايلاردىنمۇ چىقىدۇ.

**[يىغىپ ساقلاش]** كۈزدە يىغىۋېلىپ قۇرۇتۇپ، سالقىن، قۇرغاق جايدا ساقلىنىدۇ.

**[خىمىيەلىك تەركىبى]** پىياز ئالما كىسلاتاسى، ئاتسىدۇم مالىكۇم، فوسفات قەنتى، (فىنىن) ۋە مىكروب ئۆلتۈرگۈچى ئاللىسولفىت (Allyl sulfide)، كالتسىي، كالىي، ناترىي، گۈڭگۈرت ۋە تۆمۈر قاتارلىقلار بار.

**[لايىقلاشتۇرۇلۇشى]** قۇرۇتۇپ ساپلاشتۇرۇلىدۇ.

**[تەبىئىتى]** ئىككىنچى دەرىجىنىڭ ئاخىرىدا قۇرۇق ئىسسىق.



پىياز

**[خۇسۇسىيىتى]** بۆرەك، باھ ۋە پەيلەرنى قۇۋۋەتلەش، سۈت ۋە مەنىي كۆپەيتىش، سوغۇق يەللەرنى ھەيدەش، سۈيدۈك ۋە ھەيز راۋانلاشتۇرۇش، ھەزىمگە ياردەم بېرىش، تېرىگە جۇلا بېرىش، قاننى جانلاندۇرۇش خۇسۇسىيىتى بار.

**[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر]** باھ ۋە بۆرەك ئاجىزلىقى، بۆرەك ۋە بەدەن سوۋۇپ كېتىش، نېرۋا، پەي ئاغرىقلىرى، تەڭگىسىمان چاچ چۈشۈش، پالەچ، لەقۋا، رەئشە، ئاشقازان سوۋۇپ كېتىش، ھەزىم ناچارلىق، سۈيدۈك، ھەيز راۋان بولماسلىق، داغ، بەھەق، بەرەس، تەمرەتكە، بۇۋاسىر قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

**[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]**

1. 10 گىرام پىياز ئۇرۇقىنى سوقۇپ، 30 گىرام ھەسەلگە ئارىلاشتۇرۇپ ئىستېمال قىلسا، بۆرەك ۋە باھنى قۇۋۋەتلەيدۇ.

2. پىياز ئۇرۇقى، بەديان، قەلەمپۇر، پىننە، زەنجىۋىل قاتارلىقلاردىن بەش گىرام ئېلىپ، چايلىق ئىچىپ بەرسە، ھەزىمنى ياخشىلاپ يەل ھەيدەيدۇ.

3. پىياز ئۇرۇقى، تۇخۇم سېرىقى بەش دانە، ئاقىرقەرھا، سۆئلەپ، شاقاقۇل، تۇدەرىدىن 10 گىرامدىن ئېلىپ، سۇفۇپ تەييارلاپ ئىچىپ بەرسە، بۆرەك ۋە باھ ئاجىزلىقى، سەيلانى مەنىي، سەيلانى رەھىم قاتارلىقلارغا مەنپەئەت قىلىدۇ.

**[ئىشلىتىش مىقدارى]** 3 ～ 4 گىرامغىچە ئېلىپ، ئەھۋالغا قاراپ ئىشلىتىلىدۇ.

**[زىيانلىق تەسىرى]** ئىسسىق مىزاج كىشىلەردە باش ئاغرىقى پەيدا قىلىدۇ.

**[تۈزەتكۈچىسى]** ھەسەل، سىركە، تۇز، لىمون سۈيى.

**[ئورۇنباسارى]** كۈدە ئۇرۇقى، سىيادان.

**[ۋەكىل خاراكتېرلىك پىششىق دورا ياسالمىسى]** مۇقەۋۋى باھ، لوبوبى كەبىر، ھالۋائى بەيزە، مەجۇنى سۆئلەپ.

www.uyghurkitap.com

## ھەليۇن ئۇرۇقى
## 艾里云欧如合
## （石刁柏子 shi diao bo zi）

[باشقا ئاتىلىشى] بەزرۇل ھەليۇن، تۇخۇمى مارچۇبە، ھەليۇن كى بىج، مۇرچۇن

[لاتىنچە نامى] Semen Asparagus cochinchinensis

[ئىنگلىزچە نامى] Common Asparagus seed



ھەليۇن ئۈسۈملۈكى

[تونۇش] بۇ، گۈلسامساق ئائىلىسىدىكى ئۆسۈملۈك مارچۇبەنىڭ ئۇرۇقىدىن ئىبارەت مېۋىسى شار شەكىللىك گۆشلۈك، مېۋىسىنىڭ رەڭگى قىزغۇچ سېرىق كېلىدۇ. ئىدىن كۆپ ئۇرۇق چىقىدۇ. ئۇرۇقى كىچىك، قاتتىق، قىزىلغا مايىل قارا رەڭلىك، تەمى ئاچچىق. (8.35 ـ رەسىم)

[چىقىش ئورنى] ئېلىمىزنىڭ جەنۇبىي رايونلىرىدىن ھەمدە ھىندىستان ۋە ئىران قاتارلىق ئەللەردىن چىقىدۇ.

[يىغىپ ساقلاش] ئۇرۇقى پىشقاندا يىغىۋېلىپ پاكىز تازىلاپ، قۇرغاق ھەم سالقىن جايدا ساقلىنىدۇ.

[خىمىيەلىك تەركىبى] بۇ ئۆسۈملۈكنىڭ يىلتىزى، غولى، يوپۇرمىقى، مېۋە پوستى ئۇرۇقى قاتارلىق ھەممە قىسمىنىڭ تەركىبىدە سېرىق كېتون تۈردىكى بىرىكمىلەر بار. پىشقان مېۋىسىنىڭ تەركىبىدە قەنت، ياغلىق ماي، كاپسانتىنلارنى تۇتىدۇ، ئۇرۇقىنىڭ تەركىبىدە ناترىي ھىدروكسىدى ئېرىتمىسىدە ئېرىيدىغان كۆپ مىقداردا مۇرەككەپ قەنت گىلىكومانناننى تۇتىدۇ ۋە ئاسپاراگىنمۇ تۇتىدۇ.

[فارماكولوگىيەلىك تەسىرى] ھەليۇننىڭ ئادەتتە سۈيدۈك ماڭدۇرۇش رولى بار، دەپ قارىلىدۇ. بۇنىڭ جەۋھىرىنى ۋېنا تومۇردىن ئوكۇل قىلىنسا قان بېسىمىنى تۆۋەنلىتىدۇ، نېرۋا ئۇچلىرى قان تومۇرىنى كېڭەيتىدۇ. يۈرەك رىتىمى ئاستىلايدۇ، سۈيدۈك مىقدارى كۆپىيىدۇ.

[لايىقلاشتۇرۇلۇشى] يۇيۇپ قۇرۇتۇش ئارقىلىق لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى] بۆرەك، باھ، يۈرەك ۋە پەيلەرنى قۇۋۋەتلەش، ئىششىق ياندۇرۇش، توسالغۇلارنى ئېچىش، سۈيدۈك ۋە ھەيز ماڭدۇرۇش سۈت ۋە مەنىي كۆپەيتىش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر] باھ ئاجىزلىق، جىگەر كېسىلى، سېرىق كېسەل، سۈيدۈك تۇتۇلۇش، بۆرەك ۋە دوۋسۇندا تاش پەيدا بولۇش، ھەيز توسۇلۇشقا ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. چىلغوزىدىن 30 گىرام، بادان مېغىزىدىن 20 گىرام، پىستە مېغىزىدىن 10 گىرام، ھەلىيون ئۇرۇقىدىن بەش گىرام ئېلىپ سوقۇپ، 100 گىرام ھەسەلگە ئارىلاشتۇرۇپ ئىچىپ بەرسە، باھ ۋە بۆرەك ئاجىزلىقىغا شىپا بولىدۇ.

2. ھەلىيون ئۇرۇقىدىن بەش گىرام، چىلغوزا، پىستە مېغىزىدىن 15 گىرامدىن، كۈنجۈت، تۇدەرىدىن 10 گىرامدىن ئېلىپ سوقۇپ، سۇفۇپ قىلىپ ئىچىپ بەرسە، سۈت ۋە مەنىي كۆپەيتىدۇ.

3. ھەلىيون ئۇرۇقىدىن بەش گىرام، كاسىنە ئۇرۇقىدىن 15 گىرام، بەديىاندىن 10 گىرام، تاۋۇز ئۇرۇقىدىن 15 گىرام ئېلىپ چالا سوقۇپ، چايلىق قىلىپ ئىچىپ بەرسە سۈيدۈك ھەيدەيدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] 3 ~ 5 گىرامغىچە.

[زىيانلىق تەسىرى] تالغا زىيان قىلىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] گۈل ئەرمىنى، سىركەنجۇبىل.

[ئورۇنباسارى] شاقاقۇل، تۇدەرى.

[ۋەكىل خاراكتېرلىك پىششىق دورا ياسالمىسى] لوبوبى كەبىر، لوبوبى سەغىر.

## تۇخۇم سېرىقى

## 吐胡米色日合

(鸡子黄 ji zi huang)

[باشقا ئاتىلىشى] بەيزەئى مۇرۇغ

[لاتىنچە نامى] Vitellus Galli

[ئىنگلىزچە نامى] Yolk Of hen's egg

[تونۇش] بۇ، قىرغاۋۇل ئائىلىسىدىكى ھايۋانات ئۆي توخۇسىنىڭ تۇخۇمىنىڭ سېرىقى بولۇپ، ئۇ يېمەكلىك ۋە شىپالىق دورا ھېسابلىنىدۇ. (9.35 ـ رەسىم)



تۇخۇم سېرىقى

[چىقىش ئورنى] شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ھەممە جايلىرىدا بېقىلىدۇ.

[يىغىپ ساقلاش] بۇ ئۆي توخۇسىنىڭ تۇخۇمىنىڭ سېرىقىنى ئېلىپ، دورىلىققا ئىشلىتىلىدۇ.

[خىمىيەلىك تەركىبى] ھەر 100 گىرام تۇخۇم سېرىقىدا 13.6 گىرام ئاقسىل، 30 گىرام ياغلار، بىر گىرام كاربون سۇ بىرىكمىلىرى، كۈل ماددىسى، 134 مىللىگرام كالتسىي، 532 مىللىگرام فوسفور، يەتتە مىللىگرام تۆمۈر، 3500 خەلقئارا بىرلىك ۋىتامىن A ۋە ھەر خىل مىقداردا ۋىتامىن $B_1$، ۋىتامىن $B_2$، نىكوتىن كىسلاتاسى بار، ياغلىق ماددىلار ئىچىدە ئاساسلىقى ياغ كىسلاتاسىدىن ئىبارەت. يەنە تۇخۇم سېرىقىدا تەخمىنەن 5% خولېستېرىن،

گىلۇكوزىلارمۇ بار.

[لايىقلاشتۇرۇلۇشى] يېڭى توخۇمنى ساپلاشتۇرۇلىدۇ.

[ئەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى] بۆرەك، دۇۋساق، باھ ۋە ئومۇمىي بەدەننى قۇۋۋەتلەش، ئوزۇقلۇق ھەم قان تولۇقلاش، يەل ھەيدەش، ئاغرىق توختىتىش، ئىچ سۈرۈشنى توختىتىش، توسالغۇلارنى ئېچىش، ھەزىمنى ياخشىلاش خۇسۇسىيىتى بار.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر] بۆرەك، باھ ۋە بەدەن ئاجىزلىقى؛ سىل، ئۇيقۇسىزلىق، كۆڭۈل ئىلە-شىش، ئىچ سۈرۈش، جىگەر ياللۇغى، بالىلاردىكى ھەزىم ئاجىزلىق، بەل ۋە پۇت ئاغرىقى قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. تۇخۇم سېرىقىنى كۈندە 1~2 دانىغىچە يەپ بەرسە، ئومۇمىي بەدەننى قۇۋۋەتلەيدۇ.

2. خام تۇخۇم سېرىقى، سۈت، شېكەر قاتارلىقلارنى بىرلەشتۈرۈپ، سۈت چاي قىلىپ ئەتىگەنلىكى ئىستېمال قىلىپ بەرسە، بەدەن ئاجىزلىقى، ماغدۇرسىزلىق قاتارلىقلارغا شىپا بولىدۇ.

3. تۇخۇم ھالۋىسى تەييارلاپ يەپ بەرسە، بەدەن ئورۇقلاش، قان ئازلىق، بۆرەك ئورۇقلاش، بەل ۋە پۇت ئاغرىش قاتارلىقلارغا مەنپەئەت قىلىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] ئەھۋالغا قاراپ مۇۋاپىق مىقداردا.

[زىيانلىق تەسىرى] تەستە ھەزىم بولىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] كۈدە، تۇز.

[ئورۇنباسارى] كەپتەر تۇخۇمى سېرىقى.

[ۋەكىل خاراكتېرلىك پىششىق دورا ياسالمىسى] ھالۋائى بەيزە، لوبوبى كەبىر.

## ئاقىرقەرھا

## 阿克尔开尔哈

**(阿那其根 a na qi gen)**

[باشقا ئاتىلىشى] ئۇدۇلقەرج ئاقىرقەرھا، بىخ تەرخۇن كۈھى، ئەكىركىرە

[لاتىنچە نامى] Radix Pyrethrum Cinerariifolium

[ئىنگلىزچە نامى] Pyrethrum root

[تونۇش] بۇ بىر خىل مۆرەككەپ گۈللۈكلەر ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك بولۇپ، شاخلىرى، يوپۇرمىقى، گۈلى چوڭ، ئاق گۈللۈك بابۇنەگە ئوخشايدۇ. لېكىن ئاقىرقەرھانىڭ شاخلىرى تۈكلۈك، زېمىن ئۈستىگە يېيىلىپ ئۆسىدۇ. بىر يىلتىزىدىن كۆپلىگەن شاخلاپ چىققان بولۇپ، شاخلىرىنىڭ بېشىدا گۈمبەزگە ئوخشاش يۇملاق گۈل ئېچىلىدۇ. رەڭگى سېرىق، يىلتىزىنىڭ ئۇزۇنلۇقى بىر غېرىچ، توملۇقى بىر كىچىك قول مىقدارى بولىدۇ. تەمى ئۆتكۈر، ئېغىزنى، تىلنى كۆيدۈرىدۇ.



ئاقىرقەرھا

ئۇيغۇر تېبابىتىدە ئىشلىتىدىغىنى يىلتىزىدۇر. يىلتىزىنىڭ شەكلى سىلىندىرسىمان، ئەگرى - بۈگرى، رەڭگى قوڭۇرغا مايىل، تەمى ئاچچىق، خۇش پۇراق كېلىدۇ. (10.35 - رەسىم)

[**چىقىش ئورنى**] مەملىكىتىمىزنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن، جۈملىدىن رايونىمىز شىنجاڭدىن، ئالجىرىيە، شام، ياۋروپا قاتارلىق ئەللەردىنمۇ چىقىدۇ.

[**يىغىپ ساقلاش**] كۈز پەسلىدە يىلتىزىنى كولاپ ئېلىپ يۇيۇپ، قۇرۇتۇپ ساقلىنىدۇ.

[**خىمىيەلىك تەركىبى**] ئۇچۇچان ماي، فىلاۋون، تاننىن ماددىسى، ئامىنو كىسلاتاسى قاتارلىقلار بار.

[**لايىقلاشتۇرۇلۇشى**] ئىلغاپ يۇيۇپ، توغراش، قۇرۇتۇش ئارقىلىق لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

[**تەبىئىتى**] ئۈچىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[**خۇسۇسىيىتى**] توسالغۇلارنى ئېچىش، مېڭىنى تازىلاش، بەلغەملەرنى يوقىتىش، ئومۇمىي بەدەن، پەيلەرگە قۇۋۋەت بېرىش، تىلدىكى ئېغىرلىقنى يوقىتىش، كۆكرەك، چىش، بوغۇملارنىڭ ئاغرىقىنى پەسەيتىش، ئىستىسقاغا مەنپەئەت قىلىش، سوغۇق مىزاج كىشىلەرنىڭ جىنسىي قۇۋۋىتىنى كۈچەيتىش، سۈيدۈك، ھەيز، سۈت ۋە تەرنى ماڭدۇرۇش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە.

[**ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر**] باھ ۋە بەدەن ئاجىزلىقى، لەقۋا، پالەچ، ئىستىسقا، بۆرەك سوۋۇپ كېتىش، مەنىي بالدۇر يۇرۇپ كېتىش، سۈيدۈك تۇتالماسلىق، تارتىشىپ قېلىش، رەئىشە، باش ئاغرىقى، ئاق خۇن كۆپ كېلىش، ھەيز راۋان بولماسلىق، تىل ئېغىرلىق، يۆتەل، بەلغەم تۈكۈرۈش، ئاقكېسەل قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[**ئىشلىتىش ئۇسۇلى**]

1. 10 گىرام گۈل يېغى بىلەن بۇرنىغا تېمىتىلسا، شەقىقە ۋە بەلغەم خاراكتېرلىك قاتتىق باش ئاغرىقىغا مەنپەئەت قىلىدۇ.

2. ئاقىرقەرھانى سىركىگە چىلاپ، ئاغرىق چىش بىلەن چىشلەپ تۇرسا، ئاغرىقنى پەسەيتىدۇ.

3. ئاقىرقەرھانى چاينىسا ياكى سوقۇپ، تىلنىڭ تېگىگە سېپىلسە، ھۆللۈكنى تارتىپ، تىلدىكى ئېغىرلىقنى يوقىتىدۇ.

4. قاينىتىلغان سۈيىنى ئېغىزغا ئېلىپ تۇتۇپ تۇرسا، بوشىغان چىشلىرىنى چىڭىتىدۇ.

5. ئاقىرقەرھادىن 10 گىرام، كاۋاۋچىنىدىن يەتتە گىرام، تۇخۇم سېرىقىدىن ئىككى دانە ئېلىپ سۇفۇپ قىلىپ يېسە، باھ ۋە ئومۇمىي بەدەننى قۇۋۋەتلەيدۇ، بۆرەكنى قىزىتىدۇ.

6. ئاقىرقەرھا، كۇندۇردىن 10 گىرامدىن ئېلىپ ئارىلاشتۇرۇپ سۇفۇپ قىلىپ يېسە، سۈيدۈك تۇتالماسلىق، مەنىي بالدۇر يۇرۇپ كېتىشكە شىپا بولىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

7. ئاقىرقەرھانى سوقۇپ كۇندە 10 گىرامدىن ھەسەل سۇيى بىلەن يېسە، پالەچ، رەئىشە، ئىستىرخا كېسەللىكىگە شىپا بولىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] ئۈچ گىرامغىچە.

[زىيانلىق تەسىرى] ئۆپكىگە زىيان قىلىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] كەتىرا، تۇخۇمەكىنىڭ ئۇرۇقى.

[ئورۇنباسارى] پىلپىل، تاتلىق قۇستە.

[ۋەكىل خاراكتېرلىك پىششىق دورا ياسالمىسى] مەجۇنى سۆئلەپ، ھەببى ئىمساك.

[دىققەت قىلىدىغان ئىشلار] ئىسسىق مىزاجلىقلارغا ئىشلەتكەندە دىققەت قىلىش كېرەك، قۇۋۋىتى يەتتە يىلغىچە تۇرىدۇ.

## نوقۇت

## 努呼提

## (鹰嘴豆 ying zui dou)

[باشقا ئاتىلىشى] ھىممەتۇل ئەفزەر، نوخۇد، چىنا

[لاتىنچە نامى] Semen Ciceri arietinum

[ئىنگلىزچە نامى] Gram Chickpea seed



نوقۇت

[تونۇش] بۇ، پۇرچاق ئائىلىسىدىكى ئۆسۈملۈك نوقۇتنىڭ قۇرۇتۇلغان پىششىق مېۋىسىدۇر. بۇ ئۆسۈملۈكنىڭ ئۇرۇقى «نوقۇت» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ. (11.35 - رەسىم)

[چىقىش ئورنى] شىنجاڭ، گەنسۇ، چىڭخەي، شەنشى، خېبېيدىن چىقىدۇ.

[يىغىپ ساقلاش] 7 -، 8 - ئايلاردا مېۋىسى پىشقاندا پۈتۈن تۈپى بويىچە ئورۇۋېلىپ، ئۇرۇقى ئايرىپ ئېلىنىدۇ.

[خىمىيەلىك تەركىبى] ئۇرۇقىدا تەخمىنەن 20% ئاقسىل، مەلۇم مىقداردا مايلىق ياغ، 52.80%~44.84% كىچە كىراخمال، 5% كىچە كان ماددىلىرى، 10% يىرىك تالالارنى تۇتىدۇ. يېڭى يىغىۋېلىنغان ئۇرۇقىدا ۋىتامىن B، ۋىتامىن E، ۋىتامىن C، پانتوتېنىك كىسلاتا، فىتىك كىسلاتا قاتارلىقلار بار.

[فارماكولوگىيەلىك تەسىرى] نوقۇتتىن ئايرىۋېلىنغان بىر خىل تەركىب ۋىتامىن كەملىكىنى تۈزەيدۇ، بۇ، تەسىرى ئاچچىق لىمون پوستىنىڭ گىلۇكوزىدى بىلەن ئوخشاش.

[لايىقلاشتۇرۇلۇشى] يۇيۇپ قۇرۇتۇش ئارقىلىق لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

[تەبئىتى] بىرىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى] بۆرەك، دوۋساق، باھنى قۇۋۋەتلەش، قان كۆپەيتىش، سۈيدۈكنى راۋان قىلىش، ئاغرىق پەسەيتىش، تېرىگە جۇلا بېرىش، قان تازىلاش، چاچنى قۇۋۋەتلەش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر] سۈيدۈك ئېچىشىپ كېلىش، سۆزنەك، باھ ئاجىزلىقى، كەم قۇۋۋەتلىك، ھۆل ۋە قۇرۇق قىچىشقاق، چاچ چۈشۈش، ۋاقىتسىز ئاق كىرىپ كېتىش قاتارلىق كېسەللىكلەرگە ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. ئاقىرقەرھانى سۈئلەپ بىلەن ھالۋا قىلىپ يەپ بەرسە، جىنسىي ئاجىزلىققا مەنپەئەت قىلىدۇ.

2. نوقۇت ئۇنىنى سۇغا چىلاپ، سۈزۈلگەن سۈيىنى كۈندە بىر قانچە قېتىم ئىستېمال قىلىپ بەرسە، سۈيدۈكنى راۋان قىلىدۇ.

3. نوقۇتنى ئاخشىمى سۇغا چىلاپ قويۇپ، يۇمشىغاندا ئەتىگىنى پىشۇرۇپ يېسە ۋە ئۇنىڭ سۈيىگە ھەسەل قوشۇپ ئىچسە، ئاۋازنى ياخشىلايدۇ.

4. قاينىتىپ سۈيىنى ئىچىپ بەرسە، سۈيدۈك ۋە ھەيزنى راۋان قىلىدۇ. سۈيدۈك يولىنى تازىلايدۇ.

5. نوقۇت ئۇنى بىلەن يۈز ۋە چاچنى يۇسا، يۈزنى پارقىرىتىدۇ، چاچ چۈشۈشنى توختىتىدۇ، چاچقا ۋاقىتسىز ئاق كىرمەيدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] 10 ～ 20 گىرامغىچە.

[زىيانلىق تەسىرى] تەستە ھەزىم بولىدىغان بولۇپ، ئاشقازانغا زىيانلىق.

[تۈزەتكۈچىسى] خەشخاش، زىرە، گۈلقەنت، جاۋارىش كۇمۇنى.

[ئورۇنباسارى] پۇرچاق، ماش، تۇرمۇس.

[ۋەكىل خاراكتېرلىك پىششىق دورا ياسالمىسى] لوبوبى كەبىر، لوبوبى سەغىر، ھالۋائى نوقۇت.

## نارجىل
## 那尔吉力
## （奶桃 nai tao，椰子 ye zi）

[باشقا ئاتىلىشى] كوكۇس مېۋىسى، نارچىل، جوز ھىندى، كۆپرە، نارىل

[لاتىنچە نامى] Fructus cocos nucifera

[ئىنگلىزچە نامى] Coconut

[تونۇش] بۇ، پالما ئائىلىسىدىكى دائىم ياشىرىپ تۇرىدىغان بىر خىل دەرەخ بولۇپ، مېۋىسى شارسىمان، پىشقىنىدىن مېغىزى چىقىدۇ. سىرتى قىزىل، ئىچى ئاق، پۇرىقى سۇس، تەمى بىرئاز ئاچچىق، بۇ دەرەخنىڭ مېۋە ئىچى پوستى، ئىچكى سۈتى ۋە تۆرەلمە سۈتى قاتارلىقلار «نارجىل» نامىدا، يېغى «رەۋغىنى نارجىل» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ. (25 . 12 ـ رەسىم)

[چىقىش ئورنى] مەملىكىتىمىزنىڭ خەينەنداۋ ئارىلىدىن، ھىندىستان، ۋېيتنام ۋە ئىسسىق ئىقلىملىق ئەللەردىن چىقىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



نارجىل

[يىغىپ ساقلاش] مېۋىسى پىشقاندا ئۈزۈۋېلىپ، شاكىلىنى ئاجرىتىپ، ئىچىدىكى قىسمىنى ئايرىپ ئېلىپ قۇرۇتۇپ ساقلىنىدۇ.

[خىمىيەلىك تەركىبى] نارجىل تەركىبىدە %346 ~% 35 كىچە ماي بار، يەنە سىتىگماستاترىنول (Stigmastatrienol)، % 15 كاربون سۇ بىرىكمىلىرى، ۋىتامىن B، ۋىتامىن $B_1$، ۋىتامىن $B_2$، ۋىتامىن E قاتارلىقلار بار.

[فارماكولوگىيەلىك تەسىرى] مېۋە ئېتىنىڭ تاسمىقۇرتنى ئۆلتۈرۈش تەسىرى ۋە زەنجىرسىمان شورىغۇچى قۇرتقا نىسبەتەن ئۈنۈمى بار.

[لايىقلاشتۇرۇلۇشى] يۇيۇپ توغراش، قۇرۇتۇش ئارقىلىق لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە ھۆل ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى] بۆرەك ۋە دوۋساقنى قۇۋۋەتلەش، بەدەننىڭ تەبىئىي ھارارىتىنى، باھنى كۈچەيتىش ۋە سەمرىتىش، بەلغەم بوشىتىش، قان توختىتىش، ساپ قان پەيدا قىلىش، قۇرت ئۆلتۈرۈش، ئېغىزنى خۇشبۇي قىلىش، سۈت ۋە مەنىي پەيدا قىلىش خۇسۇسىيىتى بار.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر] ئەگەر بۇنى مۇۋاپىق مىقداردا ئىچسە، بەلغەم، سەۋدا خاراكتېرلىك سوغۇق ماددىلارنى چىقىرىدۇ. پەيلەر بوشاپ كېتىش، پالەچ، جۇنۇن، مالىخولىيا كېسەللىكلىرى ئۈچۈن مەنپەئەت قىلىدۇ. ئېغىزنى خۇشبۇي قىلىدۇ، جىگەر ئاجىزلىقى، ئىچكى ئەزالاردىكى يىرىڭلىق جاراھەتلەر ۋە بۇۋاسىر ئۈچۈن مەنپەئەت قىلىدۇ. بۆرەكنى قىزىتىدۇ، سوغۇق مىزاج كىشىلەردە دوۋسۇننىڭ سوغۇقلۇقىنى يوقىتىپ، بەل ئاغرىقىغا مەنپەئەت قىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. نارجىل بىلەن ياڭاق مېغىزىدا ناۋات قوشۇپ ئىستېمال قىلسا، مەنىي كۆپەيتىدۇ. بۆرەك ۋە باھ ئاجىزلىقىغا مەنپەئەت قىلىدۇ.

2. نارجىل يېغىنى باشقا سۈركىسە، چاچ چىقىرىدۇ ۋە چاچنى پارقىرىتىدۇ.

3. نارجىلنىڭ يېڭى يېغىنى بىر ياشلىق بالىغا كۈندە ئۈچ قېتىم، ھەر قېتىمدا ئۈچ گىرامدىن 10 ~ 11 كۈنگىچە بەرسە، كۆكيۆتەلگە مەنپەئەت قىلىدۇ.

4. نارجىلنىڭ 12 گىرام گۆشىگە ئازراق شېكەر قوشۇپ، ئۈچ كۈن ئىستېمال قىلىپ بەرسە، بۇۋاسىردىن كەلگەن قاننى توختىتىدۇ.

5. شېكەر بىلەن ئىشلەتسە ياخشى قان پەيدا قىلىدۇ. تەبىئىي ھاراراتنى كۈچەيتىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] ئەھۋالغا قاراپ 24 ~ 36 گىرامغىچە ئىشلىتىلىدۇ.

[زىيانلىق تەسىرى] ئاشقازانغا زىيان قىلىدۇ، يەل ۋە توسالغۇ پەيدا قىلىدۇ، تەستە سىڭىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] شېكەر، ناۋات، تاۋۇز.

[ئورۇنباسارى] ياڭاق مېغىزى، پىستە مېغىزى ياكى چىلغوزا.

[ۋەكىل خاراكتېرلىك پىششىق دورا ياسالمىسى] مەجۇنى سۈئلەپ.

# بەسباسە

## 白斯巴色

## （肉豆蔻衣 rou dou kou yi）

[باشقا ئاتىلىشى] بەزباز، جاۋتەرى

[لاتىنچە نامى] Arillus myristica fragrans

[ئىنگلىزچە نامى] Nutmeg aril



بەسباسە دەرىخى

[تونۇش] بۇ، مۇسكات ئائىلىسىدىكى دائىم كۆكىرىپ تۇرىدىغان دەرەخنىڭ مېۋىسى بولۇپ، سىرتقى پوستى بار، «بەسباسە» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ. سىرتقى پوستىنىڭ ۋەزنى يەڭگىل، نېپىز، چۇرۇك بولۇپ، رەڭگى توق سېرىق، تەمى ئاچچىق پۇراقلىق كېلىدۇ. (35 .13 ـ رەسىم)

[چىقىش ئورنى] مەملىكىتىمىزنىڭ گۇاڭدۇڭ ئۆلكىسىدىن، ھىندىستان، مالايشىيا، بىرازىلىيە، سەيلون، سۇماترا ئارىلىدىن چىقىدۇ.

[يىغىپ ساقلاش] بۇنىڭ قۇۋۋىتى ئىككى يىل تۇرىدۇ، ئىككى يىلدىن كېيىن قۇۋۋىتى كېمىيىدۇ.

[خىمىيىلىك تەركىبى] بەسباسە %15 ~ %4 كىچە ئۇچۇچان ماي ياغ تۇتىدۇ، پالمىتىك كىسلاتا بەسباسە يېغى ئىچىدىكى مايلىق كىسلاتانىڭ %37.6 نى ئىگىلەيدۇ. قالغانلىرى تويۇنمىغان مايلىق كىسلاتا، زىغىر كىسلاتاسى قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.

[فارماكولوگىيەلىك تەسىرى] ئاز مىقداردا ئىچسە ئاشقازاننىڭ سۇيۇقلۇق ئىشلەپچىقىرىشىنى كۈچەيتىدۇ ۋە ئۈچەي شىللىق پەردىلىرىگە تەسىر بېرىپ پېرىستالتىكىسىنى ئېچىشقا قارشى تۇرىدۇ. ئاشقازان ـ ئۈچەيلەردە يېمەكلىكلەرنىڭ ئېچىشىنى چەكلەيدۇ. يەنە ئۈچەيدىكى يەلنى ھەيدەيدۇ. كۆپ مىقداردا ئىچىلسە يۈرەك ھەرىكىتىنى تېزلىتىدۇ. ئۇيقۇسىراش ماددىسىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىپ مەست قىلىدۇ (ناركوز قىلىدۇ) ھەمدە دورىلارنىڭ سىڭىشىنى تېزلەشتۈرىدۇ.

[لايىقلاشتۇرۇلۇشى] يۇيۇپ قۇرۇتۇش ئارقىلىق لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

[تەبئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى] مېڭىنى ۋە باھنى قۇۋۋەتلەش، ئاشقازان ۋە جىگەرنى قۇۋۋەتلەش، مەنىي كۆپەيتىش، بەدەننىڭ ھۆللۈكىنى قۇرۇتۇش، يەللەرنى ھەيدەش، توسالغۇلارنى ئېچىش، قىزىتىش، تۇتۇش قۇۋۋىتىنى كۈچەيتىش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر] يۈرەك ئاجىزلىقى، ئۇنتۇغاقلىق، سەرئى، مالىخولىيا، ئاشقازان سوۋۇپ كېتىش، ھەزىم ئاجىزلىق، كونا ئىچ سۈرۈش، ئاشقازان ـ ئۈچەي ئاجىزلىقى، ئۈچەي جاراھەتلىرى، تال كېسەللىكلىرى، سۈيدۈك تېمىپ كېلىش، مەنىي كەملىك، بالىياتقۇ ئاجىزلىقى قاتارلىق كېسەللىك-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

لەرگە ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. بەسباسە، گاۋزىبان، سۇمبۇل، ئۇستۇقۇددۇسنىڭ ھەربىرىدىن 10 گرام ئېلىپ، قاينىتىلما تەييارلاپ ئىچسە، ئۇنتۇغاقلىق، سەرئى، مالىخولىياغا مەنپەئەت قىلىدۇ.

2. بەسباسە، قارىمۇچ، پىلپىل، ئاقمۇچ، لاچىنداننىڭ ھەربىرىدىن 10 گرام ئېلىپ، چايلىق تەييارلاپ ئىچسە، ئاشقازان سوۋۇپ كېتىش ۋە تۆۋەنلەشكە مەنپەئەت قىلىدۇ.

3. بەسباسە، پىستە مېغىزى، ئاقىرقەرھا، نارجىل، پىندۇق مېغىزىنىڭ ھەربىرىدىن 10 گرام ئېلىپ، سۇفۇپ تەييارلاپ ئىچىپ بەرسە، باھ ۋە بۆرەكنى قۇۋۋەتلەيدۇ.

4. بەسباسەنى زەيەر بىلەن يۇمشاق سوقۇپ، بالىياتقۇغا ھەمەل قىلسا، بالىياتقۇنى تازىلايدۇ.

5. بەسباسە، بىنەپشە يېغىغا ئىسسىق سۇ قوشۇپ بۇرنىغا تېمىتىلسا، يەلدىن بولغان سوغۇق باش ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ.

6. بەسباسەنى يۇمشاق سوقۇپ خېمىر قىلىپ باشقا سۈركىسە، باشنىڭ يېرىمى ئاغرىش ۋە تۇتقاقلىق مېڭە كېسەللىكىگە مەنپەئەت قىلىدۇ. كىندىكىنىڭ ئاستىغا چاپسا، سۈيدۈك تېمىپ كېلىشكە پايدا قىلىدۇ.

7. بەسباسە، ئۆچكە تېزىكى ۋە ھەسەلنى مەلھەم قىلىپ چاپسا، قاتتىق ئىششىقلارنى يۇمشىتىدۇ. يۇمشاق سوقۇپ ھەيزدىن پاك بولغان ئايالنىڭ بالىياتقۇسىغا ھەمەل قىلسا، ھامىلدار بولۇشقا ياردەم بېرىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] بەش ياشتىن تۆۋەنلەرگە 1 ~ 2 گىرامغىچە، 5 ~ 10 ياشتىكىلەرگە 3 ~ 5 گىرامغىچە، 15 ياشتىن يۇقىرىلارغا 10 گرام ئەتراپىدا ئىشلىتىلسا بولىدۇ.

[زىيانلىق تەسىرى] باش ئاغرىقى پەيدا قىلىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] ئەرەب يېلىمى، گۈلاب، گۈلبىنەپشە، بىدمۇشكى.

[ئورۇنباسارى] جويۇز

[ۋەكىل خاراكتېرلىك پىششىق دورا ياسالمىسى] مۇپەررىھى ئەۋرىشىم، ماددەتۇلھايات، مۇقەۋۋى باھ.

[دىققەت قىلىدىغان ئىشلار] جىگەر كېسىلى، تۇتقاقلىق كېسەللىكلىرىگە دىققەت بىلەن ئىشلىتىلىدۇ.

## ئاق بەھمەن
## 阿克拜替曼
### (白矢车菊 bai shi che ju)

[باشقا ئاتىلىشى] بەھمەن ئەبيەز، بەھمەن سەفىد، قوڭغۇراقباش

[لاتىنچە نامى] Centaurea cyanus

[ئىنگلىزچە نامى] Centaury root

[تونۇش] بۇ، مۈرەككەپ گۈللۈكلەر ئائىلىسىدىكى ئۆسۈملۈك بەھمەننىڭ قۇرۇتۇلغان يىلتىزى بو-

لۇپ، ئىككى خىل بولىدۇ. قىزىلى «قىزىل بەھمەن»، ئېقى «ئاق بەھمەن» دېيىلىدۇ. ئۇنى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا «قوڭغۇراقباش» دەپمۇ ئاتايدۇ. ئېقى تومراق كېلىدۇ. قىزىلى سۇزۇك، خۇش پۇراق كېلىدۇ، چاينىسا ئېغىزنى ئازراق قورۇيدۇ. (14.35 ـ رەسىم)



ئاق بەھمەن

[چىقىش ئورنى] ئىران، ئەرمەنىستان تاغلىرىدىن، خۇراسان قاتارلىق ئەللەردىن چىقىدۇ.

[يىغىپ ساقلاش] ياز پەسلىدە يىلتىزىنى كولاپ ئېلىپ، چاچما يىلتىزى ۋە يوپۇرماقلىرىنى چىقىرىۋېتىپ قۇرۇتۇپ ساقلىنىدۇ.

[خىمىيەلىك تەركىبى] يىلتىزىنىڭ تەركىبىدە تاننىك كىسلاتاسى ۋە يەھمەنىن جەۋھىرى قاتارلىق بار.

[لايىقلاشتۇرۇلۇشى] يۇيۇپ تـوغراش، قـۇرۇتـۇش ئارقىلىق لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى] باھنى ۋە بۆرەكنى قۇۋۋەتلەش، سەمرىتىش، سېرىقلىقنى يوقىتىش، كۆڭۈلگە خۇشلۇق يەتكۈزۈش، مەنىي كۆپەيتىش خۇسۇسىيىتى بار.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر] مەنىي بالدۇر يۇرۇپ كېتىش، مەنىي تۇتالماسلىق، يەرقان، يۈرەك ئاجىزلىقى، كۆپ ئېھتىلام بولۇش، بۆرەك زەئىپلىكى، تال ۋە ئاشقازان ئاجىزلىقى، ئىشتىھاسىزلىق، چوڭ تەرەتنىڭ سۇيۇلۇپ كېلىشى، ماغدۇرسىزلىنىش، يۈرەك سېلىش، نەپەس سىقىلىش، ئېغىز قۇرۇش، تەرلەش، باش قېيىش، بوۋاسىر، بالىياتقۇ چىقىقى قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. تالنىڭ ئاجىزلىقىدىن پەيدا بولغان ئىچ سۈرۈشكە بەھمەن سەفىد، چۆپچىن، بىخسۇس، پىچەك گۈل، ھېلىلە، جويۇزنىڭ ھەربىرىدىن توققۇز گىرامدىن، گىل مەختۇمدىن 15 گىرام ئېلىپ قاينىتىپ سۈيى ئىچىلىدۇ.

2. بەھمەننى ھەسەلنىڭ سۈيى بىلەن قوشۇپ يۈزىگە چاپسا، يۈزىنى چىرايلىق قىلىدۇ.

3. ئاق بەھمەندىن 10 گىرام، ئاقىرقەرھادىن 10 گىرام ئېلىپ قوشۇپ، سوقۇپ سۈت بىلەن ئىچسە، بۆرەكنى قۇۋۋەتلەيدۇ.

4. بەھمەننى سۇدا قاينىتىپ پىشۇرۇپ، مۇۋاپىق مىقداردا شېكەر، نوقۇت، بادام مېغىزى بىلەن يېسە، بەدەننى سەمرىتىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] 5 ～ 10 گىرامغىچە.

[زىيانلىق تەسىرى] قان بېسىمىنى ئۆرلىتىۋېتىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] چىلان، بىدىمۇشكى، بىنەپشە.

[ئورۇنباسارى] ئۆز ۋەزنى بىلەن باراۋەر قىزىل بەھمەن، زورەمبات.

[ۋەكىل خاراكتېرلىك پىششىق دورا ياسالمىسى] داۋائىلمىشكى، مادەتۇلھايات، ھالۋائى بەيزە.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

# زاغۇن ئۇرۇقى

## 扎浑欧日格

## (芝麻菜子 zhi ma cai zi)

[باشقا ئاتىلىشى] ھەببى جىر جىر، تەررەتىزەك

[لاتىنچە نامى] Eruca sativa semen

[ئىنگلىزچە نامى] Roquette rocketsalad Seed



زاغۇن مايسىسى

[تونۇش] بۇ، كىرىپىت گۈللۈكلەر ئائىلىسىدىكى بىر يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك زاغۇننىڭ پىشقان ئۇرۇقى بولۇپ، ئۇرۇقى شار شەكىللىك، سۇس قوڭۇر رەڭلىك، پارقىراق، ئۇيۇل بولىدۇ. بۇ ئۆسۈملۈكنىڭ ئۇرۇقى «زاغۇن ئۇرۇقى يېغى»، «زاغۇن يېغى» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ. (15.35 ـ رەسىم)

[چىقىش ئورنى] شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ھەممە جايلىرىدا تېرىپ ئۆستۈرۈلىدۇ.

[يىغىپ ساقلاش] كۈز پەسلىدە ئۇرۇقى پىشقاندا چۆپىنى ئورۇۋېلىپ سوقۇپ، ئۇرۇقىنى ئايرىپ قۇرۇتۇپ ساقلىنىدۇ.

[خىمىيەلىك تەركىبى] ئۇرۇقى تەركىبىدە پىروتىن (Prothn)، ياغ قاتارلىقلار بار.

[لايىقلاشتۇرۇلۇشى] يۇيۇش، قۇرۇتۇش، قورۇش ئارقىلىق لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

[تەبىئىتى] ئۈچىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى] بۆرەك، دوۋساق ۋە باھنى قۇۋۋەتلەش، سۈت ۋە مەنىي كۆپەيتىش، ھەزىمنى ياخشىلاش، يەل ھەيدەش، سۈيدۈك ۋە ھەيزنى راۋان قىلىش، يەرلىك ئورۇننى قىزارتىش، تېرىگە جۇلا بېرىش خۇسۇسىيەتلىرى بار.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر] باھ ئاجىزلىقى، قورساق ئېسىلىش، ئىشتىھاسىزلىق، سۈيدۈك ۋە ھەيز توسۇلۇپ قېلىش، سەپكۈن، بەھەق، ئاقكېسەل قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. زاغۇن ئۇرۇقىدىن بەش گىرام، سۆئىلەپتىن 10 گىرام، ناۋاتتىن 15 گىرام، سوفۇپ قىلىپ يېسە باھنى قۇۋۋەتلەيدۇ.

2. زاغۇن ئۇرۇقىدىن بەش گىرام، ئاقاقىيادىن يەتتە گىرام ئېلىپ، قائىدە بويىچە سوقۇپ سىيادان

يېغىغا ئارىلاشتۇرۇپ چاپسا، بەرەس ۋە بەھەققە مەنپەئەت قىلىدۇ.

3. مۇۋاپىق مىقداردىكى زاغۇننى تالقان قىلىپ، ئۇنىڭغا ئازراق تۇز ۋە تۇخۇم قوشۇپ ئىچىپ بەرسە، باھنى قۇۋۋەتلەيدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] 5 ～ 7 گىرامغىچە.

[زىيانلىق تەسىرى] ئىسسىق مىزاج كىشىلەرنىڭ بېشىنى ئاغرىتىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] كاسىنە، سېمىزئوت ئۇرۇقى، سىركە.

[ئورۇنباسارى] ھەببى رشاد.

[ۋەكىل خاراكتېرلىك پىششىق دورا ياسالمىسى] لوبوبى كەبىر.

[دىققەت قىلىدىغان ئىشلار] ئىسسىق مىزاجدىكىلەرگە دىققەت قىلىپ ئىشلىتىلىدۇ.

## سەۋزە ئۇرۇقى

## 赛维则欧如合

## (胡萝卜子 hu luo bu zi)

[باشقا ئاتىلىشى] بەزرۇل جەزەر، تۇخۇمى گەزەر، گاجىركى بىچ

[لاتىنچە نامى] Semen Daucus Sativus

[ئىنگلىزچە نامى] Carrot Seed

[تونۇش] بۇ، كۈنلۈكسىمان گۈللۈكلەر ئائىلىسىدىكى بىر يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك سەۋزىنىڭ ئۇرۇقى بولۇپ، بۇ ئۆسۈملۈكنىڭ ئۇرۇقى «سەۋزە ئۇرۇقى» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ. ئۇرۇقىنىڭ شەكلى تۇخۇمسىمان، بىرئاز تۇكلەشرەك كېلىدۇ. رەڭگى سارغۇچ، تەمى تاتلىق، بىرئاز پۇراقلىق. (16.35 ـ رەسىم)



سەۋزە ئۇرۇقى

[چىقىش ئورنى] شىنجاڭنىڭ بارلىق رايونلىرىدىن چىقىدۇ.

[يىغىپ ساقلاش] يازدا ئۇرۇقى پىشقاندا يىغىۋېلىپ، كېرەكسىز قىسىملىرىنى تازىلىۋېتىپ، قۇرۇتۇپ ئېلىنىدۇ.

[خىمىيەلىك تەركىبى] ئۇرۇقىنىڭ تەركىبىدە 1.6% ئۇچۇچان ماي بار. يەنە 12%～11% كىچە ياغلارنى تۇتىدۇ.

[فارماكولوگىيەلىك تەسىرى] ئۇرۇقىدىن ئېلىنغان ئومۇمىي فىلاۋون ئىسپازما بوشىتىش رولىغا ئىگە، بۇ خىل تەسىرى پاپاۋېرىن بىلەن ئوخشايدۇ. ئۇ، تاجسىمان قىزىل قان تومۇرنى كېڭەيتىدۇ، شۇڭا قىزىل قان تومۇر بوتقىسىمان قېتىش، تاجسىمان قان تومۇر قېتىش مەنبەلىك يۈرەك ئىقتىدارى ناچارلىشىش كېسىلىگە ئىشلىتىلىدۇ.

[لايىقلاشتۇرۇلۇشى] يۇيۇپ قۇرۇتۇش ئارقىلىق لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە ھۆل ئىسسىق.

www.uyghurkitap.com

**[خۇسۇسىيىتى]** بۆرەك، باھ ۋە دوۋساقنى قۇۋۋەتلەش، سۈيدۈك ۋە ھەيزنى ماڭدۇرۇش، تاش پارچىلاش ۋە چۈشۈرۈش خۇسۇسىيەتلىرى بار.

**[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر]** سۈيدۈك تۇتۇلۇش، سۈيدۈكنىڭ تەستە كېلىشى، سۈيدۈك ئېچىشىپ كېلىش، بۆرەك ۋە دوۋساقتا تاش پەيدا بولۇپ قېلىش، ھەيز تۇتۇلۇش، ھەيز كېسىلىش قاتارلىق كېسەللىكلەرنى داۋالاشقا ئىشلىتىلىدۇ.

**[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]**

1. سەۋزە ئۇرۇقىدىن يەتتە گىرام، زاغۇن ئۇرۇقى، ئاقىرقەرھادىن 10 گىرامدىن، تۇخۇم سېرىقىدىن 10 دانە ئېلىپ، قائىدە بويىچە يۇمشاق سوقۇپ، سۇفۇپ تەييارلاپ ئىچسە، بۆرەك ۋە باھ ئاجىزلىقىغا مەنپەئەت قىلىدۇ.

2. سەۋزە ئۇرۇقى، تەرخەمەك ئۇرۇقى، ئوغرىتىكەن، تاۋۇز ئۇرۇقى قاتارلىقلاردىن 10 گىرامدىن ئېلىپ، مۇۋاپىق مىقداردىكى سۇدا قاينىتىپ ئىچسە، بۆرەك ۋە دوۋساقتىكى تاشنى چۈشۈرىدۇ.

3. مىشكى تارمۇشكى، سەۋزە ئۇرۇقى 10 گىرامدىن ئېلىپ ئارىلاشتۇرۇپ ئىچسە، ھەيزنى راۋانلاشتۇرىدۇ.

**[ئىشلىتىش مىقدارى]** 3 ~ 5 گىرامغىچە.

**[زىيانلىق تەسىرى]** كۆپ يېسە پەيگە ۋە ئاشقازانغا زىيان قىلىدۇ.

**[تۈزەتكۈچىسى]** پىننە.

**[ئورۇنباسارى]** رۇمبەدىيان، تاغ سەۋزىسىنىڭ ئۇرۇقى.

**[ۋەكىل خاراكتېرلىك پىششىق دورا ياسالمىسى]** جاۋارىش زەرئۇنى، لوبوبى كەبىر، سۇفۇپى دوقۇ.

# ئوتتۇز ئالتىنچى باب    باھ ئاجىزلىقىغا ئىشلىتىلىدىغان دورىلار

باھ ئاجىزلىقىنى داۋالاش ۋە جىنسىي قۇۋۋەتنى ئاشۇرۇش خۇسۇسىيىتى ئاساسلىق ئورۇندا تۇرىدىغان دورىلار ئومۇملاشتۇرۇلۇپ، باھ ئاجىزلىقىغا ئىشلىتىدىغان دورىلار دېيىلىدۇ.

ھەر خىل ئىچكى - تاشقى سەۋەبلەر تەسىرىدىن بەدەندە باھ ئاجىزلىق يۈز بەرسە، ئورگانىزمدا ماددا ئالمىشىش قالايمىقانلىشىش، فىزىيولوگىيەلىك تەڭپۇڭلۇق بۇزۇلۇش بىلەن بىرگە، باھ ئاجىزلىقىغا ئالاقىدار تۈرلۈك كېسەللىك ئالامەتلىرى (روھىي چۈشكۈنلۈك، باھ ئاجىزلىق، ئومۇمىي بەدەن ئاجىزلىق، پەي - نېرۋىلار ئاجىزلاش، مەنىي يۇرۇپ كېتىش، مەنىي ئازلىق، ئاق خۇن كۆپ كېلىش، كۆپ ئېھتىلام بولۇش، جىنسىي ئەزا قايىم بولماسلىق، پالەچ، لەقۋا، رەئشە، بەدەن ئىسسىماسلىق، ئەزالار تارتىشىپ قېلىش ···) پەيدا بولىدۇ. بۇ خىل كېسەللىكلەرنى ۋاقتىدا داۋالىمىغاندا يامان ئاقىۋەت كېلىپچىقىدۇ. باھ ئاجىزلىقىغا ئىشلىتىلىدىغان دورىلارنىڭ تۈرى ھەر خىل بولغاچقا ئىشلەتكەندە مۇۋاپىق تاللاپ ئىشلىتىش كېرەك. باھ ئاجىزلىقىغا ئىشلىتىدىغان دورىلارنىڭ كۆپىنچىلىرىنىڭ تەبىئىتى قۇرۇق ئىسسىق بولۇپ. بۇ خىل دورىلار باھنى قۇۋۋەتلەش، ئومۇمىي بەدەننى قۇۋۋەتلەش، مەنىي تۇتۇش، مەنىي كۆپەيتىش، ئاق خۇن توختىتىش، ئوزۇقلۇق تولۇقلاش، قاننى قىزىتىش، ئارتۇق ھۆللۈكنى قۇرۇتۇش تەسىرىنى بېرىدۇ. مەسىلەن: رىگىماھى، يەر ياڭىقى يېغى، سەقەنقۇر، بۆكەن مۈڭگۈزى، ھەسەل، پەنىرمايە، توشقانقۇلاق، مالىنا، غاز تۇخۇمى، غاز گۆشى، جىگدە چېچىكى، بۇقا چۇيىسى، قارا چېكەتكە، ھەببى قەلقەل، چەشمىخورۇس، شاقاقۇل مىسرى، يىڭنىبېلىق، سازاڭ، تۆمۈر دېتى، سۇڭپىياز، ئاپتاپپەرەس ئۇرۇقى، قوغۇن ئۇرۇقى، كۇدە، كېلەر، كەندىر ئۇرۇقى، لوبان، كۇندۇر، ئادەمگىياھ، كەپتەر گۆشى، ئەنبەر، قۇندۇز قەھرى، ئىپار، قۇشقاچ مېڭىسى، نارمىشكى، خولىنجان، سىيسالىيۇس، پىياز، سۆئلەپ مىسرى، جەرەن، تۇلكە گۆشى، توشقانزەدىكى، بۇغا قېنى، ھەلىيۇن ئۇرۇقى، تۇخۇم سېرىقى، ئاقىرقەرھا، بەسباسە، ئاق بەھمەن، زەپەر، يۇمران بۇغا مۈڭگۈزى، سەۋزە ئۇرۇقى، پىندۇق، چىلغوزا، تۇدەرى، پىستە مېغىزى، ھەببۇتۇلخۇزرا، ھەببى زەلەم، ھەببى رشاد، چىگىت مېغىزى، يىلپىز سۆڭىكى، ھىڭ، چۈمۈلە، كۇچۇلا، نەرگىس گۈلى ئۇرۇقى، ئەپتىمۇن ئۇرۇقى، زۇلۇك قاتارلىقلار.

## رىگىماھى
## 热格马依
## （沙龙子　sha long zi）

[باشقا ئاتىلىشى] سەمەكە تۇسسەيدا، مىچلىكى رىيت

[لاتىنچە نامى] Euneces Chinensis

[ئىنگلىزچە نامى] Shink sand

[تونۇش] بۇ، يۇگورۇك كەسلەنچۇك ئائىلىسىدىكى ھايۋانات رىگىماھىنىڭ قۇرۇتۇلغان پۈتۈن تېنى

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com

بولۇپ، ئالا بۇلماچ، تەمى بىرئاز تۇزلۇق بولىدۇ. (1.36 - رەسىم)
[چىقىش ئورنى] ئەرەبىستان، تۈركىيە، ئىران قاتارلىق دۆلەتلەردىن چىقىدۇ.
[يىغىپ ساقلاش] ياز، كۈز پەسىللىرىدە تۇتۇپ، ئىچكى ئەزالىرىنى چىقىرىۋېتىپ ئاپتاپتا قۇرۇتۇپ، قۇرغاق جايدا ساقلىنىدۇ.
[لايىقلاشتۇرۇلۇشى] يۇيۇپ قۇرۇتۇش ئارقىلىق لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.
[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.
[خۇسۇسىيىتى] باھنى ۋە ئومۇمىي بەدەننى قۇۋۋەتلەش، پەينى، «تەبىئەت» نى قۇۋۋەتلەش، روھلاندۇرۇش خۇسۇسىيەتلىرى بار.
[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر] جىنسىي ئاجىزلىق، ئومۇمىي بەدەن ئاجىزلىقى، پەي ۋە نېرۋا ئاجىزلىقى، روھسىزلىق قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.
[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]
1. ئۈچ گىرام رىگماھىنى سوقۇپ سۇفۇپ قىلىپ ئىستېمال قىلسا، باھنى قۇۋۋەتلەيدۇ، روھلاندۇرىدۇ.
2. رىگماھى، سۆئلەپ مىسرى، شاقاقۇلدىن يەتتە گىرامدىن ئېلىپ، سۇفۇپ تەييارلاپ ئىستېمال قىلسا، جىنسىي قۇۋۋەتنى ئاشۇرىدۇ، مەنىينى تۇتىدۇ، ئاق خۇن كۆپ كېلىشنى توختىتىدۇ، ئومۇمىي بەدەننى قۇۋۋەتلەيدۇ، پۇت - قول ماغدۇرسىزلىنىشقا پايدا قىلىدۇ.
[ئىشلىتىش مىقدارى] ئۈچ گىرامغىچە.
[زىيانلىق تەسىرى] ئىسسىقچان كىشىلەرنىڭ بېشىنى ئاغرىتىدۇ.
[تۈزەتكۈچىسى] سۇت.
[ئورۇنباسارى] سەقەنقۇر
[ۋەكىل خاراكتېرلىك پىششىق دورا ياسالمىسى] لوبوبى كەبىر.
[دىققەت قىلىدىغان ئىشلار] 15 ياشتىن تۆۋەن بالىلارغا بېرىلمەيدۇ.

## يەر ياڭىقى يېغى

## 亚尔洋合克也合

## (花生 hua sheng)

[باشقا ئاتىلىشى] رەۋغىنى چىنى بادام، رەۋغىنى مونگى پەلى، خاسىڭ يېغى
[لاتىنچە نامى] oleum Arachis hypogaea
[ئىنگلىزچە نامى] oil Peanut
[تونۇش] بۇ، پۇرچاق ئائىلىسىدىكى ئۆسۈملۈك يەر ياڭىقى (خاسىڭ) نىڭ ئۇرۇقىدىن ئىبارەت بولۇپ، «يەر ياڭىقى يېغى» ياكى «خاسىڭ يېغى» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ. بۇ دەسلەپتە جۇڭگودا تېرىپ ئۆستۈرۈلگەن، كېيىن چەت ئەللەرگە تارالغانلىقى ئۈچۈن (جۇڭگو بادىمى)، خەلق ئارىسىدا يەر

ياڭىقى دەپمۇ ئاتىلىدۇ. (2.36 ـ رەسىم)

[**چىقىش ئورنى**] مەملىكىتىمىزنىڭ ھەممە جايلىرىدا تېرىپ ئۆستۈرۈلىدۇ، يەنە شەرقىي ياۋروپا، شىمالىي ئافرىقا، ھىندىستاننىڭ جەنۇبى قاتارلىقلاردىن چىقىدۇ.

[**يىغىپ ساقلاش**] كۈزنىڭ ئاخىرىدا مېۋىسىنى كولاپ ئېلىپ، پوستىنى چىقىرىۋېتىپ قۇرۇتۇلىدۇ.

[**خىمىيەلىك تەركىبى**] ئۇرۇقىدا %50 ~ %40 ئەتراپىدا مايلىق ياغ، %30 ~ %20 گىچە ئازوتلۇق ماددىلار، %21 ~ %8 كىچە كىراخمال، تالالىق ماددىلار، سۇ، كۈل ماددىسى ۋە ۋىتامىن قاتارلىق ماددىلار بار.

[**فارماكولوگىيەلىك تەسىرى**] ① قان توختىتىش تەسىرى، يەر ياڭىقى مېغىزىنى يېگەندىن كېيىن قاناشقا مايىل كېسەللىك بىلەن ئاغرىغان بىمارلاردىكى قاناش ئەھۋالىنى ياخشىلايدىغانلىقى دەسلەپتىلا مەلۇم بولغان. كېيىن مەلۇم بولۇشىچە، پەقەت A تىپلىق قاناشقا مايىل كېسەللىك بىلەن ئاغرىغۇچىلارغا ئۈنۈمى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى B تىپلىق قاناش مايىللىقى كېسەللىكى بىلەن ئاغرىغۇچىلارغا تېخىمۇ ياخشى ئۈنۈم بېرىدىغانلىقى ئېنىقلاندى. باشقا قاناشلارنىمۇ توختىتىدۇ، ئېغىر ھالدىكى قاناشقا نىسبەتەن ئۈنۈمى نىسبەتەن تۆۋەنرەك، يەر ياڭىقى مېغىزى پوستىنىڭ قاناشنى توختىتىش ئۈنۈمى يەر ياڭىقى مېغىزىنىڭ ئۆزىدىن 50 ھەسسە ئارتۇق، قورۇلغاندىن كېيىن ئۈنۈمى 20 ھەسسە تۆۋەنلەيدۇ؛ ② باشقا تەسىرى: يەر ياڭىقى مېغىزىدا ئاسان پەيدا بولىدىغان سېرىق ئېچىتقۇچى باكتېرىيە زەھىرى Aspergillus flavus جىگەر راكى پەيدا قىلىدۇ.

[**لايىقلاشتۇرۇلۇشى**] پوستىدىن ئايرىپ داغلاش، قۇرۇتۇش ئارقىلىق لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

[**تەبىئىتى**] ئىككىنچى دەرىجىدە ئىسسىق، ئۈچىنچى دەرىجىدە قۇرۇق.

[**خۇسۇسىيىتى**] باھنى ۋە ئومۇمىي بەدەننى قۇۋۋەتلەش، ئەسەبلەرنى قۇۋۋەتلەش، بەدەننى قۇرۇتۇش، مەنىي پەيدا قىلىش، ئوزۇقلۇق بولۇش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە.

[**ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر**] ئومۇمىي بەدەن ئاجىزلىقى، ئاق خۇننىڭ كۆپ كېلىشى، كۆپ ئېھتىلام بولۇش، مەنىي بالدۇر يۇرۇپ كېتىش كېسەللىكلىرىنى داۋالاشقا ئىشلىتىلىدۇ.

[**ئىشلىتىش ئۇسۇلى**]

1. يەر ياڭىقى مېغىزىنى ئادەتتە يېيىشكە ئىشلىتىپلا قالماي، بەلكى ياغ چىقىرىپ تۇرمۇشتا داۋالاشقىمۇ ئىشلىتىلىدۇ. چۈنكى ئۇنىڭ يېغى زەيتۇن يېغىنىڭ ئورنىنى باسالايدۇ، يەر ياڭىقىنىڭ بەدەنگە بېرىدىغان قۇۋۋىتى ياڭاق مېغىزىنىڭ بېرىدىغان قۇۋۋىتىدىن قېلىشمايدۇ، چۈنكى بۇنىڭ تەركىبىدە كىراخمال، فوسفور، ۋىتامىن ۋە باشقا پايدىلىق ماددىلار بار.

2. يەر ياڭىقى يېغى بىلەن تاماق ئېتىپ يېسە، ئومۇمىي بەدەننى قۇۋۋەتلەيدۇ. سەمرىتىدۇ، مەنىي بالدۇر يۇرۇپ كېتىشكە مەنپەئەت قىلىدۇ. چوڭ تەرەتنى راۋان قىلىدۇ.

[**ئىشلىتىش مىقدارى**] 10 ~ 15 مىللىلىتىرغىچە.

[**زىيانلىق تەسىرى**] ئاشقازاننى بۇزىدۇ.

[**تۈزەتكۈچىسى**] زەنجىۋىل، زىرە.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

[ئۇرۇنباسارى] بادام مېغىزى، زەيتۇن يېغى.
[ۋەكىل خاراكتېرلىك پىششىق دورا ياسالمىسى] ھەر خىل غىزائى داۋائىلار.

## سەقەنقۇر
## 赛坎库尔
## (海马 hai ma)

[باشقا ئاتىلىشى] سەقەنقۇر، روھۇ سەمھور
[لاتىنچە نامى] Hippo campus kelloggi
[ئىنگلىزچە نامى] Kelloggis Seahorse



سەقەنقۇر

[تونۇش] بۇ، سەقەنقۇر ئائىلىسىدىكى ھايۋانات سەقەنقۇرنىڭ پۈتۈن تېنىدە بولۇپ، يېرىم ئايسىمان بولىدۇ، پۈتۈن تېنى توغرىسىغا كەتكەن 11 دانە بوغۇم بولىدۇ، بېشى ئاتنىڭ بېشىغا ئوخشايدۇ، رەڭگى كۆل رەڭ، تىرىك ۋاقتىدا سارغۇچ، تەمى تۇزلۇق، غەيرىي پۇراقلىق كېلىدۇ. (36. 3 ـ رەسىم)

[چىقىش ئورنى] ئېلىمىزنىڭ دېڭىز بويى رايونلىرىدىن، شۇنىڭدەك مىسىر، ھىندىستان قاتارلىق ئەللەردىن چىقىدۇ.

[يىغىپ ساقلاش] 8 ـ، 9 ـ ئايلاردا ئەڭ كۆپ بولىدۇ، تۇتۇپ ئىچكى ئەزالىرىنى چىقىرىۋېتىپ ئاپتاپتا قۇرۇتۇپ، قۇرغاق جايدا ساقلىنىدۇ. قۇرت يېيىشتىن ساقلىنىش لازىم.

[خىمىيەلىك تەركىبى] سەقەنقۇر تېنى تەركىبىدە ناترىي، كالىي، ماگنىي، كالتسىي، تۆمۈر، مانگان قاتارلىق 12 خىل ئېلېمېنت، ئاقسىل، ماي قاتارلىقلار كۆپ خىل ئامىنو كىسلاتاسى بار، ئۇنىڭدىن باشقا ئاز مىقداردا فوسفورلۇق ماي تەركىبىمۇ بار.

[فارماكولوگىيەلىك تەسىرى] ① قان نۆكچىسى شەكىللەندۈرۈشكە قارشى تۇرۇش تەسىرى بار. ② ئىممۇنىتېت ئىقتىدارىنى كۈچەيتىدۇ. ③ قېرىشقا قارشى تۇرۇش رولىغا ئىگە. ④ ھورمۇنلۇق رولىغا ئىگە.

[لايىقلاشتۇرۇلۇشى] يۇيۇپ قۇرۇتۇش ئارقىلىق لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

[تەبىئىتى] ئۈچىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى] باھ، بۆرەك، مۇسكۇل ۋە پەيىنى قۇۋۋەتلەش، ئاغرىق پەسەيتىش، جىنسىي ئەزانى قۇۋۋەتلەش، سۈيدۈك ھەيدەش، جىنسىي ئىنتىلىشنى كۈچەيتىش، بەدەننى قۇۋۋەتلەش خۇسۇسىيەتلىرى بار.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر] پالەچ، لەقۋا، رەئىشە، باھ ئاجىزلىقى، چوڭ ـ كىچىك بوغۇم ئاغرىقى قاتارلىق كېسەللىكلەرگە ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. سەقەنقۇرنى ھەسەل ۋە ئەدەس بىلەن قاينىتىپ ياكى ئۈزۈم شەربىتى بىلەن ئىللىتىلغان تۇخۇم سېرىقى ۋە گۇلاب بىلەن بىرگە يەپ بەرسە باھنى قۇۋۋەتلەيدۇ.

2. سەقەنقۇر قېنىنى ھېلىلە، ئامىلە بىلەن قوشۇپ يېسە ئاقكېسەلگە پايدا قىلىدۇ.

3. سەقەنقۇردىن بىر جۈپ تۇتۇپ، ئوتتا قۇرۇتۇپ تالقانلاپ، ھەر كۈنى ئۈچ قېتىم، ھەر قېتىمدا بىر گىرامدىن ئېلىپ، ئىسسىتىلغان ھاراق بىلەن ئىچىپ بەرسە، باھنى قۇۋۋەتلەيدۇ، تۇغماس ئاياللارنىڭ ھامىلدار بولۇشىغا ياردەم بېرىدۇ.

5. سەقەنقۇر، سېرىقچېچەك ئۇرۇقى، ئارپىبەدىيان، لاچىندانىنىڭ ھەربىرىدىن 15 گىرام ئېلىپ چالا سوقۇپ، بىر لىتىر سۇدا قاينىتىپ، كۈندە ئىككى ۋاق يەپ بەرسە، پالەچ، لەقۋا، ئىسترخا قاتارلىقلارغا شىپا بولىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] 3 ~ 5 گىرامغىچە.

[زىيانلىق تەسىرى] كۆرۈش قۇۋۋىتىگە تەسىر يەتكۈزىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] ھەسەل

[ئورۇنباسارى] بۇقا چۈيىسى، رىگماھى.

[ۋەكىل خاراكتېرلىك پىششىق دورا ياسالمىسى] مەجۇنى سەقەنقۇر، ھەببى سەقەنقۇر.

## بۆكەن مۈڭگۈزى

## 别坎明古孜

(羚羊角 ling yang jiao)

[لاتىنچە نامى] Cornu saiga tatarica

[ئىنگلىزچە نامى] Antelope Horn

[تونۇش] بۇ، كالا ئائىلىسىدىكى ھايۋانات بۆكەننىڭ مۈڭگۈزى بولۇپ، «بۆكەن مۈڭگۈزى» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ. (4.36 ـ رەسىم)

[چىقىش ئورنى] شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى ۋە ئىچكى ئۆلكىلەردىن چىقىدۇ.

[يىغىپ ساقلاش] بۆكەننىڭ قاتقان مۈڭگۈزىنى كېسىۋېلىش ئارقىلىق ئېلىپ تازىلاپ، يىغىپ قۇرۇتۇپ تەييارلاپ ساقلىنىدۇ.

[خىمىيىلىك تەركىبى] مۈڭگۈزسىمان ماددا، ئاقسىل، كالتسىي، فوسفات، سۇدا ئېرىمەيدىغان ئانورگانىك تۇزلار بار.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com


بۆكەن مۈڭگۈزى

[فارماكولوگىيەلىك تەسىرى] قىزىتما پەسەيتىش، تىنچلاندۇرۇش ۋە چۆچۈشكە قارشى تۇرۇش، ئاغرىق پەسەيتىش تەسىرىگە ئىگە. مۈشۈك تەجرىبىسىدە، مۈشۈكنىڭ قان بېسىمىنى چۈشۈرگەن، سىلىق مۇسكۇللارنى قوزغىتىش تەسىرىگە ئىگە.

[لايىقلاشتۇرۇلۇشى] يۇمشىتىش، توغراش، قورۇتۇش ئارقىلىق لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

[تەبىئىتى] بىرىنچى دەرىجىدە قۇرۇق سوغۇق.

[خۇسۇسىيىتى] باھ ۋە جىگەرنى قۇۋۋەتلەش، ھارارەتنى پەسەيتىش، زەھەر قايتۇرۇش، تارتىششنى بوشىتىش، جىگەر خىزمىتىنى نورماللاشتۇرۇش، قان بېسىمىنى چۈشۈرۈش، سۆڭەكلەرنى مۇستەھكەملەش، نېرۋىنى قۇۋۋەتلەش، قان توختىتىش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر] ھەر خىل يۇقىرى قىزىتمىلاردا جۆيلەش، تىلى كالۋالىشىش، غالجىر كېسەللىكى، تۇتقاقلىق نېرۋا ئاجىزلىقى، تارتىشىپ قېلىش، يۇقىرى قان بېسىم كېسىلى، كۆز چېڭقىلىپ ئاغرىش، ئىچكى - تاشقى ئەزالاردىكى جاراھەتلەرنىڭ قانىشى قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. يۇقىرى قىزىتمىلىق كېسەللەردە ھوشىدىن كېتىش، جۆيلۈش، تىلى كالۋالىشىش قاتارلىقلاردا شېكەر بىلەن سۇفۇپ قىلىپ ئىچكۈزۈلىدۇ. كېزەك كېسەللىكلىرىدە بىخسۇس، كاسنە يوپۇرمىقى بىلەن ئىچكۈزۈلىدۇ.

2. كۆزنىڭ قىزىرىشى ۋە قاپاقلارنىڭ ئىششىشىغا ھەسەل بىلەن بۆكەن مۈڭگۈزى تالقىنى بىرلەشتۈرۈپ ئىچىلىدۇ، كۆيدۈرۈلگەن سۇفۇپى كۆزگە سۈركىلىدۇ.

3. سىرتقى جاراھەتلەرنىڭ قانىشىغا بۆكەن مۈڭگۈزىنى سوقۇپ تالقانلاپ ئىچىلىدۇ.

4. سۆڭەكلەرنىڭ سىرقىراپ ئاغرىشى، بوشاپ كېتىشىگە مۇۋاپىق مىقداردا سۇفۇپى ئىچىلىدۇ.

5. بۆكەن مۈڭگۈزىنى سۇفۇپى خۇنسىياۋشان بىلەن بىللە ئېزىپ جاراھەتلەرگە باسسا جاراھەتلەرنى پۈتتۈرىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] 1.5 ~ 3 گىرامغىچە.

[زىيانلىق تەسىرى] كۆڭۈلنى ئېلىشتۇرىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] تەرەنجىبىن، مېۋە شەربەتلىرى، شېكەر.

[ئورۇنباسارى] ئۆچكە مۈڭگۈزى.

[ۋەكىل خاراكتېرلىك پىششىق دورا ياسالمىسى] سۇفۇپى بۆكەن مۈڭگۈزى.

# ھەسەل

## 阿塞里

## （峰密 feng mi）

[**باشقا ئاتىلىشى**] ئەسەل، شەھەد

[**لاتىنچە نامى**] Mel Apis cerana

[**ئىنگلىزچە نامى**] Honey



ھەسەل ھەرىسى

[**تونۇش**] بۇ، ھەسەل ھەرىسى ئائىلىسىدىكى ھاشارات ھەسەل ھەرىسى ئىشلەپ چىقارغان ھەسەل قەنتىدىن ئىبارەت. (5.36 ـ رەسىم)

[**چىقىش ئورنى**] مەملىكىتىمىزنىڭ كۆپلىگەن رايونلىرىدا بېقىلىدۇ. شىنجاڭنىڭ ھەممە يېرىدىن يىغىۋالغىلى بولىدۇ. ھەسەل ھەرىسى زەھەرلىك ھەرە، چىشى ھەرە، ئەركەك ھەرە دەپ ئۈچ خىل بولىدۇ. ھەسەل ھەرىسى توپلىشىپ ياشايدىغان ھاشارات ھېسابلىنىدۇ. ھەر بىر ھەرە توپى بىر ئانا ھەرە، نەچچە يۈز ئاتا ھەرە ۋە ئون نەچچە مىڭ ئىشچى ھەرىلەردىن تەركىب تاپقان، ئانا ھەرە مۇشۇ توپ ئىچىدىكى يادرو بولۇپ، بۇ مەخسۇس تۇخۇم ئىشلەيدۇ، ئىشچى ھەرىلەر كۆپىيىش سىستېمىسى يېتىلمىگەن چىشى جىنسلىق ھەرىلەردىن ئىبارەت بولۇپ، مەخسۇس ھەسەل يىغىش، ھەسەل چىقىرىش، بالا ھەرىنى بېقىش، ئۇۋا ياساش ۋە مۇداپىئە قىلىش قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتەيدۇ.

[**يىغىپ ساقلاش**] ئەتىياز پەسلىدىن كۈز پەسلىگىچە بولغان ۋاقىتلاردا يىغىلىدۇ، ھەرە كۆنىكىدىن يىغىۋېلىنىپ ساقلىنىدۇ.

[**خىمىيەلىك تەركىبى**] ھەسەل ھەرە خىللىرى، كېلىش مەنبەسى، مۇھىتىنىڭ ئوخشاش بولمىغانلىقى سەۋەبلىك، بۇنىڭ خىمىيەۋى قۇرۇلمىسىدىكى پەرق چوڭ بولىدۇ، ئەڭ مۇھىمى خىمىيەۋى تەركىبى مېۋە قەنتى، ئۈزۈم قەنتى بولۇپ، بۇ ئىككىسىنىڭ تۇتقان مىقدارى 70% نى ئىگىلەيدۇ، يەنە ئاز مىقداردا قومۇش شېكىرى، ئارپا شىرىسى، دېكستىرىن، دەرەخ يېلىمى، ئازوتلۇق بىرىكمىلەر، ئورگانىك كىسلاتا، ئۇچۇچان ماي، پىگمېنت، موم، گۈل چېڭى دانچىسى، ئېچىتقۇ، فېرمېنت خىللىرى، ئانورگانىك كىسلاتا قاتارلىقلارنى تۇتىدۇ. ھەسەل ئادەتتە ئاز مىقداردا ۋىتامىن A، C، $B_2$، D، خولىن، نىكوتىن كىسلاتاسى، پانتوتېنىن كىسلاتا، ۋىتامىن H، فولىك كىسلاتاسى قاتارلىقلارنى تۇتىدۇ، يەنە كۆل ماددىسى تەركىبىدە ماگنىي، كالىي، كالتسىي، ناترىي، سولفۇر فوسفات قاتارلىق مەدەنلەرمۇ بار. ئورگانىك

كىسلاتا تەركىبىدە ئادەتتە لىمون كىسلاتاسى، ئالما كىسلاتاسى، كەھرىۋا كىسلاتاسى قاتارلىقلار بار، ئەمما مىقدارى ئاز.

[**فارماكولوگىيەلىك تەسىرى**] ① باكتېرىيەگە قارشى تۇرۇش تەسىرى بار؛ ② زەھەر قايتۇرۇش تەسىرى بار؛ ③ ئۇيقۇ ياخشىلاش، ئەقلىي ئىقتىدارىنى ئۆستۇرۇش، ھەرىكەت ئىقتىدارىنى ئاشۇرۇش تەسىرى بار؛ ④ يۈرەك مۇسكۇلىنى ئوزۇقلاندۇرۇش ۋە ئۇنىڭ ماددا ئالمىشىشىنى ياخشىلاش تەسىرى بار.

[**لايىقلاشتۇرۇلۇشى**] كۆپۈكىنى ئېلىش ئارقىلىق لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

[**تەبىئىتى**] يېڭىسى بىرىنچى دەرىجىدە ئىسسىق، ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق، ئازراق تۇرۇپ قالغىنى ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[**خۇسۇسىيىتى**] تۇسالغۇلارنى ئېچىش، مېڭە ھۆللۈكىنى تارتىش، پەي ـ نېرۋىلارنى قۇۋۋەتلەش، ئىششىق ياندۇرۇش، تىنچلاندۇرۇش، چىرىشكە قارشى تۇرۇش، يۆتەل توختىتىش، چوڭ تەرەتنى يۇمشىتىش، ھەزىمگە ياردەم بېرىش، قىزىتما قايتۇرۇش، قان بېسىمىنى تۆۋەنلىتىش، تېرىگە جۇلا بېرىش، بەلغەم بوشىتىش قاتارلىق خۇسۇسىيەتلەرگە ئىگە.

[**ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر**] يۈرەك، ئۆپكە، ئاشقازان، جىگەر كېسەللىكلىرى، پالەچ، لەقۋا، ئومۇمىي بەدەن ئاجىزلىقى، يۆتەل، باھ ئاجىزلىقى، قۇلۇنجى قاتارلىق كېسەللىكلەرگە ئىشلىتىلىدۇ.

[**ئىشلىتىلىش ئۇسۇلى**]

دورىلارنىڭ ئۇنۇمىنى كۈچەيتىش ۋە دورىلارنى بۇزۇلۇشتىن ساقلاش ئۈچۈن مەجۇنات ۋە ھەب دورىلارغا يېپىشتۇرغۇچى قىلىپ ئىشلىتىلىدۇ.

ھەسەلنى گۈل يېغى بىلەن قوشۇپ ئىچكۈزۈلسە سوغۇقتىن بولغان يۆتەلگە پايدا قىلىدۇ، ئەرقى بارتەڭ بىلەن ئىچكۈزۈلسە ئۈچەي كېسەللىكلىرىگە پايدا قىلىدۇ، بەدەننى باھنى قۇۋۋەتلەش ئۈچۈن سۈتكە قوشۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ. يۆتەل، دېمى سىقىلىشلاردا يەككە ياكى مۇناسىپ دورىلارنى قوشۇپ يالانچۇق قىلىنىدۇ، لەقۋا، پالەچكە مائۇلھەسەل تەييارلاپ ئىچكۈزۈلىدۇ. ئەنزىرۇت بىلەن چېپىلسا، جاراھەتلەردىكى يىرىڭ سۇلىرىنى تارتىدۇ، يارا ئورنىدىكى گۆشلەرنى يوقىتىدۇ، نۇشادىرى بىلەن چېپىلسا بەرەس، بەھەقنى ساقايتىدۇ. ئەنزىرۇت ياكى تاشتۇز بىلەن قۇلاققا تېمىتسا، قۇلاقنىڭ تۈرلۈك كېسەللىكلىرىنى داۋالايدۇ، قۇلاقنىڭ يىرىڭلىرىنى توختىتىدۇ.

[**ئىشلىتىش مىقدارى**] 24 ~ 48 گىرامغىچە.

[**زىيانلىق تەسىرى**] ئىسسىق مىزاجلىقلاردا باش ئاغرىقى، ئۇسسۇزلۇق پەيدا قىلىدۇ، كونىراپ رەڭگى قارىيىپ، سولىشىپ قۇرۇپ ئېچىپ قالغىنى خىلتلارنى كۆيدۈرۈپ، مېڭىنى ئاجىزلاشتۇرۇپ، ھەر خىل كېسەللىكلەرگە دۇچار قىلىپ، يامان ئاقىۋەتلەرنى كەلتۈرۈشى مۇمكىن. شۇڭا ياخشىسىنى ئىشلىتىش كېرەك.

[**تۈزەتكۈچىسى**] ئانار سۈيى، لىمون سۈيى، ئوترۇج سۈيى، سىركە، يۇمغاقسۈت سۈيى.

[**ئورۇنباسارى**] ئۈزۈم قىيامى، قاينىتىلمىغان خورما.

[**ۋەكىل خاراكتېرلىك پىششىق دورا ياسالمىسى**] مائۇلھەسەل، مەجۇنى دورىلار.

# پەنىرمايە

# 帕尼尔玛亚

## （初乳　chu ru）

[باشقا ئاتىلىشى] ئەنفۇخە، پەنىرمايە، چەستە

[لاتىنچە نامى] Firstcolostrum

[ئىنگلىزچە نامى] first milk



تۆگە

[تونۇش] بۇ، تۆگە ئائىلىسىدىكى هايۋانات قوش لوكىلىق تۆگە، كالا ئائىلىسىدىكى هايۋانات كالا، توشقان ئائىلىسىدىكى هايۋانات بىر نەچچە خىل توشقانلارنىڭ يېڭى تۇغۇلغان بالىسىنىڭ قېرىنىدىن ئېلىنغان ئوغۇز سۈتـ-دىن ئىبارەت بولۇپ، بۇ شىپالىق دورىنىڭ رەڭگى بۇ دورا ئېلىنغان هايۋاناتقا قاراپ هەر خىل بولىدۇ، بەزىلىرى سېرىق رەڭلىك، بەزىلىرى ئاق رەڭلىك، بەزىلىرى قايماق رەڭلىك، يەنە بەزىلىرى تۇخۇم سېرىقى رەڭلىك بولىدۇ، تېخى بەزىلىرى شورلۇق بولىدۇ. (6.36 ـ رەسىم)

[يىغىپ ساقلاش] هاجەت بولغاندا هايۋانلارنىڭ تۇغۇلغان بالىسىنىڭ شۇ كۈنى ئۆلتۈرۈپ ياكى تۇغۇلۇشىغا يېقىن ئانىسىنىڭ قورسىقىنى يېرىپ بالىسىنى ئېلىپ ئۆلتۈرۈپ، يىغىۋېلىپ قۇرۇتۇلىدۇ.

[خىمىيەلىك تەركىبى] ئاقسىل، ياغدىن ئىبارەت.

[لايىقلاشتۇرۇلۇشى] يۇيۇش، قۇرۇتۇش ئارقىلىق لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى] مېڭە، بۆرەك، باھ، پەي، ئاشقازان ۋە يۈرەكنى قۇۋۋەتلەش، سۈت ۋە مەنىي كۆپەيـ-تىش، ئىچ سۈرۈشنى، بۇرنىدىن كەلگەن قاننى ۋە بالىياتقۇدىن كېلىدىغان ئارتۇق هۆللۈكلەرنى قۇرۇ-تۇش، زەهەر قايتۇرۇش، ئوزۇقلۇق تولۇقلاش، قاننى جانلاندۇرۇش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر] كىچىك بالىلاردىكى تۇتقاقلىق كېسىلى، بۆرەك، بەدەن سوۋۇپ كېتىش، باھ ئاجىزلىقى، مەنىي بالدۇر يېرىپ كېتىش، ئەزالارنىڭ قېتىپ قېلىشى، بالىياتقۇ بوغۇلۇش، يۈرەك ئاجىزلىقى، قورساق ئاغرىقى، ئىچ سۈرۈش، ئۈچەيدىكى جاراهەتلەر، تەپ كېسەللىكى، بۇرۇن قاناش، بالىياتقۇدىن كۆپ خۇن كېلىش قاتارلىق كېسەللىكلەرگە ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. پەنىرمايىدىن بىر گىرامنى مۇۋاپىق مىقداردىكى سىركە، هەسەل بىلەن قوشۇپ ئىچسە، غەيرىي تەبىئىي بەلغەم خىلتىدىن بولغان تۇتقاقلىق كېسەلگە مەنپەئەت قىلىدۇ.

2. پەنىرمايىدىن بىر گىرامنى مۇۋاپىق مىقداردىكى رەيھان شەربىتى بىلەن هەيزدىن كېيىن ئىچسە، ئاياللارنىڭ تۇتقاقلىق كېسەللىكىگە مەنپەئەت قىلىدۇ.

تۇغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

3. پەنىرمايىنى ئېزىپ سۈيۈلدۈرۈپ، بۇرۇن تۆشۈكىگە تېمىتسا، بۇرۇن قاناشقا مەنپەئەت قىلىدۇ.
[ئىشلىتىش مىقدارى] 0.8 ~ 1 گىرامغىچە.
[زىيانلىق تەسىرى] پىننە، كەتىرا.
[تۈزەتكۈچىسى] زىرە
[ئورۇنباسارى] زىرىق، ھەسەل.
[ۋەكىل خاراكتېرلىك پىششىق دورا ياسالمىسى] لوبوبى كەبىر، لوبوبى سەغىر.
[دىققەت قىلىدىغان ئىشلار] ئارتۇق ئىستېمال قىلسا ئاشقازان - ئۈچەيگە زەرەر قىلىدۇ.

## توشقانقۇلاق

## 托西砍库拉克

## (兔耳草 tu er cao)

[باشقا ئاتىلىشى] توشقانقۇلاق چۆپى
[لاتىنچە نامى] Herba Lagotis becumbens
[ئىنگلىزچە نامى] Common Lagotis Root
[تونۇش] بۇ، چۇقا ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك ياتما توشقانقۇلاق ئۆسۈملۈكىدىن ئىبارەت بولۇپ، ئۇنىڭ گۈل كاسىسى تۆتكە ياكى بەشكە يېرىلىدۇ. يوپۇرمىقى پۇتۇنلەي غولدا بولىدۇ، مېۋىسى غۇزمەك بولىدۇ، گۈل تاجىسىنىڭ قىسقا نەيچىسى بولۇپ، ئۇرۇقى سىلىق بولىدۇ. بۇ ئۆسۈملۈكنىڭ پۈتۈن چۆپى «توشقانقۇلاق» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ. (7.36 - رەسىم)
[چىقىش ئورنى] شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئېگىز تاغلىرىدىن ۋە ئوتلاقلاردىن چىقىدۇ.
[يىغىپ ساقلاش] بۇ ئۆسۈملۈكنىڭ دورىلىق قىسمىنى كۈز پەسلىدە يىغىپ قۇرۇتۇپ، قۇرغاق ئورۇندا ساقلىنىدۇ.
[تەبىئىتى] بىرىنچى دەرىجىدە ھۆل ئىسسىق.
[خۇسۇسىيىتى] باھنى ۋە ئومۇمىي بەدەننى قۇۋۋەتلەش، سۈيدۈك ھەيدەش خۇسۇسىيىتى بار.
[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر] باھ ۋە بەدەن ئاجىزلىقى، سۈيدۈك تۇتۇلۇش قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.
[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]
1. توشقانقۇلاقتىن 10 گىرام، ئاقىرقەرھادىن سەككىز گىرام، سۆئلەپتىن 10 گىرام، شاقاقۇلدىن بەش گىرام ئېلىپ، قائىدە بويىچە سۇفۇپ قىلىپ ئىچسە، باھنى ۋە ئومۇمىي بەدەننى قۇۋۋەتلەيدۇ.
2. توشقانقۇلاقتىن 10 گىرام، تاۋۇز ئۇرۇقى، قوغۇن ئۇرۇقى، ئوغرىتىكەننىڭ ھەربىرىدىن 15 گىرام ئېلىپ، سۇفۇپ قىلىپ ئىچسە، سۈيدۈكنى راۋانلاشتۇرىدۇ.
[ئىشلىتىش مىقدارى] 4 ~ 12 گىرامغىچە.
[زىيانلىق تەسىرى] ئاشقازانغا زىيان قىلىدۇ.

[تۆزەتكۈچىسى] پىننە، زىرە.
[ئورۇنباسارى] شاقاقۇل.
[ۋەكىل خاراكتېرلىك پىششىق دورا ياسالمىسى] ھالۋائى بادام.

## مالىنا

## 马里那

## (覆盆子 fu pen zi)

[باشقا ئاتىلىشى] مالىنا مېۋىسى
[لاتىنچە نامى] Fructus Rubus indaeus
[ئىنگلىزچە نامى] Palmate RasPberry Fruit
[تونۇش] بۇ، ئەتىرگۈل ئائىلىسىدىكى يوپۇرماق تاشلايدىغان چاتقال ئۆسۈملۈك مالىنا بولۇپ، بۇ ئۆسۈملۈكنىڭ مېۋىسى «مالىنا» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ.
[چىقىش ئورنى] تاغلىق رايونلاردىكى ئوتلاقلاردا، چاتقاللىقلاردا ئۆسىدۇ. ئالتاي ۋە تەڭرىتاغلىرىدىن چىقىدۇ.
[يىغىپ ساقلاش] بۇ ئۆسۈملۈكنىڭ مېۋىسى پىشقاندىن كېيىن، قۇرۇتۇپ ئورۇقنى يىغىۋېلىپ، پاكىز تازىلاپ، قۇرۇق ھەم سالقىن جايدا ساقلىنىدۇ.
[خىمىيەلىك تەركىبى] يوپۇرمىقى ئورگانىك كىسلاتالار، قەنتلەر ۋە ۋىتامىن C دىن تەركىب تاپقان.
[فارماكولوگىيەلىك تەسىرى] ھايۋاناتلارنى كۆيلىتىش تەسىرى بار.
[لايىقلاشتۇرۇلۇشى] يۇيۇپ توغراش، قۇرۇتۇش ئارقىلىق لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.
[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.
[خۇسۇسىيىتى] باھنى ۋە بۆرەكنى قۇۋۋەتلەش، مەنىينى تۇتۇش، كۆزنى روشەنلەشتۈرۈش، سۈيدۈكنىڭ قېتىم سانىنى ئازايتىش خۇسۇسىيىتى بار.
[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر] باھ ئاجىزلىقى، ياشانغانلاردىكى بەدەن ئاجىزلىقى، سۈيدۈك تامچىلاش، بالىلاردىكى سىيىپ يېتىش، كۆرۈش كۈچى ئاجىزلىقى قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.
[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]
1. مالىنا، كەتىرا 20 گىرامدىن، قانتېپەر، ياچىۋەك تۇخۇمى 12 گىرامدىن، بۇغا مۈڭگۈزى قالدۇقى، شاقاقۇلنىڭ ھەربىرىدىن 20 گىرام ئېلىپ قوشۇپ قاينىتىپ ئىچسە، باھ ئاجىزلىقى، ياشانغانلاردىكى بەدەن ئاجىزلىقى، سۈيدۈك تۇتالماسلىققا مەنپەئەت قىلىدۇ.
2. مالىنا، ياچىۋەك تۇخۇمى، نېلۇپەر ئاتىلىقى قاتارلىقلارنىڭ ھەربىرىدىن 10 گىرام ئېلىپ قوشۇپ قاينىتىپ ئىچكۈزسە، بالىلاردىكى سىيىپ يېتىش كېسىلىگە مەنپەئەت قىلىدۇ.
3. سۆئىلەپ، بۇغا مۈڭگۈزى، مالىنانىڭ ھەربىرىدىن 10 گىرام ئېلىپ، قائىدە بويىچە سوقۇپ،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

تۇخۇم سېرىقىغا ئارىلاشتۇرۇپ يېسە بۆرەكنى قۇۋۋەتلەيدۇ.
[ئىشلىتىش مىقدارى] 6 ~ 12 گىرامغىچە.
[زىيانلىق تەسىرى] تالغا قۇرۇقلۇق يەتكۈزىدۇ.
[تۈزەتكۈچىسى] سىركەنجىۋىل.
[ئورۇنباسارى] سەۋزە ئۇرۇقى.
[ۋەكىل خاراكتېرلىك پىششىق دورا ياسالمىسى] مالىنا قايىنتىلمىسى.

## سەمەكتۇس سەيدا
## 萨玛克土斯赛达
(蛇蚧 she jia)

[باشقا ئاتىلىشى] تۈبۈك بېلىقى
[لاتىنچە نامى] Gecko
[ئىنگلىزچە نامى] Giant Gecko
[تونۇش] بۇ، بىر تۈرلۈك بېلىق بولۇپ، ئەرەبىستاننىڭ «تۈبۈك» دېگەن سەھراسىدىكى بۇلاقلاردىن چىقىدۇ، شەكلى كىچىك كېلەر ۋە پاتمىچۇققا ئوخشايدۇ، بۇنىڭ قول - پۇت ۋە تىرناقلىرى بار، ئەركەكنىڭ بېشى كىچىك، ئورۇق، ئۇزۇن، تۆۋەن ئېڭىكىنىڭ تېگىدە سىزىق ۋە مەڭلىرى بولىدۇ، ئەركەك ۋە چىشىسىنىڭ ئايرىمىسى تىرىك چاغدا مەلۇم بولىدۇ، ئۆلگەندىن كېيىن ئوخشاش بولۇپ قالىدۇ. (8.36 - رەسىم)
[چىقىش ئورنى] ئەرەبىستاننىڭ تۈبۈك دېگەن يېرىدىن چىقىدۇ.
[يىغىپ ساقلاش] بۇ بېلىقنى تۇتقاندىن كېيىن ئىچكى ئەزالىرىنى چىقىرىۋېتىپ ئاپتاپتا قۇرۇتۇپ، قۇرغاق جايدا ساقلىنىدۇ.
[لايىقلاشتۇرۇلۇشى] يۇيۇپ قۇرۇتۇپ ساپلاشتۇرۇلىدۇ.
[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.
[خۇسۇسىيىتى] باھنى قوزغاش ۋە قۇۋۋەتلەش خۇسۇسىيىتى بار.
[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر] باھ ئاجىزلىقى ئۈچۈن كۆپ ئىشلىتىلىدۇ.
[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]
1. سەمەكتۇس سەيدادىن بىر گىرام ئېلىپ، تۇخۇمنىڭ سېرىقى ياكى چۈجە تۇخۇمىنىڭ شورپىسى بىلەن ئىچسە، باھنى كۈچەيتىدۇ.
2. سەمەكتۇس سەيدادىن ئىككى گىرامنى ئېزىپ، بىرئاز زەبىب شەربىتى بىلەن قوشۇپ تاماقتىن كېيىن ئىچىپ ئۇخلىسا، باھنى قوزغايدۇ، ئاياللارغا چىشىسى، ئەرلەرگە ئەركىكى تەسىر قىلىدۇ.
[ئىشلىتىش مىقدارى] كىچىك باللارغا بېرىلمەيدۇ، چوڭلارغا 1~2 گىرامغىچە بېرىلىدۇ.
[زىيانلىق تەسىرى] كۆرۈش قۇۋۋىتىگە تەسىر يەتكۈزىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] ھەسەل.
[ئورۇنباسارى] بۇقا چۈيىسى.
[ۋەكىل خاراكتېرلىك پىششىق دورا ياسالمىسى] سەمەكتۇس سەيدا تالقىنى.

## غاز تۇخۇمى
## 哈孜吐胡米
## （鹅蛋 e dan）

[باشقا ئاتىلىشى] مۇرغابىكى ئەندا
[لاتىنچە نامى] Ova Ansi domestica
[ئىنگلىزچە نامى] eg gof goose



غاز تۇخۇمى

[تونۇش] ئۆردەكىنىڭ بىر خىلى بولغان غازنىڭ تۇخۇمى بولۇپ، شەكلى ئۆردەك تۇخۇمىدىن چوڭراق بولىدۇ (9.36 ـ رەسىم).
[چىقىش ئورنى] شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ھەممە جايلىرىدىن چىقىدۇ.
[يىغىپ ساقلاش] غازنىڭ تۇخۇمىنى يىغىۋېلىپ، سالقىن جايدا ساقلىنىدۇ، چېقىلىپ كەتمەسلىكىنىڭ ئالدىنى ئېلىش كېرەك.
[لايىقلاشتۇرۇلۇشى] پوستىدىن ئاجرىتىش، توغراش، قورۇتۇش ئارقىلىق لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.
[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىنىڭ ئاخىرىدا قۇرۇق ئىسسىق.
[خۇسۇسىيىتى] بەدەننى، باھنى ۋە «تەبىئەت» نى قۇۋۋەتلەش خۇسۇسىيىتى بار.
[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر] ئومۇمىي بەدەن ھەم باھ ئاجىزلىقىغا ئىشلىتىلىدۇ.
[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]
1. غاز تۇخۇمىنى ئىللىتىپ، ئاقىرقەرھا بىلەن قوشۇپ ئىچىپ بەرسە، باھ ئاجىزلىقىغا شىپا بولىدۇ.
2. غاز تۇخۇمىنى ئىللىتىپ، سۆئىلەپ مىسرى بىلەن قوشۇپ ئىچسە، ئومۇمىي بەدەن ئاجىزلىقىغا مەنپەئەت قىلىدۇ.
[ئىشلىتىش مىقدارى] يېرىم داندىن بىر دانىغىچە.
[زىيانلىق تەسىرى] ئۆتكە زىيان قىلىدۇ.
[تۈزەتكۈچىسى] كاسىنە ئۇرۇقى.
[ئورۇنباسارى] كەپتەر تۇخۇمى.
[ۋەكىل خاراكتېرلىك پىششىق دورا ياسالمىسى] ھالۋائى سۆئىلەپ.

www.uyghurkitap.com

# غاز گۆشى
## 哈孜古西
(鹅肉 e rou)

[باشقا ئاتىلىشى] مۇرغابىلى كۆشت

[لاتىنچە نامى] musculus Anser domestica

[ئىنگلىزچە نامى] meat of goose



غاز

[تونۇش] بۇ، ئۆردەكنىڭ بىر خىلى بولۇپ، چوڭلۇقى ئادەتتىكى ئۆردەكتىن چوڭراق بولىدۇ، ئۇ تولىراق سۇدا ياشايدۇ. بۇ ئىككى خىل بولۇپ، بىرى كۆندۈرۈپ ئۆيدە بېقىلىدىغىنى بولۇپ، بۇنىڭ رەڭگى ئاق، تۇمشۇقى سېرىق بولىدۇ، يەنە بىرى ياۋا هالدا ياشايدىغىنى بولۇپ، ئۇنىڭ رەڭگى بوز، ئاق، كۆل رەڭلەردە كېلىدۇ. غازنىڭ قان تومۇرلۇق قانتى دورا ئورنىدا ئىشلىتىلىدۇ. باللارنىڭ تۇتقاقلىق كېسىلىنى داۋالاش زەھەرلىك ئوقيا ئوقىنىڭ زەھىرىنى قايتۇرۇش، يامان جاراھەتلەرنىڭ بەدەنگە بەرگەن زەھىرىنى قايتۇرۇش، هامىلدار بولۇشنى چەكلەشكە، ھەر خىل ئىششىق، مىس پۇل ۋە ئىلمەكلەرنى يۇتۇۋېلىش قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ. بۇ جەھەتتە كۆپىنچە باشقا دورىلار بىلەن غاز قانتىنىڭ كۆلى قوشۇپ ئىشلىتىلىدۇ. (10.36 ـ رەسىم)

[چىقىش ئورنى] شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ھەممە يەرلىرىدىن چىقىدۇ.

[يىغىپ ساقلاش] بۇ قۇشنى بوغۇزلاپ، تۈكلىرىنى پاكىز يۇڭداپ، ئوت بىلەن چالاپ، ئىچكى ئەزالىرىنى ئايرىپ تازىلاپ، سوغۇق جايدا ساقلىنىدۇ.

[تەبىئىتى] بىرىنچى دەرىجىدە ھۆل ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى] باھنى ۋە بەدەننى قۇۋۋەتلەش، يەل ھەيدەش ۋە ئىششىق ياندۇرۇش، ئاغرىق پەسەيتىش، توسالغۇلارنى ئېچىش خۇسۇسىيىتى بار.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر] باھ ئاجىزلىقى، يەلدىن بولغان كېسەللىكلەر، ئىچ سۈرۈش، قورساققا سۇ چۈشۈش، چوڭ بوغۇم ئاغرىقى قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. غاز گۆشىنى مۇۋاپىق مىقداردىكى سۇدا 15 گىرام بەدىيان بىلەن قاينىتىپ پىشۇرۇپ، گۆشىنى يەپ، سۈيىنى ئىچسە، يەلدىن بولغان كېسەللىكلەرگە مەنپەئەت قىلىدۇ.

2. غاز گۆشىنى ئوتقا قاقلاپ ياخشى پىشۇرۇپ، كۈندە مۇۋاپىق مىقداردا يەپ بەرسە، قورساققا سۇ چۈشۈشكە مەنپەئەت قىلىدۇ.

3. غاز گۆشى، كەپتەر گۆشى، كەكلىك گۆشى، قىرغاۋۇل گۆشى قاتارلىقلارنىڭ ھەر بىرىدىن

10 گىرام ئېلىپ، قائىدە بويىچە مائۇللەھمى تەييارلاپ بەرسە، چوڭ بوغۇملار ئاغرىقى، ئۇششاق بوغۇملار ئاغرىقى قاتارلىقلارغا مەنپەئەت قىلىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] ئەھۋالغا قاراپ 30 ~ 100 گىرامغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

[زىيانلىق تەسىرى] ھەزىمنى بۇزىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] قارىمۇچ، زىرە.

[ئورۇنباسارى] ئۆردەك گۆشى.

[ۋەكىل خاراكتېرلىك پىششىق دورا ياسالمىسى] ئەرقى مائۇللەھمى.

[قوشۇمچە] ئېيتىلىشلارغا قارىغاندا، غاز قانىتىدىن بىر چاڭگالنى ساپال قاچىغا سېلىپ ئوتتا كۆيدۇرۇپ، ئۇنىڭ كۈلىنى چاي بىلەن قايناتىپ، ھەيزدىن كېيىن ئىچسە، بىر ئۆمۈر بالا تۇغمايدىكەن.

## جىگدە چېچىكى

## 吉格德且其克

(沙枣花 sha zao hua)

[باشقا ئاتىلىشى] زەھرۇل غۇبەير، گۇل خوپ دانە، سەنجىد كى پول

[لاتىنچە نامى] Flos Elaeagnus angustifolia

[ئىنگلىزچە نامى] Russian oleaster Fruit


جىگدە دەرىخى

[تونۇش] بۇ، جىگدە دەرىخىنىڭ گۈلى بولۇپ، خۇش پۇراقلىق چېچەكتۇر. گۈلى ۋارونكا شەكلىدە بولۇپ، سىرتقى يۈزى كۈمۈش رەڭلىك، ئىچى سېرىق رەڭلىك، تەمى تاتلىق. (11.36 ـ رەسىم)

[چىقىش ئورنى] شىنجاڭنىڭ ھەممە يېرىدىن چىقىدۇ.

[يىغىپ ساقلاش] ئەتىياز، كۈز پەسلىدە گۈلى ئېچىلغاندا ئۈزۈپ قۇرۇتۇلىدۇ.

[خىمىيىلىك تەركىبى] ئۇچۇچان ماي 0.2% ~ 0.4% كىچە، كەمفخرول قاتارلىق مايلار بار.

[لايىقلاشتۇرۇلۇشى] قۇرۇتۇپ ساپلاشتۇرۇلىدۇ.

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى] مېڭىنى قۇۋۋەتلەش، مەنىينى قوزغاش، يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر] ھەر خىل مېڭە كېسەللىكلىرى، كۆكرەك ئاغرىقلىرى، ھاسىراش، دېمى سىقىلىش، ئۆپكە جاراھەتلىرىگە مەنپەئەت قىلىدۇ. ئاشقازاننى قۇۋۋەتلەيدۇ. باھنى قۇۋۋەتلەيدۇ. جىگەر

www.uyghurkitap.com

ۋە تالنىڭ تومالغۇلىرىنى ئاچىدۇ. يەللەرنى تارقىتىدۇ، بەزگەك كېسىلى، تالنىڭ بۇزۇلغىنىغا مەنپەئەت قىلىدۇ. ئادەتتە شەربەت قىلىپ ئىچىشكە بېرىلىدۇ، سوقۇپ خېمىر قىلىپ جاراھەتلەرگە تاڭسا پايدا قىلىدۇ، ھۆلى بولمىسا قۇرۇقىنى ئىشلىتىشكە بولىدۇ. قايىنتىپ يېغىنى چىقىرىشقا بولىدۇ، مۇپاسىل، پەي سۇسلاپ كېتىش ھەم چاچنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن ياغلىنىدۇ، گۈلىدىن چىقىرىلغان ئەرەق مەيدىدىكى يەللەرنى ھەيدەيدۇ. يەنە جىگدە بىلەن ئوخشاش ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. جىگدە گۈلىدىن ئەرەق تارتىپ بەرسە، كۆڭۈلگە خۇشلۇق يەتكۈزىدۇ.

2. جىگدە گۈلىدىن گۈلقەنت تەييارلاپ ئىستېمال قىلسا، باھ، بۆرەك ۋە مېڭىنى قۇۋۋەتلەيدۇ.

3. قېرىقىز ئۇرۇقى، يالپۇز، يۇلغۇندىن 13 گىرامدىن، جىگدە گۈلىدىن تۆت گىرام ئېلىپ قايىنتىپ ئىچسە، يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] 1 ~ 4 گىرامغىچە، يېشى ۋە ئەھۋالىغا قاراپ ئىشلىتىلىدۇ.

[زىيانلىق تەسىرى] ئىسسىقچان كىشىلەرنىڭ بېشىنى ئاغرىتىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] بىنەپشە، نىلۇپەر.

[ئورۇنباسارى] جىگدە.

[ۋەكىل خاراكتېرلىك پىششىق دورا ياسالمىسى] جىگدە گۈلقەنتى.

[دىققەت قىلىدىغان ئىشلار] بۇنى بويىغا يەتكەن قىزلارغا پۇراتماسلىق كېرەك.

## بۇقا چۈيىسى

## 布卡曲衣斯

## （牛鞭　niu bian）



بۇقا چۈيىسى

[باشقا ئاتىلىشى] قىزبول بەقەر، قەزىبى گاۋ

[لاتىنچە نامى] Penis et Testis Bovis

[ئىنگلىزچە نامى] Ox penis and Testes

[تونۇش] بۇ، كالا ئائىلىسىدىكى ھايۋانات كالىنىڭ زەكىرىدىن ئىبارەت. «بۇقا چۈيىسى»، «قەزىبى گاۋ»، «بۇقا چۈۋقى» قاتارلىق ناملاردا ئاتىلىدۇ. رەڭگى سېرىقتا مايىل قوڭۇر ياكى قىزغۇچ قوڭۇر رەڭدە، بىرئاز بەتبۇي پۇراقتا كېلىدۇ. (12.36 ـ رەسىم)

[چىقىش ئورنى] مەملىكىتىمىزنىڭ ئىچكى موڭغۇل، خېبېي، سەنشى، جىياڭشى، چىڭخەي، جۇملىدىن شىنجاڭدىن چىقىدۇ. ياۋروپا، ئاسىيالاردىمۇ چىقىدۇ.

[يىغىپ ساقلاش] كالىنى سويۇپ كېسىپ ئېلىپ قۇرۇتۇلىدۇ.

[خىمىيىلىك تەركىبى] كۆپ خىل ئامىنو كىسلاتاسى، خولېستېرىن، تەسترون،

ئىستىرەدىيول قاتارلىقلار بار.

[فارماكولوگىيەلىك تەسىرى] ① كۆپىيىش سىستېمىسىغا بولغان تەسىرى: چاشقان تەجرىبىسىدە، بۇقا چۆيىسىدىن ئايرىپ ئېلىنغان ماددا مەزى بېزىنىڭ ئېغىرلىقىنى ئاشۇرغان؛ ② قېرىشنى كېچىكتۈرۈش تەسىرى بار؛ ③ تاجسىمان يۈرەك كېسىلى، يۈرەك مۇسكۇل تىقىلمىسىغا قارشى تەسىرى بار؛ ④ بالدۇر ھامىلىدار بولۇشقا قارشى تەسىرى بار.

[لايىقلاشتۇرۇلۇشى] يۇيۇپ توغراش، قۇرۇتۇش ئارقىلىق لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

[تەبىئىتى] ئۈچىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى] باھنى قوزغىتىش، بۆرەكنى قۇۋۋەتلەش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر] باھ ئاجىزلىقى، بۆرەك زەئىپلىكى، چىقىق كېسەللىكلىرىگە ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. ئاقىرقەرھا، سۆئلەپ، شاقاقۇل، پەنىرمايە قاتارلىقلارنىڭ ھەربىرىدىن 10 گىرام ئېلىپ، 300 گىرام ھەسەل بىلەن بىرگە قائىدە بويىچە مەجۇن تەييارلاپ بەرسە، باھ ئاجىزلىقى، بۆرەك زەئىپلىكى، چىقىق قاتارلىقلارغا مەنپەئەت قىلىدۇ.

2. بۇقا چۆيىسى، نارجىل، پىستە مېغىزىنىڭ ھەربىرىدىن 20 گىرام، سۆئلەپتىن 10 گىرام ئېلىپ، قائىدە بويىچە سۇفۇپ تەييارلاپ ئىچسە، بۆرەك ۋە باھ ئاجىزلىقىغا مەنپەئەت قىلىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] 30 ～ 60 گىرامغىچە.

[زىيانلىق تەسىرى] تەستە ھەزىم بولىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] پىننە.

[ئورۇنباسارى] سەقەنقۇر، رىگماھى.

[ۋەكىل خاراكتېرلىق پىششىق دورا ياسالمىسى] لوبوبى سېغىر، لوبوبى كەبىر، مەجۇنى سۆئلەپ جەۋھىرى مۇقەۋۋى باھ.

## قارا چېكەتكە

## 卡热其开提卡

## (蟋蟀 xi shuai)

[باشقا ئاتىلىشى] قۇرۇق قارا چېكەتكە

[لاتىنچە نامى] Gryllus chinesis

[ئىنگلىزچە نامى] Cricket

[تونۇش] بۇ ھەممىگە تونۇش بولغان مەشھۇر ھاشارات قارا چېكەتكە بولۇپ، تۇتۇپ قايناق سۇغا بېسىپ، ئاپتاپتا قۇرۇتۇپ، خام ياكى قورۇپ تەييارلانغان تېنى «قارا چېكەتكە» نامدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ. (13.36 ـ رەسىم)

[چىقىش ئورنى] شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ھەممە يەرلىرىدىن تېپىلىدۇ.

www.uyghurkitap.com



قارا چېكەتكە

[يىغىپ ساقلاش] 8 ـ، 9 ـ ئايلاردا ئەڭ كۆپ بولىدۇ، تۇتۇلغاندىن كېيىن ئاپتاپتا قۇرۇتۇپ، قۇرغاق جايدا ساقلىنىدۇ.

[خىمىيىلىك تەركىبى بىلەن فارماكولوگىيەلىك تەسىرى] قارا چېكەتكىنىڭ قىزىتما قايتۇرۇش تەركىبى بولۇپ، گىرىپىرىن (Grypyrin) دەپ ئاتىلىدۇ، بۇ تەركىبنىڭ قان تومۇرلارنى كېڭەيتىش، قان بېسىمىنى چۈشۈرۈش تەسىرى بار.

[لايىقلاشتۇرۇلۇشى] قورۇش، قۇرۇتۇش ئارقىلىق لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى] باھنى قۇۋۋەتلەش، غەيرىي تەبىئىي بەلغەم خىلتىنى ۋە ھۆل سوغۇق كەيپىياتنى تەڭشەش، نەپەسنى راۋانلاشتۇرۇش، نەپەس يوللىرىنى تازىلاش، سۈيدۈك ھەيدەش، قان تازىلاش خۇسۇسىيىتى بار.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر] باھ ئاجىزلىقى، قورساقتا سۇ چۈشۈش، جوزام، بوۋاسىر، دەم سىقىلىش، نەپەس قىيىنلىشىش، سۈيدۈك تۇتۇلۇش، سۆگەل، قارا داغ، قوتۇر قاتارلىقلارغا مەنپەئەت قىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. قارا چېكەتكىدىن بەش دانە ئېلىپ سۇدا قاينىتىپ ئىچسە، قورساقتا سۇ چۈشۈشكە مەنپەئەت قىلىدۇ.

2. قارا چېكەتكىدىن 12 دانە ئېلىپ، باش، پۇت ـ قوللىرىنى كېسىپ تاشلاپ، ئۈچ گىرام قۇرۇق قېرىنقۇلاق بىلەن ئېزىپ ئىچسە، قورساق سۈيىنى تارقىتىدۇ.

3. قارا چېكەتكىنى كۆيدۈرۈپ، تۇتۇننى بەدەنگە ئالسا، بوۋاسىرغا مەنپەئەت قىلىدۇ.

4. قارا چېكەتكىنىڭ پۇت ـ قوللىرىنى ئېزىپ بەدەنگە چاپسا، سۆگەل، قارا داغ قاتارلىقلارغا مەنپەئەت قىلىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] 2 ～ 6 دانىغىچە.

[زىيانلىق تەسىرى] تېنى ئاجىزلارغا ۋە ھامىلىدار ئاياللارغا بېرىشكە بولمايدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] سىركەنجىۋىل، تەلۋە ئانار.

[ۋەكىل خاراكتېرلىك پىششىق دورا ياسالمىسى] قارا چېكەتكە قاينىتىلمىسى.

[قوشۇمچە] چېكەتكىنىڭ جۇڭيى تېبابىتىدە ئىشلىتىلىشى: تەبىئىتى قۇرۇق، مۆتىدىل، ئازراق زەھەرلىك. يۆتەل، باللاردىكى كۆكيۆتەل، دۈيلۈنۈپ كېتىش، قاتما، سۇنۇق جاراھەتلىرى، ئۇششۇك، ئەسۋە سىرتقا تەپمەسلىك قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ، ئەڭ مۇھىمى ئۆپكە سىلى، كەم قانلىق ۋە مەددە كېسەللىكلىرىنى داۋالاشقا ئىشلىتىلىدۇ. ئۆپكە سىلىنى داۋالاش ئۈچۈن چېكەتكىنى تۇتۇپ، پۇت ـ قوللىرىنى كېسىپ تاشلاپ ياغ بىلەن قورۇپ، مەلۇم مىزگىل يەپ بېرىش كېرەك. بۇ خىل ئۇسۇلدا

تەييارلانغان چېكەتكە تۇغۇتتىن كېيىنكى كەم قانلىق، بالىلارنىڭ مەددە كېسەلىدىن ئورۇقلاپ كېتىش، ئۇزۇقلىنىش ناچارلىقتىن ئاجىزلاپ كېتىش ئەھۋاللىرىغا ئوبدان پايدا قىلىدۇ. قەدىمكى كىتابلاردا يېزىلىشىچە، قاتما كېسەلىنى چېكەتكە بىلەن داۋالاش مۇمكىن، بۇنىڭ ئۈچۈن شەبنەم چۈشكەندىن كېيىن شاللىق ۋە باشقا ئېتىزلىقلاردىن سېرىق باشلىق چېكەتكىنى تۇتۇپ، خالتىغا سېلىپ قۇرۇتۇلىدۇ (نەملەشمەسلىككە، قۇرت چۈشمەسلىككە دىققەت قىلىش شەرت)، ئاندىن كېيىن ئۇنىڭدىن ئون نەچچە دانىنى ساپال قاچىغا سېلىپ چوغ ئۈستىدە قۇرۇتۇپ، هاراق بىلەن ئىچكۈزۈش لازىم. بالىلارنىڭ تۇتقاقلىق كېسىلى (دۆيلۈنۈش) نى داۋالاش ئۈچۈن ساپال قاچىدا قۇرۇتۇپ، تالقانلاپ شېكەر قوشۇپ ئىچكۈزۈلسە، ياخشى پايدا قىلىدۇ. قۇرۇتۇلغان چېكەتكىنى سوقۇپ كۈنجۈت يېغى بىلەن قوشۇپ بەدەنگە چاپسا، ئۈششۈك يارىسىغا پايدا قىلىدۇ. قىزىلدىكى قورساق كۆپۈش ۋە باشقا ئارامسىزلىقلاردا ئالتە دانە چېكەتكىنى قاينىتىپ سۈيى ئىچكۈزۈلسە، تېز ئارام بېرىدۇ.

قورۇپ پىشۇرۇلغىنىنى تالقانلاپ تاماققا سېلىپ ئىستېمال قىلسا بولىۋېرىدۇ، مىقدارغا چەكلەنمەيدۇ، لېكىن مۇۋاپىق ئىستېمال قىلىش كېرەك. چېكەتكە ئۆپكە سىلى بىلەن ئاغرىغانلارغا ۋە ئاجىزلاپ كەتكەن ئادەمگە ياخشى ئوزۇقلۇق بولىدۇ.

## هەببى قەلقەل
## 艾则卡勒卡勒
### (倒地铃子 dao di ling zi)


هەببى قەلقەل

[**باشقا ئاتىلىشى**] هەببى قەهتەل، هەببۇل قەلقەل

[**تونۇش**] بۇ، قەلقەل ئائىلىسىدىكى ئۆسۈملۈك هەببى قەلقەلنىڭ مېۋىسى بولۇپ، كىچىكرەك نوقۇت چوڭلۇقىدا، شەكلى سوقىچاقراق يۇمىلاق، بىر تەرىپى ئاق، بىر تەرىپى قارا رەڭدە، تەمى بىرئاز ئاچچىق، پۇرىقى سۇس. (36. 13 ـ رەسىم)

[**چىقىش ئورنى**] ئىران ۋە ھىندىستاندىن چىقىدۇ.

[**يىغىپ ساقلاش**] بۇ ئۆسۈملۈكنىڭ مېۋىسى پىشقاندىن كېيىن يىغىۋېلىپ، قۇرۇتۇپ پاكىز تازىلاپ، قۇرۇق ھەم سالقىن جايدا ساقلىنىدۇ.

[**تەبىئىتى**] ئىككىنچى دەرىجىدە ھۆل ئىسسىق.

[**خۇسۇسىيىتى**] باهنى قۇۋۋەتلەش، سۈت ۋە مەنىي كۆپەيتىش، بەدەننى سەمىرتىش خۇسۇسىيەتلىرى بار.

[**ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر**] باھ ئاجىزلىق، سۈت ۋە مەنىي كەملىك، بەدەن ئاجىزلىق قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

www.uyghurkitap.com

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. 10 گىرام ھەببى قەلقەلنى سوقۇپ، 500 مىللىلىتىر سۈت بىلەن بىرگە ئىستېمال قىلسا، باھنى قۇۋۋەتلەيدۇ، بەدەننى سەمرىتىدۇ.

2. ھەببى قەلقەل، بادام مېغىزى، چىلغوزا مېغىزى قاتارلىق دورىلاردىن 10 گىرامدىن ئېلىپ تالقانلاپ يېسە، سۈت ۋە مەنىي كۆپەيتىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] 7 ~ 12 گىرامغىچە.

[زىيانلىق تەسىرى] تەستە ھەزىم بولىدۇ، باش ئاغرىقىنى پەيدا قىلىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] پىننە، ئارپىبەدىيان (شېكەر، سىركەنجىۋىلنى سارغايتىپ ئىشلەتسە ئەكس تەسىرى يوقايدۇ).

[ئورۇنباسارى] ھەببى زەلەم، ھەببى سەنۇبەر، چىلغوزا.

[ۋەكىل خاراكتېرلىك پىششىق دورا ياسالمىسى] لوبوبى كەبىر.

## چەشمىخورۇس

## 且西密胡加斯

(相思豆 xiang si dou)

[باشقا ئاتىلىشى] ئەينى دىيىك، سۇرۇخ چەشمە خورۇس، مەرۋايىت باش يوپۇرماق

[لاتىنچە نامى] Semen Abrus Precatori eus

[ئىنگلىزچە نامى] Coralhead plant Seed



چەشمىخورۇس

[تونۇش] بۇ، پۇرچاق ئائىلىسىدىكى يۈگەشمە پىلەكلىك ئۆسۈملۈك چەشمىخورۇسنىڭ مېۋىسى بولۇپ، پىشقاندا يىغىۋېلىنىپ، قۇرۇتۇلغاندىن كېيىن ئېلىۋېلىنغان ئۇرۇقىدىن ئىبارەت. «ئەينىددىك» ياكى «چەشمىمۇرۇس» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ. رەڭگى قىزىل، كۆپ قىسمى ئاق رەڭدە بولۇپ، خورازنىڭ كۆزىگە ئوخشايدۇ، تەمى قېرىق بولۇپ، پۇرىقى پۇرچاققا ئوخشايدۇ، تولۇق يېتىلگەنلىرى ياخشى ھېسابلىنىدۇ. (15.36 ـ رەسىم)

[چىقىش ئورنى] شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدىن ۋە ئېلىمىزنىڭ گۇاڭدۇڭ، گۇاڭشى قاتارلىق يەرلىرىدىن چىقىدۇ.

[يىغىش ساقلاش] بۇ ئۆسۈملۈكنىڭ مېۋىسى پىشقاندىن كېيىن، قۇرۇتۇپ ئۇرۇقىنى يىغىۋېلىپ، پاكىز تازىلاپ، قۇرۇق ھەم سالقىن جايدا ساقلىنىدۇ.

[خىمىيەلىك تەركىبى] ئابرىن (abrine)، ئابرالىن (abraline)، ھىپاپورىن (Hypaphorine)، مېتىل

ئېستىر، پىرىكاتورىن (Precatorine)، خولىن (cholie)، تىرلگونېللىن (Trigonellinc) ۋە كۆپ خىل ئامىنو كىسلاتاسى بار.

[**فارماكولوگىيەلىك تەسىرى**] ئەينىددىكى زەھەرلىك ئاقسىلى (abrine) نىڭ تەسىرى، خۇسۇسىيىتى ئابدىملىك زەھەرلىك ئاقسىلى (Ricin) بىلەن ئوخشايدۇ.

بۇ ئۇسۇملۇك مەنبەلىك زەھەرلىك ئاقسىلغا تەۋە ھۇجەيرە زەھىرى بولۇپ، بۇنىڭدىن زەھەرلىنىش ئالامەتلىرى ئابدىملىك زەھەرلىك ئاقسىلى بىلەن ئوخشاش، تېمپېراتۇرا ئاۋۋال ئۆرلەپ، كېيىن تۆۋەنلەپ كېتىدۇ. سۇيەدۇكتە ئاقسىل كۆرۈنۈش، RBC كاللەكلىشىش، قان ئېرىپ كېتىش، توقۇلما ـ ھۇجەيرىلەر ئۆلۈش، شىرىلىك پەردىدە چېكىتسىمان قاناش، لىمفا بەزلىرى چوڭىيىش، تال چوڭىيىپ كېتىش يۈز بېرىدۇ. بۇ زەھەرلىك ئاقسىلنىڭ ئاتقا نىسبەتەن زەھىرى كۈچلۈك، ئۇرۇقىنىڭ كىسلاتالىق ئېرىتمىسى ئالتۇن رەڭلىك ئۈزۈمسىمان شارچە باكتېرىيەسى، چوڭ ئۈچەي تاياقچە باكتېرىيەسى، بەزى كېسەللىك پەيدا قىلغۇچى تېرە زەمبۇرۇغلىرىنىڭ ئۆسۈشىنى توسىدۇ. ئۇنىڭ سۇدا ئېرىيدىغان ئاقسىل قىسمى راكقا قارشى تۇرىدۇ.

[**لايىقلاشتۇرۇلۇشى**] سالايە قىلىش، قورۇتۇش ئارقىلىق لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

[**تەبىئىتى**] ئۈچىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[**خۇسۇسىيىتى**] باھنى قۇۋۋەتلەش، زەھەر قايتۇرۇش، قۇرت ئۆلتۈرۈش، غەيرىي تەبىئىي بەلغەم خىلتىنى تەڭشەش، ئىششىق ياندۇرۇش، تېرىنى قىزارتىش، كۆرۈش كۈچىنى ئاشۇرۇش خۇسۇسىيىتى بار.

[**ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر**] باھ ئاجىزلىقى، ھەر خىل ئىششىقلار، ھۆل تەمرەتكە، گۆرەن بەز ياللۇغى، بەرەس، بەھەق، داغ، كۆرۈش كۈچى ئاجىزلاش قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[**ئىشلىتىش ئۇسۇلى**]

1. چەشمىخۇرۇستىن ئۈچ گىرام، سۇرمىدىن 10 گىرام، ئېپاردىن 0.5 گىرام ئېلىپ، ئايرىم ـ ئايرىم سالايە قىلىپ كۆزگە تارتسا، كۆرۈش قۇۋۋىتىنى ئاشۇرىدۇ.

2. بادام مېغىزى، شاقاقۇل، سۆئلەپ بەش گىرامدىن، چەشمىخۇرۇستىن ئۈچ گىرام ئېلىپ، سۇفۇپ قىلىپ ئىچىپ بەرسە باھنى قۇۋۋەتلەيدۇ.

3. قىچىدىن 10 گىرام، سامساقتىن يەتتە گىرام، سىياداندىن 10 گىرام، چەشمىخۇرۇستىن ئۈچ گىرام، زەيتۇن يېغىدىن 15 گىرام ئېلىپ مەلھەم تەييارلاپ يەرلىك ئورۇنغا تاڭسا، بەرەس، بەھەقلەرگە شىپا بولىدۇ.

[**ئىشلىتىش مىقدارى**] 2 ～ 3 گىرامغىچە.

[**زىيانلىق تەسىرى**] ئىسسىق مىزاج كىشىلەردە باش ئاغرىقى پەيدا قىلىدۇ.

[**تۈزەتكۈچىسى**] تەرەنجىبىن، كۆك يۇمغاقسۇت.

[**ئورۇنباسارى**] بۇنىڭ قىزىلى بىلەن ئېقى بىر ـ بىرىگە ئورۇنباسار بولالايدۇ.

[**ۋەكىل خاراكتېرلىك پىششىق دورا ياسالمىسى**] مەلھەمى چەشمىخۇرۇس.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورىكتىبى

# شاقاقۇل مىسرى

## 沙卡库力

## (欧玉竹 ou yu zhu)

[**باشقا ئاتىلىشى**] شاقاقۇل، ئەشقاقۇل، جەزەر دەشتى، گۆزەر دەشتى

[**لاتىنچە نامى**] Rhizoma polygonatum officinalis

[**ئىنگلىزچە نامى**] Sealwort drug Dolomonseal



شاقاقۇل مىسرى

[**تونۇش**] بۇ، گۈلسامساق ئائىلىسىدىكى ئېگىزلىكى 30 ~ 60 سانتىمېتىرغىچە ئۆسىدىغان، كۆپ يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك مىسىر شاقاقۇلىنىڭ يىلتىزسىمان غولى بولۇپ، يىلتىز غولى توغرىسىغا ئۆسىدۇ، سۇس سارغۇچ ئاق رەڭلىك، گۆشلۈك، غولى تىك، بىر تال، سىلىق تۈكسىمان، قىرلىق كېلىدۇ، ئازراق پۇرىقى بار. تەمى سەل تاتلىق، شىلىمشىق، چاپلاشقاق، ئۇزۇنلۇقى 5 ~ 15 سانتىمېتىر ئەتراپىدا، توملۇقى كىچىك بارماقچىلىك، بوغۇملۇق يىلتىزىدىن ئىبارەت. (16.36 ـ رەسىم)

[**چىقىش ئورنى**] مەملىكىتىمىزنىڭ شىمالىي رايونلىرىدىن چىقىدۇ ھەمدە ئوتتۇرا ئاسىيا، ئىران، مىسىر قاتارلىق چەت ئەللەردىن چىقىدۇ. بۇ ئۆسۈملۈكنىڭ يىلتىزسىمان غولى دورا سۈپىتىدە ئىشلىتىلىدۇ.

[**يىغىپ ساقلاش**] ئەتىياز ۋە كۈز پەسلىدە كولاپ ئېلىپ، غول ـ يوپۇرمىقى ۋە چاچما يىلتىزلىرىنى ئېلىۋېتىپ، سىرتىدىكى يېپىشقاق سۈيۇقلۇق تۈگىگىچە سايىدا قۇرۇتۇلىدۇ.

[**خىمىيەلىك تەركىبى**] يىلتىزسىمان غولىدا كونۋاللامارىن (Convallamarin) كونۋاللارىن (Convallarin) قاتارلىق يۈرەكنى قۇۋۋەتلىگۈچى گلۇكوزىد بار، يەنە كامفېرول (Kaepferol) گلۇكوزىدى، فلاۋون تورىدىكىلەر، ۋىتامىن A، شىلىمشىق ماددىلارنى تۇتىدۇ.

[**فارماكولوگىيەلىك تەسىرى**] كونۋاللامارىننىڭ روشەن ھالدىكى يۈرەكنى قۇۋۋەتلەش تەسىرى بار، شىلىمشىق ماددا تۇتقانلىقى ئۈچۈن بۇنىڭ كاناي ياللۇغىغا ئۈنۈمى ياخشى، كاناي شىللىق پەردىسىنى ئاسراش رولى بار ھەمدە يۆتەلنى ئازايتىدۇ.

[**لايىقلاشتۇرۇلۇشى**] يۇيۇپ توغراش، قۇرۇتۇش ئارقىلىق لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

[**تەبىئىتى**] ئىككىنچى دەرىجىدە ھۆل ئىسسىق.

[**خۇسۇسىيىتى**] بەدەننى ۋە باھنى قۇۋۋەتلەش، مەنىي پەيدا قىلىش ۋە قويۇلدۇرۇش، سۈت پەيدا قىلىش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە.

**[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر]** باھ ئاجىزلىقى، كۆپ ئېھتىلام بولۇش، مەنىي بالدۇر يۇرۇپ كېتىش، سۈت كەملىك، ئاشقازان ۋە بۆرەك سوۋۇپ كېتىش قاتارلىق كېسەللىكلەرگە ئىشلىتىلىدۇ.

**[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]**

1. شاقاقۇل مىسرىنى ھەسەل بىلەن مۇراببا قىلىپ ئىشلەتسە، نېرۋا ۋە بارلىق ئەزالارنى قۇۋۋەتلەيدۇ، بولۇپمۇ باھنى قۇۋۋەتلەپ، مەنىي كۆپەيتىدۇ.

2. بەش گىرام شاقاقۇل سۇفۇپىنى سۈت بىلەن ئىستېمال قىلسا، سۈت كۆپەيتىدۇ، چىلاپ ئىستېمال قىلسا، دىيابېت كېسەللىكىگە مەنپەئەت قىلىدۇ. ئۇزاق مۇددەت ئىشلىتىپ بەرسە چىرايىنى گۈزەللەشتۈرىدۇ.

3. شاقاقۇل، پىستە مېغىزى 10 گىرامدىن، پىندۇق مېغىزىدىن 30 گىرام، نارجىل مېغىزىدىن يەتتە گىرام، تۇخۇم سېرىقىدىن ئۈچ دانە ئېلىپ، قائىدە بويىچە سوقۇپ، تۇخۇم سېرىقى بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ يېسە، سۈت ۋە مەنىي كۆپەيتىدۇ، بۆرەك ۋە بەدەننى قۇۋۋەتلەيدۇ.

**[ئىشلىتىش مىقدارى]** 3 ~ 5 گىرامغىچە.

**[زىيانلىق تەسىرى]** باشنى ئاغرىتىدۇ، ئىشتىھانى تۆۋەنلىتىدۇ، ئۆپكىگە قۇرۇقلۇق يەتكۈزىدۇ.

**[تۈزەتكۈچىسى]** ھەسەل، كەتىرا.

**[ئورۇنباسارى]** بوزىدان، ھەببى سەنۇبەر، چىلغوزا.

**[ۋەكىل خاراكتېرلىك پىششىق دورا ياسالمىسى]** لوبوبى كەبىر، جاۋارىش ئەنبەر.

## يىڭنىبېلىق

## 荣尼比力克

## (**海龙** hai long)

**[باشقا ئاتىلىشى]** يىڭنىبېلىق تېنى

**[لاتىنچە نامى]** Syngnathus

**[ئىنگلىزچە نامى]** Pipefish

**[تونۇش]** بۇ، يىڭنىبېلىق ئائىلىسىدىكى ھايۋان يىڭنىبېلىقنىڭ پۈتۈن تېنىدىن ئىبارەت. (36.17 - رەسىم)

**[چىقىش ئورنى]** دېڭىز بويى رايونلىرىدىن چىقىدۇ.

**[يىغىپ ساقلاش]** بۇ بېلىقنى تۇتقاندىن كېيىن، ئىچكى ئەزالارنى چىقىرىۋېتىپ ئاپتاپتا قۇرۇتۇپ، قۇرغاق جايدا ساقلىنىدۇ.

**[خىمىيەلىك تەركىبى]** خولېستېرىن، خولېستېنونلارنى تۇتىدۇ. مايدا ئېرىشچان قىسمىدا ئەركىن ماي كىسلاتالىرىدىن جويۇز كىسلاتاسى، پالمېتىك كىسلاتاسى ۋە ستېئارىك كىسلاتا قاتارلىقلار بار.

**[فارماكولوگىيەلىك تەسىرى]**

1. ھايۋاناتلارنىڭ تەندىن ئايرىلغان بالىياتقۇسىنى قوزغىتىش، قىسقىرىش كۈچىنى ئاشۇرۇش، چاشقاننىڭ ئىسپېرمىسىنى كۆپەيتىش ۋە ئىسپېرمىنىڭ ئەي بولۇش نىسبىتىنى ئاشۇرۇش تەسىرى بار.

www.uyghurkitap.com

2. چاشقاننىڭ تۆش بېزىنىڭ ئېغىرلىقىنى ئاشۇرۇپ، ئاق قان ھۈجەيرىسىنى كۆپەيتىدۇ.

3. ئادەمنىڭ بالىياتقۇ بويىنى ھۈجەيرە غولى، ئۆپكە راكى ۋە تۆز ئۈچەي راك ھۈجەيرىلىرىگە قارىتا ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە تورمۇزلاش تەسىرىگە ئىگە.

[لايىقلاشتۇرۇلۇشى] ساپلاشتۇرۇش، قۇرۇتۇش ئارقىلىق لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى] باھ، بۆرەك ۋە جىگەرنى قۇۋۋەتلەش، ئۆسمە ھۈجەيرىسىنى تورمۇزلاش، ئىششىق ياندۇرۇش خۇسۇسىيىتى بار.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر] جىنسىي ئاجىزلىق، بۆرەك ۋە جىگەر ئاجىزلىقى، ھەر خىل ئۆسمە، ئىششىق، قان سوۋۇپ كېتىش، ماغدۇرسىزلىق قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى] يىڭنىبېلىقنى چايان بىلەن مۇۋاپىق مىقداردا ئېلىپ سۇفۇپ تەييارلاپ، قىزىق چاي بىلەن ئىچىپ بەرسە، بۆرەكنى قۇۋۋەتلەيدۇ. ئۆسمە ھۈجەيرىسىنى تورمۇزلايدۇ، ئەرقى بەدىيان بىلەن ئىستېمال قىلسا، ئىششىق ياندۇرىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] 5~9 گىرامغىچە.

[زىيانلىق تەسىرى] ھامىلىدار ئاياللار ئىشلىتىشكە بولمايدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] سۈت.

[ئورۇنباسارى] سەقەنقۇر.

[ۋەكىل خاراكتېرلىك پىششىق دورا ياسالمىسى] سۇفۇپى چايان.

## تاشپاقا گۆشى

## 塔西帕克古西

(乌龟肉 wu gui rou)

[باشقا ئاتىلىشى] لەھمى سەلھپات، گۆشتى سەنگى يەشپە، كەچۈۋا كاگوشتى

[ئىنگلىزچە نامى] Central Asian Portoise



تاشپاقا

[تونۇش] بۇ، دەريا ـ دېڭىزلاردا ياشايدىغان سۇ جانىۋىرى بولۇپ، ئۇنىڭ رەڭگى ئاقۇچ مايىل قىزىل، گۆشىنىڭ تەمى بەتتەم بولىدۇ. (36. 16 ـ رەسىم)

[چىقىش ئورنى] شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن ۋە مەملىكىتىمىزنىڭ ھەممە يېرىدىن چىقىدۇ.

[يىغىش ساقلاش] بۇ جانىۋارنى تۇتۇۋېلىپ، ئۆلتۈرۈپ، ئىچىنى پاكىز ئېلىۋېتىپ گۆشىنى سال-

قىن جايدا ساقلىنىدۇ.

[لايىقلاشتۇرۇلۇشى] پاكىز ساپلاشتۇرۇپ لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە ئىسسىق، بىرىنچى دەرىجىدە ھۆل.

[خۇسۇسىيىتى] ئومۇمىي بەدەننى، باھ ۋە بۆرەكنى قۇۋۋەتلەش، ھەيز كۆپ كېلىشنى توختىتىش، يەل تارقىتىش، ياللۇغ قايتۇرۇش خۇسۇسىيەتلىرىگە ئىگە.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر] ئومۇمىي بەدەن، بۆرەك، باھ ئاجىزلىقى، ھەيز كۆپ كېلىش، چىقىق، سەرئى، تەشەننۇج، بوغما، ئۇرۇقدان ياللۇغى، ئاق خۇن كۆپ كېلىش، بالىلاردىكى بەدەن ئاجىزلىق قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. تاشپاقا گۆشىنى كاۋاپ قىلىپ يېسە، ھەيز كۆپ كېلىشنى توختىتىدۇ.

2. تاشپاقا گۆشىنى ئۇد سەلىپ، شاقاقۇللار بىلەن قاينىتىپ ئىچىپ بەرسە، سەرئى ۋە تەشەننۇجقا مەنپەئەت قىلىدۇ.

3. تاشپاقا گۆشىنى ئىتئۈزۈمى ئەرقى، بەديان ئەرقى بىلەن قوشۇپ يېسە، ئۇرۇقدان ياللۇغقا مەنپەئەت قىلىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] ئەھۋالغا قاراپ 30 ~ 60 گىرامغىچە.

[زىيانلىق تەسىرى] ئۇچەيدە غولدۇرلاش پەيدا قىلىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] رۇمبەدىيان، ھەسەل.

[ئورۇنباسارى] قىسقۇچپاقا گۆشى.

[ۋەكىل خاراكتېرلىك پىششىق دورا ياسالمىسى] مائۇللەھمى.

## قوتاز ئوغۇز سۇتى

## 扩塔孜欧乎孜苏提

(毛牛初乳 mao niu chu ru)



قوتاز

[باشقا ئاتىلىشى] لەبەنۇلپەنىرجامۇس، پىنىس كى پەنىر

[تونۇش] بۇ سۇت ئەمگۈچى ھايۋانلارنىڭ سۇت بېزى ھايۋان بالىسىنىڭ دەسلەپكى كۈنلىرىدىكى ئېھتىياجى ئۈچۈن ئىشلەپچىقارغان ئالاھىدە ئوزۇقلۇق قىممىتىگە ئىگە قۇرۇق سۇت قېتىشمىسىدىن ئىبارەت بولۇپ، قوتاز بالىسى يېڭى تۇغۇلغاندا ئۇنى ئۆلتۈرگەندىن كېيىن ئۇنىڭ ئاشقازىنىدىن ئېلىنىدىغان سۇت قېتىشمىلىرىدىن ھاسىل بولۇپ چىققان جەۋھىرىنى كۆرستىدۇ.

[چىقىش ئورنى] قوتاز ئوغۇز سۇتىنى پاكىز ئېلىپ، سالقىن جايدا ساقلىنىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

[يىغىپ ساقلاش] شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن ۋە شىزاڭ، چىڭخەي قاتارلىق جايلاردىن كۆپ چىقىدۇ.

[لايىقلاشتۇرۇلۇشى] پاكىز ئېلىپ قۇرۇتۇپ ساپلاشتۇرۇلىدۇ.

[تەبىئىتى] بىرىنچى دەرىجىدە ھۆل ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى] باھنى قۇۋۋەتلەش، بەدەننى سەمرىتىپ، نەپسنى راۋانلاشتۇرۇش، دەم سىقىلىشنى يوقىتىش قاتارلىق خۇسۇسىيەتلىرى بار.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر] باھ ئاجىزلىقى، بەدەن ئاجىزلىقى، دەم سىقىلىش، نەپەس قىيىنلىشىش قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى] قوتاز ئوغۇز سۈتىنى سۈت، شېكەر، ھەسەل، قايماق قاتارلىقلار بىلەن ئىچسىمۇ ياكى پىششىق دورىلار رېتسېپلىرىدىكى دورىلار قاتارىدا، دورىلارغا كۆرسەتمە بويىچە سېلىپ ئىستېمال قىلسىمۇ، بەدەننى قۇۋۋەتلەپ سەمرىتىدۇ، باھ ئاجىزلىقى، نەپەس سىقىلىش قاتارلىقلارغا شىپا بولىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] ئەھۋالغا قاراپ 1 ~ 3 گىرامغىچە.

[زىيانلىق تەسىرى] تەستە ھەزىم بولىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] ھەسەل.

[ئورۇنباسارى] كالا ئوغۇز سۈتى.

[ۋەكىل خاراكتېرلىك پىششىق دورا ياسالمىسى] لوبوبى كەبىر، لوبوبى سەغىر.

## چامغۇر ئۇرۇقى

## 查木古尔欧如合

(芜菁子 wu jing zi)


چامغۇر

[باشقا ئاتىلىشى] بەزرۇل شەلجەم، تۇخۇمى شەلغەم، شەلغەمكى بىج

[تونۇش] بۇ كىرېست گۈللۈكلەر ئائىلىسىدىكى ئىككى يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك چامغۇرنىڭ ئۇرۇقى بولۇپ، ياۋا قىچا چوڭلۇقىدا، رەڭگى قىزىل ۋە بىرئاز توپا رەڭدە كېلىدۇ. ئۇ «چامغۇر ئۇرۇقى» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ. (19.36 ـ رەسىم)

[چىقىش ئورنى] شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا تېرىپ ئۆستۈرۈلىدۇ.

[يىغىپ ساقلاش] ئۇرۇقى پىشقاندا ئۇرۇقى ئايرىپ ئېلىنىپ، قۇرغاق، سالقىن جايدا ساقلىنىدۇ.

[خىمىيەلىك تەركىبى] ئاقسىل، ماي، قەنت، كىراخمال، خولىن، مىنېرال ماددىلار، ۋىتامىن PP، ۋىتامىن $B_{12}$، ۋىتامىن $B_1$، ۋىتامىن A قاتارلىق ماددىلار بار.

[فارماكولوگىيەلىك تەسىرى] كۆكرەكنى بوشىتىپ، ئىشتىھانى ئاچىدۇ، سۈيدۈك ھەيدەپ، زەھەرنى قايتۇرۇش تەسىرى بار.
[لايىقلاشتۇرۇلۇشى] يۇيۇپ قۇرۇتۇش ئارقىلىق لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.
[تەبىئىتى] بىرىنچى دەرىجىدە ھۆل ئىسسىق.
[خۇسۇسىيىتى] جىگەر، بۆرەك، ئۆپكە، باھ ۋە بەدەننى قۇۋۋەتلەش، تېرىنى گۈزەللەشتۈرۈش، سۈيدۈكنى راۋانلاشتۇرۇش، ئىچ سۈرۈشنى توختىتىش، كۆرۈش قۇۋۋىتىنى ئاشۇرۇش، جىنسىي ھەۋەسنى قوزغاش قاتارلىق خۇسۇسىيىتى بار.
[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر] جىگەر، ئۆپكە، بۆرەك، باھ ۋە بەدەن ئاجىزلىقى، قارا داغ، قۇرۇق سوغۇقتىن بولغان كېسەللىكلەر، سۈيدۈك تۇتۇلۇش، ئىچ سۈرۈش، كۆرۈش قۇۋۋىتى ئاجىزلىشىش قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.
[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]
1. چامغۇر ئۇرۇقى يەتتە گىرام، زاغۇن ئۇرۇقى، ئاقىرقەرھادىن 10 گىرامدىن، تۇخۇم سېرىقىدىن 10 دانە ئېلىپ، قائىدە بويىچە يۇمشاق سوقۇپ سۇفۇپ تەييارلاپ، كۈندە ئۈچ قېتىم، ھەر قېتىمدا ئالتە گىرامدىن ئىچىپ بەرسە، بۆرەك ۋە باھ ئاجىزلىقىغا مەنپەئەت قىلىدۇ.
2. چامغۇر ئۇرۇقىنى يۇمشاق سوقۇپ، زەيتۇن يېغى بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ مەلھەم قىلىپ، يۈزگە چاپسا، داغ ۋە قۇرۇقنى يوقىتىدۇ.
[ئىشلىتىش مىقدارى] 6 ~ 9 گىرامغىچە.
[زىيانلىق تەسىرى] يەل پەيدا قىلىدۇ، ئىسسىق مىزاج كىشىلەرنىڭ بېشىنى ئاغرىتىدۇ.
[تۈزەتكۈچىسى] سىركەنجىۋىل، ئەينۇلا.
[ئورۇنباسارى] سەۋزە ئۇرۇقى.
[ۋەكىل خاراكتېرلىك پىششىق دورا ياسالمىسى] لوبوبى كەبىر، ھالۋائى بەيزە، مەجۇنى مۇبەھھى.

## ئۆردەك گۆشى

## 欧热达克古西

## (鸭子肉 ya zi rou)

[باشقا ئاتىلىشى] لەھمۇل بەتىخ، گۆشت بەتىخ، بەتىخ كاگوشت
[تونۇش] بۇ ھەممىگە تونۇشلۇق بولغان سۇدا ياشايدىغان مەشھۇر ئۇچار قۇش بولۇپ، ھەر خىل رەڭدە بولىدۇ، ئۇنىڭ گۆشى ئاقىقا مايىل قىزىل رەڭدە، تەمى تۇزلۇق، پۇرىقى بەتبۇي بولىدۇ. (36.20 ـ رەسىم)
[چىقىش ئورنى] شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن چىقىدۇ.
[يىغىپ ساقلاش] بۇ ئۇچار قۇشنى ئېلىپ سويۇپ، پەيلىرىنى يۇلدۇۋېتىپ گۆشىنى ئايرىپ، سالقىن جايدا

ساقلىنىدۇ.

[لايىقلاشتۇرۇلۇشى] ساپلاشتۇرۇپ لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە ئىسسىق، بىرىنچى دەرىجىدە قۇرۇق.



ئۆردەك گۆشى

[خۇسۇسىيىتى] باھنى ۋە بەدەننى قۇۋۋەتلەش، يەل ھەيدەش، مەنىي كۆپەيتىش، بەدەننى سەمرىتىش، مۇدۇر - چاقىلارنى يوقىتىش قاتارلىق خۇسۇسىيىتى بار.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر] باھ ۋە بەدەن ئاجىزلىقى، ھەر خىل سەۋەبلەردىن بولغان مۇدۇر - چاقا قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى] ئۆردەك گۆشىنى كاۋاپ قىلىش ياكى باھنى، بەدەننى قۇۋۋەتلىگۈچى، مەنىي كۆپەيتكۈچى دورىلار بىلەن قوشۇپ ئىستېمال قىلىپ بەرسە، شۇ خىل كېسەللىكلەرگە ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] ئەھۋالغا قاراپ 30 ～ 100 گىرامغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

[زىيانلىق تەسىرى] ئىسسىق مىزاجلىق كىشىلەردە باش ئاغرىقى پەيدا قىلىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] قېتىق، پىياز.

[ئورۇنباسارى] پاختەك گۆشى.

[ۋەكىل خاراكتېرلىك ياسالمىسى] ئۆردەك كاۋىپى.

## قوتاز گۆشى

## 库塔孜古西

(毛牛柔 mao niu rou)

[باشقا ئاتىلىشى] لەھمۇل جامۇش، گۆشتى گاۋمىش، بىنىس كاگوشتى

[تونۇش] بۇ ھەممىگە تونۇشلۇق بولغان ھايۋان قوتاز گۆشى بولۇپ، بۇ خىل گۆشنىڭ رەڭگى ئادەتتە قارامتۇل قىزىل، تەمى تۈزلۇق بولىدۇ. (36. 21 ـ رەسىم)



قوتاز گۆشى

[چىقىش ئورنى] شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن ھەم چىڭخەي، شىزاڭ تاغلىق رايونلىرىدىن چىقىدۇ.

[يىغىپ ساقلاش] بۇ ھايۋاننى بوغۇزلاپ، ئىچكى ئاجرالمىلارنى ئېلىۋېتىپ، گۆشنى ئايرىپ ئېلىپ، سوغۇق، سالقىن جايدا ساقلىنىدۇ.

[خىمىيەلىك تەركىبى] ئاقسىل، ماي، ۋىتامىن $B_1$، $B_2$، C، P، تانىنن، قەنت، كالتسىي، فوسفور، تۆمۈر قاتارلىقلار بار.

[لايىقلاشتۇرۇلۇشى] قۇرۇتۇش ئارقىلىق ساپلاشتۇرۇلىدۇ.

[تەبىئىتى] بىرىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى] باھ، بۆرەك ۋە بەدەننى قۇۋۋەتلەش، ئۆتكۈر سەۋدا خىلتىنى تەڭشەش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر] بۆرەك ۋە بەدەن ئاجىزلىقى، تۇرلۇك سەۋەبلەردىن بولغان ماغدۇرسىز-لىق، قان ئازلىق قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى] قوتاز گۆشىنى يالغۇز ھالەتتە كاۋاپ ياكى باشقا ئۇسۇللار بىلەن پىشۇرۇپ ئىستې-مال قىلىپ بەرسە، بەدەن ئاجىزلىقىدىن بولغان ھەر خىل كېسەللىكلەرگە شىپا بولىدۇ. بۆرەك، مېڭىنى قۇۋۋەتلىگۈچى ياكى غەيرىي تەبىئىي خىلتلارنى تەڭشىگۈچى دورىلار بىلەن ئىستېمال قىلىپ بەرسە، شۇ خىل كېسەللىكلەرگە مەنپەئەت قىلىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] ئەھۋالغا قاراپ 30 ~ 100 گىرامغىچە.

[زىيانلىق تەسىرى] ئىسسىق يەل پەيدا قىلىدۇ، قورساقنى ئېسىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] قېتىق.

[ئورۇنباسارى] كالا گۆشى.

[ۋەكىل خاراكتېرلىك ياسالمىسى] قوتاز كاۋىپى.

## ياۋا ئۆردەك گۆشى
## 亚瓦欧热达克古西
(野鸭子肉 ye ya zi rou)

[باشقا ئاتىلىشى] لەھمى راھانى، ھەنىس كا گوشتى

[تونۇش] بۇ بىر خىل سۇدا ياشايدىغان ياۋا قۇش ئۆردەك بولۇپ، گۆشىنىڭ رەڭگى قىزىل، تەمى تۇزلۇق بولىدۇ، ياۋا ئۆردەكنىڭ بويىنى ئادەتتىكى ئۆردەكتىن ئۇزۇن، ئەمما غازنىڭ بويىنىدىن قىسقا بولىدۇ. ئادەتتە بۇ قۇشنىڭ گۆشى دورىلىققا ئىشلىتىلىدۇ. (36.22 ـ رەسىم)

[چىقىش ئورنى] شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ھەرقايسى جايلىرىنىڭ تاغلىق جاڭگاللىقلىرىدىكى سۇ بويلىرىدىن چىقىدۇ.

[يىغىپ ساقلاش] بۇ قۇشنى سويۇپ، قارنىنى يېرىپ، ئىچكى ئاجراتمىلىرىنى ئېلىۋېتىپ، گۆشىنى ئايرىپ ئېلىپ، سوغۇق، سالقىن جايدا ساقلىنىدۇ.

[لايىقلاشتۇرۇلۇشى] ساپلاشتۇرۇپ لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە ھۆل ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى] ئومۇمىي بەدەننى قۇۋۋەتلەش، بەدەننى سەمرىتىش، ئىشتىھانى ئېچىش، ياللۇغ ياندۇ-رۇش، چىرايىنى پارقىرىتىش، ئاۋازنى ساپلاشتۇرۇش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر] بەدەن ئاجىزلىقى، ئىشتىھاسىزلىق، قىزىل قاپارتما، مەقئەت ياللۇغى، مەقئەت يېرىلىش، ھەر خىل يەل تۇرۇپ قىلىش، قاتما، قان قېيىشتىن بولغان تارتىشىپ قىلىش قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. ياۋا ئۆردەك گۆشى، كەپتەر گۆشى، پاقلان گۆشى، قۇشقاچ گۆشى قاتارلىقلارنىڭ ھەربىرىدىن 30 گىرام ئېلىپ، مۇۋاپىق مىقداردىكى سۇ بىلەن قائىدە بويىچە مائۇللەھمى تەييارلاپ بەرسە، ئومۇمىي

بەدەن ۋە باھ ئاجىزلىقى قان ئازلىقتىن بولغان ئۈرۈقلۇق قاتارلىقلارغا مەنپەئەت قىلىدۇ.

2. ياۋا ئۆردەك مېيىنىڭ چاۋا مېيىنى يەرلىك ئورۇنغا سۈركەپ بەرسە، بويۇنغا يەل تۇرۇپ قېلىش، قاتما، قان قېيىشتىن بولغان تارتىشىپ قېلىشلارغا مەنپەئەت قىلىدۇ.

[**ئىشلىتىش مىقدارى**] ئەھۋالغا قاراپ ھەزىم قىلالىغۇدەك ئىستېمال قىلىنىدۇ.

[**زىيانلىق تەسىرى**] قورساقنى ئېسىدۇ، تەستە ھەزىم بولىدۇ.

[**تۈزەتكۈچىسى**] ئانار سۈيى، ئاچچىقسۇ.

[**ئورۇنباسارى**] ئۆردەك گۆشى.

[**ۋەكىل خاراكتېرلىك پىششىق دورا ياسالمىسى**] مائۇللەھمى.

## قىزىل مارال

## 克孜马热力

(狭叶红景天 xia ye hogn jing tian)

[**باشقا ئاتىلىشى**] قىزىل مارال غولى



قىزىل مارال

[**تونۇش**] بۇ، كۆكمارال ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك قىزىل مارال بولۇپ، ئېگىزلىكى 15 ~ 30 سانتىمېتىرغىچە ئۆسىدىغان، يەر ئاستى غولى چوڭ، توم، كۆپىنچە ئۇزۇن، يۇمىلاق شەكىللىك ياكى تەرتىپسىز شەكىلدە كېلىدۇ، بۇ «قىزىل مارال» نامىدا دورىلىققا ئىشلىتىلىدۇ.

[**چىقىش ئورنى**] بۇ ئېگىز، تاغلىق، ھۆللۈك رايونلاردا، يەنى چىڭخەي، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى، سىچۈەن، گەنسۇ، شىزاڭ قاتارلىق ئۆلكىلەر، ئىران، موڭغۇلىيە، سوۋېت ئىتتىپاقى قاتارلىق جايلاردىن تېپىلىدۇ.

[**يىغىپ ساقلاش**] ياز، كۈز پەسلىدە كولاپ ئېلىپ، يەر ئۈستى غولى قىسمىنى كېسىپ ئېلىۋېتىپ، يۇيۇپ، قۇرۇتۇپ، سالقىن جايدا ساقلىنىدۇ.

[**لايىقلاشتۇرۇلۇشى**] يۇيۇپ قۇرۇتۇپ لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

[**تەبىئىتى**] بىرىنچى دەرىجىدە ھۆل ئىسسىق.

[**خۇسۇسىيىتى**] بەدەننى، باھنى، ئاشقازاننى ۋە تالنى قۇۋۋەتلەش، نېرۋىنى تىنچلاندۇرۇش، ھەزىمنى ياخشىلاش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە.

[**ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر**] بەدەن، باھ، ئاشقازان، تال ئاجىزلىقى، نېرۋا ئاجىزلىقى، ئىشتىھاسىزلىق، قان قەنتى تۆۋەنلەشتىن كېلىپچىققان باش قېيىش، تولغاق قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[**ئىشلىتىش ئۇسۇلى**]

1. قىزىل مارال، بۇغا مۈڭگۈزى، ئالقات، رۇمبەدىيانىنىڭ ھەربىرىدىن مۇۋاپىق مىقداردا ئېلىپ

قايىنىتىپ، كۆنىگە ئۈچ قېتىمدىن، 3 ~ 5 گىرامغىچە ئىستېمال قىلىپ بەرسە، باھ، بەدەن ئاجىزلىقى، پۇت ـ قول ماغدۇرسىزلىنىش قاتارلىقلارغا مەنپەئەت قىلىدۇ.

2. قىزىل مارال، باھ مېغىزى، بېھى، قۇستە قاتارلىقلاردىن 10 گىرامدىن ئېلىپ ئۇششاق سوقۇپ، ھەب تەييارلاپ، كۆنىگە ئۈچ ۋاق ئىستېمال قىلىپ بەرسە، تال، ئاشقازان ئاجىزلىقى، ئۆچەي ياللۇغى، خولېرا، كونا ئىچ سۈرۈش قاتارلىقلارغا مەنپەئەت قىلىدۇ.

[**ئىشلىتىش مىقدارى**] 6 ~ 15 گىرامغىچە.

[**زىيانلىق تەسىرى**] ئاشقازانغا زىيانلىق.

[**تۈزەتكۈچىسى**] مەستىكى.

[**ئورۇنباسارى**] گاۋزىبان.

[**ۋەكىل خاراكتېرلىك پىششىق دورا ياسالمىسى**] سۇفۇپى قىزىل مارال.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com

# ئوتتۇز يەتتىنچى باب   بالىياتقۇ ۋە تۇخۇمدان كېسەللىكلىرىگە ئىشلىتىلىدىغان دورىلار

بالىياتقۇ ۋە تۇخۇمداننىڭ ماددا ئالمىشىش خىزمىتىنى ياخشىلاش، مىزاجىنى تەڭشەش تەسىرى ئاساسلىق ئورۇندا تۇرىدىغان دورىلار ئومۇملاشتۇرۇلۇپ، بالىياتقۇ ۋە تۇخۇمدان كېسەللىكلىرىگە ئىشلىتىلىدىغان دورىلار دېيىلىدۇ.

بۇ خىل دورىلار بالىياتقۇ، تۇخۇمدان ۋە ئومۇمىي بەدەننى قۇۋۋەتلەش، ياللۇغ قايتۇرۇش، ئۆسمىگە قارشى تۇرۇش، ئاق خۇننى توختىتىش تەسىرىنى بېرىدۇ. بۇ خىلدىكى دورىلارنىڭ كۆپىنچىلىرىنىڭ تەبىئىتى قۇرۇق ئىسسىق، ھۆل ئىسسىق بولۇپ، ئۇلار باشاق مۇڭگۈزى، دېپساكۇس، پىچەكگۈل، ئانارگۈل ئۇرۇقى، تىرىمپۇلت تېشى، بالا ھەمراھى، موزا، مۇرمەككى، كۆپىكدەريا، كاتھىندى، ھىڭ، جويۇز، قارا پارپا قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.

## باشاق مۇڭگۈزى
## 巴沙克蒙固孜
## （麦角 mai jiao）

**[لاتىنچە نامى]** Claviceps maerocephala

**[ئىنگلىزچە نامى]** Ergot

**[تونۇش]** بۇ خىل پارازىت زەمبۇرۇغ بولۇپ، ناھايىتى قاتتىق، شەكلى مۇڭگۈزسىمان كېلىدۇ. رەڭگى قارا، بۇ خىل زەمبۇرۇغ ئارپا، بۇغداي، قىياق، قومۇش قاتارلىق باشاقلار ئائىلىسىدىكى ئۆسۈملۈكلەرنىڭ باشاقلىرىدا پارازىت بولۇپ ياشايدۇ. مۇشۇ زەمبۇرۇغ تېبابەتتە «باشاق مۇڭگۈزى» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ. (1.37 ـ رەسىم)

**[چىقىش ئورنى]** شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى ۋە ئىچكى ئۆلكىلەردىن چىقىدۇ.

**[يىغىپ ساقلاش]** بۇ زەمبۇرۇغنى ئاۋايلاپ ئېلىپ، سالقىن جايدا ساقلىنىدۇ.

**[خىمىيەلىك تەركىبى]** تەركىبىدە كۆپ خىل بىيولوگىيەلىك ئىشقارلار، يەنى D ئېرگومىسترىن (ergomeftriene-d)، ئوگوسىن (ergosine)، ئاكتىلكولىن (acteylcholine) قاتارلىق تەركىبلەر بار.

**[فارماكولوگىيەلىك تەسىرى]** بالىياتقۇ مۇسكۇلىنى قورۇش، قان بېسىمىنى تۆۋەنلىتىش، ھەزىمنى كۈچەيتىش، ئاغرىق توختىتىش قاتارلىق تەسىرى بار.

**[لايىقلاشتۇرۇلۇشى]** ساپلاشتۇرۇش، قۇرۇتۇش، توغراش ئارقىلىق لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

**[تەبىئىتى]** بىرىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[خۇسۇسىيتى] باليىاتقۇ ۋە تۇخۇمدانىنى قۇۋۋەتلەش، باليىاتقۇنى قىسقارتىش، قان توختىتىش، ئاغرىق پەسەيتىش قاتارلىق خۇسۇسىيەتلەرگە ئىگە.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر] تۇغۇتتىن كېيىنكى باليىاتقۇ قاناش، باشنىڭ بىر تەرىپى ئاغرىش قاتارلىق كېسەللىكلەرگە ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. ئانارگۇل، ئەنجبار، خۇنسىياۋشاندىن يەتتە گىرامدىن، باشاق مۇڭگۇزىدىن بەش گىرام ئېلىپ، سوقۇپ تەييارلاپ ئىچىپ بەرسە، باليىاتقۇدىن كەلگەن قاننى توختىتىدۇ. باليىاتقۇنى چىڭىتىدۇ.

2. ئەپيۇندىن 0.01 گىرام، بەزرۇلبەنجى، بالدىرغاندىن ئىككى گىرامدىن، رىگماھىدىن ئۈچ گىرام، باشاق مۇڭگۇزىدىن ئالتە گىرام ئېلىپ، سۇفۇپ تەييارلاپ ئىچىپ بەرسە، باليىاتقۇ ۋە تۇخۇمدانىنى قۇۋۋەتلەيدۇ، باش ئاغرىقنى توختىتىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] 0.6 گىرامغىچە.

[زىيانلىق تەسىرى] ھامىلىدار ئاياللارغا ئىشلىتىشكە بولمايدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] خۇنسىياۋشان.

[ئورۇنباسارى] بۇغا مۇڭگۇزى.

[ۋەكىل خاراكتېرلىك پىششىق دورا ياسالمىسى] سۇفۇپى باشاق مۇڭگۇزى.

## دىپساكۇس

## 迪皮萨库斯

(川续断 chuan xu duan)

[باشقا ئاتىلىشى] دىپساكۇس يىلتىزى

[لاتىنچە نامى] Radix Dipsacus asper

[ئىنگلىزچە نامى] Asper-like Teasel Root

[تونۇش] بۇ، كۆپ يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك دىپساكۇس بولۇپ، بۇ ئۆسۈملۈكنىڭ قۇرۇتۇلغان يىلتىزى «دىپساكۇس» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ. (37.2 ـ رەسىم)

[چىقىش ئورنى] ئېلىمىزنىڭ ئوتتۇرا جۇڭگو، شەرقىي شىمال ۋە سىچۈەن قاتارلىق ئۆلكىلىرىدىن چىقىدۇ.

[يىغىپ ساقلاش] بۇ ئۆسۈملۈكنىڭ ئورۇقى پىشقاندا يىلتىزىنى كولاپ ئېلىپ، يۇيۇپ قۇرۇتۇپ ساقلىنىدۇ.

[خىمىيەلىك تەركىبى] تىرپېتىن سوپۇنلۇق گىلۇكوزىدى، ئورسولىك كىسلاتاسى (ursolic acid)، β ـ سىترستېرول، ئۇرسول ئالدېھىد (ursol aldehyde)، كاروتىن گىلۇكوزىدى، قەنت ۋە ئاز مىقداردا ئۇچۇچان ماي ۋە سىنك، كالتسىي قاتارلىق ئېلېمېنتلار بار.

[فارماكولوگىيەلىك تەسىرى] باليىاتقۇ مۇسكۇلىنى قورۇش، ئىممۇنىتېتنى كۈچەيتىش، يالللۇغ قايتۇرۇش، ئوكسىدلىنىشقا قارشى تۇرۇش قاتارلىق رولى بار.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

[لايىقلاشتۇرۇلۇشى] يۇيۇپ توغراش، قورۇتۇش ئارقىلىق لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى] باليانقۇ، تۇخۇمدان، جىگەر ۋە بۆرەكنى قۇۋۋەتلەش، پەي - سۆڭەكلەرنى كۈچلەندۈرۈش، قان توختىتىپ، ھامىلىنى مۇقىملاشتۇرۇش خۇسۇسىيىتى بار.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر] باليانقۇ، جىگەر ۋە بۆرەك ئاجىزلىقى، بەل سىرقىراپ ئاغرىش، ماغدۇرسىزلىنىش، بوغۇملار قايرىلىپ كېتىش، يېپىق سۇنۇق، ئاق خۇن كۆپ كېلىش، ھامىلە تۆرماسلىق قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. 300 مىللىلىتىر قاينىتىلغان ئانار سۈيىگە بەش گىرام رەۋەن بىلەن 10 گىرام دىپساكۇسنى سوقۇپ ئارىلاشتۇرۇپ ئىچىپ بەرسە، جىگەرنى قۇۋۋەتلەيدۇ.

2. شاقاقۇل، دىپساكۇس، ئاقىرقەرھالارنى سوقۇپ سۇفۇپ قىلىپ ئىچىپ بەرسە، باليانقۇ، تۇخۇمدان ۋە بۆرەكنى قۇۋۋەتلەيدۇ.

3. رىگىماھىدىن بەش گىرام، سۆئەلەپ، شاقاقۇلنىڭ ھەربىرىدىن يەتتە گىرام، كۇندۇردىن بەش گىرام، دىسپاكۇستىن 10 گىرام ئېلىپ، بۇلارنى سوقۇپ سۇفۇپ قىلىپ بەرسە، ئاق خۇننى ئازايتىدۇ، پۇت - قول ماغدۇرسىزلىنىشقا شىپا بولىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] 12 ～ 20 گىرامغىچە.

[زىيانلىق تەسىرى] ئىسسىق مىزاج كىشىلەردە باش ئاغرىقى پەيدا قىلىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] يۇمغاقسۇت.

[ئورۇنباسارى] ئاق بەھمەن.

[ۋەكىل خاراكتېرلىك پىششىق دورا ياسالمىسى] سۇفۇپى شاقاقۇل.

## لىپەكگۈل

## 里帕克古丽

## (牛膝 niu xi)

[باشقا ئاتىلىشى] لىپەكگۈل يىلتىزى

[لاتىنچە نامى] Radix achyranthes bidentata

[ئىنگلىزچە نامى] Comon Achyranthes

[تونۇش] بۇ، تاجىگۈل ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك لىپەكگۈلنىڭ يىلتىزى بولۇپ، «لىپەكگۈل» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ. سىرتقى شەكلى كۈل رەڭ سېرىق ياكى قوڭۇر رەڭلىك بولۇپ، پۇرىقى ئاجىز، سەل تاتلىق قىرتاق تەمى بار. (3.37 - رەسىم)

[چىقىش ئورنى] شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى، خېنەن، شەندۇڭ، شەنشى، جياڭسۇ، ئەنخۇي قاتارلىق ئورۇنلاردىن چىقىدۇ.

[**يغىپ ساقلاش**] قىش پەسلىدە يىغىۋېلىپ، قوْم ـ لاي ۋە پارچە يىلتىزلىرىنى چىقىرىۋېتىپ، ئاپتاپتا قۇرۇتۇپ، قۇرغاق، سالقىن جايدا ساقلىنىدۇ.

[**خىمىيەلىك تەركىبى**] پولىساخارىد، سوپوْنلار، سېرىق كتونلار، بىيولوگىيەلىك ئىشقارلار، ئۇچۇچان مايلار، B ـ ستوسترول، مىكرو ئېلېمېنت، ئورگانىك كىسلاتا، 12 خىل ئامىنو كىسلاتا قاتارلىق تەركىبلەر بار.

[**فارماكولوگىيەلىك تەسىرى**] ئىممۇنىتېت كۈچىنى ئاشۇرۇش، باليلىقنىڭ ھەرىكىتىنى كۈچەيتىش، ھامىلىدارلىققا قارشى تۇرۇش، سۈيدۈك ھەيدەش، ئۆسمىگە قارشى تۇرۇش، ياللۇغ قايتۇرۇش، مىكروبقا قارشى تۇرۇش، ئاغرىق پەسەيتىش، ئەستە تۇتۇش قابىلىيىتىنى ۋە چىدامچانلىقىنى ئاشۇرۇش، قېرىشنى كېچىكتۈرۈش، ئارتېرىيەلىك بوتقىسىمان قېتىشقا قارشى تۇرۇش، سۆڭەك شالاڭلىشىشقا قارشى تۇرۇش، قاننى جانلاندۇرۇش قاتارلىق تەسىرلەرگە ئىگە.

[**لايىقلاشتۇرۇلۇشى**] قۇرۇتۇپ ساپلاشتۇرۇلىدۇ.

[**تەبىئىتى**] بىرىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[**خۇسۇسىيىتى**] باليلىقنى ۋە تۇخۇمداننى، جىگەر ۋە بۆرەكنى قۇۋۋەتلەش، قاننى جانلاندۇرۇش، ئۇيۇپ قالغان قاننى تارقىتىش، ئىششىق ياندۇرۇش، ئاغرىق پەسەيتىش قاتارلىق خۇسۇسىيەتلەرگە ئىگە.

[**ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر**] باليلىقنى، جىگەر، بۆرەك ئاجىزلىقى، بەل ـ پۇت ئاغرىقى، بەدەن ئاجىزلىقى، بالا ھەمراھى چۈشمەسلىك، ھەر خىل ئىششىق، قان ئۇيۇپ قېلىش قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[**ئىشلىتىش ئۇسۇلى**]

1. لېپەكگۈل، بۇۋانە، چۇچۇكبۇيا يىلتىزى، قاقىر تۇمشۇق ۋە داڭگۈيلارنىڭ ھەربىرىدىن 12 گىرام ئېلىپ، قارا شېكەر، ئاق شېكەر ۋە ناۋاتلارنىڭ ھەربىرىدىن 250 گىرام قوشۇپ قاينىتىپ، ھەر قېتىمدا 5 ～ 10 مىللىلىتىر، ھەر كۈنى ئىككى قېتىم ئىچىپ بەرسە، باليلىقنى، تۇخۇمداننى قۇۋۋەتلەيدۇ. بەل ـ پۇت ئاغرىقىغا شىپا بولىدۇ.

2. لېپەكگۈلدىن 12 گىرام، سېرىقيۆگەيدىن 20 گىرام ئېلىپ، قاينىتىپ ئىچىپ بەرسە، باليلىقنى، تۇخۇمدان ۋە جىنسىي ئەزا ئاجىزلىقى، بەل ـ پۇت ئاغرىقىغا مەنپەئەت قىلىدۇ.

3. لېپەكگۈلدىن 12 گىرام، داڭگۈيدىن 24 گىرام، شاپتۇل مېغىزىدىن 12 گىرام ئېلىپ قاينىتىپ، كۈندە ئىككى قېتىم ئىچىپ بەرسە، ھەيزنى راۋانلاشتۇرىدۇ.

4. بالا ھەمراھى چۈشمىگەندە لېپەكگۈل، داڭگۈي، خام يېكەن سېرىقى، مودەن يىلتىزى پوستىنىڭ ھەربىرىدىن 12 گىرام، قۇرۇتۇلغان زەنجىۋىلدىن تۆت گىرام ئېلىپ، ھەممىنى قوشۇپ قاينىتىپ ئىچىپ بەرسە، بالا ھەمراھى چۈشمىگەنگە مەنپەئەت قىلىدۇ.

[**ئىشلىتىش مىقدارى**] 2 ～ 7 گىرامغىچە.

[**زىيانلىق تەسىرى**] ئىسسىق مىزاج كىشىلەرگە زىيان قىلىدۇ.

[**تۈزەتكۈچىسى**] كاسىنە.

[**ئورۇنباسارى**] سېرىقيۆگەي.

[**ۋەكىل خاراكتېرلىك پىششىق دورا ياسالمىسى**] شەربىتى زەنجىۋىل.

[**دىققەت قىلىدىغان ئىشلار**] ھامىلىدار ئاياللار ئىشلىتىشكە بولمايدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# نارگۇل ئۇرۇقى
## 纳力古力乌拉盖
## (蛇床子 she chuang zi)

[لاتىنچە نامى] Fructus Cnidium monnieri
[ئىنگلىزچە نامى] Common Cnidium Fruit


نارگۇل ئۇرۇقى

[تونۇش] بۇ، كۈنلۈكسىمان گۈللۈكلەر ئائىلىسىدىكى بىر يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك نارگۈلنىڭ ئۇرۇقىدىن ئىبارەت. (4.37 ـ رەسىم)

[چىقىش ئورنى] نەم جايلاردا ئۆسىدۇ، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ھەممە يېرىدىن چىقىدۇ.

[يىغىپ ساقلاش] بۇ ئۆسۈملۈكنىڭ مېۋىسى پىشقاندىن كېيىن، قۇرۇتۇپ ئۇرۇقىنى يىغىۋېلىپ، پاكىز تازىلاپ، قۇرۇق ھەم سالقىن جايدا ساقلىنىدۇ.

[خىمىيەلىك تەركىبى] نارگۇل ئۇرۇقى تەركىبىدە ئۇچۇچان ماي بار.

[فارماكولوگىيەلىك تەسىرى]

1. جىنسىي يول تامچە قۇرتىنى ئۆلتۈرۈش تەسىرىگە ئىگە.

2. تالاسىمان يۇزەكى تېرە زەمبۇرۇغىنى تورمۇزلاش تەسىرىگە ئىگە، تارقىلىشچان زۇكام ۋىرۇسىغا قارىتا روشەن تورمۇزلاش تەسىرى بار.

3. جىنسىي ھورمونلارغا ئوخشاش تەسىرگە ئىگە بولۇپ، چاشقاننىڭ ھېسسىيات قوزغىلىش ۋاقتىنى ئۇزارتىدۇ.

[لايىقلاشتۇرۇلۇشى] يۇيۇپ قورۇش ئارقىلىق لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

[تەبىئىتى] بىرىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى] بالىياتقۇ، تۇخۇمدان ۋە بۆرەكنى قۇۋۋەتلەش، غەيرىي تەبىئىي بەلغەم خىلىتىنى سۇرۇش، يەل ھەيدەش، قىچىشىشنى پەسەيتىش، قۇرت ئۆلتۈرۈش خۇسۇسىيىتى بار.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر] جىنسىي ئاجىزلىق، ئۇرۇقدان تەرلەپ قىچىشىش، بالىياتقۇنىڭ سوۋۇپ كېتىشىدىن بولغان تۇغماسلىق، قىچىشقاق، ھۆل تەمرەتكە، قوتۇر قاتارلىق كېسەللىكلەرگە ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. نارگۇل ئۇرۇقىدىن 50 گىرامنى قايناتىپ ھوردانسا ياكى پۈتۈن بەدەننى يۇيۇپ بەرسە، جىنسىي ئاجىزلىققا، بالىياتقۇنىڭ سوۋۇپ كېتىشىدىن بولغان تۇغماسلىققا مەنپەئەت قىلىدۇ.

2. 10 گىرام نارگۈل ئۇرۇقىنى مۇۋاپىق مىقداردىكى گۈل يېغى بىلەن قوشۇپ زىمات تەييارلاپ، قىچىشقاق ھەم ھۆل تەمرەتكىلەرگە چاپسا مەنپەئەت قىلىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] 3～10 گىرامغىچە، سىرتتىن مۇۋاپىق مىقداردا ئىشلىتىلىدۇ.

[زىيانلىق تەسىرى] ئىسسىق مىزاج كىشىلەردە باش ئاغرىقى پەيدا قىلىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] قارىئۆرۈك.

[ئورۇنباسارى] سۆلەپ.

[ۋەكىل خاراكتېرلىك پىششىق دورا ياسالمىسى] زىماتى نارگۈل.

## تىرېمولىت تېشى

## 提热木力提特西

(**阳起石** yang qishi)

[باشقا ئاتىلىشى] تىرېمولىت تاش پاختىسى

[لاتىنچە نامى] Tremolitum

[ئىنگلىزچە نامى] Actinolite Asbestos

[تونۇش] بۇ، سىلىكات تۈزلىرى تۈرىدىكى تىرېمولىت تېشى ياكى تىرېمولىت تاش پاختىسىدىن ئىبارەت بولۇپ، كۆپىنچە لاۋا جىنسلىق ماددىلار بىلەن ھاك تېشى ئۇچراشقان بەلباغلاردا شەكىللىنىدۇ. (37. 5 - رەسىم)

[چىقىش ئورنى] شەنشى، خېبېي، شىنجاڭنىڭ ئالتاي تاغلىرىدىن چىقىدۇ.

[خىمىيەلىك تەركىبى] French chalinoplasty، calcium silicate ۋە ئاز مىقداردا تۆمۈر، ئالىيۇمىن، خىروم قاتارلىق ئانورگانىك تۇزلار بار.

[فارماكولوگىيەلىك تەسىرى] قان تەركىبىدىكى مىنېرال ماددىلارنى كۆپەيتىدۇ، جىنسىي قۇۋۋەتنى قوزغىتىدۇ.

[لايىقلاشتۇرۇلۇشى] كۇشتە قىلىش قاتارلىق لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

[تەبىئىتى] بىرىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى] باليىاتقۇ، تۇخۇمدان، جىگەر ۋە بۆرەكنى قۇۋۋەتلەش؛ باليىاتقۇنى قىزىتىش، ھەيزنى توختىتىش خۇسۇسىيەتلىرى بار.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر] جىگەر ۋە بۆرەك ئاجىزلىقى، جىنسىي ئاجىزلىق، باليىاتقۇنىڭ سوۇۇپ كېتىشىدىن بولغان تۇغماسلىق، ھەيز كۆپ كېلىش قاتارلىق كېسەللىكلەرگە ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. تىرېمولىت تېشىدىن ئۈچ گىرام، جاراھەت تېشىدىن ئالتە گىرام، گۈلنار، كەھرىۋادىن 10 گىرامدىن ئېلىپ، سۇفۇپ قىلىپ ئىچىپ بەرسە، ھەيز كۆپ كېلىشكە مەنپەئەت قىلىدۇ.

2. تىرېمولىت تېشىدىن تۆت گىرام، رەۋەن، ئىزخىر 10 گىرامدىن، جويۇزدىن بەش گىرام،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئەپسەنتىندىن 10 گىرام ئېلىپ، قائىدە بويىچە مەجۇن تەييارلاپ ئىچىپ بەرسە، جىگەرنى قۇۋۋەتلەيدۇ.

3. تىرېمولىت تېشىدىن تۆت گىرام، ئاقىرقەرھا، سۆئلەپ مىسرى، شاقاقۇلدىن 10 گىرام ئېلىپ، سۇفۇپ قىلىپ ئىچىپ بەرسە، بۆرەك ئاجىزلىقىغا شىپا بولىدۇ.

[**ئىشلىتىش مىقدارى**] كۇشتە قىلىنغىنىدىن 3~6 گىرامغىچە.

[**زىيانلىق تەسىرى**] ئۇزۇن ۋاقىت ئىشلىتىلسە دوۋساققا زىيان قىلىدۇ.

[**تۈزەتكۈچىسى**] بەدىيان، ئوغرىتىكەن.

[**ئورۇنباسارى**] جاراھەت تېشى.

[**ۋەكىل خاراكتېرلىك پىششىق دورا ياسالمىسى**] سۇفۇپى سەنگى جاراھەت.

# ئوتتۇز سەككىزىنچى باب سۈت ۋە مەنىي كۆپەيتكۈچى دورىلار

سۈت ۋە مەنىي ئىشلەش بەزلىرىنى قۇۋۋەتلەش تەسىرى ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدىغان دورىلار ئومۇملاشتۇرۇلۇپ، سۈت ۋە مەنىي كۆپەيتكۈچى دورىلار دېيىلىدۇ.

ھەر خىل ئىچكى - تاشقى سەۋەبلەردىن سۈت ۋە مەنىي ئىشلەپچىقارغۇچى ئەزالاردا ئاجىزلاش يۈز بەرسە، ئورگانىزمدا سۈت كەملىك، مەنىي ئازلىق، باھ ئاجىزلىقى، ئورۇقلاش، نېرۋا ئاجىزلىقى، ئومۇمىي بەدەن ئاجىزلىق، ھەيز راۋان بولماسلىق، مەنىي قويۇلۇپ كېتىش، ھامىلدار بولماسلىقتەك تۈرلۈك كېسەللىك ئالامەتلىرى كۆرۈلىدۇ. ۋاقتىدا ئالدى ئېلىنمىسا يامان ئاقىۋەتلەر كېلىپچىقىدۇ. سۈت ۋە مەنىي كۆپەيتكۈچى دورىلارنىڭ تۈرى ھەر خىل بولغاچقا تاللاپ ئىشلىتىشكە توغرا كېلىدۇ. سۈت ۋە مەنىي كۆپەيتكۈچى دورىلارنىڭ كۆپىنچىلىرىنىڭ تەبىئىتى ھۆل ئىسسىق بولىدۇ، بۇ دورىلار سۈت ۋە مەنىي ئىشلەپچىقارغۇچى ئەزالارنى ۋە ئومۇمىي بەدەننى قۇۋۋەتلەش، سۈت ۋە مەنىينىڭ ئىشلەپچىقىلىرىشىنى تېزلىتىش، بەدەننى سەمرىتىش، ھۆللۈك يەتكۈزۈش، ئۇرۇقنىڭ يېتىلىشىنى تېزلىتىش، باھنى قۇۋۋەتلەش، سۈتنى راۋانلاشتۇرۇش ۋە ھەيزنى راۋانلاشتۇرۇش تەسىرىنى بېرىدۇ. مۇشۇ خۇسۇسىيەتتىكى دورىلار سۈت ۋە مەنىي كۆپەيتكۈچى دورىلار دېيىلىدۇ. مەسىلەن: قارىمۇق، چىگىت مېغىزى، ئېشەكقومۇشى، ياۋا كۈنجۈت، قارا كۈنجۈت، كۆكنار ئۇرۇقى، پىندۇق، چىلغوزا، تۇدەرى، پىستە مېغىزى، ھەببەتۇلخۇزرا، ھەببى زەلەم، ھەببى رىشاد، يەر ياڭىقى، سۆئلەپ مىسرى، بېدە ئۇرۇقى، پىياز ئۇرۇقى، ھەليۇن ئۇرۇقى، نارجىل، زاغۇن ئۇرۇقى، پەنىرمايە، سىيادان قاتارلىقلار.

## قارىمۇق
## 卡力木克
(王不留行 wang bu liu xing)

[باشقىچە ئاتىلىشى] قەتەف، سەرمۇق، بەتىۋا

[لاتىنچە نامى] Semen Vaccaria pyramidata

[ئىنگلىزچە نامى] Cowherb seed

[تونۇش] بۇ، چىنىگۈل ئائىلىسىدىكى ئۆسۈملۈك (vaccaria segetalis nesh Garche) قارىمۇقنىڭ قۇرۇتۇلغان ۋە پىشقان ئۇرۇقى بولۇپ، سىرتقى شەكلى قارا، ئاز ساندىكىلىرى قوڭۇر رەڭلىك، ئازراق سىلىق، سەل پۇرىقى بولۇپ، تەمى ئازراق قىرتاق، ئاچچىق كېلىدۇ. (1.38 - رەسىم)

[چىقىش ئورنى] ئاپتونوم رايونىمىز، شۇنداقلا خېبېي، شەندۇڭ، لياۋنىڭ، خېيلۇڭجياڭ قاتارلىق جايلاردا تېرىپ ئۆستۈرۈلىدۇ.

www.uyghurkitap.com

[**يىغىپ ساقلاش**] ياز پەسلىدە مېۋىسى پىشقاندا، ئاپتاپتا قۇرۇتۇپ، ئۇرۇقىنى ئاجرىتىپ ئېلىپ، ئاپتاپتا قۇرۇتۇپ، قۇرغاق جايدا ساقلىنىدۇ.

[**خىمىيەلىك تەركىبى**] تەركىبىدە تىرىتېرپىن، ساپونىن، ھالقىسىمان پېپتىنلار، نىپوئىدلار، ياغ كىسلاتاسى، بىيولوگىيەلىك ئىشقار، گىلۇكوزا، ئەرەب قەنتى، تۆت خىل قارىمۇق گىلۇكوزىدى، ئوكۇمارىن فىلاۋون، ساپونىن قاتارلىق تەركىبلەر بار.

[**فارماكولوگىيەلىك تەسىرى**] قان تومۇر سىلىق مۇسكۇلىنى تارايتىش، ئۆسمىگە قارشى تۇرۇش، سۈت كەلتۈرۈش، ھامىلىدارلىقنىڭ ئالدىنى ئېلىش، بالياتقۇنى قوزغىتىش قاتارلىق تەسىرى بار.

[**لايىقلاشتۇرۇلۇشى**] يۇيۇش، قۇرۇتۇش ئارقىلىق لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

[**تەبىئىتى**] ئىككىنچى دەرىجىدە ھۆل سوغۇق.

[**خۇسۇسىيىتى**] چوڭ تەرەتنى راۋانلاشتۇرۇش، يۇتقۇنچاقتا ھۆللۈك يەتكۈزۈش، كۆكرەكنى يۇمشىتىش، سۈيدۈك ھەيدەش، ئۇسسۇزلۇقنى پەسەيتىش تەسىرىگە ئىگە.

[**ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر**] ئىسسىقتىن بولغان يۆتەل، سىل، جۇدەتكۈچى تەپ، يەرقان، ئىسسىقتىن بولغان جىگەر ياللۇغى ۋە ھەر خىل قىزىتما، تەمرەتكە، قۇرۇق تەمرەتكە قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[**ئىشلىتىش ئۇسۇلى**]

1. بەل قايرىلىپ كېتىشنى داۋالاشتا، قارىمۇقتىن 10 گىرام ئېلىپ پىشۇرۇپ، سوقۇپ تالقانلاپ، ھەر قېتىمدا ئالتە گىرامدىن، كۈندە ئىككى قېتىم قايناق سۇ بىلەن ئىچىلىدۇ.

2. ھەيز كەلمەسلىكنى داۋالاشتا، قارىمۇقتىن 10 گىرام، زاراڭزا چېچىكىدىن 12 گىرام، شاپتۇل مېغىزىدىن 10 گىرام ئېلىپ، قايناتىپ ئىچىلىدۇ.

[**ئىشلىتىش مىقدارى**] 6 ～ 12 گىرامغىچە.

[**زىيانلىق تەسىرى**] ھامىلىدار ئاياللارغا ئىشلىتىش مەنئى قىلىنىدۇ.

## چىگىت مېغىزى

## 其格提麦格孜

## （棉花子 mian hua zi）

[**باشقىچە ئاتىلىشى**] مېغىزى پىنبەدانە

[**لاتىنچە نامى**] Semen Gossypium herbaceum

[**ئىنگلىزچە نامى**] Upland Cotton seed

[**تونۇش**] بۇ، لەيلىگۈل ئائىلىسىدىكى بىر يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك چاتقال كېۋەزنىڭ (Gossypium herbaceum) ئۇرۇقىدىن ئىبارەت. «چىگىت مېغىزى» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ. مېغىزى ئاق، تەمى بىرئاز ئاچچىق بولىدۇ. (38.2 ـ رەسىم)

[**چىقىش ئورنى**] شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ كۆپلىگەن جايلىرىدا تېرىپ ئۆستۈرۈلىدۇ.

[**يىغىپ ساقلاش**] 9 ـ، 10 ـ ئايلاردا مېۋىسى پىشقاندا يىغىۋېلىنىپ ساقلىنىدۇ.



كېۋەز مايسىسى

[**خىمىيەلىك تەركىبى**] تەركىبىدە نىشاستە، گوسپول (gossypol)، گوسپۇربۇرىن (gossypurpusin)، ياغ، مىنېرال ماددىلار، يەنە تالالىق ماددا قاتارلىق تەركىبلەر بار.

[**فارماكولوگىيەلىك تەسىرى**] سۇدا ئاجرىتىۋېلىنغان قىسمى بالىياتقۇ ھەرىكىتىنى كۈچەيتىپ، بالىياتقۇ تارايتىش تەسىرىنى كۈچەيتىش، ئالتۇن رەڭلىك ئۈزۈمسىمان شارچە باكتېرىيەلەرنى تورمۇزلاش، بۇنىڭ فېنول ماددىسى A تىپىدىكى زۇكام ۋىرۇسىنىڭ كۆپىيىشىنى تورمۇزلاش تەسىرىگە ئىگە. كېۋەز يىلتىزىنىڭ ئادەتتە يۆتەل توختىتىدىغان ئۈنۈمى كۆرۈنەرلىك، مېغىزىنىڭ تەركىبىدە فوسفورنىڭ مىقدارى كۆپ بولغاچقا، سۆڭەك چىڭىتىش، ئەزالارنى قۇۋۋەتلەش تەسىرىگە ئىگە.

[**تەبىئىتى**] ئىككىنچى دەرىجىدە ھۆل ئىسسىق.

[**خۇسۇسىيىتى**] مەنىي ۋە سۈت پەيدا قىلىش، بەدەننى سەمرىتىش، باھ ۋە ئومۇمىي بەدەننى قۇۋۋەتلەش، بەلغەم بوشىتىش، پارقىرىتىش، سىيدۈك ھەيدەش خۇسۇسىيىتى بار.

[**ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر**] ئۆتكۈر ۋە سوزۇلما بۆرەك ياللۇغى، بەدەن ئاجىزلىقى، باھ ئاجىزلىقى، سۈت كەملىك، بالدۇر مەنىي يۇرۇپ كېتىش، بەلغەمدىن بولغان يۆتەل قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[**ئىشلىتىش ئۇسۇلى**]

1. چىگىت مېغىزىنىڭ شىرنىسىنى چىقىرىپ ياكى بۇنىڭدا ئاتلا ئاش ئېتىپ، سۈئىلەپ، ئاق بەھمەن قاتارلىقلار بىلەن قوشۇپ دورا ياساپ ئىستېمال قىلسا، بەدەننى سەمرىتىدۇ، باھنى كۈچەيتىدۇ، سۈت ۋە مەنىي پەيدا قىلىدۇ.

2. چىگىت مېغىزىنى سۇدا ئېزىپ، شىرنىسىنى چىقىرىپ، ھەر تۆت سائەتتە بىر قېتىم ئىچكۈزۈپ بەرسە، بۆرەك كېسەللىكلىرىگە پايدا قىلىدۇ.

3. 25 گىرام چىگىت مېغىزىنى سۇدا ئېزىپ ياكى پىشۇرۇلغان سۈتتە ئېزىپ شېكەر بىلەن ئىستېمال قىلسا، بەدەننى سەمرىتىدۇ، سۈت پەيدا قىلىدۇ.

4. چىگىت مېغىزى، يۇمغاقسۈت ۋە ئاق خەشخاشنى قوشۇپ ئېزىپ، ئۇنىڭ سۇفۇپىغا تەڭ مىقداردا شېكەر قوشۇپ، كۈندە سۈت بىلەن ئىستېمال قىلسا، بەدەندىكى ئاجىزلىقلارنى تۈگىتىدۇ.

[**ئىشلىتىش مىقدارى**] 3 ~ 7 گىرامغىچە.

[**زىيانلىق تەسىرى**] ئاشقازانغا زىيان قىلىدۇ.

[**تۈزەتكۈچىسى**] پىننە، بەدىيان.

[**ئورۇنباسارى**] زاراڭزا ئۇرۇقى، كۈنجۈت.

[**ۋەكىل خاراكتېرلىك پىششىق دورا ياسالمىسى**] لوبوبى كەبىر، ھالۋائى بەيزە.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# ئىشەكقومۇشى
# 伊沙克库木西
(鸦葱 ya cong)

[باشقا ئاتىلىشى] ئىشەكقومۇشى يىلتىزى.

[لاتىنچە نامى] Radix Scorzonera ausriraca

[ئىنگلىزچە نامى] Chinese Serpentroot

[تونۇش] بۇ، مۇرەككەپ گۈللۈكلەر ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك ئىشەكقومۇشى بولۇپ، بۇ ئۆسۈملۈكنىڭ يىلتىزى «ئىشەكقومۇشى» ياكى «ئىشەكقومۇشى يىلتىزى» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ. (3.38 ـ رەسىم)

[چىقىش ئورنى] شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن چىقىدۇ.

[خىمىيەلىك تەركىبى] كاۋچۇك، قەنت، خولىن قاتارلىق تەركىبلەر بار.

[لايىقلاشتۇرۇلۇشى] يۇيۇپ توغراش، قۇرۇتۇش ئارقىلىق لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

[تەبىئىتى] بىرىنچى دەرىجىدە قۇرۇق سوغۇق.

[خۇسۇسىيىتى] سۈت ۋە مەنىينى كۆپەيتىش، ھارارەت پەسەيتىش، زەھەرنى تارقىتىش، سۈتنى راۋانلاشتۇرۇش خۇسۇسىيىتى بار.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر] سۆزنەك، غەلۋىرەك، چاقا، سۈت يېتىشمەسلىك قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. سۆزنەك، غەلۋىرەك، چاقىلاردا ئىشەكقومۇشىدىن 12 ~ 20 گىرامغىچە ئېلىپ قايىنىتىپ ئىچسە ھەم ھۆل يىلتىزىنى ئېزىپ سىرتتىن تاڭسا، سۆزنەك ۋە غەلۋىرەككە مەنپەئەت قىلىدۇ.

2. ئىشەكقومۇشىدىن 35 گىرام، قارامۇقتىن 32 گىرام، نەغزگۈلى يىلتىزىدىن 35 گىرام ئېلىپ سۇدا قايىنىتىپ، ھەر كۈنى بىر قېتىمدىن ئۈدا ئۈچ كۈن ئىچسە، سۈت كەملىككە مەنپەئەت قىلىدۇ.

3. ئابنۇس كېپىكىدىن يەتتە گىرام، ئىشەكقومۇشى، سەرسىبىل، چۆپچىنىدىن 10 گىرامدىن، كەتىرا ھىندىدىن ئۈچ گىرام ئېلىپ، قائىدە بويىچە قايىنىتىپ، سەينەك، غەلۋىرەك، چاقىلارنى سىرتتىن يۇيۇپ بەرسە پايدا قىلىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] 12 ~ 35 گىرامغىچە.

[زىيانلىق تەسىرى] سوغۇق مىزاجلىقلارنىڭ بېشىنى ئاغرىتىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] زەنجىۋىل

[ئورۇنباسارى] شېكەر قومۇشى.

[ۋەكىل خاراكتېرلىك پىششىق دورا ياسالمىسى] ئىشەكقومۇشى قايىنىتىلمىسى.

# ياۋا كۈنجۈت

## 亚瓦困居提

## （野芝麻 ye zhi ma）

[**باشقا ئاتىلىشى**] ياۋا كۈنجۈت چۆپى، سىم سىم دەشتى

[**لاتىنچە نامى**] Herba seu Flos Lamium album

[**ئىنگلىزچە نامى**] White Deadnettle Herbor Flower

[**تونۇش**] بۇ، كالپۇكسىمان گۈللۈكلەر ئائىلىسىدىكى ئۆسۈملۈك ياۋا كۈنجۈت (Lamium Brbatum Siebet Zucc) نىڭ گۈلى ياكى پۈتۈن چۆپى بولۇپ، «ياۋا كۈنجۈت» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ. بۇ ئۆسۈملۈكنىڭ غولى تۆت قىرلىق يىرىك، تۈكلۈك، يوپۇرمىقى يۈرەك شەكىللىك، ئۇرۇقى ئۈچبۇرجەكلىك قاتتىق كېلىدۇ. (38.4 ـ رەسىم)

[**چىقىش ئورنى**] شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى، مەملىكىتىمىزنىڭ لياۋنىڭ، جىلىن، خېيلۇڭجياڭ، خېنەن، خېبېي، شەنشى، جياڭشى، جياڭسۇ، ئەنخۇي، خۇبېي، خۇنەن، سىچۈەن قاتارلىق جايلاردىن چىقىدۇ.

[**يىغىپ ساقلاش**] 5 ـ، 6 ـ ئايلاردا گۈلى ياكى پۈتۈن چۆپى يىغىۋېلىپ قۇرۇتۇپ، قۇرغاق جايدا ساقلىنىدۇ.

[**خىمىيەلىك تەركىبى**] تەركىبىدە شىلىمشىق ماددا، تاننىن، ئۇچۇچان ماي، ۋىتامىن C، ساپوتىن قاتارلىقلار؛ گۈلىنىڭ تەركىبىدە فىلاۋون خولىن (choline)، شىلىمشىق ماددا، ئۇچۇچان ماي، ساپو-نىن، ۋىتامىن C، ھىستامىن (Histamine)، تىرامىن (Tyramune) قاتارلىق تەركىبلەر؛ پۈتۈن چۆپىدە يەنە ستاك ھىدرىن (stachydrine) قاتارلىق تەركىبلەر بار.

[**فارماكولوگىيەلىك تەسىرى**] ياۋا كۈنجۈت ئۆسۈملۈكىدىن ئېلىنغان تەركىب بولۇپ، قىزىل قان تومۇر ۋە بالىياتقۇنى قىسقارتىدۇ. شۇڭا بالىياتقۇ قاناشنى توختىتىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ. بۇ ئۆسۈملۈكتە كۈچلۈك قان ئېرىتكۈچى تەسىرگە ئىگە ساپونىن بار. فىلاۋون تەركىبى كوكايىن پەيدا قىلغان قوزغىلىشنى تورمۇزلايدۇ.

[**لايىقلاشتۇرۇلۇشى**] يۇيۇش، قۇرۇتۇش ئارقىلىق لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

[**تەبىئىتى**] بىرىنچى دەرىجىدە ھۆل ئىسسىق.

[**خۇسۇسىيىتى**] سۈت ۋە مەنىي كۆپەيتىش، يۈرەك ۋە ئۆپكىنى قۇۋۋەتلەش، يۆتەل پەسەيتىش، قان توختىتىش، ئۆپكىنى تازىلاش، قىزىتما ياندۇرۇش، بەلغەم بوشىتىش، سۈيدۈك، ھەيزنى راۋانلاشتۇ-رۇش، ياللۇغ قايتۇرۇش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە.

[**ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر**] قۇرۇق يۆتەلدىن بولغان قان تۈكۈرۈش، بالىياتقۇ بوينى ياللۇغى، ئاق خۇن كېسەللىكى، ھەيز كەلمەسلىك، سۈيدۈك تۇتۇلۇش، ھەيزنىڭ ئالدى ـ كەينىدە قورساق ئاغرىش، زەھەرلىنىش قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

www.uyghurkitap.com

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. يۆتەل توختىتىش ئۈچۈن، ياۋا كۈنجۈتتىن 15 ~ 30 گىرامغىچە، بۇغا ئوتىدىن 15 گىرام ئېلىپ قاينىتىپ ئىچكۈزۈلسە بولىدۇ.

2. بالىياتقۇ بويىنى ياللۇغى ۋە سۈيدۈك تۇتۇلۇشنى داۋالاشتا، ياۋا كۈنجۈتتىن 15 گىرام ئېلىپ قاينىتىپ، كۈندە ئىككى قېتىم ئىچكۈزۈلسە بولىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] مۇۋاپىق مىقداردا ئىشلىتىلىدۇ. قاينىتىلمىسىدىن 15 مىللىلىتىرغىچە ئىشلىتىلىدۇ.

[زىيانلىق تەسىرى] باشنى قايدۇرىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] مەستىكى.

[ئورۇنباسارى] كۈنجۈت.

[ۋەكىل خاراكتېرلىك پىششىق دورا ياسالمىسى] كۈنجۈت تالقىنى.

## قارا كۈنجۈت

### 卡拉困居提

(黑芝麻 hei zhi ma)

[لاتىنچە نامى] سىم سىم ئەسۋەد، سىم سىم سىياھ

[لاتىنچە نامى] Semen Sesamum nigrum

[ئىنگلىزچە نامى] Oriental sesamum Nigrum



قارا كۈنجۈت

[تونۇش] بۇ، زىغىر ئائىلىسىدىكى بىر يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك قارا كۈنجۈت (L. sesamum indicum) نىڭ قۇرۇتۇلغان پىشقان ئۇرۇقى بولۇپ، شەكلى ياپىلاق، تۇخۇمسىمان شەكىللىك، رەڭگى قارا، پۇرىقى ئاجىز، تەمى سۇس، چاينىسا مەززىلىك تەم بولۇپ، مېيى خۇش پۇراقلىق. (5.38 ـ رەسىم)

[چىقىش ئورنى] مەملىكىتىمىزنىڭ، جۈملىدىن شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ھەممە جايلىرىدىن چىقىدۇ. يەنە ھىندىستان ۋە باشقا ئىسسىق مەملىكەتلەردىنمۇ چىقىدۇ.

[يىغىپ ساقلاش] 8 ـ، 9 ـ ئايلاردا مېۋىسى پىشقاندا، ئۇرۇقى ئاجرىتىۋېلىپ ئاپتاپتا قۇرۇتۇپ، قۇرغاق جايدا ساقلىنىدۇ.

[خىمىيىلىك تەركىبى] تەركىبىدە 60% ماي بولۇپ، ئاساسلىق تەركىبى ماي كىسلاتاسى، زىغىر كىسلاتاسى، خاسىڭ كىسلاتاسى، سېسامولىن (sesamolin)، سېسامول (sesamol)، ۋىتامىن E، يۇپۇرماق كىسلاتاسى، نىكوتىن كىسلاتاسى، ئاقسىل، قارا پىگمېنت، كالتسىي، مىس، سىنك قاتارلىق مىكرو ئېلېمېنت تەركىبلىك ماددىلار بار.

[فارماكولوگىيەلىك تەسىرى] ئۇرۇقىدىن ئېلىنغان ماددا قاندىكى قەنتنى چۈشۈرىدۇ، جىگەر ۋە مۇسكۇل-
دىكى قەنت مىقدارىنى كۆپەيتىدۇ. يېغى بۆرەك ئۈستى بېزى پوستلاق ماددىسىنىڭ خىزمىتىنى يەڭگىل
دەرىجىدە تورمۇزلاش، ئارتېرىيەلىك بوتقىسىمان قېتىشقا قارشى تۇرۇش، ئاكتىپ ئوكسىگېننى تورمۇز-
لاش تەسىرىگە، ئۇرۇقى ئىچىنى سۈرۈش تەسىرىگە ئىگە.

[لايىقلاشتۇرۇلۇشى] يۇيۇش، قورۇتۇش ئارقىلىق لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە ھۆل ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى] سۈت ۋە مەني كۆپەيتىش، ئىششىقنى ياندۇرۇش، چاچنى ئوزۇقلاندۇرۇش، بەدەننى
سەمرىتىش، ھەيزنى راۋانلاشتۇرۇش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر] چاچ بالدۇر ئاقىرىش، سۈت ۋە مەني كەملىك، بالىياتقۇ ياللۇغى، ھەيز
تۇتۇلۇش قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. چاچنى ئوزۇقلاندۇرۇش، چاچنى قارايتىش ئۈچۈن، مۇۋاپىق مىقداردا قارا كۈنجۈتنى ئېزىپ،
چاچقا چاپسا بولىدۇ.

2. بەدەننى سەمرىتىش، سۈت، مەني پەيدا قىلىش، باھنى قۇۋۋەتلەش ئۈچۈن قارا كۈنجۈت ۋە
تاتلىق بادام مېغىزىدىن 10 گىرامدىن ئېلىپ، سوفۇپ تەييارلاپ ئىستېمال قىلسا بولىدۇ.

3. كۈنجۈت بىلەن زىغىردىن 10 گىرامدىن ئېلىپ قايىنتىپ، سۈزۈپ، كىندىك ئاستىغا زىمات
قىلسا، بالىياتقۇ ئىششىقىنى ياندۇرىدۇ. سۈيىنى نوقۇت بىلەن بىرگە يېسە، ھەيزنى ماڭدۇرىدۇ ۋە بالا
چۈشۈرىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] 9 ~ 12 گىرامغىچە.

[زىيانلىق تەسىرى] تەستە ھەزىم بولىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] ئاچچىقسۇ، ھەسەل، شېكەر.

[ئورۇنباسارى] زىغىر.

[ۋەكىل خاراكتېرلىك پىششىق دورا ياسالمىسى] لوبوبى كەبىر، كۈنجۈت مېيى.

## ئاق كۈنجۈت

(白芝麻 bai zhi ma)

[باشقا ئاتىلىشى] سىم سىم سەفىد، ئاق كۈنجۈت ئۇرۇقى

[لاتىنچە نامى] Semen Sesamum indicun

[ئىنگلىزچە نامى] Oriental Sesamum white

[تونۇش] بۇ، زىغىر ئائىلىسىدىكى بىر يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك كۈنجۈتنىڭ ئۇرۇقى بولۇپ،
شەكلى ياپىلاق تۇخۇمسىمان، يۇمىلاق شەكىللىك، بىر ئۇچى يۇمىلاق، يەنە بىر ئۇچى ئۇچلۇق، رەڭگى
ئاق، تەمى مەززىلىك، پۇرىقى سۇس، مايلىقراق كېلىدۇ، 8 ـ، 9 ـ ئايلاردا مېۋىسى سارغۇچ قارا
رەڭگە كىرگەندە يىغىۋېلىپ، قورۇتۇپ تەييارلىنىدۇ. (6.38 ـ رەسىم)

[چىقىش ئورنى] شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايوندىن چىقىدۇ.

www.uyghurkitap.com


ئاق كۈنجۈت

[يىغىپ ساقلاش] بۇ ئۆسۈملۈكنىڭ ئۇرۇقى پىشقاندا يىغىپ كولاپ ئېلىپ، يۇيۇپ قۇرۇتۇپ ساقلىنىدۇ.

[خىمىيەلىك تەركىبى] تەركىبىدە ئاز مىقداردا سۇ ماددىسى، %52.75 ماي، %22.69 ئاقسىل، يېرىك تالا، قەنت تۈرىدىكىلەر، كۈل ماددىسى قاتارلىق تەركىبلەر بار.

[لايىقلاشتۇرۇلۇشى] يۇيۇپ قۇرۇتۇش ئارقىلىق لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە ھۆل ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى] بەدەننى سەمرىتىش، سۈت ۋە مەنىي پەيدا قىلىش، بوۋاسىر قېنىنى توختىتىش، ھەيز ماڭدۇرۇش خۇسۇسىيىتى بار.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر] ئورۇقلۇق، جىنسىي ئاجىزلىق، بوۋاسىر، ھەيز توسۇلۇش قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. 10 گىرام ئاق كۈنجۈتنى سوقۇپ سۇفۇپ تەييارلاپ، شېكەر ياكى خەشخاش قوشۇپ ئىستېمال قىلسا، بەدەننى سەمرىتىدۇ، باھنى قۇۋۋەتلەيدۇ، سۈت ۋە مەنىينى كۆپەيتىدۇ.

2. ئالتە گىرام ئاق كۈنجۈت بىلەن بىر گىرام ياڭاق مېغىزىنى يۇمشاق سوقۇپ، ئارىلاشتۇرۇپ ئىستېمال قىلسا، بوۋاسىر قېنىنى توختىتىدۇ.

3. مۇۋاپىق مىقداردىكى ئاق كۈنجۈتنى قايىنىتىپ، سۈيىنى نوقۇت بىلەن ئىچسە، ھەيزنى ماڭدۇرىدۇ ۋە بالا چۈشۈرىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] 9~12 گىرامغىچە.

[زىيانلىق تەسىرى] تەستە ھەزىم بولىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] ھەسەل، شېكەر.

[ئورۇنباسارى] زىغىر.

[ۋەكىل خاراكتېرلىك پىششىق دورا ياسالمىسى] لوبوبى كەبىر.

## كۆكنار ئۇرۇقى

## 扩克那尔欧如合

## (罂粟子 ying su zi)

[باشقىچە ئاتىلىشى] بەزرۇل خەشخاش، تۇخۇمى خەشخاش، تۇخۇمى كۆكنار، خاشخاش كى بيج

[لاتىنچە نامى] semen papaver somniferum

[لاتىنچە نامى] Opium popy seed

[تونۇش] بۇ، كۆكنار ئائىلىسىدىكى ئۆسۈملۈك (L. papa veris somniFerum) نىڭ پىشقان غوزا



كۆكنار ئۇرۇقى

مېۋىسىنىڭ ئۇرۇقى بولۇپ، ئۇرۇقى ئۇششاق، شەكلى بۆرەك شەكىللىك، رەڭگى ئاق ياكى قارا بولىدۇ. سىرتقى يۈزىدە تورسىمان سىزىقچە بار. تەمى ئاچچىق، پۇرىقى ئۆتكۈر كېلىدۇ. (5.38 ـ رەسىم)

[چىقىش ئورنى] ھىندىستان، ئىران، تۈركىيە، بۇلغارىيە قاتارلىق جايلاردىن ھەمدە مەملىكىتىمىزنىڭ بەلگىلەنگەن ئورۇنلىرىدا تېرىپ ئۆستۈرۈلىدۇ.

[يىغىپ ساقلاش] ياز پەسلىدە مېۋىسى پىشقاندا، ئۇرۇقى ئاجرىتىۋېلىنىپ، ئاپتاپتا قۇرۇتۇپ، قۇرغاق جايدا ساقلىنىدۇ.

[خىمىيەلىك تەركىبى] تەركىبىدە پاپاۋېرىن (papawerine)،

مورفىن (morphine)، ناركوتىن (narcotine)، كېدەيىن، (codeine)، تېبايىن (thebaine) ئوچۇچان تەركىب قاتارلىق تەركىبلەر بار.

[لايىقلاشتۇرۇلۇشى] قۇرۇتۇش ئارقىلىق لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

[تەبىئىتى] بىرىنچى دەرىجىدە ھۆل سوغۇق.

[خۇسۇسىيىتى] سۈت ۋە مەنىي پەيدا قىلىش، بۆرەكنى قۇۋۋەتلەش، مەست قىلىش، ئۇخلىتىش، ئاغرىق پەسەيتىش، مېڭە، جىگەر ۋە بەدەننى قۇۋۋەتلەش، ساپ قان پەيدا قىلىش، سەمرىتىش، بەلغەم بوشىتىش، مەنىينى تۇتۇش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر] مېڭە، جىگەر ۋە بۆرەك ئاجىزلىقى، كۆكرەك يىرىكلىكى، مەنىي بالدۇر كېتىش، بەدەن ئاجىزلىق، ئىچ سۈرۈش، يۆتەل پەسەيتىش قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. يۆتەل، ئىچ سۈرۈش ۋە مەنىي بالدۇر يۈرۈپ كېتىش قاتارلىقلارنى داۋالاشتا كۆكنار ئۇرۇقىدىن بەش گىرام ئېلىپ، سۇفۇپ تەييارلاپ ئىچىپ بەرسە بولىدۇ.

2. ئۆپكىدىكى يىرىڭنى يوقىتىش، مېڭىنى قۇۋۋەتلەش، جىگەر ۋە بۆرەك ئاجىزلىقىنى داۋالاش ئۈچۈن، كۆكنار ئۇرۇقىدىن 10 گىرام ئېلىپ، قاينىتىپ ئىچىپ بەرسە بولىدۇ.

3. مېڭە ۋە ئومۇمىي بەدەننى قۇۋۋەتلەش ئۈچۈن، كۆكنار ئۇرۇقىدىن سەككىز گىرام، ئۇستقۇدۇس، گاۋزىبان، لاچىنداننىڭ ھەربىرىدىن 10 گىرام، ھەسەلدىن 200 گىرام ئېلىپ، قائىدە بويىچە مەجۇن تەييارلاپ ئىستېمال قىلىنىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] 1 ～ 3 گىرامغىچە.

[زىيانلىق تەسىرى] كۆپ ئىشلىتىلسە مېڭە باھنى ئاجىزلاشتۇرىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] ھەسەل، بادام مېغىزى.

[ئورۇنباسارى] ياۋا كاھۇ ئۇرۇقى.

[ۋەكىل خاراكتېرلىك پىششىق دورا ياسالمىسى] ھەببى شەقىقە، لوئوقى سەرپىستان، تەرياقى نەزلە، لوئوقى نەزلە، لوبوبى سەغىر.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# پىندۇق
## 分都克
### （欧榛 ou zhen）

[باشقا ئاتىلىشى] تاش ياڭاق، جەلۇز، بىندۇق، فىندۇق، بادام كەشمىرى، بادام كوھى، بادام سەرگۇشتە

[لاتىنچە نامى] Semen Corylus ave llana

[ئىنگلىزچە نامى] Filbert Seed



پىندۇق

[تونۇش] بۇ، زەرنەپ ئائىلىسىدىكى ئۆسۈملۈك ئورمان ياڭىقى «پىندۇق» ياكى «تاش ياڭىقى» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ. مېۋىسى سۇس سارغۇچ، خورما رەڭ، شەكلى قاتتىق، تەمى تاتلىق، مېغىزىنىڭ ئازراق پۇرىقى بار.

[چىقىش ئورنى] جۇڭگو، پاكىستان، ياۋروپا، غەربىي ئاسىيا، رۇسىيە، ئۆزبېكىستان قاتارلىق جايلاردىن چىقىدۇ.

[يىغىپ ساقلاش] كۈز پەسلىدە مېۋىسى پىشقاندا ئۈزۈۋېلىپ قېنى ئاجرىتىپ ئېلىپ، ئاپتاپتا قۇرۇتۇپ، قۇرغاق جايىدا ساقلىنىدۇ.

[خىمىيەلىك تەركىبى] مېغىزى تەركىبىدە 17%~58% ياغ، 18.9%~51.4% كىچە ئاقسىل، 3%~58% كاربون سۇ بىرىكمىلىرى، ئۇنىڭدىن باشقا كاروتىن، تۆمۈر، تۇز قاتارلىق ماددىلار بار.

[لايىقلاشتۇرۇلۇشى] شاكىلىنى ئاجرىتىش، داغلاش ئارقىلىق لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىنىڭ ئاخىرىدا ھۆل ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى] سۈت ۋە مەنىي كۆپەيتىش، مېڭە ۋە نېرۋىنى قۇۋۋەتلەش، باھنى قۇۋۋەتلەش، بەدەننى سەمىرتىش، پەي - مۇسكۇللارنى چىڭىتىش، بەلغەم بوشىتىش، نەپەسنى راۋانلاشتۇرۇش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر] مېڭە ئاجىزلىقى، ئەستە تۇتۇش قابىلىيىتى تۆۋەنلەش، جىنسىي ئاجىزلىق، نېرۋا ئاجىزلىق، ئاشقازان ئاجىزلىقى، كۆپ ئېھتىلام بولۇش، مەنىي بالدۇر يۇرۇپ كېتىش، يۆتەل، زىققە، پەي، مۇسكۇل بوشاپ كېتىش قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىلىش ئۇسۇلى]

1. بەدەننى سەمىرتىش، ئۇيقۇ كەلتۈرۈش ئۈچۈن، پىندۇق مېغىزىنى چاي ياكى سۈت بىلەن كۈندە

مۇۋاپىق مىقداردا ئىستېمال قىلىپ بەرسە بولىدۇ.

2. جىنسىي ئاجىزلىقنى داۋالاش، مەنىي كۆپەيتىش ئۈچۈن سۆئىلەپ مىسرىدىن 10 گىرام، پىندۇق مېغىزىدىن 20 گىرام، چىلغوزا مېغىزىدىن 15 گىرام ئېلىپ، سوقۇپ تەييارلاپ ئىچىپ بەرسە بولىدۇ.

3. بۆرەك ۋە باھنى قۇۋۋەتلەش ئۈچۈن پىندۇق مېغىزى، سۆئىلەپ مىسرى، نارجىلدىن 10 گىرام، ئاقىرقەرھادىن يەتتە گىرام، شاقاقۇلدىن 10 گىرام، تۇخۇم سېرىقىدىن ئۈچ دانىدىن ئېلىپ سوقۇپ تەييارلاپ ئىچىپ بەرسە بولىدۇ.

4. نەپەسنى راۋانلاشتۇرۇش ئۈچۈن، سەرپىستان، بادام مېغىزى، پىندۇق مېغىزىدىن 15 گىرام ئېلىپ، سوقۇپ تەييارلاپ ئىچىپ بەرسە بولىدۇ.

[**ئىشلىتىش مىقدارى**] 6 ～ 12 گىرامغىچە.

[**زىيانلىق تەسىرى**] ئاشقازانغا زىيان قىلىدۇ.

[**تۈزەتكۈچىسى**] پىننە، قەلەمپۇر.

[**ئورۇنباسارى**] ياڭاق، چىلغوزا مېغىزى.

[**ۋەكىل خاراكتېرلىك پىششىق دورا ياسالمىسى**] لوبوبى كەبىر، ھالۋائى بەيزە.

## چىلغوزا
## 其力呼孜
## （松子仁 song zi ren）

[**باشقا ئاتىلىشى**] ھەببى سەنوبەر، ماي قارىغاي مېۋىسى

[**لاتىنچە نامى**] Semen Pinum sibirica

[**ئىنگلىزچە نامى**] Pine Seed


چىلغوزا

[**تونۇش**] بۇ، دائىم كۆكىرىپ تۇرىدىغان دەرەخ سەنۇبەر (قارىغاي) ئائىلىسىدىكى ئۇسۇملۇك مايلىق قارىغاي (Pinus tabulaeformis Carr) ۋە يۈننەن قارىغىيىنىڭ (Pinus yumnna nesis Franch) ئورۇقىدىن ئىبارەت بولۇپ، بۇ ئۇسۇملۇكنىڭ ئورۇقى، مېۋىسى ئۇيغۇر تېبابىتىدە «چىلغوزا» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ. رەڭگى قىزغۇچ قوڭۇر، ئىچىدىن ئاق رەڭلىك مېغىزى چىقىدۇ. مېغىزىنىڭ نېپىز بىر قەۋەت پوستى بار. تەمى تاتلىق، پۇرىقى سۇس كېلىدۇ. (9.38 - رەسىم)

[**چىقىش ئورنى**] مەملىكىتىمىزنىڭ لياۋنىڭ، جىلىن، خېبېي، شەندۇڭ، سەنشى، گەنسۇ، ئىچكى موڭغۇل،

نڭشيا، چىڭخەي، خېنەن، ئەنخۇي، جياڭسۇ، جياڭسۇ، جېجياڭ، فۇجيەن، تەيۋەن، گۇاڭدۇڭ، گۇاڭشى، خۇ-
نەن، سىچۇەن، گۈيجۇ، يۈننەن قاتارلىق جايلىرىدىن ھەمدە چاۋشەن، ئافغانىستان، ياپونىيە قاتارلىق
مەملىكەتلەردىن چىقىدۇ.

[**يىغىپ ساقلاش**] مېۋىسى پىشقاندا يىغىۋېلىنىپ، ئاپتاپتا قۇرۇتۇپ، قۇرغاق جايدا ساقلىنىدۇ.

[**خىمىيەلىك تەركىبى**] مېغىزىنىڭ تەركىبىدە 79.9% ياغلىق ماي بولۇپ، ئاساسىي تەركىبى ئولېئىن (oleine)، لىنولېئىن (linoleine)، پالماتىن (palmatin)، ئاقسىل، كۆل ماددىلىرى، كاربون سۇ بىرىكمىلىرى، سېترون، ۋىتامىن، ئانورگانىك تۇز، تۇز، فوسفورلۇق ماددا مىكرو ئېلېمېنت، تالاش ماددا قاتارلىق تەركىبلەر بار.

[**فارماكولوگىيەلىك تەسىرى**] قېرىلىققا قارشى تۇرۇش، ئوكسىدلىنىشقا قارشى تۇرۇش، تېرىنى سىلىق-لاشتۇرۇش، يۈرەكنى قۇۋۋەتلەش، تىنچلاندۇرۇش، بەدەننى قۇۋۋەتلەش، ئورگانىزمنىڭ ئىممۇنىتېت كۈچىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش، مېڭىنى قۇۋۋەتلەش، يۈرەك قان تومۇر كېسەللىكلىرىنىڭ ئالدىنى ئېلىش، ئۈچەينى سىلىقلاش، چوڭ تەرەتنى راۋانلاشتۇرۇش تەسىرىگە ئىگە.

[**لايىقلاشتۇرۇلۇشى**] شاكىلىنى ئاجرىتىش، داغلاش ئارقىلىق لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

[**تەبىئىتى**] بىرىنچى دەرىجىدە ھۆل ئىسسىق.

[**خۇسۇسىيىتى**] باھنى قۇۋۋەتلەش، سۈت ۋە مەنىي كۆپەيتىش، بەدەننى ۋە ئۆپكىنى قۇۋۋەتلەش، تۇسالغۇلارنى ئېچىش، نەپەسنى راۋانلاشتۇرۇش، يۆتەل پەسەيتىش، بەلغەمنى سۇرۇپ چىقىرىش، بەدەننى قىزىتىش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە.

[**ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر**] بەدەن ۋە باھ ئاجىزلىقى، بەل ئاغرىقى، يۆتەل، زىققە، دەم سىقىلىش، كاناي ياللۇغى، ئاۋاز پۈتۈپ قېلىش قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[**ئىشلىتىش ئۇسۇلى**]

1. كاناي ياللۇغى، يۆتەل، دەم سىقىلىشنى داۋالاش ئۈچۈن، بادام مېغىزىدىن 20 گىرام، چىلغوزىدىن 30 گىرام، زۇپادىن 15 گىرام، بېھى ئۇرۇقىدىن 10 گىرام، پىرسىياۋشاندىن 20 گىرام، قەنتتىن 30 گىرام ئېلىپ، قائىدە بويىچە لوئوق تەييارلاپ، بىر كۈندە ئۈچ ۋاق، 10 گىرامدىن ئىچسە بولىدۇ.

2. باھنى قۇۋۋەتلەش ئۈچۈن، چىلغوزا مېغىزىدىن 30 گىرام، ئاقىرقەرھا، كاۋاۋچىنىدىن 10 گىرامدىن، سۆئەلپتىن 20 گىرام ئېلىپ، قائىدە بويىچە سۇفۇپ تەييارلاپ ئىستېمال قىلىنىدۇ.

3. ئاۋازنى ياخشىلاش ئۈچۈن چىلغوزا مېغىزى بىلەن شېكەرنى بىرلەشتۈرۈپ سوقۇپ ئىچسە بولىدۇ.

[**ئىشلىتىش مىقدارى**] 7 ~ 12 گىرامغىچە.

[**زىيانلىق تەسىرى**] تەستە سىڭىدۇ.

[**تۈزەتكۈچىسى**] رۇمبەدىيان، سىركەنجۇبىل، ئاچچىق ئانار.

[**ئورۇنباسارى**] بادام مېغىزى، پىستە مېغىزى، شاقاقۇل، ھەببۇلغار.

[**ۋەكىل خاراكتېرلىك پىششىق دورا ياسالمىسى**] لوئوقى چىلغوزا، لوئوقى سەرپىستان، لوئوقى بادام، لوئوقى خەشخاش.

## تۇدەرى

## 图地日

## (独行菜子 du xing cai zi)



تۇدەرى

[باشقا ئاتىلىشى] بەزرۇل خەلخەم، بەزرۇل ھۇۋە، تۇ-خۇمى تۇدەرى

[لاتىنچە نامى] Semen Lepidium apetalum

[ئىنگلىزچە نامى] pepperweed Seed

[تونۇش] بۇ، كىرېست گۈللۈكلەر ئائىلىسىدىكى ئۆ-سۈملۈك تۇرى (Lepidium opetalum Wiud) ياكى ئامېر-كا تۇدەرى (Lepiduum Viginicum) نىڭ ئۇرۇقى بولۇپ، «تۇدەرى» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ. رەڭگى ئاق قىزىل، سېرىق رەڭلەردە بولىدۇ، تەمى ئاچچىق، پۇرىقى سۇس كېلىدۇ. (38 . 10 ـ رەسىم)

[چىقىش ئورنى] مەملىكىتىمىزنىڭ دۇڭبېي، خېبېي، ئىچكى موڭغۇل، شەندۇڭ، شەنشى، گەنسۇ، چىڭخەي، يۈننەن، سىچۈەن، جىلىن، لياۋنىڭ، فۇجيەن، ئەنخۇي، جياڭشى، جياڭسۇ قاتارلىق جايلىرىدىن چىقىدۇ ھەم ئامېرىكا، ئىران قاتارلىق ئەللەردىن چىقىدۇ.

[يىغىپ ساقلاش] ياز پەسلىدە مېۋىسى سارغىيىپ، ئۇرۇقى قاتقاندىن كېيىن يەر ئۈستى قىسمىنى كېسىۋېلىپ ئاپتاپتا قۇرۇتۇپ، ئۇرۇقى ئاجرىتىۋېلىنىپ يېيىپ قۇرۇتۇلىدۇ.

[خىمىيەلىك تەركىبى] تەركىبىدە ياغلىق ماي، ئاقسىل، قەنت، سىنالبىن، يۈرەكنى كۈچەيتكۈچى گىلۇكوزىد قاتارلىق ماددىلار بار.

[فارماكولوگىيەلىك تەسىرى] ئىسپىرتتا ئايرىپ ئېلىنغان جەۋھىرى يۈرەكنى قۇۋۋەتلەش تەسىرىگە ئىگە.

[لايىقلاشتۇرۇلۇشى] يۇيۇش، قۇرۇتۇش ئارقىلىق لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە ھۆل ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى] باھنى قۇۋۋەتلەش، مەنىي ۋە سۈت پەيدا قىلىش، سەمرىتىش، ئوزۇقلۇق تولۇقلاش، بەلغەم بوشىتىش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر] بۆرەك ۋە باھ ئاجىزلىقى، مەنىي بالدۇر يۈرۈپ كېتىش، بۆرەك ۋە بەدىنى ئورۇقلاش، كۆپ ئېھتىلام بولۇش، ئاياللاردىكى سۈت كەملىك قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. سۈت ۋە مەنىي كۆپەيتىش ئۈچۈن، چىلغوزا، پىستە مېغىزىدىن 15 گىرامدىن، كۇنجۇت ۋە تۇدەرىدىن 10 گىرامدىن ئېلىپ، قائىدە بويىچە سۇفۇپ تەييارلاپ، كۈندە ئىككى قېتىم ئىچىپ بەرسە بولىدۇ.

www.uyghurkitap.com

2. باھنى قۇۋۋەتلەش ئۈچۈن، ياڭاق مېغىزى، چىلغوزا مېغىزى، تۇدەرى قاتارلىقلاردىن 10 گرامدىن، ئاق بەھمەن، قىزىل بەھمەن، ئاقىرقەرھالاردىن ئالتە گرامدىن ئېلىپ، قائىدە بويىچە سۇفۇپ تەييارلاپ ئىستېمال قىلىنىدۇ.

3. بۆرەك ۋە بەدەننى سەمرىتىش ئۈچۈن، شاقاقۇل، تۇدەرى، سۆئلەپ قاتارلىقلاردىن 10 گرامدىن، كۈنجۈتتىن يەتتە گرام ئېلىپ، سۇفۇپ تەييارلاپ ئىستېمال قىلىنىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] 10 ~ 15 گرامغىچە.

[زىيانلىق تەسىرى] ئاشقازانغا زىيان قىلىدۇ. غىدىقلىنىش ھەم بىئاراملىق پەيدا قىلىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] دارچىن، بەدىيان، لاچىندانە.

[ئورۇنباسارى] ئاق بەھمەن.

[ۋەكىل خاراكتېرلىك پىششىق دورا ياسالمىسى] لوبوبى كەبىر، مەجۇنى سۆئلەپ، مۇقەۋۋى باھ.

## پستە مېغىزى
## 皮斯塔麦核子
(阿月浑子 a yue hui zi)

[باشقا ئاتىلىشى] خەتەقە، مېغىزى پستە

[لاتىنچە نامى] Semen pistacia vera

[ئىنگلىزچە نامى] Common pistache seed


پستە دەرىخى

[تونۇش] بۇ، سىر دەرىخى ئائىلىسىدىكى بىر خىل چاتقال ئۆسۈملۈكنىڭ مېۋە پستىنىڭ مېغىزىدىن ئىبارەت بولۇپ، بۇ باغنىڭ ۋە تاغنىڭ دەپ ئىككى خىل بولىدۇ، دورا ئۈچۈن «پستە مېغىزى» نامدا باغنىڭكى ئىشلىتىلىدۇ. مېۋىسى تۇخۇم شەكىللىك، سەل ياپىلاق، رەڭگى ئاققا مايىل سارغۇچ رەڭدە، مېغىزى كۆككە مايىل بىنەپشە رەڭدە، تەمى تاتلىق، پۇرىقى سۇس كېلىدۇ. (11.38 ـ رەسىم)

[چىقىش ئورنى] جەنۇبىي شىنجاڭ رايونلىرىدا تىكىپ ئۆستۈرۈلىدۇ، ئوتتۇرا ئاسىيا ئەللىرىدىن ھەم سۇرىيەدىنمۇ چىقىدۇ.

[يىغىپ ساقلاش] بۇ ئۆسۈملۈكنىڭ مېۋىسى پىشقاندا يىغىۋېلىپ، پوستىنى ئايرىپ قۇرۇتۇپ، قۇرۇق ۋە سالقىن جايدا ساقلىنىدۇ.

[خىمىيىلىك تەركىبى] مېغىزىدا ئاقسىل، مايلىق ياغلار بار، مېغىزىدىكى مايلىق ياغ 43%~65% كىچە، ئازوت 2%، قەنت تۈرىكىلەر 10%، تالالىق ماددا 4%، كۈل ماددىسى 3% كە

يېتىدۇ، يەنە كاروتىن، ۋىتامىن E، ۋىتامىن C، $B_1$، $B_2$، نىكوتىن كىسلاتاسى (Nicotinic Acid) قاتارلىقلار بار. يوپۇرمىقىدا تانىنىك كىسلاتاسى بار.

[**تەبىئىتى**] بىرىنچى دەرىجىدە هۆل ئىسسىق.

[**خۇسۇسىيىتى**] مېڭە، يۈرەك، باھ، بۆرەك ۋە ئومۇمىي بەدەننى قۇۋۋەتلەش، توسالغۇلارنى ئېچىش، سۈت ۋە مەنىي كۆپەيتىش، بەدەننى سەمرىتىش، ئۇيقۇ كەلتۈرۈش، زەھەر قايتۇرۇش خۇسۇسىيىتى بار.

[**ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر**] مېڭە ۋە يۈرەك ئاجىزلىقى، ئەستە ساقلاش ئىقتىدارى تۆۋەنلەش، ئۇنتۇغاقلىق، بەدەن ئورۇقلاش، ئومۇمىي بەدەن ئاجىزلىقى، بۆرەك ئورۇقلاپ كېتىش، باھ ئاجىزلىقى، مەنىي سۇيۇلۇپ كېتىش، مەنىي بالدۇر يۇرۇپ كېتىش، يۆتەل، زۇكام، دەم سىقىلىش، ئۇيقۇسىزلىق قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[**ئىشلىتىش ئۇسۇلى**]

1. پىستە مېغىزى، بادام مېغىزى، چىلغوزا مېغىزىنىڭ ھەربىرىدىن 10 گىرام، ناۋاتتىن 60 گىرام ئېلىپ، بۇ دورىلارنىڭ ھەممىسىنى سوقۇپ سۇفۇپ تەييارلاپ، كۈندە ئىككى قېتىم يەپ بەرسە چىش تۈۋىنى چىڭىتىدۇ، ئېغىزنى خۇشبۇي قىلىدۇ، ئېغىزدىكى پىشلاقنى يوق قىلىدۇ، ھېق تۇتۇشنى ۋە ئىچ سۈرۈشنى توختىتىدۇ، ئۇسسۇزلۇقنى پەسەيتىدۇ، مېڭە، يۈرەك، باھ ۋە بۆرەكنى قۇۋۋەتلەيدۇ.

2. مۇۋاپىق مىقداردىكى پىستە مېغىزىنى سۈت بىلەن قوشۇپ ئىچسە، چايان ۋە زەھەرلىك ھاشارات چاققاننىڭ زەھىرىنى قايتۇرىدۇ.

3. چىلغوزا مېغىزىدىن 30 گىرام، بادام مېغىزىدىن 20 گىرام، پىستە مېغىزىدىن 10 گىرام ئېلىپ، قائىدە بويىچە سوقۇپ، 100 گىرام ھەسەل بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ، بىر كۈندە ئۈچ ۋاق 10 مىللىگىرامدىن ئىچىپ بەرسە، بەدەن ئاجىزلىقى، بۆرەك ئورۇقلاش، ئۇيقۇسىزلىق قاتارلىقلارغا شىپا بولىدۇ.

4. زىغىر، بادام مېغىزى، قورۇتۇلغان زۇپا 10 گىرامدىن، پىستە مېغىزىدىن 20 گىرام، قەنتتىن 150 گىرام ئېلىپ، قائىدە بويىچە لوئوق تەييارلاپ، بىر كۈندە ئۈچ ۋاق 10 گىرامدىن ئىچىپ بەرسە، بەلغەم بوشىتىدۇ، دەم سىقىلىش ئۈچۈن شىپا بولىدۇ.

5. پىستە پوستىنىڭ شىرنىسى بىلەن باشنى يۇسا، ۋەسۋەسە ۋە مالىخولىيا كېسەللىكلىرىگە پايدا قىلىدۇ.

[**ئىشلىتىش مىقدارى**] 7～10 گىرامغىچە.

[**زىيانلىق تەسىرى**] ھەزىمنى بۇزىدۇ.

[**تۈزەتكۈچىسى**] بەدىيان، پىننە.

[**ئورۇنباسارى**] بادام مېغىزى، ياڭاق، ھەببەتۇلخىزرا.

[**ۋەكىل خاراكتېرلىك پىششىق دورا ياسالمىسى**] پىستە مېغىزى لوئوقى، لوبوبى كەبىر، لوئوقى چىلغوزا.

[**قوشۇمچە**] پىستىنىڭ تاشقى پوستى ئىچ سۈرۈش، تولغاق، قۇسۇش، كۆڭۈل ئېلىشىش قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ. پوستىنى سۇدا قاينىتىپ، سۇيىدە ئولتۇرسا، مەقئەت چىقىپ قېلىشقا پايدا قىلىدۇ. پىستە دەرىخىنىڭ پوستى ۋە يوپۇرمىقىنى قاينىتىپ بەدەننى يۇسا، نەزلىنى توختىتىدۇ. بەش گىرام پىستىنىڭ تاشقى پوستىنى سوقۇپ، ناۋات بىلەن سۇفۇپ تەييارلاپ ئىچسە، ئىچ سۈرۈشنى توختىتىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورىستانى
www.uyghurkitap.com

# ھەببەتۇلخۇزرا

## 艾比托力租热

## （薷香子 xiang zi）

[باشقا ئاتىلىشى] بەتەم دەرىخى مېۋىسى.

[لاتىنچە نامى] Semen pistacia terebinthus

[ئىنگلىزچە نامى] Terebinthus Seed

[تونۇش] بۇ، بەتەم دەرىخىنىڭ مېۋىسىدىن ئىبارەت بولۇپ، يوپۇرمىقى ئۇزۇن، مېۋىسى خۇش پۇراقلىق، ئۇرۇقى دانلىق بولۇپ، خۇددى سۇماققا ئوخشايدۇ. چاقسا ئىچىدىن مېغىزى چىقىدۇ. مېغىزى يېشىل رەڭلىك تاتلىق ۋە تەملىك بولۇپ، پىستىگە ئوخشايدۇ، لېكىن پىستىدىن سىپتە ۋە تاتلىق ھەم سەل ياپىلاقراق كېلىدۇ. «تېرىنت دەرىخىنىڭ ئۇرۇقى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. (12.38 ـ رەسىم)

[چىقىش ئورنى] ھىندىستاندىن چىقىدۇ.

[يىغىپ ساقلاش] مېۋىسى پىشقاندا يىغىۋېلىپ، ئاپتاپتا قۇرۇتۇپ، قۇرغاق جايدا ساقلىنىدۇ.

[لايىقلاشتۇرۇلۇشى] يۇيۇش، قۇرۇتۇش ئارقىلىق لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

[تەبىئىتى] ئۈچىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى] سۈت ۋە مەنىي كۆپەيتىش، بۆرەك ۋە باھنى قۇۋۋەتلەش، كۆڭۈلنى ئېچىش، بەدەننى ۋە بۆرەكنى قۇۋۋەتلەش، تاش پارچىلاش، قۇرت ئۆلتۈرۈش، يەل تارقىتىش، تېرىنى پارقىرىتىش، ئاۋازنى ساپلاشتۇرۇش، بەلغەم بوشىتىش، سۈيدۈك ۋە ھەيزنى راۋانلاشتۇرۇش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر] باھ ئاجىزلىقى، بەدەن ۋە بۆرەك ئورۇقلاش، مەددە قۇرت، سوغۇق يەل تۇرۇپ قېلىش، يۆتەل، زىققە، سۈيدۈك ۋە ھەيز راۋان بولماسلىق، تېرىدىكى داغ قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. يۆتەل توختىتىش، دەم سىقىلىشنى ياخشىلاش، ھەيز ۋە سۈيدۈكنى راۋانلاشتۇرۇش ئۈچۈن بەش گىرام ھەببەتۇلخۇزرانى بادام ۋە شېكەر بىلەن قوشۇپ ئىچسە بولىدۇ.

2. باش ئاغرىشنى توختىتىش ئۈچۈن، بەش گىرام ھەببەتۇلخۇزرانى سىركە بىلەن قوشۇپ ئىچسە بولىدۇ.

3. تەڭگىسىمان چاچ چۈشۈشنى داۋالاش ئۈچۈن ئۈچ گىرام ھەببەتۇلخۇزرانى كۆيدۈرۈپ باشقا سۈركىسە بولىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] 3 ~ 5 گىرامغىچە.

[زىيانلىق تەسىرى] ئىسسىقچان كىشىلەرنىڭ بېشىنى ئاغرىتىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] كەتىرا، بىنەپشە، قىزىلگۈل، سىركەنجۇبىل.

[ئورۇنباسارى] ئاچچىق بادام مېغىزى، ياڭاق.

## ھەببى زەلەم
## 艾比杂拉木
(铁荸界 tie bei jie)

[باشقا ئاتىلىشى] ھەببى زەلەم
[لاتىنچە نامى] Semen cyperus esculentus
[ئىنگلىزچە نامى] Egyptiannut

[تونۇش] بۇ بىر خىل ئۆسۈملۈكنىڭ ئۇرۇقى بولۇپ، «ھەببى زەلەم» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ. بۇ نوقۇتتىن چوڭراق، ياپىلاقراق ئۇرۇق بولۇپ، سىرتقى پوستى قارامتۇل كۆك، ياغلىشاڭغۇ كېلىدۇ. ئىچىدىن ئاق، خۇشبۇي، تاتلىق، تەملىك، مېغىزى چىقىدۇ. بۇ مېغىز ياغلىق كېلىدۇ. (38.13 ـ رەسىم)

[چىقىش ئورنى] مىسىردىن چىقىدۇ.

[يىغىپ ساقلاش] مېۋىسى پىشقاندا يىغىۋېلىنىپ، ئاپتاپتا قۇرۇتۇلۇپ، قۇرغاق جايدا ساقلىنىدۇ.

[لايىقلاشتۇرۇلۇشى] يۇيۇش، قۇرۇتۇش ئارقىلىق لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە ھۆل ئىسسىق، ئارتۇق ھۆللۈكى بار.

[خۇسۇسىيىتى] باھنى قوزغاش ۋە قۇۋۋەتلەش، مەنىي پەيدا قىلىش، بەدەننى سەمرىتىش، بۆرەك جىگەرنى كۈچلەندۈرۈش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر] باھ ئاجىزلىقى، يۆتەل، سۈيدۈك ئېچىشىپ كېلىش، مەنىي كەملىك، تېرىدىكى قارا داغلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. باھ ئاجىزلىقىنى داۋالاش ئۈچۈن، سۆئلەپ مىسرى، ھەببى زەلەم، پىندۇق مېغىزى، چىلغوزا مېغىزى قاتارلىقلاردىن 10 گىرامدىن ئېلىپ، دورىلارنى سوقۇپ سۇفۇپ تەييارلاپ ئىستېمال قىلىنىدۇ.

2. بۆرەك ۋە بەدەننى قۇۋۋەتلەش ئۈچۈن، مەۋسەل سەفىد، ئاقىرقەرھا، ھەببى زەلەم قاتارلىقلاردىن يەتتە گىرامدىن، ناۋاتتىن مۇۋاپىق مىقداردا ئېلىپ، سوقۇپ تۇخۇم سېرىقىغا ئارىلاشتۇرۇپ يېسە بولىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] 6 ~ 12 گىرامغىچە.

[زىيانلىق تەسىرى] توسالغۇ پەيدا قىلىدۇ ھەم گالغا زىيانلىق.

[تۈزەتكۈچىسى] كەتىرا.

[ئورۇنباسارى] ھەببەتۇلخۇزرا.

[ۋەكىل خاراكتېرلىك پىششىق دورا ياسالمىسى] لوبوبى كەبىر.

## ھەببى رىشاد
## 艾比日沙德
(家独行菜 jia du xing cai)

[باشقا ئاتىلىشى] ھەببۇررشات، توخۇمى سەپەندان، مارچۆبە
[لاتىنچە نامى] Semen Lepidium Sativum
[ئىنگلىزچە نامى] Cultivated Lepidium seed

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com


هالون گىياسى

[**تونۇش**] بۇ، كرېست گۈللۈكلەر ئائىلىسىدىكى بىر يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك هالون گىياسىنىڭ ئۇرۇقى بولۇپ، «ھەببى رشاد» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ. ئۇرۇقى قىزغۇچ بېغىر رەڭلىك، تۇخۇم شەكىللىك، سەل ياپىلاق، تەمى ئاچچىق، سەل پۇراقلىق بولۇپ، شىلىمشىق لوئابى چىقىدۇ. «قىزىل قىچا ئۇرۇقى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. (38 . 14 ـ رەسىم)

[**چىقىش ئورنى**] شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ئىلى رايونىدىن چىقىدۇ. يەنى مەملىكىتىمىزنىڭ خېيلۇڭجياڭ، جىلىن، شەندۇڭ، شىزاڭ قاتارلىق جايلىرىدىن ھەمدە ياۋروپا، غەربىي ئاسىيادىكى دۆلەتلەردىنمۇ چىقىدۇ.

[**يىغىپ ساقلاش**] مېۋىسى پىشقاندا يىغىۋېلىپ، ئاپتاپتا قۇرۇتۇپ، قۇرغاق جايدا ساقلىنىدۇ.

[**خىمىيەلىك تەركىبى**] ئۇرۇقىدا 58% مايلىق ياغ بار، بېنزىل تىيو سىيانىن (benzyl thiocyana te)، بېنزول ئىسوسىيانىن (benzyl isothioe cyanate) گىلىكو سنولەت، (gluo cyan ate)، گىلۇك بىرەكسېتىس (gluco brassicin) قاتارلىق ماددىلار بار ئۇرۇقىدا 0.1% ئۇچۇچان ماي بار.

[**فارماكولوگىيەلىك تەسىرى**] ئۇرۇقى ئوتتۇرا ھال دەرىجىدە غىدىقلاش تەسىرىگە ئىگە. كۆپ خىل مىقداردا ئىشلەتكەندە بويىدىن ئاجراشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. زەھەر قايتۇرۇش، باكتېرىيەگە قارشى تۇرۇش تەسىرىگە ئىگە.

[**لايىقلاشتۇرۇلۇشى**] يۇيۇش، قۇرۇتۇش ئارقىلىق لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

[**تەبىئىتى**] ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[**خۇسۇسىيىتى**] سۈت ۋە مەنىي كۆپەيتىش، بۆرەك ۋە باھنى قۇۋۋەتلەش، قان پەيدا قىلىش، ئىشتىھانى ئېچىش، بەلغەم بوشىتىش، ھەزىمنى ياخشىلاش، ماددىلارنى تارقىتىش، تېرىنى قىزارتىش، سۈيدۈك ۋە ھەيزنى راۋانلاشتۇرۇش، تېرىنى پارقىرىتىش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە.

[**ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر**] يۆتەل، زىققە، ھەزىمنىڭ ناچارلىقى، ئىشتىھاسىزلىق، باھ ئاجىزلىقى، سۈيدۈك تۇتۇلۇش، ھەيز توختاپ قېلىش، ئاقكېسەل، سەپكۈن، داغ قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[**ئىشلىتىش ئۇسۇلى**]

1. باھنى قۇۋۋەتلەش ئۈچۈن، مۇۋاپىق مىقداردا ھەببى رشادنى يۇمشاق سوقۇپ، تالقانلاپ، ئازراق تۇز ۋە تۇخۇمنىڭ سېرىقى بىلەن قوشۇپ يېسە بولىدۇ.

2. بەرەس، بەھەق، سەپكۈن قاتارلىق تېرە كېسەللىكلىرىنى داۋالاش ئۈچۈن، مۇۋاپىق مىقداردا ھەببى رشادنى ئېزىپ يەرلىك ئورنىغا تاڭسا بولىدۇ.

[**ئىشلىتىش مىقدارى**] 2 ~ 3 گىرامغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

[زىيانلىق تەسىرى] دوۋسۇنغا زىيان قىلىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] شېكەر، تەرخەمەك ئۇرۇقى.

[ئورۇنباسارى] قىچا.

[ۋەكىل خاراكتېرلىك پىششىق دورا ياسالمىسى] سۇفۇپى ھەببى رشاد.

## يەر ياڭىقى

## 亚热样克

(落花生 luo hua sheng)

[باشقا ئاتىلىشى] يەر ياڭىقى ئۇرۇقى، خاسىڭ

[لاتىنچە نامى] Semen Arachis hypogaea

[ئىنگلىزچە نامى] Peanut Seed

[تونۇش] بۇ، پۇرچاق ئائىلىسىدىكى بىر يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك يەر ياڭىقىنىڭ ئۇرۇقىدىن ئىبارەت بولۇپ، مېۋىسى ئادەتتە ئېللىپىس شەكىللىك، پوستى قېلىن بولۇپ، ئىچىدىن بىردىن تۆت دانىغىچە ئۇرۇق چىقىدۇ. مېغىزى ئاق رەڭلىك، تاتلىق كېلىدۇ. بۇ ئۆسۈملۈكنىڭ ئۇرۇقى «يەر ياڭىقى» ياكى «خاسىڭ» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ. (38 .15 ـ رەسىم)



يەر ياڭىقى

[چىقىش ئورنى] ئېلىمىزنىڭ ھەممە جايلىرىدا تېرىپ ئۆستۈرۈلىدۇ، بولۇپمۇ تۇرپاندىن كۆپرەك چىقىدۇ، ئۇنىڭدىن باشقا ياۋروپا، شىمالىي ئافرىقا قاتارلىق جايلاردىن چىقىدۇ.

[خىمىيەلىك تەركىبى] ئۇرۇقىدا %50~%40 كىچە ئەتراپىدا مايلىق ياغ، %30~%20 كىچە ئازوتلۇق ماددىلار، %21~%8 كىچە كىراخمال، تالالىق ماددىلار، سۇ، ۋىتامىن قاتارلىقلار بار.

[فارماكولوگىيەلىك تەسىرى] قان توختىتىش تەسىرى: يەر ياڭىقى مېغىزىنى يېگەندىن كېيىن، قاناشقا مايىللىق كېسەللىكى بىلەن ئاغرىغان ئاغرىقلاردىكى قاناش ئەھۋالىنى ياخشىلايدىغانلىقى مەلۇم. پەقەت A تىپلىق قاناشقا مايىللىق كېسەللىكى بىلەن ئاغرىغۇچىلارغا ئۈنۈمى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى B تىپلىق قاناشقا مايىللىق كېسەللىكى بىلەن ئاغرىغۇچىلارغا تېخىمۇ ياخشى ئۈنۈم بېرىدۇ.

[لايىقلاشتۇرۇلۇشى] پوستىدىن ئايرىپ داغلاش، قورۇتۇش ئارقىلىق لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

[تەبىئىتى] بىرىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى] باھنى قۇۋۋەتلەش، ئومۇمىي بەدەننى قۇۋۋەتلەش، سۈت ۋە مەنىي كۆپەيتىش، مېڭە ۋە ئەسەبلەرنى قۇۋۋەتلەش، بەدەننى قورۇتۇش، ئوزۇقلۇق بولۇش خۇسۇسىيىتى بار.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر] باھ ئاجىزلىق، ماغدۇرسىزلىق، نېرۋا ئاجىزلىقى، ئاق خۇن كۆپ كېلىش، مەنىي بالدۇر يۇرۇپ كېتىش قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. خاسىڭدىن 15 گىرام، سۆئلەپ مىسرى، شاقاقۇلنىڭ ھەربىرىدىن 10 گىرام، بادام مېغىزى،

www.uyghurkitap.com

چىلغوزا مېغىزىنىڭ ھەربىرىدىن 15 گىرام ئېلىپ، قائىدە بويىچە سوقۇپ تالقانلاپ ئىستېمال قىلسا، باھ ۋە بەدەن ئاجىزلىقىغا مەنپەئەت قىلىدۇ.

2. خاسىڭدىن 10 گىرام، سۇمبۇلدىن ئۈچ گىرام، ئىپاردىن بىر گىرام ئېلىپ، قائىدە بويىچە سوقۇپ ھەسەل ئارىلاشتۇرۇپ، مەجۇن تەييارلاپ يېسە، مېڭە ۋە يۈرەكنى قۇۋۋەتلەيدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] 10 ~ 30 دانىغىچە.

[زىيانلىق تەسىرى] ئاشقازاننى بۇزىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] پىننە، زىرە.

[ئورۇنباسارى] ياڭاق مېغىزى.

[ۋەكىل خاراكتېرلىك پىششىق دورا ياسالمىسى] ھالۋائى سۆئلەپ.

يۇقىرىقىدىن باشقا سۆئلەپ مىسرى، بېدە ئۇرۇقى، پىياز ئۇرۇقى، ھەليون ئۇرۇقى، نارجىل، زاغۇن ئۇرۇقى، پەنىرمايە، سىيادان قاتارلىقلارمۇ سۈت ۋە مەنىي كۆپەيتكۈچى دورىلار قاتارىغا كىرىدۇ.

## ماھىرۇبيان

## 马依如比洋

(青虾 qing xia)

[باشقا ئاتىلىشى] جەردۇل بەھرى، مىلەڭ دەريائى

[تونۇش] بۇ بىر خىل دېڭىز ئاستىدا ياشايدىغان جانىۋارنىڭ پۈتۈن تېنى بولۇپ، چوڭ - كىچىك ئىككى خىل بولىدۇ، ھەر ئىككىلىسىنىڭ بەدەن شەكلى توم، قىسقا، رەڭگى ئاق ياكى ئاقۇچ مايىل قىزغۇچ بولۇپ، شەكلى ئاساسەن موزايبېشىغا ئوخشايدۇ. تەمى تاتلىق، يېپىشلىك، بۇ جانىۋارنىڭ پۈتۈن تېنى «ماھىرۇبيان» نامىدا دورىلىققا ئىشلىتىلىدۇ. (16.38 - رەسىم)



ماھىرۇبيان

[چىقىش ئورنى] ئېلىمىزنىڭ دېڭىز بويى رايونلىرىدىن چىقىدۇ.

[يىغىش ساقلاش] دېڭىزدىن تور سېلىش ئارقىلىق بېلىقچىلار بىلەن بىرگە تورغا چۈشىدۇ، ماھىرۇبيانىنى ئايرىپ ئېلىپ قۇرۇتۇپ، سوغۇق ۋە سالقىن جايدا ساقلىنىدۇ.

[لايىقلاشتۇرۇلۇشى] يۇيۇپ، قۇرۇتۇپ لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

[تەبىئىتى] بىرىنچى دەرىجىدە ھۆل ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى] بەدەننى قۇۋۋەتلەش ۋە سەمرىتىش، مەنىي كۆپەيتىش، باھنى قۇۋۋەتلەش، چوڭ تەرەتنى راۋانلاشتۇرۇش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر] باھ ۋە بەدەن ئاجىزلىقى، مەنىي ئازىيىپ كېتىش، قەۋزىيەت قاتارلىقلارغا

ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. ماھىرۇبىياندىن 60 گىرام، ئاقىرقەرھا، زەنجىۋىل، كابابەچىنىدىن ئالتە گىرامدىن ئېلىپ، مۇۋاپىق مىقداردىكى زەيتۇن يېغى، تۇخۇم سېرىقى، سۇڭپىياز، كۇدە قاتارلىقلار بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ، قائىدە بويىچە قورۇپ غىزا ئورنىدا ئىستېمال قىلىپ بەرسە، بەدەننى ۋە باھنى قۇۋۋەتلەيدۇ. يۈرەك ئاجىزلىقى، ھەزىم ناچارلىقىغا مەنپەئەت قىلىدۇ.

2. ماھىرۇبىياننى لوبوبى كەبىر، لوبوبى سەغىر، جاۋارش زەرئۇنى، مەجۇنى مۇبەھھى قاتارلىق ئومۇمىي بەدەننى ۋە باھنى قۇۋۋەتلەيدىغان، مەنىي كۆپەيتىپ ئەرلىكنى ئاشۇرىدىغان دورىلارنىڭ رېتسېپ تەركىبىگە قوشۇپ تەييارلىسا، تەسىرىنى تېخىمۇ ئاشۇرىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] 10 ~ 15 گىرامغىچە.

[زىيانلىق تەسىرى] تېرە قىچىشىشنى پەيدا قىلىدۇ، ئاشقازانغا زىيانلىق.

[تۈزەتكۈچىسى] بەدىيان، پىننە، ئانار سۈيى، بادام مېيى.

[ئورۇنباسارى] رىگماھى.

[ۋەكىل خاراكتېرلىك پىششىق دورا ياسالمىسى] لوبوبى كەبىر.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# ئوتتۇز توققۇزىنچى باب كۆز كېسەللىكلىرىگە ئىشلىتىلىدىغان دورىلار

كۆزنى قۇۋۋەتلەش، كۆزدىكى ماددا ئالمىشىشنى ياخشىلاش، كۆز مىزاجىنى تەڭشەش تەسىرى ئاساسلىق ئورۇندا تۇرىدىغان دورىلار ئومۇملاشتۇرۇلۇپ، كۆز كېسەللىكلىرىگە ئىشلىتىلىدىغان دورىلار دېيىلىدۇ.

بۇ خىلدىكى دورىلارنىڭ كۆپىنچىلىرىنىڭ تەبىئىتى قۇرۇق سوغۇق بولۇپ، كۆرۈش قۇۋۋىتىنى ئاشۇرۇش، «تەبىئەت» نى كۈچەيتىش، ياللۇغلىنىشقا قارشى تۇرۇش، كۆزدىكى ئاقنى يوقىتىش، توسالغۇلارنى ئېچىش تەسىرىنى بېرىدۇ. بۇلار ئاساسلىقى سۇرمە، سەرەس، قوي ئۆتى، ھۆپۈپ گۆشى، سىغىزخان، تاجگۈل ئۇرۇقى، تۇتىيا، مامىرانچىن، قىرىقبوغۇم، يانتاق، ئوغرىتىكەن، ئارپىبەديان، رۇسۇت، تاشچېچىكى قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.

## سۇرمە

## 苏日买

## （锑 ti）

**[باشقا ئاتىلىشى]** كوھلى، ئەسمۇد، رۇشنائى، سىياھ سۇرمە

**[لاتىنچە نامى]** Antimony nigrum

**[ئىنگلىزچە نامى]** Stibium Antimony

**[تونۇش]** بۇ بىر خىل پارقىراق، ياپىلاق، مەدەن جىنسىتىكى تاش بولۇپ، ۋەزنى ئېغىر، پارچىلانغاندا ھەر خىل شەكىلدىكى دانچىلارغا بۆلۈنۈپ، ئوخشاش بولمىغان پارقىراق، نۇرلۇق شەكىلنى ھاسىل قىلىدۇ. تومۇرلىرى ۋە دۇغلىرى يوق، يات ماددىلار ئارىلاشمىغان، ئېزىلگەندە قارىغا مايىل، ئەزاغا سۈركىگەندە قارا رەڭ چىقمايدىغان بولسا، ساپ سۇرمە ھېسابلىنىدۇ. (1.39 ـ رەسىم)

**[چىقىش ئورنى]** ئىران، مىسىر ھەمدە مەملىكىتىمىزنىڭ تاغلىق رايونلىرىدىن چىقىدۇ.

**[يىغىپ ساقلاش]** سۇرمە چىقىدىغان كانلاردىن قېزىپ ئېلىپ، ئارىلاشما ماددىلارنى تازىلىۋېتىپ پاكىزلاپ تەييارلاپ، قۇرغاق جايدا ساقلىنىدۇ.

**[لايىقلاشتۇرۇلۇشى]** يۇيۇپ كۆيدۈرۈپ، سالايە قىلىش ئارقىلىق لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

[**تەبىئىتى**] ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق سوغۇق.

[**خۇسۇسىيىتى**] ھۆللۈكنى قۇرۇتۇش، كۆزنى مۇھاپىزەت قىلىش، كۆزنى روشەنلەشتۈرۈش، چىرىشكە قارشى تۇرۇش، يىرىڭ تازىلاش، قان توختىتىش، ئارتۇق گۆشنى يوقىتىش، يارا - جاراھەتنى پۈتتۈرۈش، قاش - كىرپىكنى ئۆستۈرۈش، ئىچ سۈرۈشنى توختىتىش، باش ئاغرىقنى پەسەيتىش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە.

[**ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر**] كۆزنىڭ كۆرۈش قۇۋۋىتى ئاجىزلاش، كۆز ياشانغىراش، باش ئاغرىش، كۆز قىچىشىش، باشنىڭ يېرىمى ئاغرىش (شەقىقە)، ھەر خىل قاناش، ئوتتا كۆيگەن كۆيۈك قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[**ئىشلىتىش ئۇسۇلى**]

1. يىراقنى كۆرەلمەسلىك ئۈچۈن سۈرمىدىن 10 گىرام، ئىپاردىن 0.5 گىرام ئېلىپ، ئايرىم - ئايرىم سالايە قىلىپ ئارىلاشتۇرۇپ كۆزگە تارتىلىدۇ.

2. ياش ئېقىشنى توختىتىش ئۈچۈن سۈرمىدىن بىر گىرام، رۇسۇتتىن 10 گىرام ئېلىپ، ئارىلاشتۇرۇپ سوقۇپ سۇفۇپ تەييارلاپ، كۈندە بىر قېتىم كۆزگە تارتىلىدۇ.

3. قان توختىتىش ئۈچۈن، سۈرمە، ئاقىرقەرھالاردىن مۇۋاپىق مىقداردا ئېلىپ سوقۇپ بۇرۇنغا تارتىلىدۇ.

4. ھەيز توختىتىش ئۈچۈن، سۈرمە، ئاقىرقەرھالاردىن مۇۋاپىق مىقداردا ئېلىپ سۇفۇپ تەييارلاپ، ئاياللارنىڭ بالىياتقۇسىغا قويۇلىدۇ.

5. قاش - كىرپىكنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن، شاپتۇل مېغىزىنى كۆيدۈرۈپ، سۈرمىگە قوشۇپ قاش، كىرپىك چۈشۈپ كەتكەن ئورۇنلارغا سىرتتىن چېپىلىدۇ.

6. باش ئاغرىقنى پەسەيتىش، شەقىقە كېسەللىكلىرىگە سۈرمە تالقىنى، ئىقلىمىيا تالقىنىنى ساپ ھەسەل بىلەن بىرلەشتۈرۈپ كۆزگە تارتىلىدۇ.

7. ئوتتا كۆيگەن ھەر خىل كۆيۈكلەرگە سۈرمە تالقىنىنى ئېرىتىلگەن چاۋا ياغ، ئۆپا بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ، يەرلىك ئورۇنغا چېپىلىدۇ.

[**ئىشلىتىش مىقدارى**] 1 ~ 10 گىرامغىچە كېسەللىك ئەھۋالىغا قاراپ سىرتقى تەرەپتىن ئىشلىتىلىدۇ. ئىچكى تەرەپتىن ئىشلىتىلمەيدۇ.

[**زىيانلىق تەسىرى**] كۆكرەكتىكى ئەزالار، ئۆپكە ۋە بوغۇملارغا زىيان قىلىدۇ، قۇرۇقلۇق پەيدا قىلىدۇ.

[**تۈزەتكۈچىسى**] كەتىرا، مەستىكى، ھەسەل.

[**ئورۇنباسارى**] كۆيدۈرۈلگەن قارا قوغۇشۇن.

[**ۋەكىل خاراكتېرلىك پىششىق دورا ياسالمىسى**] كوھلى سۈرمە.

[**دىققەت قىلىدىغان ئىشلار**] ئىچىشكە بولمايدۇ، خاتا ئىچىپ قالسا، زەھەرلىنىپ ئۆلۈمنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

www.uyghurkitap.com

## سەرەس

## 赛热斯

（合欢皮 he huan pi）

[**باشقا ئاتىلىشى**] سەرەس قەۋزىقى

[**لاتىنچە نامى**] Cortex Ibizia julibrissin

[**ئىنگلىزچە نامى**] Silktree albizia bark



سەرەس دەرىخى

[**تونۇش**] بۇ، پۇرچاق ئائىلىسىدىكى يوپۇرماق تاشلايدىغان دەرەخ يىپەك ئاكاتسىيە دەرىخىنىڭ (Albizia julibrissin Durazz) پوستى بولۇپ، بۇ دەرەخنىڭ قوۋزىقى «سەرەس»، ئۇرۇقى «تۇخۇمى سەرەس» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ. سىرتقى يۈزى قوڭۇر رەڭدىن بىغىر رەڭگىچە بولۇپ، ئازراق پۇرىقى باز. ئازراق قىرتاق تەمى بولۇپ، تىلنى ئازراق غىدىقلايدۇ. (2.39 - رەسىم)

[**چىقىش ئورنى**] مەملىكىتىمىزنىڭ شەرقىي شىمال، خېنەن، خېبېي، خۇبېي قاتارلىق جايلىرىدىن چىقىدۇ.

[**يىغىپ ساقلاش**] ياز ۋە كۈز پەسىللىرىدە پوستىنى ئاجرىتىۋېلىپ قۇرۇتۇپ، ھاۋا ئۆتۈشۈپ تۇرىدىغان قۇرغاق جايدا ساقلىنىدۇ.

[**خىمىيىلىك تەركىبى**] ئىشقارلار، سىرىق كېتونلار، پولىساخارىد، تانىدىن ئامىنو كىسلاتاسى، مىكرو ئېلېمېنتلار.

[**فارماكولوگىيىلىك تەسىرى**] تىنچلاندۇرۇش، تۇغۇت چەكلەش، غالجىرلىققا قارشى تۇرۇش، ئۆسمىگە قارشى تۇرۇش، ئىممۇنىتېت كۈچىنى ئاشۇرۇش، ئۇيقۇ كەلتۈرۈش، سەزگۈرلۈككە قارشى تۇرۇش، مىكروبقا قارشى تۇرۇش تەسىرىگە ئىگە.

[**لايىقلاشتۇرۇلۇشى**] قۇرۇتۇپ ساپلاشتۇرۇلىدۇ.

[**تەبىئىتى**] ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق سوغۇق.

[**خۇسۇسىيىتى**] كۆرۈش قۇۋۋىتىنى ئاشۇرۇش، پەي ۋە چىشلارنى چىڭىتىش، مەنىي قويۇلدۇرۇش، قان تازىلاش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە.

[**ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر**] كۆرۈش قۇۋۋىتى ئاجىزلىقى، چىش تۈۋى بوشاپ كېتىش، پالەچ، لەقۋا، بوغۇم ئاغرىقى، يىرىڭلىق جاراھەت، قوتۇر ۋە باش تېرە كېسەللىكلىرىگە ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. كۆزنى روشەن قىلىش ئۈچۈن، سەرەسىنىڭ يوپۇرمىقىنى قايىنىتىپ سۈيى كۆزگە تېمىتىلىدۇ ياكى سۈيى ئىچىپ بېرىلىدۇ.

2. چىش تۈۋىنى چىڭىتىش ئۈچۈن، سەرەسىنى قايىنىتىپ سۈيىدە ئېغىز غار ـ غار قىلىنىدۇ.

3. جاراھەتنى پىشۇرۇش ئۈچۈن، سەرەسنى سوقۇپ سۇفۇپ تەييارلاپ، جاراھەتلەرگە چېپىلىدۇ.

4. سەرەسنى چالا سوقۇپ، ئىچىدىكى نېپىز قوۋزىقىنى ئېلىۋېتىپ، تۆت كۈن سۇغا چىلاپ ئاندىن ئۈنگىدىن ئەرەق تارتىپ، 21 كۈن ياكى ئۈنگىدىن كۆپرەك ۋاقىت ئىستېمال قىلسا، يۇقىرىقى كېسەللىكلەرگە پايدا قىلىدۇ. بۇ مەزگىلدە كەكلىك ۋە قۇشقاچ گۆشلىرى، بۇغداي ۋە گۇرۇچ ئىستېمال قىلىنىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] پوستى 5 ~ 7 گىرامغىچە، ئۇرۇقى 1 ~ 3 گىرامغىچە.

[زىيانلىق تەسىرى] ئىسسىق مىزاج كىشىلەرگە زىيان قىلىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] رەۋغىنى ۋەرد، سېرىق ماي.

[ئورۇنباسارى] رۇسۇت.

[ۋەكىل خاراكتېرلىك پىششىق دورا ياسالمىسى] غار ـ غار سەرخەس.

## قوي ئۆتى
## 葵欧提
(羊胆 yang dan)

[باشقا ئاتىلىشى] پەتتەئى گوسپەندى

[لاتىنچە نامى] Fel Caprae

[ئىنگلىزچە نامى] sheep Goat Gall


قوي

[تونۇش] بۇ، ھەممىگە تونۇشلۇق بولغان ھايۋان قوينىڭ ئۆتى بولۇپ، «قوي ئۆتى» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ. (3.30 ـ رەسىم)

[چىقىش ئورنى] شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ھەممە جايلىرىدىن چىقىدۇ.

[يىغىپ ساقلاش] قوينى بوغۇزلىغاندا ئۇنىڭ ئۆتىنى پاكىز ئېلىپ ئاپتاپتا قۇرۇتۇپ، قۇرۇق ئورۇندا ساقلىنىدۇ.

[خىمىيىلىك تەركىبى] قوي ئۆتى سۇيۇقلۇقىنىڭ ئاساسلىق تەركىبى ئۆت كىسلاتاسى، ئۆت تۇزى، ئۆت پىگمېنتى، خولېستېرىن، لىتسىتىن، ناترىي كاربونات قاتارلىقلار.

ئۆت كىسلاتاسى ئۆت سۇيۇقلۇقىدا گلىكول (giycol) ۋە تائۇرىن (Taurine) بىلەن بىللە ھالەتتە تۇرىدۇ، ئۆت سۇيۇقلۇقى ئىشقارلىق خۇسۇسىيەتكە ئىگە. قوي بىلەن ئۆچكىنىڭ ئۆت سۇيۇقلۇقى كىسلاتاسىدا ئۆت سۇيۇقلۇقى ۋە ئوكسىدلانغان ئۆت سۇيۇقلۇقى بار.

www.uyghurkitap.com

[**لايىقلاشتۇرۇلۇشى**] پاكىز قۇرۇتۇپ ساپلاشتۇرۇلىدۇ.
[**تەبىئىتى**] ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.
[**خۇسۇسىيىتى**] كۆزدىكى ئاقنى يوقىتىش، كۆزنى روشەنلەشتۇرۇش، زەھەر قايتۇرۇش، مەددە قۇرت ئۆلتۈرۈش خۇسۇسىيىتى بار.
[**ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر**] كۆزگە ئاق چۈشۈش، كۆزنىڭ كۆرۈش قۇۋۋىتى تۆۋەنلەش، ھاشارات زەھىرى، مەددە قۇرت كېسەللىكى قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.
[**ئىشلىتىش ئۇسۇلى**]
1. مۇرمەككىدىن 10 گىرام، سۇرمىدىن ئىككى گىرام، مامىرانچىنىدىن يەتتە گىرام ئېلىپ يۇمشاق سوقۇپ، قوينىڭ ئۆتىگە ئارىلاشتۇرۇپ قاپاقتا چىپىپ بەرسە، كۆزدىكى ئاقنى يوقىتىدۇ، كۆرۈش قۇۋۋىتىنى ئاشۇرىدۇ.
2. مۇۋاپىق مىقداردىكى قوي ئۆتىنى سىركە بىلەن قوشۇپ ئىچىپ بەرسە، مەددە قۇرتنى ئۆلتۈرىدۇ.
[**ئىشلىتىش مىقدارى**] 1 ~ 3 گىرامغىچە.
[**زىيانلىق تەسىرى**] كۆڭۈلنى ئىلەشتۈرىدۇ، ھۆ پەيدا قىلىدۇ.
[**تۈزەتكۈچىسى**] ئەينۇلا.
[**ئورۇنباسارى**] ئۆچكە ئۆتى.
[**ۋەكىل خاراكتېرلىك پىششىق دورا ياسالمىسى**] كۆز سۇرمىسى.

## ھۆپۆپ گۆشى

## 呼甫皮古西

(鹧鸪肉 zhe gu rou)

[**باشقا ئاتىلىشى**] لەھمى ھۇتھۇت، گۆشتى مۇرغى سۇلايمان، ھۇتھۇت كاگوشت
[**لاتىنچە نامى**] Francolinus chinensis
[**ئىنگلىزچە نامى**] Francolin meat



ھۆپۆپ

[**تونۇش**] بۇ بىر خىل ئۇچار جانىۋار بولۇپ، ئۇنىڭ قارا، سېرىق، ئاق چېكىتلىرى بولىدۇ، بېشىدا تۆكتىن بولغان تاجىسى بار. گۆشى دورىغا ئىشلىتىلىدۇ. (39.4 ـ رەسىم)
[**چىقىش ئورنى**] شىنجاڭنىڭ ھەممە جايلىرىدىن چىقىدۇ.
[**يىغىپ ساقلاش**] بۇ ھايۋاننى بوغۇزلاپ، تېرىسىنى سويۇپ، ئىچكى ئەزالىرىنى ئايرىپ تازىلاپ، سوغۇق جايدا ساقلىنىدۇ.
[**لايىقلاشتۇرۇلۇشى**] پاكىز يۇيۇپ ساپلاشتۇرۇلىدۇ.
[**تەبىئىتى**] ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.
[**خۇسۇسىيىتى**] كۆزدىكى ئاقنى يوقىتىش، توسالغۇلارنى ئېچىش، بۆرەك ۋە دوۋساقتا ئۇيۇپ قالغان

قاننى يوقىتىش ۋە ئەستە تۇتۇش قابىلىيىتىنى ئاشۇرۇش خۇسۇسىيىتى بار.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر] كۆزگە ئاق چۈشۈش، تولغاق، قۇلۇنجى، باھ ئاجىزلىقى، بەرەس، تەمرەتكە، چاچ ئاقىرىش، ئۇنتۇغاقلىق قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. ھۆپۈپنىڭ گۆشىنى سېرىقچېچەك بىلەن قوشۇپ ئوبدان پىشۇرۇپ يېسە، ئۇچەيلەردىكى توسالغۇلارنى ئاچىدۇ.

2. ھۆپۈپنىڭ مېڭىسىنى كۇنجۇت يېغى بىلەن قوشۇپ بۇرۇنغا تېمىتسا، ئەستە تۇتۇش قابىلىيىتىنى ئاشۇرىدۇ.

3. ھۆپۈپنىڭ قېنىنى قۇرۇتۇپ، سەۋسەن يېغىغا ياكى يېڭى كۇنجۇت يېغىغا قوشۇپ چاپسا چاچنى قارايتىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] ئەھۋالغا قاراپ ئىشلىتىلىدۇ.

[زىيانلىق تەسىرى] بۇ قۇش قاتتىق سېسىق پۇرايدىغان بولغاچقا، سېسىقلىق پەيدا قىلىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] ئەنبەر.

[ئورۇنباسارى] ئۇلار گۆشى.

[ۋەكىل خاراكتېرلىك پىششىق دورا ياسالمىسى] ئەرقى مائۇللەھمى.

## سېغىزخان

(喜鹊 xi que)

[باشقا ئاتىلىشى] سېغىزخان ئۆتى

[لاتىنچە نامى] Pica pica Sericae

[ئىنگلىزچە نامى] Magpie

[تونۇش] بۇ، قاغىدىن كىچىكرەك، كۆرۈنۈشى چىرايلىق مەشھۇر ئۇچار قۇشتىن ئىبارەت بولۇپ، ئۇنىڭ گۆشى ۋە ئۆتى دورىغا ئىشلىتىلىدۇ. (39.5 ـ رەسىم)

[چىقىش ئورنى] شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدىن چىقىدۇ.

[يىغىپ ساقلاش] بۇ قۇشنى تۇتقاندىن كېيىن، ئىچكى ئەزالىرىنى چىقىرىۋېتىپ، ئاپتاپتا قۇرۇتۇپ، قۇرغاق جايدا ساقلىنىدۇ.

[لايىقلاشتۇرۇلۇشى] قۇرۇتۇپ ساپلاشتۇرۇلىدۇ.

[تەبئىتى] گۆشى بىرىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق، ئۆتى ئۈچىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى] كۆزنىڭ كۆرۈش قۇۋۋىتىنى ئاشۇرۇش، كۆزدىكى پەردىلەرنى يوقىتىش خۇسۇسىيىتى بار.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر] كۆرۈش كۈچى ئاجىزلىق، كۆزگە پەردە چۈشۈش، كۆزگە يىرىڭلىق چاقا پەيدا بولۇش قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

تۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. سۇرمىدىن 10 گىرام، ئىپاردىن 0.5 گىرام، سېغىزخان ئۆتىدىن مۇۋاپىق مىقداردا ئېلىپ بىرلەشتۈرۈپ، سوقۇپ كۆزگە سۇرمە قىلىپ تارتسا، كۆرۈش قۇۋۋىتىنى ئاشۇرىدۇ.

2. سەفداپ كاشغەرىيەدىن ئۈچ گىرام، مەرۋايىتتىن بەش گىرام، ئىپاردىن 0.5 گىرام، مامىرانچىنىدىن 10 گىرام، سېغىزخان ئۆتىدىن مۇۋاپىق مىقداردا ئېلىپ، سوقۇپ كۆزگە تارتسا، كۆز جاراھىتى، كۆزدىكى يىرىڭلىق جاراھەت قاتارلىقلارغا مەنپەئەت قىلىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] ئەھۋالغا قاراپ سىرتتىن ئىشلىتىلىدۇ، گۆشنى يېيىش توغرا كەلسە، ئايال كىشى يېيىشكە بولمايدۇ.

[زىيانلىق تەسىرى] ئىچى تەرەپتىن ئىستېمال قىلسا، تەستە ھەزىم بولىدۇ، تۇغماسلىق، جىنسىي ئاجىزلىقنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئىچكى تەرەپتىن ئىستېمال قىلىش مۇۋاپىق ئەمەس.

[تۈزەتكۈچىسى] بەدىيان، زىرە، ئاقىرقەرھا.

[ئورۇنباسارى] ھۆپۈپ.

[ۋەكىل خاراكتېرلىك پىششىق دورا ياسالمىسى] سېغىزخان ئۆتى سۇرمىسى.

## تاجىگۈل ئۇرۇقى

## 塔吉古丽欧如合

（鸡冠花子 ji guan hua zi）

[باشقا ئاتىلىشى] تۇخۇمى ئورفۇددىك

[لاتىنچە نامى] Semen celosia cristata

[ئىنگلىزچە نامى] Cockscomb Seed

[تونۇش] بۇ، تاجىگۈل ئائىلىسىدىكى بىر يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك تاجىگۈلنىڭ ئۇرۇقى بولۇپ، شەكلى يۇمىلاق، سىرتقى يۈزى سىلىق، رەڭگى قارا، نېپىز ھەم چۈرۈك، تەمى سۇس، پۇراقسىز كېلىدۇ. (6.39 - رەسىم)

[چىقىش ئورنى] شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ھەممە يېرىدە تېرىپ ئۆستۈرۈلىدۇ.

[يىغىپ ساقلاش] كۈز پەسلىدە مېۋىسى پىشقاندا يىغىۋېلىپ، قۇرغاق، سالقىن جايدا ساقلىنىدۇ.

[خىمىيىلىك تەركىبى] ئاقسىل، ۋىتامىن E، C، $B_2$، $B_1$ 18 خىل ئامىنو كىسلاتاسى، 22 خىل ئورگانىك ئېلېمېنت، مايلىق ياغ قاتارلىق تەركىبلەر بار.

[فارماكولوگىيەلىك تەسىرى] قايىنتىلمىسى ئىنسانلارنىڭ جىنسىي يول مويلۇق تامچە قۇرتىغا نىسبەتەن ناھايىتى ياخشى تەسىرى بار. قۇرتلار دورا بىلەن ئۇچرىشىپ، بەش - ئون مىنۇتتىن كېيىن پۈتۈنلەي ئۆلىدۇ.

[لايىقلاشتۇرۇلۇشى] قۇرۇتۇپ ساپلاشتۇرۇلىدۇ.

[تەبىئىتى] بىرىنچى دەرىجىدە قۇرۇق سوغۇق.

[**خۇسۇسىيتى**] كۆزنى روشەنلەشتۈرۈش، جىگەرنىڭ تۇسالغۇلىرىنى ئېچىش، ھەيزنى راۋانلاشتۇرۇش، سۈيدۈك ھەيدەش، يەل تارقىتىش، قان توختىتىش تەسىرىگە ئىگە.

[**ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر**] جىگەر تۇسۇلۇش، تولغاق، ھەيز كەلمەسلىك، سۈيدۈك تۇتۇلۇش، بەل ئاغرىقى، كۆز بىرىكتۈرگۈچى پەردىنىڭ ئۆتكۈر ياللۇغى، كۆز قارىچۇقىنىڭ كىچىكلەپ كېتىشى، بالىياتقۇنىڭ پائالىيەتچان قانىشى، قان سىيىش، ئۈچەي ياللۇغى، بۇرۇن قاناشلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[**ئىشلىتىش ئۇسۇلى**]

1. ھەيزنى راۋانلاشتۇرۇشتا تاجىگۈل ئۇرۇقى، زاراڭزا چېچىكى، ئاغىچىنىڭ ھەربىرىدىن 10 گىرام ئېلىپ، قائىدە بويىچە قايىنىتىپ مۇۋاپىق مىقداردا ئىچىلىدۇ.

2. بۇرۇن قاناش ۋە بالىياتقۇنىڭ پائالىيەتچان قانىشىنى توختىتىش ئۈچۈن، تاجىگۈل ئۇرۇقىدىن 10 گىرام، تاباشىر، ئەنجىباردىن يەتتە گىرامدىن ئېلىپ، قائىدە بويىچە سوقۇپ سۇفۇپ تەييارلاپ، ئىستېمال قىلىنىدۇ.

3. كۆز بىرىكتۈرگۈچى پەردە ياللۇغىنى داۋالاش ئۈچۈن، تاجىگۈل ئۇرۇقى، بەدىيانىنىڭ ھەربىرىدىن 10 گىرام ئېلىپ، قائىدە قايىنىتىپ، سۈيىدە كۆزنى يۇيۇپ بەرسە بولىدۇ.

[**ئىشلىتىش مىقدارى**] 4 ～ 12 گىرامغىچە.

[**زىيانلىق تەسىرى**] سوغۇقچان كىشىلەردە باش ئاغرىقى پەيدا قىلىدۇ.

[**تۈزەتكۈچىسى**] ھەسەل، رەيھان ئۇرۇقى.

[**ئورۇنباسارى**] تاجىگۈل.

[**ۋەكىل خاراكتېرلىك پىششىق دورا ياسالمىسى**] شەربىتى ئەنجىبار.

## تۇتىيا

## 土提亚

(土提亚 tu ti ya)

[**باشقىچە ئاتىلىشى**] تۇتىيائى، تۇتىيائى سەبۇ، نىيلا تۇتىيا

[**لاتىنچە نامى**] Coppersucphate

[**ئىنگلىزچە نامى**] Zinc

[**تونۇش**] بۇ، مىس بىلەن گۈڭگۈرتنىڭ تىزابىنى ئېرىتىپ ئارىلاشتۇرۇپ تەييارلانغان بىر خىل كۆك، ئاق، سېرىققا مايىل تۈگمە شەكىللىك مەدەن بولۇپ، ۋەزنى ئېغىر، پۇراقسىز، تەمسىز كېلىدۇ. (39. 7 ـ رەسىم)

[**چىقىش ئورنى**] پاكىستان، ئەرەبىستاندىن چىقىدۇ.

[**يىغىپ ساقلاش**] مىس بىلەن گۈڭگۈرتنىڭ تىزابىنى ئېرىتىپ ئارىلاشتۇرۇپ تەييارلاپ، قۇرغاق ۋە سالقىن جايدا ساقلىنىدۇ.

[**خىمىيەلىك تەركىبى**] سىنك.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

[فارماكولوگىيەلىك تەركىبى] كۆرۈش قۇۋۋىتىنى ئاشۇرۇش، ياللۇغ قايتۇرۇش تەسىرى بار.
[لايىقلاشتۇرۇلۇشى] سالايە قىلىش ئارقىلىق لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.
[تەبىئىتى] تۆتىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.
[خۇسۇسىيىتى] كۆرۈش قۇۋۋىتىنى ئاشۇرۇش، ئارتۇق گۆشلەرنى يوقىتىش، قورۇش، قۇرۇتۇش، قان تازىلاش، مىكروب ئۆلتۈرۈش، قۇستۇرۇش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە.
[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر] كۆرۈش قۇۋۋىتى ئاجىزلىق، چىش مىلىكى بوشاپ كېتىش، قان بۇزۇلۇش، جوزام، قىچىشقاق، كۆزگە قاناتسىمان گۆش ئۆنۈپ قېلىش، كۆزگە سۇ چۈشۈش، تولا ياش ئېقىش قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.
[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]
1. چىش مىلىكى بوشاپ كېتىش، تىل ياللۇغى قاتارلىقلارنى داۋالاشتا 0.2 گىرام تۆتىيانى ئېلىپ قايناق سۇغا چىلاپ، قايناق سۇ بىلەن ئېغىزنى چايقاپ بەرسە بولىدۇ.
2. كۆزگە قاناتسىمان گۆش ئۆنۈپ قېلىش، كۆپ ياش ئېقىش قاتارلىقلارنىڭ ئالدىنى ئېلىشتا 0.1 گىرام تۆتىيانى كۆزگە سۈركەپ بەرسە بولىدۇ.
3. كۆرۈش قۇۋۋىتىنى ئاشۇرۇشتا تۆتىيا، مەرۋايىت، سۇرمىلەرنى سوقۇپ، ئەرقى بەديان بىلەن نەمدەپ، كۆزگە سۈرمە قىلسا بولىدۇ.
[ئىشلىتىش مىقدارى] 0.1 ~ 0.2 گىرامغىچە.
[زىيانلىق تەسىرى] زەھەرلىك، يالغۇز ئىچىشكە بولمايدۇ.
[تۈزەتكۈچىسى] بادام يېغى، سۈت.
[ئورۇنباسارى] تاش سۈرمە.
[ۋەكىل خاراكتېرلىك پىششىق دورا ياسالمىسى] كوھلى روشنائى.
[دىققەت قىلىدىغان ئىشلار] 2 ~ 4 تالغىچە گۆرۈچ چوڭلۇقتا، قۇستۇرۇشتا 0.4 ~ 1 گىرامغىچە ئىستېمال قىلسا بولىدۇ.

## ئېيىق ئۆتى
## 艾依克欧提
(熊胆 xiong dan)

[باشقا ئاتىلىشى] قۇرۇتۇلغان ئېيىق ئۆتى
[تونۇش] بۇ بىر تۈرلۈك يىرتقۇچ ھايۋان بولۇپ، بەك كۈچلۈك، بەك ھوشيار. بۇ ھايۋاننىڭ ئۆتى «ئېيىق ئۆتى» نامىدا دورىلىققا ئىشلىتىلىدۇ. تەمى قېرىق كېلىدۇ.
[چىقىش ئورنى] شىنجاڭنىڭ تاغلىرىدا، جاڭگاللىرىدا ۋە مەملىكىتىمىزنىڭ شەرقىي شىمال، شۇنداقلا قازاقىستان، موڭغۇلىيە، روسىيە قاتارلىق جايلاردىن چىقىدۇ.
[يىغىپ ساقلاش] بۇ ھايۋاننى ئۆلتۈرۈپ، قورسىقىنى يېرىپ، ئۆتىنى ئېلىپ، سوغۇق سالقىن، شامال

ئۆتۈشىدىغان يەرگە قۇرۇغانغا قەدەر قويۇپ قويۇلىدۇ.

[**لايىقلاشتۇرۇلۇشى**] ئېيىق ئۆتىنى قۇرۇتۇپ ساپلاشتۇرۇپ لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

[**تەبىئىتى**] ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق سوغۇق.

[**خۇسۇسىيىتى**] كۆزدىكى گۆشلەرنى يوقىتىش، كۆزنى روشەنلەشتۈرۈش، ھاشارات ئۆلتۈرۈش، ئاشقازاننى كۈچەيتىش، ھەزىمنى ياخشىلاش، ئىسپازمىنى بوشىتىش، ئاغرىق قالدۇرۇش، ئىچ سۈرۈشنى توختىتىش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە.



ئېيىق ئۆتى

[**ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر**] كۆزگە گۆش پەيدا بولۇش، كۆز ئاجىزلىقى، سەينەك، ئاشقازان ئاجىزلىقى، ماغدۇرسىزلىق، ئىچ سۈرۈش، يەرقان، بالىلار دۆيلۈنۈپ تارتىشىپ قېلىش، ھامىلىدار ئاياللاردىكى تۇتقاقلىق كېسەللى، گۆشخور يىرىڭلىق چاقا قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[**ئىشلىتىش ئۇسۇلى**]

1. ئېيىق ئۆتىنى ھەسەل ۋە ئارپىبەدىيان سۈيى بىلەن قوشۇپ كۆزگە تارتسا، كۆزنىڭ نۇرىنى قۇۋۋەتلەيدۇ، كۆزدىكى ئاق ئالىدۇ، كىرپىك ئۈندۈرىدۇ.

2. ئېيىق ئۆتىنى ھەسەل ۋە قارىمۇچ بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ مەلھەم قىلىپ بەش قېتىم يەرلىك ئورۇنغا چاپسا، گۆشخور يىرىڭلىق چاقىغا مەنپەئەت قىلىدۇ.

[**ئىشلىتىش مىقدارى**] كۈندە يېرىم گىرامدىن ئىككى گىرامغىچە.

[**زىيانلىق تەسىرى**] ماغدۇرسىزلىق پەيدا قىلىدۇ.

[**تۈزەتكۈچىسى**] سۆئلەپ مىسرى.

[**ئورۇنباسارى**] سۇرمە، تۇتىيا.

[**ۋەكىل خاراكتېرلىك پىششىق دورا ياسالمىسى**] كوھلى سۇرمە.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# قىرىقىنچى باب ئىغىز بوشلۇقى كېسەللىكلىرىگە ئىشلىتىلىدىغان دورىلار

ئىغىز بوشلۇقىدىكى ئەزالار (تىل، چىش، يۇتقۇنچاق، بادامبەز، شىللىق پەردىلەر) نى قۇۋۋەتلەش، ياللۇغ قايتۇرۇش، ماددا ئالمىشىشنى ياخشىلاش تەسىرى ئاساسلىق ئورۇندا تۇرىدىغان دورىلار ئومۇملاشتۇرۇلۇپ، ئىغىز بوشلۇقىدىكى كېسەللىكلەرگە ئىشلىتىدىغان دورىلار دېيىلىدۇ.

بۇ خىلدىكى دورىلارنىڭ كۆپىنچىلىرىنىڭ تەبىئىتى قۇرۇق سوغۇق بولۇپ، چىش مىلىكىنى چىڭىتىش، ئىششىق ياندۇرۇش، ئاغرىق پەسەيتىش، ياللۇغ قايتۇرۇش، زەھەر قايتۇرۇش، قاننى سوۋۇتۇش تەسىرىنى بېرىدۇ. بۇلار ئاساسلىقى رۇسۇت، زەمچە، ئوسمان يىلتىزى، شاتۇت، مەسائىلە، موزا، مۇرمەككى، كۆپىكدەريا، كەبابە، كاتھىندى، بادام شاكىلى، كاۋاۋچىن، كەۋرەك، كەسلەنچۈك، تېزەكچى قوڭغۇز، ئىتياڭقى يوپۇرمىقى قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.

## رۇسۇت

## 如苏提

## (小檗浸膏 xiao bo jin gao)

**[باشقا ئاتىلىشى]** هوزۇز، هوزوز هىندى، دەرىخى زىرەشككارىس

**[لاتىنچە نامى]** Extractum berberis heteropoda

**[ئىنگلىزچە نامى]** Berberis Extractum

**[تونۇش]** بۇ، زىرىق ئائىلىسىدىكى ئۆسۈملۈك زىرىقنىڭ مېۋىسىدىن سىقىپ چىقىرىلغان شىرىنىنىڭ قۇرۇتۇلغان ئۇسارىسىدىن ئىبارەت. تېبابەتتە «ئۇسارى زىرىق»، «رۇسۇت»، «هوزۇز» دېگەن ناملار بىلەن دورىغا ئىشلىتىلىدۇ. رەڭگى بېغىر رەڭگە مايىل، تەمى چۈچۈمەل بولىدۇ.

**[چىقىش ئورنى]** مەملىكىتىمىزنىڭ شىمالىدىكى كۆپ قىسىم جايلاردىكى تاغلىق رايونلاردىن چىقىدۇ.

**[يىغىپ ساقلاش]** زىرىقنىڭ مېۋىسى تولۇق پىشقاندىن كېيىن يىغىۋېلىپ سىقىپ، سۈيىنى تولۇق قۇرۇتۇپ، قۇرۇق قاچىلاردا سالقىن، سايە جايلاردا ساقلىنىدۇ.

**[خىمىيەلىك تەركىبى]** زىرىق مېۋىسىدە بىر بېنزىن berberine، گىلوكوزا، مېۋە قەنتى، ئالما كىسلاتاسى، ۋىتامىن C، كاروتىن، رەڭ پىگمېنتى قاتارلىق ماددىلار بار.

**[فارماكولوگىيەلىك تەسىرى]** ئىشتىها ئېچىش، ئۈچەي، ئاشقازان ياللۇغى، ئىچ سۈرۈشنى داۋالاش، قىزىتما قايتۇرۇش تەسىرى بار.

**[لايىقلاشتۇرۇلۇشى]** يۇيۇپ قۇرۇتۇش ئارقىلىق لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

**[تەبىئىتى]** ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق سوغۇق.

[**خۇسۇسىيىتى**] ئېغىز بوشلۇقىدىكى ئەزالارنى قۇۋۋەتلەش، قان تازىلاش، يەل تارقىتىش، يالللۇغ قايتۇرۇش، ئىچ سۈرۈشنى توختىتىش، ئىششىق ياندۇرۇش قاتارلىق خۇسۇسىيەتلەرگە ئىگە.

[**ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر**] قىزىتما، ھەر خىل ئىششىقلار، بوۋاسىر، ئىچ سۈرۈش، ئېغىز بوشلۇقى يالللۇغى، چىش مىلىكى بوشاپ كېتىش قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[**ئىشلىتىش ئۇسۇلى**]

1. رۇسۇت، موزا، يۇمغاقسۇت ئۇرۇقى قاتارلىقلاردىن مۇۋاپىق مىقداردا ئېلىپ ئېزىپ، تالقانلاپ، ئېغىز بوشلۇقىدىكى يالللۇغلارغا زىمات قىلسا، ئىششىق ياندۇرۇپ ئاغرىق پەسەيتىدۇ.

2. رۇسۇت بىلەن ئانارگۈلدىن مۇۋاپىق مىقداردا ئېلىپ سۇفۇپ تەييارلاپ، سوغۇق سۇ بىلەن ئىچىپ بەرسە، ئۈچەي ـ ئاشقازان يالللۇغلىرىغا شىپا بولىدۇ.

3. رۇسۇت بىلەن گۈلناردىن مۇۋاپىق مىقداردا ئېلىپ، سوقۇپ تالقانلاپ بۇرۇنغا پۈركىسە، بۇرۇن قاناشقا شىپا بولىدۇ.

4. رۇسۇت، فۇپەل، موزا، گۈلنار، يۇمغاقسۇت ئۇرۇقىدىن تەڭ مىقداردا ئېلىپ، سوقۇپ تالقان-لاپ، چىش تۈۋىگە باسسا، چىش مىلىكى بوشاپ كېتىش ۋە قاناشقا شىپا بولىدۇ.

5. پاقىيوپۇرمىقى ئۇرۇقى، رۇسۇت، تاباشىر ئۈچ گىرامدىن، تۆمۈر داغمال سۈيىدىن مۇۋاپىق مىقداردا ئېلىپ، قائىدە بويىچە قاينىتىپ تەييارلاپ ئىچىپ بەرسە، قان ۋە سەپرادىن بولغان ئىسھالغا مەنپەئەت قىلىدۇ.

6. رۇسۇتنى تالقانلاپ قېتىق بىلەن ئىستېمال قىلسا، ئىسسىقتىن بولغان ئىچ سۈرۈشكە شىپا قىلىدۇ.

[**ئىشلىتىش مىقدارى**] 1 ~ 3 گىرامغىچە.

[**زىيانلىق تەسىرى**] تال ۋە بۆرەككە زىيان قىلىدۇ.

[**تۈزەتكۈچىسى**] رۇمبەديان، مەستىكى

[**ئورۇنباسارى**] ھېلىلە، فۇپەل، سەندەل، زىرىق غولى.

[**ۋەكىل خاراكتېرلىك پىششىق دورا ياسالمىسى**] ھەببى رۇسۇت، ھەببى بوۋاسىر.

[**دىققەت قىلىدىغان ئىشلار**] تال، بۆرەك كېسەللىكلىرىگە تۈزەتكۈچىلىرىنى قوشۇپ ئىشلىتىش لازىم.

## زەمچە

## 再米切

## （白矾 bai fan）

[**باشقا ئاتىلىشى**] زاك ئەبيەز، شەب يەمانى، زاك سەفىد، پەتكىرى سەفىد

[**لاتىنچە نامى**] Alumen

[**ئىنگلىزچە نامى**] Alum

[**تونۇش**] بۇ، سۇلفات كىسلاتا تۇزى تۈرىدىكى رۇدا تېشىنى پىششىقلاش ئارقىلىق ھاسىل قىلىنغان كىرىستال ماددىدىن ئىبارەت، رەڭگى ئاق، سۈزۈك بولىدۇ. تەمى قىرتاق، تىلنى قورۇيدۇ. (40.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com

1 ـ رەسىم)

[چىقىش ئورنى] مەملىكىتىمىزنىڭ شىمالىدىكى كۆپ قىسىم جايلاردىن چىقىدۇ.

[يىغىپ ساقلاش] ھەرقانداق ۋاقىتتا يىغىۋېلىشقا بولىدۇ. قۇرغاق، سالقىن جايلاردا ساقلىنىدۇ.

[خىمىيەلىك تەركىبى] ئىككى مولېكۇلا سۇ بولغان ئاليۇمىن كالىي سۇلفات بولۇپ، بۇنىڭدا 11.4% كالىي، 37% ئالیۇمىن، 38% سۇلفاد، 13% سۇ بار.

[فارماكولوگىيەلىك تەسىرى] باكتېرىيەنى تورمۇزلاش تەسىرى ئىنتايىن كۈچلۈك، ئالتۇن رەڭلىك ئۈزۈمسىمان شارچە باكتېرىيەسى، شەكلى ئۆزگىرىشچان تاياقچە باكتېرىيەلەرنى تورمۇزلايدۇ. يېشىل رەڭلىك زەنجىرسىمان شارچە باكتېرىيەسى، قان ئېرىتكۈچى زەنجىرسىمان شارچە باكتېرىيەسى قاتارلىق باكتېرىيەلەرگە نىسبەتەن تورمۇزلاش تەسىرى ئىنتايىن كۈچلۈك.

[لايىقلاشتۇرۇلۇشى] كۆشتە قىلىش ئۇسۇلى ئارقىلىق لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە ئىسسىق، ئۈچىنچى دەرىجىدە قۇرۇق.

[خۇسۇسىيىتى] ھۆللۈكنى قۇرۇتۇش، قان توختىتىش، قورۇش، قوستۇرۇش، چىرىشكە قارشى تۇرۇش، ئېغىز يارىسى، چىش مىلىكى بوشاپ كېتىش، قان سىيىش، سۆزنەك كېسەللىنى يوق قىلىش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر] ئېغىز پۇراش، ئېغىز بوشلۇقى زەخىملىنىش، چىش تۈۋى قاناش، گال يېرىڭلاش، قان تۈكۈرۈش، تەپ، بەزگەك، قىزىتما، كۆكيۆتەل قاتارلىق كېسەللىكلەرگە شىپا بولىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. مۇۋاپىق مىقداردىكى زەمچىنى يۇمشاق ئېزىپ، بىرئاز سۇدا ئېرىتىپ بۇرۇنغا تېمىتسا، بۇرۇننىڭ قېنىنى توختىتىدۇ.

2. زەمچىنىڭ سۈيىنى كۆزگە قايتا ـ قايتا تېمىتسا، كۆزدىكى نېپىز ئاق پەردىنى يوقىتىدۇ.

3. زەمچىنى زەيتۇن مېيىدا قايىنتىپ قۇلاققا تېمىتسا، قۇلاق ئېغىرلىقىنى يوق قىلىدۇ.

4. زەمچىنى فۇپەل بىلەن قوشۇپ يۇمشاق سالايە قىلىپ، سۇفۇپ تەييارلاپ چىشقا سەپسە، چىش ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ ۋە چىش تۈۋىنى چىڭىتىدۇ.

5. زەمچىنى تۇز، موزا، قىزىلگۈل، سىركە قاتارلىقلار بىلەن قوشۇپ يەرلىك ئورۇنغا چاپسا، يامرايدىغان يېرىڭلىق چاقىلارنىڭ يامرىشىنى توسىدۇ.

6. زەمچىنى ئەرقى گۈلدە نەمدەپ، ئوتتا كۆيگەن جايغا چاپسا، ئاغرىق پەسەيتىپ، قاپارتقۇ ھاسىل بولۇشنى ساقلايدۇ.

7. زەمچىنى يۇمشاق ئېزىپ، يۇڭ ياكى لاتىغا ئوراپ ھەمەل قىلسا، بالىياتقۇ قېنىنى توختىتىدۇ. بالىياتقۇنىڭ ھۆللۈكىنى قۇرۇتۇپ، نورمال ھالەتكە كەلتۈرىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] 0.5 ~ 1 گىرامغىچە.

[زىيانلىق تەسىرى] ئۆپكە، ئاشقازان ۋە ئۈچەيگە زىيان قىلىدۇ، زەھەرلەيدۇ. تۈزەتكۈچىلەر بىلەن بىللە ئىشلىتىش لازىم.

[تۈزەتكۈچىسى] سۈت، سېرىق ماي، ھەسەل، مېۋە.

[ئورۇنباسارى] قىزىل زەمچە، نوشۇدۇر.
[ۋەكىل خاراكتېرلىك پىششىق دورا ياسالمىسى] سۇنۇنى زەمچە.
[دىققەت قىلىدىغان ئىشلار] ئىچىدىن ئىستېمال قىلىش توغرا كەلسە، مۇناسىپ تۈزەتكۈچىلەر بىلەن بىللە ئىشلىتىش لازىم.

## ئوسما يىلتىزى

## 欧斯马依力提孜

## （板蓝根 bail an gen）

[باشقا ئاتىلىشى] كەتەم ئەسلۇل، بىخ ئو سمە، نيل كاجير
[لاتىنچە نامى] Radix Isatis tinctoria
[ئىنگلىزچە نامى] Indigowoad Root
[تونۇش] بۇ، كىرېست گۈللۈكلەر ئائىلىسىدىكى ئۆسۈملۈك ئوسمىنىڭ قۇرۇتۇلغان يىلتىزىدىن ئىبارەت. (2.40 ـ رەسىم)
[چىقىش ئورنى] مەملىكىتىمىزنىڭ ھەممە جايلىرىدىن چىقىدۇ.
[يىغىپ ساقلاش] ئوسما ئۆسۈملۈكى يېتىلگەن ۋاقىتتا كولاپ، يەر ئاستى قىسمىنى ئېلىپ قۇرۇتۇپ، سالقىن، قۇرغاق جايدا ساقلىنىدۇ.
[خىمىيىلىك تەركىبى] لىندىكان (Lindican)، ئىندىرابىن (Eindirabin)، ئۇردىن (Uridin)، كىسانتىن (xanthine)، ئۇراتسىل (uratcil)، سالىتسىلىك كىسلاتا (salicylic acid) ۋە ھەر خىل ئامىنو كىسلاتالىرىدىن تەركىب تاپقان.


ئوسما ئۆسۈملۈكى

[فارماكولوگىيەلىك تەسىرى] ئالتۇن رەڭ شارچە باكتېرىيەسىنى تورمۇزلاش رولى كۈچلۈك، چوڭ ئۈچەي تاياقچە باكتېرىيەسى قاتارلىق باكتېرىيەلەرنى تىزگىنلەيدۇ. B تىپلىق مېڭە پەردە ۋىرۇسى، تارقىلىشچان زۇكام ۋىرۇسىنى تىزگىنلەيدۇ. ئاق قان دانچىلىرىنىڭ كۆپىيىپ كېتىشىنى تىزگىنلەش، راككا قارشى تۇرۇش تەسىرى بار.
[لايىقلاشتۇرۇلۇشى] توغراش، قۇرۇتۇش ئارقىلىق لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.
[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق سوغۇق.
[خۇسۇسىيىتى] قىزىتما قايتۇرۇش، زەھەر قايتۇرۇش، قاننى سۇيۇلدۇرۇش، قاننى سوۋۇتۇش، چاچ ئۆستۈرۈش، چاچنى قارايتىش، چاچنى چىڭىتىش، ئاغرىق پەسەيتىش، ياللۇغ قايتۇرۇش قاتارلىق خۇسۇسىيەتلەرگە ئىگە.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر] تارقىلىشچان مېڭە پەردە ياللۇغى، زۇكام، قۇلاق ئاستى بېزى ياللۇغى، جىگەر ياللۇغى، يەلتاشما، غەلۋىرەك قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. ئوسما يىلتىزى ۋە قىرىقبوغۇمدىن مۇۋاپىق مىقداردا ئېلىپ قايىنىتىپ ئىچسە، تارقىلىشچان مېڭە پەردە ياللۇغى ۋە زۇكامغا شىپا قىلىدۇ.

2. ئوسما يىلتىزىدىن 35 گىرام، ئەڭلىكئوتتىن 20 گىرام ئېلىپ قايىنىتىپ ئىچسە، تارقىلىشچان قۇلاق ئاستى بېزى ياللۇغىغا شىپا قىلىدۇ.

3. ئوسما يىلتىزى، ئۈچقاتتىن 20 گىرامدىن، قىزىل چوغلۇقتىن 12 گىرام، مامكاپتىن 16 گىرام، چۇچۇكبۇيا يىلتىزىدىن تۆت گىرام ئېلىپ قايىنىتىپ ئىچسە، ئۆپكە ياللۇغىغا پايدا قىلىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] 6 ~ 12 گىرامغىچە.

[زىيانلىق تەسىرى] مېڭىگە زىيان قىلىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] قەلەمپۇر.

[ئورۇنباسارى] گۈلبىنەپشە.

[ۋەكىل خاراكتېرلىك پىششىق دورا ياسالمىسى] مۇرەككەپ ئوسما يىلتىزى دەملىمىسى، زۇكام جەۋھىرى.

[دىققەت قىلىدىغان ئىشلار] بالىلارغا ۋە ياشانغانلارغا مىقدارىنى ئازايتىپ ئىشلىتىش كېرەك.

## شاتۈت

## 下土提

(红果桑 hong guo sang)



شاتۈت

[باشقا ئاتىلىشى] شەھتۈت

[لاتىنچە نامى] Fructus Morus nigra

[ئىنگلىزچە نامى] black mulberry

[تونۇش] بۇ، ئۈجمىنىڭ بىر خىل تۈرى بولۇپ، يوپۇرمىقى كىچىك، سەل - پەل پارقىراق، قالغان يەرلىرى ئۈجمىگە ئوخشايدۇ، مېۋىسىنىڭ رەڭگى قىزىلغا مايىلراق بولغان مېۋىلىك دەرەخ بولۇپ، قارا كېلىدۇ، مۇشۇ دەرەخنىڭ مېۋىسى «شاتۈت» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ. مېۋىسى ئۈجمىدىن چوڭراق بولۇپ، دەسلەپ قىزىل رەڭگە كىرىدۇ، كېيىن پىشقاندا قارا رەڭگە كىرىدۇ، تەمى چۈچۈمەل تېتىيدۇ. (3.40 - رەسىم)

[چىقىش ئورنى] شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ھەممە جايلىرىدىن كۆپرەك چىقىدۇ.

[**يىغىپ ساقلاش**] بۇ مېۋە پىشقاندىن كېيىن يىغىۋېلىپ، سوغۇق، سالقىن جايدا ساقلىنىدۇ.

[**لايىقلاشتۇرۇلۇشى**] يۇيۇش، قۇرۇتۇش ئارقىلىق لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

[**تەبىئىتى**] ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق سوغۇق.

[**خۇسۇسىيىتى**] يالىلۇغ قايتۇرۇش، غەيرىي تەبىئىي سەپرا ۋە قان خىلتىنى تەڭشەش، ئىچ سۈرۈشنى توختىتىش، ئىششىق ياندۇرۇش، ئىشتىھانى ئېچىش، قان تازىلاش خۇسۇسىيىتى بار.

[**ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر**] ئىچ سۈرۈش، ئىسسىقتىن بولغان يۇتقۇنچاق يالىلۇغى، ھەر خىل ئېغىز جاراھەتلىرى، ئىشتىھاسىزلىق قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[**ئىشلىتىش ئۇسۇلى**]

1. شاتۇتنىڭ سۈيىنى چىقىرىپ غار - غار قىلسا، ئېغىزغا چىققان ھەر خىل چاقىلارغا مەنپەئەت قىلىدۇ.

2. شاتۇتنى كۆپ ئىستېمال قىلىپ بەرسە، غەيرىي تەبىئىي قان ۋە سەپرانىڭ تېزلىكىدىن بولغان قان بۇزۇلۇشلارغا مەنپەئەت قىلىدۇ.

3. شاتۇت سۈيىگە تاباشىر ياكى مەستىكى قوشۇپ ئىچسە، ئىچ سۈرۈشكە مەنپەئەت قىلىدۇ.

4. يېڭى پىشقان شاتۇت مېۋىسىنى يەپ بەرسە، بادامبەز يالىلۇغىغا مەنپەئەت قىلىدۇ.

[**ئىشلىتىش مىقدارى**] 10 ～ 30 گىرامغىچە.

[**زىيانلىق تەسىرى**] كۆكرەك، ئۆپكە ۋە پەي كېسەللىكلىرىگە بېرىلمەيدۇ.

[**تۈزەتكۈچىسى**] ھەسەل، شاتۇتنىڭ قايىنىتىپ قويۇلدۇرۇلغان سۈيى.

[**ئورۇنباسارى**] ئەينۇلا، كاكىنەچ.

[**ۋەكىل خاراكتېرلىك پىششىق دورا ياسالمىسى**] شاتۇت مۇراببەسى، شاتۇت شەربىتى.

## مىئەسائىلە

## 米沙伊勒

### (苏合香 su he xiang)

[**باشقا ئاتىلىشى**] ئەسەل لەبەنى، سىلارەس

[**لاتىنچە نامى**] Storax Liquidambar orientalis

[**ئىنگلىزچە نامى**] oriental Storax

[**تونۇش**] بۇ، ھامامېلىس ئائىلىسىدىكى چوڭ دەرەخ شەرق ئىرەن دەرىخىنىڭ يېلىمى بولۇپ، «مىئە سائىلە» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ. بۇ يېرىم ھەرىكەتچان قويۇق ھالەتتىكى سۇيۇقلۇق بولۇپ، رەڭگى كۈل رەڭ ياكى قېنىق كۈل رەڭ كېلىدۇ، ئۆزى يېرىم سۈزۈك، تەمى سەل ئاچچىق، پۇراقلىق بولىدۇ. (4.40 - رەسىم)

[**چىقىش ئورنى**] تۈركىيە، سۈرىيە قاتارلىق ئەللەردىن چىقىدۇ.

www.uyghurkitap.com



مىئەسائىلە

[يىغىپ ساقلاش] دەرەخنىڭ پوستىنى تىلىپ قويسا يېلىمى ئېقىپ چىقىپ قېتىپ قالىدۇ. بۇنى ئېلىپ تازىلاپ، قۇرغاق ئورۇندا ساقلىنىدۇ.

[خىمىيەلىك تەركىبى] مىئەسائىلەنىڭ تەركىبىدە تەخمىنەن 36% دەرەخ رېزىناسى، قالغىنى مايسىمان سۇيۇقلۇقلار، Storesinol دىن تۈزۈلگەن بولۇپ، ئۇ ئەركىن ياكى قوۋزاق-دارچىن كىسلاتاسى بىلەن بىرىككەن، تىرسىزىنول شەكلى تۇراقسىز بولغان ئاق رەڭلىك ماددا بولۇپ، بۇ كىرىستال-لىق، كالىي تۇزىنى ھاسىل قىلىدۇ، ياغسىمان سۇيۇقلۇق ئىچىدە فىنى لىتىلىن ستىرول (Cphenylethylene)، ئىتىل ئىننامات (Ethyleinnanmat)، فىنىل پروپىل شىننامات (Phenylpropal Cinnamate) تىننامىل سىننامات ياكى سىر-تىراتسىن (Cinnamyl cinnameta ياكى sttracin) ۋانىللىن (Vanillin)، تىنامىك كىسلاتاسى (Cinnamic acid) قاتارلىقلار بار. رېزىنا تەركىبىدە يەنە ئولىنونىك كىسلاتا (Oleanonic acid) قاتارلىقلارمۇ بار.

[فارماكولوگىيەلىك تەسىرى] مىئەسائىلە غىدىقلاش خۇسۇسىيەتلىك بەلغەم بوشاتقۇچى دورا ھەمدە مەلۇم دەرىجىدە باكتېرىيەگە قارشى رولى بار. ئۇ كاناي يولىنىڭ ھەر خىل يۇقۇملىنىشلىرىنى داۋالاش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ. زەيتۇن يېغى بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ سىرتقا ئىشلىتىلسە قىچىشقاق پەسىيىدۇ. يەرلىك ئورۇن ياللۇغىنى يەڭگىللىتىش ئۈچۈن، مەسىلەن: ھۆل تەمرەتكە ۋە باشقا تېرە كېسەللىكلىرىنى داۋالاشتا ئىشلىتىلىدۇ ھەمدە يارا ئېغىزىنىڭ پۈتۈشىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ، كۆپ مىقداردا ئىچىسمۇ ئاقسىللىق سۈيدۈك پەيدا بولمايدۇ.

[لايىقلاشتۇرۇلۇشى] چاڭ - توزاندىن پاكىزلاپ لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە ئىسسىق، ئۈچىنچى دەرىجىدە قۇرۇق.

[خۇسۇسىيىتى] ياللۇغ، ھەر خىل يارىلارنى قايتۇرۇش، يەل ھەيدەش، بەلغەم بوشىتىش، چىرىشكە قارشى تۇرۇش، سۈيدۈك ۋە ھەيزىنى راۋان قىلىش، ئاغرىق توختىتىش خۇسۇسىيىتى بار.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر] كونا يۆتەل، سىل، زۇكام، بەل ئاغرىقى، بۆرەك ئاغرىقى، سۈيدۈك تۇتۇلۇش، ھەيز توسۇلۇش، ئەزالارنىڭ تىترىشى، ئاۋاز پۈتۈپ قېلىش قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. مىئەسائىلەدىن سەككىز گىرامنى قىزىق سۇ بىلەن قوشۇپ ئىچسە، بەلغەمنى بوشىتىدۇ، زەيتۇن يېغى بىلەن قوشۇپ ئىچسە، قاتما، رەئىس ئەزالارنىڭ ئاجىزلىقى ئۈچۈن پايدا قىلىدۇ.

2. مىئەسائىلەنى پەرزىجە قىلسا، كۆيدۈرۈپ تۈتۈنىنى ئالسا، ھەيز توختاپ قالغانغا پايدا قىلىدۇ.

3. مىئەسائىلەنى قويۇلدۇرۇپ چاپسا، چوڭ - كىچىك بوغۇم ئاغرىقلىرىنى توختىتىدۇ، مامىرانچىن سۈيىدە سۇيۇقلاندۇرۇپ چاپسا، قوتۇرغا مەنپەئەت قىلىدۇ.

4. ئۆچ گىرام مىئەسائىلەنى قىزىق سۇ بىلەن ئىچسە، ماخاۋ كېسىلىگە مەنپەئەت قىلىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] 1~3 گىرامغىچە.

[زىيانلىق تەسىرى] ئۆپكىگە زىيان قىلىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] مەستىكى، كەتىرا.

[ئورۇنباسارى] يەسمەن يېغى، قۇندۇز قەھرى.

[ۋەكىل خاراكتېرلىك پىششىق دورا ياسالمىسى] زىماتى ئەۋرام.

## موزا

## 莫杂

### (没食子 mei shi zi)

[باشقا ئاتىلىشى] ئەفەس، مازۇ، مازۇئى سەبرە

[لاتىنچە نامى] Galla quercus infectoria

[ئىنگلىزچە نامى] Nutgalls



موزا

[تونۇش] بۇ، قاسراقلىقلار ئائىلىسىدىكى چاتقال ياكى يوپۇرماق تاشلايدىغان ئۆسۈملۈك موزا دەرىخىنىڭ يۇمران شاخلىرى ئۈستىدە قۇرۇپ قالغان قۇرت قاپارتمىلىرىدىن ئىبارەت بولۇپ، موزا ھەرىسىنىڭ لىچىنكىلىرى موزا دەرىخىنىڭ يۇمران شېخى ياكى يوپۇرماقلىرى ئۈستىدە پارازىتلىق بىلەن ياشاپ ھاسىل بولىدۇ. (5.40 ـ رەسىم)

[يىغىپ ساقلاش] قۇرت قاپارتقۇلىرى يېتىلگەن ۋاقىتىدا يىغىۋېلىنىپ قۇرۇتۇپ، تۆشۈكى بار ـ يوقلىرىنى بىر ـ بىرىدىن ئايرىپ، قۇرغاق ۋە سالقىن جايدا ساقلىنىدۇ.

[خىمىيەلىك تەركىبى] موزىدا %70 ~ %5 كىچە ئاتسىدوم ئاننىكوم بولۇپ، ئاساسلىقى ئاتسىدوم كاللىكوم (Gallicacid) ۋە ئاتسىدوم ئېللاگېكوم (Ellagicacid) قاتارلىقلاردىن ئىبارەت. يەنە رىزىنا، كىراخمال قاتارلىقلارمۇ بار.

[فارماكولوگىيەلىك تەسىرى] ئاتسىدۇم تانىكۇمنىڭ قورۇغۇچى تەسىرى بار، كىچىك ئۈچەينىڭ ھەرىكىتىگە نىسبەتەن ئەكس تەسىرى بولمايدۇ. ئۈچەي ياللۇغى كېسىلىگە نىسبەتەن قورۇش تەسىرىنى بېرىدۇ ھەم ئىچىنى توختىتىدۇ.

[لايىقلاشتۇرۇلۇشى] قۇرۇتۇش، قورۇش ئارقىلىق لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق سوغۇق

[خۇسۇسىيىتى] قورۇش، قۇرۇتۇش، تۇتۇش، ياللۇغ قايتۇرۇش، جاراسىمنى يوقىتىش، چىرىشكە

www.uyghurkitap.com

قارشى تۇرۇش، يارىلارنى پۈتتۈرۈش، بالىياتقۇ، تۇخۇمدانىنى قۇۋۋەتلەش، قان توختىتىش خۇسۇسىيەتلىرى بار.

[**ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر**] چىش تۈۋى بوشاپ كېتىش، چىش مىلىكى ئىششىقى، ئېغىز شەلۋەرەپ كېتىش، قوقاق، گال ئېچىشىش، ئېغىز پۇراش، يەلتاشما، ئىسھال، ئۈچەي يارىسى، قاناش قاتارلىقلارغا مەنپەئەت قىلىدۇ.

[**ئىشلىتىش ئۇسۇلى**]

1. موزىنى چىلاپ قايىنىتىپ سۈيىدە ئېغىزنى چايقىسا، چىش بوشاپ قېلىش ۋە چىش مىلىكى ياللۇغى قاتارلىقلارغا پايدا قىلىدۇ.

2. موزىنى سوقۇپ تالقان قىلىپ يەرلىك ئورۇنغا زىمات قىلسا، ئېغىز بوشلۇقى شەلۋەرەش كېسەللىكىگە پايدا قىلىدۇ.

3. موزا، ئانارگۈل، ئانار پوستى، كاتېھىندى قاتارلىقلارنى مۇۋاپىق مىقداردا ئېلىپ، ئېزىپ تالقان قىلىپ يەرلىك ئورۇنغا چاپسا قان توختىتىدۇ (ئىستېمال قىلىپ بەرسىمۇ ئوخشاش ئۈنۈمى بولىدۇ).

4. موزىدىن بەش گىرام، زەمچىدىن ئىككى گىرام، ئانار پوستى، ئانارگۈلدىن ئۈچ گىرامدىن، كاتېھىندىدىن بەش گىرام ئېلىپ قايىنىتىپ، جىنسىي يولىنى يۇيۇپ بەرسە، ئاق خۇن كېسەللىكى ئۈچۈن شىپا بولىدۇ.

[**ئىشلىتىش مىقدارى**] 0.5 ~ 3 گىرامغىچە.

[**زىيانلىق تەسىرى**] ئۆپكىگە ۋە ئۈتقۇنچاققا زىيان قىلىدۇ.

[**تۈزەتكۈچىسى**] كەتىرا، ئەرەب يېلىمى.

[**ئورۇنباسارى**] ئانار پوستى، يۇلغۇن مېۋىسى.

[**ۋەكىل خاراكتېرلىك پىششىق دورا ياسالمىسى**] غار - غار سۈيى.

[**دىققەت قىلىدىغان ئىشلار**] سەۋدا غالىب كېسەللىكلەرگە ئىشلەتكەندە دوختۇرنىڭ كۆرسەتمىسىنى ئېلىش لازىم.

## مۇرمەككى

## 木尔买克

(没药 mo yao)

[**باشقا ئاتىلىشى**] مۇر، مۇرساپ

[**لاتىنچە نامى**] Commiphora myrrha

[**ئىنگلىزچە نامى**] Myrrh

[**تونۇش**] بۇ، زەيتۇن دەرىخى ئائىلىسىدىكى چاتقال ياكى كىچىك دەرەخ مۇرمەككى دەرىخى بولۇپ، بۇ دەرەخنىڭ يېلىمى «مۇرمەككى» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ. رەڭگى قارامتۇل قىزىل، پۇرىقى سۇس، تېنى قاتتىق، چۇرۇك، تەمى بىرئاز ئاچچىق كېلىدۇ. (6.40 - رەسىم)

[**چىقىش ئورنى**] سومالى، ئېفىيوپىيە، ئەرەبىستان قاتارلىق ئەللەردىن چىقىدۇ.



مۇرمەككى دەرىخى

[**يىغىپ ساقلاش**] دەرەخنىڭ پوستىنى تىلىپ قويساق يېلىمى ئېقىپ چىقىپ قېتىپ قالىدۇ، ئاخىردا ئېلىپ تازىلاپ، قۇرغاق ئورۇندا ساقلىنىدۇ.

[**خىمىيەلىك تەركىبى**] مۇرمەككى تەركىبىدە 25%~35% كىچە رېزىنا، 16% كىچە دەرەخ يېلىمى، تەخمىنەن 6% كىچە ئۇچۇچان ماي بار. رېزىنانىڭ كۆپ قىسمى ئېتىردە ئېرىيدۇ، ئېرىمەيدىغان قىسمىنىڭ تەركىبىدە α ۋە β ھېئېرا بومىررورىك كىسلاتا (α,β—Heerrabo myrrhoric acid) ، ئېرىيدىغان قىسمىدا α، β، γ مۇرمەككى كىسلاتاسى، كوممىفورىك كىسلاتا (Commi Phoric acid)؛ β، α، ھېئېرا بومىررول (α,β Heerabomyrrhol) قاتارلىقلار بار. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە، مۇرمەككى رېزىناسى ھېئېرا بورىزېن (Heeraboresene) ، كوممىفېرىن (Commiferin) لار بار، ئۇچۇچان مايىنىڭ تەركىبىدە ئېۋگېنول (Eugenol) ، گومىن ئالدېھىدى (Gumin aldegyde) ، دىپېنتېن (Depentene) ، لىمونىن (Limonene) قاتارلىقلار بار، دەرەخ يېلىمى سۇدا ئېرىپ، ئەرەب قەنتى (Arabinose) ، گالاكتوزا (Galactose) ۋە كىسلوزالارنى ھاسىل قىلىدۇ.

[**فارماكولوگىيەلىك تەسىرى**]

1. مۇرمەككىنىڭ سۇدىكى چىلانمىسى (1 : 2 نىسبەتتە) تەجرىبە نەيچىسىدە تۈك تەمرەتكىسى زەمبۇرۇغى، ئورتاق مەركەزلىك چاچ تەمرەتكە زەمبۇرۇغى، سونلېن سېرىق تەمرەتكە زەمبۇرۇغى قاتارلىق كۆپ خىل كېسەللىك پەيدا قىلغۇچى زەمبۇرۇغلارنى تورمۇزلاش تەسىرىگە ئىگە، بۇنداق بولۇشى تەركىبىدە تۇتقان ئېۋگېنول بىلەن مۇناسىۋەتلىك.

2. مايلىق رېزىنا قىسمى ئەركەك توشقانغا نىسبەتەن يۇقىرى خولېستېرىنلىق قان كېسىلىنىڭ خولېستېرىن مىقدارىنى ئازايتىدۇ ھەمدە داغ پارچىلىرىنىڭ ھاسىل بولۇشىنى توسىدۇ، شۇنداقلا ئۆي توشقىنىنىڭ بەدەن ئېغىرلىقىنى يەڭگىللىتىدۇ، مۇرمەككىنىڭ مەلۇم دەرىجىدە يەرلىك ئورۇننى غىدىقلاش خۇسۇسىيىتى بار، مۇرمەككى ئېغىز بوشلۇقىنى يۇيۇش دورىسى قىلىپ ئىشلىتىلىدۇ. يەنە ئاشقازان، ئۈچەي زەئىپلىشىپ كەتكەندە قوزغاتقۇچى دورا قىلىپ ئىشلىتىلىدۇ.

[**لايىقلاشتۇرۇلۇشى**] يۇيۇش، داغلاش ئارقىلىق لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

[**تەبىئىتى**] ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[**خۇسۇسىيىتى**] ئېغىز بوشلۇقىدىكى جاراھەت ۋە يارىلارنى پۈتتۈرۈش، كۆزنى قۇۋۋەتلەش، ئىچنى قاتۇرۇش، چىرىشكە قارشى تۇرۇش، يەل تارقىتىش، ئاغرىق پەسەيتىش، مېڭىنى تازىلاش، ئاشقازاننى قۇۋۋەتلەش، قان توختىتىش، سۈيدۈك ۋە ھەيزنى راۋان قىلىش خۇسۇسىيىتى بار.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبكىتى
www.uyghurkitap.com

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر] كاناپچە شاخچىلىرىنىڭ كېڭىيىپ كېتىشى، دوۋسۇن كۆيۈشۇش، ھەيز توسۇلۇش، يۆتەل، نەزلە، كۆز قاراڭغۇلىشىش، كۆزگە سۇ چۈشۇش، سۈيدۈك تۇتۇلۇش، باش ئاغرىقى، چىش تۈۋى قاناش، بوغۇم ئاغرىقلىرى، ئولتۇرغۇچ نېرۋا ئاغرىقى، گال ئاغرىقى قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. مۇرمەككىدىن يېرىم گىرام ئېلىپ، مەرزەنجۇش بىلەن قوشۇپ سۇدا ئېرىتىپ بۇرنىغا تېمىتسا، مېڭىنى تازىلايدۇ، نەزلىلەرنى توسايدۇ.

2. مۇرمەككىنى قىزىتىپ، ئۇنىڭ ھورى بىلەن باشنى تەرلەتسە، سەۋەبى ئېنىق بولمىغان باش ئاغرىقىنى يوقىتىدۇ.

3. مۇرمەككىنى پىياز سىركىسى بىلەن ياكى ئەرقى گۈلابتا ئېرىتىپ، ھەر كۈنى ئېغىزنى چايقىسا، چىشنىڭ تۈۋىدىن كېلىدىغان قاننى توختىتىدۇ.

4. مۇرمەككىنى كۆزگە سۇرمە قىلىپ تارتسا، كۆز قاراڭغۇلىشىشقا مەنپەئەت قىلىدۇ، كۆزگە چۈشكەن سۇنى توختىتىدۇ ۋە تارقىتىدۇ، جىغاننىڭ سۈيى بىلەن تېمىتسا، كۆز ئاجىزلىقىغا پايدا قىلىدۇ.

5. مۇرمەككىدىن ئىككى گىرام ئېلىپ سوقۇپ، ھەسەلگە قوشۇپ يالاپ بەرسە، يۆتەلگە پايدا قىلىدۇ.

6. مۇرمەككىنىڭ سۇفۇپىنى مۇۋاپىق مىقداردا ئىستېمال قىلسا، ھەيزنى راۋان قىلىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] 2 ~ 3 گىرامغىچە.

[زىيانلىق تەسىرى] ئىسسىق مىزاج كىشىلەرگە زىيان قىلىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] ھەسەل.

[ئورۇنباسارى] تەرياقى ئەربەئە، تەرياقى سىمانىيە.

[ۋەكىل خاراكتېرلىك پىششىق دورا ياسالمىسى] چىش پاراشوكى، سۇرمە.

## كۆپىكدەريا

## 库皮克达日亚

(海螵蛸 hai piao xiao)

[باشقا ئاتىلىشى] سەمەندەرجاگ

[لاتىنچە نامى] Endoconcha Sepiellade rochebrune

[ئىنگلىزچە نامى] Cuttlebone

[تونۇش] بۇ، سىياھبېلىق ئائىلىسىدىكى ھايۋانات سېپىللا سىياھبېلىقى ياكى سېپىللا سىياھبېلىقىنىڭ ئىچكى قېپى بولۇپ، بۇ بېلىقنىڭ گۆشى، قېپى ۋە قارا خالتىسىدىكى قارا سۇيۇقلۇقى «كۆپىكدەريا» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ. رەڭگى ئاق، سىرتقى تەرىپى سىلىق، ئىچى قوتۇر، يېرىك، تەمى قېرىق، پۇرىقى سۇس كېلىدۇ. (7.40 ـ رەسىم)

[خىمىيىلىك تەركىبى] بۇنىڭدا %85~%80 كىچە كالتسىي كاربونات بار، يەنە مۇڭگۈزسىمان ماددا،



كۆپىكدەريا

شىلىمشىق ماددا ھەمدە ئاز مىقداردا كالتسىي خىلورىد، كالتسىي فوسفات، ماگنىي تۇزلىرى بار.

[چىقىش ئورنى] ئېلىمىزنىڭ دېڭىز بويلىرى رايونلىرى ۋە چەت ئەللەردىن چىقىدۇ.

[يىغىش ساقلاش] بۇ سۆيۈقلۇقنى يىغىپ ئېلىپ، سوغۇق ۋە سالقىن جايدا ساقلىنىدۇ.

[فارماكولوگىيەلىك تەسىرى] بۇنىڭدىن ئاجرىتىپ ئېلىنغان كالتسىي كاربوناتتىن كىسلاتالىق ياسالمىلارنى ياسىغىلى بولىدۇ، يېڭى ئېلىنغان بېلىقنىڭ ئىچىدىن بىر خىل ماددا ئاجرىتىپ ئېلىنغان بولۇپ، بۇ ئېھتىمال بىر خىل پولىپېپتىد (Polipeptid) خىلىدىن ئىبارەت. كىشىلەر بۇ بېلىقنى يەپ زەھەرلەنسە، مۇشۇ ماددا ئۈچەي ھەرىكىتىنىڭ تەڭپۇڭسىزلىقىنى تۈزەيدۇ.

[لايىقلاشتۇرۇلۇشى] يۇيۇش، قۇرۇتۇش ئارقىلىق لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

[تەبىئىتى] ئۈچىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى] چىش مىلىكىنى چىڭىتىش، جاراھەت پۈتتۈرۈش، كۆڭۈل ئېلىشىشنى پەسەيتىش، ھەزىمنى ياخشىلاش، قان توختىتىش، جاراھەت قۇرۇتۇش، كۆز ياشانغىراشنى ئازايتىش، يىرىڭلىق زەخىمنى پۈتتۈرۈش، تىراخوما دانچىلىرىنى يوقىتىش، ئاق خۇننى توختىتىش خۇسۇسىيىتى بار.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر] ئېغىز يارىسى، چىش مىلىكى بوشاپ كېتىش، ئاشقازان، ئون ئىككى بارماق ئۈچەي يارىسى، ھەر خىل جاراھەت، يارىلىنىش، سىل كېسەللىكىدىكى قان تۈكۈرۈش، بالىياتقۇنىڭ ئۆزلۈكىدىن قانىشى، تىراخوما، كۆز چاپاقلىشىش، ئۆسمە، كۆپ ئېھتىلام بولۇش، ئاشقازان ۋە ئۈچەي قاناش، ھەزىم بۇزۇلۇش، قۇلاق يىرىڭلاش، سەپكۈن، داغ، مۇدۇر، ئىسسىقسا قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. كۇندۇر، مەستىكى، كۆپۈكى دەريالارنىڭ ھەربىرىدىن 10 گىرام ئېلىپ، سۇفۇپ قىلىپ ئىچىشكە بەرسە، ئاشقازان يارىسى ۋە ھەزىم بۇزۇلۇشقا شىپا بولىدۇ.

2. ئەرەب يېلىمى، ئاقاقىيادىن بەش گىرامدىن، ئانارگۈلدىن ئۈچ گىرام، كۆپىكدەريادىن بەش گىرام ئېلىپ، قائىدە بويىچە سۇفۇپ قىلىپ، كۈندە ئىككى ۋاق ئىچىپ بەرسە، ئاشقازان - ئۈچەي قاناشقا شىپا بولىدۇ.

3. موزا، ئانارگۈل، كاتھىنددىن بەش گىرامدىن، فۇپەلدىن ئۈچ گىرام، ئاق سەندەل، كۆپىكدەريادىن بەش گىرامدىن ئېلىپ، قائىدە بويىچە سۇفۇپ قىلىپ ئېغىزغا سەپسە، ئېغىز يارىسىغا شىپا بولىدۇ.

4. سۆئىلەپ، ئاق مەۋسەل 30 گىرامدىن، تەمرىھىندى ئۇرۇقىدىن 45 گىرام، ئانارگۈل، زورەمباتتىن 20 گىرامدىن، ناۋاتتىن 15 گىرام، كۆپىكدەريادىن بەش گىرام ئېلىپ، سۇفۇپ قىلىپ ئىچىپ

www.uyghurkitap.com

بەرسە، مەنىينى تۇتىدۇ، ئاق خۇن كۆپىيىشكە شىپا بولىدۇ.

**[ئىشلىتىش مىقدارى]** 1~5 گىرامغىچە.

**[زىيانلىق تەسىرى]** ئىسسىق مىزاج كىشىلەرنىڭ ئۇيقۇسىنى قاچۇرىدۇ.

**[تۈزەتكۈچىسى]** قاپاق مېغىزى يېغى.

**[ئورۇنباسارى]** كاتىھىندى.

**[ۋەكىل خاراكتېرلىك پىششىق دورا ياسالمىسى]** سۇفۇپى كۆپىكىدەريا، زىماتى كۆپىكىدەريا.

## كەبابە

## 卡巴拜其尼

(荜澄茄 bi cheng qie)

**[باشقا ئاتىلىشى]** كەبابە مېۋىسى

**[لاتىنچە نامى]** Fructus Piper cubeba

**[ئىنگلىزچە نامى]** cubeb Tree Fruit



كەبابە

**[تونۇش]** بۇ، قارىمۇچ ئائىلىسىدىكى دائىم ياشىرىپ تۇرىدىغان، غول ئۇزۇنلۇقى ئالتە مېتىر ئۆسىدىغان، ياماشقاق پەلەكلىك ئۆسۈملۈك كەبابە بولۇپ، بۇ ئۆسۈملۈكنىڭ مېۋىسى «كەبابە» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ. بۇنىڭ رەڭگى سارغۇچ قوڭۇر، مايلىق، تەمى ئاچچىق، پۇرىقى ئۆتكۈر بولىدۇ. (8.40 ـ رەسىم)

**[چىقىش ئورنى]** ھىندونېزىيە، مالايشىيا ئاراللىرى، غەربىي ھىندىستان تاقىم ئاراللىرى قاتارلىق جايلاردىن چىقىدۇ.

**[يىغىپ ساقلاش]** بۇ ئۆسۈملۈكنىڭ مېۋىسى پىشقاندىن كېيىن، يىغىپ ئېلىپ سوغۇق، سالقىن جايدا ساقلىنىدۇ.

**[خىمىيىلىك تەركىبى]** مېۋىسىنىڭ تەركىبىدە 10%~18% كىچە ئۇچۇچان ماي بار. كۇبېبىن (Cubebin)، 3% لىك يېلىم، كۇبېبىن كىسلاتاسى (Cubebin acid)، ماي، كىراخمال، 8% لىك دەرەخ يېلىمى، 7% لىك پىگمېنتى بار.

**[فارماكولوگىيەلىك تەسىرى]** كەبابە مېۋىسى شىللىق پەردىلەرنى يەرلىك غىدىقلاش تەسىرىگە ئىگە. سۈيدۈك يولى ۋە نەپەس يوللىرىغىمۇ مۇشۇ خىل تەسىرنى بېرىدۇ، بۇنىڭ ئۇچۇچان مېيىنى ئىستېمال قىلسا، سۈيدۈك يولىدا مەلۇم دەرىجىدە چىرىشكە قارشى تەسىرى بار.

**[لايىقلاشتۇرۇلۇشى]** يۇيۇپ توغراش، قورۇتۇش ئارقىلىق لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

**[تەبىئىتى]** ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[خۇسۇسىيتى] يارا ۋە جاراھەتلەرنى پۈتتۈرۈش، چىرىشكە قارشى تۇرۇش، سۈيدۈك ھەيدەش، ھەيزنى راۋانلاشتۇرۇش، يۇمشىتىش خۇسۇسىيتى بار.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر] سۈيدۈك يولى كېسەللىكلىرى، بولۇپمۇ سۆزنەك، سۈيدۈك تۇتۇلۇش، ھەيز تۇتۇلۇش، يۆتەل قاتارلىق كېسەللىكلەرگە ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. كەبابىدىن ئىككى گىرامنى تالقانلاپ، سۇ قوشۇلغان سۈت بىلەن ئىستېمال قىلسا، سۆزنەككە پايدا قىلىدۇ.

2. كەبابە سۇفۇپىنى ھەسەل بىلەن قوشۇپ بېرىلسە، يۆتەلگە پايدا قىلىدۇ، چايىنسا ئېغىزنى خۇشبۇي قىلىدۇ.

3. زاراڭزا چېچىكى، ئاغىچا، ئەمەن بەش گىرامدىن، كابابەدىن ئۈچ گىرام ئېلىپ، دورىلارنى قايىنتىپ ئىچسە، سۈيدۈك ۋە ھەيزنى راۋانلاشتۇرىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] 3～5 گىرامغىچە.

[زىيانلىق تەسىرى] باش ۋە دوۋساققا قۇرۇقلۇق يەتكۈزىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] دوۋساق ئۈچۈن مەستىكى، باش ئۈچۈن سەندەل.

[ئورۇنباسارى] كاۋاۋچىن.

[ۋەكىل خاراكتېرلىك پىششىق دورا ياسالمىسى] جاۋارىش زەرئۇنى.

## كاتھىندى

## 卡提印地

## (儿茶 er cha)

[باشقا ئاتىلىشى] كات، كېتى ھىندى

[لاتىنچە نامى] Acacia catechu

[ئىنگلىزچە نامى] cutechu khair

[تونۇش] بۇ، پۇرچاق ئائىلىسىدىكى ئۆسۈملۈك كاتھىندى، رويان ئائىلىسىدىكى ئۆسۈملۈك فۇنۇت كاتھىندىنىڭ قۇرۇتۇلغان ئۇسارىسىدىن ئىبارەت بولۇپ، شەكلى ئوخشاش ئەمەس، سىرتقى يۈزى قارامتۇل بېغىر رەڭدە، تەمى قېرىق، سېسىق پۇراق يوق. (9.40 - رەسىم)

[چىقىش ئورنى] مەملىكىتىمىزنىڭ يۈننەن ئۆلكىسى، ھىندىستان، بىرما، ئافرىقا، ئاسىيا، سىرى لانكا، ھىندونېزىيە قاتارلىق ئەللەردىن چىقىدۇ.

[يىغىپ ساقلاش] ئۇسارىسىنى قۇرۇتۇپ، قۇرغاق، سالقىن جايدا ساقلىنىدۇ.

[خىمىيىلىك تەركىبى] كاتھىندىنىڭ ياغاچلىق قىسمىدا 50%～20 % كىچە ئاتىسدوم كانخو-تاننىكوم (tannic acid - Cataechu)، كاتېخىن (catechin)، ئېپىكاتېخىن (Epcatechin) توق رەڭلىق ياغاچلىق قىسمىدا پىروتوكاتېخوكاننىن (Prutocatechu)، پىروگاللىك تاننىن (Pyrogallic tannin) قاتارلىقلار بار.

www.uyghurkitap.com



كاتهنندى دەرىخى

[فارماكولوگىيەلىك تەسىرى]

1. كاتهنندىكى رۇبىسسىنىڭ سۇدىكى قايىنتىلمىسى ئاق رەڭلىك ئۈزۈمسىمان شارچە باكتېرىيەسى، بوغما تاياقچە باكتېرىيەسى، ئۈچەي كېزىكى تاياقچە باكتېرىيەسى قاتارلىقلارنى مەلۇم دەرىجىدە تورمۇزلايدۇ.

2. 20% لىك قايىنتىلمىسى بەدەن سىرتىدا قورساق سۇلۇق راك هۈجەيرىسىنى تورمۇزلايدۇ. كاتهنندى سۇيۇقلۇقى ئېرىتمىسى ئون ئىككى بارماق ئۈچەي، كىچىك ئۈچەينىڭ لۆمۈلدىشىنى تورمۇزلايدۇ هەم سوقۇر ئۈچەينىڭ لۆمۈلدەش هەرىكىتىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ، ئىچ سۈرۈشنى توختىتىدۇ.

[لايىقلاشتۇرۇلۇشى] يۇيۇپ داغلاش ئارقىلىق لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق سوغۇق.

[خۇسۇسىيىتى] قورۇش، قان توختىتىش، قۇرۇتۇش، تۇتۇش، چىش مىلىكىنى چىڭىتىش، مەددە قۇرت ئۆلتۈرۈش قاتارلىق خۇسۇسىيەتلەرگە ئىگە.

[ئىشلىتىدىغان كېسەللىكلەر] چىش مىلىكى قاناش، ئېغىز بوشلۇقى ياللۇغى، مەنىي تۇتالماسلىق، قان بۇزۇلۇش، جوزام، كۆپ ئېهتىلام بولۇش، ئۈچەي قۇرتى كېسەللىكلىرىگە ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. ئۈچ گىرام كاتهنندىنى ئىككى گىرام ئانارگۈل بىلەن سوقۇپ سۇفۇپ قىلىپ چىش تۈۋىگە باسسا، چىش مىلىكى قاناشقا شىپا بولىدۇ.

2. كاتهنندى، كۆپۈكى دەريا، موزا قاتارلىقلاردىن ئۈچ گىرامدىن ئېلىپ، ئېزىپ تالقان تەييارلاپ ئېغىز يارىسىغا بېسىپ بەرسە، يارىنى پۈتتۈرىدۇ.

3. ئۈچ گىرام كاتهنندىنى ئېزىپ سۇفۇپ قىلىپ، بىر پىيالە سۇغا مەلۇم ۋاقىت چىلاپ ئىچىپ بەرسە، ئىچ سۈرۈشكە شىپا بولىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] 1 ~ 2 گىرامغىچە.

[زىيانلىق تەسىرى] باھ ئاجىزلىق ۋە بۆرەكتە تاش پەيدا قىلىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] ئېپار، ئەنبەر، ئاقمۇچ.

[ئورۇنباسارى] گۈل ئەرمىنى، موزا.

[ۋەكىل خاراكتېرلىك پىششىق دورا ياسالمىسى] سۇفۇپى كاتهنندى.

[دىققەت قىلىدىغان ئىشلار] قۇرۇق سوغۇق مىزاجدىكىلەرگە ئىشلەتكەندە مۇناسىپ تۈزەتكۈچىلەرنى قوشۇپ ئىشلىتىش لازىم.

# بادام شاكىلى

# 巴旦木沙克里

（巴旦杏壳 ba dan xing ke）

[باشقا ئاتىلىشى] بادام ئۆكچىسى شاكىلى

[لاتىنچە نامى] Pericarpium Amygdalus communis

[ئىنگلىزچە نامى] shellof Almond Seed



بادام دەرىخى

[تونۇش] بۇ، ئازغان ئائىلىسىدىكى ئۆسۈملۈك ئاچچىق ۋە تاتلىق بادام مېغىزىنىڭ شاكىلى بولۇپ، رەڭگى سارغۇچ ئاق رەڭلىك، تەمسىز، پۇراقسىز كېلىدۇ. (40. 10 ـ رەسىم)

[چىقىش ئورنى] شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدىن چىقىدۇ.

[يىغىپ ساقلاش] بۇ ئۆسۈملۈكنىڭ مېۋىسى پىشقاندا يىغىۋېلىپ، پوستىنى ئايرىپ قۇرۇتۇپ، قۇرۇق، سالقىن جايدا ساقلىنىدۇ.

[لايىقلاشتۇرۇلۇشى] ئىلغاپ ساپلاشتۇرۇلىدۇ.

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق سوغۇق.

[خۇسۇسىيىتى] چىش مىلىكىنى قۇۋۋەتلەش ۋە پارقىرىتىش، جاراھەت پۈتتۈرۈش، مەنىي پەيدا قىلىش، مەنىينى قويۇلدۇرۇش خۇسۇسىيىتى بار.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر] چىش مىلىكى بوشىشىپ كېتىش، چىشنىڭ رەڭگى ئۆزگىرىپ كېتىش، ئۈچەي ۋە دوۋساق جاراھىتى، مەنىي كەملىك قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. مۇۋاپىق مىقداردىكى بادام شاكىلىنى كۆيدۈرۈپ، سوقۇپ سۇنۇن قىلسا، چىش تۇۋىنى قۇۋۋەتلەيدۇ، چىشنى پارقىرىتىدۇ.

2. مۇۋاپىق مىقداردىكى بادام شاكىلىنى سارغايتىپ، شاقاقۇل بىلەن ئاق بەھمەندىن 10 گرامدىن ئېلىپ سوقۇپ، تالقانلاپ ئىچىپ بەرسە، ئۈچەي ۋە دوۋساقتىكى جاراھەتلەرگە مەنپەئەت قىلىدۇ. مەنىي پەيدا قىلىدۇ ھەمدە مەنىي بالدۇر يۇرۇپ كېتىشكە مەنپەئەت قىلىدۇ، بەدەننى سەمرىتىدۇ.

3. مۇۋاپىق مىقداردىكى بادام شاكىلىنى سوقۇپ تالقانلاپ، ئەنجۇر قېقى، تەرەنجىبىن بىلەن بىرگە ئىستېمال قىلسا، قۇلۇنجغا مەنپەئەت قىلىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] 7～15 گرامغىچە.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

[زىيانلىق تەسىرى] ئاشقازانغا زىيان قىلىدۇ.
[تۈزەتكۈچىسى] مەستىكى.
[ئورۇنباسارى] شاپتۇل ئۇچكىسى شاكىلى.
[ۋەكىل خاراكتېرلىك پىششىق دورا ياسالمىسى] سۇنۇنى ئەسنان.

## كاۋاۋىچىن

## 卡哇维琴

## (花椒 Hua·jiao)

[باشقا ئاتىلىشى] فاغىيرە، كابابەسىنى، كەبابە چىينى

[لاتىنچە نامى] PericarPium Zanthoxylum bungeanum

[ئىنگلىزچە نامى] Bungeanum pricklyasth Pericarp



كاۋاۋىچىن

[تونۇش] بۇ، سۇزاپ ئائىلىسىدىكى كىچىك ياغاچ غولـلۇق كاۋاۋىچىن ئۆسۈملۈكىنىڭ مېۋىسىنىڭ پوستى بولۇپ، مېۋىسىنىڭ كۆپىنچىسى يەككە ئۆسكەن، سىرتى بىنەپشە رەڭدە، كۆپ ساندا تارماق سۆگەلسىمان كۆتۈرۈلۈپ چىققان ماي نۇقتىلىرى بار، تەمى ئاچچىق، پۇرىقى كۈچلۈك، بۇ ئۆسۈملۈكنىڭ مېۋىسى «كەبابە خەندان» «كاۋاۋىچىن» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ. (40. 11 ـ رەسىم)

[چىقىش ئورنى] ئېلىمىزنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن ھەم ھىندىستان، ياۋروپا قاتارلىق ئەللەردىن چىقىدۇ.

[يىغىپ ساقلاش] مېۋىسى پىشقاندا يىغىۋېلىپ، قۇرغاق جايدا ساقلىنىدۇ.

[خىمىيەلىك تەركىبى] كەبابە خەندانىنىڭ تەركىبىدە 1% ~ 9% كىچە ئۇچۇچان ماي بار، مېيىنىڭ ئاساسىي تەركىبى لىمۇنىن (Limonene)، كۇنىكالكوھول (cunicalcohoc)، گىرانىئول (Graniol) دىن ئىبارەت.

[فارماكولوگىيەلىك تەسىرى] گىرانسولنىڭ كىچىك دوزىسى چوڭ چاشقاننىڭ ئۆزلۈكىدىن ھەرىكەت قىلىش ئىقتىدارىنى تورمۇزلايدۇ، چوڭ مىقداردىكىسى ئۇچەي ھەرىكىتىنى تورمۇزلايدۇ، ئۆلتۈرۈش مىقدارىغا بارغاندا ئىچىنى سۈرىدۇ. ئاز مىقداردا ئىچكۈزسە چوڭ چاشقان يەڭگىل دەرىجىدە سىيىدۇ. كۆپ مىقداردا ئىچكۈزسە سۈيدۈك تورمۇزلىنىدۇ.

[لايىقلاشتۇرۇلۇشى] قۇرۇتۇپ ساپلاشتۇرۇلىدۇ.

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى] ئىچىنى خۇشبۇي قىلىش، چاچنى قۇۋۋەتلەش، ئاشقازان ۋە جىگەرنى قۇۋۋەتلەش، يەل ھەيدەش، قورۇش، تۇتۇش، چىڭىتىش، سۈيدۈك يولىنى تازىلاش، ئاغرىق پەسەيتىش، ھەزىمنى ياخشىلاش خۇسۇسىيەتلىرى بار.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر] چىش ئاغرىقى، ئىچىز پۇراش، ھەزىم ناچارلىشىش، يۈرەك، مېڭە ئاجىزلىقى، ئاشقازان، جىگەر كېسەللىكلىرى ئىستىرخا، سۆزنەك، سوغۇق يەل كېسەللىكلىرىگە ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. موزىدىن ئۈچ گىرام، كاۋاۋىچىنىدىن ئىككى گىرام ئېلىپ، سوقۇپ سۇفۇپ تەييارلاپ چىشقا زىمات قىلسا، چىش ئاغرىقىغا شىپا بولىدۇ.

2. كاۋاۋىچىنىنى قايناق سۇغا چىلاپ سۈزۈپ، سۈيىدە غار - غار قىلسا، ئىچىز پۇراشقا مەنپەئەت قىلىدۇ.

3. كاۋاۋىچىن، كۈندۈر، مەستىكى قاتارلىقلاردىن مۇۋاپىق مىقداردا ئېلىپ ئېزىپ، سۇفۇپ تەييارلاپ مۇۋاپىق مىقداردا ئىچىپ بەرسە، ئاشقازان يارىسىغا مەنپەئەت قىلىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] 2 ~ 3 گىرامغىچە.

[زىيانلىق تەسىرى] دوۋساقتا زىيانلىق، يانپاش ئاغرىقى پەيدا قىلىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] نېلۇپەر، مەستىكى، سەندەل، قىزىلگۈل.

[ئورۇنباسارى] ئاقىرقەرھا، كەبابە، دارچىن، لاچىندانە.

[ۋەكىل خاراكتېرلىك پىششىق دورا ياسالمىسى] زەرۇرى قىلائى.

www.uyghurkitap.com

# قىرىق بىرىنچى باب پەي، مۇسكۇل ۋە نېرۋىلارنى قۇۋۋەتلىگۈچى دورىلار

بۇ تۈردىكى دورىلار پەي، مۇسكۇل ۋە نېرۋىلارنى قۇۋۋەتلەش، ئۇلاردىكى ماددا ئالمىشىشنى ياخشىلاش تەسىرى ئاساسلىق ئورۇندا تۇرىدىغان دورىلار ئومۇملاشتۇرۇلۇپ، پەي، مۇسكۇل ۋە نېرۋىلاردىكى كېسەللىكلەرگە ئىشلىتىلىدىغان دورىلار دېيىلىدۇ.

ھەر خىل ئىچكى ـ تاشقى سەۋەبلەردىن پەي، مۇسكۇل ۋە نېرۋىلار خىزمىتىدە ئاجىزلاش يۈز بەرسە، ئورگانىزمدا پەي، مۇسكۇل ۋە نېرۋىلارغا ئائىت تۈرلۈك كېسەللىكلەر (نېرۋا ئاجىزلىقى، پەي ۋە مۇسكۇل بوشاپ كېتىش، چاچ بالدۇر ئاقىرىش، سۈيدۈك تۇتالماسلىق، پالەچ، لەقۋا، ئاق خۇن كۆپ كېلىش، كۆپ ئېھتىلام بولۇش، چوڭ ـ كىچىك بوغۇم ئاغرىش، پۇت ـ قول تارتىشىپ قېلىش، رەئشە، تۇتقاقلىق كېسەل، مالىخولىيا، جۇنۇن، ئەستە ساقلاش كۈچى تۆۋەنلەش، سىيىپ يېتىش قاتارلىقلار) پەيدا بولىدۇ. بۇ خىل كېسەللىكلەرنىڭ ۋاقتىدا ئالدىنى ئالمىغاندا يامان ئاقىۋەتلەر كېلىپچىقىدۇ. پەي، مۇسكۇل ۋە نېرۋىلاردىكى كېسەللىكلەرنى داۋالاشقا ئىشلىتىلىدىغان دورىلارنىڭ تۈرى ھەر خىل بولغاچقا، ئىشلەتكەندە مۇۋاپىق تاللاپ ئىشلىتىش كېرەك. پەي، مۇسكۇل ۋە نېرۋىلاردىكى كېسەللىكلەرگە ئىشلىتىدىغان دورىلارنىڭ كۆپىنچىلىرىنىڭ تەبىئىتى ھۆل ۋە ئىسسىق ياكى قۇرۇق ئىسسىق بولىدۇ. بۇ خىل دورىلار بۇزۇق ماددىلارنى تازىلاش، پەي ۋە مۇسكۇلنى چىڭىتىش، نېرۋىلارنى ۋە ئومۇمىي بەدەننى قۇۋۋەتلەش، ماددا ئالمىشىشنى ياخشىلاش، سۈرۈش، فىزىيولوگىيەلىك تەڭپۇڭلۇقنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش تەسىرىنى بېرىدۇ. پەي، مۇسكۇل ۋە نېرۋىلاردىكى كېسەللىكلەرگە ئىشلىتىدىغان دورىلار قىرغاۋۇل، چىڭگىلىك، چوڭ يوپۇرماقلىق جىنتىيانا، تولغىماچ مېۋىلىك تاغ كۈنجۈتى، كۇندۇش، ياۋا توشقان گۆشى، ئاقچەشكە، تاشچېچىكى، يىلپىز سۆڭىكى، ئۇزۇنچاق زىراۋەندە، بۆرە سويمىسى يىلتىزى پوستى، بۇغىتاپان، شۇمبۇيا، ئاق پارپا، قاقىراتۇمشۇق، زۇپتى رۇمى، ھىڭ، بوزۇغا، بالادۇر، قارا پارپا، قەلەمپۇر يېغى، ئېيىق يېغى، ئەرمۇدۇن دەرىخى ئۇرۇقى، پەرپىيون، ئادراسمان ئۇرۇقى يېغى، كۇچۇلا، سۇزاپ، جىنچاتقىلى يىلتىزى، بوزىدان، ئەرمۇدۇن دەرىخى يىلتىزى قۇۋزىقى، قەنتەرىيۇن، كىرپە، جاۋشىر، قار لەيلىسى، پەربۇن، مۇقەل، كۇدە ئۇرۇقى، سۆرۈنجان، ئاقىرقارھا، سەقەنقۇر، ئاچچىق قۇستە، سامساق، خېنىگۇل ئۇرۇقى قاتارلىقلار.

## قىرغاۋۇل
## 克尔格乌力
(雉 鸡 zhi ji)

[**باشقا ئاتىلىشى**] قىرغاۋۇل گۆشى

[**لاتىنچە نامى**] Phasianus Colenicus torqutus

[**ئىنگلىزچە نامى**] Pheasant

[**تونۇش**] بۇ، قىرغاۋۇل ئائىلىسىدىكى قۇش قىرغاۋۇلنىڭ گۆشى ياكى پۈتۈن تېنىدىن ئىبارەت بولۇپ، بۇ قۇشنىڭ مېكىيىسى، گۆشى ۋە جىگىرى «قىرغاۋۇل» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ. بەدەن ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن 90 سانتىمېتىر كېلىدۇ، ئەركەك ۋە چىشى بولىدۇ، بۇلارنىڭ رەڭگى ھەر خىل، ئەركىكىنىڭ رەڭگى چىرايلىق، چىشىسىنىڭ بەدەن شەكلى كىچىكرەك، قۇيرۇقى قىسقىراق كېلىدۇ. (1.41 ـ رەسىم)

[**چىقىش ئورنى**] ئېلىمىزنىڭ شىنجاڭ، شىزاڭ قاتارلىق جايلىرىدىن چىقىدۇ.

[**يىغىپ ساقلاش**] بۇ قۇشنى تۇتقاندىن كېيىن ئىچكى ئەزالىرىنى ئاجرىتىپ، كېرەكلىك قىسمى دورىلىققا ئىشلىتىلىدۇ.

[**خىمىيەلىك تەركىبى**] گۆشىنىڭ ھەر 100 گىرامىدا 70 گىرام سۇ، 24 گىرام ئاقسىل، بەش گىرام ياغ قاتارلىقلارنى تۇتىدۇ، يەنە كالتسىي، فوسفور، تۆمۈر قاتارلىقلار بار.

[**لايىقلاشتۇرۇلۇشى**] قۇرۇتۇش ئارقىلىق ساپلاشتۇرۇلىدۇ.

[**تەبىئىتى**] گۆشى ئىككىنچى دەرىجىدە ئىسسىق، بىرىنچى دەرىجىدە قۇرۇق.

[**خۇسۇسىيىتى**] پەي، مۇسكۇللارنى چىڭىتىش، ساپ قان پەيدا قىلىش، توسالغۇلارنى ئېچىش، ھەزىمنى ياخشىلاش، مېڭىنى قۇۋۋەتلەش، چېچلاڭغۇلۇقنى تۈگىتىش، تېرىدىكى داغلارنى چۇشۇرۇش، جاراھەت پۈتتۈرۈش خۇسۇسىيىتى بار.

[**ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر**] قان ئازلىق، ئاشقازان ئاجىزلىقى، سۈيدۈك كۆپ كېلىش، ئۇنتۇغاقلىق، يۈزگە داغ پەيدا بولۇپ قېلىش، چاچقا ئاق كىرىش، كۆزگە ئاق چۈشۈپ قېلىش، يىرىڭلىق جاراھەت قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[**ئىشلىتىش ئۇسۇلى**]

1. قىرغاۋۇل گۆشىنى كاۋاپ قىلىپ ئىستېمال قىلسا، يۇقىرىقى كېسەللىكلەرگە مەنپەئەت قىلىدۇ.
2. قىرغاۋۇلنىڭ ئۆتىنى قىزىق قېنى بىلەن كۆزگە تارتسا، كۆزگە ئاق چۈشۈشكە مەنپەئەت قىلىدۇ.
3. قانىتىنىڭ كۈلىنى سىيادان بىلەن بىرگە چاچقا چاپسا، چاچنى قارايتىدۇ.
4. كۆيدۈرۈلگەن سۆڭىكىنىڭ سۇفۇپىنى جاراھەتكە سەپسە، يىرىڭلىق جاراھەتلەرگە شىپا بولىدۇ.
5. مايىقىنى سىركە بىلەن ئېزىپ يەرلىك ئورۇنغا چاپسا، ھەر خىل داغلارنى يوقىتىدۇ.
6. قىرغاۋۇل گۆشىنى سۆڭپىياز بىلەن پىشۇرۇپ يەپ بەرسە، تۇغۇتتىن كېيىنكى بەل ئاغرىقى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ۋە ماغدۇرسىزلىنىشقا شىپا بولىدۇ.

7. قىرغاۋۇل ئۆتىنى بۇرۇنغا تېمىتسا، مېڭە توسالغۇلىرىنى ئاچىدۇ. گۆشىنى مەرزەنجۇش بىلەن قايىنتىپ ئىستېمال قىلسا، نەپەس سىقىلىشقا مەنپەئەت قىلىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] ئەھۋالغا قاراپ مۇۋاپىق مىقداردا بېرىلىدۇ.

[زىيانلىق تەسىرى] ئىسسىق مىزاجلىق كىشىلەرنىڭ بېشىنى ئاغرىتىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] سىركەنجۇبىل.

[ئورۇنباسارى] كۆك كەپتەر.

[ۋەكىل خاراكتېرلىك پىششىق دورا ياسالمىسى] ئەرقى مائۇللەھمى.

## چىڭگىلىك

## 青给力克

(牛皮消 niu pi xiao)

[باشقا ئاتىلىشى] ئەشىر، خەرەك، زەھەرناك، ئەكۇن، مەردار

[لاتىنچە نامى] Rhizoma Et radix Cynanchum sibiricum

[ئىنگلىزچە نامى] Swallowwort Rhizomeand Root

[تونۇش] بۇ، چىڭگىلىك ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق يۆگىشىپ ئۆسىدىغان، تېنىدە ئاق سۈت بار سامان غوللۇق ئۆسۈملۈكنىڭ يىلتىزى. (2.41 - رەسىم)

[چىقىش ئورنى] شىنجاڭنىڭ ھەممە يېرىدە تېپىلىدۇ. تۈزلەڭلىكلەردە، تاغ باغرىدا ۋە چاتقاللىقلاردا ئۆسىدۇ.

[يىغىپ ساقلاش] ئۆسۈملۈكى يېتىلگەندە كولاپ ئېلىپ، يىلتىزىنى قۇرۇتۇپ ساقلىنىدۇ.

[خىمىيەلىك تەركىبى] تەركىبىدە مول ئامىنو كىسلاتاسى، ۋىتامىنلار، ئاز ئۇچرايدىغان ئېلېمېنتلار، فوسفورىد مايلار، پولىساخارىد قاتارلىقلار بار.

[فارماكولوگىيە تەسىرى] ئىممۇنىتېت كۈچىنى ئاشۇرۇش؛ بەدەندىكى ئەركىن رادىكاللارنى چىقىرىۋېتىش؛ قاندىكى خولېستېرىننى تۆۋەنلىتىش؛ ئۆسمىنى تىزگىنلەش رولى بار.

[تەبىئىتى] سۈتى تۆتىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق بولۇپ، زەھەرلىك كېلىدۇ. يوپۇرمىقى، شېخى، يىلتىزى ۋە گۈلى ئۈچىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى] پەي - مۇسكۇللارنى قۇۋۋەتلەش، ھۆللۈكنى تارقىتىش، يەل ھەيدەش، ئاغرىق توختىتىش، ياللۇغنى قايتۇرۇش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر] ئۆتكۈر ۋە سوزۇلما خاراكتېرلىك بۆرەك ياللۇغى، سۇلۇق ئىششىق، سوزۇلما خاراكتېرلىك ئاشقازان ياللۇغى، رېماتىزملىق بوغۇم ئاغرىقى، ئاق خۇن كۆپ كېلىش، ئون ئىككى بارماق ئۈچەي يارىسى قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىلىش ئۇسۇلى]

1. چىڭگىلىكتىن 12 گىرام، سوغىگۈلدىن 15 گىرام، كۆپكىدەريادىن 200 گىرام، چۈچۈكبۈيە-دىن 20 گىرام ئېلىپ، سوقۇپ سۇفۇپ قىلىپ ئىچسە، ئاشقازان يارىسى، ئون ئىككى بارماق ئۈچەي يارىسىغا شىپا قىلىدۇ.

2. چىڭگىلىكتىن 12 گىرام، لاجۇۋەردتىن ئالتە گىرام، سۆرۈنجان، بەدىياندىن 10 گىرامدىن ئېلىپ، دورىلارنى سوقۇپ تالقان قىلىپ ئىچسە، رېماتىزملىق بوغۇم ئاغرىقىغا شىپا قىلىدۇ.

3. چىڭگىلىكتىن 12 گىرام، ئانارگۈل، ئانار پوستى، بەللۇت قاتارلىقلاردىن 10 گىرامدىن، تەمرىھىندىدىن 30 گىرام، ئاق مەۋسەلدىن 10 گىرام، ئاقىرقەرھادىن بەش گىرام ئېلىپ، دورىلارنى سۇفۇپ قىلىپ ئىچسە، ئاق خۇننى ئازايتىدۇ.

[ئىشلىتىلىش مىقدارى] 6 ~ 12 گىرامغىچە.

[زىيانلىق تەسىرى] باش ئاغرىقىغا زىيان قىلىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] ھەسەل، سېرىق ماي، سۈت.

[ئورۇنباسارى] بابۇنە، ھەببۇلمۆلۈك

[ۋەكىل خاراكتېرلىك پىششىق دورا ياسالمىسى] سۇفۇپى سۇس.

[دىققەت قىلىدىغان ئىشلار]: مۇناسىپ قوشۇمچىلار بىلەن قوشۇپ ئىشلىتىش لازىم.

## چوڭ يوپۇرماقلىق جىنتىيانا

## 充优普玛克力克进提亚那

(秦艽 qin jiao)

[لاتىنچە نامى] Radix Gentiana Walujewii

[ئىنگلىزچە نامى] Largleaf Gentian Root



چوڭ يوپۇرماقلىق جىنتىيانا

[تونۇش] بۇ، جىنتىيانا ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك چوڭ يوپۇرماقلىق جىنتىيانانىڭ يىلتىزى بو-لۇپ، بۇ ئۆسۈملۈكنىڭ يىلتىزى «چوڭ يوپۇرماقلىق جىنتىيانا» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ. (41.3 - رەسىم)

[چىقىش ئورنى] تاغ ۋە ئورمانلار ئارىسىدىكى نەم ئوتلاقلاردا، ئورمان بەلبېغىدىكى ئوتلاقلاردا، ئالتاي، تەڭرىتېغى ۋە قاراقۇ-رۇم تاغلىرىدىن چىقىدۇ.

[لايىقلاشتۇرۇلۇشى] ئىلغاپ ساپلاشتۇرۇلىدۇ.

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى] چىڭىتىش، قىزىتما قايتۇرۇش، يەل ھەيدەش، ھۆللۈكنى يوقىتىش، ياللۇغ قايتۇرۇش، تىنچلاندۇرۇش، سې-رىقلىقنى ياندۇرۇش، قاننى جانلاندۇرۇش خۇسۇسىيەتلىرى بار.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر] رېماتىزملىق بوغۇم ياللۇغى، ئۆپكە سىلىدىكى تۆۋەن قىزىتما، رېماتىزملىق بوغۇم، مۇسكۇللار سىرقىراپ ئاغرىش، پۇت ـ قوللىرى تارتىشىپ قېلىش، ياللۇغلىنىش قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىلىش ئۇسۇلى]

1. چوڭ يوپۇرماقلىق جىنتىيانا، كاسنە يىلتىزى، بەديان يىلتىزى، كەرەپشە يىلتىزى، قۇستىنىڭ ھەربىرىدىن 10 گرام، كاكنەچ ۋە بابۇنەدىن 15 گرامدىن ئېلىپ قاينىتىپ ئىچسە، رېماتىزملىق بوغۇم ياللۇغىغا ياخشى مەنپەئەت قىلىدۇ.

2. ئەرەب يېلىمى ۋە كەتىرادىن سەككىز گرامدىن، چوڭ يوپۇرماقلىق جىنتىيانا، چۇچۇكبۇيا يىلتىزى، بىنەپشە، نىلۇپەر قاتارلىقلاردىن 10 گرامدىن، شېكەردىن 200 گرام ئېلىپ، قائىدە بويىچە شەربەت قىلىپ ئىچىپ بەرسە، ئۆپكە سىلىدىكى تۆۋەن قىزىتمىغا مەنپەئەت قىلىدۇ.

[ئىشلىتىلىش مىقدارى] 8 ~ 16 گرامغىچە.

[زىيانلىق تەسىرى] ئىسسىقچان كىشىلەرگە زىيان قىلىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] بىنەپشە، نىلۇپەر.

[ئورۇنباسارى] جىنتىيانا.

[پىششىق دورا ياسالمىسى] مەجۇنى لوغانزىيا.

## تولغىماچ مېۋىلىك تاغ كۈنجۈتى

## 托力古马其米维力克塔格困居提

(火索麻 huo suo ma)

[باشقا ئاتىلىشى] تاغ كۈنجۈتى

[لاتىنچە نامى] Radix Helicteris isora

[ئىنگلىزچە نامى] Tortedfruit Screwtree Root



تولغىماچ مېۋىلىك تاغ كۈنجۈتى

[تونۇش] بۇ، چىنار ئائىلىسىدىكى چاتقال تولغىماچ مېۋىلىك ئۆسۈملۈك تاغ كۈنجۈتىنىڭ مېۋىسىدىن ئىبارەت بولۇپ، «تاغ كۈنجۈتى» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ. مېۋىسى سىلىندىر شەكىللىك بۇرمىسىمان تولغىماچ بولۇپ، پىشقاندا قارا رەڭلىك، ئۈچى ئۈچلۈق، تەمى ئاچچىق بولىدۇ.

[چىقىش ئورنى] يۇنەن، گۇاڭشى، گۇاڭدۇڭ ئۆلكىلىرىدىن ھەمدە ھىندىستاننىڭ ئوتتۇرا ۋە غەربىي قىسىملىرىدىن چىقىدۇ.

[يىغىپ ساقلاش] بۇ ئۆسۈملۈكنىڭ مېۋىسى پىشقاندىن كېيىن يىغىۋېلىپ، سوغۇق ۋە سالقىن جايدا ساقلىنىدۇ.

[تەبىئىتى] بىرىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[خۇسۇسىيتى] پەي ۋە مۇسكۇللارنى قۇۋۋەتلەش، ئىچ سۈرۈشنى توختىتىش، ئارتۇق ھۆللۈكنى قۇ-رۇتۇش، ئىسپازما بوشىتىش، پەيلەرنى قۇۋۋەتلەش خۇسۇسىيىتى بار.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر] تولغاق، ئۈچەي توسۇلۇش، پالەچ، لەقۋا، رەئشە قاتارلىق كېسەللىك-لەرگە ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. تولغىماچ مېۋىلىك تاغ كۈنجۈتىدىن يەتتە گىرام، دارچىن، قاقىلە، قەلەمپۇرنىڭ ھەربىرىدىن 10 گىرام ئېلىپ، سوقۇپ تالقان قىلىپ، كۆچۈلا مېيى بىلەن مەلھەم تەييارلاپ يەرلىك ئورۇننى ياغلاپ بەرسە، پالەچ ۋە لەقۋاغا مەنپەئەت قىلىدۇ.

2. تاغ كۈنجۈتنى قورۇپ سۇفۇپ قىلىپ ئىستېمال قىلىپ بەرسە، تولغاققا مەنپەئەت قىلىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] 5～7 گىرامغىچە.

[زىيانلىق تەسىرى] باھقا زىيان قىلىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] ياڭاق مېغىزى.

[ئورۇنباسارى] سەبرە.

[ۋەكىل خاراكتېرلىك پىششىق دورا ياسالمىسى] سۇفۇپى سىمسىم.

## كۇندۇش

## 困都西

(牛舌草根 niu she cao gen)



كۇندۇش

[باشقا ئاتىلىشى] بىخ گاۋزىبان، كىندىش

[تونۇش] بۇ، بوتا كۆز ئائىلىسىدىكى ئۆسۈملۈك ھىندىستان گاۋزىباننىڭ يىلتىزى بولۇپ، سىرتى قارىغا مايىل، ئىچى سېرىققا مايىل، پۇرىقى ئۆتكۈر، بۇ ئۆسۈملۈك 6 ـ ئايلاردا پىشىدۇ، قۇۋۋىتى 20 يىلغىچە تۇرىدۇ، دورىغا ئىشلىتىلىدىغىنى ئۆششاق يىلتىزى بولۇپ، ياخشىسى يېڭى، پۇرىقى ئۆتكۈر كەلگىنىدۇر. بۇ ئۆسۈملۈكنىڭ مۇشۇ يىلتىزى «بىخ گاۋزىبان»، «كۇندۇش» ياكى «كىندىش» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ. (41.4 ـ رەسىم)

[چىقىش ئورنى] ھىندىستان، پاكىستان قاتارلىق ئەللەردىن چىقىدۇ.

[يىغىپ ساقلاش] بۇ ئۆسۈملۈكنىڭ ئورۇقى پىشقاندا يىلتىزىنى كولاپ ئېلىپ، يۇيۇپ قۇرۇتۇپ ساقلىنىدۇ.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى


[لايىقلاشتۇرۇلۇشى] يۇيۇش، توغراش، قورۇتۇش ئارقىلىق لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.
[تەبىئىتى] ئۈچىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.
[خۇسۇسىيىتى] پەي ۋە مۇسكۇللارنى چىڭىتىش، چۇشكۇرتۇش، غەيرىي تەبىئىي بەلغەم خىلتىنى سۇرۇش، توسالغۇلارنى ئېچىش، كۆرۈش كۈچىنى ئاشۇرۇش، يەل ھەيدەش، ئەزالار سېزىمىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش خۇسۇسىيىتى بار.
[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر] پالەچ، لەقۋا، تۇتقاقلىق كېسەل، شوك، ئاۋاز پۈتۈش، بۇرۇن سېسىق پۇراش، كۆرۈش قۇۋۋىتى ئاجىزلىقى، نامازشام قارىغۇسى، ھەر خىل قۇرت كېسىلى، قۇلاق ئېغىرلىقى قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.
[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]
1. كۇندۇشنى بىنەپشە يېغى، ئەرقى بەدىيان بىلەن قاينىتىپ سۈيىنى قۇلاققا تېمىتسا، قۇلاقنىڭ كىرلىرىنى تازىلاپ، قۇلاق ئېغىرلىقىغا مەنپەئەت قىلىدۇ.
2. كۇندۇشتىن 0.4 گىرام، قۇندۇز قەھرىدىن بەش گىرام، پەرپيۇندىن ئىككى گىرام، ئاقىرقەرھادىن بەش گىرام، قۇستە شىرىندىن بەش گىرام ئېلىپ، دورىلارنى سوقۇپ، 100 مىلىلىتىر زەيتۇن يېغىغا ئارىلاشتۇرۇپ ياغلىسا، پالەچ ۋە لەقۋاغا شىپا بولىدۇ.
3. كۇندۇش بىلەن بىنەپشە يېغىنى بىرلەشتۈرۈپ بۇرۇنغا تېمىتسا، بۇرۇندىكى سېسىق پۇراقنى يوقىتىدۇ.
[ئىشلىتىش مىقدارى] قۇستۇرۇش ئۈچۈن 0.5 ~ 0.3 گىرامغىچە بېرىلىدۇ. تال كېسىلى، يەرقان كېسىلى، شۇنىڭدەك باشقا كېسەللىكى بار كىشىلەر ئۈچۈن يېڭى سېغىلغان سۈت بىلەن 0.4 ~ 0.2 گىرامغىچە بېرىلىدۇ، بۇنى ئىمكانقەدەر ئىچىدىن ئىستېمال قىلماسلىق كېرەك (ئىسسىق مىزاج كىشىلەرگە ھەم ياز كۈنلىرى ئىشلىتىش ياخشى ئەمەس).
[زىيانلىق تەسىرى] ئۆپكىگە زىيان قىلىدۇ، كۆڭۈلنى ئېلىشتۇرۇپ، پەرىشان قىلىدۇ.
[تۈزەتكۈچىسى] كەتىرا، يېڭى سېغىلغان سۈت.
[ئورۇنباسارى] ئاچچىق قۇستە.
[ۋەكىل خاراكتېرلىك پىششىق دورا ياسالمىسى] مەلھىمى كۇندۇش.

## ياۋا توشقان گۆشى

## 亚瓦托西砍古西

## (野兔肉 ye tu rou)

[باشقا ئاتىلىشى] گوشتى خەرگوش دەشتى، جەنگىلى خەرگوش كاگوشت
[لاتىنچە نامى] M usculus Lepus mandschuricus
[ئىنگلىزچە نامى] meat of Hare
[تونۇش] بۇ، توشقان ئائىلىسىدىكى مەشھۇر ھايۋان ئۆي توشقىنىدىن ئىبارەت. چوڭلۇقى مۆشۈكتەك



ياۋا توشقان

بولۇپ، تۇكلىرى ناھايىتى يۇمشاق، قۇلىقى، كەينى پۇتى ئۇزۇن، ئالدى پۇتى قىسقا بولۇپ، رەڭگى ئاق، قارا، توپا رەڭ كېلىدۇ. ئادەتتە گۆشى دورىغا ئىشلىتىلىدۇ. (41. 5 ـ رەسىم)

[**چىقىش ئورنى**] ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ تاغلىق رايونلىرى- دىن چىقىدۇ.

[**يىغىپ ساقلاش**] بۇ ھايۋاننى بوغۇزلاپ، تېرىسىنى سو- يۇپ، ئىچكى ئەزالىرىنى ئايرىپ تازىلاپ، سوغۇق جايدا ساقلىنىدۇ.

[**لايىقلاشتۇرۇلۇشى**] پاكىز يۇيۇپ ساپلاشتۇرۇلىدۇ.

[**تەبىئىتى**] ئىككىنچى دەرىجىدە ھۆل ئىسسىق.

[**خۇسۇسىيىتى**] پەي ۋە مۇسكۇللارنى چىڭىتىش، ئومۇ- مىي بەدەن ۋە باھنى قۇۋۋەتلەش، قان ئايلىنىشنى ياخشىلاش، سۈيدۈكنى راۋانلاشتۇرۇش خۇسۇسىيىتى بار.

[**ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر**] تۇتقاقلىق كېسەل، پالەچ، لەقۋا، يۈرەك قوزغىلىش، ئەزالار تىترەش، سوغۇقتىن بولغان پەي كېسەللىكلىرى، سۈيدۈك تۇتالماسلىق قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[**ئىشلىتىش ئۇسۇلى**]

1. توشقان گۆشىنى دارچىن، قارىمۇچ، سۆئتەر، قىچا، سېرىقچېچەك ئۇرۇقى قاتارلىقلار بىلەن قوشۇپ كاۋاپ قىلىپ يېسە، پالەچ، لەقۋا، ئەزالارنىڭ بوشىشى ۋە تىترىشى ئوچۇن پايدا قىلىدۇ، سۈيدۈك تۇتالماسلىققا شىپا بولىدۇ.

2. توشقان گۆشى، كەكلىك گۆشى، قىرغاۋۇل گۆشى، پاقلان گۆشى قاتارلىقلارنى قاينىتىپ، مائۇللەھمى تەييارلاپ يېسە، ئومۇمىي بەدەننى قۇۋۋەتلەيدۇ.

[**ئىشلىتىش مىقدارى**] ئەھۋالغا قاراپ 60 ~ 150 گىرامغىچە ئىشلىتىلىدۇ.

[**زىيانلىق تەسىرى**] ئىسسىق مىزاج كىشىلەر باش ئاغرىقى پەيدا قىلىدۇ.

[**تۈزەتكۈچىسى**] ئاچچىق سۇ، قېتىق، كاسىنە، سىركە، سېرىق ماي، ئانار.

[**ئورۇنباسارى**] ياۋا ئۆردەك گۆشى.

[**ۋەكىل خاراكتېرلىك پىششىق دورا ياسالمىسى**] مائۇللەھمى.

[**قوشۇمچە**]

1. توشقان گۆشى يېيىش توغرا كەلسە، كۆز ۋاقتىدىكى توشقاننىڭ گۆشى ئەڭ ياخشى ھېسابلىنىدۇ، ئۇ ئەزالارنى قۇۋۋەتلەش تەسىرىگە ئىگە، تالنى كۈچلەندۈرىدۇ، ئۇسسۇزلۇقنى باسىدۇ، مۇۋاپىق ئۇسۇلدا پىشۇرۇپ يېسە، قاننىڭ قىزىقلىقىنى پەسەيتىدۇ، ئىسسىقتىن بولغان زەھەرلەرنى قايتۇرۇپ، چوڭ تەرەتنى يۇمشىتىدۇ. ئەمما دائىم يېسە، چوڭ تەرەتنى تۇتالماس قىلىپ قويىدۇ.

2. توشقان يۆڭى: كۆيدۈرۈپ كۆلىنى كۆيگەن جاراھەتلەرگە سەپسە ساقىيىدۇ، توشقان يۆڭىنى

كۆيدۈرۈپ كۆلى ئېچكۈزۈلسە، ئايالLارنىڭ سۈيدۈكىنى راۋان قىلىدۇ.

3. توشقان تېرىسى: توشقاننىڭ تېرىسىنى كۆيدۈرۈپ، كۆلى هاراق بىلەن ئېچكۈزۈلسە، قىيىن تۇغۇتنى ئاسان قىلىدۇ ۋە بالىنىڭ هەمراهىنى چۈشۈرىدۇ، يەككە هالەتتە كۆلى ئېچكۈزۈلسە، ئايالLارنىڭ هەيز كېسىلى ۋە ئاق خۇن كېسىلىنى داۋالايدۇ.

4. توشقان قېنى: هامىلىدارلىقتىكى زەهەرلىنىشنى داۋالايدۇ، تۇغۇتنى تېزلەشتۈرىدۇ هەم ئاسانلاشتۇرىدۇ.

5. توشقان جىگىرى: كۆزنى روشەنلەشتۈرىدۇ، باش قېيىش، كۆز خىرەلىشىشنى داۋالايدۇ، جىگەرنىڭ ئىسسىقلىقىنى ئالىدۇ.

6. توشقان تېزىكى: كۆزنى روشەنلەشتۈرىدۇ، ئۈچەيدىكى قۇرتلارنى چۈشۈرىدۇ، بوۋاسىرنى داۋالايدۇ. بوۋاسىرنى داۋالاشتا توشقان تېزىكىنى ئاستا - ئاستا ئوتتا قىزىتىپ سېرىق هالغا كەلتۈرۈپ، هەر قېتىمدا ئۇنىڭدىن تۆت گىرامغا بىر گىرام مەستىكى قوشۇپ ناشتىدا قىزىتىلغان هاراق بىلەن ئۈچ كۈن ئىچىپ بەرسە ساقايتىدۇ (دورىغا ئىشلىتىلىدىغان توشقان تېزىكىنى يىغىپ قۇرۇتۇش قائىدىسى: 9 -، 11 - ئايلاردا چۆپلەر ئورۇلغاندىن كېيىن ئاشكارا بولۇپ چىقىدۇ، مۇشۇ چاغدا ئۇنى يىغىپ، ئوت - چۆپ، قۇم - توپىلارنى تازىلاپ، قۇرۇتۇپ، ئاندىن كېيىن ئىشلىتىلىدۇ).

7. توشقان سۆڭىكى: كۆكرەكتىكى هارارەتنى ئېلىپ ئۇسسۇزلۇقنى پەسەيتىدۇ، ئادەتتە قايناتىپ سۈيى ئىچىلىدۇ، ئۇنىڭ سۈيىنى ئىچسە، ۋابا ۋاقتىدىكى ئىچ سۈرۈش ۋە قۇسۇشنى توختىتىدۇ، توشقان سۆڭىكى بىلەن شال ئۈندۈرمىسىنى قوشۇپ قايناتىپ ئىچكۈزۈلسە، سۈيدۈك تۇتالماسلىققا پايدا قىلىدۇ.

8. توشقان مېڭىسى (ئوۋ قىلىپ تۇتۇۋېلىنغان چاغدىكى تىرىك توشقان ئىشلىتىلىدۇ): بۇ ئاساسەن ئۈششۈك يارىلىرىنى داۋالايدۇ، قولاقنا تېمىتىلسا، قولاق گاسلىقىنى داۋالايدۇ، ئىچىدىن ئىچسە، تۇغۇتنى تېزلەشتۈرىدۇ.

## تاشچېچەكى

## 塔西其其克

(石花 shi hua)

[باشقا ئاتىلىشى] تاش گۈلى، قۇش ئىزى، تاشچېچەكى چۆپى

[لاتىنچە نامى] Parmelia saxatilis

[ئىنگلىزچە نامى] Rockliving Parmelia

[تونۇش] بۇ بىر خىل قورام تاشلارنىڭ ئۈستىگە يېپىشىپ ئۆسىدىغان، يالغان يىلتىزلىق، شەكلى پىلاستىنكىغا ئوخشاش، ئۈستى ئېگىز - پەس، قالايمىقان پۇرمە قۇرۇقلىرى بار لىشايىنىڭ، يەنى ئادەتتە «قۇش ئىزى» دەپمۇ ئاتىلىدىغان يەر ئۈستى يېپىنچا ئۆسۈملۈكى بولۇپ، بۇ ئۆسۈملۈكنىڭ پۈتۈن چۆپى «تاشچېچەكى» ياكى «تاش گۈلى» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ، رەڭگى ئاق، پۇرىقى سۇس، تەمسىز كېلىدۇ. (41.6 - رەسىم)

[چىقىش ئورنى] ئېلىمىز ۋە چەت ئەللەردىن چىقىدۇ.
[يىغىپ ساقلاش] ئەتىياز ۋە ياز پەسلىدە گۈلى ئېچىلىدۇ، گۈلى ئېچىلغاندا يىغىۋېلىپ گۈل بەرگىنى ئايرىپ، سايىغا يېيىپ قۇرۇتۇپ، قۇرۇق ئورۇندا ساقلىنىدۇ.
[خىمىيەلىك تەركىبى] ئاساسلىق تەركىبى سىلازىنىك كىسلاتاسىدىن ئىبارەت، يەنە كۆپ خىل ئاترانورىن (Atra—norin) ۋە خارماتىك كىسلاتاسىمۇ بار.
[فارماكولوگىيەلىك تەسىرى] تەمى ئاچچىق، زەھەرلىك بولۇپ، توقۇلمىلارنى قۇرۇتۇش تەسىرىگە ئىگە.
[لايىقلاشتۇرۇلۇشى] ئىلغاپ ساپلاشتۇرۇلىدۇ.
[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.
[خۇسۇسىيىتى] پەي ۋە سۆڭەكلەرنى چىڭىتىش، قاننى جانلاندۇرۇش، كۆزنى روشەنلەشتۇرۇش، مەنىي-نى كۆپەيتىش، بەدەن ئاجىزلىقىنى يوقىتىش خۇسۇسىيىتى بار.
[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر] رېماتىزم خاراكتېرلىك بەل - پۇت ئاغرىش، ئەرلىك جىنسىي ئاجىزلىق، كۆرۈش كۈچى ئاجىزلىق قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.
[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]
1. 15 گىرام تاشچېچەكنى سوقۇپ تالقانلاپ، 120 گىرام زەيتۇن يېغى بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ ياغلىسا، پەي ۋە مۇسكۇللارنى چىڭىتىدۇ.
2. تاشچېچەكى 10 گىرام، يۇمران بۇغا مۈڭگۈزى بەش گىرام، سۆئلەپ مىسرى 10 گىرام. دورىلارنى سوقۇپ سۇفۇپ قىلىپ ئىچسە، جىنسىي ئاجىزلىققا مەنپەئەت قىلىدۇ.
3. تاشچېچەكى 15 گىرام، سۆرۈنجان 10 گىرام، سانا يەتتە گىرام (ئايرىم چىلاپ تاتلىقى ئېلىنىدۇ). دورىلارنى قاينىتىپ ئىچسە، بەل - پۇت ئاغرىقىغا مەنپەئەت قىلىدۇ.
[ئىشلىتىش مىقدارى] 12 ~ 20 گىرامغىچە.
[زىيانلىق تەسىرى] توسۇلۇش پەيدا قىلىدۇ.
[تۈزەتكۈچىسى] بادام يېغى.
[ئورۇنباسارى] سۆڭەك قاينىتىلمىسى.
[ۋەكىل خاراكتېرلىك پىششىق دورا ياسالمىسى] تاشچېچەكى تالقىنى.

## يىلپىز سۆڭىكى

### 依力皮孜松克

### （豹骨 bao gu）

[باشقا ئاتىلىشى] يىلپىز ئۇستىخىنى
[لاتىنچە نامى] Bonus Ponthera nncia
[ئىنگلىزچە نامى] bone of leopard
[تونۇش] بۇ، مۇشۇك ئائىلىسىدىكى مەشھۇر يىرتقۇچ ھايۋان يىلپىز بولۇپ، بۇ ھايۋاننىڭ پۈتۈن

www.uyghurkitap.com



يىلپىز

سۆگىكى «يىلپىز سۆگىكى» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ. (7.41 ـ رەسىم)

[**چىقىش ئورنى**] ئېلىمىزنىڭ شىمالىي ۋە ئوتتۇرا جۇڭگو رايونلىرىدىن ھەم ئىران، ئىراق قاتارلىق ئەللەردىن چىقىدۇ.

[**يىغىپ ساقلاش**] يىلپىزنى سويۇپ ئۆلتۈرگەندىن كېيىن، سۆگىكىنى ئايرىپ، سالقىن، سوغۇق جايدا ساقلىنىدۇ.

[**تەبىئىتى**] بىرىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[**خۇسۇسىيىتى**] سوغۇق يەلنى تارقىتىش، پەي ـ مۇسكۇللارنى كۈچلەندۈرۈش، باھنى قۇۋۋەتلەش، ئاغرىق پەسەيتىش خۇسۇسىيىتى بار.

[**ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر**] پالەچ، لەقۋا، بوغۇم ئاغرىقى ۋە رېماتىزملىق سوزۇلما بوغۇم ياللۇغى قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[**ئىشلىتىش ئۇسۇلى**]

1. يىلپىز سۆگىكى، لېپەكگۈل ۋە كۈلى بېھىسى قاتارلىقلارنىڭ ھەربىرىدىن 35 گىرام ئېلىپ، 500 گىرام ئاق ھاراققا بەش كۈن چىلاپ، كۈندە ئىككى قېتىم، ھەر قېتىمدا 12 گىرامدىن ئىچىپ بەرسە، رېماتىزملىق بوغۇم ياللۇغىغا شىپا بولىدۇ.

2. يىلپىز سۆگىكى، قۇستە شېرىنىنىڭ ھەربىرىدىن 10 گىرام ئېلىپ سوقۇپ، تالقانلاپ، 60 گىرام ھەسەلگە ئارىلاشتۇرۇپ ئىچىپ بەرسە، پالەچ، لەقۋا، بوغۇم ئاغرىقىغا شىپا بولىدۇ.

[**ئىشلىتىش مىقدارى**] 6~12 گىرامغىچە.

[**زىيانلىق تەسىرى**] ھامىلدار ئاياللار ئىچىشكە بولمايدۇ.

[**تۈزەتكۈچىسى**] خۇنسىياۋشان، گۈلنار.

[**ئورۇنباسارى**] يولۋاس سۆگىكى.

[**ۋەكىل خاراكتېرلىك پىششىق دورا ياسالمىسى**] رەيھان شەربىتى.

# ئۇزۇنچاق زىراۋەندە

## 孜热万达

## （长根马兜铃 chang gen ma dou ling ）

[**باشقا ئاتىلىشى**] زىراۋەندە تەۋىل، زىراۋەندە دەراز، لەمبازىراۋەندە

[**لاتىنچە نامى**] Radix Aristolochia fangchi

[**ئىنگلىزچە نامى**] guang dong Fangchi



ئۇزۇنچاق زىراۋەندە ئۆسۈملۈكى

[**تونۇش**] بۇ، زىراۋەندە ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق چىرمىشىپ ئۆسىدىغان ياكى يەر بېغىرلاپ ئۆسىدىغان سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك شىمالىنىڭ زىراۋەندىسى ياكى زىراۋەندىنىڭ يىلتىزى بولۇپ، زىراۋەندە تەۋىل نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ. يىلتىزى تومىراق، ئەگرى - بۈگرى، سىرتقى يۈزى سارغۇچ قوڭۇر رەڭلىك، ئۈزى چۈرۈك، ئاسان سۇنىدۇ. خۇش پۇراقلىق، تەمى ئاۋۋال ئاچچىق، كېيىن تىلنى قورۇيدۇ، گۆشلۈك، تاتلىق، پۇراقلىق بولغانلىرى ياخشىسى ھېسابلىنىدۇ.

[**چىقىش ئورنى**] خېيلۇڭجياڭ، جىلىن، لياۋنىڭ، خېبېي، خېنەن، ئىچكى موڭغۇل، جياڭشى، جياڭسۇ، نىڭشيا، خۇبېي، شەندۇڭ، گەنسۇ قاتارلىق جايلاردىن چىقىدۇ.

[**يىغىپ ساقلاش**] كۈز پەسلىدە يىلتىزىنى كولاپ ئېلىپ تازىلاپ، ئاپتاپتا قۇرۇتۇپ ساقلىنىدۇ.

[**خىمىيەلىك تەركىبى**] تەركىبىدە ئۇچۇچان ماي بولۇپ، ئۇنىڭ جەۋھىرى ئاساسلىقى ئارىستولىندىن ئىبارەت. يەنە ئارىستولوخىك كىسلاتا (Aristolochic Acid)، ماگنوفلورىن (Magnoflorine)، β - ستروسېترول (Sitosterol−β)، پالمىتىك كىسلاتا (Palmitic acid) قاتارلىقلار بار.

[**فارماكولوگىيەلىك تەسىرى**] ھۈجەيرە مەنبەلىك ئىممۇنىتېت كۈچىنى كۈچەيتىش تەسىرى بار. راك ھۈجەيرىسىنىڭ ئۆسۈشىنى تىزگىنلەيدۇ، ئاشقازان، ئۈچەي يوللىرىغا بولغان تەسىرى: قورساق ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ. قان بېسىمىنى تۆۋەنلىتىش تەسىرى بار. زىراۋەندىنىڭ ئادەتتىكى ياسالمىلىرىنىڭ تىنچلاندۇرۇش تەسىرى بار، كۆپ مىقداردا ئىشلەتكەندە تولغاق تاياقچە باكتېرىيەسىنى تورمۇزلاش تەسىرىگە ئىگە.

[**لايىقلاشتۇرۇلۇشى**] ئىلغاپ ساپلاشتۇرۇلىدۇ.

[**تەبىئىتى**] ئۈچىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[**خۇسۇسىيىتى**] پەي - مۇسكۇللارنى چىڭىتىش، بەلغەم بوشىتىش، توسالغۇلارنى ئېچىش، بۇزۇق خىلىتلارنى تازىلاش، ھامىلىنى چۈشۈرۈش، سۈيدۈك ۋە ھەيزىنى راۋانلاشتۇرۇش، ئۈچەي مەددە قۇرتىنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئۆلتۈرۈش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە.

[ئىشلىتىدىغان كېسەللىكلەر] پالەچ، لەقۋا، رەئشە، بوغۇم ئاغرىقى، ھەيز تۇتۇلۇش، مەدەە قۇرت، ھەيزدىن كېيىن قان توختىماسلىق قاتارلىق كېسەللىكلەرگە مەنپەئەت قىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. زىراۋەندە، بوزۇغا، جويۇز، ئىگىر قاتارلىقلارنى سىركىدە سۈرۈپ يەرلىك ئورۇنغا چاپسا، بوغۇم ئاغرىقىغا شىپا بولىدۇ.

2. زىراۋەندە، ئىزخىر، بىخ بەديان، ھەببى بىلسان، ئەرمۇدۇن دەرىخى ئۇرۇقى، لىسانۇل ئاساپىرنىڭ ھەربىرىدىن 10 گرام، ھەسەلدىن 500 گرام ئېلىپ، مەجۇن تەييارلاپ ئىستېمال قىلسا، پالەچ، لەقۋا، رەئشە كېسەللىكلىرىگە مەنپەئەت قىلىدۇ.

3. زىراۋەندە، سانا، خىيارشەنبەر، ئۇبھەل، لىسانۇل ئاساپىر قاتارلىقلاردىن 10 گرامدىن ئېلىپ، مەتبۇخ تەييارلاپ ئىستېمال قىلسا ھەيزنى راۋان قىلىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] 5 ~ 7 گرامغىچە.

[زىيانلىق تەسىرى] جىگەر ۋە تالغا زىيان قىلىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] كۈندۇر، قارىمۇچ، ھەسەل، سىركە.

[ئورۇنباسارى] يۇمىلاق زىراۋەندە، شەترەنجى، پىرىم ۋەزىندە چۇچۇكبۇيا.

[ۋەكىل خاراكتېرلىك پىششىق دورا ياسالمىسى] ماددەتۇلھايات، سۇفۇپى مەۋسەل.

[دىققەت قىلىدىغان ئىشلار] ئىسسىق مىزاجلىق كىشىلەر ۋە ئىسسىقتىن بولغان كېسەللىكلەرگە ئىشلەتكەندە، بەلگىلىك مىقداردا تۈزەتكۈچى قوشۇپ ئىستېمال قىلىش لازىم.

## بۆرە سويىمىسى يىلتىزى پوستى

## 比合开白尔破斯提

## (刺山柑根皮 ci shan gang en pi)

[باشقا ئاتىلىشى] بىخ كەبىر قىشرى، ئەسلى كەبىر، پوستت بىخ كەبىر، كەبىركى جەر

[لاتىنچە نامى] Radix Capparis spinosae

[ئىنگلىزچە نامى] Comman caper Fruit Root

[تونۇش] بۇ، كەپە ئائىلىسىدىكى پىلەكلىك چاتقال بۆرە سويىمىسى ئۆسۈملۈكىنىڭ يىلتىز پوستى بولۇپ، يىلتىزى چوڭ، توم، قېلىن، سارغۇچ رەڭلىك كېلىدۇ.

[چىقىش ئورنى] مەملىكىتىمىزنىڭ شىنجاڭ، شىزاڭ رايونلىرىدىن ھەم ئىران، ھىندىستان قاتارلىق ئەللەردىن چىقىدۇ.

[يىغىپ ساقلاش] ئەسلى ئۆسۈملۈكى يېتىلگەندە كولاپ ئېلىپ، يىلتىز غولىدىن يىلتىز پوستىنى


بۆرە سويمىسى يىلتىزى

ئايرىپ قۇرۇتۇپ، سالقىن جايدا ساقلىنىدۇ.

[خىمىيەلىك تەركىبى] تەركىبىدە كاپپارىدىن (capparidin)، پوستى تەركىبىدە ستارخىدرىن (stahydrine) قاتارلىقلار بار.

[فارماكولوگىيەلىك تەسىرى] سۇ قايىنتىلمىسىنى چاشقان-نىڭ قورساق قىسمىغا ئوكۇل قىلسا، ياللۇغ قايتۇرۇش تەسىرى بار. چاشقانغا يېگۈزسە ئاغرىق پەسەيتىش، قان قېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش تەسىرى بار.

[لايىقلاشتۇرۇلۇشى] پوستىنى ئاجرىتىپ يۇيۇپ، قۇرۇ-تۇش ئارقىلىق لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

[تەبئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى] غەيرىي تەبئىي بەلغەم خىلتىنى تەڭ-شەش، مېڭىنى تازىلاش، ياللۇغ قايتۇرۇش، توسالغۇلارنى ئېچىش، يەل ھەيدەش، ئاغرىق پەسەيتىش، پەيلەرنى قۇۋۋەتلەش، سۈيدۈك ھەيدەش، ھەيزنى راۋانلاشتۇرۇش، ئارتۇق ھۆللۈكنى قۇرۇتۇش خۇسۇسى-يىتىگە ئىگە.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر] پالەچ، لەقۋا، بوغۇم ئاغرىقى، ئولتۇرغۇچ نېرۋا ئاغرىقى، مېڭە كېسەل-لىكلىرى، سۇلۇق ئىششىق، چاشقان يارىسى، بەھەق، تەمرەتكە، چىش ئاغرىش قاتارلىقلارغا مەنپەئەت قىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. بىخ كەبىردىن مۇۋاپىق مىقداردا ئېلىپ، ئېزىپ زىمات تەييارلاپ، يەرلىك ئورۇنغا زىمات قىلسا، سېرىقئەت يېرتىلىش كېسىلىگە مەنپەئەت قىلىدۇ.

2. بىخ كەبىر پوستىنى قۇرۇق چاينىسا ئارتۇق ھۆللۈكنى يوقىتىدۇ.

3. بىخ كەبىر پوستىنى مۇۋاپىق مىقداردا سىركىدە قايىنتىپ غار - غار قىلسا، چىش ئاغرىقىغا شىپا قىلىدۇ ۋە مېڭە توسالغۇلىرىنى ئاچىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] 5 ~ 9 گىرامغىچە.

[زىيانلىق تەسىرى] ئاشقازان ۋە دوۋساققا زىيانلىق.

[تۈزەتكۈچىسى] خولىنجان، سىركە، ھەسەل، رۇمبەدىيان.

[ئورۇنباسارى] ستۇفىل ئۇسۇملۇكىنىڭ گۈلى، ئۇرۇقى، يوپۇرمىقى بىر - بىرىگە بەدەل بولالايدۇ.

[ۋەكىل خاراكتېرلىك پىششىق دورا ياسالمىسى] مەتبۇخى ئەپتىمۇن، غار - غار سۈيى.

[دىققەت قىلىدىغان ئىشلار] تۈزەتكۈچىلەر بىلەن ئىشلەتكەندە ئۈنۈمى تېخىمۇ ياخشى بولىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# بۇزۇن
## 布租尼
(接骨木 jie gu mu)

[باشقا ئاتىلىشى] بۇزۇن يىلتىز پوستى

[لاتىنچە نامى] Herba Sambucus racemosa

[ئىنگلىزچە نامى] Elder Herb

[تونۇش] بۇ، ئۆچقات ئائىلىسىدىكى يوپۇرماق تاشلايدىغان چاتقال ئۆسۈملۈك بۇزۇن بولۇپ، ئۇنىڭ يۇمران شاخلىرى بىلەن يىلتىز پوستى «بۇزۇن» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ. (8.41 ـ رەسىم)

[چىقىش ئورنى] ئالتاينىڭ تاغلىق رايونلىرىدىن چىقىدۇ.

[يىغىپ ساقلاش] بۇ ئۆسۈملۈكنىڭ مېۋىسى پىشقاندا يىغىۋېلىپ، شاخلىرى ۋە يىلتىز پوستىنى ئايرىپ قۇرۇتۇپ، قۇرۇق، سالقىن جايدا ساقلىنىدۇ.

[خىمىيەلىك تەركىبى] تەركىبىدە بۇتۇلىك كىسلاتاسى، دەرەخ پۇراقلىق ماددىسى، نوناكوسان، سىرىيل ئالكوھول قاتارلىقلار بار.

[فارماكولوگىيەلىك تەسىرى] ئاغرىق پەسەيتىش ۋە سۆڭەكلەرنىڭ تۇتىشىشىنى تېزلىتىش تەسىرى بار.

[لايىقلاشتۇرۇلۇشى] پوستىنى ئاجرىتىپ، يۇيۇپ قۇرۇتۇش ئارقىلىق لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

[تەبىئىتى] بىرىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى] پەيني چىڭىتىش، قاننى جانلاندۇرۇش، ياللۇغ قايتۇرۇش، ئىششىق ياندۇرۇش خۇسۇسىيىتى بار.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر] ھەر خىل زەخىملىنىش، رېماتىزملىق بوغۇم ياللۇغى، سۇنۇق قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. قارىمۇچ، بۇزۇندىن 15 گىرامدىن، جويۇز، بەسباسە، جىنتىيانانىڭ ھەربىرىدىن 10 گىرام ئېلىپ، دورىلارنى قائىدە بويىچە قاينىتىپ ئىچسە، پەيني چىڭىتىدۇ.

2. چوڭ يوپۇرماقلىق جىنتىيانا، بۇزۇن قاتارلىقلاردىن مۇۋاپىق مىقداردا ئېلىپ يۇمشاق ئېزىپ، گۈل يېغى بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ يەرلىك ئورۇنغا چاپسا، رېماتىزملىق بوغۇم ياللۇغىغا مەنپەئەت قىلىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] 18 ~ 35 گىرامغىچە.

[زىيانلىق تەسىرى] ئىسسىقچان كىشىلەردە باش ئېغىرلىشىنى پەيدا قىلىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] قارىئۆرۈك، يۇمغاقسۈت.

[ئورۇنباسارى] جىنتىيانا.

[ۋەكىل خاراكتېرلىك پىششىق دورا ياسالمىسى] بۇزۇن قاينىتىلمىسى.

## بۇغىتاپان

## 布格塔怕尼

(鹿蹄草 lu ti cao)

**[باشقا ئاتىلىشى]** بۇغىتاپان چۆپى

**[لاتىنچە نامى]** Herba Pyrola rotundi folia

**[ئىنگلىزچە نامى]** Chinese Pyrola Herb

**[تونۇش]** بۇ، بۇغىتاپان ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك يۇمىلاق يوپۇرماقلىق بۇغىتاپاننىڭ پۈتۈن چۆپى بولۇپ، «بۇغىتاپان» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ. (41.9 ـ رەسىم)

**[چىقىش ئورنى]** تاغ ۋە ئورمانلارنىڭ نەم ۋە سايە جايلىرىدا ئۆسىدۇ، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ تاغلىق رايونلىرىدىن چىقىدۇ.

**[يىغىپ ساقلاش]** بۇ ئۆسۈملۈكنىڭ دورىلىق قىسمىنى كۈز پەسلىدە يىغىپ قۇرۇتۇپ، قۇرغاق ئورۇندا ساقلىنىدۇ.

**[تەبىئىتى]** بىرىنچى دەرىجىنىڭ ئاخىرىدا قۇرۇق سوغۇق.

**[خۇسۇسىيىتى]** پەي ۋە سۆڭەكلەرنى چىڭىتىش، ياللۇغ قايتۇرۇش، قان توختىتىش، ئىچ سۈرۈشنى توختىتىش خۇسۇسىيىتى بار.

**[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر]** پالەچ، لەقۋا، سوزۇلما خاراكتېرلىك رېماتىزملىق بوغۇم ياللۇغى، ئۆپكە سىلىدىكى قان تۈكۈرۈش، سوزۇلما خاراكتېرلىك ئىچ سۈرۈش قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

**[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]**

1. ئىزخىر 10 گىرام، بەديان يىلتىز پوستى 15 گىرام، ئەرمۇدۇن دەرىخى ئۇرۇقى، بەديان 10 گىرام، ھەببى بىلسان يەتتە گىرام، بۇغىتاپان 10 گىرام، ھەسەل 500 گىرام. دورىلاردىن مەجۇن تەييارلاپ، كۈندە ئۈچ ۋاق 10 گىرامدىن يەپ بەرسە، پالەچ، لەقۋاغا شىپا بولىدۇ.

2. ئەرەب يېلىمى، كەتىرا، نىشاستە، بۇغىتاپاننىڭ ھەربىرىدىن 10 گىرامدىن، شېكەردىن 100 گىرام ئېلىپ، قائىدە بويىچە لوئوق تەييارلاپ ئىچسە، ئۆپكە سىلىدىكى قان تۈكۈرۈشكە شىپا بولىدۇ.

**[ئىشلىتىش مىقدارى]** 6 ~ 12 گىرامغىچە.

**[زىيانلىق تەسىرى]** سوغۇق مىزاجلىقلاردا باش ئاغرىقى پەيدا قىلىدۇ.

**[تۈزەتكۈچىسى]** پىلپىل، ناۋات.

**[ئورۇنباسارى]** جەدۋار.

**[ۋەكىل خاراكتېرلىك پىششىق دورا ياسالمىسى]** مەجۇنى بۇغىتاپان.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# هەببۇلغار
## 艾布里哈尔
## （月挂樱子 yue gui ying zi）


هەببۇلغار

[**باشقا ئاتىلىشى**] هەببۇلغار، جوپتى بەللۇت، دەرەختى غاركى بيج

[**لاتىنچە نامى**] Semen prunus laurocerasus

[**ئىنگلىزچە نامى**] cherry laurel

[**تونۇش**] بۇ، كامفورا ئائىلىسىدىكى ئۇزۇن ئۇمۇر كۆرىدىغان ئۆسۈملۈك غار دەرىخى بولۇپ، مېۋىسىنىڭ چوڭلۇقى پىندۇق چوڭلۇقىدا، يۇمىلاق، كۆك بادام رەڭگىدە، مېۋىنىڭ پوستى نازۇك، مېغىزى ئىككى پارچە بولۇپ، رەڭگى سېرىق، ياغلىق، خۇشبۇي كېلىدۇ. (41.10 ـ رەسىم)

[**چىقىش ئورنى**] جەنۇبىي ياۋروپا، غەربىي ئاسىيادىن چىقىدۇ. هازىر ئېلىمىزنىڭ دېڭىز بويىدىكى شەھەرلەردە ئۆستۈرۈلىدۇ.

[**يىغىپ ساقلاش**] مېۋىسى پىشىپ تۆكۈلگەندە يىغىۋېلىپ، سالقىن، قۇرغاق جايدا ساقلىنىدۇ.

[**خىمىيىلىك تەركىبى**] مېۋىسىدە ئاروماتىك ماي 1%، قۇرۇق مېۋىسى تەركىبىدىكى ماي 44.01%، ئۇنىڭ ئىچىدە لائۇرىك كىسلاتاسى (lauric acid)، پالمىتىك كىسلاتا (palmitic acid) 19%، ماي كىسلاتاسى 56.6%، لىنولېئىك كىسلاتا (linoleic acid) 12%، لىنولېنىك كىسلاتا (linolenic acid) 2.5% قاتارلىقلار بار.

[**فارماكولوگىيەلىك تەسىرى**] ئۇچۇچان مېيى زەمبۇرۇغقا قارشى تۇرۇش تەسىرىگە ئىگە. دۆلەت سىرتىدا هەببۇلغار چاپلىمىسى سىرتىدىن ئىشلىتىلىپ، شامال داراش، تۇتقاقلىق، زۇكام، تۇغۇتنى تېزلىتىش قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[**لايىقلاشتۇرۇلۇشى**] پوستىدىن ئاجرىتىش، يۇيۇش، قۇرۇتۇش ئارقىلىق لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

[**تەبىئىتى**] ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق سوغۇق.

[**خۇسۇسىيىتى**] يەل تارقىتىش، ئاغرىق پەسەيتىش، سۇيدۈك ۋە هەيزنى راۋانلاشتۇرۇش، پەي ـ مۇسكۇللارنى چىڭىتىش، ئومۇمىي بەدەننى قۇۋۋەتلەش خۇسۇسىيەتلىرى بار.

[**ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر**] بوغۇم ئاغرىقى، پالەچ، لەقۋا، تىترىمە كېسەل، يۆتەل، زىققە، ئۆلتۈر-

غوٛچ نېرۋا ئاجىزلىق قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[**ئىشلىتىش ئۇسۇلى**]

1. ھەببۇلغاردىن بىر گىرام ئېلىپ سۇفۇپ قىلىپ، ھەسەل بىلەن بىللە ئىچىپ بەرسە، پالەچ، لەقۋا، رەئشە، نۇقرەس، مۇپاسىل كېسەللىكلىرىگە شىپا بولىدۇ.

2. ھەببۇلغارنى چالا ئېزىپ شارابقا چىلاپ، ئېرىتمىسىنى بۇرۇنغا تېمىتسا، شەقىقە كېسىلىگە شىپا بولىدۇ، يەرلىك ئورۇنغا سۈركەپ بەرسە، ئاق داغ، سەپكۈنگە شىپا بولىدۇ.

3. ھەببۇلغاردىن ماي چىقىرىپ، پەي - بوغۇملارغا سۈركەپ بەرسە، پەي - بوغۇم ئاغرىقلىرىغا شىپا بولىدۇ.

[**ئىشلىتىش مىقدارى**] 1 ～ 2 گىرامغىچە.

[**زىيانلىق تەسىرى**] ئاشقازانغا زىيان قىلىدۇ.

[**تۈزەتكۈچىسى**] كەتىرا، تەمرىھىندى.

[**ئورۇنباسارى**] بوزىدان، ئاچچىق بادام، سازەج.

[**ۋەكىل خاراكتېرلىك پىششىق دورا ياسالمىسى**] تەرياقى ئەربەئە.

[**دىققەت قىلىدىغان ئىشلار**] مۇناسىپ تۈزەتكۈچىلەر بىلەن قوشۇپ ئىشلىتىش لازىم. بولمىسا كۆڭۈلنى بىئارام قىلىدۇ.

## شۇمبۇيا

## 顺布亚

(列当 lie dang)

[**باشقا ئاتىلىشى**] كۆك شۇمبۇيا، شۇمبۇيا چۆپى

[**لاتىنچە نامى**] Herba Orobonche Coerulescens

[**ئىنگلىزچە نامى**] Skyblue Broomrap Herb

[**تونۇش**] بۇ، شۇمبۇيا ئائىلىسىدىكى بىر يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك كۆك شۇمبۇيا بولۇپ، بۇ ئۆسۈملۈكنىڭ پۈتۈن چۆپى «شۇمبۇيا» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ. بۇ ئۆسۈملۈكنىڭ غولى سارغۇچ قوڭۇر رەڭ، گۈلى كالپۇكسىمان، رەڭگى سۇس سۆسۈن رەڭدە بولىدۇ. (11.41 - رەسىم)

[**چىقىش ئورنى**] بۇ ئۆسۈملۈك قوغۇن ۋە ئەمەننىڭ تۈۋىدە تەييارتاپلىق بىلەن ئۆسىدۇ.

[**يىغىپ ساقلاش**] بۇ ئۆسۈملۈكنىڭ دورىلىق قىسمىنى كۈز پەسلىدە يىغىپ قۇرۇتۇپ، قۇرغاق ئورۇندا ساقلىنىدۇ.

[**خىمىيەلىك تەركىبى**] شۇمبۇيا ئىشقارى ۋە گىلۇكوزىدتىن تەركىب تاپقان.

[**فارماكولوگىيەلىك تەسىرى**] يۈرەكنى كۈچەيتىش، ئۈچەي ھەرىكىتىنى ياخشىلاش تەسىرى بار.

[**لايىقلاشتۇرۇلۇشى**] ئىلغاپ ساپلاشتۇرۇلىدۇ.

[**تەبىئىتى**] ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[**خۇسۇسىيىتى**] پەي ۋە مۇسكۇللارنى چىڭىتىش، بۆرەكنى قۇۋۋەتلەش، بەدەننى قىزىتىش، ھەزىمنى

www.uyghurkitap.com

ياخشىلاش، نېرۋىنى قۇۋۋەتلەش خۇسۇسىيىتى بار.

**[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر]** بەل ئاغرىقى، ماغدۇرسىزلىق، جىنسىي ئاجىزلىق، بەدەن ئاجىزلىقى، باللاردىكى ھەزىم قىلىش ناچارلىشىش، ئىچ سۈرۈش، نېرۋا پائالىيىتى بۇزۇلۇش قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

**[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]**

1. شۇمبۇيا، سېرىقئوت ۋە كۆدە ئۇرۇقىنىڭ ھەربىرىدىن 20 گىرام ئېلىپ قايىنىتىپ ئىچىپ بەرسە، بەل سىرقىراپ ئاغرىش، ماغدۇرسىزلىنىق، جىنسىي ئاجىزلىق قاتارلىقلارغا شىپا بولىدۇ.

2. شۇمبۇيا ۋە كەندىرنىڭ ھەربىرىدىن 12 گىرام ئېلىپ، قايىنىتىپ ئىچىپ بەرسە، بەدەن ئاجىزلىقىغا شىپا بولىدۇ.

3. بەديان، پىننە، قاقىلە بەش گىرامدىن، شۇمبۇيادىن تۆت گىرام ئېلىپ، چايلىق تەييارلاپ ئىچىپ بەرسە، كىچىك باللاردىكى ھەزىم ناچارلىقىغا شىپا بولىدۇ.

**[ئىشلىتىش مىقدارى]** 4 ~ 12 گىرامغىچە.

**[زىيانلىق تەسىرى]** ئىسسىق مىزاج كىشىلەردە باش ئاغرىقى پەيدا قىلىدۇ.

**[تۈزەتكۈچىسى]** يۇمغاقسۈت، سېمىزئوت.

**[ئورۇنباسارى]** دارچىن.

**[ۋەكىل خاراكتېرلىك پىششىق دورا ياسالمىسى]** لوبوبى ئەكبەر.

## ئاق پارپا

## 阿克帕勒帕

## （附子 fu zi）

**[باشقا ئاتىلىشى]** جەدۋار چىنى، بېيىش

**[لاتىنچە نامى]** Radix Aconitum soongoricum

**[ئىنگلىزچە نامى]** Chinese monkshood, root Common Aconitum

**[تونۇش]** بۇ، ئېيىقتاپانلىقلار ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك بېھىش ئۆسۈملۈكىنىڭ يېنىدا ئۆسىدىغان بالا يىلتىزىدىن ئىبارەت. ئەسلىي ئۆسۈملۈكى جەدۋارچىنىدىن ئىبارەت. ئۇنىڭ ئۈچ خىل تۈرى بار. بىرىنچى خىلى، تۈزلۈق جەدۋار، سىرتقى يۈزى كۈل رەڭ بولۇپ تىلنى قورۇيدۇ، پۇراقسىز. ئىككىنچى خىلى، ئارا جەدۋار، سىرتقى يۈزى قارامتۇل، مايلىق، پارقىراق، تەمى سۈس پۇراقسىز. ئۈچىنچى خىلى، ئاق جەدۋار، ھەممە يېرى ئاقۇچ، تەمسىز كېلىدۇ. پۇرىقى سۈس، بۇ ئۆسۈملۈكنىڭ يىلتىزى «جەدۋارچىنى» ياكى «ئاق پارپا» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ. (41.12 ـ رەسىم)

**[چىقىش ئورنى]** ئېلىمىزنىڭ سىچۈەن، شەنشى، شىمالىي شىنجاڭ قاتارلىق جايلاردىن چىقىدۇ.

**[يىغىپ ساقلاش]** ئۆسۈملۈكى تولۇق يېتىلگەندە كولاپ ئېلىپ، قۇرۇتۇپ ساقلىنىدۇ.

**[خىمىيەلىك تەركىبى]** تەركىبىدە مىساكونىتىن (mesaconitine)، خىپا كونىتىن (Hypacointine)،

ئاكونىتىن (aconitine)، كاراكولىن (karakoline) قاتار-لىقلار بار.



ئاق پارپا

[فارماكولوگىيەلىك تەسىرى] يۈرەك قان تومۇر سىستېمىسىغا بولغان تەسىرى: يۈرەك كۈچەيتىش، يۈرەك رىتىمسىزلىقىغا قارشى تۇرۇش، يۈرەك مۇسكۇلىغا قان يېتىشمەسلىككە قارشى تۇرۇش قاتارلىق تەسىرى بار.

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى] پەي - مۇسكۇلنى چىڭىتىش، «تەبىئەت» نى قۇۋۋەتلەش، ئومۇمىي بەدەننى قۇۋۋەتلەش، رەئىس ئەزالارنى قۇۋۋەتلەش، ئىشتىها ئېچىش، جىنسىي قابىلىيەتنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش، ئىششىق قايتۇرۇش، ھۆللۈكنى قۇرۇتۇش قاتارلىق خۇسۇسىيىتى بار.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر] باھ ئاجىزلىقى، پۇت - قول ئىششىقى، ئورۇقلاپ كېتىش، ئىشتىهاسىزلىق، مېڭە، يۈرەك، جىگەر قاتارلىق ئەزالارنىڭ ئاجىزلىقى، ئومۇمىي بەدەن بوشاپ كېتىش، كىچىك بالىلار تارتىش قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. جەدۋارنى زەيتۇن يېغىغا سۈركەپ، مەلھەم تەييارلاپ سىرتىدىن يەرلىك ئورۇنغا زىمات قىلسا، پالەچ، لەقۋا كېسەللىكلىرىگە شىپا قىلىدۇ.

2. جەدۋار، سۆئىلەپ، شاقاقۇل، ئاقىرقەرھالاردىن تەڭ مىقداردا ئېلىپ تالقان قىلىپ، مۇۋاپىق مىقداردا ئىستېمال قىلىپ بەرسە، جىنسىي ئاجىزلىققا شىپا بولىدۇ.

3. جەدۋارنى سىركىگە سۇرۇپ، يەرلىك ئورۇنغا سۈركەپ ئۇۋۇلاپ بەرسە، بوغۇم ئۇسۇكچە كېسىلىگە شىپا بولىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] قاينىتىلمىسىدىن 3 ~ 10 مىللىلىتىرغىچە.

[زىيانلىق تەسىرى] باش ئاغرىقىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ، زەھەرلىك.

[تۈزەتكۈچىسى] سۈت، سىركە.

[ئورۇنباسارى] زورەمبات، ئارا جەدۋار.

[ۋەكىل خاراكتېرلىك پىششىق دورا ياسالمىسى] ھەببى جەدۋار.

[دىققەت قىلىدىغان ئىشلار] بۇ دورا زەھەرلىك، مىقدارى ۋە ئىشلىتىش ئۇسۇلى مۇۋاپىق بولمىسا، پۇت - قول تارتىشىپ قېلىش، سۈيدۈك تۇتۇلۇش قاتارلىق ئالامەتلەر كۆرۈلىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# قاقىرا تۇمشۇق
# 卡克热托木西克
(老鹳草 lao guan cao)

[باشقا ئاتىلىشى] قاقىراتۇمشۇق چۆپى

[لاتىنچە نامى] Herba Geranium Pratense

[ئىنگلىزچە نامى] Common Geranim Herb

[تونۇش] بۇ، قاقىرا تۇمشۇقلار ئائىلىسىدىكى ئېگىزلىكى 30~50 سانتىمېتىرغىچە ئۆسىدىغان ھەم تۆۋىدىن شاخلايدىغان كۆپ يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك ئوتلاق قاقىرا تۇمشۇق ئۆسۈملۈكى بولۇپ، بۇ ئۆسۈملۈكنىڭ پۈتۈن چۆپى «قاقىرا تۇمشۇق» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ. (31.41 ـ رەسىم)

[چىقىش ئورنى] نەم تاغ باغرى، دەريا ۋادىلىرى ۋە ئوتلاقلاردا ئۆسىدۇ. شىنجاڭنىڭ ھەممە جايلىرىدىن تېپىلىدۇ.

[يىغىپ ساقلاش] بۇ ئۆسۈملۈكنىڭ دورىلىق قىسمىنى كۈز پەسلىدە يىغىپ قۇرۇتۇپ، قۇرغاق ئورۇندا ساقلىنىدۇ.

[خىمىيەلىك تەركىبى] تاننىن (Tannic) ماددىسى، ئورگانىك كىسلاتا ۋە ئۇچۇچان مايدىن تەركىب تاپقان.

[فارماكولوگىيەلىك تەسىرى] باكتېرىيەگە ۋە ۋىرۇسقا قارشى تۇرۇش، ياللۇغ قايتۇرۇش، يۆتەل توختىتىش، راك ھۈجەيرىلىرىنى ئۆلتۈرۈش تەسىرى بار.

[لايىقلاشتۇرۇلۇشى] ئىلغاپ ساپلاشتۇرۇلىدۇ.

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە ھۆل ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى] پەي ـ مۇسكۇللارنى چىڭىتىش، يەل ھەيدەش، ھارارەت پەسەيتىش، ياللۇغ قايتۇرۇش، ھەيز راۋانلاشتۇرۇش خۇسۇسىيىتى بار.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر] رېماتىزملىق بوغۇم ياللۇغى، تولغاق، ئۈچەي ياللۇغى، ھەيز قالايمىقانلىشىش، تۇغماسلىق قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. بەديان، سۆرۈنجان مىسرى، سانائى مەككى، قاقىرا تۇمشۇق قاتارلىقلاردىن 10 گىرامدىن ئېلىپ تازىلاپ، تالقان تەييارلاپ ئىچسە، رېماتىزملىق بوغۇم ياللۇغىغا شىپا بولىدۇ.

2. خىيارشەنبەردىن 10 گىرام، قاقىرا تۇمشۇقتىن يەتتە گىرام ئېلىپ، مۇۋاپىق مىقداردىكى قايناق سۇغا دەملەپ ئىچسە، ھەيزنى راۋانلاشتۇرىدۇ.

3. قاقىرا تۇمشۇقتىن بەش گىرام، ئىسپىغۇل، بىھىدىن 10 گىرامدىن ئېلىپ، مۇۋاپىق مىقداردىكى

قايناق سۇغا دەملەپ ئىچسە، تولغاقنا مەنپەئەت قىلىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] 8 ～ 12 گىرامغىچە.

[زىيانلىق تەسىرى] پۈت ئاغرىقى پەيدا قىلىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] بوزىدان.

[ئورۇنباسارى] بادرەنجىبۇيا.

[ۋەكىل خاراكتېرلىك پىششىق دورا ياسالمىسى] قاقىرا تۇمشۇق تالقىنى.

## زۇپتى رۇمى

## 租皮提如迷

(松油 song you)

[باشقا ئاتىلىشى] زۇفتى رۇتەپ، قەتىران، ماي قارىغاي

[لاتىنچە نامى] Oleum Pinus tabula eformis

[ئىنگلىزچە نامى] Pine oil

[تونۇش] بۇ، بىر تۈرلۈك يېلىمغا ئوخشاش دورا بولۇپ، بۇ ئۈچ خىل بولىدۇ، بىرىنچىسى، «زۇپتى يابىز»، ئىككىنچىسى، «زۇپتى بەھرى»، ئۈچىنچىسى، «زۇپتى جەبەلى». مۇتلەق زۇپتى دەپ ئاتالسا زۇپتى بەھرى كۆزدە تۇتۇلىدۇ، زۇپتى بەھرى زۇپتى رۇمى، رەڭگى قارا، نېفىتكە ئوخشاش زېمىندىن سىزىپ چىقىدۇ، بۇنىڭ سۇيۇقلۇقىنى «قىرات» دەپ ئاتايدۇ. خەلق ئارىسىدا «ماي قەتىران» دەپمۇ ئاتايدۇ، بۇنى كېمىنىڭ يېرىقلىرىغا سۇ كىرىپ كەتمەسلىك ئۈچۈن سۈركىلىدۇ ھەم مەلھەم دورىلارغىمۇ قوشۇلىدۇ، بۇلارنىڭ ياخشىراقى يۇمشاق بولغىنىدۇر.

[چىقىش ئورنى] ئېلىمىزنىڭ دېڭىز بويى رايونلىرىدىن ۋە ھىندىستان، پاكىستان قاتارلىق ئەللەردىن چىقىدۇ.

[يىغىپ ساقلاش] بۇنىڭ دورىلىق قىسمىنى ئېلىپ، قۇرغاق جايدا ساقلىنىدۇ.

[لايىقلاشتۇرۇلۇشى] چاڭ - توزانلاردىن تازىلاپ ساپلاشتۇرۇلىدۇ.

[تەبىئىتى] بىرىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى] پەي - مۇسكۇللارنى قۇۋۋەتلەش، ماددىلارنى يۇمشىتىش، يەل ھەيدەش ۋە ئىششىقلارنى ياندۇرۇش، ئاغرىق پەسەيتىش، چوڭ بوغۇملارنى قۇۋۋەتلەش ۋە سوغۇق يەلنى ھەيدەش، باھنى قۇۋۋەتلەش، بالىياتقۇنى تازىلاش، تىز ئاغرىقىنى قالدۇرۇش، گۆش ئۈندۈرۇش، جاراھەتنى ئېغىز ئالدۇرۇش خۇسۇسىيەتلىرى بار.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر] پالەچ، يانپاش ئاغرىقى، چوڭ ۋە كىچىك بوغۇملار ئاغرىقى، ماخاۋ، ھەر خىل زەخىملىنىش ۋە سۇنۇق قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. كەترا چىنى 10 گىرام، زەمچە، زۇپتى رۇمى تۆت گىرامدىن. بۇلارنى بىرلەشتۈرۈپ سوقۇپ تالقانلاپ، يەرلىك ئورۇنغا سېپىپ بەرسە، جاراھەت پۈتتۈرۈپ، گۆش ئۆندۈرىدۇ.

2. زۇپتى رۇمىنى قايتا ـ قايتا يەرلىك ئورۇنغا چاپسا، ماخاۋ كېسىلى ھەم سۇنۇقنى تۇتقۇزۇشقا ياردىمى بولىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] 2~6 گىرامغىچە.

[زىيانلىق تەسىرى] ئۆپكىگە زىيان قىلىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] كەترا، ئەرەب يېلىمى.

[ئورۇنباسارى] جاۋشىر، قارىغاي، يېلىمى.

[ۋەكىل خاراكتېرلىك پىششىق دورا ياسالمىسى] زۇپتى رۇمى پاراشوكى.

## ھىڭ

## 英

(阿魏　a wei)

[باشقا ئاتىلىشى] ھالتىت، ئەنگى سۇرۇ، دەرەختى ئەنجىدانىكا گوندى



ھىڭ

[لاتىنچە نامى ] Resina Ferula sinkiangensis

[ئىنگلىزچە نامى ]chiise Asafoetida, Giantfennel

[تونۇش ]بۇ، كۈنلۈكسىمان گۈللۈكلەر ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك ھىڭنىڭ سۈتسىمان يېلىمى بولۇپ، بۇ رەتسىز، ئۆلچەمسىز مونەكسىمان كېلىدۇ، سىرتقى يۈزى قوڭۇر سېرىق، ھۆل ۋاقتىدا رەڭگى سۇسراق، مايلىق، مەلھەم شەكىلدە بولغانلىرى قويۇق، يېپىشقاق، ئىچى كۈل رەڭگە مايىل ئاق رەڭلىك كېلىدۇ. تەمى ئاچچىق بولۇپ، ناھايىتى ئۆتكۈر سامساققا ئوخشاش پۇراققا ئىگە، چاينىسا كۆيگەندە سېزىم بولىدۇ، ھىڭ نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ. (14.41 ـ رەسىم)

[چىقىش ئورنى] شىنجاڭنىڭ ئىلى ۋىلايىتىدىن بىرقەدەر كۆپ چىقىدۇ.

[يىغىپ ساقلاش] ياز ياكى كۈز پەسلىدە ھىڭ دەرىخىدىن ئېقىپ چۈشكەن يېلىمنى يىغىۋېلىپ قۇرۇتۇپ، قاتۇرۇپ، سالقىن، قۇرغاق جايدا ساقلىنىدۇ.

[خىمىيەلىك تەركىبى] ھىڭنىڭ ئاساسلىق تەركىبى ئۇچۇچان ماي، رېزانا دەرىخى يېلىمىدىن ئىبارەت. تەركىبىدىكى ئۇچۇچان ماي 20.74%، ئۇنىڭدىن باشقا تەركىبىدە كۇمارىن (coumarin)، فارنېسىفېرول (Farnesiferol)، ABC كامدونول (Kamdonol)، ئاسسافوتىدىن (Assafoetidin)، فىرولىك كىسلاتا ئېستېرى (Ferulic acid ester)، فېرولىك كىسلاتا (Ferulic acid) قاتارلىقلار بار.

[فارماكولوگىيەلىك تەسىرى] ھايۋانات تېنىدە ئانىلىق ھورمۇن ئېشىپ كەتكەندە بالىياتقۇغا نىسبەتەن تورمۇزلاش تەسىرى بار، زىيادە سېزىمچانلىق ۋە ياللۇغلىنىشقا قارشى تۇرۇش تەسىرىگە ئىگە.

[لايىقلاشتۇرۇلۇشى] ئىلغاپ ساپلاشتۇرۇپ، قۇرۇتۇپ ساقلىنىدۇ.

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى] باھ، نېرۋا، پەي، بالىياتقۇ، تۇخۇمدانلىنى قۇۋۋەتلەش، غەيرىي تەبىئىي بەلغەم خىلتىنى تەڭشەش، توسالغۇلارنى ئېچىش، يۇمشىتىش، تارقىتىش، قاننى جانلاندۇرۇش، يەل ھەيدەش، ھەيزنى راۋانلاشتۇرۇش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە.

[ئىشلىتىدىغان كېسەللىكلەر] باھ، پەي ئاجىزلىقى، سوغۇقتىن بولغان باش ئاغرىقى، ئۇنتۇغاقلىق، پالەچ، لەقۋا، ئىستىرخا، رەئشە، سەرئى، ھەيز تۇتۇلۇش، قۇلاق ئېغىرلىقى، رېماتىزم قاتارلىق ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. ھىڭدىن يەتتە گىرام، زەيتۇن يېغىدىن 15 گىرام ئېلىپ، ھىڭنى ئېزىپ تالقان قىلىپ، زەيتۇن يېغى بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ قۇلاققا تېمىتسا، قۇلاق ئېغىرلىقىغا شىپا بولىدۇ.

2. ھىڭدىن ئۈچ گىرام، ئۇد سەلىبتىن 10 گىرام ئېلىپ سىركىگە سۇرۇپ، گەجگىگە زىمات قىلسا، سەرئى كېسىلىگە شىپا بولىدۇ.

3. ھىڭدىن بىر گىرام، قارىمۇچتىن 10 گىرام، مۇرمەككىدىن بەش گىرام ئېلىپ، سۇفۇپ قىلىپ ئىچىپ بەرسە، ھەيزنى راۋانلاشتۇرىدۇ.

4. ھىڭ، ئۇستقۇددۇس، بادرەنجبۇيا، ئىزخىر، ئاقىرقەرھا، ئېگىر قاتارلىقلارنى تەڭ مىقداردا ئېلىپ تالقان تەييارلاپ، ھەسەل بىلەن مەجۇن ياساپ، مۇۋاپىق مىقداردا ئىستېمال قىلىپ بەرسە، پالەچ، لەقۋا، رەئشە كېسەللىكلىرىگە شىپا بولىدۇ.

[ئىشلىتىلىش مىقدارى] 0.5 ~ 2 گىرامغىچە.

[زىيانلىق تەسىرى] مېڭە، جىگەرگە زىيانلىق.

[تۈزەتكۈچىسى] بەدىيان، بىنەپشە، ئالما سۈيى، ئاچچىق، تاتلىق ئانار سۈيى.

[ئورۇنباسارى] جاۋشىر، ئەنجۇدان.

[ۋەكىل خاراكتېرلىك پىششىق دورا ياسالمىسى] مەجۇنى ھىڭ، سۇفۇپى ھىڭ.

[دىققەت قىلىدىغان ئىشلار] ئىسسىق مىزاجدىكىلەر ئىستېمال قىلغاندا مۇۋاپىق تۈزەتكۈچىلەرنى قوشۇپ ئىستېمال قىلىش لازىم.

# چۈمۈلە

## 确木来

(蚂蚁 ma yi)

[**باشقا ئاتىلىشى**] نەمىل، مۆر ۋە چېيۈنتا

[**لاتىنچە نامى**] Formica fusca

[**ئىنگلىزچە نامى**] Ant



چۈمۈلە

[**تونۇش**] بۇ، چۈمۈلە ئائىلىسىدىكى ھاشارات قارا چۈمۈلىنىڭ قۇرۇتۇلغان پۈتۈن تېنىدىن ئىبارەت. بۇ ھەممىگە تونۇش مەشھۇر ھاشاراتلاردىن بولۇپ، بۇ ھاشاراتنىڭ تىرىك تېنى، قۇرۇتۇلغان تېنى ۋە ياغقا چىلانغان قىسمى، تۇخۇمى قاتارلىقلار دورىغا ئىشلىتىلىدۇ. (15.41 ـ رەسىم)

[**چىقىش ئورنى**] ئېلىمىز، جۇملىدىن رايونىمىز شىنجاڭنىڭ كۆپ ـ لىگەن جايلىرىدىن چىقىدۇ.

[**يىغىپ ساقلاش**] بۇ ھاشاراتنى 8 ـ، 9 ـ ئايلاردا تۇتۇۋېلىپ، ئاپتاپتا قۇرۇتۇپ، قۇرغاق جايدا ساقلىنىدۇ.

[**خىمىيەلىك تەركىبى**] ئامىنو كىسلاتا، پالمىتىك كىسلاتا، لېئولىنىلىك كىسلاتا ۋە كۆپ خىل فورماتلار ـ دىن تەركىب تاپقان.

[**فارماكولوگىيەلىك تەسىرى**] ئاغرىق توختىتىش، ياللۇغ قايتۇرۇش، ئىممۇنىتېت كۈچىنى تەڭشەش، رېماتىزمنى داۋالاش، قېرىشنى كېچىكتۈرۈش، جىگەرنى قۇۋۋەتلەش رولى بار.

[**لايىقلاشتۇرۇلۇشى**] ساپلاشتۇرۇش، قۇرۇتۇش ئارقىلىق لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

[**تەبىئىتى**] ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[**خۇسۇسىيىتى**] پەي ـ مۇسكۇللارنى چىڭىتىش، يەل ھەيدەش، ئۇششۇكنى ياندۇرۇش، باھنى قۇۋۋەت ـ لەش، قاننى قىزىتىش، زەھەر قايتۇرۇش خۇسۇسىيىتى بار.

[**ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر**] پالەچ، لەقۋا، ئەزالارنىڭ بوشىشىپ كېتىشى، قۇلاق ئېغىرلىقى، تانا ـ سىل ئەزا كېسەللىكى، ئەرلەردىكى جىنسىي ئاجىزلىق، بەرەس كېسەللىكلىرىگە ئىشلىتىلىدۇ.

[**ئىشلىتىش ئۇسۇلى**]

1. چۈمۈلىنى زەيتۇن يېغى ياكى كۈنجۈت يېغىغا چىلاپ 40 كۈن ئاپتاپتا قويۇپ، چۈمۈلىنىڭ قۇۋۋىتى ياغقا چىققاندا قۇلاققا تېمىتسا، قۇلاق ئېغىرلىق ۋە قۇلاق غوڭۇلداشقا شىپا بولىدۇ.

2. ئاق يەر سېرىق چۈمۈلىسىدىن 100 دانىغا 15 مىللىلىتىر يەسمەن يېغى قۇيۇپ، بىر ئاي ئاپتاپتا قويۇپ، تەمى تولۇق چىققاندا، ئەرلەر جىنسىي ئەزاسىغا چاپسا، جىنسىي ئاجىزلىق، زەكەر يىگلەپ كېتىشكە شىپا بولىدۇ.

3. چۇمۇلىنى تۇخۇم يېغىغا ئارىلاشتۇرۇپ بىر قانچە كۈن ئاپتاپتا قويۇپ بەرەسكە سىرتتىن چاپسا، خال چۈشۈرىدۇ. ماددا ئالمىشىشنى تېزلىتىدۇ.

[**ئىشلىتىش مىقدارى**] ئەھۋالغا قاراپ سىرتتىن ئىشلىتىلىدۇ.

[**زىيانلىق تەسىرى**] زەھەرلىك، يەپ قالسا قورساقتا سانجىق ھەم بىئاراملىق پەيدا قىلىدۇ.

[**تۈزەتكۈچىسى**] ھەسەل، زىرە.

[**ئورۇنباسارى**] چايان.

[**ۋەكىل خاراكتېرلىك پىششىق دورا ياسالمىسى**] چۇمۇلە يېغى.

## جويۇز
## 朱由孜
(肉豆蔻 rou dou kou)

[**باشقا ئاتىلىشى**] جۆزبۇۋا، جوزبويا، جائىپەل

[**لاتىنچە نامى**] semen Myristica fragrans

[**ئىنگلىزچە نامى**] nutmeg



جويۇز

[**تونۇش**] بۇ، جويۇز ئائىلىسىدىكى ھەمىشە كۆكىرىپ تۇرىدىغان ئېگىزلىكى 20 مېتىرغا يېتىدىغان دەرەخ جويۇز-نىڭ مېۋىسىدىن ئىبارەت. خەلق ئارىسىدا «جۆزبۇۋا»، «جو-يۇز» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ. ئۇرۇقى تۇخۇمدەك يۇمى-لاق ياكى ئېللىپىس شەكىللىك بولۇپ، سىرتقى يۈزى كۈل رەڭگە مايىل، خورما رەڭلىك ياكى كۈل رەڭ سېرىق رەڭ-لىك، قاتتىق بولۇپ ئاسان ئېزىلمەيدۇ. تەمى قېرىق، پۇرى-قى سۈس بولىدۇ. (41 .16 ـ رەسىم)

[**چىقىش ئورنى**] ئىسسىق بەلباغ رايونلىرىدا ئۆستۈرۈلىدۇ. ھىندونېزىيەنىڭ مالاككا ئارىلى، مالايشىيا، ھىندىستان، سىرى لانكا، غەربىي ھىندىستان تاقىم ئاراللىرى قاتارلىق جايلاردىن چىقىدۇ.

[**يىغىپ ساقلاش**] 10 ـ ئايدىن كېيىن مېۋىسى پىشقاندا پوستىنى ئاجرىتىۋېتىپ، ئۇرۇقىنى يىغىۋېلىپ، سالقىن، قۇرغاق جايدا ساقلىنىدۇ.

[**خىمىيەلىك تەركىبى**] تەركىبىدە 25%～46% كىچە ياغ، 8%～15% كىچە ئۇچۇچان ماي، 4% مىرىستىسىن (myricticin) ئىگىلەيدۇ.

[**فارماكولوگىيەلىك تەسىرى**] ئاشقازان، ئۈچەينى جانلاندۇرۇش، تىنچلاندۇرۇش؛ راكقا قارشى تۇرۇش،

ياللۇغ قايتۇرۇش تەسىرى بار.

[لايىقلاشتۇرۇلۇشى] جويۇزنى چالا سوقۇپ، سۇ سۇمۇرگۈچى قەغەزگە ئوراپ، ھېكمەت خېمىرى ئىچىگە ئېلىپ قوقاسقا كۆمۈلىدۇ. خېمىر كۆيۈشكە باشلىغاندا ئېلىپ سوۋۇتۇپ ئاجرىتىپ، سالايە قىلىپ تەييارلىنىدۇ.

[تەبىئىتى] ئۇچىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق

[خۇسۇسىيىتى] خۇشلۇق كەلتۈرۈش، يۈرەكنى قۇۋۋەتلەش، پەي - مۇسكۇللارنى چىڭىتىش، بۆرەك، ئاشقازان، جىگەر، باھنى قۇۋۋەتلەش، تەبىئىي ھارارەتنى ساقلاش، ھۆللۈكنى قۇرۇتۇش، سوغۇقتىن بولغان ئىششىقنى تارقىتىش، ئىچ سۈرۈشنى توختىتىش، ئاغرىق پەسەيتىش، تاماق سىڭدۈرۈش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە.

[ئىشلىتىدىغان كېسەللىكلەر] بۆرەك ئاجىزلىقى، جىنسىي ئاجىزلىق، مەنىي بالدۇر يۈرۈپ كېتىش، ئاشقازان ئاجىزلىقى، قورساق ئېسىلىش، باش ئاغرىش، رېماتىزم، بوغۇم ئاغرىقى، پالەچ، تىل ئېغىرلىق، ئىچ سۈرۈش، تال قېتىۋېلىش كېسەللىكلىرىگە ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. جويۇزنىڭ ئۆزىنى شۈمۈپ بەرسە، تىل ئېغىرلىق، پالەچ، لەقۋا قاتارلىق كېسەللىكلەرگە شىپا بولىدۇ.

2. جويۇزدىن بەش گىرام ئېلىپ ئېزىپ تالقان قىلىپ، تۇخۇم سېرىقى بىلەن قوشۇپ ئىچىپ بەرسە، جىنسىي ئاجىزلىققا شىپا بولىدۇ.

3. جويۇز، ئېگىرنى مۇۋاپىق مىقداردا ئېلىپ، سىركىدە سۈزۈپ بوغۇملارغا چاپسا، سەۋدا ۋە بەلغەم خىلتىدىن بولغان بوغۇم ئاغرىقىغا شىپا بولىدۇ.

4. جويۇزنى مۇۋاپىق مىقداردا ئېلىپ ئېزىپ، شېكەر بىلەن ئىچىپ بەرسە، ئىچ سۈرۈشكە شىپا بولىدۇ.

5. جويۇز، رىگماھى، ئاقىرقەرھا، ئەنجۇر قېقى، كۆنجۈت، تۇدەرىنىڭ ھەربىرىدىن 10 گىرام ئېلىپ، ئۈچ گىرام پەنىرمايە ۋە ئۈچ دانە تۇخۇم سېرىقى بىلەن قوشۇپ تالقان قىلىپ يېسە، باھ ۋە بۆرەك ئاجىزلىقىغا مەنپەئەت قىلىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] 3 ~ 10 گىرامغىچە.

[زىيانلىق تەسىرى] قۇرۇق ئىسسىق مىزاجدىكىلەرگە، ئۆپكە، جىگەرگە زىيانلىق.

[تۈزەتكۈچىسى] سەمغى ئەرەبى، بىنەپشە، يۇمغاقسۈت.

[ئورۇنباسارى] بەسباسە، سۇمبۇل.

[ۋەكىل خاراكتېرلىك پىششىق دورا ياسالمىسى] مادەتۇلھايات، ئاملە نۇشدارى.

[دىققەت قىلىدىغان ئىشلار] جىگەر ۋە ئۆپكە كېسەللىرىگە ئىشلەتكەندە، مۇۋاپىق تۈزەتكۈچىلەر بىلەن ئىشلىتىش لازىم.

## بالادۇر

## 巴拉都

## （ 如实 ji ru shi）

[**باشقا ئاتىلىشى**] ھەببى فەھىم، ھەببى قەلب، بەلادۇر، بىلانۇۋان

[**لاتىنچە نامى** ]Fructus Anacardium occidntale

[**ئىنگلىزچە نامى** ]Fruit of Common cashew



بالادۇر دەرىخى

[**تونۇش**]بۇ، سىر دەرىخى ئائىلىسىدىكى ھەمىشە كۆكـ-
رىپ تۇرىدىغان، يوپۇرمىقى نۆۋەتلىشىپ ئۆسىدىغان، سۈتى
بار دەرەخ ئانار كاردى ۋە بالادۇر ئۇرۇقدىشىنىڭ مېۋىسىدىن
ئىبارەت بولۇپ، مېۋىسى پىشقاندىن كېيىن قۇرۇتۇپ «بالا-
دۇر» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ. بۇنىڭ دورىلىق ئەشياسى
بالادۇر ۋە شەرقىي بالادۇردىن ئىبارەت ئىككى خىل بولىدۇ.
شەكلى يۈرەكسىمان، رەڭگى قېنىق قارا، قارامتۇل قوڭۇر،
تەمى ئاچچىق، پۇرىقى ئۆتكۈر، مېۋىسىنىڭ ئىچىدە مېغىزى
بولىدۇ. (17.41 ـ رەسىم)

[**چىقىش ئورنى**] ئىلىمىزنىڭ گۇاڭدۇڭ، خەينەنداۋ، فۇجـ-
يەن ئۆلكىلىرىدىن، شىنجاڭنىڭ ھەممە يېرىدىن، پاكىسـ-
تان، فىلىپپىن، ھىندىستان قاتارلىق دۆلەتلەردىن چىقىـ-
دۇ.

[**يىغىپ ساقلاش**] مېۋىسى پىشقاندا يىغىۋېلىپ، قۇرۇتۇپ ساقلىنىدۇ.

[**خىمىيەلىك تەركىبى**] ئۇرۇقىنىڭ تەركىبىدە ئاقسىل 5.41%، ماي 43.39%، كاربون سۇ بىرىكمىسى 21.05%، قەنتلەر بولسا فىروكتوزا ۋە گلۇكوزا، مېۋە پوستىدىكى سۇدا ئېرىشچان پولىساخارىد تەخمىنەن 8.5%، ئۇرۇقىنىڭ مېيىنىڭ ياغ كىسلاتاسى ئولېئىك كىسلاتاسىنى ئاساس قىلىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا ئامىنوكىسلاتاسىمۇ بار.

[**فارماكولوگىيەلىك تەسىرى**] مېغىزىنىڭ پوستى غىدىقلاش تەسىرىگە ئىگە. قوۋزىقىنىڭ تۆۋەن تېمپېراتۇ-
رىدا سۇدا چىلاپ ئېلانغان ئايرىمىسى قان بېسىمىنى تۆۋەنلىتىش رولىغا ئىگە. دەرەخ قوۋزىقىنىڭ قاينىتىلـ-
مىسى قاندىكى شېكەرنى تۆۋەنلىتىش رولىغا ئىگە.

[**لايىقلاشتۇرۇلۇشى**] يۇيۇپ ئېزىپ، گىل ھېكمەت قىلىپ لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

[**تەبىئىتى**] تۆتىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[**خۇسۇسىيتى**] مۇسكۇل، پەيلەرنى چىڭىتىش، باھنى قۇۋۋەتلەش، يەل ھەيدەش، جاراھەتلەرنى قو-
رۇش، ھۆللۈكنى قۇرۇتۇش، تېرىگە رەڭ پەيدا قىلىش خۇسۇسىيتىگە ئىگە.

[**ئىشلىتىدىغان كېسەللىكلەر**] نېرۋا، پەي ئاجىزلىقى، سەرئى، پالەچ، لەقۋا، ئىسترخا، چىش مىلىكى

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

بوشاپ كېتىش، تارتىشىش، ئۇنتۇغاقلىق، بوغۇم ئاغرىقلىرى، سۆگەل، تەمرەتكە، بەرەس، جوزام كېسەللىكلىرىگە ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىلىش ئۇسۇلى]

1. بالادۇردىن بىر گىرام، ئىزخىر، بىخ بەدىيان، جىنتىيانا قاتارلىق دورىلاردىن 10 گىرامدىن ئېلىپ يۇمشاق ئېزىپ، ھەسەل بىلەن مەجۇن تەييارلاپ ئىچىپ بەرسە، پالەچ، لەقۋا، رەئشە كېسەللىكلەرگە شىپا بولىدۇ.

2. بالادۇردىن 0.1 گىرام، كۇندۇردىن 10 گىرام، مەستىكىدىن 10 گىرام، سالاجىتتىن بەش گىرام، تۇخۇم سېرىقىدىن ئىككى دانە ئېلىپ، دورىلارنى ئېزىپ تالقان تەييارلاپ، مۇۋاپىق مىقداردا ئىستېمال قىلىپ بەرسە، جىنسىي ئاجىزلىققا شىپا بولىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] 0.1 ~ 1.5 گىرامغىچە.

[زىيانلىق تەسىرى] قۇرۇق ئىسسىق مىزاجدىكىلەرگە زىيانلىق. يارا، ساراڭلىق پەيدا قىلىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] كۇنجۇت يېغى، قايماق، سۈت، ياڭاق مېغىزى.

[ئورۇنباسارى] كۈچۈلا.

[ۋەكىل خاراكتېرلىك پىششىق دورا ياسالمىسى] مەجۇنى بالادۇر.

[دىققەت قىلىدىغان ئىشلار] بۇ دورا زەھەرلىك بولۇپ، ئىشلەتكەندە ئالدى بىلەن ئۇچى قىسمىنى ئازراق ئاجرىتىپ، قىزىتىلغان ئامبۇر بىلەن سىقىپ سۈيىنى چىقىرىۋەتكەندىن كېيىن ئىشلىتىش كېرەك. مېڭە پەردە ياللۇغى، مالىخولىيا كېسىلى بارلارغا ئىشلىتىلمەيدۇ. مىقدارىنى ئالتە گىرامدىن ئاشۇرۇۋەتسە ھاياتقا خەۋپ يېتىدۇ. كىچىك بالىلارغا ئىشلىتىشكە بولمايدۇ.

## مالكەنگىنى

## 玛力砍给尼

### (灯油滕子 deng you teng zi)

[باشقا ئاتىلىشى] مالكەنگىنى مېۋىسى

[لاتىنچە نامى] Semen Celastrus paniculatus

[ئىنگلىزچە نامى] Paniculate staff tree

[تونۇش] بۇ، جىنچاتقىلى ئائىلىسىدىكى پىلەكسىمان چاتقال ئۆسۈملۈك مالكەنگىنى بولۇپ، ئادەتتە مېۋىسى يۇمىلاق بولۇپ، قۇرۇغاندا ئىچىدىن ئۇرۇقى چىقىدۇ، بۇ ئۇرۇق تۇخۇم شەكىللىك، ئۇششاق، رەڭگى خورمارەڭ، تەمى بىرئاز ئاچچىق بولۇپ، «مالكەنگىنى» نامدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ.

[چىقىش ئورنى] يۈننەن، گۇاڭشى، گۇاڭدۇڭ، تەيۋەن ۋە ھىندىستاننىڭ تاغلىق رايونلىرىدىن چىقىدۇ.

[يىغىش ساقلاش] بۇ ئۆسۈملۈكنىڭ مېۋىسى پىشقاندىن كېيىن، قۇرۇتۇپ ئۇرۇقىنى يىغىۋېلىپ، پاكىز تازىلاپ، قۇرۇق ھەم سالقىن جايدا ساقلىنىدۇ.

[لايىقلاشتۇرۇلۇشى] ساپلاشتۇرۇش، قۇرۇتۇش ئارقىلىق لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

[تەبىئىتى] ئۈچىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى] پەي، نېرۋا ۋە مېڭىنى، باھنى قۇۋۋەتلەش، ئاشقازان، قۇۋۋەتلەش، ئاغرىق پەسەيتىش خۇسۇسىيىتى بار.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر] بوغۇم ئاغرىقى، ئۆشىاق بوغۇم ئاغرىقى، ئولتۇرغۇچ نېرۋا ئاغرىقى، لەقۋا، سەرئى، بەل ئاغرىقى، مېڭە - پەي نېرۋىلىرى ئاجىزلىقى، ئاشقازان ۋە باھ ئاجىزلىقى، ئەستە تۇتۇش قۇۋۋىتىنىڭ ئاجىزلىقى قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. بىر ھەسسە مالكەنگىنى يېغىغا ئون ھەسسە مەسكە يېغى ئارىلاشتۇرۇپ يۇز مېيىدەك قىلىپ ئېغىز بوشلۇقىغا چاپسا، مېڭە ئاجىزلىقى ۋە ئۇنتۇغاقلىقا پايدا قىلىدۇ ھەم كۆزنىڭ كۆرۈش قۇۋۋىتىنى ئاشۇرىدۇ.

2. مالكەنگىنىنىڭ سوقۇلمىغان دانلىرىنى سېرىق مايدا قورۇپ، ھەر كۈنى بىر چاڭگال يېسە، باھنى قۇۋۋەتلەيدۇ.

3. مالكەنگىنىنىڭ دانلىرىنى كالا سۈتىدە قاينىتىپ، سۈتىنى سۈزۈپ قېتىق ئۇيۇتۇپ، يېغىنى ئېلىپ، ھەر كۈنى 30 گىرام ئەتراپىدا گۆرۈچ ئېشى بىلەن يېسە، چاچنى قارايتىدۇ.

4. باھنى قۇۋۋەتلىگۈچى مۇرەككەپ ياساملار تەركىبىگە كىرگۈزۈلىدۇ، ھۆكۈمالارنىڭ ئېيتىشىچە، «بۇنىڭدىن بىر كىلوگىرامنى 10 كىلوگىرام كالا سۈتىگە چىلاپ سۈتنى تامامەن ئۆزىگە تارتىپ بولغاندا ئېلىپ، ھەر كۈنى مۇۋاپىق مىقداردا يەپ بەرسە، باھنى قۇۋۋەتلەيدۇ، ئەگەر پاقا يېغى بىلەن ياغلاپ، گىل ھېكمەت قىلىپ يېغىنى چىقىرىپ، ئەرلەر جىنسىي ئەزاسىغا سۈركىسە، قۇۋۋەت بېرىدۇ، مەنىينى تۇتىدۇ.»

[ئىشلىتىش مىقدارى] 10 ~ 20 گىرامغىچە.

[زىيانلىق تەسىرى] ئىسسىق مىزاجلىق كىشىلەرگە، باللارغا ئىشلىتىشكە بولمايدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] كالا سۈتى، قىزىلگۈل، سېرىق ماي.

[ئورۇنباسارى] قەلەمپۇر.

[ۋەكىل خاراكتېرلىك پىششىق دورا ياسالمىسى] مالكەنگىنى يېغى.

## زەيتۇن يېغى

## 在屯也合

(橄榄油 gan lan you)

[باشقا ئاتىلىشى]دەھەنۇل، زەيت، رەۋغىنى زەيتۇن، زەيتۇنكا تىل

[لاتىنچە نامى ]Oleum olea europaea

[ئىنگلىزچە نامى ]Oil Canarytree

[تونۇش] بۇ، زەيتۇن دەرىخى ئائىلىسىدىكى دائىم كۆكىرىپ تۇرىدىغان، ئېگىزلىكى 10 مېتىردىن

www.uyghurkitap.com



زەيتۇن دەرىخى

ئاشدىغان، غولى تۈز دەرەخنىڭ مېۋىسىدىن ئېلىنغان يېغى بولۇپ، «زەيتۇن يېغى» نامىدا دورا ئىشلىتىلىدۇ. زەيتۇن يېغىنىڭ رەڭگى سارغۇچ، سۈزۈك، تەمى تاتلىق كېلىدۇ. (18.41 ـ رەسىم)

[**چىقىش ئورنى**] ئېلىمىزنىڭ دېڭىز بويلىرى رايونلىرىدىن چىقىدۇ.

[**يىغىپ ساقلاش**] زەيتۇن مېۋىسى پىشقاندىن كېيىن قورۇتۇپ، ئۇرۇقىنى يىغىۋېلىپ، ياغ تارتىش ماشىنىسىدا ئېزىپ يېغى ئېلىنىدۇ. قورۇق قۇتىلاردا ساقلىنىدۇ.

[**خىمىيەلىك تەركىبى**] ياغىنىڭ تەركىبىدە ئامىرىن (Amyrin) بولۇپ، بۇنىڭدىن ئاتسىدوم، ئوئىكوم ۋە گىلىتسېرىن، لىنونىن، پالمېتىن قاتارلىقلار بار.

[**تەبىئىتى**] ئىككىنچى دەرىجىدە ھۆل ئىسسىق.

[**خۇسۇسىيىتى**] پەي ـ مۇسكۇللارنى ۋە نېرۋىلارنى چىڭىتىش، بەدەننى قۇۋۋەتلەش، ئاغرىق پەسەيتىش، تاش پارچىلاش، ماددىلارنى تارقىتىش، ئۇزۇق بولۇش، تېرىنىڭ قۇرغاق بولۇشىنى تۈزەنلىتىش، يۇمشىتىش، ھەزىم قىلىش ئەزالىرىنىڭ ئېچىشىشىنى ۋە قىچىشىشىنى توختىتىش، سىلىقلاشتۇرۇش، چاچنىڭ كېپەكىنى يوقىتىش، چاچنى قۇۋۋەتلەش خۇسۇسىيىتى بار.

[**ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر**] پالەچ، لەقۋا، ئەزالارنىڭ بوشىشىپ كېتىشى، بوغۇم ئاغرىقى، ئولتۇرغۇچ نېرۋا ئاغرىقى، بەدەن ئاجىزلىقى، تېرە قۇرغاقلىشىش، ئون ئىككى بارماق ئۈچەي يارىسى، ئادەتلەنگەن قەۋزىيەت، باش ئاغرىقى، چاچ ئاقىرىش، چاچ چۈشۈش قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[**ئىشلىتىش ئۇسۇلى**]

1. مۇۋاپىق مىقداردىكى زەيتۇن يېغىدا يەرلىك ئورۇننى سىرتىدىن ياغلاپ ئاپتاپقا قاقلانسا، پالەچ، لەقۋا، ئەزالارنىڭ بوشىشىپ كېتىشى، بوغۇملار ئاغرىقى قاتارلىقلارغا مەنپەئەت قىلىدۇ.

2. تېرىلەرنى مايلاپ بەرسە، تېرىنىڭ قۇرغاقلىشىشىنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ.

3. ئۆت، بۆرەك تاش كېسەللىكلىرىگە تاش پارچىلىغۇچى دورىلارنى بەرگەندە زەيتۇن يېغىنى قايناق سۇغا تېمىتىپ، دورىدىن كېيىن ئىچىلىدۇ، ئۆت، بۆرەك يوللىرىنى سىلىقلاپ، بۆرەك، ئۆت يوللىرىدىكى بېسىمنى ئازايتىدۇ.

4. زەيتۇن يېغىغا تۇخۇم يېغىنى ئارىلاشتۇرۇپ چاچنى ياغلىسا، چاچنىڭ كېپەكىنى يوقىتىدۇ، چاچ چۈشۈشنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ، ئاقىرىشنى توسايدۇ، چاچنى جانلىق، تىرىك قىلىدۇ، قارايتىدۇ.

5. مۇۋاپىق مىقداردىكى زەيتۇن يېغىنى 25 مىللىلىتىر قايناق سۇغا تېمىتىپ ئىچسە، ئادەتلەنگەن قەۋزىيەتكە مەنپەئەت قىلىدۇ.

[**ئىشلىتىش مىقدارى**] 10 مىللىلىتىرغىچە.

[**زىيانلىق تەسىرى**] ئىسسىق مىزاج كىشىلەرگە زىيان قىلىدۇ. يۇقۇملانغان ۋاقىتتا ئىستېمال قىلسا

ئىششىقنى پەيدا قىلىدۇ.

[**تۈزەتكۈچىسى**] ھەسەل، بىنەپشە شەربىتى.

[**ئورۇنباسارى**] بىلسان يېغى.

[**پىششىق دورا ياسالمىسى**] مەلھەمى سىماب.

## كاشىم

## 卡西木

(欧当归 ou dang gui)

[**باشقا ئاتىلىشى**] كاشىم يىلتىزى

[**لاتىنچە نامى**] Radix Levisticum officinali

[**ئىنگلىزچە نامى**] Root of garden Lovage

[**تونۇش**] بۇ، كۈنلۈكسىمان گۈللۈكلەر ئائىلىسىدىكى ئۆسۈملۈك كاشىمنىڭ يىلتىزى بولۇپ، بۇ ئۆسۈملۈكنىڭ يىلتىزى ئەنجۈدان يىلتىزىغا ئوخشايدۇ، يوپۇرمىقى ئىكلىلمىلىكنىڭ يوپۇرمىقىغا ئوخشايدۇ، تەمى ئۆتكۈر، ئۆزى خۇش پۇراق، غولى توم كېلىدۇ.

[**چىقىش ئورنى**] ئىران، ھىندىستان قاتارلىق ئەللەردىن كېلىدۇ.

[**يىغىپ ساقلاش**] بۇ ئۆسۈملۈكنىڭ ئۇرۇقى پىشقاندا يىلتىزىنى كولاپ ئېلىپ، يۇيۇپ قۇرۇتۇپ ساقلىنىدۇ.

[**لايىقلاشتۇرۇلۇشى**] يۇيۇش، توغراش، قۇرۇتۇش ئارقىلىق لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

[**تەبىئىتى**] ئۈچىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[**خۇسۇسىيىتى**] پەي - مۇسكۇللارنى چىڭىتىش، توسالغۇلارنى ئېچىش، يەل ھەيدەش، كۆكرەكنى بوشىتىش، نەپەس راۋانلاشتۇرۇش، ئاشقازاننى قۇۋۋەتلەش خۇسۇسىيىتى بار.

[**ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر**] پالەچ، لەقۋا، بوغۇم ئاغرىقى ۋە سوغۇقتىن بولغان يۆتەل، نەپەس سىقىلىش، ئاشقازان ئاجىزلىقى قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[**ئىشلىتىش ئۇسۇلى**]

1. دارچىندىن بەش گىرام، دوقۇدىن 10 گىرام، كاشىمدىن بەش گىرام ئېلىپ تالقانلاپ يېسە، ھەزىمنى ياخشىلايدۇ.

2. كاشىمدىن ئۈچ گىرام، بوزۇغىدىن بەش گىرام، جويۇزدىن يەتتە گىرام ئېلىپ، دورىلارنى سىركىدە سۇرۇپ بوغۇملارغا چاپسا، غەيرىي تەبىئىي سەۋدا ۋە بەلغەم خىلتىدىن بولغان بوغۇم ئاغرىقلىرىغا شىپا بولىدۇ.

[**ئىشلىتىش مىقدارى**] $2\sim5$ گىرامغىچە.

[**زىيانلىق تەسىرى**] ئىسسىقچان كىشىلەرنىڭ بېشىنى ئاغرىتىدۇ.

[**تۈزەتكۈچىسى**] گۈلبىنەپشە.

[**ئورۇنباسارى**] ياۋا سەۋزە ئۇرۇقى.

[**ۋەكىل خاراكتېرلىك پىششىق دورا ياسالمىسى**] جاۋارىش پەنجنۇش.

www.uyghurkitap.com

# قارا پارپا

## 卡热帕帕

(飞燕草　　fei yan cao)

[**باشقا ئاتىلىشى**] جەدۋار ھىندى، ماھى پەرۋىن، نەربىس

[**لاتىنچە نامى**] Radix consolida ajacis

[**ئىنگلىزچە نامى**] Root Consolidfa



قارا پارپا

[**تونۇش**] بۇ ئېيىقتاپانلار ئائىلىسىدىكى بىر يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك جەدۋار ھىندىنىڭ يىلتىزىدىن ئىبارەت. شەكلى يۇرەك شەكىللىك، چوڭلۇقى قول بارمىقىچىلىك، ۋەزنى ئېغىر، ئازراق قاتتىق، تەمى ئاچچىق - چۈچۈك، سىرتى قارا، ئىچى كۆكۈچ، سىرتقى يۈزى قوتۇر بولىدۇ. سۇندۇرسا ئىچى تەرىپى بىنەپشە رەڭ كۆرۈنىدۇ. سوقسا رەڭگى كۆكۈچ رەڭگە كىرىدۇ. ئەسلى ئۆسۈملۈكى جەدۋار بولۇپ، مۇشۇ ئۆسۈملۈكنىڭ يىلتىزى «جەدۋار ھىندى» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ. (19.41 - رەسىم)

[**چىقىش ئورنى**] ياۋروپا قىتئەسى، نېپال قاتارلىق جايلاردىن چىقىدۇ. ھازىر ئېلىمىزدىمۇ ئۆستۈرۈلىدۇ.

[**يىغىپ ساقلاش**] مېۋىسى پىشقاندا ئۆسۈملۈكنى كولاپ ئېلىپ، يىلتىزىنى ئايرىپ قۇرۇتۇپ ساقلىنىدۇ.

[**خىمىيەلىك تەركىبى**] ئۇرۇقى تەركىبىدە بىيولوگىيەلىك ئىشقارى تەخمىنەن 1%، ياغدىن 39% بار. بىيولوگىيەلىك ئىشقار ئاجاسىن (Ajacine)، دېلكوسىن (Delcosine)، دېلسولىن (delsoline)، ئېلاتىن (Elatine) قاتارلىقلارمۇ بار، بۇنىڭدىن باشقا تەركىبىدە يەنە زېرىئا، دىلفىن (Delphin) قاتارلىقلارمۇ بار.

[**فارماكولوگىيەلىك تەسىرى**] مايلىق يېغى قۇرت ئۆلتۈرۈش تەسىرگە ئىگە. يوپۇرمىقى، ئۇرۇقى تېرە ياللۇغىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. ئۇرۇقىنىڭ زەھەرلىك تەسىرى بىرقەدەر يۇقىرى، ھايۋانلار قارا پارپىدىن زەھەرلەنگەندە قەدەم ئېلىشى قىيىنلىشىدۇ، تومۇر سوقۇشى، نەپەس ئېلىشى قىيىنلىشىدۇ، بەدەن تېمپېراتۇرىسى تۆۋەنلەيدۇ، ئېغىرلىرىدا پەي - مۇسكۇل تارتىشىش، ھەرىكىتى قالايمىقانلىشىش، ئاخىرىدا نەپەس يېتىشمەي ئۆلۈپ كېتىشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

[**لايىقلاشتۇرۇلۇشى**] خېمىرگە ئوراپ پىشۇرۇپ لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

[**تەبىئىتى**] ئۈچىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[**خۇسۇسىيىتى**] پەي - مۇسكۇللارنى، بالىياتقۇ ۋە تۇخۇمدانىنى، تەبىئەتنى قۇۋۋەتلەش، ھۆللۈكنى

قۇرۇتۇش، سوغۇقلۇقنى تارقىتىش، ئاغرىق پەسەيتىش، توسالغۇلارنى ئېچىش، ئىششىق ياندۇرۇش، مېڭىنى قۇۋۋەتلەش ۋە تىنچلاندۇرۇش، زەھەر قايتۇرۇش، سۇيدۈك ھەيدەپ تاش پارچىلاش، ياللۇغ قايتۇرۇش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە.

[**ئىشلىتىدىغان كېسەللىكلەر**] سەرئى، پالەچ، لەقۋا، رەئشە، ئىستىرخا، تىترىگەك، ئومۇمىي بەدەن بوشىشىپ كېتىش، چاشقان يارىسى (خانازىر)، بادامبەز ياللۇغى، نەزلە، زۇكام، قان بۇزۇلۇش، زەھەرلىنىشلەر، بەرەس، بەھەق، ۋابا كېسىلى، بۆرەك ۋە تاش كېسەللىكلىرى قاتارلىق كېسەللىكلەرگە ئىشلىتىلىدۇ.

[**ئىشلىتىش ئۇسۇلى**]

1. قارا پارپىنى يۇمغاقسۇت سۈيىدە سۈزۈپ، سىرتىدىن زىمات قىلسا، بادامبەز ياللۇغى، چۇما، قولتۇق بېزى ياللۇغى، چاشقان يارىسىغا شىپا بولىدۇ.

2. قارا پارپىدىن ئۈچ گىرام ئېلىپ 100 گىرام ماددەتۇلھاياتقا قوشۇپ ئىستېمال قىلسا، پالەچ، لەقۋا، سەرئى كېسەللىكلىرىگە شىپا قىلىدۇ.

3. قارا پارپىنى سىركىگە سۈرۈپ يەرلىك ئورۇنغا زىمات قىلسا، ھاشاراتلارنىڭ زەھىرىنى قايتۇرىدۇ.

4. قارا پارپىنى مۇۋاپىق مىقداردا ئېلىپ سوقۇپ قىلىپ، ئەرقى گۇل بىلەن ئىستېمال قىلىپ بەرسە، دورىلارنىڭ زەھىرىنى قايتۇرىدۇ.

5. قارا پارپىنى مۇسەللەس بىلەن ئىستېمال قىلىپ بەرسە نېرۋىنى قۇۋۋەتلەيدۇ. يۈرەك تىترەشنى يوقىتىدۇ.

6. قارا پارپىنى مۇۋاپىق مىقداردا ئېلىپ سۆرۈنجان بىلەن ئىستېمال قىلىپ بەرسە، مۇپاسىلغا شىپا بولىدۇ.

7. قارا پارپىنى سىركەنجىۋىل بىلەن ئىستېمال قىلىپ بەرسە، بۆرەك ۋە سۈيدۈك يولىدىكى تاشنى پارچىلايدۇ.

8. قارا پارپىنى خېمىرى گاۋزىبانغا قوشۇپ ئىستېمال قىلىپ بەرسە، يۈرەك ۋە مېڭىنى قۇۋۋەتلەيدۇ.

9. جەدۋارنى تاشقا سۈرۈپ، چايان ھەم ھاشاراتلار چاققان يەرگە سۈركىسە، بۇ ھاشاراتنىڭ زەھىرىنى قايتۇرىدۇ.

[**ئىشلىتىش مىقدارى**] 0.5 ~ 1 گىرامغىچە.

[**زىيانلىق تەسىرى**] ئىسسىق مىزاج كىشىلەرنىڭ بېشىنى ئاغرىتىدۇ. ئۆپكىگە زىيان قىلىدۇ.

[**تۈزەتكۈچىسى**] يېڭى سۈت، ئارپا سۈيى.

[**ئورۇنباسارى**] ئاق پارپا، زورەمبات.

[**ۋەكىل خاراكتېرلىك پىششىق دورا ياسالمىسى**] ھەببى جەدۋار.

[**دىققەت قىلىدىغان ئىشلار**] ئايرىم ياكى مىقدارىنى ئاشۇرۇپ ئىستېمال قىلسا ھاياتقا خەۋپ يېتىدۇ. ئۆپكىنى زەخىملەندۈرىدۇ. مۇناسىپ تۈزەتكۈچىلەر بىلەن قوشۇپ ئىشلىتىش لازىم.

www.uyghurkitap.com

# قەلەمپۇر يېغى

## 开兰甫尔也合

(丁香油　ding xiang you)

[باشقا ئاتىلىشى] دەھەنى لوڭ، رەۋغىنى قەلەمفۇر

[لاتىنچە نامى] Oleum Eugenia caryophyllata

[ئىنگلىزچە نامى] Clove Oil



قەلەمپۇر

[تونۇش] بۇ، ئەرمۇدۇن ئائىلىسىدىكى داۋاملىق ياشىرىپ تۇرىدىغان دەرەخ قەلەمپۇرنىڭ قۇرۇق غۇنچىسىنى پارلاندۇرۇپ ئېلىنغان مايدىن ئىبارەت. بۇ سۇس سېرىق رەڭلىك ياكى رەڭسىز سۇزۇك مايسىمان سۇيۇقلۇق بولۇپ، خۇش پۇراق. (20.41 ـ رەسىم)

[چىقىش ئورنى] ئىسسىق بەلباغ رايونلىرى ھەم ئېلىمىزنىڭ گۇاڭدۇڭ، خەينەنداۋ ئۆلكىلىرىدىن چىقىدۇ.

[يىغىپ ساقلاش] قۇرۇق قۇتىلاردا ئاغزى ھىم ئېتىپ ساقلىنىدۇ.

[خىمىيەلىك تەركىبى] گۈل غۇنچىسىدا 15%~20% كىچە ئۇچۇچان ياغ، قەلەمپۇر مېيى بار، بۇنىڭ ئىچىدىكى ئېۋگېنول بولسا ئۇچۇچان مايىنىڭ 18%~95% ىنى ئىگىلەيدۇ، گۈلنىڭ تەركىبىدە رامنېتىن (Rhamnetin)، كېمپفېرول (Kaempferol)، ئېۋگېنتىن (Eugenitin) قاتارلىق فىلاۋونلار بار.

[فارماكولوگىيەلىك تەسىرى]

1. باكتېرىيەگە قارشى تەسىرى: قەلەمپۇرنىڭ 1% لىك ئېتىرلىك چىلانمىسى، سۇدىكى چىلانمىسى ياكى 8% لىك قويۇقلۇقتىكى قەلەمپۇر قاينىتىلمىسى شولپىن سېرىق تەمرەتكە زەمبۇرۇغى، ئاق رەڭلىك تەسۋىسىمان زەمبۇرۇغ قاتارلىق كۆپ خىل كېسەللىك پەيدا قىلغۇچى زەمبۇرۇغلارنىڭ ھەممىسىگە نىسبەتەن تورمۇزلاش تەسىرى بار. يۇقىرىراق قويۇقلۇقتىكى يېڭى تىپلىق يوشۇرۇن شارچە باكتېرىيەسىنىمۇ تورمۇزلايدۇ. ئىسپىرتقا چىلاپ چىقىرىلغان سۇيۇقلۇقى ئېستىر بىلەن ئېلىنغان سۇيۇقلۇق بىلەن ئوخشايدۇ، لېكىن سۇدىكى ئاجىزراق قەلەمپۇر مېيى ۋە ئېۋگېنولنىڭ 1:600 قويۇقلۇقتىكى كېسەللىك پەيدا قىلغۇچى زەمبۇرۇغلارنى تورمۇزلايدۇ. قاينىتىلمىسىنىڭ 1:20 ۋە 1:640 قويۇقلۇقتىكىسىنىڭ ئۈزۈمسىمان شارچە باكتېرىيەسى، بوغما تاياقچە باكتېرىيەسى، شەكىل ئۆزگەرتكۈچى تاياقچە باكتېرىيەسى، تولغاق تاياقچە باكتېرىيەسى، چوڭ ئۈچەي تاياقچە باكتېرىيەسى، تولغاق تاياقچە باكتېرىيەس ۋە كېزىك تاياقچە باكتېرىيەسىنى تورمۇزلاش تەسىرى بار.

2. مەددە قۇرت چۈشۈرۈش تەسىرى: سۇ ياكى ئىسپىرت بىلەن ئېلىنغان سۇيۇقلۇقى سازاڭ مەددىنى پالەچلەيدۇ ۋە ئۆلتۈرىدۇ، لېكىن بىر قېتىمدىلا ھەممىنى چۈشۈرەلمەيدۇ.

3. ئاشقازاننى قۇۋۋەتلەش تەسىرى: قەلەمپۇر ئاشقازاننى قۇۋۋەتلەيدۇ، قورساقتىكى يەلنى ماڭدۇ-

رۇش، ھەزىمنى ياخشىلاش، كۆڭۈل ئېلىشىش، قۇسۇشنى ئازايتىش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە، ئۇنىڭ سۇتسىمان ياسالمىسى ئاشقازان شىلىمشىق سۇيۇقلۇقىنىڭ ئاجرىلىشىنى ئاشۇرىدۇ، لېكىن قەلەمپۇر مېيىنىڭ تەسىرى سەل ئاجىزراق، داۋاملىق ئىستېمال قىلسا، نورماللىقى ئەسلىگە كېلىدۇ.

4. زەھەرلىك ۋە باشقا تەسىرى: ئۆي توشقىنىغا ئېۋگېنولنى ئوكۇل قىلسا، ناركوزلىنىپ قان بېسىمى تۆۋەنلەيدۇ، نەپەسلىنىشنى تورمۇزلايدۇ، قەلەمپۇرنىڭ تارتىشىشقا قارشى تەسىرى بار. لېكىن كىچىك چاشقاننىڭ تېرە ئاستىغا ئوكۇل قىلىنسا مەست بولمايدۇ، قەلەمپۇرنىڭ چىلانمىسى بالىياتقۇنى قىسقارتىش تەسىرىگە ئىگە.

[**لايىقلاشتۇرۇلۇشى**] قەلەمپۇرنى چالا سوقۇپ كۇنجۇت يېغىغا چىلاپ 40 كۈن 35℃ لۇق ئاپتاپتا قويۇپ سۈزۈپ، تىرىپلىرىدىن تازىلاپ تەييارلىنىدۇ.

[**تەبىئىتى**] ئۈچىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[**خۇسۇسىيىتى**] پەي - مۇسكۇللارنى قۇۋۋەتلەش، ھۆل سوغۇق كەيپىياتنى تەڭشەش، نېرۋىنى قۇۋۋەتلەش، ئاشقازان ۋە بۆرەكنى قىزىتىش، باھنى، پەينى قۇۋۋەتلەش، ئىششىق ياندۇرۇش، ئاغرىق پەسەيتىش خۇسۇسىيىتى بار.

[**ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر**] ئېغىز پۇراش، چىش ئاغرىقى، بوغۇم ئاغرىقى، ھەزىم بۇزۇلۇش، قورساق ئېسىلىش، ئىشتىھاسىزلىق، كۆڭۈل ئېلىشىش، قۇسۇش قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[**ئىشلىتىش ئۇسۇلى**]

1. مۇۋاپىق مىقداردىكى قەلەمپۇر مېيىنى قايناق سۇغا تېمىتىپ ئىچسە ياكى بۇ ياغنى پاختىغا سىڭدۈرۈپ، چىشنىڭ كاۋاكلىرىغا تىقىپ قويسا، چىش ئاغرىقىنى توختىتىدۇ.

2. مۇۋاپىق مىقداردىكى قەلەمپۇر مېيىنى يەرلىك ئورۇنغا سىرتتىن سۈركىسە، بوغۇم ئاغرىقىغا پايدا قىلىدۇ.

[**ئىشلىتىش مىقدارى**] 1 ~ 3 گىرامغىچە، ئاساسەن سىرتقى تەرەپتىن ئىشلىتىلىدۇ.

[**زىيانلىق تەسىرى**] ئىسسىق مىزاج كىشىلەرگە، بۆرەككە، ئۆچەيگە زىيان قىلىدۇ.

[**تۈزەتكۈچىسى**] سەمغى ئەرەبى.

[**ئورۇنباسارى**] زەيتۇن يېغى، قۇستە يېغى.

[**پىششىق دورا ياسالمىسى**] رەۋغىنى مۇپاسىل.

## ئەرمۇدۇن دەرىخى ئۇرۇقى

## 艾日米盾达日哈欧如哈

## （白蜡树子 bai la shu zi）

[**باشقا ئاتىلىشى**] لىنسانۇل ئاساپۇر، قۇشقاچ تىلى، ئەندەرجاۋ

[**لاتىنچە نامى**] semen Fraxinus chinesis

[**ئىنگلىزچە نامى**] Fraxinus chinensis fruit

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com


ئەرمۇدۇن دەرىخى

[تونۇش]بۇ، ئەرمۇدۇن دەرىخى ئائىلىسىدىكى يوپۇرماق تاشلايدىغان دەرەخ ئەرمۇدۇننىڭ ئۇرۇقى بولۇپ، «ئەرمۇ-دۇن دەرىخى ئۇرۇقى» ياكى «لسانۇل ئاساپىرر» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ. ئۇرۇقىنىڭ شەكلى سىلىندىر شە-كىللىك بولۇپ، قوشقاچنىڭ تىلىغا ئوخشايدۇ. مېۋىسى-نىڭ سىرتقى پوستى سۇس جىگەر رەڭ ياكى پور رەڭ، ئىچكى تەرىپى سېرىققا مايىل ئاق، تەمى ئۆتكۈر، ئاچچىق، ئازراق پۇراقلىق. (22.41 ـ رەسىم)

[چىقىش ئورنى] رايونىمىزنىڭ كۆپ قىسىم جايلىرىدىن، تايلاند، ھىندىستان، ھىندونېزىيە قاتارلىق ئەللەر-دىن چىقىدۇ.

[يىغىپ ساقلاش] 9 ـ ئاينىڭ ئاخىرلىرى مېۋىسى پىشقان-دا، ئۇرۇقى تۆكۈلگەندە يىغىۋېلىنىپ قۇرۇتۇپ ساقلىنىدۇ.

[خىمىيەلىك تەركىبى] ئۇرۇقىدا 16% ماي، دەرەخ پوستىدا ئىسكولىن (Aesculin)، ئىسكولېتىن (Aesculetin)، تاننىن، بۇنىڭدىن باشقا ماننىتول، فىراكسېتىن (Fraxetin)، فىراكسىن (Fraxin) قاتارلىقلارمۇ بار.

[فارماكولوگىيەلىك تەسىرى] ياللۇغ قايتۇرۇش، ئاغرىق توختىتىش تەسىرىگە ئىگە؛ سۈيدۈك مىقدارى ۋە سۈيدۈك كىسلاتاسىنىڭ چىقىرىلىشىغا تەسىر كۆرسىتىدۇ؛ قان تومۇر، ئۆچەي يوللىرى، بالياتقۇ قاتارلىقلارغا تەسىرى بار؛ بۇزۇق ماددىلارنى چىقىرىپ تاشلاش تەسىرى بار.

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى] پەي ـ مۇسكۇل، تارىمۇشلارنى چىڭىتىش، باھنى قۇۋۋەتلەش، يەل ھەيدەش، ئاغرىق پەسەيتىش، مەنىي كۆپەيتىش، سۈيدۈك ھەيدەش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە.

[ئىشلىتىدىغان كېسەللىكلەر] پەي — مۇسكۇللار بوشىشىش، بەل ئاغرىش، بالياتقۇ ياللۇغى، سۈيدۈك تۇتۇلۇش، جىنسىي ئاجىزلىق، ئىھتىلام بولۇش، بۆرەك ۋە سۈيدۈك يوللىرىغا تاش چۈشۈش قاتارلىق كېسەللىكلەرگە ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. 10 گىرام ئەرمۇدۇن ئۇرۇقى مېغىزى ۋە ئىككى دانە تۇخۇم سېرىقىنى قوشۇپ ئارىلاشتۇرۇپ، مۇۋاپىق مىقداردا ئىستېمال قىلىپ بەرسە، كۆپ ئىھتىلام بولۇشقا شىپا بولىدۇ.

2. ئەرمۇدۇن ئۇرۇقى، ھەجرۇلىيەھۇد، ئوغرىتىكەن، تەرخەمەك ئۇرۇقى قاتارلىقلارنى 10 گىرامدىن ئېلىپ، ئېزىپ سۇفۇپ تەييارلاپ، كۈندە ئىككى ۋاق مۇۋاپىق مىقداردا ئىستېمال قىلىپ بەرسە، بۆرەكتىكى تاشنى پارچىلايدۇ.

3. يەككە ھالەتتە ئېزىپ، مۇۋاپىق ھەسەلگە ئارىلاشتۇرۇپ ئىستېمال قىلىپ بەرسە، جىنسىي ئاجىزلىققا شىپا بولىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] 6 ～ 10 گىرامغىچە

[زىيانلىق تەسىرى] باش ئاغرىقىغا ۋە ئاشقازانغا زىيانلىق. ھۆ پەيدا قىلىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] يۇمغاقسۈت.

[ئورۇنباسارى] ئاق بەھمەن، كاۋاۋچىن، جويۇز، سەۋزە ئۇرۇقى.

[ۋەكىل خاراكتېرلىك پىششىق دورا ياسالمىسى] سۇفۇپى لىسانۇل ئاساپىر، ماددەتۇلھايات، مەجۇنى سۆئلەپ، لوبوبى كەبىر.

[دىققەت قىلىدىغان ئىشلار] بۇ دورا كۆڭۈلنى ئېلەشتۇرىدۇ، مۇناسىپ تەڭشىگۈچلەر بىلەن ئىستېمال قىلسا ئۇنۇمى كۆرۈنەرلىك.

## پەرپىيون

## 排日非云

(大戟脂 da ji zhi)

[باشقا ئاتىلىشى] ئەكىل بىنەفشە، ئەفەربىيۇن، فەرفىيۇن

[لاتىنچە نامى] Caulis antiquobum

[ئىنگلىزچە نامى] Anciets Euphordia stem



پەرپىيون

[تونۇش] بۇ، سۇتلۇكئوتلار ئائىلىسىدىكى ئاق رەڭلىك سۇتى بار، تاقىر چاتقال ياكى دەرەخنىڭ سۇتى بولۇپ، پەرپىيون نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ. بۇ بىر خىل قاتقان يېلىم، ئۆزى يەڭگىل، سېرىققا مايىل پور رەڭ، تەمى ناھايىتى ئۆتكۈر، تىلغا تەگكۈزسە تىلنى ئېچىشتۇرىدۇ، پۇرىسا دىماقنى ئېچىشتۇرۇپ چۈشكۈرتىدۇ. (41 .22 - رەسىم)

[چىقىش ئورنى] ئېلىمىزدىكى گۇاڭدۇڭ، گۇاڭشى، يۈننەن، گۈيجۇ، فۇجيەن قاتارلىق ئۆلكىلەردىن، ئافرىقا، سۇدان، ھىندىستان، فىرانسىيە، ئاۋستىرالىيە قاتارلىق ئەللەردىن چىقىدۇ.

[يىغىپ ساقلاش] بۇ خىل ئۆسۈملۈكنىڭ سۈتىنى يىغىۋېلىشتا ئاۋۋال قوي قېرىنىنى يۇيۇپ، تازىلاپ، قاچا شەكلىگە كەلتۈرۈپ، ئۆسۈملۈكنىڭ يېرىلغان جايىغا ئورۇنلاشتۇرغاندىن كېيىن يىراقتا تۇرۇپ، نەيزە بىلەن ئۆسۈملۈكنىڭ تېنىنى تىلىپ قويسا، سۈت ئېقىپ چۈشىدۇ. قاچىغا يىغىۋېلىپ ئاندىن قۇرۇتۇپ تەييارلىنىدۇ.

[خىمىيەلىك تەركىبى] تەركىبىدە ئېۋفول (euphol)، ئېۋفوربول (euphorbol)، تاراكىسرول (taraxerol)،

تاراكسېسرون (taraxerone)، رېزىنفېرول (resineferol)، β ـ ئامىرىن (Amyrin—β)، فوربىنىك كىسلاتاسى (phordinic acid)، فلاۋون، قەنت، ماي، ئامىنو كىسلاتاسى، لىمون كىسلاتاسى، ئالما كىسلاتاسى قاتارلىقلار بار.

[فارماكولوگىيەلىك تەسىرى] ئاق قان كېسەللىكى تورمۇزلاش ۋە ياللۇغ قايتۇرۇش تەسىرى بار.

[لايىقلاشتۇرۇلۇشى] يۇيۇپ قۇرۇتۇپ ساپلاشتۇرۇلىدۇ.

[تەبىئىتى] تۆتىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى] پەي، مۇسكۇللارنى چىڭىتىش، مېڭىنى قۇۋۋەتلەش، ئاغرىق پەسەيتىش، ماددىلارنى كۆيدۈرۈش، بەلغەم خىلىتىنى تارقىتىش، ھەيزنى راۋانلاشتۇرۇش، بۇزۇق ماددىلارنى يۇمشىتىش، زەھەر قايتۇرۇش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە.

[ئىشلىتىدىغان كېسەللىكلەر] پالەچ، لەقۋا، تەشەننۇج، ئىستىرخا، رەئشە، باش قېيىش، سەكتە، ئىرقۇننىسا، بۆرەك سوۋۇپ كېتىش، بوغۇم ئاغرىقى، ھەيز راۋان بولماسلىق قاتارلىق كېسەللىكلەرگە ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. پەرپىيوندىن بىر گىرامنى مەرزەنجۇش ۋە قىزىلچا سۈيىگە ئېزىپ بۇرۇنغا پۈركىسە مېڭىنى تازىلايدۇ.

2. پەرپىيوندىن 12 گىرام ئېلىپ 500 گىرام زەيتۇن يېغىدا ئېرىتىپ سۇنۇقلارنى ياغلىسا، سۇنۇقنىڭ تۇتۇشىنى تېزلىتىدۇ.

3. پەرپىيوندىن مۇۋاپىق مىقداردا ئېلىپ يۇمشاق سوقۇپ، 60 گىرام قىزىل مومنى ئېرىتىپ، ئۇنىڭغا ئارىلاشتۇرۇپ قېتىپ قالغان، تارتىشىپ قالغان ئەزالارنى مايلىسا ئۇلارنى بوشىتىدۇ. قاتما كېسەللىككە مۇناسىپ دورىلار بىلەن قوشۇپ بېرىلىدۇ.

4. پەرپىيوندىن تۆت گىرام ئېلىپ، گۈل يېغى بىلەن زەيتۇن يېغىدا ئېرىتىپ ئەزالارنى ياغلىسا، بەلغەم مەنبەلىك تىترىمە كېسەللەرگە مەنپەئەت قىلىدۇ.

5. پەرپىيوندىن 30 گىرام ئېلىپ يۇمشاق سوقۇپ، 130 گىرام زەيتۇن يېغى بىلەن قوشۇپ مەلھەم تەييارلاپ سىرتىدىن مايلىسا، پالەچ ۋە ئىستىرخا كېسەللىكلىرىگە شىپا بولىدۇ.

6. پەرپىيوندىن مۇۋاپىق مىقداردا ئېلىپ، زەپەر ۋە ئەپيۇننى قوشۇپ، ئۇرۇلۇپ سوقۇلغان ئورۇننى باغلاپ بەرسە ئاغرىق پەسەيتىدۇ.

7. پەرپيۇننى ھەسەل بىلەن ئېرىتىپ كۆزگە سۈرمە قىلسا، كۆزگە ئاق چۈشۈش قاتارلىقلارغا پەيدا قىلىدۇ. ئەمما كۆزدە بىر مەھەل قىزىللىق ۋە ئېچىشىشنى قالدۇرۇپ قويىدۇ. غالجىر ئىت چىشلىگەن ۋە زەھەرلىك ھاشارات چېقىۋالغان زەخمىنى بۇنىڭ بىلەن ياغلىسا زەھەر قايتۇرىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] 0.2 ～ 0.4 گىرامغىچە.

[زىيانلىق تەسىرى] ئۈچەيگە، بالىياتقۇغا زىيان قىلىدۇ؛ تېرىگە نىسبەتەن غىدىقلاش تەسىرى بار.

[تۈزەتكۈچىسى] سەمغى ئەرەبى، بادام يېغى، سۇمبۇل تىپ.

[ئورۇنباسارى] مازارىيون، قۇندۇز قەھرى.



www.uyghurkitap.com

[ۋەكىل خاراكتېرلىك پىششىق دورا ياسالمىسى] ھەببى پەرپىيون، مەلھەمى پەرپىيون، مەجۇنى بەرشىشا.

[دىققەت قىلىدىغان ئىشلار] قان مىزاج كىشىلەرگە مۇۋاپىق كەلمەيدۇ. ئىشلەتكەندە مۇۋاپىق تۈزەتكۈچىلەر-نى قوشۇپ ئىشلىتىش لازىم.

## ئادراسمان ئۇرۇقى

## 阿德热斯曼欧如合

（骆驼蓬子 luo tuo peng zi）

[باشقا ئاتىلىشى] بەزرۇل ھەرمىل، تۇخۇمى ئىسفەندى، ئىسفەندىكى بىچ

[لاتىنچە نامى] semen peganum harmala

[ئىنگلىزچە نامى] Commom Peganum seed



ئادراسمان ئۇرۇقى

ق[تونۇش] بۇ، ئوغرىتىكەن ئائىلىسىدىكى (vasicine) كۆپ يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك ئادراسماننىڭ ئۇرۇ-قىدىن ئىبارەت. بۇ ئۇرۇق قىرسىمان بۆلەك شەكىللىك، رەڭگى قارا ياكى قوڭۇر رەڭلىك، سىرتقى كۆرۈنۈشى قو-پال، ئىچكى قىسمى ئاق كېلىدۇ، پۇراقلىق تەمى ئاچچىق. (23.41 ـ رەسىم)

[چىقىش ئورنى] شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدىن چىقىدۇ.

[يىغىپ ساقلاش] كۈزدە ئۇرۇقى پىشقاندا يىغىۋېلىپ ساقلى-نىدۇ.

[خىمىيىلىك تەركىبى] تەركىبىدە بىيولوگىيىلىك ئىشقار 3.92%~7%، ئاساسلىقى خارمىن (Harmine)، خارمالىن (Harmaline)، پېگانىن (Peganine)، دىئوكسىدى ۋازىسى-نون (Deoxyvasicinone)، ۋازىسىن قاتارلىقلار بار، ئۇنىڭ-دىن باشقا يەنە پېگانون (oPeganone)، گۈئېرسىتىن (Guercetin)، كامفىرول (Kaempferol) قاتارلىقلارمۇ بار.

[فارماكولوگىيىلىك تەسىرى] تەركىبىدىكى بىيولوگىيىلىك ئىشقارلارنى بالىياتقۇ بوينى راكى قاتارلىق راك ھۈجەيلىرىنى تورمۇزلاش رولىغا ئىگە؛ مەركىزىي نېرۋا سىستېمىسىنى غىدىقلاش تەسىرى بار. بىيولوگى-يىلىك ئىشقارلىرىنىڭ قان بېسىمىنى تۆۋەنلىتىش، يۈرەكنىڭ قىسقىراش كۈچىنى ئاشۇرۇش، يۈرەك سوقۇشىنى ئاستىلىتىش تەسىرى بار؛ مىكرو ئورگانىزملارغا قارشى تۇرۇش تەسىرى بار.

[لايىقلاشتۇرۇلۇشى] ئىلغاپ ساپلاشتۇرۇلىدۇ.

[تەبىئىتى] ئۈچىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق

[خۇسۇسىيىتى] پەي، مۇسكۇللارنى چىڭىتىش، باھنى قۇۋۋەتلەش، ئىششىق ياندۇرۇش، نېرۋىنى كۈچەيتىش، سۈيدۈك، ھەيزنى راۋانلاشتۇرۇش، قۇرت ئۆلتۈرۈش، يەل ھەيدەش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە.

www.uyghurkitap.com

[ئىشلىتىدىغان كېسەللىكلەر] باھ ئاجىزلىقى، پالەچ، لەقۋا، بوغۇم ئاغرىقى، ئىرقۇننىسا، پەي ۋە نېرۋا ئاجىزلىقى، ئۇنتۇغاقلىق، جۇنۇن، سۈيدۈك ۋە ھەيز راۋان بولماسلىق، ئۈچەي قۇرتى، دەم سىقىلىش، يۆتەل قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. ئادراسمان ئۇرۇقى، ئاقىرقەرھا، سۆئلەپ، شاقاقۇل قاتارلىقلاردىن 10 گىرامدىن ئېلىپ سوقۇپ، ھەسەل بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ، مەجۇن تەييارلاپ ئىچسە، باھنى قۇۋۋەتلەش، پەي - مۇسكۇللارنى چىڭىتىش تەسىرىنى بېرىدۇ.

2. ئادراسمان ئۇرۇقى 10 گىرام، بەدىياندىن يەتتە گىرام، تاۋۇز ئۇرۇقىدىن 10 گىرام ئېلىپ قاينىتىپ ئىچسە، سۈيدۈك ۋە ھەيزنى راۋانلاشتۇرىدۇ.

3. ئۇستۇقۇددۇس، ئادراسمان ئۇرۇقى، سازەج ھىندى، سۇمبۇل، بادرەنجبۇيا قاتارلىقلاردىن بەش گىرام ئېلىپ، سوقۇپ ئارىلاشتۇرۇپ چايلىق قىلىپ ئىچسە، ئۇنتۇغاقلىق، مالىخولىياغا شىپا بولىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] 5 ~ 10 گىرامغىچە.

[زىيانلىق تەسىرى] كۆڭۈل ئېلىشتۇرىدۇ، باش ئاغرىتىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] ئەينۇلا، تەمرىھىندى، قارىئۆرۈك.

[ئورۇنباسارى] سىيادان، سۇزاپ ئۇرۇقى.

[ۋەكىل خاراكتېرلىك پىششىق دورا ياسالمىسى] مەجۇنى ھۇرمىل، ئادراسمان يېغى.

[دىققەت قىلىدىغان ئىشلار] تەمى ئاچچىق بولغاچقا، ھەسەل قاتارلىق قوشۇمچىلار بىلەن بىللە ئىشلىتىش لازىم. باش ئاغرىقىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان بولغاچقا، ئاچچىق ئانار بىلەن بىرگە ئىشلىتىش كېرەك.

## ئادراسمان ئۇرۇقى يېغى

## 阿德热斯曼欧日合也合

## (骆砣蓬子油 Luotuo peng zi you)



ئادراسمان ئۇسۇملۇكى

[باشقا ئاتىلىشى] رەۋغىنى ھۆرمىل

[لاتىنچە نامى] Oleum Peganum harmala

[ئىنگلىزچە نامى] Oil of Common Peganum seed

[تونۇش] بۇ، ئوغرىتىكەن ئائىلىسىدىكى سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك ئادراسمان ئۇرۇقىدىن گىل ھېكمەت قىلىش ئارقىلىق ياكى جوۋاز ئارقىلىق تارتىپ ئېلىنغان ياغدىن ئىبارەت. (24.41 - رەسىم)

[چىقىش ئورنى] شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدىن ۋە چەت ئەلدىن چىقىدۇ.

[يىغىپ ساقلاش] قورۇق قۇتىلاردا ساقلىنىدۇ.

[خىمىيىلىك تەركىبى] ئادراسمان ئۇرۇقىدا گارمىن، گارمالول، گارمانىن ۋە پىگالىن گالكالوئىدلار بار.

[لايىقلاشتۇرۇلۇشى] ئادراسمان ئۇرۇقىنى گىل ھېكمەت قىلىش ياكى جوۋاز ئارقىلىق تارتىپ ئېلىش

بىلەن لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

[**تەبىئىتى**] ئۈچىنچى دەرىجىدە ئىسسىق، ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق.

[**خۇسۇسىيىتى**] مېڭىنىڭ تۇسالغۇلىرىنى ئېچىش، پەيلەرنى چىڭىتىش، يەل ھەيدەش، باھنى قۇۋۋەتلەش، ئاغرىق پەسەيتىش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە.

[**ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر**] پالەچ، لەقۋا، ئەزالارنىڭ تىترىشى، پەيلەرنىڭ بوشاپ كېتىشى، تۇتقاقلىق، باھ ئاجىزلىق، بەل ئاغرىقى قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[**ئىشلىتىلىش ئۇسۇلى**]

1. ئادراسمان ئۇرۇقى يېغىدىن قائىدە بويىچە مۇۋاپىق مىقداردا ئىچىپ بەرسە، مېڭىدىكى توسالغۇلارنى ئاچىدۇ. پالەچ، لەقۋا، ئەزالارنىڭ تىترىشى، پەيلەرنىڭ بوشاپ كېتىشى، سەرئى، يۈرەك قوزغىلىش ئۈچۈن پايدا قىلىدۇ.

2. ئادراسمان ئۇرۇقى يېغى بىلەن سىرتتىن مايلىسا، پەيلەردىكى ئارتۇق ھۆللۈكلەرنى قۇرۇتۇپ، پەيلەرنى ۋە بارلىق ئەزالارنى قۇۋۋەتلەيدۇ. بەل ئومۇرتقىسىغا سۈركىسە باھنى قۇۋۋەتلەيدۇ.

3. ئادراسمان ئۇرۇقى يېغى بىلەن ھۆقنە قىلسا، بەل ئاغرىقى، يانپاش ئاغرىقى، بۆرەك، باليانقۇ سوغۇقلۇقى ئۈچۈن پايدا قىلىدۇ.

[**ئىشلىتىش مىقدارى**] ئەھۋالغا قاراپ مۇۋاپىق مىقداردا ئىشلىتىلىدۇ، كۆپىنچە سىرتتىن ئىشلىتىلىدۇ.

[**زىيانلىق تەسىرى**] ھۆ پەيدا قىلىدۇ.

[**تۈزەتكۈچىسى**] چۈچۈمەل نەرسىلەر (ئەينۇلا، تەمرىھىندى).

[**ئورۇنباسارى**] قۇستە يېغى، ئادراسمان ئۇرۇقى.

[**پىششىق دورا ياسالمىسى**] رەۋغىنى ھۆرمىل، مەلھەمى ھۆرمىل.

## ئادراسمان

## 阿德热斯曼

(骆驼蓬 luo tuo peng)

[**باشقا ئاتىلىشى**] ئادراسمان چۆپى، بەرگى ھۆرمىل

[**لاتىنچە نامى**] Herba Peganum harmala

[**ئىنگلىزچە نامى**] Common Peganum herb

[**تونۇش**] بۇ، ئوغرىتىكەن ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك ئادراسماننىڭ پۈتۈن چۆپى بولۇپ، رەڭگى بىرئاز قىزىل، ئۇرۇقىنىڭ رەڭگى قارا، قىچا چوڭلۇقىدا، پۇراقلىق، تەمى ئاچچىق، بۇ ئۆسۈملۈكنىڭ قۇرۇتۇلغان پۈتۈن چۆپى «ھورمىل» ياكى «ئادراسمان» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ. (25.41 ـ رەسىم)

[**چىقىش ئورنى**] جەنۇبىي شىنجاڭدىن كۆپرەك چىقىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا چەت ئەللەردىنمۇ چىقىدۇ.

[**يىغىپ ساقلاش**] بۇ ئۆسۈملۈكنىڭ دورىلىق قىسمىنى كۈز پەسلىدە يىغىپ قۇرۇتۇپ، قۇرغاق ئورۇندا ساقلىنىدۇ.

[**خىمىيەلىك تەركىبى**] پۈتۈن چۆپىدە پېگانىن، ھارمىن، پېگانىدىن(Peganidin)، پېگامىن(Pegamin)،

www.uyghurkitap.com



ئادراسمان

پېگانول(Peganol) قاتارلىقلار ھەمدە فىلاۋونلار ۋە ئۇچۇچان مايلار بار.

[فارماكولوگىيەلىك تەسىرى] مەركىزىي نېرۋا سىستېمىسىنى غىدىقلاش، قان ئايلىنىشىنى تېزلىتىش، مۇسكۇللارنى چىڭىتىش، راككا قارشى تۇرۇش، قاپلىق قۇرتنى ئۆلتۈرۈش تەسىرى بار.

[لايىقلاشتۇرۇلۇشى] ئىلغاپ ساپلاشتۇرۇش، قورۇتۇش ئارقىلىق لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى] پەي ـ مۇسكۇللارنى چىڭىتىش، كۆكرەك ۋە ئۆپكىدىكى شىلىمشىق ھۆللۇكلەرنى تازىلاش، يەل ھەيدەش، توسالغۇلارنى ئېچىش، باھنى قۇۋۋەتلەش، بەدەننى سەمرىتىش، سۈيدۈك ۋە ھەيزنى راۋانلاشتۇرۇش، مەددە قۇرتلارنى يوقىتىش قاتارلىق خۇسۇسىيەتلەرگە ئىگە.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر] پالەچ، تۇتقاقلىق، رېماتىزم، مۇپاسىل، نۇقرەس، ئولتۇرغۇچ نېرۋا ئاغرىقى، ئۇنتۇغاقلىق، باھ، بەدەن ئاجىزلىق، مەددە قۇرت، سۈيدۈك، ھەيز راۋان بولماسلىق، ئىستىسقا ۋە سېرىقلىق چۈشۈش، يانپاش ئاغرىقى، قۇلۇنجى قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. ئادراسماندىن 30 گىرامنى 120 گىرام سۇ بىلەن قايىنىتىپ، ئاندىن سۈزۈپ، 90 گىرام ھەسەل، 60 گىرام كۈنجۈت يېغىنى قوشۇپ ئىچسە، كۆچلۈك قەي قىلىپ، قەي ئارقىلىق كۆكرەكتىكى شىلىمشىق ھۆللۇكنى تازىلايدۇ، نەپەس سىقىلىش ۋە يۆتەلگە پايدا قىلىدۇ.

2. 500 گىرام ئادراسماننى 500 گىرام شاراب ياكى ئۈزۈم سۈيىدە چىلاشقۇدەك سۇ قۇيۇپ قايىنىتىپ، تۆتتىن بىرى قالغاندا ئېلىپ، 30 كۈنگىچە ھەر كۈنى 60 گىرامدىن ئىچىپ بەرسە، كونا ئولتۇرغۇچ نېرۋا ئاغرىقى ۋە تۇتقاقلىق كېسەلگە پايدا قىلىدۇ. تۇغۇشتىن مۇددەتتىن بۇرۇن توختاپ قالغان ئايال بۇ سۇدىن ئۇدا 30 كۈن ئىچسە، قايتا ھامىلدار بولىدۇ ۋە يەنە ھەر كۈنى 15~60 كۈن ئىچىپ بەرسە، رېماتىزم كېسىلىنى داۋالايدۇ.

3. ئادراسمان، فۇپەل، قەمبىل قاتارلىقلارنىڭ ئۈچ گىرامدىن ئېلىپ، سوقۇپ سۇفۇپ تەييارلاپ ئىچسە، مەددە قۇرتنى چۈشۈرىدۇ.

4. قايناتىلغان سۈيىنى بىر غېرىچ ئېگىزلىكتىن باشقا قۇيسا، ئەزالارنى قۇۋۋەتلەيدۇ، چاچنى قارايتىدۇ، ئەزالاردىكى بوشىشىپ كېتىشنى يوقىتىدۇ.

5. قايناتىلغان سۈيىنى كۈنجۈت يېغى بىلەن قوشۇپ ئىچسە، ئۆپكە كېسىلىگە پايدا قىلىدۇ.

6. سېرىقچېچەك يېغى بىلەن قوشۇپ ئېزىپ كىندىككە ۋە بىقىنغا چاپسا، كونا قۇلۇنجغا پايدا قىلىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] 4 ~ 8 گىرامغىچە.

[زىيانلىق تەسىرى] ئىسسىق مىزاج كىشىلەرنىڭ بېشىنى ئاغرىتىدۇ، كۆڭۈلنى ئېلىشتۇرىدۇ.

[**تۈزەتكۈچىسى**] سىركەنجۇبىل، ھەر خىل مېۋىلەرنىڭ سۈيى.
[**ئۇرۇنباسارى**] قەردمانە ياكى سۇزاپ ئۇرۇقى، ئادراسمان ئۇرۇقى.
[**ۋەكىل خاراكتېرلىك پىششىق دورا ياسالمىسى**] شەربىتى ھورمىل.

## كۇچۇلا

## 库其拉

(马钱子 ma qian zi)

[**باشقا ئاتىلىشى**] ئازاراقى، ئازاراق
[**لاتىنچە نامى**] semen strychnos pierriana
[**ئىنگلىزچە نامى**] Nux vomica



كۇچۇلا

[**تونۇش**] بۇ، كۇچۇلا ئائىلىسىدىكى ياغاچ غوللۇق ئۆسۈملۈك كۇچۇلانىڭ پىشقاندىن كېيىن قۇرۇتۇلغان ئۇرۇقى بولۇپ، شەكلى ياپىلاق، تۈكلەش، ئىچكى قىسمىدا ئۇندۇرمىسى بولىدۇ. سىرتى قوڭۇر رەڭدە، ئىچى ئاق، تەمى ئاچچىق، پۇرىقى سۇس، قۇرۇتۇلغان، پىششىق، ئۇرۇقى تۈگمىسىمان يۇمىلاق، ياپىلاق بولىدۇ. (41 . 26 ـ رەسىم)
[**چىقىش ئورنى**] ھىندىستان، مالايشىيا، سىنگاپور، تايلانت، ۋيېتنام، يۇننەن قاتارلىق جايلاردا چىقىدۇ.
[**يىغىپ ساقلاش**] مېۋىسى پىشقاندا پوستىنى ئېلىۋېتىپ قۇرۇتۇپ ساقلىنىدۇ.
[**خىمىيەلىك تەركىبى**] ئۇرۇقىدا ھەر خىل بىيولوگىيەلىك ئىشقارلار بار. ستىرىفنىن (Strychnine)، بىرۇسىن (brucine)، ئىزوستىرىئخنىن (lsostrychnine)، ئىزوبىرۇسىن (Isobrucine)، β — كۇلۇبىرىن (β—colubrine)، ۋومىسىن (vomicine) نوۋاسىن (nocacine) قاتارلىقلار.
[**فارماكولوگىيەلىك تەسىرى**] مەركىزىي نېرۋا سىستېمىسىنى غىدىقلاش تەسىرىگە ئىگە؛ ئاغرىق پەسەيتىش، تىنچلاندۇرۇش تەسىرىگە ئىگە؛ ئاشقازاننى ياخشىلاش، ئاشقازان سۇيۇقلۇقى ئاجرىتىپ چىقىرىشنى تېزلىتىش تەسىرىگە ئىگە؛ يۆتەل توختىتىش، بەلغەم بوشىتىش تەسىرى بار، يەنە مىكرو ئورگانىزملارنى تورمۇزلاش رولىمۇ كۆرۈنەرلىك. زەھەرلىك تەسىرى: كۇچۇلا مېغىزى كۈچلۈك زەھەرلىك بولۇپ، ئادەم بەش مىللىگرامدىن 10 مىللىگرامغىچە ئىستېمال قىلسا، زەھەرلىنىشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. مىقدارى 30 مىللىگرامغا يەتسە ئۆلۈشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.
[**لايىقلاشتۇرۇلۇشى**] سۈتكە چىلاش ياكى قۇمدا قورۇش ئارقىلىق لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.
[**تەبىئىتى**] ئۈچىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

www.uyghurkitap.com

[خۇسۇسىيىتى] پەي ـ مۇسكۇللارنى چىڭىتىش، قورۇش، تۇتۇش، ئاغرىق پەسەيتىش، نەرۋا، يۈرەكنى قوزغىتىش، باھنى قۇۋۋەتلەش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە.

[ئىشلىتىدىغان كېسەللىكلەر] نەرۋا ئاجىزلىقى، پالەچ، لەقۋا، مۇپاسىل، ئىستىرخا، باھ ئاجىزلىقى، بەل ئاغرىقى، بوغۇم ئاغرىقى، يۈرەك ئاجىزلىقى، پەي بوشىشىپ كېتىش قاتارلىق كېسەللىكلەرگە ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. كۈنجۈت يېغى بىلەن قايىنىتىپ ياغ تەييارلاپ يەرلىك ئورۇنغا سۈركىسە، بوغۇم ئاغرىقى قاتارلىق كېسەللىكلەرگە شىپا بولىدۇ.

2. باشقا دورىلار بىلەن قوشۇپ مەجۇن ياكى سۇفۇپ تەييارلاپ، ھەر خىل كېسەللىكلەرگە ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] 0.2 گىرام.

[زىيانلىق تەسىرى] مىقدارىنى ئاشۇرۇپ ئىستېمال قىلسا، پەيلەر ۋە پۈتۈن بەدەننى تارتىشتۇرۇپ قويىدۇ ھەتتا ھاياتقا خەۋپ يەتكۈزىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] بادام يېغى، سۈت، ناۋات.

[ئورۇنباسارى] بالادۇر، قارا پارپا.

[ۋەكىل خاراكتېرلىك پىششىق دورا ياسالمىسى] مەجۇنى ئازاراقى، ھەببى ئازاراقى.

[دىققەت قىلىدىغان ئىشلار] بۇ دورا زەھەرلىك، زەھەرسىزلەندۈرمەي ئىشلىتىشكە بولمايدۇ.

## تۆگە يېغى

## 驼给也合

(骆驼脂 luo tuo zhi)



تۆگە

[باشقا ئاتىلىشى] تۆگە مېيى، تۆگە لوكسى مېيى

[لاتىنچە نامى] Adeps Camelum

[ئىنگلىزچە نامى] Bactrian Camel Fat

[تونۇش] بۇ، تۆگە ئائىلىسىدىكى ھايۋان قوش لوكىلىق تۆگىنىڭ لوكسى ۋە گۆشىنىڭ ئارىسىدىكى يېلىمسىمان مايدىن ئىبارەت. (27.41 ـ رەسىم)

[چىقىش ئورنى] شىنجاڭنىڭ ھەممە جايلىرىدىن تېپىلىدۇ.

[يىغىپ ساقلاش] تۆگىنى سويۇپ، مېيىنى ئايرىپ ئېلىۋېلىپ، قازاندا قورۇپ، جىگەردەكنى چىقىرىۋېلىپ

سۇزۇپ تەييارلىنىدۇ.

[**تەبئىتى**] ئىككىنچى دەرىجىدە هۆل ئىسسىق.

[**خۇسۇسىيىتى**] پەي ـ مۇسكۇللارنى قۇۋۋەتلەش، ئاغرىق پەسەيتىش، هۆللەشتۈرۈش ۋە سىلىقلاشتۇرۇش، يەللەرنى هەيدەش، قاننى جانلاندۇرۇش ۋە ئىششىق ياندۇرۇش خۇسۇسىيىتى بار.

[**ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر**] يەل خاراكتېرلىك ئاغرىقلار، پەي ـ مۇسكۇللارنىڭ تارتىشىپ قېلىشى، يارا، جاراھەتلەر، ئىششىق ۋە پۇت ـ قوللارنىڭ قايرىلىپ كېتىشى، ياشانغانلاردىكى مۇپاسىل كېسەللىرى قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[**ئىشلىتىش ئۇسۇلى**] ئېرىتىپ ئىچىشكە، سىرتتىن چېپىشقا بولىدۇ.

[**ئىشلىتىش مىقدارى**] ئەھۋالغا قاراپ 30 ~ 50 گىرامغىچە ئىشلىتىلىدۇ.

[**زىيانلىق تەسىرى**] جىگەردە سۇددە (توسۇلۇش) پەيدا قىلىدۇ.

[**تۈزەتكۈچىسى**] ئارپىبەدىيان.

[**ئورۇنباسارى**] قوي مېيى.

[**ۋەكىل خاراكتېرلىك پىششىق دورا ياسالمىسى**] رەۋغىنى مۇپاسىل.

## سۇزاپ

## 索杂比

(芸香　yun xiang)

[**باشقا ئاتىلىشى**]بەرگى سوزاب، سۇداب، تىتلىكى شاخ، سانۇل ساترى

[**لاتىنچە نامى** ]Herba Ruta graveolens

[**ئىنگلىزچە نامى** ]Common Rue Herb


سۇزاپ ئۆسۈملۈكى

[**تونۇش**] بۇ، سۇزاپ ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك سۇزاپنىڭ پۈتۈن چۆپى بولۇپ، ئۆسۈملۈكنىڭ ئېگىزلىكى بىر مېتىرغا يېتىدۇ. ناھايىتى پۇراقلىق، پۈتۈن كۆچىتى تۈكسىز، يوپۇرمىقى ئۇششاق ۋە يۇمىلاق، رەڭگى سېرىق، مېۋىسى 4 ~ 5 دانىغىچە بولۇپ، پىشقاندا يېرىلىدۇ. (41.28 ـ رەسىم)

[**چىقىش ئورنى**] ئېلىمىزنىڭ جەنۇبىي رايونلىرى ۋە شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى، ھىندىستان، پاكىستان قاتارلىق جايلاردىن چىقىدۇ.

[**يىغىپ ساقلاش**] 6 ـ، 7 ـ ئايلاردا پۈتۈن ئۆسۈملۈكنى يىغىۋېلىپ قۇرۇتۇپ ساقلىنىدۇ.

[**خىمىيەلىك تەركىبى**] پۈتۈن چۆپىدە كۆپ خىل ئۇچۇچان ماي بار بولۇپ، ئۇنىڭدىن باشقا گىراۋېئولىن (Gracvoline)، كوكۇساگىنىن (kokusaginine)، سىكىمىئانىن (sikimianine)، b ـ مېتوكسىدىكتەمنىن (b—methoxydictamnine)،

www.uyghurkitap.com

ئەدیولنىن (edulinene) ، ئابورىنىن (arborinine) ، Y - گاردىن (y—Fagarine) ، گرەۋئېبولىنىن (graveolinene) ، رۇتاكرىدون (rutacridone) ، N-مېتىل پلاتمىسمىن (N—methylplatydesmin) ، رىيۇبالىنىن (rubalinidin) رىيۇتالىنىدىن (rutalinidin) قاتارلىق بىيولوگىيەلىك ئىشقارلار ۋە ھەر خىل فىلاۋونوئىد قاتارلىق ماددىلار بار. يىلتىز قىسمىدا يەنە گىراۋكرىدوندىئول (gravecridonediol) قاتارلىق بىيولوگىيەلىك ئىشقارلار، گىراۋېللىفېرون (gravelliferone) ، چەلپەگىنسىت (chalepensin) ، كىسانسلىپتىن (xanthyletin) ، مارمېسىن (marmesin) قاتارلىق ماددىلار بار.

[**فارماكولوگىيەلىك تەسىرى**] ئۇرۇقىنىڭ سۇدىكى قاينىتىلمىسىنىڭ تەجرىبىخانىدىكى چاشقانىنىڭ بالىياتقۇسىغا نىسبەتەن غىدىقلاش تەسىرى بار بولۇپ، بالىياتقۇنىڭ دەۋرىيلىك قىسقىرىشىنى تېزلىتىدۇ؛ مىكرو ئورگانىزملارغا قارشى تۇرۇش تەسىرى بار؛ مۇسكۇللارنى بوشىتىش تەسىرى بار؛ قان بېسىمىنى تۆۋەنلىتىش، تاجىسمان يۈرەك ئارتېرىيەسىنىڭ قىسقىرىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش رولى بار؛ ئاشقازان سۇيۇقلۇقىنىڭ كىسلاتالىقىنى ئاشۇرىدۇ؛ زەھەرلىك تەسىرى تەركىبىدىكى ئۇچۇچان ماي غىدىقلىغۇچى پۇراقتا ئىگە بولۇپ، ئىستېمال قىلىنسا ئاشقازان ئاغرىش، قۇسۇش، پەي تارتىشىش قاتارلىق ئالامەتلەرنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ؛ تېرە كېسەللىكلىرىگە نىسبەتەن مەلۇم ئۈنۈمى بار، ئۇنىڭ ئىچىدىكى سىپورالىن كىسانتوتوكسىندىن ئوكۇل ياساپ تېرىگە ئوكۇل قىلىپ ئۇلترا بىنەپشە نۇر بىلەن نۇرلاندۇرسا، نۇر چۈشكەن يەرنىڭ تېرىسى قىزىيدۇ، پىگمېنت كۆپىيىدۇ، بەرەس كېسەللىكلىرىگە ئىشلىتىلسە ئۈنۈمى ياخشى بولىدۇ.

[**لايىقلاشتۇرۇلۇشى**] ئىلغاپ ساپلاشتۇرۇلىدۇ.

[**تەبىئىتى**] ئۈچىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[**خۇسۇسىيتى**] مېڭە، ئاشقازان، پەيلەرنى قۇۋۋەتلەش، زەھەر قايتۇرۇش، ئاغرىق پەسەيتىش، ئەقلىنى زىيادە قىلىش، سۈيدۈك ھەيدەش، ھەيزنى راۋانلاشتۇرۇش، قۇرۇتۇش، يەل تارقىتىش، تېرىنى غىدىقلاش، قىزارتىش، توسالغۇلارنى ئېچىش، ئىششىش خۇسۇسىيتىگە ئىگە.

[**ئىشلىتىدىغان كېسەللىكلەر**] ئاشقازان ئاجىزلىقى، جىگەر قېتىش، بەھەق، ئاقكېسەل، قۇلاق ئاغرىقى، تەمرەتكە، پالەچ، تەشەننۇج، بوغۇم ئاغرىقى، ھەر خىل سۇلۇق ئىششىق قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[**ئىشلىتىلىش ئۇسۇلى**]

1. سۇزاپنى مۇۋاپىق مىقداردا ئېلىپ، زەيتۇن يېغى بىلەن قاينىتىپ يەرلىك ئورۇننى ياغلىسا، بوغۇم ئاغرىقى، يانپاش ئاغرىقى، سۇلۇق ئىششىقلارغا شىپا بولىدۇ.

2. سۇزاپ، ئۇد سەلىب، لاچىندانە، قاقىلە، ئۇستقۇددۇس قاتارلىقلارنىڭ ھەربىرىدىن 10 گىرام ئېلىپ، چايلىق تەييارلاپ ئىچسە، ئاشقازان ۋە مېڭىنى قۇۋۋەتلەيدۇ.

3. سۇزاپتىن مۇۋاپىق مىقداردا ئېلىپ سوقۇپ، مۇۋاپىق مىقداردىكى گۈل يېغى بىلەن زىمات تەييارلاپ، يىلان، چايان چاققان، چىشلىگەن جايلارغا سۈركىسە مەنپەئەت قىلىدۇ.

4. سۇزاپ، سېرىقچېچەك قاتارلىقلاردىن مۇۋاپىق مىقداردا ئېلىپ، سوقۇپ سۇفۇپ قىلىپ ئىستېمال قىلسا، ھېق تۇتۇشقا مەنپەئەت قىلىدۇ.

[**ئىشلىتىش مىقدارى**] 3 ~ 5 گىرامغىچە.

[**زىيانلىق تەسىرى**] سۇزاپنىڭ ئۇچۇچان مېيى سېسىق پۇراقلىق، غىدىقلاش تەسىرىگە ئىگە بولۇپ، تېرىگە ئىشلەتكەندە، كۆيگەندەك تۇيغۇ بولىدۇ. تېرىنى قىزارتىپ قاپارتما ھاسىل قىلىدۇ. ئىچىدىن ئىستېمال قىلغاندا ئاشقازاننى قاتتىق ئاغرىتىپ، قۇسۇش، ئەس - ھوشى تۇتۇقلىشىش، تارتىشىپ قېلىش

قاتارلىقلارنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. مىقدارى ئېشىپ كەتكەندە جىگەر ۋە بۆرەككە زىيانلىق.

[**تۈزەتكۈچىسى**] سىركە، رۇمبەدىيان.

[**ئورۇنباسارى**] پىننە، يالپۇز.

[**ۋەكىل خاراكتېرلىك پىششىق دورا ياسالمىسى**] مەلھەمى سۇزاپ، سۇزاپ يېغى.

[**دىققەت قىلىدىغان ئىشلار**] باشنى ئاغرىتىدۇ، مۇۋاپىق قوشۇمچىلىرى بىلەن قوشۇپ ئىشلىتىش لازىم.

## جىنچاتقىلى يىلتىزى

## 进恰提克力依力提孜

(卫矛根 wei mao gen)

[**باشقا ئاتىلىشى**] جىنچاتقىلى

[**لاتىنچە نامى**] Radix Euonymus mackii

[**ئىنگلىزچە نامى**] Winged Euonymus Root

[**تونۇش**] بۇ، جىنچاتقىلى ئائىلىسىدىكى يوپۇرماق تاشلايدىغان چاتقال ئۆسۈملۈك جىنچاتقىلى بولۇپ، بۇ ئۆسۈملۈكنىڭ يومران شاخلىرى ۋە يىلتىزى «جىنچاتقىلى» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ. ياغىچى ئاق، چىدامىلىق بولۇپ، ئېگىلمەيدۇ. (41 .29 ـ رەسىم)

[**چىقىش ئورنى**] تاغلىق جايلاردىكى چاتقاللىقلاردا ئۆسىدۇ، ئىلى قاتارلىق رايونلاردىن چىقىدۇ.

[**يىغىپ ساقلاش**] بۇ ئۆسۈملۈكنىڭ ئۇرۇقى پىشقاندا يىلتىزىنى كولاپ ئېلىپ، يۇيۇپ قۇرۇتۇپ ساقلىنىدۇ.

[**تەبىئىتى**] بىرىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[**لايىقلاشتۇرۇلۇشى**] يۇيۇش، توغراش، قۇرۇتۇش قاتارلىق لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

[**خۇسۇسىيىتى**] قاننى جانلاندۇرۇپ، پەي ـ مۇسكۇلنى قۇۋۋەتلەش، غەيرىي تەبىئىي بەلغەم خىلتىنى تەڭشەش، ئاغرىق توختىتىش خۇسۇسىيىتى بار.

[**ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر**] تۇغۇتتىن كېيىنكى قورساق ئاغرىش، مۇپاسىل، ھەيز كەلمەسلىك، غەلۋەرەك ۋە چاقىلار قىزىرىپ ئىششىش قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[**ئىشلىتىش ئۇسۇلى**]

1. شاھتەررە، چۈپچىن، سەرسىبىل، ئەپتىمۇن، شوخلا، كاسنە، جىنچاتقىلىنىڭ ھەربىرىدىن يەتتە گىرام ئېلىپ، قاينىتىپ ئىچسە، غەلۋەرەك ۋە چاقىلار قىزىرىپ ئىششىشقا شىپا بولىدۇ.

2. سانا، خىيارشەنبەر، ئارچا مېۋىسى، زاراڭزا گۈلى، جىنچاتقىلى قاتارلىقلاردىن ھەربىرىدىن 10 گىرام ئېلىپ قايناتما تەييارلاپ ئىچىپ بەرسە، ھەيزنى راۋان قىلىدۇ.

[**ئىشلىتىش مىقدارى**] 4 ~ 8 گىرامغىچە.

[**زىيانلىق تەسىرى**] ھامىلىدار ئاياللارغا ئىشلىتىش مەنئى قىلىنىدۇ.

[**تۈزەتكۈچىسى**] خۇنسىياۋشان، ئانارگۈل.

[**ۋەكىل خاراكتېرلىك پىششىق دورا ياسالمىسى**] ھەيز راۋانلاشتۇرغۇچى شەربەت.

[**قوشۇمچە**] جىنچاتقىلىنىڭ غولى بىلەن يوپۇرمىقى دېھقانچىلىق دورىلىرى ئورنىدىمۇ ئىشلىتىلىدۇ.

www.uyghurkitap.com

## ئەرمۇدۇن دەرىخى قوۋزىقى
## 艾日米盾达日哈库孜克
## （白蜡树皮 dai la shu pi）

[لاتىنچە نامى] Cortex Farxinus chinensis

[ئىنگلىزچە نامى] Chinese ash bark

[تونۇش] بۇ، ئەرمۇدۇن دەرىخى ئائىلىسىدىكى ئۆسۈملۈك ئەرمۇدۇن دەرىخىنىڭ قوۋزىقىدىن ئىبارەت.


ئەرمۇدۇن دەرىخى

[چىقىش ئورنى] مەملىكىتىمىزنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن چىقىدۇ.

[يىغىش ساقلاش] بۇ ئۆسۈملۈكنىڭ دورىلىق قىسمىنى كۈز پەسلىدە يىغىپ، توغراپ قۇرۇتۇپ، قۇرغاق ئورۇندا ساقلىنىدۇ.

[فارماكولوگىيەلىك تەسرى] زەھەر قايتۇرۇش، ھەيزنى تەڭشەش تەسرى بار.

[لايىقلاشتۇرۇلۇشى] ئىلغاپ، توغراپ، قۇرۇتۇپ ساپلاشتۇرۇلىدۇ.

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىنىڭ ئاخىرىدا قۇرۇق ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى] پەي، مۇسكۇل ۋە باھنى قۇۋۋەتلەش؛ مەنىي كۆپەيتىش، بۆرەكتىكى تاشنى پارچىلاش، يەل تارقىتىش خۇسۇسىيىتى بار.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر] پەيلەر بوشىشىپ كېتىش، جىنسىي ئاجىزلىق، مۇپاسىل، نۇقرەس، سۈرئىتى ئىنزال، ھامىلىدار بولالماسلىق، ئومۇمىي بەدەن ئاجىزلىقى قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. ئەرمۇدۇن دەرىخى قوۋزىقىنى مۇۋاپىق مىقداردا ئېلىپ سوقۇپ، تۇخۇم سېرىقىغا ئارىلاشتۇرۇپ، يەرلىك ئورۇنغا زىمات قىلىپ بەرسە، پەي ـ مۇسكۇللارنى چىڭىتىپ ئاغرىق پەسەيتىدۇ.

2. ئەرمۇدۇن دەرىخى قوۋزىقىنى زەيەر بىلەن مۇۋاپىق مىقداردا ئېلىپ، سوقۇپ شامچە تەييارلاپ بالياتقۇغا سالسا، ھامىلىدار بولۇشقا ياردەم بېرىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] 3 ~ 10 گىرامغىچە.

[زىيانلىق تەسرى] ھۆ پەيدا قىلىدۇ، باشنى ئاغرىتىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] تەمرىھىندى.

[ئورۇنباسارى] جۆزبۇۋا.

[پىششىق دورا ياسالمىسى] ئەرمۇدۇن قوۋزىقى زىماتى.

## بوزىدان
## 伯孜旦
## (伯孜旦 bo zi dan)

[باشقا ئاتىلىشى] ھىندى ئاقىرقەرھاسى، مۇستەھجىلە، سىتاۋەرى، بوزىدان سىتاۋەرى

[لاتىنچە نامى] Radix pyrethrum indica

[ئىنگلىزچە نامى] Sweet Pelitory

[تونۇش] بۇ، مۇرەككەپ گۈللەر ئائىلىسىدىكى ئاقىرقەرھانىڭ يىلتىزى بولۇپ، يىلتىزى قاتتىق، تولغىماچ، سېرىققا مايىل كەلگەن، ئۆزى ئۇزۇن بولۇپ، خۇددى ئاقىرقەرھاغا ئوخشايدۇ. لېكىن ئۇنىڭ تەمى ۋە پۇرىقى ئاقىرقەرھادەك ئۆتكۈر بولمايدۇ. ئۇنىڭ سىرتقى قوۋزىقى قورۇلۇپ قالغان بولىدۇ. تەمى تاتلىق كېلىدۇ. ئادەتتە بوزىدان، ھىندى ئاقىرقەرھاسى نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ. (41. 30 ـ رەسىم)

[چىقىش ئورنى] ھىندىستان، ئىراندىن چىقىدۇ.

[يىغىپ ساقلاش] ئۆسۈملۈكى پىشىپ يېتىلگەندە يىلتىزىنى كولاپ ئېلىپ، قۇرۇتۇپ ساقلىنىدۇ.

[خىمىيەلىك تەركىبى] ئۆسمىنى تىزگىنلىگۈچى ماددىلار ۋە گىلۇكوزىدلار بار.

[فارماكولوگىيەلىك تەسىرى] باكتېرىيەگە ۋە ئۆسمىگە قارشى تۇرۇش تەسىرى بار.

[لايىقلاشتۇرۇلۇشى] ئىلغاپ ساپلاشتۇرۇلىدۇ.

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى] پەي ـ مۇسكۇللارنى چىڭىتىش، باھنى قۇۋۋەتلەش، قوزغاش، ئىششىق ياندۇرۇش، سۈيدۈك ھەيدەش، سۆڭەك ۋە ئەسەبلەرنى قۇۋۋەتلەش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە.

[ئىشلىتىدىغان كېسەللىكلەر] پەي ئاجىزلىقى، نېرۋا ئاجىزلىقى، باھ ئاجىزلىقى، بوغۇم ئاغرىقى، نۇقرەس، سۈيدۈك تۇتۇلۇش قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. بوزىدان، ئاق بەھمەن، چىلغوزا مېغىزى، پىستە مېغىزى، ئاقىرقەرھانىڭ ھەربىرىدىن 15 گىرام ئېلىپ سوقۇپ، تالقانلاپ، ھەسەل بىلەن مەجۇن تەييارلاپ ئىچسە، باھنى ۋە پەينى قۇۋۋەتلەيدۇ.

2. بوزىدان، چۆپچىن، سۆرۈنجان، سانالاردىن 15 گىرامدىن ئېلىپ، 100 گىرام قەنت بىلەن سوقۇپ سۇفۇپ قىلىپ، كۈندە ئۈچ ۋاق، بەش گىرامدىن ئىچىپ بەرسە، مۇپاسىل، نۇقرەس قاتارلىقلارغا شىپا بولىدۇ.

3. بوزىداننى سوقۇپ سۇفۇپ قىلىپ سۈت بىلەن ئىچسە، نېرۋا ۋە پەي ئاجىزلىقىغا شىپا بولىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] 3 ~ 5 گىرامغىچە.

[زىيانلىق تەسىرى] ئۇرۇق بېزىگە زىيانلىق.

[دىققەت قىلىدىغان ئىشلار] مۇۋاپىق تۈزەتكۈچىلەر بىلەن قوشۇپ ئىشلىتىش لازىم.

[تۈزەتكۈچىسى] ھەسەل، قىچا.

[ئورۇنباسارى] ئاق بەھمەن، سۆرۈنجان.

[ۋەكىل خاراكتېرلىك پىششىق دورا ياسالمىسى] لوبوبى كەبىر.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى

# قىرىق ئىككىنچى باب تەشەننۇجنى بوشاشتۇرغۇچى دورىلار

پەي - مۇسكۇللارنىڭ ئىسپازمىسىنى بوشاشتۇرۇش، ماددا ئالمىشىشنى راۋانلاشتۇرۇش تەسىرى ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدىغان دورىلار ئومۇملاشتۇرۇلۇپ، تەشەننۇجنى بوشاشتۇرغۇچى دورىلار دېيىلىدۇ.

ھەر خىل ئىچكى - تاشقى سەۋەبلەردىن ئومۇمىي بەدەننىڭ ياكى مەلۇم بىر ئەزانىڭ تەبىئىي قۇۋۋىتىدە ئاجىزلاش يۈز بەرسە، ئورگانىزمدا تۈرلۈك كېسەللىكلەر (ئۆت سانجىقى، قورساق مۇسكۇلى ئىسپازمىلىنىش، كاناي ئىسپازمىلىنىش، ھەيز ئاغرىتىپ كېلىش، پۇت - قوللار ئۇيۇشۇش، مۇسكۇل تارتىشىپ ئاغرىش، بەل، پۇت ۋە قول بوغۇملىرى سىرقىراپ ئاغرىش، قان - يىرىڭلىق قۇرۇق ئىنجىق؛ دائىملىق قەۋزىيەت، پالەچ، لەقۋا، پەي، مۇسكۇللار قېتىپ قېلىش...) پەيدا بولىدۇ. بۇ خىل كېسەللىكلەرنىڭ ۋاقتىدا ئالدىنى ئالمىغاندا يامان ئاقىۋەتلەر كېلىپچىقىدۇ، تەشەننۇجنى بوشاشتۇرغۇچى دورىلارنىڭ كۆپىنچىلىرىنىڭ تەبىئىتى ھۆل ئىسسىق بولىدۇ. بۇ خىل دورىلار يالloغ قايتۇرۇش، ئىسپازمىنى بوشاشتۇرۇش، توسالغۇلارنى ئېچىش، ئاغرىق توختىتىش، ھۆللۈكنى قۇرۇتۇش ياكى ھۆللەشتۇرۇش، ئومۇمىي بەدەننىڭ «تەبىئەت» كۈچىنى ئاشۇرۇش تەسىرىنى بېرىدۇ. بۇ خىل خۇسۇسىيەتتىكى دورىلار تەشەننۇجنى بوشاشتۇرغۇچى دورىلار دېيىلىدۇ. مەسىلەن: كەۋرەك، ئاق چۈغلۈق، تاتلىق بادام يېغى، كەسلەنچۈك، تېزەكچى قوڭغۇز، ئىتياڭقى يوپۇرمىقى، كۈنجۈت يېغى، سېرىق ماي، قاپاق يېغى، گۈل يېغى قاتارلىقلار.

## كەۋرەك

## 开瓦热克

## (防风 fang feng)

**[باشقا ئاتىلىشى]** نارجى، كەۋرەك يىلتىزى

**[لاتىنچە نامى]** Radix Saposhnikovia divaricata

**[ئىنگلىزچە نامى]** Saposhnikovia

**[تونۇش]** بۇ، كۈنلۈكسىمان گۈللۈكلەر ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك كەۋرەكنىڭ يىلتىزى بولۇپ، بۇ ئۆسۈملۈكنىڭ قۇرۇتۇلغان يىلتىزى «كەۋرەك» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ. (1.42 - رەسىم)

**[چىقىش ئورنى]** شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن چىقىدۇ.

**[يىغىپ ساقلاش]** ئەتىياز ياكى كۈز پەسلىدە يىلتىزىنى كولاپ ئېلىپ قۇرۇتۇلىدۇ.

**[خىمىيەلىك تەركىبى]** كەۋرەك تەركىبىدە ئۇچۇچان ماي، ماننىتول (Mannitol)، پىكرىك گىلۇكوزىدى قاتارلىقلار بار.

[**فارماكولوگىيەلىك تەسىرى**] ياللۇغ قايتۇرۇش، قىزىتما پەسەيتىش، ئاغرىق توختىتىش قاتارلىق تەسىرى بار.
[**لايىقلاشتۇرۇلۇشى**] يۇيۇش، قۇرۇتۇش ئارقىلىق لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.
[**تەبىئىتى**] بىرىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.
[**خۇسۇسىيىتى**] تەشەننۇجنى بوشىتىش، ياللۇغ قايتۇرۇش، يەل ھەيدەش، ھۆللۈكنى قۇرۇتۇش، ئاغرىق پەسەيتىش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە.
[**ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر**] ئاشقازان، بالىياتقۇ، ئۈچەي ۋە سۈيدۈك يولى ياللۇغى، پالەچ، لەقۋا، بوغۇم ئاغرىقى، يەللىك ئۈچەي توسۇلۇش قاتارلىق كېسەللىكلەرگە ئىشلىتىلىدۇ.
[**ئىشلىتىش ئۇسۇلى**]
1. بابۇنە، يەرلىك شوخلا، ئىكلىلمىلىك، كاكىنەچ، كەۋرەك قاتارلىقلاردىن 10 گىرامدىن ئېلىپ سوقۇپ، تالقانلاپ، ئەرقى شوخلا بىلەن زىمات تەييارلاپ، قورساق ساھەسىگە چاپسا، قورساق ساھەسىدىكى ياللۇغقا مەنپەئەت قىلىدۇ.
2. مۇۋاپىق مىقداردىكى كەۋرەكنى سوقۇپ تالقانلاپ، سۆرۈنجان يېغى بىلەن بىرلىكتە بوغۇملارغا چاپسا، بوغۇم ئاغرىقىغا شىپا بولىدۇ.
[**ئىشلىتىش مىقدارى**] 8 ～ 16 گىرامغىچە.
[**زىيانلىق تەسىرى**] ئىسسىقچان كىشىلەرگە زىيان قىلىدۇ.
[**تۈزەتكۈچىسى**] ئەينۇلا.
[**ئورۇنباسارى**] بابۇنە.
[**ۋەكىل خاراكتېرلىك پىششىق دورا ياسالمىسى**] بابۇنە، بەرەنجاسىپ.

## ئاق چۇغلۇق
## 阿克出胡鲁克
## （白芍 bai shao）

[**لاتىنچە نامى**] Radix Paeonia lactiflora
[**ئىنگلىزچە نامى**] White Peony root
[**تونۇش**] بۇ، چۇغلۇق ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك ئاق چۇغلۇق بولۇپ، بۇ ئۆسۈملۈكنىڭ يىلتىزى «چۇغلۇق»، «سەللىگۈل» ياكى «ئاق شوپىگۈل» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ. (2.42 ـ رەسىم)
[**چىقىش ئورنى**] رايونىمىزدىن ۋە ئىچكى ئۆلكىلەردىن چىقىدۇ.
[**خىمىيەلىك تەركىبى**] پائونى فىلورىن (Paeohiflorin)، ئالبى فىلورىن (Albl — florin)، بېنزول پائونى فىلورىن (benzoyl paeni florin)، موزا كىسلاتاسى قاتارلىقلار بار.
[**فارماكولوگىيەلىك تەسىرى**] ئىممۇنىتېتنى تەڭشەش، ھەرقايسى بەزلەرنىڭ ئاجرىتىپ چىقىرىلىشىنى

www.uyghurkitap.com



ئاق چۈغلۇق ئۈسۈملۈكى

ئىلگىرى سۈرۈش، ئاغرىق توختىتىش، تىنچلاندۇرۇش، ياللۇغ قايتۇرۇش، قان تومۇرلارنى تارايتىش، تېمپېراتۇرىنى تۆۋەنلىتىش، جىگەرنى قۇۋۋەتلەپ، باكتېرىيە ئۆلتۈرۈش، چوڭ تەرەتنى راۋانلاشتۇرۇش تەسىرى بار.

[لايىقلاشتۇرۇلۇشى] يۇيۇش، توغراش ئارقىلىق لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

[تەبئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق سوغۇق.

[خۇسۇسىيىتى] تەشنەنۇجنى بوشىتىش، ھارارەتنى پەسەيتىپ، قاننى سۇۋۇتۇش، ئاغرىق پەسەيتىش، ھەيزنى نورماللاشتۇرۇش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر] يۇقىرى قان بېسىمى، قورساق گۆشىنىڭ تارتىشىپ قېلىشى، پاچاق پېيىنىڭ تارتىشىپ قېلىشى، ھەيزنىڭ كۆپ كېلىشى، قان ـ يىرىڭلىق قۇرۇق ئىنجىق، كۆپ تەرلەش قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. ئاق چۈغلۇق، جۇخارگۈلدىن ئۈچ گىرامدىن، خام ئەگىرسۇنايدىن سەككىز گىرام، ياز غازىڭىدىن 16 گىرام، سازاڭدىن 12 گىرام، جىنتىيانادىن ئۈچ گىرام ئېلىپ قاينىتىپ ئىچسە، يۇقىرى قان بېسىم كېسەللىكىگە مەنپەئەت قىلىدۇ.

2. ئاق چۈغلۇقتىن بەش گىرام، چۈچۈكبۇيىدىن ئۈچ گىرام ئېلىپ قاينىتىپ ئىچسە، قورساق گۆشىنىڭ تارتىشىپ قېلىشى ۋە پاچاق پېيىنىڭ تارتىشىپ قېلىشىغا مەنپەئەت قىلىدۇ.

3. قۇرۇغان ئاق چۈغلۇقتىن ئىككى گىرام، خام ئەگىرسۇناي، ۋاستىلىك ئېرىتىلگەن ئېشەكيېلىمىدىن ئۈچ گىرامدىن، ئەمەن يوپۇرمىقىنىڭ تالقىنى، چۈچۈكبۇيىدىن بىر گىرامدىن ئېلىپ قاينىتىپ ئىچسە، ھەيزنىڭ كۆپ كېلىشىگە مەنپەئەت قىلىدۇ.

4. قان ـ يىرىڭلىق قۇرۇق ئىنجىقتا ئاق چۈغلۇقتىن ئىككى گىرام، قارا ئەندىزدىن بىر گىرام، مامىرانچىنىدىن تۆت گىرام، چۈچۈكبۇيىدىن ئىككى گىرام، ئاقباشئوتتىن بەش گىرام ئېلىپ قاينىتىپ ئىچسە، قان يىرىڭلىق قۇرۇق ئىنجىققا مەنپەئەت قىلىدۇ.

5. ئاق چۈغلۇقتىن بەش گىرام، كەتىرادىن سەككىز گىرام، ئەينۇلادىن ئىككى گىرام ئېلىپ قاينىتىپ ئىچسە، ئۆزلۈكىدىن تەرلەشكە مەنپەئەت قىلىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] 1.5 ~ 3 گىرامغىچە.

[زىيانلىق تەسىرى] بۇ دورىنى مارالقۇلاق بىلەن قوشۇپ ئىشلىتىشكە بولمايدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] زەنجىۋىل.

[ئورۇنباسارى] بادام.

[ۋەكىل خاراكتېرلىك پىششىق دورا ياسالمىسى] ئاق چۈغلۇق قاينىتىلمىسى.

# تاتلىق بادام يېغى
# 塔提里克巴达木也合
# (巴旦杏仁油  da e xing ren you)

[باشقا ئاتىلىشى] دەھنۇل لەۋىز، رەۋغىنى بادام، بادام كاتىل

[لاتىنچە نامى] Oleum Semen Amygdalus communis

[ئىنگلىزچە نامى] Sweet Almond Seed of oil

[تونۇش] بۇ، ئازغان ئائىلىسىدىكى ئۆسۈملۈك تاتلىق بادام مېغىزىدىن ئېلىنغان ياغدىن ئىبارەت بولۇپ، تەمى تاتلىق، پۇرىقى ئۆتكۈر. (3.42 - رەسىم)



تاتلىق بادام

[چىقىش ئورنى] مەملىكىتىمىزنىڭ شىنجاڭ، شەنشى، گەنسۇ، ئىچكى موڭغۇل قاتارلىق جايلىرىدىن چىقىدۇ. شىمالىي ئافرىقا ۋە ياۋروپالاردىمۇ تېرىپ ئۆستۈرۈلىدۇ.

[يىغىپ ساقلاش] ياز ۋە كۈز پەسلىدە بادام پىشقان ۋاقىتتا بادام مېغىزىدىن ماي تارتىپ ئېلىنىدۇ.

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە ھۆل ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى] تەشەببۇجنى بوشىتىش، قەۋزىيەتنى بوشىتىش، يۇمشىتىش، ئاغرىق پەسەيتىش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر] قەۋزىيەت، ئۇيقۇسىزلىق، ئىچكى - تاشقى ئىششىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. تاتلىق بادام يېغىنى سىرتتىن پەي - مۇسكۇللارغا سۈركىسە، پەي - مۇسكۇللارنى بوشىتىدۇ.

2. سۈرگە دورىلىرىغا تاتلىق بادام يېغىنى قوشۇپ ئىستېمال قىلسا، ئاشقازان - ئۈچەيگە بولغان زىيانلىق تەسىرىنى تۈۋەنلىتىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] 3 ~ 12 مىللىلىتىرغىچە.

[زىيانلىق تەسىرى] تەستە ھەزىم بولىدۇ، ئۈچەينى سىلىقلاشتۇرۇلىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] مەستىكى.

[ئورۇنباسارى] تاتلىق ئۆرۈك مېغىزى يېغى.

[ۋەكىل خاراكتېرلىك پىششىق دورا ياسالمىسى] بارلىق ئىترىفىللار بادام يېغىدا ياغلىنىدۇ.

www.uyghurkitap.com

# قىرىق ئۈچىنچى باب تېرە كېسەللىكلىرىگە ئىشلىتىلىدىغان دورىلار

تېرىنى ئوزۇقلاندۇرۇش، قىزارتىش، تېرە رەڭ ماددىسىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش، تېرىدىكى داغ ـ سەپكۈننى چۈشۈرۈش خۇسۇسىيىتى ئاساسلىق ئورۇندا تۇرىدىغان دورىلار ئومۇملاشتۇرۇلۇپ، تېرە كېسەللىكلىرىگە ئىشلىتىلىدىغان دورىلار دېيىلىدۇ.

ھەر خىل ئىچكى ـ تاشقى سەۋەبلەردىن تېرىنىڭ تەبىئىي قۇۋۋىتىدە ئاجىزلاش يۈز بەرسە، ئورگانىزمدا تېرە قۇۋۋىتى ئاجىزلاپ كېتىشكە ئالاقىدار تۈرلۈك كېسەللىكلەر (بەرەس، بەھەق، داغ، سەپكۈن، تېرە قۇرغاقلىشىش، تېرە مايلىنىش، تېرە يېرىلىش، ھەر خىل تەمرەتكە، قىچىشقاق، تېرە ياللۇغى، تېرە ئۆسمىلىرى...) پەيدا بولىدۇ. بۇ خىل كېسەللىكلەرنىڭ ۋاقتىدا ئالدىنى ئالمىغاندا يامان ئاقىۋەتلەر كېلىپچىقىدۇ. تېرە كېسەللىكلىرىگە ئىشلىتىلىدىغان دورىلارنىڭ تۈرى ئىنتايىن كۆپ بولۇپ، كۆپىنچىلىرىنىڭ تەبىئىتى قۇرۇق ئىسسىق بولىدۇ. بۇ خىل دورىلار تېرىنى ۋە ئومۇمىي بەدەننى قۇۋۋەتلەش، تېرە ئاستى قان ئايلىنىشىنى ياخشىلاش، ئوزۇقلاندۇرۇش، قىزارتىش، تېرىنىڭ رەڭ ماددىسىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش، ياللۇغ قايتۇرۇش، تېرىنى يۇمشىتىش، ئىسسىقلىق يەتكۈزۈش قاتارلىق تەسىرلەرنى بېرىدۇ. مەسىلەن: ئاچچىق قۇستە، مىس دېتى، قەردىمانە، ئالا كۇلۇك، چالموگرا يېغى، نۇشۇدۇر، سامساق، خېنىگۈل ئۇرۇقى، چاقچاقىئوت، چاقچاقىئوت ئۇرۇقى، تاغ كەرەپشىسى ئۇرۇقى، ئاق قىچا ئۇرۇقى، كالىزىرە، جىنكېۋىزى ئۇرۇقى، ئوردان، قارا خەربەق، كۇنجۇت يېغى، سىيادان، بىلسان يېغى، كۆك ئەمەن، شەترەنجى، قىزىل قىچا، سىيادان يېغى، گۈڭگۈرت، قىزىل سىر، كەپرەس، تەنكار، ئەڭلىك ئوت، تۇخۇم ئېقى، چىگىت يېغى، غار ـ غار، نەرگىس گۈلى ئۇرۇقى، ھەسەل، مەرۋايىت، سەدەپ، نىشاستە، تەرخەمەك، قوغۇن ئۇرۇقى، پەمىدۇر، ئىسپىغۇل، تاۋۇز شاپىقى، قاپاق، قىتىق، قېرىقىز، ئوغرىتىكەن، كەۋرەك، كەرۋىيا، قەمبىل، چىگىلىك، ئاقىرقەرھا، بالادۇر، ئادراسمان ئۇرۇقى، سۇزاپ قاتارلىقلار.

## ئاچچىق قۇستە

**阿其克库斯台**

(木香 mu xiang)

[باشقا ئاتىلىشى] قۇستە تەلخ

[لاتىنچە نامى] Radix Inula helenium

[ئىنگلىزچە نامى] Elecampane Inula root

[تونۇش] بۇ، مۇرەككەپ گۈللۈكلەر ئائىلىسىدىكى ئېگىزلىكى 3 ~ 10 سانتىمېتىرغىچە ئۆسىدىغان



ئاچچىق قۇستە ئۆسۈملۈكى

كۆپ يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك ئاچچىق قۇستىنىڭ يىلتىزى بولۇپ، ئۆسۈملۈكنىڭ يىلتىزى «قۇستە» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ. بۇ ئۆسۈملۈك بولۇپ، غولى يوق، يەردە يېيىلىپ ئۆسىدۇ، يوپۇرمىقى كۆپ، بۇ ئۈچ خىل بولىدۇ. بىرىنچى خىلى تاتلىق قۇستە بولۇپ، تاتلىق، بىرئاز سېرىققا مايىل يېشىل، خۇش پۇراق بولىدۇ، قۇستە ئەرەب دەپ ئاتىلىدۇ. ئىككىنچى خىلى، خىلى ئاچچىق قۇستە بولۇپ، ئاچچىق، رەڭگى قارىغا مايىل، ئىچكى قىسمى سېرىققا مايىل، توم، يېشىل، پۇرىقى ئاز، بۇ خىلى قۇستە ھىندى دەپ ئاتىلىدۇ. ئۈچىنچى خىلى، قىزىلغا مايىل ۋە ئېغىر، ئېغىرلىقتا شەمشاد دەرىخىنىڭ ياغىچىغا ئوخشايدۇ، خۇشبۇي، ئاچچىقلىقى يوق، بۇ خىلى زەھەرلىك بولۇپ، ئادەم ئۆلتۈرىدۇ. ئەگەر مۇتلەق قۇستە دەپ ئاتالسا قۇستە شىرىن كۆزدە تۇتۇلىدۇ. قۇستىنىڭ تۈرى ناھايىتى كۆپ بولۇپ، ئۇنىڭ ئەڭ ياخشىسى يېڭى، قۇرت يېمىگەن، رەڭگى ئاق، تەمى تاتلىق، خۇشبۇي، توم ۋە گۆشلۈك، چايىنسا بىرئاز تىلنى قورۇيدىغان، پوستى نازۇك كەلگىنى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇنىڭدىن قالسا «قۇستە شاھى» بولۇپ، ئۇنىڭ قۇۋۋىتى 10 يىلغىچە تۇرىدۇ. (1.43 ـ رەسىم)

[**چىقىش ئورنى**] بۇ ئەسلى ھىندىستاننىڭ مەھسۇلاتى. ھازىر ئېلىمىزنىڭ شىزاڭ، يۈننەن، گۇاڭشى، سىچۈەن قاتارلىق ئۆلكىلىرىدىن ھەم سۈرىيە، ئەرەبىستان قاتارلىق ئەللەردىنمۇ چىقىدۇ.

[**يىغىپ ساقلاش**] ھەر يىلى 10 ـ ئايدىن كېلەر يىلى 1 ـ ئايغىچە كولاپ ئېلىپ، كەمتۈك غوللىرىنى ئېلىۋېتىپ يۇيۇپ، ئاز ـ تولا قۇرۇتۇپ ئاندىن يىغىۋېلىنىدۇ.

[**خىمىيەلىك تەركىبى**] ئاچچىق قۇستە تەركىبىدە ستىگماستېرول(Stigmasterol)، بېتۇلىن(Betulin)، رېزونا، قۇستە ئىشقارى سائۇسۇردىن (Saussurine) قاتارلىقلار بار.

[**فارماكولوگىيەلىك تەسىرى**] ھەزىم قىلىش سىستېمىسىغا بولغان تەسىرى: ئاچچىق قۇستىنىڭ ئاجرىتىپ ئېلىنغان سۇيۇقلۇقى توشقاننىڭ بەدىنىدىن ئايرىلغان ئۈچەينىڭ لۆمۈلدىشى ۋە ئۈچەي مۇسكۇللىرىنىڭ ئۆزىراش كۈچىنى كۆرۈنەرلىك كۈچەيتىدۇ. ئۈچەي مۇسكۇلىنىڭ ئىسپازمىلىنىشىغا قارشى تۇرىدۇ. ئاشقازاننىڭ ھەرىكىتىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. ئاشقازان يارىسىغا قارشى تۇرىدۇ؛ شاخچە كاناي سىلىق مۇسكۇللىرىنىڭ ئىسپازمىلىنىشىغا قارشى تۇرۇپ، بوشىتىش رولى بار، ۋېنا تومۇرىدىن ئوكۇل قىلغاندا، ناركوزلانغان ئىتنىڭ نەپەسلىنىشىنى تورمۇزلايدۇ. يۈرەك قان تومۇر سىستېمىسىغا بولغان تەسىرى: ئاچچىق قۇستىنىڭ ئۇچۇچان مېيى پاقا، تۇلۇمچاشقان ۋە توشقاننىڭ بەدىنىدىن ئايرىلغان يۈرىكىنىڭ ھەرىكىتىنى تورمۇزلايدۇ. سۇ ياكى ئىسپىرتتىكى ئاجرالمىسى پاقا ياكى ئىتنىڭ يۈرىكىگە نىسبەتەن ئاز مىقداردا تەسىر قىلغاندا روھلاندۇرۇش تەسىرى، كۆپ مىقداردا تەسىر قىلغاندا تورمۇزلاش تەسىرىنى بېرىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا يېنىك دەرىجىدىكى قان بېسىمىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش، قان تومۇرنى كېڭەيتىش قاتارلىق تەسىرى بار؛ ئۇچۇچان مېيى زەنجىرسىمان شارچە باكتېرىيەسى، كالا مەنبەلىك سىل تاياقچە باكتېرىيەسى، ئادەم مەنبەلىك سىل تاياقچە باكتېرىيەسى قاتارلىقلارغا نىسبەتەن تورمۇزلاش رولى بار؛

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

قان قەنتىنى تۆۋەنلىتىش، بۆرۈن راك ھۆجەيرىسىنى ئۆلتۈرۈش قاتارلىق رولى بار.

[لايىقلاشتۇرۇلۇشى] ئىلغاپ ساپلاشتۇرۇلىدۇ.

[تەبىئىتى] ئۈچىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى] تېرە، رەئىس ئەزالار، نېرۋا ۋە پەيلەرنى قۇۋۋەتلەش، قاننى جانلاندۇرۇش، تارقىتىش، باھنى قۇۋۋەتلەش، ئارتۇق ھۆللۈكنى قۇرۇتۇش، غەيرىي تەبىئىي بەلغەمنى سۈرۈش، ئەزالارنى قىزىتىش، يەل ھەيدەش، قورساقتىكى مەددە قۇرتنى ئۆلتۈرۈش، قان تازىلاش، چىرىشكە قارشى تۇرۇش خۇسۇسىيەتتىگە ئىگە.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر] مېڭە ئاغرىقى، پالەچ، لەقۋا، پەي ئاجىزلىقى، ئۈچەي قۇرتى، داغ، سەپكۈن، بەھەق، تەمرەتكە قاتارلىق كېسەللىكلەرگە ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. قۇستىنى يامغۇر سۈيىگە چىلاپ، شۇ سۇنى بۇرۇنغا تېمىتسا، كونا باش ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ.

2. قۇستىنى سۈيۈق ئېزىپ باشقا چاپسا، ئۇنتۇغاقلىقنى يوقىتىدۇ.

3. قۇستىنى زەيتۇن يېغى بىلەن قوشۇپ زىمات قىلسا، پالەچكە ۋە ئەزالار بوشىشىشقا پايدا قىلىدۇ، شۇنىڭدەك قۇلاق ئاغرىقىغىمۇ پايدا قىلىدۇ. بۇنىڭ يېغىنى قۇلاققا تېمىتسا، قۇلاقنىڭ سوغۇقتىن بولغان توسالغۇلىرىنى ئاچىدۇ.

4. قۇستىنى كۆيدۈرۈپ تۇتۇنىنى پۈرسا، زۇكامنى ۋە ئىسسىق پۈراقلاردىن پەيدا بولغان ۋابانى يوقىتىدۇ.

5. قۇستىدىن تۆت گىرامنى ھاراق ۋە ئەمەن بىلەن قوشۇپ ئىچسە، كۆكرەك كېسەللىكى، كونا يۆتەل ئۈچۈن پايدا قىلىدۇ.

6. قۇستىنى ھەسەل بىلەن قوشۇپ يالانچۇق تەييارلاپ يالىسا، كۆكرەكنىڭ شىلىمشىق خىلىتلىرىنى تازىلايدۇ، بىقىن ئاغرىقىغا مەنپەئەت قىلىدۇ.

7. قۇستىدىن مۇۋاپىق مىقداردا ئېلىپ ھەسەل قوشۇپ ئىچسە، بەلغەمنى ۋە ھۆللۈكلەرنى يوقىتىدۇ، يەللەرنى ھەيدەيدۇ. ئاشقازان، جىگەر، بۆرەك ۋە دوۋساقنى قۇۋۋەتلەيدۇ ھەم جىگەر ۋە تالنىڭ توسالغۇلىرىنى ئاچىدۇ، تالنىڭ ئىششىقلىرىنى ياندۇرىدۇ. يەرقان، كىندىك چۆرىسىنىڭ ئاغرىقى ۋە بالىياتقۇ ئاغرىقى ئۈچۈن پايدا قىلىدۇ.

8. قۇستىنى ئەگەر سوغۇق سۇ بىلەن ئىچسە، ئۈچەيلەردىكى ئۈششاق قۇرتلارنى چۈشۈرىدۇ، سۈيدۈك ۋە ھەيزنى راۋانلاشتۇرىدۇ.

9. قۇستىنى كۆيدۈرۈپ تۇتۇنىنى پاكىز لاتىغا ئېلىپ ھەمەل قىلسا، ھەيز راۋانلاشتۇرىدۇ، قورساقتىكى بالىنى چۈشۈرىدۇ، بالىياتقۇ ئاغرىقلىرىنى پەسەيتىدۇ. قۇستىنى قاينىتىپ ئىلمان سۈيىدە ئولتۇرسا (ۋاننا قىلىنسا) ياكى قۇستە بىلەن ئىسسىق ئۆتكۈزسىمۇ شۇ تەسىرنى بېرىدۇ.

10. بىر يېرىم گىرام قۇستە سۇفۇپىنى ھەسەل ياكى شاراب بىلەن ئىچسە، باھنى قۇۋۋەتلەيدۇ.

11. قۇستىنى يۇمشاق سوقۇپ خېمىر قىلىپ، جىنسىي ئەزاغا چاپسا ياكى قۇستىنىڭ يېغى بىلەن ياغلىسا، باھنى قۇۋۋەتلەيدۇ.

12. قۇستىنى سىركەنجىۋىل بىلەن قوشۇپ ئېچسە، تۆت كۇندە بىر تۇتىدىغان كونا تەپنى يوقىتىدۇ.

13. قۇستىنى يۇمشاق ئېزىپ، ھەسەل سۈيى بىلەن قوشۇپ بەدەنگە چاپسا، تېرىدىكى سەپكۇن ۋە داغلارنى يوقىتىدۇ.

14. قۇستىنى سىركە، سەنۆبەر دەرىخىنىڭ يېلىمى ۋە ھەسەل بىلەن قوشۇپ چاپسا، چاچ چۈشۈپ كېتىشكە مەنپەئەت قىلىدۇ، چېچى چۈشۈپ كەتكەن ئورۇنلارغا چاچ ئۈندۈرىدۇ، ئۇنىڭدىن باشقا تېرە كېسەللىكلىرى ئۈچۈنمۇ مەنپەئەت قىلىدۇ.

15. كونا قۇستىنى يۇمشاق ئېزىپ، ھۆل يىرىڭلىق چاقىلارغا چاپسا پايدا قىلىدۇ.

16. تۆت گىرام قۇستىنى ئۈزۈم ھارىقى بىلەن قوشۇپ ئىچسە، يىلان ۋە چايانغا ئوخشاش زەھەرلىك ھاشاراتنىڭ زەھىرىنى تېرىنىڭ تېشىغا تارتىپ، ئاغرىقنى پەسەيتىدۇ.

17. يانپاش ۋە بوغۇم ئاغرىقى ئۈچۈن قۇستە يېغى تەييارلاپ ياغلاپ بېرىلىدۇ.

[**ئىشلىتىش مىقدارى**] 2 ~ 4 گىرامغىچە.

[**زىيانلىق تەسىرى**] دوۋساق ۋە ئۆپكىگە زىيانلىق.

[**تۈزەتكۈچىسى**] رۇمبەدىيان، گۇلقەنت.

[**ئورۇنباسارى**] يېرىم ۋەزنىدە ئاقىرقەرھا.

[**ۋەكىل خاراكتېرلىك پىششىق دورا ياسالمىسى**] جاۋارىش جالىنۇس، تەرياقى سامانىيە، مەجۇنى داۋائىلمىشكى.

## مىس دېتى

## 密斯德提

## (铜绿　　tong lu)

[**باشقا ئاتىلىشى**]بەنجار، مىسنىڭ دېتى.

[**لاتىنچە نامى** ]Mineralium Verdianum

[**ئىنگلىزچە نامى** ] Verdigris

[**تونۇش**] بۇ، مىسنىڭ دېتى بولۇپ، مەدەن ۋە سۇنئىي دەپ ئىككى خىل بىلىدۇ. بۇنىڭ مەدىنىمۇ ئىككى خىل بولىدۇ. بىرى، مىس مېتالدا پەيدا بولىدۇ، يۇنان تىلىدا «بارىسقارىقىس» ، يەنىلى شوقىرا، قىپرىس، كەپرۇس ئاراللىرىنىڭ تاغ ـ ئۆڭكۈرلىرىدىن تېمىپ چىقىپ قاتىدۇ، بۇنىڭغا بىرئاز چوڭ ۋە ئۇششاق توپا ئارىلاشقان بولىدۇ، شۇنىڭدەك كاندىنمۇ چىقىدۇ. بۇلار ساپ بولمايدۇ. بۇ ئىككى خىلى ناچار بولۇپ، ئۇنى ئىشلىتىشكە بولمايدۇ. سۇنئىيسى بىر قانچە خىل بولىدۇ. بىرىنچى خىلى، ئاچچىق سىركىنى قاچىغا قۇيۇپ، ئۇنىڭغا مىستىن بىر ياپقۇچ تەييارلاپ، سىركىنىڭ ھورى چىقمىغۇدەك چىڭ، مۇستەھكەم يېپىپ، 18 كۈن ياكى ئۇنىڭدىمۇ ئارتۇقراق قويىمىز، ئۇنىڭدىن كېيىن ياپقۇچنى ئېلىپ، سىركە بار قاچىنىڭ ئىچى تەرەپتىكى مىس داتلىرىنى قىرىۋېتىپ، يەنى يۇقىرىقى ئۇسۇل بىلەن خالىغان مىقداردا مىس دېتى ئالسا بولىدۇ، ئىككىنچى خىلى، مىسنى قاتار قىلىپ كۆپ مىقداردا ئۈستى ـ ئۈستىگە تىزىپ قويۇپ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئاچچىق سىركىنى قۇيۇپ سوغۇق ئامبارغا قويۇلسا، مىس دېتى تەييار

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

بولىدۇ. ئاندىن كېيىن مىس دېتىنى ئېلىپ، ھەر 20 گىرام مىس دېتىغا 120 گىرام كونا سىركە قوشۇپ ھاۋانچىغا سېلىپ، سالايە قىلىنسا بولىدۇ. ئاندىن كېيىن زەمچە، نەمەك لاھۇرى ۋە قىزىل توغرىلارنىڭ ھەربىرىدىن 16 گىرام سېلىپ، پىلتىنى ھالۋا ھالىتىگە كەلتۈرۈپ ئاپتاپقا قويۇپ قۇرۇتۇلىدۇ. بۇ خىل ئۇسۇل بىلەن تەييارلانغان مىس دېتى «دۇدى» دەپ ئاتىلىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا ئۇسۇل بىلەنمۇ تەييارلاشقا بولىدۇ، ئەمما مىس دېتىنىڭ ساپ ياكى ساپ ئەمەسلىكىنى تونۇشتا، ئۇنى ئالدى بىلەن ئوتتا قويىمىز، ئەگەر ئۇ ئوتتا (چوغدا) قىزارسا، ساپ مىس دېتى ئەمەس، ئەگەر قىزارمىسا، ساپ مىس دېتى ھېسابلىنىدۇ، چۈنكى مىس دېتى چوغدا قىزارمايدۇ. مۇشۇ خىل تەبىئىي ۋە سۈنئىي ئۇسۇل بىلەن تەييارلانغان مىس دېتى «زەنجار» ياكى «مىسنىڭ دېتى» ياكى «مىسنىڭ يېغى» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ. (2.43 ـ رەسىم)

[**چىقىش ئورنى**] ئېلىمىزنىڭ ئىچكى ئۆلكىلىرىدىن ھەم شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىمىزدىن چىقىدۇ.

[**يىغىپ ساقلاش**] تەبىئىي مىسنى قىزىتىپ ئېلىپ، ئۇنىڭ دېتىنى مۇۋاپىق ئۇسۇل بىلەن تەييارلاپ خالىي جايدا ساقلىنىدۇ.

[**خىمىيەلىك تەركىبى**] ئاساسىي تەركىبى كوپرۇم كاربونىكىم، كوپروم ئاتسېتىكومدىن ئىبارەت.

[**لايىقلاشتۇرۇلۇشى**] كۆشتە قىلىش ۋە ئېزىپ سالايە قىلىش ئارقىلىق لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

[**تەبىئىتى**] تۆتىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[**خۇسۇسىيىتى**] تېرىنى قىزارتىش، ئارتۇق گۆشنى يوقىتىش، تاتۇقنى يوقىتىش، يىرىڭلىق جاراھەتلەرنىڭ يىرىڭىنى يوقىتىپ، جاراھەت پۈتتۈرۈش خۇسۇسىيىتى بار.

[**ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر**] ئاقكېسەل، يىرىڭلىق قاپارتما قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[**ئىشلىتىش ئۇسۇلى**]

1. قىزىل توغرىغۇ بىلەن مىس دېتىنى مەلھەم قىلىپ چاپسا، يىرىڭلىق قاپارتچۇقلار ۋە ئاقكېسەل ئۆچۈن مەنپەئەت قىلىدۇ.

2. مىس دېتىنى سىركە ۋە ھەسەل بىلەن قوشۇپ زىمات قىلسا، چىش تۈۋىدىكى يىرىڭلىق يارىلارغا مەنپەئەت قىلىدۇ.

3. مىس دېتىدىن مۇۋاپىق مىقداردا ئېلىپ، موم ۋە زەيتۇن يېغى بىلەن قوشۇپ مەلھەم تەييارلاپ، يامرايدىغان يامان يىرىڭلىق جاراھەتلەرگە چاپسا، جاراھەتلەرنىڭ كېڭىيىشىنى توسۇپ، ئارتۇق گۆشلەرنى يوقىتىپ، يېڭى گۆش پەيدا بولۇشقا سەۋەبچى بولىدۇ. ئىششىقلارنىمۇ ياندۇرىدۇ.

4. مىس دېتى بىلەن ھەببەتۇلخۇزرا دەرىخىنىڭ يېلىمىنى قىزىل توغرىغۇ بىلەن قوشۇپ مەلھەم قىلىپ چاپسا، يىرىڭلىق قوقاق (يىرىڭلىق قاپارتقۇلار) ۋە ئاقكېسەل ئۆچۈن پايدا قىلىدۇ.

5. مىس دېتىنى ھەسەل بىلەن پىشۇرۇپ چاپسا، جاراھەتلەرنىڭ قان ـ يىرىڭلىرىنى تازىلايدۇ، تارقالغان بوۋاسىر دانچىلىرىنى يوقىتىدۇ.

6. مىس دېتىنى مىس ھاۋانچىدا ئېزىپ، سىركە ۋە قىز تۇغقان ئايال كىشىنىڭ سۈتى بىلەن ئېزىتىپ، ئاندىن ئېلىپ كۆزگە تارتسا، كۆزنى روشەن ۋە ئۆتكۈر قىلىدۇ. كۆزگە چۈشكەن ئاقنى، پەردىنى ۋە كۆزنىڭ جىيەكلىرىدىكى قىزىللىقنى يوقىتىدۇ.

[**ئىشلىتىش مىقدارى**] ئىچكى تەرەپتىن ئىشلىتىلمەيدۇ، ئەھۋالغا قاراپ ئىشلىتىلىدۇ.

[**زىيانلىق تەسىرى**] زەھەرلىك بولۇپ ئۈچ گىرامدىن ئارتۇق ئىشلىتىلسە، جىگەرگە قاپارتقۇ پەيدا قىلىپ ئادەمنى ئۆلتۈرىدۇ.

[**تۈزەتكۈچىسى**] قايناق سۇ، سۈت، ياغلىق شورپا.

[**ئورۇنباسارى**] باراۋەر مىقداردا ئىقلىمىيا (ئالتۇن ـ كۈمۈش چىرىمتال) ياكى يېرىم مىقداردا شىڭگىرىپ.

[**ۋەكىل خاراكتېرلىك پىششىق دورا ياسالمىسى**] مەلھىمى جاراھەت.

## قەردمانە

## 卡德尔马那

(野孜然 ye zi ran)

[**باشقا ئاتىلىشى**] ياۋا زىرە، قەردمانا، تۇخۇمى تۇخرە

[**لاتىنچە نامى**] Semen Cuminum lagoecia

[**ئىنگلىزچە نامى**] Wild Cumino umdesl

[**تونۇش**] بۇ، كۈنلۈكسىمان گۈللۈكلەر ئائىلىسىدىكى ئۆسۈملۈك ياۋا زىرە بولۇپ، بۇ ئۆسۈملۈكنىڭ مېۋىسى يەنى ئۇرۇقى «قەردمانە» ياكى «ياۋا زىرە» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ. بۇنىڭ گۈلى ۋە ئۇرۇقى زىرە رومىغا ئوخشايدۇ، لېكىن بۇنىڭ ئۇرۇقى كەرۋىيانىڭ ئۇرۇقىدىن ئۇزۇنراق، يوپۇرمىقى ۋە يىلتىزىمۇ كەرۋىيانىڭكىدىن چوڭراق، شېخى ئېگىزرەك ۋە يىرىك بولۇپ، ئۆسۈملۈكى بابۇنە ئۆسۈملۈكىگە ئوخشايدۇ، گۈلى كۆككە مايىل ئاق، ئۇششاق، چېچىلاڭغۇ بولىدۇ. (3.43 ـ رەسىم)

[**چىقىش ئورنى**] ئەرمەنىستان، ھىندىستاندىن چىقىدۇ. ئاساسەن تاغ، چۆللەردە، باغ ۋە ئېتىز ـ ئېرىق بويلىرىدا ئۆسىدۇ.

[**يىغىپ ساقلاش**] 7 ـ، 8 ـ ئايلاردا يىغىۋېلىنىدۇ.

[**لايىقلاشتۇرۇلۇشى**] ئىلغاپ ساپلاشتۇرۇلىدۇ.

[**تەبىئىتى**] ئۈچىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[**خۇسۇسىيىتى**] بەدەننى قىزىتىش، تېرىنى قىزارتىش، شىلىمشىق خىلتلارنى تازىلاش، توسالغۇلارنى ئېچىش، تاش پارچىلاش، سۈيدۈك راۋانلاشتۇرۇش، ئاغرىق پەسەيتىش، ئەزالارنى قۇۋۋەتلەش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە.

[**ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر**] پالەچ، سەرئى، ئىستىرخا، كونا يۆتەل، چوڭ ـ كىچىك بوغۇم ئاغرىقى، يانپاش بوغۇم ئاغرىقى، بۆرەكتە ئۇششاق تاش پەيدا بولۇش، سۈيدۈك تۇتۇلۇش، قوتۇر، قىچىشقاق، قارا داغ، قۇبا، تاز، سەپكۈن قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[**ئىشلىتىش ئۇسۇلى**]

1. قەردمانەدىن 10 گىرامنى سوقۇپ تالقانلاپ، قايناق سۇبىلەن ئىستېمال قىلسا، پالەچ، تۇتقاقلىق كېسەل، ئەزالار بوششىش، يانپاش ئاغرىقى قاتارلىقلارغا مەنپەئەت قىلىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

2. قەردمانە، ئىزخىر، بەدىيان قاتارلىقلاردىن 10 گىرامدىن ئېلىپ قايىنتىپ ئىچسە، جىگەر، تالنىڭ توسالغۇسىنى ئاچىدۇ. ئۈچەي توسۇلۇشقا مەنپەئەت قىلىدۇ.

3. قەردمانەدىن مۇۋاپىق مىقداردا ئېلىپ شاراب بىلەن قوشۇپ ئىستېمال قىلسا، بۆرەك ئاغرىقى ۋە قەنت سىيىش كېسىلىگە مەنپەئەت قىلىدۇ.

4. قەردمانەدىن مۇۋاپىق مىقداردا ئېلىپ، سىركە بىلەن قوشۇپ يەرلىك ئورۇنغا چاپسا، قوتۇر، قىچىشقاق، قارا داغ، سەپكۈن ۋە تازغا مەنپەئەت قىلىدۇ.

[**ئىشلىتىش مىقدارى**] 1 ~ 4 گىرامغىچە.

[**زىيانلىق تەسىرى**] تالغا زىيانلىق، باش ئاغرىقى پەيدا قىلىدۇ.

[**تۈزەتكۈچىسى**] سەندەل، بىدەمۇشكى، رۇمبەدىيان، ئەمەن، سېرىقچېچەك.

[**ئورۇنباسارى**] زىرە، سىيادان.

[**ۋەكىل خاراكتېرلىك پىششىق دورا ياسالمىسى**] جاۋارىش ئۇد، مەجۇنى بەرەس، شەربىتى بەرەس، جاۋارىش ئەنبەر، سۇفۇپى پەرەس.

## ئالاكۇلۇك

## 阿拉库鲁克

(斑蝥 ban mao)

[**باشقا ئاتىلىشى**] زارارىھ

[**لاتىنچە نامى**] Mylabris phalerata

[**ئىنگلىزچە نامى**] chinese blistering beetle



ئالاكۇلۇك

[**تونۇش**] بۇ، جەنۇبنىڭ چوڭ ئالا قوڭغۇز ياكى سارغۇچ قارا كىچىك ئالا قوڭغۇزدىن ئىبارەت بولۇپ، بۇ چوڭ - كىچىك ئىككى خىل بولىدۇ، چوڭى ھەرە مىقدارىچە، كىچىكى چىۋىندىن چوڭراق، ياپىلاق ۋە بەتبۇي بولىدۇ، ھۆل ئۆسۈملۈكلەرگە قونۇپ ئولتۇرىدۇ، بۇنىڭ ئەڭ ياخشىسى چوڭ، ئۇزۇنچاق، بۇغدايدا پەيدا بولغىنىدۇر. ئۇنىڭ رەڭگى سېرىق، قارا ۋە قىزىل تەرەپكە مايىل، قاناتلىرىدا توغرا سىزىقلىرى بار، بۇنىڭ كۆك، قارا، قىزىل، سېرىق چېكىتلىرى بارلىرىمۇ بار. بۇلار دورىغا ئىشلىتىلمەيدۇ، ئەگەر ئادەمنى چاقسا، ئىختىيارسىز ھالدا سىيدۈك مېڭىپ كېتىدۇ، مۇشۇ خىل قوڭغۇزنىڭ كۆيدۈرۈلگەن تېنى «زارارىھ» ياكى «ئالاكۇلۇك» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ. (4.43 - رەسىم)

[**چىقىش ئورنى**] ئېلىمىزنىڭ كۆپلىگەن جايلىرىدىن چىقىدۇ.

[**يىغىپ ساقلاش**] بۇ قوڭغۇزنى تۇغقاندىن كېيىن كۆيدۈرۈپ، دورىلىق قىسمىنى يىغىۋېلىپ، قۇرغاق جايدا ساقلىنىدۇ.

[**خىمىيىلىك تەركىبى**] ياغ، رەڭ ماددىسى، چۇمۇلە كىسلاتاسى قاتارلىق تەركىبلەر بار.

[**لايىقلاشتۇرۇلۇشى**] كۆشتە قىلىپ لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

[**تەبىئىتى**] ئۈچىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[**خۇسۇسىيىتى**] تېرىنى قىزارتىش، توسالغۇلارنى ئېچىش، تاشنى پارچىلاش، سۈيدۈك ۋە ھەيزنى راۋانلاشتۇرۇش، ئاغرىق پەسەيتىش، زەھەر قايتۇرۇش، چاچ ئۈندۈرۈش خۇسۇسىيىتى بار.

[**ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر**] جىگەر ئاغرىقى، بەرەس، بەھەق، قارا داغ، قوتۇر، تەمرەتكە، تېرە قۇرغاقلىشىش، سۆگەل، قۇلاق ئاغرىقى، تۆك ۋە چاچ چۈشۈپ كېتىش، سۈيدۈك، ھەيز راۋان بولماسلىق قاتارلىق كېسەللەرگە ئىشلىتىلىدۇ.

[**ئىشلىتىش ئۇسۇلى**]

1. كۆشتە قىلىنغان زاراۋەندىنى مۇۋاپىق مىقداردا سېرىق ماي بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ ئىچسە، جىگەر، تال ئاغرىقى، سۈيدۈك يولى تېشى، سۈيدۈك، ھەيز راۋان بولماسلىققا مەنپەئەت قىلىدۇ.

2. كۆشتە قىلىنغان زاراۋەندىنى تالقانلاپ، ھەسەل ئارىلاشتۇرۇپ سىرتتىن چېپىپ بەرسە، غالجىر ئىت چىشلىۋالغان ئورۇننىڭ زەھىرىنى قايتۇرىدۇ.

3. زاراۋەندىنىڭ پوت ۋە قاناتلىرىنى ئېلىۋېتىپ، قالغان قىسمىنى بىنەپشە يېغى ياكى زەيتۇن يېغىدا قاينىتىپ قۇلاققا تېمىتسا، قۇلاق ئېغىرلىقى ۋە قۇلاق ئاغرىقىغا مەنپەئەت قىلىدۇ.

[**ئىشلىتىش مىقدارى**] بىر گىرامنىڭ يۈزدىن بىر قىسمىنى ئۈچكە بۆلۈپ بېرىلىدۇ.

[**زىيانلىق تەسىرى**] مىقداردىن ئارتۇق ئىشلىتىلسە، ئادەمنى زەھەرلەيدۇ، سۈيدۈك يوللىرىدا يىرىڭلىق چاقا پەيدا قىلىدۇ، قورساقنى ئاغرىتىدۇ، قان سىيىدۈرىدۇ، سۈيدۈك توسۇلىدۇ، جىنسىي ئەزاغا ئىششىق پەيدا قىلىدۇ، كۆيدۈرۈپ ئاغرىتىدۇ، كۆڭۈلنى ئېلىشتۇرىدۇ.

[**تۈزەتكۈچىسى**] سىركە، سېرىقچېچەك.

[**ئورۇنباسارى**] بالادۇر ھەسىلى.

[**كۆيدۈرۈش ئۇسۇلى**] ئالدى بىلەن گۈرۈچ ياكى نومى گۈرۈچنى قازانغا سېلىپ قىزىتىپ قورۇپ، ئازراق سۇ پۈركۈپ، گۈرۈچنى قازانغا يېپىشتۇرىمىز، ئازراق ئىس چىققاندىن كېيىن، پۇتى ۋە قانىتى كېسىپ تاشلانغان ئالاكۇلۇكنى ئۇنىڭ ئۈستىگە سېلىپ، ئالاكۇلۇك بىلەن گۈرۈچ توق سېرىق رەڭگە كىرگۈچە قورۇپ ئېلىپ، تاسقاپ سايىدا قورۇتۇپ دورىغا ئىشلىتىلىدۇ، ئادەتتە ھەر ئون جىڭ ئالاكۇلۇك ئۈچۈن ئىككى جىڭ گۈرۈچ ئىشلىتىمىز.

[**ۋەكىل خاراكتېرلىك پىششىق دورا ياسالمىسى**] زاراۋەندە تالقىنى.

## چالموگرا يېغى

## 卡力木各拉也合

(**大风子油** da feng zi you)

[**باشقا ئاتىلىشى**] چالموگرا ئۇرۇقى مېيى

[**لاتىنچە نامى**] Oleum Semen Hydnocarpus anthelmintica

[**ئىنگلىزچە نامى**] Oil chaulmoogra tree Seed

[**تونۇش**] بۇ، چالموگرا ئائىلىسىدىكى ئۆسۈملۈك چالموگرا دەرىخىنىڭ ئۇرۇقىدىن جۇۋاز ياكى باشقا

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com


چالموگرا دەرىخى

ئۇسۇلدا ئېلىنغان يېغىدىن ئىبارەت. رەڭگى سېرىق، پۇراق-لىق كېلىدۇ. (5.43 ـ رەسىم)

[چىقىش ئورنى] ئېلىمىزنىڭ تەيۋەن، يۈننەن، گۇاڭدۇڭ قاتارلىق ئۆلكىلىرىدىن ھەم ھىندىستان، تايلاند، ۋيېتنام، كامبودژا قاتارلىق ئەللەردىن چىقىدۇ.

[يېغىپ ساقلاش] بۇ ئۆسۈملۈكنىڭ ئۇرۇقىدىن يېغىنى ئې-لىپ ئايرىپ، سوغۇق، سالقىن جايدا ساقلىنىدۇ.

[خىمىيەلىك تەركىبى] چالموگرا يېغىنىڭ تەركىبىدە چال-موگرا كىسلاتاسى (Chaulmoogric acid)، ھىدروكارپىك كىسلاتاسى (Hydrocarpic Acid) بار. بۇ ئىككىسىنىڭ مىقدا-رى تەخمىنەن 90% نى ئىگىلەيدۇ.

[فارماكولوگىيەلىك تەسىرى] چالموگرا يېغى باكتېرىيە ئۆلتۈرۈش تەسىرىگە ئىگە.

[تەبىئىتى] ئۈچىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى] قاننى جانلاندۇرۇش، تېرىنى قىزارتىش، پارقىرىتىش، قان تازىلاش خۇسۇسىيىتى بار.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر] ماخاۋ، بوغۇم ئاغرىقى، تەڭگىتەمرەتكە، قىچىشقاق، يىرىڭلىق جاراھەت ۋە ئۇنىڭدىن باشقا تېرە كېپەكلىنىش قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى] بۇ ياغ قاينىتىلغان سۇتكە تېمىتىپ ئىچكۈزۈلىدۇ، ماخاۋ كېسىلىنى داۋالاشتا مۇشۇ ئۇسۇل بويىچە ئاز دېگەندە ئالتە ئاي داۋاملاشتۇرۇلىدۇ ھەمدە يەنە سىرتتىن مايلاپ تۇرۇلىدۇ، باشقا كېسەللەردە سىرتتىن مايلىسىمۇ ياكى ئۇنىڭ ئوكۇلىنى ئۇردۇرسىمۇ بولىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] 2～10 گىرامغىچە.

[زىيانلىق تەسىرى] يېغىنىڭ پۇرىقى سېسىق بولغاچقا، شىللىق پەردىنى غىدىقلاش تەسىرى كۈچلۈك، ئۇزۇن مۇددەت ئىچىشكە بولمايدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] گۈل يېغى.

[ئورۇنباسارى] قوستە يېغى.

[ۋەكىل خاراكتېرلىك پىششىق دورا ياسالمىسى] مۇرەككەپ سۆرۈنجان يېغى.

## نۆشۇدۇر
## 奴守都尔
## (硇砂 nao sha)

[باشقا ئاتىلىشى] مەلىنار، ئوقاب، نۆشادىر

[لاتىنچە نامى] Sal Ammoniacum

[ئىنگلىزچە نامى] Nao sand

[تونۇش] بۇ، تەركىبىدە ئاموني خلورىد تۇتقان، ئاق رەڭلىك ياكى كۆل رەڭ سۈزۈك كىرىستال كان تېشىدىن ئىبارەت. تەمى قېرىق ھەم ئاچچىق، پارقىراق كېلىدۇ. توپا قاتارلىقلار ئارىلاشمىغانلىرى

بولمىغانلىرى ياخشىسى ھېسابلىنىدۇ. (6.43 ـ رەسىم)

[چىقىش ئورنى] ئىلىمىزنىڭ شىنجاڭ، چىڭخەي، گۇاڭشى، گۇاڭدۇڭ، گەنسۇ، سىچۇەن قاتارلىق ئۆلكىلىرىدىن؛ ھىندىستان، لىۋىيە قاتارلىق ئەللەردىن چىقىدۇ.

[يىغىپ ساقلاش] كان تېشىنى كولاپ ئېلىپ، ئارىلاشمىلىرىنى چىقىرىۋېتىپ پاكىزلاپ ئېلىنىدۇ، يىل بويى يىغىۋېلىنىدۇ.

[خىمىيەلىك تەركىبى] ئاساسلىق تەركىبى ئاموني خلورىد ($NH_4Ci$).

[لايىقلاشتۇرۇلۇشى] گىل ھېكمەت قىلىش ئارقىلىق لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

[تەبىئىتى] ئۈچىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى] تېرىنى قىزارتىش، بۇزۇق ماددىلارنى تازىلاش، ھەزىمنى ياخشىلاش، ئاشقازان ۋە ئۈچەينى قۇۋۋەتلەش، ياللۇغ قايتۇرۇش، يۆتەل توختىتىش، ئاغرىق پەسەيتىش، بەلغەمنى تارقىتىش قاتارلىق خۇسۇسىيەتلەرگە ئىگە.

[ئىشلىتىدىغان كېسەللىكلەر] باش ئاغرىقى، سۇنۇق ۋە چىقىق، سوزۇلما يۇتقۇنچاق ئاغرىقى، كاناي ياللۇغى، كالتە يۆتەل، كۆكيۆتەل، ھەزىم ئاجىزلىقى، ئاشقازان ياللۇغى، سېرىقكېسەل، جىگەر ياللۇغى، جىگەر سۇلۇق ئىششىقى، جىگەر چوڭىيىش، بەرەس ۋە چاقا ـ جاراھەت قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. نۆشۇدۇرنى سۇدا ئېرىتىپ، بەدەننىڭ تاياق تەگكەن، زەخمىلەنگەن، سۇنغان ۋە چىقىپ كەتكەن جايلىرىغا ھەمدە باشقا سىرتتىن سۇركىسە ئارام بېرىدۇ، ئەگەر بۇنىڭغا شور قەلەمنى قوشۇۋەتسە، تەسىرى تېخىمۇ كۈچىيىدۇ.

2. نۆشۇدۇردىن 0.3 گىرامنى رۇبىبسۇس سۇيۇقلۇقىغا قوشۇپ بەرسە، يۆتەل، گال ئاغرىقى، كاناي ياللۇغى قاتارلىقلارغا پايدا قىلىدۇ.

3. نۆشۇدۇرنى سۇزاپ سۈيى بىلەن ئېرىتىپ، ئېغىزنى غار ـ غار قىلسا، ئېغىز پۇراشنى يوقىتىدۇ، گالدىكى تۇرۇپ قالغان زۇلۇك قۇرتىنى سىرتقا چىقىرىدۇ.

4. نۆشۇدۇرنى بادام بىلەن مۇۋاپىق مىقداردا ئىچىپ بەرسە، كۆكرەكتىكى قويۇق بەلغەمنى يوقىتىدۇ. ھەر خىل جاراھەت ۋە چاقىلارنى يوقىتىشتا سۇفۇپ قىلىپ سېپىلىدۇ ياكى مەلھەم قىلىپ سىرتتىن چېپىلىدۇ.

5. نۆشۇدۇر تالقىنىنى ھەسەل ياكى تۇخۇم ئېقى بىلەن مەلھەم قىلىپ چاپسا بەرەسنى يوقىتىدۇ.

6. نۆشۇدۇر، كۇنجۇت يېغى بىلەن قوشۇپ چېپىلسا، قوتۇر، دائىرىلىك چاچ چۈشۈش، تاز، چاقىلارغا مەنپەئەت قىلىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] 0.4 ~ 1 گىرامغىچە.

[زىيانلىق تەسىرى] ئۈچ گىرامدىن ئېشىپ كەتسە، ئادەمنى زەھەرلەپ ئۆلتۈرۈپ قويىدۇ. ئىچكى ئەزالارنىڭ ئۈتكۈرلۈكىنى پەسەيتىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] سۈت، سېرىق ماي، ياغلىق شورپا، ياغلىق تائام.

[ئورۇنباسارى] توغرىغۇ (بۆرە ئەرمىنى).

[ۋەكىل خاراكتېرلىك پىششىق دورا ياسالمىسى] ھەببى كەبەدى نۆشۇدۇر، تىزاپ نۆشۇدۇر.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# سامساق

## 萨木萨克

(大蒜 da suan)

[باشقا ئاتىلىشى] سوم سىر، لەھسەن

[لاتىنچە نامى ] Bulbus Allium sativum

[ئىنگلىزچە نامى ]Garlic Bulb

[تونۇش] بۇ، گۈلسامساق ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك سامساقنىڭ تەڭگىسمان غولى بولۇپ، ئاق رەڭلىك، تەمى ئاچچىق، ئۆتكۈر سامساق پۇرىقى بار. سامساق ياكى سوم نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ. (7.43 ـ رەسىم)



سامساق

[چىقىش ئورنى] ھەممە جايدا تېرىپ ئۆستۈرۈلىدۇ.

[يىغىپ ساقلاش] 5 ـ ئايدا يوپۇرمىقى قۇرۇپ كەتكەن چاغدا كولاپ ئېلىنىدۇ.

[خىمىيەلىك تەركىبى] ماي، كاربون ـ سۇ بىرىكلىمىلىرى، يىرىك تالا، كالتسىي، فوسفور، تۆمۈر، نىكوتىن كىسلاتاسى، رىبوفلاۋىن قاتارلىقلار.

[فارماكولوگىيەلىك تەسىرى] باكتېرىيەلەرنى ئۆلتۈرۈش رولى ناھايىتى كۈرۈنەرلىك؛ قاندىكى ماي ماددىسىنى تۆۋەنلىتىش، ئارتېرىيە تومۇرنىڭ بوتقىسىمان قېتىشىنى توسۇش قاتارلىق رولى بار؛ قان پىلاستىنكىسىنىڭ توپلىنىشىنى توسۇش ۋە قان نۆكچىلىرىنى ئېرىتىش رولى بار؛ ھەر خىل راك ھۈجەيلىرىنى تورمۇزلاش رولى كۆرۈنەرلىك؛ جىگەرنى قوغداش رولى بار؛ ئورگانىزمنىڭ ئىممۇنىتېت ئىقتىدارىنى ياخشىلاش رولى كۆرۈنەرلىك؛ ئۈنىڭدىن باشقا يەنە قان قەنتىنى چۈشۈرۈش، ئەركىن رادىكاللارنى تازىلاش، ئاشقازان شىللىق پەردىسىنى قوغداش، سىمابتىن زەھەرلىنىشنى توسۇش قاتارلىق تەسىرلىرى بار.

[لايىقلاشتۇرۇلۇشى] پوستىنى ئاجرىتىپ قۇرۇتۇپ ساپلاشتۇرىدۇ.

[تەبىئىتى] ئۈچىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى] تەرلىتىش، قاننى تازىلاش، سۈيدۈك ۋە ھەيزنى راۋانلاشتۇرۇش، چىرىشكە قارشى تۇرۇش، تەشەننۇجنى بوشىتىش، يارىلارنى تازىلاش ۋە پۈتتۈرۈش، ئاشقازاننى قۇۋۋەتلەش، يەل ھەيدەش، ھەزىمنى كۈچەيتىش، ئارتۇق ھۆللۈكنى قۇرۇتۇش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر] تېرىدىكى يىرىڭلىق جاراھەت، ئۈچەي كېزىكى، گال ئاغرىقى، كۆكيۆتەل، ئۆتكۈر زىققە، ئۆپكە ياللۇغى، كالتە يۆتەل، كاناي شاخچىلىرى كېڭىيىپ كېتىش، ئۆپكە سىلى، قورساق ئېسىلىش، ئىشتىھاسىزلىق، ھەزىم بۇزۇلۇش، پالەچ، لەقۋا، ئولتۇرغۇچ نېرۋا ئاغرىقى، تىترىمە كېسەل، بىھوشلۇق، بوغۇم ئاغرىقى، بەل ئاغرىقى قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. سامساقنى يۇمشاق ئېزىپ چىيقانغا تېڭىلىدۇ، ئەگەر يىرىڭ تېخىچە يىغىلمىغان بولسا بۇنى ياندۇرىدۇ، ئەگەر يىرىڭ يىغقان بولسا، ئېغىز ئالدۇرۇپ، ئۇنى تازىلايدۇ.

2. بىر ھەسسە سامساقنىڭ سۈيىگە ئۈچ ـ تۆت ھەسسە سۇ قوشۇپ ئارىلاشتۇرۇپ يۇسا يارىلارنى تازىلايدۇ، جاراھەت پۈتتۈرىدۇ، كۆپ سۇ چىقىپ تۇرىدىغان جاراھەتلەرنىڭ سۈيىنى تارتىدۇ، ئاغرىقىمۇ پەسىيىدۇ.

3. سامساقنى سىقىپ شىرىنىسىنى چىقىرىپ، ئۇنىڭغا سۇ قوشۇپ ئىچسە ياكى ئۇنى مۇۋاپىق كېلىدىغان شەربەتلەر بىلەن قوشۇپ ئىستېمال قىلسا، ئۈچەي كېزىكىنى داۋالايدۇ.

4. سامساق شىرىسىدىن بالىلار ئىككى مىللىلىتىردىن تۆت مىللىلىتىرغىچە شۇمسە ياكى چوڭلار ھەر ئۈچ ـ تۆت سائەتتە بىر قېتىم 12～24 مىللىلىتىر ئىستېمال قىلسا، گال ئاغرىقىغا ئۇنۇمى تېخىمۇ ياخشى بولىدۇ.

5. بوغما كېسىلىدە يۆتىلىشنى ئۇسۇلدا ئىشلەتسە، گالدىكى يالغان پەردىنى يوقىتىپ، قىزىتمىنى پەسەيتىدۇ ۋە كېسەلنى بىر ھەپتىدە تولۇق ساقايتىدۇ، ئۇنىڭ ئۇنۇمى بىرنەچچە سائەت ئىچىدە كۆرۈلىدۇ، لېكىن يۇقۇملىنىش قانغا ئۆتۈپ كېتىپ، ئاشكارا قىزىتما تۆۋەنلىگەن بولسا، بىر ھەپتىگىچە يۇقىرىقى ئۇسۇلنى قوللىنىش لازىم.

6. سامساقنى مۇۋاپىق پۇراپ بەرسە، كۆكيۆتەلنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدا ياخشى ئۈنۈم بېرىدۇ، باشقا كېسەللەرگىمۇ مۇشۇ ئۇسۇل ئۈنۈم بېرىدۇ.

7. سامساق شىرىنىسىنى ھەسەلگە قوشۇپ، ئۇزاق مۇددەت ھەر كۈنى تۆت قېتىم يەپ بەرسە، بەلغەمنى بوشىتىپ، يۆتەلنى پەسەيتىدۇ، قورساقنى ئاچۇرىدۇ، كېچىلىرى تەرلەشنىمۇ توختىتىدۇ، بەدەن ئېغىرلىقىنى ئاشۇرىدۇ، ئۇيقۇ كەلتۈرىدۇ. سىل كېسىلىنى داۋالاشتىمۇ مۇشۇ ئۇسۇل ياخشى ئۈنۈم بېرىدۇ.

8. سامساقنىڭ ئۆزىنى داۋاملىق ئىستېمال قىلىپ بەرسە يەلنى يوقىتىدۇ، راكنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ، قورساق ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ، ئىشتىھانى ئاچىدۇ، يۈزنى چىرايلىق قىلىدۇ.

9. سامساقنى كۈنجۈت يېغى بىلەن پىشۇرۇپ، سۈزۈپ، بوغۇم ۋە يانپاش ئاغرىقلىرىدا ياغلىنىدۇ، نۆشۈدۈر بىلەن قوشۇپ ئاقكېسەل ۋە بەھەققە سۈركىلىدۇ، ئىچكى تەرەپتىن سەي قورۇپ يېگۈزۈلىدۇ، سامساقنى غىزاغا سالسا، تاماققا تەم كىرگۈزىدۇ، سامساقنى ئېزىپ مائۇلھەسەل بىلەن ئىستېمال قىلسا، پالەچ، لەقۋا كېسەللىكلىرىگە ئوبدان پايدا قىلىدۇ، سامساقتا مەجۇن تەييارلاپ بېرىلسىمۇ، يۇقىرىقى ئۆپكە كېسەللىكلىرى، پەي ۋە نېرۋا كېسەللىكلىرى ئۈچۈن پايدا قىلىدۇ، قويۇق خىلىتلارنى يوقىتىدۇ.

10. سامساقنى سىركە قوشۇپ يېسە، ۋابا كېسىلىنىڭ ئالدىنى ئېلىدۇ، ئاۋازنى ساپ قىلىدۇ، ئۇنتۇغاقلىقنى تۈگىتىدۇ، سوغۇقتىن بولغان دەم سىقىلىشنى ياخشىلايدۇ.

11. سامساقنى زەھەرلىك ھاشارات چېقىۋالغان ئورۇنغا سۈركىسە، زەھەرنى قايتۇرىدۇ، ئاغرىقنى پەسەيتىدۇ.

12. سامساقنى داۋاملىق يەپ بەرسە ئاق موينى قارايتىدۇ.

13. سامساقنى ئەنجۈر، سۈزاپ، ياڭاق قاتارلىقلار بىلەن قوشۇپ يېسە، زەھەر قايتۇرىدۇ.

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورىدىن

14. سامساقنى چىلغوزا بىلەن قاينىتىپ يېسە ياكى چىشنى يۇسا، چىشنى قۇۋۋەتلەيدۇ.

15. سامساقنى قوي سۈتىدە پىشۇرۇپ، يېڭى كالا يېغى ۋە ھەسەل قوشۇپ ھالۋا قىلىپ يېسە، باھنى قوزغايدۇ ۋە زەكەرنى قاتۇرىدۇ.

16. سامساقنى يالپۇز بىلەن قاينىتىپ، كىچىك بالىنىڭ بېشىنى ۋە بەدەنلىرىنى يۇسا، پىتنى يوقىتىدۇ، سامساقنى قاينىتىپ ۋاننا قىلسا، بالا ھەمراھىنى چۈشۈرىدۇ.

[**ئىشلىتىش مىقدارى**] 2 ~ 4 گىرامغىچە.

[**زىيانلىق تەسىرى**] كۆپ يېسە باش ئاغرىشنى پەيدا قىلىدۇ، قاننى كۆيدۈرىدۇ، كۆزنى ئاغرىتىدۇ، بوۋاسىرغا ۋە خانازىرغا زىيان قىلىدۇ، سەپرانى كۆپەيتىۋېتىدۇ، ھامىلىدار ئاياللارغا زىيان قىلىدۇ.

[**تۈزەتكۈچىسى**] يۇقىرىقىدەك ئەھۋال كۆرۈلسە، ئۇنى توسۇش ئۈچۈن سۇ ياكى تۇز بىلەن قاينىتىپ، ئۈستىگە قاپاق يېغى ياكى بادام يېغى، يۇمغاقسۈت ئۇرۇقى، سىركەنجۇبىل، ئانار سۈيى قوشۇپ بېرىلىدۇ.

[**ئورۇنباسارى**] تاغ پىيىزى، تاغ سامسىقى.

[**ۋەكىل خاراكتېرلىك پىششىق دورا ياسالمىسى**] مەجۇنى سوم، رەۋغىنى سوم.

## خېنىگۈل ئۇرۇقى

## 黑乃古丽欧如合

(**急性子** ji xing zi，**风仙花** feng shan hua)



خېنىگۈل ئۇرۇقى

[**باشقا ئاتىلىشى**] بەزرۇلخىنا، تۇخۇمى خىنا

[**لاتىنچە نامى**] Semen Impatien sbalsamina

[**ئىنگلىزچە نامى**] Garden Balsam seed

[**تونۇش**] بۇ، خېنە ئائىلىسىدىكى بىر يىللىق تىك ئۆسىدىغان، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك خېنىگۈل (Impatiens balsamina L.) نىڭ ئۇرۇقىدىن ئىبارەت بولۇپ، «خېنىگۈل ئۇرۇقى» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ. قۇرۇتۇلغان ئۇرۇقى ياپىلاق ياكى ياپىلاق تېمىنە شەكىللىك بولىدۇ. ئۇرۇق، پوستى قوڭۇر ياكى خورما رەڭلىك، تەمى بىرئاز ئاچچىق، پۇرىقى سۇس بولىدۇ. (8.43 ـ رەسىم)

[**چىقىش ئورنى**] ئېلىمىزدىن، بولۇپمۇ شىنجاڭنىڭ ھەممە جايلىرىدىن چىقىدۇ.

[**يىغىپ ساقلاش**] كۈزدە مېۋىسى پىشقاندا ئارىلاشمىلىرىنى ئېلىۋېتىپ، يىغىپ قۇرۇتۇپ ساقلىنىدۇ.

[**خىمىيىلىك تەركىبى**] بۇنىڭ تەركىبىدە بالزامىناستېرول (Balsaminastreol)، ئاتسىدوم، پارىنارىكوم كىسلاتاسى (ParinaricAcid)، ساپونىن، ماي، قەنت، ئاقسىل، ئامىنو كىسلاتاسى، ئۈچۈچان ماي قاتارلىقلارنى تۇتىدۇ.

[**فارماكولوگىيەلىك تەسىرى**] بالىياتقۇ بويىنىنى قوزغىتىدۇ؛ ھامىلىدار بولۇشنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ؛ باكتېرىيەگە قارشى تۇرۇش رولى بار.

[**لايىقلاشتۇرۇلۇشى**] ئىلغاپ ساپلاشتۇرۇلىدۇ.

[**تەبىئىتى**] بىرىنچى دەرىجىدە قۇرۇق سوغۇق.

[**خۇسۇسىيتى**] تېرىگە رەڭ پەيدا قىلىش، يەل ھەيدەش، قان ئايلىنىشنى ياخشىلاش، پەي - مۇسكۇللارنى قۇۋۋەتلەش، سۆڭەك ئاغرىقىنى توختىتىش، راك ھۈجەيرىلىرىنى تورمۇزلاش خۇسۇسىيتىگە ئىگە.

[**ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر**] بەرەس، بەھەق، بوغۇم ئاغرىقلىرى، بەل - پۇت ئاغرىقى، ھەيز تۇتۇلۇش، قىيىن تۇغۇت، لىمفا سىل كېسەللىكى، باللار پالىچى، قىزىلئۆڭگەچ ۋە سۈت بېزى راكىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە ئىشلىتىلىدۇ.

[**ئىشلىتىش ئۇسۇلى**]

1. خېنىگۈل ئۇرۇقىدىن ئۈچ گىرام، قىچىدىن 10 گىرام، سامساقتىن يەتتە گىرام، سىيادانىدىن 10 گىرام، زەيتۇن يېغىدىن 15 گىرام ئېلىپ، قائىدە بويىچە مەلھەم تەييارلاپ، يەرلىك ئورۇنغا تاڭسا، بەرەس، بەھەق كېسەللىكلىرىگە مەنپەئەت قىلىدۇ.

2. خېنىگۈل ئۇرۇقىدىن ئۈچ گىرام، زىرە، يالپۇز، سۇزاپ ئۇرۇقىدىن 10 گىرامدىن، قەردمانەدىن بەش گىرام ئېلىپ، تالقان قىلىپ يېسە، ئاشقازان، ئۈچەي كېسەللىكلىرىگە مەنپەئەت قىلىدۇ.

[**ئىشلىتىش مىقدارى**] 1 ～ 3 گىرامغىچە.

[**زىيانلىق تەسىرى**] ئۆپكىگە زىيانلىق.

[**تۈزەتكۈچىسى**] كەتىرا، ئىسپىغۇل.

[**ئورۇنباسارى**] چاققاقئوت ئۇرۇقى.

[**ۋەكىل خاراكتېرلىك پىششىق دورا ياسالمىسى**] مەجۇنى بەرەس.

## چاققاقئوت

## 查卡克欧提

## （荨麻草　qian ma cao）

[**باشقا ئاتىلىشى**] ئەنجىرە، قەرىز، ئەنگىن

[**لاتىنچە نامى**] Herba Urtica Cannabina

[**ئىنگلىزچە نامى**] Nettle Herb

[**تونۇش**] بۇ، چاققاقئوت ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك كەندىر يوپۇرماقلىق چاققاقئوتنىڭ يەر ئۈستى قىسمى بولۇپ، پۈتۈن تېنىدە چاققاق تۈكلىرى بار، تېرىگە تەگسە چايان چاققاندەك كۆيۈپ ئاغرىيدۇ. پۇرىقى سۇس، چاققاقئوت نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ. (9.43 - رەسىم)

[**چىقىش ئورنى**] شىنجاڭنىڭ ھەممە يېرىدىن چىقىدۇ، تاغ - دالىلاردا، يول چېتىدە، يايلاقلاردا ئۆسىدۇ.

[**يىغىش ساقلاش**] 7 -، 8 - ئايلاردا يەر ئۈستىدىكى قىسمىنى ئورىۋېلىپ، قۇرۇتۇپ ساقلىنىدۇ.

[**خىمىيەلىك تەركىبى**] تاننىن، ۋىتامىن A، B، C قاتارلىقلار بار.

www.uyghurkitap.com

[فارماكولوگىيەلىك تەسىرى] سۇدىكى قايناتمىسىنى كىچىك چاشقانغا ئىچكۈزگەندە، كۆرۈنەرلىك بولغان قان ئۇيۇشقا قارشى تۇرۇش تەسىرىنى كۆرسىتىدۇ.

[لايىقلاشتۇرۇلۇشى] ئىلغاپ ساپلاشتۇرۇلىدۇ.

[تەبىئىتى] ئۈچىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى] تېرىنى قىزارتىش، تېرىنى قۇۋۋەتلەش، يەل ھەيدەش، قان ئايلىنىشنى راۋانلاشتۇرۇش، زەھەر قايتۇرۇش، قان توختىتىش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە.



چاققائوت

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر] رېماتىزملىق بوغۇم ياللۇغى، يۇقىرى قان بېسىم كېسەللىكى، پۇت - قولنىڭ ئۇيۇشۇپ قېلىشى، تۇغۇتتىن كېيىنكى تارتىشىپ قېلىش، بالىلاردىكى چۆچۈش ۋە زەھەرلىك يىلان چېقىۋېلىش، يەلتاشما قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىلىش ئۇسۇلى]

1. چاققائوت، ئارپىبەدىيان، كۇدە ئۇرۇقى قاتارلىقلاردىن 10 گىرامدىن ئېلىپ قايناتقىپ ئىچىپ بەرسە، يەل تارقىتىپ، قورساق كۆپۈشكە شىپا بولىدۇ.

2. چاققائوت، چاققائوت يىلتىزى، چايان قاتارلىقلاردىن يەتتە گىرامدىن ئېلىپ ئېزىپ، زەھەرلىك يىلان چاققان ئورۇنغا چاپسا زەھەر قايتۇرىدۇ.

3. چاققائوتنىڭ سۈيىنى چىقىرىپ بۇرۇنغا تېمىتسا، بۇرۇن قاناشنى توختىتىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] 3 ~ 7 گىرامغىچە.

[زىيانلىق تەسىرى] ئازراق زەھەرلىك، تېرىنى زەخمىلەندۈرىدۇ، ئاشقازاننىڭ ئىسسىقى ئېشىپ كەتكەنلەرگە زىيانلىق، ئىسسىق مىزاج كىشىلەردە باش ئاغرىقى پەيدا قىلىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] سۈت، سەمغى ئەرەبى، كەتىرا، چىلان.

[ئورۇنباسارى] چاققائوت ئۇرۇقى، شەترەنجى، قەلەمپۇر.

[ۋەكىل خاراكتېرلىك پىششىق دورا ياسالمىسى] شەربىتى بەرەس، تەرياقى ئەربەئە، ھەببى ئەنجىرە.

## چاققائوت ئۇرۇقى

## 查卡克欧提欧如合

## (荨麻子 qian ma zi)

[باشقا ئاتىلىشى] بەرۇل ئەنجىرە، بەزرۇل قەرىز، تۇخۇمى ئەنجىرە

[لاتىنچە نامى] Semen Urtica cannabina

[ئىنگلىزچە نامى] Nettle seed

[تونۇش] بۇ، چاققائوت ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك كەندىر يوپۇرماقلىق چاققائوت ۋە تار يوپۇرماقلىق چاققائوتنىڭ ئۇرۇقى بولۇپ، ئۇرۇقى يۇمشاق، بىرئاز ياپىلاق، رەڭگى قارىغا مايىل، پارقىرايدۇ، كۈنجۈتتىن چوڭراق بولۇپ، قارا، پارقىراق بولغانلىرى ئەڭ ياخشىسى

هېسابلىنىدۇ. بۇ ئىككى خىل ئۆسۈملۈكنىڭ ئۇرۇقى تېبا-
بىتىمىزدە «تۇخۇمى ئەنجىرە» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ.
(19.43 ـ رەسىم)



چاقىقائۇت مايىسى

[**چىقىش ئورنى**] تاغ ـ دالىلاردا، يول چېتىدە، يايلاقلار-
دا، چىمەنلىكلەردە ئۆسىدۇ، شىنجاڭنىڭ ھەممە يېرىدىن
تېپىلىدۇ.

[**يىغىپ ساقلاش**] بۇ ئۆسۈملۈكنىڭ مېۋىسى پىشقاندىن كې-
يىن، قۇرۇتۇپ ئۇرۇقىنى يىغىۋېلىپ، پاكىز تازىلاپ، قۇ-
رۇق ھەم سالقىن جايدا ساقلىنىدۇ.

[**لايىقلاشتۇرۇلۇشى**] يۇيۇش، قۇرۇتۇش ئارقىلىق لايىقلاش-
تۇرۇلىدۇ.

[**تەبىئىتى**] ئۈچىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[**خۇسۇسىيىتى**] تېرىنى قۇۋۋەتلەش، غەيرىي تەبىئىي بەل-
غەم خىلىتىنى تارقىتىش، مەنىي قويۇلدۇرۇش، قاتتىق ئىششىقلارنى تارقىتىش، تېرىنى قىزارتىش،
سۈيدۈك، ھەيز ۋە سۈتنى راۋان قىلىش، ئۆپكىنى، ئاشقازاننى تازىلاش، باھنى قۇۋۋەتلەش، بالىياتقۇ،
جىگەر ۋە تالنىڭ توسالغۇلىرىنى ئېچىش خۇسۇسىيىتى بار.

[**ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر**] كۆكرەك، ئۆپكە، ئاشقازان كېسەللىكلىرى، سۈيدۈك تۇتۇلۇش، ھەيز
توسۇلۇش، ئەمچەكتە سۈت تۇرۇپ قېلىش، تال ۋە بۆرەك كېسەللىكلىرى، بۇرۇن قاناش، باھ ئاجىزلىقى،
بەرەس قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[**ئىشلىتىش ئۇسۇلى**]

1. يەتتە گىرام چاقىقائۇتنىڭ ئۇرۇقىنى قاينىتىپ ئىچسە، دېمى سىقىلىش ۋە كۆكرەك كېسەللىكلە-
رىگە پايدا قىلىدۇ. كۆكرەكتىكى شىلىمشىق ماددىلارنى تازىلايدۇ.

2. چاقىقائۇت ئۇرۇقىدىن 10 گىرام، زاراڭزا چېچىكىدىن بەش گىرام ئېلىپ، قاينىتىپ ئىچىپ
بەرسە، سۈيدۈك ۋە ھەيزنى راۋانلاشتۇرىدۇ.

3. چاقىقائۇت ئۇرۇقىدىن بەش گىرام، كەرەپشە ئۇرۇقىدىن يەتتە گىرامدىن ئېلىپ سوقۇپ، قوي
سۈتى بىلەن ئىچسە باھنى قوزغايدۇ.

[**ئىشلىتىش مىقدارى**] 5~10 گىرامغىچە.

[**زىيانلىق تەسىرى**] ئۈچەيدە توسۇلۇش پەيدا قىلىدۇ.

[**تۈزەتكۈچىسى**] سەمغى ئەرەبى، كەتىرا، چىلان.

[**ئورۇنباسارى**] قەردمانە، زاغۇن.

[**ۋەكىل خاراكتېرلىك پىششىق دورا ياسالمىسى**] چاقىقائۇت ئۇرۇقى قاينىتىلمىسى.

www.uyghurkitap.com

# ئاق قىچا ئۇرۇقى

## 阿克可查欧如合

## (白芥子 bai jie zi)

[**باشقا ئاتىلىشى**]ھورۇفى ئەبيەز، خەردىل ئەبيەز، رائى سەفىد، سەرسوك، سەرسۇك سەفىد

[**لاتىنچە نامى**] Semen sinapis alba

[**ئىنگلىزچە نامى**] White Mustard seed



ئاق قىچا ئۆسۈملۈكى

[**تونۇش**] بۇ، كرېست گۈللۈكلەر ئائىلىسىدىكى بىر ياكى ئىككى يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك ئاق قىچا بولۇپ، شار شەكىللىك، سىرتى كۈل رەڭگە مايىل ئاق رەڭلىك، تەمى ئاچچىق، پۇراقسىز، بۇ ئۆسۈملۈكنىڭ قۇرۇتۇلغان پىشىق ئۇرۇقى خەردەل ياكى ئاق قىچا ئۇرۇقى نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ. (11.43 - رەسىم)

[**چىقىش ئورنى**] رايونىمىزدا تېرىپ ئۆستۈرۈلىدۇ. ئاسىيا، ياۋروپادىكى دۆلەتلەردىنمۇ چىقىدۇ.

[**يىغىپ ساقلاش**] باش كۈزدە ئورىۋېلىپ، قۇرۇتۇپ، ئۇرۇقنى ئاجرىتىۋېلىپ، پاكىز تازىلاپ، قۇرۇق ھەم سالقىن جايدا ساقلىنىدۇ.

[**خىمىيەلىك تەركىبى**] ئۇرۇقىنىڭ تەركىبىدە 5.2% سىنالبىن (Sinalbin)، مىروزىن (Myrosin)، سىناپىنى (Sinapine) ۋە 20%~26% كىچە ماي بار.

[**فارماكولوگىيەلىك تەسىرى**] بىنەپشە رەڭلىك تۈك تەمرەتكىسى زەمبۇرۇغى قاتارلىق زەمبۇرۇغلارنى تورمۇزلايدۇ.

[**لايىقلاشتۇرۇلۇشى**] ئىلغاپ ساپلاشتۇرۇلىدۇ.

[**تەبىئىتى**] ئۈچىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[**خۇسۇسىيىتى**] تېرىنى قىزارتىش، پارقىرىتىش، مېڭە، ئاشقازان ۋە باشقا ئەزالاردىكى ئارتۇق ھۆللۈكلەرنى يوقىتىش، باھنى قۇۋۋەتلەش، ھەزىمنى ياخشىلاش، توسالغۇلارنى ئېچىش، چوڭ تەرەتنى يۇمشىتىش قاتارلىق خۇسۇسىيەتلەرگە ئىگە.

[**ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر**] بەرەس، تېرىدىكى يېرىڭلىق قوتۇر، كونا جاراھەت، خانازىر، سەۋدا مەنبەلىك قاتتىق ئىششىقلار، پالەچ، لەقۋا، رېماتىزم، يانپاش ئاغرىقى، ئۆپكە يېرىڭلىق ئىششىقى، سوغۇقتىن بولغان باش ئاغرىقى، زۇكام، جىگەر ئاغرىقى، ئىشتىھاسىزلىق، تال ئاغرىقى قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[**ئىشلىتىش ئۇسۇلى**]

1. ئاق قىچىدىن 10 گىرام، سامساقتىن يەتتە گىرام، سىيادانىدىن 10 گىرام، زەيتۇن يېغى

قاتارلىقلاردىن 15 گىرام ئېلىپ مەلھەم تەييارلاپ، يەرلىك ئورۇنغا تاڭسا، بەھەققە مەنپەئەت قىلىدۇ.

2. ئاق قىچىنى مۇۋاپىق مىقداردا ئېلىپ سوقۇپ، ئەنجۈر بىلەن قوشۇپ خېمىر قىلىپ چاپسا، يانپاش بوغۇم ئاغرىقىغا ۋە تەڭگىسىمان چاچ چۈشۈشكە مەنپەئەت قىلىدۇ.

3. قىچا، ئاقىرقەرھا، سۆئلەپ قاتارلىقلاردىن 10 گىرامدىن ئېلىپ، ئۈچ دانە تۇخۇم سېرىقىغا ئارىلاشتۇرۇپ يېسە، باھنى قۇۋۋەتلەيدۇ، بۆرەكنى سەمىرتىدۇ.

4. بىرەر ئەزاغا قاپارتقۇ پەيدا بولغان بولسا، ئۈستىدىن قىچا ئۇرۇقىنى سوقۇپ سۇركىسە، ئاۋۋال ئېچىشتۇرۇپ، كېيىن ئاغرىق توختىتىدۇ.

5. قايىنتىپ ۋاننا قىلىنسا، سوغۇقتىن بولغان ھەيز توسۇلۇشنى داۋالايدۇ.

[**ئىشلىتىش مىقدارى**] 3 ~ 5 گىرامغىچە.

[**زىيانلىق تەسىرى**] ئىسسىق مىزاج كىشىلەرگە ۋە بۆرەككە زىيان قىلىدۇ.

[**تۈزەتكۈچىسى**] كاسىنە، بادام يېغى، سىركە.

[**ئورۇنباسارى**] ھەببى رىشاد، زاغۇن ئۇرۇقى، ئادراسمان، چامغۇر ئۇرۇقى.

[**ۋەكىل خاراكتېرلىك پىششىق دورا ياسالمىسى**] قۇرسى خەردەل، سىيادان ئوكۇلى.

## كالىزىرە

## 阿特力拉力

(**驱虫斑鸠菊** qu chong ban jiu ju)



كالىزىرە ئۆسۈملۈكى

[**باشقا ئاتىلىشى**] ھۇماما، ئاترىلال، زىرە دەشتى، زىرە سەھرايى

[**لاتىنچە نامى**] Fructose Vernonia anthelmintica

[**ئىنگلىزچە نامى**] anthelmintica Ironweed

[**تونۇش**] بۇ، مۈرەككەپ گۈللۈكلەر ئائىلىسىدىكى ئېگىزلىكى بىر - ئىككى مېتىر، غولى تىك، يۇقىرى قىسمى كۆپ شاخلايدىغان، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك كالىزىرىسى (Vernonia Anthelmintica Willd) بولۇپ، بۇ ئۆسۈملۈكنىڭ مېۋىسى (ئۇرۇقى) كالىزىرىسى نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ.

[**چىقىش ئورنى**] شىنجاڭدا تېرىپ ئۆستۈرۈلىدۇ، ھىندىستان ۋە پاكىستان قاتارلىق ئەللەردە ياۋا ھالدىمۇ ئۆسۈپ قالىدۇ ياكى تېرىپ ئۆستۈرۈلىدۇ.

[**يىغىش ساقلاش**] ياز ۋە كۈز پەسلىدە پىشقاندا يىغىۋېلىنىدۇ.

[**خىمىيەلىك تەركىبى**] تەركىبىدە ۋېرنونىك كىسلاتاسى (Vernonic acid)، ۋېنولېپىن (Venolepin)، ۋېرنودولىن (Vernodolin)، ئانورگانىك تەركىب، كۆپ

www.uyghurkitap.com

مىقداردا كالىي، ناترىي، كالتسىي، ماگنىي، فوسفور قاتارلىقلار بار.

[فارماكولوگىيەلىك تەسىرى] قارا پېگمېنتنىڭ تەڭپۇڭلۇقىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش؛ سازاڭ قۇرتىنى چۈشۈرۈش؛ ياللۇغ قايتۇرۇش تەسىرى بار.

[لايىقلاشتۇرۇلۇشى] ئىلغاپ ساپلاشتۇرۇلىدۇ.

[تەبىئىتى] ئۈچىنچى دەرىجىنىڭ ئاخىرىدا قۇرۇق ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى] بەلغەمنى سۈرۈش، تېرىنى قىزارتىش، قۇۋۋەتلەش، مەددىنى چۈشۈرۈش، ئاغرىق پەسەيتىش، ئىششىق ياندۇرۇش، ياللۇغ قايتۇرۇش قاتارلىق خۇسۇسىيەتلەرگە ئىگە.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر] ھەر خىل ئىششىق، ئۈچەي مەددە قۇرتى، مۇپاسىل، بەرەس قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. 1 ~ 3 گىرامغىچە كالىزىرە سۇفۇپىنى ئىچسە، ئۈچەيدىكى ھەر خىل قۇرتلارنى چۈشۈرىدۇ، بولۇپمۇ سازاڭ قۇرتلارنى ئۆلتۈرىدۇ، غەيرىي تەبىئىي بەلغەم خىلتىنى تازىلايدۇ.

2. كالىزىرىنى يۇمشاق سوقۇپ، قاتتىق ئىششىقلارغا تېڭىلسا، ئىششىقنى ياندۇرىدۇ، سوزۇلما تەپلەرنى قايتۇرىدۇ، مۇپاسىل ئاغرىقلىرىغا پايدا قىلىدۇ.

3. كالىزىرىدىن بەش گىرام، سىيادانىدىن ئالتە گىرام ئېلىپ سوقۇپ، قۇستە يېغىدا مەلھەم تەييارلاپ يەرلىك ئورۇنغا چاپسا، بەرەس كېسەللىكىگە مەنپەئەت قىلىدۇ. كالىزىرىدىن ياسالغان ھەر خىل مۇرەككەپ ياسالمىلار بەرەس كېسەللىكىنى داۋالاشتا ئاساسلىق دورا ھېسابلىنىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] 2 ~ 5 گىرامغىچە.

[زىيانلىق تەسىرى] بۆرەك، ئۆپكە ۋە ئىسسىق مىزاج كىشىلەرگە زىيان قىلىدۇ. ئۆپكىگە قۇرۇقلۇق يەتكۈزىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] تاغ يالپۇزى، كەتىرا، گۈل يېغى.

[ئورۇنباسارى] زىرە، رۇمبەدىيان، ئارپىبەدىيان.

[ۋەكىل خاراكتېرلىك پىششىق دورا ياسالمىسى] كالىزىرە ئوكۇلى، قۇرسى كالىزىرە.

## جىنكبۇزى ئۇرۇقى

## 进克维孜欧如合

## (补骨脂 bu gu zhi)

[باشقا ئاتىلىشى]بابچى، سەنەى سەبۇيە، پەنۋار

[لاتىنچە نامى] Fructus Psoralea Corylifolia

[ئىنگلىزچە نامى] Fruit of Scurfpea

[تونۇش] بۇ، پۇرچاق ئائىلىسىدىكى بىر يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك (Psoralea Corylifolia L.) نىڭ پىشقان مېۋىسىنى سوقۇپ، ئايرىۋېلىنغان ئۇرۇقى «جىنكبۇزى» ياكى «بابچى» نامىدا دورىغا

ئىشلىتىلىدۇ. (43.13 ـ رەسىم)

[**چىقىش ئورنى**] ئېلىمىزنىڭ سىچۈەن، خېنەن، جياڭ-شى، ئەنخۇي، شىنجاڭ قاتارلىق جايلىرىدىن چىقىدۇ.

[**يىغىپ ساقلاش**] 10 ـ ئايلاردا يىغىپ، قۇرۇتۇپ، ئۇرۇقى ئايرىۋېلىنىدۇ.

[**خىمىيەلىك تەركىبى**] تەركىبىدە پسورالېن(Psoralen)، ئىزوپسورالېن (Isopsoralen)، ئانگېلىسىن، باۋاخىن (Bavachin)، باۋاخىنىن (Bavachinin)، ئىزوباۋاخىن (Isobavachin)، ئۇچۇچان ياغ، رېزىنا، مايلىق ياغ قاتارلىقلار بار.



جىنكېۋىزى ئۆسۈملۈكى

[**فارماكولوگىيەلىك تەسىرى**] تاجىسمان قىزىل قان تومۇرنى كېڭەيتىدۇ؛ قۇرت چۈشۈرۈش رولى بار؛ ئىچەيدىن ئىستېمال قىلغاندا ياكى دائىرىلىك ئورۇنغا ئىشلەتكەندە، تېرىنىڭ ئۇلترا بىنەپشە نۇرىغا بولغان سېزىمچانلىقىنى ئاشۇرۇپ، رەڭ چۆكمىسى ھاسىل بولۇشنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. شۇڭا بەرەس، تەڭگىتەمرەتكە قاتارلىقلارنى يوقىتىش تەسىرى بار؛ ئانىلىق ھورمونىغا ئوخشاش رولى بار؛ تەركىبىدە ئۇچۇچان مايىنىڭ باكتېرىيەلەر تورمۇزلاش رولى بار.

[**لايىقلاشتۇرۇلۇشى**] ئىلغاپ ساپلاشتۇرۇلىدۇ.

[**تەبىئىتى**] ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[**خۇسۇسىيىتى**] تېرىنى قىزارتىش، قان تازىلاش، ماددىلارنى يۇمشىتىش، ئۈچەيدىكى قۇرتلارنى يوقىتىش، يەل ھەيدەش، ئاشقازاننى قۇۋۋەتلەش، تېرىگە جۇلا بېرىش، نورمالسىز بەلغەم خىلتىنى سۈرۈش قاتارلىق خۇسۇسىيەتلەرگە ئىگە.

[**ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر**] جوزام، بەھەق، بەرەس، داغ، قىچىشقاق، تەمرەتكە قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[**ئىشلىتىش ئۇسۇلى**]

1. جىنكېۋىزى، ئانارگۈل، گىل ئەرمىنى، گۈڭگۈرت قاتارلىق تۆت خىل دورىنى تەڭ مىقداردا ئېلىپ، بىر كېچە چىلاپ قويۇپ، ئۇنىڭ سۈزۈك سۈيىنى كېسەلگە ئىچكۈزۈپ، ئاستىدا قالغان قىسمىنى بەرەس بار يەرگە زىمات قىلىنىدۇ. شۇ ئۇسۇلدا داۋاملىق ئىشلىتىلسە، بەرەسنىڭ داغلىرىنى يوقىتىدۇ.

2. جىنكېۋىزى ئۇرۇقىدىن يەتتە گىرام، ئارەندى يېغىدىن 10 گىرام ئېلىپ، مەلھەم تەييارلاپ يەرلىك ئورۇنغا چاپسا، بەرەس، بەھەققە مەنپەئەت قىلىدۇ.

3. جىنكېۋىزى ئۇرۇقى يەتتە، گىرام، پىلپىل، زەنجىۋىل، پىننە، سىيادانىدىن بەش گىرامدىن ئېلىپ، چايلىق قىلىپ بەرسە، بەرەس، بەھەقتىكى ھەزىم ناچارلىقىغا مەنپەئەت قىلىدۇ.

[**ئىشلىتىش مىقدارى**] 1 ~ 3 گىرامغىچە.

[**زىيانلىق تەسىرى**] قورساقنى ئېسىدۇ، ئۈچەيگە زىيانلىق.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرىسى

[تۈزەتكۈچىسى] پىننە، بەديان، قىتىق.
[ئورۇنباسارى] سىيادان.
[ۋەكىل خاراكتېرلىك پىششىق دورا ياسالمىسى] مەجۇنى بەرەس، شەربىتى بەرەس.

## ئوردان
## 欧尔当
(茜草　qian cao)

[باشقا ئاتىلىشى] رويان
[لاتىنچە نامى] Radix rubia tinctorum
[ئىنگلىزچە نامى] Indian madder Root


ئوردان

[تونۇش] بۇ، ئوردان ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق سامان غولل‍ۇق ياماشقۇچى پىلەكلىك ئۆسۈملۈك ئوردان (Rubia tintorum) ۋە ياۋروپا ئوردانى (Rucia Cordifolia) بولۇپ، بۇ ئۆسۈملۈكنىڭ يىلتىزى ۋە يىلتىزسىمان غولى «ئوردان» نامىدا بەزىدە «رويان» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ. يىلتىزسىمان غولى تۈگۈنەك شەكىللىك غوجەك بولۇپ ئۆسىدۇ. يىلتىزى سىلىندىر شەكىللىك، سىرتى قوڭۇر رەڭلىك ياكى قارامتۇل بىنەپشە رەڭلىك پوستى ئاجراپ كەتكەن، سىرتى توق سارغۇچ، قىزغۇچ، سارغۇچ قىزىل رەڭدە، تەمى سەل تاتلىق، پۇراقسىز كېلىدۇ. (14.43 - رەسىم)

[چىقىش ئورنى] ئېلىمىزنىڭ سەنشى، جياڭشى، ئەنخۇي، خېنەن، شىنجاڭ قاتارلىق ئۆلكىلەردىن، ياۋروپا، ئوتتۇرا دېڭىز، ھىندىستان، پاكىستان، روسىيە قاتارلىق ئەللەردىن چىقىدۇ.

[خىمىيىلىك تەركىبى] تەركىبىدە پۇرپۇرىن (Purpurin)، پۇرپۇروكسانتىن (Purpuroxantnin)، ئالىزارىن (Alizarin) پۇرپۇرىن (Pseodopurpurin) قاتارلىق ئانتىراكۇينون خىلىدىكى تەركىبلەر بار.

[فارماكولوگىيەلىك تەسىرى] قان توختىتىش تەسىرى بار؛ قان پلاستىنكىسىنىڭ ئۇيۇشىغا قارشى تۇرۇش رولى بار؛ ئاق قان ھۈجەيرىسىنىڭ فونكسىيەسىنى يۇقىرى كۆتۈرىدۇ؛ يۆتەل پەسەيتىش، بەلغەم بوشىتىش رولى بار؛ بەدەن سىرتىدىكى تەجرىبىدە ئوردان سۇ ئېرىتمىسىنىڭ ئالتۇن رەڭلىك ئۈزۈمسىمان شارچە باكتېرىيەسى، ئۆپكە ياللۇغى زەنجىرسىمان شارچە باكتېرىيە، تارقىلىشچان زۇكام تاياقچە باكتېرىيەسى ۋە قىسمەن تېرە زەمبۇرۇغلىرىغا قارىتا تورمۇزلاش رولى بار؛ كىچىك چاشقان تەجرىبىسىدە، ئاق قان راكى ھۈجەيرىسى، سۆت بەز راكى ھۈجەيرىسى، قارا پىگمېنت ئۆسمە ھۈجەيرىسى، بوغماق ئۈچەي راكى

ھۆجەيرىسى قاتارلىق راك ھۆجەيلىرىگە قارىتا تورمۇزلاش تەسىرى بار؛ يۇرەك مۇسكۇلىغا قان يېتىشمەسلىككە قارىتا قوغداش رولى بار؛ سىلىق مۇسكۇلغا بولغان تەسىرى: ئۆردانىنىڭ سۇدىكى قاينىتىلمىسى توشقاننىڭ بەدىنىدىن ئايرىلغان ئۈچەيىگە قارىتا ئىسپازما قايتۇرۇش رولى بار، تولۇمچاشقاننىڭ بەدەندىن ئايرىلغان بالىياتقۇسىغا قارىتا قوزغىتىش رولى بار.

[**لايىقلاشتۇرۇلۇشى**] ئىلغاپ ساپلاشتۇرۇلىدۇ.

[**تەبىئىتى**] ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[**خۇسۇسىيىتى**] تېرىگە رەڭ بېرىش، ئاشقازاننى قۇۋۋەتلەش، سۈيدۈك ھەيدەش، ھەيزنى راۋانلاشتۇرۇش، جىگەر ۋە تالنىڭ توسالغۇلىرىنى ئېچىش، ئاغرىق پەسەيتىش، تېرىنى پارقىرىتىش، پەي - مۇسكۇللارنى قۇۋۋەتلەش قاتارلىق خۇسۇسىيەتلەرگە ئىگە.

[**ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر**] سۈيدۈك ۋە ھەيز تۇتۇلۇش، جىگەر ۋە تال توسۇلۇش، سېرىقلىق چۇشۇش، ئاقكېسەل، بوغۇم ئاغرىقى، پالەچ، لەقۋا، رەئشە قاتارلىق كېسەللىكلەرگە ئىشلىتىلىدۇ.

[**ئىشلىتىش ئۇسۇلى**]

1. ئۆردانىنىڭ سۇفۇپىدىن ئۈچ گىرامنى سىركەنجىۋىل بىلەن قوشۇپ ئىچسە، جىگەر ۋە تالنىڭ توسالغۇلىرىنى ئاچىدۇ، ھەسەل بىلەن قوشۇپ بېرىلسە، سېرىق كېسەل ئۈچۈن مەنپەئەت قىلىدۇ، ئاشقازاننى قۇۋۋەتلەيدۇ.

2. ئۆردان، سۆرۈنجان، بەدىيان قاتارلىقلاردىن 10 گىرامدىن، سانادىن 15 گىرام ئېلىپ، سۇفۇپ قىلىپ بەرسە، بوغۇم ئاغرىقىغا مەنپەئەت قىلىدۇ.

3. ئۆردان، ئاقىرقەرھا، ئېگىر، كاسىنە يىلتىزى قاتارلىقلاردىن 10 گىرامدىن، ئىزخىردىن 15 گىرام، ھەسەلدىن 200 گىرام ئېلىپ، مائۇلھەسەل تەييارلاپ بەرسە، پالەچ، لەقۋا، رەئشە كېسەللىكلىرىگە مەنپەئەت قىلىدۇ.

[**ئىشلىتىش مىقدارى**] 3 ～ 5 گىرامغىچە.

[**زىيانلىق تەسىرى**] دوۋساققا زىيان قىلىدۇ ھەم كۆپ ئىشلەتسە سۈيدۈكتە قان كەلتۈرىدۇ. يەنە مېڭىگە زىيان قىلىدۇ.

[**تۈزەتكۈچىسى**] كەتىرا، رۇمبەدىيان.

[**ئورۇنباسارى**] دارچىن، كاۋاۋچىن.

[**ۋەكىل خاراكتېرلىك پىششىق دورا ياسالمىسى**] مەجۇنى دەبدۇلۋەرد، داۋائى كۇركۇم.

## قارا خەربەق
## 卡拉海尔拜克
## (铁筷子 tie kuai zi)

[**باشقا ئاتىلىشى**] خەربەق ھىندى، خەربەق سىياھ، خەربەق ئەسۋەد، كالى خەربەق

[**لاتىنچە ئاتىلىشى**] Radixet Rhizoma Helleborus thibetanus

[**ئىنگلىزچە نامى**] Tibetan Helle borus Root and Rhizomi

www.uyghurkitap.com



قارا خەربەق

[تونۇش] بۇ، ئېيىقتاپانلىقلار ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك خەربەقنىڭ يىلتىزى بولۇپ، رەڭگى قارا، بوغۇملۇق، ئوتتۇرىسى كاۋاك، تولىسى يۇمىلاق، ئىنچىكە، قارا رىشتىغا ئوخشاش يىپلىق كېلىدۇ، يوپۇرمىقى چىنارنىڭ يوپۇرمىقىغا ئوخشايدۇ، ئەمما ئۇنىڭدىن كىچىكرەك، يوپۇرمىقىنىڭ چۆرىسىدىكى ئارتۇق يەرلىرى كۆپرەك، تېنى قىسقا، گۈلى ئاق، قىزىلغا مايىل، بۇغداي بېشىغا ئوخشايدۇ، مېۋىسى زاراڭزىنىڭ دانىسىغا ئوخشايدۇ، بۇنىڭ ئۇرۇقى ئىچ سۈرۈشتە يىلتىزىدىن زەھەرسىزرەك، يىلتىزىنىڭ كۈچلۈكرەك، يىلتىزىنىڭ ئاچچىقلىقى ئاق خەربەقتىن كەمرەك، لېكىن قۇۋۋىتى ئۆتكۈر، بۇ ئۆسۈملۈكنىڭ يىلتىز قىسمى تېبابەتتە خەربىق سىياھ (قارا خەربەق) نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ. (15.43 ـ رەسىم)

[چىقىش ئورنى] ئېلىمىزنىڭ سىچۈەن، جياڭشى، گەنسۇ قاتارلىق ئۆلكىلىرىدىن، ئوتتۇرا ۋە جەنۇبىي ياۋروپادىن چىقىدۇ.

[يىغىپ ساقلاش] يىل بويى يىغىۋېلىنسا بولىدۇ.

[خىمىيەلىك تەركىبى] تەركىبىدە خېللېبرىن (Hellebrin) ۋە خېللېبىرىگېنىن (Helleborushiger) بار.

[فارماكولوگىيەلىك تەسىرى] تېرە راك ھۈجەيرىسىنى تورمۇزلاش رولى بار؛ يۈرەكنى قۇۋۋەتلەش رولى بار؛ مەست قىلىش ۋە ھوشسىزلاندۇرۇش رولى بار؛ يېنىك دەرىجىدە كۆك قان تومۇرنى كېڭەيتىدۇ.

[لايىقلاشتۇرۇلۇشى] ئىلغاپ ساپلاشتۇرۇلىدۇ.

[تەبىئىتى] ئۈچىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى] تېرىنى قۇۋۋەتلەش، كۈچلۈك دەرىجىدىكى سۈرگە بولۇپ، تەرەتنى راۋانلاشتۇرۇش، بەلغەمنى سۈرۈش، سۈيدۈك ھەيدەش، قۇرت ئۆلتۈرۈش، تېرە رەڭ ماددىسىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش، ئاغرىق پەسەيتىش، توسالغۇلارنى ئېچىش خۇسۇسىيەتلىرىگە ئىگە.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر] ساراڭلىق، ئومۇمىي بەدەن سۇلۇق ئىششىقى، يەرقان، باش ئاغرىقى، شەقىقە، كۆز ۋە كۆكرەككە چۈشكەن نەزلە ۋە بەزگەك، تەمرەتكە، ئاقكېسەل قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. قارا خەربەقنى بىر قانچە كۈن تاتلىق نەرسىلەرگە چىلاپ قويۇپ، پوستى ئېلىنغان ئارپا ياكى ماش بىلەن قاينىتىپ سۈيىنى ئىچسە، زەھەرسىز بولىدۇ، قارا خەربەق ئىچكى ئەزالارنى تازىلاش ئۈچۈنمۇ ئىشلىتىلىدۇ، ياشانغان كىشىلەرگە بەرسە مىزاجىنى ياش كىشىلەرنىڭ مىزاجىغا يېقىن قىلىدۇ، ئەمما

قۇرۇق مىزاجلارغا زىيان قىلىدۇ.

2. قارا خەربەقنى مۇۋاپىق مىقداردا سىركەنجۇىلگە چىلاپ ياكى تاتلىق شارابقا چىلاپ قايىنتىپ، سۈزۈپ، يەككە ھالەتتە ياكى توخۇ شورپىسى بىلەن ئىچسە، بەلغەم، سەپرا ۋە بەدەندىكى سەۋدالارنى سۈرىدۇ، سەپرانى چىقىرىشتا سوقمونىيادىن كۈچلۈك ۋە زەرەرسىزدۇر.

3. قارا خەربەقنى مۇۋاپىق مىقدار ئېلىپ خېمىر قىلىپ، ئاق داغ ياكى سۆگەلگە چاپسا پايدا قىلىدۇ. جاراھەتلەرنىڭ بۇزۇق، ئارتۇق گۆشلىرىنى يوقىتىدۇ، زەرداب ئېقىپ تۇرىدىغان ناسۇرلارغىمۇ پايدا قىلىدۇ.

4. قارا خەربەقنى قايىنتىپ، زەھەرلىك ھاشاراتلار بار جايغا چاپسا ھاشاراتلار قاچىدۇ، بۇغدايغا ئوخشاش ئوزۇقلۇق دانلارنى قارا خەربەقنىڭ قايىنتىلغان سۈيىگە چىلاپ، ئۆچارقاناتلارغا ھەم باشقا ياۋايى ھايۋانلارغا بەرسە ئۆلتۈرىدۇ.

5. قارا خەربەقنى موم، كۈندۈر، زۇپتى بىلەن قوشۇپ ياكى ياغ، سۇ بىلەن قوشۇپ، قوتۇر كېسىلىگە چاپسا پايدا قىلىدۇ.

6. قارا خەربەقنى ئۈزۈم دەرىخىنىڭ تۈۋىگە ئۈندۈرۈپ، شۇ دەرەخنىڭ ئۈزۈمىدە شاراب تەييارلاپ ئىچسە ئىچىنى سۈرىدۇ.

7. قارا خەربەقتىن 10 گىرام، ھېلىلە، غارىقۇندىن يەتتە گىرامدىن، بەلىلە، ئامىلە 10 گىرامدىن، سانادىن 15 گىرام، رۇمبەدىياندىن 10 گىرام، تەرەنجىبىندىن 20 گىرام، سىيادانىدىن 10 گىرام، شېكەردىن 30 گىرام ئېلىپ، مەتبۇخ تەييارلاپ ئىچىپ بەرسە، غەيرىي تەبىئىي بەلغەم خىلتىنى سۈرىدۇ، ئاقكېسەلگە شىپا بولىدۇ.

8. كۆڭگۈرت سېرىقىدىن بەش گىرام، قارا خەربەقتىن ئۈچ گىرام، شەپەرەڭ مايىقىدىن 10 گىرام ئېلىپ، دورىلارنى بىرلەشتۈرۈپ مەلھەم تەييارلاپ چاپسا تېرىگە خال پەيدا قىلىدۇ.

[**ئىشلىتىش مىقدارى**] 1 ～ 1.5 گىرامغىچە، قىزىتمىدا 2 ～ 3 گىرامغىچە، سۇلۇق ئىششىق، ئىچ سۈرۈش ئۈچۈن 6 ～ 7 گىرامغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

[**زىيانلىق تەسىرى**] مىقدارىدىن ئاشۇرۇپ يېسە، ئادەمنى ئۆلتۈرىدۇ (ئادەتتە بۇنىڭ سەككىز گىرامى بىر ئادەمنى ئۆلتۈرۈپ قويىدۇ)، ئىسسىق مىزاج كىشىلەرگە ۋە بۆرەككە زىيان قىلىدۇ. بەدىنى ئاجىز ۋە ھامىلىدارلارغا بېرىلمەيدۇ. قۇستۇرىدۇ، ئەزالاردا تارتىشىش پەيدا قىلىدۇ، يۇتقۇنچاققا زىيانلىق.

[**تۈزەتكۈچىسى**] كەتىرا، سۆئتەر، يالپۇز، مەستىكى.

[**ئورۇنباسارى**] دوقۇ، پەتەر ئاسالىيۇن، ئاق خەربەق.

[**ۋەكىل خاراكتېرلىك پىششىق دورا ياسالمىسى**] مەجۇنى بەرەس، شەربىتى بەرەس.

[**دىققەت قىلىدىغان ئىشلار**] بۇنى ئىچكەندىن كېيىن ئىككى سائەتكىچە ئىسسىق (قىزىق) يېمەكلىكلەرنى يېيىش مەنئى قىلىنىدۇ.

www.uyghurkitap.com

# كۇنجۇت يېغى
## 困居提也合
## (芝麻油 zhi ma you)

[باشقا ئاتىشى] رەۋغىنى سىمسىم

[لاتىنچە نامى] Oleum Sesamum indicun

[ئىنگلىزچە نامى] sesame seed oil



كۇنجۇت

[تونۇش] بۇ، زىغىر ئائىلىسىدىكى ئۆسۈملۈك كۇنجۇتنىڭ پىشقان ئۇرۇقىدىن جۇۋاز بىلەن ئېلىنغان يېغىدىن ئىبارەت بولۇپ، رەڭگى سۈس سېرىق رەڭلىك ياكى ئالتۇن رەڭلىك، مايسىمان سۇيۇقلۇق، تەمى سۈس، پۇراقلىق بولىدۇ. (16.42 ـ رەسىم)

[چىقىش ئورنى] شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ھەممە جايلىرىدا تېرىپ ئۆستۈرۈلىدۇ.

[يىغىپ ساقلاش] قۇرۇق قۇتىلاردا ساقلىنىدۇ.

[خىمىيەلىك تەركىبى] كۇنجۇتنىڭ قارا رەڭلىك ئۇرۇقىنىڭ تەركىبىدە 60% مايلىق ياغ بار، ياغنىڭ ئاساسلىق تەركىبى ماي كىسلاتاسى، زىغىر كىسلاتاسى، خاسىڭ كىسلاتاسى، سېسامىن (Sesamin)، سېسامولىن (Sesamolin)، سېسامول (Sesamol)، ۋىتامىن E قاتارلىقلاردىن ئىبارەت. ئۇرۇقىدا يەنە يوپۇرماق كىسلاتاسى، نىكوتىن كىسلاتاسى، ئاقسىل، كۆپ مىقداردا كالتسىي قاتارلىقلار بار.

ئاق رەڭلىك كۇنجۇت يېغىنىڭ ئاساسلىق تەركىبى 48% ماي كىسلاتاسى، 37% زىغىر كىسلاتاسى قاتارلىقلاردىن ئىبارەت. يەنە ۋىتامىن E ۋە سېسامول قاتارلىقلار بار.

[فارماكولوگىيەلىك تەسىرى] بۇنىڭ تەركىبىدە تۇتقان سېسامىن پىرېترىننىڭ كۈچىنى ئاشۇرغۇچى تەسىرگە ئىگە. ئەگەر ئاقىرقەرھا ياسالمىسىغا 5% كۇنجۇت يېغى قوشۇۋېتىلسە، ئۇنىڭ قۇرت ئۆلتۈرۈش كۈچىنى ئاشۇرىدۇ.

[لايىقلاشتۇرۇلۇشى] ئىلغاپ ساپلاشتۇرۇپ، يۇيۇپ قۇرۇتۇلغان كۇنجۇتنى مەخسۇس ماي تارتىش ماشىنىسىدا يېغىنى ئېلىپ سۈزۈپ تەييارلىنىدۇ.

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە ھۆل ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى] تېرىنى ئوزۇقلاندۇرۇش، سۈت، مەنىي پەيدا قىلىش، باھنى قۇۋۋەتلەش، ھەيزنى راۋان قىلىش، بەدەننى سەمرىتىش، تېرىنى يۇمشىتىش، بوۋاسىرنىڭ قانىشىنى توختىتىش خۇسۇسىيىتى بار.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر] قۇرۇق يۆتەل، زىققە، گالنىڭ يىرىكلىكى، بوۋاسىر، سۇيدۈك تۇتۇلۇش، تەمرەتكە، تېرە كېپەكلىشىش، ھەيز توسۇلۇش، پالەچ، لەقۋا ۋە بوغۇم ئاغرىقى قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. كۇنجۇت يېغى بىلەن توخۇنىڭ شورپىسىنى بىرلەشتۈرۈپ ئىستېمال قىلسا، تۇغۇتنى ئاسانلاشتۇرىدۇ.

2. شاقاقۇلدىن 15 گىرام، كۇنجۇت، سۆئلەپ، تۇدەرىنىڭ ھەربىرىدىن 10 گىرام ئېلىپ، سوقۇپ تالقانلاپ ئىچسە،

بۆرەكنى قۇۋۋەتلەيدۇ.

3. كۇنجۇت يېغىدىن 10 گىرام، خىيارشەنبەردىن 15 گىرام، سانادىن 10 گىرام ئېلىپ بىرلەشتۇرۇپ شەربەت تەييارلاپ ئىچىپ بەرسە، ھەيزنى راۋان قىلىدۇ.

4. كۇنجۇت يېغىنى سىرتقى تەرەپتىن مايلىسا، بەدەننىڭ قۇرۇقلۇقىنى ياخشىلاپ، قىچىشىشنى توختىتىدۇ ھەم بوغۇم ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ.

[**ئىشلىتىش مىقدارى**] 5 ～ 7 گىرامغىچە.

[**زىيانلىق تەسىرى**] ئۈزۈندا ھەزىم بولىدۇ، ئاشقازاننى بوشاشتۇرۇۋېتىدۇ.

[**تۈزەتكۈچىسى**] پىياز سۈيى ۋە ئەرقى لىمون.

[**ئورۇنباسارى**] تاتلىق بادام يېغى.

[**پىششىق دورا ياسالمىسى**] ئىترىفىل كەبىر.

## سىيادان

## 斯亚旦

(**黑种草子** hei zhong cao zi)

[**باشقا ئاتىلىشى**] ھەببى ئەسۋەد، ھەببەتۇسسەۋدا، شۇنىز، سىيادانە، كۆلۈنچى

[**لاتىنچە نامى**] Semen Nigella glanduifera

[**ئىنگلىزچە نامى**] Glandular Fennel flower seed



سىيادان

[**تونۇش**] بۇ، ئېيىقتاپانلىقلار ئائىلىسىدىكى ئۆسۈملۈك سىيادانىنىڭ ئۇرۇقى بولۇپ، ئۈچ قىرلىق تۇخۇم شەكىللىك، سىرتى قارا، قوپال، ئۆزى قاتتىق، كەسمە يۈزى كۆل رەڭگە مايىل قارا، تەمى ئاچچىق، خۇش پۇراق كېلىدۇ. بۇ ئۆسۈملۈكنىڭ قۇرۇتۇلغان ئۇرۇقى «سىيادان» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ. (17.43 ـ رەسىم)

[**چىقىش ئورنى**] شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ھەممە جايلىرىدىن چىقىدۇ.

[**يىغىپ ساقلاش**] مېۋىسى پىشقاندا يىغىۋېلىنىپ، قۇرۇتۇپ، ئۇرۇقى ئاجرىتىۋېلىنىپ ساقلىنىدۇ.

[**خىمىيەلىك تەركىبى**] تەركىبىدە داماسىنىن (Damascinin)، ئۇچۇچان ياغ سېرولىن (Serolein)، ئامىنو كىسلاتا، مايلىق ياغ قاتارلىقلار بار.

[**فارماكولوگىيەلىك تەسىرى**] قان بېسىمىنى تۆۋەنلىتىش رولى بار؛ تەركىبىدىكى ياغ كاناپچىنىڭ قىسقىرىشىنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ؛ ئۇچۇچان ياغنىڭ يەنە جاراسىملارنى ئۆلتۈرۈش رولى بار؛ كىچىك چاشقان

www.uyghurkitap.com

تېرىسىدىكى ئەمچەكسىمان راك ۋە يۇمشاق توقۇلما راكىغا قارىتا تورمۇزلاش رولى بار؛ كىچىك چاشقاننىڭ قان قىزىل ئاقسىلى ۋە ئاق ھۈجەيرىسىنىڭ تۆۋەنلىشىنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ.

[**لايىقلاشتۇرۇلۇشى**] ئىلغاپ ساپلاشتۇرۇلىدۇ.

[**تەبىئىتى**] ئۈچىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[**خۇسۇسىيىتى**] تېرىنى قۇۋۋەتلەش، رەڭ ماددىسىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش، ئىششىق ياندۇرۇش، يەل ھەيدەش، ھەيز راۋانلاشتۇرۇش، ئاشقازاننى قۇۋۋەتلەش، پەيلەرنى چىگىتىش، تېرىگە جۇلا بېرىش، سۈت پەيدا قىلىش، سۈيدۈك ھەيدەش، چاچنى قارايتىش، چاچ يىلتىزىنى چىگىتىش، ئاغرىق توختىتىش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە.

[**ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر**] چاچ ئاقىرىپ كېتىش، بەرەس، قورساق ئېسىلىش، زۇكام، قۇلۇنجى، سۇلۇق ئىششىق، ھەيز تۇتۇلۇش، پەي بوشاپ كېتىش، مېڭە ئاجىزلىقى، ئۇنتۇغاقلىق، پالەچ، تىترىمە كېسەل قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[**ئىشلىتىش ئۇسۇلى**]

1. سىيادان تالقىنىدىن ئىككى گىرام ئىچسە، قورساق ئېسىلىشنى ياخشىلايدۇ.

2. سىيادانىنى مۇۋاپىق مىقداردا ئېلىپ چالا سوقۇپ، ئازراق سۇدا قاينىتىپ ئىچسە، ھەيزنى راۋان قىلىدۇ.

3. سىيادان سۇفۇپىدىن ئىككى گىرام ئېلىپ، ھەسەل قوشۇپ يېسە، پەي كېسەللىكلىرىگە پايدا قىلىدۇ، داۋاملىق نانغا سېلىپ ياكى سۇفۇپىنى ئىستېمال قىلسا، چاچ ئاقىرىشنى توختىتىدۇ.

4. سىيادان يېغىنى قايناق سۇغا تېمىتىپ ئىچكۈزسە ياكى يېغى بىلەن چاچنى ياغلىسا، چاچ ئاقىرىشنى توختىتىدۇ.

5. سىيادان، قارا خەربەق، ھېلىلە، بەلىلە، ئامىلە، رۇمبەديان قاتارلىقلاردىن 10 گىرامدىن، غارىقۇندىن يەتتە گىرام، تەرەنجىبىندىن 20 گىرام، شېكەردىن 30 گىرام ئېلىپ مەتبۇخ تەييارلاپ ئىچىپ بەرسە، نورمالسىز بەلغەمنى سۈرۈپ، ئاقكېسەلگە مەنپەئەت قىلىدۇ.

[**ئىشلىتىش مىقدارى**] 3 ~ 10 گىرامغىچە.

[**زىيانلىق تەسىرى**] ئىسسىق مىزاج كىشىلەرگە ۋە بۆرەككە زىيان قىلىدۇ. يۈتقۇنچاق ياللۇغى ۋە باش قېيىشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

[**تۈزەتكۈچىسى**] كەتىرا، كۈنجۈت.

[**ئورۇنباسارى**] سېرىقچېچەك ئۇرۇقى، رۇمبەديان.

[**ۋەكىل خاراكتېرلىك پىششىق دورا ياسالمىسى**] سىيادان ئوكۇلى، مەجۇنى كەلكىلانەج، ھەببى ھىلتىت، جاۋارىش شۇنىز، سىيادان يېغى، سىيادان چاچ ئۆستۈرۈش سۇيۇقلۇقى.

[**دىققەت قىلىدىغان ئىشلار**] ئىسسىق مىزاج كىشىلەرگە ئىشلەتكەندە، سىركىگە چىلاپ ئىشلىتىش كېرەك؛ بۆرەككە زىيانلىق بولۇپ، كەتىرا قوشۇپ بېرىلسە، بۆرەككە زىيانلىق تەسىرى ئازىيىدۇ.

# بىلسان يېغى

## 白勒桑也合

### （麦加没药树脂　mai jia mo yao shu zhi）

[باشقا ئاتىلىشى] دەھەنۇ بىلسان، رەۋغەنى بىلسان، بىلسان كى تىل

[لاتىنچە نامى] Oleum Commiphora myrrha

[ئىنگلىزچە نامى] Oil Mecca myrrh tree

[تونۇش] بۇ، زەيتۇن دەرىخى ئائىلىسىدىكى ئۆسۈملۈك بىلسان دەرىخىنىڭ ياغچىنى تىلغاندا ئېقىپ چىققان ياغ بولۇپ، سېرىق رەڭدە، سۈزۈك، تەمسىز، پۇرىقى سۇس، «بىلسان يېغى» نامىدا بىلەن دورىغا ئىشلىتىلىدۇ. (43.18 ـ رەسىم)

[چىقىش ئورنى] مىسىر، سۈرىيە قاتارلىق ئەرەب ئەللىرىدىن چىقىدۇ.

[يىغىپ ساقلاش] بۇ دەرەخنىڭ يېغىنى ئېلىپ تازىلاپ، سالقىن جايدا ساقلىنىدۇ.

[تەبىئىتى] ئۈچىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى] تېرىنى قۇۋۋەتلەش، زەخمىلەرنى پۈتتۈرۈش، ئاشقازان، جىگەر ۋە مېڭىنى قۇۋۋەتلەش، ئىششىق ياندۇرۇش، پەي بوشىشىنى ياخشىلاش، بەلغەم بوشىتىش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر] ئاشقازان ۋە جىگەر ئاجىزلىقى، پالەچ، لەقۋا، يۆتەل، زىققە، ئۆپكە ياللۇغى، سۆزنەك كېسىلى قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. بىلسان يېغىدىن 10 گىرامنى مۇۋاپىق مىقداردىكى سۇتكە قويۇپ ئىچسە، جىگەر ۋە مېڭىنى قۇۋۋەتلەيدۇ.

2. بىلسان يېغىدىن مۇۋاپىق مىقداردا ئېلىپ، يەرلىك ئورۇننى ياغلاپ بەرسە پالەچ، لەقۋا كېسەللىكلىرىگە مەنپەئەت قىلىدۇ.

3. ئاسارۇن، ئېگىرنىڭ ھەربىرىدىن 10 گىرام ئېلىپ، بىلسان يېغىدا قائىدە بويىچە مەلھەم تەييارلاپ سىرتىدىن چاپسا، پالەچ، لەقۋاغا مەنپەئەت قىلىدۇ.

4. بىلسان يېغىدىن كۆندە مۇۋاپىق مىقداردا ئېلىپ ئىچىپ بەرسە، سۆزنەككە مەنپەئەت قىلىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] 1 ～ 2 گىرامغىچە.

[زىيانلىق تەسىرى] ھامىلىدار ئاياللارغا بېرىلمەيدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] كاۋا يېغى، كاھۇ يېغى.

[ئورۇنباسارى] سەندەل يېغى، قەلەمپۇر يېغى.

[ۋەكىل خاراكتېرلىك پىششىق دورا ياسالمىسى] تەرياقى پارۇق.

تۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# شەترەنجى
## 谢提然吉
## (白花丹根 hua dan gen)

[باشقا ئاتىلىشى] شاتىرەنجى ھىندى، شەترەنجى، چەترەك، چىيتە، چىيتا

[لاتىنچە نامى] Radix et Folium Plumbagoltta zeylanica

[ئىنگلىزچە نامى] Plumbago Leadword Root or leat


شەترەنجى

[تونۇش] بۇ، شەترەنجى ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق پىلەكلىك چاتقالسىمان سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك شەترەنجىنىڭ يىلتىزى بولۇپ، بۇ ئۆسۈملۈكنىڭ يىلتىزى «شەترەنجى» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ. بۇ خىل يىلتىز شەترەنجى ھىندى ۋە شەترەنجى شامى دەپ ئىككى خىل بولىدۇ. ئادەتتە ھىندىستىننىڭ غولى ئىنچىكە، شامىنىڭ تومراق بولۇپ، ئوردانغا ئوخشايدۇ، رەڭگى كۈل رەڭگە مايىل يېشىل، تەمى ئاچچىق، ئۆزى خۇش پۇراق كېلىدۇ. (43. 19 ـ رەسىم)

[چىقىش ئورنى] ئېلىمىزنىڭ شەرقىي جەنۇبى ۋە ھىندىستان، سۈرىيە قاتارلىق جايلاردىن چىقىدۇ.

[يىغىپ ساقلاش] يىل بويى يىغىۋالغىلى بولىدۇ.

[خىمىيەلىك تەركىبى] يىلتىزىنىڭ تەركىبىدە پىلۇمباگىن (Plumbagin) تۇتىدۇ. يەنە ئاقسىل فېرمېنتلىرى، قومۇش شېكىرى فېرمېنتى، گلۇكوزا، مېۋە قەنتى بار.

[فارماكولوگىيەلىك تەسىرى] مەركىزىي نېرۋا سىستېمىسىنى قوزغىتىدۇ، مىقداردىن ئېشىپ كەتسە پالەچلەندۈرىدۇ، باكتېرىيەگە قارشى تۇرۇش رولى بار.

[لايىقلاشتۇرۇلۇشى] توغراپ، ئىلغاپ ساپلاشتۇرۇلىدۇ.

[تەبىئىتى] ئۈچىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى] تېرىنى قىزىلقۇۋەتلەش، چىرايىنى پارقىرىتىش، تېرىلەرنى قىزارتىش، غىدىقلاش، پەي ـ مۇسكۇللارنى چىڭىتىش، ھەزىمنى ياخشىلاش، باھنى قۇۋۋەتلەش، قويۇق خىلتلارنى سۈرۈش، ئاۋازنى ساپ قىلىش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر] پالەچ، لەقۋا، پەي ـ مۇسكۇللار بوشاپ كېتىش، ھەزىم ئاجىزلىقى، بوغۇم ئاغرىقى، بەل ئاغرىقى، بەرەس، بەھەق، قىچىشقاق، تەمرەتكە، تېرە قاسراقلىشىش قاتارلىقلارغا

ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. شەترەنجى ۋە سامساقتىن 10 گىرامدىن، بابچىدىن يەتتە گىرام، زەيتۇن يېغىدىن 10 گىرام، ئېلىپ، مەلھەم تەييارلاپ چېپىپ بەرسە، بەرەس، بەھەققە مەنپەئەت قىلىدۇ.

2. شەترەنجى، ئاقىرقەرھادىن 10 گىرامدىن، قارىمۇچتىن بەش گىرامنى ئىككى دانە تۇخۇم سېرىقى بىلەن قوشۇپ سۇفۇپ قىلىپ بەرسە، باھ ئاجىزلىقىغا مەنپەئەت قىلىدۇ.

3. شەترەنجى، ھۇماما، بەدىيان، زەنجىۋىل قاتارلىقلاردىن 10 گىرامدىن، ئاقىرقەرھادىن يەتتە گىرام، تۇربۇتتىن بەش گىرام، ھەسەلدىن ئىككى ھەسسە ئېلىپ، مەجۇن تەييارلاپ بەرسە، بەدەندىكى غەيرىي تەبىئىي خىلىتنى سۈرىدۇ.

4. سىركە بىلەن قوشۇپ شۈمۈپ بەرسە ياكى يەرلىك ئورۇنغا تېڭىپ بەرسە، بوغۇم ئاغرىقىغا ياخشى مەنپەئەت قىلىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] 2 ~ 10 گىرامغىچە.

[زىيانلىق تەسىرى] ئۆپكىگە زىيانلىق.

[تۈزەتكۈچىسى] ئەرەب يېلىمى، مەستىكى.

[ئورۇنباسارى] تال كېسەللىكلىرىدە سىيادان، باشقا كېسەللىكلەردە ئوردان، زورەمبات.

[ۋەكىل خاراكتېرلىك پىششىق دورا ياسالمىسى] ئىتىرىفىل دىدان، ھەببى شەترەنجى، ماددەتۇلھايات، مەجۇنى سوم.

## قىزىل قىچا

## 克孜力克恰

## (红芥子 hong jie zi)

[باشقا ئاتىلىشى] خەردەل، رائى

[لاتىنچە نامى] Semen Brassica junceea

[ئىنگلىزچە نامى] Indian mustard seed

[تونۇش] بۇ، كىرىست گۈللۈكلەر ئائىلىسىدىكى ئۆسۈملۈك قىزىل قىچىنىڭ ئۇرۇقى بولۇپ، پىشقاندا يىغىۋېلىنىدۇ، رەڭگى قىزىل، چامغۇر ئۇرۇقىغا ئوخشايدۇ، تەمى ئاچچىق بولىدۇ. (43.20 ـ رەسىم)

[چىقىش ئورنى] شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن چىقىدۇ.

[يىغىپ ساقلاش] بۇ ئۆسۈملۈكنىڭ مېۋىسى پىشقاندىن كېيىن قۇرۇتۇپ ئۇرۇقىنى يىغىۋېلىپ، پاكىز تازىلاپ، قۇرۇق ھەم سالقىن جايدا ساقلىنىدۇ.

[خىمىيەلىك تەركىبى] تەركىبىدە قىزىل قىچا گىلۇكوزىدى، قىزىل قىچا فېرمېنتى، قىچا كىسلاتاسى،

قىچا ئىشقارى، ماي، ئاقسىل، چاپلىشاڭغۇ ماددا، كۆپ خىل ماي كىسلاتاسى بار.

[فارماكولوگىيەلىك تەسىرى] ئاغرىق پەسەيتىش، تېرىنى قاپارتىش، غىدىقلىنىشقا قارشى تۇرۇش، ئاشقازاننى غىدىقلاپ، ھەزىم قىلىش سۇيۇقلۇقىنىڭ ئاجرىلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش تەسىرى بار.

[لايىقلاشتۇرۇلۇشى] ئىلغاپ ساپلاشتۇرۇلىدۇ.

[تەبىئىتى] ئۈتىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى] تېرىنى قىزارتىش، تېرىنى قىزارتىش، قاننى جانلاندۇرۇش، ئاشقازان ۋە باھنى قۇۋۋەتلەش، بەدەندىكى ئارتۇق ھۆللۈكنى قورۇتۇش، يەل ھەيدەش، بەدەننى قىزىتىش خۇسۇسىيىتى بار.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر] ئاشقازان ۋە باھ ئاجىزلىقى، ئاقكېسەل، بەھەق، تۇتقاقلىق كېسەل، پالەچ، ئىستىرخا، ھەزىم ئاجىزلىقى قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. قىزىل قىچا بىلەن سامساقنى سوقۇپ، قىز تۇغقان ئايالنىڭ سۈتى بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ، يەرلىك ئورۇنغا چېپىپ بەرسە، بەرەس ۋە بەھەق كېسەللىگە شىپا قىلىدۇ.

2. قىزىل قىچا، سۆئەلەپ مىسرىدىن 15 گىرامدىن، ئاقىرقەرھادىن 10 گىرام، ھەسەلدىن 120 گىرام ئېلىپ، قائىدە بويىچە مەجۇن تەييارلاپ يەپ بەرسە، قاننى جانلاندۇرۇپ، پالەچ، ئىستىرخا ۋە ئاشقازان ئاجىزلىقىغا مەنپەئەت قىلىدۇ. باھنى قوزغايدۇ ۋە قۇۋۋەتلەيدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] 3~6 گىرامغىچە.

[زىيانلىق تەسىرى] گالنى قۇرۇتىدۇ، ئۇسسۇزلۇق پەيدا قىلىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] تەمرىھىندى.

[ئورۇنباسارى] زاغۇن.

[ۋەكىل خاراكتېرلىك پىششىق دورا ياسالمىسى] مەجۇنى بەرەس.

## سىيادان يېغى

## 斯亚旦也合

(黑种草子油 hei zhong cao zi you)

[باشقا ئاتىلىشى] رەۋغىنى شۇنىز، رەۋغىنى سىياھدان

[لاتىنچە نامى] Oleum Semen Nigella glandulifera

[ئىنگلىزچە نامى] Oil Seed of Nigella sativa

[تونۇش] بۇ، ئېيىقتاپانلىقلار ئائىلىسىدىكى ئۆسۈملۈك سىيادانىنىڭ قۇرۇتۇلغان ئورۇقىنىڭ جوۋازدا تارتىپ ئېلىنغان يېغىدىن ئىبارەت بولۇپ، قارىغا مايىل قوڭۇر رەڭدە، تەمى ئاچچىق، خۇش پۇراق كېلىدۇ. (43.21 ـ رەسىم)



سيادان

[**يىغىپ ساقلاش**] قۇرۇق قۇتىغا ئېلىپ ئاغزىنى ھىم ئېتىپ، سالقىن، قۇرغاق جايدا ساقلىنىدۇ.

[**خىمىيەلىك تەركىبى**] تەركىبىدە ئۇچۇچان ياغ تۇتىدۇ، ئۇنىڭدىن باشقا يەنە مايلىق ياغ قاتارلىقلار بار.

[**فارماكولوگىيەلىك تەسىرى**] تېرىنىڭ ماددا ئالمىشىشىنى ياخشىلاش، تۇك خالتىلىرىنى قۇۋۋەتلەش، سىلىقلاشتۇرۇش تەسىرى بار.

[**لايىقلاشتۇرۇلۇشى**] سىقىپ مېيىنى ئېلىش ئارقىلىق لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

[**تەبىئىتى**] ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[**خۇسۇسىيىتى**] تېرىگە رەڭ پەيدا قىلىش، تېرىنى قىزارتىش، چاچ قارايتىش، ئىششىق ياندۇرۇش، تېرىگە جۇلا بېرىش قاتالرىق خۇسۇسىيەتلىرى بار.

[**ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر**] چاچ چۈشۈش، چاچ ئاقىرىش، ئاقكېسەل، گۈللۈك تەمرەتكە، چوڭ - كىچىك بوغۇم ئاغرىقى قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[**ئىشلىتىش ئۇسۇلى**]

1. سىيادان يېغىدا كۈندە بىرقانچە قېتىم چاچنى مايلاپ بەرسە، مۇددەتتىن بۇرۇن چاچ چۈشۈش، چاچ ئاقىرىش كېسەللىكىگە مەنپەئەت قىلىدۇ.

2. سىيادان يېغىغا ئاقىرقەرھا، ئادراسمان ئۇرۇقى قاتارلىقلارنىڭ تالقىنىنى قوشۇپ ئاپتاپتا ئېرىتىپ، سىرتىدىن يەرلىك ئورۇنغا سۈركەپ بەرسە، قان ئايلىنىشنى جانلاندۇرۇپ، ئاقكېسەل، بوغۇم ئاغرىقى، گۈللۈك تەمرەتكە قاتارلىقلارنى داۋالايدۇ ھەم تېرىگە رەڭ پەيدا قىلىدۇ.

[**ئىشلىتىش مىقدارى**] مۇۋاپىق مىقداردا.

[**زىيانلىق تەسىرى**] ئىسسىقچان كىشىلەرنىڭ بېشىنى ئاغرىتىدۇ.

[**تۈزەتكۈچىسى**] گۈل يېغى.

[**ئورۇنباسارى**] ئامىلە، قۇستە يېغى.

[**پىششىق دورا ياسالمىسى**] چاچ قارايتىش مېيى.

## ئەنجۈر يوپۇرمىقى
## 安居尔优普木密克
## (无花果叶 wu hua guo ye)

[**باشقا ئاتىلىشى**] بەرگى ئەنجىر، ئەنجىركا پەتتى

[**تونۇش**] بۇ ھەممىگە تونۇشلۇق بولغان ئۈجمە ئائىلىسىدىكى ئۆسۈملۈك ئەنجۈرنىڭ يوپۇرمىقى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

بولۇپ، يوپۇرمىقى قېلىن، يوغان، ئالقان شەكلىدە. بۇ-نىڭ يوپۇرماق ۋە يوپۇرماق بېغىشلىرىدىن بىر خىل ئاق رەڭلىك سۈتتەك سۇيۇقلۇقى چىقىدۇ، بۇ سۇيۇقلۇق «ئەن-جۈر سۈتى» ۋە يوپۇرمىقى «ئەنجۈر يوپۇرمىقى» نامىدا دورى-لىققا ئىشلىتىلىدۇ. (22.43 - رەسىم)



ئەنجۈر يوپۇرمىقى

[چىقىش ئورنى] شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن تېپىلىدۇ.

[يىغىپ ساقلاش] ياز، كۈز پەسلىدە يىغىۋېلىنىپ، قۇر-غاق، سالقىن جايدا ساقلىنىدۇ.

[لايىقلاشتۇرۇلۇشى] ئەنجۈر يوپۇرمىقىنى يۇيۇپ، توغراپ، قۇرۇتۇپ لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

[تەبىئىتى] ئۈچىنچى دەرىجىدە ھۆل ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى] ئەنجۈر يوپۇرمىقىنىڭ ھۆل ۋاقتىدىكى سۈتى ۋە قىش ياكى ئەتىياز پەسىللىرىدە قۇرۇتۇلغان ئەنجۈر يوپۇرمىقى داغ، سەپكۈننى يوقىتىش، تېرە قان ئايلىنىشىنى ياخشىلاش، تېرىنى پارقىرىتىش، قىچىشىشنى پەسەيتىش، چاچ چۈشۈشنىڭ ئالدىنى ئېلىش، زەھەر قايتۇرۇش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر] ھەر خىل داغ ۋە سەپكۈن، بەرەس، بەھەق، تېرە قىچىشىش، يەلتاشما، كۆز ئەتراپى چىقىش، چاچ چۈشۈش، سۇنۇق پۇتمەسلىك، مەقئەت ئەتراپى قان تومۇرلىرى توسۇلۇش، غەلجىر ئىت چىشلىۋېلىش ۋە زەھەرلىك ھاشارات چېقىۋېلىش قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. ئەنجۈر يېڭى يوپۇرمىقىنى ئېزىپ قائىدە بويىچە زىمات قىلسا جاراھەتنى پۈتتۈرىدۇ، قاينىتىلمىسىدا ھەر خىل يارىلارنى يۇسا شىپا قىلىدۇ، باشنى يۇسا چاچ چۈشۈشكە مەنپەئەت قىلىدۇ.

2. ئەنجۈرنىڭ يېڭى يوپۇرمىقىنى خېمىر قىلىپ، ئىت چىشلىگەن جايغا تاڭسا ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ، تەكرار تېڭىلسا كونا يارىلارنى ساقايتىدۇ.

3. ئەنجۈر يوپۇرمىقى سۈيىدە پەرلىك ئورۇننى يۇيۇپ بەرسە، ھەر خىل داغ، سەپكۈن، ئاقكېسەل قاتارلىقلارغا مەنپەئەت قىلىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] 10 ~ 30 گىرامغىچە ئىشلىتىشكە بولىدۇ.

[زىيانلىق تەسىرى] ئەنجۈر سۈتى تېرىدە زەخىم پەيدا قىلىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] يۇمغاقسۈت كۆكى.

[ئورۇنباسارى] بابۇنە گۈلى.

[ۋەكىل خاراكتېرلىك پىششىق دورا ياسالمىسى] زىماتى بابۇنە.

# چىگىت يېغى

## 其格提也合

（棉子油　mian zi you）

**[باشقىچە ئاتىلىشى]** رەۋغىنى پىنبەدانە

**[لاتىنچە نامى]** Oleum Gossypium Semen

**[ئىنگلىزچە نامى ]** Cotton Oil



كېۋەز غوزىسى

**[تونۇش]** بۇ، لەيلىگۈل ئائىلىسىدىكى بىر يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك ياكى چاتقال كېۋەزنىڭ پىشقان ئۇرۇقىدىن جوۋازدا تارتىش ئارقىلىق ئېلىنغان يېغىدۇر. رەڭگى سۇس سېرىق رەڭلىك، تەمى سۇس، پۇرىقى ئاجىز بولىدۇ. (23.43 ـ رەسىم)

**[يىغىپ ساقلاش]** قۇرۇق قۇتىغا قاچىلاپ، ئاغزىنى ھىم ئېتىپ سالقىن جايدا ساقلىنىدۇ.

**[چىقىش ئورنى]** شىنجاڭنىڭ كۆپلىگەن جايلىرىدىن چىقىدۇ.

**[خىمىيەلىك تەركىبى]** مېغىزنىڭ تەركىبىدە %40～%35 كىچە ياغ بار، يېغىنىڭ تەركىبىدە ھەر خىل گىلىستېرىدلارنىڭ ئارىلاشما ماددىلىرى بار.

**[تەبىئىتى]** ئىككىنچى دەرىجىدە ھۆل ئىسسىق.

**[خۇسۇسىيىتى]** بەدەننى سەمرىتىش، بەلغەم بوشىتىش، داغ، سەپكۈننى چۈشۈرۈش، تېرىنى پارقىرىتىش، يۆتەل پەسەيتىش، ئوزۇقلۇق بولۇش تەسىرىگە ئىگە.

**[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر]** باش ئاغرىقى، سۈت كەملىك، باھ ئاجىزلىقى، يۈزدىكى داغ قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

**[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]** بۇ ياغ ئىنسانلار تاماق ئېتىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان ياغلاردىن بولۇپ، ئۇ زەيتۇن يېغىنىڭ ئورنىدىمۇ ئىشلىتىلىدۇ ھەم سىرتتىن مايلاش ئۇسۇلى بىلەن ئىشلىتىلسىمۇ، يۇقىرىقى كېسەللىكلەرگە پايدا قىلىدۇ. ھەر خىل مەلھەملەردە ئاساسىي ياغ ماددىسى قىلىنىدۇ.

**[ئىشلىتىش مىقدارى]** 5 ～ 15 مىللىلىتىرغىچە.

**[زىيانلىق تەسىرى]** ئاشقازانغا زىيان قىلىدۇ.

**[تۈزەتكۈچىسى]** پىننە، بەدىيان.

**[ئورۇنباسارى]** زەيتۇن يېغى.

**[ۋەكىل خاراكتېرلىك پىششىق دورا ياسالمىسى]** ھەر خىل زىماتلار.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# غار - غار
## 格尔格尔
(月桂树 yue gui shu)

[**باشقا ئاتىلىشى**] غار، ۋەھمەشت، غار - غار

[**لاتىنچە نامى**] Laurus nobilis

[**ئىنگلىزچە نامى**] baytree, laurel

[**تونۇش**] بۇ، ئېگىزلىكى 9 ~ 12 مېتىرغىچە ئۆسىدىغان، دائىم ياشىرىپ تۇرىدىغان، قوۋزىقى قارىغا مايىل، يوپۇرماقلىرى نۆۋەتلىشىپ ئۆسىدىغان، مىڭ يىل ئۆمۈر كۆرىدىغان بىر خىل ياغاچ غوللۇق دەرەخ بولۇپ، يۇنان خەلقى بۇنى ھۆرمەتلەپ، بۇنىڭ شېخىنى ئۆزى بىلەن ھەمراھ قىلىدۇ، ئۇلارنىڭ ھۆكۈمالدىرى بۇ دەرەخنىڭ ياغىچىدىن تاج قىلىدۇ، بۇ دەرەخنىڭ يوپۇرمىقى سۆگەتنىڭ يوپۇرمىقىدىن يۇمشاق ۋە ئۇستۇنرەك، ئاچچىق، خۇشبۇي، ئەنجۈرنى بۇنىڭ بىلەن ساقلىسا خۇشبۇي قىلىدۇ. بۇ دەرەخ تاغنىڭ ۋە تۈزلەڭلىكنىڭ دەپ ئىككى خىل بولىدۇ، تاغدا بولىدىغىنىنىڭكى يوپۇرمىقىدىن تۈزلەڭلىكتە بولىدىغىنىنىڭ يوپۇرمىقى ئىنچىكىرەك بولىدۇ. بۇ دەرەخنىڭ مېۋىسىنى يۇنان تىلىدا «زاقىنى»، پارس تىلىدا «ۋەھمەشت» دېيىلىدۇ، بۇ دەرەخ مېۋىسىنىڭ چوڭلۇقى پىندۇق چوڭلۇقىدا بولىدۇ، بۇ مېۋىنىڭ پوستى نازۇك، رەڭگى قارا، مېغىزى ئىككى پارچە بولۇپ، مېغىزىنىڭ رەڭگى سېرىق، ياغلىق، خۇشبۇي كېلىدۇ، كونىرىسا مېغىزىنىڭ رەڭگى قىزىلغا مايىل، رەڭگى تۇتۇق بولۇپ قالىدۇ، قارىسى ناچار ھېسابلىنىدۇ، مۇشۇ دەرەخنىڭ مېۋىسى ۋە يوپۇرمىقى «غار - غار» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ.

بۇ دەرەخ ئەسلى جەنۇبىي ياۋروپا ۋە غەربىي ئاسىيادىكى ئەللەردىن چىقاتتى، ھازىر ئېلىمىزنىڭ دېڭىز بويلىرىدىكى شەھەرلەردە ئۆستۈرۈلىدۇ.

[**چىقىش ئورنى**] ئېلىمىزنىڭ گۇاڭدۇڭ، فۇجيەن، جياڭسۇ، گۈيجۇ، سىچۈەن قاتارلىق ئۆلكىلىرىدىن چىقىدۇ، شىنجاڭنىڭ باغلىرىدا تېرىپ ئۆستۈرۈلىدۇ، ئۇنىڭدىن باشقا يەنە چەت ئەللەردىنمۇ چىقىدۇ.

[**يىغىپ ساقلاش**] ئەتىياز ۋە ياز پەسلىدە گۈلى ئېچىلىدۇ، گۈلى ئېچىلغاندا يىغىۋېلىپ گۈل بەرگىنى ئايرىپ، سايىغا يېيىپ قۇرۇتۇپ، قۇرۇق ئورۇندا ساقلىنىدۇ.

[**خىمىيەلىك تەركىبى**] يوپۇرمىقى بىر خىل ئۇچۇچان ماي تۇتىدۇ، ماينىڭ ئاساسىي تەركىبى تىسىنبول، تىسرانپول ۋە پىنىنلەردىن ئىبارەت. مېۋىسىدىمۇ ئۇچۇچان ماي، سېرولېين (Serolein)، ئاقسىل، پىنتوزان قاتارلىقلار بار.

[**لايىقلاشتۇرۇلۇشى**] ساپلاشتۇرۇش، قۇرۇتۇش ئارقىلىق لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

[**تەبىئىتى**] ئۆزىنىڭ تەبىئىتى ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق، مېۋىسى يوپۇرمىقىدىن ئىسسىقراق، پوستى بىلەن مېۋىسىنىڭ تەبىئىتى باشقا ئەزالىرىنىڭ تەبىئىتىدىن قۇرۇقراق، بۇنىڭ يېغى قالغان ئەزالىرىدىن ئىسسىقراق.

[**خۇسۇسىيىتى**] داغ ۋە سەپكۈن يوقىتىش، غەيرىي تەبىئىي بەلغەم، سەۋدا خىلتىنى تازىلاش، خۇشلۇق كەلتۈرۈش، ئەزالارنى قۇۋۋەتلەش، سۈيدۈك ۋە ھەيزنى راۋانلاشتۇرۇش، زەھەر قايتۇرۇش، ئاغرىق

پەسەيتىش خۇسۇسىيىتى بار.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر] سەرئى، مالىخولىيا، نېرۋا ئاجىزلىقى، شەقىقە، قان تومۇر تومۇلۇش، سوغۇقتىن بولغان قۇلاق ئاغرىقى، چىش ئاغرىقى، كۆكرەكتىكى سوغۇقتىن بولغان كېسەللىكلەر، ئۆپكە جاراھەتلىرى، كونا يۆتەل، تال، قورساق، جىگەر كېسەللىكلىرى، ئۈچەي جاراھەتلىرى، سۈيدۈك ۋە ھەيز راۋان بولماسلىق، بالىياتقۇ كېسەللىكى، داغ ۋە سەپكۈن قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. غار ـ غار يوپۇرمىقىنى قاينىتىپ، سۈيى بىلەن ئېغىزنى يۇسا، چىش ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ.

2. غار ـ غار يوپۇرمىقى بىلەن ئۇرۇقىنى ھەسەل بىلەن قوشۇپ ياكى تىللا ۋاراق بىلەن قوشۇپ يالانچۇق تەييارلاپ يالىسا، كۆكرەكنىڭ سوغۇقتىن بولغان كېسەللىرىگە پايدا قىلىدۇ.

3. غار ـ غارنى سىركەنجىۋىل بىلەن يالانچۇق تەييارلاپ يالىسا، كۆكرەكنىڭ ئىسسىقتىن بولغان كېسەللىكلىرىگە پايدا قىلىدۇ.

4. غار ـ غار ئۇرۇقىنى ھەسەل بىلەن قوشۇپ ئىچسە، قويۇق يەللەرنى ھەيدەيدۇ، قورساق ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ، تال، جىگەر ۋە ئۈچەي كېسەللىرىگىمۇ پايدا قىلىدۇ.

5. غار ـ غار يېغىنى ئۈزۈم ھارىقى بىلەن قوشۇپ ئىچسە، جىگەر ئاغرىقىنى يوق قىلىدۇ.

6. غار ـ غار ئۇرۇقىدىن سەككىز گىرامنى ئېزىپ سۇ بىلەن ئىچسە، كىندىك ئەتراپىدىكى ئاغرىقلارنى دەرھال پەسەيتىدۇ، بۇنىڭ يېغى ھەيز ۋە سۈيدۈكنى راۋان قىلىدۇ.

7. غار ـ غار يوپۇرمىقىنىڭ قاينىتىلغان سۈيىنى ئىچسە، دوۋساق كېسەللىكلىرى ۋە بالىياتقۇ كېسەللىكلىرىگە مەنپەئەت قىلىدۇ.

8. غار ـ غار يوپۇرمىقىنى قاينىتىپ، سۈيىدە بەدىنى كۆيمىگۈدەك قىلىپ ئولتۇرسا، بۆرەك، دوۋساق ۋە بالىياتقۇ كېسەللىكلىرىگە پايدا قىلىدۇ.

9. غار ـ غار يېغى بىلەن ياغلانسا، جۇغ ـ جۇغنى يوقىتىدۇ، زەھەرلىك ھاشاراتنىڭ چاققان زەھىرىنى قايتۇرىدۇ.

10. غار ـ غار ئۇرۇقىنى ئېزىپ ھەرە ۋە ھەسەل ھەرىسى چاققان يەرگە سۈركىسە، ئاغرىق پەسەيتىدۇ، ئىششىق ياندۇرىدۇ، ئۇرۇقى ياكى يېغىنى ئىچسە ياكى يېغى بىلەن ياغلانسا، چوڭ بوغۇملار ئاغرىقى، بەل ئاغرىقىغا پايدا قىلىدۇ.

11. غار ـ غار ئۇرۇقىنى ئېزىپ شاراب بىلەن قوشۇپ، داغ ۋە سەپكۈنلەرگە چاپسا، داغ ۋە سەپكۈنلەرنى ھەم ئۇنىڭ ئىزىنى يوق قىلىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] يوپۇرمىقى بىلەن ئۇرۇقىنىڭ ئىشلىتىلىشى ئوخشاشلا ئىككى گىرامغىچە.

[زىيانلىق تەسىرى] ئۇرۇقى ۋە يېغى ئاشقازاننى بوشاشتۇرۇپ، كۆڭۈلنى ئېلىشتۇرىدۇ، قۇستۇرىدۇ، كۆكرەككە زىيان قىلىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] قارىمۇچ، بەدىيان.

[ئورۇنباسارى] ھەببۇلمۇلۇك، سازەج، ئەگەر بۇلار تېپىلمىسا ئاچچىق بادام.

[ۋەكىل خاراكتېرلىك پىششىق دورا ياسالمىسى] غار ـ غار قاينىتىلمىسى.

www.uyghurkitap.com

# نەغەز گۈلى ئۇرۇقى
# 那盖孜古丽欧如合
## （水仙子 shui xian zi）

[باشقىچە ئاتىلىشى] بەزرۇل نەرجىسى، تۇخۇمى نەرگىس، نەرگىس كى بىج

[لاتىنچە نامى] Seemen Narcissus chinensis

[ئىنگلىزچە نامى] Chinese Narcissus seed


نەغەز گۈلى

[تونۇش] بۇ، نەرگىس ئائىلىسىدىكى ئۆسۈملۈك نەرگىسنىڭ قۇرۇتۇلغان ئۇرۇقىدىن ئىبارەت. ئۇرۇقى كۆپ، ياپىلاق ئېللىپىس شەكىللىك، رەڭگى قارا رەڭدە بولىدۇ، تەمى تېتىقسىز، خۇش پۇراق كېلىدۇ. (24.43 ـ رەسىم)

[چىقىش ئورنى] ئېلىمىزنىڭ گۇاڭدۇڭ، فۇجيەن، جياڭسۇ، گۈيجۇ، سىچۇەن قاتارلىق ئۆلكىلىرىدىن چىقىدۇ، شىنجاڭنىڭ باغلىرىدا تېرىپ ئۆستۈرۈلىدۇ، ئۇنىڭدىن باشقا يەنە چەت ئەللەردىنمۇ چىقىدۇ.

[يىغىپ ساقلاش] بۇ ئۆسۈملۈكنىڭ مېۋىسى پىشقاندىن كېيىن، قۇرۇتۇپ ئۇرۇقىنى يىغىۋېلىپ، پاكىز تازىلاپ، قۇرۇق ھەم سالقىن جايدا ساقلىنىدۇ.

[لايىقلاشتۇرۇلۇشى] يۇيۇش، قۇرۇتۇش ئارقىلىق لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى] باھنى قوزغاش، تېرىدىكى داغلارنى چۈشۈرۈش، تېرىگە رەڭ پەيدا قىلىش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر] باھ ئاجىزلىقى، بەھەق، داغ، سەپكۈن قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. نەغەز گۈلى ئۇرۇقىدىن 1.5 گىرام، چىلغوزا مېغىزىدىن 30 گىرام، ئاقىرقەرھا ۋە كاۋاۋچىدىنىدىن 10 گىرامدىن، سۈئىلەپتىن 20 گىرام ئېلىپ سوقۇپ، سۇفۇپ قىلىپ ئىچىپ بەرسە، باھنى قۇۋۋەتلەيدۇ.

2. نەغەز گۈلى ئۇرۇقىدىن 1.5 گىرام، قىچىدىن 10 گىرام، سامساقتىن يەتتە گىرام، سىيادانىدىن 10 گىرام، زەيتۇن يېغىدىن 15 گىرام ئېلىپ، مەلھەم تەييارلاپ يەرلىك ئۇرۇنغا تاڭسا، بەرەس، بەھەقلەرگە مەنپەئەت قىلىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] 1.5 ~ 5 گىرامغىچە.

[زىيانلىق تەسىرى] ئىسسىق مىزاج كىشىلەردە باش ئاغرىقى پەيدا قىلىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] بىنەپشە، نىلۇپەر.

[ئورۇنباسارى] نەرگىس گۈلى.

[ۋەكىل خاراكتېرلىك پىششىق دورا ياسالمىسى] سۇفۇپى نەرگىس.

# كىلىمىل تېشى

## 克力米力铁西

## (炉甘石 ul gan shi)

[**باشقا ئاتىلىشى**] كىلىمان تېشى

[**لاتىنچە نامى**] Calaminum

[**ئىنگلىزچە نامى**] Smithsonite, Calamine

[**تونۇش**] بۇ، تەركىبىدە سىنك كاربونات بولغان، شەكلى يۇمىلاق ياكى ياپىلاق، رەڭگى ئاق، يۈزى ئېگىز - پەس، ۋەزنى يەڭگىل، ئاسان ئۇۋۇلىدىغان ۋە چۇرۇك مەدەن بولۇپ، بۇنىڭ سۇنۇق يۈزى سۇس خورما رەڭ ياكى ئاقۇچ كۈل رەڭ بولىدۇ.

[**چىقىش ئورنى**] شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايوننىڭ قىزىلسۇدىن چىقىدۇ.

[**يىغىپ ساقلاش**] بۇ مەدەن مەنبەلىك دورىنى ئېلىپ تازىلاپ، قۇرغاق جايدا ساقلىنىدۇ.

[**خىمىيەلىك تەركىبى**] ئاساسلىق تەركىبى سىنك كاربونات، كالتسىي ئوكسىد، قوغۇشۇن، مىس بولۇپ، باشقا ئاز مىقداردا خىمىيەلىك ئېلېمېنتلارمۇ بار.

[**فارماكولوگىيەلىك تەسىرى**] تېرىدىكى ياللۇغلارنى قايتۇرۇش، جاراھەت ئېغىزىنى پۈتتۈرۈش تەسىرىگە ئىگە.

[**لايىقلاشتۇرۇلۇشى**] قۇرۇتۇپ ساپلاشتۇرۇلىدۇ.

[**تەبىئىتى**] بىرىنچى دەرىجىدە قۇرۇق سوغۇق.

[**خۇسۇسىيىتى**] داغ ۋە سەپكۈننى چۈشۈرۈش، كۆزنى روشەنلەشتۈرۈش، گۆش ئۈندۈرۈش، ھۆللۈكلەرنى قۇرۇتۇش خۇسۇسىيىتى بار.

[**ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر**] كۆزگە داغ چۈشۈش، كۆز چۆرىسى قىزىرىش، شەلۋەرەش، غەلۋىرەك، ھەر خىل جاراھەت، يەلتاشما، شاپاق يارىسى قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[**ئىشلىتىش ئۇسۇلى**]

1. كىلىمىل تېشىدىن 50 گىرام، تەنكاردىن تۆت گىرام، ئېيىق ئۆتىدىن 4.0 گىرام ئېلىپ، ھەممىسىنى قوشۇپ يۇمشاق سوقۇپ، كۆز بۇرجەكلىرىگە سېپىپ بەرسە، كۆزگە داغ چۈشۈش، كۆز جىيەكى قىزىرىش، شەلۋەرەش قاتارلىقلارغا مەنپەئەت قىلىدۇ.

2. كىلىمىل تېشىدىن 20 گىرام، ستالاكىتىت ۋە كەھرىۋانىڭ ھەربىرىدىن 12 گىرام، كۆك سېغىزدىن 35 گىرام، قىزىل سىردىن تۆت گىرام ئېلىپ، بۇلارنىڭ ھەممىسىنى قوشۇپ يۇمشاق سوقۇپ، جاراھەتكە سېپىپ بەرسە، غەلۋىرەك ئېغىز ئېلىپ، ئۆزۈنىغچە ئېغىزى پۈتمىگەنگە شىپا بولىدۇ.

3. كىلىمىل تېشى، كۆيدۈرۈلگەن گەج ۋە گىلدىن باراۋەر مىقداردا ئېلىپ يۇمشاق سوقۇپ، كۈنجۈت يېغى ياكى ۋازېلىنغا قوشۇپ چاقىلارغا چاپلاپ بەرسە، شاپاق يارىسىغا مەنپەئەت قىلىدۇ.

[**ئىشلىتىش مىقدارى**] سىرتتىن مۇۋاپىق مىقداردا ئىشلىتىلىدۇ، ئىچكى تەرەپتىن ئىشلىتىلمەيدۇ.

[**زىيانلىق تەسىرى**] ئۆپكىگە زىيان قىلىدۇ.

[**تۈزەتكۈچىسى**] كەتىرا، مەستىكى.

[**ئورۇنباسارى**] جاراھەت تېشى.

[**ۋەكىل خاراكتېرلىك پىششىق دورا ياسالمىسى**] سۇفۇپى سەنگى جاراھەت.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# قىرىق تۆتىنچى باب چاچ كېسەللىكلىرىگە ئىشلىتىلىدىغان دورىلار

بەدەندىكى تۈكلەرنى ئوزۇقلاندۇرۇش، چاچ ۋە تۈك يىلتىزىنى چىڭىتىش، قۇۋۋەتلەش تەسىرى ئاساسلىق ئورۇندا تۇرىدىغان دورىلار ئومۇملاشتۇرۇلۇپ، چاچ كېسەللىكلىرىگە ئىشلىتىلىدىغان دورىلار دېيىلىدۇ. ھەر خىل ئىچكى - تاشقى سەۋەبلەردىن تۈك بەزلىرىنىڭ خىزمىتىدە ئاجىزلاش يۈز بەرسە، ئورگانىزمدا تۈك بەزلىرىنىڭ ئاجىزلىقىغا ئالاقىدار تۈرلۈك كېسەللىكلەر (چاچ چۈشۈش، چاچ ئاقىرىش، قاش، كىرپىك چۈشۈش، چاچ يېرىلىش، چاچ سۇنۇپ كېتىش. . . ) پەيدا بولىدۇ. چاچ ۋە تۈك بەزلىرىنى قۇۋۋەتلىگۈچى دورىلارنىڭ تۈرى ھەر خىل بولغاچقا، ئىشلەتكەندە مۇۋاپىق تاللاپ ئىشلىتىش كېرەك. تۈك بەزلىرىنى قۇۋۋەتلەپ، چاچ چىقىرىش خۇسۇسىيىتى بولغان دورىلارنىڭ كۆپىنچىلىرىنىڭ تەبىئىتى قۇرۇق سوغۇق ياكى قۇرۇق ئىسسىق بولىدۇ. بۇ خىل دورىلار چاچ يىلتىزىنى قۇۋۋەتلەش، چاچ يىلتىزىنىڭ ئوزۇقلۇق ماددىلار بىلەن تەمىنلىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش، چاچ ئۆستۈرۈش، چاچ قارايتىش تەسىرىنى بېرىدۇ. بۇ خىل خۇسۇسىيەتتىكى دورىلار چاچ كېسەللىكلىرىگە ئىشلىتىدىغان دورىلار دېيىلىدۇ. مەسىلەن: ئوسما يوپۇرمىقى، ئاچچىق ئۆرۈك مېغىزى، شاپتۇل مېغىزى يېغى، خېنە، قارا ھېلىلە، سىماب، تۇخۇم ئىقى، ئۆرۈك مېغىزى يېغى، ئامىلە، كاۋۇچىن، سىيادان قاتارلىقلار.

## ئوسما يوپۇرمىقى

### 欧斯玛

(大青叶 da qing ye)

[**باشقا ئاتىلىشى**] كەتەم، بەرگى نىل، كارى مىندى

[**لاتىنچە نامى**] Folium Isatis tinctoria

[**ئىنگلىزچە نامى**] Indigowoad leaf

[**تونۇش**] بۇ، كىرېست گۈللۈكلەر ئائىلىسىدىكى ئىككى يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك ئوسما بولۇپ، رەڭگى يېشىل، تەمى ئاچچىق كېلىدۇ، ئازراق پۇراقلىق، بۇ ئۆسۈملۈكنىڭ يوپۇرمىقى ئوسما يوپۇرمىقى نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ. (1.44 - رەسىم)

[**چىقىش ئورنى**] شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ھەممە جايلىرىدىن چىقىدۇ.

[**يىغىپ ساقلاش**] ياز ۋە كۈز پەسلىدە يىغىۋېلىپ قۇرۇتۇپ، قۇرغاق ئورۇندا ساقلىنىدۇ.

[**خىمىيەلىك تەركىبى**] بۇنىڭدا ئوسما گىلۇكوزىدى (Isalad)، گىلۇكوبراسسىن (Glucobrassicin)



ئوسما يوپۇرمىقى

[**فارماكولوگىيەلىك تەسىرى**] ئوسما يوپۇرمىقى ئوسما قايىنتىلمىسى pH0.7 بولغاندا ئالتۇن رەڭلىك ئۈزۈمسىمان شارچە باكتېرىيەسىگە نىسبەتەن كۈچلۈك تورمۇزلاش رولىغا ئىگە. چوڭ ئۈچەي تاياقچە باكتېرىيەسى، تولغاق تاياقچە باكتېرىيەسىگە نىسبەتەن مەلۇم تەسىرى بار. ئۈچەي كېزىكى تاياقچە باكتېرىيەسىگە نىسبەتەن تەسىرى يوق؛ ئوسما يوپۇرمىقىنىڭ چوڭ ئۈچەي تاياقچە باكتېرىيەسى ئىچكى توكسىنىغا نىسبەتەن قارشى تۇرۇش رولى بار؛ ياللۇغ قايتۇرۇش رولى بار؛ كىچىك چاشقاننىڭ قورساق بوشلۇقى چوڭ يۇتقۇنچاق ھۈجەيرىسىنىڭ يۇتۇش ئىقتىدارىنى يۇقىرى كۆتۈرىدۇ؛ ئوكسىدلىنىشقا قارشى تۇرۇش رولى بار.

[**لايىقلاشتۇرۇلۇشى**] ئۇسارىسنى ئېلىپ لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

[**تەبىئىتى**] ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[**خۇسۇسىيتى**] چاچنى قۇۋۋەتلەش، پارقىرىتىش، ئىچىنى قاتۇرۇش، قورۇش، ماددىلارنى تارقىتىش، چاچ ئۆستۈرۈش، چاچ قارايتىش، تېرىنى پارقىرىتىش خۇسۇسىيتىگە ئىگە.

[**ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر**] چاچ ئاقىرىش، چاچ چۈشۈش، قاش، كىرپىك چۈشۈپ كېتىش، گال ئاغرىقى، ئۆتكۈر قىزىتما، باش ئاغرىقى، بوۋاسىر قاتارلىق كېسەللىكلەرگە ئىشلىتىلىدۇ.

[**ئىشلىتىش ئۇسۇلى**]

1. ئوسما يوپۇرمىقىنى تۇز سۈيى بىلەن بىرگە باشقا سۇركىسە ياكى كۆيدۈرۈپ بۆي سالسا، بەلغەملىك باش ئاغرىقىنى توختىتىدۇ.

2. ئوسما يوپۇرمىقىنىڭ سۈيىنى ئىچسە، قەي قىلدۇرىدۇ ھەم غالجىر ئىت چىشلىۋالغاندەك ئاغرىقنى يوقىتىدۇ.

3. ئوسما يىلتىزىنىڭ يېغى بىلەن چاچنى ياغلىسا، چاچ ئۆستۈرىدۇ، چاچ چۈشۈشنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ، چاچنى قارايتىدۇ.

4. ئوسما يوپۇرمىقىنى يۇمشاق سوقۇپ، كۆزگە سۈرمە قىلىپ تارتسا، كۆزگە چۈشكەن سۇنى تارقىتىدۇ.

[**ئىشلىتىش مىقدارى**] 1 ~ 10 گىرامغىچە.

[**زىيانلىق تەسىرى**] ئاشقازاننى سوۋۇتىدۇ، مېڭىگە زىيانلىق تەسىرى بار.

[**تۈزەتكۈچىسى**] قەلەمپۇر، پىننە.

[**ئورۇنباسارى**] پىننە بەرگى.

[**ۋەكىل خاراكتېرلىك پىششىق دورا ياسالمىسى**] ئوسما گۈلقەنتى، رەۋغىنى ئوسما.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# ئاچچىق ئۆرۈك مېغىزى
## 阿其克奥如克麦核子
(苦杏仁 ku xing ren)

[باشقا ئاتىلىشى]مېغىزى مىشمىش تەلخى، مېغىزى خوبانى تەلخى

[لاتىنچە نامى ]Semen Armeniaca Vulgaris

[ئىنگلىزچە نامى ]almond, Apricot Kernel Seed



ئاچچىق ئۆرۈك

[تونۇش] بۇ، ئەترگۈل ئائىلىسىدىكى يوپۇرماق تاشلايدىغان ياغاچ غوللۇق ئۆسۈملۈك، مېۋىلىك دەرەخ سېرىق ئۆرۈك ۋە سىبىرىيە ئۆرۈكى بولۇپ، بۇ ئۆرۈكنىڭ تەمى ئاچچىق، قۇرۇتۇلغان مېغىزى ئاچچىق ئۆرۈك مېغىزى نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ. (2.44 ـ رەسىم)

[چىقىش ئورنى] رايونىمىزنىڭ ۋە ئېلىمىزنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن ھەم چەت ئەللەردىن چىقىدۇ.

[يىغىپ ساقلاش] 6 ـ، 7 ـ ئايلاردا مېۋىسى پىشقاندا يىغىۋېلىنىدۇ.

[خىمىيىلىك تەركىبى] ئۇرۇقىنىڭ تەركىبىدە ئامىگدالىن (Amygdalin)، ئېمۇلسىن (Emulsin)، ماي ۋە خولېستېرول (cholesterol)، ئېسترون (Estrone)، 2 — ئېستىرادىئول (2—Estradiol) قاتارلىقلار بار.

[فارماكولوگىيەلىك تەسىرى] يۆتەل، زىققىنى پەسەيتىش، ئىممۇنىتېت كۈچىنى ئاشۇرۇش، ئۆسمىنى كونترول قىلىش، قاندىكى قەنت مىقدارىنى تۆۋەنلىتىش تەسىرى بار.

[لايىقلاشتۇرۇلۇشى] پوستىنى ئاجرىتىش ئارقىلىق لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى] چاچنى قوۋۇەتلەش، چاچ قارايتىش، چاچ ئۆستۈرۈش، ئۆپكە كانايىنى قوۋۇەتلەش، يۆتەل توختىتىش، بەلغەم بوشىتىش، نەپەسنى راۋانلاشتۇرۇش، ئۈچەينى سىلىقلاش، ئاغرىق توختىتىش، ياللۇغ قايتۇرۇش خۇسۇسىيىتى بار.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر] چاچ چۈشۈش، چاچ ئاقىرىپ كېتىش، زۇكام، يۆتەل، دەم سىقىلىش، قەۋزىيەت، جىگەر ياللۇغى، ھەر خىل يارا، جاراھەت قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. ئاچچىق ئۆرۈك مېغىزى، سىيادان، ئامىلە يېغى، شاپتۇل مېغىزىدىن مۇۋاپىق مىقداردا ئېلىپ سوقۇپ، ئامىلە يېغىغا ئارىلاشتۇرۇپ چاچقا چاپسا چاچنى قارايتىدۇ.

2. ئاچچىق ئۆرۈك مېغىزى، بادام مېغىزى، زىغىر قاتارلىقلاردىن ئۈچ گىرامدىن ئېلىپ، سۇفۇپ قىلىپ ئىچسە، يۆتەلگە شىپا بولىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] 1.5 ~ 3 گىرامغىچە.
[زىيانلىق تەسىرى] چوڭ تەرەت قاتتىق، سۈيۈق كەلگەنلەرگە بېرىلمەيدۇ.
[تۈزەتكۈچىسى] ئۆرۈك قوۋزىقىنىڭ سۈيى، كەتىرا، نىشاستە.
[ئورۇنباسارى] ئاچچىق، تاتلىق بادام مېغىزى، شاپتۇل مېغىزى، ئوسما يوپۇرمىقى.
[ۋەكىل خاراكتېرلىك پىششىق دورا ياسالمىسى] سۇفۇپى سۇئال.

## شاپتۇل مېغىزى

## 沙皮托力麦核子

## （桃仁　tao ren）

[باشقا ئاتىلىشى] لەبۇلخوخ، مېغىزى شاپتالۇ، ئارۇكا مېغىز
Semen Prunus Persica[لاتىنچە نامى]
Paach Seed[ئىنگلىزچە نامى]


شاپتۇل

[تونۇش] بۇ، ئەتىرگۈل ئائىلىسىدىكى ئۆسۈملۈك شاپتۇل ۋە ياۋا شاپتۇلنىڭ قۇرۇتۇلغان، تەمى ئاچچىق مېغىزى بولۇپ، شەكلى ياپىلاق، رەڭگى سارغۇچ ئاق، مايلىشاڭغۇ كېلىدۇ. (3.44 ـ رەسىم)
[چىقىش ئورنى] شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىن چىقىدۇ.
[يىغىپ ساقلاش] كۈز پەسلىدە مېۋىسى پىشقاندا يىغىۋېلىنىدۇ.
[خىمىيەلىك تەركىبى] ئۇرۇقىنىڭ تەركىبىدە ئامىگدالىن (Amygdalin)، ئىمۇلسىن (Emulsin) قاتارلىقلار بار.
[فارماكولوگىيەلىك تەسىرى] شاپتۇل مېغىزىنىڭ ئىسپىرت بىلەن ئېلىنغان ماددىسى قان قېتىشقا قارشى تەسىرگە ئىگە؛ قان ئېرىتىش تەسىرى بار؛ ياللۇغ قايتۇرۇش تەسىرى؛ زىيادە سېزىمچانلىققا قارشى تۇرۇش رولى بار.
[لايىقلاشتۇرۇلۇشى] پوستىنى ئايرىش ئارقىلىق لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.
[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.
[خۇسۇسىيىتى] چاچنى قوۋۋەتلەش، يۆتەل پەسەيتىش، تەرەت راۋانلاشتۇرۇش، ئۈچەينى سىلىقلاشتۇرۇش، قاننى سۇيۇلدۇرۇش، سۈيدۈك ھەيدەش، چاچ ئۇندۇرۇش خۇسۇسىيىتى بار.
[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر] ھەيز تۇتۇلۇش، ھەيز كەلمەسلىك ياكى ھەيز قېنى موڭەك ـ موڭەك كېلىش، سۈيدۈكتىن قان كېلىش، قورساق ئاغرىقى، قەۋزىيەت، ئۈچەي يارىسى، قۇلاق ئاغرىقى،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بوۋاسىر، چاچ چۈشۈپ كېتىش قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. شاپتۇل مېغىزىدىن بەش گىرام، سىياداندىن ئۈچ گىرام، ئوسمىدىن بەش گىرام، ئاچچىق ئۆرۈك مېغىزىدىن ئۈچ گىرام ئېلىپ، دورىلارنى سوقۇپ يېلىم سۈيىگە ئارىلاشتۇرۇپ چاپسا، چاچ چۈشۈشكە مەنپەئەت قىلىدۇ.

2. ئەرەب يېلىمى، كەترا، شاپتۇل مېغىزى قاتارلىقلارنىڭ ھەربىرىدىن ئۈچ گىرام ئېلىپ، سوقۇپ سۇفۇپ قىلىپ يېسە، قەۋزىيەتكە شىپا بولىدۇ.

3. شاپتۇل مېغىزىدىن ئۈچ گىرام، زاراڭزا چېچىكىدىن بەش گىرام، ئاغچىدىن بەش گىرام ئېلىپ قايىنىتىپ ئىچسە، ھەيزنى راۋان قىلىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] 3 ~ 6 گىرامغىچە.

[زىيانلىق تەسىرى] ئىسسىق مىزاجلىق كىشىلەرگە ۋە ئاشقازان كېسىلى بارلارغا بېرىلمەيدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] ھەسەل، بىنەپشە، نىلۇپەر.

[ئورۇنباسارى] ئاچچىق ئۆرۈك مېغىزى.

[ۋەكىل خاراكتېرلىك پىششىق دورا ياسالمىسى] شاپتۇل مېغىزى يېغى.

[دىققەت قىلىدىغان ئىشلار] زەھەرلىك تەسىرى بار.

## شاپتۇل مېغىزى يېغى

## 沙皮托力麦核子也合

(桃仁油 tao ren you)

[باشقا ئاتىلىشى] رەۋغىنى شاپتالو، ئاروكى تىل

[لاتىنچە نامى] Oleum Prunus pesica

[ئىنگلىزچە نامى] Peach Seed oil



شاپتۇل

[تونۇش] بۇ، ئەتىرگۈل ئائىلىسىدىكى ئۇسۇملۇك شاپتۇلنىڭ پىشقان ئۇرۇقىدىن ئېلىنغان مايلىق ياغ بولۇپ، سۇس سېرىق رەڭلىك، ئالاھىدە پۇراقلىق، تەملىك كېلىدۇ. (4.44 - رەسىم)

[چىقىش ئورنى] شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن چىقىدۇ.

[يىغىپ ساقلاش] ياز پەسلىدە مېۋىسى پىشقاندىن كېيىن يىغىۋېلىنىدۇ، ئېتى يېيىلىپ بولغاندىن كېيىن ئۇرۇقىنى يىغىۋېلىپ مېغىزىنى ئايرىپ، سالقىن، قۇرۇق جايدا قۇرۇتۇلغاندىن كېيىن يېغىنى ئېلىپ ساقلىنىدۇ.

[خىمىيەلىك تەركىبى] يېغىنىڭ تەركىبىدە ئاساسلىقى ياغ كىسلاتا گلىتسېرىنى بار.

[**فارماكولوگىيەلىك تەسىرى**] قان تومۇرنى كېڭەيتىش، قان نۆكچىسى شەكىللىنىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش، جاراھەت ئېغىزىنى پۈتتۈرۈش، جىگەر قېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش، ئاغرىق پەسەيتىش تەسىرى بار.

[**لايىقلاشتۇرۇلۇشى**] يېغىنى ئالغاندىن كېيىن سۈزۈلدۈرۈپ لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

[**تەبىئىتى**] ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[**خۇسۇسىيىتى**] چاچنى قۇۋۇەتلەش، داغ ۋە سەپكۈننى چۇشۇرۇش، تەرەتنى راۋانلاشتۇرۇش، ئاغرىق پەسەيتىش، پارقىرىتىش، چاچ ئۈندۈرۈش خۇسۇسىيىتى بار.

[**ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر**] قولاق ئاغرىقى، قەۋزىيەت، داغ، چاچ چۈشۈپ كېتىش قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[**ئىشلىتىش ئۇسۇلى**]

1. سىيادان، شاپتۇل مېغىزى، ئانار ئۇرۇقى قاتارلىقلارنى بىرلەشتۇرۇپ ياغ تارتىپ چاچنى ياغلىسا، چاچ ئۈندۈرىدۇ.

2. ئاچچىق بادام مېغىزىنى سوقۇپ، شاپتۇل مېغىزى يېغى بىلەن مەلھەم قىلىپ داغ بار ئورۇنغا چاپسا شىپا بولىدۇ.

3. ئاچچىق بادام مېغىزىنى كۆيدۈرۈپ، مېيىنى چىقىرىپ باشقا چاپسا چاچ ئۈندۈرىدۇ.

[**ئىشلىتىش مىقدارى**] مۇۋاپىق مىقداردا.

[**زىيانلىق تەسىرى**] باش ئاغرىقى پەيدا قىلىدۇ.

[**تۈزەتكۈچىسى**] چىلان.

[**ئورۇنباسارى**] بادام يېغى.

[**ۋەكىل خاراكتېرلىك پىششىق دورا ياسالمىسى**] چاچ ئۆستۈرۈش مېيى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# ئاچقۇچ

(ئۇيغۇر ئېلىپبە تەرتىپى بويىچە تىزىلدى)


## ئا

ئابدىملىك يېغى ........ 197
ئابنوس ........ 681
ئاپەن ........ 613
ئاپتاپپەرەس گۈلى ........ 555
ئاپتاپپەرەس ئۇرۇقى ........ 274
ئاپتاپپەرەس يوپۇرمىقى ........ 547
ئاپتاپپەرەس يىلتىزى ........ 460
ئاپىلسىن ........ 53
ئاپىلسىن پوستى ........ 804
ئاپىلسىن ئۇرۇقى ........ 709
ئات تېشى ........ 702
ئاترۇپا چۆپى ........ 597
ئات سۆت قايمىقى ........ 122
ئات سۆتى ........ 352
ئاتقۇلاق ........ 280
ئاتقۇلاق ئۇرۇقى ........ 627
ئات گۆشى ........ 729
ئاتىرلال ........ 1123
ئات يادا تېشى ........ 702
ئاچچىق ئامۇت ........ 925
ئاچچىق ئانار ........ 73
ئاچچىق بادام ........ 542
ئاچچىق بادام يېغى ........ 97
ئاچچىقتاۋۇز ........ 179
ئاچچىق سۆرۈنجان ........ 587
ئاچچىق قۇستە ........ 1106
ئاچچىق ئۆرۈك مېغىزى ........ 1146
ئادراسمان ........ 1093
ئادراسمان چۆپى ........ 1093
ئادراسمان ئۇرۇقى ........ 1091
ئادراسمان ئۇرۇقى يېغى ........ 1092
ئادەمگىياھ ........ 720
ئارپا ئۈندۈرمىسى ........ 893
ئارپىبەدىيان ........ 117
ئارپىبەدىيان يىلتىز پوستى ........ 892
ئارپىخان ........ 445
ئارچا مېۋىسى ........ 553
ئارچا يوپۇرمىقى ........ 284
ئاروكى تىل ........ 1148
ئارۇ ........ 56
ئارۇكا مېغىزى ........ 1147
ئازاراق ........ 1095
ئازاراقى ........ 1095
ئازانوددوب ........ 379
ئازغان گۈلى ........ 803
ئازغان مۇنچىقى ........ 635
ئازغان مېۋىسى ........ 635
ئاسارۇن ........ 320
ئاشپۇرچاق ........ 540
ئافرىقا مۇغاسى ........ 332
ئاقاقىيا ........ 646
ئاق بەھمەن ........ 960

www.uyghurkitap.com


ئاق پارپا …… 1070
ئاق پىياز …… 908
ئاق تىرەك قوۋزىقى …… 243
ئاقتىكەن …… 374
ئاق چوغلۇق …… 1103
ئاق خەربەق …… 557
ئاق سەندەل …… 795
ئاقسۇ كەتىراسى …… 663
ئاقشېكەر …… 826
ئاق قېيىن دەرەخ قوۋزىقى …… 837
ئاق قېيىن قوۋزىقى …… 837
ئاق قىچا ئۇرۇقى …… 1122
ئاق كۈنجۈت …… 1009
ئاق كۈنجۈت ئۇرۇقى …… 1009
ئاق لەيلىگۈل …… 382
ئاق لەيلى ئۇرۇقى …… 443
ئاق لەيلى يىلتىزى …… 377
ئاق ماش …… 940
ئاق مەۋسەل …… 773
ئاق موم …… 408
ئاقمۇچ …… 890
ئاق ئۈجمە …… 93
ئاق ئۈجمە يوپۇرمىقى …… 392
ئاقىرقەرھا …… 954
ئاكاتسىيە دەرىخى مېۋىسى …… 155
ئاكاتسىيە دەرىخى ئۇرۇقى …… 155
ئاكاتسىيە ئۇسارىسى …… 646
ئاكاشىبىل …… 201
ئالا كۈلۈك …… 1112
ئالالىچى خورد …… 757
ئالالىچى كالاڭ …… 897
ئالتاي شەھدىنى گۈلى …… 695
ئالتۇن …… 800
ئالتۇنپوقى …… 802
ئالتۇن چىرىمتال …… 802
ئالتۇن شاخ …… 364
ئالتۇن ۋاراق …… 749
ئالقان پوستى …… 918
ئالقات مېۋىسى …… 106
ئالقات يىلتىزى پوستى …… 918
ئالما …… 775
ئالماس …… 710
ئالو بالا …… 70
ئالوبۇخار …… 110
ئالوچە …… 72
ئالوسىيا …… 110
ئالوي گۈلى …… 120
ئالۇ …… 112
ئالۇ بالۇ …… 110
ئالۇ بۇخار …… 108
ئالۇ بۇخارا …… 108
ئالۇچا …… 72
ئام …… 262
ئامۇت …… 61
ئامىلە …… 877
ئامىلەج …… 877
ئانار تۇرۇش …… 73
ئانار پوستى …… 679
ئاناردانە …… 634
ئانار شىرىن …… 261
ئاناركى بىج …… 634
ئاناركى پۇل …… 288
ئاناركى چىلكا …… 679
ئانارگۈل …… 288
ئانار مەيخۇش …… 140
ئانار ئۇرۇقى …… 634

ئانار يىلتىزى پوستى ...... 543
ئانا سۈتى ...... 132
ئاناناس ...... 111
ئانبىلە ...... 877
ئانۇلە ...... 877
ئانىمارربنا ...... 426
ئانىرماررىنا يىلتىزى ...... 426
ئاھاك ...... 671
ئاھەن ...... 245
ئاينە ...... 262


## ئە


ئەبرىشىم ...... 778
ئەبنۇس ...... 681
ئەبىنەج ...... 262
ئەپتىمۇن ...... 201
ئەپتىمۇن ئۇرۇقى ...... 165
ئەپسەنتىن ...... 322
ئەپيۇن ...... 613
ئەتنەر ...... 184
ئەتىرگۇل ...... 464
ئەجمود ...... 336
ئەجۋائىن خۇراسانى ...... 616
ئەجۋائىن دىسى ...... 902
ئەخراسول كەلىپ ...... 161
ئەخرۇت ...... 748
ئەدەس ...... 539
ئەدرەك ...... 76
ئەرەب يىلىمى ...... 865
ئەرەندىكى تىلى ...... 197
ئەرقۇسەپەر ...... 510
ئەركەكى پەتتى ...... 284
ئەرمۇدۇن دەرىخى قوۋزىقى ...... 1100
ئەرمۇدۇن دەرىخى ئۇرۇقى ...... 1087
ئەرۇسە ...... 380
ئەرۇسە ياپرىقى ...... 854
ئەزپاراتىپ ...... 570
ئەزفارەلىتىپ ...... 570
ئەسەل ...... 971
ئەسەل لەبەنى ...... 1039
ئەسەيىررائى ...... 310
ئەسلولىبادىنجان ...... 229
ئەسلى ...... 569
ئەسلى ختى ...... 377
ئەسلى كەبىر ...... 1064
ئەسلىي رازىيانەج ...... 467
ئەسلىسۇس ...... 148
ئەسلىل قەسەب ...... 914
ئەسلىل هاج ...... 200
ئەسمۇد ...... 1024
ئەسىل ...... 623
ئەسلۋل فىلفىل ...... 88
ئەشقاقۇل ...... 986
ئەشىر ...... 1054
ئەفئا ...... 213
ئەفەربىيۇن ...... 1089
ئەفەس ...... 1041
ئەفىيول ...... 613
ئەقرەب ...... 703
ئەقىق ئەسلىي ...... 777
ئەقىق يەمەنى ...... 777
ئەكۇن ...... 1054
ئەكىركىرە ...... 954
ئەكىل بىنەفشە ...... 1089
ئەڭلىكئوت ...... 376

www.uyghurkitap.com

ئەلالىچى خورد چىنى ........ 909
ئەلەق ........ 215
ئەلسىكى بىيج ........ 860
ئەلىك رومى ........ 905
ئەمئائۇل ئەرزى ........ 216
ئەمەن ........ 317
ئەمروت بەررى ........ 61
ئەمروت دەشتى ........ 886
ئەمسۇخ سوم كەلبا ........ 566
ئەمىلتاس ........ 176
ئەمىلتاسكا پوستى ........ 198
ئەمىلتاسكا چىلكا ........ 198
ئەنبەر ........ 752
ئەنبەر ئەشھەب ........ 752
ئەنبەر بارىس ........ 929
ئەنبەربىد ........ 314
ئەنبە سۆئلەپ ........ 136
ئەنتاس ........ 111
ئەنجۇدان ئۇرۇقى ........ 550
ئەنجۇدان يىلتىزى ........ 343
ئەنجىركا پەتتى ........ 1137
ئەنجۇر قېقى ........ 151
ئەنجۇر يوپۇرمىقى ........ 1137
ئەنجىبار ........ 287
ئەنجىرە ........ 1119
ئەنجىدەك ........ 678
ئەنجىر ........ 151
ئەندەرجاۋ ........ 1087
ئەنزىرۇت ........ 678
ئەنسون كۇمۇنى ھەلۇھ ........ 78
ئەنسىل ........ 859
ئەنفۇخە ........ 973
ئەنفرا ........ 464
ئەنگۇر ئەھەر ........ 263
ئەنگۇرشىپا ........ 136
ئەنگۇركى بىيج ........ 625
ئەنگىبار ........ 287
ئەنگى سۇرۇ ........ 1074
ئەنگىن ........ 1119
ئەۋرەت كى دۇد ........ 132
ئەۋرىشىم ........ 778
ئەۋسەج ........ 635
ئەۋنەن كەتاپ ........ 119
ئەيلۇۋا ........ 181
ئەينۇلا ........ 108
ئەينى دىيك ........ 984

ب

بابچى ........ 1124
بابۇنە ........ 154
بابۇنەج ........ 154
بادام تەلخى ........ 542
بادام سەرگۇشتە ........ 1012
بادام شاكىلى ........ 1049
بادان شىرىن ........ 95
بادام كاتىل ........ 1105
بادام كەشمىر ........ 1012
بادام كوھى ........ 1012
بادام مىتا ........ 95
بادام ئۆكچىسى شاكىلى ........ 1049
باداۋرەت ........ 374
بادەنگەن ........ 258
بادرەنجىبۇيا چىنى ........ 162
بادرەنجىبۇيا ھىندى ........ 152
بادىرەنگى بۇيا ........ 152

بادرەنگى بۇياچىنى ........ 162
بادىجان ........ 258
بادىرىنگى بۇيا ........ 164
باديان كى جەر ........ 467
بارتەڭ سەبزى ........ 103
بارتەڭگى بىچ ........ 638
باسوم ........ 469
باشاق مۆڭگۇزى ........ 995
باش پىياز ........ 908
باقىلا ........ 540
باقىلائى مىسرى ........ 541
باقىلە ........ 540
باكەنگو ........ 607
بال ........ 688
بالادۇر ........ 1079
بالەنگو چۆپى ........ 607
بالەنگو ئۇرۇقى ........ 759
بالەنگوئى خور ........ 791
بالدىرغان ........ 584
بانان ........ 484
بانىسكى جەر ........ 914
باۋ بارەنگى ........ 532
بانياق ........ 939
باىناق يىلتىزى ........ 939
بائى سود ........ 333
بائى كىنبەشكەكائى ........ 155
بەتەم دەرىخى مىۋىسى ........ 1018
بەتىخ كاگوشت ........ 991
بەتىخ ھىندى ........ 57
بەتىۋا ........ 1003
بەجەل ........ 454
بەجورە ........ 71
بەدەخشانى ........ 772
بەديان ........ 117
بەديان چىنى ........ 506
بەديان خىتايى ........ 506
بەديان داراز ........ 117
بەديان رۇمى ........ 78
بەديان يىلتىزى ........ 467
بەرەڧ ........ 610
بەرەڭگى كابۇلى ........ 532
بەرەنجى كابىلى ........ 532
بەرەنگى كابىلى ........ 532
بەرخۇت دەرىخى قوۋزىقى ........ 937
بەرگى ئاپتاپپەرەس ........ 547
بەرگى ئەنجىر ........ 1137
بەرگى بارىتەڭ ........ 103
بەرگى بالەنگو ........ 607
بەرگى تاتۇرە ........ 621
بەرگى دارچىن ........ 82
بەرگى سوزاب ........ 1097
بەرگى سويا ........ 561
بەرگى شىبىت ........ 561
بەرگى كەرەفشە ........ 336
بەرگى نىل ........ 1144
بەرگى ھۆرمىل ........ 1093
بەرۇل ئەنجىرە ........ 1120
بەرى ھەر ........ 171
بەزباز ........ 959
بەزرۇل ئەپتىمۇن ........ 165
بەزرۇل ئەنەب ........ 625
بەزرۇل ئەنجۇدان ........ 550
بەزرۇل بەتتىخ ........ 478
بەزرۇل بەتىخ ........ 448
بەزرۇل بەجەل ........ 559
بەزرۇل بەسەل ........ 950

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

بەزرزرۇل بەقىلە تولھەمقا ...... 637
بەزررۇل بەنجى ...... 616
بەزررۇل تەمرىھىندى ...... 655
بەزررۇل جەزەر ...... 963
بەزررۇل جوزماسىل ...... 578
بەزررۇل جىرجىر ...... 590
بەزررۇل خەشخاش ...... 1010
بەزررۇل خەلخەم ...... 1015
بەزررۇل ختمى ...... 443
بەزررۇل خىرفە ...... 637
بەزررۇلرەتبە ...... 948
بەزررۇل رەيھان ...... 794
بەزررۇل شەلجەم ...... 990
بەزررۇلغىنا ...... 1118
بەزررۇل قەنبت ...... 468
بەزررۇل قەيىز ...... 1120
بەزررۇل قوتۇنا ...... 385
بەزررۇل كەتان ...... 860
بەزررۇل كەرنە بولما ...... 917
بەزررۇل كەشنىز ...... 640
بەزررۇل نەرجىسى ...... 1142
بەزررۇل ھەليۇن ...... 952
بەزررۇل ھەيىۇل ئالىم ...... 383
بەزررۇل ھۇمماز ...... 627
بەزررۇل ھۆرمىل ...... 1091
بەزررۇل ھۆلبە ...... 856
بەزررۇل ھۇۋە ...... 1015
بەزررۇل ئۇتروج ...... 709
بەزررۇل ۋارالمىسى ...... 192
بەزررۇئىفەناخ ...... 466
بەزۇرۇل قەرئى ھۇلۋە ...... 534
بەزۇرۇل قەنەپ ...... 616
بەزۇرۇللىسانىل ھەمەل ...... 638
بەزۇل سوزاپ ...... 512
بەزىرۇل شەبىت ...... 581
بەزىرۇلقەسەد ...... 462
بەزىرۇل كۇرراس ...... 514
بەزىرۇل ھىندىبا ...... 145
بەسباسە ...... 959
بەقلاتۇلھەمقا ...... 99
بەقلەيەمانىيە ...... 129
بەكرى كاگوشت ...... 726
بەكرى كى دۇد ...... 875
بەڭگى دىۋانە ...... 616
بەڭگى كىبج ...... 618
بەلادۇر ...... 1079
بەللۇت ...... 629
بەلىلە ...... 173
بەلىلەج ...... 173
بەن پوستە مامىيسا ...... 628
بەنجار ...... 1109
بەنگىرە ...... 325
بەنگىرە چۆپى ...... 325
بەنوماش ...... 932
بەھمەن ئەبيەز ...... 960
بەھمەن سەفىد ...... 960
بەھىرە ...... 173
بەيزە مۇرۇغ ئەبيەز ...... 414
بەيزەئى مۇرۇغ ...... 953
بوزتىكەن ...... 592
بوزىدان ...... 1101
بوزىدان ستاۋەرى ...... 1101
بوسسەد ...... 768
بوستانى ئەفرۇز خىرفە ...... 99
بوغئوت يىلتىزى ...... 746
بون ...... 601

بۇبىر ...... 553

بۇدۇشقاق ...... 379

بۇرجۇن ...... 927

بۇرجۇن مېۋىسى ...... 927

بۇزۇرى بالەنگو ...... 759

بۇزۇن ...... 1066

بۇزۇن يىلتىز پوستى ...... 1066

بۇغا قېنى ...... 949

بۇغا مۈڭگۈزى ...... 293

بوغداي ...... 730

بوغداي كېپىكى ...... 422

بۇغىتاپان ...... 1067

بۇغىتاپان چۆپى ...... 1067

بۇقا چۇيىسى ...... 980

بۇئى جەھۋان ...... 330

بۇيا ...... 365

بۇيا ئۇرۇقى ...... 365

بۆلجۈرگەن ...... 59

بۆدۈنە ...... 739

بۆرە ئەرمىنى ...... 502

بۆرە سويمىسى يىلتىزى پوستى ...... 1064

بۆرىبوغار ...... 394

بۆكەن مۈڭگۈزى ...... 969

بېدە ...... 494

بېدە ئۇرۇقى ...... 948

بېلىق ...... 740

بېلىق مېيى ...... 687

بېلىق مېڭە تېشى ...... 477

بېھى ...... 60

بېھى ئۇرۇقى ...... 863

بېيىش ...... 1070

بىجاسىرگوند ...... 301

بىخ ...... 534

بىخ ئاپتاپپەرەس ...... 460

بىخ ئانارگى چال ...... 543

بىخ ئەنجۇدان ...... 343

بىخ بادىنگەن ...... 228

بىخ بەدىيان ...... 467

بىخ بىنەپشە ...... 142

بىخ تەرخۇن كوھى ...... 954

بىخ ختمى ...... 377

بىخ دارپىلپىل ...... 88

بىخ رىباس ...... 817

بىخ سەۋسەن ...... 353

بىخ سۇس ...... 148

بىخ كاسىنە ...... 313

بىخ كەبىر ...... 501

بىخ كەبىر قەشرى ...... 1064

بىخ كەرەپشە ...... 351

بىخ گاۋزىبان ...... 1057

بىخ مارجان ...... 768

بىخ مەھەك ...... 148

بىخ نەي ...... 914

بىخ ئۆسمە ...... 1037

بىدەنجىر يېغى ...... 187

بىدمۇشكى ...... 781

بىركى گوشت ...... 265

بىرىنجى موگىرا ...... 239

بىستىپايە ...... 161

بىستىپايەج ...... 161

بىتىللا ...... 300

بىسكېرا ...... 494

بىكى جەرگەن ...... 228

بىلانۇۋان ...... 1074

بىلچىر پەھارى ...... 769

بىلچىر ھىندى ...... 782

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com


بىلسان كى بىج ...... 319
بىلسانكى تىل ...... 1133
بىلسانكى لەكرى ...... 326
بىلسان ياغىچى ...... 326
بىلسان يېغى ...... 1133
بىنەپشە ...... 142
بىندۇق ...... 1012
بىنىس كادۇد ...... 266
بىنىس كاگوشتى ...... 992
بىنىسلوجىن ...... 647
بىنگەن ...... 258
بىيە ...... 60
بىيدەمشكى ...... 781
بىيىركادۇد ...... 717


## پ


پاپىرە نەمەك ...... 502
پاتمۇتەك ...... 287
پاختەك گۆشى ...... 728
پادى زەھىرە مەئدىنى ...... 705
پارقىراق قوڭغۇز ...... 481
پارم ...... 223
پاقا ...... 711
پاقا شىرىسى ...... 692
پاقا شىرىلىك سۇيۇقلۇقى ...... 692
پاقلان گۆشى ...... 265
قاقىيوپۇرمىقى ...... 103
پاقىيوپۇرمىقى ئۇرۇقى ...... 638
پالەك ...... 495
پالەككى بىج ...... 466
پالەك ئۇرۇقى ...... 466
پالما مەرىزى ...... 459
پالما يىلىمى ...... 301
پالىسە ...... 113
پالىك ...... 495
پان ...... 356
پانا ...... 774
پانكى جەر ...... 879
پانۇسگۈلى ...... 465
پەتتەئى گوسپەندى ...... 1027
پەتكىرى سەفىد ...... 1035
پەترەج ...... 784
پەرەش ...... 623
پەرەنجمىشكى ...... 791
پەرەنگى ...... 417
پەربۇن ...... 407
پەربۇن يىلتىزى ...... 407
پەرپىيون ...... 1089
پەمدۇر ...... 54
پەنىرمايە ...... 973
پەنۋار ...... 1124
پەنىر ...... 880
پوپەل ...... 536
پورە ...... 445
پوستى ئانار ...... 679
پوستى ئەمىلتاس ...... 198
پوستى بەيزەئى مۇرۇغ ...... 296
پوستى بىخ ئانار ...... 543
پوستى بىخ بەدىيان ...... 892
پوستى بىخ تۇت ...... 869
پوستى تۇرۇج ...... 805
پوستى تۇرۇنجى ...... 805
پوستى خەشخاش ...... 573
پوستى مار ...... 395
پوست بىخ كەبىر ...... 1064

پويراريه ............................ 796
پويراريه يىلتىزى ..................... 796
پۇدىنە ................................ 900
پۇنۇس ئۇرۇقى .......................... 230
پىپوته ................................ 380
پىچانگۈل يىلتىزى ...................... 920
پىچەكگۈل .............................. 887
پىچەكگۈل غولى ......................... 887
پىدىگەن ............................... 258
پىدىگەن يىلتىزى ....................... 228
پىرسىياۋشان ........................... 168
پىستە سىرتقى پوستى .................... 910
پىستە شاكىلى پوستى .................... 910
پىستە مېغىزى .......................... 1016
پىستايەنج ............................. 161
پىستىگۈل .............................. 894
پىستىگۈل يىلتىزى ...................... 894
پىششىق ئەگرسۇناي ..................... 248
پىشقان هايۋانات سۆڭىكى ................ 654
پىلان دەرىخى پورى ..................... 459
پىلە غوزىسى ........................... 778
پىلە قۇرتى ............................ 827
پىلە قۇرتى مايىقى ..................... 585
پىلپىل ................................ 87
پىلپىل ئەسۋەد ......................... 85
پىلپىل ئەبيەز ......................... 890
پىلپىل ئەهمەر ......................... 564
پىلپىل سەپىد .......................... 890
پىلپىل سۇرۇخ .......................... 564
پىلپىل سىياھ .......................... 85
پىلپىل گود ............................ 85
پىلپىلگۈل ............................. 427
پىلپىل مويه ........................... 88
پىلپىل يىلتىزى ........................ 88
پىلىكئوت .............................. 458
پىلىكئوت چۆپى ......................... 458
پىندۇق ................................ 1012
پىنىس كى پەنىر ........................ 989
پىننە ................................. 900
پىۋاگۈل ............................... 888
پىيارانكا ............................. 706
پىيارانگا مامىران ..................... 389
پىياركا ............................... 706
پىياز ................................. 908
پىيازكى بىج ........................... 950
پىياز ئۇرۇقى .......................... 950
پىيزەك ................................ 483
پىيزەك ئامۇت .......................... 925
پىيروزە ............................... 699

## ت

تاباشىر .............................. 647
تاباشىر ئەسلىي ........................ 647
تاتلىق ئانار .......................... 261
تاتلىق بادام مېغىزى ................... 95
تاتلىق بادام يېغى ..................... 1105
تاتلىق شاپتۇل مېغىزى .................. 838
تاتلىق ئۆرۈك مېغىزى ................... 839
تاتلىقياڭيۇ ............................ 763
تاجىگۈل ............................... 641
تاجىگۈل ئۇرۇقى ........................ 1030
تارانتاس .............................. 941
تارانتاس يىلتىزى ...................... 941
تازىلانغان گۈڭگۇرت .................... 219
تاشپاقا قېپى .......................... 713

www.uyghurkitap.com


تاشپاقا گۆشى ........ 988
تاشتۇز ........ 504
تاشچېچەكى ........ 1060
تاشچېچەكى چۆپى ........ 1060
تاشقا ئايلانغان سۆڭەك ........ 654
تاش گۈلى ........ 1060
تاشئوت ........ 441
تاشئوت يىلتىزى ........ 441
تاش ياڭاق ........ 1012
تاغ ئاقمىشى ........ 940
تاغ بادرەنجبۇيىسى ........ 164
تاغ پىيىزى ........ 859
تاغ خوخسىنىڭ يىلتىزى ........ 405
تاغ دېنى ........ 885
تاغ دېنى غولى ........ 885
تاغ سامسىقى ........ 520
تاغ سەرسىبىلى ........ 411
تاغ سۇمبۇلى ........ 769
تاغ شاتارىسى ........ 362
تاغ كۆنجۈتى ........ 1056
تاغ لەيلىسى ........ 386
تاغ موزىسى ........ 651
تال ........ 935
تالماكانا ........ 657
تالماكانە ........ 657
تال غازىڭى ........ 349
تالك ........ 430
تالىس پەتتە ........ 822
تاماكا يوپۇرمىقى ........ 602
تامبۇل ........ 356
تاۋۇز ........ 57
تاۋۇزەك ........ 465
تاۋۇز ئۇرۇقى ........ 448
تەبىئىي مىس ........ 683
تەتەن ........ 602
تەربۇز ........ 57
تەربوزكى بىج ........ 448
تەرتىز ........ 424
تەرخەمەك ........ 825
تەرخەمەك ئۇرۇقى ........ 462
تەررە ........ 825
تەررە تىزەك ........ 962
تەرفا ........ 623
تەرەنجىبىن ........ 200
تەرياق ........ 613
تەسۋىقوناق ........ 934
تەگەر ........ 320
تەڭگىيوپۇرماق غۇنچىسى ........ 835
تەڭگىيوپۇرماق گۈلى ........ 835
تەلىسى ........ 860
تەلق ........ 685
تەماتىر ........ 54
تەمرىھىندى ........ 176
تەمرىھىندى ئۇرۇقى ........ 655
تەنزىكا ........ 104
تەنكار ........ 346
تەھەل ........ 935
تەۋەككۈل چاي ........ 695
توت سىياھ ........ 255
توت شامى ........ 255
توت شىرىن ........ 93
توت مىتا ........ 93
توت ھەلۇ ........ 93
توخۇ تاشلىقى پوستى ........ 899
توخۇ گۆشى ........ 714
توخۇ يېغى ........ 355

تۆمۈر دورىسى ........ 390

توشقانزەدىكى ........ 947

توشقانكالپۇك ........ 289

توشقانكالپۇك چۆپى ........ 289

توشقانقۇلاق ........ 974

توشقانقۇلاق چۆپى ........ 974

توشقانئوتى ........ 306

توشقانئوتى يىلتىزى ........ 306

تولغىماچ مېۋىلىك تاغ كۈنجۈتى ........ 1056

تۇبۇك بېلىقى ........ 976

تۇتىيا ........ 1031

تۇتىيائى ........ 1031

تۇتىيائى سەبۇ ........ 1031

تۇخمى رەتبە ........ 948

تۇخمى زورب ........ 638

تۇخۇمەك مېۋىسى ........ 308

تۇخۇم پەردىسى ........ 686

تۇخۇم سېرىقى ........ 953

تۇخۇم شاكىلى ........ 296

تۇخۇم شىبىت ........ 581

تۇخۇم ئېقى ........ 414

تۇخۇم ئېقى پەردىسى ........ 686

تۇخۇمى ئارەندە ........ 577

تۇخۇمى ئانار ........ 634

تۇخۇمى ئەنجىرە ........ 1120

تۇخۇمى ئەنگۇر ........ 625

تۇخۇمى ئەنگۇدان ........ 550

تۇخۇمى بارتەڭ ........ 638

تۇخۇمى بان ........ 545

تۇخۇمى بالەنگۇ ........ 759

تۇخۇمى بەڭ ........ 618

تۇخۇمى بىدە ئەنجىر ........ 577

تۇخۇمى بىلسان ........ 319

تۇخۇمى بىھىدانە ........ 863

تۇخۇمى پىياز ........ 950

تۇخۇمى تەرتىز ........ 424

تۇخۇمى تەررە ........ 462

تۇخۇمى تەمرىھىندى ........ 655

تۇخۇمى تۇخرە ........ 1111

تۇخۇمى تۇدەرى ........ 1015

تۇخۇمى تۇرۇپ ........ 559

تۇخۇمى تۇرۇنجى ........ 709

تۇخۇمى تىرە تىزەك ........ 590

تۇخۇمى جارۇ ........ 233

تۇخۇمى خەربۇزە ........ 478

تۇخۇمى خەشخاش ........ 1010

تۇخۇمى خۇبىبازى ........ 383

تۇخۇمى خىتمى ........ 443

تۇخۇمى خىرفە ........ 637

تۇخۇمى خىنا ........ 1118

تۇخۇمى دەرەختى شانە ........ 370

تۇخۇمى دەھتۇرە ........ 578

تۇخۇمى رەھىل ........ 553

تۇخۇمى رەيھان ........ 794

تۇخۇمى زەردىئالو ........ 594

تۇخۇمى سەپەندان ........ 1019

تۇخۇمى سۇزاپ ........ 512

تۇخۇمى شەلغەم ........ 990

تۇخۇمى شومشا ........ 856

تۇخۇمى كاتان ........ 860

تۇخۇمى كاسىنە ........ 145

تۇخۇمى كاھۇ ........ 605

تۇخۇمى كەدۇ شىرىن ........ 534

تۇخۇمى كەدۇئى دەراز ........ 92

تۇخۇمى كەرەپشە ........ 461

تۇخۇمى كەشنىز ........ 640

www.uyghurkitap.com


تۇخۇمى كەندىنا ...... 541
تۇخۇمى كۇشۇش ...... 165
تۇخۇمى كۆكنار ...... 1010
تۇخۇمى گەزەر ...... 963
تۇخۇمى مازەريون ...... 192
تۇخۇمى مەرچۇبە ...... 952
تۇخۇمى مورد ...... 662
تۇخۇمى مېغىزى ئەسپەر ...... 509
تۇخۇمى نەرگىس ...... 1142
تۇخۇمى نىلۇپەر ...... 917
تۇخۇمى ھەشقىپىچەك ...... 208
تۇخۇمى ھۇمماز ...... 627
تۇخۇمى ھىندىۋانە ...... 448
تۇخۇمى ئۇرفۇددىك ...... 1030
تۇخۇمى ئىسپاناخ ...... 466
تۇخۇمى ئىرسا ...... 335
تۇخۇمى ئىسفەندى ...... 1091
تۇدەرى ...... 1015
تۇربۇت ...... 178
تۇر تېشى ...... 297
تۇر سۇلداق ...... 251
تۇرموس ...... 541
تۇرمۇس ...... 541
تۇرنا گۆشى ...... 522
تۇرۇپ ...... 454
تۇرۇپ ئۇرۇقى ...... 559
تۇرۇنجى ...... 53
تۇرۇنجى كى بىج ...... 709
تۇز ...... 911
تۇشك تەۋرونى ...... 653
تۇففاھ ...... 775
تۇففاھى بەررى ...... 658
تۇلۇقچى قوڭغۇز ...... 593
تۆگە سۈتى ...... 828
تۆگە گۆشى ...... 715
تۆگە لوكسى مېيى ...... 1096
تۆگە مېيى ...... 1096
تۆگە يېغى ...... 1096
تۆگتاپان ...... 568
تۆگتاپان چۆپى ...... 568
تۆگقۇشى ...... 513
تۆمۈر ...... 245
تۆمۈر پوقى ...... 259
تۆمۈر كېپىكى ...... 259
تۇلكە ...... 946
تۇلكە مايىقى ...... 943
تېرىق ...... 107
تىتىلكى بىج ...... 512
تىتىلكى شاخ ...... 1097
تىج پات ...... 784
تىرەكچى قوڭغۇز ...... 593
تىرەنجبىن ...... 200
تىرەنگبىن ...... 200
تىرمولت تېشى ...... 1001
تىرىمولت تاش پاختىسى ...... 1001
تىرھىمى ...... 346
تىزپات ...... 784
تىزغا ...... 834
تىزغا غولى ...... 834
تىكە ساقلى ...... 303
تىكەنلىك لىپەكگۈل ...... 410
تىللا ...... 800
تىللا ئوت ...... 471
تىللا ئوت چۆپى ...... 471
تىلسى ...... 90
تىن مەختۇم ...... 659
تىين ...... 151

## ج


جارۇ ئىدىماغ ...... 158
جاسۇن ...... 464
جاغجاقئوت ...... 405
جامال گوته ...... 526
جامپەل جەنگىلى ...... 61
جامكا ...... 406
جاۋ ...... 285
جاۋاشىر ...... 315
جاۋتەرى ...... 959
جاۋرەس ...... 497
جاۋشىر ...... 315
جائىپەل ...... 1077
جائىپەل جەنگىلى ...... 886
جەبىن ...... 880
جەدۋارچىنى ...... 1070
جەدۋار ھىندى ...... 1084
جەرەن ...... 945
جەرەن گۆشى ...... 945
جەرەن مۈڭگۈزى ...... 446
جەردۈل بەھىرى ...... 1022
جەزەر ...... 486
جەزەر دەشتى ...... 986
جەزبۇزار ...... 747
قەزبۇزار يىلتىزى ...... 747
جەلەپ ...... 191
جەلۇر ...... 1012
جەمبىل ...... 785
جەنگىلى خەرگوش كاگوشت ...... 1058
جەۋ ...... 893
جەۋز ...... 748
جەۋزماسىل ...... 619
جەئىران ...... 734
جۈپتى بەللۇت ...... 1068
جوزبويا ...... 1077
جوز ھىندى ...... 957
جوگنو ...... 481
جۈڭگو باينىقى ...... 939
جۈڭگو ماندارى ...... 923
جونكى ...... 215
جويۈز ...... 1077
جۈپتى بەللۇت ...... 629
جۇخارگۈل ...... 101
جۈزبۇۋا ...... 1077
جۇلنار ...... 288
جۇنكا ...... 458
جۈۋنە ...... 902
جۆئدە ...... 314
جۆئدە رۇمى ...... 314
جۈزنەك ...... 548
جۇندبىدەستۇر ...... 753
جىپال ...... 526,
جىغان مېۋىسى ...... 895
جىگەرمىش ...... 809
جىگەرى گۇسپەندى ...... 809
جىگدە ...... 631
جىگدە چېچىكى ...... 979
جىگدە مېۋىسى ...... 631
جىلاپا ...... 191
جىلافا ...... 191
جىۋە ...... 223
جىنەستە ...... 113
جىنتىيانە ...... 813
جىنكېۋىزى ئۇرۇقى ...... 1124

www.uyghurkitap.com


جىنچاتقىلى ........................ 1099

جىنچاتقىلى يىلتىزى ........................ 1099

جىينەدان ........................ 899


## چ


چاچراتقۇ ........................ 184

چاچ كۆمۈرى ........................ 305

چاچ كۈلى ........................ 305

چارپاقا ........................ 669

چارتال مېۋى ........................ 435

چارقومچاق ........................ 669

چار يىلان ........................ 213

چاغىرچاي ........................ 277

چاغىرچاي چۆپى ........................ 277

چاققائۇت ........................ 1119

چاققائۇت ئۇرۇقى ........................ 1120

چاكا مۇخ چۆپى ........................ 691

چاكاندا ........................ 566

چاكىمۇخ ........................ 691

چاڭگاك ........................ 314

چالموگرا ........................ 239

چالموگرا ئۇرۇقى مېيى ........................ 1113

چالموگرا يېغى ........................ 1113

چالىيە ........................ 536

چامغۇر ........................ 845

چامغۇر گۈلى ........................ 873

چامغۇر ئۇرۇقى ........................ 990

چاندى ........................ 764

چاندىكى ۋەرەق ........................ 751

چاھارپۇت ئاسمانى ........................ 474

چاھارمېخ ........................ 474

چاۋۇل مونكىرا ........................ 239

چائى ........................ 75

چائى خىتائى ........................ 75

چاي ........................ 761

چايان ........................ 703

چاي چىنى ........................ 761

چاي خىتائى ........................ 761

چەبىيلە ........................ 780

چەترەك ........................ 1134

چەرەس ........................ 609

چەرچە ........................ 119

چەرچىتە ........................ 379

چەرچىرا ........................ 379

چەرىيلە ........................ 780

چەستە ........................ 973

چەشمىخۇرۇس ........................ 984

چەھەل پەتتەر ........................ 473

چەمپەل جەنگىلى ........................ 61

چەمكاردەر ........................ 348

چەندەن لال ........................ 137

چەئى سەبزى ........................ 75

چوپ بىلسان ........................ 326

چوڭ پۇنۇس ئۇرۇقى ........................ 230

چوڭ سۇتئۇكئوت ........................ 114

چوڭ يوپۇرماقلىق جىنتىيانە ........................ 1055

چولائى كاساخ ........................ 129

چونا ........................ 671

چۆپۈرشاك ........................ 371

چۆغوندان ........................ 833

چۆقا ........................ 372

چۆقا يىلتىزى ........................ 372

چۆلۈك دەرىخى قوۋزىقى ........................ 626

چۆلۈك يىلتىزى پوستى ........................ 626

چۆۋانىسە ........................ 413

چۆپچىن …… 210
چۆپچىنى …… 210
چۆپچىنى ئەسلىي …… 212
چۆپچىنى ئەھمەر …… 212
چۆل پىيىزى …… 859
چۆل رەيھىنى …… 327
چۆل يالپۇزى …… 373
چۇچۇكبۇيا يىلتىزى …… 148
چۇچۇمەل ئانار …… 140
چۆژگۈن ئۇندۇرمىسى …… 883
چۇمۇلە …… 1076
چىپار كەسلەنچۈك …… 515
چىرچىتە …… 410
چىرچىدا …… 410
چىرىمتال تېشى …… 685
چىرياكا گۆشت …… 743
چىرياكى دىماغ …… 756
چىغىرتماق گۈلى …… 412
چىغىرتماق ئۇرۇقى …… 335
چىغىرتماق يىلتىزى …… 389
چىگە چېچىكى …… 446
چىگىت مېغىزى …… 1004
چىگىت يېغى …… 1139
چىڭگىلىك …… 1054
چىلاپا …… 191
چىلپايە …… 161
چىلغوزا …… 1013
چىلۋە …… 236
چىنار …… 399
چىنار دەرىخى …… 399
چىنار دەرىخى ئۇرۇقى …… 707
چىنار ئۇرۇقى …… 707
چىنىگۈل …… 455
چىيتا …… 1134
چىيتە …… 1134
چىينا …… 956


## خ


خارشتور …… 413
خاسىك …… 1021
خاسىك يېغى …… 986
خاشخاش كى بيج …… 1010
خافاش …… 348
خاكشى …… 833
خام ئەگرىسۇناي …… 361
خانەرۇ باھ …… 943
خەتەقە …… 1016
خەترىق …… 322
خەراسول كەلەب …… 161
خەرەك …… 1054
خەربەخ ئەبيەز …… 557
خەربەخ سەفىد …… 557
خەربەق ئەسۋەد …… 1127
خەربەق سىياھ …… 1127
خەربەق ھىندى …… 1127
خەربوزە …… 254
خەربوزە تەلىخ …… 179
خەربوزەكى بىيخ …… 478
خەردەل …… 1135
خەردىل ئەبيەز …… 1122
خەرزەمىر …… 419
خەرنۇپ …… 327
خەرنۇپ شامىن …… 327
خەرنۇب نەبتى …… 327
خەرمۇھرە …… 812

خەزمىيان ........ 753
خەس ........ 68
خەسكى بىج ........ 605
خەشە بولىيەفىننى ........ 210
خەشخاش كى چال ........ 573
خەشخاشكى رەس ........ 613
خەندۇرۇس ........ 107
خەندىرۇس ........ 445
خەيدەي ........ 401
خوبانى ........ 490
خوخ ........ 56
خوخا ........ 119
خورما ........ 253
خورمائى رەتبە ........ 253
خورمائى يابسى ........ 253
خوك ........ 218
خولائى ساگ ........ 129
خولىنجان ........ 879
خوبانتا مېغىز ........ 94
خۇبسۇلھەدىد ........ 259
خۇرنۇب بوششۇك ........ 327
خۇسيەتۇل سۇئلەپ ........ 943
خۇنسىياۋشان ........ 301
خۇنى گاۋزەن ........ 949
خېمىگۇل ........ 888
خېنىگۇل ........ 234
خېنىگۇل ئۇرۇقى ........ 1118
خىتمى كى بىج ........ 443
خىتمىكى جەر ........ 377
خىرا تين ........ 216
خىرفەكى بيخ ........ 637
خىرسال ........ 236
خىلاف زەفساق ........ 439
خىلافى بەلەخ ........ 781
خىمىل دەستەك ........ 653
خىيارشەنبەر ........ 198
خىيارىن ........ 825


## د


دارپىلپىل ........ 87
دارچىن ........ 79
دارچىنكا پەتتە ........ 82
دارچىنى ........ 79
دارچىل يوپۇرمىقى ........ 82
دانە پەرەك ........ 666
داۋا ........ 285
داۋائىل ھەييە ........ 813
دەبىق ........ 157
دەرەخت پىچان ........ 201
دەرەختى ئەنجىدانكا گۇندى ........ 1074
دەرەختى شانە ........ 66
دەرەختى غاركابيج ........ 1068
دەرمەنە تۇركى ........ 549
دەرمىنە تۇركى ........ 549
دەرىخى زىرەشكىكارىس ........ 1034
دەرىخى مىسىۋاك ........ 524
دەھەنۇ بىلسان ........ 1133
دەھەنۇل ........ 1081
دەھەنۇل مىشمىش ........ 489
دەھەنى سەمەك ........ 687
دەھەنى لوك ........ 1086
دەھەنى ۋەرد ........ 418
دەھتورەكى پول ........ 619
دەھتۇرەكى ۋەرەق ........ 621
دەھنۇل خەس ........ 139

دەھنۇل قۇرتۇم ........ 580
دەھنۇل لەۋىز ........ 1105
دەھنى دۇجاجە ........ 355
دەھنياكى بىج ........ 640
دەۋلى ........ 114
دەمۇل ئەخۇ ۋەيىن ........ 301
دەمۇئەللايىل ........ 949
دەند ........ 526
دورىس ........ 595
دولان ........ 816
دولانا ........ 816
دولانە ........ 816
دوھۇنۇل خەرۋئى ........ 197
دوھنۇل دوبى ........ 588
دوھنۇلياسمەن ........ 611
دۇبى كى تىل ........ 588
دۇخەن ........ 107
دۇر ........ 895
دۇرنەج ئەقرەب ........ 789
دۇرۇنجى ئەقرەب ........ 789
دۇلەپ ........ 399
دۇنا مەرۋا ........ 785
دۇئى فەرمۇھرە ........ 812
دۆۋلى ........ 116
دىھى ........ 880
دىبىق ........ 569
دىپساكۇس ........ 997
دىپساكۇس يىلتىزى ........ 997
دىگىز سەرتانى ........ 668
دىگىزىيا ........ 397
دىماغ كاجارۇ ........ 158
دىماغى ئەساقىر ........ 765
دىماغى كۇنجۇشك ........ 765
دىماغى گۇسپەندى ........ 745
دىماغى مىش ........ 745
دىۋىرقاي يىپلىمى ........ 905
دىيۇچە زەلۇ ........ 215

## ر

راتيانەج ........ 850
راجى پوتەك ........ 380
رازىيانەج ........ 117
راسەن ........ 333
رال ........ 673
رام تەسلى ........ 791
رانگا ........ 674
راۋولفىيە يىلتىزى ........ 599
رائى ........ 1135
رائى سەفىد ........ 1122
رەتبە ........ 494
رەۋەن ........ 817
رەۋەن چىنى ........ 817
رەۋەندى ........ 817
رەۋغەنى بىلسان ........ 1133
رەۋغنى ئارەندى ........ 187
رەۋغنى بادام ........ 1105
رەۋغنى بىدئەنجىرا ........ 197
رەۋغنى پىنبەدانە ........ 1139
رەۋغنى تۇخۇمى كاھۇ ........ 139
رەۋغنى چەنبلى ........ 611
رەۋغنى چىنى بادام ........ 966
رەۋغنى دۇبى ........ 588
رەۋغنى زەرداپ ........ 499
رەۋغنى زەرد ئالۇ ........ 489
رەۋغنى زەيتۇن ........ 1081

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

رەۋغىنى سىياھدان ............................ 1136
رەۋغىنى ھەببى سالاجىت ........................ 528
رەۋغىنى سىمسىم ............................... 1130
رەۋغىنى شاپتالو ............................... 1148
رەۋغىنى شۇنىز ................................. 1136
رەۋغىنى قەلەمفۇر ............................... 1086
رەۋغىنى قورۇئ ................................. 64
رەۋغىنى كاپشە ................................. 580
رەۋغىنى كاتان .................................. 862
رەۋغىنى كەدۇ .................................. 64
رەۋغىنى گۇل سۇرۇخ ............................. 418
رەۋغىنى گۇسپەندى .............................. 718
رەۋغىنى لەۋزۇلمىرە ............................. 97
رەۋغىنى ماھى .................................. 687
رەۋغىنى مۇنگى پەلى ............................ 966
رەۋغىنى مۇرۇغ ................................. 355
رەۋغىنى مىيش .................................. 718
رەۋغىنى ھۆرمىل ................................ 1092
رەيھان ......................................... 90
رەيھان ئۇرۇقى .................................. 794
روساسى ئەبيەز .................................. 674
روساگاس ....................................... 807
روشەنگۇل ...................................... 698
روشەنگۇل چۆپى ................................. 698
رومانى مور ..................................... 140
روممانى ھامىز .................................. 73
روھۇ سەمھۇر .................................... 968
روھىل بەنجى .................................... 609
رويان .......................................... 1126
رۇبا ........................................... 946
رۇبىسۇس ....................................... 849
رۇسۇت ......................................... 1034
رۇشنائى ........................................ 1024
رۇمان ھەلو ..................................... 261
رۇمبەديان ...................................... 78
رىپدەگۇل ...................................... 696
رىساس ئەسۋەت .................................. 689
رىساسى ئەبيەز .................................. 831
رىگىماھى ....................................... 964
رىشە ختمى ..................................... 377

## ز

زادرارىھ ....................................... 1112
زاراڭزا چىچىكى .................................. 552
زاراڭزا مىغىزى .................................. 509
زاراڭزا يىغى .................................... 580
زاغۇن ئۇرۇقى .................................... 962
زاك ئەبيەز ..................................... 1035
زاك سەفىد ...................................... 1035
زەبۇلئەرىز ...................................... 733
زەبىر ........................................... 131
زەبىد لەبەنىلفەرەس ............................. 123
زەپەر ........................................... 734
زەر ............................................ 800
زەرچۆە ......................................... 510
زەردە چۆپ ...................................... 510
زەد چۆبە ....................................... 510
زەردەك ......................................... 486
زەرنەخ تەبىقى ................................... 676
زەرنەخ زەرد .................................... 676
زەرنەب ......................................... 822
زەرنەپ ......................................... 822
زەرنىخ ......................................... 676
زەرىد ئالو ...................................... 490
زەرنۆەرد ....................................... 309

زەرىد ھەر ........ 171
زەفىران ........ 734
زەمچە ........ 1035
زەنجىفە ........ 221
زەنجىۋىل ........ 76
زەنجىۋىل شاھى ........ 333
زەھەب ........ 800
زەھەرناك ........ 1054
زەھرەتۇل لىسانۇسسەۋر ........ 801
زەھرۇل غۇبەير ........ 979
زەھرى مۇھرە ........ 705
زەيبەق ........ 223
زەيتۇنكاپەل ........ 487
زەيتۇنكاتىل ........ 1081
زەيتۇن مېۋىسى ........ 487
زەيتۇن يېغى ........ 1081
زەيت ........ 1081
زوفدە ........ 711
زورەمبات ........ 797
زورەنبات ........ 797
زۇفائى خۇشكى ........ 831
زۇفائى يابىس ........ 831
زۇفتى رۇتەپ ........ 1073
زۇفىدەئى ........ 505
زۇببۇلرىياخ ........ 733
زۇپا ........ 831
زۇپتى رومى ........ 1073
زۇپرى ........ 218
زۇمرە ........ 774
زۇمرەت ........ 774
زېرى رومى ........ 517
زۆرەھنا ........ 234
زۆھرە توششەلجەم ........ 873
زۆھرۇل ........ 144
زۆھرۇلقەرتۇم ........ 552
زۆھرۇلقۇتنى ........ 766
زۇلۇك ........ 215
زىراۋەندە تەۋىل ........ 1063
زىراۋەندە دەراز ........ 1063
زىرە ........ 521
زىرەدەشتى ........ 1123
زىرە سەھرايى ........ 1123
زىرەشكە ........ 929
زىرە گىرمانى ........ 521
زىرىق ........ 929
زىغىر ئۇرۇقى ........ 860
زىغىر يېغى ........ 862
زىمىن قەندى ........ 763
زىيرەگۇل سۇرۇخ ........ 309

## س

سابۇن ........ 232
سابۇن دىيىسى ........ 232
سازاڭ ........ 216
سازەج ھىندى ........ 784
سالاجىت ........ 649
سال يىلىمى ........ 673
سامساق ........ 1116
سانا ........ 182
سانائى مەككى ........ 182
سانجىقئوت يىلتىزى ........ 706
ساندى ........ 505
سانۇل ساترى ........ 1097
سانىپ ........ 213
سانىپ كى كال ........ 395

www.uyghurkitap.com

ساۋمېي ...... 59
سەبدىگۈل ...... 101
سەبرە ...... 181
سەبرەگۈلى ...... 120
سەبرى سەقتىرە ...... 181
سەپرائوت يىلتىزى پوستى ...... 916
سەپەرجىل ...... 60
ھەپىدئاپ كەشغەرىي ...... 682
سەدەپ ...... 298
سەدەپ قۇلۇلە قېپى ...... 298
سەرەس ...... 1026
سەرەس قەۋزىقى ...... 1026
سەرپىستان ...... 157
سەرتان بەھرى ...... 668
سەرتان نەھرى ...... 667
سەرخىس ...... 242
سەرسۈك ...... 1122
سەرسۈك سەفىد ...... 1122
سەرسىبىل ...... 390
سەرشىم ھىچىلى ...... 687
سەرماي ...... 499
سەرمۇق ...... 1003
سەرۇ تۈركىستانى ...... 822
سەرۋە ...... 243
سەفىدە كاشغەرىي ...... 682
سەقەنقۇر ...... 968
سەكبىنەج ...... 345
سەلىج ...... 610
سەلىخە ...... 79
سەلىخۇلھەيىە ...... 395
سەمەرى تەرفا ...... 285
سەمەك ...... 740
سەمەكە تۇسسەيدا ...... 965
سەمەكتۇس سەيدا ...... 976
سەمەكىلى ...... 190
سەمەندەرجاگا ...... 1044
سەمغى ئەرەبى ...... 865
سەمغى پەتىدە ...... 866
سەمغى قىتاد ...... 866
سەنەمبۇل ...... 356
سەنەئى سەبويە ...... 1124
سەنجىدكى پول ...... 979
سەنجى ...... 290
سەندەل ئەبيەز ...... 795
سەندەل ئەھمەر ...... 137
سەندەل سەفىد ...... 795
سەندەل سۇرۇخ ...... 137
سەنكىيا ...... 225
سەنگادان ...... 899
سەنگى ئاھەن ...... 473
سەنگى جاراھەت ...... 672
سەنگدانە مۇرۇغ ...... 899
سەنگى سەرماھى ...... 477
سەنگى يەشەپ ...... 799
سەنگى يەشىم ...... 799
سەنگى يەھۇدى ...... 476
سەۋزە ...... 486
سەۋزە ئۇرۇقى ...... 963
سەۋسەن ...... 412
سەئدى كوفى ...... 819
سەئدى ھىندى ...... 819
سوبوس ...... 422
سوبوس گەندۇم ...... 422
سوختەئى كاغەز ...... 293
سورەج مەككى جىر ...... 460
سوسفەندى ...... 114

سوغىگۇل …… 844
سوقا بېهى …… 906
سوقمۇنىيا …… 205
سوككەرخاكى …… 769
سولكا گۇندى …… 865
سوماكۇل پالتا …… 566
سوم سىر …… 1116
سونا …… 800
سونا مەككى …… 802
سونىفكى جەر …… 892
سۇئلەپ مىسرى …… 943
سوياكى بىج …… 581
سۇ بۆلجۇرگىنى …… 922
سۇ بۇلجۇرگىنى چۆپى …… 922
سۇ پارى …… 536
سۇداب …… 1097
سۇرۇخ چەشمە خۇرۇس …… 984
سۇزاپ …… 1097
سۇزاپ ئۇرۇقى …… 512
سۇسفەندى …… 116
سۇغۇر سېقئوتى …… 251
سۇغۇر ئوت …… 295
سۇككەر …… 826
سۇككەر ئەسۋە …… 264
سۇڭپىياز …… 272
سۇماق …… 104
سۇمبۇل تىپ …… 782
سۇمبۇل چىنى …… 770
سۇمبۇل رومى …… 782
سۇمبۇل هىندى …… 782
سۇممۇلفار …… 225
سۇمۇم …… 225
سۇناكى ۋەرەق …… 749
سۇنەف رومى …… 78
سۇنبۇل جوبەلى …… 769
سۇنبۇل كوهى …… 769
سۇنتى …… 76
سۇندۇرۇس …… 821
سۇهاگە …… 346
سۆرۇنجان …… 575
سۆرۇنجان تەلخى …… 587
سۆرۇنجان شىرىن …… 575
سۆرۇنجان مىسرى …… 575
سۆرۇنجان هەلۇ …… 575
سۆگەت …… 439
سۆگەتگۇل …… 419
سۆئلەپ …… 946
سۆئلەپ چىنى …… 300
سۆئىتەر …… 571
سۇپۇرگە ئۇرۇقى …… 233
سۇتئوتى …… 369
سۇرەج مەككى بىج …… 274
سۇرەج مەككى پۇل …… 555
سۇرمە …… 1024
سۇزە …… 123
سۇزە چۆپى …… 123
سۇزمە …… 880
سېخ تەخەت …… 595
سېدخار …… 635
سېرىق چېچەك …… 581
سېرىق سۆگەت پوتلىسى …… 781
سېرىق ماي …… 499
سېرىق هېلىلە …… 171
سېرىقيۆگەي …… 201
سېرىقيۆگەي ئۇرۇقى …… 165
سېغىزخان …… 1029

www.uyghurkitap.com


سىغىزخان ئۆتى ........................ 1029

سىغىنچىچىكى ........................ 411

سىمىزئوت ........................ 99

سىمىزئوت ئۇرۇقى ........................ 637

ستاۋەرى ........................ 1101

سىرسۇرۇخ ........................ 221

سىركە ........................ 442

سىسە ........................ 689

سىلارەس ........................ 1039

سىلبوم ئوتى ........................ 374

سىماپ ........................ 223

سىماقۇل ئەبغەيىن ........................ 651

سىم سىم ئەسۋەد ........................ 1008

سىم سىم دەشتى ........................ 1007

سىم سىم سەفىد ........................ 1009

سىم سىم سىياھ ........................ 1008

سىيادان ........................ 1131

سىيادانە ........................ 1131

سىيادان يېغى ........................ 1136

سىياھ سۇرمە ........................ 1024

سىيپ ........................ 775

سىيپ جەنگىلى ........................ 658

سىيپ دەشتى ........................ 658

سىيسالىيوس ........................ 881

سىيسالىيوس ئۇرۇقى ........................ 881


## ش


شاپتۇل ........................ 56

شاپتۇل مېغىزى ........................ 1147

شاپتۇل مېغىزى يېغى ........................ 1148

شاتارى ........................ 362

شاترەنجى ھىندى ........................ 1134

شاتۇت ........................ 1038

شاخار ........................ 904

شاختا ........................ 240

شاخ دارچىن ........................ 81

شاخ كەركىدان ........................ 664

شاخ گوزەن ........................ 736

شادىنە ........................ 297

شادىنەج ........................ 297

شازاندرا ........................ 608

شاسپارى ........................ 629

شافتالۇ ........................ 56

شاقاقۇل ........................ 986

شاقاقۇل مىسرى ........................ 986

شاقايىقۇننو ئىمال ........................ 429

شاقايىقۇننوئىمان ........................ 429

شاكال بەديان ........................ 506

شالدىربۇيا ........................ 523

شالدىربۇيا ئۇرۇقى ........................ 523

شال ئۇندۇرمىسى ........................ 883

شاھبەللۇت ........................ 629

شاھتەررە ........................ 240

شاھتەررە ھىندى ........................ 240

شاھتۇرى ........................ 498

شاھتىرە ........................ 240

شاھ سۇ پىرەم ........................ 90

شاھدانە ........................ 618

شاي سىنى ........................ 761

شەب يەمانى ........................ 1035

شەپەرەڭ ........................ 348

شەپەرەڭ قۇرۇق مايىقى ........................ 350

شەپەرەڭ مايىقى ........................ 350

شەپىرە ........................ 348

شەترەنجى ........................ 1134

شەجەرەتۇل بەراغىيىس ........................ 195
شەلجەم ........................................ 845
شەلغەم ........................................ 845
شەلغەمكى بىج ................................ 990
شەمئى ........................................ 408
شەھەد ........................................ 971
شەھتۇت ...................................... 1038
شەھمەنزەل ................................... 179
شەھدان ...................................... 695
شەۋكىران ................................... 595
شەئىرۇ جىبال .............................. 168
شەئىرۇلئەرەز .............................. 168
شەئىرى ...................................... 788
شەيخ خۇراسانى .......................... 549
شوخلا ........................................ 136
شور ........................................... 482
شور قەلىمى ................................ 482
شوقۇرخار .................................. 913
شوكتەلىيەبزە .............................. 374
شوتۇر مورغى ............................. 513
شۇشى گۇسپەندى .......................... 840
شۇكائى ...................................... 119
شۇمبۇيا ..................................... 1069
شۇمبۇيا چۆپى ............................. 1069
شومشا ئۇرۇقى ............................ 856
شۇنىز ....................................... 1131
شېكەر ........................................ 826
شىرە كۆكنار ............................... 613
شىرخىست .................................. 207
شىرگوسپەندى ............................. 717
شىرگىيا ـ شىرىك ........................ 114
شىقىلداق يىلتىزى ........................ 871
شېكەر تىغال .............................. 858
شېكەر تىيغال ............................. 858
شېكەر سۇرۇخ ............................. 264
شېكەر قەندى ............................. 763
شېكەر قومۇشى ........................... 256
شېكەر جۇۋاسا ........................... 200
شىڭگىرىپ .................................. 221
شىنجاڭ بالدىرغىنى ...................... 584
شىنجاڭ قەنتىپەرى ...................... 936
شىنجاڭ قەنتىپەرى يىلتىزى ............ 936
شىۋاق ...................................... 340
شىۋكول جەمەل ........................... 913
شىر ......................................... 893
شىر ئەسپ ................................. 352
شىردەر .................................... 868
شىرزەن .................................... 132
شىرشۇتۇر ................................. 828
شىرگاۋ .................................... 130
شىرگىياھ .................................. 116
شىرمىشگاۋ ............................... 266
شىرمىش ................................... 717
شىر ئۇلاغ ................................ 868
شېيخ ...................................... 549


## غ


غاپەس ..................................... 195
غار ......................................... 1140
غار ـ غار ................................ 1140
غارىقۇن .................................. 193
غاز تاپان چۆپى ......................... 295
غاز تۇخۇمى ............................. 977
غاز تۇخۇمى شاكىلى .................. 652
غاز قانتىئوتى ........................... 304

غاز قېنى …………………… 693
غاز گۆشى …………………… 978
غاز ئۈتى …………………… 195
غازى ئۈتى …………………… 304
غەزرۇت …………………… 678
غولپىياز …………………… 272
غۇنچىئۇزۇم …………………… 921

## ف

فارۋاز گۇنە …………………… 379
فاغىرە…………………… 1050
فالىسە …………………… 113
فەرەنجىمىشكى …………………… 791
فەرفىيۇن …………………… 1089
فەرىيقا …………………… 125
فۇپەل …………………… 536
فۇدىنەج …………………… 571
فىروزە …………………… 699
فىلفىل …………………… 87
فىلفىل داراز …………………… 87
فىندۇق …………………… 1012
فىيروزەج …………………… 699

## ق

قاپاق …………………… 63
قاپاق ئۇرۇقى …………………… 92
قاپاق يېغى …………………… 64
قارا ئارچا يىلىمى…………………… 821
قارا ئەندىز …………………… 333
قارا پارپا …………………… 1084
قارا خەربەق …………………… 1127
قارادان …………………… 404
قاراسۇنا …………………… 68
قارا شېكەر …………………… 264
قارا كۇنجۇت …………………… 1008
قارا ھېلىلە …………………… 238
قارا ئۇجمە …………………… 255
قار چېكەتكە …………………… 981
قارلەيلىسى …………………… 386
قارلىغاچ چاڭگىسى …………………… 872
قارلىغاچ ئۇۋىسى …………………… 872
قارىغاي يىلىمى…………………… 850
قارىكۆز بەدىيان …………………… 581
قارىكۆز بەدىيان مايىسى…………………… 561
قارىمۇچ …………………… 85
قارىمۇق …………………… 1003
قارىئۆرۈك …………………… 110
قاشتېشى …………………… 799
قاشلىقئوت …………………… 281
قاغتىرنىقى …………………… 427
قاقىرا تۇمشۇق …………………… 1072
قاقىرا تۇمشۇق چۆپى …………………… 1072
قاقىلە …………………… 892
قاقىلە سىغار …………………… 757
قاقىلە كېبىر …………………… 897
قاقىلە كىبار…………………… 897
قامچىگۇل …………………… 310
قامچىئوت …………………… 367
قامچىئوت يىلتىزى …………………… 246
قامغاق …………………… 913
قانتېپەر …………………… 251
قاندالا …………………… 643
قاندالا يىلتىزى…………………… 643
قان توختىتىش تېشى …………………… 297

قانسه ............ 899
قايماق ............ 131
قەتەق ............ 1003
قەتىران ............ 1073
قەرتاس ............ 293
قەردىمانا ............ 1111
قەردىمانە ............ 1111
قەرقىس ............ 242
قەرئى ............ 498
قەرىز ............ 1119
قەزبول بەقەر ............ 980
قەزبى گاۋ ............ 980
قەسبۇزەرىرە ............ 236
قەسەبۇسۇكەر ............ 256
قەشۇرۇل بەيزە ............ 296
قەشرۇ ئەسلىي رومان ............ 543
قەشرۇل خەشخاش ............ 573
قەشرۇل رۇمان ............ 679
قەشقەر ئۆپىسى ............ 682
قەشئۇل جەۋزى ............ 893
قەشر ئەسلى رازىيانەج ............ 892
قەغەز كۆلى ............ 293
قەلا ............ 904
قەلەمپۇر ............ 83
قەلەمپۇر يوپۇرمىقى ............ 356
قەلەمپۇر يېغى ............ 1086
قەلەمفۇر ............ 83
قەلەي ............ 674
قەلئى ............ 674
قەمبىل ............ 535
قەنبىل ئەسلىي ............ 535
قەنتەرىيۇن ............ 188
قەنتەرىيۇن سەغىر ............ 188
قەندى تىفال ............ 858
قەندى سىياھ ............ 264
قەھۋە ............ 601
قەيقەھرى ............ 673
قوتاز سۈتى ............ 266
قوتاز گۆشى ............ 992
قوتاز ئوغۇز سۈتى ............ 989
قەرتئوت ............ 250
قوغۇشۇن ............ 689
قوغۇن ............ 254
قوغۇن ساپىقى ............ 479
قوغۇن ئۇرۇقى ............ 478
قوڭغۇراقباش ............ 960
قوڭغۇراقگۈل يىلتىزى ............ 853
قوناق ............ 497
قوناق ساقىلى ............ 452
قونۇن شېخى ............ 594
قوي ئاشقازىنى ............ 889
قوي جىگىرى ............ 809
قوي سۆڭىكى يىلىكى ............ 128
قوي سۈتى ............ 717
قوي قورساقچىسى ............ 889
قوي قېرىنى ............ 889
قويكۆزى ئوت ............ 282
قوي گۆشى ............ 719
قوي مېڭىسى ............ 745
قوي ئۆپكىسى ............ 840
قوي ئۆتى ............ 1027
قوي يېغى ............ 78
قوي يىلىكى ............ 128
قۇرالاي ............ 271
قۇرامىيەپچىنى ............ 188
قۇرۇتۇلغان ئېيىق ئۆتى ............ 1032

www.uyghurkitap.com


قۇرۇق قارا چېكەتكە ............ 981
قۇستە تەلخ ............ 1106
قۇشقاچ تىلى ............ 1087
قۇشقاچ گۆشى ............ 743
قۇشقاچ مېڭىسى ............ 756
قۇشقانات ............ 404
قۇش ئىزى ............ 1060
قۇلماق ............ 888
قۇلماق گۈل ............ 888
قۇلۇلە قېپى ............ 812
قۇم ئامۇت ............ 925
قۇمۇش يىلتىزى ............ 914
قۇندۇز قەھرى ............ 753
قۇندۇز ئوت ............ 852
قۇنۇن ............ 594
قۇنۇن غولى ............ 594
قېتىق سۇزمىسى ............ 880
قېرە ............ 240
قېرىقبوغۇم ............ 275
قېرىقىز ............ 437
قېرىقىز ئۇرۇقى ............ 437
قىسقۇچپاقا ............ 667
قىشمىش ............ 175
قىغ قوڭغۇزى ............ 593
قىراسىيا ............ 70
قىرغاۋۇل ............ 1053
قىرغاۋۇل گۆشى ............ 1053
قىرفە ............ 79
قىرلىق پىيزەك ............ 483
قىرىقئاياغ ............ 708
قىرىقئاياغ چۆپى ............ 708
قىزىل بوغداش ............ 129
قىزىلچا ............ 898
قىزىلچا يىلتىزى ............ 898
قىزىل چوغلۇق ............ 357
قىزىل چوغلۇق يىلتىزى ............ 357
قىزىل چۆپچىن ............ 212
قىزىل سەندەل ............ 137
قىزىل سىر ............ 221
قىزىل قولتۇق پاقا ............ 218
قىزىل قىچا ............ 1135
قىزىلگۈل ............ 146
قىزىلگۈل چېچىكى ............ 309
قىزىلگۈل يېغى ............ 418
قىزىل مارال ............ 994
قىزىل مارال غولى ............ 994
قىزىلمۇچ ............ 564
قىزىل ئۈزۈم ............ 263
قىزىل ئۈزۈم ئۇرۇقى ............ 625


## ك


كابابەسىنى ............ 1050
كاپ ـ كاپ ............ 369
كاپوسكا ............ 451
كاپۇر ............ 134
كات ............ 1047
كاتھىندى ............ 1047
كاتمەندە ............ 159
كارتىرى ............ 632
كارى مىيندى ............ 1144
كازى ............ 124
كاسنە ............ 928
كاسنەكى بىچ ............ 145
كاسنە ئۇرۇقى ............ 145
كاسنە يىلتىزى ............ 313

كاسنى ........ 928
كاشم ........ 1083
كاشم يىلتىزى ........ 1083
كافۇر ........ 134
كافى ........ 601
كاكتوس ........ 696
كاك ماھىرى ........ 190
كاكىنەچ ........ 380
كالا دانە ........ 208
كالا سۈتى ........ 130
كالا گۆشى ........ 742
كالا ئۆتى ........ 700
كالا يادا تېشى ........ 397
كاللەكبەسەي ........ 451
كالىي خەربەق ........ 1127
كالىيزىرە ........ 1123
كالىقۇلاق ........ 283
كالىي مورچ ........ 85
كامچاتكا ........ 642
كاندەر ........ 518
كاھمەككى ........ 807
كاھو ........ 68
كاھۇ ........ 68
كاھۇكى تىيل ........ 139
كاھۇ ئۇرۇقى ........ 605
كاھۇ يىغى ........ 139
كاۋا ........ 498
كاۋاۋچىن ........ 1050
كاۋا ئۇرۇقى ........ 534
كەبابە ........ 1046
كەبابە چىينى ........ 1050
كەبابە مېۋىسى ........ 1046
كەبۇرتەركاگوشت ........ 725
كەبىركى جەر ........ 1064
كەپە ........ 501
كەپە يىلتىزى ........ 501
كەپتەر تۇخۇمى ........ 423
كەپتەر گۆشى ........ 725
كەپرەس ........ 227
كەپۇلئەزنەپ ........ 813
كەتەم ........ 1144
كەتەم ئەسلۇل ........ 1037
كەتتا بادام ........ 542
كەترا ........ 866
كەترا چىنى ........ 663
كەترانگوندى ........ 866
كەتمەنقوڭغۇز ........ 269
كەچۇۋاكا گۇشتى ........ 988
كەدەر ........ 124
كەدەرو ........ 678
كەدويى رومى ........ 491
كەدۇدانە ........ 92
كەدۇشىرىن ........ 63
كەدۇ شىرىنكى ........ 534
كەرەپشە ........ 336
كەرەپشە ئۇرۇقى ........ 461
كەرەپشە يىلتىزى ........ 351
كەرە سۇماق ........ 104
كەرەفىسى ........ 336
كەركىدان مۈڭگۈزى ........ 664
كەرمان ........ 760
كەرمان چۆپى ........ 760
كەرمان يىلتىزى ........ 760
كەرنە بۇل مائى ........ 144
كەرنە بولمائىكى بىج ........ 917
كەرنە بولغائىكى پول ........ 144

كەرنوب ............ 451
كەرۋا بادام ............ 542
كەرۋابادامكى تىل ............ 97
كەرۋا سۆرۈنجان ............ 587
كەرۋىيا ............ 517
كەرىم گىل خۇر ............ 216
كەرىمى ھەرىر ............ 827
كەستورى ............ 755
كەستۇرانە ............ 583
كەسلەنچۇك ............ 515
كەسۇس ............ 165
كەشمىرا ............ 61
كەشنىز ............ 67
كەشنىز سەبزى ............ 67
كەكرە ............ 229
كەكرە چۆپى ............ 229
كەكرە ئۇرۇقى ............ 338
كەكلىك گۆشى ............ 723
كەمادەريوس ............ 338
كەنبىلا ............ 535
كەندىر ئۇرۇقى ............ 618
كەندىر ئۇسارىسى ............ 609
كەندىنا ............ 492
كەندىناكى بىچ ............ 514
كەۋرەك ............ 1102
كەۋرەك يىلتىزى ............ 1102
كەھرىبا ............ 645
كەھرىبا ئەسلىي ............ 645
كەھرىۋا ............ 645
كەھۇل كىرمانى ............ 678
كوسوم بىچ كى تىل ............ 580
كوفي ............ 601
كوكاش ............ 142
كوكوس مېۋىسى ............ 957
كومونى مۇلۇكى ............ 902
كوندۇر يېلىمى ............ 632
كوھلى ............ 1024
كۇپرە ............ 957
كۇپرەس ............ 227
كۇتىكى ............ 394
كۇچۇلا ............ 1095
كۇرراسى ............ 492
كۇركۇم ............ 734
كۇشات ............ 813
كۇلۇنچى ............ 1131
كۇلى بېھىسى ............ 906
كۇلى بېھىسى قېقى ............ 906
كۇمۇش ۋاراق ............ 751
كۇمۇنى ............ 521
كۇندۇر ............ 632
كۇندۇش ............ 1057
كۆپىكدەريا ............ 1044
كۆك ئامۇت ............ 925
كۆك ئەمەن ............ 317
كۆكتاش ............ 666
كۆك تاماكۇ ............ 602
كۆك شۇمبۇيا ............ 1069
كۆك كاۋا ............ 491
كۆك كاۋا شاپىقى ............ 450
كۆك كاۋا شۆپىكى ............ 450
كۆكمارال ............ 642
كۆكمارالى ............ 642
كۆك ماش ............ 932
كۆكنار پوستى ............ 573
كۆكنار ئۇرۇقى ............ 1010
كۆكنار يېلىمى ............ 613




www.uyghurkitap.com

كۆممقوناق ساقىلى …………………… 452
كۇده ………………………………… 492
كۇده ئۇرۇقى …………………… 514
كۇمۇش…………………………… 764
كۇنجۇت يېغى…………………… 1130
كېتى ھىندى …………………… 1047
كېلەر …………………………… 505
كېلىمىل تېشى ………………… 1143
كېلىجېن ………………………… 879
كېمىله ………………………… 535
كېۋەز ئانىسى…………………… 66
كېۋەز ئانىسى ئۇرۇقى ………… 370
كېۋەز چېچىكى………………… 766
كېيىك قېنى …………………… 307
كىبرىت ………………………… 219
كىبرىت مۇسافقى……………… 219
كىپاس كاپۇلى………………… 766
كىپور …………………………… 134
كىچىك پۇنۇس ئۇرۇقى ………… 230
كىچىك چىلان ………………… 268
كىچىك خوخا ………………… 278
كىچىك خۇخا چۆپى …………… 278
كىچىك سۇتلۇكئوت …………… 116
كىراخمال ……………………… 846
كىرەش…………………………… 184
كىرەش يىلتىزى ……………… 184
كىرپه ………………………… 731
كىرپه تېرىسى ………………… 311
كىرپه گۆشى ………………… 731
كىشمىش ……………………… 175
كىلاشى ………………………… 70
كىلوياكۇمۇنى رۇمى…………… 517
كىلىمان تېشى ………………… 1143
كىندىش ……………………… 1057
كىيىك ئالمىسى ……………… 282
كىيىلا ………………………… 484
كىيىله ………………………… 484
كيۇره ………………………… 124
كىيىل دارۇ…………………… 242


## گ


گاجىر ………………………… 486
گاجىركى بىچ ………………… 963
گاسترودىيه ئوتى …………… 738
گاسترودىيه ئوتى يىلتىزى ………… 738
گاۋچەشمى……………………… 154
گاۋچەشمى - مورىھى ………… 154
گاۋرەس ……………………… 497
گاۋزۇبان ھىندى …………… 159
گاۋزىبان چىنى……………… 433
گاۋزىبانكى پۇل …………… 801
گاۋزىبان ھىندى …………… 159
گاۋشىر………………………… 315
گائىكاپەتتى ………………… 700
گائى كاگوشت ……………… 742
گائى كى دۇدىھى …………… 130
گەج …………………………… 671
گەدىكى دۇد ………………… 868
گەز …………………………… 623
گەزەر ………………………… 486
گەزمازەج …………………… 285
گەندىنا ……………………… 492
گەندۇم……………………… 730
گەننا………………………… 256

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com


گورىبەئى بىد 781
گورى كى دۇد 352
گورىكى دۇدكى مەككەن 122
گۆرەل 126
گۆرەل ئۇرۇقى 126
گۆزەردەشتى 986
گۆزەن 293
گۆز قوناچ ئۇندۇرمىسى 883
گۆرى كاگوشت 729
گوشت بەتىخ 991
گوشتى ئەسبى 729
گوشتى خەرگوش دەشتى 1058
گوشتى كەبۇتەر 725
گوشتى گاۋ 742
گوشتى گۆسپەندى 719
گوشتى مۇرۇغ 714
گوشىر 315
گۆشتى سەنگى يەشپە 988
گۆشتى قەبىھ مۇرغى 723
گۆشتى كەبەك 723
گۆشتى كەنجىش 743
گۆشتى گاۋمىش 992
گۆشتى لەكلەك 522
گۆشتى مۇرغى سۇلايمان 1028
گۆشتى شۇتۇر 715
گۆڭگۆرت 219
گۆڭگۆرتلۇك گىياھ 916
گۆلاپ كاپۇل 146
گۆل ئانار 288
گۆل ئەسلىي 464
گۆلەمبەر 531
گۆل خوپ دانە 979
گۆل ختمى 382
گۆلسەۋسەن 412
گۆل سۇرۇج 146
گۆل سۇرۇخكى تىل 418
گۆلسىمەن 926
گۆللالە 429
گۆل مە ھىندى 234
گۆل مىشكىن 803
گۆلنار 288
گۆل نەسرىن 803
گۆليەسىمەن 926
گۆلى ئاپتاپپەرەس 555
گۆلى پىننە 766
گۆلى تاتۇرە 619
گۆلى جەۋزى ماسىل 619
گۆلى سەۋسەن يىلتىزى 920
گۆلى سۆسەن يىلتىزى 353
گۆلى شەلغەم 873
گۆلى گاۋزىبان 801
گۆلى لىسانۇسسەۋر 801
گۆلى مۇئەسسىپەر 552
گوگىل 330
گول دائۇدى 469
گوندىبىبول 865
گويىكى بىج 468
گى 499
گىلاس 70
گىل مەختۇم 659
گىھوڭگى بۇسى 422
گىياھ قەيسەر 417
گيھۆك 730

## ل


لاجۆۋەرد ...... 203
لاجىۋرە ...... 203
لاچىندانە چىنى ...... 909
لاچىندانە ھىندى ...... 757
لازۆۋەرىد ...... 203
لاك ...... 810
لاكشامەغسۆل ...... 810
لالە مۆرچ ...... 564
لال جاۋ ...... 623
لال ساگ ...... 310
لانابوتى ...... 780
لائى ...... 678
لەپلەپ ئوتى ...... 931
لەسىيقى ...... 379
لەكلەك كاگوشتى ...... 522
لەمبا زىراۋەندە ...... 1063
لەمباكەدۆ ...... 63
لەمباكەدۆكى بيج ...... 92
لەبەن ئەتان ...... 868
لەبەن بەقەر ...... 130
لەبەن نىسائى ...... 132
لەبەنۆلپە نىرجامۆس ...... 989
لەبۆلخۆخ ...... 1147
لەبۆنۆل ئىز ...... 875
لەبىنۆل جامۆس ...... 266
لەبىنۆل خەشخاش ...... 613
لەبىنۆل لەقاھ ...... 828
لەھسەن ...... 1116
لەھىسۆرى ...... 157
لەھمۆ دۆجاج ...... 714
لەھمۆل بەتىخ ...... 991
لەھمۆل جامۆش ...... 992
لەھمۆل جەمبىل ...... 715
لەھمۆل شات ...... 265
لەھمۆلمىش ...... 719
لەھمۆل ھەجەل ...... 723
لەھمۆل ئوسپۆر ...... 743
لەھمى بەقەر ...... 742
لەھمى بىتەر ...... 728
لەھمى فەرەس ...... 729
لەھمى راھانى ...... 993
لەھمى سەلھىپات ...... 988
لەھمى لەقىللەق ...... 522
لەھمى ھوت ھوت ...... 1028
لەھمى ھۆمام ...... 725
لەئل ...... 772
لەئلى ...... 772
لەئلى لالى ...... 772
لەيلى مەجنۆن ...... 439
لوبان ...... 847
لوبان دەرىخى يېلىمى ...... 847
لوبىيا ...... 125
لوپنۆر كەندىرى ...... 436
لوپىن ئوتى ...... 541
لوك ...... 810
لوكات ...... 435
لوكى مەغسۆل ...... 810
لومىرى ...... 946
لونگى ...... 83
لوھا ...... 245
لۆپاھ ...... 597
لۆئلى ...... 787
لىبولمىشمىش ...... 94
لىپەكگۆل ...... 998

www.uyghurkitap.com


لىپەكگۈل يىلتىزى ...... 998
لىسانۇلسۇر ھىندى ...... 159
لىسانۇل ھەملى ...... 103
لىسۇرا ...... 157
لىمون ...... 51
لىسانۇئاسافۇر ...... 1087
لىھيەتۇتتىش ...... 303

م

مارجان ...... 768
مارجان شوخلا ...... 136
مارچۇبە ...... 1019
مارى ...... 213
مازارىيون ...... 192
مازۇ ...... 1041
مازۇئى سەبرە ...... 1041
ھاشمان ...... 193
ماگنولىيە ...... 884
ماگنولىيە قوۋزىقى ...... 884
ماگنىت تېشى ...... 473
مالكەنگنى ...... 1080
مالكەنگنى مېۋىسى ...... 1080
مالنا ...... 975
مالنا مېۋىسى ...... 975
مامچەمەك ...... 421
مامچەمەك چۆپى ...... 421
مامكاپ ...... 369
مامكاپ چۆپى ...... 369
مامىرانچىن ...... 387
مامىران چىينى ...... 387
مامىران سىنى ...... 387
مامسا ...... 628
ماندارىن ...... 262
مانك ياقۇت كۆشتىسى ...... 793
ماھۇدانە ...... 416
ماھى ...... 740
ماھى پەرۋىن ...... 1084
ماھرۇبىيان ...... 1022
ماھىزەھرەج ...... 190
مايتاران ئۇرۇقى ...... 416
ماي قارىغاي ...... 1073
ماي قارىغاي مېۋىسى ...... 1013
مەدەستان ...... 660
مەردار ...... 1054
مەردۇم گىياھ ...... 720
مەرزەنجۇش ...... 785
مەرزەنجۇش كوھى ...... 785
مەرزەنگۇش ...... 785
مەرۋايىت ...... 787
مەرۋايىت باش يوپۇرماق ...... 984
مەستىكى رومى ...... 905
مەسۇر ...... 539
مەششە تۇلھەجەل ...... 844
مەغەزگۇلى يىلتىزى ...... 530
مەككە چامغۇرى ...... 112
مەككە چىغى ...... 807
مەلىنار ...... 1114
مەمىرا ...... 389
مەنجىرا ...... 239
مەھمۇدە ...... 205
مەھمۇدە سوقمۇنىيا ...... 205
مەۋسەل ئەبيەز ...... 773
مەۋسەل سەپىد ...... 773
مەۋىز مۇنەققى ...... 263
موتى ...... 787

موخرەك ........ 602
مودەنگۇل ........ 469
مودەنگۇل يىلتىزى پوستى ........ 432
موردا سەنگى ........ 660
مورغى كى سەنگدان ........ 899
موزا ........ 1041
موزايىبېشى ........ 344
موزايۋېشى ........ 344
مولى ........ 454
مولى كى بيج ........ 559
موم ........ 408
مونگا ........ 768
مونگى ........ 932
موئى ........ 788
موي ........ 788
مويزىج ........ 569
مويزىك ........ 569
مۇپەررىھ قەلب ........ 152
مۇپەررىھ قولۇپ ........ 164
مۇر ........ 1042
مورچ سۇرۇخ ........ 564
مۇرچۇبە ........ 841
مۇرچۇبە يىلتىزى ........ 841
مۇرچۇن ........ 952
مۇرد ........ 660
مۇرداسەنگى ........ 660
مۇردە ........ 322
مۇرساپ ........ 1042
مۇرغابىكى ئەندا ........ 977
مۇرغابىلى كۇشت ........ 978
مۇرمەككى ........ 1042
مۇرۋەچپېيونتا ........ 1076
مۇرىچ سەفىد ........ 890
مۇز ........ 610
مۇس ........ 741
مۇستەھجىلە ........ 1101
مۇسىك ........ 131
مۇشتەل غەۋل ........ 66
مۇشكى ........ 755
مۇشكىتارامۇش ........ 508
مۇلىكى قاراشكى ........ 508
مۇشكىدانە ........ 583
مۇغاس ........ 332
مۇفەررىھە قەلب ........ 162
مۇقەل ........ 330
مۇقەل ئەزرەق ........ 330
مۇلغوي ........ 249
موميا ........ 649
مۇندۇلاق ........ 427
مۇھەدبە ........ 491
مېتائارۇكى مەغىز ........ 838
مېغىزى پىستە ........ 1016
مېغىزى پىنبەدانە ........ 1004
مېغىزى خۇببائى تەلخى ........ 1146
مېغىزى شاپتالۇ ........ 1147
مېغىزى مىشمىش ........ 839
مېغىزى مىشمىش تەلخى ........ 1146
مېھرىگىياھ ........ 720
مىتا سۇرۇنجان ........ 575
مىتاكەدۇ ........ 63
مىتىتىكى بىخ ........ 856
مىچلى ........ 740
مىچلى سەركاسەنگى ........ 477
مىچلىكى رىيت ........ 965
مىس ........ 683
مىس دېتى ........ 1109

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

مىسكى ........ 755
مىسنىڭ دىتى ........ 1109
مىسىۋاك دەرىخى قوۋزىقى ........ 524
مىشكى ........ 755
مىشكى تارامىشكى ........ 508
مىشكى خوتەنى ........ 755
مىشكى رۇمانى ........ 790
مىشكى زەرزىمىن ........ 819
مىشمىش ........ 490
مىشمىشكى تىل ........ 489
مىكۇ ........ 136
مىكرى كابالا ........ 690
مىڭدىۋانە ........ 616
مىلەڭ دەريائى ........ 1022
مىلتى ........ 148
مىلھى ........ 504
مىنتول ........ 586
مىھەك ........ 83
مئەسائىلە ........ 1039
ميتائانار ........ 261
ميدە ........ 332

## ن

نابات ........ 741
ناخۇش ئانار ........ 140
ناخۇنە ........ 417
ناخۇن پەرياڭ ........ 570
نارەنجى ........ 53
نارجى ........ 1102
نارجىل ........ 957
نارچىل ........ 957
نارگۇل ئۇرۇقى ........ 1000
نارمىشكى ........ 790
نارىل ........ 957
ناشپاتى ........ 874
ناگىرمۇتى ........ 819
نانخۇا ........ 902
ناۋات ........ 741
نەئامە ........ 513
نەسەج ئەنكبۇت ........ 690
نەربىس ........ 1084
نارجىس ........ 530
نەركۇچۇر ........ 797
نەرگىز ........ 530
نەرگىس ........ 530
نەرگىس كى بىج ........ 1142
نەشە ........ 609
نەشپۇت ........ 874
نەشىڭ ........ 539
نەغەزگۇلى ئۇرۇقى ........ 1142
نەغەزگۇلى يىلتىزى ........ 530
نەمەك ........ 911
نەمەكى ........ 504
نەمىل ........ 1076
نەئىنائى پۇدىنەج ........ 900
نوخۇد ........ 956
نوسۇت ........ 178
نوقرە ........ 764
نوقۇت ........ 956
نۆشادىر ........ 1114
نۆشۇدۇر ........ 1114
نىبو ........ 51
نىشاستە ........ 846
نىشاستەئى گەندۇم ........ 846
نىشكەر ........ 256

نىلۇپەر ........ 144
نىلۇپەر گۈلى ........ 144
نىلۇپەر ئۇرۇقى ........ 917
نىل كاجىر ........ 1037


## ھ


ھاج ........ 413
ھاشا ........ 323
ھالىتىت ........ 1074
ھايۋاناتلارنىڭ تىلى ........ 935
ھەباھەب ........ 481
ھەببەتۇسسەۋدا ........ 1131
ھەببە تولخۇزرا ........ 1018
ھەببۇررىشات ........ 1019
ھەببۇلئاس ........ 662
ھەببۇلئەرئەر ........ 553
ھەببۇلبان ........ 545
ھەببۇلغار ........ 1068
ھەببۇل قەلقەل ........ 983
ھەببۇل قۇرتۇم ........ 509
ھەببۇل مۇشكى ........ 583
ھەببۇلمۇلۇك ........ 526
ھەببۇلمۇلۇك يېغى ........ 528
ھەببى ئەسۋەد ........ 1131
ھەببى بىلسان ........ 319
ھەببى جىرجىر ........ 962
ھەببى خىبىرۇ ........ 577
ھەببى روممان ........ 634
ھەببى رىشاد ........ 1019
ھەببى زەلەم ........ 1019
ھەببى سەلاتىن ........ 526
ھەببى سەنوبەر ........ 1013
ھەببى فەھىم ........ 1079
ھەببى قەرئى ........ 92
ھەببى قەلب ........ 1079
ھەببى قەلقەم ........ 983
ھەببى قەھتەل ........ 983
ھەببى نىلكاپۇل ........ 342
ھەببى نىل ........ 208
ھەجەرەلىيەھود ........ 476
ھەجرەلىيەھۇد ........ 476
ھەجەرەنەمەك ........ 504
ھەجرۇس سەمەك ........ 477
ھەجرۇل ئەئرابى ........ 672
ھەجرۇل جاراھەت ........ 672
ھەجرۇل مومىيا ........ 649
ھەجرۇلھەرىد ........ 473
ھەجرۇلىيەھۇد ........ 476
ھەجرىمقىياتىس ........ 473
ھەجىرەپەشىب ........ 799
ھەجىررۇشنائى ........ 802
ھەجىردەم ........ 297
ھەجىرنۇر ........ 802
ھەدىد ........ 245
ھەرە كۆنىكى ........ 694
ھەرە ئۇۋىسى ........ 694
ھەرتال زەرد ........ 676
ھەرلالو ........ 207
ھەزاربەندەك ........ 310
ھەسەل ........ 971
ھەسىت ........ 245
ھەششە غافەس ........ 195
ھەشقىپىچەك گۈلى ........ 342
ھەشقىپىچەك ئۇرۇقى ........ 208

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com


ھاليۇنكى بىج ........................ 952
ھاليۇن ئۇرۇقى ........................ 952
ھەمشىباھار ئۇرۇقى ........................ 383
ھەندە قوقى ........................ 494
ھەنس كاگوشتى ........................ 993
ھەيىە ........................ 213
ھوزۇر ھىندى ........................ 1034
ھوزۇر ........................ 1034
ھۇتھۇت كاگوشت ........................ 1028
ھۇماما ........................ 1123
ھۇمماز بوستانى ........................ 280
ھۇمماز ئۇرۇقى ........................ 627
ھۇرۇقى ئەبيەز ........................ 1122
ھۆپۈپ گۆشى ........................ 1028
ھۆل بۇغا مۈڭگۈزى ........................ 736
ھىقىق ........................ 777
ھىلىلە ئەسۋەد ........................ 238
ھىلىلە زەرد ........................ 171
ھىلىلە سىياھ ........................ 238
ھىزارپايە ........................ 900
ھىڭ ........................ 1074
ھىڭكى بىج ........................ 550
ھىڭ ئۇرۇقى ........................ 550
ھىڭ يىلتىزى ........................ 343
ھىممەتۇل ئەفزەر ........................ 956
ھىندى ئاقىرقەرھاسى ........................ 1101
ھىندىبا ........................ 928
ھىندى دانە ........................ 57
ھىنسىراج ........................ 168
ھىرا ........................ 710
ھىيەل كالاڭ ........................ 897


## ئو


ئوترۇج ........................ 71
ئوترۇچ ........................ 71
ئوجونقوڭغۇز ........................ 269
ئوچاق ........................ 650
ئوچاق چالمىسى ........................ 650
ئودىل ۋەج ........................ 328
ئوردان ........................ 1126
ئورفۇددىك ........................ 641
ئوسرۇپ ........................ 689
ئوسۇڭ ........................ 68
ئوسۇڭ ئۇرۇقى ........................ 605
ئوسما يوپۇرمىقى ........................ 1144
ئوسما يىلتىزى ........................ 1037
ئوغرىتكەن ........................ 474
ئوقاب ........................ 1114


## ئۇ


ئۇبھەل ........................ 553
ئۇجاس ........................ 108
ئۇچار چاشقان مايىقى ........................ 271
ئۇچقۇن پاقا ........................ 218
ئۇدبىلسان ........................ 326
ئۇد سەلىب ........................ 167
ئۇدھىندى ........................ 823
ئۇدۇلقەرج ئاقىرقەرھا ........................ 954
ئۇرۇقۇل كافۇر ........................ 797
ئۇزبەر ........................ 604
ئۇزبەر چۆپى ........................ 604
ئۇزدان ........................ 107
ئۇزۇنچاق زىراۋەندە ........................ 1063

ئۇساره بەنگى ......................... 609
ئۇساره مەھەك ......................... 849
ئۇسار مەھەل ......................... 849
ئۇستقۇددۇرىيون ......................... 520
ئۇستقۇددۇس ......................... 158
ئۇسرۇل ......................... 599
ئۇشەق ......................... 518
ئۇشبه مەغرىپى ......................... 390
ئۇششاق تاغ مۇزىسى ......................... 651
ئۇلا گۆشى ......................... 716
ئۇلار گۆشى ......................... 716
ئۇلا يىكى ......................... 895
ئۇنسۇل ئەرۋاھ ......................... 158
ئۇنناپ ......................... 268
ئۇنتى كادۇد ......................... 828
ئۇنتى كاگوشت ......................... 715


## ئۆ


ئۆچكه سۇتى ......................... 875
ئۆچكه گۆشى ......................... 726
ئۆردەكتۇمشۇق گۇل يوپۇرمىقى ......................... 854
ئۆردەك گۆشى ......................... 991
ئۆرۇك ......................... 490
ئۆرۇك مېغىزى ......................... 94
ئۆرۇك مېغىزى يېغى ......................... 489
ئۆشنان ......................... 780
ئۆشنه ......................... 780
ئۆمۇچۇك تورى ......................... 690


## ئۈ


ئۈجمه يوپۇرمىقى ......................... 392
ئۈجمه يىلتىزى ......................... 869
ئۈچقات ......................... 359
ئۈچقاتگۇل غۇنچىسى ......................... 359
ئۈزۈم يوپۇرمىقى ......................... 349


## ۋ


ۋاسالغۇ ......................... 93
ۋاق ......................... 711
ۋەج تۇركىي ......................... 328
ۋەرەقى تۇت ......................... 392
ۋەرەقى تىللا ......................... 749
ۋەرەقى جەۋزه ماسىل ......................... 621
ۋەرەقى زەھەب ......................... 749
ۋەرەقى سىم ......................... 751
ۋەرەقى قىرفه ......................... 82
ۋەرەقى نۇقره ......................... 751
ۋەردى ئەھمەر ......................... 146
ۋەھمەشىت ......................... 1140
ۋىتۋالاق ......................... 739


## ئې


ئېنتىزلىق بۇيىسى ......................... 365
ئېتىزلىق قىرىقبوغومى ......................... 281
ئېشەك سۇتى ......................... 868
ئېشەكقۇمۇشى ......................... 1006
ئېشەكقۇمۇشى يىلتىزى ......................... 1006
ئېشەكېيىلىمى ......................... 249
ئېقىن سەرتانى ......................... 667
ئېگىر ......................... 328
ئېگىر تۇركىي ......................... 328

ئېۋكوممىيە دەرىخى قوۋزىقى ............ 811
ئېۋكوممىيە قوۋزىقى ............ 811
ئېيىققولاق ............ 283
ئېيىق مېيى ............ 588
ئېيىقئۈزۈم ............ 186
ئېيىقئۈزۈمى مېۋىسى ............ 186
ئېيىق ئوتى ............ 1032

## ئى

ئىپار ............ 755
ئىتئۈزۈمى ............ 136
ئىتياڭىقى گۈلى ............ 619
ئىتياڭىقى ئۇرۇقى ............ 578
ئىتياڭىقى يوپۇرمىقى ............ 621
ئىراك ............ 524
ئىرسا ............ 353
ئىزخىر مەككى ............ 807
ئىزمۇق ............ 592
ئىسپاناخ ............ 495
ئىسپىغول ............ 385
ئىسفەندىكى بىچ ............ 1091
ئىكاش ............ 165
ئىكلىلملىك ............ 417
ئىلى پاقىسى ............ 218
ئىلى سوغىگۈلى ............ 844
ئىلى گۈلەمبىرى ............ 531
ئىنەكپىتى ئۇرۇقى ............ 577
ئىنەكپىتى يېغى ............ 187

## ي

ياچۋەك تۇخۇمى ............ 653
يادا تېشى ............ 397
ياز غازىڭى ............ 339
ياز غازىڭى گۈلى ............ 339
ياسمەن كاتىل ............ 611
ياقۇت ............ 793
ياڭاق ............ 748
ياڭاق كۆك پوستى ............ 398
ياڭيۇ ............ 112
يالپۇز ............ 571
يالپۇز جەۋھىرى ............ 586
يالغان ئادەمگىياھ ............ 290
يانتاق ............ 413
يانتاق شېكىرى ............ 200
ياۋا ئالما ............ 658
ياۋا ئامۇت ............ 886
ياۋا پۇرچاق ............ 563
ياۋا پۇرچاق ئۇرۇقى ............ 563
ياۋا توشقان گۆشى ............ 1058
ياۋا زاغۇن ............ 590
ياۋا زىرە ............ 1111
ياۋا سامساق ............ 520
ياۋا كەشىر ............ 456
ياۋا كەشىر يىلتىزى ............ 456
ياۋا كەندىر ............ 436
ياۋا كۈنجۈت ............ 1007
ياۋا كۈنجۈت چۆپى ............ 1007
ياۋا نىيا ............ 167
ياۋا ئۆردەك گۆشى ............ 993
ياۋروپا جۈزنىكى ............ 548
يەبرۇجى سەنەم ............ 720
يەج ............ 610
يەر تۇزغىقى ............ 366
يەر تۇزغىقى چۆپى ............ 366

يەرلىك توغرىغۇ ........................ 502
يەرلىك چىلان ........................ 268
يەرلىك سوپۇن ........................ 232
يەرلىك شاخار ........................ 904
يەرلىك شوخلا ........................ 136
يەرلىك گاۋزىبان ........................ 433
يەر مەدىكى ........................ 733
يەر ياڭىقى ........................ 1021
يەر ياڭىقى ئۇرۇقى ........................ 1021
يەرلىك ياڭىقى يېغى........................ 966
يەسمەن يېغى ........................ 611
يۇلغۇن ........................ 623
يۇلغۇن مېۋىسى ........................ 285
يۇمران بوغا مۇڭگۈزى ........................ 736
يۇمغاقسۇت ........................ 67
يۇمغاقسۇت ئۇرۇقى ........................ 640
يۇيان خورا سانى ........................ 616
يۆگىمەچئوت ........................ 931
يۆگىمەچئوت چۆپى ........................ 931
يۇرەكئوت ........................ 804
يۇرەكئوت چۆپى ........................ 804
يېزىخۇ ئەمىنى ........................ 402
يېسىمۇت ........................ 125
يېسىمۇق ئۇرۇقى ........................ 125
يېكەن سېرىقى ........................ 291
يېسۋىلەك ئۇرۇقى ........................ 468
يېشىل چاي ........................ 75
يېكەن توزغىقى........................ 291
يېڭنىبېلىق ........................ 987
يېڭنىبېلىق تېنى ........................ 987
يىلان قاسرىقى ........................ 395
يىلان ئۆتى ........................ 842
يىلپىز سۆڭىكى ........................ 1061
يىلپىز ئۇستىخىنى ........................ 1061
يىلمى خەشخاش ........................ 613

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



**ياۋا پۇرچاق**

1.20 ـ رەسىم (563 ـ بەت)



**قىزىلمۇچ**

2.20 ـ رەسىم (564 ـ بەت)



**چاكاندا**

3.20 ـ رەسىم (566 ـ بەت)

www.uyghurkitap.com



دىبىق

1.21- رەسىم (569 ـ بەت)



ئەزپاراتسپ

2.21 ـ رەسىم (570 ـ بەت)



يالپۇز

3.21 ـ رەسىم (571 ـ بەت)



كۆكنار پوستى

4.21 ـ رەسىم (573 ـ بەت)



**سۆرۈنجان مىسرى**

5.21 ـ رەسىم (575 ـ بەت)



**ئىنەكپىتى ئۆرۈقى**

6.21 ـ رەسىم (577 ـ بەت)



**ئىتياڭىقى ئۆرۈقى**

7.21 ـ رەسىم (578 ـ بەت)




**زاراگزا يېغى**

8.21 ـ رەسىم (580 ـ بەت)

www.uyghurkitap.com



قارىكۆز بەديان

9.21 ـ رەسىم (581 ـ بەت)



مۇشكدانە

10.21 ـ رەسىم (583 ـ بەت)



بالدىرغان

11.21 ـ رەسىم (584 ـ بەت)



پىلە قۇرتى مايىقى

12.21 ـ رەسىم (585 ـ بەت)



**يالپۇز جەۋھىرى**

13.21 - رەسىم (586 - بەت)



**ئاچچىق سۆرۈنجان**

14.21 - رەسىم (587 - بەت)




**ئېيىق يېغى**

15.21 - رەسىم (588 - بەت)



**ياۋا زاغون**

1.22 - رەسىم (590 - بەت)

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



بوزتىكەن

2.22 ـ رەسىم (592 ـ بەت)



تېزەكچى قوڭغۇز

3.22 ـ رەسىم (593 ـ بەت)



قۇنۇن

4.22 ـ رەسىم (594 ـ بەت)



شەۋكىران

5.22 ـ رەسىم (595 ـ بەت)



**مۆز**

14.22 ـ رەسم (610 ـ بەت)




**یەسمەن ییغی**

15.22 ـ رەسم (611 ـ بەت)



**ئەپیۇن**

1.23 ـ رەسم (613 ـ بەت)



**بەزرۇلبەنجی**

2.23 ـ رەسم (616 ـ بەت)

www.uyghurkitap.com



كەندىر ئۇرۇقى

3.23 ـ رەسىم (618 ـ بەت)



ئىتياڭىقى گۈلى

4.23 ـ رەسىم (619 ـ بەت)



ئىتياڭىقى يوپۇرمىقى

5.23 ـ رەسىم (621 ـ بەت)



يۇلغۇن

1.24 ـ رەسىم (623 ـ بەت)



قىزىل ئۈزۈم ئۇرۇقى

2.24 ـ رەسىم (625 ـ بەت)



چۆلۈك دەرىخى قوۋزىقى

3.24 ـ رەسىم (626 ـ بەت)



ھۆمماز ئۇرۇقى

4.24 ـ رەسىم (627 ـ بەت)



مامسا

5.24 ـ رەسىم (628 ـ بەت)

www.uyghurkitap.com



بەللۇت

6.24 ـ رەسىم (629 ـ بەت)



جىگدە

7.24 ـ رەسىم (631 ـ بەت)



كۈندۈر

8.24 ـ رەسىم (632 ـ بەت)



ئانار ئۇرۇقى

9.24 ـ رەسىم (634 ـ بەت)



ئازغان مېۋىسى

10.24 ـ رەسىم (635 ـ بەت)



سېمىزئوت ئۇرۇقى

11.24 ـ رەسىم (637 ـ بەت)



پاقىيوپۇرمىقى ئۇرۇقى

12.24 ـ رەسىم (638 ـ بەت)



يۇمغاقسۈت ئۇرۇقى

13.24 ـ رەسىم (640 ـ بەت)

www.uyghurkitap.com



تاجگۈل

14.24 ـ رەسىم (641 ـ بەت)



قاندالا

15.24 ـ رەسىم (643 ـ بەت)



كەھرىۋا

16.24 ـ رەسىم (645 ـ بەت)



ئاقاقىيا

17.24 ـ رەسىم (646 ـ بەت)



تاباشر

18.24 ـ رەسىم (647 ـ بەت)



سالاجىت

19.24 ـ رەسىم (649 ـ بەت)



ئوچاق چالمىسى

20.24 ـ رەسىم (650 ـ بەت)



سىماقول ئەبغەيىن

21.24 ـ رەسىم (651 ـ بەت)

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com



غاز تۇخۇمى شاكىلى
22.24 ـ رەسىم (652 ـ بەت)



ياچۇۋدك تۇخۇمى
23.24 ـ رەسىم (653 ـ بەت)



تاشقا ئايلانغان سۆڭەك
24.24 ـ رەسىم (654 ـ بەت)



تەمرىھندى ئۇرۇقى
25.24 ـ رەسىم (655 ـ بەت)



**سەرتان بەهری**

8.25 - رەسم (668 - بەت)



**چارپاقا**

9.25 - رەسم (669 - بەت)



**گەج**

10.25 - رەسم (671 - بەت)



**سەنگی جاراهەت**

11.25 - رەسم (672 - بەت)

www.uyghurkitap.com



رال

12.25 ـ رەسىم (673 ـ بەت)



قەلەي

13.25 ـ رەسىم (674 ـ بەت)



زەرنىخ

14.25 ـ رەسىم (676 ـ بەت)



ئەنزىرۇت

15.25 ـ رەسىم (678 ـ بەت)



ئانار پوستى

16.25 - رەسىم (679 - بەت)



ئەبنۇس

17.25 - رەسىم (681 - بەت)



قەشقەر ئۆپىسى

18.25 - رەسىم (682 - بەت)



تەبئىي مس

19.25 - رەسىم (683 - بەت)

تۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى
www.uyghurkitap.com
تۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



**تەلق**

20.25 ـ رەسىم (658 ـ بەت)



**تۇخۇم ئېقى پەردىسى**

21.25 ـ رەسىم (686 ـ بەت)




**بېلىق مېيى**

22.25 ـ رەسىم (687 ـ بەت)



**موي (تۈك)**

23.25 ـ رەسىم (688 ـ بەت)



قوغۇشۇن

24.25 ـ رەسىم (689 ـ بەت)



ئۆمۈچۈك تورى

25.25 ـ رەسىم (690 ـ بەت)



پاقا شىرىسى

1.26 ـ رەسىم (692 ـ بەت)



غاز قېنى

2.26 ـ رەسىم (693 ـ بەت)

www.uyghurkitap.com



هەرە كۆنىكى

3.26 ـ رەسىم (694 ـ بەت)



كاكتۇس

4.26 ـ رەسىم (696 ـ بەت)



روشەنگۈل

5.26 ـ رەسىم (698 ـ بەت)



كالا ئۆتى

6.26 ـ رەسىم (700 ـ بەت)



**ئات يادا تېشى**

7.26 - رەسىم (702 - بەت)



**چايان**

8.26 - رەسىم (703 - بەت)



**زەهرى مۆهرە**

9.26 - رەسىم (705 - بەت)



**چىنار ئۇرۇقى**

10.26 - رەسىم (707 - بەت)

www.uyghurkitap.com



قىرىقئاياق

11.26 ـ رەسىم (708 ـ بەت)



ئاپېلسىن ئۆرۈكى

12.26 ـ رەسىم (709 ـ بەت)



ئالماس

13.26 ـ رەسىم (710 ـ بەت)



پاقا

14.26 ـ رەسىم (711 ـ بەت)



**تاشپاقا قېپى**

1.27 – رەسىم (713 – بەت)



**توخۇ گۆشى**

2.27 – رەسىم (714 – بەت)



**تۆگە گۆشى**

3.27 – رەسىم (715 – بەت)



**ئۇلار گۆشى**

4.27 – رەسىم (716 – بەت)

www.uyghurkitap.com



قوي سۈتى

5.27 ـ رەسىم (717 ـ بەت)



قوي يېغى

6.27 ـ رەسىم (718 ـ بەت)



قوي گۆشى

7.27 ـ رەسىم (719 ـ بەت)



ئادەمگىياھ

8.27 ـ رەسىم (720 ـ بەت)



كەكلىك گۆشى

9.27 ـ رەسىم (723 ـ بەت)



كەپتەر گۆشى

10.27 ـ رەسىم (725 ـ بەت)



ئۆچكە گۆشى

11.27 ـ رەسىم (726 ـ بەت)



پاختەك گۆشى

12.27 ـ رەسىم (728 ـ بەت)

www.uyghurkitap.com



ئات گۆشى

13.27 - رەسىم (729 - بەت)



بۇغداي

14.27 - رەسىم (730 - بەت)



كىرپە

15.27 - رەسىم (731 - بەت)



يەرمەدىكى

16.27 - رەسىم (733 - بەت)



زەپەر
17.27 - رەسىم (734 - بەت)



يۇمران بۇغا مۈڭگۈزى
18.27 - رەسىم (736 - بەت)



گاسترودىيە ئوتى
19.27 - رەسىم (738 - بەت)



بۆدۈنە
20.27 - رەسىم (739 - بەت)

www.uyghurkitap.com



بېلىق

21.27 – رەسىم (740 – بەت)



ناۋات

22.27 – رەسىم (741 – بەت)



كالا گۆشى

23.27 – رەسىم (742 – بەت)



قۇشقاچ گۆشى

24.27 – رەسىم (743 – بەت)



**قوي مېگىسى**

1.28 - رەسىم (745 - بەت)



**ياڭاق**

2.28 - رەسىم (748 - بەت)



**ئالتۇن ۋاراق**

3.28 - رەسىم (749 - بەت)



**كۈمۈش ۋاراق**

4.28 - رەسىم (751 - بەت)

www.uyghurkitap.com



ئەنبەر

5.28 - رەسىم (752 - بەت)



قۇندۇز قەھرى

6.28 - رەسىم (753 - بەت)



ئىپار

7.28 - رەسىم (755 - بەت)



قۇشقاچ مېڭىسى

8.28 - رەسىم (756 - بەت)



**لاچندانە هندی**

9.28 - رەسم (757 - بەت)



**بالەنگو ئۆرۆقی**

10.28 - رەسم (759 - بەت)



**کەرمان**

11.28 - رەسم (760 - بەت)



**چاي**

12.28 - رەسم (761 - بەت)

www.uyghurkitap.com



تاتلىقياڭيۇ
13.28 – رەسىم (763 – بەت)



كۇمۇش
14.28 – رەسىم (764 – بەت)



كېۋەز چېچىكى
1.29 – رەسىم (766 – بەت)



مارجان
2.29 – رەسىم (768 – بەت)



**سۇمبۇل چىنى**
3.29 - رەسىم (770 - بەت)



**لەئل**
4.29 - رەسىم (772 - بەت)



**ئاق مەۋسەل**
5.29 - رەسىم (773 - بەت)



**زۇمرەت**
6.29 - رەسىم (774 - بەت)

www.uyghurkitap.com



ئالما
7.29 – رەسىم (775 – بەت)



ھېقىق
8.29 – رەسىم (777 – بەت)



پىلە غوزىسى
9.29 – رەسىم (778 – بەت)



ئۆشنە
10.29 – رەسىم (780 – بەت)



بدنمۆشكی
11.29 - رەسم (781 - بەت)



سۆمبۆل هندی
12.29 - رەسم (782 - بەت)



سازەج هندی
13.29 - رەسم (784 - بەت)



مەرزەنجۆش
14.29 - رەسم (785 - بەت)

www.uyghurkitap.com



مەرۋايىت

15.29 - رەسىم (787 - بەت)



دۇرنەج ئەقرەبى

16.29 - رەسىم (789 - بەت)



نارمشكى

17.29 - رەسىم (790 - بەت)



پەرەنجمشكى

18.29 - رەسىم (791 - بەت)



**ياقوت**

19.29 - رەسم (793 - بەت)



**رەيهان ئۆرۆقی**

20.29 - رەسم (794 - بەت)



**ئاق سەندەل**

21.29 - رەسم (795 - بەت)



**پویراریه یلتزی**

22.29 - رەسم (796 - بەت)

www.uyghurkitap.com



**زورەمبات**
23.29 ـ رەسىم (796 ـ بەت)



**قاشتېشى**
24.29 ـ رەسىم (799 ـ بەت)




**ئالتۇن**
25.29 ـ رەسىم (800 ـ بەت)



**گۈلى گاۋزىبان**
26.29 ـ رەسىم (801 ـ بەت)



**ئازغان گۈلى**

27.29 - رەسىم (803 - بەت)



**ئاپېلسىن پوستى**

28.29 - رەسىم (805 - بەت)



**ئىزخىر مەككى**

1.30 - رەسىم (807 - بەت)



**قوي جىگىرى**

2.30 - رەسىم (809 - بەت)

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



لوك
3.30 ـ رەسىم (810 ـ بەت)



ئېۋكومميه قوۋزىقى
4.30 ـ رەسىم (811 ـ بەت)



قۇلۇلە قېپى
5.30 ـ رەسىم (812 ـ بەت)



جىنتىيانا
6.30 ـ رەسىم (813 ـ بەت)



دولانا

7.30 - رەسم (816 - بەت)



رەڤەن

8.30 - رەسم (817 - بەت)



سەئدی کۆفی

9.30 - رەسم (819 - بەت)



سۆندۆرۆس

10.30 - رەسم (821 - بەت)

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com



زەرنەپ

11.30 ـ رەسىم (822 ـ بەت)



ئۇد هندى

12.30 ـ رەسىم (823 ـ بەت)



تەرخەمەك

13.30 ـ رەسىم (825 ـ بەت)



ئاقشېكەر

14.30 ـ رەسىم (826 ـ بەت)





پىلە قۇرتى
15.30 - رەسىم (827 - بەت)

تۆگە سۈتى
16.30 - رەسىم (828 - بەت)





زۇپا
1.31 - رەسىم (831 - بەت)

چۇغۇندان
2.31 - رەسىم (833 - بەت)

www.uyghurkitap.com



تىزغا

3.31 ـ رەسىم (834 ـ بەت)



تەڭگىيوپۇرماق گۈلى

4.31 ـ رەسىم (835 ـ بەت)



تاتلىق شاپتۇل مېغىزى

5.31 ـ رەسىم (838 ـ بەت)



تاتلىق ئۆرۈك مېغىزى

6.31 ـ رەسىم (839 ـ بەت)



قوي ئۆپكىسى
7.31 - رەسىم (840 - بەت)



مۆرچۈبە
8.31 - رەسىم (841 - بەت)



يىلان ئۆتى
9.31 - رەسىم (842 - بەت)



ئىلى سوغىگۈلى
10.31 - رەسىم (844 - بەت)

www.uyghurkitap.com



**چامغۇر**

11.31 ـ رەسىم (845 ـ بەت)



**نىشاستە**

12.31 ـ رەسىم (846 ـ بەت)



**لوبان**

13.31 ـ رەسىم (847 ـ بەت)



**رۇبىبسۇس**

14.31 ـ رەسىم (849 ـ بەت)



راتيانەج
15.31 ـ رەسىم (850 ـ بەت)



قوڭغۇراقگۈل يىلتىزى
16.31 ـ رەسىم (853 ـ بەت)



شۇمشا ئۇرۇقى
17.31 ـ رەسىم (856 ـ بەت)



شېكەر تىغال
18.31 ـ رەسىم (858 ـ بەت)

www.uyghurkitap.com



**تاغ پىيىزى**

19.31 ـ رەسىم (859 ـ بەت)



**زىغىر ئۇرۇقى**

20.31 ـ رەسىم (860 ـ بەت)




**زىغىر يېغى**

21.31 ـ رەسىم (862 ـ بەت)



**بېھى ئۇرۇقى**

22.31 ـ رەسىم (863 ـ بەت)



**ئەرەب يېلىمى**

23.31 - رەسىم (865 - بەت)



**كەترا**

24.31 - رەسىم (866 - بەت)



**ئېشەك سۈتى**

25.31 - رەسىم (868 - بەت)



**ئۈجمە يىلتىزى**

26.31 - رەسىم (869 - بەت)

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



شىقلداق يىلتىزى
27.31 – رەسىم (871 – بەت)



قارلىغاچ چاڭگىسى
28.31 – رەسىم (872 – بەت)



چامغۇر گۈلى
29.31 – رەسىم (873 – بەت)



نەشپۈت
30.31 – رەسىم (874 – بەت)



**پستە سىرتقى پوستى**

24.32 - رەسىم (910 - بەت)



**تۇز**

25.32 - رەسىم (911 - بەت)



**قۇمۇش يىلتىزى**

1.33 - رەسىم (914 - بەت)



**سەپرائوت يىلتىزى پوستى**

2.33 - رەسىم (916 - بەت)

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



نىلۇپەر ئۇرۇقى
3.33 - رەسىم (917 - بەت)



ئالقات يىلتىزى پوستى
4.33 - رەسىم (918 - بەت)



پىچانگۈل يىلتىزى
5.33 - رەسىم (920 - بەت)



غۇنچىئۈزۈم
6.33 - رەسىم (921 - بەت)



**جۈگگو ماندارى**
7.33 - رەسىم (923 - بەت)



**پىيزەك ئامۇت**
8.33 - رەسىم (925 - بەت)



**گۈلىيەسمەن**
9.33 - رەسىم (926 - بەت)



**بۇرجۇن**
10.33 - رەسىم (927 - بەت)

www.uyghurkitap.com



كاسنه

11.33 ـ رەسىم (928 ـ بەت)



زىرىق

12.33 ـ رەسىم (929 ـ بەت)



يۆگىمەچىئوت

13.33 ـ رەسىم (931 ـ بەت)



كۆك ماش

14.33 ـ رەسىم (932 ـ بەت)



تەسۋىقوناق

1.34 - رەسىم (934 - بەت)



هايۋانلار تېلى

2.34 - رەسىم (935 - بەت)



شىنجاڭ قانتېپەرى

3.34 - رەسىم (936 - بەت)



بەرخۇت دەرىخى قوۋزىقى

4.34 - رەسىم (937 - بەت)

www.uyghurkitap.com



باىناق
5.34 - رەسىم (939 - بەت)



ئاق ماش
6.34 - رەسىم (940 - بەت)



تارانتاس
7.34 - رەسىم (941 - بەت)



سۆئلەپ مسرى
1.35 - رەسىم (943 - بەت)



جەرەن

2.35 - رەسىم (945 - بەت)



تۆلكە

3.35 - رەسىم (946 - بەت)



توشقانزەدىكى

4.35 - رەسىم (947 - بەت)



بېدە ئۇرۇقى

5.35 - رەسىم (948 - بەت)

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



بۇغا قېنى
6.35 - رەسىم (949 - بەت)



پىياز ئۇرۇقى
7.35 - رەسىم (950 - بەت)



ھەلىيون ئۇرۇقى
8.35 - رەسىم (952 - بەت)



تۇخۇم سېرىقى
9.35 - رەسىم (953 - بەت)



**ئاقرقەرها**
10.35 - رەسم (954 - بەت)



**نوقوٚت**
11.35 - رەسم (956 - بەت)



**نارجیل**
12.35 - رەسم (957 - بەت)



**بەسباسە**
13.35 - رەسم (959 - بەت)

www.uyghurkitap.com



**ئاق بەھمەن**

14.35 ـ رەسىم (960 ـ بەت)



**زاغۇن ئۇرۇقى**

15.35 ـ رەسىم (962 ـ بەت)



**سەۋزە ئۇرۇقى**

16.35 ـ رەسىم (963 ـ بەت)



**رىگىماھى**

1.36 ـ رەسىم (965 ـ بەت)




**يەر ياڭىقى يېغى**
2.36 - رەسىم (966 - بەت)



**سەقەنقۇر**
3.36 - رەسىم (968 - بەت)



**بۆكەن مۈڭگۈزى**
4.36 - رەسىم (969 - بەت)



**ھەسەل**
5.36 - رەسىم (971 - بەت)

www.uyghurkitap.com



پەنرمايە
6.36 - رەسىم (973 - بەت)



مالىنا
7.36 - رەسىم (975 - بەت)



سەمەكتۇس سەيدا
8.36 - رەسىم (976 - بەت)



غاز تۇخۇمى
9.36 - رەسىم (977 - بەت)



**غاز گۆشى**

10.36 - رەسىم (978 - بەت)



**جىگدە چېچىكى**

11.36 - رەسىم (979 - بەت)



**بۇقا چۇيىسى**

12.36 - رەسىم (980 - بەت)



**قارا چېكەتكە**

13.36 - رەسىم (981 - بەت)

www.uyghurkitap.com



ھەببى قەلقەل
14.36 ـ رەسىم (983 ـ بەت)



چەشمخورۇس
15.36 ـ رەسىم (984 ـ بەت)



شاقاقۇل مىسرى
16.36 ـ رەسىم (986 ـ بەت)



يىگنىبېلىق
17.36 ـ رەسىم (987 ـ بەت)



تاشپاقا گۆشى
18.36 - رەسىم (988 - بەت)



چامغۇر ئۇرۇقى
19.36 - رەسىم (990 - بەت)



ئۆردەك گۆشى
20.36 - رەسىم (991 - بەت)



قوتاز گۆشى
21.36 - رەسىم (992 - بەت)

www.uyghurkitap.com



ياۋا ئۆردەك گۆشى

22.36 - رەسىم (993 - بەت)



باشاق مۇگگۇزى

1.37 - رەسىم (996 - بەت)



دىپساكۇس

2.37 - رەسىم (997 - بەت)



لىپەكگۈل

3.37 - رەسىم (998 - بەت)



**نارگۇل ئۇرۇقى**

4.37 ـ رەسىم (1000 ـ بەت)



**تىرپىمولت تېشى**

5.37 ـ رەسىم (1001 ـ بەت)



**قارىمۇق**

1.38 ـ رەسىم (1003 ـ بەت)



**چىگىت مېغىزى**

2.38 ـ رەسىم (1004 ـ بەت)

www.uyghurkitap.com



ئېشەكقومۇشى

3.38 ـ رەسىم (1006 ـ بەت)



ياۋا كۈنجۈت

4.38 ـ رەسىم (1007 ـ بەت)



قارا كۈنجۈت

5.38 ـ رەسىم (1008 ـ بەت)



ئاق كۈنجۈت

6.38 ـ رەسىم (1009 ـ بەت)



كۆكنار ئۇرۇقى

7.38 – رەسىم (1010 – بەت)



پىندۇق

8.38 – رەسىم (1012 – بەت)



چىلغوزا

9.38 – رەسىم (1013 – بەت)



تۇدەرى

10.38 – رەسىم (1015 – بەت)

www.uyghurkitap.com



پستە مېغىزى
11.38 - رەسىم (1016 - بەت)



ھەببەتۇلخۇزرا
12.38 - رەسىم (1018 - بەت)



ھەببى زەلەم
13.38 - رەسىم (1019 - بەت)



ھەببى رشاد
14.38 - رەسىم (1019 - بەت)



یەر ياڭنقى
15.38 - رەسىم (1021 - بەت)



ماھرۇبىيان
16.38 - رەسىم (1022 - بەت)



سۇرمە
1.39 - رەسىم (1024 - بەت)



سەردس
2.39 - رەسىم (1026 - بەت)

www.uyghurkitap.com



قوي ئۆتى
3.39 ـ رەسىم (1027 ـ بەت)



ھۆپۆپ گۆشى
4.39 ـ رەسىم (1028 ـ بەت)



سېغىزخان
5.39 ـ رەسىم (1029 ـ بەت)



تاجىگۈل ئۇرۇقى
6.39 ـ رەسىم (1030 ـ بەت)



تۆتیا
7.39 - ڕەسم (1031 - بەت)



زەمچە
1.40 - ڕەسم (1035 - بەت)



ئوسما یلتزی
2.40 - ڕەسم (1037 - بەت)



شاتۆت
3.40 - ڕەسم (1038 - بەت)

www.uyghurkitap.com



مئەسائىلە

4.40 ـ رەسىم (1039 ـ بەت)



موزا

5.40 ـ رەسىم (1041 ـ بەت)



مۇرمەككى

6.40 ـ رەسىم (1042 ـ بەت)



كۆپپىكدەريا

7.40 ـ رەسىم (1044 ـ بەت)



**کەبابە**
8.40 - رەسم (1046 - بەت)



**کاتهندی**
9.40 - رەسم (1047 - بەت)



**بادام شاکلی**
10.40 - رەسم (1049 - بەت)



**کاڤاڤچن**
11.40 - رەسم (1050 - بەت)

www.uyghurkitap.com



قىرغاۋۇل

1.41 - رەسىم (1053 - بەت)



چىگگىلىك

2.41 - رەسىم (1054 - بەت)



چوڭ يوپۇرماقلىق جىنتىيانا

3.41 - رەسىم (1055 - بەت)



كۆندۈش

4.41 - رەسىم (1057 - بەت)



ياۋا توشقان گۆشى
5.41 ـ رەسىم (1058 ـ بەت)



تاشچېچكى
6.41 ـ رەسىم (1060 ـ بەت)



يىلپىز سۆڭىكى
7.41 ـ رەسىم (1061 ـ بەت)



بۆزۆن
8.41 ـ رەسىم (1066 ـ بەت)

www.uyghurkitap.com



بۇغتاپان

9.41 ـ رەسىم (1067 ـ بەت)



ھەببۇلغار

10.41 ـ رەسىم (1068 ـ بەت)



شۇمبۇيا

11.41 ـ رەسىم (1069 ـ بەت)



ئاق پارپا

12.41 ـ رەسىم (1070 ـ بەت)



قاقرا تۆمشۆق

13.41 - رەسم (1072 - بەت)



هلك

14.41 - رەسم (1074 - بەت)



چۆمۆله

15.41 - رەسم (1076 - بەت)



جويۆز

16.41 - رەسم (1077 - بەت)

www.uyghurkitap.com



**بالادۇر**

17.41 ـ رەسىم (1079 ـ بەت)




**زەيتۇن يېغى**

18.41 ـ رەسىم (1081 ـ بەت)



**قارا پارپا**

19.41 ـ رەسىم (1084 ـ بەت)




**قەلەمپۇر يېغى**

20.41 ـ رەسىم (1086 ـ بەت)



**پەرپىيون**

21.41 ـ رەسىم (1089 ـ بەت)



**ئادراسمان ئۇرۇقى**

23.41 ـ رەسىم (1091 ـ بەت)




**ئادراسمان ئۇرۇقى يېغى**

23.41 ـ رەسىم (1092 ـ بەت)



**ئادراسمان**

24.41 ـ رەسىم (1093 ـ بەت)

تۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com



كۆچۈلا
25.41 – رەسىم (1095 – بەت)



تۆگە يېغى
26.41 – رەسىم (1096 – بەت)



سۆزاپ
27.41 – رەسىم (1097 – بەت)



جىنچاتقىلى يىلتىزى
28.41 – رەسىم (1099 – بەت)



**ئەرمۇدۇن دەرىخى قوۋزىقى**

29.41 - رەسىم (1100 - بەت)



**بوزىدان**

30.41 - رەسىم (1101 - بەت)



**كەۋرەك**

1.42 - رەسىم (1102 - بەت)



**ئاق چۈغلۈق**

2.42 - رەسىم (1103 - بەت)

www.uyghurkitap.com
تۈگۈمەن كىتاب تورى




**تاتلىق بادام يېغى**

3.42 - رەسىم (1105 - بەت)



**ئاچچىق قۇستە**

1.43 - رەسىم (1106 - بەت)



**مس دىتى**

2.43 - رەسىم (1109 - بەت)



**قەردمانە**

3.43 - رەسىم (1111 - بەت)



ئالاكۇلۇك
4.43 - رەسىم (1112 - بەت)




چالموگرا يېغى
5.43 - رەسىم (1113 - بەت)



نۆشۇدۇر
6.43 - رەسىم (1114 - بەت)



سامساق
7.43 - رەسىم (1116 - بەت)

www.uyghurkitap.com



خېنىگۈلى ئۇرۇقى

8.43 ـ رەسىم (1118 ـ بەت)



چاققاقئوت

9.43 ـ رەسىم (1119 ـ بەت)



چاققاقئوت ئۇرۇقى

10.43 ـ رەسىم (1120 ـ بەت)



ئاق قىچا ئۇرۇقى

11.43 ـ رەسىم (1122 ـ بەت)



**کالزیره**
12.43 - رەسم (1123 - بەت)



**جنکپۆیزی ئۆرۆقی**
13.43 - رەسم (1124 - بەت)



**ئوردان**
14.43 - رەسم (1126 - بەت)



**قارا خەربەق**
15.43 - رەسم (1127 - بەت)

www.uyghurkitap.com




**كۆنجۈت يېغى**
16.43 - رەسىم (1130 - بەت)



**سيادان**
17.43 - رەسىم (1131 - بەت)



**بلسان يېغى**
18.43 - رەسىم (1133 - بەت)



**شەترەنجى**
19.43 - رەسىم (1134 - بەت)



**قىزىل قىچا**
20.43 – رەسىم (1135 – بەت)




**سىيادان يېغى**
21.43 – رەسىم (1136 – بەت)



**ئەنجۈر يوپۇرمىقى**
22.43 – رەسىم (1137 – بەت)




**چىگىت يېغى**
23.43 – رەسىم (1139 – بەت)

www.uyghurkitap.com



نەغەز گۈلى ئۈرۈقى
24.43 ـ رەسىم (1142 ـ بەت)



ئوسما يوپۇرمىقى
1.44 ـ رەسىم (1144 ـ بەت)



ئاچچىق ئۆرۈك مېغىزى
2.44 ـ رەسىم (1146 ـ بەت)



شاپتۇل مېغىزى
3.44 ـ رەسىم (1147 ـ بەت)

# ئۇيغۇر تېبابىتى خام دورىلار ئىلمى (2)


**باش تۈزگۈچى :** مۇتەللىپ ئەلى ھاجى ئەمچى ، ئابدۇرېھىم يۇسۇپ

**مۇئاۋىن باش تۈزگۈچى :** رۇقىيە قاۋۇز ، ئوبۇلقاسىم مۇھەممەتسىدىق

**تۈزگۈچىلەر :** (ئۇيغۇر ئېلىپبە تەرتىپى بويىچە تىزىلدى)

| | |
|---|---|
| ئابدۇرېھىم يۇسۇپ | ئابدۇللا ئابدۇرېشىت |
| ئابلىكىم نۇرمۇھەممەت | ئەلى ھاجى قۇربانىنىياز ئەمچى |
| ئەركىن قاسىم | تۇرغۇن ئۆمەر |
| تۇرغۇن تۇرسۇن | تۇنساگۇل مەتقاسىم |
| رۇقىيە قاۋۇز | رۇقىيە سادىق |
| زاھىدە توختى | غالىپ تۇردى |
| مۇتەللىپ ئەلى ھاجى ئەمچى | مەخسۇم ھېكىم |
| ئوبۇل تۇردى | ئوبۇلقاسىم مۇھەممەتسىدىق |

**مەسئۇل مۇھەررىرى :** يۇلتۇز ئۇچقۇنجان

**مەسئۇل كوررېكتورى :** زۆھرەگۇل سىدىق

**بېكىتكۈچى :** شىنجاڭ تېببىي ئۇنىۋېرسىتېتى ئۇيغۇر تېبابەتچىلىك ـ دورىگەرلىك فاكۇلتېتى

**مۇقاۋىنى لايىھەلىگۈچى :** مەريەم ئىمىن

**نەشر قىلغۇچى :** شىنجاڭ خەلق سەھىيە نەشرىياتى

**ئادرېسى :** ئۈرۈمچى شەھىرى بۇلاقبېشى كوچىسى 196 ـ قورۇ

**تور ئادرېسى :** http://www.xjpsp.com

**باسقۇچى :** ئۈرۈمچى جيانيەنخۇا باسما چەكلىك شىركىتى

**تارقاتقۇچى :** شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسى

**نەشرى :** 2012 ـ يىل 10 ـ ئاي 1 ـ نەشرى

**بېسىلىشى :** 2012 ـ يىل 10 ـ ئاي 1 ـ قېتىم بېسىلىشى

**فورماتى :** 880×1230 مىللىمېتىر 1/16

**باسما تاۋاق :** 40.625 قىستۇرما بەت 104

**كىتاب نومۇرى :** ISBN 978-7-5372-5311-6

**تىراژى :** 1-1590

**باھاسى :** 124.00 يۈەن